جون تولاند

## يېتىمچىدىن داھىلىققىچە

# ئادولف ھىتلېر

*سەرگۈزەشتىلىرى*

**ئا. بوران تەرجىمىسى**

John Toland

**Adolf Hitler:**

The Definitive Biography

www.pdaly.biz

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى كىتاب  ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى


كىرىش سۆز
مۇقەددىمە  ئارقىدىن ئوق يېدۇق
**بىرىنچى بۆلۈم  خىيالپەرەس**
1 ـ باب  ئائىلە جەمەتى
1889~1907
2 ـ باب  تۇرمۇش مېنىڭ مەكتىپىم
1907.12~1913.5
3 ـ باب  خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىش
1913.5~1918.11
**ئىككىنچى بۆلۈم  بىخلىنىش دەۋرى**
4 ـ باب  بىر سىياسى پارتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى
1919~1922
5 ـ باب  ھەم ئەسەبىي ھەم مېھرىبان ئادەم
1922~1923
6 ـ باب  پىۋىخانا ئىسيانى
1923
**ئۈچىنچى بۆلۈم  تاۋلىنىپ يېتىلىش**




www.pidaiy.biz

7ـ باب  لاندسبېرگ تۈرمىسىدە
1923~1924
8ـ باب  ھىتلېرنىڭ مەخپىي كىتابى
1925~1928
9ـ باب تۇغقىنىدىن ئايرىلىش
1928~1931

## ئىككىنچى كىتاب   تەختكە چىقىش جەريانى

**تۆتىنچى بۆلۈم قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابى**
10ـ باب  "ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈم؟"
1931~1933.1.30
11ـ باب  ئۇلىنى چىڭىتىش
1933~1934.6
12ـ باب  ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب
1934. 2~8
13ـ باب  ئىرادىنىڭ زەپىرى
1934~1935
**بەشىنچى بۆلۈم  ئىككى يۈزلىمە ئۇرۇش**
14ـ باب  جۆيلۈپ قىلغان قەسەم
1936.3~1937.1
15ـ باب  ئىنسان ھەققەتەنمۇ ئاجىز مەخلۇق
1937~1938.4

www.pidaiy.biz

16 ـ باب  قايتىش

1938. 2~4

17 ـ باب  تىغ ئۈستىدە

1938. 5~10

## ئۈچىنچى كىتاب  ئۇرۇشى قوزغاش جەريانى

### ئالتىنچى بۆلۈم  خېيىم ـ خەتەرلىك يۈرۈش

18 ـ باب  خرۇستال كېچىسى

1938.11~1939.3

19 ـ باب  تۈلكە بىلەن ئېيىق

1939. 8.24 ~1

20 ـ باب  تەگداشسىز ئاپەت

1939. 8.23 ~ 9.3

### يەتتىنچى بۆلۈم  قۇراللىق قىمار

21 ـ باب  غەربى سەپتىكى غالىبىيەت

1939.9.3 ~ 1940.6.25

22 ـ باب  غالىپنىڭ غەلىبىدىن ئۇجۇقۇپ كېتىشى

1940. 6~10.28

23 ـ باب  دۇنيا نەپىسىنى تۇتماقتا

1940.11.6 ~ 1941.12.19

24 ـ باب  قاراگۇغۇلۇققا ئېچىلغان ئىشىك

1941. 6.22~12.19

www.pidaiy.biz

# تۆتىنچى كىتاب   ئۆلۈمگە يېقىنلىشىش جەريانى

## سەككىزىنچى بۆلۈم  تۆتىنچى چەۋەنداز


25-باب  جەھەننەم سايىسى
1941~1943
26-باب   ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش
1943
27-باب  ياۋۇز ھەمرا
1943.4 ~ 1944.4


## توققۇزىنچى بۆلۈم  پاتقاقتا چوڭقۇرلاپ پېتىش


28-باب  قۇرۇقلۇق ئارمىيە پارتىلىتىش پىلانى
1943.11 ~ 1944.7.21
29-باب  ئەڭ ئاخىرقى قايتارما ھۇجۇم
1944.7.21 ~ 1945.1.17
30-باب  تۈن يېرىمىدىن بۇرۇن تەسلىم بولمايمەن
1945.1.17 ~ 1945.4.20
31-باب تۈن يېرىمىدىن كېيىنكى يوقۇلۇش
1945. 4.20~30


## خاتىمە

www.pirday.biz

# ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن

بىزدىن مىڭلارچە كىلومېتىر نېرىسىدىكى بىر خەلقنىڭ بۆگۈن سەلبىي بولۇپ قارىلىۋاتقان بىر داھىسىنىڭ، بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ھەتتا بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا بەزى تەرەپلەردىن بىزگە زىيان سالماقچىمۇ بوپتىكەن دېيىشكە بولىدىغان، بۇندىن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بۇرۇن يېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىش-ئىزلىرىنى قىسمەن بىتەرەپ، قىسمەن تەنقىدىي ۋە قىسمەن ھەۋەسلىنىپ بايان قىلغان بۇنچە چوڭ بىر كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قىزىققىدىغان بىرەر ئۇيغۇر كىتابخان چىقارمۇ؟ ئامېرىكاپەرەس بىرسىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان 3 توملۇق قېلىن-قېلىن كىتابلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، يەنى «ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ يىمىرىلىشى» بىزگە يېتىپ ئاشماسمىدى؟ ھىتلېرنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن قېلىن بىر كىتابىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكىنىمدىمۇ شۇنداق غەم بېشىمدا چۆگىلەپ يۈرەتتى. ياكى پۈتۈن دۇنيادا بۇ ھەقتە نەچچە ئونلىغان چوڭ ھەجىملىك كىتابلار ئىزچىل تۈردە نەشرى قىلىنىپ ئون قېتىم، ھەتتا يۈز قېتىملاپ دېگىدەك قايتا-قايتا بېسىلىپ ۋە ھەرخىل تىللارغا زېرىكمەي تەكرار-تەكرار تەرجىمە قىلىنىپ (قىزىق ئىش، تەرجىمىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا رۇخسەتسىز بېسىلغان، 70-يىللىرىدىن باشلاپ بېسىلىشقا قىسمەن رۇخسەت قىلىنغان «كۈرەش يولۇم» نىڭ نەچچە ئون خىل تۈركچە تەرجىمە نەشرى بىلەن  بېسىلىش نۇسخىسىنى ئۇچراتتىم!) تۇرىۋاتقانلىقىغا ھەيران قېلىپلا بۇ تۈر كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا قىزىقىپ قالغان ئوخشايمەن دېسەم، بەكلا سەۋىيىسىز گەپ قىلغان بولارمەنمۇ؟

www.pidaw.biz

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۈر بىئوگرافىيىلەر بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا مىڭ بەتلەپ كىتاب قىلىنىپ يېزىلىش ئىشى تا بۈگۈنگىچە توختاپ قالغىنى يوق. مەسىلەن 2008-يىلىدا تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان، "ماختانچاق" ۋە "جازالىنىش" دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويۇلۇپ ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان، ئەسلى 2000-يىلى ئېنگلىزچە نەشر قىلىنغان ئىئان كېرشاۋنىڭ نىسبەتەن رىيال ئادەم تەسۋىرى ئاساسىدا، ئەمما خېلىلا چوڭقۇرلاپ يېزىلغان «ھىتلېر» دېگەن جەمئىي ئىككى يېرىم مىڭ بەتكە يېقىن (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى چوقۇم 4~5 مىڭ بەتكە يېتىشى مۇمكىن) بالادەك قېلىن ئىككى قىسىملىق ھىتلېر بىئوگرافىيە كىتابىغا نېمە دېگۈلۈك؟ قىسقىسى، تولانىڭ قەلىمى بىلەن تەسۋىرلەنگەن ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم، ئەسلىدە ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر ئادەم بولۇشىغا قارىماي شۇ دەۋرلەردە نىسبىلىك نەزەرىيىسى، كۋانت نەزەرىيىسىگە ئوخشاش دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغۇدەك ئىلىم-پەن نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكىلىرىنى يارىتىۋاتقان دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار ھېسابلىنىدىغان نېمىس خەلقىنى يېتەكلەپ، ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ يارغا قىستىشىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان خىياللاردا بولغانلىقى ۋە بۇ خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ئاجايىپ غەلىتە ئەمما ئۈنۈملۈك پىلانلارنى تۈزۈپ ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئىشلار، مىللىتىم ئۈچۈن، دەپ ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت مەركىزى قاتارىدا تونۇلۇپ كېلىنگەن غەربىي ياۋروپادا تېخى ئۆتكەن ئەسىردىلا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەن. ئەڭ قىزىقى، تۈزۈك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، قولغا چىققۇدەك بىرەر كەسىپنىڭمۇ تايىنى يوق، تۈزۈك بىر ياردەمچىسىمۇ يوق بەكلا نامرات، ھەتتا تىلەمچى دېگىدەك بىرسىنىڭ شۇنچە ئىلغار بىر

www.pdaly.biz

مىللەتنى يىتەكلەشتە كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنى ياتلارنىڭ يوق قىلىنىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ ئاۋارىچىلىق تارتقىدەك جاپا تارتىپ كەتمەي ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئاز باش قاتۇرسىلا مىللىتىنى قۇتقۇزۇش مەقسىدىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى بۇ كىتابتىن ئېنىق كۆرىۋالالىشىمىز مۇمكىن. يەنى، بىزنىڭ مىللى مۇستەقىللىق ئىشىمىز ئۇلاردەك تىلەمچىلەردىن تارتىپ سەپەرۋەر قىلمىساقمۇ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش خىيالىدا يۈرگەن تاللانغان غۇرۇرلۇق كىشىلىرىمىز بىلەنلا پۈتتۈرۈشكە بولىدىغان ئىشلاردىن ئىكەن دېيىش مۇمكىن. بىلمىدىم، مەقسىدىمنى ئۇقتۇرالىدىممۇ؟

تەرجىمە ئەمگىكىمگە ھېچكىم بەدەل تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرىدا بىرلىرى چىقىپ بۇرۇنقىدەك يولۇمنى توساپ يۈرمەس دېگەن خىيالدا بۇ تەرجىمە ئىشىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا تىرىشتىم. بۇ تەرجىمە ئەمگىكىم يوقۇرىدا چۈشەندۈرۈلگەندەك، ھەرگىزمۇ تارىخ تەتقىقاتىنى مەقسەت قىلىپ ئىشلەنگەن بىر ئەمگەك بولمىسىمۇ، بۇ كىتابنى يەنىلا ئۇيغۇر كۈتۈپخانا كىتاب تەكچىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بىر تارىخى ئەسەر دەپ قارايمەن. ئېسىمگە كەلگىنىدە ئەسكەرتىپ قوياي: بۇ كىتابنى ئەسلى ئېنگىلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان تور بەتلىرىگە قويۇلغان قايسى بىر خىتايچە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلماقتىمەن (بۇ كىتابنىڭ خىتايچە تەرجىمانى خاتىمە سۆپىتىدە مۇنداق ھەجۋى بىر ۋەقەلىكنى قوشۇپ قويغان: كىتابنىڭ يېرىمىنى تەرجىمە قىلىپ بولغىنىدا ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ تەرجىمە ئورگىنالى سېلىنغان سومكا بىلەن يەنە بىر ئۈن ئالغۇسىنى قوشۇپ ئوغۇرلاپ چىقىپ كەتكەن؛ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر سۈپۈرەندىخانىدا بۇ ئورگىنالنىڭ چېچىلىپ

ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكلا سۆيۈنۈپ كەتكەن؛ ئەمما يوقالغان مىڭ سوملۇق ئۈنئالغۇسىغا قارىغاندا سومكىسىغا بەكرەك ئېچىنىپ كەتكەن). شۇنىڭدەك قىزىققانلىقىمدىن ئۇيغۇرچە قېدىمقى ئاي-ھەپتە ئىسىملىرىنىمۇ تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىپ قويدۇم. بۇ تەرجىمەمدە، دۇنيادا ئىپادىلەش قابىلىيىتى جەھەتتە تەڭدىشى يوق دەپ قارالغان، ئەمما نەچچە ئون مىڭ خىل رەسمىي خەت قىلىۋالغان بولۇشىغا قارىماي ئادەتتىكى چەتئەل ئىسىملىرىنىمۇ ئېنىق تەلەپپۇز قىلىشقا قۇربى يەتمەي كېلىۋاتقان، بىر يېرىم مىليارد خىتاي غۇررۇرلىنىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈزمىڭ سۆزلۈك لۇغىتى بولغان خىتايچە تەلەپپۇزدا ئېلىنغان بەزى يەر-نام ئىسىملىرىنى تەرجىمەم پۈتكىنىدە ئېنگلىزچە قايسى بىر نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ، ‘ئارانلا 32 ھەرپلىك يېزىقىمىز’ بويىچە قايتا ئاھاڭ سېلىشقا تىرىشىمەن.

ناۋادا ئۇيغۇرچە بېسىلىشقا توغرا كەلسە، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى دەۋرلەر بويىچە 4 كىتاب قىلىپ بۆلۈپ قويدۇم.

**— ئا.بوران**

2012. يانۋار (ئوچاق)

www.pidaw.biz

# ئاپتوردىن

ئادولف ھىتلېر، بەلكىم كىشىلەرگە يىگىرمىنچى ئەسىر تارىخىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئەڭ داڭلىق كىشىلەردىن بىرسى دېگەن تەسىرات بېرىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، بۇ دەۋىردە شۇنچە نۇرغۇن جاننىڭ بېشىغا چىققان، شۇنچە زور غەزەپ-نەپرەتنى پەيدا قىلىۋەتەلىگەن ئۇنىڭدەك يەنە بىرسى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ ئادەم دەسلىۋىدە كەڭ كۆلەملىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالىغان، ئەينى ۋاقتىدا مىليونلارچە ئىنسانىنىڭ ئۈمىدى ۋە غايىسى ھالىغا كەلگەن بىرسى ئىدى. ھىتلېر ئۆلۈپ ئوتتۇز نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەيلى ئۇنىڭ دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرىدىن بولسۇن، ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇنىڭ دەۋرداشلىرى بولغان باشقا داھى كىشىلەردىن رۇزۋېلت، چېرچىل، مۇسسولىنى، ستالىن قاتارلىقلارغا بولغان قاراشلىرىمىزنى نەچچە قېتىملاپ ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن ئۇيغۇنراق ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولساقمۇ، بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ ئوبرازىغا بولغان قارىشىمىز قىلچە ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن سادىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ھىتلېر بىر قەھرىمان، ئاخىرقى غالىبىيەتكە ئېرىشەلمىگەن ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى ھېسابلىناتتى؛ ئەمما قالغان كىشىلەر ھىتلېرنى ئۇچىغا چىققان ساراڭ، ھەربىي ۋە سىياسى جەھەتلەردە ئەڭ ھاماقەت، ئۆزگەرمەس قاتىل؛ ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بىر قىسىم ئۇتۇقلىرىمۇ پۈتۈنلەي جىنايەت يولىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر دەپ قارايدۇ.

www.pdfaly.biz

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش، مەنمۇ ھاياتىمدا ھىتلېرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بىرسى بولۇشىمغا قارىماي، ئۇنىڭ توغرىلىق كىتاب يېزىش ۋاقتىمدا ئۆزەمنىڭ ھېسسىياتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بېسىۋېلىپ، ئۇنى، مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان مىڭلارچە يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئىپتىدائى ئادەم قاتارىدا بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتىم. مەن بۇ جەرياندا ھىتلېرنى ئەتراپلىق بىلىدىغان، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان ياكى ئۇنى مازاق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم. بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇ بەختسىز ئۆتمۈش كۈنلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى قەتئىي ئەنسىرىمەي قورقماستىن تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ئۆتمۈش يىللاردىكىدەك ئۇنداق فيۇرېر، داھىي (Führer 元首) دېسىلا، شۇ قورقۇنۇچلۇق دەۋرلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ دۇدۇقلاپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان روھى ھالەت بۈگۈن كەلمەسكە كەتتى. مەن ھىتلېرنىڭ كانۋويلىرىدىن پۇتكامېر (普卡梅尔 Karl_Jesko von Puttkamer)، بېلوۋ (贝罗 Below)، ئېنگېل (恩格尔 Gerhard Engel)، گۈنشې (Otto Günsche 根舍)، ۋۈنشې (温舍 Max Wünsche) ۋە شۇلز (Richard Schulze 舒尔兹)؛ كاتىپلىرىدىن تراۋدىل جيۇڭ، گېردا دارانوۋسكىي كرىستىيان 'دارا' (Daranowsky Christian, Dara Gerda 格尔达·克里斯蒂安)، لىيوتچىكى باۋۇر (波尔 Hans Baur)، دوختۇرلىرىدىن گىيېسىڭ (吉辛 Giesing Erwin)، ھاسسېلباك (哈塞尔巴赫 Hasselback Hanskarl von)، ئۇنىڭغا يېقىن ئوفىتسېرلاردىن سكورزېنى (斯科尔兹内 Skorzeny Otto)، رۇدېل (Hans Ulrich Rudel 鲁德尔)، ئۇنىڭغا يېقىن ئېنجېنېرلاردىن سپېئېر (Albert Speer 施佩尔)، گىيېسلېر (杰斯勒 Paul Giesler)، بىرىنچى نومۇرلۇق باياناتچىسى خانفستانگل (汉夫施坦格尔 Hanfstaengl)، ھەربىي رەھبەرلەردىن مانستېيىن (曼斯坦因 Fritz Erich von Manstein)، مىلچ (米尔契 Milch Erhard)، دۆنىتز (Karl Dönitz 邓尼茨)، مانتېۋفېل

www.pdaily.biz

(Hasso von Manteuffel 曼特福尔)، ۋارلىمونت (Walter Warlimont 瓦力蒙)، شۇنىڭدەك يەنە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئاياللاردىن لېنى رېفېنستاخل (Leni Riefenstahl 里妮•莱芬斯达尔)، پروفېسسور تروست (Troost 特鲁斯特) خانىمى، ھېلېن خانفستانگىل خانىم (Hanfstaengl، Helene 赫仑纳.汉夫施坦格尔夫人) قاتارلىقلار بىلەن كامىدا 250 قېتىمدەك كۆرۈشۈپ چىقتىم. بۇ كۆرۈشۈشلىرىمدىن ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالغانلىرىمنىڭ ئۆزىلا نەچچە ئون قېتىمغا يېتىدۇ. بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ھازىر پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. كۆرۈشۈش جەريانىدىكى سۆھبەتلەردىن بۇ كىتابقا كىرگۈزگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك سۆھبەت ئىگىلىرى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇلار يازغانلىرىمغا تۈزىتىش بېرىش بىلەنلا قالماي، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق مەسلىھەتلەرنىمۇ بېرىشتى.

مەن ھىتلېرنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۆججەت، دوكلات ۋە مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرىدىن پايدىلاندىم: ئا ق ش ئارمىيىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى بۆلۈمى ئارخىپلىرىدىن مەلۇم بىر ئىشپىيوننىڭ ھىتلېرنىڭ سىڭلىسى پاۋلا (Paula 保拉) بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى؛ دۆلەتلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلىرىدىن 1918-يىلى ھىتلېر ھەققىدە تەييارلانغان روھىي كېسەللىكى ھەققىدىكى مەخپىي دوكلاتقا ئوخشاش ھۆججەتلەر؛ ئەنگلىيە ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسىدىكى ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلەر؛ يېقىندىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان گېورىڭ (Hermann Göring 戈林) بىلەن نېگرېللى (Leo Negrelli 纳格莱里) نىڭ 1924~1925-يىللاردا ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرى، بۇ خەتلەر ناتسىستلار بىلەن فاشىستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە يېڭى پاكىتلار بىلەن تەمىنلىمەكتە؛ ھىملېر (Heinrich Himmler 希姆莱) نىڭ مەخپىي سۆھبەتلىرى؛ ئۇنىڭ ئېلان قىلىنمىغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى، تېزىسلىرى، ئەسلىمىلىرى قاتارىدىكى ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھىتلېرنىڭ ئەڭ ياش كاتىپى

www.pidaly.biz

تراۋدىل جيوڭ (特劳德尔•容格 Grtraud Traudl Junge) ئەسلىمىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەسلىمە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.

مېنىڭ بۇ كىتابىم قانداقتۇ بىر مەقسەتنى كۆزلەپ يېزىلغان ئەسەر ئەمەس. ئەگەر بۇ كىتاۋىمدا ھەر قانداق بىر باھالاشتا بولغان بولسام، بۇ باھالىرىم ئاساسەن كىتاب يېزىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ تۆردىكى باھالىرىمنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى: ھىتلېرنىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك بىرسى بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. گراخام گرېن (Graham Greene 格拉汉姆•格林) چۆچەكلىرىدىكى بىر پېرسوناژ مۇنداق دەيدۇ: "ئەڭ ئۇلۇغ غەلىتە كىشىلەر، ئەزەلدىن بېرى پەۋقۇلئاددە ۋەھشىيلىك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئەڭ رەھىمسىز كىشىلەر بەزىدە ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ھېسسىياتلاردا بولىدۇ." چۈنكى، جەننەتتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېردەكلەر دوزاخ يولىنى تاللىۋېلىشقان. ئەسلىدە، ھىتلېرمۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ياخشى-يامانلىق پەرقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ، يەھۇدىيلارنى ياۋروپا قىتئەسىدىن تولۇق تازىلىۋېتىش خىيالىنىڭ تۆرتكىسىدە، ئۇ يەنىلا كرىست بەلگىلىك چەۋەنداز، روھى جەھەتتە غەلىتىلەشكەن، پرومېتوس (Prometheus 普罗米修斯) بىلەن لۇسىفېر (Lucifer 柳西胡) نىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئالۋاستى ھېسابلىنىدۇ.

ــ جون تولاند (约翰•托兰 John Toland)

بىرىنچى كىتاب

# ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى

## مۇقەددىمە

# ئارقىمىزدىن ئوق يېدۇق

## (1)

1918 ـ يىلى ئۆكتەبىر (ئوغۇز) ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ۋاگونلىرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىگە ئىنقىلابى شۇئارلار چاپلانغان، ياردار ھەربىيلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ھەربى پويىز گېرمانىيە چېگرىسىدىن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتۈپ، ئىمپېرىيىنىڭ شەرق چېگرىسىدىكى بىخەتەر دەپ قارالغان رايونلارغا قاراپ ھارغىن پۈشۈلداپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ ۋاگونلار تىزمىسىدىكى يۈزلىگەن ياردار ھەربىيلەر ئارىسىدا، تېخى يىڭىلا بىلگىيىدە يۈز بەرگەن زەھەرلىك گاز ئۇرۇشىدا زەھەرلىنىپ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بىر ياردارمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنىسى، يەنى 13 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) ئاخشىمى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك توپ ـ زەمبىرەكلىرى گېرمانىيە ئالدىنقى سەپلىرىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا زەھەرلىك گاز بومبا ھۇجۇمى باشلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى توپ ھۇجۇمى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى بۇرۇنقى ئۈچ ئايلىق ئۇرۇشتا تېز سۈرئەت بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغىنىدىن بۇيان دۇچ كەلگەن بىر قاتار شىددەتلىك زەربىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك زەربىلەردىن بىرى ئىدى. گەرچە گېرمانىيە قوشۇنلىرى كەينىگە چېكىنگەن، ئۇرۇش سەپلىرى ئەگرى ـ توقاي، ئىلگىرى ـ كېيىن ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار قىلىنغان ھېساپلانمايتتى. بۇ قېتىمقى دالا ئۇرۇشىدا ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملاردىن بىرى باۋارىيە ئون ئالتىنچى زاپاس پىيادە پولكى ئىدى. بۇ پولك تاغ جىلغىلىرى ۋە ئېتىزلىقلاردىكى ئاكوپلاردا بېشىنىمۇ چىقىرالماي قىسىلىپ قالغان ئىدى. ئۇرۇش سەپلىرى بۇزۇلۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەممە يەر توپ ئوقلىرى ئويىۋەتكەن ئازگاللار بىلەن تولغان، پۈتۈن ئۇرۇش سېپى پاتقاقلىق ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەسكەرلەر ئاكوپلاردا بېشىنىمۇ چىقىرالماي تۈگۈلۈپ يېتىشتىن باشقا قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى. ئەنگلىيە

قوشۇنلىرىنىڭ ئاتقان توپ ئوقلىرى پۈتۈن ئاكوپ ئەتراپىدا يەر يېرىلغاندەك دەھشەتلىك پارتىلاشلارنى پەيدا قىلىپ جاھاننى زىلزىلىگە سالاتتى. بۇ كۈنلەردە نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك ئېغىۋالار يامراپ كەتكەن بولۇپ، ۋەتەنىدىكى نۇرغۇنلىغان ھەربى سانائەت ساھەلىرى ئىش تاشلاپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ئاكوپلاردا قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇنداق سۆز-چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىمۇ ئەسكەرلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ روھىنى چۈشۈرمەكتە ئىدى. كونا ئەسكەرلەر ھېچ نېمىدىن ئەنسىرىمەيدىغان خامۇش ھالغا كېلىپ قالغان بولسا، يېڭى ئەسكەرلەر قورققىنىدىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى.

قۇلاقنى يارغۇدەك توپ ئېتىشلار تۇيۇقسىزلا قايتا باشلىنىپ، ئەتراپقا تارقالغان بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق گازنىڭ غەلىتە پۇرىقى ئاكوپلارنىمۇ تولدۇرۇشقا باشلايدۇ. كىمدۇ بىرسى “زەھەرلىك گاز! بۇ زەھەرلىك گاز!” دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ سەپداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەسكەرلەر تۈنجى قېتىم بۇنداق خاردال گاز پۇرىقىنى پۇرىماقتا ئىدى. بەزى ئەسكەرلەر ئەتراپتىكى ھاۋانى پۇراپ بېقىپ، بۇ بىر ئەتتىر پۇرىقىمۇ قانداق دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياق، بۇ لازىنىڭ پۇرىقى دېيىشەتتى. ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ بۇرنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئالدىراپ-سالدىراپ گاز ماسكىلىرىنى تاقىشىپ ھەممە كىشى ئاكوپ بويىدا

www.pjdaily.biz

تامغا قاراپ تۆگۈلۈپ ئولتۇرۇۋېلىشتى. ئارىدىن بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ گاز ماسكىلىرىدىن تېخىچىلا زەھەرلىك گاز پۇرىقىنى ئىلغىغىلى بولاتتى. قاتاردا بىر يېڭى ئەسكەر بۇ ئەھۋالغا ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلمىدى-ئەتىمالىم، گاز ماسكىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆپكىسى شۇ ھامان زەھەرلىك ھاۋاغا تولۇپ تۆگۈلگىنىچە يېقىلىپ چۈشتى.

"زەھەرلىك گاز ئۆپكىسىگە كىرىشى بىلەن تەڭ، ئۇ ئەسكەر ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك چىقىرىپ تۆگۈلۈپ يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ بىر ھازا خارقىراپ ياتقىنىدىن كېيىن، جېنى چىقىپ جىمىپ قالدى" سەيدۇ بىر سەبدىشى ئەسلىمىسىدە.

گۈگۈم ۋاقتى بىلەن تەڭ، زەھەرلىك گاز پۇرىقى ئاستا-ئاستا تارقىلىپ ھاۋامۇ قايتا تازىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا توپ ئېتىش قايتىدىن باشلىنىپ كېتىدۇ. جەڭچىلەرمۇ ماسكىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىشىدۇ. "شۇنىڭغا قارىماي ھاۋادا يەنىلا خاردال پۇرىقى تۈگىمىگەن ئىدى. — دەپ يازىدۇ بىرسى، — ھاۋادا خاردال گاز پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ كۈچلۈك پارتلىغۇچى دورا پۇرىقىمۇ تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما بىز ئۈچۈن پارتلاتقۇچ پۇروخنىڭ پۇرىقى خاردال پۇرىقىغا قارىغاندا جەننەتنىڭ ھاۋاسىدەك مېزىلىك بىلىنەتتى." بۇنداق جىمجىتلىق ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، تېزلىكتە قايتىدىن ھاۋانى خاردال ۋە نىترىت پۇرىقى بىلەن توشقۇزۇشقا باشلايدۇ. گاز

www.pidaw.biz

ماسكىسى تاقاشقا ئۆلگۈرەلمىگەنلەر، خۇددى بايىقى يىڭى ئەسكەرگە ئوخشاش تىك چۆشۈپ بىر ھازا خارقىراپ ياتقاندىن كېيىن جان بېرىدۇ. تەلىيى ئوڭ كېلىپ ساق قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك كۆزى كۆرمەس قارغۇ بولۇپ كېتىدۇ. ئاربىدىن بىرسىنىڭ كۆزى يەنىلا ئاز-تولا بىر نەرسىلەرنى ئىلغىيالىغىدەك غۇۋا كۆرەلەيتتى. ئۇ ئەسكەر قالغان سەپداشلىرىغا، ھەممىڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ كەينىمدىن مېڭىڭلار، دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسكەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆگدۈشۈپ ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ يۆرۈپ يولغا چىقىدۇ. چالا قارغۇ بولغىنى قالغانلارنى يېتىلىگىنىچە ئەڭ يېقىنىدىكى جىددى قۇتقۇزۇش پونكىتى بار يەرگە يېتىپ كېلىشۋالىدۇ.

بۇ زەھەرلىك ئەجەل ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئەسكەرلەر ئاربىسىدا 29 ياشلىق بىر ئون بېشى (Gefreiter, corporal ملادشي سېرژانت 下士) بار بولۇپ، ئۇ ئەسكەر ــ ئادولف ھىتلېر ئىدى.

ھىتلېر ياتقان پويىز تىنماي شەرققە قاراپ تاراخلاپ كېتىۋاتماقتا؛ ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىغىچە ھېچ نېمىنى كۆرەلمەيتتى. بۇ چاغدىكى ھىتلېر روھى چۆشكەن، ھارغىن، پۆتۈنلەي تۈگەشكەندەك بىر ئەھۋالدا ئىدى. باشقا زەھەرلەنگەنلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، يۈز-كۆزىمۇ تۇلۇمدەك ئىششىپ يۇمىلاق كاۋىدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ

www.pidaiy.biz

ئاۋازى خۇددى ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىدەك شۇنچە كۈچسىمۇ گاراڭلاپ گېپىنى زادىلا ئۇققىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ئەگەر بىرەر سېستىرا كېلىپ ئۇلارغا ياردەم قىلمىسا دېسىمۇ ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ يېقىن يولاتمايتتى.

ئۇلار ھېچ نېمە يېمەيتتى. دوختۇرلارنىڭ كېلىپ يىرىڭلاپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەكشۈرۈشىگىمۇ يول قويۇشمايتتى. دوختۇرلار ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، كۆزۈڭلار تېز ئارىدا ساقىيىپ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ شۇنچە يالۋۇرسىمۇ كار قىلمايتتى. ئۇلار، شۇنچە يىلدىن بېرى ئاقماق قىلىنىپتىكەنمىز دېيىشىپ، زارلىنىپ دەرد تۆكىشەتتى. ئۇلار دوختۇردىن، ئەندى جىمجىت يېتىپ تەقدىرگە تەن بېرىشىمىزگە، ئازابتىن قۇتقازغۇچى ئەزرائىلنىڭ جېنىمىزنى ئېلىشقا كېلىشىنى كۈتۈشىمىزگە، يەنى ئۆلۈم ئارقىلىق بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشىمىزغا يول قويۇڭلار دەپ يالۋۇرىشاتتى.

شۇنىڭدىن ئون بەش يىل ۋاقىت ئۆتكەندە ئىمپېرىيىنىڭ بىردىن-بىر داھىيسى ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان بۇ ئون بىشى، پۈتۈن ۋۇجۇدى يارىلانغان، ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ ياتقان بۇ روھسىز ئەسكەر، بۇ كۈنلەردە گېرمانىيىنىڭ قايسى دەرىجىدە تارمار كەلتۈرۈلگەنلىكىدىنمۇ خەۋىرى يوق ياتاتتى. بۇندىن تۆت يىل ئاۋال، نېمىس قوشۇنلىرى تۇنجى قېتىملىق كۈچلۈك ھەربى قۇۋۋەت بىلەن ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بېلگىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن

www.pidaily.biz

ۋاقتىدا ھىتلېر تۇرىۋاتقان پولك، يەنە شۇ يەردە تۇنجى قېتىم قانلىق جەڭگە قاتناشقان، بىر ھەپتىگە قالماي مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چىقىمغا ئۇچراپ، پولكنىڭ 80% گە يېقىن ئادىمى جەڭدە ئۆلگەن ئىدى. شۇ چاغدا قانلىق جەڭگە تۇنجى قاتنىشىۋاتقان ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك چىقىم مەيۈسلىنىشكە ئەرزىگۈدەك پاجىئە ھېساپلانمايتتى. ئەكسىچە بۇ ئەھۋال نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسىنىلا كۆرسىتەتتى، خالاس. شۇ چاغدا ھىتلېر ميۇنخېن ( München, Munich 慕尼黑) دىكى ئۆي خوجايىنىغا يازغان خېتىدە "... مەن سىزگە مەغرۇر ھالدا شۇنى بىلدۈرىمەنكى، جەڭگە كىرگەن بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا بىزنىڭ پولك ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى، يەنى پولكىمىزدىكى كۆپسانلىق ئوفىتسېرلار ئۇرۇشتا قۇربان بولدى، بىزنىڭ روتىدا ئارانلا ئىككى كىشى ساق قالدۇق. ئۇرۇش ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە بېرگادىمىزدىكى 3600 نەپەر ئوفىتسېر-جەڭچىدىن ئاران 611 نەپەر ئادەم ساق قالدۇق."

شۇ كۈنلەردە، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مۇنداق دېيىشتى: گېرمانىيىگە خاس قەھرىمانلىق روھ ئەنە شۇنداق بولىشى كېرەك. ئەمما ئايلار بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇرۇش ئىچىنى پۇشۇرىدىغان زېرىكەرلىك ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلانماقتا ئىدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر-بىرسىگە خىرىس قىلىپ ياتقان، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئادەمسىز بوش ئېتىزلىق، پەقەت قايسى بىر تەرەپ قارشى

تەرەپنىڭ سىپپىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئاتاكىغا ئۆتكەندىلا توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇراتتى. ھەر چاقىرىملىق ئىلگىرىلەش، ھەتتا ھەر قەدەم ئالغا سىلجىش ئۈچۈنمۇ مىليونلارچە ئەسكەر ياردارلىناتتى ياكى قۇربان بولاتتى. شۇڭا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىكىدەك ئۇنداق ئۈمىدۋارلىقلار ئاستا-ئاستا يوقۇلۇشقا باشلايدۇ. غەلىبە قازىنىشتىن ئۈمىدسىزلىنىش روھى ھالىتى خۇددى مۆكۈۋالغان چاشقاندەك ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىگە يوشۇرۇنغان ئىدى. ۋەتەن ئىچىدە بولسا، ئېنگلىزلارنىڭ ئىمبارگوسى تۈپەيلىدىن ئاساسلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تەمىنلىنىشىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان، ئاچارچىلىق، ئېغىر قىيىنچىلىق نېمىس خەلقى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە يامرىماقتا ئىدى. ئۇرۇش ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى يىلىغا كىرىشى بىلەن نېمىس قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى غالىبىيەت قازىنىش ئورنىغا قانداق قىلىپ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆزگەرگەن ئىدى. ئەسكەرلەر يوقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىق شتاپىدىكىلەرنىڭ دۆتلىكىدىن زارلىنىپ، داۋاملىق ئۇرۇشۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلىقىنى ھەر يەردە سۆزلەپ يۈرۈشەتتى. ھىتلېرغا ئوخشىغان يەنە بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلەر بۇ تۈردىكى مەغلۇبىيەتچىلىك قاراشلىرىغا پەرۋايى پەلەك ئىدى. گەرچە ھىتلېرمۇ ئىزچىل تۈردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر جەڭچى ھېسابلانسىمۇ، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى بەكلا تار، گېپى ئۆتمەيدىغان ئادەتتىكىچىلا ئون بېشىدىن بىرى ئىدى، خالاس. ھىتلېر

www.pidaiy.biz

ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالماي كېلىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەر دائىم سەپداشلىرىنى قاتتىق تەنقىدلەپ يۈردى. ۋەتەندىن زەھەر تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن يېڭى ئەسكەرلەرنى بەكرەك تەنقىدلەيتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپمۇ كېتەتتى. ھىتلېرنىڭ بىر سەبدىشى، "ئۇ غەزەپلەنگەندە قولىنى ئىككى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ئالدى-كەينىگە مېڭىپ ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنى تىللاپ كېتەتتى" دەيدۇ.

ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغۇچىلار راستىنلا خاتالاشتىمۇ قانداق، 1918-يىلىغا كىرىشى بىلەن 4 يىلدىن بېرى ئىزچىل بىر يەردە مۇداپىئەلىنىپ مىخلىنىپ ياتقان نېمىس قوشۇنلىرى، غەرب ئۇرۇش سېپىنىڭ تۇرغۇن ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى ئوڭشاپ يەنە بىر قېتىملىق ئومۇمى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇڭا غەرب ئالدىنقى سېپىدىن باشقا سەپلەردە نېمىس قوشۇنلىرى ئومۇمى يۈزلۈك غەلىبە قازىنىدۇ. سېربىيە، رۇمىنىيە، ئاخىرىدا روسىيە قاتارلىق ئەللەر نېمىسلاردىن يېڭىلىدۇ. روسىيە، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىچكى قىسمىدىكى ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن مەغلۇپ بولىدۇ. يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، نېمىسلار ئۇكرائىنانىڭ بىر مۇنچە تۈزلەڭلىكلىرىنى — ياۋروپانىڭ بولىكا ئامبىرىنى قولغا

www.pidaiy.biz

كىرگۈزۈلدۇ. شەرق ئۇرۇش سېپىدىكى دۈشمەن كۈچلىرى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، نېمىس قوشۇنلىرى شەرق ئۇرۇش سېپىدىن غەربىي سەپكە بىر مىليون كىشىلىك ئەسكەر يۆتكەپ فرانسىيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ تولۇقلانغان غەربىي كۈچىگە تايىنىپ فرانسىيە ئۇرۇش سېپىدە مۇقىملىشىپ قالغان تۇرغۇنلۇق ۋەزىيەتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئومۇمىي يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتاۋىدا باشقىلارغا قارىغاندا گېنېراللىق دەرىجىسى تۆۋەن بولغىنىغا قارىماي ئەڭ مۇھىم ئادەم ھېسابلىنىدىغان گېنېرال ئېرىچ ۋون لۇدېندورف ( Erich von Ludendorff 埃里希·鲁登道夫) تەرىپىدىن "ئىمپېراتور سەپىرى" دەپ نام بېرىلىپ پىلانلانغان ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم ھەرىكىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا نېمىس قوشۇنلىرى 4 قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە كۈچلىرىنى ئىلگىرى-كېيىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. جان تۇمشۇققا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكىرى قالغىچە جەڭ قىلىش دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ. 15-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنىسى، ھەل قىلغۇچ جەڭ رېيىم (Rheim 莱姆斯) شەھىرى ئەتراپىدا باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش چوقۇم ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ يېڭىپ كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپلا بىلەتتى. "ئەگەر مەن رېيىمغا

هۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالالىسام، — دەيدۇ لۇدېندورف، — بۇ ئۇرۇشنىڭ غالىبى بىز بولىمىز.” ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى مارشال فوچ (福煦 Foch Ferdinand) مۇ شۇنداق دەپ قارىماقتا ئىدى. گېزىت خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مارشال مۇنداق دېگەن: “ئەگەر نېمىس ئارمىيىسى رېيىم شەھىرىگە هۇجۇم قىلىپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرەلىسە، بۇ ئۇرۇشتا بىز يېڭىلگەن تەرەپ بولۇپ قالىمىز.” ئەمما نېمىس ئارمىيىسىنىڭ هۇجۇمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نېمىس قوشۇنلىرى ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ئامېرىكا دىۋىزىيىلىرى بىلەن كۈچەيتىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ قورال-يارىقى بىلەن يېمەك ئىچمىكىمۇ ئا ق ش دىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

نېمىس قىسىملىرىدا ئەسكەردىن قېچىش ئەھۋالى بەكلا ئېغىر ئىدى. نەگىلا بارسا ئىسيان، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. ئاۋغۇست (چايان) نىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئامىيېنس (亚眠 Amiens) ئەتراپىدا تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ هۇجۇمدا نېمىس قوشۇنلىرى بىر پاي ئوق چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي دېگۈدەك پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولىدۇ. بەزى يەرلەردە پەرىشان بولۇپ چېكىنگەن قوشۇنلاردىن بىر قىسمى قارشى تەرەپنىڭ بىرەر ئەسكىرىگە ئۇچراپ قالسىلا قول كۆتۈرۈپ بېرىلىكتە ئەل بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى. كېيىنكە چېكىنىۋاتقان قىسىملار ئالدىنقى سەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ياردەمچى

www.pdaiy.biz

ئەسكەرلەرگە قاراپ "بۇزغۇنچىلار!" دەپ ۋاقىراشقانلىقىنى ھەر دائىم ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئىشلار شۇنىڭ بىلەنلا پۈتمەيدۇ. نېمىس قوشۇنلىرى كەينىگە چېكىنگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىستىھكاملىرى يەنىلا جايىدا ئىدى. ئەمما مەغلۇبىيەت قارىشىدىكى كىشىلەر بىردە-يېرىم كۆرۈلۈپ قالغاندەك قىلغىنى بىلەن، ھەربىلىك ۋەزىپىسىگە سادىق ئەسكەرلەر يەنىلا يۈزلەپ-مىڭلاپ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋەتەنىدىن كېلىدىغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش تۈيغۇلىرى تەدرىجى يوقۇلۇشقا باشلىماقتا ئىدى. ئىش تاشلاش دولقۇنلىرى دولقۇنسىمان داۋاملىشىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئەسەبىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئىنقىلاب توغرىلىق تالاش-تارتىش ئىچىگە پېتىپ قىلىشقان ئىدى. ھىتلېرگە ئوخشايدىغان جاھىل ئۇنسۇرلارغا تەۋە كىشىلەر بولسا بىخەتەر، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئارقا سەپتىكىلەر، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلىكتىن چۈشۈپ قالغانلار، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ شتاپلارغا سوقۇنۇۋالغانلار، يالغان كېسەل بولىۋېلىپ ۋەزىپىسىدىن قاچقانلار، ۋەتەن ساتقۇچلار، شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيە دېگەن بۇ ۋەتەننى سۆيۈپ كەتمەيدىغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەتمۇ قىلىپ كەتمەيدىغان يەھۇدىيلار ئېغىر شارائىتلاردا جەڭ قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى سېتىۋەتتى دەپ قارىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەڭ قورقۇنچاق ھېساپلىنىدىغان ئادەم دەل شۇ لۈدېندورفنىڭ ئۆزى ئىدى. مەمۇرى ئەمەلدارلارنى كۈچىنىڭ بېرىچە كۆشكۈرتۈپ

ھۆكۈمەتنى تېنچلىق شەرتنامىسىگە قول قويغۇزۇشقا مەجبۇرلىغان كىشىمۇ يەنە شۇ لۇدېندورف ئىدى.

گەرچە ۋاقىت قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھىتلېرگە ئوخشىغان قاتتىق قول كىشىلەر يەنىلا ئۆز كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار، ئاخىرغىچە قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، غەلىبە قازىنىشتىن يەنىلا ئۈمىد بار، چوقۇم چارە تېپىلىدۇ دەپ قارىشاتتى. ئالدىنقى سەپلەر تېخى تولۇق تارمار قىلىنغىنى يوق، كەينىگە چېكىنىشلەرمۇ ئومۇمى يۈزلۈك ئەمەس دەپ قارىشاتتى. مەغلۇبىيەت ئىچكى قىسىملاردىن كەلمەكتە، مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلار دەل شۇ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ شىتاپلارنى ئىگەللىۋالغانلار، يالغان كېسەل بولىۋېلىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلار، يەنە شۇنىڭدەك بىر قىسىم يەھۇدىيلار دەيدىغان قارىشىدا چىڭ تۇرىشاتتى.

## (2)

ھىتلېرنىڭ شۇ كۈنلەردە قارغۇلارچە چىڭ تۇرۇپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن غالىبىيەت خىيالىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى، شۇنىڭدەك ئۇ قەتئىي ئىككىلەنمەي ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق ھادىسىلەر، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش خىيالىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ھىتلېرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى

دۇنيا، كونا خاندانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان كىشىلەر، يەنى ئاقسۆڭەكلەرلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلەيدۇ دەيدىغان قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دۇنيا ئىدى. بارلىق يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەللەر، دىپلوماتىك ۋەزىپىلەر، شۇنىڭدەك ئارمىيە ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي كونا ئاقسۆڭەك سۇلالىسىدىن كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن، ئالاھىدە يوقىرى تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن بولىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئۇرۇش، ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. ئاكوپلاردا، ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كەلگەنلەر بىلەن تۆۋەن تەبىقىلىك كىشىلەر ئوخشاش شارائىتلاردا مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلالىغانلىقىنى، ئاقسۆڭەكلەر سۇلالىسىغا مەنسۈپ كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ دەپ قاراپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان ۋەزىپىلەرنى تەدرىجى شەكىلدە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۆستىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

ئەسلىدە، پۈتكۈل ياۋروپادا ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىلا دىگۈدەك ئىسمى بار جىسمى يوق كىشىلەر ئىدى. قىلچىمۇ ئابرويى يوق ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ خۇددى ھىتلېرگە ئوخشايدىغان ھاكىمىيەت ئوگانلىرىنى بەرپا قىلالايدىغان كىشىلەر بار ئىدى. بۇ تۈر كىشىلەر دەسلىۋىدە بەكلا ئادەتتىكىچە ياشاپ كەلگەن، ھەتتا بەكلا جاپالىق مۇھىتلاردىن كەلگەن كىشىلەر بولىشىغا قارىماي،

ئۇنداق ئادەملەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى شەپقەتسىز ھەرىكەت دولقۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، جاھاننى سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلالىشىنىڭ سىرى، خەلق ئاممىسى كىشىلەرنىڭ نېمە مەقسەتتە ئۆزىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغان بۇ ئۇرۇشقا قارشى تۇرالىشى ئىدى.

پويىز، ھىتلېر ئولتۇرغان ۋاگوننى سۆرەپ ئۇنى پومېرانىيە شىتاتى (Pomerania 波默拉尼亚) نىڭ كىچىك بىر شەھىرى ھېسابلانغان پاسېۋالك دېگەن (Pasewalk 巴斯瓦尔克) شەھىرىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قاتتىق ئاغرىق، روھىي جەھەتتىكى يىمىرىلىش ئۇنىڭ كاللىسىدىكى يۈكسەك غايىلىرىنى پۈتۈنلەي تۇزىتىۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى بىر قانچە ھەپتىلىك داۋالاشتىن كېيىن تەدرىجىي شەكىلدە ساقىيىشقا باشلاپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. كۆز پەردە يالۇغى ساقىيىشقا باشلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىكى ئىششىقلار يېنىپ، كۆز چانىقىدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقمۇ پەسىيىشكە باشلايدۇ. ئۇ، «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىنىڭ ئەسلىمىلەر قىسمىدا ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ساقىيىپ "ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلالىغىدەك ھالغا كېلىشكە باشلايدۇ." شۇنداق قىلىپ ھىتلېرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ، ئۈمىدسىزلىك روھىي ھالىتىدىنمۇ قۇتۇلۇشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە بىرلىن

ئۇنىۋېرسىتېتى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرى، نېرۋا كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور ئېدمۇند فورستېر (Edmund Forster 埃德蒙•福斯特) نىڭ مەخسۇس داۋالىشى نەتىجىسىدە، دىياگنوزدا كۆرسىتىلگەن روھىي چۈشكۈنلۈك كېسىلىمۇ تولۇق ساقىيىدۇ. دوختۇر فورستېر، خاردال گازى ھەققىدە تۈزۈك مەلۇماتى يوق بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرغا قويغان دىياگنوزىدا ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىشى ھېستېرىيىلىك (ھېستېرىيە سۆزى ئەسلىدە ئاياللارغا خاس كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر روھىي جىددىيلىشىش ئالامىتى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئىسىم بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئىسىم بارلىق روھىي بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى ئۈچۈن ئورتاق بىر نام ھالىغا كەلگەن، ئېغىر نېرۋا ئاجىزلىق، ئېغىر تىرىككەك قاتارىدىكى پسىخولوگىيىلىك كېسەلنى كۆرسىتىدۇ. ــ ئۇ.ت) بىر ئالامەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ھادىسە دەپ قارايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى يەنىلا ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىغان ئالاھىدە بىر ئەھۋال دېيىشكە بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دوختۇرنىڭ دىياگنوزى بىردىن-بىر توغرا دىياگنوز دەپ قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھىتلېر ئەسلىدە خاردال گازى تەرىپىدىن يەڭگىل زەھەرلەنگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىگە ئىگە ئىدى: قىزىتمىسى ئۆرلەش، قىزىرىپ ئىششىپ كېتىش، كىرىشىش،

ئۇمىدسىزلىنىش ۋە شۇنىڭدەك بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە تۇزۇلۇپ كېتىشى قاتارلىقلار يەڭگىل زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھىتلېرغا باشقىلاتىن ئۇمىدۋارلىق بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ھەر تۇرلۇك ۋەقەلەرگە بولغان قىزىقىشى قايتا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. بىرلىن ئەمەلىيەتتە پۇتۇنلەي قورشاۋغا ئېلىنغان بولۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مىنىستىر، گېرمانىيە ئىمپىراتورىنى خانلىق تەختتىن چېكىنىشكە قىستاش ئارقىلىق ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمگە قول قويۇشقا شارائىت ياراتقان ئىدى. گەرچە ھىتلېر گېرمانىيە تەۋەسىدە ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرى دولقۇن ھالىغا ئايلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ گەپ-سۆزلەرنى پۇتۇنلەي ئۇيدۇرۇلغان يالغان-ياۋداق گەپلەر دەپ قارايتتى. نويابىر (ئوغلاق) ئېيىنىڭ بىر ئەتىگىنى، بىر ئۇچۇم "كوممۇنىست دېڭىزچى" ئۇ ياتقان بالىنىسقا بېسىپ كىرىپ، ياربدارلارنى ئىنقىلابقا قاتنىشىڭلار دەپ مەجبورلايدۇ. شۇ چاغدىلا ھىتلېر كوچا خەۋەرلىرىنىڭ راس گەپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر بۇرۇندىن تارتىپلا بولشېۋىكچىلىققا قارشى بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىرگەن دېڭىزچىلارنىڭ باشلامچىلىرى بولغان ئۇچ نەپەر كىشىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باقمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بولشېۋىكچىلىققا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

"ئەندى ئۇلار ۋەتىنىمىزدىمۇ قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان ھالغا كېلىپتۇ-دە!" ھىتلېر غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ قايتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدۇ. "مەن قاتتىق ئازاپلىنىپ ئورنىمدىن تۇرغىدەك ماجالىم قالمىغان ھالدا كارىۋىتىمدا يېتىپ قالغان ئىدىم. شۇنىڭدەك ھېسياتىمنىمۇ تولۇق ئىپادىلىيەلمەي قالدىم. مەن ئەسلىدە باشقىلار گېرمانىيىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيۇپ يىغلاپ كەتسە، مەن ئۇنداقلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بىرسى ئىدىم." ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 9-نويابىر (ئوغلاق) كۈنىسى سالاپەتلىك، ياشانغان بىر پوپ دوختۇرخانىغا ئۇلارنىڭ زىيارىتىگە كېلىدۇ. بۇ پوپ، ئىسيان ۋەقەسىنىڭ راس ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەتتا مىيۇنخېندىمۇ ئىسيان پارتىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا يارىدارلار دوختۇرخانىنىڭ كىچىك مەجلىسخانىسىغا يىغىلغان. "پوپنىڭ 'خۇخېنزورىنلار بۇندىن كېيىن شەھەرلىك پارلامېنتقا ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيە خاندانلىق گىرىبىنى ئاسالمايدىغان بولدى، گېرمانىيە بۈگۈندىن باشلاپ جۇمھۇرىيەت بىلەن باشقۇرىلىدىغان بولدى' دەپ ئېيتقىنىدا، كۆپچىلىك خۇددى يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە چۆكۈپ قېلىشتى. ھەممە غالىلداپ تىترەيتتى." ئۇ ياشانغان پوپ خۇخېنزورىنلار سولالىسىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ بىر-بىرلەپ مەدىھلەپ تىلغا ئالغان ۋاقتىدا، ھىتلېر "ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلىغانلىقىنى، بۇ زالدىكى ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغانلىقىنى،

ھەممە كىشى دېگىدەك كۆز يېشىنى تۇتىۋالالماي يىغلىغانلىقىنى" ئەسلەيدۇ. پوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش دەرھال توختىتىلىدىغان بولدى. گېرمانىيە ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇندىن كېيىن نېمىس خەلقى غالىپ چىققان ئىتتىپاقداشلار ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر. بۇ گەپلەر بولىۋاتقاندا ھىتلېرنىڭ كاللىسىدىن، بۇ ئىنقىلابقا ھەرگىزمۇ يول قويۇش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خىياللار ئۆتىدۇ. "مەن ئۇ يەردە داۋاملىق ئولتۇرۇشقا، ھەتتا بىر مىنوتلۇققا بولسىمۇ ئولتۇرۇشقا چىدىمىدىم. ئۆتكەن ھەممە ئىشلار قايتىدىن كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن دەلدەڭشىپ ماڭغىنىمچە ئۇ يەر-بۇ يەرنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ياتىقىمغا كىرىۋالدىم. ئۆزەمنى كارىۋىتىمغا تاشلاپ، بېشىمنى ئەدىيال بىلەن ياستۇق ئاستىغا پۈركەپ يېتىۋالدىم."

ھىتلېر، بۇندىن 11 يىل بۇرۇن ئاپىسىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا تۇرۇپ (ئۇنىڭ ئاپىسى كۆكۈس راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئازاپ ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى)، يەنى ئاۋىستىرىيىنىڭ لېئونىدىڭ (里昂丁 Leonding) كەنتىدىكى قەۋرىستانلىقتا يىغلىغىنىدىن بۇيان، بۈگۈن تۇنجى قېتىم يىغلىماقتا ئىدى. ھىتلېر، ئەسكەرلىك ھاياتىدا "ھېچ نېمىگە پەرۋا قىلماي بىغەم ياشاش" جەريانىدا ئىككى كۆزىنىڭ قارغۇ بولۇپ قېلىش غېمى، شۇنچە نۇرغۇن يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەرتلەرگە چىداپ كەلگەن ئىدى. "ئەمما مەن بۇنداق بىر پاجىئەگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي

قالدىم. ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىك ئالدىدا، شەخسى ئازاپ ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى مانا ئەندىلا ئېنىق تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم.” ئەنە شۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئۈمىدسىزلىكلەرگە قارىماي، ئۇ قايتىدىن غەيرىتىنى توپلايدۇ: “شۇ كۈنلەرگىچە سىياسەت بىلەن شوغۇللىنىش يولىغا كىرەيمۇ ياكى بىناكار ئىنجېنېرى بولۇش ئۈچۈن يولۇمنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆزۈنىچە ئىككىلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. شۇ كۈنىدىن باشلاپ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەن ئۆزەمگە شۇنداق قەسەم بەردىم: ئەگەر كۆزۈم ساقىيىپلا قالسا چوقۇم سىياسەت يولىغا كىرىمەن!”

ھىتلېرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدە قارغۇ بولۇپ قالغانلىقىغا مىدىتسىنادا زادىلا ئىزاھات تاپقىلى بولمايتتى. دوختۇر فورستېر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى دىئاگنوزىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىشكە باشلايدۇ. يەنى ئۇنىڭ بۇ بىمارى “ھىستېرىيە ئالامىتى كۆرۈلگەن نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.” ئەمما ھىتلېر ئۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك قارغۇ بولۇپ قالغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى.

11 ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنىسى، گېرمانىيە، كومپېيگىن (康比恩 Compiégne) ئورمانلىقىدىكى بىر ۋاگون ئىچىدە شەرتنامە ئىمزالاپ تەسلىم بولىدۇ. تەسلىم بولۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان نومۇستىن ھىتلېر چەكسىز ئازاپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى، بەلكىم ئەتىسى

ئاخشىمى، ئۇمىدسىزلىنىپ كارىۋىتىدا ئۇن-تۇنسىز ياتقىنىدا، قانداقتۇ بىر “تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر سىرلىق كۈچ” (بەلكىم دوختۇر فورستېر ئۆزى خىيال قىلدۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) [ئىزاھات: ھىتلېرنىڭ بۇ تۇر خىيالى، ئېھتىمال دوختۇر فورستېرنىڭ گىپنوز قىلغانلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «نەق مەيداندىكى ئادەم» دېگەن بىر رومانىدا بۇنداق گەپكە ئىشىنىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومان، ھىتلېر بىلەن فرېستىنىڭ كۆرۈشكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر رومان بولۇپ، رومان ئاپتورى دوختۇر فورستېرنىڭ دوستى بولغان ئېرنىست ۋېيس (Ernst Weiss 埃恩斯特•威斯) دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە بىر دوختۇر بولۇپ، كېيىن كەسپىنى ئۆزگەرتىپ يازغۇچى بولۇۋالغان. ئۇنىڭ يازغان بۇ رومانىدا مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: 1918-يىلى، ‘A. H’ ئىسىملىك بىر ئەسكەر پاسېۋالكتىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسكەر ئۆزىنى زەھەرلىك گازدا يارىدارلاندىم دەپ تونىتىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر نېرۋاكېسەللىكلەر دوختۇرى، يەنى بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەرگۈچى، ئۇ ئەسكەرگە دىياگنوز قويۇپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرەلمەسلىكى ھىستېرىيە دەيدىغان بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان دەپ قارىغان. ئۇ دوختۇر بۇ ئەسكەرنى گىپنوز قىلىپ ئۇنى خىيالى دۇنيادا ساياھەت قىلدۇرغان] ھىتلېرنى بۇنداق دەرتتىن قۇتۇلدۇرغانمىش. ئۇمۇ خۇددى ئىلاھى پەرىشتىدىن كەلگەنگە ئوخشاش “گېرمانىيىنى قۇتقاز” دېگەن بىر ئاۋازنى تۇيغانمىش؛

دەل شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە كۆرۈلگەن ــ ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ تۇرغان قاراڭغۇ تۇمانلىق پەردە ئۇشتۇمتۇتلا تارقىلىپ بىردىنلا ئەتراپ يورۇپ كەتكەن! ــ ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى! ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلىپ تۇرۇپ تەنتەنە بىلەن مۇنداق دەپ قەسەم قىلدۇ: "چوقۇم بىر سىياسەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىمەن، پۈتۈن زېھنىمنى بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەرىپ قىلىمەن!"

شۇ كۈنى ئاخشىمى، پاسېۋالكدىكى تىپ-تىنىچ دوختۇرخانىدا، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ئادىمى ئەنە شۇنداق دۇنياغا كېلىدۇ. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، ھىتلېر سىياسەتنى ئەمەس بەلكى سىياسەت ھىتلېرنى تاللىۋالغان ئىدى.

بىرىنچى بۆلۈم

# بىر خىيالپەرەس

بىرىنچى باب

## ھىتلېرلار جەمەتى

1889~1907

**(1)**

www.pdaiy.biz

ھىتلېر، ئۆز ئائىلە كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ئارتۇقچە گەپ قىلىپ يۈرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئۇششاق-چۈششەك قۇرساق كۆپۈكى گەپلەرنىمۇ دەپ سالاتتى. مەسىلەن، ئاتىسى بىلەن پەقەتلا چىقىشالماي ئۆتكەنلىكىنى، ئاتىسى ھەققەتەنمۇ زالىم مۇستەبىت بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئىنتايىن مۇلايىم، ئارتۇق گېپى يوق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ھىتلېر ئاپىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان بىرسى بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ ھۆكمۈرانى يەنىلا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ۋالدۋىيېرتېل (Waldviertel 瓦尔德维尔特尔) دېگەن بىر يەردىن ئىدى. بۇ يەر ئاۋستىرىيىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، ۋيېننانىڭ غەربىي-شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، يەنى بۈگۈنكى چېخسلوۋاكىيە (كېيىن شەرقى ياۋروپا سوتسىيالىزمى يىمىرىلىپ بۇ دۆلەت چېخىيە ۋە سلوۋاكىيە دەپ ئىككى دۆلەتكە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. — ئۇ.ت، يەنى ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) چېگرىسىغا يېقىن بىر يەر ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئائىلە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە موراۋىيە (Moravia 摩拉维亚) لىكلەرنىڭ قېنى بارمىش. ئاۋستىرىيىدە، ھىتلېر دېگەن بۇ ئىسىم بەكلا ئادەتتىكى بىر فامىلە ئىسمى بولۇپ، ئېھتىمال چېخلاردىكى "ھىدلار (Hidlar 希德拉) ياكى "ھىدلارچىك" (Hidlarçek) دېگەندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. 1430-يىلىدىن بېرى، ۋالدۋىيېرتېل كەنتىدىكىلەردە فامىلىسى ھىدلېر بولغانلار بۇ ئىسمنى نەچچە خىل شەكىلدە يېزىشاتتى.

مەسلەن"Hydler" دىن "Hytler" غا، ئۇنىڭدىن يەنە (Hidler) غا ئۆزگەرتىپ يېزىشاتتى. 1650 ـ يىلى، ئادولف ھىتلېرنىڭ ئانا تەرەپ بىۋاستە ئەجداتلىرىدىن بىرسىنىڭ ئىسمىمۇ گېئورگ ھىېدلېر (格奥尔格·希德勒 Georg Hiedler) ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ بەزىدە فامىلىسىنى"Hüttler" ياكى "Hitler" شەكلىدە يېزىشاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا خۇددى شېكسپېير (莎士比亚 Shakespearian) دەۋرىدىكى ئەنگلىيىگە ئوخشاش، ئىملا مەسلىسى ئۇنچە بەك مۇھىم ھېساپلانمايدىغان، تۈزۈك ئىملا قائىدىلىرىمۇ يوق بىر دەۋرلەر ئىدى.

ۋالدىۋيېرتېل كەنتى خېلى مەنزىرىلىك، كەنت جايلاشقان يەر ئېگىز تاغلىق، ئورمانلىق بىر يەر ئىدى. تاغ يامزاللىرى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئورمانلىق ئارىلىرىدا ئەمگەكچان، تىجەشلىك ئىش قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ بوزيەر ئېچىپ تېرىلغۇ يېرى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئېتىزلىقلارمۇ بار ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئاتىسى 1837 ـ يىلىنىڭ 7 ـ ئىيۇن (باشاق) كۈنىسى ستىرونېس (斯特隆斯 Strones) كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاپىسى ئۇنى تۇغقان ۋاقتىدا 42 ياشلىق توي قىلمىغان بىر قىرى قىز ھېسابلىناتتى. ھىتلېرنىڭ بۇ ئاتا تەرەپ چوڭ ئانىسى مارىيە ئاننا شىكىلگرۇبېر (玛丽亚•安娜•施克尔格鲁勃 Maria Anna Schicklgruber) دەپ ئاتىلاتتى. ستىرونېس دېگەن بۇ يېزا كىچىك بىر كەنت ھېسابىدا بىر يەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا بىرەر چېركاۋسىمۇ يوق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ئومۇمەن دۆللېرشېيم

www.bilday.biz

(Döllersheim 多拉萨姆) دا سۈننەت مۇنچىسىدا يۇيۇندۇرۇپ ئەنگە ئالدۇرۇلاتتى. ھىتلېرنىڭ ئاتىسى بولغۇچى بۇ بوۋاقمۇ شۇ يەردە نوپۇسقا تىزىملىتىلغان بولۇپ، "ئىسىم ـ فامىلىسى: ئالويىس شىكىلگرۇبېر (阿洛伊斯•施克尔格鲁勃 Alois Schicklgruber)، ئائىلىسى: نىكاھسىز تۇغۇلغان" دەپ يېزىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئالويىسنىڭ ئاتا ئىسمى يېزىلىدىغان كاتەكچە داۋاملىق بوش قالدۇرۇلغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ مەسىلە تا بۈگۈنگىچە يېشىلمىگەن بىر سىر ھالىدا كەلمەكتە: ئۇنىڭ ئاتىسى بولغان كىشى بەلكىم شۇ كەنت ئەتىراپىدا ياشايدىغان بىرسى بولىشىمۇ، ياكى بولمىسا ھىتلېرنىڭ چوڭ بوۋىسى بولغۇچى كىشى بەلكىم شۇ يەردىكى باي بىر يەھۇدىي بولىشىمۇ ئېھتىمال ئىدى. بەزى پەرەزلەردىن قارىغاندا ئۇ يەردىكى يەھۇدىينىڭ ئىسمى فرانكېنبېرگېر (弗兰肯伯格 Frankenberger) ياكى فرانكېنرېيدېر (弗兰肯雷德 Frankenreither) دېگەندەك بىرنېمە بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، مارىيە ئاننا بۇرۇن بىر مەزگىل گراز (Graz 格拉兹) دېگەن يەردە بىر يەھۇدىيلار ئائىلىسىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەپ باققان؛ بىر ئېھتىمالدا مارىيە بەلكىم شۇ غوجايىنىنىڭ ياش ئوغلىدىن ھامىلە قالغان بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئالويىس 5 ياشقا كىرەي دەپ قالغان ۋاقىتلاردا، سپىتال (Spital 希皮塔耳) دېگەن خوشنا كەنتلىك جوھان گيورگ ھىدلېر (Johann Georg Hiedler 约翰•格奥格•希德勒) ئىسىملىك تىنىماي كۆچۈپ تۈگمەنچىلىك قىلىدىغان بىرسى

www.pidaw.biz

مارىيە بىلەن توي قىلىدۇ. مارىيە توي قىلغىنىدىن كېيىنمۇ بالىسى ئىككىسىنىڭ كۈنى بەكلا جاپالىق ئىدى، ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئالويىسىنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. كۆچمەن تۆگمەنچى بولغان ئالويىسىنىڭ ئۆگەي ئاتىسى قايتىدىن جاھانكەزدىلىك ھاياتقا قايتىپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئالويىسىنى تۆگمەنچىنىڭ ئاكىسى، سپىتال كەنتىنىڭ 36-نومۇرلۇق قوراسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆگەي كىچىك ئاتىسى جوھان نېپوموك (Johann Nepomuk 约翰•奈波穆克) بېقىۋېلىپ چوڭ قىلىدۇ. بۇ كەنتتىكى قورو بىلەن قوشنا كەنتتىكى قورا، ئادولف ھىتلېرنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى قورو ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ھىتلېر بۇ قورولاردا 5~6 قېتىمدەك يازلىق دەم ئېلىش ۋاقىتلاردا كېلىپ تۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

كېيىنچە، سپىتال كەنتىدە ئالويىس بەكلا جاپالىق تۇرمۇش ئىچىدە قالغانلىقى سەۋەبىدىن، 13 ياشقا كىرگەن يىلىسى "كىچىك بىر سومكىغا كىيىم-كېچەكلىرىنى قاچىلاپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ." بۇ ھادىسە (ئەگەر راس شۇنداق يۈز بەرگەن بولسا)، كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئوغلى ئادولف ھىتلېر يازغان «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتاۋىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرەرلىك بىر ھېكايە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ: "ئۇ پۈتۈنلەي ئامالسىزلىق ئىچىدە بۇنداق بىر قارارغا كەلگەن ئىدى، — ئۇ سەپەرگە چىقىدۇ، يېنىدا ئارانلا ئۈچ گۇلدىن تەڭگىسى (گۇلدىن 左尔登 guldin ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە ئىككى دۆلەت

www.pldaily.biz

ئىچىدە ئىشلىتىلگەن تەڭگە پۇل) بولغان ئاتام، شۇ تەڭگىلەرنى يول خىراجىتى قىلىپ قاراڭغۇ بىر دۇنياغا قاراپ سەپەر قىلغان ئىكەندۇق." ئالويىس يول بويىچە مەدىكارلىق قىلىپ يۈرۈپ شۇ دەۋرلەردە تەۋەككۈلچى ياشلارنىڭ تەلپۈنىدىغان مەككىسىگە ئايلانغان ۋېيىنناغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ، ۋېيىنىنادا موزدوزلۇققا شاگىرت بولۇپ كىرىدۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئاياق تىكىش ھۆنىرىنى ئىگەللەپ ئۇستا موزدوز بولۇپ يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن رازى بولماي، تېخىمۇ يۇقىرى بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش خىيالىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئالويىس ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېگرا مۇداپىيە ئەسكىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن رەسمىي دۆلەت كادىرىغا ئايلىنىپ، كەسپىي جەھەتتە يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلەپ باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئالويىس، تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ كادىرلىق دەرىجىسى ئېلىش ئىمتىھانىدىن ئۆتىۋالىدۇ. ئۇ 24 ياشقا كىرگىنىدە ئاددىي تەپتىش ئەمەلدار دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇنداق دەرىجە، ۋالدىۋېيېرتېل كەنتىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا پەۋقۇلئاددە ئابرويلۇق بىر ئەمەل ھېسابلىناتتى. پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئالويىس، شۇندىن ئېتىبارەن مۇددەت بويىچە دەرىجە ئاتلاپ، 1875-يىلىغا كەلگىنىدە، دوناي دەرياسى تارمىقى بويىدىكى گېرمانىيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قارشى قىرغاق براۋناۋ (Braunau 布劳瑙) تاموژنىسىدا تەپتىش ئەمەلدارى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلىدۇ.



www.bilqiy.biz

ئالويىسنىڭ بۇنداق يوقىرى دەرىجىلىك كادىر ھالىغا كېلەلىگەنلىكى، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان جوھان نېپومۇك ھىتلېرنى ھەممىدىن بەك مەغرۇرلاندۇرىۋېتىدۇ. چۈنكى، ھىتلېرلار جەمەتى ئارىسىدا بۇنچە يوقىرى مەمورى ئەمەلدارلىققا كۆتۈرۈلگەن بىرمۇ ئادەم چىقىپ باقمىغان ئىدى. ئائىلىسىنىڭ ھىتلېر دېگەن بۇ فامىلىسىنى داۋاملاشتۇرالىغىدەك بىرەر ئوغۇل بولمىغان بۇ ئائىلە جەمەتىنىڭ بېشىدا تۇرىۋاتقان نېپومۇك، 1876-يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بېشىدا بەزى تەدبىرلەرنى ئېلىپ بۇ ئىشنى رەسمىلەشتۈرۈپ بېكىتىۋېتىشقا بەل باغلايدۇ. (بۇ ئىشنى چۈۋۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا بەلكىم ھىتلېرنىڭ باشقىچە مەقسىدى بولىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ دېيىشى بويىچە، كەنتتىكى غەيۋەت-شىكايەتلەردىن قارىغاندا ئالويىس، نېپومىكدىن بولغان بالىمىش؛ ھىتلېرنىڭ ياشلىق دەۋرى ھەققىدە كىتاب يازغان يازغۇچى فرانز جېتزىنگېر (弗朗兹•耶钦格 Franz Jetzinger) نىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر بەلكىم ئاتىسى ئالويىسنى قانۇنلۇق بالا ھالىغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان بولىشى ئېھتىمال ئىكەن. “ئەگەر ئۇنى تاپقان كىشى بىر يەھۇدىي بولۇپ چىققۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق سولالە ئۆزگەرتىش قىلىشقا ئۇرۇنىشىدىكى مەقسىدى ئېنىق ئوتتۇرىدا دېگەن گەپ.”) بۇ ئىش ئوتتۇرىغا چىققىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆيئوغلى بىلەن يەنە ئىككى نەپەر تۇققىنى 6-ئىيۇن (باشاق) كۈنىسى، ۋېيترا (维特拉镇 Weitra) ناھىيە بازىرىغا بېرىپ نوتارىيسچىلەر ئالدىدا يالغاندىن “بىز ھىتلېرنىڭ

www.bilday.biz

ئاكىسى” دەپ شاھىدلىق قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا نېپوموكمۇ ئالويىسنى ھىتلېرلار جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە، سەكراتتا ياتقان ۋاقتىغا كەلگىنىدە (1857 ـ يىلى) تۈزگەن ئاخىرقى ۋەسىيەتنامىسىدا ئۇنىڭ بىر قانۇنسىز بالىسى بولغانلىقى، ئۇ بالىسىنىڭ ئىسمى ئالويىس ئىكەنلىكىنى يازدۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئالويىسنى قانۇنلۇق بالا قاتارىغا ئېلىپ، ھىتلېر دېگەن فامىلىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

“ھىدلېر” سۆزىنىڭ “ھىتلېر” غا ئۆزگىرىپ قېلىشى، بەلكىم دىققەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان بىر ئىش بولۇشىمۇ ياكى بولمىسا بۇ ئىش يېزىلىقلارنىڭ ئوينىغان قۇۋلۇق ئويۇنلىرىدىن بىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى ئۇلار بۇ تۈردىكى ھەرپ ئۆزگىرىشى قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ نەدىن كېلىپ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قالايماقانلاشتۇرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەتىسى، جوھان نېپوموك ھىدلېر ئۈچ نەپەر تۇققىنى بىلەن بىرگە دۆللېرشېيىم[4] (多拉萨姆 Döllersheim) غا كېلىدۇ. ئالويىس تۇغۇلغاندا ئۇنى ئەنە شۇ يەردە ئەنگە ئالدۇرغان ئىدى. شۇ يەردىكى چېركاۋنىڭ ياشانغان پوپى كەلگەن ئۈچ نەپەر گۇۋاھچىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ شۇ يەرنىڭ نىكاھقا تىزىملىتىش جورنىلىغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، 1842 ـ يىلى ھەقىقەتەنمۇ گېيورگ ھىدلېر دېگەن بىر ئەر، شىكىلگرۇبېر فامىلىلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغانلىق تىزىمىنى

www.pdaily.biz

تېپىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ پوپ ئالويىسنىڭ تۇغۇلۇش جەدۋىلىنى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ياشانغان پوپ، زېھنى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى ئۆزىچە ئېھتىيات قىلغانلىقىدىنمۇ ئەيتەۋىر، كاتەكچىدىكى "نىكاسىز تېپىلغان" دېگەن سۆزنى "نىكاھلىق تۇغۇلغان" دېگەنگە ئۆزگەرتىپ، بوۋاقنىڭ فامىلىسى بولغان شىكىلگرۇبېر دېگەن ئىسمنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئورنىنى ئاق تاشلاپ قويىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كاتەكچىگە ئىجىر-مىجىر قىلىپ "ئىمزالىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ جەدۋەلدە تىزىملىتىلغان 'ئاتىسىنىڭ ئىسمى' دېگەن يەردە يېزىلغان گيورگ ھىدلېر گۇۋاھلىق بەرگۈچى تەرىپىدىن پىششىق تونۇيدىغان بىرسى بولۇپ، بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە، ئالويىسنى بالىسى دەپ تونۇيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ چېركاۋدا بوۋاققا يۇيۇنۇش سۈننىتى قىلىنغانلارنى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلىشىنى تەلەپ قىلىمەن" دەپ يازىدۇ. ئۈچ نەپەر شاھىتنىڭ ئىمزاسىنى پوپ ۋاكالىتەن يېزىپ، ئۇلارغا بارمىقىنى باستۇرۇپ كرېست بەلگىسىنى قويغۇزىدۇ.

تىزىملىتىش جەدۋىلىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنىڭ، يا ئىمزاسى يوق، يا چىسلاسى يوق بولغاچقا، تەبىئى ھالدا پوپتىن گۇمانلىنىشنى قوزغاپ قويىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، پوپ بوۋاقنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى توي قىلىش تىزىملىكىدىكى بويىچە "ھىدلېر" دەپ يازماستىن "ھىتلېر" دەپ يېزىپ قويغان. پوپ، بۇ ئىشلارنىڭ باشتىن-ئاخىرى قانۇنسىز ئىشلار

ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۆلۈپ كەتكەن بىرسىنىڭ ئاتا بولۇشىنى ئىپتراپ قىلىشى سوتنىڭ قارارى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپىسىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى شەرت ئىدى.

بۇ ئىشتىكى يەنە بىر مۇجىمەل تەرەپ، ئالويس شىكىلگرۇببېر بۇ يېڭى فامىلىگە ماقۇل دەمدۇ-دېمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئىدى. نىكاسىز تېپىلغان دېيىش ئۇنىڭغا ئۇنچە بەك ئېغىر كەلمەيتتى. ئاۋىستىرىيىنىڭ جەنۇپ تەرەپلىرىدە بۇنداق ئىشلارغا ھېچكىم ھەيران بولۇپمۇ يۈرمەيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا يىراق تاغلىق يېزىلاردا نىكاسىز تېپىلغان باللارنىڭ سانى ھەتتا 40 پىرسەنتتىنمۇ ئارتۇق ئىدى. يېزىلاردا، بالا دېمەك، بىر بايلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ يەرلەردە بەستلىك، قاۋۇل ئەمگەك كۈچى بولالىغىدەكلا بىرسى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ياق دېمەيتتى. شۇڭا، ئۇنداق بىر بالا ئۈچۈن قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۇنى بىئارام قىلماستىن، بەلكى فامىلىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك بىئارام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئالويس، 'شىكىلگرۇببېر' دېگەن فامىلە بىلەن يۈرگىنىدە بىر مۇنچە ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، شىكىلگرۇببېر دېگەن بۇ فامىلىسىنى ياخشى كۆرەتتى.

بۇ ئىشتا ھەر قانداق بىر سىر يوشۇرۇنغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاتىسى ھېساپلانغان جوھان نېپومۇك ھىدلىر، ئالويسقا فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندەپ كەلگەن ئىدى [كەنىتتىكى كىشىلەر بوۋاي ۋەسىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈلۈپ، شۇ

www.pidaw.biz

باھانىدا ئۇنىڭ فامىلە ئۆزگەرتىشىنى تەلەپ قىلغان دېيىشىدىكەن. ھىدلېر ئۆلۈپ ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئالويىس بەش مىڭ فلورىن (弗罗令 florhn ئەينى ۋاقىتتىكى ئاۋسترىيە پۇلى، بىر فلورىن تەخمىنەن ئىككى شىللىڭغا تەڭ) پۇلغا بىر قورۇق سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى يېزىدىكىلەرنىڭ گەپ تارقىتىپ يۈرىشىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە}. نېمىلا بولسا بولسۇن، ئالويىس "ھىتلېر" دېگەن بۇ فامىلىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىپ بەكلا ياخشى ئىش قىلغان ئىكەندۇق. ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇنداق بولماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا 70 مىليونلۇق گېرمانىيە خەلقى يىغىنچاق قىلىپ "خايىل ھىتلېر!" دېيىش ئورنىغا "ياشىسۇن شىكىلگرۇبېر!" دەپ شۇئار توۋلىماقچى بولسا قانچە بەك قىينىلىپ كېتەر بولغىيدى؟ ئۇنى بىر دېمەڭ!

سىپتالدىكى قىزلارنىڭ كۆزىدە ئۇچىسىغا مەخسۇس فورما كىيگەن، ھەربىلەردەك قىسقا چاچ قويىۋالغان، قۇيۇق قاشلىق، چوڭ كۆزلۈك، شاپبۇرۇت، ساقاللىرى پاكىز قىرىلىپ قويۇق چىكە ساقال قويىۋالغان ئالويىس، قامەتلىك يىگىت بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. تەبىئىكى، ئالويىسمۇ پومېرا ياتاقخانىلىرىدا قىزلارنى رازى قىلىپ تۇرۇشتىنمۇ كېيىن قالمايتتى. كېيىن ئۇمۇ رەسمىيەتتىكى ئاتىسىغا ئوخشاش نىكاسىز تۇغۇلغان بىر قىزنىڭ ئاتىسى بولغان ئىدى. گەرچە ئۇ ئىمپىرىيە ئىگىلىكىدىكى تاماكا شىركىتىنىڭ بىر پرىيومچىكىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئۇچرىغانلا گۈلنى پۇراپ كۆرۈشتىن

www.pidaiy.biz

يانمايدىغان بىرسى بولغاچقا، ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ھېساپلانمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالىمۇ ئۇرۇق كېسەلچان بىرسى بولۇپ، يېشىمۇ ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ ئىدى.

سپىتال كەنتىدە، جوھان نېپومۇك ھىدلېرنىڭ قىز نەۋرىسى كلارا پۆلزىل (Klara Pölzl 克拉拉.波尔兹尔) ئەڭ جەلىپ قىلارلىق قىزلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ قىز ئەندىلا 16 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەن، مۇلايىم، چىرايىمۇ قاملاشقان، بەدەنلىرى تولۇق، بويىمۇ قامەتلىك ئالويىسنىڭ بويىغا ماس بىر قىز ئىدى. ئۇ قىز بەكلا قاملاشقان بولۇپ، قويۇق قوڭۇر چاچلىرى ئۇنىڭغا بەكلا يارىشاتتى. بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى كېسەلچان ئايالىغا بىرەر خىزمەتچى لازىملىقىنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتەۋىر، ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇ قىزنى براۋناۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ قىز ئالويىس ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە تۇرىدۇ. ئەسلىدە، ئالويىسمۇ جىم يۈرمىگەن بولۇپ، ئاشپەز ياردەمچىلىكىنى قىلىپ كېلىۋاتقان فرانزىسكا ماتزېلسبېرگېر (弗兰西斯卡.马佐尔斯伯格 Franziska Matzelsberger) كەلگەن مېھمانلار ئۇنى فاننى (法妮 Fanni دەپلا ئاتىشاتتى) بىلەنمۇ يوشۇرۇنچە مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەنىكەن.

يولدىشىنىڭ بۇ تۈردىكى ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىدىن ھىتلېر خانىم بەكلا خاپا ئىدى. شۇڭا ئالويىستىن ئاجرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن قانۇنلۇق بىر شەكىلدە ئايرىم ئۆيدە يېتىپ-قوپۇپ يۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرلەر ئائىلىسىدە

فاننى قىز ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ قىز ئۆي ئىچىدە ھەرگىز بىر ئاشنا سۆيمەيدۇ ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن سالاپەتلىك بىلەن رەسمىي نىكالىق ئايالىدەك يۈرەتتى. ئۇ، ئالوئىسنىڭ چىرايلىق بىر قىزنى كۆرگىنىدە چىداپ تۇرالماسلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇنىڭ كىلارا بىلەن يېقىنلىشىشىغا ھەرگىز پۇرسەت تۇغدۇرماسلىقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى پىلانى ئامال قىلىپ بۇ يىگىت كەلگەن قىزنى ئۆيدىن يوقۇتۇش ئىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، يەنى 1882-يىلى، فاننى بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. بۇ ئوغۇلمۇ خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاش نىكاسىز تۇغۇلغان بالا ئىدى.

كېيىنكى يىلىسى، ھىتلېرلار ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئايال توبىركولىيوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئالوئىسمۇ فانىيە بىلەن رەسمى نىكالىنىپ توي قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ توي قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ دەل ۋاقتىغا توغرا كەلگەن ئىدى. توي قىلىپ ئىككى ئاي بولمايلا ئىككىنچى بالىسى ئانگېلا (安吉拉 Angela) تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گەرچە نىكاسىز ھامىلدار بولسىمۇ ئالوئىسنىڭ قانۇنلۇق بىر قىزى بولغان ئىدى. ئۇ يەنە كىچىك ئالوئىس ھىتلېر دېگەن بىر ئوغۇلنىڭمۇ قانۇنى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. فانىيە بولسا قانۇنلۇق ئايالى ئورنىغا ئېرىشەلىگەن بولسىمۇ، ئالوئىس ھەر دائىم ئەتراپىدىكى قىزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي يۈرىدىغان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن بەرىبىر ئۇنچە بەك بەختلىك بولالمايدۇ. ئۇمۇ خۇددى ئالدىنقى ئايالىغا ئوخشاش

ئېغىر ئۆپكە كېسەللىگە گىرىپتار بولۇپ براۋناۋ كەنتىدىن ئايرىلىپ، ھاۋاسى ساپ بولغان قوشنا يېزىغا بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئالويىس يېنىغا ئىككى بالىنى ئېلىپ كونا مەھەللىسىدىكى ئۆيىنىڭ ئۈستىنكى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. ئۇ يەردە چىرايلىق قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ يۈرىشتىن نېرى تۇرمايدۇ. بۇ چاغدا بۇرۇنقى ئاشنىسى كلارامۇ ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سالاھىتى ئۆي خىزمەتچىسى، بالا باققۇچى ۋە ئاشنا بولۇش ئىدى. ئادولف ھىتلېرنىڭ ئاپىسى بولغۇسى بۇ ئايال، بەكلا كۆڭلى يۇمشاق بىر ئايال ئىدى. ئۇ پات-پات فاننىنىڭ يېنىغا بېرىپ يۇخلاپ ئۇنىڭ تېزىراق ساقىيىپ كېتىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ. قىزىق يېرى، فاننىمۇ كۈندىشىنىڭ بۇ تۈردىكى ياردىمىنى ھەرگىز رەت قىلمايدۇ.

1884-يىلى يازدا، بىچارە فاننى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. دېگەندەك، ھىتلېرلەر ئائىلىسىنىڭ كېيىنكى خانىمى بولىدىغان ئايالنىڭ ئېغىر ئاياقلىقىمۇ كۆزگە چېلىقىدەك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئالويىسمۇ ئىككى بالىسىغا قارايدىغان باشقا بىرسى بولمىغاچقا، دەرھال كلارا بىلەن نىكاھلىنىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ كلارا بىلەن بەكلا چىقىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما يەرلىك چېركاۋ بۇرۇن كۆرسەتكەن يالغان ئىسپات بويىچە ئالويىسنىڭ ئاتىسى بىلەن كلارانىڭ بوۋىسى ئاكا-ئۇكا ھېساپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىككىسىنى نىكاھلاپ قويۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئامال يوق، ئالويىس، پوپ ئۈستىدىن رىم

www.pidaiy.biz

پاپىسغا ئەرز سۇنۇپ، ئالاھىدە ئەھۋال بويىچە بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. بىرەر ئايغا قالماي ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىدۇ. رۇشەنكى، كلارانىڭ ئېغىر ئاياقلىقى سەۋەبىدىن بۇ تەلەپ دەرھال تەستىقلانغان. شۇنداق قىلىپ، 1885 ـ يىلى 7 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى، ئالويىس بىلەن كلارا ئىككىسى پومېر ئىن (Pommer Inn 波马客栈) دا رەسمى نىكاھلىنىپ توي قىلىشىدۇ. ئۇلار توي قىلىۋاتقان سورۇندا ئالويىسنىڭ ئوغلى كىچىك ئالويىس ۋە قىزى ئانگېلامۇ بار بولۇپ، ئۇندىن باشقا يەنە كلارانىڭ سىڭلىسى جوھاننا (Johanna 约翰娜) بىلەن ئىككى نەپەر تاموژنا كادىرىمۇ نەق مەيداندا گۇۋاھچى بولۇپ تۇرۇپ بېرىدۇ. نىكاھ مۇراسىمىنىڭ بارلىق تەييارلىق ئىشلىرىنى يېڭى ئۆي خىزمەتچىسى قىز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ خىزمەتچى ساراي ئۆينى ئوت قالاپ بەكلا ئىسسىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۈتكۈل مۇراسىم بويىچە ئالويىس ئۇ قىزنى ئۆينى قالتىس ئىسسىتىپسەن دەپ چاخچاق قىلىشتىن توختىمايدۇ. بۇ يېڭى جۈپتىلەر نىكاھتىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەر ساياھىتىنىمۇ قىلماي، ئادەتتىكىچە تاماقلانغاندىن كېيىن، ئالويىس تاموژنىدىكى ئىشىغا قايتىپ كېتىدۇ. كلارا كېيىن شۇ كۈننى ئەسلەپ كېلىپ، "يېڭى يولدۇشۇم چۈشتىن بۇرۇنلا ئادەتتىكىدەك ئىشىغا كەتكەن ئىدى" دەيدۇ.

مۇھىمى، گەرچە ئالويىس شەخسى تۇرمۇشىدا ئۇنچە بەك ساپ ھېساپلىنىپ كەتمىسىمۇ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا بەكلا ئەستايىدىل بىرسى ئىدى. ئۇ ۋەزىپىسىنى ئىزچىل تۈردە

ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنداپ، ئىشىنى تولۇق پۈتتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن سادىق مەمورى خىزمەتچى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ باشلىقلىرى بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۇنى داۋاملىق ھۆرمەت قىلىپ تەغدىرلەپ تۇراتتى. گەرچە مەھەللىسىدىكىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بەك ئىناۋىتى بولمىسىمۇ، ــ ئادەتتە بۇنداق ئۇششاق مەھەللىلەردە بىرەرسىنىڭ ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغان قىلىقىنى چايخانىلاردا مازاق قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرسىمۇ، ــ ئالويس يەنىلا ئۆزىدىن رازى ئىدى. ئوتتۇرلۇقتا ئۇنىڭ ئۈستىدە توقۇلغان گەپلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر بولغان گەپلەردىن بىرسى، ئالويس بىرىنچى ئايالى تېخى ئۆلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تاۋۇت تەييارلاپ قويۇپتۇ دېگەن گەپلەر ئىدى.

كلارا بۇ ئائىلىنىڭ رەسمى ئايال غوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار يولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆي ئىشىغا كەلگەندە، كلارا ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا ئىدى؛ ئالويسچىك بىلەن ئانگېلا ئىككىسىنى ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ ئۆز بالىسى ھېساپلاپ كۆڭۈل بۆلەتتى. توي قىلىپ تۆت ئايدىن كېيىن ئۇمۇ بىر بالا تۇغۇپ بېرىدۇ؛ ئىككى يىلغا قالماي يەنە بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. كىچىك ئوغلى تۇغۇلۇپ نەچچە كۈن بولمايلا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قالغان ئىككى بالىسىمۇ بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ پاجىئەلەرگە كلارا ھەقىقەتەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى كىچىك ئالويس بىلەن ئانگېلا ئىككىسى بار ئىكەن. كلارا بۇ ئىككى بالىغا ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ ئانىلىق

دەردىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكلا غەلىتە ئىدى. كلارا باشتىن تارتىپلا ئالويىسنى باشقىلارغا ئوخشمايدىغان ئالاھىدە بىر ئادەم دەپ تونۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىكىدىن ئاشىنىلىقتا، ئاشىنىلىقتىن يەنە نىكالىق ئايالى بولۇشقا ئۆزگىرىش جەريانى سېپتاللىق ئادەتتىكى بىر قىز ئۈچۈن بەكلا مۇرەككەپ بىر جەريان ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ جەريانلاردىكى ھادىسىلەرگە تولا بەك ئەقىل ئىشلىتىپ بولالماي، يولدىشىنى يەنىلا تاغا دەپ ئاتاپ يۈرۈۋېرىدۇ.

ئۈچ بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۇنىڭ تۇغۇت قابىلىيىتىنى بەكلا ئېغىر زېدىلىگەن بولسا كېرەك، 1889-يىلى 20-ئاپرېل (ئۇمۇت) غا كەلگىنىدىلا ئاندىن تۆتىنچى بالىسىنى تۇغالايدۇ (شۇ كۈنلەر ميولىن (梅耶林) دا شاھزادە رۇدولف (鲁道夫) ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان كۈنلەر ئىدى). بۇ يېڭى بوۋاق نەسەپ جەھەتتە چارەك پىرسەن ھىتلېرلار سولالىسىغا مەنسۇپ، يەنە چارەك پىرسەن شىكىلگرۇبېرلارغا مەنسۇپ، قالغان قىنىنىڭ يەنە چارەك قىسمى پۆلزىللارغا تەۋە ۋە ئاخىرقى چارەك قىسمى بولسا ئېنىق بولمىغان سولالىلارغا مەنسۇپ بىرى ھېسابلىناتتى.

سۈننەت يۇيۇنۇش مۇراسىم جورنىلىدا (تىزىملىك دەپتىرىدە ــ ئۇ.ت) ئۇنىڭ ئىسمى ئادولف ھىتلېر دەپ يېزىلغان ئىدى. كلارا بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "كىچىك ۋاقتىدا ئادولفىم بەكلا ئورۇق، كېسەلمەن بىر بالا بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ ھەر دائىم قورقۇپلا

يۈرەتتىم.” ئەمما ئۆلارنىڭ ئايال خىزمەتچىسى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە گەپ قىلىدۇ: “ئادولف ئىنتايىن ساغلام، شوخ بالا بولۇپ، ئىنتايىن بىجىرىم چوڭ قىلىنغان ئىدى” دەيدۇ.

قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر خانىم بۇ ئوغلىنى بەكلا ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان بولغاچقىمىكىن، ھىتلېر بەكلا ئەكە بولۇپ چوڭ بولغانىكەن.

ھىتلېر ئائىلىسىنىڭ يوممېر ئىندىكى تۇرمۇشى ئادەتتىكىدەك ئۆتەتتى. ئاتا بولغۇچى ئالويىسمۇ پات-پات دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ھەسەل ھەرىسى بېقىشقىمۇ بەكلا قىزىقاتتى. شۇڭا بۇ ئىشلارغا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھەپىلىشىشتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرىپ قىلاتتى. ئەمما بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ جىنسى ھەۋىسىمۇ كۆپ جىمىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە كۆز تىكىپ يۈرىدىغان ئادىتىمۇ ئاساسەن ئۆزگەرگەن ئىدى. ئايال خىزمەتچىمۇ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ “كىشىلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، ھەممە كىشى بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى” دەيدۇ. نامراتلارغىمۇ بەكلا يۇمشاق مۇئامىلە قىلاركەندۇق. مەسىلەن، بىر كۈنى ئەندىلا يۇپ تازىلانغان پولنى پاسكىنا قىلماسلىق ئۈچۈن قىلچە نارازىلىق بىلدۈرمەي ئۆتىكىنى سېلىپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى، دەيدۇ ئايال خىزمەتچىسى. ئەمما تاموژنىدا يېڭىدىن مەسئۇل بولۇپ كەلگەن تەپتىشنىڭ قارىشى بويىچە، ئالويىس ھىتلېر بەكلا سوغوق چىراي بىرسى ھىساپلىنىدىكەن: “ئۇ بەكلا جاھىل بىرسى

www.pidaly.biz

بولۇپ، بىرنى بىر دەپ قەتئىي چېك تۇرىۋالاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە مىجەزلىك بىرسى ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى، ... خىزمەت فورمىسىنى كىيىۋالسا مەغرۇرلىنىپ تېرىسىگە پاتماي قالاتتى. ھەر قېتىم يېڭى فورما كەيگىنىدە چوقۇم رەسىمگە چۈشۈپ ئۆزىنى كۆرستىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى.”

ئادولف ئۈچ ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئاتىسى يەنە بىر قېتىم دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئائىلىسى بويىچە پاسساۋ (Passau 巴索) غا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەر خېلى چوڭ بىر شەھەر ھېسابلىناتتى. پومېر ئىندىن سەل تۆۋەن تەرەپتە دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، تاموژنا ئىشخانىسى ئەنە شۇ شەھەرگە جايلاشقان ئىدى. گېرمانىيە شەھەرلىرىنىڭ بىردە ئولتۇراقلىشىپ، نېمىس باللىرى بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولىشى، بالا ۋاقتىدىكى ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، باۋارىيىنىڭ جەنۇبىدىكى نېمىس شىۋىسى ئۇنىڭ تىلى چىققان شىۋە ھېسابلىناتتى. ھىتلېر ئۇ دەۋرلىرىنى ئەسلەپ كېلىپ، ئۇ ۋاقىتلار ھەققىدە ئىسىمدە كۆپ بىرنىمە قالماپتۇ دەيدۇ.

ھىتلېر خانىم ئۇزۇنغىچە ھامىلدار بولماي بالا بېقىپ ئۆتىدۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، كلارا ئاجىز، ئورۇق ئوغلىنى بەستىلىك، كۈچلۈك چوڭ قىلىمەن دەپ ئادولفنى نەچچە يىلغىچە ئەمچەكتىن ئۈزمىگەن ئىكەن. شۇڭا، بۇ ئوغلى 5 ياشقا

www.bidaly.biz

كىرگىنىدىلا ئاندىن ئېدمۇند (埃德蒙 Edmund) دېگەن ئوغلىنى تۇغقان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئادولفمۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ ئاساسەن ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانمىش. ئالويىس ئائىلىسى كىچىك ئوغلى تۇغۇلغىچە بولغان ۋاقىتلاردا يەنىلا شۇ پاسساۋ دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئادولف بۇ جەرياندا شۇ يەرلىك نېمىس بالىلىرى بىلەن يەتكىچە شوخلۇق قىلىپ ئويناشالغانىكەن.

ئادولف، بۇنداق ئەركىن-ئازادە تۇرمۇش ئىچىدە يەنە بىر يىل ياشايدۇ. 1895-يىلى باھاردا، ھىتلېرنىڭ ئائىلىسى خافېلد (哈菲尔德 Hafeld) قا كۆچىدۇ. بۇ كەنت لىنزنىڭ غەربى جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان كىچىك بىر كەنت ئىدى. ئۇلار تاغ يامىرىدىن ئىچىدە بىر سەھرا ئۆيى بار 9 كۆرلۈك يەر سېتىۋېلىپ جايلىشىدۇ.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، 6 ياشقا كىرگەن ئادولف باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپ ھىتلېرلار قوراسىدىن بىر قانچە چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئاپىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىنمۇ قۇتۇلۇپ مەكتەپ ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاتىسى ئالويىس پېنسىيىگە چىقىدۇ. كىچىك ھىتلېر ئەندىلىكتە مەكتەپنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بويسۇنۇشىدىن باشقا، ئاتىسىنىڭمۇ قاتتىق باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتىدۇ. بۇنداق چېك تۇتۇپ باشقۇرۇلىۋاتقان ئادولف، ھەقىقەتەنمۇ باش كۆتۈرەلمەيلا قالغان

ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى 40 يىللىق مەمۇرى خىزمەتچىلىك ھاياتىدىن ئايرىلىپ يېزىغا كېلىشى بىلەن ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن ھېس قىلىپ يۈرىدۇ. ئالويىس، بۇ يېزىدا كىچىك بولسىمۇ بىر باي ھېسابلىناتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ قورا-جايى ئۈنچە بەك چوڭ ھېساپلانمايتتى. ئەمما يېزا بويىچە ئەڭ چىرايلىق سېلىنغان بولۇپ، ئەتراپى ئالما-ياڭاق دەرەخلىرى بىلەن پۈركەلگەن بىر تاغ يامزىلىغا جايلاشقان ئىدى. قورانىڭ ئالدىدىن تۈپتۈز بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. سۈپ-سۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى كۆن بويى شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇنداق مەنزىرىلىك بىر يەردە تۇرىۋاتقان ئادولف، شۇنچە قاتتىق باشقۇرۇلىۋاتقانلىقىغا قارىماي كۆنلىرىنى بەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتكەزگەنلىكى ئېنىق. قوشنىلارنىڭ باللىرىمۇ كۆپ بولۇپ، كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوينىشاتتى.

ئادولف مەكتەپ يولىدا ئاتا بىر ئانا باشقا ئۈكەي ھەدىسى ئانگېلا بىلەن بىرگە بىرەر سائەتتەك بىرگە يۈرەتتى.

كىچىك بىر بالا ئۈچۈن بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن يول ھېسابلىناتتى. مەكتەپمۇ كىچىك بولۇپ، كونىراپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن ئىككى سىنىپلىق بىر بىنا ئىدى. سىنىپلارنىڭ بىرىدە ئوغۇللار، يەنە بىرسىدە قىزلار ئوقۇيتتى. ھىتلېرلار ئائىلىسىنىڭ بۇ ئىككى بالىسىنى مەكتەپ مۇدىرى بەكلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

www.pdaily.biz

بۇ ئىلمىي مۇدىر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئادولف "زېھنى ئۆتكۈر، ئوقۇتقۇچىلىرىغا بەكلا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەمما شوخ بىر بالا ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى كىتابلىرىنى سومكىلىرىغا ئىنتايىن رەتلىك سېلىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۈلگە بولارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى."

"مېنىڭ دەسلەپكى كۆزقاراشلىرىم ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى، — دەيدۇ ھىتلېر ئۆزىنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا. بۇ كىتاب، ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ تەرجىمھالى قاتارىدىكى بىر كىتاب بولۇپ، كىتابتا نۇرغۇن ئىشلار بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈپ بايان قىلىنغان، — دالىلاردا يۈگۈرۈشىپ مۆكۈ-مۆكۈلەك ئويناش، ئۇزۇن مەكتەپ يولىدا مېڭىش، بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى شوخ يېزا باللىرى بىلەن بىرگە ئويناشلار، ... مەن ھەرگىزمۇ ئۆيدە قاملىپ ئولتۇرالمايتتىم." ئادولف شۇ يېشىدىن تارتىپلا جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلەپ ئۆز مەقسىدىنى ئىپادىلىيەلەيتتى. شۇڭا ئۇ، ئۇزۇنغا قالماي بۇ كەنتتىكى باللارنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى بارغانسىرى ناچارلىشىشقا باشلايدۇ. ئالويىس دېھقانچىلىقتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى كۈنلىرى بەكلا زېرىكىشلىك ئىدى. 1896-يىلىنىڭ بېشىدا، پاۋلا ئىسىملىق يەنە بىر بالىسى دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلىششقا باشلايدۇ. بەش بالىنىڭ



www.pidaiy.biz

غېمى، بولۇپمۇ ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپلا تۇرىشى، ئالويىسقا بۇ ئائىلە تارلىق قىلىشقا باشلاپ ئۆزىنى هاراققا ئۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئالويىسنىڭ مىجەزىمۇ بەكلا تىرىككەك، بىر ئىشلارغا ئاسانلا خاپا بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ئۇ دەردىنى هەر دائىم ئادولفتىن چىقىرىۋالاتتى. ئالويىس ئوغلىنى گەپ ئاڭلىماس بولىۋالدىڭ دەپ پات-پاتلا تىللاپ سىلكىشلەپ كېتەتتى. ئاتا-بالا ئىككىسى پات-پاتلا گەپ تالىشىپ قالاتتى، ئادولفمۇ ئاتىسىنىڭ دېگىنىگە ئۇنىماي تۇرىۋالاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئادولف قاتتىق مەيۈسلەنگەن هالدا دەرد ئېيتىپ، ئاتىسىنىڭ ئۇنى دائىم دېگىدەك قامچىلاپ ئۇرىدىغان بولىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇ يىللاردىكى ئاۋستىرىيە مۇهىتىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنى ئۇرىدىغان ئەهۋاللار ئادەتتىكى ئىشلاردىن هېسابلىناتتى. هەتتا تاياق بالىنى ئوڭشايدىغان دورا دەپمۇ قارىشاتتى. دېمىسىمۇ ئادولف بەزىدە راستىنلا هەددىنى بىلمەي قالاتتى. مەسىلەن ئۇ بىر قېتىم ئۇيۇنچاق كىيىمە ياسايمەن دەپ ئۆچ كۆنگىچە مەكتەپكىمۇ بارماي ئويۇنغان ئىدى.

بالىسىنىڭ بۇنداق بەڭۋاشلىقلىرىغا چىدىمىغان ئالويىس، ئوغلىنى قاتتىق جازالايدۇ. هەتتا بىر قېتىم "ئۇنى پاتتىڭىدىن تۇتىۋېلىپ بېشىنى هۇشىدىن كەتكىچە دەرەختقە ئۇستۇرگەن." يەنە بەزى گەپلەردىن قارىغاندا ئالويىس ئوغلىنى ئۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ دەردىنى چىقىرالمىغان ۋاقىتلىرىدا بېرىپ "ئىتنى ئۇرۇپ سىيدۇرىۋېتەر ئىكەن". ئادولفنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، هەتتا

www.pdaily.biz

ئىنتايىن مۇلايىم ئاپىسىمۇ بەزىدە ئاتىسىغا بولۇشۇپ ئۇنى ئۇرۇپ كېتەتتىكەن. ئەگەر بۇ دېگەنلەر راس بولغىنىدا، ئادولفنى ئائىلىسىدىكىلەردىن ھەققەتەنمۇ مەڭگۈ ئىسىدىن چىقمىغىدەك ئېغىر دەرتلەرنى كۆرگەن دېيىش مۇمكىن.

ئالويىسنىڭ ئالويىسچىك دېگەن بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان يەنە بىر ئوغلىمۇ بۇنداق ئائىلە زۇلۇملىرىدىن نېسۋىسىنى ئېلىپ تۇراتتىكەن. شۇڭا ئۇمۇ بۇ مەھەلىدە تۇرۇشتىن زېرىكىپ كەتتىكەن. ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ قاتتىق يەكلىشىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇگەي ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي تاشلىۋەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئادولفقىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. 1948-يىلى، يەنى ئارىدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بىرسىگە دېيىشىدىن قارىغاندا، ئادولف ئۇ ۋاقىتلاردا نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايتتىكەن. كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىككەك بىرسى ئىكەن. ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتىكەن. شۇڭا تا شۇ كۈنگىچە ئادولفقا بولغان ئۆچلىكىنى ئۇنۇتالماي كەلگەن. “ئۇگەي ئاپامۇ ھەر دائىم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ كەلگەچكە، ئادولف نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ، قىلغان ئىشىدىن تاياق يېيىشتىن ئاپىسىنىڭ سايىسىدە قۇتۇلۇپ كەلگەن. ئەگەر ئادولف دېگىنىنى قىلدۇرالمىسا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى. ... ئادولفنىڭ بىرمۇ ئاغىنىسى يوق، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇز چىراي بىرسى ئىدى. كىچىككىنە ئىشلارغىلا ئاچچىغلاپ جاھاننى بېشىغا كىيەتتى.”

www.pidaiy.biz

بۇ ئائىلىدە بەكلا ئېغىر يەكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان بۇ ئۆگەي ئوغۇل، ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ 14 ياش ۋاقتلىرىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ تا ئاتىسى ۋاپات بولغان ۋاقىتقىچە بۇ يېزىغا پەقەتلا ئاياق باسمايدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگە ئالويسمۇ بۇ ئوغلىنىڭ مىراسىنى قانۇن رۇخسەت قىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئۆگەي ئاكىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن، ئادولفمۇ ئاتىسىنىڭ ئاچچىغىنى چىقىرىدىغان بىردىن-بىر بالىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ ئادولفقا بىر مۇنچە ئارتۇق ئىشلارنى يۈكلەشكە كىرىشىدۇ. ئەگەر ئادولف بۇ ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ كېتەلمىسە شۇ ھامان تاياق يەيتتى. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، ۋارقىراپ-جاقىراپ يۈرىدىغان بۇ سەھرا بايۋەتچىسى يېزا ھاياتىغا رازى بولماي ئۈستىگە يۈك بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ يەردىكى يەر-زېمىنلىرىنى سېتىۋېتىپ، باللىرىنى ئېلىپ بۇ يەردىن 6 چاقىرىم نېرىدىكى لامباچ (Lambach 朗巴赫) شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ بۇرۇندىن ئادەتلىنىپ كەلگەن شەھەر تۇرمۇشى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇلار ئاۋال لامباچتىكى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنىدىك (本尼狄克) چېركاۋىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گىستوف لانگىنا (格斯托夫.兰加纳旅馆) ناملىق مېھمانخانىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ. داچىدىكى تۈگىمەس ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئادولف، بۇ يەردە خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ زامانىغا خاس

مەكتەپتىكى ئوقۇشىمۇ ئالاھىدە ياخشىلىنىپ، نەتىجىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە يوقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1897~1898 ئوقۇش يىلىدىكى يىللىق ئىمتىھاندا ئەڭ يوقىرى نومۇر ھېسابلىنىدىغان ئەڭ ئەلاچىلارغا بېرىلىدىغان 12 نومۇر دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئالاھىدە جاراڭلىق چىقاتتى. شۇڭا بەزى چۈشتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلىرىدا چېركاۋنىڭ خور گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلاھىيەت ناخشىلىرىنى ئېيتىش كۇرسىغا قاتنىشىدۇ. پوپ بېرنھارد گروۆنېر (Gröner Pader Bernhard 本哈德.格罗纳) بۇ كۇرۇسنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. چېركاۋ بىلەن ئۆيى ئارىسىدىكى يولدا بىر ئاسما كۆۋرۈك بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چېركاۋلار بەلگىسى بولغان كرېست بەلگىسى ئۇنى ھەر دائىم ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتىكەن.

ھەر قېتىم بۇ نوقتىغا كەلگىنىدە "ھەيۋەت بىلەن چاقناپ تۇرغان چېركاۋ ئىچى داغدۇغىلىق مۇراسىم تۈسىنى كۆرگەندەك بولۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ" قويغىدەك ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ چېركاۋ ئېكىسپېپنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارزۇ قىلىدىغان ئەڭ يوقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسى ھېسابلىنىپ، پوپنىڭ بۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆزىگە غايە قىلىپ تاللىۋالغان ئىكەن. يەنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇ دەرىجىدىكى بىرسى بولۇپ چىقىشىنى خام خىيال قىلىپ يۈرىدىغان بولغان. قىزىق، بۇنداق خام خىيال ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاتىسىدىمۇ بار ئىكەندۇق. ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى دىنغا قارشى بىرسى ئىدى. كېيىنچە ئادولف، ھېلىنە خانفىستانگىل

خانىمغا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەرگەن: “مەن بالا ۋاقتىلىرىمدىلا پوپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. شۇڭا ھەر دائىم ئاشخانىمىزدىكى خىزمەتچى ئايالنىڭ پەرىجىسىنى ئۈستۈمگە ئارتىۋېلىپ پوپ قىلىقىغا كىرىپ ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقاتتىم-دە، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ھاياجانلىق ۋەز ئېيتىپ كېتەتتىم.” ئوغلىغا كۆيۈنىدىغان ئاپىسىمۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق بىر كەسىپنى تاللىشىغا ھەرگىز نارازىلىق قىلمايتتى. ئەمما ئادولف چېركاۋغا قانچىكى تېز قىزىققان بولسا، كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە شۇنچە تېز سوۋۇپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇنى بىر قېتىم تاماكا چېكىۋاتقىنىدا باشقىلار كۆرۈپ قالغان.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككى قەۋەتلىك بىر بىناغا كۆچكەن بولۇپ، بۇ ئۆي بۇرۇنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا چوڭ، ئازادە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيى بىر زاۋۇتقا تام خوشنا ئىدى. ھەر دائىم تەۋەككۈلچىلىكلەر بىلەن شوغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان شوخ بىر بالا ئۈچۈن ئۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا مۇۋاپىق قوماندانلىق شتاب رولىنى ئوينايتتى. ھىتلېر ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكا غەرىپ كوۋبوي نوچىلىرى بىلەن ھىندىيانلار رولىنى ئوينايدىغان ئەڭ مۇۋاپىق يەر بولۇپ بېرەتتى. زاۋۇت خوجايىنلىرى (بىر جۈپ ئەر-خوتۇن) ئۈچۈن ئادولف “كىچىك بىر لۈكچەك” ھېسابلىناتتى. دېمىسىمۇ، نەدە بىر جېدەل بولىدىكەن، ئادولف چوقۇم شۇ يەردە بولاتتى. شۇنىڭدەك ھەر قېتىملىق جېدەلنىڭ بېشىدىمۇ ئۇ بار ئىدى. ئۇ

www.pidaly.biz

ھەر دائىم ئۈستى-بېشى يىرتىلغان، ئۇ يەر بۇيېرى يارىلانغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى.

ھېچقانداق بىر ئىشتىن خاتىرجەم بولالماي يۈرگەن ئالويىس ئۈچۈن لامباچتىكى كۈنلىرىمۇ ئۇنىڭغا زىرىكىشلىك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇ 1899-يىلىسى لىئوندىك مەھەللىسىدىن راھەت ياشاشقا بولىدىغان بىر قورا-جاي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يېڭى قوراسى شۇ يەرنىڭ قەۋرىستانلىقى يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆيلەردىن تولا بەك كىچىك ھېساپلانمىسىمۇ، ئۇ ئۆي ئالويىسنىڭ كۆڭلىگە بەكلا ياقاتتى. بۇ مەھەللىنىڭ نوپۇسى 3 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر تىياتىرخانا، بىر كلۇب ھەمدە لىنزنىڭ ھەشەمەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى جايلاشقان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى خېلىلا مەدەنىيەتلىك ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمۇ ئۆزئارا ئىناق ئۆتەتتى.

ئادولف، ئۆگەي ئاكىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەيدىغان بالىسىغا ئايلانغان ئىدى.

پاۋلا ھىتلېر ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ئادولف "ھەر دائىم ئاتامنى تىرىكتۈرۈپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگىدەك تاياق يەپلا يۈرەتتى. ئۇ ھەرگىز تۈزەلمەيدىغان بىر كىچىك لۈكچەك ئىدى. ئاتام ئۇنى ھەر قانچە ئۇرۇپ، ھەر قانچە مەجبۇرلاپمۇ مەمورى خىزمەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالمىدى. يەنە بىر

تەرەپتىن ئاپامۇ ئۇنى بەكلا ئەكىلىتىپ، ئۇنىڭ ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى” دەيدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادولف ئاتىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولىدۇ. ئالويىس ئوغلىنىڭ بۇ پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى بالكون قەۋىتىدىكى قازناقتا سولاپ قويىدۇ. ئاخشىمى، پەنجىرىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىرى ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ قاچماقچى بولۇپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، پەنجىرىگە سىغمايدۇ. ئاخىرى ئۇ يالىڭاچلىنىپ پەنجىرىگە ئېسىلىۋاتقىنىدا ئاتىسىنىڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرى چىقىپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال يالىڭاچ بەدىنىنى دېرىزە پەردىسى بىلەن ئورىۋالىدۇ. بۇ قېتىم ئالويىس ئوغلىنى ئۇرمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى مازاق قىلىپ قاھ-قاھلاپ كۈلگىنىچە ئايالىنى چاقىرىپ ئوغلىنىڭ ئاق كېپەنگە ئورىنىۋالغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر بۇ ئىشنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېسىدىن چىقىرالماي يۈرىدۇ.

خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يېقىندىكى كاتىپلىرىدىن بىرسىگە مۇنداق دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ: شۇ كۈنى، مەن بىر چاغلاردا مۇنداق بىر قەھرىمانلىق ھېكايىسىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ھېكايىدا: تاياق ئاغرىقىغا چىداش قەھرىمانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى دېگەن بىر سۆز بار ئىدى. “شۇ كۈنىسى مەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بۇندىن كېيىن ئاتام مېنى ئۇرغىنىدا چىشىمنى چىشلەپ ھەرگىزمۇ يىغلىمايمەن دەپ ئۆزەمگە ئۆزەم قەسەم قىلدىم. دېگەندەك، كۈنلەردىن بىرىدە

مەن بۇنداق ئىرادەمنى سىناش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئاپام قورققىنىدىن بېرىپ ئىشىك كەينىگە يوشۇرۇنىۋالدى. مەن بولسام ئاتامنىڭ ئۇرغان تايىقىغا قىلچە پىسەنت قىلماي سۆڭگىچىمگە چۈشۈۋاتقان پالاق سانىنى بىر خىيالدا يوق ساناپ تۇرۇپ بەردىم.” ھىتلېر، مەغرۇرلانغان ھالدا، شۇ كۈنىدىن كېيىن ئاتىسى ئۇنىڭغا پەقەتلا تەگمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئادولف ئەندىلا 11 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئۇرۇق يۈزىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قانداقتۇ بىر ئىپادىلەر ئەكس ئەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يىلىسى لېيوندىكى باشلانغۇچ مەكتىۋىدە سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمدە، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بولۇپ، قالغان ساۋاغداشلىرىدىن نەچچە سانتىمېتىر ئېگىز كۆرۈنەتتى. رەسىمدىكى شاكىچىك ئادولف غادايغىنىچە ئىككى قولى مەيدىسىدە تىك تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ ئىسيانكار روھقا ئىگە بولۇپ، بەكلا مەغرۇر كۆرۈنەتتى. قىلچە شۈبھە يوقكى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سىنىپىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق بالىسى ئىدى. ئۇ دەرس تەييارلاشتا قىلچىمۇ قىينالمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ، رەسىم سىزىش قابىلىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى. 1900-يىلى 26-مارت (قوزا) كۈنىسى سىزغان ۋالونستان (瓦伦斯坦) ھەققىدىكى بىر پارچە رەسىمدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇنىڭ رەسساملىق تالانتى ھەقىقەتەنمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. سىنىپتا ئۆگۈنۈش

پەيتلىرىدە يۇشۇرۇنچە رەسىم سىزىپ يۈرەتتى. بىر قېتىم ۋىنبۇرگ (温伯格) ئىسىملىك بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئىسىدە قالغانلارغا ئاساسلىنىپ چىمىنبۇرگ (邵姆堡) قەلئەسىنى سىزىپ پۈتتۈرگىنىنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قېلىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان ئىكەن.

تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ياكى مەكتەپتىن قايتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇ داۋاملىق تۈردە ساۋاغداشلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ رول ئوينايتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىرگە كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان جايلار شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ساۋاغداشلىرى ئۇنىداق يەرلەرنى ياشاش تۇرماق، هەتتا بېرىپ كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇڭا، ساۋاغداشلىرى ئادولفقا كۆپىنى كۆرگەن چوڭ ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشاتتى. دوستلىرى بىلەن بىرگە ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇ هەر دائىم فىنوم كوپ (弗尼摩•库伯) ۋە شۇنىڭدەك نېمىس يازغۇچى كارل ماي (Karl May 卡尔•梅依) نىڭ سەرگۈزەشت رومانلىرىدىكى ۋەقەلەرنى تەقلىت قىلىپ ياكى شۇلاردىن ئىلهام ئېلىپ ئوينايتتى. يازغۇچى كارل ماي هېچقاچان ئامېرىكىغا بېرىپ باققان ئەمەس. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ هىندىيانلار بىلەن پادىچى كوۋبوي نوچىلىرى هەققىدىكى هېكايىلىرى گېرمانىيە بىلەن ئاۋۇستىرىيەدىكى بالىلارنىڭ غايىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئادولف، بۇ هېكايىلاردىكى ساتخان (萨特汉) بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ هەمرالىرىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكلىرىدىن بەكلا تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۇ، ساۋاغداشلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ بۇ تۈردىكى ئويۇنلارنى

ئويناشتىن قىلچە زېرىكمەيتتى. يېشى چوڭىراق ساۋاغداشلىرى بۇنداق ئۇيۇنلاردىن زېرىككەندەك بولسا، كىچىكىرەك ساۋاغداشلىرىنى تەشكىللەپ بۇ ئويۇنلارنى داۋاملىق ئويناىتتى. ھەتتا بەزىدە بۇ ئويۇنلارغا قىزلارنىمۇ قوشۇۋالاتتى.

تەخمىنەن شۇ دەۋرلەردە، ئۇ 1870-يىلقى پروسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان ژۇرناللار ئارىسىدىن تېخىمۇ قىزىقتۇرارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالىدۇ. ھىتلېر، بۇ ژۇرناللاردىكى ھېكايە ۋە چاتما رەسىم ھېكايىلىرىنى زېرىكمەي كۆرۈپ چىقىدۇ. "ئۇزۇنغا قالماي، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ پىلان روھى دۇنيايىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالدى. ... شۇندىن ئېتىبارەن ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ياكى ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە بارغانسىرى قىزىقىدىغان بولدۇم." («كۈرەش يولۇم» غا قارالسۇن. بۇ كىتاب، سىياسى مەقسەتنى دەپ بەزى يەرلىرىدە پاكىتلارنى بەكلا بۇرمىلاپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇلغان.)

بىر يىل ئاۋال پارتىلىغان بوئېر (Boer 波尔) ئۇرۇشى، ئادولفنىڭ قەلبىدە گېرمان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئويۇن ئويىنىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان " ئارمىيىسى" بىلەن، ئەنگلىيە ئەسكىرى بولۇشقا تاللىنىپ قالغان تەلەيسىز قارشى سەپتىكى ساۋاغداشلىرىغا قارشى سائەتلەرچە شىددەتلىك "ھۇجۇم" قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ دادىسىغا موخوركا ئالغىلى چىققان ئادولف ئەسلى ۋەزىپىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تەرلەپ-

پىشىپ ئۇيۇن ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئاتىسى تاماكىغا يولغا سالغان ئوغلىنى ساقلاپ غەزەپلىنىپ سائەتلەپ قۇرۇق غاڭزىسىنى چىشلىگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ۋىنبۇرگ (温伯格) نىڭ ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ دېيىشىدىن قارىغاندا، بۇنداق كۈنلەردە كىچىك ھىتلېرنى ئۆيدە كۈتىۋاتقىنى تاياق بولاتتى. بۇ ۋەھىملىك كۈنلەر بەلكىم ھىتلېرنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. "ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار — دەپ يازىدۇ ھىتلېر، — ھاياتىمدا پات-پات دۈچ كېلىپ تۇرىدىغان توقۇنۇشلاردا يېڭىش-يېڭىلىشىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان ئىدى."

شۇ يىلىسى، 6 ياشلىق ئېدمۇند چىچەكتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. 4 بالىسىنىڭ ئۆلۈمى كلارانى تۈگۈشتۈرۈپلا قويىدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتلاردا كىچىك ئالويىسنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلالىغىدەك بالىسىدىن يالغۇز ئادولفلا قالغان ئىدى. گەرچە ئادولف ئۇزۇنغا قالماي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئائىلە ئىچىدىكى پاجىئەلەر ئاتا-بالا ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەتنى بەكلا كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئاتىسى ئالويىس ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر دۆلەت كادىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم ئوغلىغا كادىرلىق ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىپ ئوغلىنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى بولغان ئادولف بولسا پۈتۈن خىيالى رەسسام بولۇپ

يېتىشىپ چىقىشتىلا قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنقىلاب پىلانلىرىنى ۋاقتىنچە قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە كۆمۈۋېتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتىسى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە ئاتىسىنىڭ كېيىنكى ئوقۇتۇش پىلانىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئادولف كلاسسىك گىمنازىيە مەكتىۋىدە ئوقۇشى (ئالى مەكتەپ ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ئادەتتىكى تولۇقسىز-تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشى) ياكى بولمىسا كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى (ئاساسلىقى تېخنىك دەرسى ئالىدىغان كەسپى مەكتەپ ئوقۇشى) دىن بىرنى تاللىۋېلىشى كېرەك ئىدى. رىياللىقتا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالويىس ئوغلىنىڭ كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشىنى ماقۇللايدۇ. ئادولفمۇ بۇنىڭغا كۆنىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇنداق مەكتەپلەردە رەسىم دەرسى بولغانلىقى ئۈچۈن رەسىم سىزىش مەشقى قىلىش پۇرسىتىم بولىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يېقىنىدىكى كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپ لىنزدىكى مەكتەپ ھېسابلىناتتى. 1900-يىلى 17-سىنتەبىر (ياچاق) كۈنىسى، ئادولف كۆك رەڭلىك مەكتەپ سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ بىرىنچى قېتىم ئۆزى يالغۇز يولغا چىقىدۇ. ئۆيى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقى بەكلا يىراق بولۇپ، 3 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ يول بويى ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ يېرىم يولغا كەلگىنىدە، ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان لىنز شەھىرى بىلەن دوناي دەرياسىنى كۆرىدۇ. شۇ

يېشىغىچە يېزا ـ كەنتلەردە ياشاپ كەلگەن بىر بالىغا نىسبەتەن، ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق، شۇنىڭدەك يەنە سېھىرلىك بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. يىراقلاردا، ئېگىز تۆپىلىكتە دۇنياغا داڭلىق كومبۇرگ (昆伯堡) قورغىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا نىبېلوگېن شېئىرى (گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر داستان) دەل شۇ قەلئەدە يېزىلغان ئىكەن. ھازىر ئۇ يەردە قاتار كەتكەن چېركاۋلارنىڭ ئۇچلۇق مۇنارلىرى بىلەن قاتار ـ قاتار ھەيۋەتلىك بىنالار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادولف، تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى تار چىغىر يولدىن ئايلىنىپ تۆۋەنلەپ شەھەر مەركىزىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپكە يېتىپ كېلىدۇ. مەكتەپ بىناسى تۆت قەۋەتلىك قاپ ـ قارا بىر بىنا بولۇپ، تار بىر كوچا بويىغا جايلاشقان ئىدى. مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆرۈنىشى مەكتەپ بىناسىغا قارىغاندا بىرەر ئىشخانا بىناسىغا بەكرەك ئوخشايتتى: بىنا ئىشلىتىشكە ئەپلىك ئەمما سۈرلۈك ئىدى.

مەكتەپتىكى نەتىجىسى ھە دېگەندىلا بەكلا ناچارلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئەندى باللارنىڭ بېشى ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك سىنىپتىكى قابىلىيەتلىك ئەڭ ئۆتكۈر ئوقۇغۇچىمۇ ھېساپلانمايتتى. ئۇ، بۇنداق بىر مۇھىتتا كۆڭلى بەكلا سىقىلىپ كېتىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە سەھرادىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى بەك كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ كىچىك يېزا مەكتىۋىدە كۆرگەن ئەتىۋارلىنىشلارنى بۇنداق چوڭ مەكتەپلەردە پەقەتلا كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇرۇنقى مەكتىۋىدە

سىنىپ بويىچە چۈشكەن رەسىملەردە بىرلا قارىسا كۆزگە چېلىقىدىغان ئەڭ ئۈستى تەرەپتە كۆرۈنەتتى. مانا ئەندى سىنىپنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمى ئىچىدىن ئۇنى ئالدىراپ تاپقىلىمۇ بولمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇ. بۇ يەردە ئەتىۋارلىنىپ ئۆسكەن ئەكە بىر بالىنىڭ ئورنىغا قوپال، كۆرۈمسىز بىرسى ئالمىشىپ قالغاندەكلا ئىدى.

ئادولف بۇ مەكتەپتە ئاستا-ئاستا تارتىنچاق، جىمغۇر بولۇپ ئۆزگۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ يەردە ئۇنى دەرسلەرمۇ بەك قىزىقتۇرالمايدۇ.

“ئەگەر مەن بۇ مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇماي، ياخشى نەتىجە ئالالمىسام، ئاتام، مەيلى خالىسۇن-خالىمىسۇن، مېنى ئاخىرى بىر كۈنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلايتتىم.” ھىتلېر «كۈرەش يولۇم» كىتاۋىدا نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى بىر ھېساپتا ئەنە شۇنداق باھانە كۆرسىتىپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلماقچى بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ كامچىلىقىنى باھانە قىلىشىپ، ھىتلېر ئەسلىدىنلا ھورۇن، دۆت بىرسى ئىدى دېيىشەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق تىرىشماسلىقى بەلكىم ئاتىسىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر شەكلى، ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋە ياكى بولمىسا ئۆزى قىزىقمايدىغان دەرسلەرگە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەسلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

www.pdfqiy.biz

كېيىنكى يىلى، ئادولف تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ دەرس نەتىجىلىرى تېزلىكتە ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يېشى قالغان ساۋاغداشلىرىغا قارىغاندا سەل چوڭراق بولغاچقا، ئۇزۇنغا قالماي ساۋاغداشلىرى ئارىسىدا قايتىدىن باشلامچىلىق ئورنىغا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. “بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامىراق ئىدۇق، دەرسلەردە، بىرگە ئويۇن ئوينىغان ۋاقىتلاردا بىز ھەممىمىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتۇق. — دەيدۇ جوسېف كېپلىنگېر (Josef Keplinger 约瑟夫•凯普林格)، — ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سېھىرلىك بىرسى ئىدى. ئۇ ئادەتتە بەك ھاياجانلىنىپمۇ كەتمەيتتى. نۇرغۇنلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بىرسى دېيىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ مىجەزى ئادەتتە بەكلا زىددىيەتلىك بولۇپ، ئاسانلىقچە بىر خىل بولالمايتتى. ئۇ، جىمغۇر ئەمما تەرسا مىجەزلىك بىرسى ئىدى.”

ئۇ ساۋاغداشلارنى تەشكىللەپ ئويۇن ئويناشقا ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرستىن چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا دوناي دەرياسى بويىدىكى چىمەنلىكتە “كوۋبوي نوچى بىلەن ھىندىئانلار ئۇرۇشى” ئوينايتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئادولف باللارنى يىغىپ بوئېر ئۇرۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. يەنە بەزىدە ئۆزى سىزغان بوئېر قەھرىمانلىرى رەسىمىنى ساۋاغداشلىرىغا كۆرسىتەتتى. ھەتتا ئۇ بوئېرلار قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىش خىيالىنىڭ بارلىقىمۇ ئېيتاتتى. بۇ ئۇرۇش، ئۆسمۈر ھىتلېرنىڭ قەلبىدە نېمىس ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. ئەسلىدە

www.pidaiy.biz

بۇنداق ھېسسىياتلار نۇرغۇنلىغان ساۋاغداشلارغا ئورتاق بىر ھېسسىيات ھېسابلىناتتى. "بىز ئۈچۈن بىسمارك مىللىتىمىزنىڭ بىر قەھرىمانى ھېسابلىناتتى. ــ دەيدۇ كېپلىنگېر ئەسلەپ كېلىپ، ــ ئۇ قەھرىماننى مەدھىلەيدىغان ناخشىلار بىلەن بىر قاتاردا شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ناخشىلار، ئېيتىش چەكلەنگەن ناخشىلار ھېسابلىناتتى. (خېيتون 海顿 يازغان ئاۋستىرىيە مارشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ خەلق ناخشىسى «گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن ناخشىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئاۋستىرىيىدە گېرمانىيەپەرەسلەر ئادەتتە گېرمانىيە مەدھىلىنىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. ھەتتا ئۆزئارا سالاملاشقانلىرىدىمۇ ئۆزئىچىدە بىر-بىرسىگە نېمىسچە "ياشىسۇن!" ــ خايىل ــ دەپ سالام بېرىشەتتى) ئادەتتە بىرەر پارچە بىسماركنىڭ رەسىمىنى يېنىدا ساقلاشمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى. گەرچە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز ئىچىدە مىللەتچىلىك روھىنىڭ ياخشى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەشسىمۇ، كىمدە-كىم بۇ تۈردىكى ناخشىلارنى ئېيتىشقا پېتىنىدىكەن، ياكى بولمىسا كىمدە كىم ئاۋستىرىيىگە بولغان ساداقىتىگە زىيانلىق سۆزلەرنى قىلىپ سالىدىكەن، دەرھال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەدەپلىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى."

بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئادولف ھىتلېر باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك گېرمانىزم ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان بىرسى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئاتىسىغا خائىنلىق قىلىشىنىڭ بىر ئىپادىسى بولىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھابسبۇرگ

خاندانلىقىنىڭ سادىق ھىمايىچىسى ھېسابلىناتتى. بىر قېتىم كېپىلىنگېر دەرستىن چۈشۈپ ئادولف بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتىدۇ. ئۇلار ئىككىسى تار قىيالىق يوللاردىن مېڭىپ كاپكىنا (卡普津纳) كوچىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغىنىدا ھىتلېر بىر چېركوۋنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالىدۇ. “سەن گېرمان قېنىدىن تۆرۈلگەن ئەمەسكەنسەن. — دەيدۇ گېپىنى ئۇدۇللا قىلىپ، — سېنىڭ چاچلىرىڭ قارا، كۆزۈڭمۇ قارا.” ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى قارا رەڭدە بولۇپ، چېچى سۇس قوڭۇر رەڭدە ئىدى (كېپىلىنگېرنىڭ دېيىشى بويىچە).

ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىس ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانلارمۇ ھىتلېرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. ئەندىلا 12 گە قەدەم قويغان ھىتلېر (لىنز) تىياتىرخانىسىدا ۋاگنېرنىڭ لوھېنگرىن (Lohengrin «罗安格林») گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوبرازى) دېگەن ئوپېراسىنى كۆرىدۇ. بۇ ئوپېرادىكى نېمىس تۇيغۇسى بىلەن ئوپېرانىڭ مۇزىكىسى بالا ھىتلېرنى پۈتۈنلەي مەس قىلىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئوپېرادىكى پادىشا ھېنرىگنىڭ قېلىچۋازلىرىغا ئېيتقان گېپى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئۇرغۇتىۋېتىدۇ:

ئىمپېرىيە دۈشمەنلىرى ئالدىمىزغا تىكلەندى،
قېلىچ نەيزىلىرىمىزنى ئۇلارغا قاراتتۇق.
شەرقتىكى چۆللىكتىن تۈزلەڭلىككىچە،

www.pdfaly.biz

دۆشمەنلىرىمىز بىر غېرىچمۇ ئىلگىرلىيەلمىدى.
نېمىس تۇپراقلىرىنى نېمىس قېلىچى قوغدايدۇ،
ئىمپېرىيىمىز تەۋرەنمەستۇر!

بۇ قېتىم ئۇ، دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك لاياقەتلىك دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى لاياقەتلىك تۆگىتىپلا قالماي، تەنتەربىيە دەرسلىرى بىلەن ئەمەلىي كەسىپ دەرسىدە ياخشى، ئەلا دېگەن نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشىدۇ. ئەمما ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇش باشلانغان كۈنىدىن تارتىپلا دەرسلەرگە يېتىشەلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ماتېماتىكا دەرس نەتىجىسى لاياقەتسىز، كەسپىي دەرسلىرىمۇ ئوتتۇراھال سەۋىيىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما روژدىستىۋا بايرىمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر مەكتەپتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىۋېتىدۇ.

1903-يىلىنىڭ 3-يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى، ئاتىسى ئالويىس خۇددى باشقا كۈنلەردىكىدەك ئەتىگەندىلا ئۆيىدىن چىقىپ ستانپىل قاۋاقخانىسىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ قاۋاقتا ئەندىلا بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇشىغا، مىجەزىنىڭ بەكلا بولالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەيلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. — ئالويىس، يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلگەن ئىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى ئۆيىگە يېقىن بىر چېركاۋ قەۋرىستانلىقىغا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىشىدۇ. ئۇنىڭ قەۋرە تېشىغا بۇ پىشقەدەم تاموژنا خادىمىنىڭ سوقىچاق رەسىمى — مەغرۇر

تىكىلىپ چۈشكەن رەسمى ئورنىتىلىدۇ. لىنزدىكى «كۈندىلىك پوچتا» گېزىتى ئۆلگىچىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: "ئۇنىڭ ئارىلاپ ئېيتقان كۈچلۈك گەپلىرى ئۇنىڭ قوپال كۆرۈنۈشلۈك ۋۇجۇدىغا جايلاشقان قەلبىنىڭ يۇمشاقلىقىنى ھەرگىزمۇ كۆمۈۋتەلمەيدۇ. ئۇ ئەزەلدىن قانۇن-ئىنتىزامنىڭ سادىق ھىمايىچىلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن، تەجرىبىلىك بىرسى ئىدى، ئۇنىڭ بارلىق قاراشلىرى ھەقىقەت تەرەپتە ئىدى."

## (2)

ئالويسنىڭ ئائىلىسى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دەپ يۈرگىنىدەك ئۇنچىۋالا كەمبەغەللىك ئىچىدە قالغان بىر ئائىلىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاپاتىغا قەدەر ئېلىۋاتقان پىنسىيە مائاشى يىلىغا 2420 كرون بولۇپ، بۇنچە پۇلنى ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئالالمايتتى. ئۇنىڭ قالدۇرغان مىراسلىرىدىن يېرىم پىنسىيە پۇلىدىن باشقا يەنە يىللىق پىنسىيە پۇلىنىڭ تۆتتە بىرىگە تەڭ ياردەم پۇلىمۇ بىراقلا تۆلەنگەن. بۇلاردىن باشقا ھەر بىر بالا ئۈچۈن يىلىغا 240 كرون پۇل 24 ياشقا كەلگىچە ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرۈش شارائىتىغا ئېرىشكىچە، قايسى بالدۇر كەلسە شۇ چاققىچە تۆلىنىدىغان بولغان.

www.pidaiy.biz

بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەردىن بىرى شۇكى، بۇندىن كېيىن ئائىلىدىكى جىددىيچىلىكلەرگە خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. شۇ يىلىدىن باشلاپ ئالويىسنىڭ ئائىلىدە تىكلىگەن ھاكىممۇتلەقلىقى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. 14 ياشقا قاراپ كېتىۋاتقان ئادولف، بۇ ئائىلىنىڭ ھۆكمۈرانىغا ئايلانغان ئىدى. كلارا ئەسلىدە بالىسىنىڭ ئىستىقبالى توغرىلىق يولدىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلغان يولىدا مېڭىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ئوغلىنى مەجبۇرلىيالىغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، پەقەتلا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىش ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاپىسىنىڭ بۇنداق دۇئالىرى ئادولفنىڭ خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن قىلچە تەھتىت پەيدا قىلالمايتتى. ھەر قانداق بىرسى ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە نېمىش ئىش قىلماقچىسەن دەپ سوراپ قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭ جاۋابى ئېنىق بولۇپ، قىلچە تەمتىرىمەي "داڭلىق رەسسام بولماقچىمەن" دېيىش بولاتتى.

ئادولف، ھەر كۈنى ئۇزۇن يول مېڭىپ مەكتەپكە قاتىراشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىككىنچى مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلانغان ۋاقىتتا لىنزدىكى يېتىملارخانىسىدا يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىۋالدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاپىسىنىڭ شۇنچە ئازىيىپ كەتكەن باشقۇرۇش پۇرسىتىدىنمۇ قۇتۇلىۋالدۇ. لىنزدا، يەنە 5 نەپەر بالا بىلەن بىرلىكتە سېكىرا (塞琪拉 Sekira Frau) دېگەن بىر موماينىڭ ئۆيىدە بېقىلىدىغان بولدۇ. بۇ ئۆيدە ئادولف ئىنتايىن ئەدەپلىك بولۇپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۆي

ئىگىسى موماينىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېقىن پەنجىرە قوشنىسىنىمۇ سىزلەپ يۈرەتتى. گەرچە مۇھىت ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈزۈك بىر تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆچۈن رەسىم سىزىش ۋە كىتاب ئوقۇشى ئۆچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت بېرەلىگەن ئىدى. ئۆي ئىگىسى موماي، ھىتلېر ئادەتتە ئاخشاملىرى دەرس تەكرارلايمەن دەپ بەكلا كۆپ شام ئىشلىتىۋەتكەن دەپ ھال ئېيتىدۇ. بىر قېتىمىدا، ئۇنىڭ بېشىنى چۆكۈرۈپ خەرىتىگە ئىگىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، ئارىلاپ خەرىتە ئۈستىنى رەڭلىك قېرىنداشلار بىلەن سىزىپمۇ قوياتتىكەن. "ھوي ئادولف، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟" دەپ سورىغىنىدا، ئادولف مومايغا: "خەرىتە تەتقىق قىلىۋاتىمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەرس مەۋسۈمى ئاخىرلىشىدۇ. ئادولفنىڭ ماتېماتىكا دەرسىدىن ئالغان نەتىجىسى يەنە بىر قېتىم نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئاپىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، ئەگەر كۈزدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قايتا ئىمتىھان بېرىشتە يەنىلا نىيوت ئېلىپ قالغىدەك بولسا، سىنىپتىن قالدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ئەھۋال ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلىدۇ. ئەمما شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا ئۇلار ئائىلىسى بويىچە سپىتالدا يازلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھىتلېرلار ئائىلە بويىچە پويىزغا ئولتۇرۇپ يېزىسىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا كونا پاسوندىكى چوڭ ئىككى ياغاچ چامدان

ئېلىۋالغان بولۇپ، ساندۇقلار تەتىلدە كىيگىدەك كىيىم ـ كېچەك ۋە چىنە ـ تەخسىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ۋېيترا (威特拉 Weitra) پويىز ئىستانسىغا يېتىپ كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كلارانىڭ سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ئانتون سىمىت بىر كالا هارۋىسى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى هارۋىغا سېلىپ كەنتكە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ياز ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك بىر ياز بولغان ئىدى. كلارا ئائىلىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ رەھىمىنى قوزغىغان ئىدى؛ ئادولفچۇ؟ ئۇ ئېتىز ئىشلىرىدىن قېچىپ ئويناپتتى. بەزىدە سىمىتلار ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرگە ئويناپتتى. بىر قېتىم ئۇلارغا لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇپ بېرىدۇ. لەگلەكنىڭ ئۇزۇن رەڭگارەڭ چىرايلىق قويرىقى بار بولۇپ، ھەر خىل رەڭلىك قەغەزلەردىن چاپلاپ ياسالغان ئىدى. ئاسماندا ئۇچۇرۇلغىنىدا بەكلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇنىڭ يېزىدىكى كۆپ قىسىم ۋاقتى يەنىلا كىتاب ئوقۇش، رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئىككى تۈرلۈك ھەۋىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۆزىنىڭ خىيالى دۇنياسىدا ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر قېتىم يامغۇر ياققان ۋاقىتلاردا ئادولف يامغۇردىن قېچىپ بالىلار ئۆيىگە كىرىۋالاتتى. ئەنە شۇنداق ۋاقىتلار ھەققىدە مارىيە سىمىت ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ئۆيدە توختىماي ئالدى ـ كەينىگە ماڭاتتى ياكى بولمىسا جىم تۇرماي رەسىم سىزاتتى. ئەگەر بىرەرسى ئۇنى ئاۋارە قىلدىمۇ،

بولدى، دەرھال خاپا بولۇپ چىچاڭشىپ كېتەتتى. ئۇ مېنىمۇ ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋېتەتتى. ئەگەر مەن سىرتتا تۇرىۋېلىپ يىغلاشقا باشلىسام، ماڭ بېرىپ ئاپاڭدىن كەمپىت-پېچىنە ئېلىپ يە، دەپ مېنى قوغلايتتى. بىز ئادەتتە ئۇنى تىرىكتۇرۇپ ئوينايتتۇق. ئۇ ئۆيدىكى ۋاقىتلاردا بىز دېرىزىدىن بىر نەرسىلەرنى ئېتىپ ئۇنى تىرىكتۇرەتتۇق. ئۇمۇ تىرىككىنىدىن چىقىپ بىزنى قوغلاپ كېتەتتى.”

ئۇلار لېيوندىڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ھىتلېرلار ئائىلىسىدە يەنە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. “خوشخوي، چاخچاقچى، كۈلۈپلا يۈرىدىغان” ئانگېلا لىنز شەھىرىدە بىر باجگىر بولغان لېئو راۋبال (里奥•拉波尔 Leo Raubal) بىلەن توي قىلىدۇ. ئادولف، لېئو دېگەن بۇ باجگىرنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنى ھاراقكەش، قىمارۋاز بىرسى دەپ قارايتتى. ئەسلىدە، ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىشنىڭ سەۋەبى، بۇ كۈيوغۇلنىڭ رەسساملىقنى ئىش قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقى سەۋەپ بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

كۈزدە ئادولف قايتا ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇچىنچى يىللىققا كۆچۈش ئۈچۈن قاتتىق تەييارلىق قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىيىن دەرسلەردىن بىرى فرانسۇز تىلى دەرسى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ، ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن فرانسۇزچە ئۆگۈنۈش ئۇستىدە قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ: “بۇ تىلنى ئۆگىنىش پۈتۈنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق!” فرانسۇز تىلى

ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور سىميون (休谟) بۇ ئادولف دېگەن ئوقۇغۇچىسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلىشقا تىرىشىپ كۆرىدۇ. "بۇ بالا ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق بالا ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسى بەكلا تار ئىدى. — دەيدۇ بۇ فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى كېينكى ۋاقىتلاردا ئەسلەپ كېلىپ، — ئادولفتا ئۆز-ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاتىغى چىققان جىدەلخور بىر بالا ئىدى. ئۇ بەكلا ئەركە، ماختانچاق، تىرىككەك بىر بالا ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرسلەردە پەقەتلا يېتىشەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەكلا ھۇرۇن بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شۇ قابىلىيەتتىن قارىغاندا، ئەگەر تىرىشىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ دەرس نەتىجىسى چوقۇم كۆپ ياخشى بولۇپ كېتەلەيتتى. ئۇ رەسىم سىزىشتا ھەقىقەتەنمۇ ماھارەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىي پەن دەرس نەتىجىلىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدا جاپاغا چىداپ ئوقۇش دەيدىغان خىيال يوق ئىدى." بۇ ئوقۇتقۇچى يەنە ئادولفنىڭ نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ھەمدە سىنىپ مەسئۇلى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئادولفقا بولغان يېقىنلىقى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. "ئەگەر ئادولف ئىنتىزام جازاسىغا ياكى تەنقىتلەشكە ئۇچرىغىنىدا، جازا بەرگۈچىگە بولغان دۈشمەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ساۋاقداشلىرىدىن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار يېتەكچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرەتتى. ئۇ يەنە بىر مۇنچە ناچار ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ غەلۋە چىقىرىپلا

يـۈرەتتى. دەرۋەقە، ئۇنــىڭ بۇنــداق شــوخلۇق قىلىشــلىرىنىڭ قورققىــدەك بىــر يېرىمــۇ يــوق ئىــدى. ئۆسـۈپ يېتىلىۋاتقـان بىـر ئۆسمۈر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىقلارنى چىقىرىپ يۈرۈشكە تـۇلا بەك ھەيـران بولۇشـقىمۇ ئەرزىمەيتتـى. شـۇنىڭغا قارىمـاي، ئــۇرۇق كېســەلچان كۆرۈنۈشــلۈك بــۇ بـــالا تىـــل دەرســـى ئوقۇتقۇچىسىنى خوشال قىلىـدىغان ۋاقىتلىرىمـۇ بولـۇپ قـالاتتى. شـۇڭا بـۇ ئوقۇتقـۇچى ھەر دائىــم ۋاقىــت چىقىرىــپ ئــادولفنى يېتەكلەشكە تىرىشاتتى.

شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭغا قىلىنغـان بـارلىق ئەجىرلەر بىكـار بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ئادولف شۇنچە كىچىك تـۇرۇپلا ئۇنىـڭ نۇرغۇن مىجەزلىرى تۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئـۆزى بىلگىنىچە ھەرىكەت قىلىشتىن ھەرگىزمۇ يانمايتتى. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىـڭ بۇنــداق ئىختىيــارى ھەرىــكەت قىلىشــىغا توســالغۇلۇق قىلىــمەن دەيــدىكەن، ئــادولفمۇ دەرھــال جىمغۇرلىشــىۋېلىپ، ھــېچكىمگە يېقىن يولىماس بولىۋالاتتى.

تـــارىخ دەرس ئوقۇتقۇچىســـى بولغـــان لېئوپولـــد پـــۆتىش (Pötsch Leopold 里奥波德•波希) مـۇ جىمغـۇر مىجەزلىـك ئادولفقـا كۈچلـۈك تەسـىر قالـدۇرالىغان ئوقۇتقـۇچىلاردىن بىـرى ئىــدى. بـۇ ئوقۇتقـۇچى قېـدىمقى تيوتـون (条顿) لار تـارىخىنى (دەرستە رەڭلىـك رەسـىم ئېكرانـدىنمۇ پايـدىلىنىپ سۆزلەيتتى) سۆزلەپ بەرگەن ۋاقتىدا، ئادولف بـۇ دەرسـنىڭ ئىچىـگە كىـرىپلا كەتــكەن ئىــدى. ھىتلېــر ئۆزىنىــڭ «كـۈرەش يولـۇم» دېــگەن ئەسرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىـپ، "تـا بۈگـۈنگىچە بېشـىغا

ئاق سانجىغان بۇ بوۋاينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم قەلبىم ھاياجانغا تولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچىمىز دەرسلەرنى شۇنداق ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېتەتتىكى، بىز بەزىدە خۇددى شۇ دەۋردە ياشاۋاتقاندەك ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالاتتۇق. ئۇنىڭدا بىزنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالىدىغان قانداقتۇ بىر سېھىرلىك كۈچ بار ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، شۇ قېدىمقى تارىخ دەۋرىدە ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا كىرىپ قالاتتۇق. بۇ ئوقۇتقۇچىمىز، نەچچە مىڭ يىللىق يىراق تارىخ بەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قالغان جەريانلارنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆز ئالدىمىزدا جانلاندۇرۇپ بېرەتتى. بىز بۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ئۈن-تىنىش چىقارماي پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن دەرسكە قۇلاق سېلىپ، قاينام-تاشقىنلىق ھېسسىياتلارغا كېلىپ كۆزىمىزگە ياش كېلىپ كېتەتتى."

ئەمما ئۇ، تەنەپپۇس ۋاقتى كېلىشى ھامان جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. 1904-يىلى ئەتىيازدا، مەكتەپ مۇھىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە قىزىقى يوق مەنىسىز بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇ يىلى ماي (ئارسلان) ئېيىدا، يەنى مەسىخ كۈنىدە، ئۇ لىنىز چېركاۋىدا ئىمان يېڭىلاش سالىمى بېرىدۇ. ئادولف بۇ ئىشنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. ئېمانۇئېل لۇگېرت (Lugert Emmanuel 埃玛努尔•卢加特) تاللىۋالغان ئوغۇللار ئىچىدە، "ئادولف ھىتلېردەك قاپىقى تۈرۈك، قىمىرلاپلا تۇرىدىغان بىرمۇ بالا يوق ئىدى. مەن گەپلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغىدەك بولۇپ كېتەتتىم. ھىتلېر، بۇ دىنىي پائالىيەت مۇراسىمىغا بەكلا ئۆچ

www.pidaiy.biz

بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ مۇراسىمنى بەكلا زورلىنىپ ئاران ئورۇندىدى." بۇ مۇراسىم تارقىلىشى ھامان، ئادولف دەرھال مەھەللىسىگە قايتىپ باللار بىلەن ئۇيۇن ئويناشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئادولف باللار بىلەن بىرگە دەرۋازىنىڭ ئالدى-كەينىدە چېپىپ يۈگىرىشىپ قىزىل ھىندىيان دەمدۇ بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىشكەن ئىدى."

شۇ يىلىسى ئادولف فرانسۇز تىلى دەرسىدە لاياقەتلىك بولالمايدۇ. گەرچە كۈزدە قايتا ئىمتىھان بېرىپ ئارانلا ئۆتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ لىنز ئوتتۇر مەكتىۋىدە ئاخىرقى يىلنى ئوقۇشى چەكلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ يېقىنىمۇ ئۆيىدىن 25 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 15 ياشلىق ئادولف يەنە بىر قېتىم ئۆيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنى ئاپىسى يېڭى مەكتەپ ئورنىغا بىرگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى تۇققانلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا تۇرغىدەك ئورۇن ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئادولف بۇ يېڭى شەھەرگە ئاياق باسا-باسمايلا بۇ شەھەرگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. پەنجىرىدىن سىرتنى كۈزىتىپ بۇ شەھەر مەنزىرىسىنىڭ بەكلا زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. "مەن دېرىزىدە ئولتۇرىۋېلىپ چاشقانغا تاش ئېتىپ ئوينايتتىم" دەيدۇ كېيىن.

ئۇنىڭ چاشقانغا تاش ئېتىپ ئويناش ۋاقتى بىلەن رەسىم سىزىشقا ئاجراتقان ۋاقتى دەرس تەييارلاش ئۈچۈن ئاجراتقان ۋاقتىدىن بەكلا كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمدىكى

www.pidaiy.biz

نەتىجىسىمۇ بەكلا تۆۋەن بولىدۇ. ئۇ، درسلەر ئارىسىدا تەنتەربىيە دەرسىدە "ياخشى"، رەسىم دەرسىدە "ئەلا" دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تارىخ دەرسى بىلەن جوغراپىيە دەرسلىرىدىن ئارانلا "ئوتتا" دېگەن نەتىجىنى ئالىدۇ. ماتېماتىكا بىلەن نېمىس تىلى دەرسلىرىدە "لاياقەتسىز" دېگەن دەرىجىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەكتەپتىن قېچىش كۈنلىرى شۇنچە كۆپىيىپ كەتكەنكى، نېمىشقا بۇنداق قىلغىنىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. بىر كۈنى ئۇ بوينىنى قېلىن ئورىۋېلىپ سىنىپقا كىرىدۇ. سورىغانلارغا گېلىم ئاغرىپ قالدى دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىسىمۇ بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ئادولف، شۇ كۈنلەردىكى زېرىكىشلىكنى نەچچە مىسرالىق بىر شېئىر يېزىپ ئىپادىلىگەن ئىدى:

(1) كىشىلەر ھاۋالىق سارايدا قېتىپ ئولتۇرىدۇ،
پىۋا، شاراپ بىلەن قىزغىن تەنتەنە قىلىشىدۇ،
يەڭلار، ئىچىڭلار، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار،
ئاندىن ئۇلار ھەممىسى غېرىق مەس سوزۇلۇپ يېتىشتى.
(2) ئۇلار ئىگىز تاغلارغا يامىشىدۇ،
موللاقلاپ پەسكە دومۇلايدۇ،
ئۆرە تۇرغىدەك ماجالىمۇ يوق.
(3) ئۆيلىرىگە مېڭىشتى، ھەممىنىڭ رەڭگى تۇتۇق،
ۋاقىت، ئاھ، ھېچنېمە ئەستە يوق،
ئايالى ... دى، ھەي بىچارىلەر،

يارىسنى قامچىلاپ ساقايتىشىدۇ.

ئۇ يەنە بىر پارچە رەسىممۇ سىزغان بولۇپ، رەسىمدە بىر ئوغۇل بالا ياتقۇزۇلۇپ دۈمبىسىدىن تاياق يەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، رەسىمدىكى ئۇرغۇچى بىر ئايال ئىدى. شۇ قېتىم يازغان شېئىرى بىلەن بۇ رەسىمى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىدى. بۇنداق بىر شېئىر بىلەن بۇنداق بىر رەسىمنى 15 ياشلىق بىر بالىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنمەك تەس.

شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ دەرس نەتىجىلىرى كېيىنكى مەۋسۇملەردە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. مەكتەپ تەرەپ ئۇنىڭغا كۇزدە قايتا ئىمتىھانغا قاتنىشىش پۇرسىتى بېرىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك نەتىجە ئالالىسا مەكتەپ پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسىنى ئېلىش ئىمتىھانغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. 1905 ـ يىلىنىڭ ئىيۇل (ئەرەن) ئايلىرى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. ئادولف بۇ خەۋەردىن خوشال بولۇپ، ئۇنى شۇ ھامان بېرىپ ئاپىسىغا ئېيتىدۇ (ئېنىق ئەمەس. بىر ئېھتىمالدا بۇ خەۋەرنى ئاپىسىغا ئېيتقان). شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئاپىسى بۇ يەر بەكلا قالايماقان يەر ئىكەن، بۇ يەردە ئادەم ئارام تاپقىلى بولمايدىكەن دەپ يېزىدىكى ئېتىزلىقىنى سېتىۋەتكەن ئىدى. شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ لىنزىنىڭ شەھەر مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ھامبۇرد (汉波尔德) كوچىسىنىڭ 31 ـ نومۇرلۇق ئۆيىگە كىرىۋالىدۇ. ئۇلار ئىجارىگە ئالغان بۇ ئۆي

تەسكەي سىپلىنغان بىنانىڭ قاراڭغۇ بىر ئۆيى ئىدى. ئادولف ئۆيىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئاپىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. ئەندى ئۇ بالا ھېساپلانمايتتى. چاچلىرى پاخپايغان بىر يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ساقال-بۇرۇتىمۇ خەت تارتىشقا باشلىغان ئىدى. ئەندى ئۇ خامخىيال ئىچىدە لەيلەپ يۈرىدىغان، رومانتىك خىياللارغا پېتىپ يۈرىدىغان رەسىمى بوخېمىيە (波希米亚 Bohemia) لىككە ئايلانغان بىرسى ھېسابلىناتتى. سىدىر (斯狄尔) دە تۇرىۋاتقان ستونبىرگ (斯通伯格) دېگەن بىر ساۋاغدىشى ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى رۇشكا بىلەن سىزىپ رەسىمىنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ رەسىمى "ياش رەسسامنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى پورترىتى" بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ كۆنلەردە ئاپىسى كلارامۇ مېنىڭ بالام ھەقىقەتەنمۇ بىر قەھرىمان دەپ ئوغلىدىن بەكلا ماختىنىپ يۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئانا-بالا ئىككىسى قايتىدىن ياخشىلىنىپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇلار پاۋلانى بىرگە ئېلىپ سپىتالدا يازلىق دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. ئۇ يەردە، ئادولف ئۆپكە يالۇغى كېسىلىنى يۇقتۇرىۋالىدۇ (ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئارىسىدا نەپەسلىنىش يولى كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانلار بار ئىدى). ئادولفنىڭ بۇ كېسىلى، ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىۋېتىدۇ. گەرچە ئادولفنىڭ بۇ يازلىق دەم ئېلىشقا چىقىشى ئوڭۇشلۇق بولمىغاندەك قىلسىمۇ، ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

www.pdfaly.biz

نوقتىسىدىن ئالغاندا يەنىلا كۆڭۈللۈك ئۆتكەن يازلىق دەم ئېلىش ھېسابلىناتتى.

ئۇلار يېزىدىن ئايرىلىدىغان كۈنلەر كەلگىنىدە ئادولفنىڭ كېسىلىمۇ تۈزۈلۈپ قېلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ، شەھەردىكى مەكتىۋىگە قايتىپ بېرىپ 16 ـ سىنتەبىر (ياچاق) دە ئۆتكۈزۈلىدىغان قايتا ئىمتىھان بېرىشكە قاتناشقىدەك ھالغا كېلىۋالىدۇ. ئادولف، قايتا ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك بولىدۇ. شۇ ئاخشىمى، ئادولف بىر قانچە ساۋاغدىشى بىلەن يۈشۈرۈنچە جەم بولۇپ، بۇ نەتىجىسىنى تەبرىكلەپ ئولتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتا ئادولف قاتتىق مەس بولۇپ كېتىپ خۇدىنى بىلمىگىدەك ھالغا كېلىپ كوچىدا يېتىپ قالىدۇ. "مەن شۇ ئاخشىمىقى ئىشلارنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىگىدەك ئېغىر مەس بولۇپ كەتكەن ئىكەنمەن" دەيدۇ، كېيىن. ھوشىغا كەلگىنىدە قارىسا سەھەردە يول بويىدا يېتىپ قالغان بولۇپ، ئەتىگەنلىك سۈت ساتقىلى چىققان بىرسى ئۇنى ئويغاتقىنىدىلا ئاندىن ئۆزىگە كېلىدۇ.

ئادولف، شۇ كۈنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغىدەك سەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق ھاراق ئىچىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھاراق ئىچىشى بولۇپ قالىدۇ.

گەرچە ئۇ لاياقەتلىك نەتىجە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى قولغا ئالالىغان بولسىمۇ، مەكتەپ

www.pidaw.biz

پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسى ئېلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشتىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ئەسلىدە ئۇ، كەسپىي تېخنىك ئوتتۇرا مەكتىۋىدە داۋاملىق ئوقۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا شۈركىنىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆيگە كېسەلنى باھانە قىلىپ مەكتەپتىن توختاش خىيالىنى ئاپىسىغا ئېيتىدۇ. كىلارامۇ ئوغلىنىڭ تەلىۋىگە كۆنۈپ ئۇنى داۋاملىق ئوقۇشقا زورلىمايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى ھىتلېرنى قارىلاپ كېلىپ، سالامەتلىكنى باھانە قىلىپ ئوقۇشتىن ئايرىلغانلىقى ھەققىدە «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا يالغان ئېيتىدۇ، دېيىشتى. ئەمما پاۋلا ئۇنىڭ راستىنلا قان تۈكۈرۈپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھچى بولىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى دوستلىرىدىن بىرسىمۇ "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق يۆتۈلۈپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن پەردىلىرىمۇ يالۇغلىنىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ھۆل-يېغىنلىق، نەم ھاۋالىق كۈنلەردە ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق يۈتىلەتتى" دەيدۇ. ئادولفنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرسىمۇ "ئۇنىڭ سالامەتلىكى ھەقىقەتەنمۇ يامانلاپ كەتكەن بولۇپ، شۇ سەۋەپتىن ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئۆپكىسى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكى كۈنلەردە قان تۈكۈرۈپمۇ يۈرگەن ئىدى" دەپ كېسەللىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ.

16ياشلىق بۇ يىگىت، ئاتىسىنىڭ ھەمدە مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان، خالىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان، ئەمەلدارلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىرسىگە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ

ئەندى ئۆيدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىرسىدەك خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتابقا، خاتىرە قالدۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەپتەرلىرى ھەر تۈرلۈك رەسىملەر بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئۇ پات ـ پاتلا مۇزېيلەرنى زىيارەت قىلاتتى، تىياتىرلارغا كىرىپ تۇراتتى، مومدىن ياسالغان ھەيكەل كۆرگەزمىلىرىنىمۇ بوش قويمايتتى. ئۇ بىر قېتىم پويىز ئىستانسىسى يېنىدا بىر كىنو كۆرۈپ، قاتتىق يىرگىنىپ كەتكەن ئىدى ("نېمە دېگەن ئەخلاقسىزلىق، نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق كىنو بۇ!"). ئادولف شۇندىن كېيىن باشقىلار بىلەن ئىزدىشىپ يۈرۈشنى تاشلاپ، باللارنى يېتەكلەپ ئۇيۇن ئويناشتىنمۇ ۋاز كېچىدۇ.

ئۇ ھەر دائىم لىنز كوچىلىرىدا ئۆز بېشىغا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرسىمۇ پەقەتلا يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. ئۇنىڭ كېلەچەك ھەققىدىكى خىياللىرى ئۇنى كۈچلۈك ئويغا سالماقتا ئىدى. ئۇ ئەندى كىشىلەر بىلەن ئارىلىششتىن قەتئىي يىرگىنىدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. 1905 ـ يىلى كەچ كۈز ئايلىرىدا، ئاخىرى ئۇ چىقىشالايدىغان گۇستىل (Gustl) دېگەن بىرسى بىلەن، يەنى ئاۋگۇست كۇبىزېك (August Kubizek, 奥古斯特•库比席克) بىلەن تونۇشىدۇ. ئاۋگۇست كۇبىزېك ئەسلىدە ئۆي زىننەتلەش تىجارەتچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇمۇ تۈگىمەس خىياللار ئىچىدە لەيلەپ يۈرىدىغان بىرسى ئىدى: ئۇ، دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مۇزىكانتلاردىن بىرسى بولىمەن دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرەتتى. كۇبىزېك ئىسكروپكا بىلەن چوڭ ئىسكروپكا (大提琴) چېلىشنى

www.pdaiy.biz

بىلەتتى. شۇنىڭدەك ئۇ كىچىك كاناي بىلەن چوڭ كاناي چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە پروفېسسور دېسوۋۇر (德索埃) دىن مۇزىكا ئۆگەنمەكتە ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئادولف بىلەن كۇبىزېك ئىككىسى ئوپېرادا تونۇشۇپ قالىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئەدەپلىك، كەم سۆز ۋە رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان بىرسى ئىكەنلىكى كۇبىزېكنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. كېيىنچە ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: “يېڭى تونۇشقىنىمدا ھىتلېرنىڭ چىرايى ساغرىپ كەتكەن، ئۇرۇقلىقىدىن خۇددى تاياقتەكلا بولۇپ قالغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ دېگىدەك ئىدى. ئويۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ، ئۇ جىم ئولتۇرالماي مۆرىلىرىنى ئويۇنغا تەڭكەش قىلىپ ئېتىشقا باشلىدى.” كۇبىزېك بولسا، تاشقى كۆرۈنىشى تېتىك، كەڭ پىشانىلىق، بۇدرە چاچلىق بولۇپ، نەق بىر سەنئەتچى قېلىپىدا قويۇپ چىقىرىلغان بىرسىگە ئوخشايتتى.

ئادولف بىلەن كۇبىزېك ئىككىسى ھەر ئاخشىمى دېگىدەك بىرگە بېرىپ تىياتىر كۆرەتتى (ھىتلېر ئۇنى ئاۋگۇست دېمەي كۇبىزېك دەپلا چاقىراتتى). ئەگەر تىياتىر كۆرۈش خوشياقمىغىنىدا ئىككىسى بىرگە مۇڭداشقاچ كوچا ئايلىناتتى. ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا ئادولفنىڭ قولىدا سېپى سەدەپتىن ياسالغان بىر قارا ھاسسا تايىقى بولاتتى. بىر كۈنىسى، كۇبىزېك جاسارەت بىلەن بۇ كەمسۆز دوستىدىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ. “ئىشىم يوق!” دەپ قوپاللا جاۋاب

www.pidaw.biz

بېرىدۇ ئادولى. قۇرساق غېمى ئۈچۈن ئىشلەش ئۇنىڭغا ياراشمايدىغانلىقى ئېيتىدۇ.

ئادەتتە ھىتلېر ئۆزى ھەققىدە گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئىككىسى مۇزىكا بىلەن سەنئەت ھەققىدىكى ئىشلار ئۈستىدىلا پاراڭلىشاتتى.

بىر كۈنىسى، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا يېنىدىن قارا تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر چىقىرىپ كۇبىزېكقا يېڭى يازغان بىر شېئىرىنى ئوقۇپ كېتىدۇ. ئاندىن بىر قانچە پارچە سىزغان رەسىمى بىلەن رەسىم لايىھىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ: "كەلگۈسىدە رەسسام بولۇش ئويۇم بار." بۇ ياشتىكى بىرسىنىڭ بۇنچە غايىلىك بولالىشى ھەقىقەتەنمۇ كۇبىزېكنى تەسىرلەندۈرگەن ئىدى ("بۇنچە ئىستىقباللىق سەنئەت ئەسىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدىم" دەيدۇ كۇبىزېك). شۇندىن باشلاپ، ئۇ ھىتلېرنى بىر قەھرىمان سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۇبىزېك يازغان ئەسلىمىلىرىدە ھىتلېرنى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرىۋەتكەن، ھەتتا نۇرغۇن ھېكايىلارنى توقۇپ چىققان بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ يىگىت ۋاقىتلىرىنى ئۇنىڭدەك ياخشى بىلىدىغان باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

گەرچە ئۇلار ئىككىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشاش نوقتىلىرى باردەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرلىرى تۈپتىن ئوخشىمايتتى. كۇبىزېك ئۆزىنى "ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ كېتەلەيدىغان، ھەر دائىم يول قويالايدىغان بىرىمەن" دەپ

www.pdaly.biz

هېساپلايتتى. ئەمما ھېتلېر "بەكلا قوپال، ۋارقىراپ-جاقىراپلا يۈرىدىغان بىرسى" ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق بىر-بىرسىگە زىت مىجەز ئالاھىدىلىكى ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىنلىقىنلىششىغا سەۋەپچى بولغان ئامىلغا ئايلانغان ئىدى. كۇبىزېك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دەپلا يۈرىدىغان بىرسى ئىدى. "مېنىڭ بۇ دوستۇم ھەقىقەتەنمۇ ماڭا بەكلا ئېھتىياجلىق بالا ئىدى" دەيدۇ كۇبىزېك. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ بېرىدىغانلىقى ھېتلېرغا بەكلا ياقاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر دائىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ توختىماي سۆزلەپ كېتەتتى. "ھەتتا قول ئىشارەتلىرى بىلەن ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كىتەتتى" دەيدۇ. ھېتلېرنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىپ سۆزلەيدىغان ۋاقىتلىرى ئاساسلىقى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېتىزلىق بويلىرىدا كېتىۋاتقانلىرىدا ياكى ئادىمى شالاڭ چىغىر يوللاردا كېتىۋاتقانلاردا كۆرۈلەتتى. كۇبىزېكنىڭ نەزىرىدە ھېتلېر خۇددى پارتىلىغان ۋولقاندەك بىرسى، شۇنىڭدەك يەنە سەھنىدىكى بىر رولچىغىمۇ ئوخشاش كۆرۈنەتتى. "مەن ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋېتىپ ئاغزىم ئېچىلىپ تۇرۇپلا قالاتتىم. ھەتتە ئۇنى تەبرىكلەپ چاۋاق چېلىشىمۇ ئەقلىمگە كەلمىگىدەك ھۇجۇقۇپ كېتەتتىم." بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۇبىزېك ھۇشىغا كېلىپ ئۇنىڭ سەھنىدە ئۇيۇن قويىۋاتقان بىرسى ئەمەس بەلكى ئالدىدا ھاياجان بىلەن رەسمىلا نوتۇق سۆزلەپ كېتىۋاتقان بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۇ يەنە ھېتلېرنىڭ ئۇنى ئاڭلاشقىلا رۇخسەت قىلىپ،

www.pidaiy.biz

رەددىيە بېرىشكە ھەرگىزمۇ يول قويماسلىققا ئۇرۇنغانلىقىنى سېزەتتى. كۆپىنچە ئادەتتە ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە دىققەت قىلماي ئەسەبىيلەشكەن ھىتلېرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالاتتى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇقماي تۇرۇپلا ماقۇللاۋېرەتتى.

ئۇ كۈنلەردە، ئۇلار ئىككىسى پات ـ پات تومليېدىنۋىك (图姆莱顿维克) قا بېرىپ سەيلى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئادولف بەزەن ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇسا، بەزەن تېز رەسىم، سۇ بوياق رەسىم سىزاتتى. بەزىدە ئۇلار ئىككىسى يەنە دوناي دەرياسى بويىدىكى تاش پەلەمپەيلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى. بۇنداق مەنزىرىلىك يەرلەردە ھىتلېرمۇ ئاغىنىسىنىڭ ئارزۇلىرىنى، كەلگۈسى پىلانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسى ھەتتا بەزىدە پۈتۈنلەي قۇرۇق خىياللار ئىچىگە پېتىپمۇ قېلىشاتتى.

ئادولف، كۇبىزېكنىڭ قاراشلىرىنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. "ھىتلېر مېنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجىم بارلىقىنى، قايسى جەھەتلەردە يېتەرسىز ئىكەنلىكىمنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، مېنىڭ تۇرمۇشۇمغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم" دەيدۇ.

گەرچە ئادولف بوخېمىيە شاھزادىلىرىدەك غەم ـ ئەندىشىسىز ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بەكلا

www.pidaw.biz

ئاددى بىر ئۆي ئىدى. خامپورت (汉波尔德) كوچىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنادىكى ئۇنىڭ تۇرىۋاتقان ئۆيى سەل كىچىكلىكىنى ھېساپلىمىغاندا يەنىلا بولىدىغان ئۆي ئىدى. ئاشخانا ئۆيدە ھويلا ئىچىگە قاراپ ئېچىلغان بىرلا پەنجىرىسى بار ئىدى. ئاشخانا ئۆيىمۇ چاققانلىقىغا قارىماي رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. پاۋلا بىلەن كلارا ئىككىسى مېھمان كۈتۈش ئۆيدە يېتىپ قوپاتتى. ئۇ بۆلۈمدە دۆلەت كادىرى ئالويسنىڭ مەغرۇرانە چۈشكەن بىر پارچە رەسىمى ئېسىغلىق ئىدى. يەنە بىر بۆلۈم مونچا ئۆيىچىلىكلا چوڭلۇقتا بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ئادولف ياتاتتى. بۇ ئۆي ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە قارىغاندا خېلىلا تېنىچ بولۇپ، پۈتۈن بىر ئائىلە ئەزالىرى بۇ ئۆيدە خاتىرجەم ياشايتتى. ئەسلىدە، بۇ ئۆي كىچىك خوجايىن ئادولف ئۈچۈنلا تەييارلانغان ئۆي ئىدى. ئادولف، ھەر قېتىملىق روژدىستىۋا بايرىمىدا ئاپىسىغا ھەر دائىم تىياتىر بېلىتى سوۋغا قىلاتتى. كلارا ئۈچۈن ئوغلى ئادولف خۇددى بىر شاھزادىدەكلا بىرسى بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ قابىلىيىتى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ئوغلۇم كېلەچەكتە چوقۇم داڭلىق بىرسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ دەپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ تۇققانلىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئادولفنى ئائىلىگە كىرىم قىلالىغىدەك كارغا كېلىدىغان بىرەر ھۈنەر بىلەن شوغۇللىنىشى ھەققىدە مەسلىھەتلەر بېرىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ مەسلىھەتلەرگە كلارا ھەر دائىم باش چايقاپ رەت قىلاتتى.

1906 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئادولفنىڭ خىياللىرىدىن بىرسى ئىشقا ئاشىدۇ: ئاپىسى ئۇنىڭ سەنئەت، مۇزىكا ۋە بىناكارلىق

جەھەتلەردە داڭلىق شەھەر ھېسابلىنىدىغان ۋېيىننا (بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بەزى لۇغەت ـ كىتابلىرىمىزدا ۋېنا ، ۋېيېنا دېگەندەك ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەلەپپۇزدا ئىپلىنغان بولۇپ ، كىتاپنىڭ ئەسلى ئورگىنالىدا ۋە ئىنگلىزچە لۇغەتلەردە Vienna ، تۈركچىدە Viyana شەكلىدە يېزىلغان. بۇ تەرجىمىدە 2008 نەشرى چوڭ لۇغىتىمىزدىكى يېزىلىشى بويىچە ئىپلىندى — ئۇ.ت) غا بىرىپ ساياھەت قىلىشىغا ماقۇل بولىدۇ. ئادولف، بۇ قېدىمى رومانتىك شەھەردە تولۇق بىر ئاي بويىچە ساياھەت قىلىپ ياشايدۇ [بىر ئېھتىمالدا ئۇ ۋېيىننادا تۇرىدىغان بۇرۇنقى پوپى جون بىلەن جوھاننا پولزىل (约翰娜•普林斯 Johanna Pölzl) لارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولۇشى مۇمكىن]. ۋېيىننا مەنزىرىسى ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. ۋېيىننادىكى ۋاقتىدا ھىتلېر دوستى كۇبىزېك بىلەن ئىزچىل تۆردە خەت ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خېتىدە "ئەتىلىككە «خوستېيىن» (崔斯坦) ئوپېراسىنى كۆرگىلى بارىمەن (ۋاگنېرنىڭ 1859 ـ يىلى يازغان ئوپېراسى بولۇپ، 1865 ـ يىلى تۇنجى قېتىم سەھنىلەشتۈرۈلگەن)؛ ئۆگۈنلۈككە «قاناتلىق گوللاندىيىلىك» ئوپېراسىنى كۆرىدىغان بولدۇم" دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ 7 ـ ماي (ئارسلان) كۈنى كۇبىزېكقا ئەۋەتكەن بىر پارچە ئاتكىرتكىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ يەردىكى ئىشلىرىم شۇنچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، مەن يەنىلا لىنزنى سېغىنىدىم. بۈگۈن دۆلەتلىك ئوپېرانى زىيارەت قىلىشقا بارماقچىمەن." شۇ كۈنىسى، ئۇ ئەۋەتكەن ئىككىنچى ئاتكىرتكىسىدا خانلىق

www.pdaily.biz

تىياتىرخانىسىنىڭ كۆرۈنىشىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، تىياتىرخانىنىڭ ئىچى بەكلا ئاددى ئىكەن دەپ يازىدۇ. "بۇ تىياتىرخانىدا جاراڭلىق سادالار پۈتكۈل زالغا بىر كېلىدىكەن. ئەكس ئەتكەن ئاۋازلار كۈچلۈك سەھنە ساداسى ئىچىدە كۆمۈلۈپلا قالىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر بۇ زالغا ھەيران بولۇپ، بۇ تىياتىرخانىنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىرىدىن، ئالتۇن زەر تۇتقان پەردىلىرىدىن قايىللىق ھېس قىلىشسا كېرەك؟" بۇ جۈملىلەر يىگىدىن بىخلىنىۋاتقان بۇ ياش رەسسامنىڭ تېپىك سۆزلىرى ئىدى. يەنى ئۇنىڭ جۈملىلىرى ئانچە بەك راۋان بولمىسىمۇ، يىگىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان، ئەمما ئىنتايىن ئۆتكۈر، كۈچلۈك ھېسسىياتقا تولغان شىئېرى تۈسكە ئىگە ئىدى.

ئادولف، لىنزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن مەنزىرە ۋە بىنا رەسىملىرىنى سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، گۇستىل (كۇبىزېكنىڭ ئەكىلەتمە ئىسمى) نى بىرگە بېرىپ ئوقۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما بۇنىڭغا كۇبىزېك ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئادولف سۆزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى دوستىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بۇ مەقسىدى ئۈچۈن بىرلىشىپ ئۇون كرونلۇق دۆلەت تارقاتقان لاتارىيە بېلىتى سېتىۋالىدۇ. ھىتلېر، بۇ بىلەتتىن چىقىدىغان پۇلنى قانداق خەجلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى پىلانلىرىنى تىنماي سۆزلەشكە باشلايدۇ. لاتارىيەدىن چىقىدىغان پۇلغا دوناي دەرياسى بويىدىن بىر بىنا تېپىپ ئىككىنچى قەۋىتىنى پۈتۈنلەي ئىجارىگە ئېلىۋالىدىغانلىقىنى،

www.pidaiy.biz

ئىككىسى ئۇ بىنادا بىر-بىرىسىدىن يىراق ئايرىم-ئايرىم بۆلۈملەرگە جايلىشىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا كۈبىزېكنىڭ مۇزىكا مەشىق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. بۆلۈملەرنىڭ زىننەت ئىشلىرىنى مەن ئۆزەم لايىھلەپ بېرىمەن. تام رەسىملىرىنىمۇ ئۆزەم سىزىپ چىقىمەن. ئەمما ئۆي سايمانلىرىنى سەن لايىھلەيسەن، دەيدۇ. ئادولف يەنە ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ لاگىرى ھالىغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ خام خىيال قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇ ئۆيدە مۇزىكا ئۆگىنىمىز، تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىمىز، كىتاب ئوقۇيمىز، ئەڭ مۇھىمى بىز ئۇ يەردە ئۆگۈنۈشنى ئاساس قىلىمىز؛ نېمىس سەنئەت ساھەسى ھەقىقەتەنمۇ كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر دوستۇم ماڭا، بۇ نېمىس سەنئىتىنى ئۆگىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ دېگەن ئىدى." ئۇ يەنە كىشىنى خوشال قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بىر يۈشۈرۈن ئارزۇسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "بۇ ئۆيدە ئىنتايىن مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن بىر قىز باشقۇرغۇچىمىز بولىدۇ. بۇ ئائىلىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئەنە شۇ 'مەدەنىيەتلىك ئايال خوجايىن' باشقۇرىدۇ. بۇ قىز چوقۇم ئەدەپلىك، مەدەنى بولىشى، بىزگە زىيانلىق ھەرقانداق ھەۋەسلەردىن ئۇزاق تۇرىدىغان بىرسى بولىشى كېرەك." بۇ خام خىياللىرى، باشقا بارلىق خىياللىرىغا ئوخشاش كۆپۈكتەك تۇزۇپ كېتىدۇ: ئۇلارنىڭ لاتارىيە بېلىتىگە ھېچ نېمە چىقمايدۇ.

شۇ يىلى ئادولف، سىپتالدا يەنە بىر يازلىق دەم ئېلىشقا بارىدۇ. ئۇ قېتىم ھېچقانداق بىر ۋەقەگە دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇ قېتىمقى دەم ئېلىشتىكى ئەڭ ھاياجانلىق ئىش، ئادولفنىڭ سىمىتلار ئائىلىسىدىكى بالىلارغا سېتىۋالغان رەسىم پرىيومنىك ئاپاراتىنىڭ پەيدا قىلغان ھاياجانىدىنلا ئىبارەت بولغان ئىدى. سەرادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك يېگىندىن يېتىلىۋاتقان بىر رەسسام ۋە پانتازىيىلىك خىياللار ئىچىدە ياشايدۇ. ئۆكتەبىر (ئوغۇز) باشلىرىدا، كوبىزېكنىڭ مۇئالىمى يېتەكچىلىكىدە پىيانو چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. پاۋلا بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاپام ئۇنىڭغا «ھېسمان» (海兹曼) ماركىلىق چوڭ بىر پىيانو ئېلىپ بەردى. ئادولف بۇ پىيانونى چالغىلى تۇرسا بىر ئولتۇرۇشىدا بىر قانچە سائەت ئولتۇرىۋالەتتى." بۇنداق بىر بالا ئۈچۈن ھەر قانچە پۇل خەجلىسىمۇ ئاز. تەخمىنەن شۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر دوستىغا ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر سىرىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىش، ئۇ ئىككىسى تۇنجى قېتىم «لېئىنچ» (黎恩济) نى كۆرگىلى بارغاندا يۈز بېرىدۇ. ئوپېرادىكى باش قەھرىمان پايتەخت رىمنى قوغداپ كېلىۋاتقان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆرلەپ-چۈشۈپ تۇرىشى ئادولفقا باشقىچىلا تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. ئادەتتە ئۇ، پەردە يېپىلىشى بىلەن تەڭ، دەرھال قوللىرىنى شىلتىغىنىچە ئارتىسلارنى ياكى بولمىسا ئوركىستراسىرىنى تەنقىتلەپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئاخشىمى، ئۈنىنمۇ چىقارمايدۇ، ئەكسىنچە غەلىتە بىر قاراشتا، ھەتتا دۈشمەنلىك قارىشى بىلەن

www.pdaily.biz

دوستىغا تىكىلىپ قاراپ ئۇنى تەمتىرىتىپلا قويىدۇ. ھىتلېرنىڭ چىرايى شۇ چاغدا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ تېز-تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كىلۇپتىن كوچىغا چىقىدۇ. ئۇ كۈنلەر نويابىر (ئوغلاق) ئايلىرى بولغاچقا، ھاۋامۇ سوغۇق ئىدى. ئۇ بەكلا خاپا كۆرۈنەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان دوستىنى يېتىلىگىنىچە تاغ يامزىلىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ تاغ تۆپىسىگە چىقىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا دوستىنىڭ ئىككى قولىنى قاملاپ ئەسەبىلەرچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. كوبىزېك ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ دوستىنى باشقا بىرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. يەنى "ئۇ پۈتۈنلەي ئەسەبىيلىشىپ تۇرۇپلا خوشال بولۇپ كەتسە تۇرۇپلا غەزەپلىنىپ كېتەتتى. ئۇ كۈنى ئادولف ئويۇندىكى باش قەھرىمانىنىڭ ئۇنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پانتازىيىلىك ئىپادىلەش كۈچى باش قەھرىمان لېئىنچىنى ئۆزىنىڭ چوقۇنىدىغان قەھرىمانلىق ئۈلگىسى دەپ تەسۋىرلەپ كەتتى." شۇ چاغقىچە كوبىزېك بۇ دوستىنىڭ بىردىن بىر غايىسىنىڭ بىر رەسسام ياكى بىناكار بولۇپ چىقىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ يۈرگەن ئىدى. مانا ئەندى ئادولفنى پەقەتلا تونىيالماي قالغان ئىدى. ئۇ ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ "گۈيا ئۇنىڭغا ئېغىر بىر ۋەزىپە يۈكلەنگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلق ئۇنىڭغا ئىتىقات قىلىپ پۈتۈن

www.pidaiy.biz

ھوقۇقلارنى بېرىدىغانىدەك” ئۇنى ھۇررا دەپ توۋلاشقىنىچە ئالقىشلايدىغانلىقىنى، خەلق ئۇنى ئۆزلىرىگە داھىلىق قىلىپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېتەكلەپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ ئاجايىپ غەلىتە تەسۋىر بەلكىم ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر خىيال بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ رومانتىك خىياللىرى بىلەن دوستىنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ كۈبىزېكنىڭ تۇرىۋاتقان يېرىگە كەلگىنىدە، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان، سائەت ئۈچ بولغان ئىدى. ئىككىسى ھاياجان ئىچىدە قول ئېلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ ئادولف ئۆيىگە قايتىشىنىڭ ئورنىغا قايتىدىن تاغ چوققىسىغا چىقىپ يالغۇز بىر ئاز تۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئادولفنىڭ خىياللار ئىچىدە يۈرگىنىدىن خوشال كۆرۈنىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەي قالمايتتى. پاۋلا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: “ئۇ بىزگە رېيىتىس قىلغاندەك قىياپەت بىلەن تارىخ توغرىلىق، سىياسەت ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى.”

تاغدىكى ۋەقە بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ قايتىدىن جىمىپلا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۆزىنى خۇددى تولىستوينىڭ ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمانغا ئوخشاش قەلبى جاراھەتلەنگەندەك، باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىپ يۈرىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھىرى دەۋرىدىلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغاندەك ئويلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ،

پىيانو چېلىش دەرسىنىمۇ 4 قېتىملىق دەرستىن كېيىن تاشلاپ قويىدۇ. كۇبىزېك، "زىرىكىشلىك بارماق ھەرىكەت مەشىقى ئۇنىڭغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ پىيانو ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويىدى" دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنىڭ باشقا بىر سەۋەبى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنى، ئاپىسى كلارا ھىتلېرنىڭ سالامەتلىكى ئۇ كۈنلەردە كۈندىن-كۈنگە ناچارلاپ بارماقتا ئىدى.

1907-يىلىنىڭ 14-يانۋار (ئوچاق) كۈنى، يەنى ئادولف پىيانو ئۆگىنىشنى توختاتقىنىدىن ئىككى ھەپتە ئاۋال، ئاپىسى نامراتلار دوختۇرى دەپ شۆھرەت قازانغان يەھۇدىي دوختۇر ئېدۋارد بلوچ (爱德华•布洛克 Edward Bloch) نىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈندۇ. كلارا دوختۇرغا مەيدىسىدە بىر تۈرلۈك ئاغرىق پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ ئاغرىق دەردىدە كېچىچە كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. دوختۇرنىڭ دىياگنوزى ھىتلېر خانىمنىڭ كۆكسىدە يۇغان بىر ئۆسمە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دوختۇر بلوچ، بۇ بىمارىغا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ. ئەتىسى، دوختۇر بلوچ كلارانىڭ بالىلىرى ئادولف بىلەن پاۋلا ئىككىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاپىسىنىڭ بەكلا ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىردىن-بىر چارىسى ئوپېراتسىيە قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئادولف بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەقەتلا چىدىماي قالىدۇ. بۇنىڭدىن دوختۇر قاتتىق تەسىرلىنىپ كېيىندۇ: "ئۇنىڭ تاتارغان ئۇزۇن يۈزىگە دەرھال يىغا ئولاشتى. ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش

تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ‘ئاپامدىن پەقەتلا ئۈمىد يوقمىدۇ؟’ دەپ سورىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئادولف بىلەن كلارا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ئانا ـ باللىق مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم.”

پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر پۈتۈشۈپ كلارانى تەۋەككۈل قىلىپ بولسىمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش قارارىغا كېلىشىدۇ. 17 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى، كلارا ھىتلېر خانىم لىنزدىكى «ئاچا ـ سىڭىللار خەيرىيەت دوختۇرخانىسى» غا ياتقۇزۇلىدۇ. ئەتىسى، دوختۇر كارل ئۇربان (Karl Urban 卡尔•乌尔班) كلارانىڭ بىر كۆكسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا، قاچانلا كەل دېسە دەرھال يېتىپ كېلىدىغان بەكلا تىرىككەك دۈمچەك ھەدىسى جوھاننا، چاقىرىلغان كۈنىسىلا سىپتالدىن كېلىپ ئۆيدە باللىرىغا قاراپ تۇرۇپ بېرىدۇ. كلارا كۈنلىكى 3 كرونلۇق ئۈچىنچى دەرىجىلىك بالنىستا 19 كۈن ياتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە تېخىمۇ ئازادە ياتاقتا ياتالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش ئادىتى بولغاچقا بۇ ياتاقنى تاللىۋالغان ئىدى. دوختۇرخانىدىن چىققىنىدا خانپورد (汉波尔德) كوچىسىدىكى بىنانىڭ ئۈچ قەۋەتلىك پەلەمپىيىدىن چىقىپ چۈشۈش كلاراغا ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئەتىياز ئاخىرلىرى دوناي دەرياسى بويىدىكى ئۇرفار (Urfahr 乌尔法尔) شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ برودىگارت (布鲁登加斯) كوچىسى 9 ـ نومۇرىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ يېڭى ئۆي تاش ئۆي بولۇپ، كۆرۈنىشى چىرايلىق ئىككى قەۋەتلىك، ئۈچ ئېغىزلىق

بىر ئۆي ئىدى. بۇ يەر بەكلا تېنچ، ئازادە بىر يەر بولۇپ، تىرامۋايغا ئولتۇرۇپ چوڭ كۆرۈكتىن ئۆتسىلا ئادولفنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەيلە قىلىش يېرىگە بارغىلى بولاتتى.

بۇ كۈنلەردە ئادولف ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. تا شۇ يېشىغىچە ئادولف قىزلار بىلەن پەقەتلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئالايلۇق، بىر قېتىم هامىسىنىڭ يېزىسى بولغان سپىتالدا يازلىق دەم ئېلىش قىلىۋاتقىنىدا، بىر ئېغىلدا كالا سېغىۋاتقان بىر قىز بىلەن سۆيۈشۈپ قالىدۇ. قىز ئۇنىڭدىن باشقا تەلەپنىمۇ قويغىنىدا، ئادولف دەرهال قىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. هەتتا قاچىمەن دەپ سۈت چېلەكىنىمۇ پۇتلىشىپ ئۆرىۋەتكەن ئىدى. بىر كۈنىسى كۇبىزېك بىلەن راند (兰德) كوچىسىدا سەيلە قىلىپ يۈرگىنىدە ئېگىز بويلۇق زىلۋا بىر قىزنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ قىز قۇيۇق چاچلىرىنى چىرايلىق بۆدرە قىلىپ تارىۋالغان بولۇپ، ئۇنى هەقىقەتەنمۇ شىمالى ياۋروپا رىۋايەتلىرىدىكى پەرىزات ۋارچىل (瓦尔基里) غا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئادولف قىزنى كۆرۈپ هاياجانلانغانلىقىدىن دەرهال هەمراسىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: “مەن بۇ قىزغا كۆيۈپ قالدىم” دەپ كېسىپلا ئېيتقان ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ستېفانىيە ئوستېيىن (斯特芬妮•詹斯坦) بولۇپ، ئۇرفاردا بىر يەردە تۇراتتى.

ئادولف ئۇ قىزغا ئاتاپ بەكلا كۆپ شېئىر يازىدۇ. بۇ شېئىرلىرىدىن بىرسى «سۆيگەن قىزىمغا بېغىشلايمەن» دېگەن شېئىرى ئىدى. بۇ شېئىرنى سادىق دوستى گۇستىلغىمۇ

دېكلىماتسىيە قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېر، ئۇ قىز بىلەن پەقەتلا سۆزلىشىپ باقمىغانلىقىنى ئېتراپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، "بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمىساڭمۇ ھەممە ئېنىق ئۇتتۇردا!" دەيتتى ھىتلېر. ئۇ ئىككىسى ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك جۈپتە بولالايتتى. بۇنى ئۇلار يىراقتىن بېقىشى ئارقىلىقلا بىر-بىسىگە ئۇختۇرالايتتى. "بۇنداق ئىشلارنىڭ سىرىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدىكەن. — دەيدۇ ھىتلېر، — مېنىڭ قەلبىمدە ھېس قىلغانلىرىمنى ئۇ قىزمۇ چوقۇم ھېس قىلغان بولىشى كېرەك." كۇبىزېك ئۇنى دەرھال بېرىپ قىزغا ھەمدە ستېفانىيەنىڭ جىم تۇرماي ئايلىنىپلا يۈرىدىغان ئاپىسىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر، ئەگەر مەن بېرىپ ئۆزەمنى تونۇشتۇرماقچى بولسام، ئۆزەمنىڭ نېمە ئىش بىلەن شوغۇللىنىدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما مەن تېخى كەسپى رەسسام ئەمەستە، دەيدۇ. ھىتلېر يەنە بىر تەرەپتىن نورۋېگىيە ئەپسانىلىرى بىلەن گېرمانىيە ئەپسانىلىرىنىمۇ قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشمەكتە ئىدى. بۇ جەريانىدا، ئەپسانىلاردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىلا پەۋقۇئۇلئاددە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر جىنسى چۈشەنچىلەر ھەققىدە رومانتىك، چەۋەندازلارچە قاراشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنى خۇددى نېمىس رېۋايەتلىرىدىكى پىنوفى (品格飞) غا ئوخشاش بېرىپ ئادەتتىكى بىر ئادەم قاتارىدا تونۇشتۇرۇشنى قەتئىي خالىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ پانتازىيىلىك خىيالى ئاخىرى بېرىپ تەلۋىلىككە

www.pidaiy.biz

ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇ قىزغا تەلەپ قويۇپ رەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بېرىپ ئۇ قىزنى قاچۇرۇپ كېتىشنىمۇ ئويلاپ يۈرىدۇ.

ستېفانىيە ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ھىتلېر، بەلكىم قىز مەندىن رەنجىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايدۇ (ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ قىز بىر لېتسنات بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ ھىتلېر داڭ چىقارغان كۈنلەردە ئەگەر ئۇ قىز ھىتلېر بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولار ئىدى). مۇھەببەتتە مەغلۇب بولغىنىدىن كېيىن، بۇندىن كېيىن ئاشق دېگەن بۇ ئىشقا قەتئىي يېقىن يولىمايمەن دەپ قەسەم قىلىۋېتىدۇ. "مەن بۇ ئىشتىن قول ئۈزىشىم كېرەك!" دەپ، ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ ئۆلتۈرىلىشنى، كۆۋرۈكتىن دوناي دەرياسىغا سەكرەپ ئۆلتۈرىلىشنى ئويلايدۇ. ئەمما، ستېفانىيمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈگىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ توقۇپ چىقىرىدىغان سۆز-چۆچەكلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتقان ھالدا ئەتراپلىق ئويلاپ پىلانلاشقا كىرىشىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ئىشتا كۇبىزېك شاھىتلىق رولىنى ئوينايدىغان بولىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئاشىق ۋەقەسى، خىيالى دۇنيادا ياشايدىغان، ھېسسىياتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر يىگىتكە نىسبەتەن غەلىتە ھېساپلانمايتتى. بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق بولغىنىدا ئۇلار ئىككىسى بىرلىشەلىگەن ھېسابلىناتتى. نەتىجىدە رەسسام بولۇش دەيدىغان خىيالى ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان

بولاتتى. ئەگەر بۇ پىلانى مەغلۇب بولغىدەك قىلسىمۇ كېرەك يوق، ئۇ چاغدا ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق خىياللار ئىچىدە تەڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ جەريانىدا تېخىمۇ مۇھىم بولغان باشقا بىر پىلان، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ستېفانىيەنىڭ تەسۋىرىنى تېزلا ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئادولفنىڭ ئىجادىيەت ھەۋىسى رەسىمدىن بىناكارلىققا ئالماشقان ئىدى. ئادولف گەرچە رەسىم سىزىش ئىشىنى تاشلاپ قويماي بېرىلىپ سۇ بوياق رەسىمى سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۇنىڭ بىر قىسىم قابىلىيىتىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن قايناپ تۇرغان ئارزۇسى بىلەن ھېسسىياتىنى قاندۇرۇشقا زادىلا يەتمەيتتى. "ئادولف ھېچ قاچان ئەستايىدىللىق بىلەن رەسىم سىزىپ باققان ئەمەس. — دەيدۇ كۇبىزېك، — ئۇنىڭ تېخىمۇ يوقىرى غايىلىرى بار ئىدى. رەسىم سىزىش، ئۇنىڭ بۇ غايىسى ئۈچۈن بىر ۋاستە ئىدى، خالاس." شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىكى بىنا لايىھىلەش ھەۋىسى ئۇنىڭ ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيدىغان كەشپىيات ھەۋىسى بىلەن مەخسۇس بىر قانۇن چىقىرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ، غايىسىنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە، ھەتتا لىنزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنىمۇ خىيال قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ دائىم دېگىدەك لىنزىنىڭ يېڭى چېركاۋ بىناسى ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ بىنانىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ماختاپ كەتسە، يەنە بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ تەنقىتلەپمۇ كېتەتتى. ھىتلېر بۇ چېركاۋ بىناسىنى

www.pidaiy.biz

ئۆزگەرتىپ سېلىش ئۈچۈن بىنا لايىھىسىنى قايتا ـ قايتا سىزىپ چىقىش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. “ئۇ، ئۆزىنى خىيالىدىكى بىنالارغا پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن، بىنا لايىسى ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدى” دەيدۇ كۇبىزېك. ھېتلېرمۇ ئۆزىنىڭ بىردىن بىر تىڭشىغۇچىسى بولغان بۇ دوستى بىلەن كوچا ئايلانغان ۋاقىتلىرىدا، كوچىدىكى قايسى بىر بىنانىڭ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولغان يەرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى لايىھىسىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى دېگەندەك ھەيۋەتلىك ھېساپلانمايدىكەن. شۇڭا ئۇ، بۇ بىنانى زامانىۋى بىر بىنا بىلەن ئالماشتۇرۇش لايىسىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ. سېپىللارمۇ بەكلە سەت بولغاچقا، ئۇلارنىمۇ قايتا لايىھەلەپ چىقىش كېرەكلىكىنى، شۇ ئارقىلىق شەھەر سېپىلىنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كېتەتتى. يېڭىدىن سېلىنغان مۇزى بىناسى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانغا سالاتتى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مەرمەردە ياسالغان نەقىشلىق تاملارنى ئالاھىدە ماختاپ باھالىشاتتى. ئۇلار بۇ تاملارغا بىر قىسىم تارىخى مەنزىرىلەرنى قوشۇش كېرەكلىكىنى پاراڭ قىلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بۇ تامنى ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئۇ، بۇ مەرمەر تامنى يەنە بىر ھەسسە ئۇزارتىپ سېلىش كېرەك، بۇ تام ياۋروپانىڭ ئەڭ ئۇزۇن بىزەكلىك تېمىغا ئايلىنىشى كېرەك دەپ تالىشىپ كېتەتتى.

ئـۇ يەنە پـويىز ئىستانسىسـى ئۆچۈنـمـۇ يېڭـىـدىن بىـر بىنـا لايىھىـلەپ چىققـان بولـۇپ، بـۇلار ئۇنىـڭ شـەھەر لايىھىـلەش پىلانىغـا قـاتتىق ئەھمىيەت بېرىش خىيـالىنى نامايەنـدە قىلىـپ تـۇراتتى. لىنـز كۆنسـايىن كېڭىيـىـپ بېرىۋاتقـان بىـر شـەھەر بولغاچقـا، قاتنـاش راۋانلىقىغـا تۇسـالغۇ بولىۋاتقـان شـەھەر كۆرۈنىشىنى بۇزىدىغان تۆمۈر يولنىمۇ سۆكىۋېتىش كېرەكلىكىنى، پـويىز ئىستانسىسـىنى شـەھەر سـىرتىغا يۆتكەش كېرەكلىكىنـى، رېلىسـلارنىمۇ يەر ئاسـتىدىن يـاتقۇزۇش كېرەكلىكىنـى سـۆزلەپ كېتەتتـى. شـەھەر باغچىسـىنىمۇ هـازىرقى پـويىز ئىستانسىسـى ئورنىنىمـۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان هالـدا كېڭەيتىـپ قـۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى.

ئۇنىـڭ خىيـال دۇنياسـىنىڭ چېكـى يـوق ئىـدى. ئـۇ يەنە تۆمۈريـولنى لىسـتىنۋېك (里兹顿维克) نىـڭ چوققىسـىغىچە ئۇزارتىش كېرەكلىكىنى، ئـۇ يەرگە ئـازادە مېھمانخانىـدىن بىرنـى سېلىپ، يېنىغا ئىگىزلىكى 300 گەز كېلىدىغان پولات مۇناردىن بىرنـى تىكـلەپ، بـۇ مۇنـارنى دونـاي دەرياسـىدىكى يـوقىرى سـۈپەتلىك بىـر كـۆرۈك بىـلەن بىـر پۈتـۈن هالغـا كەلتـۈرۈش كېرەكلىكىنى خىيال قىلاتتى.

هىتلېر ئاساسەن كىشلەرگە ئارىلاشماي يۈرەتتى. ئاخشاملىرى بەكلا كەچ ياتاتتى؛ كۈندۈزلىرى پۈتۈن كۈن ئۆيىگە قامىلىۋېلىپ يا كىتاب ئوقـۇيتتى يـا بولمىسا رەسـم سـىزىش، بىنـا لايىھىسـى سـىزىش بىـلەن مەشـغۇل بـولاتتى. ئـۇ تۇرىۋاتقـان بىنانىـڭ ئاسـتىنقى قەۋىتىـدىكى قوشنىسـى پوچتـا ئىدارىسـى باشـلىقىنىڭ

ئايالى بولۇپ، بۇ ئايال ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت 6 دىن كېيىن تالاغا چىقىدىغانلىقىنى، كۈبىزېك بىلەن بىرگە قايتقاندىن كېيىن ئاشخانا ئۆيىدە تىنماي تاراخشىپ تا يېرىم كېچىگىچە بېسىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىر كۈنىسى، بۇ ئايالنىڭ يولدىشى ئادولفنى پوچتىخانىدا ئىشلەپ قېلىشىنى مەسلىھەت قىلىشىدى، ئۇنىڭغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئاتاغلىق بىر رەسسام بولۇپ چىقىمەن دەپ جاۋاپ بېرىپ سىلىق رەت قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا رەسسام بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلىرى بارلىقىنى ئېيتقىنىدا، ھىتلېر: "ماكىت () بىلەن روبېنس () ئىككىسىمۇ ئۆزىنى تونۇتۇشتىن بۇرۇن بەكلا نامرات ئىكەندۇق" دەپ قىسقىلا قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئادولف جىم تۇرالمايدىغان بىرسى ئىدى. لىنزدا ئۇنىڭغا يارىغىدەك بىرەر ئىشمۇ يوق دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، سىرتقا چىقىپ تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ بېقىشنى، بولۇپمۇ ۋېيىنناغا بېرىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ۋېيىننادىكى سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى ئىكەنلىكىگە ئاپىسىنى قايىل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كلارامۇ كۈيئوغلى، باللىرىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان جوسېف مايرخوفېر (瑟夫.梅洛福 Mayrhofer Josef) نىڭ گېپى بويىچە بۇنىڭغا ماقۇل بولماي يۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى ئادولفنىڭ بىرەر ئىشقا يارىغىدەك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاقتى كەلدى دەپ چىڭ تۇرىۋېلىشاتتى.

مايرخوفېر ھەتتا ئادولف ئۇچۇن شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولغان بىر بولكىخانا غوجايىنىدىن بىرسىنى تېپىپ قويغانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي، كلارادىمۇ ئوغلىنىڭ چىڭ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىماسىنى رەت قىلغىدەك كۈچى يوق ئىدى. شۇ يىلى يازدا، ئۇنىڭ ئاۋستىرىيە ۋاكالەت بانكىسىدىكى 700 كرون مىراسىنى ئېلىشىغا ماقۇل بولىدۇ.

بۇ پۇل، ئادولفنىڭ ۋېيىنادا بىر يىل تۇرۇپ خەجلىشىگە يېتەتتى. ھەتتا سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكىمۇ يېتەتتى.

ئادولف قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقى ئاپىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر تەرەپتىن مەيۈسلەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئەيىپلىگەن ھالدا ھاياجان ئىچىدە ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ. سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچى ئېلىش ئىمتىھان كۈنىسى ئۆكتەبىر (ئوغۇز) نىڭ باشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، دەرھال ۋېيىناغا قاراپ يولغا چىقمىغىنىدا ئۇنىڭ بۇ ئىشى يەنە بىر يىل كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. 1907-يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، كۇبىزېك، برووۋدىنگاتس (布鲁登加斯) 9-نومۇرلۇق بىنانىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. كلارا بىلەن پاۋلا ئىككىسىلا يىغلىشىپ تۇراتتى. ئادولفنىڭمۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان

ئىدى. ئۇنىڭ تىرە چامادانى خېلىلا ئېغىر كۆرۈنەتتى. شۇڭا كۇبىزېك ئىككىسى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ ترامغا چىقىدۇ.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ۋيېنناغا بارغان ۋاقتىدا، دوستىغا ئۆزۈلدۈرمەي پوچتا ئاتكىرتكىسى ئەۋەرتىپ تۇرغان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم كەتكىلى ئون كۈن بولاي دېگەن بولسىمۇ ھېلىغىچە بىرەر خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا كۇبىزېك كۆڭلىدە ئەجەبا ئادولف كېسەل بولۇپ قالدىمۇ قانداق دەپ غەم قىلىشقا، ھەتتا بىرەر قاتناش ۋەقەسىگە يولۇققان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە دەپ ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغان-ئالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھىتلېر خانىمنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئەمما كلارا كۇبىزېكنى كۆرەر-كۆرمەي "ئادولفتىن بىرەر خەۋەر يوقمۇ؟" دەپ ئالدىراپ سورايدۇ. ئاپىنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ئوغلىنىڭ خەۋەر بەرمەي جىم يېتىۋېلىشىدىن رەنجىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئادولف ئۆيدىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئوغلى بىلەن بىرگە ۋيېنناغا كەتكەندەك ئىدى. شۇڭا بۇ ئايال ساغرىپ تاتىرىپ مۆكچىيىپلا قالغان ئىدى. ئانا يەنە شۇ بۇرۇنقى گېپىنى تەكرارلاپ، ئوغلۇم نېمىشقا تۈزۈك بىر كەسىپ تاللاشقا ماقۇل دېمەيدىغاندۇ دەپ غۇدىراشقا باشلايدۇ. "رەسىم سىزىپ، كىتاب يېزىپ قانداقمۇ تۇرمۇشىنى قامدىغىلى بولسۇن؟" ئوغلىنىڭ مىراس پۇلىنى بۇنداق كارغا كەلمەس ۋيېننا ساياھىتى دېگەندەك

ئىشلارغا خەجلەپ تۈگىتىۋېتىشىگىمۇ نارازى ئىدى. بۇ بالا ئۇكىسى پاۋلانىڭ غېمىنى بولسىمۇ قىلسا بولماسمىدى؟

ئادولف، ۋېيىنناغا بېرىپ ستومپالاس (斯通帕) كوچىسى 29 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيگە چۈشىدۇ. بۇ يەر ۋېستبانوۋ (维斯巴诺夫) غا يېقىن بىر يەر بولۇپ، ئۆي خوجايىنى چاركلىز (查克雷斯) دېگەن پولەك ئايال ئىدى. ئادولف، مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن چوقۇم تاللىنىمەن دەپ ئۆزىگە بەكلا ئىشەنچ قىلاتتى. ئەمما ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ ھۇجۇقۇپلا كېتىدۇ: "ئىمتىھان ئۈچۈن تاپشۇرغان رەسىملىرى قايىل قىلارلىق ئەمەس" دېيىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن ھۇجۇقۇپ ئۆيى ئىچىگە چۈشۈپ تاڭ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇ ئىنىستىتۇت مودىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ سەۋەبىنى سورىغىنىدا مۇدىر ئۇنىڭغا، "سىزغان رەسىملىرىڭ سىنىڭ رەسىم سىزىشقا مۇۋاپىق بىرسى ئەمەسلىكىڭنى كۆرسەتمەكتە. بەلكىم نورمال رەسىم سىزىشقا قارىغاندا بىنا رەسىملىرىنى سىزىشقا قابىلىيەتلىكتەك كۆرۈنىسەن" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ئادولف پۈتۈنلەي روھى چۈشكەن ھالدا ئىنىستىتۇتتىن ئايرىلىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، كۈبىزېكنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا: سىزغان رەسىملىرىڭ ئىشتىن سىرت قىزىققۇچى بىرسىنىڭ سىزغان رەسىملىرىگىلا ئوخشايدىكەن، ئەسلىدە سەن بىناكارلىق ئىنجىنېرى بولىشىڭ كېرەك ئىكەندۇق، دېگىنىدە، ئەسلىدە دوستىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مانا ئاندىلا چۈشەنگەندەك قىلىدى. ئادولف،

ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە دۇچ كەلگەن بۇ قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش لازىملىقى ھەققىدە غەم ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. بىناكارلىق ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇشى ئۇچۇن بىناكارلىق مەكتەپلىرىدىن بىرسىنىڭ دىپلومىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇنداق بىرەر مەكتەپتە ئوقىيالىشى ئۇچۇن ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇشى كېرەك. ئادولف بۇنداق بىر دىپلومغا ئېرىشىش ئۇچۇن غەيرەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرىۋاتقان ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ئۇنى بۇنداق بىر مەكتەپتە ئوقۇشىنىمۇ چەكلەپ تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر قانچە ھەپتىنى قىلچە ئۈمىدى بولمىغان، ھېچ قانداق بىر غايىسى يوق ھېسسىياتلار ئىچىدە ياتىقىغا قامىلىپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ توختىماي كىتاب ئوقۇيتتى. ئاخشىمى چىقىپ تىياتىر كۆرگىلى باراتتى ياكى كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىنا مەنزىرىلىرىنى كۆرۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

ئۇرفاردا، كلارا ھىتلېر خانىمنىڭ ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالغان ئىدى. پوچتاخانا مۇدىرىنىڭ ئايالى ھۇلۇققىنىچە كېلىپ ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئادولف دەرھال ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىدۇ. 22-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى، ئۇ بىرىپ دوختۇر بلوچ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرىشىدۇ. دوختۇر بلوچ، ئاپىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنىڭ بىردىن-بىر چارىسى، دەرھال چوڭ بىر ئوپېراتسىيە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. قارىغاندا كلارانى ئوپېراتسىيە قىلىش

ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. "ۋىرۇسلار قوۋزىغىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ" دەيدۇ بلوچ دوختۇر. دوختۇر يەنە، بۇ تۇر داۋالاش ئۇسۇلى بەكلا خەتەرلىك بىر ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى، يارىسىغا مىقدارىنى ئاشۇرۇپ يودىد ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بۇ يەنە كېلىپ چىقىمىنىمۇ ئاشۇرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادولف دوختۇرغا، قانچە پۇل كەتسە كەتسۇن، بىز يودىد پۇلىنى ئالدىن ئۆتەپ تۇرىمىز، داۋالاش پۇلىنى كېيىن تولۇقلاپ بېرەلەيمىز دەيدۇ.

ئادولفنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن دوستى چۆچۈپ كېتىدۇ. ئادولفنىڭ چىرايى سۇلغۇن، كۆزلىرىمۇ نۇرسىز بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ، دوستىغا ۋيېنىنادىن ئالدىراپ قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بولۇپ دوختۇرلارنى تىللاپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاپاڭدىن ئۈمىد يوق دېگەن گەپنى قانداقمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالايدۇ؟ قولىمىزدىن ئىش كەلمىدى دەپ ئوچۇق ئېيتىراپ قىلىشتىن نېمىشكە قورقىشىدىغاندۇ؟ ئادولف دوستىغا، ئۇگەي ھەدىسى ئانگېلا ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئۆيىدە بىر مەزگىل ئاپىسىغا قارىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. كۇبىزېك ئۇنىڭ ستىفانىيە ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقىغا ھايران قالىدۇ. شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتىشى بىلەن كۇبىزېكمۇ ئۇ قىز توغرىلىق ھىتلېرغا قايتا گەپ قىلمايدۇ. ئادولف، پۈتۈن دىققىتىنى ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئۈستىگىلا مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى.

www.pdaily.biz

6ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنى، كلارا ھەر كۈنى دېگىدەك يودىدقا مۇھتاج ھالغا كەلگەن ئىدى. يودىد سۈرۈش ۋاقتى شۇنچە ئازاپلىق بولۇپ، ئاغرىپ جاننى ئالغىدەك ئېچىشتۇراتتى. ئاۋال داكىنى يودىد سۈيىگە چىلاپ (ئۇنىڭ پۇرىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى، ئۇ نەق شۇ دوختۇرخانا پۇرىقىنىڭ ئۆزىلا ئىدى) قاتلىغاندىن كېيىن، يارا ئۈستىگە سۈرتىلەتتى. يودىد موسكولغا سىڭىپ قاتتىق ئېچىشتۇرۇپلا قالماستىن، ئىچكى ئەزالارغا يېتىپ بارغىدەكلا بولىدىكەن، بىمار ھېچنىمىنى گېلىدىن ئۆتكۈزەلمەي قالاتتى. كلارانىڭ كانىيى قۇرۇپ ئوت بولۇپ يېنىپ كەتسىمۇ ئاغزىغا سۇ ئالالمايتتى. چۈنكى گېلىغا تەككەن ھەر قانداق بىر سۇيۇقلۇق خۇددى زەھەردەك ئېچىشتۇرىۋېتەتتى.

ھىتلېر ئانىسىغا قاراش بىلەنلا ئۆتۈپ قالماستىن، يەنە پوچتاخانا باشلىقىنىڭ ئايالى، پاۋلا ۋە جوھاننا ھامىسى بىلەن تەڭ ئۆي ئىشلىرىغىمۇ قارىشىپ يۈردى. دائىم ئوت قالاپ ئىسسىتىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كلارا ئاشخانا ئۆيىگە ياتقۇزۇلغانىدى. قاچا ـ قۇچا ئىشكاپلىرى چىقىرىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كارىۋات جايلاشتۇرۇلدى. ئادولف ئاپىسىنىڭ چاقىرىشىغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىشى ئۈچۈن ئەنە شۇ كارىۋاتتا يېتىپ ـ قوپاتتى. كۈندۈزلىرى ئادولف تاماق ئېتىش ئىشىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن خوشال بولغان كلارا خانىم كۆبىزېككە ماختىنىپ مۇنداق دەيدۇ: ھېچ قاچان بۇنچە ئىشتەيلىك بولۇپ باقماپتىكەنمەن، ئوغلۇمنىڭ تامىقىدىن

www.pdfdaily.biz

ئىشتىيىم بەكلا ئېچىلىپ كەتتى. بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ سامانىدەك ساغرىپ كەتكەن چىرايىغىمۇ ئازـتولا قان يۈگۈرۈپ قالاتتى. "ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەرگەن خوشاللىقى، يېنىدىن ئاجرىماي ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشى، ئۆيدە ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، غەمدىن بېرى كىلەلمەي يۈرىدىغان بۇ بىچارە ئانىنىڭ يۈزىگە كۈلكە بېرىپ، ئۇنى خېلىلا خوشال قىلغان ئىدى.

بىر تەرەپتىن زىمىستان سوغۇق، يەنە بىر تەرەپتىن تۇمان قاپلاپ كەتكەن شۇ كۈنلەردە ھىتلېردا كۆرۈلگەن شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەردىن دوستى بەكلا ھەيران بولدۇ. "بىرەر ئېغىزمۇ قاتتىق گەپ قىلمايتتى، غۇدۇراشلىرىمۇ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، قوپاللىق قىلىپ ئۆزىنىڭكىنىلا راس دەيدىغان مىجەزى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. — دەيدۇ ئەسلەپ كېلىپ كۇبىزېك، — بۇ كۈنلەردە ئادولف ئاپىسى ئۈچۈنلا ياشىماقتا ئىدى." ھەتتا ئۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ رەسمىلا ئائىلە بېشى بولۇپ قالغان ئىدى. پاۋلانىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ناچارلىششقا باشلىشى بىلەن، ئۇنى ئەيىپلەپ كېتەتتى. بىر كۈنىسى ئۇ سىڭلىسىدىن بۇنىدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىسى بولىشى ئۈچۈن ۋەدە ئېلىۋالىدۇ. ھىتلېردا يۈز بەرگەن بۇ تۈردىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەر كۇبىزېكنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. "بەلكىم ھىتلېر ئاپىسىغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا شۇنداق بولىۋالغان بولىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم

www.pdaily.biz

ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغان بولىشىمۇ مۇمكىن" دەپمۇ ئويلايدۇ.

كلارا ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنىشى ھامان ئاغرىقىنىڭ دەردىدە قاخشاشقا باشلايتتى. "كلارا ھەقىقەتەنمۇ چىدامىلىق بىر ئايال ئىدى. — دەيدۇ دوكتور بلوچ كېيىنكى يىللاردا ئەسلەپ كېلىپ، — چىشىنى چىشلەپ قىلچىمۇ زارلانماي ياتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئوغلى ئادولفنى بەكلا ئازاپلايتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئازاپلىنىش ئىزلىرىنى كۆرگىنىدىن كېيىن ئۇمۇ تەڭ ئازاپلىنىپ كېتەتتى." 20-دېكابىر (ئاراي ياكى كۆنەك) كۈنى ئاخشىمى، كۇبىزېك ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە ھىتلېر خانىمى ئادولفقا بېشىنى قويۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىل ھېس قىلاۋاتقانلىقىنى، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا ئادولف دوستىغا قول ئىشارەت قىلىپ ئاپىسى بىلەن يالغۇز قالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئەندىلا بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقماقچى بولىۋاتقىنىدا كلارا بوش ئاۋازدا ئۇنى توختىتىدۇ: "گۇستىل، — ئۇنى ھېمىشەم گۇستى ئەپەندىم دەپ چاقىراتتى، — مەن بولمىغان ۋاقىتلاردا ئوغلۇمنىڭ داۋاملىق يېقىن دوستى بولۇپ بەرگىن بولامدۇ؟ ئوغلۇمنىڭ سەندىن باشقا يېقىنى يوق."

روشەنكى، شۇ كېچىسى كلارانىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۆيدىكىلەر بۇنىڭ ئۇچۇن قايتا بېرىپ دوختۇر بلوچنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى. بۇ پەيتتە

دوختۇر بلوچنىڭمۇ قولىدىن ھېچقانداق بىر ئىش كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. 21-دېكابىر (ئاراي) سەھەردە، ھىتلېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا روژدېستىۋا بايرىمى ئۈچۈن شام يېقىلىۋاتقان پەيتلەردە كىلارا ئۈن-تۈنسىز بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئەتىسى تاڭ يورىغاندا، ئانگېلا بېرىپ دوختۇر بلوچنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆلۈم سەۋەبى ھەققىدە قول قويدۇرىدۇ. دوختۇر بىر تەرەپتە ئولتۇرغان ئادولفقا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى بەكلا مەيۈس كۆرۈنەتتى. بىر دەپتەردە كىلارانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىياپىتىنىڭ تېز رەسىمى سىزىلغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن دوختۇر ئۇنىڭغا "مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا بەرداشلىق بېرەلىگىنىڭىدىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالىغان ھېساپلىنىسەن" دەيدۇ. ئەمما بۇنداق گەپلەر ئادولفقا تەسەللى بولالمايتتى. "مېنىڭ بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق ھاياتىم بويىچە، — دەيدۇ بۇرۇن نۇرغۇنلىغان ئۆلۈم مەنزىرىلىرىنى كۆرگەن دوختۇر ئەسلەپ كېلىپ، — ئادولف ھىتلېردەك بۇنچە كۆڭلى يېرىم بولغان بىرسىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيمەن."

www.pidaiy.biz

ئىككىنچى باب

# "تۈرمۈش مېنىڭ مەكتىپىم"

1907.12~1913.5

## (1)

1907-يىلى 23-دېكابىر (ئاراي) ئەتىگىنى، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ھاۋا بەكلا نەملىك ئىدى. "قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان سىلىق لاكلانغان، ئەتراپى مېتال چەمبەرلەر بىلەن كۆچەيتىلگەن تاۋۇت" ئىچىدە ياتقان كلارانىڭ مېيىتى بورودىنگاس (布鲁登加斯) 9-نومۇرلۇق بىنادىن چىقىرىلدى. جىنازە ماشىنىسى جىم-جىت كوچىنى بويلاپ



www.pidajy.biz

چېركاۋ تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشىدۇ. چېركاۋدا ئاددى بىر مۇراسىمدىن كېيىن، ئانچە كۆپ بولمىغان ماتەم مۇراسىمغا قاتناشقانلار ــ بىر جىنازە ماشىنىسى بىلەن ئىككى قارا ماشىنا ــ ئاستا ماڭغىنىچە دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر تاغدىن ئاشقىنىچە لىئوندىڭغا قاراپ يولغا چۈشىدۇ. كلارانىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇمۇ يولدىشىنىڭ يېنىغا يەرلىككە قويۇلىدۇ. ئىسمىمۇ يولدىشى ئۈچۈن تىكلەنگەن قەۋرە تېشى ئۈستىگە ئويۇلىدۇ. پۈتۈن ئائىلە جەمەتى قارىلىق ئىچىدە، بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى سۈرلۈك قەۋرىستانلىق ئىچىدە ماتەمدە تۇرۇشىدۇ. ئادولف قارا پەلتۇ كەيگەن، قولىدا قارا رەڭلىك ئۇزۇن قالپاقنى تۇتقىنىچە قاتاردا تۇرىدۇ. گۇستىل، ئادولفنىڭ يۈزى تاتارغان ئەمما ئېغىر بېسىق هالدا تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ.

هىتلېر ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى روژدېستىۋا كېچىسى ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلسىز بىر كېچە ئىدى. پۈتۈن ئائىلە جەمەتى داۋالاش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن دوختۇر بلوچنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. دورا پۇلى 359 گولدىن تۇتقان بولۇپ، 59 گولدىن ئالدىن تۆلەنگەن ئىدى. تۆلىنىدىغان پۇل ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاز پۇل ھېساپلانمايتتى. ئۇ پۇل كلارانىڭ پۈتۈن جوغلانمىسىنىڭ تەخمىنەن ئوندا بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ، تۆلەنگەن پۇلنى بەك قىممەت بولۇپ كەتتى دېيىشكىمۇ بولمايتتى. چۈنكى بۇ پۇل دوختۇرنىڭ جەمئى 77 قېتىم دىياگنوز قويۇش (ئۆيىگە بېرىپ ياكى ئىشخانىسىدا دېگەندەك) بىلەن 47 قېتىملىق داۋالاش (كۆپۈنچىسى يودىدلىق

داۋالاش) ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇل ئىدى. شۇڭا ئۇلار كام قالغان پۇلنى رازىمەنلىك بىلەن تۆلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسىلا دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئادولف قارا پەلتو ئىچىدە گالۇستۇكىنى سەل بوشىتىپ قويۇپ يەرگە تىكىلىپ چاچلىرى پىشانىسىغا تۆكۈلگىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇردى. كېيىن ئۇ دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ رەخمەت ئېيتتى: "سىزگە مەڭگۈ رەخمەت ئېيتىمەن. — ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇرغا ئېگىلىپ تازىم كەلتۈردى، — ئۇ بۈگۈن شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىيەلەمدۇ بىلمەيمەن. دەيدۇ بىلوچ 35 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يازغان «كانچىلار» دېگەن كىتاۋىدا، — ئىشىنىمەنكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئادولف ھىتلېر ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بىرسى ئىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنىدەك بۇنداق ياخشىلىقنى گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە بويىچە مەندىن باشقا ھېچ بىر يەھۇدىيغا قىلمىغان بولىشى مۇمكىن."

شۇ كۈنى، راۋباللار ئائىلىسى ئادولف بىلەن پاۋلا ئىككىسىنى روژدىستىۋا بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئادولف بۇ تەكلىپنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىدۇ. ئۇ قېيناكىسى لېئوغا پەقەتلا ئىشەنمەيدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. چۈنكى قېيناكىسى ھەر بىر پۇرسەتتە ئۇنى رەسسام بولىمەن دەيدىغان بۇ ئاخماقانە خىيالىنى تاشلاشقا زورلاپلا كەلگەن ئىدى. ئۇ، دوستىغا، پۈتۈن تۇققانلىرىم مەن بىلەنلا قاپتۇ، دەپ

دەرتلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ تۇردىكى گەپلەردىن ۋىيىنناغا قىچىپ كىتىپ قۇتۇلماقچى بولغان ئىمىش. ئادولف قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولۇپ، چوقۇم داڭلىق بىر رەسسام بولۇپ چىقىمەن، بۇ پىكرىمدە خاتالاشمىغانلىقىمنى چوقۇم ئۇلارغا كۆرسىتىمەن دەپ ئۆزىگە ۋەدە قىلغان.

ئۇ يەنە كۇبىزېككىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بىزەكچىلىك دۇكىنىدىن قەتئىي تۇردە ئايرىلىپ چىقىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇزىكانت بولۇش يولىغا داۋام قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. ئالدىنقى يىلى كۈزدىن بېرى، كۇبىزېكلار ئائىلىسى گۇستىلنىڭ ۋىيىنناغا بېرىشىغا قەتئىي قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭغا قارىماي، ھىتلېرمۇ بۇ ئىشنى بەزىدە يالۋۇرۇپ، بەزىدە مۇنازىرىلىشىپ تۇرۇپ بولسىمۇ قايتا-قايتا تىلغا ئېلىپ، ۋىيىننادىكى گۈزەل نەرسىلەردىن، يەنى ئوپېرا، سىمپونىيە، ۋە شۇنىڭدەك ۋىيىننادىكى ساناپ تۈگەتكىسىز مۇزىكا ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە گۇستىل بىلەن ئاپىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ باققان ئىدى. كۇبىزېك بوۋاينى گەپكە كۆندۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ بوۋاي ئادولفنى "مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرەلمىگەن بىرسى تۇرۇغلۇق، ئۆزىنى بەكلا قالتىس چاغلاپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆمرى بويىچە ھېچ نېمە ئۆگىنەلمەيدىغان تىپقا مەنسۇپ بىرى" دەپ ھېساپلايتتى. ئەمما، ھىتلېر شۇ ياشلىرىدىن تارتىپلا كىشىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بىرسى ئىدى. ئەمەلى ئىشنى كۆزلەيدىغان

بوۋاي، ئاخىرى ئوغلىنىڭ پايتەختكە بېرىپ بىر مەزگىل سىناپ كۆرۈشىگە ماقۇل بولىدۇ. ئۇنى قايىل قىلالىشىدىكى مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى قاتارىدا، ئوغلىنىڭ بىر سەنئەت ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولىشى ئىدى.

ئادولف ۋېيىنناغا بېرىپ ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىش ئويىنى ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان كىشىگە ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن قايتىدىن لېئوندىڭغا بارىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ يەردە ھېچقانداق بىر مۇنازىرە يۈز بەرمەيلا ئۇنىڭ پىكرى ماقۇل كۆرۈلىدۇ. مايىرخوفېر ئەپەندى گەرچە ئىلاجسىز قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. كېيىن ئۇ قىزىغا مۇنداق دەيدۇ: ماقۇل بولۇش، مېنىڭ ئۈستۈمدىكى بىر مەسئۇلىيەت. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادولف، ئانگېلا ۋە يەڭگىسى جوھاننالار بىلەن بىر-ئىككى ھەپتە بىرگە تۇرۇش جەريانىدا ئۆي ئىچى ئىشلارنى ئۇلارغا بىر قۇر تاپىلاپ چىقىدۇ. شۇ جەرياندا ئۆيىنىڭ بارلىق قەرزلىرىنىمۇ تۆلەپ تۈگىتىدۇ. بۇ قەرزلەردىن 370 كرونلۇق دەپىن قىلىش چىقىملىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە پۈتۈن قوشنىلىرىغىمۇ ئاپىسىنىڭ كېسەل كۈنلىرىدە قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن رەخمىتىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ پوچتىخانا باشلىقى ئەر-خوتۇن ئىككىسىگە ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئۆزى سىزغان رەسىمدىن بىرنى سوغات قىلىدۇ. پۈتۈن ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كىلارا تىجەشلىك خەجلەش نەتىجىسىدە ئاشۇرغان 3 مىڭ كروندىن ئارتۇق پۇل قالغان

www.pdaily.biz

ئىدى. ئانگېلا 11 ياشلىق سىڭلىسى پاۋلانىڭمۇ بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تېگىدىغىنى بۇ پۇلنىڭ ئۈچتە ئىككىسىدىن ئارتۇق پۇل ئىدى. كېيىن، كىچىك ئالويىس ھىتلېر ئوغلىغا ئادولفنى "ئالغان مىراسىنى قىزلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرگەنلىكىنى" ئېيتقان. چۈنكى راۋاللار ئائىلىسىدە مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئادولفمۇ ئۆزىگە تەۋە مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ھەدىسى ئانگېلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىدۇ. كىچىك ئالويىس بولسا ئۆزىگە تەۋە مىراس پۇلنى پاۋلاغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ گەپلەر راست بولغىنىدا، ئادولفنىڭ ۋېيىننا سەپىرىگە ئېلىپ ماڭغان پۇلى بەكلا ئاز قالغان بولىدۇ: ئۇنىڭغا تەۋە يېتىملار پۇلى بىلەن ئۇنىڭغا قالغان مىراسىنىڭ قالغان ئاز قىسمىنىلا ئېلىپ ماڭغان بولىشى كېرەك. فېۋرال (ئۆي) نىڭ باشلىرىدا ۋېيىننادىن پەۋقۇلئاددە بىر خوش خەۋەر كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىر قوشنىسى قايسى بىر خانلىق ئوپېرانىڭ سەھنە لايىھىلىگۈچىسى بولغان پروفېسسور ئالفرېد روللېر (Alfred Roller 阿尔弗里德•罗勒) نى قايىل قىلىپ ئادولف سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ھەمدە مۇمكىن بولغىنىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ قويغانلىق ھەققىدىكى خەۋەر كېلىدۇ. بۇ خەۋەر ھىتلېرنى بەكلا ئۈمىدلەندۈرىدۇ.

بۇ خەۋەر، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نارازىلىق قىلىشلىرىنى جىمىقتۇرۇشى ئۈچۈنمۇ كۆپ پايدىلىق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادولف ھىتلېر، ۋېيىنناغا بېرىش قەتئىي قارارىغا كېلىدۇ. 1908ـ

www.pdaily.biz

يىلى 10 ـ فېۋرال (ئۆي) كۈنىسى، ئۇ، ئۆزى بىلەن سىڭلىسى پاۋلانىڭ يىتىملار ياردەم پۇلى ئېلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ تاپشۇرىدۇ. 3 كۈندىن كېيىن، بۇ جەدۋەل بىر پارچە ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە قوشۇپ قايتۇرىۋېتىلىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا، بۇ جەدۋەلنى ئۇلارغا كاپالەتلىك قىلغۇچى كىشى تەرىپىدىن قول قويۇپ ئىمزالانغان بولىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغان. شۇڭا ئۇ، جەدۋەلنى مايىرخوفىر ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياردەم بېرىش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلاش جاۋابىنى كۈتمەيلا ئالدىرىغىنىچە چامادانىنى يىغىشتۇرۇپ (كىيىم ـ كېچەكلىرى، كىتابلىرى ۋە رەسىم سىزىش ئەسۋاپلىرى قاچىلانغانچامادان) ئۆيىدىكىلەر بىلەن ۋىدالىشىپ برووۋدىنگاس (布鲁登加斯) 9 ـ نومۇردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدۇ.

گۇستىل ئۇنى پويىز ئىستانسىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقىدۇ. بۇ كۈن تەخمىنەن ئالغاندا 17 ـ غېنىۋارغا (ئۆيغا) توغرا كېلەتتى. پويىز كۈتۈش زالىدا ھىتلېر خىيالى سۆيگۈنى ستېفانىيە ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا تېخىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرمىغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭغا خەت يېزىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. پويىز قوزغالغىنىدا، ئادولف پەنجىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ دوستىغا ۋاقىرغىنىچە "دوستۇم گۇستىل، سەنمۇ تېزراق يېنىمغا كەل!" دەيدۇ. بۇ يىگىت كلاسسىيو ئارجىنىنىڭ (荷拉西奥•阿尔杰) كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسىرىنى ئوقۇغانمۇ ـ يوق نامەلۇم، ئوقۇغانلىقى ناتايىن، ئەگەر ئوقۇغان دەپ تۇرغىنىمىزدا، ئادولف ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئارجىن (阿尔杰) نىڭ باش قەھرىمانىغا

www.ridaiy.biz

ئوخشاتقان بولىشى كېرەك. ئۇنىڭ بېلىتى بەش يېرىم كرونلۇق 3-دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتى ئىدى. 5 سائەتتىن كېيىن، 18 ياشلىق ئادولف ھىتلېر ئاۋچىنچى قېتىم كىشىنى سېھىرلەيدىغان ۋېيىننا شەھىرىگە كىرىپ كېلىدۇ. ۋىسبانوۋ (维斯巴诺夫) دىن ستومپالاس (斯通帕) كوچىسىنىڭ 29-نومۇرلۇق شاكىلىس (查克雷斯) خانىمنىڭ ئۆيى ئوتتۇرسى 5 مىنوتلۇقلا يول ئىدى. ئەمما ئۇ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ ماڭغان بولغاچقا، بۇ يول ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلەتتى. شۇ يىلى يانۋار (ئوچاق) دا، ھاۋا دىمىق بولسىمۇ، ئادولف بەكلا ھاياجان ئىچىدە ئىدى. 18-غېنىۋار (فېۋرال، ئۇي) كۈنىسى، دوستىغا ھاياجانلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بىر پارچە پوچتا ئاتكىرتكىسى يوللايدۇ:

"قەدىناس دوستۇم:

سېنىڭ يېتىپ كېلىش خەۋىرىڭنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىمەن. چوقۇم كەلگىن. مېڭىش ئالدىدا بالدۇرىراق خەت يېزىۋەت، مەن سېنى كۈتىۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرىمەن. پۈتكۈل ۋېيىننا ساڭا تەقەززار بولماقتا ... بىز دېيىشكىنىمىزدەك، ئاۋال مەن بىلەن بىر مەزگىل بىرگە تۇرىسەن. كېيىن يەنە ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارسەن. بۇ يەردە ئاتالمىش ھۆكۈمەت كومىسسىيە دۇكىنىدا 50~60 فرولۇنغىلا بىر پىيانو سېتىۋېلىشقا بولىدىكەن. ساڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن، سېنى يەنە بىر قېتىم تېز كەلسۇن دەپ تىلەپ، دوستۇڭ ــ ئادولف ھىتلېر"

ئاردىن بەش كۈن ئۆتۈپ پۈتۈن ئەتراپىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن بىر يەكشەنبە (پازار) كۈنىسى، گۇستىل "لىق يىمەك-ئىچمەك" بىلەن تولدۇرۇلغان قوڭۇر رەڭلىك كلىيونكا خۇرجۇننى

www.pidaiy.biz

كۆتۈرۈپ ۋېسبانوفقا (维斯巴诺夫) يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، پويىز ئىستانسىسىنىڭ يولۇۋچىلار زالىدا مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىدا، رەسمى ۋېيىنالىققا ئايلانغان ئادولفنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. "ئۇ، ئۇچىسىغا ئەلا سۈپەتلىك قارا پەلتو، بېشىغا قارا قالپاق كەيگەن بولۇپ، قولىدا ھېلىقى سەدەپ ساپلىق ھاسىسى بار ئىدى. كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىدى."

ئادولفمۇ دوستىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ چەكسىز خوشاللىق ئىچىدە يايراپ كەتكەن ئىدى. ئالدىراپ كېلىپ ئۇنى يېنىدىن سۆيۈپ قويىدۇ. ئىككىسى خالتىلارنى ئۆشنىسىگە ئالغىنىچە قايناپ تۇرغان شەھەر كوچىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان پەيت ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي شەھەر چىراغلىرى پويىز ئىستانسىسى مەيدانىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن ئىدى.

ئۇلار ئىككىسى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىشتىكى ستومپالاس 29ـ نومۇرنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ، چاققانغىنە بىر ھويلىدىن ئۆتۈپ خېلىلا كونا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ئۇلار بىناغا كىرىپ قاراڭغۇ پەلەمپەيلەردىن قىينالغان ھالدا يوقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىككىنچە قەۋەتكە چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرى رەسىم بىلەن تولغان ئىدى. ئادولف ئۈستەلگە بىر ۋاراق گېزىتنى دەستىخان قىلىپ يېيىپ، ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر يېمەكلىكى بولغان سۈتىنى، قېيزىسى بىلەن بولكىسىنى تىزىدۇ. بۇ چاغدا كۇبىزېك ئۇلارنى

www.pidaly.biz

بىر چەتكە ئېلىۋېتىپ خۇددى سېھىرۋازلاردەك چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن كاناپ خالتىسىدىن قورىغان گۆش، يېڭىلا لىستىن چىققاندەك تۇرغان بولكا، سۇزمە، مۇراببا، قەھۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ بىر-بىرلەپ دەستىخانغا تىزىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھىتلېر، "مانا قاراڭلار، ئاپا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ!" دەپ ۋاقىرىۋېتىدۇ.

ئۇلار قورساقلىرىنى باپلىۋېلىشقاندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ زورلىشى بىلەن ھېرىپ ماجالى قالمىغان دوستى سۆرۈلۈپ يۈرۈپ دېگەندەك كوچىغا چىقىپ شەھەر مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە قاراپ مېڭىشىدۇ. "دارۋازلار مەيدانىنى كۆرمەي قانداقمۇ كۆزۈڭگە ئويقا كەلتۈرەلەيسەن دوستۇم؟" ئادولف دوستىنى ئاۋال ھەشەمەتلىك تىياتىرخانىغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە "مەن باشقا بىر يۇلتۇزغا بېرىپ قالغاندەك، ماڭا بەكلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مېنىڭ ئەقلىمنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى." ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكىلىك بىلەن زىننەتلىنىپ ياسالغان سان ستېفان (圣•斯特藩塔楼) غا بارىدۇ. ئۇ يەردىن كېيىن ئادولف يەنە "ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرمىسەڭ بولمايدۇ" دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. يەنى بەكلا نازۇك ياسالغان سان مارىيە گىستىرالد (圣•玛丽亚•格斯特拉德) چېركاۋىغا بارىدۇ. ئەمما ھەممە يەرنى تومان قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۈبىزېك جىق يەرلەرنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ياتىقىغا بالدۇرراق قايتىپ كېتىشكە ئالدىراپلا تۇرىدۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، كۈبىزېك

ئالدىرىغىنىنچە ئۆي خوجايىنى موماينىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان كارىۋىتىغا كىرىپ يېتىۋالىدۇ.

بۇ ئۆي بەكلا تار بولغاچقا، ئىككى كىشى بىلەن بىر پىيانىنو سىغمايتتى. گەپكە ئۇستا ئادولف ئۆي غوجايىنىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئۆيىنى ئۇلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆي ئىجارىسىنى ئايلىقىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ 20 كروندىن تۆلەيدىغانغا ماقۇل كېلىشىدۇ. ئۇلار پىيانىنونىڭ بەكلا كۆپ يەر ئىگەللەيدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈش ئادىتى بار ئادولفقىمۇ تارچىلىق قىلىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئۆي ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايتىدىن رەتلەپ تىزىپ ئۈچ قەدەم كەڭلىكتە بوشلۇق چىقىرىشىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈنمۇ ئۆتمەي، گۇستىل مۇزىكا ئىنىستىتۇتىغا تىزىملىتىۋالىدۇ. مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتىدۇ. "دوستۇمنىڭ بۇنچە زېھنى ئۆتكۈرلىكىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن" دەيدۇ ھىتلېر بۇنىڭ ئۈچۈن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن دوستىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگىمۇ قىزىقماس بولىۋالىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۇبىزېكنىڭ كىلىشكەن بىر قىز ساۋاقدىشى كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىۋىدى، ئادولف بۇنىڭغا چىدىماي دوستى بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ كېتىدۇ. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھىتلېر ئۆي ئىچىدە ئالدى ـ كەينىگە

ماگغاچ ۋارقىراشقا باشلايدۇ: “قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئارتۇقچە بىر ئىش.” كۇبىزېك، ئادولفنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەسكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. چۈنكى كىچىككىنە بىر ئىشقىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتەتتى. كۇبىزېك نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، ھىتلېر قەتئىي ماقۇل بولمايتتى. “قارىغاندا بىز ئىككىمىز بىرگە تۇرالىشىمىز بەكلا تەس ئوخشايدۇ ... ئۇ بۇ دۇنيادا ھېچ كىم بىلەن چىقىشالمىسا، ئۆزىنى ئازاپلاپلا يۈرگەن. ئۇنىڭ كۆزىدە ھەممىلا يەر كىلىشمەسلىكلەر بىلەن، نەپرەت بىلەن، دۈشمەنلىك بىلەن تولغان ئىدى.”

ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ پوزىتسىيىسى ھەممە ئىشنى بۇزۇپ يۈرەتتى. بىر كۈنىسى ئادولف تۇيۇقسىزلا سەنئەت ئىنىستىتۇتىدىكىلەرنى تىللاپ غۇدىراشقا باشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئاشكارىلانماقتا ئىدى.

“... ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كاللىسى قېتىپ كەتكەن جاھىللار، بيروكراتلار ئىكەن! ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايدىغان ئەخلەتلەر! پۈتكۈل ئىنىستىتۇتنى پارتىلىتىۋېتىش كېرەك!” ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۆچمەنلىك چاقنايتتى (ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى). كېيىنچە ئۇ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىنىستىتۇتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان، تاللىنالماي قالغان ئىدى. “ئەندى قانداق قىلماقچىسەن؟” دەپ سورايدۇ دوستى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا. ھىتلېر بېرىپ بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىچە بايا ھېچ بىر

بولمىغانىدەك خاتىرجەم كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. "ھېچقىسى يوق" دەيدۇ ئۇ ئىنتايىن خاتىرجەم بىر ھالدا.

گەرچە ئۇ چوقۇم نەتىجە قازىنىمەن دەپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، بەرىبىر پروفېسسور روللېرنىڭ ياردەم قىلىشىغا مۇھتاج ئىدى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ جاھانغا داڭقى كەتكەن بۇ سەھنە لايىلىگۈچىنىڭ ئىشخانىسىغا نەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە پېتىنالماي قايتىپ كېلىدۇ. ئاخىرى ئۇ، بۇ پروفېسسورغا تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان قولىدىكى تونۇشتۇرۇش خېتىنى، كېيىن بىر كۈنلىرى يەنە ئۇنىڭدىن تاما قىلىپ قالماي دەپ ئۇششاق تىتىپ يىرتىپ چۆرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى بەلكىم سىزغان رەسىملىرىنىڭ ئۆلچەمگە توشمىغانلىقىدىن نومۇس قىلىشى، ياكى ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرغان مەغلۇبىيەتچىلىك تۇيغۇسىنىڭ بېسىمى، ۋەياكى بولمىسا بۇ سەھنە لايىھىلىگۈچى پروفېسسورنىڭ بەكلا داڭلىق بىرسى بولۇشى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇشتىن قورققانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ھېتلېر لىنزدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىنكى بىر ھەپتە جەريانىدا، مايرخوفېر ئەپەندى ياردەم قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ ئۇختۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇلار پاۋلا بىلەن ئادولف ئىككىسىگە ئايرىم-ئايرىم يىلىغا 300 كرون يېتىملەر ياردەم پۇلى بېرىدىغان، بۇ پۇلنى تا 24 يېشىغىچە بېرىپ تۇرىدىغان بولغانىكەن. بۇ ئىشخانىدىكىلەر مايرخوفېر ئەپەندىگە ۋاكالىتەن يىلىغا 600 كرون تاپشۇرۇپ ئالسا

بولىدىغانلىق ھوقۇقىنى بېرىدۇ. بۇ پۇلنى بىر يىتىم ئۈچۈن ھەر ئايدا 25 كروندىن بۆلۈپ بېرىشى توختام قىلىنىدۇ.

بۇ مۇددەت بويىچە بېرىلىدىغان پۇل (تەخمىنەن ئالغاندا شۇ ۋاقىتلارنىڭ 6 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ)، شۈبھىسىزكى ھىتلېر ئۈچۈن بىر ئۈمىد بولۇپ بىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلمەكچى بولغان 650 كرون مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ خەجلىيەلىگىنىدىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۈنى يەنىلا بەكلا مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرگە تۇرىدىغانلاردىن بىرسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھىتلېر دائىم دېگىدەك ئاچلا يۈرىدىغانلىقىنى، "ئۇدا 5 كۈن يالغۇز سۈت، بولكا ۋە سېرىقماي بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزگەن" لىكىنى ئېيتىدۇ.

كۇبىزېك، ھىتلېرنىڭ زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ مۆلچەر قىلىشىچە، "ھىتلېر پۇلى تۈگەشكە باشلىغاندا قۇرۇق تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپلا يۈرگەن بولىشى كېرەك." بەزىدە ئۇ بىرەر ئىشتىن رەنجىسىلا "ھايۋاندىنمۇ بەتەر نېمە كۈنلەر بۇ!" دەپ قايناپ كېتەتتىكەن.

ھىتلېر ھەپتىدە بىر قېتىم بېرگ (伯格) تىياتىرخانىسىغا ياكى ئوپېراغا بېرىپ ئويۇن كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن يېمەك-ئىچمىكىدىن، كۈندىلىك چىقىملاردىن تېجىگەن پۇلىغا قاراشلىق ئىدى. مەسىلەن ئۇ ھەتتا ئىشتىنىنى دەزماللاشقىمۇ پۇل خەجلىمەي كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قىر چىقىراتتى.

www.pidaw.biz

ھىتلېر ھەرگىزمۇ قىزلار بىلەن ئولتۇرۇشقا قاتناشمايتتى. چۈنكى ئۇلار "بەكلا ئۇششاق گەپچى كېلىدىكەن." قىزلارنىڭ كىرىشى چەكلىنىدىغان تانسىخانىلارغا ھىتلېر ئىككى كرون ئارتۇق پۇل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ كۈبىزېكنى زورلاپ ئاپىراتتى. ئۇزۇنراق ئوينىلىدىغا ئويۇنلارغا كىرىپ قالغىدەك بولسا، ئۇلار ھەر دائىم ئويۇن تۈگىمەستىنلا چىقىپ كېتەتتى. بولمىسا ئۇلارنىڭ ياتىقى كەچ سائەت 9 دىن 45 مىنۇت ئۆتىشى بىلەن تاقىلىپ قالاتتى. ئاچتۇرۇش ئۈچۈن كۆزەتچىگە پارا بېرىشكە توغرا كېلەتتىكەن. ئۆيىگە كىرىشى ھامان، كۈبىزېكنى ئويۇننىڭ قالغان قىسمىنى پىيانو بىلەن قايتا ئورۇنداپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالاتتى.

ھىتلېر، ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرىنى مىڭ قېتىم ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەيتتى. ھەتتا كۈبىزېك ئىتالىيە ئوركېستراچىسى ۋېردى (威尔弟) ئەسەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئورۇندىلىشىغا بارايلى دەپ تەلەپ قىلسىمۇ، ھىتلېر ئۇنى مەجبۇرى سۆرەپ خانلىق تىياتىرخانىسىغا بېرىپ ۋاگنېر ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئورۇندىلىشىنى كۆرگىلى باراتتىكەن. ۋاگنېرنىڭ سىمپونىيىلىرى ئۇنىڭ روھى دۇنياسىغا بېرىپ تاقىلىپ، "ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى تىترىتىپ، ئۇنىڭدىكى تۇغما جىددىيچىلىكلىرىنى بىرئاز بولسىمۇ بوشىتاتتى. ئادولف ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «لوھېنگرىن» نىڭ ئۆزىنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئون قېتىمدەك كۆرسەم كېرەك؟ 14~16-ئەسىرلەردە گېرمانىيىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە ئىشچىلار تەبىقىسىنى ئاساس

قىلغان «شئېر كلۇبى» مۇ ئۇنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ دائىم بۇ ئويۇننىڭ ئىككىنچى پەردىسىدىكى شئېرلاردىن دېكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى:

"مەن يەنىلا مۇۋەپپىقەتكە ئېرىشەلمىدىم،
بۇنى ھېس قىلغان بولسامۇ چۈشىنەلمىدىم،
قالالمايمەن، ئەمما ئۇنتۇيمۇ كېتەلمەيمەن،
ماڭسامۇ قانچىلىك مېڭىشىمنى بىلەلمەيمەن."

كۇبىزېك ئۇنى نەچچە قېتىم ۋېردى (威尔第) نىڭ ئوپېراسىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، "ئايىدا (阿伊达) غا بارايلى" دەپ ئۇنىمايتتى. ئۇ ياسالما سەھنە كۆرۈنۈشلىرىگە بەكلا قارشى ئىدى. "ئەگەر قېلىچى بولمىسا بۇ ئىتالىيانلار قانداق قىلار بولغىيدى؟ — دېگەن ئىدى بىر كۈنى. كوچىدا ئاكاردىيون بىلەن «باي خېنىم ۋە مالايلار» نى ئورۇنداۋاتقانلارنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كېتىدۇ، — مانا بۇلار سېنىڭ ماختاپ يۈرىدىغان ۋېردىلىرىڭ؟ ئويلاپ باق، لوھېنگرىن ھېكايىلىرىنى ئاكاردىيون بىلەن بۇلاردەك كوچىدا ئوينىغىلى بولارمىدى؟"

كۇبىزېك مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، بىكارغا بىلەت تاپالايتتى. شۇڭا ئۇلار نۇرغۇن كېچىلەرنى بىرلىكتە مۇزىكا ئولتۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ ئۆتكۈزدى. ئادولفمۇ تۇيۇقسىزلا سىمپونىيە ئوركېستىرلىرىغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. كۇبىزېك بۇنىڭغا بەكلا ھەيران قالىدۇ. ھىتلېر رومانتىك موزىكانت ۋېبېر، شۇبېرت، مېندېلسون ۋە شيۇمان

www.pdaiy.biz

قاتارلىقلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكانتلىرىدىن يەنە بلوچنا (布鲁克纳)، بېتخوۋېن ۋە گرىگ (格里格) لارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئا تونلۇق زىل پىيانو سىمپونىيە (A小调钢琴协奏曲) سى ئۇنى ھەر دائىم ھاياجانلاندۇراتتى.

پۇلىنىڭ يوقلىقى ئۇنىڭ ۋېيىننادىكى كۆڭۈللۈك كۈنلىرىگە داغ چۈشىرەلمەيتتى. ئۇ ۋاقىتلار ھەقىقەتەنمۇ ئوپېرا بىلەن مۇزىكا تىياتىرلار دەۋر سۈرىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. گۇستاف ماھلېر (古斯塔夫•马勒刚 Gustav Mahler) خانلىق ئوپېراسىدىن چېكىنىپ چىقىپ نيۇيورك شەھەرلىك پايتەخت ئۆمىكىگە بېرىپ قوشۇلۇۋالغان بولسىمۇ، ۋېيىننادا يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئىسىل ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىنى رولللېر سەھنىلەشتۈرگەنىدى. بولۇپمۇ داڭق چىقىرىۋەتكىنى ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ سەھنىلەشتۈرگەن ئەسەر «لىئىنىچ» (黎恩济) ۋە «ئۆزۈك» نىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسىملىرى ئىدى. يېڭىدىن رىژىسسورلۇققا تەيىنلەنگەن فىلىكس ۋىنكانا (费力克斯•文加纳)، مارى (马勒) نىڭ قايسى بىر ئەسىرىدىكى بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەرنى قىسقارتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ بەرىبىر بۇرۇنقى ئۇستازى پۈتتۈرەلمىگەن «ئۆزۈك» نىڭ قالغان قىسىملىرىنى سەھنىلەشتۈرۈپ تاماملايدۇ. سەھنە لايىھىسى ئۈچۈن يەنە روللېرنى قويىدۇ. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىككىلا رىژىسسور يەھۇدىي ئىدى.

www.pdaily.biz

مەسىلەن، ۋىكتور يۇگور، ۋون خوفمانستال (冯•霍夫曼斯达尔 Hugo von Hoffmannsthal)، ئارتۇر شنىتزلېر (Arthur Schnitzler 阿瑟•施尼茨勒)، رىچارد بېئېر خوفمان (Richard Beer-Hofmann 理查德•比尔•霍夫曼) ۋە يەنە ھېرمان بار (Bahr Hermann 赫尔曼•巴尔) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا يەھۇدىي ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ۋېيىناسى ئاۋىسترو-ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ياشاۋاتقان بىر پايتەخت بولۇپ، نۇرغۇن تىللار بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان، ئورتاق بىرەر تىلى بولمىغان بىر شەھەر ئىدى. شەھەر نوپۇسى ئاۋىسترو-ۋېنگىر ئىپېرىيىسىنىڭ ھەر تەرىپىدىن يىغىلغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرىدىغان پارلاق شەھەر ئىدى. ئۇ يەردە تۇرمۇش باياشاتچىلىقى بىلەن نامراتچىلىق بىرلىكتە خوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئەنئەنىۋى جەھەتتىن ئالغاندا، ھابسبۇرگ خاندانلىقى نېمىس تېپىنى ئالغان بولسىمۇ، شەھەر قىياپىتى بەربىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر شەھەر ئىدى. ۋېيىنا شەھىرى پۇل مۇئامىلە سودىسىنىڭ مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، كىيىم مودىسى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. ئۇ يەر گېرمانىيىدىن پەرقلىق ھالدا بىر-بىرسى بىلەن يۇغۇرۇلۇش ئىمكانى بولمىغان مىللەتلەر داشقاينىقى ئىدى. "ئەسىرلەر بويى سلاۋيانلار، مازارلار ۋە ئىتالىيانلار بۇ شەھەرگە تەلپۈنۈپ كەلگەن" ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بىر مۇخبىر

www.pidaiy.biz

بۇ شەھەرنىڭ مىللىي تەركىۋى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ئۇلار، 'بۇ شەھەردە بىر تامچىمۇ نىمىس قېنى قالمىدى' دېيىشىمەكتە. بۇ شەھەردە بىر بوسنىيەلىكلەر تىياتىرخانىسى، بىر ئىتالىيانلار تىياتىرخانىسى بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە فرانسىيىلىك ناخشا چولپانلىرى سەھنىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈرىدۇ. شۇنىڭدەك پولەكلەرنىڭ كلۇبلىرىمۇ بار. بەزى قەھۋىخانىلاردا چېخچە، سلاۋيانچە، پولەكچە ۋە ۋېنگىرچە گېزىتلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئوقىيالىشىڭ مۇمكىن. ئەمما ئۇ يەردىن نېمىسچە گېزىت تاپالمايسەن. بەلكىم سەن ئۆزەڭنى ساپ نېمىس ھېساپلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما سېنىڭ ئايالىڭ بەلكىم گالىتسىيىلىك ياكى پولەك بولۇپ چىقىشى، ئاشخانا خىزمەتچىڭ يەنە بوسنىيىلىك، بالا باققۇچىڭ ئىستىرىيەلىك ياكى دارماتسىيىلىك، ئەر خىزمەتچىڭ سېربىيىلىك، ھارۋىكېشىڭ سلاۋيان، ساترىشىڭ مازارلىق، ئوقۇتقۇچىڭ فرانسۇز ... دېگەندەك بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ياق، ياق، ... ۋېيىننانى ھەرگىزمۇ بىر نېمىس شەھىرى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ نېمىس شەھىرى ئەمەس."

ئادولففا ئوخشاش ئاۋىستىرىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەر-يېزىلىرىدىن كېلىپ ۋېيىنناغا يىغىلىپ قالغان كىشىلەر، ئۇلار كىشىنى بىئارام قىلغۇدەك زىددىيەتلىك كىشىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ قانداق، نامەلۇم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ شەھەرگە كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ شەھەرنىڭ سېھىرلىك كۈچىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ۋېيىننا شەھىرى، سېھىرلىك كۈچلەر بىلەن

پۇخرالار داشقايناق هالىغا كەلگەن بىر شەھەر بولۇپ، بىر تەرەپتە پولاتتەك ئەنئەنىلەر هۆكۈم سۈرۈپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن زىيالىيلار تىنىماي يېڭىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن كۆزقاراش ئەركىنلىكى هۆكۈم سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچلۈك مىللەتچى بىر تەرەپلىمىلىكلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئادولف گەرچە ئەنە شۇنداق چاقناپ تۇرغان ۋيېننا تەرىپىدىن كۈچلۈك جەلپ قىلىنغان بولسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈمىدىنىڭ يوقۇلىشىغا ئەگىشىپ، "كىشىنى غەمدە قالدۇرىدىغان سىھىرلىك مىللەتلەر داشقازىنى" (ئۇ كېيىن ۋيېننانى ئەنە شۇنداق تەرىپلەيدۇ) دىن زېرىكىشكە باشلايدۇ.

ئادولف كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا كۇبىزىك بىلەن بىرگە ئاچقۇرساق ستومپالاس (斯通帕加斯) تىكى ئۆيىدىن چىقىپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئولتۇراقلاشقان تىنجىق كوچىلاردىن ئۆتۈپ، "هەيۋەتلىك بىنالار، هەشەمەتلىك مېهمانخانىلار بىلەن تولغان، دەرۋازىسىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان خىزمەتچىلەرمۇ تىكىلىپ تۇرىدىغان" شەهەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى. ئادولف كۈندىن-كۈنگە ئىسيانكارلىشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. هەر دائىم ئەمگەك قىلماي باي بولىۋالغان مۈلۈكدارلار ئىپادىلەيدىغان ناهەقچىلىك بىلەن تولغان جەمئىيەتنى تىللاپ تىنماي غۇدىرايتتى. ئۇ قۇرسقىنىڭ كوكىراپ ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ بەكرەك هەممە يەرنى چۇسۇي-هەسەنشىرىكلەر قاپلاپ كەتكەن ستومپالاسدىكى تۇرىۋاتقان ئۆيىدىن دەرد تۆكەتتى. دوستىنىڭ

ئەسلەپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا، ھىتلېر "سالامەتلىكىنى بۇزۇشقا سەۋەپ بولىدىغان كېسەللىكلەرگە بەكلا دىققەت قىلاتتى."

ئۇنىڭ ۋېيىنناغا بولغان تۇيغۇلىرى بۇنداق يامان كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. "ۋېيىننا كىشىلەرگە ئەڭ يۈكسەك ئۇتتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نۇرغۇن پۇرسەتلىرى بىلەنمۇ تەمىنلەيدىغان بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ تۈردىكى ئۇتتۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بىر شەھەر ئىدى. ئەنە شۇنداق غەلىتە روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان داڭلىق بىرسى، بىرلا قېتىم نام چىقىرالىدىمۇ-بولدى، سۆيۈلۈش بىلەن ئۆچمەنلىك ئارىلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقان ۋېيىننا مۇھىتىدا ياشاپ كېتەلەيتتى." برۇنو ۋالتېر (布鲁诺•华尔特 Walter Bruno) ئۆزىنىڭ تەرجىمھال كىتاۋىدا مارى (马勒 Mary) ئۇستىدە توختالغىنىدا يوقۇرقىدەك گەپلەرنى قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىل جەريانىدا ھىتلېر ھەر ئايدا دېگۈدەك بىر قېتىم مارىنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتىدىغان ئەسىرى «خوستېيىن» (崔斯坦) نى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۈچۈن روللىرى جانلىق سەھنە كۆرۈنىشى لايىلەپ چىققان بولۇپ، قوڭغۇر رەڭلىك، بىنەپشە رەڭلىك ۋە كۈلرەڭ بوياقلاردىن تولۇق پايدىلانغان ئىدى. قىسقىسى، ۋېيىننادا ئولتۇراقلاشقانلار ئاساسەن دېگۈدەك ئويۇن-تاماشىغا بېرىلگە بايۋەتچىلەر بولۇپ،

ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا داڭلىق كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئادەتلىرى بار ئىدى.

ئۇلار فرېئۇدنىڭ پسىخوئانالىزىنى شاڭخو قىلىشاتتى. ئارنولد شۆنبېرگ (Arnold Schönberg 阿诺尔德•施恩伯格) نىڭ ئاۋازشۇناسلىق ئاساسىدىكى زامانىۋىلىقىنى شاڭخو قىلىشاتتى. ئوسكار كوكوشكا (Kokoschka Oskar 奥斯卡•科科契卡) نىڭ بوياق ئاساسلىق ئۇچۇق رەڭلىرىنى، خوفمانستار بىلەن شىنىتزلېرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ قوشۇپ شاڭخو قىلىشاتتى. بۇ بايۋەتچىلەر ۋېيېننادا تەنقىتلەشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر بەكلا كۆپ بىر يەر دەپ قارىشاتتى.

ياش ۋاقتىدىكى ھىتلېر كۆرۈنۈشتە ھەشەمەتلىك بولغان بۇ شەھەرنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىپ بېقىش مەقسىتىدە بەزىدە خۇدىنى يوقاتقىچە بېرىلىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتسە، يەنە بەزىدە بۇ شەھەردىن يىرگىنىپ زېرىكىپلا كېتەتتى. كۇبىزېك، ھىتلېرنى جەمئىيەتكە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قارايدىغان قەلبى سۇنغان بىر كېسەلمەن ئادەم دەپ ھېساپلايتتى. ئۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش پىلانى بەكلا ئۆزگىرىشچان ئىكەن. ئۇ بەزىدە مېدىلىن (梅德林) رايونىغا بېرىپ ئىشچىلارنىڭ ئائىلىلىرىنى “تەتقىق” قىلىپ كەلسە، يەنە بەزىدە لىنگىر (林格) كوچىسىدىكىلەرنى تەكشۈرۈپ سائەتلەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. پاسكىنا ھەم كىچىك ياتىقىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، بۇ پايتەخت شەھىرىنىڭ لايىھىسىنى باشقىلاتىن سىزىشقا

كىرىشەتتى. بۇ يىگىت ئۆزىنى بىر شەھەر قۇرۇلۇشى لايىھىلىگۈچىسى ھەم بىناكارلىق ئىنژېنېرى ھېساپلاپ كېتەتتى. ئۇ تار ئۆيدە ئىشىك بىلەن پىيانو ئارىسا ئالدى-كەينىگە توختىماي ماڭغاچ كۇبىزېكنى ئۇنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس "ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزۈپ چىققان شەھەر لايىسى" پىلانىنى ئاڭلاشقا زورلايتتى. بىر قېتىم، ئۇ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيگە قايتماي يوقاپ كېتىدۇ. قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇ "ئائىلىلىكلەر رايونىنى پۈتۈنلەي تۈزلۈۋېتىش كېرەك" دېگىنىچە كېچىچە ئولتۇرۇپ ئىشچىلار ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ ئۈلگىسىنى لايىھىلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئاخشاملىرى ئۆيىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىردىن-بىر چىراق — ئۆيدە بار بىرلا كىرسىن لامپىسى ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئۈستەلگە قاراپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ پىلدىرلاپ تۇرغان چىراق يورىقىدا بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە يېزىۋاتقانلىقىغا قىزىققان دوستى، نېمە يېزىۋاتىسەن دەپ سورىغىنىدا، ھىتلېر ئۇنىڭغا ئىجىر-مىجىر رەسىملەر سىزىلغان نەچچە ۋاراق قەغەزنى سۇنىدۇ:

بۇ رەسىملەردىن بىرىدە ئارقا كۆرۈنىشى "ھەيۋەتلىك تاغ"؛ ئالدى تەرىپى چوڭ بىر خاتىرە تېشى، ئەتراپى پىكۇس دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان؛ ئىككى نەپەر بەستلىك پالۋان ھەيۋەتلىك بىر قارا بۇقىنىڭ كاللىسىنى ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىگە بېسىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە قارا پەرىجىلىك بىر روھانى تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىغا ئۇزۇن بىر

قېلىچ تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، بايىقى بۇقىنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ تۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر مۇنچە ئۇزۇن ساقاللىق كىشىلەر قىزىقىپ قورشىۋالغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولىدا نەيزە ـ قالغان، پوپقا تىكىلىپ قالغان ئىدى.

كۆبىزېك بۇ رەسىمدىن ھېچ نېمىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر، بۇ بىر تىياتىر كۆرۈنىشى دەيدۇ. ئۇ، ھاياجانلانغان ھالدا خىرىستىيان دىنىنىڭ باۋارىيىگە تارقىلىش ۋاقتىدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، تاغلىقلار بۇ دىننى قوبۇل قىلىشنى خالىماي بايىقى تىك تۇرغان دىن تارقاتقۇچىنى ئۆلتەرمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھىتلېر بۇ تىياتىرنى زادىلا يېزىپ پۈتتۈرەلمەيدۇ. قالغىنىچۇ؟ مەسىلەن رەسسام مورىلوۋ (穆利洛) نىڭ بالىتى ئۈچۈن سىزغانلىرى، ئۇ، بۇلارنى تەسۋىرلەپلا بەرگەن بولۇپ، بەزىلىرىنى تېخى يېڭىلا باشلاپ قويغان، تەسۋىرلەرنىڭ كۆپۈنچىسى گېرمان رىۋايەتلىرىدىن ياكى نېمىس تارىخىدىن ئېلىنغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ بەزىدە تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇپ چىقاتتى. تاڭ ئاتقاندا ئارگىنالىنى كۆبىزېكنىڭ كارىۋىتىغا تاشلاپ قوياتتى ياكى ئۇنىڭغا بىر نەچچە ۋارىقىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ئويۇنلارنىڭ تەسۋىرلىرى جەننەتتىن جەھەننەمگىچە بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئويۇنلارنى سەھنىلەشتۈرۈشكە بەكلا كۆپ پۇل كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرغا سەل ئاددى نەرسىلەرنى يازساڭ بولمامتى، مەسىلەن سەھنە كۆرۈنىشى بولمىغان تىياتىر يازساڭ، دەپ مەسلىھەت

www.pidaw.biz

بېرىپمۇ باقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى ھىتلېرنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشىپ قالاتتى.

بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، كۇبىزېك ئىختىيارسىز يەنە بىر ئىشنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋاگنېر ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا، ئادولفنىڭ نەرسىلىرىنى رەتلەۋاتقىنىدا ئۇنىڭ يازغان ۋىلان (维兰) بىلەن سىمىت ھەققىدىكى مۇزىكىلىق تىياتىرىنىڭ لايىھىسىنى كۆرۈپ قالغان.

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا، كۇبىزېك سىرتقا چىقىپ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ كىرگىنىدە، ھىتلېرنىڭ پيانو ئالدىدا ئولتارغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا: "مەن ۋىلان (维兰) نى بىر مۇزىكا ئوپېراسىغا ئايلاندۇرۇپ يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن" دېگەن. بۇ ئوپېرانى يېزىپ پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن مۇزىكىسىنى ساڭا پيانودا ئورۇنداپ بېرىمەن دەيدۇ. ئۇ، "سەن ماڭا بۇ مۇزىكامنى نوتىغا ئېلىپ، تېگىشلىك تۈزىتىشلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باھايىڭنى يېزىپ كۆرسىتىسەن" دەيدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر كىرىش قىسمىنىڭ ئاھاڭىنى چېلىپ بېرىدۇ. ئاندىن دوستىنىڭ باھالىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. كۇبىزېكنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاھاڭ ۋاگنېرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاساسى تېمىسىنى يەنىلا يامان دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا بۇلارنى شېئىر شەكلىگە كەلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر دوستىنىڭ قىلغان ئۆزگەرتىشكە رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ

www.pdfaly.biz

ئۆزى كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ ئاھاڭ تۈزۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سەھنە كۆرۈنۈشى بىلەن ئارتىسلارنىڭ كىيىمنى لايىھىلەپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە چالا كۆيدۈرۈلگەن ياغاچ بىلەن باش قەھرىمانىنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزىپ چىقىدۇ. ئاخشىمى ئادولف بىر تەرەپتىن ناخشا تېكىستلىرىنى يازغاچ، كۇبىزېكنى كۆرىۋاتامدۇ قانداق دەپ ئۇنىڭغا قارايدۇ. قارىسا دوستى بىر خىيالدا يوق ئۇخلاۋاتقان، شۇڭا ئۇ دەرھال دوستىنى ئويغۇتۇپ، يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا ئاۋازىنى پەسەيتىپ يازغانلىرىنى دېكلىماتسىيە قىلىپ بېرىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئوپېرا ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ باشقا جىددى ئىشى چىقىپ قالغان بولىشى ياكى ئىجادىيەت ھەۋىسى بېسىققان بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشقا ئىككىنچىلەپ قول ئۇزاتمايدۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە بۇ ھەقتە كۆپ بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ ھەقتە پەقەتلا بىر نېمە دېمەس بولىۋالىدۇ.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، كۇبىزېك يۇرتىغا قايتىپ پاسخا بايرام كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە كېتىدۇ. ئادولفقا يازغان خېتىدە كىرسىن چىرىقى تەسىرىدىن بولسا كېرەك، خولىرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، بەلكىم ۋىسبانوۋ (维斯巴诺夫) غا قايتقىنىدا كۆزئەينەك تاقاپ كېلىشىنى كۆرىشى مۇمكىنلىكىنى يازىدۇ. ئادولفقا نىسبەتەن پاسخا كۈنى بەكلا مەنىسىز، بەكلا زېرىكىشلىك ئۆتكەن ئىدى. شۇ يىلى (1908-يىلى) پاسخا

بايرام كۈنىسى 19 ـ ئاپرېل (ئۆمۈت) غا توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 19 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنىڭ بىر كۈن ئاۋالقى كۈنى بۇ بايرام بولغان ئىدى. ئۇ گۇستىلغا يازغان جاۋاب خېتىدە بەكلا ئېغىر غەمدە قالغانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا قىزىقچىلىق قىلىپ "كۆزۈڭنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلگىچە كۈلدۈم، ئەندى سەن پيانو توچكىلىرىنى باسقىنىڭدا، ئاھاڭ تىللىرى كۆزۈڭگە قوش كۆرۈنۈپ خاتا باسىدىغان بولۇپ قېلىشىڭ، ئاخىرىدا بىراقلا قارىغو بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. مەنمۇ ساڭا قوشۇلۇپ ساغرو قۇلاق بولىۋالارمەن. ئامال يوق!" دەپ يازىدۇ.

گۇستىل، لىنز سەھرالىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قايتقىنىدىن كېيىن، ستومپالاس (斯通帕加斯) تىكى ئۇ ياتىقى بارغانسىرى زىرىكىشلىك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېرغا يېزىلارنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ كەلسەك دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى ئىسسىق باھار كۈنلىرىدە ۋېينىنا ئورمانلىقىغا بېرىپ نەچچە ھەپتە تۇرۇپ ئارام ئېلىشىدۇ. ئۇلار يەنە قېيىققا ئولتۇرۇپ دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ دەريا ساياھىتىمۇ قىلىشىدۇ. بەزىلەر بۇنداق پەسىللەردە ياشلارنىڭ ھېسسىياتى قوزغىلىپ شوخلىشىپ كېتىدۇ دەپ قارىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى يىگىتنىڭ تۇرمۇشى جىنسى ھاياجانلىنىشتىن يىراق دېگىدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار پىيادە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، قىزلار ئۇلارغا كۆز تاشلاپ قۇۋلۇق قىلىپ جەلىپ قىلىشقا ئۇرۇناتتى. كۆپىنچە دەسلىۋىدە بۇنداق ئىش يۈز بەرگىنىدە ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزىگە

www.pdaiy.biz

ئىشپەش تارتىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى. كېيىن بىلدىكى، ئۇ قىزلار ئەسلىدە ئادولفقا كۆز تىكىپ يۈرگەن ئىكەن. ئەمما ئادولف ئۇ قىزلارغا سوغۇق قاراپ قويۇپلا كارى بولماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇلار قىزلار بىلەن پەقەتلا مۇناسىۋەت قىلىشمايتتى. ئەمما ئاخشاملىرى ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىدا قىزلار ھەققىدە، مۇھەببەت توغرىسىدا سائەتلەپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. تەبىئىي ھالدا بۇنداق سۆھبەتلەردە گەپ يەنىلا ئادولفنىڭ بولاتتى. ئادولف بۇ جەھەتتە ئىزچىل تۈردە چىڭ تۇرۇپ "ھاياتلىق كۈچى" نى ساپ تۇتۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قارىشىدا، يەنى ئۇنىڭ كاتولىك دىنى تەربىيىسى بويىچە ئالغاندا مەيلى يىگىتلەر بولسۇن ياكى قىزلار بولسۇن نىكا قىلىشتىن بۇرۇن جىسمانى جەھەتتە، روھى جەھەتتە ئۆزىنى قەتئىي پاكىز تۇتۇشنى بىلىشى شەرت ئىكەن. ئەنە شۇ چاغدىلا مىللەتنىڭ ساغلام ئەۋلات قالدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن ئىكەن.

شۇنداقتىمۇ، جىنسى ھەۋەسنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى پات-پاتلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى. ئۇ ھەر دائىم سائەتلەپ جىنسىي چۈشكۈنلۈك ئادەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ، پاھىشىلىككە ئەشەددىيلىك بىلەن قارشى ئىدى. ئۇ پاھىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىنى قاتتىق قارىلاش بىلانىلا قالماي، بۇ جەھەتتە جەمئىيەتنىمۇ قاتتىق ئەيىپلەپ كېتەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك بېرىلىپ تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇلار

تاڭسـسگىت (常迭金特) نىـڭ «باهـار كەلـدى» دېـگەن ئوپېراسىنى كۆرۈپ قايتاشىدا ئادولق گۇستىلنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتقىنىچە: "ئىككىمىز چوقـۇم بىرىـپ 'جىنـايى پاتقـاقلىق' نـى كـۆرۈپ كېلىشـىمىز كېـرەك" دەيـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ، ئـۇلار ئىككىسى قاراڭغۇ تار كوچىدىن بىرىگە شوڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ كوچا سپىتولبۇرگ (施皮特尔伯格) دېگەن كوچا ئىدى. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتـار كەتـكەن ئۇششاق ئۆيلەر بىلەن قاپلانغـان بولـۇپ، ئـۇ ئـۆيلەردە چـىراق يـورۇق، ئىچىـدىكى قىزلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. "قىزلار ئۆي ئىچىدە ئۇچىسىغا تۈزۈك بىر نـېمە كىيىشـمەي ئولتۇرىشاتتى. ــ دەيـدۇ كۇبىزېـك ئەسـلەپ كېلىـپ، ــ ئـۇ قىزلارنىـڭ بەزىلـىرى تىرنـاقلىرىنى پەدازلاپ ئولتۇرغـان بولسـا، يەنە بەزىلـىرى چېچىنـى تـاراپ ئولتۇرۇشـقان، يەنە بەزىلـىرى ئەيـنەككە قـاراپ ئـۆزىنى تـۈزەپ ئولتۇرغـان ئىـدى. ئەممـا ئۇلارنىـڭ كـۆزى يولـدا كېتىۋاتقـان ئەرلەردىـلا ئىـدى." بەزىـدە بىـرەر ئەر كېلىـپ ئـۇ ئۆيلەرنىـڭ بىرەرسى ئالدىـدا توختـاپ ئۆيـدىكى قىـز بىلەن بىـر نېمىلەرنـى دېيىشىپ پاراڭلىشىپمۇ قوياتتى. كەينىدىنلا ئۇ ئەر ئۆيگە كىرىـپ كېتەتتى ۋە چىراقمۇ شۇ هامان ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇ ئىككىسى بـۇ تار كوچىنىڭ نېرىقى ئۇچىغا يېتىپ بېرىپ كەينىگە بۇرۇلـۇپ بـۇ تـار كوچىـدىكى قورقۇنۇچلـۇق مەنزىـرىگە قـاراپ بىـر هـازاغىچە تـۇرۇپ قېلىشـتى. ئـۇلار ياتىقىغـا قايتىـپ كەلگىنىـدىن كېـيىن، ئـادولق قايتىـدىن پاھىشـۋازلىق ھەققىـدە غەزەپلىنىـپ نوتـۇق سۆزلەشـكە كىرىشـىپ كېتىـدۇ: "سـۆرۈن كۆرۈنۈشـلەر، ئەممـا

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بار ئىشلار. سىبلىس بىلەن كۈرەش قىلىش-قىلماسلىق ئىشى ئىرقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ياكى يوقۇلۇش مەسىلىسى بولۇپ، بۇنىڭغا قارار قىلغۇچى كىشى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق.”

تاللاش ئىمتىھانىدا گۇستىلنىڭ نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولغاچقا، مەۋسۇملۇق مۇزىكا كەچلىكىدە ئوركىسترا رېژىسورلۇقىغا ئۇنى تاللىشىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ يازغان ناخشىلىرىدىن ئۈچى خورغا تاللىنىپ، ئالتە بۆلۈملۈك ئوركېستىردا ئىككى بۆلۈمى ئۈچۈن ئۇنىڭ يازغىنى ئورۇندىلىدىغان بولىدۇ. ئارتىسلارنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدە، ئادولف مەغرۇرلانغان ھالدا دوستىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنى تەبرىكلىگەنلەر ئارىسىدا رىژىسورلۇق مەكتىۋىنىڭ مۇدىرىلا بولۇپ قالماستىن، مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرىمۇ بار ئىدى.

ئىيۇل (ئەرەن) نىڭ باشلىرىدا، گۇستىل لىنزغا قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە يازنى ئۆتكۈزۈپ كۈزدە ۋيېنناغا قايتماقچى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۆزى ياتمىغان بۇ كۈنلەر ئۈچۈنمۇ ياتاق پۇلىنىڭ يېرىمىنى مەن تۆلەيمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ھىتلېر بولسا، ئۆزىنىڭ كېيىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ھەققىدە دوستىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئەمما بۇ دوستى ۋيېننا ئوركىستراسىيېرىنىڭ ئىسكروپكىچىسى بولۇپ تاللانغىنىدىن كېيىنلا ئۆي ئىجارىسىنىڭ

www.pidaw.biz

يېرىمىدىن ئارتۇقىنى مەن تولەي دەپ تۇرىۋېلىشى ھىتلېرنى بەكلا رەنجىتكەنىدى. كىشىلەرگە يول قويۇشقا ئادەتلەنگەن گۇستىل، ئادولفىنىڭ بۇنداق قوپال مىجەزلىرىگە ئاللىمۇقاچان كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئادولفىنىڭ رەنجىگەنلىكىگە ئارتۇق بىر نېمە دەپ يۈرمەي ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنىڭ خوشاللىقى ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. ۋېيسبانوۋ (维斯巴诺夫) پويىز ئىستانسىسىدا ئادولف دوستىغا ستومپالاس (斯通帕加斯) تا يالغۇز ئايلانغانلىقى قىلچە مەنىسى بولمايدىغانلىقىنى يۈز قېتىملاپ دېگىدەك ئېيتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ (ئۇ قانچىكى ھاياجانلانسا، شۇنچە سوغۇققان بولۇپ قالاتتى). ئاندىن ئۇ، تۇيۇقسىز دوستىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە بىر دەم تۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ بۇرۇلغىنىچە كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالىدۇ.

گۇستىل لېنزدىن ھىتلېرغا بىر پارچە ئاتكىرتكا ھەم بىر پارچە خەت سالىدۇ. كېيىن ئۇمۇ ھىتلېرنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ھىتلېر جاۋاب خەتتە "ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئىككى- ئۈچلەرگىچە ئىشلەۋاتقانلىقى" نى يازىدۇ. ئۆزىمۇ سىپتالغا يازلىق دەم ئېلىشقا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا خەت يازىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ خېتىدا يەنە مۇنداق دەپ پۇرۇتۇپمۇ قويىدۇ: "ئەگەر ھەددەم مېنى كۆرگىلى كېلىپ قالسا بەلكىم بارماسلىقىممۇ مۇمكىن." ھىتلېر بۇ يەردە ھەددەم دەپ ئانگېلانى كۆزدە تۇتقان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ھەدىسى بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى

ھىتلېرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئادولفتىن خەت كەلمەيدۇ. ئاخىرى، 20-ئىيۇل (ئەرەن) دا ئۇنىڭدىن خەت كېلىدۇ. بۇ خېتىدە ئېيتقانلىرى بىلەن ئېيتمىغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھىتلېرنىڭ تۇرمۇشى بەكلا غەلىتە، بەكلا يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشىمىزغا بولىدۇ. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

قەدىرلىك دوستۇم:

ئۇزۇندىن بېرى ساڭا خەت يازماي كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلغانسەن. بۇنىڭ سەۋەبى بەكلا ئاددى: مەن ساڭا يازغىدەك ھېچقانداق بىر ئىش قىلالمىدىم. سېنىڭمۇ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن يەنىلا ۋيېننادا تۇرىۋاتىمەن. بىر يەرلەرگە بېرىش نىيىتىممۇ يوق. مەن بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئۆي ئىگىسى ساكلىس (查克雷斯) مۇ ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. مەن بۇ يەردە رەسمى بىر كۆچمەن تۇرمۇشىنى ياشىماقتىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا خوشالمەن. مېنىڭ بىرلا غېمىم بار: ئەتىگەن تۇرۇشۇم ئۈچۈن مېنى ھەر دائىم ئويغۇتۇپ قويىدىغان ساكلىس (查克雷斯) خانىم يوق. ئىشىمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئەتىگەن تۇرۇشقا كۆنۈپ قالدىم. مانا ھازىر ئۆزەمنى ئۆزەم باشقۇرۇپ كەلمەكتىمەن. لىنزدىن قانداق خەۋەرلەر بار؟

ئادولف، دوستىدىن لىنز ساياھەت خەرىتىسى بىلەن دوناي دەرياسىدا قاتنايدىغان پاراخوتلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى ئەۋەرتىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ.

www.pdfdaily.biz

... بولمىسا مەن ھېچ بىر خەۋەرگىمۇ ئېرىشەلمەي قالىدىكەنمەن. بۈگۈن ئەتىگەن، كارىۋىتىمدا بىرمۇنچە چوسۇينى ئۆلتەردىم. ئۇلار مېنىڭ قېنىم ئىچىدە بوغۇلۇپ ئۆلدى. مانا ھازىر مېنىڭ چىشلىرىم 'ئىسسىقتا چىدىماي' توختىماي كاسىلدىماقتا، ھەيرانمەن، بۇنداق سوغۇق ياز مەۋسۇمى ۋيېننادا بەكلا كام كۆرۈلىدىغان ئەھۋال.

شۇ ئايدا، ئادولف ھاۋاسى دىمىق، پۈتۈن ئەتراپىنى چۈسۈي قاپلاپ كەتكەن ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋغۇست (چايان) ئېيىدا ئۇ كۈبىزېككە يەنە بىر پارچە خەت سالىدۇ: بۇ كۈنلەر ھەقىقەتەنمۇ مەنىسىز ئۆتمەكتە، ھەر دائىمقىدەك يالغۇزچىلىق، دەپ يازىدۇ بۇ خېتىدە. ئۇنىڭ بۇ خېتى پۈتۈنلەي دېگىدەك ئىملا خاتاسى بىلەن جۈملە خاتاسىغا تولغان بولسىمۇ، پۈتاق چىقىرىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان كۈبىزېكنىڭ قارىشىدا بۇ خەت ئىنتايىن پۇختا يېزىلغان بىر خەت ھېساپلىنىدىكەن. يەنى ھېتلېرنىڭ بۇ خېتى، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئىچىدە مەزمۇنى ئەڭ باي بىر پارچە خەت ھېساپلىنىدىكەن. بۇ خەتتە ھەقىقەتەنمۇ بەزى مەلۇماتلار، بەزى تۇيغۇلار بار ئىدى. خەت قەدىناس دوستۇم! دەپ باشلانغان بولۇپ، خەت يازالمىغانلىقى سەۋەپلىك ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان. خەت يازالمىغانلىقىغا ھەرقانچە سەۋەپ كۆرسىتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەسلى مەسىلە، يازغىدەك بىرەر ئىش ئەقلىگە كەلمىگەنلىكى، ئەندى ئۇنىڭ خەت يازماقچى بولىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە خەۋەر تېپىپ قويغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن بۇ خەتنى يېزىپ ئولتارغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇ خەۋەرلەردىن بىرسى، ئۇي ئىگىسى موماي،

www.pdfaly.biz

ئۇنىڭ يوللىغان ئۆي ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا قاتتىق رەخمەت ئېيتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، بۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى ھەردائىم خاتا يېزىۋالاتتى. ئەمما بۇ قېتىمقى خېتىدە توغرا يازالىغان. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ كاناي ياللۇقى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تېخى يېقىندىلا تۈزەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ يازغان. ئۇ يەنە ھاۋارايىغا چاخچاق قىلىپ "بۇ كۈنلەردە ھاۋا ئىنتايىن ياخشى، يەنى پات يېقىندا يامغۇرلۇق كۈنلەر باشلىنىدۇ، ئىنتايىن ئىسسىق بۇ كۈنلەر ئۈچۈن تەڭرىگە رەخمەت" دەيدۇ. ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىشلاردىن بىرسى، لىنىز دائىرىلىرى يېڭىدىن تىياتىرخانا سالماي (بۇ ئىش ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئىدى) خارابە بىنانى رېمونت قىلىشقا تۇتۇش قىلغانلىقى ئىدى، ئەگەر ئۇلار راستىنلا يېڭىدىن تىياتىرخانا سالغىدەك خىيالغا كېلىلىسە ئىدى، پۈتۈن سۇ ئايغىرلىرىمۇ ئىسكروپكا چالالىغان بولاتتى (كۈن غەرىپتىن چىققان بولاتتى دېگەن مەنىدە ــ ئۇ.ت) دەيدۇ.

ھىتلېر يەنە ئۆزىنىڭ ۋېيىنادىن ئايرىلىپ سىپتالغا بارماقچى بولىۋاتقانلىقىنى، "ئېھتىمال شەنبە (ئازناراس، ئاتارۇت، ئاررۇ) ياكى يەكشەنبە (پازار) كۈنلىرى يولغا چىقماقچى" بولىۋاتقانلىقىنى، ئاۋغۇست (چايان) نىڭ ئاخىرلىرىدا سەھرا ھاۋاسىنىڭ پەيزىنى چىقارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. خېتىدە ئۇنىڭدىن باشقا خەۋەر يوقلىقى ئېيتىلغان. بارغانسىرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بۇ تۈر بېسىملار ئۇنىڭ ۋېيىنادىكى تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، بۇ تۈر بېسىملارنىڭ

جوھاننا ھەدىسىدىن كېلىدۇ دەپ قارىغان. ئەمما پاۋلا بۇ ھەقتە ئەسلەپ كېلىپ، "ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مەمورى كادىر بولۇشىغا بېرىلگەن مەسلىھەتلەرمۇ بىكار بولۇپ چىقىدۇ" دەيدۇ. ھەتتا بۇ سىڭلىسىمۇ ئاكا بولغان بۇ ئادەمدىن رەنجىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم. بۇ ۋاقىتلاردا پاۋلا 12 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن قاتتىق زېرىككەن. بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار تىزىملىكىدىنمۇ زېرىككەنلىكىنى ئېيتىدۇ (بۇ كىتابلار ئارىسىدا «دون كىخوت» مۇ بار بولۇپ، بۇ تىزىملىك ئاكىسى ۋىيېننادا تۇرغان ۋاقتىدا ئەۋەرتىلگەن. "تەبىئىكى، ئۇ مېنىڭ ئاكام، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىچىمدىلا قارشى تۇرالىشىم مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بوي سۇنماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. ئەسلىدە بىز ئىككىمىز قېرىنداش، ھەر دائىم جىدەللىشىپ يۈرگەندەك قىلساقمۇ بەربىر بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيتتۇق، ئەمما بىرلىكتە ياشاشقا توغرا كەلگەن كۈنلەردە ھەر دائىم بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپلا يۈرەتتۇق" دەپ ئەسلەيدۇ پاۋلا.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە سۆيگۈ باردەك قىلسىمۇ، بەربىر بىر-بىرسىنى تولۇق چۈشىنىشمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۈزۈكىرەك ئورتاق يەرلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇرۇن ئانگېلا ۋە ئالويسچىكلار بىلەنمۇ شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولغان. مانا ئەندى پاۋلا بىلەنمۇ شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. شۇ يىلى يازدا سىپتالدا يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك ھىتلېرنىڭ ياشلىق باھرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئائىلىسىدىكىلەر ئادولفنى پايدىلىق بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈيلىنىپ كۆرۈشى ھەققىدە مەسلىھەت قىلغىنىدا ئادولف رەت قىلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئادولف ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان بەختلىك ئەسلىملەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن سىپتال ئۇنىڭ خاتىرجەم بېرىپ كېلىدىغان يۇرتى بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ، تۆتىنچى قېتىم ۋيېنناغا سەپەر قىلغىنىدا ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن يولغا چىققان ئىدى.

سىنتەبىر (ياچاق) نىڭ ئوتتۇرلىرىدا، يەنە بىر قېتىم سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تاپشۇرغان رەسىملىرى، بۇ بىر يىللىق يالغۇز بېشىغا تىرمىشىپ يۈرۈپ سىزغان رەسىملىرى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ. ھەتتا ئىمتىھانغا قاتنىشىشى ئۈچۈنمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم رەت قىلىنىشىدىن ئالغان روھى زەربىسى ئۇنىڭ بۇنىدىن كېيىن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش-داۋاملاشتۇرالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭ تۇرىۋاتقان ستومپالاس (斯通帕加斯) تىكى ئۇ ئۆيى، ئاپىسىدىن قالغان بارلىق مىراسلىرىنى يەپ تۈگەتكەن ئىدى. گەرچە ئۇمۇ ئاپىسىنىڭ بىر قىسىم مىراسىغا ئېرىشەلىگەن، بۇنداق بىر مىراسقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ راس-يالغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ مىراس ئۇنىڭ ۋيېننادا يەنە بىر يىل ياشىشى ئۈچۈن يەقەتلا يېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى

قىلماقچى بولغان ئىشى ئىجارىسى تېخىمۇ ئەرزان بولغان باشقا بىر ئۆي تېپىش بولىدۇ. نويابىر (ئوغلاق) ئوتتۇرلىرىدا ساكلىس (查克雷斯) خانىمغا ئۆيىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ ئايقى تۆلىنىدىغان بىر كىشىلىك ئىجارە ھەققىنى تۆلىۋېتىدۇ. گەرچە ئۇ كۇبىزېكنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئازىراق كۈتۈپ باققان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئىلىك بولسىمۇ خەت تاشلاپ قويماي، ۋىسباسىنوۋ (维斯巴诺夫) نىڭ نېرقى ئۇچىدىكى قاپقاراڭغۇ بىر بىناغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەر فېرباخ (费尔伯) يولىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرغان بىناسى فۇسان (俯瞰) تۆمۈريول مەيدانىدا ئىدى.

ئادولف، 18ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنىسى، ساقچىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى تۇرغان ئادرىسىنى تىزىملىتىپ چىقىدۇ (يېڭى ئادرىسنى تىزىملىتىش ئاۋسترىيە بىلەن گېرمانىيىدە بىر قائىدە بولۇپ، ئۆي كۆچكەندىن كېيىن چوقۇم تىزىمغا ئالدۇرۇش شەرت ئىدى). ئۇ، جەدۋەلدىكى كەسپى دېگەن كاتەكچىنى ”رەسسام“ دەپ توشقازماي ”ئوقۇغۇچى“ دەپلا يېزىپ قويىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە دوستىمۇ ۋيېنناغا يېتىپ كېلىدۇ. كۇبىزېك سىپتالدىكى ۋاقتىدا ھىتلېر ئۇنىڭغا بىر پارچە ئاتكىرتكا ئەۋەرتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ”ساڭا بىر ئۆمۈر چىن قەلبىمدىن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن“ دېگەندىن باشقا گەپ يېزىلمىغان ئىدى. شۇ كۈندىن كېيىن كۇبىزېك ھىتلېردىن بىرەر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا كۆنۈك بولغاچقا، ۋيېنناغا بارغىنىدا چوقۇم

ئالدىمغا چىقىپ مېنى كۈتىۋالىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما پويىز ئىستانسىسىدا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىرى بولماي ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن يولغا چىقىپ ستومپالاس (斯通帕加斯) 29 ـ نومۇرغا يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر كۆچۈپ كېتىش ۋاقتىدا نېمىشكە بىر ۋاراق بولسىمۇ خەت تاشلاپ كەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي ھەيران بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان يېڭى ئادرېسىنى ساكلىس (查克雷斯) خانىمغا تاشلاپ قويۇپ ياتىقىغا كېتىدۇ. ۋاقىت ھەپتىلەپ ئۆتمەكتە، ئەمما تېخىچىلا ھىتلېردىن خەۋەر يوق. ئۇ پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. يا بولمىسا ئۇنى بىلمەستىن رەنجىتىپ قويغان يېرى بارمىدى؟ بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇ ئىككىسى يەنىلا يېقىن دوستلاردىن ئىدى. كېيىن يازغان خەتلىرىدىمۇ ھېچقانداق بىر قۇرساق كۆپىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدىغۇ؟

كۇبىزېك لىنزغا يەنە بىر بېرىشىدا ئادولفنىڭ ھەدىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ھىتلېرنىڭ ۋيېننادىكى يېڭى ئادرېسىنى سورايدۇ. ھەدىسى ئانگېلا قوپال بىر شەكىلدە مەندە ئۇنىڭ ئادرېسى يوق، ئۇ ماڭىمۇ خەت يازمىدى، دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئانگېلا كۇبىزېكتىن رەنجىپ، ئىنىمىنىڭ رىياللىقتىن قېچىپ يۈرىشىدە سېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەڭ بار دەپ دوق قىلدۇ. ئەمما كۇبىزېك ئۇنىڭغا، سەن ھېچ نىمىدىن خەۋىرىڭ يوقلا يولدىشىڭنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ بىر نېمىلەر دەيدىكەنسەن،

دەپ چىڭ تۇرۇپ دوستىنىڭ يېنىنى قىلىدۇ. ئۇ ئانگېلا بىلەن كېلىشەلمەي گەپمۇ قىلماستىن بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالىدۇ.

ئادولف، شۇندىن تارتىپ كۇبىزېك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە خاتىمە بەرگەن ئىدى. ھەتتا ئۇ لىنزنى، يۇرتىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشنىمۇ ئۇنۇتقان ئىدى. ئادولفنىڭ كۇبىزېككە بولغان ھېسسىياتى كۇبىزېكنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىدەك ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھېچ بولمىغاندا شۇ ۋاقىتقىچە بولسىمۇ بىر دەۋرنى تاماملىغان بىر مۇناسىۋەت ئىدى. ئۇندىن باشقا، گۇستىل ئوقۇشىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىرسى ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھىتلېر مەغلۇپ بولغان بىرسى ئىدى. 1909-يىلىنىڭ 20-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنىسى، ھىتلېر، فېرباخ (费尔伯) كوچىسىدىكى ئۇ قورقۇنۇچلۇق بىنا ئىچىدە ياپمۇ-يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ 20-تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەيدۇ. ئايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ بارماقتا، ھىتلېرمۇ ئەتراپىدىكى قىلچە ھاياجان پەيدا قىلالمايدىغان مۇھىتقا چىداپ لىنزدىكى ۋاقىتلىرىدا قىلغان پانتازىيىلىك خىياللىرىدەك خامخىياللار ئىچىدە ياپ-يالغۇز، جىمجىتلىق ئىچىدە بۇ مەنىسىز كۈنلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەمما ھېچ كىم بىلەن يېقىنلىشىشنى خالىمايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ بېرىدۇ. ئۇ يەرگە يېقىن بىر يەردىكى ئاشخانىدا [كۇباتا (库巴达) ئۆز كۆچىگە

www.pdaily.biz

تايىنىش رېستورانتى دېگەن ئاشخانا] كاسسىغا قارايدىغان بىر ئايال ھىتلېردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولۇپ، "ئۇنىڭ مىجەزى يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بەكلا تىنچ، كىتابقا بەكلا ئامراق، ئۆزىنى تۇتىۋالغان بىرى بولۇش بىلەن قالغان ياشلاردىن تولىمۇ پەرقلىنىپ تۇراتتى" دەيدۇ. ئۇ ئايال ئادولفنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭغا پات-پاتلا ھەقسىز چوڭ بىر پارچە قازان كاۋىپى بېرىپ تۇراتتىكەن.

كۆز يېقىنلاشقىنىدا، ھىتلېرنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئېغىرچىلىق چۈشۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئايلىق ئېلىپ تۇرىۋاتقان ياردەم پۇلىدىن باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە كىرىمى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ فېيىرباخ (费尔帕) كوچىسىدىن ۋىسىبانوۋ (维斯巴诺夫) نىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى كىچىكرەك بىر بىناغا كۆچۈپ كىرىۋالىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئادرېسى سەيسوۋس (塞斯奥塞) كوچىسى 58-نومۇر بولۇپ، ئۇ بىنانىڭ 21-نومۇرلۇق چاققان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە جايلىشىدۇ. بۇ يەرمۇ خۇددى بۇرۇن تۇرغان يېرىدىكىدەك بەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىر يەر ئىدى. تار يوللاردا ترامۋايلار تىنىماي تاقىراقشىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. 22-ئاۋغۇست (چايان) كۈنىسى، ھىتلېر ساقچىغا بېرىپ يېڭى ئادرېسى ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى "يازغۇچى" دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇ بىر ئاي بولمايلا خېلى يامان ئەمەس ھېسابلىنىدىغان بۇ ياتاقتىنمۇ چىقىپ كېتىپ، چېكىدىن ئاشقان نامراتلار مەھەللىرى ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئادرېس قالدۇرماي يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ساقچىدىكى

تىزىملىتىش جەدۋىلىنىڭ "كېيىنكى ئادرېسى" دېگەن كاتەكچىنى ئاق تاشلاپ قويىدۇ. "قاچان كۆچۈپ چىقسەن" دېگەن يېرىنى "ئېنىق ئەمەس" دەپلا توشقۇزۇپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ يانچۇقى قۇپ-قۇرۇق، ئىشلەپ پۇل تېپىشنىمۇ خالىمايتتى. شۇندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي جەريانىدا ئۇ بېشى قايغان يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ رەسمىلا بىر تىلەمچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بەزىدە باغچىدىكى ئورۇندۇقلاردا ياكى قايسى بىر بىنانىڭ تېگىدە يېتىپ-قوپۇپ يۈرىدۇ. بىر مەزگىل پلات (普拉特) يەنى دوناي دەرياسى بويىدىكى مەشھۇر باللار ئويۇنچۇق باغچىسى ئۇنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان ئۆيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتسە باغچىدىكى لەمپىلەردىن بىرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ھۆل بولۇشتىن ساقلىناتتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئۇ يىلى قىشمۇ بەكلا بالدۇر كىرىدۇ. 1909-يىلى ئۆكتەبىر (ئوغۇز) نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىرەر يەردە ياتقىدەك ئۆي تېپىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قاۋاقخانىلاردا، پاسكىنا كاتەكلەردە ياكى بەكلا ئەرزان ناچار ياتاقلاردا يېتىپ قوپۇشقا باشلايدۇ. ئۇ، بىر قېتىم كايسېر (凯撒) كوچىسىدىكى بىر قەھۋەخانىدا قونۇپ چىقىدۇ، يەنە بىر قېتىم ئېيرپوگ (埃尔伯格) كوچىسىدىكى بىر يەھۇدىي خەيرچى ئاچقان ئىسسىق ھۇجرىدا قونىدۇ. يەنە بىر قېتىمدا، قايسى بىر ئەمگەك مەيدانىدا بىر كىشىلىك ياتىدىغان يەر تېپىۋالىدۇ. ئۇ يەر بەكلا پاسكىنىچىلىق بىر يەر بولۇپ، ئۆيى يوق نۇرغۇنلىغان يېتىمچىلار بىلەن بىرگە يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ

www.pidaw.biz

يەردە ئۇخلاش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك پاسكىنا ئىدىكى، نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق باللارنىڭ تىنماي يىغا ـ زار قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇمۇ ئازلىق قىلغاندەك، مەس زابويلار تاڭ ئاتقىچە ئاياللىرىنى دۇمبالاپ يىغلىتىپ چىقاتتى.

ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئەسلىمىسىدە شۇ كۈنلەر ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۈگۈنمۇ شۇ پاجىئەلىك ئۆۋىلارنى، شۇ يېتىمخانىلارنى، تىلەمچىلەر سورۇنلىرىدىكى غالىلداپ تىترەپ ياتقان كىشىلەرنى، سېسىق پۇراپ تۇرغان ۋەيرانە مەنزىرىلەرنى ئېسىمگە كەلتۈرسەم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ تىترەپ كېتىدۇ. ئۇ يەرلەر ھەقىقەتەنمۇ مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرىدىن ئۆتۈپ چىققان ئالۋاستىلار شەھىرىگە ئوخشايتتى." ھىتلېر شۇنداق دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇرۇنقى تەسۋىرىدىكى ۋېيىننانى بىر دوملاپلا قاپقاراڭغۇ دوزاققا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ. "كەچۈرۈڭلار، ۋېيىننا ھاياتىمدىكى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىمنىڭ بىر يالدامىسى بولۇپ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ." شۇڭا ئۇ، بۇ نامراتلار ئۆيىسىدىن چىقىپ چىركاۋلاردىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگە سائەت 9 دا ئۆينىڭ دەسلەپتە تۇرغان ستومپالاس يېنىدىكى چىركاۋغا بېرىپ ئۇماچقا ئۆچرەت ساقلايدۇ. ئۇنىڭدەك يېتىمچىلار بۇ ئىشنى "كارويىن (卡瑟) نى زىيارەت قىلىش" دېيىشەتتى. كارويىن (卡瑟)، بەلكىم ئۇ

چېركاۋ كاردىنالىنىڭ ئىسمى ياكى سان كارولىن چېركاۋى (圣•卡瑟琳) نىڭ ئىسمى بولسا كېرەك؟

كۆز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگىچە ئۇ ئۇچىسىدىكى پەلتوسىنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولۇپ، قار-شىۋىرغانلىق زىمىستان قىشقا پەلتوسىز كىرىپ تېخىمۇ بەتەر كۆنگە قالىدۇ. روژدىستىۋا بايرىمىدىن سەل ئاۋالقى بىر ئاخشىمى، يېلىڭ كىيىملەر ئىچىدە غالىلداپ تىترەپ مۆكچەيگىنىچە شەھەر يېنىدىكى مېدلىن (梅德林) دېگەن قەلەندەرلەر يىغىۋېلىش ئورنىغا سائەتلەرچە يول يۈرۈپ ئاران ئېلىشىدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا ئۇنىڭ ئايىقى ئۈشۈپ قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىپ هالىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ. بۇ يىغىۋېلىش ئورنى قايسى بىر خەيرى ساخاۋەتچى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادى چىقىمىنى ئېپىنپوستىن (爱波斯坦) جەمەتى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ يەر 1870-يىلى سېلىنغان بولۇپ، كېيىن ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ ئۆتكەن يىلى قايتىدىن ئېچىلغان ئىدى. بۇ يەردە كىرىدىغان ئۆيى يوق كىشىلەر بالا-چاقىسى بىلەن بىرگە ئازىراقلا پۇل تۆلىسە ياتقىدەك بىر ئۆيگە ئېرىشەلەيتتى. كۆچىدىن قالمىغانلار ئۇ يەردە تازىلىق ئىشلىرىغا ئوخشاش ئىشلارغا ياردەملىشىپ كۆنىنى ئالالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ يەر زامانىۋى سېلىنغان بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، پايانسىز كەتكەن تۈز بىر يەردە تىكەندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىنادىكى ئۆيلەر كەڭ-كۇشادە بولۇپ، هاۋاسى ياخشى، كارىۋاتلىرى ھەربى گازارمىلاردىكىدەك نومۇر قويۇلۇپ

قاتار تىزىلغان ئىدى. ئاساسلىق تامىقى بولكا بىلەن ئۇماچ شورپىسى بولۇپ، تويغىچە بېرىلەتتى. ئۇ يەرنىڭ باشقۇرۇلىشى رەتلىك بولۇپلا قالماي كىشىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بىنادا بىر مۇنچە دۇش ئالىدىغان يەرلەر، قاچا يۇيۇش ئورۇنلىرى ۋە ھاجەتخانىلىرى بار بولۇپ، پاك-پاكىز تازىلىنىپ تۇراتتى.

دېكابىر (ئاراي) ئېيىدا، ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر سوغۇقتىن توڭلاپ تىترەپ يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا بۇ يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قوبۇل قىلىنىشىنى كۈتۈپ ئۆچرەتكە تىزىلىدۇ. ئاخىرى دەرۋازا ئېچىلىدۇ. بارغىدەك يېرى يوق بىچارىلار قاتار تىزىلغىنىچە يىغىۋېلىش ئورنىغا كىرىپ، ئىسىم-فامىلىلىرى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ. ئۇششاق باللار ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە قالىدىغانغا ئايرىلىدۇ. ھىتلېرمۇ بىر كارتۇچكىغا ئېرىشىپ، بۇ يەردە بىر ھەپتە قېلىشى ئۈچۈن تەستىقلىنىدۇ. ئۇنى چوڭ بىر ياتاق زالىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۆز ئالدىغا يالغۇز يېتىپ-قوپۇپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر يىگىت ئۈچۈن بۇنداق ئوپچا ياتاقتا يېتىش ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش ئىدى. ئاۋال ئۇ ئورتاق مونچىغا چۈشۈشكە كۆنىشى، پىتلاپ كەتكەن، چۇسۇي قاپلاپ كەتكەن كىيىملىرىنى دورىلاش نومۇسىغا چىدىشى كېرەك ئىدى. ئاندىن ئۇ تەۋە بولغان گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن قاتار تىزىلغىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ ئۇمچى بىلەن بولكىسىنى ئېلىشقىمۇ كۆنىشى كېرەك ئىدى. بىرەر خەيراھ ئورنى تەرىپىدىن

بېقىلىشقا كۆنگەن بىرسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئادەتتە شۇنچە ئەكە ئۆسكەن بىر ياش يىگىتنىڭ بۇنداق بىر يەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىرىنچى قېتىم بۇ تۈردىكى نومۇسقا چىدىيالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. بۇنىڭدەك بىر يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ يىتىم-يېسىرلارغا ياخشى قاراپ، ئۇلارغا ياتقىدەك بىر يەر بېرەلىگىنى بىلەن، بۇنداق بىر يەرگە بىر قېتىم كىردىمۇ-بولدى، شۇندىن كېيىن ئۇنداق بىرسى بۇنداق نامراتلار سېپىدىن ئىككىنچى ئايرىلالماس ھالغا كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنداق يىغىۋېلىش ئورنىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىنى يوقۇتۇپ بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا رەسمى بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىپ بولغان ھېسابلىناتتى. بۇنداق يەرگە يېڭى كىرگەنلەر نومۇس قىلىپ ھە دېگەندىلا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ھېتلېرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ يىغىۋېلىش ئورنىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ تۈر ئوپچىۋاي تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردىكى ھەربى گارنىزونلاردەك چوڭ ياتاقلاردا تىنماي بىر-بىرىنىڭ پېيىدا يۈرۈشەتتى. بۇنداق بىر مۇھىتتا، پاكىز يوتقان-كۆرپىلەرگە ئورۇنۇپ ياتقان ھېتلېر، بىرىنچى ئاخشىمى ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلى يېرىم غەم ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزۇشى تۇرغانلا گەپ.

ياندىكى كارىۋاتتا ياتقان بىر يىتىمچى ھېتلېرغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. ئۇ قەلەندەر ھېتلېرغا بىر ھۆنىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئەگەر بۇ يىغىۋېلىشتا بەلگىلەنگەن بىر ھەپتە قېلىش

www.bilday.biz

مۇددىتىدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالماقچى بولىدىكەنسەن، ئازىراقلا پۇل خەجلىشىڭ يېتەرلىك، يەنى بۇ يەردىن مۇددەتتىن بۇرۇن ئايرىلماقچى بولغانلارنىڭ ياتاق كارتۇشكىسىنى سېتىۋالساڭلا بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ يىتىمچىنىڭ ئىسمى رېيىنخولد ھانىش (Reinhold Hanisch 莱茵霍尔德•汉尼希) بولۇپ، ئۇمۇ بۇرۇن رەسسام بولۇش نىيىتىدە يۈرگەن بىرسى ئىكەن. ھىتلېرنىڭ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلسا كېرەك، ئۇنىڭ گېرمانىيىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى توقىغان ھېكايىلىرىغا قىزىقىپ قالىدۇ. يەنى بۇ ھانىش دېگەن ياش بېرلىندا بىر قانچە يىل ياشىغان ئىكەن. بۇ ئادەم ("بىز ھەر كۈنى چوقۇم كۆرۈشۈپ تۇرالايمىز. گەرچە بەكلا قىيىن كۈنلەردە قالغان بولساقمۇ، يەنىلا روھىمىزنى كۆتىرەڭگۈ تۇتىشىمىز كېرەك" دەپ نەسىھەت بېرىپ تۇراتتى) يېڭى دوستىغا "رېيىن دەرياسىنى قانداق ساياھەت قىلىش" كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ "بۇ دۇنيادا بىز نېمىسلار تەگرىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمىز" دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چاقناپ ئالاھىدە ئۈمىدۋارلانغاندەك ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى، ھانىش ئۇنىڭغا قانداق ياشاش توغرىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەت قاتلاملىرىدا زىمىستان قىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان بىرسى باسقان بىر قەدىمنى ھەرگىزمۇ بىكارغا باسماسلىقى كېرەك ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ

قويماسلىق كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. ئەتىگەن سەھەردە، ئۇ ئىككىسى يىغىۋېلىش ئورنىدىن چىقىدۇ. ئادولف بەكلا يېلىنىڭ كىيىنگەن بولۇپ، سوغۇقتىن تولۇلاپ غالىلداپ تىترەشكە، تولۇلاپ كۆۋرشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار مىلىڭ تەستە كارويىن (卡瑟) غا يېتىپ بېرىپ ئۇماچقا ئولگۇرىدۇ. ئاندىن قايسى بىر ئىسسىق زال ياكى دوختۇرخانا زالىدا بىر قانچە سائەت ئولتۇرۇپ سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ. ئاندىن يەنە قايتا بېرىپ ئازىراق ئۇماچ ئىچىشىدۇ. گۇگۇم ۋاقتىدا، يىغىۋېلىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىقا ئولگۇرۇپ ياتىدىغان جايىغا بېرىۋالىدۇ. ئەگەر دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى بەك ئۇزۇن ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغىنىدا، يولدا بىرەرسىنىڭ قوراسىدا قار سۈپۈرۈپ بېرىش ياكى ۋېستىبانوۋ (维斯巴诺夫) كوچىسىدا بىرەرسىنىڭ يۈك-تاقىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر قانچە تەڭگە پۇل تاپقاش كېلەتتى. ئەمما ھىتلېر بەكلا ئاجىز، چېنىقمىغان بىرسى بولغاچقا، ئېغىر ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايتتى. يۈك كۆتۈرۈپ قەدەم باسقىنىدا ئۇنىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپلا قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئېرىق كولاش ئىشىدىن بىرىگە دۈچ كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇ ئىشقا تىزىملاتماقچى بولۇپ ئالدىغا چىقىدۇ. ئەمما ھانىش ئۇنى توساپ بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ: "سىنىڭ مۇشۇ ھالىڭدا، بۇنداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەنسەن، ئاخشىمى ئورنىڭدىن تۇرالماي يېتىپلا قالىسەن."

ئادولف ئوغرىلىق قىلىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشنىمۇ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا بۇنداق بىر قابىلىيەت يوق ئىدى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ يېنىغا قول سالغىدەك جاسارىتىمۇ يوق ئىدى. كېيىن بۇ يىغىۋېلىش ئورنىدىكى ئەڭ مەرت بىرسى بولۇپ تونۇلۇشقا باشلايدۇ. يەنى، بۇ يەردىكى تىلەمچىلەردىن "ئاق كۆڭۈل سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر" نىڭ ئۆي ئادرېسلىرىنى سېتىۋېلىش بىلەنلا قالماي، ئۇ يەرلەردىن تىلەپ ئالىدىغان پۇلنى تەڭ بۆلۈشىشكىمۇ ماقۇل بولىدۇ. ھىتلېر ئۇنداق ئادرېسلارغا بېرىپ سەدىقە تىلەش جەريانىدا يېنىغا مۇقەددەس ئايەتلەردىنمۇ بىر قانچىنى سېلىۋالاتتى. ئالايلۇق، ئۇ بايىۋەتچىلەر مەھەللىرىدە بىرەر مومايغا دوقۇرۇشۇپ قالغىدەك بولغىنىدا، ئاۋال ئۇ مومايغا "ئىيسا مەسىھىمىزگە مەدىھە ئوقۇيمەن!" دەپ سالام بەرگىنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قايسى بىر چېركاۋنىڭ رەسسامى ياكى ھەيكەلتاراشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھازىر ئىشسىز قالغانلىقىنى ئېيتاتتى. كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق گەپلەر ئۈچۈن بىر-ئىككى تەڭگە تاشلاپ بېرىپ يولىنى داۋام قىلىدىغانلار تېپىلىپ تۇراتتى. ئەمما ھىتلېر بۇ تۈردىكى دىنى باھانىلارنى كۆرسىتىپ تىلەمچىلىك قىلماقچى بولىشى قارشى تەرەپنىڭ رەھىمىنى قوزغاش ئورنىغا غەزىۋىنى قوزغاپ بىر مۇنچە قاتتىق گەپ ئاڭلىۋالىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى. باشقا يەرلەردىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ، چېركاۋنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چېركاۋدا ئۇنىڭغا كىچىك 3 پارچە گۆش

www.pdaiy.biz

تۇتقۇزۇپ يولغا سالاتتى. بەزىدە چېركاۋنىڭ كاردىنالى ئۇنىڭ مەسىھكە مەدىھە ئوقۇش سالىمىنى ئالغىنىدىن كېيىن بىرەر كىرون پۇل تاشلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئەتىسى ئىلاھىيەتچىلەر جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكىن دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ.

ھانىشنىڭ بىر ئىشقا پەقەتلا ئەقلى يەتمەيدۇ: ھىتلېردەك شۇنچە مەلۇماتلىق، شۇنچە ئىقتىدارلىق بىرسى قانداقلارچە بۇنداق قەلەندەر ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ بۇ ھىتلېر دېگەن ئادەم چوقۇم بىر ئىشنى ساقلاۋاتسا كېرەك دېگەن ئويغا كېلىدۇ.

“مەنمۇ بىلەلمىدىم نېمىنى كۈتىۋاتقانلىقىمنى” دەپ روھسىز بىر قىياپەتتە جاۋاپ بېرىدۇ ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئالىغا. ھانىش بۇنچە ئازاپقا قالغان، بۇنچە ئېچىنىشلىق بىر چىراينى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئادولفقا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىرسىگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش خىيالىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ، ھىتلېرنىڭ ئۇرۇغلاپ بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالغىنىغا ئېچى ئاغرىپ قالغان بولۇپ، بۇنداق بىرسىگە ياردەم قىلىپ قويسا، كېيىن ئۇنىڭغىمۇ بەزى ياردىمى تېگىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئاتكىرتكا سىزىپ پۇل تېپىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ھېتلېر ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە قارىتا كېيىم كېچىكنىڭ بەكلا ۋەيرانە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا كوچىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاتكىرتكا سېتىشقا ئىمكانى يوقلىقىنى، ياكى بولمىسا بۇنى ساتىمەن دەپ ئىشىكمۇ-ئىشىك قاتراپ يۈرەلمەيمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

www.bilday.biz

بۇنىڭ غېمىنى قىلما، دەيدۇ ھانس، ئاتكىرتكىنى سېنىڭ ئۈچۈن مەن سېتىپ بېرىمەن. ئەمما تاپقان پۇلنى تەڭ بۆلىشىمىز. شۇنداقتىمۇ يايمىچىلىق قىلىش رۇخسەت قەغىزى بولمىسا ئۇلارنى ساقچىلار قوغلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھانس بۇنىڭغىمۇ ئامال بارلىقىنى ئېيتىپ، قارغۇ ياكى مېيىپ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇششاق قاۋاقخانىلاردا ساتالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرنىڭ يەنە بىر غېمى بار ئىدى: ئۇ پۈتۈن رەسساملىق ئەسۋاپلىرىنى پەلتوسى بىلەن بىرگە قوشۇپ سېتىۋەتكەن ئىدى. چارە تېپىشقا ئۇستا ھانس، بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىلىدۇ. سەن بۇ يەردە تۇققانلىرىم بار دېمىگەنمىدىڭ، ئۇلاردىن ياردەم سورا، قالغان نەرسىلەرنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي دەيدۇ. شۇڭا ئۇ سىلىزىيە (西里西亚) دىكى كىچىك بىر دەللال بىلەن بىرگە ئادولفنى ھېدرىن (海德林) پويېز ئىستانسىسى ئالدىدىكى ئادوپار (阿德伯) رېستورانىغا ئاپىرىدۇ. ھىتلېر بىر تال قەلەم سوراپ ئېلىپ بۇ ئىككى سېتىقچىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆيىدىكىلەرگە (ئېھتىمال قېيىنى ئاكىسىغا) بىر پارچە ئاتكىرتكا ئەۋەرتىپ، پوچتىدىن ئازىراق پۇل ئەۋەرتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھىتلېر پوچتىخانىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. كونۋېرت ئىچىدە 50 كرونلۇق بىر ۋاراق پۇل چېكىمۇ بار ئىدى ("ئۇ كۈنلەردە بۇ پۇل مېنىڭ ئۈچۈن خېلىلا چوڭ پۇل ھېسابلىناتتى" دەيدۇ ھىتلېر). ئۇ شۇنداق خوش بولۇپ كېتىدۇكى، شۇ كۈنى ئاخشىمى يىغىۋېلىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرگە داۋراڭ

قىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋ دوستى ئۇنىڭغا پۇلنى چىڭ ساقلا، بولمىسا ئۇلار سەندىن قەرز سوراپ بېشىڭنى ئاغرىتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ يۆتىلىمۇ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەرھال بىر قىشلىق پەلتۇ سېتىۋېلىش ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ. دوستى ئۇنىڭغا يەھۇدىيلار رايونىغا بېرىپ كومىسيونچىلار ماگىزىنىدىن سېتىۋېلىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەمما ئادولف، بۇرۇنقى پەلتوسىنى سېتىۋالغان ۋاقتىدا يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنمەن دەپ ئويلايدۇ. كېيىن ئۇ ھۆكۈمەت ئاچقان گۆرۈخانىغا بېرىپ 12 كرونغا بىر قارا پەلتو سېتىۋالىدۇ. ھانىش ئۇنى دەرھال ئاتكىرىتكا سىزىش ئىشىنى باشلاشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما ئۇ بىر ھەپتە ياخشىراق دەم ئېلىۋېلىپ ئاندىن باشلايلى دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىۋېلىش ئورنىدا رەسىم سىزىش ئۈچۈنمۇ تۈزۈكرەك بىر يەر يوق ئىدى. مانىنېرھېيم (曼纳海姆Mannerheim) دا بىر بويتاقلار ياتىقى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ شۇ يەرگە كۆچۈپ چىقماقچى بولىدۇ. ئۇ يەردىكى ھۇجرىلار بەكلا كىچىك بولۇپ، يالغۇز تۇرۇشقا ئارانلا يېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئويچىۋاي ئولتۇرۇشقا بولىدىغان بىر زالى بار بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇ يەردە ئۆز ئىشلىرىنى قىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. يەنى ئۇ يەرنىڭ شارائىتى بۇ يەردىكىدىن سەل ياخشىراق ئىدى.

بۇ بويتاقلار ياتىقىنىڭ ئورنى دوناي دەرياسى قىرغىقىدا بولۇپ، 1910-يىلى 9-غېنىۋار (ئۈي) كۈنىسى ھىتلېر ئۇزۇن

www.pidaily.biz

پىيادە يول مېڭىپ ۋىيېننا شەھىرىنى ئوتتۇرسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئۇ يەرگە بېرىۋالىدۇ. ھانىش ھىتلېرنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرگەندىن بۇرۇنقى ئاددى مالايلىق ئىشنى تاشلىغىسى كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېر بىلەن ئۇ يەرگە بىللە بارغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ رايون ۋىيېننانىڭ 20-رايونى بولغان بولۇگىتنوۋ (布里吉特瑙) رايونى ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە بىر سانائەت رايونى بولغاچقا، ئولتۇراق ئاھالە بەكلا قالايماقان، يەھۇدىيلار نوپۇسى لىئوپولد (利奥波德 Leopold) رايونىدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ بىر رايون ھېسابلىناتتى. بۇ يەرمۇ بىر ۋاقىتلىق ئاھالىلار رايونى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرنى ياخشىراق ئىش تېپىۋالغىچە تۇرىدىغان باشلىنىش نوقتىسى سۈپىتىدە پايدىلانماقتا ئىدى. بۇ بىنا دوناي دەرياسىدىن يېرىم چاقىرىمدەك يىراقتا بىر بىنا ئىدى. ئۇ بىنا شۇ لىئوپولد كوچىسىنىڭ 25~27-نومۇرلۇق قوراسى ھېسابلىناتتى. ئۇ بىنادا 500 دەك بويتاق تۇرالايتتى.

بۇ بىنامۇ زامانىۋى سېلىنغان بىر بىنا بولۇپ، سېلىنغىنىغىمۇ 5 يىلدەك بولۇپ قالغان ئىدى. بىنانىڭ ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، ۋىيېننالىق بەزى ئوتتۇرا ھال سىنىپ ئائىلىلىرى بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك بىر بىنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقانىكەن. ئاساسى بىنادا چوڭ بىر تاماقخانا بولۇپ، چىراقلار بىلەن يوپ-يورۇق يورىتىۋېتىلگەن؛ تامنىڭ تۆۋەن تەرىپى بىر مېتىردەك يېشىل چىنىلار بىلەن بېزەلگەن بولغاچقا، كىشىگە ئىللىق تۇيغۇ

بېرەتتى. تاماقلار پۈتۈنلەي سۇپىلاردا بېرىلەتتى. تاماق كارتوچكىسىنى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ماشىنىسىغا كىرگۈزسىلا تاماق ئاپتوماتتىك چىقىپ تۇراتتى. تاماقلارنىڭ باھاسىمۇ بەكلا ئەرزان، سۈپىتىمۇ ياخشى، مىقدارى كۆپ ئىدى. بىر تەخسە قورۇما بىلەن بىر پارچە تاۋاكاۋىپى 19 مىس تەڭگە ئىدى. يەنە 4 تەڭگە ئارتۇق تۆلىسىلا قورساقنى لىق توقلاشقا بولاتتى.

بىر-بىرسىدىن ئايرىم ئۆيلەردە 10 دەك گازئوچاق بار بولۇپ، تاماققا پۇل چىقىش قىلالمايدىغانلارنىڭ ئۆزى تاماق قىلىپ يېيىشى ئۈچۈن قويۇلغان ئىدى. ياتاقتا ياتىدىغانلار بۇ يەردە ھەقسىز قازان-قومۇچتىن پايدىلىنالايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرى تېخىمۇ ئاز پۇلغا تاماق ئېتىپ يېيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تامىقى قومچامغۇر (كارتوچكا) تامىقى بولۇپ، كىشىلەر مەيلى گۆشلۈك بولسۇن بولمىسۇن، قومچامغۇرنى ياغدا قىزارتىپ يېيىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ يەردىكىلەر بىر قانچىسى بىر گۇرۇپ بولۇشۇپ، پۇلى يوقلار تاماق ئېتىشكە، پۇلى بارلار نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولىدىغان قىلىپ ئىش تەقسىم قىلىشىپ تاماق ئېتىپ يېيىشەتتى.

ئاشخانىنىڭ سىرتىدا، 3 قەدەم نېرىسىدىلا بىر قىرائەتخانا بار بولۇپ، ئۇ يەرگە كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن 10 نەچچە ئورۇندۇق-ئۈستەل قويۇلغان. بۇنىڭدەك يەردىن بىرقانچىسى بار بولۇپ، يەنە كۆڭۈل ئېچىش يېرىمۇ بار ئىدى. بىنادا يەنە بىر كۇتۇپخانا، يەنە بىر يېزىقچىلىق بۆلۈمىمۇ بار ئىدى. ئۇ يەردە 10 نەچچە ئادەم ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان

ئىشلىرىنى قىلىشقا بولاتتى. ئۇ يەردە بىر ۋېنگىر قاتتىق قەغەزدىن كارتوچكا ياساپ كۆگۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا، قاۋاقخانىلاردا سېتىپ كېلەتتى. يەنە بىر بوۋاي گېزىتلاردا ئېلان قىلىنغان تويى قىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۈپ دۇكاندارلارغا ساتاتتى. بۇنداق ياتاق بىنالىرىدىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ياتاقلىرى يىغىۋېلىش ئورنىغا قارىغاندا كۆپ پاكىز، ھەم رەتلىك ئىدى. بۇ يەردىكى بويتاقلار ئاساسەن يالغۇز يېتىشنى خالايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتىقى، ئۇزۇنلىقى 7 ئىنگىلىز غېرىچ، كەڭلىكى 5 ئىنگىلىز غېرىچ كېلىدىغان ئىچىگە بىر تار كارىۋات، كىچىككىنە بىر ئۇستەل، بىر كىيىم ئاسقۇ، بىر ئەينەك، بىر كېچىلىك داس سىغىدىغان بەكلا تارچۇق بۆلۈملەر ئىدى. كارىۋاتتا ئۈچ پارچە كىرلىك، يۇڭ بىلەن توشقۇزۇلغان ياستۇق، ئىككى ئەديال بار ئىدى. كىرلىكلەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەر ھەرقانداق بىر تۆۋەن تەبىقە ئادىمى ئۈچۈن بەكلا ئالاھىدە بىر يەر ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆيلەرنى سۆرۈنچىراي تۇرمە ئۆيىمكىن دەپ قالماڭ. ئۆيلەر چىراق يورۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئايرىم دېرىزىسىمۇ بار ئىدى. ھەر قەۋەتتە بىر مۇنچە قاچا يۇيۇش يېرى، پۇت يۇيۇش يېرى، قول يۇيۇش يېرى قاتارلىق تازىلىق يەرلىرى بار؛ يەر ئاستى قەۋىتىدە 10 نەچچە دۇش ئالىدىغان مونچىسىمۇ بار. بۇ بىنالاردا تىككۈچىلەر خانىسى، ساچتاراچخانا، موزدوزخانا ۋە كىريۇيۇشخانىلارمۇ بار. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇزۇن كەتكەن نەرسە ساقلاش ئىشكاپلىرىمۇ

تىزىلغان بولۇپ، ئۇ يەرلەرنى نەرسە-كېرەكلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش مۇمكىن ئىدى.

ئەمما بۇ ياتاق بىنالىرىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى بەكلا چىڭ ئىدى. بۇ ئورۇن خېرىدارلىرىدىن قائىدە-تۈزۈملەرگە قەتئىي بوي سۇنۇشنى تەلەپ قىلاتتى. يەنى كۈندۈزلىرى چوقۇم سىرتقا چىقىپ كېتىشلىرى كېرەك؛ كۆڭۈل ئېچىش يېرىدە پەقەت دامكا، شاخمات ۋە قەرت ئوينىشىغىلا رۇخسەت؛ ۋارقىراپ-جارقىراش ياكى ۋاراڭچۇرۇڭ قىلغۇچىلار چوقۇم سىرتقا چىقىپ كېتىشى كېرەك. مەيلى قاتتىق كۈلكە-چاخچاق قىلسۇن ياكى ۋارقىرىشىپ مۇنازىرە قىلىشسۇن، ئۇنداقلار بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى؛ بۇ ئورۇندا ئۈزۈم شارابى ياكى پىۋا ئىچىشكە رۇخسەت (نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يەر ۋېيىنانىڭ بىر يېرى-دە!)، ئەمما كۈچلۈك هاراق ئىچىش قەتئىي مەنئى قىلىناتتى؛ ئاممىۋى مۈلۈكلەر قەتئىي ئاسرىلىشى كېرەك (كارىۋات ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆرە تۇرۇشقا بولمايدۇ دېگەندەك). بۇ ئورۇندىكى خېرىدارلاردىن تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغانلىرىنىڭ سانى بەكلا ئاز؛ مۇتلەق كۆپ كىشىلەر تىرىشىپ ئۆز ئىشىنى قىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتىدۇ.

ئادولف هىتلېر 1910-يىلىنىڭ غېنىۋار (ئۇي) ئېيىدا بۇ يېتىمچىلار ئورنىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن (كۈنلۈكى يېرىم كرون بولۇپ، ئەگەر ھەپتىلىك تۆلىسە تېخىمۇ ئەرزان)، دورىلىنىپ يۇيۇنۇپ كىچىك بىر بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ (هازىرقى بار خېرىدارلارغا نىسبەتەن ئۈچىنچى

www.pidaw.biz

قەۋەت ھېسابلىنىدۇ). گەرچە يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلىرى بۇ يەردىكىدىن ياخشىدەك قىلغىنى بىلەن، بۇ يەردىكى ساخاۋەتخانىنىڭ ئىشلىرى ئۇ يەردىكىدەك بەك سىستېمىلىق ئەمەس بولغاچقا، ئۆزىنى ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

بىر ھەپتىگە قالماي، ھانىشمۇ مانىېرھېيىمغا كېلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەتچىلىك قىلىشى ھەپتىسىگە تۆت كۈنلا ئىدى. شۇڭا ئۇ قايتىدىن ھىتلېرغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. ئۇنى يېزىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان بۆلۈمنىڭ دېرىزە تۈۋىدە ئولتارغۇزىدۇ. رەسىم سىزىشقا لازىملىق ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېر دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئاتكىرتكا چوڭلۇقىدا بىر قانچە پارچە رەسىم سىزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سۈرئىتى بەكلا ئاستا بولغىنى بىلەن، بەكلا ئەستايىدىل سىزاتتى. ئۇ رەسىمدە ئادەتتە ۋيېننا مەنزىرىلىرىدىن رەسىملەرنى سىزاتتى.

سىزىلغان ئاتكىرتكىلارنى ھانىش دەرھال كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرى بىلەن قاۋاقخانىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سېتىپ بولۇپ، كىرىمنىڭ يېرىمىنى چۆنتىكىگە سالاتتى. ئەمما ئۇ، چوڭراق رەسىملەرنىڭ تېخىمۇ قىممەت بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا مەخسۇس سۇ بوياق رەسىملىرىنى سىزغۇزىدۇ. رەسىملەر يەنىلا ۋيېننا مەنزىرىسى بولۇپ، كۈندە بىر پارچە سىزاتتى. بۇ رەسىملەر ئىككى پارچە ئاتكىرتكا چوڭلۇقىدا ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ تاپقان كىرىمى، شۇنىڭدەك مانىنېرھېيمەدىكى بىر قەدەر ياخشى شارائىت بۇ ئىككى ياشنى زىمىستان سوغۇق ۋە يوقسۇزلۇق ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش بىلەنلا قالماي، ئاخشىمى ئاچقۇرساق يېتىشتىنمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ. ھېتلېر چىنا بىلەن بىزەلگەن دۇشتا پاك-پاكىزە يۇيۇنۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن بەكلا خوشال ئىدى. ئۇنىڭ ئاران بىرلا قۇر كىيىمى بولغاچقا، مونچىغا چۈشكەن ۋاقتىدا نەچچە كۈندە بىر يۇيىۋالاتتى. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاز-تولا پۇل كۆرگەندەك قىلغىنى بىلەن بەربىر يېڭى كىيىم ئېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم يەنىلا شۇ دورىلىغاندا كىيگەنلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچ-ساقاللىرىمۇ بەكلا ئۆسۈپ كەتكەن بولغاچقا، كۆرىنىشى يەنىلا ئاۋارە كۆرۈنۈشتە ئىدى.

ھېتلېر ئىسسىق ئۆيدە يېتىپ، تويغىدەك تاماق يەيدىغان شارائىتقا ئېرىشكىنىدىن كېيىن قايتىدىن سىياسىي ئىشلارغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ يېزىقچىلىق ئۆيىنى پات-پاتلا مۇنازىرە قىلىدىغان ۋە نۇتۇق سۆزلەش سورۇنىغا ئايلاندۇرىۋېتەتتى. بۇ بۆلۈم مانىنېرھېيمنىڭ بىلىملىكلەر تەبىقىسىنىڭ يېرى، يەنى ئەدەبىياتقا، مۇزىكىغا ۋە سەنئەتكە نىسبەتەن ئاز-تولا قىزىقىشى بولغان كىشىلەرنىڭ يىغىلىدىغان يېرى بولۇپ، بۇ يەرگە توپلىشىدىغانلار ئادەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى 15~20 دەك زىيالىلار ئىدى.

ئاق كۆڭۈل ئىشچىلارمۇ بۇ يەرگە كىرىپ مۇنازىرىگە قاتنىشىپ قالاتتى. ئادولف، بۇ كىشىلەرنىڭ باشلامچىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكىنى قاتتىق تەنقىتلەپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بار بولغان نامراتلار كوچىسىدىكى كىشىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ قايناپ كېتەتتى. بۇ نۇتۇقلىرىنى (بەزىدە ئېغىر تىللار بىلەن بەسلىشىپ ھاقارەتلەشكىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى) بەزى ۋاقىتلاردا ئىش ۋاقتىدىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى. ئەگەر بۇ بويتاقلار بىناسىنىڭ ئېرقى ئۇچىدا بىرەر سىياسى مۇنازىرە باشلىنىپ كەتكەن بولسا، سىزىۋاتقان رەسىمنى تاشلاپ بېرىپ قولىدا سىزغۇچ-چوتكىلىرى بىلەن كېلىپ مۇنازىرىگە قاتنىشىپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئەگەر ھانىش رەسىم سېتىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىپ قالغىدەك بولسا ھىتلېرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى رەسىم سىزىش ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىۋالاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ھانىش يوقلا بولىدىكەن، ئادولف دەرھال ئۇنداق سورۇنلارغا بېرىپ قوشۇلۇۋېلىپ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىپ قايناشقا باشلايتتى ياكى كارل لۇگېر (卡尔•卢格 Karl Lueger) ئىسىملىق يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان خرىستىئان سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ داھىسىنى قوللاپ سۆزلەپ كېتەتتى. بۇ يەردە، ھىتلېر نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى بىلەن جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ھېنرىك مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ بىرلا ھاياجانلاندىمۇ-بولدى، ئۆزىنى پەقەتلا بېسىۋالالماي قالاتتى. ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە ئولتۇرالماي

قالاتتى. ئەمما ئۇ هاياجانى بېسىلغىنىدا باشقىچىلا بىرسىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنى تۇتىۋالغان بەكلا ئېغىر بېسىق هالغا قايتىپ كېلەتتى."

ئادولف سىياسەتكە بەكلا قىزىقاتتى. ئۇ پات-پات پارلامېنىت بىناسىنىڭ تۆۋەن پالاتا زالىغا بېرىۋېلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ دېپوتاتلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ كېلەتتى. ئۇ يەردىكى هەر تۈرلۈك مۇنازىرىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قوياتتى. دېگەندەك، پارلامېنتتىكى بۇ تۈر مۇنازىرىلەر شۇنداق قىزغىن مۇنازىرىلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتىكى، بەزىدە هەرقايسى ئۆز ئانا تىللىرىدا ۋارقىراپ جارقىرىشىپ بىر-بىرسىنى هاقارەت قىلىشقىدەك دەرىجىگىمۇ بېرىپ يېتەتتى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، هېلىقى قىرائەتخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆزى يالغۇز ۋارقىراپ نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئەسلىدە پان گېرمانىزم ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئاتېيىزىملىق قاراشلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت هوقۇقىنى قولغا چۈشىرىۋالغانلىقىنى ئەيىپلەپ كېتەتتى.

شۇنداقتىمۇ مەيلى شەخسى سۆهبەتلەردە ياكى بايىقىدەك شىددەتلىك مۇنازىرىلەردە بولمىسۇن، هانىش هىتلېرنىڭ يەهۇدىيلارغا قارشى بىر گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، هىتلېر هەرگىز يەهۇدىيلارغا قارشى بىرى ئەمەس دەپ چىڭ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، هىتلېرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئارتىسلىرى بىلەن ناخشا چولپانلىرىنىڭ هەممىسلا دېگىدەك يەهۇدىيلار

ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ھەتتا يەھۇدىيلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ يۈرىشىدىن بەكلا تەسىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا قارشى جاسارىتىمۇ ھىتلېرنى قايىل قىلاركەندۇق. بىر قېتىم ئۇ يەھۇدىي كاپىتالىستلىرىنىڭ ھايانكەشلىكىنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ھىتلېر بىرلا قېتىم يەھۇدىيلارغا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ باققانىكەن. ئۇ قېتىمدىمۇ يەنىلا يەھۇدىيلارغا بەك ئېغىر تەگمىگەن ئىكەن. يەنى، بىرسى ئۇنىڭدىن بۇ دۆلەتتە يەھۇدىيلارنى نېمە ئۈچۈن يات كۆرىدۇ دەپ سوئال قويغىنىدا، ھىتلېر: ئۇلارنىڭ ئىرقى باشقا بولغانلىقى، باشقىچە پۇرايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قارىشىدۇ، دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى ئېسىدە قالغان.

ئادولفنىڭ مانىرھېيم (بويتاقلار يۇرتى) دىكى ۋاقتىدا ئەڭ يېقىن تونۇشلىرىدىن ئىككىسى يەھۇدىي بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمى روبىنسون (鲁宾逊) دېگەن بىر كۆزلۈك ياغاچچى ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرغا دائىم ياردەم قىلىپ تۇراتتى. يەنە بىرسى گۈزەلسەنئەت ئەسەرلىرىنى يىغىپ ساتىدىغان ۋېنگىر بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى جوسېف نيۇمان (Neumann Josef 约瑟夫•纽曼) ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرنىڭ بەكلا يېلىڭ يۈرۈپ كېتىشىدىن ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا بىر پەلتو سوغا قىلغان. ھىتلېر بۇنىڭ ئۈچۈن نيۇمانغا چىن قەلبىدىن رەخمەت ئېيتقان. ھەتتا ئۇنىڭغا "ھەقىقى ئىنسان مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك"

www.pdfdaily.biz

دەپ ماختاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن رەسىم سىتىشىپ بېرىۋاتقان ئۇلاردىن باشقا ئۇچ نەپەر يەھۇدىينىمۇ بەكلا ھۆرمەتلەيتتىكەن. ھانىشقا نۇرغۇن قېتىم ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ كېلىپ، "مەن يەنىلا يەھۇدىيلار بىلەن سودا قىلىشنى خالايمەن. چۈنكى ئۇلار تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقمايدىغان ئادەملەر" دېگەن.

ھىتلېر ئۆزىنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدىمۇ ۋېيىننادىكى يەھۇدىيلار "رەھىمسىز، رەزىل، بەدبەشىرە فاھىشە غوجايىنى" لا بولىدىكەن، مۇزىكا ۋە سەنئەت ساھەسىدە ساپلا يەھۇدىيلار باشقا چىقىۋالىدىغانلا بولىدىكەن، ئەڭ مۇھىمى سوتسىيال دېموكرات پارتىيىلەرنىڭ گېزىتلىرىنى "يەھۇدىيلارلا تېزگىنلەپ تۇرىۋالىدىكەن"، ئۇنداق يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋېيىننادا، كىشىلەر تەشكىللىك ھالدا يەھۇدىيلارغا قارشى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان بىرۇشورلارنى تارقىتىپ كەلگەن بولۇپ، ياش ۋاقتىدىكى ھىتلېر ئەنە شۇنداق قىممىتى يوق كىتابلارنىڭ كىتابخانى بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قاراشتا بولۇپ قالغان.

پاكىتلار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېر دائىم دېگىدەك «شەرق يۇلتۇزى» دېگەن ژۇرنالنى ئوقۇپ تۇراتتىكەن. بۇ ژۇرنال لانز ۋون لىبېنفېلس (冯利本弗尔斯 Lanz von Liebenfels) دېگەن بىرسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ژۇرنال بولۇپ، بۇ كىشى سېھىرلىك بىر نەزەرىيىچى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرى بىلەن قاراشلىرى ھېتلېرنىڭكى بىلەن نۇرغۇن

جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ ژۇرنال ئىلاھشۇناسلىق بىلەن سېھرىي ھېكايىلەرنى باسىدىغان بىر داشقايناق ئىدى. ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىق پرىنسىپى "ئىرق نەتىجىلىرىدىن ئەمەلىيەت ئۈچۈن پايدىلىنىش، ئىرق ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇسۇلىدا چېكىگە تۇرۇپ، ياۋروپا ئىرقىنى بۇلغۇنۇشتىن ساقلاش" ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئىگىسى بولغان لىبېنفېلس تىنىماي چالۋاقاپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان تېمىسى "نېگىرلار بىلەن مەرەز، شالغۇت ئىرقلارنى تازىلاش ئارقىلىق ئارىيانلارنى دۇنياغا ھۆكۈمران ھالغا كەلتۈرۈش" ئىدى. ئۇ قارا تەنلىكلەرنى ناچار ئىرققا مەنسۇپ ئادەملەر دەپ ھاقارەت قىلاتتى. ئەمما «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا بولسا ئارىيان ئاياللىرى بۇ تۇردىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يۇڭ قاپلاپ كەتكەن گورىلا مايمۇنىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر تەرىپىدىن جەلىپ قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى قابىلىيىتىنىڭ قىزىقتۇرۇلۇشىغا باش ئېگىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى (فرېئۇد، ۋېيىننادا بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ تارقىلىپ يۈرۈدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق رەنجىگەن، بۇنداق قاراشلارغا قارىتا، بۇنداق يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ كەينىدە 'نەرسىسىنى كېسىپ تاشلاش قورقۇنچىسى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن' دېگەن پسىخوئانالىزدا بولار ئىدى. چۈنكى، يەھۇدىيلار سۈننەت قىلدۇرىدىغان ئادىتى بار خەلق). بۇ ژۇرنال ئىرق ئەۋزەللىكىنى داۋراڭ قىلىش بىلەن بىرگە، قورققانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ

www.pidaiy.biz

تـۇراتتى. بـۇ ھەقـتە ئۇلارنـىـڭ قويغـان مۇنـۇ بـاش تېمىسـىغا قارىساقلا بۇنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالىشىمىز مۇمكىن: "سەن سېرىق چاچ، كۆك كۆز، ئاق تەنلىق بىرسـىمۇ؟ ئەگەر شـۇنداق بولسـاڭ، دېمەك، سـەن مەدەنـىيەت يـاراتقۇچى، مەدەنـىيەت ھىمايىچىسـى بىرسـى ھېساپلىنىسـەن! سـەن سـېرىق چـاچ، كـۆك كـۆز، ئـاق تەنلىك بىرسـىمۇ؟ ئۇنـداقتا سـەن تەھـدىت ئاسـتىدىكى بىرسـى ھېساپلىنىسەن."

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى مۇشتىرىلىرى ئارىسىدا يەھۇدىيلىققا قارشـى پـۈتمەس-تـۈگىمەس ئىپتىـدائى قورقۇتۇشـنى تەرغىـپ قىلىشتا يەھۇدىيلار پۈتـۈن پـۇل مۇئـامىلىلىرىنى تىزگىنلىۋالغـان، سـەنئەت، تىيـاتىر سـاھەلىرىدە كۈچلىنىۋالغـان، ئـۇلار خوتـۇن-قىزلارنى ئۆزىگە تارتىشنىڭ سېھىرلىك كۈچىگە، ئىگە دېگەنـدەك گەپلەرنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىدۇ. بـۇ ژۇرنالـدا ئـېلان قىلىنغـان سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك قىزلارنىڭ نېگىرلارنـىڭ قوچىقىغـا چىقىۋالغانـدەك سېرىق رەسىملەر ئادولفنى چوقۇم غەزەپلەنـدۈرۈپ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزىۋەتكەن بولىشى كېرەك! ئەمما شـۇ كۈنلەرگىچە ھىتلېرنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىياللىرى تېخـى ئەمەلـى چۈشـەنچە ھالغـا كـېلەلمىگەن، تېخـى مـۇھىم نوقتـا ھالىغـا كـېلەلمىگەن بولغاچقـا، يېڭـى-يېڭـى قاراشـلىرىنىڭ، يېڭـى تېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭـدىكى يەھـۇدىي دۈشمەنلىك قاراشلىرىمۇ ئاجىزلىشىپ بارىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ خانىفىستانگىل خانىمغا مۇنـداق دەيـدۇ: "مەنـدىكى يەھـۇدىي دۈشـمەنلىك، مېنىـڭ شەخسـى ئىشـىم."

سىڭلىسى پاۋلاغىمۇ "رەسساملىق جەھەتتە مەغلوب بولۇشىمدىكى ئاساسى سەۋەپ، سەنئەت ئەسەرلىرىنى سېتىش ئىشلىرىنىڭ يەھۇدىيلار ئىلكىدە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دەپ قارايمەن" دېگەن. ھىتلېرنىڭ ئۆزى دېگىنىدەك، ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ شەخسى ئىشى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان دېيىش مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە پەقەتلا بىر قىسىم پەرەزلەرنىلا قىلالىشىمىز مۇمكىن. يەنى ئۇنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىم مېنىڭ شەخسى ئىشىم دېيىشىدىكى مەقسەت، مەلۇم بىر سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ-ساتارى ياكى قايسى بىر گۆرۆخانا خوجايىنىنى؛ سەنئەت ئىنىستىتۇتىدىكى قايسى بىر ئەمەلدارنى؛ ياكى بولمىسا بۇ تۈر كىشىلەر ئىپادىلىگەن ئورتاق ئالاھىدىلىكنى؛ ھەتتا ئۇنىڭ چوڭقۇر قەلبىگە يوشۇرۇنغان قايسى بىر ئىشنى كۆرسەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ۋە بەلكىم دوختۇر بلوچقا نىسبەتەن قانداقتۇ بىر ئۆچمەنلىك شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىدىنمۇ بۇنداق قاراشقا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان بولىشىنىمۇ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئاپىسى كىلارا ئۆلۈپ كېيىنكى يىلى، ئۇ دوختۇرغا رەخمەت ئېيتىپ ئەۋەرتكەن يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش ئاتكىرتكىسىدا ئۇنىڭدا "سىزنىڭ ئاپامغا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن" دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا قارىتا بۇنداق بىر ئۆچمەنلىكنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىماللىقى يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئادەتتە يېقىنلىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكىنىدە گۇناھنى دوختۇرغا قويىدىغان ئۆچمەنلىكلەر

كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. بۇنى ئاز دەپ بۇ داۋالاشقا بىر يەھۇدىي دوختۇر چېتىلىپ قالغان، شۇنىڭدەك ئۇ دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ ھەممە قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن خەتەرلىك بىر داۋالاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، بۇنداق ئۆچمەنلىكنىمۇ يوق دەپ قارىيالمايمىز (كېيىنكى يىللاردا ئۇ دوختۇر كلارانىڭ داۋالىنىشى ئۈستىدە توختالغىنىدا، يودىدلىق داۋالاش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي يۇشۇرۇپ ئۆتىدۇ).

ھىتلېرنىڭ ۋېيىنادىكى ۋاقىتلىرىنى تولۇق پىششىق يېتىلمىگەن ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرى دېيىش مۇمكىن. ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە بۇنداق جىسمانى ئازاپلىنىش تەسىرىنى پەيدا قىلىشلارغا دارىتمىلاپ تۇرۇپ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ("ئۇزۇن پەرىجە كەيگەنلەرنى كۆرسەملا يىرگىنىپ كېتىمەن" دېيىشى)، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دوختۇرغا ئۆچ ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مىسال، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بولىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ: "... مەيدەمنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى زەدەم قايناپ قالغانلىقىدىن بولغان ئىش بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن يەڭگىل تاماقلارنى يېيىش (مەسىلەن مىۋە-چىۋە، كۆكتات قاتارىدىكى) ئارقىلىقلا ئوڭشىلىپ كېتىشىم مۇمكىن. بۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ دوختۇرغا يۈگۈرەش ھاجەتسىز. دوختۇر دېگەنىنىڭغۇ ھەممىسىلا ئەقلى يوق كالۋا نەرسىلەر. مېنىڭچە، مېنى نېرۋا سىستېمىسىدا كاشىلىسى بار دېگىنىنىڭلا ئۆزى ئۇچىغا چىققان دۆتلۈكنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ ئاشقازىنىمدىن باشقا يەرلىرىم پۈتۈنلەي ساق. قانداقلا

بولمىسۇن، مەن قايتىدىن قولۇمغا چوتكامنى ئېلىپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كىتەلىدىم. گەرچە ماي بوياق رەسىم ماڭا بەكلا تەس بىلىنگەندەك قىلسىمۇ رەسىم سىزالىغانلىقىمدىن ئۆزەمنى يەنىلا چەكسىز خوشال ھېس قىلىمەن. سەنمۇ بىلىسەن، ئاشۇرىۋەتتىڭ دەپ قالما، مېنى سەنئەت ئىنىستىتۇتقا رەسىم ئۆگۈنۈشكە قوبۇل قىلمىغانلىقى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەكلا چوڭ يوقۇتۇش ھېسابلىنىدۇ. ياكى تەغدىرىم مېنى باشقا ئىشلارغا ساقلاۋاتقانمىدۇ-يا؟" (بۇ خەت، شۇنىڭدەك بۇ كىتابىمدا ئۇچرايدىغان ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك بەزى خەت-چەكلەر بىلەن باشقا بىر قىسىم ھۆججەتلەر ۋيېننادىكى دوختۇر جون ۋون مولۇن سۋېنخاۋسىن (约翰•冯•穆仑•施恩豪逊) نىڭ شەخسى ئارخىۋىدىن ئېلىنغان بولۇپ، راس-يالغانلىقى تېخى ئىسپاتلانمىدى. ئۇ دوختۇر بۇ ماتېرىياللارغا "ھ. ب. ب. خۇسۇسى ئارخىبى" دەپ ئات قويغان).

1910-يىلى باھار ئايلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر سىياسىغا ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە ھەددىدىن ئارتۇق قىزىقىدىغان ھالغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئەندى ھېنرىك (汉尼希) نىڭ بويرۇتمىلىرىنى سىزىپ پۇتتۇرۇشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغىدەك ھالغا كېلىدۇ. دوستى ئۇنى ئەيىپلىگىنىدە، بۇندىن كېيىن ئىشمنى چوقۇم تىرىشىپ ئورۇندايمەن دەپ ۋەدە قىلىدۇ-يۇ، ھانىش سىرتقا چىقىشى ھامانلا دەرھال قولىغا گېزىت-ژۇرناللارنى ئېلىۋالىدۇ. گەرچە ئۇ رەسىم سىزىش ئىشىنى باشلىۋالغاندەك قىلسىمۇ، قايسى بىر مەسىلە ئۈستىدىكى

www.pdaiy.biz

مۇنازىرىلەر يەنىلا ئۇنى جەلىپ قىلىۋېلىپ، قىلچە خوشياقمايدىغان ئۇ رەسىملەرنى جىم ئولتۇرۇپ سىزىشقا پەقەتلا كۆڭلى بارمايتتى. ئاخىرى ئۇ ھانىشنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىدىن زېرىكىپ، ياز ئايلىرى كىرىشى بىلەن تەڭ يەنە بىر يەھۇدىي دوستى، يەنى ۋېنگىر دوستى نيۇمان بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى گېرمانىيىگە بېرىپ تۇرۇپ قېلىش توغرىلىق كۆپ پىلان تۈزەشەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە ئۆز غايىلىرىنى دەپ يولغا چىقىدىغان بولىدۇ. ئەمما ۋېيىننادىكى ئۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەر، بولۇپمۇ ئادولف بەكلا ياخشى كۆرىدىغان مۇزىيغا بولغان قىزىقىشى ئۇنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىنى توساپ تۇرىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ ۋېيىننادىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالماي، بەش كۈندەك كۆڭۈل ئېچىپ ئويناپ يۈرىدۇ. ئاخىرىدا، يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالماي، 26-ئىيۇن (باشاق) كۈنىسى ئىلاجىسىز مانىېرھېيمغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ قېسقىغىنە ئىختىيارى ئايلىنىپ يۈرگىنى ئۇنى خېلىلا ئارام ئالدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتا زېھنىنى قويۇپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ئارانلا بىر ھەپتىلىك خەجلەشكە يېتەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ھانىش بىلەن بۇزۇلۇشۇپ ئايرىلىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر يەنە ئۆز بېشىغا يالغۇز قالىدۇ.

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېر سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا كىرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بېرىدۇ. ئۇ لىق بىر سومكا رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ خوف (霍夫) مۇزىيىدىكى پروفېسسور

رىچېرنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدۇ. پروفېسسور رىچېر (里切尔) ھەر تۈرلۈك رەسىملەرنى ساقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭدىن سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا كىرگۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپ باقىدۇ. گەرچە بۇ پروفېسسور ھىتلېرنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى بىناكارلىق نوقتىسىدىن ئالغاندا ئىنتايىن ياخشى سىزىلغان رەسىملەر ئىكەن دەپ باھالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسىملىرى پروفېسورنى ئازىراقمۇ قىزىقتۇرالمايدۇ. ئادولف يەنە بىر قېتىم روھى چۈشكەن ھالدا ماننېرھېيىمغا قايتىپ كېلىپ داۋاملىق رەسىم سىزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەمما ھانىشتىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن سىزغان رەسىملىرىنى زادىلا ساتالمايدۇ. يېنىدا پۇلىمۇ قالمىغان، ئامال يوق ھاممىسى جوھاناغا يالۋۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا، يەنى سىپتالغا بارىدىغان بولىدۇ.

نەچچە يىل ئاۋال، ئۇ ئىككىسى قاتتىق تالاش-تارتىش قىلىپ كىلىشەلمەي ئايرىلغان ئىدى. مانا ئەندى، ئۇ ئايال بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ئەھۋالدا بولۇپ، بۇرۇن ھىتلېرغا شۇنچە قوپاللىق قىلغانلىقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى. 1-دېكابىر (ئاراي) كۈنىسى، ئۇ يىغقان بارلىق پۇلىنى بانكىدىن ئېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پولى خېلىلا جىق پۇل ئىدى. يەنى ئۇنىڭ تىجىگەن پۇلى 3500 كرون بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بۇ جىيەن بالىسىغا تاپشۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى

www.pdaiy.biz

1911 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەسىيەتمۇ قالدۇرالماي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

ئانگېلا، ھامىسىنىڭ مىراسىدىن ھىتلېر ئەڭ كۆپ ھەسسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئادولفقا بېرىلىۋاتقان يېتىملار ياردەم پۇلىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىشىنى تەلەپ قىلىپ دەرھال لىنز سوتىغا ئەرز قىلىدۇ. ئانگېلانىڭ بۇ تەلىۋى ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق بىر تەلەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ، يېڭىدىن تۇل قالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن بىرگە سىڭلىسى پاۋلانىمۇ بېقىشى كېرەك ئىدى. ھىتلېر، ئائىلە بېسىمى سەۋەبىدىنمۇ ياكى نومۇس قىلغانلىقىدىنمۇ ئەيتەۋىر، نەچچە يىلدىن بېرى تۇرمۇشىغا ياردەمچى كىرىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئايلىق 25 كرونلۇق ياردەم پۇلىدىن ۋاز كېچىپ ئۇنى ھەدىسىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە لىنزغا بېرىپ يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە كىرىپ، "بۇنىدىن كېيىن ئۆزەمنى ئۆزەم بېقىپ كېتەلەيمەن، شۇڭا بارلىق يېتىملار ياردەم پۇلىنىڭ سىڭلىسىغا مەنسۇپ قىلىنىشىغا قوشۇلىمەن" دەپ بايانات بېرىدۇ. سوت مەھكىمىسى دەرھال مايرخوفېر ئەپەندىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئادولفقا تەۋە ياردەم پۇلىنىڭ پاۋلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، بالىلارغا مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىمۇ ھىتلېردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، ئۇ خەتتە ھىتلېر بۇندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىلىۋاتقان يېتىملار ياردەم پۇلىغا ئېھتىياجى يوقلىقىنى بىلدۈرگەن (شۇ چاغدا، مايرخوفېرمۇ قىزى

www.pidaly.biz

بىلەن پاراڭلىرىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ، بۇ ئىشتا ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىش قىلدى دەيدۇ) ئىدى.

گەرچە ھىتلېرنىڭ بۇ ياردەم پۇلى بولمىغان تەغدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىك ئىچىدىكى تۇرمۇشىنى بويتاقلار ياتىقىدا يېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېر بۇنچە پۇللۇق بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ يەنىلا بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادىتىنى بۇزماي ساقلايدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزى تاماق ئېتىپ يەيتتى، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ يەنىلا شۇ بۇرۇنقى كونا كىيىملەر ئىدى. شۇڭا ئۇ ياتاق باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن پات-پاتلا رەنجىشىپ يۈرەتتى. ھىتلېر، ھامىسىدىن مىراس ئالغان شۇنچە كۆپ پۇلنى تىياتىرخانىلاردا خەجلەپ تۈگىتىۋەتتىمۇ قانداق، بۇنىڭدىن زادىلا خەۋەر تاپالمىدۇق. ياكى ئۇ سەبداشلىرى بىلەن بىرگە تۈزۈشكەن پىلانلىرى ئۈچۈن خەجلىۋەتكەنمۇ ئۇنىمۇ بىلمەيمىز. ئەسلىدە، بۇ بويتاقلار ياتىقى تەۋەسىدە ياتقانلار ئارىسىدا مەيلى قانۇنلۇق، مەيلى قانۇنسىز بولسۇن، ياكى پۈتۈنلەي يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھادىسىلەر بەكلا كۆپ ئىدى. بەلكىم بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئاخماقانىلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا داۋراڭ قىلىپ يۈرۈپ بۇ پۇللىرىنى پۈتۈنلەي خەققە تاتتۇرۇپ قويغان بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر ئېھتىمال، ئۇ پۇلنى باشقا بىر يەرلەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاز-ئازدىن ئېلىپ خەجلەپ يۈرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ھىتلېر،

رەسسام بولىمەن دەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ھەر دائىم شۇنداق قىلاتتى.

ئادولف ئۆز ئالدىغا كۆن ئېلىش شارائىتىغا ئېرىشكىنىدىن كېيىن، ھېلىقى تارچۇق ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھېرىپ چارچاشقا قارىماي رەسىم سىزىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ھىتلېردا رەسمى بىر سەنئەتكار قىياپىتى نامايەن بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەمىرالىرىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولغان ئىدى. ئۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بەكلا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ھەر دائىم ئىشچىلارغا ياردەم قىلىپ ياكى ئۇلارغا مەسلىھەتلەر بېرىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ خەقنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلماي، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشاتتى. ئەمما گەپ سىياسىي ئىشلارغا بېرىپ تاقالدىمۇ-بولدى، دەرھال ھاياجانلىنىپ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىشكىمۇ پەرۋا قىلماي باش سىلكىپ، قولىنى شىلتىغىنىچە ۋارقىراپ-جارقىراپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ھەردائىم شۇنداق سۆزلەپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ياتاقتىكىلەرمۇ ئاستا-ئاستا ئۇنىڭدىن قېچىشقا باشلايدۇ. بىر كۈنىسى، ئادولف ئاشخانىدا تاماق قىلىۋاتقىنىدا ئىككى ھامال ئىشچىنى رەنجىتىپ سالىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى ئىشچى سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ئىشچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. شۇڭا ھىتلېر ئۇلارنى دۆت، ئاخماقلار دەپ قاتتىق ھاقارەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئاغزىنى بۇزۇپ سۆزلىشىنىڭ بەدىلى بەكلا ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا تاياقتىن بىر مۇنەك

ئىشىشىپ چىقىدۇ. قولىمۇ يارىلىنىپ يۈز-كۆزى ئىششىپ كۆكۈرۈپ، بۇرنىمۇ يېرىلىپ كېتىدۇ.

كۇبىزېك بىلەن ھانىشتىن كېيىن تونۇشقان بىر دوستى ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرغان ھالدا، "بۇ تاياق ساگا دورا ئىدى. سەن پەقەتلا نەسھەت كار قىلماس بىرسى ئىكەنسەن، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ، ساڭا ھېچكىم يانتاياق بولمايدۇ" دەيدۇ. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، باش كۆتەرمەي بىر چېركاۋ رەسىمى سىزىۋاتقىنىدا، جوسېف گرېينېر (约瑟夫•格莱纳Josef Greiner) ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالىدۇ. ئۇ ئاجايىپ خىيالپەرەس بىر يىگىت ئىدى. ھىتلېر بىلەن پات-پاتلا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئىككىسى بەكلا كەڭ دائىرىلەر بويىچە مۇڭدىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئىقتىسات توغرىسىدا، دىن توغرىسىدا، ھەتتا ئاسترونومىيەدىن تارتىپ ئىلاھىيەتشۇناسلىقلارغىچە كېڭىيىپ كېتەتتى. ئۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپ ئادەملەرنىڭ بەكلا ئاسان ئالدىنىپ يۈرىشىنىڭ سەۋەپلىرىنىمۇ كەڭ دائىرىدە تالاش-تارتىش قىلىشاتتى. مەسىلەن ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرىدىن بىرسى گېزىتتا ئېلان بېرىلگەن بىر رېكلام ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ ئېلاندا يەرگە تەككىدەك ئۇزۇن چاچلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا "بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئاننا سىراش (安娜•西拉希)، ئۇنىڭ خۇددى دوناي دەرياسىدەك ئۇزۇن سوزۇلۇپ تاپىنىغىچە چۈشىدىغان چىرايلىق چاچلىرى بار. بۇ گۈزەل چاچ قانداق ئۆسۈپ چىققانلىقىغا قىزىقامسىز؟ بۇ چاچ، مەن كەشىپ

قىلغان بىر خىل چاچ مېيىنى قوللىنىپ بۇ ھالغا كەلـگەن. ئەگەر بۇنداق بىر چاچقا ئېرىشىشنى خالايدىغانلار بولسا ئېلانىدىكى بـۇ قىزغـا خەت يېـزىڭلار. سـلەرگە ھەقسـىز چۈشـەندۈرۈش قوللانمىسـى بىـلەن بىـر پـارچە رەخـمەت خېتـى ئەۋەرتىـدۇ" دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى.

"مانا بۇ مەن دېمەكچى بولغان رېكلام. — دەيدۇ ھىتلېر. گرېيىنېرنىڭ دېيىشچە، ھىتلېر — تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ دۇنيادا بۇنداق يالغان گەپلەرگە ئىشـىنىدىغانلا ئـادەم تېپىلىـدىكەن چوقـۇم تەشـۋىقاتتىن زېرىكمەسلىك كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى" دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئىنتـايىن ھاياجانلانغـان ھالـدا توختىلىـپ كېلىـپ، تەشـۋىقات دېگەن بۇ نەرسە، ئادەمنىڭ كاللىسىـدىكى گۇمانلىنىشلارنى ئـالا قويمـاي سۈپۈرۈپ تاشـلاپ، ئـۇنى سـادىق ئىشـەنگۈچىلەردىن بىرسى ھالىغا كەلتۈرەلەيدىكەن، شـۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەنمۇ ئەڭ ئاخماقانە بىر نەرسىنى، مەسىلەن ئەينەكنى ئۈرۈپ چاققىلى بولمايـدىغان قىلىۋېتەلەيـدىغان مەلـھەم كەشـىپ قىلـدىم دەپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن خېرىدار تاپالىشىم مۇمكىن، دەيدۇ.

"تەشۋىقات ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش ئىكەن. تەشـۋىق قىلىـش ئارقىلىقلا ھەممىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىكەن."

1911 ـ يىلىنىڭ قالغـان قىسـمىدا ھەمـدە ئۇنىڭـدىن كېيىنكـى يىل ئىچىدە ھىتلېر ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالغا كېلىـدۇ. ئۇ ئەنـدى باشقىلار بىلەن قىلـچە ئەھمىيىتـى بولمىغـان تـۈگىمەس تـالاش ـ

www.pidaw.biz

تارتىشلارغا ئالدىراپ كىرىشمەيدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا رەسىم سىزىش بىلەنلا مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ رەسىم سەۋىيىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بارماقتا ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ سىزغان سۇ بوياق رەسىمى «ۋىيېننا مىنوكتا چېركاۋى» (明诺科特) دېگەن رەسىمى ھەقىقەتەنمۇ ھەممە تەرەپتىن ماختاشقا ئەرزىگۈدەك بىر رەسىم بولۇپ، بىر ھېساپتا ئۇنى رەسمى فوتوگراپ رەسىمى دېيىشكە بولاتتى. تېخنىكا نوقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ رەسىمنى مەخسۇس كەسىپ ئەھلىنىڭ قولىدىن چىققان بىر رەسىم دېيىشكىلا بولاتتى. ئۇ رەسىم ھەقىقەتەنمۇ قالتىس سىزىلغان ئىدى. ئەمما بۇ رەسىمنى سىزغان ئادەم ھېچقاچان رەسىم سىزىش تەلىمى كۆرمىگەن ئاددى بىر ياش ئىدى. بىنا رەسىملىرىنى سىزىشتا ھىتلېرنى ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق بىرسى دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئادەم رەسىمىنى سىزىشقا توغرا كەلگەندە ئۇنىڭ قابىلىيىتى كارغا كەلمەي قالاتتى. ئەگەر رەسىم ئۈستىگە بىرەر ئادەم رەسىمى قويۇشقا توغرا كەلسە، بۇ ئادەمنى پەقەتلا كىلىشتۈرەلمەي، نىسبىتىنىمۇ بۇزىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بىر مۇنچە رەسىمنى سەنئەت قىممىتى بەك يوقىرى بولمىسىمۇ يەنىلا چىرايلىق دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىدىن قارايدىغان بولساق، ھىتلېردا ھەقىقەتەنمۇ رەسساملىق قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما تەربىيىلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن. قىسقىسى، ھىتلېرنى بىر سەنئەتكار دېگەندىن كۆرە ئۇنى ئۇستا بىر تېخنىك دەپ قاراشقا بولاتتى. يەنى ئۇنى بىر

رەسسامغا ئەمەس بەلكى بىر بىناكارغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. 1912ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قېرىنداشتا سىزغان رەسىملىرىمۇ ئالاھىدە ياخشىلىنىپ، سۇ بوياق رەسىم سىزىش سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يوقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى، ماي بوياق رەسىم سىزىشى ئەڭ ياخشى ئىدى.

ئۇ تىنماي سىزاتتى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى جاكوب ئالتېنبېرگ (雅各布•阿尔登伯格Jacob Altenberg)[49] ۋە باشقا رەسىم سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ تۇراتتى. ئەندى ئۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق جەھەتتىكى قابىلىيىتىدىن غەم قىلماس ھالغا كېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراللىرى ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىۋېلىپ سىزغان رەسىملىرىنى ماختىشىپ كېتەتتى. ھەتلېر بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلارغا كىچىك پىيىللىق بىلەن مەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن، مەن تېخى رەسساملىق ساۋادىنى تولۇق ئىگەللىگىنىم يوق دەيتتى. ئۇنىڭ ئويىچە، ئۇنىڭدىكى ئەسلى تالانت، بىناكارلىقتا يوشۇرۇنغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ بەزى يېقىنلىرىغا مەن رەسىمنى پۇل ئۈچۈنلا سىزىپ يۈردۈم، ئەسلىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم بىنا رەسىملىرى، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى سەل ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىياپىتىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكى بەكلا كونا بولغىنى بىلەن، بۇرۇنقىسىدىن كۆپ پاكىز، رەتلىك ئىدى. ساقىلىنىمۇ چۈشەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئەندىلىكتە ئادەمدەك ياشاشقا باشلىغان ئىدى. ھەتتا بويتاقلار ياتىقىنىڭ مەسئۇلىمۇ

www.pidaiy.biz

ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندەك بولغان ئىدى. "بۇنداق شەرەپكە ياتاقتا ياتىدىغانلار ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيتتى."

ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ كۆپ ئۆزگەرگەن ئىدى. گەرچە ئۇ تىنىماي سىياسى مۇنازىرە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە مۇھىم تەجرىبە-ساۋاق ئالغان ئىدى. "مەن ئۇ يەردە كىشىلەر ھەر قانچە سەۋيىسىز گەپ قىلىشسىمۇ ئاز گەپ قىلىپ كۆپرەك ئاڭلاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم" دەيدۇ. ئۇ، ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ھىتلېرنىڭ پىششىپ يېتىلىشىنى كۆرسىتىدىغان يەرلىرىدىن بىرسى، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ئورنىنىڭ ھېچ كىم تەرىپىدىن ئىگەللەنمەيدىغان ھالغا كەلگەنلىكىدىنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ دېرىزە تۈۋىدىكى ئورنىغا ھېچ كىم يېقىن يولىمايتتى. ئەگەر يېڭىدىن كەلگەنلەردىن بىرەرسى بۇ ئورۇنغا ئولتۇرماقچى بولغىنىدا، چوقۇم بىرسى كېلىپ "ئۇ ئورۇننىڭ ئىگىسى بار، ئۇ يەر ھىتلېر ئەپەندىگە تەۋە ئورۇن" دەپ جېكىلەپ قوياتتى. يېڭى كىرگەنلەردىن كارل خونىش (Karl[50] Honisch卡尔•霍尼希) ئىسىملىك بىرسى ھىتلېرنىڭ ھېچ كىمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى دەرھاللا پەرق قىلىدۇ. "ئۇ كۈنلەردە، بىز ھەممىمىز ھېچ نېمىنى چۈشەنمەي كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرەتتۇق. ... ئارىمىزدا پەقەت ھىتلېرلا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئادەم ئىدى" دەيدۇ. ھىتلېر، بۇ يېڭى مېھمانغا، سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا

www.pidaly.biz

كىرىش تەلىۋىم رەت قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇنغا قالماي مىيونخېنغا بېرىپ بۇ مەقسىدىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دەپ ئېيتقان.

بۇ قىرائەتخانىدا، ھىتلېر بىلمى بار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بىرسى ھېسابلىناتتى. خونىش بۇ ھەقتە ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ھەركۈنى شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ شۇ ئورۇندا كۆرۈنمەي قېلىشىنى ئۇچرىتالمايتتۇق. ئۇ رەسىم سىزىشقا ماڭغان ۋاقىتلىرىدىلا بۇ ئورۇن قىسقا بىر ۋاقىت ئۇچۇن بوش قالاتتى. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ بەكلا غەلىتە ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ھىتلېر كىشىلەرگە بەكلا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئامىراق ئىدى. ئۇ ئۆزىدەك مۇشكۈل تەقدىرگە دۇچار بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر تۇرلۇك قىزىقىش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى." گەرچە ھىتلېر كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتىدىغاندەك قىلسىمۇ، خونىش بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا مەلۇم دائىرىلىك مۇناسىۋەت بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ: "ھېچ كىم ئۇنىڭدىن پايدا ئۇندۇرۇۋالاي دېمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشكە ئۇرۇنىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يۇمشاق، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرسى ئىدى. ئەگەر بىرەرسى 50 تەڭگە پۇلغا ئېھتىياجى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. بۇنىڭ

www.pdaily.biz

ئۇچۇن ئاچ قالغىنىدەك قىلسىمۇ رازى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ شەپكىسىنى گۆرۆگە قويۇپ بولسىمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم” دەيدۇ.

ئادەتتىكىچە سىياسى مۇنازىرىلەردە، ھىتلېر رەسىم سىزىشتىن توختىماي تۇرۇپ ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ قوياتتى. ئەگەر بىرەر قىزىلپاچاق، بىرەر ئەيسا جەمئىيەت ئەزاسى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردىمۇ ـ بولدى، ئۇنداق بىرسى بىلەن تىغمۇ ـ تىغ كۆرەش قىلىپ، قاتتىق زەردە بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. ئاندىن قولىنى شىلتىغىنىچە ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، “ئىست، سېنىڭدەك بىرسى بىلەن تاكاللىشىمەن دېيىش ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بولىدىكەن. ساڭا پەقەتلا گەپ ئۆتمەيدىكەن” دېگىنىچە رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ھىتلېر ۋېيېننالىقلار ۋە ئۇ يەردىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى بىلەن ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇپ يۈردى. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مەلۇماتلارغا، نۇرغۇن ئۇتتۇقلارغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىغا نىسبەتەن باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. ئەندى ئۇنىڭغا ۋېيېننادا ئۆگەنگىدەك تۈزۈك بىر نېمە قالمىغان دېيىشكە بولاتتى. يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان، ئۇنىڭ قەلبى گېرمانىيە دېگەن بۇ “ۋەتەن” گە تەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كاربۇتتىنىڭ بېشىدا، ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان مۇنداق بىر شۇئار بار ئىدى:

بىزنىڭ ئەركىنلىك يولىمىز پارلاق، ئىشەنچىمىز پۈتۈن.
بىز ۋەتەنگە تەلپۈنىمىز! ياشىسۇن ۋەتەن!

ھابىسبۇۋرۇكلارنىڭ بۇ سېھىرلىك پايتەختىدە، ئۇ بەش يېرىم يىللىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كۆچۈردى. بۇ جەرياندا ھىتلېر ۋېيىننانى ھەم ياخشى كۆردى ھەم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ بىر پەردىلىك كەچۈرمىشىنى "ۋېيىننادا ئوقۇش ئۈچۈن تارتقان جاپالىق كۈنلىرىم" دەپ نام بېرىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ، بۇ دەرد-ئەلەملىك كۈنلەرنى "ھاياتىمدىكى ئەڭ پاجىئەلىك كۈنلىرىم" دېيىش ئارقىلىق، ئۇ يەردە ئالغان بىلىملىرىنى ھەر قانداق ئالىي مەكتەپتىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا ئۇ، "بۇ يەردىكى ھاياتىم مېنىڭ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ مۇكەممەل مەكتەپ ھاياتىم ھېسابلىنىدۇ" دەيدۇ.

1913-يىلى 24-ماي (ئارسلان) دا، ھىتلېر پۈتۈن نەرسىلىرى قاچىلانغان كونا بىر تاغارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بويتاقلار ياتىقى ئورنىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت ھەققىدە ئەسلەپ ھانىش مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىمىز قاتتىق مەيۈسلەندۇق. "بىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بىر سەبدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق. ئۇ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ھەممىگە ياردەم قىلىشقا تىرىشىدىغان بىرسى ئىدى."

www.pdfdaiy.biz

ئادولف ھىتلېر ۋېيىننادىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن مىيونخېنغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. “بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلگىنىمدە تېخى ياش بىر يىگىت ئىدىم. ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىمدا بولسا رەسمى بىر ئادەم بولۇپ يېتىشكەن ئىدىم. مەن ۋېيىننادا ئۆزىنى تۇتىۋالغان ئېغىر بېسىق بىرسىگە ئايلانغان ئىدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ پەلسەپەلىك قاراشلىرىم، بولۇپمۇ سىياسى قاراشلىرىم دەسلەپكى قەدەمدە يېتىلىشكە باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلىنى سېلىشقا باشلىغان قاراشلىرىمنى ھەرگىزمۇ تاشلىمىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەقەت ئۇلارنى تولۇقلاش بىلەنلا ئۆتتۇم” دەيدۇ ھىتلېر تەرجىمھال كىتاۋىدا.

ھىتلېر ھېلىقى بويتاقلار ياتىقىدا ساق ئۈچ يىل ئۈچ يېرىم ئاي ياتىدۇ. ئۇ يەر ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇنىڭ سىغىنىدىغان ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدىكى مەنزىرىنى ھانىش مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ، ھىتلېر بىر ھەمرايى بىلەن (ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ھىتلېر بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى) بىرلىكتە پىيادە سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغان ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بىرلىكتە يولغا چىققان ھەمرايى ئەگەر يەھۇدىيلاردىن بولغان جوسېف نيۇمان بولغىنىدا (ئۇمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئىمپېرىيە تۇپراقلىرىغا كۆچۈپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن بىبېسى ئىدى)، بۇ ئىش ھىتلېر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەسخىرە ھېسابلىناتتى.

www.pidaiy.biz

## ئۈچىنچى باب

# خۇشاللىقتىن ياپراپ كېتىش

1913.5~1918.12

## (1)

ھىتلېر، ۋېيېننادىن كەلگەن پويىزدىن چۈشۈپ، پەلەمپەيلەردىن چىقىپ مىيونخېننىڭ ۋاراڭچۇرۇڭلۇق خوپ-خوپ (霍班霍夫) رايونىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ. شۇ مىنوتتىن باشلاپ، باۋارىيىنىڭ بۇ مەركىزى شەھىرىنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ۋېيېننادا ھەر تۈرلۈك تىل ۋە شىۋىلەرنى ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن ھىتلېر، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئالاھىدە يېقىملىق ھېس قىلىدۇ. "بۇ شەھەر ماڭا شۇنداق يېقىملىق بىلىنمەكتىكى، گويا مەن بۇ شەھەردە بۇرۇن ئۇزۇن يىللار ياشاپ باققاندەكلا ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالغان ئىدىم" دەيدۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا.

ئۇ كۈنلەر دەل باھار كىرگەن ۋاقىتلار بولۇپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق كۈن نۇرى ھەممە يەرنى ئىسىتىۋاتقان، باۋارىيە تەرەپتىكى ئالپىس تاغلىرىدىن ئۇرغان شامال ھاۋانى تازىلاپ گويا



www.pdfaly.biz

ۋېيىنادىكىدىنمۇ ساپ ھاۋانى بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ كۈنى كۈنلەرگە 25-ماي (ئارسلان) ئىدى. كوچىلاردا سەيلە قىلىپ يۈرگەن كىشىلەردىن باشقا ئارتۇق ئادەممۇ يوق ئىدى. كوچىدىكى يول ئىسىملىرى بىلەن ھەيكەللەر ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ “بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدىن باشلاپلا، بۇ يەرنى باشقا ھەر قانداق بىر شەھەردىن بەكرەك چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. نېمىس شەھىرى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك” دەيدۇ.

ئادولف بۇ شەھەردە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يېرىم سائەتتەك ئايلىنىپ يۈردۇ. ھىتلېر، ئېھتىمال كىنىس (科尼斯) مەيدانىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولىشى كېرەك، بىر چاغدا سىراسپور (施莱斯默) كوچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. كۆز ئالدىدىكى پروپىران (普洛皮兰) كىمىر شەكىللىك قۇرۇلۇش بىلەن يىراقتىكى مەيدان ئۇنى ھەيران قالدۇردۇ. كېيىن ئۇ بروئىنا (布林恩纳) كوچىسىغا قاراپ يۈرگەن بولسا كېرەك، خۇددى شەھەر سېپىلىدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھاراق زاۋۇتىغا، يەنى رولىن (罗仑) ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ يەر شوخوبىن (施霍宾) رايونىغا تەۋە، يەنى ستيۇدېنتلار رايونىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلەتتى. سىراسپور (施莱斯默) كوچىسى بۇ يەردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ ئۇزىراپ كېتەتتى. ئىككى بىنادىن ئۆتۈپ 34-نومۇرغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەر پوپ كىيىم تىكىش دۇكىنى ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ دېرىزىسىگە قولدا يېزىلغان

www.pdfaiy.biz

بىر ئېلان چاپلاغلىق بولۇپ، "ئىجارىگە ئۆي. ئەسۋاپلىرى تولۇق، دۇرۇس بىرسىگە ئىجارە بېرىلىدۇ" دەپ يېزىلغان ئىدى.

بۇ ئېلاندا كۆرسىتىلگىنىگە ئاساسەن، ھىتلېر 3-قەۋەتكە چىقىدۇ. ئۆي ئىگىسى پوپ خانىم ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۆيدە بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل، بىر سوفا، بىر ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى. تامدا ئىككى پارچە كۆچۈرۈلمە ماي بۇياق رەسىم ئېسىغلىق تۇراتتى. "كەلگەن بۇ يىگىت مېنىڭ بىلەن دەرھال توختام تۈزۈشۈپ ئۆيۈمنى ئىجارىگە ئالدى. — دەيدۇ ئۆي ئىگىسى خانىم كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — بۇ ئۆي ماڭا بەكلا ياقتى، دەپ ئىجارە ھەققىنى ئالدىن تۆلىۋەتتى." ئۆي ئىگىسى خانىم ئۇنىڭغا بىر تىزىملىتىش جەدۋىلى ئۇزارتىدۇ. خېرىدار ئۇ جەدۋەلگە "ئادولف ھىتلېر، بىناكارلىق رەسسامى، ۋېيېننالىق" دەپ تولدۇرىدۇ.

"ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېر ئەپەندى سىرتقا چىقىپ كەتتى. سەل تۇرۇپ يەنە قايتىپ كىرىپتۇ. قولىدا نەدىندۇ بىر يەرلەردىن تېپىۋالغان ئەسكىرەپ كەتكەن بىر رەسىم سىزىش رامكىسى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ دەرھال رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇ ئولتۇرىشىدا نەچچە سائەت رەسىم سىزدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ يەنە ئىككى پارچە رەسىم سىزىپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. سىزغان رەسىمى بەكلا چىرايلىق ئىدى. ئۈستەلگە يېيىپ قويۇپتۇ. بىر پارچىسى بىر چېركاۋ رەسىمى بولۇپ، يەنە بىرسى قايسى بىر تىياتىرخانىنىڭ رەسىمى ئىدى. شۇندىن كېيىن، مېنىڭ بۇ

خېرىدارىم پوپكىسىنى ئېلىپ ئەتىگەندە رەسىمگە خېرىدار تېپىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى” دەيدۇ پوپ خانىم.

ھىتلېر ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن مىيونخېنغا كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە 3 يىل رەسساملىق بىلەن بىناكارلىقتا ئوقۇماقچى بولىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەتلا پۇرسەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە ھىتلېرمۇ ئۇ يەرنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا زادىلا ئايىقىنى باسمايدۇ. ۋېيېنناغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەردە رەسىم سىزىشكە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەك تېخىمۇ تەس ئىدى. بۇ يەردىكى شەھەر ئىچى تىجارەت مۇھىتى ۋېيېننادىكىدىن بەك پەرق قىلىپ كەتمىسىمۇ، بۇ شەھەردە ئىزانى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىشىكمۇ-ئىشىك، قاۋاقمۇ-قاۋاق ئايلىنىپ يۈرۈپ رەسىم سېتىش ھەقىقەتەنمۇ نومۇسلۇق بىر ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭىغا قارىماي ئۇ يەنىلا ئىرادىسىدىن يانمىغان ئىدى. ھەر قانچە قىيىن بولىشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىدىگە يېتىشكە بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى.

1913-يىللىرىدا مىيونخېن 600 مىڭ نوپۇسلۇق بىر شەھەر ئىدى. مىيونخېن، ياۋروپادا پارىژدىن قالسىلا ئالاھىدە جانلانغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرسى ھېسابلىناتتى. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بۇ شەھەر بىر مۇنچە رەسسامنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ ھېس قىلىشىچە بۇ كىشىلەر پۈتۈنلەي چىرىگەن كىشىلەر بولۇپ، شىۋېتسارىيىلىك پاۋل كلېي (Paul Klee保罗•克里)، شۇنىڭدەك كاندىنسكى

www.pdaly.biz

(坎丁斯基Wassily Kandinsky)، زولۇنسكى (佐仑斯基) ۋە بۇرلاك (布尔柳克) ئاكا-ئۇكىلارغا ئوخشاش كىشىلەر شەرقتىن كەلگەن مۇساپىرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى “يېڭى رەسساملار جەمئىيىتى” نىڭ يىتەكچىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇ جەمئىيەت، بۇندىن 4 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز ئەزالىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىن مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۇلارنىڭ ئاساسى غايىسى ئىدى. ھىتلېر بولسا كلاسسىك ئېقىمغا مەنسۇپ رەسسام بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن پەقەتلا كېلىشەلمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ خىل يېڭىچە نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار سەنئەت ساھەسىدە مىيونخېنغا ئېچىتقۇ ۋە ھاياجان ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تەبىئىي ھالدا بۇنداق نەزەرىيە ئاۋىستىرىيىلىك ياش ھىتلېرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. “مىيونخېنىدىكىلەر شەرقتىكى روسىيە بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىدىن قېچىپ كەلگەن ئۇزۇن چاچلىق كىشىلەرنى كۆچمەن مىللەت دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ئۈزۈلمەي شوپىن (施霍宾) غا، يەنى شىمالى رايونلارغا كۆچۈپ بېرىشقا باشلايدۇ. ئۇ يەرلەرنىڭ يوللىرى تۈپتۈز ياسالغان. بۇنداق ياسىلىشتىكى مەقسەت، كۆپ سانلىق رەسسام ئۆيلىرىگە يېتەرلىك كۈن نۇرى چۈشۈشىنىلا مەقسەت قىلىشقاندەكلا بىلىنەتتى.” گەرچە ھىتلېر بۇ تۈردىكى شەرقتىن كەلگەن كۆچمەنلەرگە ئۆچلۈك قىلغىنى بىلەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر بوخېمىيىلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇمۇ شەرقلىقلەرنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ يەردە، ئۇنىڭ چوقۇنىدىغىنى بۇرۇنقى

www.pidaw.biz

رەسىملەردىن « خوستىيىن بىلەن ئىسوُد» (崔斯坦和易梭德)، «شـــــئىر جەمئىيتـــــى» (诗歌会)، «رېـــــيىن زەرى» (莱茵河之金) لار ئىـــدى؛ بـــۇ شـــەھەردە ســـتېفان گيـــورگ (斯特潘•乔治)، رىنــا مــارىيە لىــرك (雷纳•玛丽亚•里尔克) لارغــا ئوخشــاش داڭلىــق نــېمىس شــائىرلىرىمۇ ياشــايتتى؛ بــۇ شـــەھەردە رىچـــارد ســـتراۋس (理查•施特劳斯) ئوپېراســـىنى يازماقتــا، تومــاس مــان تېخــى يېقىنــدىلا «ۋېنۇســنىڭ ئۆلــۈمى» دېـــگەن رومـــاننى پۈتتـــۈرگەن، ئوســـتۋارد ســـپېنگىر (奥斯瓦尔德•史宾格勒) بولسا ھىتلېر تۇرىۋاتقان ئۆيدىن تــۇلا بەك پەرق قىلمايــدىغان قــۇپ ـ قــۇرۇق بــىر ئۆيــدە ئولتــۇرۇپ «غەربىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى باپىنى يېزىۋاتاتتى. يېقىن بىر يەردىكى "ئون بىر قاراقچى" دېگەن بىر رېستۇرانتتا، «زوراۋاننىــڭ كارىكاتۇرىيىسى» نىــڭ يازغۇچىسى، قاتتىق داڭ چىقىرىۋەتكەن تالانتلىق چولپان ئۆزى يازغان فرانـك ۋېسكىند (弗兰克•韦迭金德) ناخشىسىنى ئورۇندىماقتا؛ پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئۇنىڭ ئىجات قىلغـان جىنسىـى ھايـات بىلەن چىرىگەن تىياتىرى ئوينالماقتا بولۇپ، تاماشىبىنلار ھۆ قىلغۇدەك بولســـىمۇ يەنـــىلا ئۇنـــىڭ ئەســـەرلىرىگە بولغـــان قـــىزىقىش پەسەيمىگەن ئىدى.

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى، كىشىلەر بەكلا ئۆچ كۆرىدىغان ئەڭ ئاخماقانە سەنئەت بىلەن سىياسى نەزەرىيىلەرنى مەدھىلەيدىغان بوخېمىيىچىلىك روھى مىيونخېندا تارقىلىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەدەپسىز كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىشقا باشلىغان بىر

دەۋرگە ئايلانغان ئىدى. سىرېيس (施莱斯默) كوچىسىدىن نەچچە بىنالا نېرىسىدىكى 108 ـ نومۇردا يەنە بىر سىياسىي رادىكالچى ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم روسىيىدىن سۈرگۈن قىلىنغان بىرسى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرىۋاتقىنىغىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغاندا يازغان ئىسمى مېيېر (梅耳) بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋىلادېمىر ئىلىئىچ ئولىيانوۋ ئىدى. يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگىنىدە سەپداشلىرى ئۇنى لېنىن دەپلا ئاتىشاتتى. بۇ كىشى، بۇنىدىن ئون يىل ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ماركسىزم نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا كىتاب يېزىپ ئۆز تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

بۇ يەردە ھىتلېرمۇ شخوبىن (施霍宾) دىكى قەھۋەخانىلارغا، مېھمانخانا ـ رېستورانتلارغا ئىختىيارىچە كىرىپ چىقىپ يۈرەلەيدىغان، بۇ يەردە يولغا قويۇلغان ئەركىنلىكنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ يۈرەلەيتتى. ئۇنىڭدىكى ئىسيانكار تۇغما مىجەزى بىلەن زوراۋان روھ بۇ يەردە ھېچ كىمنى قورقىتالمايتتى. ھىتلېر بۇ يەردە، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر غەلىتە مىجەزلىك بىرسى ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئارىلاپ ئۆزىنىڭ قۇرساق كۆپۈكلىرىنى، غايىلىرىنى ئاڭلاپ بېرىدىغانغا بىرەرسى چىقىپ قالسا ئىچىنى تۆكىۋېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلەيتتى. گەرچە ئۇ شۇبىن (施霍宾) دىكى بوخېمىيىچىلىك ئېقىمدىكىلەر بىلەن ئاز ـ تولا مۇناسىۋىتى بار بىرسى ھېسابلانسىمۇ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى پاسونى قىلچە

www.pidaiy.biz

ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەتتىكى بۇنداق موتىدىل ئۇسلۇبى ئۇنىڭدىكى ھاياجانلىق خاراكتېرى بىلەن يالقۇنلۇق سىياسى قاراشلىرىغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى يەنىلا ئىنىستىتۇت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، تەجرىبە قىلىپ يېڭىلىق چىقىرىش ئېقىمىغا زىت كېلەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى مەردانە ئۇسلۇپ، ھەتتا پولاتتەك كۈچلۈك تۈيغۇلارغا ئىگە دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ھەممە ئېقىملار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بۇ يەردە، ئۇنىڭ ماركسىزمغا بولغان قىزىقىشى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ، بىرەر قىرائەتخانىغا كىرىۋالسا، كىتاب كۆرۈپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئادولف، بۇنداق ۋاقىتلاردا ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلىشقا يېتەكلەيدىغانلىكى نەزەرىيەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تەھلىل قىلاتتى. "... مەن بۇ يەردە بۇ تۈر يېڭىچە دۇنيا قاراش نەزىرىيىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قېتىقىنىپ تەھلىل قىلىشقا تىرىشتىم. شۇ ئارقىلىق بۇ يېڭىچە دۇنيا قاراش پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان نەزەرىيىلەرنىڭ تەسىر كۆرستىنشلىرىنى بىلىپ چىقىشقا ئۆزەمنى ئاتىغان ئىدىم. شۇنىڭدەك، بۇ يېڭىچە دۇنيا قاراشنىڭ سىياسى، مەدەنى ۋە ئىقتىسادى تۇرمۇشىمىزدا پەيدا قىلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر بىلەن ئەمىلىلەشتۈرۈلۈش جەريانىدىكى كېلىپ چىقىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ئاقىۋەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. شۇ ئارقىلىق، بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن يالغانچىلىقنىڭ ئاخىرقى غايىسى پۈتكۈل دۇنيانى قولغا

www.pidaw.biz

چۈشۈرۈشنى بىردىن بىر مەقسەت قىلغان ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ۋابا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم” دەيدۇ.

ھىتلېر قىرائەتخانىدىن ياتىقىغا قايتقىنىدا، ھەر دائىم بىر قولتۇقىغا بىر نەچچە پارچە كىتاب، يەنە بىر قولتۇقىغا قېيىزا-بولكا قىستۇرغان ھالدا پەلەمپەيدىن ئالدىراش چىقىپ ياتىقىغا كىرىپ كېتەتتى. پوپ (Popp波普) ئەپەندىم ئۇنىڭ لوۋنبېرگ (罗文布洛) رېستورانتى ياكى كىچىكرەك باشقا بىرەر ئاشخانىغىمۇ كىرمەس بولىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا ئادولفنى “بىزنىڭكىگە كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرغاچ تاماق يەپ چىق” دەپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئادولف بۇنداق تەكلىپلەرنى پەقەتلا قوبۇل قىلمايتتى. پوپ خانىممۇ بۇ “ئاۋىستىرىيىلىكنى بەكلا سىرلىق بىرسى” دەپ بىلەتتى. بۇ ئايال، ھىتلېرنى بەكلا چىقىشقاق، كىشىلەرگە ياردەم قولىنى ئۇزارتىشقا ئامراق بىرسى ئىكەن، شۇنداقتىمۇ يەنىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق بىرسى ئىكەن دەپ قارايتتى. “ئۇنىڭ نېمە خىياللارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمەيسەن، ئۆيىگە بىر كىرىۋالسا نەچچە كۈنلەپ سىرتقا چىقمايدۇ. بۇ ئادەم خۇددى بىر سىرلىق چەۋەندازغا ئوخشاش ئۆيىگە سولىنىپلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆيىدە ئەتىدىن كەچكىچە قېلىن كىتابلارنى قولىدىن چۈشەرمەي قادىلىپ ئولتۇراتتى” دەيدۇ ئۆي ئىگىسى خانىم. ئۇنى ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تاماق يەپ چىق دەپ ھەر قانچە تەكلىپ قىلسىمۇ، ئادولف چوقۇم بىرەر باھانە كۆرسىتىپ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلاتتى. بىر قېتىم

ئادولفتىن "ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭىزنىڭ رەسساملىق بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟" دەپ سورىغىنىدا، ھىتلېر ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە "سۆيۈملۈك پوپ خانىم، ھاياتى بويىچە ئۆگەنگەن نەرسىلىرىدىن قايسىلىرىنىڭ كارغا كېلىپ قايسىلىرىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ھېچ كىم يوق. مەن ھەم شۇنداق كېيىن ئەسقېتىپ-ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلەلمەيمەن" دەپ سەمىمىلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. ئادولف، كىتاب ئوقۇشتىن كېيىن ئادەتتە قەھۋەخانا ياكى پىۋىخانىلارغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقاتتى. ئۇ يەرلەردە ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلايدىغانغا چوقۇم بىرەرسى تېپىلىپ تۇراتتى. ئۇنداق يەرلەردە، ھىتلېر ھە دېگەندىلا بەزى جان ئالىدىغان مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇنىڭغا بەزىلەر دەرھال رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇناتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئۆز بىلگىنىچە بىر نېمىلەر دەپ سۆزلىشىپ، قىزغىن مۇنازىرە باشلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق سورۇنلار ھىتلېرنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ پۇختىلىۋېلىش پۇرسىتىنى بېرەتتى.

قىش ئايلىرى يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ رەسىمىنى ئالىدىغان خېرىدارلار بەكلا كامىيىپ كېتىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشى قامداشمۇ تەسلىشىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئادولف "ئۇ ۋاقىتلار ھاياتىمنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خوشاللىق كۈنلىرى ئىدى" دەيدۇ. شارائىت ناچار ۋاقىتلاردا ۋيېننا بەكلا زېرىكىشلىك بىر يەر ئىدى. ئەمما ميۇنخېن ھېچ قاچان

ئۆزىنىڭ سىھىرلىك كۈچىنى يوقاتمايدىغان بىر شەھەر. "تا بۈگۈنگىچە مەن دۇنيادا قايسى شەھەرنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا قىلچە تەمتىرىمەستىن 'مېيونخېن' دەپ دەرھال جاۋاپ بەرگەن بولاتتىم. ــ دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىدە ياتقىنىدا، ــ بۇنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرسى، بۇ شەھەر مەيلى بۇرۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەن باشلىغان كۈرەش يولۇمغا زىچ باغلىق بىر شەھەر بولغانلىقىدۇر. مەن شۇ ۋاقىتلاردا بۇ شەھەردە كۆڭلۈم خاتىرجەم، بەخىت ئىچىدە ياشىيالىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى، بۇ شەھەر خەلقىنى تەشكىل قىلغان ۋېتىسباخ (维特斯巴赫) لىقلارنىڭ ھەممە ئىشنى زىغىرلاپ يۈرىدىغان كىشىلەر بولغىنىغا قارىماي، كىشىلەردىكى ئىنتايىن ھېسسىياتچان سىھىرلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدە دېيەلىشىم مۇمكىن."

1914 ـ يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كۆپ ئۆتمەي كەلگەن بىر يەكشەنبە (پازار) كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ قىينىچىلىق ئىچىدە ئۆتىۋاتقانلىقىغا قارىماي يەنىلا تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ كېلىۋاتقان شارائىت تۇيۇقسىزلا تەھدىتكە ئۇچرايدۇ: 18 ـ يانۋار (ئوچاق) چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىم بولغاندا، بىرسى كېلىپ ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلايدۇ. ھىتلېر ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئىشىكتە سۈرلۈك قىياپەتلىك مېيونخېن ساقچىسى تۇراتتى. ھېرلى (赫尔勒) ئىسىملىك بۇ ساقچى ئاۋستىرىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا "ھىتلېر 1914 ـ يىلى

20 ـ يانۋار (ئوچاق) كۆنىسى لىنزدىكى كارولىن ئېلىزابېت (卡瑟琳•伊丽莎白) 30 ـ نومۇرلۇق پىرىستانغا بېرىپ ھەربىلىككە تىزىمغا ئالدۇرسۇن” دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى. ئەگەر ۋاقتىدا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرمايدىكەن، سوتقا بېرىلىشى مۇمكىنلىكى ياكى جېرىمانە جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئۇ ساقچى يەنە، ئىشىنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى، ئەگەر ھەربىلىكتىن قېچىش سەۋەبىدىن چەتئەلگە قاچقانلىق جىنايىتى بارلىقى ئىسپاتلانغىنىدا تېخىمۇ ئېغىر جېرىمانە جازاسىغا تارتىلىپلا قالماي، بىر يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش خەۋپىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئادولف قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە، ئۇ بۇندىن 3 يىل ئاۋال بويتاقلار يۇرتىدا تۇرىۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ۋېيىنادا ئەسكەرلىككە ئېلىنماس قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچ قانداق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. بۇ ساقچى ھەربىلىككە تىزىملىتىش ئۇقتۇرۇشىغا قول قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان ئىدى. قوللىرى تىترىگىنىچە “ئادولف ھىتلېر” دەپ ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ساقچى ھىتلېرنى قولغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى باش شتاپقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇنى “ئاۋسترىيە كونسۇلخانىسى” غا يالاپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا، ساقچى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كېتىدۇ. ئۇ كۆنلەردە ھىتلېر ئۆز ھالىنى چۈشەندۈرمىسىمۇ كۆرۈنۈشىدىنلا ئەھۋالى مەلۇم ئىدى. باش كونسۇلمۇ چىرايى ساغرىپ كەتكەن، ئاچ قۇرساق، بىر تېرە بىر

ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كىيىملىرىمۇ ۋەيرانە بۇ ياش بىچارە رەسسامغا قاراپ، ئۇنىڭ لىنزغا ئەھۋالىنى ئېيتىپ ھەربىلىككە كىرىش ۋاقتىنى غېنىۋارنىڭ (ئۇيىنىڭ) باشلىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ تېلگرام بېرىپ بېقىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەتىسى، لىنزدىن "قەتئىي تۇردە 20-يانۋار (ئوچاق) كېلىپ تىزىمغا ئالدۇر" دېگەن جاۋاپ تېلېگرامما كېلىدۇ. شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىلا 20-يانۋار (ئوچاق) ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن باش كونسۇل ئەپەندى ھىتلېرغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ لىنز دائىرىلىرىگە بىر پارچە چۈشەندۈرۈش خېتى يېزىپ يالۋۇرۇپ بېقىشنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرمۇ قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇپ خەت يازىدۇ. يازغان خېتى ھەقىقەتەنمۇ ھۇلۇقۇش، ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ خەت نۇرغۇنلىغان ئىملا خاتالىرى بىلەن تولغان ئىدى. كېيىن ئۇ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ غەزەپلەنگەن ھالدا، ۋەزىيەت بەكلا جىددى ئىدى، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى، ھەتتا يۇيىنېۋلىشىمغىمۇ ئىمكان بېرىشمىگەن ئىدى، دەيدۇ.

"ئەسكەرلىككە چاقىرىش ئۇقتۇرۇشىغا ئۆزەمنى رەسسام دەپ يازدۇرغان ئىدىم، مەن بۇنداق ئاتىلىشقا ھەققىم بار دەپ قارايتتىم. شۇنداقتىمۇ مەلۇم چەك ئىچىدىلا شۇنداق ئاتىلىشىم مۇمكىن ئىدى. توغرا، مەن ھەقىقەتەنمۇ سىزغان رەسىملىرىمنى سېتىشقا تايىنىپ كۈن ئېلىۋاتقان بىرسى ئىدىم. مېنىڭ

بۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق تۇرمۇش ئاساسىم يوق (ئاتام ھايات ۋاقتىدا بىر دۆلەت كادىرى ئىدى)، مېنىڭ رەسىم سىزىپ سېتىشتىكى مەقسىدىم ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئىدى. مەن بىناكار رەسسامى بولغىنىم بىلەن، يەنىلا ئۆگىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بىر شاگىرت ھېساپلىنىمەن. شۇڭا، مەن پەقەت ئازلا ۋاقتىمنى تۇرمۇشۇمنى قامداشنى مەقسەت قىلىدىغان رەسساملىق ئىشىغا سەرىپ قىلالايمەن. بۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرىدىغان كىرىمنىڭمۇ تايىنى يوق بولۇپ، ئارانلا كۈن ئېلىشىمغا يېتىدۇ."

راس دېگەندەك، ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى ھەقىقەتەنمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە مىيونخېننىڭ رەسىم بازارلىرى قىشلىق ئۇيغا مەۋسۈمگە كىرىپ قالغان، بۇنى ئاز دەپ مىيونخېندا بۇ ئىش بىلەن كۈن ئالىمەن دەپ يۈرگەن رەسسامدىن ئۈچ مىڭدەك كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ تاپقان پۇلى تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: 1910 ـ يىلىسىدىلا ۋېيېننا دائىرىلىرىگە ئەسكەر بولۇش تەلىپىدە بولغان ئىدىم، كېيىن يەنە ۋېيېننادا تارتقان پاجىئەلىك كۈنلىرىمنى تەسۋىرلەيدىغان بىر پارچە رەسىممۇ سىزغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ياش ۋاقىتلىرىم بولغىنى ئۈچۈن بەكلا تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم قىلىدىغانمۇ ھېچ كىمىم يوق ئىدى. مەنمۇ غۇرۇرۇم بار بىرسى بولغىنىم ئۈچۈن باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ياكى باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنىمۇ ھەرگىز خالىمايتتىم. يالغۇز

www.ridaly.biz

يۈرگىنىم ئۈچۈن ئۆز كۈنۈمنى ئۆزەم ئامال قىلىپ قامداشقا تىرىشاتتىم. بۇ جەرياندا تاپقان بىر نەچچە تىيىن پۇلۇممۇ ئارانلا تاڭ ئاتقۇزىۋېلىشىمغا يېتەتتى. شۇ دەۋرلەردە ئىككى يىل بويىچە مېنىڭ بىردىن-بىر سۆيگۈنۈم "غەم" ۋە "يوقسۇزلۇق" ئىدى، مېنىڭدىن ئايرىلماي كەينىمدىن سوگدۇشۇپ يۈرىدىغان، تاپقىنىمنى تەڭ تالىشىپ يەيمەنلا دەپ يۈرىدىغان بىردىن-بىر ھەمراييىممۇ "ئاچلىق" ئىدى. مەن "ياشلىق باھار" دېگەن بۇ گۈزەل سۆزنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش پۇرسىتىگە ھېچ قاچان مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئاردىن بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ۋاقىتلار ھەققىدە ئېسىمدە قالغىنى ئاچ قۇرساقلىق، توڭلاپ قېتىپ قالغان پۇت-قوللىرىمنىڭ سىقىراپ ئاغرىشىلا ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن شۇ كۈنلەرنى ئېسىمگە كەلتۈرگىنىمدە، يەنىلا خوشاللىق ھېس قىلماي تۇرالمايمەن. چۈنكى مەن، شۇ ۋاقىتلاردا خەلقىم ياشاۋاتقان ئىنتايىن جاپالىق كۈنلەرنى تەڭ تالىشىپ ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. گەرچە مەن ئىنتايىن ئېغىر نامراتلىق ئىچىدە قاتتىق جاپا تارتقان بولساممۇ، ئەتراپىمدىكى مۆھىتتىن، كىشىلىرىمدىن ئۈمىد ئۈزىدىغان، تۇيۇق يولغا كىرىشكە تەييار مىجەزنى شەكىللەندۈرۈش ئورنىغا، سەۋر قىلىپ ئۆزەمنى ساپ تۇتۇشقا غەيرەت كۆرسىتەلىدىم. ھېچ قانداق بىر جىنايى ۋەقەلەرگىمۇ ئارىلىشىپ قالمىدىم. ئەسكەرلىك مەسلىسىدىن باشقا، مەن ئۆزەمنى نومۇسقا قويغىدەك ھېچ قانداق يامان ئىشقا بۇلغاپ يۈرمىدىم. مېنىڭ ھەربىلىككە تىزىملىتىش ئۈچۈن

بارمىغانلىقىمنىڭ ئاساسى سەۋەبى، بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرىم بولمىغانلىقىدىندۇر. مېنىڭ بوينۇمغا ئالىدىغان بىردىن-بىر خاتالىقىم، بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولالالماسلىقىمدىنلا ئىبارەت. ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن جېرىمانە قويماقچى بولسىڭىزلار، قۇرۇبىم يەتكىدەك جازا بولسا تۆلەشكە تەييارمەن.

ئۇنىڭ بۇ خېتى، بەكلا كۆچسىز يېزىلغان بىر پارچە يالۋۇرۇش خېتى بولسىمۇ، خېتىدە باش كونسۇلنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانغان. شۇ سەۋەپتىن، باش كونسۇلمۇ ئۆز پىكرىنى قوشۇپ ھىتلېر يازغان خەتكە قوشۇپ لىنىز دائىرىلىرىگە ئەۋەرتىۋېتىدۇ. باش كونسۇل بۇ ئەسكەرتىش خېتىدە ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەممىيلىك بىلەن راست گەپ قىلغانلىقىغا ميونخېن ساقچىسى بىلەن ئۆزى بىرلىكتە گۇۋاچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ. ھەمدە، ھىتلېر ھازىر ئالاھىدە مۇئامىلىگە بەكلا ئېھتىياجلىق بولغىنى ئۈچۈن، باش كونسۇل، ئۇنىڭ لىنزغا بېرىپ يۈرمەي يېقىندىكى سالتسبۇرگقىلا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لىنىز دائىرىلىرىنىڭ ماقۇل جاۋابى كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر 5-غېنۋار (ئۆي) كۈنى كونسۇل چىقىمى بىلەن سالتسبۇرگقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر "ھىتلېرنىڭ راستىنلا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ بەكلا ناچار، بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا جەڭلەرگە قاتنىشىش ياكى ياردەمچى ھەربى سەپ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ھەتتا مىلتىق كۆتەرگىدەك قۇرۇبىنىڭمۇ يوقلىقىنى كۆرىدۇ." دېمەك، ئۇنىڭ

شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاجىز بەدىنى ئۇنى ئاۋستىرىيە ئۈچۈن ئەسكەر بولۇشتىن ساقلاپ قالغان.

شۇنداق قىلىپ، ئادولف يەنە شۇ بۇرۇنقى ياتىقىغا قايتىپ رەسىم سىزىپ سېتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما، 28-ئىيۇن (باشاق) كۈنىسىدىكى بىر ۋەقە، ئۇنىڭ ئارانلا ئۆزىنى قامداشقا يېتىپ كېلىۋاتقان شۇ رەسىم سىزىش ئىشى بىلەن بىناكار بولۇپ يېتىشىش ئارزۇسىنى ئاخىرقى ھېساپتا يوققا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇ كۈنىسى، ئۇ ياتىقىدا ئولتۇرغىنىدا تۆۋەندە، كوچىدىن تويۇقسىزلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. نېمە ئىش بولدى دەپ دەرھال پەسكە چۈشىدۇ. بىنادىن چۈشۈۋاتقىنىدا ئۆي ئىگىسى پوپ خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا "ئاۋستىرىيە شاھىنىڭ ۋارىسى، شاھزادە فرانسىز فېردىنال سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ھىتلېرمۇ پوپ خانىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ كوچىغا يۈگىرگىنىچە چىقىپ توپلىشىۋالغان كىشىلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ ئالدىغا ئۆتىدۇ. كوچىدا، بىر مۇنچە كىشى تامدىكى قارا تاختىغا قاراشقىنىچە قىستىلىشىپ قالغان بولۇپ، ھىتلېر مىڭ تەستە قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ تاختىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيدۇ: ئېلاندا شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ ئايالى سوفىيەنىڭ قاتىلى گاۋرىلو پرىنسىپ (加夫利洛•普令西普Gavrilo Princip) دېگەن سېربىيىلىك ياش بىر تېررورچى ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. ھىتلېر بۇرۇن ۋېيىننادا تۇنجى قېتىم تۆۋەن پالاتاغا كىرىپ دېپوتاتلارنىڭ

نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدىلا سلاۋيانلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەندى ئۇنىڭ بۇ ئۆچمەنلىكى قايتىدىن يالقۇنجايدۇ.

ۋېيىننادا، غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ سىربىيىلىكلەر رايونىنى قورشىۋالىدۇ. بەزى سىياسى كاتتىۋاشلار بۇ پاجىئە ياۋروپادا بىر قېتىملىق ئېغىر سىياسى بوھران پەيدا قىلىشىۋېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. دېگەندەك، گېرمانىيە پادىشاھى ھابسبۇرۇگ خاندانلىقىغا يوشۇرۇن بېسىم ئىشلىتىپ، سىربىيىنى بېسىۋېلىشقا مەجبورلايدۇ. گېرمانىيە ئاللىمۇقاچان ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىپ قويغان بولۇپ، سىربىيىگە بىرىنچى بولۇپ ياردەم قىلىش ئېھتىمالى بولغان دۆلەت روسىيە ئىكەنلىكىنى، ئەمما روسىيە بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن قىلچە تەييارلىقى يوقلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بېسىم ئاستىدا قالغان ئاۋستىرىيىمۇ 28-ئىيۇن (باشاق) كۈنىسى سىربىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. كەينىدىنلا، رۇسىيىمۇ ئاۋستىرىيىگە قارشى ئومۇمى يۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ۋىلھېلمۇ ئوردا سارىيى بالكونىغا چىقىپ “ئۇرۇش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى” دەپ ئېلان قىلىپ، كەينىدىنلا رۇسىيىگە ئەتىسى چۈشكىچە ئومۇمى سەپەرۋەرلىكنى توختىتىش توغرىلىق ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومغا قارىتا رۇسىيىدىن ھېچ قانداق بىر جاۋاب كەلمىگەچكە، گېرمانىيە پادىشاھى 1-ئاۋغۇست (چايان)

چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە رۇسىيىگە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك بويرۇقى ئېلان قىلىندۇ.

رۇسىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مىيونخېنغا يېتىپ كەلگەندە، دالا ئارمىيىسى گېنېراللار بىناسى ئالدىدا خەلق ئاممىسى ئىنتايىن ھاياجانلىق ئىچىدە يىغىلغان ئىدى. بۇ خەلق توپىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدە ئادولف ھىتلېرمۇ بار ئىدى. ئادولف خەلق ئارىسىدا يالاڭباشتاق تۇرغان بولۇپ، كىيىملىرى رەتلىك، قىسقا بۇرۇت قويىۋالغان ھالدا كۆرۈنەتتى. گېرمانىيىدە بۇ ئۇرۇشنى ئۈنىڭچىلىك ئارزۇ قىلىدىغان باشقا بىرسى يوق دېگىدەك ئىدى. ئۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتاۋىدا "ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىلچە تەپ تارتماستىن دېيەلەيمەنكى، ئۇ كۈنلەردە شۇنداق خوشال ئىدىمكى، سەكرەپ ئۇسۇل ئوينىغىم، يەرلەردە دومىلىغىم كېلىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق كۈنلەرنى كۆرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن تەڭرىگە مىڭلارچە قېتىم رەخمەت ئېيتقان ئىدىم." ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش، ئۇنىڭ بۈيۈك نېمىس ئىمپىرىيىسى قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتى كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇرۇش قىزغىنلىقى پۈتكۈل گېرمانىيىنى قاپلايدۇ. بۇ قىزغىنلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىدىن كەلگەن قىزغىنلىق بولماي، ھېسسىياتقا تايىنىپ پەيدا بولغان قىزغىنلىق ئىدى. كىشىلەر خۇددى ھىستېرىيە باسقۇچىغا كىرىپ قالغاندەك ھەققانىيەت ئۈچۈن، دەپ ئەسەبىلەرچە تەنتەنە قىلىشاتتى.

ئەمما بۇ تەنتەنىسىنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلەش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچ كىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى. كىشىلەر ئۇرۇشنى گويا سىرىك ئويۇنىدەكلا بىر ئىش دەپ قاراشماقتا ئىدى. بارلىق ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىقىۋالغان بولۇپ، ھەممە بىردەك «رىيىن قوغدىغۇچىلىرى» مارشىنى توۋلاشماقتا ئىدى. ھەممە بىرلىكتە چارە قىلىنسۇن، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىنسۇن دەپ ۋارقىرىشاتتى. كارس (卡尔斯) مەيدانىدا، بىر قىسىم ئەسەبىلەشكەن كىشىلەر قەھۋىخانا ئوركىستىر ئۆمىكى دۆلەت گىمىنىنى تىنماي چېلىپ بېرىشنى رەت قىلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ فالىكش (法利希) كافىخانىسىنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىشىدۇ. بۇ جەريانىدا زىيالىيلارمۇ ھاياجانىدىن سەكرەپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇلار، مانا ئەندى خەلق غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلىدىغان بولدى، بۇ دېگەنلىك بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ياسالمىلىقىغا خاتىمە بېرىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇش يالقۇنى خەلقنى ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي ھۇرۇنلۇقلاردىن ئازات قىلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى. ھەتتا بۇندىن نەچچە ئاي ئاۋاللا ۋىلخىلىم تەرىپىدىن قۇرت-قوڭغۇزلار، "ئىمپېرىيە دەرىخىنى غاجىلايدىغان قۇرۇتلار" دەپ ھاقارەت قىلىنغان سوتسىيالىزمچىلارمۇ گېرمانىيە پادىشاسىنى قىزغىن تەبرىكلەشمەكتە (بىز بىر-بىرىمىزگە پۈت-قول بولىدىغان كۈندە تۇرماقتىمىز دېيىشىپ) ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك كىرىست ئارمىيىسى سەپلىرىگە قېتىلماقتا ئىدى.

پان گېرمانىزمچىلارمۇ ئۆزلىكىدىن بۇ داغ-دۇغىلىق نامايىش قوشۇنى سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، بىرلىكتە "ياشىسۇن گېرمانىيە پادىشاھى!" دەپ شۇئار توۋلاشماقتا ئىدى. "خايىل — ياشىسۇن!" دېگەن سادالار ھەممە يەرنى قاپلىغان — ھەتتا پان گېرمانچىلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ رەسمىي تۈردە ئۇلارغا قوشۇلغان ئىدى. "بىز چوقۇم نېمىس تىللىق مىللەتلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە ھالىتىگە، بىر مىللەت ھالىتىگە كېلىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا مەڭگۈ ئىسىللىكى بويىچە قالىدىغان مىللەت ھالىغا كېلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولىمىز!" دەپ قاراشقان ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشماقتا ئىدى. ئۇ يەنە خوخېنزوللېرن خاندانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شەرق سلاۋيانلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشقان گېرمان چەۋەندازلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ تونۇيتتى. شۇڭا ئۇ، گېرمانىيە چوقۇم ياشىشى، ئەركىنلىك ۋە كېلەچەك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، 3-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى كەلگەندە، يەنى فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىنىپ ئەتىسى، ھىتلېر ئۈچىنچى لۇدۋىگ (Ludwig III 路德维希) قا بىر پارچە ئىلتىماس تاپشۇرۇپ (باۋارىيە ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىس ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تا 1918-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە

ئىدى)، ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە ئەسكەر قىلىپ قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېرمۇ ۋىتتېلسباخ ئوردا سارىيى ئالدىغا يىغىلغان خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بولۇپ، بۇ ياشانغان پادىشانى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئىدى. ئاخىرى، لۇدۋىگ پەشتاختىتا كۆرۈنىدۇ.

لۇدۋىگ سۆزلەۋاتقاندا، ھىتلېر "پادىشا مېنىڭ يازغان خېتىمنى كۆرۈپ، ھەربىلىك ئىلتىماسىمنى تەستىقلىۋەتسە نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!" دەپ ئويلاپ كېتىدۇ. دېگەندەك، ئەتىسى پادىشانىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خەتنى يىرتىپ ئاچقىچە ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ كېتىدۇ. ھىتلېر باۋارىيىدە ھەربىلىككە قوبۇل قىلىنغان ئىدى، ئۇ ئەندى بىر پىدائى ئەسكەر ھېسابلىناتتى. 16-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى باۋارىيە پادىشاسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر پولكىغا تىزىملاتقىلى بارىدۇ. بۇ قىسىم ئۇنىڭ بىرىنچى تەلىۋى ئىدى. ئەمما پولك دەرۋازىسىدا "پولكىمىزنىڭ ئادىمى توشۇق" دەپ يېزىلغان بىر تاختاي ئېسىغلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر باۋارىيە بىرىنچى پىيادىلار پولكىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئىككىنچى تەلىۋى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىم ئىشى ھەل بولۇپ كەتكەن ئىدى: بىرىنچى ئىشى، ئەندى ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئاۋستىرىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىگە قاتنىششىنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ئىككىنچى ئىشى بولسا، ئەندى ئۇنىڭدا جاپالىق ئىشلەپ يەنە بىر قىشنى

ئۆتكۈزۈش دەيدىغان غەم قالمىغان ئىدى. ھىتلېر تويغىدەك تاماق، يېتەرلىك كىيىم، خاتىرجەم تۇرالغۇغا ئېرىشىپ، تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم ھالغا كېلىدىغان بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ھىتلېر ھەممىدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەيدىغان، ھاياتى بويىچە قايسى يولدا مېڭىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن، نېمە ئىش قىلىشى ئېنىق ھالغا كەلگەن ئىدى. يەنى ئۇ ھەربى كىيىم ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئەندى پەقەت بىرلا غېمى: ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇش تۈگەپ كەتمىسە بولاتتى دەيدىغان بىرلا غېمى قالغان ئىدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھىتلېرنى باۋارىيە ئىككىنچى پىيادىلار پولكىغا يۆتكەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ پولك ئېلىزابىت مەيدانىدىكى چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى مەكتەپتە ئاساسى ھەربى تەلىم-تەربىيە ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ قېتىمقى مەشىق ۋاقتى بەكلا قىسقا بولسىمۇ، تەلىم تەربىيىلەر بەكلا چىڭ تۇتۇلۇپ، مەشكە دەسسەش مەشقىدىن باشقا نەيزە مەشقىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يېڭى ئەسكەرلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە مەشىق قىلىپ ئاخشىمى ھېرىپ ئارانلا ياتىقىغا ئۈلگۈرەلەيتتى. بىر ھەپتە مەشىقتىن كېيىن، ھىتلېر رەسمى تۈردە باۋارىيە 16-پىيادىلار پولكىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئادولف، پولكى بىلەن بىرگە مىيونخېندا تۇرۇپ يەنە بىر مەزگىل مەشىق قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى مەشىقلەر بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا بەكرەك چىڭ تۇتۇلغان ئىدى. پولكتا خانس مېند (Hans Mend汉斯•孟德) ئىسىملىك بىر سەپدىشى، “ئادولف بىرىنچى قېتىم قولىغا قۇرالنى ئالغىنىدا

ئۇنىڭ خۇددى قىزلارنىڭ زىننەت بويىمنى كۆزەتكىنىدەك مىلتىقنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سېلىپ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدىن كۈلگىم كېلىپ كەتتى” دەيدۇ.

## (2)

ھىتلېر 7 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى پوپ ئەر ـ خوتۇنغا، تۇرىۋاتقان ھەربى قىسمىنىڭ مىيونخېندىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، ئۆي غوجايىنى ئەپەندىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە، ئەگەر جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم، سىڭلىمغا خەت يېزىپ خەۋەر قىلىپ قويارسىز، بەلكىم ئۇ يوق ھېساۋىدا بولسىمۇ مېنىڭ بەزى نەرسىلىرىمنى خاتىرە ئۈچۈن ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېلىشنى خالىمسا سىزلەردە قالسۇن دەپ ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېر ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىككى بالىسىنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ خوشلىشىۋاتقىنىدا، پوپ خانىم رەسمىلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇلار قۇچاغلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر كەينىگە بۇرۇلۇپلا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالىدۇ. ئەتىسى، 16 ـ پىيادىلار پولكى پادىشا مۇھاپىزەتچىلەر پولك ئورنىغا بېرىپ، داغدۇغىلىق سەپەرگە ئاتلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

ئەسكەرلەر ئۈچىنچى لۇدۋىگ ئالدىدا ئۇنىڭغا ۋە گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلمغا ساداقەت قەسىمى قىلىشىدۇ. ئاندىن، ھىتلېر بىلەن بىرگە بىر قانچە ئاۋىستىرىيىلىك ئەسكەر ئايرىلىپ

www.pidaw.biz

ئـۆز پادىشـاھى بولغـان ئاۋسـترىيە خـانى فرانـز جوسـېف (Franz Joseph 弗朗兹•约瑟夫) قـا سـاداقەت قەسـىمى قىلىشىدۇ. ھىتلېرنىـڭ شۇ قېتىمقى خاتىرىلەشكە ئەرزىيـدىغان مۇراسـىمدىكى تەسـىراتى توغرىلىـق بـار بولغـان بىـردىن-بىـر خاتىرىگە قارىغاندا، ھىتلېر سەپداشلىرىغا مۇنداق دېگەن: "8-ئۆكتەبىر (ئوغـۇز) كـۈننى ھەرگىزمـۇ ئۇنۇتالمـايمەن، چـۈنكى، مەن شۇ كۈنىسى ئىككى تال قاتلىما نانغا ئېرىشتىم، شـۇنىڭدەك يەنە مەززىلىـك چۈشـلۈك تامـاق يـېيەلىگەن ئىـدىم. يەنـى شـۇ قېتىملىق چۈشلۈك تاماقتا مەززە قىلىـپ توڭگـۇز گـۆش قـوردىقى بىلەن سوغۇق سـالات (سـوغوق سـەي، خـام ئوتىيـاش ــ ئـۇ.ت) يېيەلىگەن ئىدىم."

ئەتىسـى سـەھەردە، 16-پىيـادىلەر پـولكى مىونخېنـدىن ئاتلىنىـپ، 40 كىلـومېتر يىراقتىكـى لېچفېلـد (Lechfeld 勒希菲尔德) گازارمىسـىغا قـاراپ يولغـا چىقىـدۇ. ئەسـكەرلەر يۈكتاقىلىرىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، ئـون بىـر سائەتلىك جاپالىق ھەربى يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ھەربى يۈرۈشتە چىلەكـتە قويغانـدەك شارقىراپ يېغىۋاتقان يـامغۇردا پاتقـاق كېچىـپ ئاساسـەن پىيادە يـول يۈرىـدۇ. "گازارمىغـا يېتىـپ بارغانـدىن كېـيىن بىـر ئـات ئېغىلىدا ياتتىم. ــ دەپ يازىدۇ ئادولف، يوپ خانىمغا يازغـان خېتىدە، ــ كىيىم-كېچەكلىرىمىز چىلىـق-چىلىـق ھـۆل بولـۇپ كەتكەچكە، كېچىچە كۆزۈمگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىـدى." ئەتىسـى يەكشەنبە (پازار) ئىدى. ئۇلار يەنە 13 سائەتلىك جىددى ھەربى يۈرۈش قىلىپ ئاخشىمى ئوچـۇق دالىـدا چۈشـكۈن قىلىـدۇ. ھـاۋا

سوغۇق بولغاچقا، ئەسكەرلەر يەنە بىر كېچىنى ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇلار دۈشەنبە (باش، ساقان) چۈشتىن كېيىنلا ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بارىدۇ. گەرچە ئەسكەرلەر ھارغىنلىقتىن تۇرغان يېرىدىلا يېتىپ قالغىدەك چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان فرانسۇز ئەسىرلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن مەشكە دەسسەپ گازارمىغا كىرىپ كېتىشىدۇ. بۇ گازارمىدا ئۆتكۈزگەن بەش كۈن، ئۇنىڭ كۆرگەن ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. "بەكلا ئۇزۇن مەشىق قىلدۇق. ئاخشىمى بېرىگادىنىڭ مەشىق قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن يەنە ھەربى يۈرۈشى قىلاتتۇق. پولكىمىز باشقا بىر پولك بىلەن بىرگە يېڭى بىر بېرىگادا تەشكىل قىلغان ئىدى." بۇ ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىلا بىرلىشىشنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەر تولا مەشىق قىلىپ چارچاپ ھالىدىن كەتكىدەك ھېرىپ كەتكەن بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر 20-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى بوش ۋاقىت چىقىرىپ پوپ خانىمغا خەت يازىدۇ. ئۇ خېتىدە "بىز بۈگۈن ئاخشام ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدىغان بولدۇق، ... بۇنىڭدىن شۇنداق خوشالمەنكى، خوشاللىقىمدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ كەتتىم، ... مەن سىزگە نىشانغا بارا-بارمايلا قايتا خەت يازىمەن. شۇ چاغدا ئادرېسىمنى سىزگە ئۇۋەرتىمەن. شۇ يۈرۈشىمىز بىلەن ئەنگلىيىگىچە بارالىشىمىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم" دەپ يازىدۇ. شۇ ئاخشىمى بۇ يېڭى ئەسكەرلەر پويىز بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاۋىستىرىيىلىك بۇ چوك

www.pidaiy.biz

ۋەتەنـپەرۋەر ئـادولف ھىتلېرمـۇ، ئـاخىرقى ھېسـابتا گېرمـانىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى.

ئـادولف بىـلەن سەپداشـلىرى پـويىز ئـارقىلىق يولغـا چىقىۋاتقىنىـدا، بېرىگادىنىـڭ بىـر ئوفىتسېرى، كەسـپى ھەربـى بىرسى بولغان فرىـز ۋېيـدرمان يېڭـى ئەسكەرلەرنىڭ ھاياجانغا تولغـان بـۇ ھـالىنى كـۆرۈپ ھـاڭ ـ تـاڭ قالـدۇ. بـۇ پولكنىـڭ پولكوۋنىكى ئۆزۈن يىل مابەينىدە ھەربى سەپتە بولۇپ باقمىغـان بىرسـى بولغاچقـا، ھەرقايسـى روتـىلار زاپـاس ئوفىتسـېرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئالدىراش ھەربى تەلىم ئالغـان ساپلا يېڭـى ئەسـكەرلەردىن تەشـكىل تاپقـان ئىـدى. پولكتـا پىلىموتنىڭمـۇ تـايىنى يـوق، قىسـىمنىڭ تېلېفونلىرىمـۇ بـۇزۇلغى نيـۇرېنبېرگ شـىركەتلىرىدىن بىرسـىنىڭ ئەنگلىـيە ئەسـكەرلىرى ئۈچـۈن ياسىغان كونا تېلېفونلار ئىدى. ئەسكەرلەردە مىس قالپاقمۇ يـوق ئىـدى. ئۇلارغـا ئالـدىنقى سـەپتە كېيىشـكە كىلىيونكـا شـەپكىلا بېـرىلگەن بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ قىيـاپىتى خـۇددى 1812~1813 ـ يىللاردىكـى ئـازاتلىق ئۇرۇشـىغا قاتناشـقان پـىدائىلارغىلا ئوخشـايتتى. بـۇ بېرىگادىـدىكى ئەسـكەرلەرنىڭ قىزغىنلىقـى ئۇلارنىڭ قۇرال ـ ياراق جەھەتتىكـى يېتەرسـىزلىكىنى خىيـالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك قىلاتتى. ۋاگۇنلار بىكەتتىن قوزغىلىپ مېڭىشـىغا ئەسـكەرلەر خوشـاللىقىدىن ناخشـا توۋلاشـقا باشـلىدى. ئـۇلار خـۇددى چـوڭ بىـر كەچلىـك زىيـاپەتكە قاتنىشـىش ئۈچـۈن كېتىۋاتقانـدەكلا خوشـال كـۆرۈنەتتى. ئـۇلار قەھرىمـانلارچە جەڭ

www.pidaw.biz

قىلساق ئۇرۇش بىر قانچە ھەپتىدىلا ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل بايرىمىدىن بۇرۇن غەلىبە قازىنىپ ئۆيلىرىمىزگە قايتالايمىز، دەپ ئويلىسا كېرەك؟ ئەسكەرلەرنىڭ بۇ خوشاللىقىغا ھەقىقەتەنمۇ گەپ كەتمەيتتى.

گۇگۇم چۈشىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېر ئولتۇرغان پويىز رېيىن دەرياسى بويلىرىغا يېتىپ كېلىپ دەريا بويلاپ تولغىنىپ يولنى داۋام قىلدى. باۋارىيىلىك ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رېيىن دەرياسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەتىگەن سەھەردە تۇمانلار ئىچىدىن شەپەق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا نىدېرۋالد (尼德瓦尔德) دا گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زەپىرىنى خاتىرلەپ تىكلەنگەن ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىسى كۆرۈنىدۇ. ۋاگونلاردىكى بارلىق ئەسكەرلەر بۇ خاتىرە مۇنارىسىنى كۆرىشى ھامان ئۆزلىكىدىنلا «رېيىن قوغدىغۇچىلىرى» مارشىنى باشلىۋېتىدۇ.

شۇ ۋاقىتنى ئەسلەپ كېلىپ ھىتلېر مۇنداق دەيدۇ: "يۈرىكىم خۇشاللىقتىن قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى."

ئارىدىن 8 كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر تۇرىۋاتقان روتا يېپىرېس ئەتراپىدىكى جەڭگە قاتنىشىدۇ. ئەسكەرلەر ئەتىگەنلىك تۇمان ئىچىدە قورشاۋدا قالغان قىسىملارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن بېلگىيە قوشۇنلىرىنىڭ سىنارىيەت ئوقلىرى ئۇدۇلدىكى ئورمانلىق ئىچىدە

www.pidaw.biz

گۈمبۈرلەپ پارتىلاپ تۇراتتى. "شۇ چاغدا، كەينى كەينىدىن ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى ئۈستىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتكىنىچە ئورمانلىق ئەتراپىغا چۈشۈپ پارتىلىماقتا، دەرەخلەر خۇددى بىر تۇتام ئوتقا ئوخشاش تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە ئىدى." هىتلېرنىڭ مىيونخېنلىق مۇئاۋىن سوتچى بولغان بىر تونۇشى ئېرنست خېپقا يازغان خېتىدە هىتلېر مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئاكوپلاردا بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ياتاتتۇق. بىز ئۇ ۋاقىتلاردا قانچىلىك ئېغىر خەتەر ئىچىدە تۇرغانلىقىمىز خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. شۇڭا هېچقايسىمىزدا قورقۇش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ھەممىمىز "ئالغا" دېگەن بۇيرۇقنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتاتتۇق. ... بىز ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن توسالغان ئورمانلىق بىر يەرگە تارقىلىپ جايلاشقان ئىدۇق. بېشىمىزدىن غۇيۇلداپ توپ ئوقلىرى ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەتراپىمىزنى توپ ئوقىدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخ ۋە شاخ-شۇمبىلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. توپ ئوقلىرى ئورمانلىقنى بويلاپ پارتىلاپ پۈتۈن ئەتراپنى ئىس-تۈتەك قاپلاشقا باشلىدى، تاش-تۇپىلار ھەر تەرەپكە چېچىرايتتى، شۇنچە يۇغان قېرى دەرەخلەر تۈپ-يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە. بىز ئاكوپلاردا يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ بۇيرۇق كۈتۈشكە زادىلا تاقىتىمىز قالمىغان ئىدى، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى خالايتتۇق." ئاخىرى، نېمىس قوشۇنلىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتىدۇ. "بىز ئۇدا تۆت قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولساقمۇ بولمىدى. ھەر قېتىمدا

www.pidaiy.biz

چېكىندۈرۈلدۇق. بىزنىڭ روتىدىكى ئەسكەرلەر بىر-بىرلەپ يىقىلىپ، ئاخىرى مەن ۋە يەنە بىر سەپدىشىملا ساق قالدۇق. كېيىن ئۇ ھەمرايىممۇ يىقىلىپ چۈشتى. بىر پاي ئوق كېلىپ مېنىڭ ئوڭ يېڭىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ماڭا بىر نېمە بولمىغان ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە. كېيىن بىز بەشىنچى قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. بۇ قېتىم بىز ئورمان بويلىرى بىلەن يېزىنى بېسىۋالدۇق."

بۇ جەڭ ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. پودپولكوۋنىكمۇ ئېغىر يارىدار بولغان ئىدى. ھىتلېر بۇ چاغدا پولك شتاۋىنىڭ ئالاقىچىلىقىغا تاللىنىدۇ. ئۇ شىددەتلىك توپ ئوقى ئارىسىدا ئۇ ئازگالدىن بۇ ئازگالغا، ئۇ ئاكوپتىن بۇ ئاكوپقا سەكرەپ يۈرۈپ ھەربى دوختۇردىن بىرنى تېپىپ كېلىدۇ، ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنى جىددى قۇتقۇزۇش پونكىتى بار يەرگە سۆرەپ كېلىۋالىدۇ. ھىتلېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، يانۋار (ئوچاق) ئوتتۇرلىرىدا 16-پىيادىلار بىرگادىسىدا ئارانلا 30 نەپەر ئوفىتسېر ساق قالغان بولۇپ، ئەسكەرلەردىنمۇ 700 دىن ئاز ئەسكەر ساق قالغان ئىكەن. ساق قالغان ئەسكەر سانى بىرگادىنىڭ ئاران بەشتە بىرىگە تەڭ بولۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش بويرىقى توختىماي كېلىپ تۇراتتىكەن. يېڭى پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك ئېنگېلخارد (恩格尔哈特Engelhardt)، ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئەسكەرنىڭ ھەمرالىقىدا ئالدىنقى سەپكە كېلىپ دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىنى كۆزىتىۋاتقىنىدا دۈشمەن تەرەپ

www.pdfdaily.biz

سېزىپ قېلىپ، يامغۇردەك پىلىموت ئوقىغا تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئىككى ئەسكەر پولك كوماندىرىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى خەندەك ئىچىگە تارتىپ چۈشىرىۋالىدۇ. ئېنگېلخارد بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بۇ ئىككى ئەسكەرنىڭ قولىنى هاياجان بىلەن سىقىپ قويىدۇ. پولك كوماندىرى ئۇلار ئىككىسىگە قارا كرېست مېدالى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، باشقىلار بىلەن مېداليون مۇكاپاتى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقان پەيتتە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئاتقان توپ ئوقلىرىدىن بىرسى پولك شتابى جايلاشقان چېدىرنىڭ نەق ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلايدۇ. 3 نەپەر كىشى شۇ ھامان جان بېرىدۇ. پولك كوماندىرى بىلەن قالغان كىشىلەر ئېغىر يارىدارلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن بىر قانچە مىنوت ئاۋال، 4 نەپەر روتا كوماندىرى يىغىنغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھىتلېر بىلەن يەنە 3 نەپەر ئەسكەر ئۇلارنى تېپىپ كېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ شتاپ جايلاشقان بۇ چېدىردىن چىقىپ كەتكەن، ھىتلېرمۇ شۇ باھانىدا ساق قالغان ئىدى. بۇ ۋەقە، ھىتلېرنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش مۆجىزىلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. "ئۇ كۈنى ئۆمۈرۈم بويىچە كۆرگەن ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرگەن ئىدىم. — دەيدۇ ھىتلېر سودىيە دوستىغا يازغان خېتىدە، — بىز ھەممىمىز خۇددى تەگرىگە ئىشەنچ قىلغاندەك ئېنگېلخارد پولك كوماندىرىغا ئىشەنچ قىلاتتۇق."

نېمىس قوشۇنلىرى يىپرېس (伊普列斯 Ypres) نى ئوڭۇشلۇق تۈردە قايتۇرۇپ ئېلىشى بىلەن ھۇجۇمۇ ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلار ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پولك شتاۋىدىكى ئادەملەرمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا، پولك شتاۋى مېسسىنېس (Messines 梅辛纳斯) كەنتى يېنىدىكى بىر تىنچ يەرگە يۆتكىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېرمۇ رەسىم سىزىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ھىتلېر، رەسىم سىزىشقا كېرەكلىك نەرسىلەردىن بىر قىسمىنى يېنىغا سېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە بىر قانچە پارچە سۇ بوياق رەسىمى سىزىدۇ. رەسىملىرىنىڭ بىرىدە مېسسىنېس كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇش خارابىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يەنە بىرسىدە ۋېسكات (维斯切特) كەنتى ئەتراپىدىكى ئاكوپلار تەسۋىرلەنگەن. يېڭى پولكوۋنىكنىڭ كانۋىيى ۋېيدرمان ھىتلېرغا باشقا بىر رەسىم ئىشىنى، يەنى ئوفىتسېرلار ئاشخانىسىنى بوياش (بۇ بىر كىچىك ئۆي بولۇپ، پولك تەرىپىدىن پايدىلىنىشقا ئېلىنۋالغان بىر پوخرا ئۆيى ئىدى) ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ تاماقخانىدا بىر پارچە رەسىم بار بولۇپ، رەسىمدە ئۆلگەن بىر ئەسكەر چېگرا سىملىرى ئۈستىدە ئارتىلغان پېتىچە ئۆلۈپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ رەسىم ئاشخانا مۇھىتىغا بەكلا ماس كەلمەيتتى. ئوفىتسېر ۋېيدرمان پولك شتابى ئىچىدىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن بوياقچىلىق قىلالايدىغان بىرسىنى تېپىپ كىلىشى ئۈچۈن مېكس

ئامان ئون بېشىغا بويرۇق قىلغان، بۇ ئون بېشىمۇ بۇ ئىشقا ھىتلېردىن باشقىسى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قاراپ ئۇنى چاقىرىپ كەلگەن ئىدى.

ۋېيدرمان، بۇ ئاشخانا ئۆيىنى زەڭگەر رەڭدە بوياش كېرەكمۇ ياكى قىزىل رەڭدە بويىغان ياخشىمۇ دەپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. ھىتلېر كۆن نۇرى چۈشۈپ ئۆي ئىچى سۇس قىزىل بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆينى زەڭگەر رەڭدە بوياشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر دەرھال شۇتا، بوياق-چۆتكىلارنى تېپىپ كىرىپ ئۆينى بوياشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆي ئاقلىغاچ ۋېيدرمان بىلەن پاراڭغا چۈشىدۇ. “مەن دەسلىۋىدە ئۇنىڭ كۆرۈنىشى پەقەتلا ئەسكەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شۇنىسىمۇ ئاۋسترىيە شۇۋىسىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدىم. — دەيدۇ كوماندىر ۋېيدرمان كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — ئەڭ مۇھىمى، ئۇ بەكلا ئەستايىدىل بىرسى ئىدى. بۇ دېمەك، بۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بەكلا مول ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى” دەيدۇ.

كاپىتان ۋېيدرمان بىلەن ئامان ئون بېشى ئىككىسى، ئوردىن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

ئۇ ئىككىسى ھىتلېرنى بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرىست ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلاش قارارىغا كېلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر پولك شتابىنىڭ ئادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى

تىزىملىكنىڭ ئەڭ كەينىدە كۆرستىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغانلار تىزىملىكىدىن يوقۇرىدىن باشلاپ تاللاش ۋاقتىدا ئاخىرىدىكىلەر ئۆزلىكىدىنلا تەغدىرلىنىش تىزىمىدىن چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئىككىنچى دەرىجىلىك قارا كرىست مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇنىڭدىن ھىتلېر يەنىلا ئىنتايىن خوشال ئىدى. ئۇ ئىككى كۈن ئۆتكەندە پوپ خانىمغا يازغان خېتىدە "بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ خوشاللىق كۈنلىرىم. ئەپسۇسكى مېدالغا ئېرىشىشكە تېگىشلىك سەپداشلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇربان بولۇپ كەتتى. — ھىتلېر بۇ خېتىدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بايان قىلىنغان گېزىتنى ساقلاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ، — ئەگەر ئۆلۈغ تەڭرىم ماڭا رەھىم قىلىپ ئۆلمەي قايتالىسام، ئۇ گېزىتنى خاتىرە قىلىپ ساقلىۋالماقچىمەن." ئۇ يەنە ئون بېشىلىققا، يەنى ۋوزىۋود كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئايىقىنى چىگىپ قويىدىغان ئەسكەر دەيدىغان پەس كۆرۈش نامىدىنمۇ قۇتۇلۇپ، جەڭچىلەر تەپ تارتىپ ھۆرمەت قىلىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ.

مىيونخېندا ھەربىلىككە قاتناشقىنىدىن بېرى بالداقلىق ئەسكەر خانىس مېند ھىتلېرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

مىيونخېندىكى ۋاقتىدا ئادولفنىڭ بەدىنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، سومكىسىنىمۇ تەستە كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. مانا ئەندى، قولىدا مىلتىق، بېشىدا قىيپاش كىيىۋالغان مىس قالپاق، شاپ بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، تىنماي

ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپلا يۈرىدىغان چەبدەس بىر جەڭچىگە ئايلانغان ئىدى. قالغان ئالاقىچى ئەسكەرلەر ئۇنى قاتتىق ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ ئاۋىستىرىيىلىك بىر ئەسكەر تۇرۇغلۇق باۋارىيە قوشۇنى ئىچىدە شۇنچە خېيىم خەتەرگە قارىماي چېپىپ يۈرىشىگە زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. "ئۇ راستىنلا غەلىتە بىرسى، — دەيدۇ ئۇلاردىن بىرسى مېنىدقا، — مېنىڭچە ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق ئاكتىپ ئىشلەپ يۈرەمدىكىن دەپ ئويلايمەن. بولمىسا ئۇ ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ" دەيدۇ.

گەرچە ئۇ سەپداشلىرىغا ھەر دائىم تاماكا چېكىش زىيانلىق، ھاراق ئىچىش ناچار ئادەت دەپ تىنماي تەنقىتلەپ تۇرغان بولىشىغا قارىماي كىشىلەر ئۇنى يەنىلا "ئادولفىم" دەپ ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردە ئۇنىڭچىلىك ئىشەنچلىك باشقا بىرسىنىڭ يوقلىقى ئىدى. ئەگەر بىرەر يارىدارلانغان ئەسكەرگە يولۇقۇپ قالسا ئۇ ئەسكەرنى ھەرگىزمۇ ياتقان يېرىدە تاشلاپ قويمايتتى. خەتەرلىك ۋەزىپە تاپشۇرىۋالغىنىدىمۇ ھەرگىز يالغان كېسەل بولۇپ يېتىۋالمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېرىكىشلىك ئۇرۇش ئارىلىقلىرىدا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرگە يېقىن بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر رەسسام بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلىشاتتى. ئەگەر كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشتا بىرەر كۆلكىلىك ئىشنى ئۇچرىتىپ قالسىلا ئۇ ئىشنى دەرھال رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقاتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم



www.pdaily.biz

قايسى بىر ئەسكەر توشقان تۇتىۋالىدۇ. ئۇنى يۇرتىغا قايتاشىدا ئۆيىگە ئالغاچ كەتمەكچى بولۇپ سومكىسىغا سېلىۋالىدۇ. كېيىن ئۆيىگە بارغاندا سومكىسىغا قارىسا توشقاننىڭ ئورنىدا بىر پارچە خىش پارچىسى تۇرغان. بىرسى ئۇنىڭ توشقىنىنى ئوغرىلىۋېلىپ ئورنىغا خىش سېلىپ قويغانىكەن. بۇ ۋەقەنى ئۇ ئىككى پارچە ھەجۋى رەسىم قىلىپ سىزىپ ئۇ سەبدىشىغا ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. رەسىمنىڭ بىرسىدە ئۇ ئەسكەر ئۆيىگە بېرىپ سومكىسىنى ئېچىپ قارىسا بىر پارچە خىش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغانلىقى، يەنە بىر رەسىمدە بولسا ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئالدىنقى سەپتە مەززە قىلىپ توشقان گۆشى ياۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

ھىتلېرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ئەھۋالى باشقىلاردىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. باشقا ئەسكەرلەردەك ئۆيىدىن كونسېرۋا دېگەندەك يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېلەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تويماس ئىشتىيىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئامال يوق بېرىپ ئاشخانىدا ئاشپەزلەرگە ياردەم قىلىش ھېساۋىغا نورىمىدىن سىرىت بىر نەرسىلەر سېتىۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا ئۇ پولك بويىچە پىشقەددەم ئاشپەز دېگەن نامغىمۇ ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادولف باشقىلارنىڭ كونسېرۋالىرىغا ئېغىز تېگىشىنىمۇ نومۇس دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىشلىرىنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلىۋەتتەتتى. بەك قىستاپ كەتسە، مېنىڭدە سىلەرنى مېھمان قىلىپ جاۋاپ قايتۇرالىغىدەك ئىمكانىيەت يوق، دەپ

ئوچىقىنى ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لېتىنات ۋېيدرمان (يوقۇرىدا بۇ كىشى كاپىتانىدەك قىلىۋىدى، ئەندى لېتىنانت بولۇپ قالدى؟ — ئۇ.ت) ئۇنىڭغا روژدىستىۋا بايرىمىدا تۇرمۇش پۇلىدىن 10 مارك ئايرىپ ھىتلېرغا بېرىش تەكلىۋىدە بولغىنىدا، ھىتلېر بۇ تەكلىپنى رەخمەت ئېيتىپ چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ.

دەم ئېلىش پۈتكەندىن كېيىن پۈتۈن پولك قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئۇرۇشلاردا ھىتلېر پەقەتلا خۇماردىن چىققىدەك ئۇرۇشقا قاتنىشالماي كەلمەكتە ئىدى. "بىز ھازىرغىچە يەنە شۇ كونا ئاكوپلىرىمىزدا ياتماقتىمىز. ئارىلاپ فرانسىيە سېپى بىلەن ئەنگلىيە سېپىگە ھۇجۇم قىلىپمۇ قويىمىز. — دەپ يازىدۇ ھىتلېر 1915-يىلى 22-يانۋار (ئوچاق) دا پوپ خانىمغا يازغان خېتىدە، — ھاۋالار بەكلا ناچارلىشىپ كەتتى. ئادەتتە دۈشمەن توپ ئوقى زەربىسىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن يامغۇر سۈيى بىلەن تولغان ئاكوپلاردا نەچچە كۈنلەپ باش چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپ چىقىمىز. بىز يەنە قانچىلىك ئۈمرىمىز قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي تەگرىگە دۇئا قىلىپ ياتتۇق. يېقىن كۈنلەردە پۈتۈن سەپ بويىچە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىشىمىزنى كۈتۈپ ئولتاردۇق. بۇ ئۇرۇش بۇنداق تۇرغۇن ھالىتى بىلەن كىتىۋەرمەسلىكى كېرەكتە!"

ئەنە شۇنداق تىرىكىشىش جېڭى بىلەن ئۆتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاق يۈگىلۈق كىچىك بىر كۈچۈك (شۆبىھىسىزكى، بۇ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئېلىپ كەلگەن بىر سورتلۇق كۈچۈك ئىدى) توشقان قوغلاپ يۈرۈپ ھىتلېر تۇرغان ئاكوپقا سەكرەپ چۈشىدۇ.

ھىتلېر بۇ كۇچۇكنى تۇتۇۋېلىپ بېقىشقا باشلايدۇ. دەسلىۋىدە بۇ كۇچۇك قاچىمەنلا دەپ تۇراتتى. "مەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن قارىدىم. (بۇ كۇچۇك نېمىسچە بىلمەيتتى) ئاخىرى ئاستا-ئاستا ماڭا كۆنۈپمۇ قالدى." ھىتلېر ئۇنىڭغا "تۇلكە" دەپ ئات قويىۋالىدۇ. ئۇ يەنە بۇ كۇچۇككە شۇتىغا چىقىشقا ئوخشاش ئۇيۇنلارنى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. كۇندۇزلىرى بۇ "تۇلكە" ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈرىدىغان بولىدۇ. ئاخشىمى ئۇنىڭ قولتىقىغا كىرىۋېلىپ خورۇلداپ ئۇخلايتتى.

نويابىر (ئوغلاق) ئاخىرلىرىدا، ھىتلېر، ئەر-خوتۇن پوپلارغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ، قارشى تەرەپتىكى ئىگىز تاغ چوققىلىرىنى جانلىق شەكىلدە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرلىگىنى پاجىئەلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى:

"... توختىماي يامغۇر ياغماقتا (بۇ يىل قىش بولمامدىكىن تاڭ؟)، ئۇرۇش مەيدانى دېڭىزغا يېقىن، ھەمدە چوڭقۇر بىر يەر بولغاچقا، بۇ يەرلەر خۇددى تېگى يوق ساسلىقتەكلا بىلىنەتتى. كوچىلار مىلىچلاپ تۇرغان پاتقاقلىق، پىيادىلارنىڭ ئاكوپلىرى، توپ-زەمبىرەك سەپلىرى، قاتناش جىلغىلىرى ۋە چېگرا سىم توساقلىرى، "بۆرە ئۇۋىلىرى"، مىنا كۆمۈلگەن يەرلەر، ... ھەممىلا يەر ئەنە شۇنداق پاتقاقلىق بىلەن قاپلانغان. بۇ ئۇرۇش سېپى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە بىر ئۇرۇش سېپى ئىدى."

فېۋرال (ئۇي) دا ئۇ سوتچى تۇنىشى خۇپقا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ جەڭ قىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. قىزىق،

www.pdaily.biz

ھىتلېر خېتىنىڭ ئاخىرىدا سىياسى ئىشلار ھەققىدىمۇ توختالغان ئىدى:

"بۇ كۆنلەردە مىيونخېن پات-پات ئېسىمگە كېلىۋالىدىغان بولدى. كاللامدا بىرلا ئوي بار: بىز بۇ ئۇرۇشنىڭ ھېساۋىنى ئۇ يەردىكى مەلئۇنلاردىن چوقۇم تۆلىتىپ ئېلىشىمىز كېرەك دەپلا ئويلايمەن. ھەر قانچە بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ، ئۇلار بىلەن تۈتۈشۈپ قېلىشقا توغرا كەلسىمۇ، بۇ ھېساپنى ئۇلاردىن سورىشىمىز كېرەك. ئارىمىزدىكىلەردىن تەلىيى كېلىپ يۇرتىغا قايتالايدىغانلار بولغىنىدا، يۇرتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ پاكىز كۆرۈنۈشتە بولىشىنى، چەتئەل تەسىرى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلانغان بولىشىنى كۆرەلىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەملەر بۇ يەردە قۇربان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى، ياربدار بولۇۋاتقانلىقى، ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىغا، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى قانلىق دەريا بولۇپ ئېقىتىۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا گېرمانىيىنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ۋەتەن ئىچىدىكى ئىنتېرناتسىيونالچىلارغىمۇ قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن."

بىرەرسى، سەن ئەسلى نەلىك دەپ سوراپ قالسا، ھىتلېر ھەر دائىم: مەن ئاۋىستىرىيىلىك ئەمەس. مېنىڭ ئائىلەم 16-پولك، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مىيونخېندا ياشايمەن دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاۋال بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى شەرت ئىدى! بۇ ھەقتە ئۇ بەكلا چىڭ تۇراتتى. ئەگەر بىرەرسى چاخچاق قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئۇرۇشتا بىز ھەرگىز يېڭىپ چىقالمايمىز دەپ سالسا، ھىتلېر غەزىۋىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك

بولۇپ ئالدى-كەينىگە مېڭىپ كېتەتتى: "ئەنگلىيە چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇلارنى يېڭىش خۇددى دۇئا قىلغاندا ئامىن دېگىنىمىزدەكلا ئاسان بىر ئىش!" دەپ قايناپ كېتەتتى.

سەپداشلار ئوتتۇرىسىدا يېمەك-ئىچمەك بىلەن خوتۇن خەق ئۈستىدە گەپ باشلىنىپ قالغىدەك بولسا، ئادولف ئۇلارغا قۇلاق سالماي قولىغا كىتابىنى ئېلىۋېلىپ ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېتەتتى ياكى رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر گەپ رەسمى ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىگە كېلىشى ھامان قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز ئاددى كىشىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ تىنماي دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ قېلىشاتتى. "بىز ئۇنىڭ سەنئەت ھەققىدە، بىناكارلىق ھەققىدە سۇدەك راۋان سۆزلەپ كېتىشلىرىنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇ سۆزلەۋېتىپ دائىم دېگىدەك بىر قولىدا بىرەر كىتاب، پولاڭلىتىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلىملىك بىرسى ئىكەنلىكى كۈنسايىن ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سومكىسىدا ھەر ۋاقىت بىر قانچە پارچە كىتاب بولۇپ تۇراتتى. ئۇ كىتابلىرى ئارىسىدا شوپېنخاۋئېر ( Arthur Schopenhauer 叔本华) نىڭ «ئۇ مېنىڭ ئۇستازىم» دېگەن كىتاۋىمۇ بار ئىدى. بۇ پەيلاسوپ قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان قاراملىق قىلىشقا جاسارەتلىك بولۇش، ئادەمنى چوقۇم غالىبىيەتكە يېتەكلەيدۇ، دېيىشى ھىتلېرنىڭ كاللىسىغا قاتتىق ئورنىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن" دەيدۇ، ئۇنىڭ بەزى سەپداشلىرى.

1915 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا ھىتلېر پولك شتابىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئادىمىگە ئايلىنىدۇ. ھەر قايسى روتىلار بىلەن شتابنى باغلاپ تۇرىدىغان تېلېفون سىملىرى دۈشمەن توپ ئوقىدا پات ـ پاتلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئالاقىچىلارغا تايىنىپ خەۋەر يەتكۈزمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. "بىز پاتلا ھېس قىلدۇقكى، ــ دەيدۇ لېتنانت ۋېيدرمان ئەسلەپ كېلىپ، ــ پەقەت ئادولفلا ئەڭ ئىشەنچلىك ئالاقىچىمىز ئىدى." (1935 ـ يىلى، فرىز ۋېيدىرمان Friz Weidrmann 弗里兹•魏德曼 ھىتلېرنىڭ كانۋىيى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئارىدىن 4 يىل ئۆتكەندە، داھىسىغا، يەنى فيۇرېرىنىڭ تاشقى سىياسەتكە قارشى چىققىنى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ۋېيدرمان كېيىنچە يازغان كىتابىدا، ھىتلېرنىڭ شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى بەكلا پۇختا ئىدى، ئۇ، ئۇرۇشتا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگىنىدە كۆپتۈرۈپ ياكى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلىگىنىنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىدىم، دەيدۇ) قالغان ئالاقىچىلار ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى، چاققانلىقى ئالدىدا قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى. ئادولف خۇددى بالا ۋاقتىدا ئوقىغان ھىندىيانلار ھەققىدىكى ھېكايىلارغا ئوخشاش چەبدەسلىك بىلەن ئالدىنقى سەپلەرگە قوقماي ئۆملەپ بارالايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان بەزى نەرسىلەر باشقا ئەسكەرلەرنى ئەنسىرىتەتتى. ئۇ باشقىلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. "خەۋەرنى جايىغا

www.pidaiy.biz

يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بەكلا مۇھىم بىر ۋەزىپە، — دەيدۇ بىر قېتىم يېڭى ئالاقىچىلارنى تەربىيىلەش ۋاقتىدا، — شەخسىي غۇرۇر ياكى قىزىقىشىڭلاردىنمۇ مۇھىم!" ئۇ ھەر دائىم ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئىنتىلىپلا تۇراتتى. ئۇ دائىم دېگىدەك باشقىلار ئۈچۈنمۇ خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ تۇراتتى.

6~7-ئايلارغا كەلگىنىدە ئۇرۇش سۈرئىتىنى ئارتتۇرۇشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشلىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق جىددىيچىلىك ھىتلېرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ساغرىپ ئۇرۇقلاپلا كەتكەن ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ يورىماي تۇرۇپلا ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ توپقا تۇتىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە قولىغا قورالىنى ئېلىپ ئالدى-كەينىگە ماڭغىنىچە يۈگىرەشكە تەييار تۇرغان ئارغىماقتەك جىم تۇرالمايلا قالاتتى. ئاندىن ئۇ ھەممىنى بىر-بىرلەپ ۋارقىراپ ئويغۇتاتتى. ئۇلارنىڭ ھورۇنلىقى ئادولفنىڭ بەكلا ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېتەتتى. ئەگەر بىرەرسى تويغىدەك تاماق بېرىلمەسلىكىدىن دەرد تۆككىدەك قىلسا، ئۇ ئەسكەرگە: "1870-يىلقى جەڭدە فرانسۇز ئەسكەرلىرى يەيدىغان نەرسىسى يوق چاشقان تۇتۇپ يەپتىكەن!" دەپ رەددىيە بېرەتتى.

25-سېنتەبىر (ياچاق) كۈنىسى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىدۇ. ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا 16-پولك پۈتۈن سەپ بويىچە قاتتىق تۇرۇپ تىركىشىدۇ. بۇ جەريانىدا ئالدىنقى سەپ بىلەن بولغان تېلېفون ئالاقىسى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئالاقىچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ

www.pidaiy.biz

كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى ساق قايتىپ كېلىپ تېلېفون سىمىنىڭ پارتىلاشتا ئۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھىتلېرنى ئالدىنقى سەپكە رادىئو كانىيى ئارقىلىق ھەر قايسى قىسىملارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئەۋەرتىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنىمۇ غەلىبىلىك ئورۇنداپ شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەن توپ ئوقىدىن يەنە بىر قېتىم ساق-سالامەت قۇتۇلۇپ قايتىپ كېلىدۇ.

ھىتلېر ئۆتكەن بىر قانچە ئاي ئىچىدە كۆپ قېتىم ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ ئامالىنى قىلىپ ساق چىقالىغان ئىدى. ئۇنى قانداقتۇ بىر پەرىشتە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ھىتلېر "بىر قېتىم، ئاكوپتا بىر قانچە سەپدىشىم بىلەن تاماق يەپ ئولتۇراتتىم، — دەيدۇ بىر ئېنگلىز مۇخبىرى بولغان ۋارد پىرىس ( G. Ward Price 华德•普赖斯) قا خېلى يىللاردىن كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — تۇيۇقسىز بىرسى قۇلىقىمغا چاققان بول، دەرھال نېرىسىغا يۆتكىلىپ ئولتۇرىۋال، دەپ ۋارقىرىغاندەكلا بىلىندى. قۇلىقىمغا كەلگەن ئاۋاز بەكلا ئېنىق ئاڭلانغان ئىدى. خۇددى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلىغاندەك ئىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن يۆتكىلىپ نېرىسىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالدىم. بۇ ئاۋاز راستىنلا بىر ھەربى بۇيرۇقتەك بىر ئاۋاز ئىدى. قولۇمدا تاماق قۇتىسى ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاكوپ ئىچىدە 20 قەدەمدەك يىراققا بېرىۋالغان ئىدىم. يېڭى ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قايتا تاماق يېيىشقا كىرىشتىم. كۆڭلۈممۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك

ئىدى. ئەمما مەن ئەندىلا تاماققا قوشۇق سېلىپ تۇرىشىمغا كۆز ئالدىمدا بىر ئوت ئۇچقۇنى چاقنىغاندەك بولۇپ، بايا ئولتۇرغان يېرىمگە بىر توپ ئوقى چۈشۈپ شىددەت بىلەن پارتىلايدۇ. ئۇ يەردە قالغان سەپداشلىرىمنىڭ ھەممىسى تىتما-تىتما بولۇپ بىرسىمۇ ساق قالماي ئۆلۈپ كەتتى."

بەلكىم ئۇ ۋاقىتلار ئالدىن كۆرەلەيدىغان، ئالدىن ھېس قىلالايدىغان تۇيغىلىرى ئۇيغانغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك؟ شۇ يىلى كۈزدە، بىر ئاخشىمى پۈتۈن ئەتراپىنى ئاق قىراۋ قاپلاپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىر شېئىر يېزىپ چىقىدۇ. شۇ پەيتتىمۇ ھىتلېر ئۆز تەغدىرىنىڭ قانداق بولىشىنى ھېس قىلغان بولىشى مۇمكىن ئىدى.

ھەر قېتىم زىمىستان قىش يېتىپ كەلگەندە،
تىپ-تىنىچ ساسلىقتىكى دەرەخ تۈۋىدە
يالغۇز ئولتۇرىمەن.
قاراڭغۇلۇق كۆچلىرى پولات پەردىلەردەك،
ئاي شولىسى شەپىسى
شىمالى ياۋروپا قەۋرىلىرى ئۈستىنى قاپلاپ،
كۈندۈزلىرى كۆڭۈللۈك،
كېچىلىرى ۋەھىمىلىك.
چاقناپ تۇرغان پولات ئەنە شۇنداق تاۋلانغان
جەڭدە ئەمەس نەيزىلەردە.
شۇڭا مەن راس بىلەن يالغاننى ئايرىپ،
ھەرپ-رەقەملەر بىلەن تور توقۇيمەن،
بەخىت تىلەپ، تەنتەنە قىلىپ،
ھەققانىيەتچى كىشىلەرگە ئاتايمەن.

ئاردىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ سەپداشلىرىغا ھەيران قالارلىق بىر پەرىزىنى جاكارلايدۇ: "مەن سىلەرگە شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمەنكى، ھەممىڭلار مېنىڭ دەۋرىمنىڭ كېلىشىنى كۆتىسىلەر!"

شۇ يىلى دېكابىر (ئاراي) دا، قار ئورنىغا توختىماي سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. پۈتۈن پولكنىڭ ئەگرى-بۈگرى سوزۇلغان ئاكوپلىرىنىڭ ھەممىسىلا چىلىق-چىلىق سۇغا توشۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى كەلگەن ئىككىنچى قېتىملىق روژدىستۋا بايرىمى بىرىنچىسىدىنمۇ بەتەر ئېچىنىشلىق ئۆتىدۇ. پۈتۈن ئەسكەرلەر ئۆيلىرىدىن خالتا ۋە ھال سوراش خېتى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، يالغۇز ھىتلېرغىلا ھېچ نېمە كەلمەي ئۆزى يالغۇز بېشىنى چۆكۈرۈپ كارىۋىتىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ، ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش جەريانىدا ھېچ كىمگە گەپ قىلمايدۇ. سەپداشلىرى ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئائىلىسىدىن كەلگەن ھېيتلىق خالتىلىرىنى ئېچىپ بىرگە تەڭ يېيىشنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم-ئايرىم رەخمەت بىلدۈرۈپ يېيىشنى رەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ يېتىۋالىدۇ. دەم ئېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر غەم-ئەندىشىلىرىنى بىراقلا ئۇنۇتۇپ قايتىدىن خوشخوي ھالىغا كېلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھېيتنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزىۋالغانلىقىنى تەبرىكلەپ بىرمۇنچە چاخچاقلارنىمۇ قىلىدۇ. ھەتتا ھەممىنى قاھقاھلىتىپ كۈلدۈرۈپمۇ ئالىدۇ.

1916 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى كىرىشى بىلەن، ھىتلېر تۇرىۋاتقان بېرىگادا جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ھەل قىلغۇچ دالا ئۇرۇشى ھېساپلانغان سوم ئۇرۇشىغا ئۆلگۈرۈپ ئالدىنقى سەپكە يېتىپ باردۇ. ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتىدۇ. ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى كۈنىسىدىلا 20 مىڭغا يېقىن ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى يارىدار قىلىنىدۇ. 14 ـ ئىيۇل (ئەرەن) ئاخشىمى، فىرومېللەر (弗隆美尔) ئەتىراپىدا 16 ـ پولكنىڭ پۈتۈن تىلېفون سىملىرى توپ ئوقىدا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئالاقىچى ھەر قەدەمدىكى ئۆلۈم خەۋىپىگە قارىماي بېرىپ سىم يولىنى تەكشۈرۈشكە چىقىدۇ. ئۇلار لىق سۇغا تولغان ئاكوپ ياكى توپ ئوقى ئويۇۋەتكەن ئازگاللارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ سىم تەكشۈرەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىققان ئالاقىچى ئەسكەر ھارغىنلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي يېتىپلا قالىدۇ. ھىتلېر ئامال يوق بۇ ھەمىرىيىنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاكوپقا قايتۇرۇپ كېلىۋالىدۇ.

20 ـ ئىيۇل (ئەرەن) كۈنىسى، فىرومېللەر ئۇرۇشى بەكلا شىددەتلىك بولىدۇ. ئۇرۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن سانسىزلىغان ئەسكەر چىقىم بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ھېچ قايسى تەرەپ بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ. شۇندىن كېيىنكى ئىككى ئاي جەريانىدا جەڭلەر ئاساسەن ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ قېلىپ، بىر ـ بىرسىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇش بىلەنلا دېگىدەك ئۆتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بىر غېرىچمۇ ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ

ياكى كەينىگە چېكىنمەيدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھىتلېر يېقىن بىر سەبدىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە تەرجىمانلىق قىلىدۇرۇش ئۈچۈن خانس مېندنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ يەنە ئېرنست شمىت (Ernst Schmidt 恩斯特•施密特) بىلەن ئىگناز ۋېستېنكىرچنېر ( Ignaz Westenkirchner 伊格纳斯•维斯登基希纳) دېگەن ئىككى نەپەر يېقىن سەپدىشى بار ئىدى. بۇلاردىنمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ ھېلىقى سۆيۈملۈك كۈچۈكىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان ئىدى. "ئاھ شۇ كىچىك تۈلكەم، — دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەن بىر قىش ئاخشىمى ئىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، — بەكلا ئۇماق ئىت ئىدى-دە! — ئۇ تۈلكە ئىسىملىك ئىتى توغرىلىق گەپ بولۇپ قالغىنىدا، ئىتىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىننى تۇتىمەن دەپ قىلغان ئۇيۇنلىرى ئېسىگە كېلىپ كېتىدۇ. كۈچۈك دەسلىۋىدە خۇددى گېپنوز قىلىنغاندەك تىترەپ قاشلىرىنى تۈرۈپ كەتسە، يەنە تۇيۇقسىز سەكرەپ قوپۇپ چىۋىننى چىشلىمەكچى بولىدۇ. — مەن ئۇنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئۇ كۈچۈك خۇددى بىر ئادەمدەك قىلىقلارنى قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ خېقىراپ كېتەتتى." ھىتلېر تاماققا ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ كىچىك تۈلكىسى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەگەر ھىتلېر 5~6 قوشۇق كاپ قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا بىر كاپام بىر نېمە بەرمىسە كۈچۈك دەرھال زۇڭ ئولتۇرغىنىچە

غوجايىنىغا چەكچىيىپ، "ماڭا بەرمەمسەن؟" دېگەندەك قىلىقلىقلارنى قىلاتتى. "قىزىق، مەن ئۇ كۆچۈككە ھەقىقەتەنمۇ ئامراق بولۇپ قالغان ئىكەنمەن."

ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سوم ئۇرۇشى ئاخىرى چىقماس بىر ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى تىنىماي ھۇجۇم قوزغاپ تۇراتتى. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن 614 مىڭ ئادەم چىقىم بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ قىلچە مەنىسى يوق قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا نېمىس قوشۇنلىرى ھەپتىلەپ نۇرغۇن قېتىم قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنىلا بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنمەي تىركىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھىتلېر يەنىلا پەرىشتىلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغاندەك ساق ئىدى. 7-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى، ئۇنىڭدىن تەلەي قاچقان بىر كۈن بولىدۇ. ئۇ قالغان ئالاقىچىلار بىلەن بىرلىكتە پولك شتابىغا تۇتىشىدىغان تار بىر ئۆڭكۈردە ياتاتتى. تۇيۇقسىز بىر پاي توپ ئوقى يەر ئاستى ئاكوپىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ پارتىلاپ، ئالاقىچىلارنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېر پاقالچىقىدىن يارىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي لېتىنانت ۋېيدرمان بىلەن تالىشىپ يارام ئېغىر ئەمەس، ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرماڭ دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. "لېتىنانت، قاراڭ، مەن يەنىلا ئۆرە تۇرالايمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ ھىتلېر، — مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن، مېنى پولك شتابىدىن ئارقا سەپكە قايتۇرىۋەتمەڭ، ماقۇلمۇ؟" دەپ يالۋۇرىدۇ.

# (3)

ھىتلېرنى قايسى بىر دالا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ يارىسى بەك ئېغىر ھېساپلانمىسىمۇ، دوختۇرخانا بالىنىسىغا كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنى باشقا بىر روھى ئازاپ يېقىتىپلا قويىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق بولغان ئىدى: ھىتلېر ياتاقتا ياتقىنىدا قۇلىقىغا ئۇشتۇمتۇت بىر نېمىس ئايالىنىڭ، يەنى بىر سېستىرانىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ سېسترا ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى. "بۇ مېنىڭ ئىككى يىلدىن بويان تۇنجى قېتىم بۇنداق ئايال كىشىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىشىم! — دەيدۇ ھىتلېر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ. كۆپ ئۆتمەي ئۇنى گېرمانىيىگە قاراپ ماڭغان يارىدارلار پويىزىغا ياتقۇزۇشىدۇ، — بىزنى ۋەتەنگە ئېلىپ ماڭغان پويىز گېرمانىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز قانداقتۇ بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلماقتا ئىدۇق. — ئاخىرى نېمىس ئۆيلىرىمۇ بىر-بىرلەپ كۆرىنىشكە باشلايدۇ، — بىز ۋەتەنگە خاس ئۆگزىلىرى تىك قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ چىرايلىق قوش قاناتلىق، قوش قاپلىق پەنجىرىلىرىنى كۆرمەكتە ئىدۇق. ئاھ ۋەتەن!"

ئادولف بېرلىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا ياتقۇزۇلىدۇ. ئۇزۇندىن بويان خەندەك تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ قالغان ھىتلېر، بالىنىستىكى پاك-پاكىزە

www.pidaiy.biz

ئاق كىرلىكلەر بىلەن قاپلانغان كىيسەل كارىۋىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدى. دەسلىۋىدە "بۇنداق پاكىز كارىۋاتلاردا يېتىشنى ئۈنتۇپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن كارىۋاتتا ئولتۇرۇشتىنمۇ ئەيمىنىدۇق" دەيدۇ ھىتلېر. ئۇلار بۇنداق راھەت مۇھىتقا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈشكە باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزىلەردىكى بىيرۇكراتچىلىق خاراكتېرلىرى ئۇلارغا بەكلا ياد بىلىنەتتى. ئادولف، داۋالىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالىغىدەك بولغىنىدا بېرلىندا يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش قىلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھىتلېر بېرلىندا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاچارچىلىقنى، يوقسۇللۇقنى ھەمدە كىشىلەرنى تېنچلىق ئۈچۈن كۆشكۈرتىدىغان مۇتىھەملەر ھەرىكىتىنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئىككى ئاي داۋالىنىپ ساقىيىپ بالنىستىن چىقىدۇ. ئۇنى مىيونخېندىكى بىر ئارقا سەپ تەمىنات باتالىيونىغا يۆتكەيدۇ. ئۇنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ئادولف مىيونخېنغا كېلىپ جەڭگىۋارلىقنىڭ يوقۇلۇش سەۋەبىنى تاپقان ئىدى.

گېرمانىيىدە جەڭگىۋارلىقنىڭ يوقۇلۇشىغا بىردىن بىر سەۋەپچى بولىۋاتقانلار ـــ يەھۇدىيلار! ئارقا سەپتە گېرمانىيىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن سۇيىقەست تەييارلاشقانلار دەل شۇ يەھۇدىيلار! دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. "گويا ھەممىلا مەمورى كادىرلىقنى يەھۇدىيلار ئىگەللىۋالغان، ھەممىلا يەھۇدىي مەمورى كادىر بولىۋالغاندەكلا قىلاتتى. بۇ سايلامغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە بۇنىڭدەكلەرنىڭ كۆپلىكى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر

ئىش. ئۇلارنىڭ كۆپلىكىدىن، ئالدىنقى سەپلەرگىمۇ ئېشىنالماي قالغان. — ھىتلېر شۇنىڭغىمۇ قايىل ئىدىكى، — يەھۇدىيلار پۇل مۇئامىلە ساھەلىرىدە گېرمانىيە ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزگىنىگە ئېلىۋالغان، بۇ قان شورىغۇچى قۇرتلار خەلقىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانىنى شوراپ قۇرۇتماقتا ئىدى."

ئالدىنقى سەپلەردە ھىتلېرنىڭ سەبداشلىرى ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. كۆرۈنۈشتە ھىتلېر باشقىلارچىلىكمۇ يەھۇدىي دۈشمەنلىكى بار بىرى ھېساپلانمايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمۇ يەھۇدىيلارغا بىرەر-ئىككى ئېغىز ئانچە ئېغىر كەلمەيدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. مەسىلەن "ئەگەر بارلىق يەھۇدىيلار بىزنىڭ كوندوكتۇرىمىز بولغان ستېپىنچىلىك ئەقىللىق بولمىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا، يەھۇدىي دېگەنلەردىن تولا بەك ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق." ئۇ ۋېيىننا بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىلا يەرگە بۇرنىنى تىقىپ يۈرىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلغىنىدا، ھىتلېر ھېچقاچان يامان غەرەز بىلەن بۇنداق گەپلەرنى قىلغان ھېساپلانمايتتى دەيدۇ ۋېستېنكىرچىنېر ئۆز ئەسلىمىسىدە. ئەمەلىيەتتە بولسا، سىمىتمۇ ھېچقاچان ئۇنداق بىر گەپ قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېتىنات ۋېيدرمانمۇ ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىدىم دەيدۇ (راستىنى ئېيتقاندا، مەن ھېتلېرنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ.)

www.pidaw.biz

ھىتلېر مىيونخېندىنمۇ زېرىكىشكە باشلايدۇ. يەنى ھىتلېر، بۇ ئارقا سەپ تەمىنات باتالىيونىدىكى سىياسى مۇھىتنىڭ بەكلا ناچار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسى ئالدىنقى سەپتىن كەلگەنلەرنى ھۆرمەت قىلىشمايتتى. يەنى ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھىتلېرنىڭ ئالدىنقى سەپ ئاكوپلىرىدا تارتقان جاپالىق كۈنلىرى ھەققىدە قىلچىمۇ تەسىراتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېتىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. ئاخىرى، 1917 ـ يىلى يانۋار (ئوچاق) دا لېتنانت ۋېدېرمانغا خەت يېزىپ، سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولغانلىقىنى، شۇڭا قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا بۇرۇن تۇرغان پولكىغا، بۇرۇنقى سەپداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتۇرىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىرىنچى مارت (قوزا) كۈنى، ھىتلېر 16 ـ پولكقا قايتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ كونا سەپداشلىرى ھىتلېرنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ سۈيۈملۈك كىچىك تۈلكىسىمۇ خوشاللىقىدىن غىڭشىپ ناياقشىپ كېتىدۇ. "كۈچۈككۈم ماڭا ئېتىلغىنىچە كېلىپ ئېسىلىۋالدى." دەيدۇ ئادولف. تاماق ۋاقتىدا، روتىدىكى ئاشپەز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تاماق تەييارلايدۇ. دەستىخان بولكا، مۇرابىا ۋە پېچىنە ـ پىرەنىدىكلەر بىلەن تولغان ئىدى. ھىتلېر ئاخىرقى ھېساپتا ئۆز ئائىلىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. شۇ ئاخشىمى، ھىتلېر قول چىرىقىنى ئېلىپ مىلتىق شىتىكى بىلەن ئۈياق ـ بۇياققا چاپچىغىنىچە خائىنلارغا ھاقارەت

www.pidaly.biz

قىلىپ بىر مۇنچە ۋارقىرىۋالىدۇ. كىچىدە يەنە بىر هازا ئايلانغاندىن كېيىن، باشقىلار ئۇخلاتمىدىڭ دەپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاياقلىرىنى ئېتىپ ۋارقىراشقىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئاكوپقا قايتىپ كىرىپ ئۇخلايدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە بارلىق پولكلار ئالاس (阿拉斯) رايونىغا قاراپ يۆرۈش قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق ئەتىيازلىق هۇجۇم ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. شۇنداق پەيتلەردىمۇ هىتلېر رەسىم سىزىش ئۈچۈن يەنىلا ۋاقىت چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ خېلى جىق سۇ بوياق رەسىمى سىزىپ چىقىدۇ. رەسىملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر مەنا ئىپادىلىيەلەيدىغان ئۆرۈش مەنزىرىلەر تەسەۋۋۇرلىرى ئىدى (ئۇنىڭ نەشرى قىلىنمىغان خاتىرە دەپتىرىدە سەهنە لايىهىلەش مۇتەخەسسىس گۇتىن كرىگ 戈顿•克勒格، هىتلېرنىڭ بۇ ئۇرۇش مەيدانى رەسىملىرى ئىنتايىن يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە دەپ قارايدۇ. بۇ رەسىملەرنى شۇنچە مەدىھلەپ كېتىشى بەلكىم هىتلېرغا بولغان رەخمىتىدىن كەلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، هىتلېر بۇ مۇتەخەسسىسنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارىژغا بېرىپ تۇرۇپ قالغان بولۇپ، هىتلېر پات ـ پات بېرىپ ئۇنىڭ رەسىملىرىنى سېتىۋالاتتى). شۇ يىلى مەسىخ بايرىمىدا، ئۇنىڭ رەسىمى ئاممىۋىلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇ، هاك بىلەن كۆمۈر كومۇلاچلىرىنى ئاققا بوياپ، پولكوۋنىكنىڭ باغچىسىغا "1917 ـ يىللىق پاسخا بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن" دېگەن خەتلەرنى

www.pidaiy.biz

تىزىپ چىقىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، 16-پولكقا فرېيخېر ۋون تۇبېۋف (Anton Freiherr von Tubeuf 弗赖赫尔•冯•图波夫) ئىسىملىك مىڭ بېشى بولغان يېڭى بىر پولك كوماندىرى كېلىدۇ. بۇ يېڭى پولك كوماندىرى پولكوۋنىكلار جەمئىيەتىگە تەۋە بىرسى بولۇپ، بەكلا ئاكتىپ ئىدى. ئۇ كېلىپلا پولك ئىنتىزامىنى قايتا رەتكە سېلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنى جاپاغا قويغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى يوقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەنقىتلىيەلەيدىغان جاسارەتكىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ، پولكتىكى بۇرۇختۇرمىلىق ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۆزى باشلاپ ئوۋغا چىقىپ بېرەتتى. ھىتلېر ئورمان ئىچىدىن ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ بېرەتتى. ئالدىنقى سەپكە تۇتاش ئورمانلىق ئىچىدە ھىتلېر قولىغا بىر تال تاياقنى ئېلىۋېلىپ تىنىماي ئىككى سائەتكىچە ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ ئۈيقىتىپ يۈرۈپ پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا توشقانلارنى ھايداپ كېلەتتى (شۇنىڭدىن 16 يىل كېيىن، ھىتلېر بۇ پولك كوماندىرىنى گېنېراللىققا ئۆستۈرىدۇ).

گەرچە ھىتلېرنىڭ ھەربىيلىككە قاتناشقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭلەردە ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يەنىلا ئون بېشىلىقتا تۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ۋېدېرمان مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرسى، ھىتلېردا رەھبەرلىك قىلىش قابىلىيىتى يېتەرسىز ئىدى. يەنە بىر

www.pdaiy.biz

سەۋەپ، ئۇ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇشلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە دائىم دېگىدەك بېشىنى سىڭايان قىيسايتىپلا يۈرەتتى. يول ماڭغاندىمۇ بېشىنى ئېگىپ دۈمچىيىپ ماڭاتتى. گەرچە ئۇ ئازىراقلا پۇرسەت تاپسا يۇيۇنۇپ يۈرىدىغان، يۇيۇنمايدىغان ئەسكەرلەرنى تىرىك قىغ دۆۋىسى دەپ مازاق قىلىپ يۈرىدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆتۈكىنى سۈرتۈپ مايلاشقا ھۇرۇنلۇق قىلاتتى. بىرەر ئوفىتسېرغا دۈچ كېلىپ قالسىمۇ دىققەتتە تۇرمايتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئادەتتە ئالاقىچىلارغا ئەسكەر دەرىجىسى بېرىش ھەققىدە بىرەر بەلگىلىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ھىتلېرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگىنىدە ئۇنى داۋاملىق ئاددى ئالاقىچى قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولمايتتى. يەنى، ئۇنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلسە پولىك شىتابى ئەڭ قابىلىيەتلىك بىر ئالاقىچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

شۇ يىلى ياز پەسلىدە، 16-پولىك دېڭىزىيەسىگە قايتىپ بۇرۇن ئۇرۇشقا قاتناشقان بېلگىيە ئۇرۇش مەيدانىغا قايتۇرۇلۇپ يېپرېسنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش تەييارلىقىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تۇنجى قېتىمقىسىغا ئوخشاشلا شىددەتلىك بىر ئۇرۇش بولىدۇ. ئىيۇل (ئەرەن) ئوتتۇرلىرىدا پولك ئۇدا ئون سوتكا دۈشمەن توپ ئوقى ئاستىدا قالىدۇ. توپقا تۇتۇشلار ئارىلىقىدا ئۇلار يەر ئاستىدا قانداقتۇ بىر ئاۋازلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيىدۇ. دۈشمەن قىسملىرى ئۇلارغا قارىتىپ يەرئاستى يولى كولىماقتا ئىدى. يوقۇرىدا دۈشمەن ئايروپلانلىرى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن

قورقۇنۇچلۇق پارتىلاشلار. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قىسىم تىنىماي زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچراپ تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەر پات-پاتلا سوتكىلاپ زەھەردىن قوغدىنىش ماسكىسى تاقاشقا مەجبۇر ئىدى. ئىيۇل (ئەرەن) نىڭ ئاخىرقى كۈنى پوزىتسىيىسىنى قوغداپ تۇرىۋاتقان قىسىملار يەنە بىر قورقۇنۇچلۇق دۈشمەن ھۇجۇمى بولغان تانكا ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەختىگە پۈتكۈل خەندەكلەر يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، تانكىلارمۇ پاتقاققا پېتىپ قىمىرلىيالمايلا قالىدۇ.

ئاۋغۇست (چايان) ئېيى كىرىشى بىلەن، ئېغىر چىقىمدار بولغان 16-پولك جەڭدىن چېكىنىپ ئارساس (阿尔萨斯) قا يۆتكىلىپ قايتا تەرتىپكە سېلىنىپ دەم ئالدۇرۇلىدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە ھىتلېرمۇ ئىككى قېتىم ئېغىر چىقىمدار بولىدۇ: بىر تۆمۈريول ئەمەلدارى كۈچۈكىگە كۆزى چۈشۈپ ئۇنى 200 ماركقا سېتىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا ۋارقىرىغىنىچە “بۇ ئىتىمگە 200 مىڭ مارك بەرسەڭمۇ ساتمايمەن!” دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە قىسىم پويىزدىن چۈشۈۋاتقىنىدا كۈچۈك يوقاپ كېتىدۇ. قىسىم يولغا چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرمۇ ئىتىنى ئىزدەشنى تاشلاپ ئامالسىز يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. “بەكلا ئەپسۇسلانغان ئىدىم. مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان كۈچۈكۈمنى ئوغرىلىغان توڭگۇزنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويىشىم كېرەك ئىدى.” دەل شۇ پەيتلەردە يەنە بىر “توڭگۇزنىڭ بالىسى” ئۇنىڭ سومكىسىنى كېسىپ

ئـوغرىلاپ كېتىـدۇ. سومكىسـىدا ئۇنىـڭ قېرىنداشـتا سىزغان قىممەتلىك رەسىملىرى، ماي بوياق رەسىملىرى ۋە بىر مۇنچە سۇ بوياق رەسىملىرىنى ساقلىغان كاروپكىسىمۇ بـار ئىـدى (ئالـدىنقى سەپتە ئەسكەرلەر دائىم دېگىدەك بىر ـ بىرسىنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىشاتتى).

شـۇ يىلـى ئـۆكتەبىر (ئوغـۇز) دا شـىمىت ئـۇنى دەم ئېلىـپ كېلىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 18 كۈنلۈك دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەم ئېلىشى، ئـۇرۇش باشلانغىنىدىن بۇيـانقى تـۇنجى قېتىملىـق تەتىلـى ھېسـابلىناتتى. ئۇلارنىـڭ بارىـدىغان يېـرى درېسـدېن (德列斯登 Dresden) ئىـدى. شـىمىتنىڭ سىڭلىسـى شـۇ يەردە تـۇراتتى. ئـۇ ئىككىسـى يـول ئۈسـتىدە بلوچسـېل، كلـوڭ (科隆) ۋە لېيپزىـگ (莱比锡 Leipzig) لاردا توختـاپ ئـۇ يەرلەرنىـڭ مەنزىرىسـىنى زىيـارەت قىلىپ ئۆتىدۇ. ھىتلېر لېيپزىگنى بەكلا ياخشى كـۆرۈپ قالىـدۇ. بـۇ يەردىكـى سـان تومـاس (圣•杜马斯) چېركـاۋى مـارتىن لوتېرنىڭ تـۇنچى قېتىملىـق ۋەز ئېيتقـان يېرى ئىـدى. يەنە شـۇ چېركاۋدا باخ 27 يىل ئىسكىروپكا چالغان ئىدى. ئۇ ئۆلگەنـدىمۇ يەنە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىدى. يەنە شۇ چېركاۋدا ۋاگنېر سۈننەت مۇنچىسىغا چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىـڭ ئېسـىدىن چىقمايدىغىنى، ئۇ يەردىكى 300 چـارەك ئىگىزلىكتىكى "مىللـى ئازاتلىق ئۇرۇشى" نىڭ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىسى ئىـدى. بـۇ خـاتىرە مۇنارىسـى 1813 ـ يىلقـى ئۇرۇشـتا قۇربـان بولغـان قەھرىمانلارنى خـاتىرلەش يۈزىسـىدىن تىكلەنـگەن مۇنـار ئىـدى.

بىر قارىماققا بۇ مۇنار روھلار ئۈچۈن تىكلەنگەن خاتىرە مۇنارىسىگە قارىغانىدا تۇرغا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى. “بۇ خاتىرە مۇنارىسى گۈزەل سەنئەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ، بۇ مۇنار ھەيۋەتلىك بولۇش بىلەنلا قالماي، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى” دەيدۇ ھىتلېر. درېسدېندە ئۇلار داڭلىق شلېۋىگ (Schlewig 茨文格) گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان داڭلىق بىنالارنى، ھەر خىل رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى زىيارەت قىلىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇ تىياتىرخانىغا كىرىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ كۈنكى سەھنىگە قويۇلىدىغان ئەسەرلەر تىزىمىدا ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرى كۆرۈنمىگەچكە، كۆرگىدەك بىر نېمە يوق ئىكەن دەپ كىرمەيدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزى يالغۇز بېرلىنغا بېرىپ ئالدىنقى سەپتىكى سەبداشلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن قونۇپ قالىدۇ. ھىتلېر شىمىتقا يوللىغان بىر ئاتكىرتكىدا “بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل شەھەر ئىكەن، ئىسمى-جىسمىغا لايىق دۇنياۋى پايتەخت بولۇشقا لايىق شەھەر ئىكەن. قاتناش بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا تىقما-تىقما بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن ھەر كۈنى دېگىدەك شەھەرنى ئايلىنىپ يۈردۈم. بۇ شەھەردىكى ھەر خىل مۇزېيلارنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. قىسقىسى، نېمىنى خالىساڭ شۇنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر شەھەر ئىكەن” دەپ يازىدۇ.

شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا، 16-پولكنىڭ ئانچە كۆپ جەڭ ۋەزىپىسى يوق ئىدى. شۇڭا ھىتلېرگىمۇ كىتاب ئوقۇشقا

يېتەرلىك ۋاقىت چىقىدۇ. ئۇنىڭ كۆرىدىغان كىتابلىرى ئىچىدە رومان بىلەن ژۇرنال يوق ئىدى. ئۇ، پلاتون زېھنىنى تارىخ ۋە پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇشقىلا سەرىپ قىلاتتى. "ئۇرۇش كىشىلەرنى ئىنسان خاراكتېرىنى چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى ــ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھانس فرانكقا، ــ تۇرمۇشىمىزدا دۇچ كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ 4 يىللىق ئۇرۇش 30 يىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇشىغا تەڭ تۇراتتى. مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنىم زىرىكىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىدى. ئەگەر ئىنسانىيەت تەغدىرىگە قىزىقماقچى بولىدىكەنمىز، پەقەتلا توماس مان (荷马) نىڭ «چاقىرىق» (福音) دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇشىمىز شەرت. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە مېنىڭ ئاساسلىق ئوقۇغان كىتابىم شوپېنخاۋئېرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتىلاپ تەتقىق قىلىپ چىققان ئىدىم (ھەقىقەتەنمۇ يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن شوپېنخاۋئېر ئەسەرلىرىدىن بىرسى تولا ۋاراغدىنىپ تىتىلىپ كەتكەن ئىكەن). شۇنىڭدىن كېيىن، ئەيسا ھەقىقى جەڭچى دېيىلسىمۇ، «چاقىرىق» (福音) كۆرسەتمىلىرىنى ئىشلەتمەيمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلالايمەن. شۇنداقتىمۇ سول ئېڭىكىڭگە مۇش يېسەڭ ئوڭ ئېڭىكىڭنى تۇتۇپ بەر دېيىش ئالدىنقى سەپكە بەك ماس كېلىدىغان ھەرىكەت ھېسابلانمايتتى."

شۇ يىلى قىشتا، بۇرۇنقى غەرب ئۇرۇش سەپلىرىگە ئوخشاش، ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ شارائىتى

بەكـلا جاپـالىق ئىـدى. ئۇلارغـا بىـرىلگەن تاماقنىـڭ كـۆچى ھەر قانــــداق ۋاقىتتىكىـــــدىنمۇ تـــۆۋەن بولـــۇپ، ئەســـــكەرلەر ئىلاجىســــىزلىقتىن ئىـــت ـ مۈشـــۈكلەرنى ئۆلتـــۈرۈپ قۇرســـاق تويغۇزۇشقا مەجبۇر قالغـان ئىـدى. ھىتلېرنىـڭ سەپداشـلىرىدىن بىرسـى ئەسـلەپ كېلىـپ، "ئىـت ـ مۈشـۈك ئىچىـدە ئۇنىـڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۆشى مۈشۈك گۆشى ئىدى (بەلكىم سۈيۈملۈك كۈچۈكىنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك؟). ئەگەر يەيدىغان نەرسە بارلا بولىدىكەن، ئۇ قاخلانغان بولكىغا ھەسەل ياكى مىرابىا مىلاپ يېيىشنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. بىـر قېتىمـدا، ئۇ بىر بىر ئازگالدا لىق كۆمۈلگەن بولكـا پارچىسى تېپىۋالـدۇ. ئېچىرقـاپ كەتـكەن ئاشـقازىنىنى قانـدۇرۇش ئۈچـۈن ئـۇ بولكـا پـارچىلىرىنى ئـاۋايلاپ چىقىرىشـقا كىرىشـىدۇ. ھەتتـا ئاسـتى تەرىپىـدىن بـولكىلارنى پۈتـۈن بـويىچە چىقىرىۋالـدۇ. ئـۇ، بـۇ ئۆلجىســـنى سەپداشـــلىرى بىـــلەن تەڭ بۆلىشـــىدۇ. ئـــۇلار بـــۇ بولكىلاردىن بىر قىسمىنى قۇم شىكەرگە تىگىشىپ ئالدىنقى سەپ پاسـونىدا 'ســماлон' (施马仑) دەيــدىغان ئاۋســترىيە تــورتى ياساپ يېيىشتى" دەيدۇ.

ۋەتەن ئىچىـــدىكى پۇخرالارمـــۇ ئىـــت ـ مۈشـــۈك (بـــۇ كوچـــا ھـايۋانلىرىنى ئۆگزىـدە ئوۋلانغـان توشـقان دەپ ئاتىۋېلىشـقان) گۆشـلىرى بىـلەن قۇرسـاق تويغۇزۇشـقا مەجبـۇر بولماقتـا ئىـدى. بولكىلار ھەرە كېپىكى بىـلەن قۇمچامغۇر (كـارتوپىيە، ياڭيو ـــ ئۇ.ت) نى ئاساس قىلىـپ يۇغـۇرۇپ پىشـىرىلەتتى. سۈت تاپمـاق ئاسانەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ

بۇ جاپالىق كۈنلەرنى تەڭ كۆرمەكتە ئىدى. ۋىيېننادا يىمەكلىك يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى بېرلىندىن ياردەمگە ئاشلىق تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئىدى. بۇداپېشت بىلەن ۋىيېننادا پات-پات ئىش تاشلاشلار پارتىلاپ تۇراتتى. بۇ تۈر ئىش تاشلارنىڭ مەقسىدى يالغۇز ئاچارچىلىقلا بولۇپ قالماي، گېرمانىيە بىلەن روسىيەنىڭ يېڭى بولشېۋىك ھۆكۈمىتى ئوتتۇرسىدىكى مۇرەسسەلىشىشنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىمۇ بىر سەۋەپ ئىدى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان گېرمانىيىدە ھەربىي مۇستەبىتلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقان بولىشىغا قارىماي ئىش تاشلاش دولقۇنى گېرمانىيىگە يېيىلىشقا باشلايدۇ. 1918-يىلى 28-يانۋار (ئوچاق) دا گېرمانىيە بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. ئىش تاشلاشنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى تىنچلىق تەلەپ قىلىش بولسىمۇ، ئىشچىلار ۋەكىلى ئىتتىپاقداش كۈچلىرى بىلەن سۆھبەتكە بىرلىكتە قاتنىشىش، ئاشلىق نورمىسىنى ئۆستۈرۈش، ھەربى ھالەت قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، گېرمانىيە بويىچە دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش دېگەندەك تەلەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مىيونخېن بىلەن نيۇرېمبېرگ (纽伦堡 Nuremberg) شەھەرلىرىدە كوچىلاردا ھەر قانداق بىر شەرت قويماستىن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ نامايىش قىلىۋاتقان ئىشچىلار سانى نەچچە مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولسىمۇ، بېرلىندا زاۋۇتلاردىن كوچىغا چىقىپ ئىش تاشلاش كومۇتىتى قۇرۇش تەلىۋىدە بولغان ئىشچىلار سانى 400 مىڭدىن

www.pdfdaily.biz

ئېشىپ كەتكەن ئىدى. گەرچە ئىش تاشلىغان ئىشچىلار بىر ھەپتىگە قالماي زاۋۇتلارغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئىسيان كۆتۈرۈش روھى پايتەختتە بەكلا يوقىرى ئىدى. قارىغاندا ئومۇمى يۈزلۈك ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى تەييار بولۇپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

ئومۇمى يۈزلۈك ئىش تاشلاش خەۋىرى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، بۇنىڭغا ئەسكەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن ئىنكاسلىرى ھەر تۈرلۈك ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر ئارقا سەپتىكى پۇخرالارغا ئوخشاشلا ئۇرۇشتىن زېرىككەنلىكىنى ئىپادىلەشسە، يەنە نۇرغۇنلىرى بىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز سېتىۋەتتى دەپ قارىماقتا ئىدى. ھىتلېر بۇ ھادىسىنى "پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق" دەپ ئاتايدۇ. ھىتلېر قاششاقلارنىڭ ۋە قىزىللارنىڭ ئىشلىرىدىن بەكلا تېرىكەتتى. "ۋەتەنىدىكى كىشىلەر غەلىبە قازىنىشىمىزنى خالىمايۋاتقان يەردە، ھەربى قىسىملار يەنە نېمىنى دەپ ئۇرۇش قىلغىدەك؟ شۇنچە زور قۇربان بېرىش بەدىلىگە كېلىدىغان بۇنداق تېنچلىقنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ ئەسكەرلەر بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دەپ جەڭ قىلماقتا، ئەمما ۋەتەندىكىلەر ئىش تاشلاپ بۇنىڭغا قارشى چىقماقتا!"

3-مارت (قوزا) كۈنى، بېرلىن ھۆكۈمىتى برېست-لىتوۋسك (Brest-Litovsk 布列斯特里托夫斯克) تا سوۋېت تەرەپ بىلەن ئوگۇشلۇق تۈردە تېنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ شەرتنامە ئىمزالىشىدۇ. ئەمما بۇ شەرتنامىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت

تەرەپكە بەكلا ئېغىر شەرتلەر قويۇلغان ئىدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان گېرمانىيە سولچىلىرى بۇ تېنچلىق شەرتنامىسىنىڭ مەقسىتى روسىيە ئىنقىلابىنى يوقۇتۇش دەپ بايانات بېرىدۇ. بولشېۋىكلارنىڭ تەسلىم بولغانلىقى ھەققىدىكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھىتلېرغا ئوخشاش كىشىلەر، ئەندى بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان بولدى دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇرۇش غالىبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇڭا باش قوماندانلىق شىتابى ئومۇمى يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بېرىدۇ. بەك قىزغىن بولمىسىمۇ كۆپ ساندىكى قىسىملار بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ھىتلېر تۇرىۋاتقان 16 ـ پولك لۇدېندورفنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئەتىيازلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش پىلانىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا قاتنىشىدۇ: سۇمدا، رېيىن دەرياسىدا ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مارنا (马尔纳) دا بولغان ھۇجۇملارغا قاتنىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يوقۇرى ئىدى. ئىيۇن (باشاق) ئېيىدا، ئالدىنقى سەپتە ھىتلېر بىر ئاكوپتا ياتقىنىدا فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مىس قالپىقىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ھىتلېر ئۆمىلىگىنىچە بېرىپ قارىسا ئۇ يەردە 4 نەپەر فرانسۇز ئەسكىرى يوشۇرۇنغان ئىكەن. ھىتلېر دەرھال ناگىنىنى بەتلەپ تۇرۇپ نىمىسچە قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا بارلىق ئالاقىچىلارغا

مىلتىق ئورنىدا تاپانچا بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشى فرانسۇزلارنى قاتتىق ئۈركۈتىۋېتىدۇ. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ كەينىدە يەنە نۇرغۇن نېمىس ئەسكىرى كېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ دەرھال ئەل بولىدۇ. ھىتلېر بۇ 4 نەپەر ئەسىرنى يالاپ كېلىپ پولكوۋنىك ۋون تۇبېۋفقا تاپشۇرىدۇ. پولكوۋنىك ھىتلېرنىڭ بۇ جاسارىتىنى ئالاھىدە ماختاپ تەغدىرلەيدۇ. كېيىن بۇ ئىشنى ئەسلەپ پولكوۋنىك ۋون تۇبېۋف مۇنداق دەيدۇ: "ھىتلېرنىڭ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىشقا ھېچقانداق بىر ئىش توسالغۇلۇق قىلالمايتتى. ئۇ، ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ تېنچ ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر دائىم تەييار ئىدى." 4-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى، ھىتلېر، بۇ ئىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست مېدالىغا ئېرىشىدۇ. مۇكاپاتلىنىش بۇيرۇقىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: "ئۇنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بۇ مېدال بېرىلدى." (ھىتلېر، شۇ قېتىم ئالغان مېدالىدىن ۋە 1914-يىلى ئالغان ئىككىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست مېدالىدىن باشقا يەنە 1917-يىلى 17-سىنتەبىر (ياچاق) دە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھەربى مۇلازىمەت قارا كرېست مېدالى ۋە بىر ھەربى خەنجەرگە، 1918-يىلى 9-ماي (ئارسلان) دا جەڭلەردە ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دەپ بىر تال پولك شتابى ئوردىنى، 1918-يىلى 18-ماي (ئارسلان)

دا ياردارلىنىش مېدالىدىن بىر تال، 1918-يىلى 25-ئاۋغۇست (چايان) تا ئۇچىنچى دەرىجىلىك ھەربىي سەپ مېدالىدىن بىرسىگە ئېرىشكەن ئىدى.) قىزىق يېرى، بۇ قېتىمقى مېدال بېرىشكە ھىتلېرنى كۆرسەتكەن كىشى كېيىن چىقىشى يەھۇدىي بولغان باتالىيون ئورۇن باسار كوماندىرى ھيۇگو گۇتمان (Hugo Gutmann 雨果•古特曼)[70] لىتېنانت بولۇپ، بۇ مېدالنى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويىدۇ.

شۇ كۈنلەردە، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى بەكلا ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئېيفىل مۇنارىسىنىڭ يېنىغىچە ئىلگىرلەپ پارىژنى ئىگەللەشكە قىل قالغان لۇدېندورفنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. غەرب ئۇرۇش سېپىدىكى بۇ مەغلۇبىيەت كىشىلەرنى قاتتىق ئۈركىتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ غەرب سېپىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى تارىخى غالىبىيەتتىن كېيىن، غەربىي سەپتە، كاپكازىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان رايونلارنىمۇ ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دۈچ كەلگەن بۇ مەغلۇبىيەت، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر مەغلۇبىيەت ئىدى. شۇڭا، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسى قاتتىق سۇنۇپ كېتىدۇ. تەبىئىكى، كونا ئەسكەرلەرمۇ قاتتىق روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ. ھەربىي ئاپتوموبىللار بىلەن دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تەرتىۋى قاتتىق قالايماقانلىشىپ كېتىدۇ. تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل ئوفىتسېرلار بۇ قالايماقانچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاسمانغا ئوق چىقىرىشقىمۇ مەجبۇر ھالغا كېلىدۇ. ھەر بىر پويىز ئىستانسىسىدا

www.pdfday.biz

ئەسكەرلەر ھەر تەرەپكە قاراپ پاتپاراق بولۇپ قېچىشاتتى. تەرتىپ ساقلىماقچى بولغان ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەرنىڭ تاش-توخماقلىق، ھەتتا گراناتلار بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. پويىز ئىشلونىنىڭ ئىككى يېنى "بىز گېرمانىيىنىڭ ئابرويى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى مىليونېرلار ئۈچۈن جەڭ قىلىپتۇق" دېگەندەك گەجدە يېزىلغان ئىنقىلابى شۇئارلار بىلەن تولغان ئىدى.

ھىتلېر قارا كرىست مېدالىغا ئېرىشىپ 4 كۈن ئۆتكەندە، ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ئامېيىنس ئەتراپىدا ئېغىر تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولىشىغا قارىماي قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گېرمانىيە سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. لۇدېندورف ئالدىنقى سەپكە بىر مۇئاۋىن قۇماندانىنى ئەۋەرتىش بىلەن بىرگە، بۆسۈۋېتىلگەن ئۇرۇش سېپىگە زاپاس قوشۇن ئەۋەرتىدۇ. ياردەمگە ئەۋەرتىلگەن قىسىم ئالدىنقى سەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، كەينىگە چېكىنىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇلارغا قاراپ "ئالدامچىلار! سىلەر ئۇرۇشنى ئۇزارتىش ئۈچۈنلا كېلىۋاتىسىلەر!" دەپ ۋارقىرىشىدۇ.

لۇدېندورف خاتىرىسىدە، "بۈگۈنكى بۇ ئۇرۇش نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئەجەل كۈنى ئىدى!" دەپ يازىدۇ. گېرمانىيە پادىشاسى كۆڭلى بەكلا يېرىم ئەمما ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بۇ ھادىسە ھەققىدە كۆز قارىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز بۇنىڭدىن پەقەت بىرلا خۇلاسىنى چىقىرالىشىمىز مۇمكىن: بىزنىڭ پۈتۈن مەنبەلىرىمىز قۇرۇپ تۈگىدى. شۇڭا، بۇ ئۇرۇشنى قەتئىي تۈردە توختىتىشىمىز كېرەك." ئارىدىن بىر قانچە كۈن

ئۆتكەندە، لۇدېندورف بىلەن ھىندېنبۇرگ ئىككىسى ئارشاگدا ئىمپېراتور ۋىلھېلم بىلەن ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. ئۇ يىغىندا گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم، تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە تېنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش بۇيرۇقىنى بەرگىنىدە، بۇنىڭغا باش قۇماندان ھىندېنبۇرگ قارشى چىقىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قولىدا ئىشغال قىلىنغان بىپايان دۈشمەن زېمىنلىرى ھېلىغىچە مەۋجۇتلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما لۇدېندورف ھاياجانلانغان ھالدا، ئاۋال دۆلەت ئىچىدە تەرتىپ-ئىنتىزامنى قاتتىق كۈچەيتىشىمىز كېرەك دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە "يەھۇدىي ياشلىرى ئارىسىدىنمۇ مەجبورى ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىشىمىز كېرەك، ئۇلار تا بۈگۈنگىچە ئاساسەن ئەسكەرلىككە ئېلىنماي كېلىنمەكتە" دەيدۇ.

ۋەتەن ئىچىدە ئىسيان كۆتۈرۈش خەۋپى يامراپ كەتكەن، ئالدىنقى سەپلەر يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ھىتلېر ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ۋەزىيەت تالاش-تارتىشى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ قىزىللارنىڭ ئالدامچىلىقلىرى ھەققىدە كۈچەپ سۆزلەپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھىتلېرنىڭ زارلىنىشلىرى زاپاس قىسىملارنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئاستىدا قېلىپ ئاڭلانمايلا قالغان ئىدى. شىمىتنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، بۇنداق ۋاقىتلاردا ھىتلېر "ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق تېنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ، قورقۇنچاقلارنىڭ قولىدا قېلىپ مەغلۇپ قىلىنماقتا، دەپ قايناپ كېتەتتى." بىر كۈنى، بىر كاندىدات ئوفىتسېر داۋاملىق

www.pidaiy.biz

ئۇرۇشۇش ئاخماقلىق دېگىنىدە، ئۇ ئوفىتسېر دەرھال ھىتلېرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ ئىككىسى مۇشلىشىپ كېتىدۇ. ئاخىرى بۇ ئەسكەرنىڭ راسا ئەدىۋىنى بېرىپ ئۇنى تىنچىتىدۇ. شمىت ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈندىن باشلاپ، "يېڭى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېرغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بىز كونا ئەسكەرلەر ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان ئىدۇق" دەيدۇ.

تۆت يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىققان بۇ ئاكوپ ئۇرۇشى، نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر نېمىسلارغا تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش ھىتلېرنىمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى "ۋەتىنىگە كەينىدىن پىچاق سالغان" تېنچلىقپەرۋەرلەر بىلەن ئەسكەر قاچقۇنلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر ۋە ئۇنىڭدەك قاراشتىكى كىشىلەر كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە بۇ تۈردىكى ۋەتەن خائىنلىرىدىن قەتئىي تۈردە قىساس ئېلىش كېرەك دېيىشەتتى. بۇ تۈر قاراشلار ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسى قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاھىدە تۈرتكە بولىدۇ. بۈگۈنكى ھىتلېر ھەرگىزمۇ 1914-يىلىقى ھېچ نېمىنى سەزمەس بىر پىدائىي ئەسكەر ئەمەس ئىدى. 4 يىللىق ئاكوپ ھاياتى ئۇنىڭغا ۋەتىنىنى سېغىنىش تۇيغۇسىنى بېغىشلىغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى گېرمانىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان بىرسى ھېساپلايتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ھەقىقى نېمىس ئىدى. ئۇ مەرتلەرچە ئىشلەپ ئۆز كۈنىنى ئېلىش ئىرادىسى بار بىرسى

www.pidaily.biz

ئىدى. چوڭ بولغىنىدا ئۆزىگە خاس غۇرۇرىمۇ شەكىللىنىدۇ. ھەربى سەپكە قاتناشقىنىدا ئۇ يەنىلا پىشىپ يېتىلمىگەن بىر ياش ھېسابلىناتتى. گەرچە ئۇ ۋېيىنادا جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە 24 يىشىغىچە تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بەكلا ساددا بىرسى ھېسابلىناتتى. مانا ئەندى، ئۇ پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇمۇ بۇ دۇنيادا پىشىپ يېتىلگەنلەر ئېرىشىشكە تېگىشلىك بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى.

سىنتەبىر (ياچاق) نىڭ باشلىرىدا، 16 ـ پولك فلاندىس (弗兰德斯) قا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ پولك ئەسلىدە بىر زاپاس قوشۇن بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەسكەرلىرىنىڭ دەم ئېلىش قىلىپ كېلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىناتتى. شۇڭا، ھىتلېر، ئارۇند (阿伦特) ئىسىملىك بىر سەپدىشى بىلەن بىرگە بېرلىنغا كېلىدۇ. پايتەختتە، كۆنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتقان نارازىلىق ھېسسىياتلار ئۇنى زىرىكتۈرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى سىپتالغا بېرىپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ كېلىدۇ. پولكقا قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە 16 ـ پولك ئۈچىنچى قېتىم يىپرېسنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كىرىپ يەنە ئۈچىنچى قېتىم كومىنس (科明尼斯) ئەتراپىدىكى چاتقاللىق تاغ جىلغىلىرى ئىچىدە غايىپ بولىدۇ. 14 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى، ۋارۋىك (威尔维克) كەنتى ئەتراپىدا ھىتلېر زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىدا ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزلىرى ساقىيىدۇ. 9 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى

www.pdaily.biz

گېرمانىيىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي ئۇ ھەر تۈرلۈك غۇڭۇلدىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، ھەرخىل خىيالى تەسۋىرلەرنى كۆرۈشكە باشلايدۇ.

## (4)

بىلىگىيىدە زەھەرلەنگەن كۈنىسى، ئادولف ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلار قورقۇنچى بىلەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە، قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. ئەمما كېيىنكى يىللىرى ئۇنىڭدا شەكىللەنگەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسلىق روھى كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر يەھۇدىيلار بىلەن قىزىللاردىن ئۈركۈپ كەتكەن مىڭلىغان، ئۇن مىڭلىغان “ۋەتەنپەرۋەر” لەرنىڭ بىرسىلا ئىدى (ئۇ ۋاقىتلاردا يەھۇدىيلەر بىلەن قىزىللار تەڭ مەنىدە قارىلاتتى). يېقىنقى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ماركسىزمچىلار كۈشكۈرتۈپ يۈرگەن ئىسيانلار دولقۇنسىمان يۈز بېرىپ تۇرغان بولۇپ، كىشىنى ئەنسىرىتىپ، نېمىس خەلقىنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە تەھدىت سېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

ھەيران قالارلىقى، بۇ ئىنقىلابلار ھىتلېرنىڭ گازدىن زەھەرلىنىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ پارتلىشى ئىدى. ھىتلېر يارىدارلار

پويىزى بىلەن شەرقىقە قاراپ ماڭغان ۋاقتىدا، يەنى 6 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى، بادىن (巴登) كىنەزى مېكس (梅克斯)، يەنى گېرمانىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋەزىرى، پرېزدېنت ۋۇدروۋ ۋىلسۇن (伍德罗•威尔逊 Woodrow Wilson) دىن بىر پارچە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم تەختتىن چۈشىشى كېرەك دەپ شەرت قويۇلغان بولۇپ، ئەگەر پادىشاھ تەختتىن چۈشمىگىنىدە ئامېرىكا ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمىنى ئىمزالىمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىش گېرمانىيە ھەربى تەرەپنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەشتۈردۇ. ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ دېڭىز پىلوتلىرى بۇيرۇق بويىچە يولغا چىققان ۋاقتىدا توپىلاڭ ئاشكارە پارتىلايدۇ. 6 ئۇرۇش پاراخوتى نارازىلىق بىلدۈردۇ. جىر (基尔) دا، ئىسيان يۈز بەرگىنىدىن كېيىن دېڭىز ئەسكەرلىرى ھەربى قۇرال ئىسكىلاتى بىلەن يەڭگىل قۇرال ساندۇقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قۇرۇغداپ قويدۇ. ئاندىن بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. مەلۇم بىر باتالىيوندا بىر كاتولچى "دېڭىزچىلار سوۋېتى" نىمۇ قۇرۇپ چىقىدۇ. پورتتىكى پاراخوتلار ئارىسىدا پەقەت بىرسىلا ئىنقىلاب بايرىقىنى ئاسمايدۇ. ئەمما ئەسكەرلەر بۇ پاراخوتنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ پاگونلىرىنى سۆكۈۋېلىپ قامىۋېتىدۇ.

7 ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنىسى، ميونخېندا بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ پارتىلايدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا كۇرت ئېسنېر ( Kurt

دېگەن پاكىنەك بىر قېرى يەھۇدىي (库尔特•埃斯纳 Eisner باشلامچىلىق قىلىدۇ. بۇ كىشى ئادەتتە پۇرلىشىپ كەتكەن بەكلا چوڭ قالپاقتىن بىرنى كىيىپ يۈرىدىغان بىرسى بولۇپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرى قالپىقىغا سىغماي قالغان پاخپاق باش بىرسى ئىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ بەكلا رەتسىز بولۇپ، ئالاھىدە رومانتىك كۆرۈنۈشلۈك بومبا ئېتىپ قاچىدىغان قىزىللارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ئىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىش تاشلاشنى تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن 9 ئايدەك تۈرمىدە قاملىپ ياتقان ئىدى. ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابچىلار، ميۇنخېندىكى مۇھىم ھەربى نوقتىلىرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئىگەللەپ بولىدۇ. ۋىتتېلسباخ (Wittelsbach 惠特尔巴赫) سارىيىدا تۇرىۋاتقان ئۈچىنچى لۇدۋىگ ئاپتوموبىللىق قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئۇنىڭ پىكاۋى يولدىن چىقىپ يول بويىدىكى قۇمچامغۇرلۇققا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. بۇ ۋەقە، باۋارىيە كىنەزلىكىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىدى.

شۇ ئاخشىمى، كەينى-كەينىدىن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغان قىزىل بايراق كۆتۈرۈشىۋالغان خەلق ئاممىسى جاراڭلىغان مارشلارنى ئېيتىپ شەھەردىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئېيسنېرنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر تۆمۈريول ئىدارىسى بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرگە قارىتا بىرمۇ كىشى قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ.

www.pidaily.biz

ئىسيانچىلار جەڭ سەپلىرىدە پىلىموتلارنى تىكلىشىۋاتقىنىدا نەق مەيدانىدا تۇرغان ساقچىلارمۇ ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئوتتۇرلۇقتىن يوقىلىدۇ. ميونخېن شەھەر خەلقى ئەتىگەن سەرھەر كوچىغا چىققىنىدا ئۇلارنىڭ باۋارىيىسى جۇمھۇرىيەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئىنقىلاب نېمىس پاسونى بويىچە يۈز بەرگەن بىر ئىنقىلاب بولۇپ، تۈزۈك قان تۆكۈلۈشمۇ يۈز بەرمەستىن بەكلا ئاسان ئىشقا ئاشىدۇ. خەلق ئاممىسىمۇ ئۇخشاش روھ بىلەن ئۇلار بىلەن تەغدىرداش بولۇپ بېرىدۇ. شۇڭا بىرەر زوراۋانلىق ھەرىكىتىمۇ يۈز بەرمەيدۇ. ميونخېنلىقلار سۈكۈت ئىچىدە نېمە ئىش بولىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

تەرتىپلىك بىر شەكىلدە قانات يايدۇرۇلغان ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتكۈل گېرمانىيە بويىچە ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ يېيىلىشقا باشلايدۇ. فرىدېرىخ (弗莱德里希) شەھىرىدە چاپلىن (卓别林) زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەشكىللەپ چىقىدۇ. شتۇتگارت (斯图加特) رايونىدىكى ئىشچىلار، دامول (丹姆勒) ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىش تاشلايدۇ. ئېيسنېر بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش كۆزقاراشتىكى سوتسىيالىزمچىلار رەھبەرلىكى ئاستىدا ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. فرانكفورتتا، دېڭىزچىلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. كاسېل (卡塞尔) دا، بىر نەپەر قۇماندانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل شەھەر قوغداش قىسىملىرى بىر پايمۇ ئوق ئاتماي ئىسيان قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. كىلوڭ (科隆) دا بولسا، پەقەت

www.pidaily.biz

بىر قانچە پاي ئوق ئېتىش بىلەنلا 45 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بولغان شەھەر قوغداش قىسمى بىراقلا قىزىللار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما شەھەر ئىچى تەرتىۋى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. خانوۋى (汉诺威) دا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەربىي قىسىملارغا قۇرال ئىشلىتىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، مەمۇرى ئەمەلدارلار توپىلىڭى غەلىبە قىلىدۇ. ئەسكەرلەر ئومۇمىي يۈزلۈك ئىسيانچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇسىېلدورف (杜塞尔多夫)، لىبخېنىت (莱比锡)، ماگدىنبۇرگ (马格德堡) قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئەھۋاللارمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

پۈتكۈل گېرمانىيە تەۋەسىدە، ھۆكۈمەتلەر يا ئىشچىلارنىڭ قولىغا يا بولمىسا ئەسكەر ۋەكىللەر كومۇتېتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە بىرمۇ-بىر ئاغدۇرىلىدۇ. 9-نويابىر (ئوغلاق) غا كەلگەندە، گېرمانىيە پادىشاھى تەختىنى بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇتىدىل سوتسىيالىزمچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئەسلى بىر موزدوز بولغان فرىدرىچ ئېبېرت (弗莱德里希•埃尔伯特 Friedrich Ebert) دېگەن كىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1871-يىلى 18-يانۋار (ئوچاق) دا فرانسىيىنىڭ ۋېرسايل (凡尔赛 Versaille) ئوردىسىنىڭ "ئەينەكلىك ساراي" دا پروسسىيە ئىمپېراتورى بىرىنچى ۋىلھېلمنى، يەنى ئىككىنچى ۋىلھېلمنىڭ بوۋىسىنى گېرمانىيىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن قۇرۇلغان گېرمان ئىمپىرىيىسى ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى.

www.pidaily.biz

بۇ ھادىسە يەنە بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭمۇ بىشارىتى ئىدى. شۇندىن 48 يىل بۇرۇن، بىسمارك ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق گېرمانىيە بىلەن نېمىس خەلقى ئۈچۈن يەپ-يېڭى بىر ئۆلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى. شەرقى پروسىيە باي-پومىشچىكلىرى بىلەن چوڭ سانائەتچىلىرى باياشات ياشاشقا ئاساس قىلىشقان مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بىر كېچىدىلا غۇلاپ چۈشىدۇ. يەنە شۇ بىر كېچىدە ئىمپېرىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ يەرگە چۈشىشى بىلەن تەڭ، كوپ سانلىق نېمىسلارنىڭ ۋەتەن سۆيىدىغان، ئەمما كونسېرۋاتىپلارچە ھاياتىنىڭ ئاساسى قىلىنغان سىياسىي پەلسەپە قاراشلىرىمۇ يىمىرىلىپ پارچىلىنىپ يوق بولىدۇ.

ئېبېرتنىڭ باش ۋەزىرلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقى، بەلكىم نېمىس خەلقىنى ئەڭ قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىش ھېسابلانسا كېرەك. پەقەت بىرلا كۈن ئىچىدە، خوخېنزوللېرنلار جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ توزۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئادەتتىكى بىر پۇخرا ئوتتۇرىغا چىقىپ گېرمانىيىگە بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغان ئىدى. بۇ قانداق گەپ؟ بۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ ئېبېرتمۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى تىكەنلىك بىر گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرىۋالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، جاھانگىرلار يۆلەپ تۇرغۇزغان خەلق ئۈچۈنمۇ بىر نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېرپوتنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ھەتتا كوچىدىكى ئازغان كىشىلەرنىڭ

قاراشلىرىغىمۇ ۋەكىللىك قىلالمىغىدەك تايىنى يوق بىرسى ئىدى. ئەسلىدە، ئۇ زادى كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ بۇنىمۇ ھېچ كىم بىلمەيتتى. ئاخشىمى گۇگۇم ۋاقتىدا، شاھزادە (梅克斯) ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگىنىدە ئېببېرت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ھۇجۇقۇپلا كەتكەن بولۇپ، كەينى كەينىدىن يالۋۇرۇپ ئۇنى بېرلىندا تۇرۇپ قېلىشىنى، خوخېنزوللېرن سۇلالىسىغا ۋاكالىتەن ئىجرائىيەت مەسئۇلى بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن ئەتىگىنى، يەنى سەھەر سائەت 5 تە، ئېببېرت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ماتېياس ئېرزبېرگ (Matthias Erzberger 马特阿斯•埃尔斯伯格)، مارېشال فوچ (Ferdinand Foch 福熙) نىڭ خۇسۇسى ۋاگونىدا ئىتتىپاقداشلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىدۇ. يەنى، شۇ يىلىنىڭ 11-نويابىر (ئوغلاق) سائەت 11 دا، بۇ كېلىشىمنامە ئارقىلىق ئۇرۇشتا پارمۇ-پارچە بولۇپ كەتكەن بىر مىللەتكە تېنچلىق كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قىلچە مەنىسى بولمىغان ئاتالمىش “نويابىر (ئوغلاق) جىنايىتى” ئەپسانىسىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان ھېسابلاندى. يەنى ئاتالمىش ‘سوتسىيالىزمچىلار مىللىتىمىزنىڭ ساتقۇنلىرى’، دەيدىغان ئەپسانە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسلىدە، بۇ ئۇرۇشنى ئۇتقۇزۇپ قويغانلار گېرمانىيە ئېمپراتورى بىلەن گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گېنېراللىرى ئىدى. ئەمما پرېزدېنت ۋىلسون ئۇلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش

www.pidaly.biz

شەرتنامىسى ئىمزالاشنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋىلسون، سوتسىيالىزمچىلارغا مەجبۇرى تۈردە ئۆزلىرى مەسئۇل بولالمايدىغان بۇ ئاقىۋەتنى ئۈستىگە ئېلىش يولىنى تۇتۇش نەتىجىسىدە، ئادولف ھىتلېرغا ئىنتايىن كۈچلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلالىشىغا يارايدىغان بىر سىياسى قۇرالنى تۇتقۇزغان ئىدى.

## (5)

1918-يىلى 11-نويابىر (ئوغلاق) نىڭ ئاخىرلىرىدا، بىمارنىڭ "كۆزى كۆيۈپ يالۇغلىنىشتىن باشقا دەردى بولمىغاچقا، ئەسكەرلىككە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن" دەپ دىياگنوز قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر، پاسۋالك دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىدۇ. كېيىنچە، ھىتلېر سوتتا شاھىت بولغىنىدا، شۇ كۈنلەردە گېزىت تېمىلىرىنىلا غۇۋا كۆرەلەيدىغان ھالغا كەلگەن بولۇپ، ئەندى كىتاب ئوقۇيالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ بەكلا قورققان ئىدىم دەيدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا "دوختۇرخانا كېسەللىك خاتىرىسى ئىنقىلاب دەۋرىدە يېزىلغان دوكلاتتۇر. ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچ بىرىمىزنىڭ كېسىلىگە تۈزۈك قارىمايدىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. بىزنى پادىدەك ھەيدەپ دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. مەسىلەن، مەن ئۇ چاغدا ھەتتا ئازغىنە ئەسكەرلىك مائاشىمنىمۇ ئالالمىغان ئىدىم" دەيدۇ.

ھىتلېرنى 16 ـ پولكنىڭ زاپاس باتالىيونىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى بۇيرۇق قىلىندۇ. باتالىيوننىڭ ئورنى مىيونخېندا ئىدى. يولدا ھىتلېر چوقۇم بېرلىندىن بېسىپ ئۆتكەن بولىشى كېرەك. ئۇ ۋاقىتلاردىكى بېرلىن، "ئىشچى ۋەكىللەر ئىجرائىيە كومىتېتى" نىڭ باشقۇرۇشىدا، يەنى ئەسكەر، ئىشچى ۋە "مۇستەقىل ۋە كۆپسانلىق سوتسىيالىزمچىلار" بىرلەشمىسىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىجتىمائى ئىسلاھات پىلانى بويىچە ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇنداق بىر ئىسلاھاتنى بۇندىن بىر قانچە ئاي ئاۋال خىيال قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىشچىلارنىڭ چەكلىمىسىز تۈردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللىشگە يول قويۇش، قېرى، كېسەلمەن، مېيىپ ۋە ئىشسىز ئىشچىلارغا پاراۋانلىق ياردىمى بېرىش، گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە شۇنىڭدەك سىياسى مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش قاتاردىكى مەزمۇنلار بار ئىدى.

گەرچە ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئىجتىمائى ئىسلاھاتلارغا قارشى بولمىسىمۇ، ئىنقىلابى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ تۈردىكى ئىسلاھات قىلىشلىرىغا ئىشەنمەيتتى: بۇ ئىجرائىيە كومىتېتى بولشېۋىكلارنىڭ بىر قۇرالىدىنلا ئىبارەت، ئۇلار ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنى سېتىۋەتكەن خائىنلار؛ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى باشقا بىر قىزىللار ئىنقىلابى قوزغاش دەپ قارايدۇ. ھىتلېر، شۆۋىن (施霍宾) رايونىغا يېقىن بىر يەردىكى تاركىن

(图尔肯) كوچىسىغا جايلاشقان ھەربى گازارمىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىدا بۇ يەردىمۇ يوقۇرقىدەك ساتقۇنلۇق روھى ئالامەتلىرىنى سېزىدۇ. شۇ ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇ باتالىيون ئاللىمۇقاچان ئېيىسىنېر ھاكىمىيىتى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، "ئەسكەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى" نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بىر يەرگە ئايلانغان ئىدى. بۇ يەردە ھەربى ئىنتىزام دېگەندىن زادىلا ئەسەر يوق ئىدى. پۈتۈن باتالىيون رەسمى توڭگۈز قوتىنى ھالىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا ئاكوپلاردا جەڭ قىلىپ كەلگەن كونا ئەسكەرلەرگە پەقەتلا ھۆرمەت قىلىشمايتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۈندىلىك ئۈچ ۋاقىت تاماقنى بىلەن ئاخشىمى بېشىنى تىققىدەك بىر يەرنىڭلا غېمىدا يۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھالى بىر زامانلار ھىتلېر يوقسۇللۇق دەردىنى تارتىپ كىرىپ ياتقان ۋېيېننادىكى مانېرھېيمدىنمۇ خاراپ ئەھۋالدا ئىدى. بولۇپمۇ ھىتلېرنى ئەڭ بەك بىئارام قىلغىنى كومىتىت ئەزالىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى بولۇپ، "ئۇلارنىڭ شوغۇللىنىۋاتقان بارلىق ئىشلىرى مېنى يىرگىنىدۈرەتتى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم" دەيدۇ ھىتلېر.

ھىتلېرنىڭ تەلىيىگە، بۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشاش بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىدىن يىرگىنىدىغان كونا سەپدىشىدىن بىرسى ئۇچۇراپ قالىدۇ. "ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ھۇرۇن، ئەڭ داپشاق، ئەڭ يۈزسىز بولغانلىرى، شۈبھىسىزكى ھېچ قاچان ئاكوپ كۆرۈپ

باقمىغان نەرسىلەر ئىدى. — دەيدۇ ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە ئالاقىچىلىق قىلغان كەسپدىشى ئېرنىست شمىت شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ، — ئۇ يەر ھۆررۈن، قورقۇنچاقلار بىلەن تولغان بىر يەر ئىدى.” ئارىدىن ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ترونستان (特隆斯坦) ئۆرۈش ئەسىرلەر لاگىرى (سالسبۇرگ 塞尔斯堡 يولىغا جايلاشقان بولۇپ، مىيونخېننىڭ شەرقىدە 60 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يەر) گۈندىپايلىققا ئادەم ئاختۇرۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھىتلېر، شمىتقا ئىككىمىز بىرگە بېرىپ بۇ ئىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرايلى دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى كۈزەتچىلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك “ئىنقىلابى ئەسكەرلەر” دىن تەشكىل تاپقان ئىكەن. ئۇلارنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئوفىتسېر ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىۋېدى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ، بىزنىڭ بۇ ئەمەلدارىمىز ھەربى ئىنتىزام تۈزۈمىنىڭ ئاللىمۇقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ، دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئەتىسى، ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى بۇرۇن ئاكوپلاردا جەڭ قىلىپ باققان بىر قانچە كىشىدىن باشقا قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى مىيونخېنغا قايتۇرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر بىلەن شمىت ئىككىسى بۇ يەردە قالىدۇ.

# (6)

شۇ كۈنلەردە، بېرلىندا چېكىدىن ئاشقان سولچى گۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان "ئىسپارتاك پولكى" (ئىسپارتاك، قېدىمقى رىمدىكى بىر قۇل گلادىياتور بولۇپ، كېيىن رىملىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالغان ئىسيانچىلارنىڭ داھىيسى بولغان، بۇ پولك نامى شۇنىڭدىن ئېلىنغان — ئۇ.ت)، ئىسيان كۆتەرگەن دېڭىز پىلوتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا كوچىغا چىقىپ ئىنقىلاب قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ يەردىكى ئىسيان مىيونخېندىكىدەك ئۇنداق تەرتىپلىك ئىسيان ئەمەس ئىدى. روژدىستىۋا بايرىمى ھارپىسىدا پايتەخت بېرلىن ئاساسەن ئالغاندا ھۆكۈمەتسىز بىر ھالدا ئىدى. باشقا شەھەرلەردىمۇ كەينى-كەينىدىن ئېسيانلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىكى ئىسيانلار بېرلىندىكىدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى. پۈتۈن گېرمانىيىدە ھەربى ۋە ساقچى ئورگانلىرى ئومۇمى يۈزلۈك ۋەيران بولغان ھالەتتە ئىدى.

ھاكىمىيەت كۈچىنىڭ يوقلىشى، يېڭى بىر تۈركۈم كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. يەنى ئاتالمىش "ئەركىن پولك" دېگەندەك كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ پولك ھەربى قىسىملارغا تەۋە ئوخشىمىغان ئاكتىپ كۈچلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ كۈچلەر خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش نېمىس ئىمپېرىيىسىنى قىزىللار كۈچىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن قوغداش ھېسسىياتىغا ئىگە ئىدى.

ھىتلېر بىلەن بىر دەۋردىكى گېرمانىيىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ "ئەركىن پولك" لار،

بۆگۆنكىدەك ھەرىكەت قىلىشلىرى ئۆچۆن ئىككى قېتىم تەييارلىق كۆرىدۇ. بۇلاردىن بىر قېتىملىقى، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ياشلار ھەرىكىتى بولۇپ، "ۋىچىر-ۋىچىرلار ھەرىكىتى" (ياكى دادائىزم ھەرىكىتى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھەرىكەتنى قوزغىغان ياشلار ئادەتتە ھەر خىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىپ ھەممە يەردە ئايلىنىپ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ ياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باي ئائىلىلەر تەبىقىسىدىن چىققان ياشلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى يېتىلىپ چىققان ئەركىن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنى پەس كۆرىشەتتى. ئۇلار، "ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ دىنى ئېتىقاتلىرىنىڭ پەقەتلا ئاساسى يوق؛ سىياسەت دېگەن پو ئېتىش سەنئىتى، قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ئىش؛ ئىختىساد دېگىنى نۇمۇسسىزلىق، ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ مائارىپ دېگىنى كونا يولدا چىڭ تۇرىۋالىدىغان يېڭىلىق كۆچى بولمىغان بىر ئىش؛ سەنئەت دېگىنى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان سادا بىچارىلارنىڭ ئىشى؛ ئەدەبىيات دېگىنى يالغانچىلىق بىلەن تولغان تۈۋرلاشقان بىر ئىش؛ ئويۇن-تىياتىرلارمۇ قىلچە ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىللا مۇقامغا تۈۋلايدىغان ساھە" دەپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە ئائىلە ھاياتى ئادەمنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر توساق بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلچە سەممىلىك يوق دەپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشچە، ئىككى جىنس ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ مەيلى نىكالىق ياكى نىكاسىز بولسۇن "پۈتۈنلەي سۇنئىيلىككە تولغان" ئىكەن. ئۇلارنىڭ غايىسى بىر تۈرلۈك

www.pidaw.biz

ياشلاشتۇرۇلغان، بۇرژۇئازىيىچە ئائىلە، مەكتەپ ۋە چېركاۋدىن ئىبارەت ئۆچىسىنى بىر گەۋدە قىلغان تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ تۆردىكى ياشلار ئادەتتە ئوت يېقىلغان بىر دۆۋە ئوتۇن ئوت يالقۇنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇرغىنىچە بىر يىتەكچىنىڭ باشلامچىلىقىدا «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» مارشىنى ئېيتىشاتتى. بەزىدە يەنە ئۇلار ئوت يالقۇنىغا تىكىلگىنىچە ئۇن چىقارماي جىم ئولتۇرۇپ كېتىشەتتى. شۇ ئارقىلىق "ئورمانلىقتىن خەۋەر ئاڭلىغان" بولىشىدىكەن؛ ياكى بولمىسا قايسى بىر ھەمراينىڭ نىتسىنىڭ ياكى ستېفان گېئورگ (斯特潘•乔治 Stefan George)[75] نىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوقۇلغان قەلبىنى تىترىتىدىغان بىرەر ئابزاسنى ئاڭلاپ ئولتۇرىشىدىكەن. يەنى، ئۇلار ئادەتتە "خەلق تەڭداشسىز ئەقىللىق ئادەمگە، ھەرىكەتكە تەشنا! ... بەلكىم، سېنىڭدىكى قاتىل تەرپىڭدە ئۇزۇن يىل كۈتۈپ ياتقان، سېنىڭ تۆرمەڭدە نۇرغۇن يىل ئويقىدا ياتقان بىرسى ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ قوپۇپ بۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىشى مۇمكىن!" دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاڭلايدىكەن.

ئۇلار ئىلاھىيەتچىلىك بويىچە ھاياجانلىنىپ، غايىۋىچىلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتكە، ھەرقانداق بىر ھەرىكەتكە تەشنالىقىنى ئىپادىلىشىدىكەن.

ئۇلار ئارزۇ قىلىشقان بۇنداق ھەرىكەتنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا تېپىۋالغان ئىدى. ئېھتىمال، مانا بۇ تەرىپى

www.pidaly.biz

ئۇلارنىڭ ھىتلېرغا ئوخشايدىغان تەرىپى بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ھەققانىيەت دەپ قارىشىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاق تەرىپى بولىشى كېرەك. جەڭ مەيدانىدىكى ھايات، ئەسكەرلەر بىلەن كوماندىرلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئورتاق تەغدىرلىك، بىر-بىرسىگە قول-پۇت بولۇش تۇيغۇسىنى يارىتىپ بېرەلەيتتى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە يىتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ جەڭ قىلىشلىرىغا قاراپ ئۇلارغا قايىل بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئايىقىنى سۆيگىدەك ھالغا كېلىشەتتى. "ئۇلار ئۈچۈن ئۇ ئەمەلدارلار ھەرگىز بىر كوماندىرلا بولۇپ ھېسابلانماستىن، ئۇلارنىڭ داھىيسى ھېسابلىناتتى! ئەسكەرلەر بۇ داھىنىڭ بىر سەپدىشى ھېسابلىناتتى! شۇڭا ئەسكەرلەر ئۇ داھىسىغا قارغۇلارچە بوي سۇنىشاتتى، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا داھىلىرى بىلەن بىرگە دوزاققا كىرىشكىمۇ تەييار تۇرىشاتتى." ئۇلار ئالدىنقى سەپلەردە گېرمانىيىدە بۆگۈنگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان دېموكراتىك مۇناسىۋەتلەرنى يارىتىشقان ئىدى. نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئاكوپلاردا دۇنيادىن بىخەۋەر يېتىشىپ، بىر ھېساپتا "تاملىرى ئوتتىن ياسالغان چېركاۋدا بىرلىكتە ياشىغان" دەك تۇيغۇلارغا كەلگەن ئىدى.

ئالدىنقى سەپلەردىن كەلگەن بۇ يولداشلار، بۇ بۇرۇنقى "ۋىتىلداقلار"، خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش، تەسلىم بولۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر نومۇس ئىش بولىدىغانلىقىنى، ۋەتەن ئىچىدىكى

www.pidaiy.biz

بىرلىك سەپكە ئىشەنمەسلىك بويىچە قارىشاتتى، ئۇلارنى بولشېۋىكلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان كىشىلەر دەپ قارىشاتتى. ھەربىي دائىرىلەرمۇ گېزىت ۋە تەشۋىقات تاختىلىرى ۋاستىسى بىلەن "ئىسپارتاكچىلار پولكى" نىڭ خەۋپىدىن ھېلىغىچە تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى، ئەسكەرلەر بىرلىكتە "ئەركىن پولك" تەشكىللاتىغا قاتنىشىپ "گېرمانىيىنى دۇنيادا مازاق قىلىنىش ئوبيېكتى" قىلىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىرىق قىلىشاتتى. بۇ چاقىرىققا كونا ئەسكەرلەر قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشقانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

بۇ تۈردىكى قانۇنسىز قىسىملارنىڭ تەشكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا، كۆپلىگەن بېرلىنلىقلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن "ئىسپارتاكچىلار پولكى" مۇ بېرلىننى تارتىپ ئېلىشقان ئىدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئاممىۋي ئورگانلارنى، قاتناش-ترانسپورتنى ۋە شۇنىڭدەك ھەربىي زاۋۇتلارنى تىزگىنلىۋالدۇ. 1919-يىلىنىڭ 3-يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى، ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە قالغان ئېبېرت ھۆكۈمىتى "ئىسپارتاكچىلار" غا ھېسداشلىق قىلدىڭ، تېخى يېقىندىلا دېگىز پلوتچىلىرىنىڭ ئىسيان قىلىشىنى قوللىدىڭ دېگەننى باھانە قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇ كۈلەردە بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنى كومپارتىيىنىڭ "ئىسپارتاكچىلىرى" دەپ ئاشكارە ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئاشكارە ئىنقىلاب قوزغاشقا چاقىرىق قىلىدۇ. بېرلىندىكى ئىشچىلار بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. 6-يانۋار (ئوچاق) چۈشتىن بۇرۇن، 200

مىڭ كىشىلىك ئىشچىلار قوشۇنى مۆرىسىدە مىلتىق، قولىدا قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئالكساندىر مەيدانىدىن يولغا چىقىپ دېرگاردىن (荻埃尔加登) دا بىر يەرگە يىغىلىشقا باشلايدۇ. زىمىستان سوغۇق بىلەن ھەممە ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەن تۇمانلار ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق روھىنى سۇۋۇتالمىغان ئىدى. ئۇلار سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارتىيە گېزىتى «ئالغا» گېزىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن ۋولف (乌尔夫 Wolf) پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىمۇ قولغا ئېلىشىدۇ. باش مىنىستىرلىك بىناسىمۇ بۇ غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئېبېرت بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرى مۆكۈنىۋالغان ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، كوممۇنىستلار براندېنبۇرگ (布兰登堡) دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ھەيكەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرىۋالىدۇ. ۋېنتېردىنلىن (文特登林登) دا، كنېش (科尼希) كوچىسىدا، ساردېنبۇرگ (萨洛登伯格) كوچىسىدا ئۇلارنىڭ ئاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئالغان ئىدى. ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە پويېز ئىستانسىسى ئىگەللەنگەندىن باشقا، ھۆكۈمەت باسمىخانا بىناسى بىلەن بوزا (波佐) ھاراق زاۋۇتىمۇ ئىگەللىۋېلىنىدۇ. بىر سوتكىغا قالماي، شەھەر ئىچىدە ھۆكۈمەت قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان ئاساسلىق بىنالار بەكلا ئاز قالىدۇ.

ئەگەر "ئەركىن پولك" لار قول سالمىغان بولسا، بېرلىن، ئاخىرىدا ھەتتا پۈتكۈل گېرمانىيە كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

www.pdaily.biz

كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىر ھەپتىگە قالماي، ھەربىي قىسىملار شەھەر سىرتىدىن بېسىپ كىرىپ قىزىللارنىڭ تىركىشىش نوقتىلىرىنى بىرمۇ-بىر يىمىرىپ تاشلايدۇ. "ئىسپارتاكچىلار" تەشكىلاتىنىڭ پاكىنەك "قىزىل گۈل" لەقەملىك روزا لۇكسېمبۇرگ (Rosa Luxemburg 罗莎•卢森堡) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

"قىزىل گۈل" ئۆلتۈرۈلۈپ تۆت كۈندىن كېيىن، يېڭى جۇمھۇرىيەت تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزىدۇ. سايلام ھاۋا بەكلا سوغۇق بىر يەكشەنبە (پازار) كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. گېرمانىيە تارىخىدا ئاياللارغا تۇنجى قېتىم سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىدى. 35 مىليون ئاۋاز بەرگۈچى خەلقتىن 30 مىليون كىشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئۈچۈن 423 نەپەر نامزاتقا ئاۋاز بېرىدۇ. سايلام نەتىجىسىنى پەرەز قىلىشقا بولسىمۇ، يەنىلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك نەتىجە ھېسابلىناتتى. كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلمايدىغاندەك كۆرۈنۈۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە خوخېنزوللېرن جەمەتى ئورنىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىككى ئوڭچىل پارتىيە پارلامېنت دېپوتاتلىق ئورنىنىڭ يۈزدە 15 قىسمىنى ئالغان بولۇپ، جۇمھۇرىيەت يولغا قويۇلۇشىنى قوللايدىغان ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان پارتىيە خۇددى ئېبېرتنىڭ "سوتسىيالىزمچىلار كۆپ سانلىقى" غا ئوخشاش 40 پىرسەنت پارلامېنت ئورنىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. رادىكال سول پارتىيە بولغان "مۇستەقىل

www.pidaily.biz

سوتسىيالىزمچىلار" بولسا ئارانلا 7 پىرسەنت دېپۇتات ئورنىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ سايلام، گەرچە ئەكسىل ئىنقىلابچىلار ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتسىمۇ، جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرستىدىغان بىر سايلام بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال، پارلامېنت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قايسى شەكىلدە بولىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىناتتى.

ھەممە يەرنى قۇراللىق تىركىشىش قاپلاپ كەتكەن بېرلىن بىخەتەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختتىن 150 چاقىرىم غەربى جەنۇبقا جايلاشقان ۋېيمار (Weimar 魏玛) شەھىرى، پارلامېنت ئورنى قىلىپ تاللاپ ئېلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ تاللىنىشى مەدەنىيەت ۋە جوغراپىيىلىك ئەھمىيىتى بار بىر تاللاش ئىدى. يەنى بۇ يەر گيوتى، شىللېر ۋە لىست (李斯特) نىڭ يۇرتى ئىدى. 6-غېنۋار (فېۋرال، ئۇي) كۈنىسى، خەلق كېڭىشى، يەنى پارلامېنت يىغىنى، يېڭى دۆلەتلىك تىياتىرخانىسىدا ئېچىلىدۇ. قۇرۇلتاي يىغىنى خوخېنزوللېرن ۋاقتىدىكىدەك ئۇنچىۋالا داغ-دۇغىلىق رەسمىيەت ئۆتكۈزمەيلا ئېچىلىدۇ. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئوركىستېر يوق، ئاتلىق پاراتچىلار يوق، كۆزلەرنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن مۇراسىمچىلارمۇ يوق ئىدى.

5-كۈنى، بىر ئىجرائىيە ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئېبېرت ئۇستۇن ئاۋاز بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پرىزدېنتلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇمۇ بىر باش ۋەزىر تەيىنلەيدۇ. تەيىنلەنگەن باش ۋەزىر ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشقا كىرىشىپ،

كۆچلۈك ئىرادىلىك نوسك (诺斯克 Noske Gustav، ئۇ ئۆزىنى ساقچى ئاپشاركىسى دەپ ئاتىۋالغان) نى دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرلىكىگە كۆرسىتىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر تاللاش ئىدى. بۇ دېگەنلىك، "ئەركىن پولك" لار ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پائالىيەت قىلالايدىغانلىقىنى ھەمدە دۆلەت مۇداپىيىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بولىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

## (7)

باۋارىيىلىكلەر، پروسسىيىلىكلەرنىڭ پۈتۈن قىلغان ئىشلىرىغا ئۆچلۈك قىلاتتى. بۇ ئەھۋال، باۋارىيىلىكلەرنىڭ بىر ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، مىيونخېنىدىكىلەر ۋېيماردا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئۇمۇمەن بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئېبېرت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن گېرمانىيىدە دېموكراتىك تۈزۈم تىكلەشكە ئۇرۇنۇشلىرى كىشىلەرگە بەك تونۇشلۇق بولمىغان مىيونخېنلىق زىيالىيلار ساھەسىنىڭ بىر رەھبىرى بولغان ئوسۋالد سپېنگلېر (奥斯瓦尔德•史本格勒 Oswald، Spengler)[77] نى قىلچە قىزىقتۇرمايدۇ.

1918 ـ يىلى ئەتىيازدا، مال ـ بايلىقتىن ۋە ئاياللاردىن يىرگىنىدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان نامرات بويتاق ئېبېرت، ئاخىرى «غەربنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن كىتاۋىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشرى قىلدۇرىدۇ. كىتاب بازارغا چىقار ـ چىقماي

www.pdaily.biz

گېرمانىيە بويىچە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. "1789 ـ يىلقى فرانسىيىلىكلەرگە ئوخشاش، بىز بۇ بەختسىزلىك ئىچىدىن چوقۇم ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە ئالغا ئىلگىرلىشىمىز شەرت. بىز رەھىمسىزلەرچە جازالىنىشقا ئېھتىياجىمىز بار ئىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن 4 يىللىق ئۇرۇش بىز ئۈچۈن جازا ھېسابلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر جازالىنىش ئەمەس. ــ دەيدۇ قايسى بىر سەپدىشىغا يازغان بىر خېتىدە، ــ ... باشتىن تارتىپلا تېررور شۇنچە ھاياجان پەيدا قىلالايدىغان، شۇنچە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدىغان شەكىلدە بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگىچە داۋام قىلىپ، ھەتتا ناپالىيونەك بىر مۇستەبىتمۇ كۆپچىلىك تەرىپىدىن قۇتقۇزغۇچى قاتارىدا تونۇلغان ئىدى."

ئۆزىنى سىياسەت ئۈچۈن ئاتىدىم دەپ يۈرگەن، ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى ئۆمرىنى سىياسى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ھىتلېر، شۇ كۈنلەردە مىيونخېنغا قايتىش تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. ترونستان (特隆斯坦) دىكى ئەسىرلەر لاگېرى تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شمىت ئىككىسى بىرلىكتە 2 ـ پىيادىلار پولكىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ پولك گازارمىسى شۋۇبىن (施霍宾) دا ئىدى. بۇلاردەك غايىلىك يەنە بىر سەپدىشى مىيونخېندا ئاساس سېلىۋالغان ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئالفېرد روسېنبېرگ بولۇپ، ئەسەبىي يەھۇدىي دۈشمىنى ھەمدە ماركسىزمغا قارشى ئېستونىيىلىك بىرسى ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ روسىيە ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنىڭ

ھەقىقىي يۈرتى بولغان يەرنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بىرسى ئىدى. ئۇمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش بىر رەسسام، بىر بىناكار ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش بۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان نېمىسلاردىنمۇ بەكرەك نېمىسلىك ھېسسىياتىغا ئىگە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىشىدىكى بىردىن-بىر مەقسىدى، بۇ يەرلەردە ئۆزىگە بىر ۋەتەن ئاختۇرۇش ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ۋەتىنىدىكىلەرنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن بولشېۋىك تېررورچىلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك ۋەتىنىنىڭ يەھۇدىي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەش مەقسىدى بار ئىدى. (ئا. بوران تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن پروفېسسور ئەھەت ئەنجانىنىڭ «جەدىتچىلىكتىن مۇستەقىللىقچە چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەشلەر» دېگەن ئەسىرىدە روسېنبېرگنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئەسىرلىرىدىن پايدىلىنىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەسىرلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇھاجىردىكى سىياسىي كۈرەشچىلەر بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. — ئۇ.ت)

روسېنبېرگ ، ئېكارت ئىسىملىك گېرمانىيە يازغۇچىسىنىڭ ئۆزى بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاق نوقتىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يازغۇچى بىلەن تونۇشۇشنى ئويلايدۇ. دېتىرىخ

ئېكارت (Dietrich Eckart) دېگەن بۇ ئادەم بىر شائىر، دراماتورگ، قەھۋەخانا سۆھبەت زىيالىسى بولۇپ، ئىگىز بويلۇق، بەستلىك، چوققىسى پارقىراپ تۇرىدىغان تاقىرباش غەلىتە بىر كۆرۈنۈشتە بىرسى ئىدى. ئۇ ئادەتتە قەھۋىخانىلار بىلەن قاۋاقخانىلاردىلا يۈرەتتى. شۇنىڭدەك هاراققا ئامراق، مۇنازىرە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ، باۋارىيە كىنەزى مەسلىھەتچىسىنىڭ ئوغلى (بىر چاغلاردا "نېرۋىسىدا بىر چاتاق بار" دېيىلىپ بىر مەزگىل قايسى بىر دوختۇرخانىنىڭ بالىنىسىغىمۇ چۈشۈپ چىققان) بولغاچقا، كونا ئىسىلزادىلار ئارىسىغا كىرىش ئىمكانىمۇ بار بىرى ئىدى.

ئۇ بەكلا غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرىدىغان بىرسى بولسىمۇ، يەنىلا بەزى تالانتلىق تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى (ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىپ چىققان «ئاق سۆڭەك پورت» 晋特 دېگەن كىتابىنىڭ تەرجىمە سۈپىتى پەۋقۇلئاددە يوقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ تەرجىمىسى ئۆلچەملىك تەرجىمە دەپ قوبۇل قىلىنغان). ئۇ نېمىس پەرەس، يەھۇدىيلارغا قارشى بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز چىقىمى بىلەن ھەپتىلىك گېزىتتىن بىرنى چىقارغان بولۇپ، 30 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ تۇراتتى.

روسېنبېرگ بىرەرسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىسىزلا ئېكارت دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ. روسېنبېرگ كورىدورغا كىرىشى بىلەنلا ئېكارتقا بۇ يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن مۇئامىلىلىك، توغرا قاراشتىكى ئۆزىنى تۇتىۋالغان بىرسى ئىكەن دەيدىغان تەسراتنى بېرىدۇ. روسېنبېرگ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەر-كىرمەيلا

www.bilday.biz

“جانابىڭىز ئېرۇسالىمغا قارشى بىر جەڭچى ھېساپلىنامسىز؟”
دەپ سورايدۇ. ئەيكارتمۇ كۈلۈپ كېتىپ “ئەلۋەتتە شۇنداق!”
دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مېھمان ماڭا نېمىلەرنى يېزىپ كەلدىڭىز،
دەپ سورىشىغا، روسېنبېرگ دەرھال يېنىدىن بىر پارچە ماقالىنى
چىقىرىپ ئۇزارتىدۇ، “يەھۇدىيچىلىق بىلەن بولشېۋىكچىلىقنىڭ
رۇسىيىدە پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىقلىرى” تېمىلىق بىر ماقالە
يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كېيىن
ھىتلېرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكىدەك تەسىراتلارنى پەيدا
قىلىدىغان ھەمكارلىق ئىشلىرى ئەنە شۇ تېرىقىدە باشلىنىدۇ.
ئېكارت، روسېنبېرگنى “ئېرۇسالىمغا قارشى سەپداش” دەپ
تونۇيدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، روسېنبېرگنىڭ روسىيە
توغرىسىدا يازغان ماقالىسى ئېكارت تەھرىرلىكىدىكى گېزىتتا
ئېلان قىلىنىش بىلەنلا قالماي، ميونخېندا چىقىۋاتقان
«گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدىمۇ ئېلان
قىلىنىدۇ. بۇ تۈر ماقالىلارنىڭ ئاساسى تېمىسى “يەھۇدىيلار
دۇنيادىكى بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى؛ دۇنيا ئۇرۇشى
بىلەن قىزىللار ئىنقىلابىنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىي سىيونىستلىرى
(يەھۇدىي دۆلىتىنى تىرىلدۈرگۈچىلەر — ئۇ.ت) كۈشكۈرتۈپ
ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئۇلار بۈگۈن خەلقئارالىق مالىيە بىرلىكىنى
يۇشۇرۇن پىلانلاپ دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈشنى خىيال قىلىپ
يۈرمەكتە دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

## (8)

خېلى كۆپ باۋارىيىلىكلەرنىڭ نەزىرىدە، كۇرت ئېيسنېر (Kurt Eisner 库尔特•埃斯纳) دېگەن بۇ ئادەم ئىنقىلاب ئۆلگىسى ھېسابلىناتتى. يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنى موسكۋانىڭ مالىيە ياردىمىگە تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىدىغان بىرسى دەپ قارىشاتتى. ئەمما ئەسلىدە ئەھۋال بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، نويابىر (ئوغلاق) دىكى تارىخى كۈندە ئۇنىڭ يېنىدا ئارانلا 18 مارك پۇلى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ رەھىمسىز تەجرىبىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا ئىشەنمەيدىغان روسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ قاراشلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان قاراشتىكى بىرسى ئىدى. گەرچە ئۇ باۋارىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىرسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرى خۇددى قەھۋەخانا زىيالىيلىرىنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشاش چۈشەنچىدە بىرسى ئىدى. ئېيسنېر تىكلىمەكچى بولغان تۈزۈم ھېچ قاچان كوممۇنىزم تۈزۈمى ئەمەس، ھەتتا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىگىچە مىجەزلىك ئالدىراقسان دېموكرات ئىدى. ئۇ، سىياسىيونلار ئارىسىدىكى بىر شائىر بولۇپ، چىرايلىق چاقناپ تۇرىدىغان ئەقىل كۈچىگە تايىنىدىغان بىر ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنى ماركسقا قارىغاندا شىللېر (雪莱) غا بەكرەك ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ، كىشىلەر ئالىبۇرۇن ئىسىدىن چىقىرىۋەتكەن بىر يولدىن كېتىۋاتماقتا ئىدى. يانۋار (ئوچاق) دىكى سايلام ئوتتۇرا بۇرجۇئازىيە پارتىيىلىرىگە زور غالىبىيەت

ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىستىپا بېرىشكە زورلايدىغان تەلەپلەر كۆندىن-كۈنگە كۆچىيىپ بارماقتا ئىدى.

ئېيسنېر تۇتقان يولنى ئىجرا قىلىشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى ھېس قىلغىنىدىن كېيىن، 21-فېۋرال (ئۇي) ئەتىگىنى بىر پارچە باياناتىنى يېزىپ ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما ئالدىنقى سەپ لانتاگ (兰塔克) قا ئىستىپاسىنى بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا كىنەز ئانتون ئاكۋارى (安东•阿科瓦利) تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ كىنەز، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ياش بىر گېنېرالى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى يەھۇدىي بولغاچقا، يەھۇدىيلارغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. ئەسلىدە ئېيسنېر بىر سائەت ئىچىدە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى، شۇنداق قىلىپ ھاكىمىيەتمۇ ئوتتۇرا يولنى تاللىۋالغان ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ سۈيىقەست ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئاكۋارى (阿科瓦利) ئۈچۈن بەكلا قورقۇنۇچلۇق بولۇپ، يەنە بىر قېتىملىق سولچىلار دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. تېخى يېقىنىدىلا پۈتۈن خەلق تەرىپىدىن يامان كۆرۈلۈپ، ھەممىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرىۋاتقان ئېيسنېر، بىراقلا ئىنقىلابى قۇربان، پرولېتارىياتنىڭ داڭدار ئادىمى دەپ قارىلىپ، ئىنقىلاب دولقۇنى قايتىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئىشچى-ئەسكەر مەركىزى كومىتېتى دەرھال ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئادولف خوفمان (阿道夫•霍夫曼 Adolf Hoffmann ئۇ بۇرۇن بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى) باشچىلىقىدا تولۇق

سوتسيالىست ھۆكۈمەت تەشكىللەپ چىقىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت دەرھال ئومۇمى يۈزلۈك ئىش تاشلاش ئېلان قىلىدۇ. ئاخشىمى سائەت 7 دىن باشلاپ كوچىغا چىقىش مەنئى قىلىنىدۇ. ستۇدېنتلار ئېيسنېرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كىنەز ئاكۋالى (阿科瓦利) نى قەھرىمانىمىز دەپ تەنتەنە قىلىشىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ميونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاقىۋېتىدۇ.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونال يىغىنى موسكۋادا ئېچىلىدۇ. يىغىنىدا كوممۇنىزم ئىنتېرناتسيونال قۇرۇشنى بىردەك ماقۇللايدۇ. بۇنىڭ كەينىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان غالىبىيەتنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە، لېنىن، ھەر قايسى ئەل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قوزغىلىپ دۆلىتىنىڭ يېتەكچىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ رۇسىيىدىكى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش، دېپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتنى، سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلىرى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىش ھەرىكىتى قوزغاشقا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، تېخى يېڭىلا تۇغۇلۇپ ئۇچۇرۇم بولغان بۇ دۆلەت ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەردىن تېخنىك-ئېنجىنېرلارنى، يېتەكچىلەرنى ئەۋەرتىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا، بېرلىنمۇ دۇنيا ئىنقىلابى چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدىن بىر كۈن ئاۋال، بېرلىن ئىشچىلىرى كومپارتىيىنىڭ بۇيرىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، شەھەر مەركىزىگىچە يۈرۈش قىلىپ نامايىش قىلىشىدۇ.



www.pidaly.biz

“قىزىل پلوت ئىتتىپاقى” بىلەن باشقا ئاكتىپ ھەربىي گۇرۇھلارنىڭ قاتنىششى بىلەن يەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن 30 دەكنى ئىشغال قىلىشىدۇ. دېڭىزچىلار ئالېكساندىر مەيدانىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋېلىپ، ئۇ يەرنى “ئەركىن پولك” نىڭ بىر قانچە پىيادىسىنىڭ مۇداپىيە قىلىشىغا قويىدۇ. ئەتىسى، “ئىشچىلار كومىتېتى” نىڭ بىر يېرىم مىڭ ۋەكىلى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشىدۇ. پايتەختتە مىدىرمۇ قىلغىلى بولمايتتى. يەنى توك كېسىلگەن، قاتناش توختاپ كەتكەن ئەھۋالدا ئىدى.

ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسلا شەرقى شەھەر رايونىغا يىغىلغان بولۇپ، مۇھىم نوقتىلارغا پىلىموتلارنى جايلاشتۇرغان ئىدى. باستۇرۇش مەقسىتىدە دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرى نوسك يېڭىدىن ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ھاكىممۇتلەقلىق ھوقۇقىنى ئىشقا كىرىشتۈرىدۇ. 5-مارت (قوزا) كۈنى “ئەركىن پولك” 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى شەھەرگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئىسيانچىلارنى بىنامۇ-بىنا، ئۆيمۇ-ئۆي سۈرۈپ ماڭىدۇ. بېرلىندىكى قاۋاقخانىلار، تانسىخانىلار بىلەن رېستورانت قاتارىدىكى كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرى بولسا ئادەتتىكىدەك ئىشىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى.

بېرلىندا شىددەتلىك كوچا ئۇرۇشى داۋاملىشىدۇ. بىر تەرەپ كۆچلۈك زەمبىرەك، پىلىموت ۋە ئايروپىلانلار بىلەن قىرغىن قىلسا، يەنە بىر تەرەپ مىلتىق-گراناتلار بىلەن قارشىلىق

كۆرسەتمەكتە ئىدى. 4 كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، نوسىك "ھۆكۈمەتنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ" دەپ ئېلان قىلىدۇ. نەتىجىدە، يۈزلىگەن ئىشچى تام تۈۋىگە تىزىلىپ سوئال-سوراقسىز ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىر يېرىم مىڭدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئەڭ كامىدا ئون مىڭ كىشى يارىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئىسيانچىلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى پۈتۈن گېرمانىيىگە يېيىلماقتا ئىدى. ساكسونىيىدە ھاكىمىيەت رادىكال كۈچلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. لور ئويمانلىقىمۇ قورشاۋ ئاستىدا ئىدى. چىكاكو «كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ گېرمانىيىدىكى ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بىن خېرشىد (本•赫希特) ئىۋەرتكەن تېلېگرامما خەۋىرىدە: "گېرمانىيىدە روھى كېسەللىك يامراپ كېتىۋاتماقتا، بۇ يەردە روھى ساغلام بولغان بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىشەنچلىك خەۋەرنىمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى" دەپ يازىدۇ.

مىيونخېنمۇ يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب دولقۇنى ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب بۇداپېشتتىكى بىر قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىشتىن ئىلھام ئېلىپ قوزغالغان بىر ئىنقىلاب ئىدى. 22-مارت (قوزا) كۈنىدىكى بىر خەۋەردە، ۋېنگىرىيىدە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم خەلق سېپى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر كومۇتېتى نامىدا ھاكىمىيەت قولغا ئېلىنغان بولۇپ، نامى چىقمىغان بېلا كۇن (贝拉•昆 Bela

Kun)[79] باشچىلىقىدىكى ۋېنگرىيە سوۋېت رېسپوپلىكىسى قۇرۇلغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى بولغان بېلا كۇن بىر يەھۇدىي بولۇپ، 32 كىشىلىك كومۇتېتتا 25 نەپەر ئادەم يەھۇدىي ئىدى. شۇڭا، لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتى بۇ ھاكىمىيەتنى "يەھۇدىي قاراقول پارتىيىسى" قۇرۇپ چىققان بىر ھاكىمىيەت، دەپ يازدۇ. بېلا كۇننىڭ غالىبىيىتى، مىيونخېندىكى سولچىلارنى جاسارەتلەندۈرگەن بولۇپ، 4-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى ئاخشىمى، كومۇتېت ۋەكىللىرى بەلگە كەلگىندەك قىلىن قاردا قەدەملىرىنى ئاران بېسىپ (شۇ يىلى قىشتا ئۈزۈندىن بويان كام كۆرۈلىدىغان قاتتىق قار يېغىپ كېتىدۇ) ھىتلېر ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرغان يەردىن ئىككى بىنا يىراقلىقتىكى لۇۋېنبراۋ (罗文布劳) بىناسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بىر خىتاپنامە ئېلان قىلىدۇ: "پارتىيە-گۇرۇھلارنى يوقۇتۇپ، پرولېتارىيات ئىتتىپاقلىشىپ سوۋېت رېسبوپلىكىسى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، روسىيە بىلەن ۋېنگرىيە پرولېتارىياتى بىلەن ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋەت تىكلەيمىز. شۇ چاغدا، دۇنيادا ھېچ قانداق كۈچ بىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئومۇمىخەلق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ."

بۇ بىر قېتىملىق قەھۋىخانا ئىنقىلابى بولۇپ، قانلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىنقىلابنىڭ ساددا كۆچۈرمىسى ئىدى. بۇ ئىنقىلابقا ئېرنىست توللېر (Ernst Toller 恩斯特•托勒) دېگەن شائىر بىرسى يېتەكچىلىك قىلماقتا ئىدى. بۇ كىشى، سەھنە

www.pidaiy.biz

ئەسەرلىرىنى، رەسىمنى، ۋە شۇنىڭدەك بىناكارلىق گۈزەل سەنئەت پاسونىنى ئىسلاھات قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت روھى دۇنياسىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلاتتى. ھۆكۈمەت كابىنىتى غەلىتە بىر توپ كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. مەسىلەن ئالايلى، ئولتۇراق ئۆي كومۇتىنتى بويرۇق چۈشۈرۈپ، بۇندىن كېيىن ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئاشخانا ئۆيى، بىر تۇتاش تاماقخانا بىلەن ياتاق ئۆيى ئۈستىگە سېلىنىشى كېرەك دېگەندەك غەلىتە تۈزۈملەرنى چىقىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئاجايىپ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاھىدە تاجلىق كىشىلەر يەنىلا خاندانلىققا تەۋە بولغان فرانز لىپ (Franz Lipp 弗朗斯•里普) قا ئوخشاش كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ كىشى تاشقى ئىشلار كومىسسارى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى (بۇ ئادەم يەنە كېلىپ روھى كېسەللىكلەر بالنىسىدا بىر مەزگىل داۋالىنىپ چىققان بىرسى ئىدى). ئۇنى بۇ ئورۇنغا تەيىنلىشىگە سەۋەپ قىلىپ كۆرسەتكەن باھانىسىمۇ بەكلا غەلىتە ئىدى: بۇ ئادەم چاچ ـ ساقىلىنى رەتلىك ياساپ يۈرىدىغان، ھەر دائىم كۆلرەڭ پەلتۇ كىيىپ يۈرىدىغان دىپلوماتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كۆرۈنۈش بولغاچقا بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنمىش. لىپ دەرھال موسكۋاغا بىر پارچە ھاياجانلىق تېلېگراما يوللاپ، ئېيسنېرنىڭ ئىزباسارى مىنىستىرلىكتىكى بىر تەرەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغۇرلىۋالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان؛ شۇنىڭدەك يەنە ۋاردىنبۇرگ (伍尔登堡) ۋە شۋىتسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن.

"چۈنكى، بۇ توڭگۇز كۈچۈكلىرى بىزگە 60 دانە پاراۋۇز قەرز بېرىپ تۇرۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇرمىز." ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك.

13-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى، سابىق باش ۋەزىر، يەنى ھېلىقى سوتسىيالىزم مۇئاللىمى خوفمان مىيونخېننى قۇراللىق تارتىپ ئېلىش نىيىتىگە كەلگىنىدە ئىنقىلابمۇ ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى. گەرچە ئۇمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش ئۇرۇشتا يوقىرى نەتىجە ياراتقان ھەربىلەردىن پايدىلانغان بولسىمۇ، ئۇ ھەربىكەت باشلاش پۇرسىتىنى پەقەتلا قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، ئىككىنچى پولكنىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خوفمان ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ: "بىزنى بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا ئۈندىگەن كىشىلەر توغرا ئېيتىدۇ! چۈنكى بىز، لەيلەپ يۈرگەن يەھۇدىيلار ئۈچۈن پوستا تۇرىۋاتقان ئىنقىلابى قوغدىغۇچىلاردىن ئەمەسمىز!" دەپ ۋارقىرايدۇ. گەرچە ھىتلېر قاتارىدىكى كىشىلەر مىيونخېن شەھەر قوغداش قىسىملىرىدا بىتەرەپ تۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا، "خوفمان قوزغىلىڭى" بەربىر تارمار قىلىنىپ، ھوقۇق قىزىللارنىڭ قولىغا، يەنى ئېۋگېن لېۋىن (Eugen Levine 欧仁•莱维内) نىڭ رەھبەرلىكىدىكى قىزىللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ كىشى ئەسلىدە پېتىبورگلۇق ئادەم بولۇپ، ئاتىسى بىر يەھۇدىي سودىگىرى ئىدى. ئۇنى كومپارتىيە ئىنقىلاب تەشكىللەش ئۈچۈن مىيونخېنغا يوللىغان ئىدى. ئۇلار شائىر توللېرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن،

ھاكىمىيەتنى تېزلىكتە رەسمىي سوۋېت ھاكىمىيىتى شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما ئۇلار "قىسمەنلىكتە ياكى ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەھۋال ئاستىدا قەتئىي قورال ئىشلەتمەسلىك" دەيدىغان پارتىيە قارارىغا خىلاپلىق قىلىشىپ، باۋارىيە سوۋېت رېسپوپلىكىسى نامىدا بىر مۇنچە قۇراللىق كۈچلەرنى خوفماننىڭ ميونخېننى ئىككىنچى قېتىم تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ-سالدىراپ تويلىغان 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى قويۇش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. ئۇ كۈنلەردە خوفماننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى شەھەردىن 10 چاقىرىم نېرىسىدىكى داچاۋ (Dachau 达豪) غا كېلىپ يىغىلماقتا ئىدى.[80]

قىزىل ئارمىيە باش قۇماندانى تېخى يېڭىلا كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان شائىر ئېرنىست توللېر دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى تۇرمىدىن چىقار-چىقمايلا، خۇددى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى كاۋاللېرلارغا ئوخشاش بىرسىدىن قەرزگە ئالغان ئاتقا مىنىپ "ئىنقىلاب ئۈچۈن قەتئىي كۆرەش قىلىمەن" دەيدىغان غەيرەت بىلەن جەڭ مەيدانىغا چېپىپ كېتىدۇ. 18-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى، بۇ قىزىل ئارمىيە رىتسار قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ خوفمانغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇ بىر ئىنسانپەرۋەر بىرسى بولغىنى، شۇنىڭدەك يەنە لىبېرالىست بولغىنى ئۈچۈن، ميونخېننى ئېلىش بۇيرۇقىغا بوي سۇنماسلىقتا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ ئاۋال سۆھبەت يولى بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىپ داچاۋنى توپقا تۇتۇشنى رەت

قىلىدۇ. يەنە بىر سەۋەپ، ئۇرۇش يېڭى باشلانغان ۋاقىتىدا، ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەڭ قىلغىنىدا ئاساسەن قان تۆكمەي دېگىدەك غەلىبە قازانغان ئىدى. خوفماننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى پاراكەندە بولۇپ كەينىگە چېكىنگەن ئىدى. سوۋېت رەھبەرلىكى ئۇلار ئەسىر ئالغان ئوفىتسېرلارنى ئېتىپ تاشلاش بۇيرىقىنى بېرىدۇ. تەبىئىكى، شائىر قوماندان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى تۈرمىگە سولىنىدۇ.

خوفمان، داچاۋ جېڭىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامالسىز دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرى نوسكىنىڭ "ئەركىن پولك" لىرى ياردىمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار تېزلىكتە ميونخېننى ئىشغال قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ، بۇ پىلاننى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. 27-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى، ميونخېن پۈتۈنلەي قورشاۋغا ئېلىنىدۇ. قورشاۋدا قالغان قىزىل ئارمىيە قانلىق قىساس ئېلىش ئۈچۈن سوۋېت رېسپوبلىكىسىنىڭ ميونخېندىكى دۈشمەنلىرىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالىدۇ. دېڭىزچىلار يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان "تورى جەمئىيىتى" (图里会) نىڭ چىرايلىق بىر كاتىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 7 نەپەر ئەزاسىنى تۇتۇپ كېلىدۇ. ئۇلاردىن 100 دەك ئادەم لېئوپولد (Leopold 留波尔德) ئوتتۇرا مەكتىۋىدە گۆرۈگە ئېلىنىپ قاماپ قويۇلىدۇ.

29-ئاپرېل (ئۇمۇت) غا كەلگىنىدە ميونخېن قورشاۋى بارغانسىرى تارايتىلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلار

هۇلۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر، ئاقلار مۇھىم پويىز ئىستانسىسىلىرىنى ئىشغال قىلىپ بوپتۇ دەپ يالغان خەۋەر تارقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شتاۋىدىكىلەردىن تولىلىرى (ئۇ قاماقتىن چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى تىركىشىشكە كىرىشىدۇ) بىلەن قىزىل ئارمىيە كوماندىرلىرىدىن باشقا بارلىق خادىملار بىرسىمۇ قالماي تارقىلىپ كېتىدۇ. قىزىل ئارمىيە كوماندىرلىرى ئاقلار قوشۇنىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قىساس ئېلىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. سەل بۇرۇن "ئەركىن پولك" بىر تاش كولاش مەيدانىدا 52 نەپەر روسىيە ئەسىرى بىلەن قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ئون نەچچە ئىشچىنى قوشۇپ ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇلار يەنە مەكتەپتە تۇتۇپ تۇرۇلغان گۆرۆگە ئېلىنغان ئادەملەرنىمۇ بىرنىمۇ قويماي ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. تولىلىرى قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بېرىپ ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقىنى توساشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بارغىنىدا ئەڭ كامىدا 20 ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ بولۇنغان ئىدى.

بىر نەپەر ئوقۇغۇچى قىزىل ئارمىيە قالدۇق كۈچلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقان پوزىتسىيىدىن قېچىپ چىقىپ، قىرغىنچىلىقتا كۆرگەنلىرىنى "ئەركىن پولك" كوماندىرلىرىغا دوكلات قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخشىمى قاراڭغۇدا شەھەرگە كىرىش بۇيرۇقىنى چىقىرىدۇ. 1-ماي (ئارسلان) كۈنى، قوياش چاقناپ تۇرغان ئىسسىق بىر كۈن بولىدۇ. "ئەركىن پولك" بىر قانچە يولدىن شەھەرگە سىڭىپ كىرىشكە

www.pidaiy.biz

باشلايدۇ. خوپبانوۋ (霍普班诺夫) بىلەن شوبىن (施霍宾) رايونلىرىدا بەزى تىركىشىشلەر كۆرۈلگىنىدىن باشقا، قىسىملار قىينالمايلا پارچە-پۇرات ئىقىلاۋى كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇپ بولىدۇ. "ئەركىن پولك" قىسىملىرى ھەممە يەردە قوتقۇزۇلغان شەھەر خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. مارىيان (马里安) مەيدانىدا ئاممىۋىي يىغىن ئۆتكۈزىلىپ، قىزىل بايراق چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا باۋارىيە دۆلىتىنىڭ كۆك-ئاق رەڭلىك بايرىقى چىقىرىلىدۇ.

لېنىن قىزىل مەيدانىدا زور كۆلەملىك "بىرىنچى ماي" (ئارسلان) بايرىمى ئاممىۋى يىغىن مەيدانىدا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسىنى ئېلان قىلىۋاتقان پەيتلەردە ("سوۋېت رۇسىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ۋېنگرىيىسى بىلەن سوۋېت باۋارىيىسىدىمۇ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرگەن ئىشچىلار سىنىپى ئەركىن، ئاشكارە ھالدا ئازاتلىق كۈنىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلىمەكتە" دەپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان پەيتتە)، "ئەركىن پولك" مىيونخېنىدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنىڭ ئۈۋىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ، قىزىللار رەھبەرلىرىنى قولغا ئالىدۇ. مىيونخېنىنىڭ چوڭ يول ۋە خالتا كوچىلىرى "ئەركىن پولك"نىڭ قولىغا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇلار لۇدۋىگ كوچىسىدا داغدام قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرلەپ فېردىخورىن (弗尔德赫仑) كوچىسىدىن پارات قەدەملىرى بىلەن ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. ئېخرىخارت (Ehrhardt 埃尔哈特) باتالىيونىنىڭ ئەسكەرلىرى باشلىرىغا كىرىس بەلگىلىك مىس قالپاقلارنى

www.pidaly.biz

كىيىشىپ، "بىشىمىزدا كىرىست بەلگىلىك مىس قالپاق، كۆكرىكىمىزدە قارا-ئاق-قىزىل ئىزنەكلەر ..." دەپ جاراڭلىق ناخشا ئېيتىپ مېڭىشىدۇ.

3-ماي (ئارسلان) كۈنى، مىيونخېن پۈتۈنلەي قولغا چۈشىدۇ. "ئەركىن پولك" نىڭ بەرگەن بەدىلى 68 نەپەر ئەسكەر چىقىمى بولىدۇ. مەسىھ ئەيسا جەمئىيىتىنىڭ كاتولىك مورتى بولغان 30 نەپەر ئىشچى بىر قاۋاقخانىدا تىياتىر ئوينىماش ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقىنىدا قولغا ئېلىنىدۇ.

بۇ ئىشچىلار ۋىتتېلسباخ ئوردىسىنىڭ گەمىسىگە يالاپ كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلاردىن 21 نەپىرى خەتەرلىك قىزىل ئۇنسۇرلار دېيىلىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ ياكى شىتىك بىلەن سانچىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. يۈزلىگەن ئادەم شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىدۇ، مىڭلىغان ئادەم "ئەركىن پولك" قا مەنسۇپ ھەرقايسى قىسىملارغا يالاپ ئاپىرىلىپ خەلقە كۆرسىتىلىپ كۈرەشكە تارتىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇنچە دەھشەتلىك ئېلانلارنى چىقىرىپ باستۇرۇش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بەزى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش پەقەتلا مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. مەسىلەن بىر بۇيرۇقتا قوراللار دەرھال تاپشۇرۇلىشى شەرت، بوي سۇنمىغانلار دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ دېيىلگەن. قانۇن-ئىنتىزام نامى ئاستىدا شەھەر خەلقى ئۆيلىرىدىن تالاغا ھايداپ چىقىرىلاتتى ياكى نومۇسىغا تېگىشەتتى ياكى ئۇرۇپ دەسسىلەتتى. ھەتتا ئۆلتۈرۈلەتتى. "ئەركىن پولك" مىيونخېننى سوۋېت رېسپوپلىكىسىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

گەرچە رېسپوپلىكا ھۆكۈمىتى ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق ئازات قىلىنىشقا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قىلغىنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەي قالغان ئىدى.

“ئاقلار ئەسكەرلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن قىلىن بىر كىتاب يېزىپ چىقسىمۇ يەتمەيتتى. — دەيدۇ فرانسىيىنىڭ مىيونخېن كونسۇلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي مەسلىھەتچىسى دوكلاتىدا، — ... خالىغانچە زومىلىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن يەنە تەشكىللىك زومىلىقلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ... ۋەھشىلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىشلار، تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر جىدەل تېرىشلار ھەممە يەرنى قاپلىدى. ...” ئەمما ئەنگلىيىلىك ئەلچىخانا ئەمەلدارلىرى بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى زوراۋانلىقلارغا سۈكۈت قىلىپ ماقۇللاپ بەرمەكتە ئىدى. “بۈگۈنگىچە ئىگەللىگەن ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، مىيونخېن سوۋېتى دېگەن بۇ قىسقا مۇددەتلىك تىياتىر، — دەيدۇ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سىياسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىدا، — پۈتكۈل گېرمانىيىدە قانۇن-ئىنتىزامنىڭ كۈچەيتىلىشىگىلا باھانە بولۇپ بېرىپ، ئىسپارتاكچىلىق بىلەن بولشېۋىكچىلىكنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلىدى.” جەمئىي مىڭدىن ئارتۇق “ئاتالمىش قىزىل ئۇنسۇرلار” “ئەركىن پولك” تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. مىيونخېندا بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچە كۆپ جەسەتنىڭ يىغىلىپ قېلىشى خەلق

www.pdaily.biz

سالامەتلىكىگىمۇ ئېغىر تەھدىت ئىدى. شۇڭا، تونۇلمىغىدەك بولۇپ كەتكەن، ئىگە-چاقىسىز جەسەتلەر بىراقلا خەندەكلەرگە كۆمۈۋېتىلىدۇ.

## (9)

ئۆز غايىسىنى نىشان قىلغان ۋاندىخوگېر (万德沃格尔) ياشلىرى، بىر زامانلاردا بۇ ئالى غايىلىرىنى ئاكوپلارغا ئېلىپ بېرىشقان ئىدى. مانا ئەندى، "ئەركىن پولك" نىڭ جەڭچىسى بولغان بۇ ياشلار، بۇ غايىلىرىغا گېرمانىيە ئۈچۈن دېگەن مەزمۇننى قوشۇۋالىدۇ. "بۇلار يېڭى دەۋر كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇجۇمچىلار، ئورتا ياۋروپانىڭ جەۋھىرىگە ئايلاندى، — دەيدۇ ئۇلار باش تاجى قىلىشقان شائىر ئېرنىست جيۇڭگېر (恩斯特•容格 Ernest Junger)، — بۇلار يەپ-يېڭى بىر ئىرق، كۈچلۈك، ئەقىللىق، شۇنىڭدەك غايىلىك جەڭچىلەر. ... ئۇلار گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان جەڭگىۋار ئەسكەرلەر. ... ئۇلار چوقۇم ئىسسىق قېنى بىلەن يېڭى تۈزۈمنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ، پولاتتەك مۇشتۇمى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالايدۇ."

جيۇڭگېرنىڭ بۇ سۆزلىرى، ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئىدى. مىيونخېندىكى قىزىللار ھاكىمىيىتى ھىتلېرنىڭ قەلبىدە يىغىلغان نەپرىتىنى ئويغۇتىۋەتكەن ئىدى. مىيونخېن ئازات قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھىتلېرنىڭ ھاياتىنى

www.pidaw.biz

ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، دۇنيا تارىخىنىڭ ئېقىمىنى بۇرىۋېتىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. 1919 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى گېرمانىيە غالىپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ۋېرسال شەرتنامىسىغا ئىمزا قويۇپ بۇ شەرتنامىنى پۈتۈن ماددىلىرىنى بەك تالاش ـ تارتىش قىلماستىنلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ شەرتنامە ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان بىر شەرتنامە ئىدى. بۇ شەرتنامە بويىچە گېرمانىيە ئۇرۇشنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان، بارلىق ئۇرۇش چىقىملىرىنىمۇ ئۆزى يالغۇز تۆلەيدىغان بولىدۇ. بىپايان كەتكەن ئىمپېرىيە تۇپراقلىرىنىڭ بىر قىسمى كېسىپ بۆلىۋېلىنىدۇ: ئالساس ـ لوررائىن (阿尔萨斯—洛林 Alsace ـ Lorraine) رايونى فرانسىيىگە، مارمىد (马尔梅蒂) رايونى بېلگىيىگە، بوسىن (波森) نىڭ كۆپ قىسمى ۋە شۇنىڭدەك غەربىي پروسسىيە پولشاغا كېسىپ بېرىلگەن ئىدى. گېرمانىيىنىڭ قولىدىكى مۇستەملىكىلەرمۇ چىقىپ كەتكەن ئىدى. دانزىك (丹吉克) ئۆز ئالدىغا ئەركىن بىر شتات ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. سار (萨尔)، سىلىۋېش (施莱维希) بىلەن شەرقىي پروسسىيە خەلقىگە ئومۇمخەلق ئاۋاز بىلەن ئۆز تەغدىرىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىدى. ئەڭ يامىنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر رېيىن دەرياسىنى كامىدا 15 يىل ئىشغال قىلىپ تۇرىدىغان، بۇ دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى 30 چاقىرىم كەڭلىكتىكى يەرلەر ئەسكەرسىز بىتەرەپ يەر قىلىپ ئايرىلغان ئىدى. بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن گېرمانىيە سۇئاستى پاراخوتى بىلەن ھەربىي ئايروپلان ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇش

بىلەن بىر قاتاردا، يۈز مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئەسكەر تۇتالمايدىغان قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ نۇمۇسلار ئەڭ يوقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى.

ئاندىن يەنە، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ يۈز مىڭ كىشىلىك قۇراللىق تەشكىلات ئۆز كۈچىدىن نۇرغۇن ھەسسە ئارتۇق ھوقۇقلارغا ئىگە قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىنى بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئايرىم بىر ئورگان تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەربىي قىسىملاردا ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان سىياسىي پائالىيەتلەرنى تەكشۈرەش، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا جاسۇس قويۇپ سىڭىپ كىرىش ۋەزىپىلىرىمۇ بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئورگاننىڭ مەسئۇلى بولغان كاپىتان (يۈزبېشى) كارل ماير (Karl Mayr 卡尔•梅耳) تاللاپ چىققان ئادەملىرى ئارىسىدا ئادولف ھىتلېر ئىسىملىك بىرسىمۇ بار ئىدى. ئەسلىدە، ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئىشلارغا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ھېسابلىناتتى. ئەمما مايىرنىڭ ئۇنى بۇ ئىشقا تاللىشى ھىتلېرنىڭ ئالدىنقى سەپتە كۆرسەتكەن "ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلىرى" سەۋەپ بولغان دېيىش مۇمكىن. ياكى بولمىسا ئۇنىڭ سوغۇققان بولۇشى سەۋەپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. "مەن ھىتلېرنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە، ئۇ گويا ئىگىسىنى ئىستەپ ھالىدىن كەتكەن بىر كۈچۈككىلا ئوخشايتتى. — دەيدۇ ماير. ئۇ يەنە ھىتلېر ھەققىدىكى تەسراتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— ھىتلېر ئەگەر دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلا بىرسىگە دۇچ

www.pdaily.biz

كەلگــەدەك بولسـا، قەتئىــي ئىككىلەنمەيـلا ئـۆز تەغـدىرىنى بـۇ ئادەمگە تاپشۇرۇشقا ھەر دائىم تەييار بىرسـىگىلا ئوخشـايتتى. ... ھىتلېر، نېمىس خەلقى بىلەن گېرمانىيىنىـڭ تەغـدىرىگە پەقەتـلا قىزىقمايتتى."

ئەمەلىيەتــتە بولسـا، ئىــنقىلاب دەپ ئاتالغــان بــۇ يۇقۇملــۇق كېسەل سەۋەبىدىن، ھىتلېر ئۇرۇش-جىدەللەر بىـلەن قاپلانغـان بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە تەلپۈنىۋاتقان بۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ھېچ قاچان ھازىرقىدەك ئەھمىيەت بېرىپ باققان ئەمەس ئىـدى. بۇنىڭدىن سەل ئاۋال، ھىتلېر ئىرقچىلىق تەشۋىق قىلىنغـان بىـر بىروشۇر ئۇچراتقان ئىدى. بۇ كىتـابچىنى بەلكىـم ئېكـارت يېزىـپ چىققان بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇ كىتاب ئۇنىڭ خىيالىنى ۋەيىنىـادىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىتابنى كۆرگەن ۋاقتىغا ئېلىپ كېتىــدۇ. "شــۇنداق قىلىــپ، مەن ئىختىيارسـىز ھالـدا تەرەققـى قىلىـش جەريـانىمنى قايتىــدىن كـۆز ئالـدىمغا كەلتـۈردۇم." ئـۇ، مىيونخېن كوچىلىرىدا كـۆرگەن-ئاڭلىغـانلىرى ئاساسـىدا ئۇنـىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىـرىگە باسـتۇرۇلۇپ يەتىلگەن يەھۇدىيلارغـا بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى قايتىـدىن جانلىنىشقا باشلايدۇ. يەھۇدىيلار ھەممىلا يەردە ھـاكىمىيەتنى قولغـا كىرگۈزىۋېلىشقان ئىــدى. بۇلارنىــڭ بېشــىدا ئېيسـنېر تـۇراتتى، ئۇنىــڭ كەينىــدىن توللېرغا ئوخشـاش ئانارخىسـتلار، ئاخىرىـدا لىۋىنـا (莱维纳) غـا ئوخشاش روسىيە قىزىل پاچاقلىرى ئۇنىڭ كۆزئالدىدىن تىزىلىـپ ئۆتىدۇ. بېرلىندا بولسا روزا لۇكسېمبۇرگ؛ بۇداپېشتتە بېلا كـۇن؛ موسكۋادا بولسا تروتسكى، زىنوۋيېۋ ۋە كامىنىيېۋ قاتارلىقلارنىـڭ

ھەممىسى يەھۇدىي ئىدى. ھىتلېر بۇنداق گەپ-سۆزلەرگە قارىتا بۇرۇنلاردا سۈيىقەستلىك ئۇيدۇرمىلار دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەندى، بۇ ئىشلارنى راست ئىكەن دەپ قاراشقا باشلايدۇ.

ۋەزىيەت تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىش ئۈچۈن تاللانغان ھىتلېر ۋە باشقا سىياسى ئىشپىيونلار ميونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەرتىلىپ ئۇ يەردە مەخسۇس تەربىيىلىنىدۇ. سىياسى يېتەكچىلەر ئارىسىدا كارل ئالىكساندىر (卡尔•亚历山大)، ۋون مۈللېر قاتارلىق پروفېسسورلار بىلەن مىڭسىنى رادىكال ئوڭچىللىق تەلىماتلىرى بىلەن توشقۇزىۋالغان كونسېرۋاتىپلارمۇ بار ئىدى. ھىتلېر بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تاللىنىشىمنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، مەن بۇ كۆرۈستا كۆزقارىشى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان يولداشلار بىلەن تونۇشۇشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىشىم ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن بۇگۈنكى ۋەزىيەت ھەققىدە تەپسىلى پاراڭلىشىپ ماھاكىمە قىلىشقان ئىدىم. بىز ھەممىمىز نويابىر (ئوغلاق) جىنايىتىنى سادىر قىلغان ھەر قايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ياكى مەركەز پارتىيىسى ۋە ياكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىنى يۈز بېرىدىغان يىمىرىلىشتىن قۇتقۇزۇپ چىقالمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتۇق. ئۆزلىرىنى بۇرجۇئازىيە مىللەتچى تەشكىلاتى دېيىشىۋالغان تەشكىلاتمۇ ھەر قانچە ياخشى نىيەتلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، يۈز بەرگەن بۇ پالاكەتتىن گېرمانىيىنى تارتىپ چىقىرالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتۇق."

www.pidaw.biz

ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، ھىتلېر، ۋېستىنچېرشىنا (维斯登基尔希纳) غا: تېنچلىق دەۋرى كەلگىنىدە يا رەسسام بولىمەن، يا بولمىسا سىياسى ھەرىكەتكە قاتنىشىمەن دېگەن ئىدىم، دەيدۇ. ئۇ يەنە يولداشلىرىنىڭ قايسى سىياسى پارتىيىگە قاتنىشىشنى خالايسەن دەپ سورىغان سوئالىغا: "ھېچ بىر پارتىيىگە قاتناشمايمەن" دەپ جاۋاپ بېرەتتى. كۆرۈستىكى ھىتلېرغا ئوخشاش قاراشتىكى يولداشلىرى يەپ-يېگى بىر ھەركەتلا ھىتلېرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالىشى مۇمكىن دەپ باھا بېرىشكەن ئىدى. ئۇلار بۇنداق بىر تەشكىلاتنى "سوتسىيال ئىنقىلابى پارتىيە" دەپ ئاتاشقان بولۇپ، "بۇنداق يېڭىچە بىر تەشكىلاتنىڭ ئىجتىمائىي قارىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىنقىلابقا مۇھتاج" دەپ قارىشاتتى.

پروفېسسور ۋون مۇللېرنىڭ قېينى ئىنىسى بولغان لېكتور گوتفرىيېد فېدېر بۇنداق بىر ھەرىكەت باشلاشنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. لېكتور فېدېر، "ئۆسۈم قۇلچىلىقىنى يىمىرىپ تاشلاش" نى مەقسەت قىلىپ تەشكىللىگەن "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئىنجىنېرلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرسى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئىقتىسادشۇناس ھېسابلىناتتى. لېكتور فېدېر، بۇ كۆرۈستىكى كۆرسانتلارغا ئاكتىسىيە بازىرى بىلەن قەرزپۇل كاپىتالىنىڭ پۇرسەتچىلىكى بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادى خاراكتېرى ھەققىدە لېكسىيە بېرىدۇ. ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگە

جەلىپ قىلىنىۋالغان بىر تىما ئىدى. "مەن فىدېرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق لىكسىيىسىنى ئاڭلاپلا ئەندى مەن يېڭى بىر پارتىيە قۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان يەپ-يېڭى بىر ئۇسۇلنى قولغا كەلتۈردۈم دەپ ئېيتالايمەن. مەن فىدېرىنىڭ ئۇسۇلۇم قۇلچىلىقىغا خاتىمە بېرىش قارىشىدىن ئىلھاملىنىپ ماركسىزمنى قايتىدىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، كارل ماركس دېگەن بۇ يەھۇدىينىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ يازغان ئەسىرىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقى تۈردە يېڭىدىن چۈشىنىشكە باشلىدىم" دەيدۇ. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنى شۇندىن كېيىنلا ئوقۇپ چۈشىنەلىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بىرىنچى قېتىملىق دەرستىن كېيىن، پروفېسسور ۋون مىللېر بىر توپ كۇرسانتلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ بەكلا ھاياجان ئىچىدە مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ. "ئۇلار بۇ ئىشقا بەكلا كىرىشىپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە، بۇ يىغىلغانلار ئارىسىدا بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ ئىنتايىن تەسىرلىك ئاۋازدا ھاياجانلىنىپ سۆزگە كىرىشىپ كەتكەن ئىكەن. مەن شۇ چاغدا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاجايىپ بىر تۇيغۇغا كەلگەن ئىدىم. بۇ بىر توپ كۇرسانتلارنى ئەنە شۇ ئادەم بۇنچە ھاياجانغا سېلىۋەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرىدا سۆلەۋاتقان بۇ كىشى سۇلغۇن چىراي بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىرەر ئەسكەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئەمما ساقلىنى پاكىز قىرىپ

چۈشەرگەن بولۇپ، كۆك كۆزلىرىدىن يالقۇنلۇق ئوت چاقناپ تۇراتتى.” ــ دەيدۇ پروفېسسور كېينىكى ئەسلىملىرىدە.

“ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئارىسىدا تۇغما ناتىق بىرسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟” دەپ سورايدۇ بۇ پروفېسسور بايىقى سولغۇن يۈزلۈك ئەسكەرنى كاپىتان مايىرغا كۆرسىتىپ. بۇ گەپتىن كېيىن كاپىتان مايىر ھىتلېرنى يېنىغا چاقىرىدۇ: “ھاي ھىتلېر، بۇياققا كەل!” ھىتلېر كۆزىگە بىر نېمە كۆرۈنمىگەندەك قوپال قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتى بولغاچقا، ئۇنى ميونخېنىدا تۇرىۋاتقان بىر پولكتا سىياسى تەربىيەچىلىككە تەيىنلەشكەن ئىدى. “مەن بۇ ئىشقا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. مەن تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالغان ئىدىم. شۇ چاقىچە خىيال قىلىپ زادىلا ئىشقا ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان ئىشنى ئەنە شۇنداق باشلىۋالغان ئىدىم. يەنى مەن ھەقىقەتەنمۇ سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بىرسى ئىكەنلىكىمنى شۇ چاغدىلا بىلىپ قالغان ئىدىم.” شۇندىن كېينىكى ھەر قېتىملىق دەرس سۆزلەش جەريانىدا بۇ ئىشتا ھىتلېرنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچى كۈنسايىن كۈچلىنىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشىلىنىپ ئاخىرى بېرىپ زالدىكى بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە ئېنىق ئاڭلانغىدەك جاراڭلىق سۆزلىيەلەيدىغان ھالغا كېلىدۇ.

دەسلىۋىدە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر ھىتلېرنى بىزنىڭ ئارىمىزغا ئۇۋەرتىلگەن بىر جاسۇس دەپ

تونـۇپ كەلـگەن ئـىدى. شـۇڭا، ئۇنـىڭ دەسـلەپكى كـىشـىلـىك مۇناسىۋەتلىرى ئۇنچە بەك ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. مەسـىلەن دېيىـر (荻埃尔) دېــگەن بـىـر پـاكىنەك ئەسـكەر داڭلـىـق كـىشـىلەرنى كەمسىتىدىغان سۆلەرنى قىلىپ كېتىـدۇ. بـۇنى ئاڭلىغـان ھىتلېـر ئـۇ ئەسـكەرنىڭ كەيـنىگە كىرىۋېلـىـپ ئـۇنى قايـىل قىلىشـقا ئۇرۇنىدۇ. ھەتتـا ئۇنـىڭ كەيـنـىدىن كـوچىغىچە قـوغلاپ چىقـىـپ گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ كېتـىدۇ. ھېلىقـى ئەسـكەر ئۇنـىڭ گېپىنـى بىلـىدىن تېپىۋېتـىپ دەيـدۇ: "ئېيتقىنا، ئۇلار سېنىڭ كاللاڭغا تـۆككەن ئەۋرىتىنـى يۇيـىۋېتىش ئۈچـۈن سـۇ چۈشـۈرۈش يىپىنــى تارتىشــنى ئۇنتــۇپ قالغــان ئوخشىمامدۇ؟" نەق مەيداندا بولغان بىرسـىنىڭ دېيىشـىچە، "بـۇ گەپنى ئاڭلىغان گېپى تـۇلا بـۇ نـاتىق ھـاڭ-تـاڭ بولـۇپ ئۇنـىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئۇنىڭغا بىـر ھـازا تىكىلـىـپ قـاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىـر ئېغىزمـۇ گەپ قىلمـاي كەيـنىگە بۇرۇلـۇپلا كېتىپ قالدۇ."

ھىتلېــر بىــلەن بىــرگە تۇرىۋاتقــان قالغــان ئىككــى نەپەر جاسۇسـمۇ ئۇنـىڭ بىـلەن چىقىشـالمايدۇ. ياتاقداشـلىرى ھىتلېـر دېـگەن بـۇ ئـادەم بەكـلا غەلـىتە مىجەزلـىك بىرسـى ئـىكەن دەپ بىرىـپ كاپىتـان مايرغـا ئەرز قىلـىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: "بـۇ ئـادەم كېچىدە بەكـلا كـۆپ جۆيلـۈپ چىقىـدۇ، ھەتتـا جۆيلـىـپ تالاغـا چىقىپمـۇ كېتىـدۇ. بـىز ئۇنىڭـدىن بەكـلا زېرىكتـۇق." كاپىتـان ئۇنىڭغا ئايرىم بىر ياتاق تېپىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلـىـپ ھىتلېـر ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىچىك بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالـىدۇ. بـۇ

www.pidaily.biz

ئۆي ئەسلىدە بىر ئىسكىلات بولۇپ، پەنجىرىلىرىمۇ تاختاي بىلەن مىخلىنىپ ئېتىۋېتىلگەن قاراڭغۇ بىر يەر ئىدى. ئەمما ھىتلېر “ئايرىم بىر ئۆيگە ئېرىشكىنىگە بەكلا خوشال ئىدى.”

گەرچە ھىتلېر كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئەيىپلىرى بار بىرسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتىدىن كاپىتان ماير يەنىلا قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا مىيونخېن سىرتىدا ئالاھىدە بىر ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. يەنى، لىسفېرد (勒茨弗尔德) ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگېرىدا تۇرىۋاتقان، مەجبۇرى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئەسىرلەر “ئىسپارتاكچىلار” غا ئوخشاش قاراشقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يىغىپ “تەربىيىلەپ ھەقىقەتكە قايتۇرۇش” ئارقىلىق ئۇلارنى سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن سۆيەر قاراشقا كەلتۈرۈش لازىم بولماقتا ئىدى. بۇ ئىشقا ھىتلېر ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ھېسابلىناتتى.

12-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى مىيونخېندىن يولغا چىقىدۇ. ئارىدىن 5 كۈن ئۆتكەندە ھىتلېر ئۇ يەردە بىر قېتىملىق ئەمەلى سىياسى بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. يەنى قايتۇرۇلغان بۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرى غەزەپ-نەپرەتكە تولغان كىشىلەر بولۇپ، گەپلىرىمۇ ئۆتكۈر ۋە زەھەرلىك ئىدى. ئۇلار ياشلىق باھىرىمىز، غايىلىرىمىز دەپسەندە قىلىنىپ ئالداندۇق، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ئاكوپلاردا ھايۋاننىڭ كۈنىنى كۆردۇق، يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگىنىمىزدە بۇ يەرنىڭمۇ قالايمىقانچىلىق، ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردۇق، دەپ زارلىنىدۇ.

www.pidaw.biz

ھىتلېر ئۇلارغا سەۋىرچانلىق بىلەن "ۋېرسال شەرتنامىسى" نىڭ نومۇسىنى، "نويابىر (ئوغلاق) جىنايەتچىلىرى" نى ھەمدە "يەھۇدىيچىلىق بىلەن ماركسىزم دۇنياۋى سۇيىقەستى" نى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى باشقا تەرەپكە بۇراشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىر قېتىملىق مۇكاپاتلاش دوكلاتىدا ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى خىزمەتلىرىگە بولغان قىزغىنلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تەغدىرلىنىدۇ. "ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا، ھىتلېر ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ تۇغما خەلق ناتىقى ھېساپلىنىشى كېرەك. — دەيدۇ كۆزەتكۈچىلەردىن بىرسى، — ھىتلېر ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارغا كۆرسەتكەن جەلىپ قىلىش كۈچى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندۈرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بىرسى دېيىش مۇمكىن."

مىيونخېنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادولف باتالىيوندىكى ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان لىكسىيىلەرگە ماسلاشتۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە، يېقىندا مىيونخېندا شەكىللەنگەن 50 ئەتراپىدا ئاكتىپ قاراشتىكى تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسمۇ يۈكلەنگەن ئىدى. بۇ تۈر تەشكىلاتلار ئىرقچى ئۇنسۇرلاردىن، كوممۇنىزمچى ئۇنسۇرلاردىن، رادىكال مىللەتچىلەردىن، ئانارخىستلاردىن ۋە چېكىدىن ئاشقان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار يەنە "ئىنقىلابى ئوقۇغۇچىلار گۇرۇھى"، "كوممۇنىزمچىلار جەمئىيىتى"، ئوسترا (奥斯塔拉) ئىتتىپاقى" ۋە "يېڭى ۋەتەن"

دېگەنىدەك بىر مۇنچە سىياسى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

شۇ يىلى كۈز ئايلىرىدا، ھىتلېرغا ئۆزلىرىنى "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ ئاتىۋالغان كىچىك بىر سىياسى تەشكىلاتنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ. يىغىن مۇزاكىرىسىدە شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، ھىتلېرمۇ مۇنازىرىدە سۆز ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇتقى بەكلا راۋان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ كۆنكى يىغىندىن بەك تەسىرلەنمىگەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما ھىتلېر بۇ ھەقتە «كۆرەش يولۇم» دا پەقەتلا توختالمايدۇ. بۇ پارتىيىنى نەچچە ئاي بۇرۇن مىيونخېن تۆمۈريول زاۋۇدىنىڭ بىر ئۇستىسى بولغان ئانتون درېكسلېر (Anton Drexler) دېگەن بىرسى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ ئىشتىن ھىتلېرنىڭ خەۋىرى بار-يوقلىقىغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. ئەمما بۇ پارتىيىنىڭ پروگراممىسى سوتسىيالىزم، مىللەتچىلىك ۋە يەھۇدىي دۈشمەنلىكى قاتارلىق كۆزقاراشلارنىڭ غەلىتە ئارىلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، پارتىيە سىھىرلىك بىر نىقاپ ئىچىگە يۆركىنىۋالغان، يەنى بىر ئۇچۇم تاتلىق خىياللار ئىچىگە يېتىپ قالغان "ئىشچىلار سىياسى كۇرژۇكى" دىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تىلغا ئېلىشقان. بۇ سۆزلەرنى پروگراممىسىغا قوشۇپ قويۇش رۇدولف فرىخېر ۋون سېبودىندورف (鲁道夫•弗莱赫尔•冯•塞波登道夫) نىڭ تەكلىۋى ئىدى. سېبودىندورف (塞波登道夫) نىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ غەلىتە بىر

ئادەم بولۇپ، پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن سېمىز بىرسى ئىدى. ئىككى كۆزى تومپۇيۇپلا چىقىپ قالغان ئىدى. "ئۇ بىر رەسسام بولۇپ، قۇرۇق گەپ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئەپلاتونچە كلاسسىك نەرسىلەر ئورنىغا يېڭىچە ناخشا مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىرسى ئىدى. ... قۇرال تۇتۇشنى ياخشى كۆرسىمۇ بۇ قىزىقىشىنى باشقىلاردىن يوشۇراتتى." ئۇمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش كەلگۈسىدە چوقۇم نېمىس دولقۇنى پەيدا بولىدۇ دەيدىغان گەپكە ئىشىنىدىغان بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ، پارتىيىنىڭ باۋارىيە شۆبىسىنى قۇرۇشتا "نېمىس ئادەتلىرى" بويىچە قۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئىدى. يەنى، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولىدىغانلار قەتئىي تۆردە گېرمان بولىشى، شۇنىڭدەك چوقۇم ئۈچ ئەۋلادىغىچە قېنى ساپ بولىشى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى "ئىنتېرناتسىيونالىزمغا ۋە يەھۇدىي مىللىتىگە قارشى كۆرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن بولىشى" شەرت ئىدى. سېبىدىندورف (塞波登道夫)، مەملىكەت بويىچە يېيىلغان ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبىدىن، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە تەشكىلاتىغا ھېچ بىر مەنا ئىپادىلىمەيدىغان "تورى جەمئىيىتى" (图里会) دەيدىغان بىر ئىسىم قويۇپ نىقاپلىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن: ئىشچىلارنى ئۇنىڭ تەرغىپ قىلغان "خەلقچىلىق" (يەنى 'ۋولكىش' دېگەن بۇ سۆز بىر قارىماققا خەلقچىلىق دېگەن مەنىنى بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئاساسلىقى ئىرقچىلىق

مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.) ئىشلىرىغا جەلىپ قىلىشنى ئويلىغان.
بۇ مەقسەتتە، نۇقۇل تەنتەربىيە خەۋەرلىرى يېزىقچىلىقى بىلانلا
شۇغۇللىنىدىغان بىر ئەزاسىغا "ئىشچىلار سىياسىي كۇرژۇكى"
قۇرۇپ چىقىش يولىيورۇقىنى بېرىدۇ.

بۇ كىشى (ئانتون درېكسلېر، "مۇكەممەل تېنچلىق" ئۈچۈن
ئىسمى بار جىسمى يوق "ئەركىن ئەمگەكچىلەر كومىتېتى" دېگەن
ئىشچىلار كۇرژۇكىدىن بىرنى قۇرۇپ چىققان ئىدى) بىلەن
كۆرۈشۈپ، ئىككىسى بىرلىكتە "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى"
دېگەن يېڭى بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ
پارتىيىنىڭ تەييارلىق يىغىنى شۇ يىلىنىڭ يانۋار (ئوچاق)
باشلىرىدا كىچىك بىر رېستوران — فورستېپېنفورد خوف
(福尔斯坦弗尔德•霍夫) دا ئېچىلىدۇ. يىغىنغا 24~25 نەپەر
كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى درېكسلېر بىلەن
بىرگە ئىشلەيدىغان تۆمۈريول زاۋۇتىدىن كەلگەن ئىشچىلار
ئىدى. درېكسلېر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا پارتىيىنىڭ ئىككى
تۈرلۈك كۈرەش نىشانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. بۇ
نىشاندىن بىرسى سىنىپلار ئوتتۇرسىدىكى كۈرەشكە خاتىمە
بېرىپ، ئىشچىلارنى ماركسنىڭ ئىنتېرناتسيونالىزمىدىن
قۇتۇلدۇرۇش؛ يەنە بىرسى، يۇقىرى تەبىقە سىنىپتىكىلەرگە
ئىشچىلار ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى تونۇتۇش ئىدى.
درېكسلېر يەنە "بىزنىڭ بىردىن بىر ئارزۇيىمىز نېمىس
مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىش بولىشى كېرەك دەپ
تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە كۇرژۇكنىڭ ئىسمىنى "گېرمانىيە مىللىي

www.pidaw.biz

سوتسىيالىزم پارتىيىسى" (بىر يىل بۇرۇن بوسمىيىدە قۇرۇلغان، غايىلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوخشاش ئىسىملىك بىر پارتىيىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ پارتىيىنىڭ بەلگىسىمۇ كرېست ئىككەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر) دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپكە بەزى كىشىلەر قارشى چىقىپ، پارتىيە ئىسمىدىكى "سوتسىيالىزم" دېگەن قىسمىنى كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ تۇرىۋالىدۇ.

دېكسلېر، ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ تېخنىك ئۆزىنى پرولېتارىيات دەپلا قارىماي، يەنە ئۆزىنى ئوتتۇرا تەبىقە سىنىپىغا مەنسۇپ بىرسى دەپمۇ قارايتتى. ئۇنداقتا ئوتتۇرا تەبىقە سىنىپى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇلار "چوڭ كاپىتالىستلارنى قۇربان قىلىش هېسابىغا ئۆزلىرىنى كېڭەيتىپ كۈچلەندۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ نىزامنامىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يەھۇدىيلارغىمۇ قارشى چىقىشنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى. يەنى "دۆلەت گېرمانىيىنىڭ ئەخلاقى پىرىنسىپ ئۆلچىمىگە زىت كېلىدىغان دىنى ئېتىقات تەربىيىسىنى قوللىماسلىقى كېرەك." ئىدى. ئەملىيەتتە بۇنىڭغا زادىلا يول قويۇشقا بولمايدۇ دەپ قارايتتى. ئىككى هەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلۇش يىغىنى تورى جەمئىيىتى (图里会) نىڭ باش شتابىدا چاقىرىلىدۇ. بۇ تۈر ئىشلارغا قىلچە لاياقىتى بولمىغان تەنتەربىيە مۇتەخەسسىسى كارل خارس (卡尔•哈尔雪) پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە، دېكسلېر بولسا مۇئاۋىنلىققا سايلىنىدۇ.

بۇ تەشكىلاتنى بىر پارتىيە دەپ ئاتاشنىڭ زادىلا ئىمكانىيىتى يوق دېيىشكە بولاتتى. بۇ تەشكىلدە جەمئىي 6 كىشىلىك بىر كومىتېت بولغاندىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق ئىدى. "قىزىللارنىڭ تەھدىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقاچقا، يىغىنىمىز مەخپىي چاقىرىلغان ئىدى، ــ دەيدۇ دىرېكسلېر (ئۇ چاغدا دىرېكسلېر كەسكىن مىجەزلىك ئەمما ئابرويى يوق، ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئىچىگە پېتىپ قالغان بىرسى ئىدى) ئۇ كۆنىلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ــ مۇھاكىمە قىلىش، ھۆججەت ئۆتكۈزۈش قىلىشتىن باشقا قىلغىدەك ئىشىمىزمۇ يوق ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى «سىياسى ئۇيغۇنۇشۇم» ناملىق بىر كىتابچىغا كىرگۈزگەن ئىدىم. مەن بۇ كىتابچىنى قايسى بىر ئىشچىنىڭ كۆنىدىلىك خاتىرىسىدىن تاللاپ كۆچۈرىۋالغان ئىدىم." ئۇنىڭ ئارزۇلايدىغىنى، ئەقىللىق، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جاسارەتلىك بىرەرسى بۇ كىتابچىنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ بىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان يېتەكچى بىرسى بولۇپ بېرىشنى ئويلاپ بۇ كىتابچىنى تارقىتىپ يۈرگەن بولۇپ، "بىزگە قابىلىيەتلىك بىر ئادەم لازىم بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئادەم چوقۇم قاراقچى مىجەز، ھېچكىمگە بوي سۇنۇشنى خالىمايدىغان رەھىمسىز، ھەرىكەت باشلىتىش جاسارىتى بولغان بىرسى بولىشى كېرەك" دەيدۇ.

12 ـ سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى، مايور شىيېر (希埃尔)، ھىتلېرنى ئەنە شۇ تايىنى يوق "ئىشچىلار پارتىيىسى" نىڭ يەنە بىر قېتىملىق يىغىنىغا بېرىپ قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر



www.pdaiy.biz

تەۋەككۇلچى بىرسىنىڭ بار يوقلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەسلىدە، ئۇ يىغىندىكىلەر ئارىسىدا ئۇنداق بىرسىنى ئاختۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنداق قاراقچى چىراي ئادەم دەل ئۆزى ئىۋەرتكەن ئادىمى ئادولفتىن باشقىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھىتلېر، ھېرون (赫仑) كوچىسىدىكى كىچىك بىر قەھۋەخانا بولغان ستىناكاپلوۋ (斯特纳卡布劳) قەھۋەخانىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالدۇ. قەھۋەخانىدا 40 قا يېقىن ئىشچى يىغىلغان ئىدى.

ئاساسلىق نۇتۇق ئۈچۈن شائىر ئېكارت بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، كېسەللىك سەۋەبىدىن يىغىنغا كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، ئاساسلىق دوكلاتچى قىلىپ ئىقتىسادشۇناس فېدېر بەلگىلەنگەن ئىدى. فېدېر "قانداق قىلىپ كاپىتالىزمنى يوقۇتالىشىمىز مۇمكىن" دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىدۇ.

ھىتلېر، كۇرۇستا تەربىيىلىنىش جەريانىدا فېدېرنىڭ دەرسلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە دوكلاتقا ئەمەس بەلكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ روھى قىياپىتىگە بەكرەك دىققەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ. يىغىندىكىلەر قارىماققا ۋاي دېگۈچىلىكى يوق كىشىلەردەكلا كۆرۈنەتتى. يەنى، ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، بۇ تەشكىلاتمۇ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلاردەك كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغان تەشكىلات پۇرىقىنى بېرىپ تۇراتتى. روشەنكى، بۇ تەشكىلىنىڭ قۇرغۇچىسى ئادەتتىكى بىر ئاممۇۋى كىلوپنى قانداق قىلغاندا رەسمى بىر سىياسى پارتىيىگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقى

www.pidaly.biz

ھەققىدە ئادەتتىكىچە بولسىمۇ ئاددى ساۋادى يوق بىرسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلى يىغىندا ھىتلېر ئىچى پۇشۇپ ئارانلا ئولتۇراتتى. فېدېرنىڭ دوكلاتى تۈگىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېر ئۇۋ دەپ بىر تىنىۋالدى. ئارقىدىن يىغىن ئەركىن مۇنازىرىگە ئوچۇق دەپ ئېلان قىلىنغىنىدا ھىتلېر قوپۇپ يىغىندىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما قانداقتۇ بىر تۇيغۇلىرى ئۇنى يەنە بىر ئاز ئولتار دەپ تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قايتا ئولتۇردى. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە، ئوتتۇرلۇقتا بىر پروفېسسور باۋارىيىنى پرۇسسىيەدىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىۋېلىشىمىز كېرەك دەپ قايناشقا باشلايدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھىتلېر چىداپ ئولتۇرالماي ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر، جاراڭلىق ئاۋازدا ئىنتايىن كۈچلۈك جۈملىلەر بىلەن بۇ ھەقتە 15 مىنۇتتەك سۆزلەيدۇ. بايىقى پروفېسسور “... تېخى گېپىمنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا سۇغا چۈشكەن ئىتتەك قويرۇقنى قىسىپ يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى” دەيدۇ ھىتلېر ئەسلىمىسىدە.

ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى مەنتىقە، درېكسلېرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇ چاغدا ئۇ كاتىۋىغا پىچىرلاپ: “بۇ ئادەم بولىدىغان بىرسىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنايلى” دەيدۇ. كېيىن ئۇ بېرىپ ھىتلېرنى بىر چەتكە تارتىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئەمما كېيىن ھىتلېر بۇ كۆزئەينەكلىك، كۆرۈنۈشسىنىڭمۇ تايىنى يوق بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۇ كىشى ھىتلېرغا خۇددى

www.pdaily.biz

بىر مۇقەددەس كىتابنى تۇتقازغاندەك ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭ 40 بەتلىكلا كېلىدىغان شاپتول چېچىكى رەڭلىك بروشۇرىنى تۇتقۇزۇپ: "بۇ كىتابنى ئەستايىدىل بىر ئوقۇپ چىقىڭ، ئاندىن بىز يەنە كۆرۈشەيلى" دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاپ كېتىدۇ.

ھىتلېر گازارمىدىكى ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان كىچىك ھۇجرىسىغا كىرىپ خۇددى باشقا كۈنلەردىكىدەك كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، چاشقانلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن پولغا بولكا ۋە تاماق قالدۇقلىرىنى سېپىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئادولف بۇنى بىر ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە "بۇ ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ئاشقان-تاشقان تاماق قالدۇقلىرى ئەتراپىدا ئولىشىپ ئويناقشىپ كېتىشلىرىنى تاماشا قىلىپ بىر ھازا يېتىۋالاتتىم. ئاچچىق تۇرمۇش ئەمىلىيىتى ئارقىلىق ئاچلىقنىڭ تەمىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ چاشقانلارنىڭ يەيدىغان نەرسىنى كۆرگەندە خوشال بولۇپ ئويناقشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بەكلا ياخشى چۈشىنەتتىم." دەيدۇ ئەسلىمىسىدە.

شۇ كۈنى سەھەر سائەت بەشلەردە، كېچىچە ئۇخلىيالماي چىققان ئادولف، كارىۋىتىدا ياتقىنىچە يەردىكى چاشقانلارنىڭ يەيدىغاننى تالىشىپ بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىشلىرىنى بىر دەم تاماشا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ خىيالىغا ھېلىقى ئىشچىنىڭ بەرگەن بروشۇرى ئېسىگە كېلىدۇ. بۇ كىتابقا قىزىقىپ ۋاراغداشقا باشلايدۇ. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئوقۇپلا

بۇ كىتابقا قىزىقىپ قالىدۇ. "مەن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ كىتابتا ئۆزەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم" دەيدۇ ھىتلېر ئەسلىمىسىدە. ئەتىسى، ئۇ بىروشۇردىكى كۆزقاراشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقماي ئۇنى ئويغا سېلىپ يۈرىدۇ. "مىللى سوتسىيالىزم" ئاتالغۇسى، "يېڭى دۇنيا تۈزۈمى" دېگەن سۆزلەر بىلەن كىتابتىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پەرەزلەر، يەنى بۇ يېڭى پارتىيە يوقۇتۇپ قويۇلغان غايە، ئىزىلىشكە ئۇچراۋاتقان ھوقۇقسىز ئىشچىلار، ھەتتا دۆلەت كادىرلىرى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپلاردىن تۈۋەن قاتلامدىكى كىشلەرنىلا ئۆزىگە جەلىپ قىلىشنى تەرغىپ قىلىشى ئۇنى ئۇزۇنغىچە ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ، بۇ كىتابنى ئۇنتۇپ بۇ تۈر خىياللاردىن پاتلا قۇتۇلىدۇ. كېيىن بىر كۈنى ئۇ بىر پارچە پوچتا ئاتكىرتكىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ھىتلېرنىڭ "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" گە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۇختۇرۇش قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر بەكلا ھەيران بولىدۇ. بۇ ئاتكىرتكىدا يەنە، ئۇنى چارشەنبە (سوك، قۇرت) كۈنى چاقىرىلىدىغان كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ھىتلېر ئۆز ئالدىغا بىر پارتىيە قۇرۇپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا ھەر قانداق بىر پارتىيىگە ئەزا بولۇش نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئاتكىرتكىدىكى تەكلىپنى كۆڭلىدە غەزەپ بىلەن رەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىگە بولغان

www.pidaiy.biz

قىزىقىشىنىمۇ بېسىۋالالماي، بېرىپ بۇ غەلىتە تەشكىلاتنىڭ يىغىنىنى كۆرۈپ باقمايمۇ دېگەن خىيالغا كېلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن يەنە شۇ ھورىن (赫仑) كوچىسىدىكى باشقا بىر تۆۋەن دەرىجىلىك قەھۋەخانا بولغان ئارتىس روزىبارد (阿尔特斯•罗森巴德) تا ئۆتكۈزۈلەتتى. ھىتلېر، غۇۋا يورۇپ تۇرغان تىپ-تىنچ رېستوران زالىدىن ئۆتكەندە، كىچىك بىر ھۇجرىدا تۆت كىشىنىڭ بىر ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا ھېلىقى بروشۇرنى تۇتقۇزۇپ قويغان كىشىمۇ بار ئىدى. درېكسلېر ئۇنى "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىگە شەرەپ بىلەن ئەزا بولغانلىقىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بىلەن كۈتىۋالىدۇ (مانا ئەندى بىزنىڭمۇ گەپكە ئۇستا ئاۋىستىرىيىلىك ئەزايىمىزدىن بىرسى بار بولدى دېگەن ئىدى كومىتېت ئەزالىرىدىن بىرسىگە). درېكسلېر ئۇنىڭغا، بىز مەملىكەتلىك تەشكىلى رەئىسىمىز ھارلەي (哈尔雷) ئەپەندىنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىز دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

تەنتەربىيە خەۋەرلەر يازغۇچىسى بولغان رەئىس ئاخىرى كەلدى. بۇ كىشى تۇغۇلىشىدىن تارتىپلا مايماق پۇت بىرسى بولۇپ، كۆرۈنۈشى بەكلا سەت، كىيىنىشىمۇ رەتسىز بىرسى ئىدى. يىغىندا، ئۇ ئاۋال ئالدىنقى يىغىنلارنىڭ يىغىن خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن كاسسىر دوكلات قىلىپ، ھازىرچە قولىدا بار پۇل ئارانلا 7 مارك 50 پېنىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن كەلگەن خەت-چەكلەر ئوقۇلۇپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلىندى. بۇ ئىشلار ھىتلېر پەرەز قىلغىنىدىنمۇ

بەكــرەك زىرىكىشــلىك ئىــدى. “قورقۇنۇچلــۇق، ھەقىقەتەنمــۇ قورقۇنۇچلۇق! بۇنداق ئەھۋاللار كلوپلاردىكى ئەڭ ناچار ئەھۋالغا قالغىنىدىنمۇ بەكرەك ناچار بىر ئەھۋال ئىدى! مەن مانــا شــۇنداق بىــر تەشــكىلاتقا ئەزا بولىمەنمــۇ؟” يېڭــى پــارتىيە ئەزاســى مەسىلىســىنى مــۇزاكىرە قىلىشــقىنىدا، ھىتلېــر ئــۇلاردىن پــارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بۇگۈنكى تۈزۈلىشى ھەققىدە بىرمۇنچە سۇئاللارنى سورىدى. ئاخىرى بۇ پارتىيىنىڭ تۈزۈك بىر نىزامنامىســىمۇ يــوق، تەشۋىقات ۋاراقمۇ تارقىتىپ باقمىغان، ھەتتــا بىــرەر رېزىنكىــدىن ئۇيۇلغــان تامغىســىنىڭمۇ يوقلىقىــدىن خەۋەر تاپــدۇ. ئەگەر بــار دېيىلسە، ئۇلاردا ساپ بىر ئارزۇنىلا بار دېيىشكە بولاتتى. ئــۇ بــۇ ھەيئەتلەرگە شۇنداقلا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىدۇ: ئۇلارنىــڭ ھــېچ قايســىدا كۆڭلىــدە بىــرەر ســان يــوقلىقىنى، پىكىرلىرىنىــڭ بەكلا تۇتۇق ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ.

ھىتلېــر بــۇ ھادىســىلارنىڭ ھــېچ بىرســىگە رازى بولمىســىمۇ، يەنىلا بۇ تەشكىلگە ئەزا بولايمۇ-بولماي دېگەن مەسىلىدە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ. بۇ ئىــش، ئۇنىــڭ ھاياتىــدىكى جاۋاپ بېــرىش ئەڭ قىــيىن مەســىلىلەردىن بىــرى ھېســابلىناتتى. شــۇنىڭدىن كېيىنكــى ئىككــى كــۈن جەريانىــدا ئۇنىــڭ قەلبىــدە ئىككى خىل قاراش تىنماي بىر-بىرسى بىــلەن مۇنــازىرە قىلىــپ چىقىدۇ. ئۇنىــڭ ئەقلــى ئــۇنى دەرھــال رەت قىلىشــقا ئۈندىســە، ھېس-تۇيغۇلىرى ماقۇل دە، دەپ تۇرىۋالماقتــا ئىــدى. ئــۇ خېلــى بۇرۇنلا چوقــۇم سىياســەت بىــلەن شــوغۇللىنىش يولىغــا كىــرىمەن دەپ قەســەم بەرگەن بولســىمۇ، ئالدىــدىكى بــۇ تەشــكىلات

ھەقىقەتەنمۇ تــايىنى يــوق بىــر تەشــكىلات ئىــدى. ئەممــا بــۇ تەشكىلاتنىڭ مۇنداقمۇ بىر ئەۋزەللىكى بار ئىـدى: بـۇ تەشـكىلات تېخى رەسمى بىر تەشكىلات ھالىغا كېلىـپ، ئەقىـدىلىرى قېتىـپ كەتكەن تەشكىلات ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇنـداق بىـر تەشـكىلاتقا قاتنىشىپ، ئۇنى خالىغان شەكىلدە يېتەكلەپ، ئۆزى ھەرىـكەت پىلانىـلاپ تەرەققـى قىلدۇرالىشـى مـۇمكىن ئىـدى. بـۇ تەشـكىلات بەكــلا كىچىــك بىــر تەشــكىلات بولغاچقــا، بــۇ تەشــكىلنى ئــۆز خاھىشى بويىچە يېتەكلىيەلىشىدە مەسىلە يوق ئىدى.

ھىتلېـر، بــۇ تەشــكىلاتنىڭ يىغىنلىرىغــا قاتنىشــىپ يــۈرۈپ سەزگەن ئەھۋاللىرىنى كاپىتان مايىرغا دوكلات قىلىـدۇ. كاپىتـانمۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىر قىسىم يوقىرى دەرىجىلىك ئوپىسسېرلار بىلەن بىر قىسىم كاپىتالىستلارغا مەلۇم قىلىـدۇ. كاپىتـان، ئـۇلار بىـلەن ھەر ھەپتىــدە بىــر قېــتىم "تــۆت پەســىل" رېســتۇرانتىدا بــاش قوشــۇپ، گېرمــانىيە ھەربــى كــۈچلىرىنى قايتىــدىن قــۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەر تۈرلۈك چارىلىرى ئۈستىدە مۇھـاكىمە قىلىشـاتتى. ئــۇلار بــۇ كىچىــك تەشــكىلات ھەققىــدە مۇھــاكىمە قىلىشــقاندىن كېــيىن، پەقەت گېرمــانىيە ئىشــچىلىرىغا تــايىنىش ئــارقىلىقلا مەقســەتكە يەتكىلــى بولىــدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرىشــدۇ. شــۇڭا ئــۇلار، بــۇ كىچىــك تەشــكىلاتنى، يەنــى "گېرمــانىيە ئىشــچىلار پارتىيىسى" نى باشلىنىش نوقتىسى قىلىپ تاللىۋېلىپ ھەرىـكەت باشلاش قارارىغـا كېلىشـىدۇ. كاپىتـان مايىرنىـڭ دېيىشـىچە، بىـر كۈنى گېنېرال لۇدېندورف مايىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىـپ كېلىـدۇ.

ئۇ، ھىتلېرنىڭ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ، بۇ پارتىيىنى قۇرۇپ چىقىش جەھەتتە ياردەمچى بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېڭى ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر قانداق بىر سىياسى تەشكىلاتقا ئەزا بولىشى ئەسلىدە قانۇنغا خىلاپ بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئەمما "لۇدېندورفنىڭ كۆڭلىنى دەپ (ئۇ ھەربىيلەر ئارىسىدا يەنىلا ھۆرمەت قىلىناتتى)، ھىتلېرگە بۇ ئىشچىلار پارتىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ پارتىيىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە ياردەمچى بول، دەپ بۇيرۇق قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادولف ھەپتىسىگە بۆگۈنكى پاخاللىشىپ كەتكەن پۇل ھېساۋىدا 20 مارك پۇل ئالىدىغان بولىدۇ" دەيدۇ كاپىتان ماير. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىتلېر ئەسلىدە ئۆزى قىلماقچى بولىۋاتقان بىر ئىشنى بۇيرۇق بىلەن ۋەزىپە ھالىغا كەلتۈرۈپ ئىجرا قىلىدىغان بولغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" نىڭ رەسمى ئەزاسى بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرۇپ پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

ھىتلېر سىياسىي پائالىيەتلەرگە قەدەم قويۇش بىلەن بىرگە، ئىدىيىۋى جەھەتتىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرلەيدۇ. بۇمۇ كاپىتان مايرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ بىر نەتىجىسى ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم مائارىپ ساھەسىدىن بىر ئوقۇغۇچى خەت يېزىپ، يەھۇدىي تەھدىتى مەسىلىسىگە ئائىت ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى سورايدۇ. بۇ ئىشقىمۇ كاپىتان ماير ھىتلېرنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ

www.pidaw.biz

تېپىشــنى بــۇيرۇق قىلــدۇ. ســتېناركابۇرگ (斯特纳卡布劳) يىغىنىدىن 4 كۈن  ئۆتكەن بىر كۈنى، ھىتلېر ئۇزۇن يېزىلغان بىر پارچە جاۋاپ خەت تەييارلايدۇ. بۇ جاۋاب خەتتە ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ھەيران قالارلىق ئىلگىرلىشى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇنىڭ يازغان بۇ خېتى پۈتۈنلەي يەھۇدىيلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىنغان سۆزلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇنى كېيىن ھەممە كىشى تولۇق بىلىپ كېتىدۇ: “يەھۇدىيلار دېموكراتىيىنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى ئالدامچىلىق يولى بىلەن قولغا كەلتۈرىۋالغان؛ ئۇ مەلئۇنلار خەلقنىڭ غۇرۇرى ئالدىدا ئۆمۈلەپ ماڭغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ تونۇيدىغىنى پەقەتلا پۇلدىن ئىبارەت بۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدىنلا ئىبارەتتۇر. ... بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەممە كىشىنى بۇ ئىرقنىڭ سىبلىس كېسىلى بىلەن يۇقۇملاندۇرۇش بىلەن نەتىجىلىنىپ كەلمەكتە.” ھىتلېر بۇ خېتىدە، يەھۇدىي دۆشمەنلىك نىزامنامىسىدا ئۇلارنى چەتئەللىك ئىرقىدىن كەلگەنلەر دەپ قاراپ، قانۇنى يول بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بەزى ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلىشتىن ئىش باشلاشقا توغرا كېلىدۇ دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى. “شۇنداقتىمۇ، شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدىكى، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىمىز يەھۇدىيلارنى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ سۈپۈرۈپ تازىلىۋېتىش (بۇ يەردە سۈپۈرۈپ تازىلىۋېتىش دېگەن مەنىسىدىن باشقا يەنە قۇمۇرۇپ تاشلاش، يەنى يەھۇدىيلارنى



www.pdaiy.biz

يوق قىلىۋېتىش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىشى مۇمكىن) بولىشى كېرەك” دەيدۇ.

بۇ جاۋاب خەت، ھىتلېرغا تەۋە تۇنجى ماتېرىيال ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ماقالىسى ئارقىلىق ھىتلېر يەھۇدىي ئۆچمەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھەقىقى سىياسى پروگرامما ھالىتىگە كەلتۈرگەن ھېسابلىناتتى.

ئىككىنچى بۆلۈم

# بىخلىنىش دەۋرى — شەكىللىنىشىمىز

تۆتىنچى باب

## بىر سىياسى پارتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

1919~1922

## (1)

ھىتلېر، “مەن بۇ كىچىككىنە بىر گۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، ئۆز ئالدىمغا بىرەر سىياسى تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش ياكى سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۇسالغۇلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق بىرەر تۇسالغۇ يوق ئىدى” دەيدۇ. ئەمما، شۇ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئىشچىلار پارتىيىسى ھىتلېر ئۈچۈن ئۆز ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان رەسمى تەشۋىقات سورۇنىغا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. خۇددى مانىيرھېيم كۇتۇپخانىسىدا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۈچمەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىپ غايە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغىنىدەك، ھەممىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەر ئۇنىڭغا لازىملىق تۈرتكە بولۇش رولىنى ئويناشقا باشلايدۇ.

ئۇنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك بىرىنچى ئىشى، ئاساسەن تالاش-تارتىش ھالىتىدە تۇرىۋاتقان بۇ كلوبنى بىر سىياسى تەشكىلات ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىشى ئىدى. “پۈتكۈل پارتىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەم پەقەتلا شۇ 7 نەپەرلا ئادەم ئىدى. شۇڭا بۇ تەشكىلنى بىرەر ئاممىۋى كلوبتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېيىشكىلا بولاتتى.” گېزىتلاردا شۇ كۈنلەر ھەققىدىكى چاتما ھېكايىلار ئېلان قىلىنغىنىدا، ھىتلېر ئەسلەپ كېلىپ ئۇ كۈنلەرنى قىزىقارلىق قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: “1919-يىلقى مىيونخېنىدىكى كۈنلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەر

www.pidaiy.biz

ئىدى. چىراقنىڭ يېغى تۈگەي دەپ پىلدىرلاپ تۇرغان، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، يىرتىق-ياماق كىيىنگەن كىشىلەر، نامرات ئەسكەرلەر، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ 4 يىللىق ئۇرۇش بىلەن ئىنقىلاب دېگەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن پاجىئەلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىدى."

روزىنبارد (罗森巴德) نىڭ كەينىي ھۇجرىسىدىكى يىغىنخانىدا، ھەر قېتىملىق يىغىندىكى چىرىقىمىز غۇۋا يورۇپ تۇرىدىغان بىر گازۋاي چىراق ئىدى. "بىز يىغىن ئاچقاندا ... قىياپەتلىرىمىز قانداق ئىدى دەيسىلەر؟ بەكلا ۋەيرانە ئىدۇق. ھەربىچە قىسقا ئىشتان، تولا بويىلىپ پىتى قالمىغان كونا چاپان، بېشىمىزغا كەيگىنىمىز بىر-بىرىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ياغلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قالپاق-كەپكىلەر، ئايىقىمىزغا كەيگىنىمىز تولا قونجىلاپ تىتىلىپ كەتكەن كونا ئۆتۈك، قولىمىزدا ئۆزىمىز ياسىۋالغان ياغاچ ھاسسا." ئۇ كۈنلەردىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

"يىغىنىمىز ھەر دائىم شۇ بىر قانچە كىشى بىلەنلا ئۆتكۈزىلەتتى. ... ئاۋال بىر-بىرىمىز بىلەن قېرىنداشلارچە سالام قىلىشاتتۇق. ئاندىن ھەممە بىر-بىرلەپ، "جايلارغا ئۇرۇق چېچىلدى، ھەتتا بۇ چېچىلغان ئۇرۇقلار يىلتىز تارتىپ بىخلىنىشقا باشلىدى"، دەپ مەلۇمات بېرىشەتتى؛ بۇ ئىشلارنى ئورتاق دوكلات قىلىشقا ئىمكان يوقمىدى؟ بىز ھەر دائىم ئايرىم

www.pidaily.biz

پائالىيەت قىلىشىنىلا تەكىتلەيتتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە 5 مارك پۇل سەرىپ قىلىشىمىزغا تورا كېلەتتى. شۇنداقتا ھەر قېتىملىق پائالىيىتىمىز ئۈچۈن جەمئى 17 مارك خەجلەشكە مەجبۇر ئىدۇق."

ھىتلېر ئاخىرى كومىتېت ئەزالىرىنى چوڭراق بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە ئەزا سانىنى كۆپەيتەلىشىمىز مۇمكىن دېگەنگە قايىل قىلىدۇ. ھەربىي لاگېردا ئادولف روتىسىنىڭ خەت ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلىنىدىغان كىشىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئاتكىرتكىلارنى يېزىپ چىقىدۇ. بەزىلىرىگە قولدا يېزىلغان ئاتكىرتكىلار تەييارلىنىدۇ. تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مىتىنگ ئاخشىمى، 7 نەپەر كومىتېت ئەزاسى "يىغىنغا قانچە ئادەم كېلەر" دەپ پەرەز قىلىشقا كىرىشتى. بىرەر سائەتتەك كۈتۈپ باققان بولسىمۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغانلاردىن بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. "بىز يەنىلا شۇ بۇرۇنقى 7 كىشى بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. يىغىن زالىدا يەنە شۇ 7 كىشى، ..." شۇندىن كېيىن، ھىتلېر تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. باغاقلارنى شىپىگرافتا بېسىپ تارقىتىدۇ. بۇ قېتىم يىغىنغا بىر قانچە كىشى كەلگەن بولدى. شۇنداق قىلىپ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 11 كىشىگە، ئۇنىڭدىن يەنە 13 كىشىگە كۆپەيدى. ئاخىرى بىر كۈنلىرى يىغىندا 34 كىشى بولغان ئىدى.

ئۇلار يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئىئانىلىرىنى ئېلان سەنئەت ئۈچۈن سەرىپ قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە يەھۇدىيلارغا قارشى

گېزىتقىمۇ ئېلان بېرىپ، 16 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنى خوفبۇراۋس (霍夫布劳斯) پىۋىخانىسىنىڭ گەمە قەۋىتىدە ئاممىۋى يىغىن چاقىرىدىغانلىقىنى ئۇختۇرۇش قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ قېتىمقى يىغىلىشقىمۇ يەنە شۇ بۇرۇنقىچىلىك ئادەم قاتنىشىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل سەۋەبىدىن ئىشچىلار پارتىيىسى ۋەيران بولۇپ تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭدىن خارلېي (哈尔雷) بەكلا ئۈمىتسىزلەنگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر: قورقما، چوقۇپ كېلىدۇ، پەرەز قىلغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق ئادەم كېلىدۇ، دەپ ئىشەنچ بىلەن تەسەللى بېرەتتى. ئاخشىمى سائەت 7 لەردە، ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتكەن پىۋىخانا زالىدا 77 نەپەر ئادەم يىغىلغان ئىدى. ئۇ ئاخشىمى كىشىلەر باش نۇتۇقچىغا قانداق باھا بەرگەنلىكى ھەققىدە بۈگۈن قولىمىزدا ھېچقانداق بىر دەلىل يوق. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەيدىغان سەھنىدىكى قوپال بىر ئۈستەل ئالدىغا كەلگەن ۋاقتىدا، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى گويا توك سوقۇۋەتكەندەك جىمىپ كېتىشىدۇ. پىلان بويىچە ھىتلېر 20 مىنۇت سۆزلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ سەھنىگە چىقىپ توختىماي يېرىم سائەت سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا قارىلاشلار، تەھدىت قىلىشلار ۋە ۋەدىلەر بىلەن سۇدەك سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قويغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ گۇلدىراس ئالقىشلار ئىچىدە جايىغا كېلىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا، چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ نۇتقىنى

پۈتۈن زېھنىنى سەرىپ قىلىپ سۆزلىگەن بولغاچقىمىكىن، سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ رازى ئىدى. "بۇ يەردە بۇرۇن مەن ئىچىمدە ھېس قىلىپ ئەمەلىيەتتە سىناق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بىر ئالاھىدىلىكىمنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن ئىدىم. يەنى، مەن ھەقىقەتەنمۇ بىر ناتىق ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويغان ئىدىم."

بۇ قېتىمقى يىغىن، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نوقتىسىلا بولۇپ قالماي، "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" نىڭمۇ بىر بۇرۇلۇش نوقتىسىغا ئايلانغان ئىدى. قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى شۇ يەردىلا 300 مارك ئىئانە قىلىشىدۇ. مانا ئەندى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئېلان بېرىپ تېخىمۇ كۆپ شۇئار چاپلاش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. 13- نويابىر (ئوغلاق) كۈنى، ئىككىنچى قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىننى ئەيپىربىراۋۇس (埃伯尔布劳) پىۋىخانا زالىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. يىغىنغا 130 دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ (يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ستۇدېنتلار، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئوفىتسېرلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى). يىغىندا جەمئىي 4 كىشى سۆزگە چىققان بولۇپ، يىغىنغا كىرىش بېلىتى 50 سىنىت قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئاممىۋى يىغىنلارغا بىلەت سېتىپ قاتناشتۇرۇش ئىشى سىياسى پائالىيەتلەردىكى تۇنجى قېتىملىق بىر ئىش ئىدى. شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ھەۋىسىنى ئاساسلىقى ھىتلېر پەيدا قىلغان ئىدى. نۇتۇق سۆزلىنىپ

www.pidaiy.biz

يېرىمىغا كەلگەندە بىر قىسىم خۇلىگەرلەر قالايمىقان ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ يىغىن تەرتىپىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ھىتلېر ئالدىن ئالدىمۇقاچان بۇنداق بىر ئېھتىماللىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغان بولۇپ، يىغىن تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن قىسىمدىكى سەپداشلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان ئىكەن. شۇڭا، جىدەل باشلىنىپ بىر قانچە مىنۇتقا قالماي جىدەل تېرىغۇچىلار يۈز-كۆزىگە مۇش يېيىشىپ بېشىنى قامالىلغىنىچە زالدىن قېچىپ چىقىدۇ. نۇتۇقنىڭ يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قېلىشى ھىتلېرنىڭ ھاياجىنىنى تېخىمۇ ئارتتۇرغان ئىدى. ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئاممىسىغا "گېرمانىيىنىڭ بۆگۈنكى پاجىئەلىك قىياپىتىنى قەتئىي تۈردە پولاتتەك مۇستەھكەم كۈچىگە تايىنىپلا تۈزەش مۇمكىن، شۇنداق كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ!" دەپ خەلقنى غەلىيانغا كۆشكۈرتىدۇ.

ھىتلېر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا تەبىئىي، ھېسسىياتىمۇ بەكلا ئەركىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىكى بۇ ئالاھىدىلىكى، مەخسۇس نەزەرىيەلەرگە تايىنىپ نۇتۇق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن زىيالىيلارنىڭ نۇتقىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. يىغىنغا قاتناشقان بىر ساقچى، ھىتلېرنى بىر ئېلىپ-ساتارغا ئوخشىتىپ: " بۇ ئادەم ھاياجىنىنى تېزگىنلەشنى بەكلا ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىكەن. بۇ ئادەم كەلگۈسىدە چوقۇم ئەڭ داڭلىق كەسىپى ناتىقلاردىن بىرسىگە ئايلانغىدەك" دەپ باھالاپ دوكلات تەييارلىغان. ئۇنىڭ چاقىرىقلىرى چىن

كۆڭلىدىن چىققان گەپلەر بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. ئۇ يىغىندا، 1918-يىلقى مەغلۇبىيەتنى يەھۇدىيلار پەيدا قىلغان، دەپ ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلەش ئۇسلۇبىغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نۇتۇقتا ئىشلەتكەن كوچا تىلى بىلەن ئاكوپ تىلىغا، كونا ئەسكەرلەر بەكلا قايىل بولغان ئىدى. ئۇلار، مانا بۇ ئادەم بىزگە ئوخشاش جەڭ مەيدانلىرىدا پىلىموت ئوقلىرىنى، چېگرا سىملىرىنى ۋە پاسكىنا دېموكراتىيىنى تەڭ كۆرگەن بىرسى ئىكەن، بۇ ئادەم ئالدىنقى سەپلەردىكى قەھرىمان شېھىتلىرىمىزنىڭ ئارزۇسىنى نامايەن قىلىپ بەرمەكتە، دەپ قارىشىدۇ.

ئىككى ھەپتىگە قالمايلا يەنە بىر قېتىملىق داغ-دۇغىلىق ئاممۋىي يىغىن چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى 170 كىشىگە يېتىدۇ. 10-دېكابىر (ئاراي) دا، ئۇلار تېخىمۇ چوڭ بىر پىۋىخانا زالىنى — “گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى” نامىدىكى پىۋىخانىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. گەرچە يىغىن زالىدا رادىياتور بىلەن ئىسسىتىش ئەسلەھەسى بارلىقى ئەسكەرتىلگىنىگە قارىماي، كىشىلەر يىغىن تۈگىمەيلا تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا، بىر قانچە پارتىيە كومۇتىت ئەزاسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، يىغىن ئېچىشىمىز بەكلا كۆپ بولۇپ كەتكەچكە بۇ ئەھۋال كۆرۈلدى دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ پارتىيە ئىچىدە جىددى تالاش-تارتىش پەيدا بولىدۇ. ھىتلېر ئۇلارنى تەنقىتلەپ كېلىپ، 700 مىڭ ئاھالىسى بولغان بىر شەھەردە ئىككى ھەپتىدە بىر

www.pidaiy.biz

قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەس بەلكى ھەپتىسىگە 10 قېتىم يىغىن ئېچىلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ دەپ چىڭ تۇرىدۇ. ھىتلېر، بىز توغرا يول تۇتماقتىمىز؛ شۇڭا غەلىبە چوقۇم بىر كۈنى بىزنىڭ بولىدۇ، دەپ تۇرىۋالىدۇ. دېگەنىدەك، ئۇنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى ئۆز مىۋىسىنى بېرىدۇ. قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان يىغىن ئورنى ئۈچۈن داخاۋيېر (达豪埃) كوچىسىغا جايلاشقان بىر زال تاللىنىۋېلىنىدۇ. بۇ يەر ھەربىي گازارمىغىمۇ يېقىن بىر يەر ئىدى. يىغىنغا ئەسكەرلەرمۇ تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى 200 كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىناۋىتىنىڭ بۇنچە تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، بەزى كومىتېت ئەزالىرىنى ئەنسىرىتىشكە باشلايدۇ. ئۇلار ھىتلېرنىڭ ۋولقانىدەك پارتلاپ ئەركىن قايناپ سۆزلەپ كېتىشىگە قوشۇلمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە تەشكىلگە نۇرغۇنلىغان قوپال ئەسكەرلەرنىمۇ قوبۇل قىلىشقا كىرىشكەچكە، بۇ تەشكىلاتنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. سىپايە مىجەزلىك ئەزالار، بۇنداق كېتىۋەرسە، چوقۇم بىر كۈنى پارتىيىمىز ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ دەپ ئەنسىرىشەتتى. درېكسلېرمۇ ئەنە شۇنداق ئەنسىرەيدىغانلاردىن بىرى ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا ھىتلېر بۇ پارتىيىنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى دەپ چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا، درېكسلېرنىڭ قوللىشى بىلەن ھىتلېر پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل ئادىمى ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەن ھىتلېر، پارتىيە

ئىشلىرىدىكى ئۇنۇمسىزلىكلەرنى قاتتىق تەنقىتلەشكە باشلايدۇ. پارتىيىنىڭ يا بىر ئىشخانىسى، يا تۈزۈكىرەك ئىشخانا سايمانلىرى بولمىسا بۇ پارتىيە قانداقمۇ ئىش بېجىرەلەيدۇ؟ دەپ سوئال قويىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ، ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقان ستېناكىل (斯特纳卡) دېگەن يەردىن ئىشخانا قىلىشقا بولىدىغان بىر ئۆي ھەل قىلىدۇ. گەرچە بۇ ئۆي بەكلا كىچىك، رېستۇراننىڭ كىچىك ھۇجرىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن يەر بولسىمۇ، ئۆي ئىجارىسى ئەرزان بولۇپ، ئايلىق ئىجارىسى ئارانلا 50 مارك ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئوتتۇردىكى بۆلۈش ئۈچۈن قويۇلغان تاختايلارنى سۆكۈپ تاشلاپ، كىچىك ھۇجرا ئەمەس بىر زال كۆرۈنىشىدە بولسۇن دېيىشىگىمۇ ھېچ كىم نارازىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ھىتلېر كاپىتان ماير بەرگەن پۇل بىلەن پارتىيە مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئىشخانىغا توك كىرگۈزۈپ لامپۇچكا، تېلېفون ئورنىتىدۇ. ئاندىن ئۈستەل-ئورۇندۇق، كىتاب ئىشكاۋى، قاچا ئىشكاۋى قاتارلىقلارنىمۇ ئالىدۇ. كېيىن يەنە مەخسۇس ئىش بېجىرگۈچىدىن بىرنى ئېلىپ پۈتۈن كۈن ئىش بېجىرىدىغان قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي گازارمىدىن بىر ئون بېشىنى تېپىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسكەر ئاق كۆڭۈل، ساداقەتلىك ۋە يۇۋاش بىر ئادەم ئىدى. ئىشقا چۈشكىنىدە ئۆزىنىڭ ئېدلېر (艾德勒) ماركىلىق خەت ماشىنكىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇ يىلى دېكابىر (ئاراي) دا، ھىتلېر پارتىيە تەشكىلاتىدا ئومۇمى يۈزلۈك ئۆزگەرتىش قىلىپ، تالاش-تارتىشلار بىلەن كۈن

ئۆتكۈزىدىغان بۇ كلوپنى رەسمى بىر سىياسىي پارتىيە ھالىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. قالغان ئەزالار بۇ تەشكىلاتنىڭ رادىكال ئوڭچى خاراكتېرلىق بىر كۇرۇژۇك ھالىتىدە بولۇشىنى خالايدىغان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ كىشىلەر بۇنداق بىر ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە قوشۇلمايدۇ. تەشكىلاتتىكى كىشىلەر ھىتلېرغا ئوخشاش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى مەقسەت ئەمەس بەلكى ۋىيمار جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى بىر ۋاستە سۈپىتىدە تونىغىدەك سەۋىيىدە ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدىمۇ مەيدانىنىڭ تايىنى يوق دىرېكسلېر يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ھىتلېرنى قوللاپ چىقىدۇ. دىرېكسلېرنىڭ ئۆيىدە ھىتلېر ئىككىسى پارتىيە لايىھىسى بىلەن نىزامنامىسىنى تۈزۈشكە جىددى كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بۇنىڭ ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى يەھۇدىيلارغا ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئاساسىغا تايانغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. دىرېكسلېرنىڭ دېيىشىچە، يەھۇدىيلار بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن نەچچە قېتىم ئىشسىز قالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن كېيىن "ئەسەبىي يەھۇدىي دۈشمىنى ۋە ماركسىزم دۈشمىنىگە ئايلانغان ئىكەن." دىرېكسلېر ئىنتايىن راھەت ياشاشقا بولىدىغان نىمفون (尼姆芬) رايونىدا ياشايتتى. ھىتلېر ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تراموايلىق بېرىپ كېلەتتى. ئۇلار ئىككىسى ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كەچلىك تامىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. دىرېكسلېرنىڭ

ئايالى ئۇلارنى تاماق يېۋېلىشلار دەپ پات ـ پات جىكىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. "كىچىك قىزىم ھەر دائىم ھىتلېرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋېلىپ ئوينايتتى. قىزىم ئادولفقا بەكلا ئامراق ئىدى" دەيدۇ درېكسلېر ئەسلەپ كېلىپ. بۇ قىز ئادولفنى ھەقىقەتەنمۇ تاغىسى ئورنىدا كۆرەتتى.

1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر "بىر ئارگىنالنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ" درېكسلېرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ. بۇ نەرسىلەر پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھەسى ئىدى. ئىككىسى باش چۆكۈرۈپ بىر قانچە سائەت ھەپىلىشىپ، نىزامنامە لايىھىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىخچام ھالغا كەلتۈرۈشىدۇ. "شۇنداق، بىز بۇ نىزامنامە ئۈچۈن باش قاتۇرىمىز دەپ مېڭىمىزنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەن ئىدى." دەيدۇ درېكسلېر ئەسلىمىسىدە. ئۇلار تاڭ سەھەردىلا ئاران بۇ ئىشنى پۈتتۈرىدۇ. ھىتلېر ئورنىدىن سەكراپ تۇرغىنىچە ئۇستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ: "ئەندى بۇ قاراشلىرىمىز ھىندىنبۇرگ (惠登伯格) دەرۋازىسىغا ئېسىلغان رود (路德) تاختىسىدا يېزىلغانلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان بولدى!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

بۇ نىزامنامە جەمئىي يىگىرمە بەش ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھىتلېر بۇ ماددىلارنى ئاممىۋى يىغىندا خەلققە ئاشكارە ئېلان قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ نىزامنامىغا كومىتېت ئەزالىرى چوقۇم قوشۇلمايتتى. ئۇلار بۇ نىزامنامىنىڭ مەزمونىغىلا قارشى

تۇرۇپ قالماي، ئاممىۋى يىغىندا ئېلان قىلىنىشىغىمۇ قوشۇلمايتتى. دەسلىۋىدە درېكسلېرمۇ بۇ لايىھەدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، كېيىن يەنىلا ھىتلېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ يەنە بىر قېتىملىق يىغىندا ھىتلېرنىڭ تەرىپىنى ئالدۇ. شۇنداق قىلىپ قارشى چىققۇچىلارنىڭ پىكرى پۈتۈنلەي رەت قىلىندۇ. ئۇلار ئاممىۋى يىغىن كۈننى 1920-يىلىنىڭ 24-غېنۋار (ئۇي) كۈنىگە بېكىتىشىدۇ.

كۆزنى قاماشتۇرغىدەك قىزىل خەتلىك شۇئار-پىلاكاتلار پۈتۈن ميۇنخېن كوچىلىرىغا ئېسىلىدۇ. ئەندى كېلىپ ھىتلېرمۇ قورقۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، سۆزلەيدىغان نۇتقىنىڭ كىشىلەرنى ئۈركىتىۋېتىشىدىن قورقاتتى. يىغىن ئاخشىمى سائەت يەتتە يېرىمدا باشلىناتتى. سائەت 7 دىن چارەك ئۆتكەندە، ھىتلېر خوفبراخاۋۇس (霍夫布劳斯) پىۋىخانىسىنىڭ مۇراسىم زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، زالدا ئىككى مىڭ كىشىلىك يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تىقلىم-تىقلىم ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خوشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى كوممۇنىستلار ياكى مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلاردىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ بەك خوش قىلىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر، دۈشمەن سېپىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدىكى ھەقىقى غايىلىك كىشىلەر چوقۇم ئۇلارنى ھىمايە قىلىشىغا تولۇق ئىشىنەتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ يىغىن تەرتىۋىنى قالايماقان قىلىشىنىمۇ خالايتتى.

يىغىن باشلانغىنىدا، زال ئىچىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تىم-تاس ھالەتكە كېلىپ ئۇنى كۈتۈشكە باشلايدۇ. بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىققان كىشى مول ئاممىۋى ھەرىكەت تەجرىبىسىگە ئىگە ناتىق دىنگېرفىلد (丁格费尔德) دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ، نۇتقىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ يەھۇدىيلارغا زەربە بېرىپ سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا شېكسپېير بىلەن شىللېرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر ئېلىپ، ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەچكە، كوممۇنىستلارمۇ ئۇنىڭ نۇتقىدىن بىئاراملىق ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ھىتلېرگە نۆۋەت كېلىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەھنىگە كېلىدۇ. ھېچ كىم قالايماقان ۋارقىراپ ئىسقىرتىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا بەكلا كونىراپ كەتكەن كۆك رەڭلىك پەلتو بار ئىدى. مۇنداق قارىماققا، ھىتلېرنىڭ بۇ قىياپىتىگە قاراپ ئۇنى ھېچ كىم بىر ناتىققا ئوخشىتالمايتتى. ئادولف نۇتقىنى باشلىغىنىدا ئالاھىدە ھاياجان پەيدا قىلىدىغان جۈملىلەرنى ئىشلەتمەي ناھايىتى خاتىرجەم ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇ، ئۆتكەن ئون يىللىق تارىخنى قىسقىچە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن، گەپ گېرمانىيىنى قاپلىغان ئىنقىلاب بورانلىرى ئۈستىگە كەلگىنىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجان بىلەن جاراڭلاپ چىقىشقا باشلايدۇ؛ قولىنى شىلتىپ سۆزلەشكە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى زالنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە جاراڭلاپ تۇراتتى. زال ئىچى پىۋا پۇرىقىقا بىر كېلىپ ھەر تەرەپكە چېچىراشقا باشلايدۇ. ئۆكتىچىلەر قولىدىكى

www.pidaiy.biz

پىۋىلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىشقا باشلىغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە شىلانكا ۋە قامچىلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر — ئادولفنىڭ ھەربىلەردىن كەلگەن تەرتىپ ساقلىغۇچىلىرى — "خۇددى قاۋان ئىتتەك ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ، كىرۇپ (克虏伯) پولات تۆمۈر شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان پولات-تۆمۈرلەردەك مۇستەھكەم قورغان بولۇپ ئۇيۇشۇپ، جىدەل تېرىغۇچىلارنى ئەدەپلەشكە كىرىشىدۇ". ئۇزۇنغا قالمايلا جىدەل تېرىغۇچىلار ئۆزلىرىنى پىۋىخانا سىرتىدا كۆرىدۇ. يىغىن تەرتىۋى بىرئاز تىنجىغان بولسىمۇ، كۈلكە-چاخچاقلار تېخى بېسىقمىغان ئىدى. ھىتلېرمۇ نۇتقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. زالدىكى ئاۋازلار ئۇنىڭ پەرۋايىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ئادولف مانېرھېيمدا تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بۇنداق ئاۋازلارغا كۆنۈپ كەتكەنىلا بولماي، ئۇ يەردىمۇ بەزى تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنداك ۋارقىراشلاردىن كۈچ توپلاشنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى خاتىرجەم قىلىشقا يەتكەن ئىدى. كۆپچىلىك قايتىدىن گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتىشقا باشلايدۇ. بۇ ئالقىش سادالىرى قارشى چىققۇچىلارنىڭ غۇدۇراشلىرىنى پۈتۈنلەي باستۇرىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر، نۇتقىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تونىنلاپ پۇل بېسىپ تارقىتىۋاتقانلىقىنى قاتتىق سۆكۈپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، سوتسىيال دېموكراتچىلارنىڭ ئاددى خەلق ئاممىسىدىنلا قورقىدىغانلىقىنى پاش قىلىدۇ. "ئەگەر فامىلىسى ھاممېربېرگ (汉梅尔伯格) ياكى ئىستېرباخ

(伊西多尔巴赫) بولمىغان تۆۋەن تەبىقە خەلقى قانداق قىلىشى كېرەك؟” دېگەندەك يەھۇدىيلارغا قارشى گەپلەرنى دېيىشى بىلەن قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن قوللىغۇچىلار تەرەپنىڭ بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىپ ۋارقىراشلىرى قايتىدىن زالغا بىر كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر ھۇجۇم نىشانىسىنى شەرقلىق يەھۇدىيلارغا قاراتقىنىدا ئالقىش سادالىرى ۋارقىراش ئاۋازىنى بېسىپ چۈشۈپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر “يوقالسۇن يەھۇدىيلار!” دەپ توۋلىشىپ كېتىدۇ.

ھىتلېر بۇنچە كۆپ ئاما ئالدىدا سۆزلەپ باقمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقسا، بەزىدە پەسىيىپ قالاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسىزلىكىنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەستايىدىل خاراكتېرى ھانس فرانك (汉斯•弗兰克) ئىسىملىك 20 ياشلىق بىر قانۇن ستيۇدېنتىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. “بۇ ياش ئۇنىڭ سەممىي ساپ دىللىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى يۈشۈرماي دېيەلەيدىغان بىرسى ئىكەن، ھەرگىز خەلقنى ئالدايمەن دەپ يالغان سۆزلىمەيدىكەن، ئۆزى تولۇق قايىل بولۇپ كەتمىگەن نەرسىلەرنى ھەرگىز سۆزلەپ يۈرمەيدىكەن” دەپ باھا بېرىدۇ. بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىققان كىشىنىڭ ھەشەمەتلىك سۆزلىگەن نۇتۇقىدىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ سۆزلىرى پارتىلاش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئادەتتە بەكلا قوپال بىلىنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ

www.pidaly.biz

ئىپادىلەش قابىلىيىتى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. يىغىننى مەخسۇس قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدۇ. ئۇ، نۇتقىنى ئاددىي سۆزلەر بىلەن باشلاپ، بارغانسېرى ماھىيىتىگە يەتكۈزۈپ سۆزلەشكە تىرىشاتتى. ئاۋازىمۇ جاراڭلىق بولۇپ، ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىيالايتتى، دەيدۇ. فرانك (弗兰克) نى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى، "كاللىسى بەك ئىشلەپ كەتمەيدىغان ئەڭ دۆت كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيتتى. ... ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ماھارىتىگە ئىگە بىرسى" ئىكەنلىكى ئىدى.

ھىتلېر، نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا 25 ماددىلىق پروگراممىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى خەلققە ئوقۇپ بېرىپ، بۇ ماددىلارنى بىر-بىرلەپ ماقۇللىتىدۇ. بۇ پىرىنسىپلار يەھۇدىيلاردىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە لازىملىق بەزى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرگە بارلىق گېرمانىيە خەلقى بىرلىشىپ بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقىش لازىملىقىنى؛ نوپۇس ئارتىپ كېتىش مەسىلىسىنى مۇستەملىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا تايىنىپ ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى؛ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا نېمىس مىللىتى تەڭ باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى؛ ۋېرسال شەرتنامىسىنى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى؛ چوقۇم بىر مىللىي قۇراللىق ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى؛ قانۇن-تۈزۈملەرنى كۈچەيتىپ،

www.pdfdaily.biz

جىنايەتچىلەرگە قارشى رەھىمسىزلەرچە كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىغىمۇ پايدىلىق نەرسىلەر بار ئىدى: ئىشلىمەي چىشلەشنى بىكار قىلىش؛ ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئومۇمنىڭ قىلىش؛ يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ ئاممىۋى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش؛ چوڭ تىپتىكى زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى ئىچكى قىسىمدا تەڭ تەقسىم قىلىش دېگەندەكلەر بەلگىلەنگەن ئىدى. ھاللىق سىنىپلارغىمۇ تېگىشلىك نەرسىلەر بار ئىدى: چوڭ تىپتىكى تۈرلۈك ماللار سودا سارايلىرىنى جەمئىيەت مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە ئەرزان ئىجارىگە بېرىش؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشانغانلارنىڭ تەن ساغلىق سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاشنى تەكىتلەيدۇ. مىللەتچى ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن بولسا، يەھۇدىيلارنى چەتئەل مۇھاجىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارە ئىش يېرى ئېچىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش؛ ئەگەر مەملىكەت بويىچە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغاندا بۇ مۇھاجىرلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش؛ 1914-يىلى 2-ئاۋغۇست (چايان) تىن باشلاپ چېگرىدىن كىرىۋالغان يەھۇدىيلارنى دەرھال قوغلاپ چىقىرىش دەيدىغان مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

ھىتلېر، ھەر بىر ماددىنى ئوقۇپ بولغىنىدا توختىتىۋېلىپ زالدىكىلەردىن چۈشەنمىگەنلىكىنى، بۇلارغا قوشۇلۇپ-قوشۇلمايدىغانلىقىنى سوراپ تۇرىدۇ.

يىغىنىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوشۇلمىز، دەپ تۇۋلاشسىمۇ، يەنە بىر قىسىملار تەشكىللىك تۈردە مازاق قىلىپ كۈلۈشەتتى. قايسى بىر نارازى بولغۇچى ھەتتا ئورۇنىدۇقىغا چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا قامچا-توخماقلىق تەرتىپ ساقلىغۇچىلار ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئەدەپلەپ چىقىدۇ. ھىتلېر، توپ-توغرا ئىككى يېرىم سائەت سۆزلەيدۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سەھنىدىن ئايرىلماقچى بولغىنىدا، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشىپ ھۇررا دەپ سادا كۆتۈرىشىدۇ. يىغىن تۈگىشى بىلەن، پۈتۈن خەلق گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىۋېتىدۇ. بايىقى ياش، يەنى فرانك (弗兰克)، “ئەگەر گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى قولىدا تۇتالايدىغان بىرەر كىشى بار دېيىلسە، بۇ ئادەم دەل ئادولف ھىتلېر بولغىدەك” دەپ ئىشەنگەن ئىدى.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ كۈنكى يىغىلىش، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ قالايماقانلىق تېرىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قارىغاندا، يىغىن تولۇق مۇۋەپپىقىيەتلىك بىر يىغىن ھېسابلىناتتى. كىشىلەر يىغىن زالىدىن تىزىلىپ چىقىۋاتقىنىدا، ھىتلېر، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى يولىنىڭ داغدام ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ: “مەن، بۈگۈنكى يىغىنىمىز تامام، دەپ ئېلان قىلغان ۋاقتىمدا، مەنلا ئەمەس، نۇرغۇن كىشىلەر ‘ئەندى بۆرە ئىنىدىن چىقىدىغان بولدى’ دەپ ئويلىماقتا ئىدى. بۇ بۆرە، چوقۇم خەلق ئاممىسىنى ئالداپ ئاقماق قىلىپ يۈرگەنلەرگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.” ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ قېدىمقى نېمىس

www.pidaw.biz

خەلقىدىن كەلگەن “تەلەيلىك بۆرى” دېگەن سۆزگە لايىق بىر بۆرى ئىدى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ، “بۆرى” دېگەن بۇ لەقەم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىسىم بولغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھىتلېرغا بۇ لەقەمنى قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنىڭدەك سىڭلىسى پاۋلا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ لەقەم ئۇنىڭ مەخپىي ئىسمى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كۆپلىگەن ھەربىي قوماندانلىق شىتاپلىرىدا بۇ لەقەم ھىتلېرنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىسىم ھالىغا كېلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شۇ كۈنلەردىكى مىيونخېن گېزىتلىرىنى بەك قىزىقتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى يىغىن، گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالغا تاشلانغان چوڭ بىر قەدەم ھېسابلىناتتى. شۇ كۈنى پارتىيىگە يېڭىدىن 100 كىشى ئەزا بولۇپ قوشۇلىدۇ. ھىتلېرنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن، پارتىيىنىڭ تىزىملىك دەپتىرى تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىمۇ تارقىتىلىدۇ. كىشىلەرگە بۇ پارتىيىنى راسلا چوڭ بىر پارتىيە ئوخشايدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنىڭ بىرىنچىسىنى 501-ئەزا دەپ باشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى تەرتىۋى بويىچە تىزىملىنىدۇ. كەسپىي “رەسسام” دەپ يېزىلغان ھىتلېرنىڭ پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى 555-نومۇر ئىدى.

## (2)

شـۇندىن ئىتىـۋارەن، ئـادولف يەپ-يېڭـى ھاياتقـا قەدەم قويىدۇ.

ھىتلېرنىـڭ مۇناسـىۋەت دائىرىسـى كېڭىيىشـكە باشـلاپ، بېرىش-كېلىش قىلىـدىغان ئادەملىرىنىـڭ تۈرىمۇ كۆپىيىشـكە باشلايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئورتـاق نوقتىسى شۇكى، ئۇلارنىـڭ ھەممىسـىلا نېمىسـلىكنىڭ ھەمـمە نەرسـىنى ياخشـى كـۆرۈپ، ماركسـىزمنىڭ ھەمـمە نەرسـىدىن نەپرەتلىنىـدىغان كىشـىلەر ئىدى. مىيونخېندا بىر ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى بار بولۇپ، ئۇ تەغدىرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ھەر قانداق بىر ئىنسان گۇرۇپپىسى ئارىسـىدىن يەھـۇدىيلارنى بىـر قـاراپلا پەرقلەنـدۈرۈش ئىمكـانىيىتىنى بېرەلەيـدىغان ئامىللارنىـڭ بـارلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغـا قويىـدۇ. تېخىمـۇ قىزىـق يېـرى، كاپىتـان ئېرنىسـت روم (恩斯特•罗姆) ئەسلىدە بىر بەچچىۋاز بىرسى، شۇنىڭدەك بىـر ۋاقىتلاردا روتا كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بىرى ئىدى. ئۇ ئەسـكەرلىك نوقتىسـىدىن ھەقىقەتەنمـۇ ئـۈلگە بولۇشـقا لايىـق ئوفىتسېر بولۇپ، خېيىم-خەتەرلىك ۋاقىتلاردا ئەڭ ئىشەنچىلىك سەپداش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ تۇرقى پاكار ھەم دۇغلاق سېمىز، چاچلىرىنى ھەر دائىم رەتلىـك ياسـىتىپ يۈرىـدىغان، كۈلۈشىمۇ ئۆزگىچە بىرسى ئىدى. ئۇنى، ئۇرۇشنىڭ تىرىك مىس ھەيكىلى دېيىشـكە بـولاتتى: ئۇنىـڭ بـۇرنى ئـوق زەربىسـىدە پۇچىلىـپ

كەتكەن، يۈزىدىمۇ چوڭقۇر بىر تاتۇقى بار بولۇپ، ئۇ ھازىر دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر ئوفىسېرى ئىدى. ئۇ، "مەن رەھىمسىز بىرسى بولغىنىم بىلەن، تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلگەن بىرسى ھېسابلانمايمەن. شۇڭا، مېنىڭ قىزىقىدىغان ئىشىم سىلەرنىڭ قىزىقىدىغىنىڭلاردەك ئۇنداق پۇخرالارچە قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش ۋە توپىلاڭ چىقىرىش" دەيدۇ. روم بىلەن ھىتلېر ئىككىسى مىللەتچىلىك كۇرژۇكى (تۆمۈر مۇشتۇمچىلار كۇرژۇكى) نىڭ بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىنىدا كۆرۈشكىنىدىن ئېتىبارەن بىر-بىرسىگە بولغان ئىشەنچى بارغانسىرى كۈچىيىپ بارغان بولۇپ، بۇ پىداكار ئۇ بېشى ھەققەتەنمۇ "گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" گە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەن، دەپ قارايتتى. روم، بۇ پارتىيىگە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئەزا قىلغان بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئۇ درېكسلېر-ھارلېي (哈尔雷) تەشكىلىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇرۇش-جىدەللەر بىلەن بولۇپ تۇرىدىغان ئاممىۋى يىغىلىشلارنىڭ تەرتىۋىنى ئەنە شۇ ئەسكەرلەر ساقلايتتى. ھىتلېر بىلەن روم ئىككىسى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭلەردە ئەسكەرلەرگە قول-پۇت بولۇپ كۆڭۈل بۆلۈشتە ئەجرىسى بولغان كىشىلەر بولغاچقا، جاپا-مۇشەققەتلىك قانلىق جەڭلەردە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە يېقىن سەپداشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە يېقىندا روم، كاپىتان مايېرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھىتلېرنىڭ قوماندانلىرىدىن

www.pdaily.biz

بىرسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھىتلېرنىڭ سىزلەپ ھۆرمەت قىلىشىغا ماقۇل دېمەيتتى. ئۇنىڭ ھىتلېر بىلەن بۇنچە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى، ھىتلېرنى باشقا ئوفىسېرلارنىڭمۇ ھۆرمەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى.

ھىتلېر، يازغۇچى دىتىرىخ ئېكارت بىلەنمۇ ئارىغا قىل سىغمايدىغان بەكلا يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. بۇ ھەقتە ئېكارت مۇنداق دەيدۇ: يېڭى دەۋرنىڭ سىياسى داھىلىرى چوقۇم پىلىموت-توپ ئوقىنىڭ ئاۋازىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ... مەن، قىزىللارغا قارشى رەھىمسىز جاۋاپ قايتۇرالايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىرسى قىلچە ئابرويى يوق بىر مايمۇن بولغىنىدىمۇ قەتئىي ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرىمەن. خۇددى شۇنىڭدەك، يوقىرى بىلىملىك بىر پروفېسسور، ئەگەر خەلق ئاممىسى غەزەپلىنىپ ئورۇندۇقلارنى سۇندۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇۋەتسىمۇ يىغىننى تاشلاپ قاچماي تۇرۇپ بېرەلەيدىغانلا بولىدىكەن، مەن يەنىلا بۇ تۈردىكى بىلىملىكلەرنى ھىمايە قىلغۇچىلاردىن بولىمەن. ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم بىر بويتاق. شۇنداق بولغاچقا تەشكىلاتىمىز تېخىمۇ كۆپ خوتۇن-قىزلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالىشى مۇمكىن!" ھىتلېر بىلەن بۇ قېرى زىيالى، ياش جەھەتتىن بەكلا چوڭ پەرق قىلاتتى (ئۇ يازغۇچى بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرىسىدا 21 ياش پەرق قىلاتتى)، ھەممىدە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ تۈپتىن پەرقلىق (ئېكارت ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن بىلىملىك بىرسى) بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسى سىياسىي جەھەتتىلا

يېقىن بولۇپ قالماي، كۆندىلىك تۇرمۇشتىمۇ يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بوسمىيىلىك ھەمدە تۆۋەن تەبىقە تىلىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى؛ يەنە كېلىپ ئىككىسىلا مىللەتچى بولۇپ، يەھۇدىيلارغا بەكلا ئۆچ ئىدى. شۇڭا، ئېكارت ئادەتتە نېمىستىن خوتۇن ئالغان بىر يەھۇدىينى 3 يىللىق كېسىپ قاماققا ئېلىش كېرەك؛ ئەگەر يەنىلا باش تولغاپ بۇ جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئۇنداق بىر يەھۇدىيغا قەتئىي تۈردە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك، دەيتتى.

ئېكارت، رومانتىك بىر ئىنقىلابچى بولۇپ، قەھۋەخانا مۇنازىرىلىرىنىڭ ئۇستىسى ئىدى. ئۇ، ھەممىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان، ئەمما ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ كىشىلىك تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىرسى ئىدى؛ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر نوچى بولۇپ، ھەر دائىم ئەڭ ئالدىدا يۈرۈپ بېرەتتى. ئەگەر نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن ئازىراقلا بىر پۇرسەت بولىدىكەن، مەيلى ئۆي، مەيلى كوچا ياكى قەھۋەخانا بولسۇن قىلچە تارتىنماي ئىنتايىن جەلىپ قىلارلىق نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە زابوي ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئادەتلەر جەمئىيەتنىڭ ئارقا كوچىلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ھىتلېر، قىزغىن سۆھبەتلىك، سۇدەك راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بۇ زىيالىغا بەكلا ئامراق ئىدى. ئۇ يەنە مىيونخېننىڭ غارايىپ كېچىلىك دۇنياسىدا ھىتلېرنىڭ ھېنرىگ (亨利) شاھزادىسى ئۈچۈن فورسداۋلىق (福尔斯达夫) رول

ئوينايدىغان بىرسىگە ئوخشايتتى (فورسداۋ ـ شېكسپېير كومېدىيىلىرىدىكى بىر پېرسوناژ بولۇپ، پو ئېتىشنىڭ سىمۋولى). ئېكارت بىر مەنىدە بۇ ئىشلاردىكى ھىتلېرنىڭ ئۇستازى ھېسابلىناتتى. ئۇ ھىتلېرغا بىر ھەربىي پەلتو سوغات قىلغان؛ گراماتىكىلىق خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەمچى بولاتتى؛ ئۇنى ئالى دەرىجىلىك رېستورانت ۋە قەھۋەخانىلارغا باشلاپ باراتتى. شۇنىڭدەك ھىتلېرغا داڭلىق ئەدىب كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى (كىشىلەرگە ھىتلېرنى، بۇ كىشى چوقۇم بىر كۈنى گېرمانىيىنى قۇتقۇزىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ، دەپ تونۇشتۇراتتى). ئىككىسى ئولتۇرۇپ مۇزىكا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە سىياسەت ھەققىدە سائەتلەپ مۇنازىرىلىشىپ سۆزلىشىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قوپال يازغۇچى ھىتلېرغا ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئادەتلەرنى يۇقتۇرىدۇ.

خوفبراخاۋۇس (霍夫布劳) ئامموۋى يىغىلىشتىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتىدە ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە بېرلىنگە قاراپ بىر قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىك سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. گېنېرال خورد ۋون لۇدىۋىك (霍尔德•冯•卢特维兹) يېتەكچىلىكىدىكى "تاللانغان ئەركىن پولك" قا ۋېيمار سوتسىيالىستىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىلىپ كېتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەربىي قىسىم تارقىلىپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پايتەختكە يۈرۈش قىلىپ بېرلىننى ئىشغال قىلىۋېلىپ بىر باش ۋەزىر تىكلەيدۇ. بۇ باش ۋەزىرنىڭ ئىسمى كاپ (卡普) بولۇپ، ئەسلىدە ئادەتتىكىلا بىر مەمورى كادىر ئىدى. ھىتلېر بىلەن

www.pdaily.biz

ئېكارت ئىككىسى كاپ (卡普) ئوڭچىلار گۇرۇھىنىڭ قوزغىلىڭى ئىنتايىن زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىشىپ، ئىككىسى بىرلىكتە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرلىنغا بېرىپ، باۋارىيە بىلەن بىرلىشىپ ئىنقىلابى تەدبىر قوللىنىش ئىمكانىيىتى بار-يوقلىقىنى بەلگىلەپ كەلمەكچى بولىدۇ. كاپىتان روممۇ بۇ لايىھەنى ماقۇللاپ، ئۇ ئىككىسىنى بىر مەشىق ئايروپىلانىغا ئولتارغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇ ئايروپىلان ھىتلېرغا مەخسۇس ئايروپىلان ئىدى. ئۇنىڭ لىيوتچىكى لېتنات روبېرت رىت ۋون گرېم (罗伯特•利特•冯•格莱姆) (ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئەڭ ئۇستا لىيوتچىكلاردىن بىرى ئىدى. بۇ لىيوتچىك ياش تۇرۇپلا "ئوچقۇچىلار بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى" غا ئېرىشكەن ئىدى. كېيىن ھىتلېر ئۇنى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇلار بېرلىنغا قاراپ ئۇچقان كۈنىسى ھاۋا بەكلا ناچار ئىدى. گەرچە ئۇچقۇچى گرېم (格莱姆) نىڭ ئايروپىلان ئۇچۇرۇش تېخنىكىسىغا گەپ كەتمىسىمۇ، ھىتلېر تىنماي قەي قىلىپ چىقىدۇ. ئوتتۇر يولدا بېنزىن ئالىدىغان ئايروپورتنى ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئىگەللىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى بېرلىن سەپىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشقا قىل قالىدۇ. شۇ چاغدا ھىتلېرنىڭ ئەقلىگە بىر ئىش كېلىپ، دەرھال ئۆزىگە بىر پارچە ئۆچكە ساقلى تاقاپ گرىم قىلىدۇ. ئېكارتمۇ ئۆزىنى سودىگەر قىياپىتىدە گرىم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇلارنىڭ بېرلىن سەپىرىگە يول قويۇشىدۇ. ئايروپىلان بېرلىنغا بېرىپ

www.pdaily.biz

قونغاندا ھىتلېرنىڭ چىرايى تاتىرىپلا كەتكەن بولۇپ، "بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئايروپىلانغا چىقمايمەن" دەپ قەسەم قىلىشۋېتىدۇ.

گەرچە ئىسسىيانچىلار 13-مارت (قوزا) كۈنى بىر پايمۇ ئوق ئاتماي بېرلىن دەرۋازىسىدىن كىرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ غەلىبىسى ئاتاقتىكىلا بىر غەلىبە بولۇپ قالىدۇ. يەنى، بەلگىلىك سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەردىن بىرمۇ ئادەم "باش ۋەزىر" كاپ (卡普)نىڭ كابىنېتىدا ۋەزىپە ئېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ قېتىمقى ئالدىراپ-سالدىراپ قوزغىتىلغان بۇ قوزغىلاڭ، باشلىنىشىدىن تارتىپلا مەغلۇبىيەتلىك بىر قوزغىلاڭ ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولۇشىنى بىرەر قايتارما ھۇجۇم ياكى بىرەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلغان بولماستىن، پۈتكۈل گېرمانىيە خەلقىگە ئوخشاش، بېرلىنلىقلارمۇ ھەربىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا كۈچلىنىپ كېتىشىنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن خەلق ھەربىي ئىسسىيانچىلارغا قارشى دولقۇن قوزغىۋېتىدۇ. ھەربىي تەرەپمۇ بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ مەنىسى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا، ئېبېرت ھۆكۈمىتى مەملىكەتلىك ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش تاشلاش چاقىرىقىنى چىقارغان ۋاقىتتا، ئىشچىلار ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، كاپ (卡普)ھۆكۈمىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شەھەردە توك كېسىلگەن، تراموايلار بىلەن مېترولار (يەرئاستى تۆمۈريول قاتنىشى) توختاپ كەتكەن، تۇربا سۇلىرى كېسىلگەن، كوچىلاردا ئەخلەتلەر يىغىلىپ پۇراشقا باشلىغان؛ ماگازىن-

مەمۇرى ئورگانلار تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، قاراڭغۇ كوچىلاردىكى ياكى مۇم يورۇقى ئاستىدا ياشىتىلغان كېچىلىك هايات يەرلىرىلا ئۆز ئىشىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭدەك چىرىگەن سورۇنلار ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن قايسى بىر سېرىق كىنونىڭ تۇرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. بۇ كىنودا 11 ياشلىق بىر تۇركۇم ئۇششاق پائىشىلەر ئاشۇرۇپ گىرىم قىلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتۈكلەرنى كىيىپ يۇرىدىغان ئامازون (亚马逊) لۇقلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى تېما قىلغان ھېكايىلەردىن ئىشلەنگەن كىنو ئىدى. شەھەر ئىچىدە ھەر تۇرلۇك ئىشقىۋازلىقلارغا لايىق، ھەر خىل مىجەزلىكلەرگە ئۇيغۇن قەھۋەخانىلار، رېستورانلار — يەنى ئەر ياكى ئايال بەچچىۋازلار، يالىڭاچ بەدەن خۇمارىدىكىلەر، كۇندەشلەر ۋە كۇندەشكە ئۇچرىغانلارغا لايىق سورۇنلار قۇمدەك ئىدى. يالىڭاچلىنىشلار ھەۋەسلىنىدىغان، سەنئەت نامىنى سېتىپ ھۇزۇرلىنىدىغان، خىيالى دۇنيا يارىتىپ مەس بولىدىغان غەلىتىلىكلەر ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پاسكىنىچىلىقلار ھېسابلىناتتى. بېرلىن شەھىرى دادائىزىم سەنئەت ئېقىمىنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ شائىر خورت مىلىن (霍尔特•梅林) رەھىمسىزلەرچە مازاق قىلىپ بىر شېئىر يازغان بولۇپ، بۇ شېئىر ئارقىلىق بېرلىنلىقلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن:

چاققان كېلىڭلار باللار،

www.pidaiy.biz

ھەممە ھۇزۇر ئىچىدە ئۆلۈم مەيدانىغا ئالدىراڭلار،
ئىشتانىيېغىڭلارنى چىڭ باغلاپ،
يەھۇدىي بۆرىلىرىنى ھايداڭلار.
يېنىڭلارغا
زەھەرلىك گاز بىلەن كرىست بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ،
جامائەت ئارىسىدا قىرغىن قىلىڭلار!

ئېبېرت ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش تاشلاش چاقىرىقى ھەقىقەتەن فرانكىشتېيىن (弗兰肯斯坦) نىڭ بېشىغا ئاپەت ياغدۇرۇپ، كاپ (卡普) كۈچلىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق سولچىلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق دولقۇنى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىلىدۇ. كومىنىستلارنىڭ گېرمانىيە تەۋەسىدە پەيدا قىلغان توپىلاڭلىرى شۇنداق نوقتىلارغا بېرىپ يەتتىكى، پرېزىدېنت ئېبېرت قىزىللارنىڭ ئىسيانىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىلاجىسىز نەچچە كۈن ئاۋال ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن قولىنى ئۈزۈپ كېتىپ قالغان گېنېرال ۋون سېك (冯•塞克) نى قۇراللىق كۈچلەر باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. بۇ گېنېرالنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى تېخى يېڭىلا تارقىتىۋېتىلگەن "ئەركىن پولك" ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن بىر يەرگە يىغىش بولىدۇ. بۇ ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك ئىدى: تۈنۈگۈنكى توپىلاڭچى قوشۇن بۈگۈن قانۇننى كۈچەيتىپ تەرتىپ ساقلاش ۋەزىپىسىگە قويۇلىۋاتاتتى. بۇنداق غەلىتە ئىشلارنى پەقەتلا دادائىزم دراماتورگىلا ئويىنيالايدىغان كومىدىيىلەردىن ئىدى. ئېبېرت بۇ ئەسكەرلەرگە بەرگەن مېداللار، دەل كاپ (卡普) ھۆكۈمىتىنىڭ "ئەركىن پولك" تىكلەرگە ئېبېرت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلىغانلىقى ئۈچۈن بەرمەكچى بولغان مېداللارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن "ئەركىن پولك" نىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە بەكلا ئېغىر بىر ۋەزىپە ئىدى. ساكسونىيىدە (萨克森)، سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىۋالغان ئىدى؛ 20-مارت (قوزا) كۈنى، 50 مىڭ كىشىلىك ئىشچىدىن تەشكىل تاپقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنى رۇر (鲁尔 Ruhr) رايونىنىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ بولىدۇ. شۇ كۈنىسى كومپارتىيىنىڭ «رۇر ساداسى» گېزىتى "غالىپ قىزىل بايراق چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە لەپىلدەيدۇ. — دەپ ئېلان قىلىپ، — گېرمانىيە چوقۇم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىشى كېرەك، سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ دۇنيا ئىنقىلابى بىلەن دۇنيا سوتسىيالىزمىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ باشلىنىش نوقتىسىغا ئايلىنىشى كېرەك!" دەپ يازىدۇ.

3-ئاپرېل (ئۈمۈت) كۈنى، "ئەركىن پولك" قوشۇنلىرى رۇرغا بېسىپ كىرىپ، قىزىل ئارمىيە پوزىتسىيىلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ساق قالغان قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلايدۇ. "ئەگەر بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرسەم چوقۇم يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن دېيىشىڭلار مۇمكىن. — دەپ يازىدۇ 'ئەركىن پولك' نىڭ بىر ئەسكىرى ئائىلىسىگە ئەۋەرتكەن خېتىدا، — قىلچە رەھىم قىلمايتتى، ... ھەتتا بىز 10 نەپەر قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان قىزىل كىرىست جەمئىيىتىنىڭ سېستىراسىنىمۇ يېنىڭلاردا قورال بار ئىكەن

دېگەننى باھانە قىلىپ ئېتىپ تاشلىدۇق. بىز بۇ كىچىك قىزلارنى ئۆلتەردۇق. ھەتتا ئۇلارنىڭ جان ئازاۋىدا بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلىپ كۆڭلىمىزنى خوش قىلدۇق. ياق، سىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلالمايمىز، قۇراللىق ھەر قانداق بىرسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز! دەيتتۇق."

ھىتلېر بىلەن ئېكارت ئىككىسى ھېلىقى كۆڭلىنى ئايلاندۇرۇپ تۇلا قۇستۇرىۋەتكەن ئايروپلانغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا كېلىپ قونغان ۋاقتىدا، كاپ (卡普) قوزغىلىڭى ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئايروپلاندىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئىمپېرىيە باش مىنىستىرلىك بىناسىغا بېرىپ كاپ (卡普) نىڭ ئاخباراتۋەكىلى بولغان ۋېنگىرىيىلىك يەھۇدىي لىبكېخنت لىنكىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىشىدۇ. بۇ بىر تەۋەككۈلچى ۋېنگىر بولۇپ، رەسمى بىر لۈكچەك كۆرۈنۈشلۈك بىرسى ئىدى. بۇ كىشى بىر ۋاقىتلاردا نيۇيوركتا گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ جاسۇسى دەپ قولغا ئېلىنغان ئىكەن. بۇ ۋېنگىر ئۇلارغا كاپ (卡普) نىڭ يېڭىلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئىككەيلەن ياخشىسى سالاھىيىتىنى ھېچ كىمگە ئۇختۇرماي يوشۇرۇن تۇتۇشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا قولغا ئېلىنىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ئېكارت بۇ ئادەمنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ھىتلېرنى نوقۇپ پىچىرلىغان: "ئادولف قوي بۇ ئىشنى، بۇ يەردە بىزگە پايدىلىق ھېچ ئىش يوق ئىكەن" دېگەنمىش.

www.pjdaily.biz

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمان ھېسابلىنىدىغان لۇدېندورفنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن پايتەختتكە بارىدۇ. ئادەتتە، لۇدېندورف پۇخراچە ياسىنىپ جەنۇپ تەرەپلەرگە قېچىپ بېرىشىنىڭ تەييارلىقنى قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا نۇرغۇنلىغان ئوخشاش قاراشتىكى شىمالى گېرمانىيىلىكلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ مەخپى ئۇچۇرىشىپ يۈرگەن ئادەملىرى ئارىسىدا "دۇبۇلغىلىقلار" پارتىيىسىدىكىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ تەشكىلاتتىكىلەر كونا ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان ھەددىدىن تاشقىرى مىللەتچى گۇرھ ئەزالىرى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە زور مىقداردا سانائەتچىلەر ياردىمىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئېكارت، ھىتلېرنى پىيانو زاۋۇدىنىڭ ئايال خوجايىنى ھېلېنې بېچستېين ( Helene 赫仑•贝希斯坦 Bechstein) رىياسەتچىلىكىدە تەشكىللەنگەن سالونغا ئاپىرىپ ئۇنىڭغا تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئايال ھىتلېرنى بىر كۆرۈپلا "گېرمانىيىنى قۇتقازماقچى بولغان بۇ يىگىت" كە مەھلىيا بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئايال ھىتلېرنى ئۆز تەۋەسىدىكى تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ۋەدىسىنى بېرىدۇ.

31-مارت (قوزا) كۈنىسى، ھىتلېر مىيونخېنغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنى، ھىتلېر ھەربى سەپتىن چېكىنىپ چىقىپ ئاددى بىر پۇخراغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆز تەلىۋى بويىچە بولغان بولىشى ئېھتىمال. ياكى باشقىلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ھەربى سەپتىن چېكىنگەن بولىشىمۇ بىر ئېھتىمال. ھىتلېر 50

www.pidaiy.biz

ماركا چېكىنىش سوممىسىنى ئېلىپ، بىر پەلتو، بىر شەپكە، بىر قۇر كىيىم، بىر قانچە ئىشتان، ئاياق-پايپاق ۋە ئىچ كىيىملىرىنى چامادانغا سېلىپ گازارمىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن دېرس (德尔希) كوچىسى 41-نومۇرلۇق بىنادىن چاققانغىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ جايلىشىدۇ. بۇ ئۆي ھاللىق سىنىپلار ئولتۇراق رايونىغا تەۋە يەردىكى ئۆي بولۇپ، ئىسار (易萨尔) دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر بىنادا ئىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك 3~4 قەۋەتلىك بىنالار بولۇپ، ئاستى قەۋىتى دۇكان ياكى ئىشخانا قىلىنغان، ئۈستى قەۋەتلىرى چاققان-چاققان ئۆيلەردىن ياكى بويتاقلار ئۆيلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى.

ھىتلېر ئىجارىگە ئالغان ئۆي بەكلا كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 غېرىچ، كەڭلىكى 8 غېرىچلا كېلەتتى. بۇ ئۆي ئۇنىڭ مانىبېرھېيمدا تۇرغان ئۆيىدەك كىچىك بىر ئۆي ئىدى. بۇ ئۆي، بىنادىكى ئەڭ سوغۇق ئۆي بولۇپ، ئۆي غوجايىنى ئېرلىنىگ (埃尔兰格)، "بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان خېرىدارلىرىمنىڭ تولىسى كېسەل بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، بۇ ئۆينى ئەندى ھېچكىمگە ئىجارىگە بېرەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئۈششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئىسكىلات قىلىپ قويغان ئىدىم" دەيدۇ.

ھىتلېر تاللىۋالغان بۇ ئۆي، «ميونخېن كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتى تەھرىراتىغا يېقىنلىرىدا بىر يەردىكى بىنادا بولۇپ، ھىتلېر بۇ يەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن تاللاپ ئىجارىگە ئولتۇرغان

ئىدى. چۈنكى بۇ گېزىت، ئىسمىنى «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» دېگەنــــگە ئۆزگەرتىۋالغانــــدىن كېيىنمــــۇ ئىزچىــــل تــــۈردە يەھۇدىيلارغــا، ماركسىــزمچىلارغا قارشــى كانــايلىق ۋەزىپىســىنى ئــۆتەپ كەلمەكــتە ئىــدى. ھىتلېرنىــڭ يەھۇدىيلارغــا قارشــى ئىدىيىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنە شۇ گېزىتنىــڭ تەســىرى ئــارقىلىق شــەكىللەنگەن دېــيىش مــۇمكىن. مەســىلەن، تېخــى يېقىندىلا بــۇ گېزىتتىا بېسىلغان بىرىنچى بەت باش ماقالىسىغا «يەھۇدىيلارغــا ئــۆزىمىزنى تونۇتــۇپ قويــايلى!» دەپ تېمــا قويۇلغان بولۇپ، ئاپتور ماقالىسىدا ھەر قانچە رەھىمسىز تەدبىــر قوللىنىشقا تــوغرا كەلگەنــدىمۇ يەھــۇدىيلارنى پۈتكــۈل گېرمــانىيە تەۋەســىدىن بىرنىمــۇ قويمــاي تــازىلاپ چىقىــش كېرەكلىكــى تەكىــتلىگەن. بۇنــداق ماقالىلارنىــڭ مــۇتلەق كــۆپ قىســمىنى رۇسىيىدىن قېچىپ چىققان مۇساپىرلار يازغــان ماقــالىلار بولــۇپ، ھىتلېر بۇ ماقالىلاردىن كوممۇنىزمنىڭ كۆندىن-كۈنگە خەتەرلىك تۈس ئېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ كەلمەكــتە ئىدى.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىــدىغان ھۇجــۇم نىشــانى يەھــۇدىيلار بىــلەن تېنچلىــق سۆلھىســىغا قــول قويغــانلار ئىــدى. بــۇ ئىشــلار تۈگىگەنــدىن كېيىــنلا ئانــدىن ماركسىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە، ھىتلېــر بىــلەن ئېكــارت ئىككىســى كومىنىســتلارنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىغا ئاز-تولا قايىل ئىدى. شۇڭا ئــۇلار بــۇ كومىنىستلارنى ئۆز يېنىغا قارىتىۋېلىشنى بەكلا ئــارزۇ قىلىشــاتتى.

ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ تەييارلىغان «نىمىسلار ۋە يەھۇدىي بولشېۋىكچىلىكى» دېگەن ماقالىسىدا، ئېكارت ھەتتا "نىمىس بولشېۋىكچىلىكى" دېگەننى تەرغىپ قىلىشتىنمۇ يانمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېر بىلەن بىرگە قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىندا، پارتىيە ئىچىدىكىلەرگە قارىتىپ "گېرمانىيەدىكى كوممۇنىستلار ھەقىقەتەنمۇ غايىلىك ئىنسانلاردۇر، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا گېرمانىيىنى ئازاد قىلىش كۆرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە" دەپ سۆزلەيدۇ.

ئەمما رۇسىيىدىن قېچىپ چىققان مۇساپىرلار بۇنداق كېلىشتۈرمىچىلىككە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ بولشېۋىكچىلىكنىڭ خەۋپى ھەققىدە يازغان ياكى سۆزلەپ بەرگەنلىرى، ھىتلېرغا كۈندىن-كۈنگە كۈچلۈك تەسىر قىلىشقا باشلايدۇ. شەرقتىن كەلگەن بۇ ئاخىرزامان مەلئۇنلىرى ئارىسىدا كىشىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشقا ئەڭ ماھىر بىرسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالفېرد روسېنبېرگ ئىدى. بۇ ئادەم ئېستونىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئېنجېنېرى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا يەنە بىر رەسسام ئىدى. بۇ كىشى بىلەن ھىتلېر يېڭى تونۇشقىنىدا بىر-بىرىگە ئۇنچىۋالا يېقىن بولۇپ كېتەلمەيدۇ. "ئەگەر مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا پۈتۈنلەي قايىل بولدۇم دېسەم قىپ-قىزىل يالغان گەپ قىلغان بولىمەن. — دەيدۇ روسېنبېرگ كېيىن ئەسلىمىلىرىدە. ئەسلىدە ئۇ، ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەتتىكى سۆھبەتلىرىگە قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىغا بەكرەك قايىل ئىدى، — مەن بۇ يەردە، ئەركىن بىر پۇخرالىق

جاسارىتى بىلەن قۇرۇق قول ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇقىم بىر غايە ئۈچۈن كىشىنى قايىل قىلارلىق كۈرەشكە ئاتلانغان ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ قىلغان پىشقەدەم بىر ئەسكەرنى كۆردۈم؛ مەن ئۇنىڭ نۇتقىنى 15 مىنۇت ئاڭلاپلا ھىتلېرنىڭ ئەنە شۇنداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.»

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەريانىدا روسېنبېرگنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئېكارتنىڭ ھەپتىلىك ژۇرنىلى بىلەن باشقا مىللەتچى ژۇرناللاردا كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ھىتلېر بىلەن ئۇ ئىككىسى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بىر-بىرسىدىن زادىلا ئايرىلالماس ھالغا كېلىدۇ. ھىتلېرغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، روسېنبېرگنىڭ "بولشېۋىكلار ھەرىكىتى، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيانى بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت يەرشارى خاراكتېرلىق ستراتېگىيىسىنىڭ بىر باسقۇچىدىنلا ئىبارەتتۇر" دېگەن گېپى ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەلىلىنى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە خاۋفىراخاۋىس (霍夫布劳斯) چوڭ يىغىنىدىن بىر كۈن كېيىن قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. شۇ كۈنىسى، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىدا «يەھۇدىي دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ خىتاپنامىنى ماسونلار شۋېتسارىيىنىڭ بىلوچېسېل (巴塞尔) شەھىرىدە چاقىرىغان قۇرۇلتىيىدا ئېلان قىلغان دەپ قارالماقتا. بۇ خىتاپنامە، ئەسلىدە دۇنيانى ھىلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چاقىرىلغان 24-نۆۋەتلىك مەخپىي قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان بىر دوكلات تېزىسى ئىدى. (بۇ "خىتاپنامە" نىڭ

لايىھسى ئەسلىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بۆشۈگى بولغان فرانسىيىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يازغۇچىسى چاررۇسىيىنىڭ بىر ئىشپىيونى ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روسىيىدە ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ خىتاپنامىنىڭ گېرمانىيىدە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىشى ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ بىر يىلدىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان رۇسىيىلىك مۇھاجىرلار چىقىرىۋاتقان بىر ژۇرنالدا بېسىلغان بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتلاردا تۈزۈك تەسىر قوزغىيالمىغان ئىدى. بۇ خىتاپنامە ئەسلىدە ئىختىيارى يازغۇچىلار تەرىپىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇيدۇرما ھۆججەت ئىدى. ئەمما بۇ ماتېرىيال ئىككىنچى ۋىلھېلم بىلەن ئىككىنچى نىكولاي تەرىپىدىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئەتىۋارلىنىدۇ. روسىيە چار پادىشا جەمەتى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىكاتىرىنبۇرگدا چار پادىشاسى تۇرغان يەردە بىر پارچە «ماسۇنلار خىتاپنامىسى»، بىر پارچە «ئىنجىل» ۋە بىر پارچە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن كىتابلار تېپىلغان ئىدى.) بۇ «خىتاپنامە»، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشى بىلەن يەھۇدىي تەھدىتى ئۈچۈن قىممەتلىك بىر پاكىت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە روسېنبېرگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھىتلېر، روسېنبېرگنىڭ بولشېۋىكلارغا قارىتا سەگەك بولۇش كېرەك دېگەن گېپىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شۇ كۈنلەرگىچە

قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىۋاتقان كوممۇنىزم مەسىلىسى ئاستا-ئاستا پارتىيە ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

بۇ «خىتاپنامە» نىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەنلەر يالغۇز ھىتلېر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. شۇ يىلىنىڭ ماي (ئارسلان) ئېيىدا لوندوندا چىقىدىغان «تايمس» گېزىتىمۇ بۇ ھەقتە ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىدا، بۇ «خىتاپنامە» يەھۇدىينىڭ يەھۇدىيغا قارىتىپ يازغان راست بىر ھۆججىتى؛ شۇڭا، بۇ ماتېرىيالغا ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، دەپ باھا بېرىشىدۇ. يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ئەسلىدە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن تەرغىپ قىلىنغان بىر قاراش ئىدى؛ «خىتاپنامە» پۈتكۈل ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئىچىدىلا تارقىلىپ قالماي، يەنە جەنوبى ۋە شىمالى ئامېرىكا قىتئەلىرىدىمۇ ئېلان قىلىنىدۇ. بۇمۇ يامان غەرەزلىك يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئەسىرلەر بويىچە كاتولىكلارنىڭ ئالغان تەربىيىسى "ئەيسانى يەھۇدىيلار ئۆلتۈرىۋەتكەن دېيىش بىلەن باشلىناتتى؛ بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى مورتى بولغان مارتىن لوتېرمۇ يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، يەھۇدىيلار تەگرىنى جىنغا ئوخشىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ سىبلىس، ۋابا، تەل-تۈكۈس ئاپەتنىڭ نەق ئۆزى" دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، يەھۇدىيلار خرىستىئانلار بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغاچقا، ئۇلارغا ئەڭ قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك، دەيدىغان قاراش ھەممىگە ھاكىم ئىدى.

www.pidaily.biz

ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئاساسلىقى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ۋە شۇنىڭدەك ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كۆزىتىشلىرىدىن كەلگەن بولۇپ (بۇ يۇيەردە بەكلا ئاجايىپ كۆرۈنگىنى، ھىتلېرنىڭ بۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆي خوجايىنى بولغان ئېرلىنگر 埃尔兰格 مۇ بىر يەھۇدىي ئىدى. بۇ يەھۇدىي ئۇ كۈنلەردىكى كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۇنىڭ بىلەن پەلەمپەيدە ياكى تاشقارقى ئىشىك تۈۋىدە پات-پات دوقۇرۇشۇپ قالاتتىم. ئۇنىڭ يېنىغا سەپ يۈرىدىغان خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىپ بىر نەرسىلەرنى خاتىرلەپلا يۈرىشىنى كۆرەتتىم. ... مەن ئۇنىڭ بىز توغرىلىق باشقىچە قاراشقا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ھەرگىز پەرەز قىلالمايمەن.")، ئەمما بۇ تۈر قاراشلىرى يەنە كېلىپ روسېنبېرگ، تۆرې جەمئىيىتى (图里会) ياكى گابىنو (戈比诺)، رود (路德) ۋە شۇ قاتاردىكى بىر قىسىم يەھۇدىي دۈشمەنلىكىدىكى كىشىلەردىن ئالغان قاراشلىرىنى بۇ كۆزىتىشلەردە ئىسپاتلاپ چىققانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىشكىلا بولاتتى. يەنى، ھىتلېر بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا لازىم بولىدىغان بەزى قاراشلارنىلا تاللىۋالغان دېيىش مۇمكىن. ۋە بەلكىم ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە يەنىلا شۇ كىچىك بروشۇرلار، ئاغزىدىن زەھەر تامچىپ تۇرىدىغان يەھۇدىي دۈشمىنى قارىشىدىكى پەسكەش ئوگچىل گېزىت-ژۇرناللار بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، بۇرۇندىن تارتىپلا، يەنى ۋېيىنادىكى



www.pdfdaily.biz

ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا بۇنىڭدەك پەسكەش نەرسىلەرنى قايىنتىپ ئىچىۋالغاندەك ئوقۇپ يۈرگەن ئىدى. بۇ تۈردىكى پەسكەش ئەدەبى نەرسىلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا تېرىۋەتكەن ئۇرۇقلار 1920 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست (چايان) تا، مىيونخېندىكى داڭلىق خوفبراخاۋۇس (霍夫布劳斯) ئاممۋى يىغىنىدا ئۆز مېۋىسىنى بەرگەن ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر "بىز نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا قارشىمىز" دېگەن تېما بويىچە ئىككى سائەت تىنماي سۆزلىگەن ئىدى. ھىتلېر سۆزىنى باشلا ـ باشلىمايلا "پەقەت بىزنىڭ پارتىيىمىزلا سىلەرنى يەھۇدىيلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن ئازات قىلالايدۇ!" دەپ ئېنىق ئېلان قىلىدۇ. ھىتلېر نۇتقىدا، يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپلا جەمئىيەتنى بۇلغاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى ئالاھىدە مەزمون ياكى رېتىمى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ كۆرستىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويىۋاتقان يەھۇدىي دۈشمەنلىك قارىشى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بىر قاراش بولۇپ، تارىخ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بۈگۈنكى ھادىسىلەر بىلەن تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئۇستىلىق بىلەن يۇغۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، يەھۇدىي خەۋپىنى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىۋالغان ئىدى. دەرۋەقە، بۇنىڭ پايدىسىنىمۇ كۆرىدۇ: خەلق بۇ تۈردىكى بايانلاردىن ھەقىقەتەنمۇ غەلىيانغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇ قېتىملىق يىغىندا

خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇن نەچچە قېتىمدەك سۆزىنى بۆلۈپ تۇردى. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنى كۆچمەن قاراقچىلارغا ئوخشىتىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە خەلقنىڭ يولىنى توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەتلەنگەن بىر خەلق دېگىنىدە، خەلق ئاممىسى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئالقىشلاپ كەتكەن ئىدى.

ئەستايىدىللىق بىلەن ئالدىن پىلانلاپ يېزىپ چىققان قارىلاش نۇتۇقلىرىغا، ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى بۇ قېتىمقىسىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچ نېمە ئەمەس ئىدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم ئاشكارە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەھۇدىي سۈيىقەستىنىڭ خەلقئارالىق خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇلار تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق مىللەتلەر باپ-باراۋەر بولىشى ۋە شۇنىڭدەك خەلقئارالىق ئىتتىپاقلىق قاتارلىقلار ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر سۈيىقەست ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدۇ. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنىڭ يۈزسىز، ئەخلاقسىز ۋە تەييارتاپ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى؛ بۈگۈنكى كۈندە يەھۇدىيلار بۇزغۇنچى، بۇلاڭچى ھەمدە “بارلىق مىللەتلەرگە زىيان سالىدىغان زىيانداش” قا ئايلانغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك قەتئىي كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ كۈرەشتە يەھۇدىيلارنى شەرقلىق ياكى غەربلىك، ياخشى ياكى يامان، نامرات ياكى باي دەپ ئايرىپ يۈرمەسلىك كېرەكلىكىنى، بۇ كۈرەش بىر يەھۇدىي ئىرقىغا قارشى كۈرەش

www.pdfdaily.biz

بولغانلىقى ئۈچۈن قىلچە پەرقلەندۈرمەي يەھۇدىيلا بولىدىكەن ئۇلارغا ئومۇمى يۈزلۈك قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشەيلى!" دېگەن بۇ شۇئار بۈگۈنكى دەۋرگە ماس كەلمەس بولۇپ قالدى؛ شۇڭا بۈگۈنكى جەڭگىۋار شۇئارىمىز "پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلار بىرلىشەيلى!"، "ياۋروپا خەلقىگە ئازاتلىق!" دېگەندەك ئۆزگەرتىلىشى كېرەك دەيدۇ. قىسقىسى، ھىتلېر يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى "ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىش" كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. گەرچە ھىتلېر بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى نىسبەتەن تۇتۇق بولغاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن رەھىمسىز بىر چاقىرىق ئىدى: "يەھۇدىيلارنى خەلقىمىز ئارىسىدىن تولۇق تازىلىۋېتىش كېرەك!" دەپ قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ھىتلېر، يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىغا خېلى بۇرۇنلا ئاتلىنىپ بولغان ئىدى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدىلا «مىيونخېن پوچتىسى» گېزىتىدا ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى مازاق قىلىپ دوراپ يۈرۈشىنى كۈلكىلىك دەپ ھېساپلاپ، "ئادولف ھىتلېر خۇددى بىر سىرىك سەنئەتچىسىگىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش شەكلى بىر سىرىك ئويۇنچىسىنىڭ نەق ئۆزى" دەپ يازغان ئىدى. بۇ قېتىملىق نۇتقىغا قارىتا بۇ گېزىت خېلىلا سەگەك مۇئامىلىدە بولغان بولۇپ، ھىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرى ھەقىقەتەنمۇ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىپ، "شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭلار كېرەككى، ئەگەر ھىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىنى تىلغا ئېلىشقا

www.pidaw.biz

ئەرزىگۈدەك نېمىسى بار دەپ سورالغىنىدا، مېيونخېنىدا قوزغىلاڭچى ئامىنى زېرىكمەي كۈشكۈرتۈپ كەلگەن ئادەم، دەل شۇ ھىتلېردۇر" دەپ يازىدۇ.

ئەمما ھىتلېر، بۇ جەھەتتە جىدەل چىقارغۇچىلار بىلەن ئىرقچىلارغىلا چاقىرىق قىپ قالمايدۇ. ئۇ يەھۇدىيلارغا قارشى چاقىرىق قىلىشتا بۇ ئىشقا ئالاھىدە قىزىققىدىغان كىشىلەردىن ئۆلۈغ ئىمپېرىيە قۇرۇشنى ئاخىرقى غايە قىلىشقان كىشىلەر، يەنى ئەتىۋارلىق ھالدىكى سىنىپلارنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق شەھەر ئاھالىسىمۇ بار ئىدى. 1913 ـ يىلىسىلا، بۇ تۈردىكى كىشىلەر "پان گېرمان ئىتتىپاقى" نىڭ باشلىقى ھېلىش كىراس (汉利希•克拉斯) نىڭ "يەھۇدىيلار بارلىق خەۋپلەرنىڭ بىردىن ـ بىر مەنبەسى؛ يەھۇدىيلار بىلەن نېمىسلار قەتئىي چىقىشالمايدىغان ئىككى خىل خەلق" دېگىنىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. كىراس (克拉斯) يەنە "چوقۇم بىرسى چىقىپ نېمىس خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ يەھۇدىيلارغا قارشى كۆرەش باشلايدۇ؛ بىز ئەنە شۇنداق بىر لىدېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتمەكتىمىز! سەۋر قىلايلى، زېرىكمەي ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى، ئۇنداق بىرسى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ! شۇڭا بۇ كۆرەشتە قەتئىي چېكىنمەسلىكىمىز كېرەك، بۇ جەھەتتە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ پائالىيەت قىلىشىمىز كېرەك!" دەپ تەكىتلىگەن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ تېزىسىدىن ئۇنىڭ يەھۇدىيلاردىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قورققانلىقىنى

كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن: "قان شوراپ تەييارتاپلىققا كۆنۈپ كەتكەن يەھۇدىيلار! ئۇلار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى يىتەكچىلىك روھىنى سۇندۇرماقتا؛ بۇ يەرنى رۇسىيىنىڭ جەسەت ساقلاش مەيدانى ھالىغا ئايلاندۇرماقتا!" ... "يەھۇدىيلار بۈگۈنكى گېرمانىيىنىڭ مۇستەبىتى ھالىغا كېلىۋېلىشقان؛ بۇ كۈرەش ھەرگىزمۇ دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىتلەر ئوتتۇرسىدىكى بىر كۈرەش ئەمەس. ياق، ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىر كۈرەش ئەمەس. بۇ كۈرەش يەھۇدىيلار بىلەن نېمىسلار ئوتتۇرسىدىكى بىر كۈرەش. بۇنى كىم تونۇپ يېتەلىدى؟" ... "ئاكتسىيە بازىرى بىلەن ھايانكەشلىككە تايىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن تېنچلىق — يەنى پۇل پاخاللىقى دەۋرىدىكى ئاچارچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ زىننەت بۇيۇملىرىغا بولغان تەلەپلەرنى، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىنىڭ غەرىزىنى بىلەمسىلەر؟ بۇلاردىن كىم مەنپەتدار بولىۋاتقانلىقىنىچۇ؟ يەھۇدىيلار! ... بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر تەييارلىقى! بۇنى پۈتمەس-تۈگىمەس تەلەپلەر، ئاچارچىلىق تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. بولۇپمۇ ئاچارچىلىق پەيدا قىلىش، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قورالى. ئاچارچىلىق پەقەت يەھۇدىيلارغىلا مەنپەت كەلتۈرۈپ كەلمەكتە." ... "دۇنيا ئىنقىلابى دېگەنلىك، پۈتۈن دۇنيانىڭ خەلقئارالىق ئاكتسىيە بازىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا، يەنى يەھۇدىي مۇستەبىتلىرىگە ئەل بولۇشى دېگەنلىكتۇر."

مسال كەلتۈرۈلگەن بۇ ئۈزۈندىلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىي قورقۇنچىسى بىلەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭ رەسمى سىياسى پەلسەپەسى ھالىغا قاراپ تەرەققى قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭدىكى تېخى يۇمران بىخ ھالىتىدە تۇرىۋاتقان دىپلوماتىيە سىياسىتى چۈشەنچىلىرىنىڭمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ھىتلېر شۇ يىلى سىنتەبىر (ياچاق) دە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا مۇنداق دەيدۇ: "بىز بۈگۈن پۈت-قولىمىز چۈشەلگەن، مىدىر-سىدىر قىلالماس، ئۈن چىقىرالماس ھالغا كەلتۈرۈلدۇق. بىز گەرچە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىمىزدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان بولساقمۇ، دۈشمىنىمىز بولغان فرانسۇزلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ھەرگىز قورقماسلىقىمىز كېرەك" دەپ خىتاپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈش مەسىلىسىنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي، ھىتلېر "بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزگە دۈشمەن بولىۋاتقان كۈچ ئىتالىيە ياكى باشقا يەردە ئەمەس بەلكى رېيىن دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرماقتا." دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، يەھۇدىيلار پەيدا قىلغان ئىنتېرناتسيونالىزمغا قارشى تۇنجى قېتىم ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى روسېنبېرگ ۋە ئۇنىڭ يازغان «خىتاپنامە» سىدىن ئىلھاملىنىپ شەكىللەنگەن بولىشى مۇمكىن. ھىتلېر، يەھۇدىيلار بىلەن ئىنتېرناتسيولىزمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قارايتتى. فرانسىيىگە قارشى تۇرۇشتا

ئىتالىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇش كېرەكلىكىنى تاللىۋالدۇ؛
گەرچە بۇ قاراشلىرى ھىتلېرنىڭ دەسلەپكى قاراشلىرى
ھېسابلانسىمۇ، مەنتىقىلىق ھەمدە ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولىدىغان
دىپلوماتىيە سىياسىتى تىكلەش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ
قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ھىتلېرنىڭ ئوق دورا
پۇراقلىرى قاپلاپ كەتكەن جەڭ مەيدانلىرىدىن ئالغىنى ئالدىنقى
سەپلەردە بولغان ئەسكەرلەردە ئەزەلدىن بار چۈشەنچىلەر بىلەن
بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئىدى؛ كىشىلەرگە بىر مۇنچە ئېغىر
جاراھەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن قىزىللار ئىنقىلابىدىن چىققارغان
خۇلاسىسى بولسا پۇخرالاردا ئەزەلدىن بار بولۇپ كەلگەن
چۈشەنچىلەر ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئىدى. ئەندىلىكتە
بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ يوقۇرقىدەك چۈشەنچىلىرىنى رەتكە سېلىپ
سىستېمىلاشتۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم
غايىسى بولغان ۋېيىننادىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ئۆتكەن
كۈنلىرىدە جان تالىشىش جەريانىدا ئادەتتە ئىچىدە ساقلىنىپ
كەلگەن يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ
ئەزەلدىن بار غايىسى ئەمەس ئىدى.

ئادولف ھىتلېر، ئەمىلى سىياسى ساھەلەر بويىچە قەدىمىنى
تېزلىتىشكە باشلايدۇ. ئادولف، ئاساسەن قۇرۇق قول دېگىدەك
پارتىيىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشىدۇ. يەنى، بۇ
پارتىيە بۈگۈن "مىللى سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى"
دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا ئىدى (خىتايچە تەرجىمىلىرىنىڭ
كۆپ قىسمىدا بۇ ئىسىم "دۆلەت سوتسىيالىزمى گېرمانىيە

www.pdaiy.biz

ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ تەرجىمە قىلىناتتى. بۇ تەرجىمىدە گېرمانىيە سۆزى باشقا ئېلىنغان. شۇنىڭدەك، خىتاي سىياسى قارىشى بويىچە، ھەر قانداق بىر دۆلەت پەقەت بىرلا مىللەتكە تەۋە بولىدىغانلىقى، شۇڭا دۆلەت ئۇقۇمى پەقەتلا شۇ دۆلەتنىڭ غوجايىنى بولغان مىللەتنىلا ئىپادىلەپ، كۆپ مىللەتلىك تەڭ-باراۋەر ئومۇم خەلق دۆلىتى ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلمايدىغان خىتاي شوۋىنىست ئادىتى بويىچە خىتاي مىللىتى سۆزى بىلەن تەڭ مەنىدىكى دۆلەت ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن خىتايلار بۇ يەردىمۇ مىللەت ئورنىغا دۆلەت ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئەمما «كۈرەش يولۇم» نىڭ قايسى بىر خىتايچە تەرجىمىسىدە بۇ ئىسىمدىكى "دۆلەت" ئاتالغۇسى ھەيران قالارلىق شەكىلدە ئەسلى مەنىسى بويىچە "مىللىي" دەپ توغرا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە مۇقىملىشىپ قالغان "دۆلەت سوتسىيالىزم گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ ئېلىش ئورنىغا "مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ ئېلىشنى توغرا تاپتىم. بۇ يەردە يەنە مىللىي سۆزى، ئەسلىدە مىللەتچىلىك ئۇقۇمىنى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزم سۆزىمۇ سوتسىيالىست مەنىسىنى ئىپادىلىگەن، دەپ قارايمەن. شۇڭا، ئەسلى ئەڭ توغرا تەرجىمە «مىللەتچى سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى» بولىشى كېرەك ئىدى. — ئۇ.ت). ھىتلېر بۇ ئىسىم ئارقىلىق نېمىس خەلقىنى رىغبەتلەندۈرۈش، قورقۇنچاقلارنى قورقۇتۇش، ئۆز مىللىي

www.pdaiy.biz

غايىسى ئۈچۈن قان تۆككەن نېمىسلارنى جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

خۇددى شۇ مەقسەتتە، ھىتلېر پارتىيە بايرىقىنىمۇ كومپارتىيىنىڭ قىزىل رەڭلىك بايرىقى بىلەن تەڭ تۇرالىشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇپ، "بىزنىڭ بايرىقىمىز كوممۇنىستلارنىڭ بايرىقىدىنمۇ بەكرەك قىزىل بولۇشى كېرەك" دەيدۇ.

دىرېكسلېر بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىسىدە ھىتلېرنىڭ دېگىنىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ قىزىل رەڭگى قىزىللارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىشى كېرەك؛ ئەمما ئۇلاردىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىشى كېرەك، دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرى بىر كۈنى ستانبۇرگ (斯坦伯格) لۇق بىر چىش دوختۇرى يۇرتىدا پارتىيە شۆبىسى قۇرۇلغاندا ئىشلەتكەن كرىست بەلگىلىك بىر بايراقنى سوغا قىلىدۇ. بۇ بايراقنىڭ رەڭگى قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ خىل رەڭدە ئىدى. بايراقتىكى تەتۈر چىشلىق كرىست بەلگىسى، يەنى سانسكرىت يېزىقىدا "ئۇچۇق-ئاشكارە" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ بەلگە، ئۇزۇن مەزگىل سەلىپ رىتسارلىرىنىڭ (条顿武士) بەلگىسى بولۇپ كەلگەن، لانس ۋون لىبىنفورست (兰斯•冯•莱本弗尔斯 )، "تۆرە جەمئىيىتى" (图里会)، "ئەركىن پولكلار" قاتارىدىكى خىلى كۆپ ئورگانلارمۇ ئىشلەتكەن بىر بەلگە ئىدى. ئەسىرلەر مابەينىدە بۇ بەلگە ياۋروپانىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق بەلگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، شىمالى ئامېرىكىنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنىڭ قۇياش بەلگىسى ياكى ئاخىرزامان بەلگىسى



www.bidaiy.biz

ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇ بەلگە، شۇنىڭدىن كېيىن، بەلكىم مەڭگۈلۈك بىر گۈناھنى بىلدۈرىدىغان بەلگە بولۇپ قالىدۇ.

## (3)

كاپ (卡普) قوزغىلىڭى ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇرۇلغان كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم ئىشلىرى لىڭشىپلا قالىدۇ. ئېبېرت بىلەن “سوتسىيالىزمچىلار كۆپسانلىقى” پۈرسەتپەرەستلىك (ئوپپىرتونىستلىق) مەيدانى بويىچە “ئەركىن پولكلار” قىسىملىرىدىن پايدىلىنىپ پور () رايونىدىكى ئىشچىلارغا قارشى چىقىپ، ئۇلارنىڭ سولچىل “مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار” ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ چوڭقۇرلۇشىشقا باشلايدۇ. بۇلار 1920-يىلى باش باھاردا، خائىنلىق قىلغانلار، ئۆز ئىچىدە يەنە كوممۇنىستلارغا يېقىنلىق قىلىدىغانلار ۋە كوممۇنىستلارغا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈچلىرى بىر-بىرسىگە تەڭ ئىدى. ئۇلار “مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسى” نىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن بۇ پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسيونال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن خالى (哈勒) دا 5 كۈنلۈك قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. يىغىندا سۆزگە چىققانلار ئىچىدە كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلىپ

www.pidaiy.biz

قىلغىنى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ باشلىقى، موسكۋادىن كەلگەن گرىگورى ژىنوۋيېۋ (格利戈里•季诺维也夫) ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ ئۇنى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشتىكى مەقسىدى، 900 مىڭ كىشىگە يېقىن گېرمانىيە سوتسىيالىزمچىلارنى رادىكال سولچىلار تەرىپىگە تارتىپ كېلىش ئىدى. ژىنوۋيېۋ بىر قانچە سائەتلىك نۇتقى جەريانىدا "نېمىسچىنى بۇزۇپ كېكەچلەپ سۆزلىگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ نۇتقى يەنىلا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ." ئۇنىڭ نۇتقى كوممۇنىستلارغا يېقىن گۇرۇھلار تەرىپىدىن گۈلدىراس ئالقىشلارغا ئېرىشىدۇ.

كەينىدىنلا ئوڭ ـ سول ئىككى قانات كىشىلەر شىددەتلىك مۇنازىرە قىلىشىدۇ. بۇ مۇنازىرىدە ئوڭچىللىقتا مايىل گۇرۇھتىكىلەرنىڭ كۆرسەتكەن دەلىللىرى ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ئەمما دۇنيا ئىنقىلابى ھەققىدىكى كۆزقاراشلارمۇ كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. يىغىندا، 237 ئاۋاز بىلەن لېنىننىڭ شەرتلىرى بويىچە تەشكىل قىلىنغان ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىش ماقۇللىنىدۇ. بۇنىڭغا قارشى ئاۋاز بەرگەنلەرنىڭ سانى 156 ئاۋاز بىلەن چەكلىنىپ قالغاچقا، ئاۋازغا قويۇش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپچىسى يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. چىقىپ كەتمىگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كوممۇنىستلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەكىللەردىن بىرسى چوڭقۇر ئۇيقىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك خالى (哈勒) دىن ئايرىلىدۇ. بۇ كىشى ئوتتو

ستراسسېر دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ئادەم ژىنوۋېيېۋنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ بارغانسىرى ناخوش بولۇپ ئەنسىرەشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گويا يېڭى بىر دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇش تەلىماتىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتلارغا كەلگەن ئىدىم، يەنى موسكۋا گېرمانىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم." ئوتتو ستراسسېر، ئاكىسى گرىگور بىلەن بىرگە ئۇزۇندىن بۇيان سوتسىيالىزم خامخىيالىنى قىلىپ يۈرگەن كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ ئىككىسى قەتئىي تۈردە شىددەتلىك ئىسلاھات ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، بۇنداق بىر ئىسلاھات چەتئەللىكلەرنىڭ تەسىرىگە قەتئىي ئۇچرىمايدىغان بىر ئىسلاھات بولىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى گېرمانىيىگە خاس سوتسىيالىزم بولىشى كېرەك ئىدى. ئوتتو، بۇنداق بىر ئىش ئۈچۈن پەقەتلا ئىنقىلابى تۈس ئالغان "مۇستەقىل سوتسىيالىستلار پارتىيىسى" ئىچىدىنلا ئادەم تېپىلىدۇ دەپ قارىغان ئىدى.

خالى (哈勒) يىغىنىدىن كېيىن، ئوتتو پارتىيىسىز بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە، شۇڭا لانىست (兰舒特) قا بېرىپ ئاكىسى گرىگور بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولىدۇ. گرىگور "ئەركىن پولك" شەكلىدە پىيادە قىسمى، توپچىلار باتارىيىسى ۋە پىلىموتچىلار روتىلىرى بولغان ئۆزىگە تەۋە قوشۇندىن بىرنى تەشكىللەپ چىققان ئىدى. ئۇ، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ئېغىر خەۋپ رۇسىيىدىن كېلىدۇ؛ ئەمما

ھېچ بىر پارتىيە رۇسىيىگە قارشى ئوگۇشلۇق ھەرىكەت قىلالماي كەلمەكتە" دەپ قارايتتى. "قۇرۇق گەپلەر بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، — دەيدۇ گرىگور، — بىز چوقۇم ئەمەلى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك." بۇ مەسىلىنى دەرھال مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا ئىككى مېھمان كېلىدۇ.

ئوتتۇ ستراسسېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن چوڭ بىر ئاپتوۋۇز ئاكىسى گرىگور ستراسسېرنىڭ ئاپتېكىسى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ئاپتوۋۇزدىن ئىككى ئەر كىشى چۈشۈپ كېلىدۇ. ئوتتو ئۇلاردىن ئالدىدا ماڭغان بىرسىنى تونۇۋالىدۇ. ئۇ كىشى بارلىق مىللەتچىلەر قەلبىدىكى قەھرىمان ھېساپلىنىۋاتقان گېنېرال لۇدېندورف دېگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە تاتىراڭغۇ چىراي، بەكلا قېلىن ئەمما قىسقا بۇرۇتلۇق بىر يىگىتمۇ بار بولۇپ، ئۇچىسىغا پەقەتلا ياراشمىغان كۆك رەڭلىك پەلتو كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئادەم خۇددى "باتالىيون كوماندىرىنىڭ خەۋەرچىسى" گىلا ئوخشايتتى. ئۇ كىشى دەل ھىتلېر دېگەن كىشى ئىدى. "بىز چوقۇم بارلىق مىللەتچىلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىشىمىز كېرەك." دەيدۇ گېنېرال لۇدېندورف. ئۇ يەنە، سىياسى تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ھىتلېر ئەپەندىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى؛ بۇ مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ھەربى ھوقۇقىنى ئۆزى قولىدا تۇتىدىغانلىقىنى؛ گرىگور بىلەن قالغان ھۆججەتلەر ئەترىتى "مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بوي سۇنىشى، شۇنىڭدەك ھىتلېر ئەپەندىنىڭ پارتىيىسىگە قوشۇلىشى كېرەك" دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھىتلېر، گرىگورنى مەملىكەتلىك بىرىنچى رايوننىڭ پارتىكوم رەھبىرى بولىشىغا قوشۇلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك تۈۋەنكى باۋارىيىنى ئۈنىڭغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئوتتونىڭ ئەھۋالىدىن پەقەتلا مەلۇماتى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا ئوتتو، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى نېمە دەپ سورايدۇ. “مەسىلىنىڭ تۈگۈنى پروگراممىنىڭ قانداق بولىشىدا ئەمەس. — دەيدۇ ھىتلېر، — مۇھىم بولغىنى ھوقۇق مەسىلىسى.” ئوتتو بۇ گەپكە رەددىيە بېرىپ، ھوقۇق، پروگراممىنى ئىجرا قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس دەپ تۇرىۋالىدۇ. “بۇ دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي زىيالىيلارچە قاراش. — دەيدۇ ھىتلېر، — بىز ھوقۇققا مۇھتاجمىز!” دەيدۇ كەسكىن قىلىپ. روشەنكى، ھىتلېر ئوتتونى پەقەتلا ياراتمايدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئوتتونى قىزىللارنىڭ تەرىپىنى ئالغان، كاپ (卡普) ھۆكۈمىتىگە قارشى ئادەم ئىكەنسەن دەپ تەنقىتلەيدۇ.

بۇ گەپكە ئوتتو دەرھال رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مىللىي سوتسىيالىزمچىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا كاپ (卡普) قا ئوخشاش ئەكسىيەتچى بىرسىنى ھەرگىزمۇ ھىمايە قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا چۈشۈندۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر سوتسىيالىست بولۇش سۈپىتى بىلەن بېرلىندا كۈرەش قىلغانلىقىنى، يەنى خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش بۇرۇن مىيونخېندا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشلىرىدىن قارىغاندا

ئۇلار ئىككىسىنىڭلا تۇتقان يولى توغرىدەك كۆرۈنەتتى. ھەر ئىككىسىلا ئۆزى تۇتقان يولنىڭلا ھەقىقى سوتسىيالىزم يولى بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ.

بۇ چاغدا لۇدېندورف گەپكە ئارىلىشىدۇ: "مىللەتچى مۇخالىپلارنىڭ تۇتىدىغان سىياستى ھەرگىزمۇ كوممۇنىزم سىياستى بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك كاپىتالىزم سىياستى بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس." ئۇ، تولۇق قۇراللانغان ئارمىيە يېتىپ كەلگىنىدە، ئىشچىلارغا قارىغاندا كاپىتالىستلارنىڭ باش ئاغرىقى تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ كىشىنى چۆچىتكىدەك بۇ گەپلىرى سۆھبەت مۇھىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەرمۇ دوستانە مۇھىت ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، گرىگور كەسكىن بىر نېمە دېمەي ئويلىشىپ بىر نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، گرىگور ئىنىسىگە مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭچە گېنېرالىمىز ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. بۇ جەھەتتە مەن لۇدېندورفقا ئىشىنىمەن."

ھىتلېرنىڭ ئوتتو ستراسسېرغا پارتىيە پروگراممىسىنى ئاشكارىلاشنى خالىماسلىقىدىكى ئاساسى سەۋەپ، ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكى ياكى ئېنىق تونىماسلىقىدىن بولماستىن ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جاھىل بولغانلىقى، يەنى بۇرۇن كاپ (卡普) قا قارشى چىققان بىر "ۋەتەن خائىنى" بىلەن بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىغانلىقىدىن دېمىگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، ھىتلېرنىڭ بۇ زىيارىتىنىڭ مەقسىدى گرىگور بىلەن

www.pidaw.biz

ئۇنىڭ تەشكىللەپ چىققان ئارمىيىسىنى ئۆزىگە تارتىشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدى. خوشلىشىش ۋاقتىدا، ھىتلېر بۇ ئىككىسىنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ سېپىگە كېلىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. گرىگور ستراسسېر بىلەن ھىتلېر ئوخشاش تىپتىكى ئادەملەردىن ئىدى: ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باققان تۆۋەن دەرىجىلىك بۇ ئوفىتسېر خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست مېدالىغا ئېرىشكەن بىرسى ئىدى. روشەنكى، بۇ كىشىمۇ چوقۇم ئەقىدىلىك بىرسى؛ ئۇمۇ قىزغىن مىللەتچى بىرسى، يەنى ماركسىزمغىمۇ، كاپىتالىزمغىمۇ قارشى تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ يەنە ستراسسېرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يەھۇدىيلار مەسىلىسى باش ئاغرىتىدىغان مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ دەيدىغان ئورتاق قاراشقا ئىگە كىشىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىدۇ.

ھىتلېر ئۆز ۋاقتىدا تاينى يوق بىر پارتىيە ھېساپلانغان گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغىنىدىن بويان، گرىگور ستراسسېرنى يېنىغا تارتالىغانلىقى ئۇنىڭ ئورۇنىدىغان ۋەزىپىلىرىدىن پەقەت بىرسىلا ھېسابلىناتتى. ھىتلېر، بىر يىلغا قالماي بۇ پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماي، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىنىمۇ 3 مىڭ كىشىگە يەتكۈزىدۇ. ئادولف، پۈتۈن زېھنىنى مىللى سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ھەممە يەرگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋە پارتىيىسىنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئادولف ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى

سۈپىتىدە 80 قېتىمدەك ئاممىۋى يىغىندا سۆزگە چىققان ئىدى؛ كاپ (卡普) قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ئېكارت بىلەن بىرگە بېرلىنگە بارغاندا، مىللىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ سالزبۇرگ (萨尔斯堡) يىغىنىدىمۇ نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى.

شۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھىتلېر ئۇنچە بەك مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك ھالغىمۇ كەلمەيدۇ. ئەسلىدە، ئۇ تۇرغان ئۆيدە تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، مۇھاپىزەتچىسى ئۇلرىچ گراف (بۇ كىشى بۇرۇن بىر قاسساپ ئىدى) قا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئۈستىدە قايناپ، "ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىمنى چىقىپ خەلقىمگە ئۇختۇرالمايۋاتىمەن. ئۆزەمنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى خەلقىمگە دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن. مەن نېمىشكە نۇتۇق سۆزلەشنى بىلمەيدىغان بىرسى بولۇپ قالغاندىمەن! بىر ناتىق بولۇشنى نەقەدەر خالايتتىم!" دەپ ۋارقىراپ ئۆزىنى كايىپ كېتەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبى بىلەن ئاممىۋى يىغىنلاردا خەلقنىڭ قەلبىنى تىزگىنلەش ئۇسۇلىدىن رازى بولمىغاچقا، بۇ ئىككى قابىلىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن رەقىپلىرىنىڭ ئاممىۋى يىغىنلىرىغا بېرىپ قاتنىشىپ باققان، ئۇ يەرلەردە ئاساسى ناتىقنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ۋاقتىدا "ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى خۇددى ئىنتايىن مۇكەممەل يېزىلغان گېزىت-ژۇرناللاردىكى چاتما ماقالىلاردەك، ئىلمىي ماقالىلاردەك رەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياجانلاندۇرارلىق سۆزلەرنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بىر قىسىم چاخچاقلارنىمۇ

www.pdaly.biz

ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى” كۆرىدۇ. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئاممىۋى يىغىنلاردا نىمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇق تىزىسىنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ جانلىق، رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى يۇقىرى هالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مۇھىتىنىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېقىملىق هالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن بىرگە، كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا پىۋا، قېيزا قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا بىكارغا تارقىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر پارتىيە مەبلىغى يېتەرلىك بولۇپ بەرگىنىدە يەنە بەزىدە ئاكاردىيون چېلىپ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ خەلقنى روهلاندۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ خەلق رەسمى قىزىپ جانلانغان پەيتتە هىتلېر مۇزىكا مارشلار، كرىست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن بىرگە مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا هىتلېر نۇتقىنى باشلاش ۋاقتىدا ئىنتايىن خاتىرجەم، ئۆزىنى تۇتىۋالغان قىياپەتتە گېپىنى باشلايدۇ. ئاندىن خۇددى بىر ئارتىسقا ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ هېسسىياتىنى پۇختا ئىگەللىۋالغان هىتلېر، ئاممىنىڭ مىجەزىگە ئاساسەن نۇتقىنىڭ رېتىمى بىلەن مەزمۇنىنى تەڭشەپ يىغىن مەيدانىدا كۈچلۈك هاياجان پەيدا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى پەقەتلا تىنجىتىش مۇمكىن بولمايدىغان يۇقۇرى پەللىگە يەتكۈزەلەيتتى.

ئاممىۋى يىغىلىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ تۈر ئۇتۇقلاردىن هىتلېر يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى بىر سەهنە، يەنى ئۆزىگە تەۋە بىر گېزىتمۇ بولۇشى لازىم ئىدى.

www.pdaily.biz

بۇرۇنقى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» دېگەن گېزىت قارىلاش سۆزلىرىنىڭ بەكلا كۆپلىكى سەۋەبىدىن تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ گېزىت دەل ھىتلېرنىڭ تەلىۋىگە ماس كېلىدىغان بىر گېزىت ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ گېزىتنىڭ مالىيە كىرىزىسكە پېتىپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتىۋاتقىنى ئىدى. 17 ـ دېكابىر (ئاراي) سەھەر سائەت ئىككىدە، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئېكارتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭغا بۇ گېزىت بەكلا كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ گېزىت قەتئىي تۈردە قولدىن چىقىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئەمما بۇ گېزىتكە كۆز تىكىپ يۈرگەن بىر بۆلگۈنچى تەشكىلات بۇ گېزىتنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە يۈرگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ گېزىتنى، يەنى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» نى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ سېتىۋېلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇ گېزىت ئۈچۈن بەكلا ئەرزان بىر باھا قويىدۇ. يەنى بۇ گېزىتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 180 مىڭ ماركلا يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر، بۇنچىلىك پۇلنى ئېكارت باي دوستلىرى ئارىسىدىن يىغالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 دە درېكسلېر ئېكارتنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلار كەينىنى ئويلايدىغان بىرسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ قىيىنچىلىق بىلەن تولغان، ئەمما بۇنى ئېتىراپ قىلىشمۇ تەس بىر پەيتلەر ئىدى. درېكسلېر بۇ ھەقتە

ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "دەسلىۋىدە ئۇ رەنجىپ ۋارقىراپ چىچاڭشىپ كېتىدۇ. كېيىن ئىككىمىز بىرلىكتە پۇل تېپىش ئۈچۈن يولغا چۈشتۇق." چۈشكە يېقىن ئۇ ئىككىسى گېنېرال ۋون ئېپ (冯•埃普 Ritter von Epp) نىڭ ئالدىغا باردۇ (بۇ گېنېرال نىڭ "ئەركىن پولك" قىسىملىرىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا 1919 ـ يىلى ميونخېندىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئىدى). ئۇ ئىككىسى بۇ كىشىدىن 60 مىڭ ماركا ئىئانە ئالىدۇ. قالغان ئىئانىچىلاردىن (يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان بىر دوختۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) 30 مىڭ مارك ئىئانە توپلايدۇ. درېكسلېر ئۆزىلا بۇ گېزىتنىڭ 100 مىڭ ماركتىن ئارتۇق قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتخانىسىنى سېتىۋېلىش رەسمىيەتلىرى پۈتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا، ھىتلېر، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىدىكىلەرگە، ئاساسلىقى غەلىتە مىجەزلىك يازغۇچى بولغان بىرسى بىلەن قۇرال ـ سايمان ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىستىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كېيىنكى ئىلگىرىلەش تەييارلىقلىرىنى كۆرۈپ قويىدۇ.

## (4)

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنى 1921 ـ يىلى 22 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار

پارتىيىسى مىيونخېندا بىرىنچى قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا باۋارىيە ئوڭچىل سىياسى كۈچلەر ئارىسىدا بۇ پارتىيە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر سىياسى ئېقىم ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ھىتلېرنىڭ كىشىلەرنى ماگنېتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىش خاراكتېرىگە ۋە زېھنىگە ئىگە بىرسى بولغانلىقى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىكى قابىلىيىتىمۇ بۇرۇنقى قۇرۇق پاراڭدىن باشقا قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدىغان بىر تەشكىلاتنى ھەرىكەتكە يېتەكلەش قابىلىيىتىدىن كەلمەكتە ئىدى. پارتىيىنىڭ درېكسلېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىسىم قۇرغۇچىلىرى پارتىيىسىنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇلار ھىتلېرنىڭ ئىنتايىن پاسسىپ بىر تەشكىلاتنى جانلاندۇرۇپ بۇنچە ئاكتىپ پائالىيەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇنداق جانلاندۇرۇلۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ-يوق دەپ ئويلىنىشقا باشلايدۇ. ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھىتلېر پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈمران ئورنىغا ئېرىشىپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ھىمايىچىلىرى ئارىسىدا روم، ستراسسېر ئاكا-ئۇكىلار، روسېنبېرگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پارتىيىگە ئېلىپ كىرگەن ئەقىدىلىرى زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك ئەقىدىلەر ئىدى. ھىتلېر يېقىن مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان

بەزى كىشىلەر پارتىيىگە ئېلىپ كىرىلگەن بۇ تۈردىكى كونا ئەسكەرلەردىن بەكلا زېرىككەن ئىدى. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ بۇ ئادەملىرىدە بوخېمىيىلىك يۇرتۋازلىق خاراكتېر بەكلا كۈچلۈك دەپ قارىشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ھەقىقى سوتسىيالىزمچى بولغان قايسى ئادەم بانكىرلار بىلەن، فابرىكاتورلار بىلەن، شۇنىڭدەك بېچستېين (贝希斯坦) غا ئوخشاش سوتسىيالىزمچىلار بىلەن بۇنچىۋالا زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ باققانتى؟

مۇنداق قارىماققا، بىرىنچى قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتايدا ھىتلېر توپىلاڭ چىقىرىپ ئاشكارە ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىدىغاندەكلا قىلاتتى. قۇرۇق قول ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئارزۇسى مەنتىقىلىقتەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەمما ئاران 411 نەپەر ۋەكىللا مىيونخېنغا يۈرۈش قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى كۆرگەن ھىتلېر ئۆزىنى تۇتىۋالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسەت ۋە تاكتىكىغا دائىر مەسىلىلەردە بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان پىكىر ئىختىلاۋىنى ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۇنچە بەك چۈشىنىپمۇ كەتمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە قۇرۇلتاي ئىنتايىن ئىتتىپاقلاشقان كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، ئىچكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەر قۇرۇلتايدا كۆرۈنۈشتە دوستانە مۇزاكىرە قىلىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئاستىرتىن قاتتىق كۈرەش كېتىپ بارغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، كۆپچىلىك بىرلىككە كېلىپ 12 كۈندىن كېيىن ھىتلېرنى چېركوس كرونا (济尔库斯•克罗纳)

دا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

شۇ يىلى قىشتا كۈن ئۆتكۈزمەك ھەقىقەتەنمۇ تەسلىشىپ كەتكەن ئىدى. گېرمانىيە تەۋەسى بويىچە ئاشلىق بۇلاش ۋەقەلىرى پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى. پارىژدىكى “ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئەڭ ئالى ھەربى ئىشلار كومىتېتى” گېرمانىيىدىن زور مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىش تەلىۋىدە بولىشى نەتىجىسىدە جەمئىيەت مۇقىملىقى تېخىمۇ ئېغىر بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان گېرمانىيە 13 مىليون 400 مىڭ مارك ئۇرۇش چىقىمى تۆلەيدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر زىمىستان سوغۇقتا ئاچقۇرساق تىتىرەپ قىشنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىشچىلارنىڭ بىر يىللىق مائاشى ئارانلا قۇرساق تويغۇزۇشقا يېتىدىكەن. ھەتتا ھاللىق سىنىپلارمۇ قىيىن كۈنلەرگە قالغان.

خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىۋى چېكىگە يەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاساسلىق پارتىيىلەر كىنىش (科尼希) مەيدانىدا بىرلەشمە نارازىلىق مىتىنگى ئۆتكۈزسەكمۇ-قانداق دەپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ تۈر نارازىلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق قىزىللارنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ پارچىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ. 1-غېنىۋار (ئۇي) كۈنى ھىتلېر ئاخىرقى قارارغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرىكەت كومىتېتى تەشكىللىنىش تولۇق ئەمەس دەپ ھېسابلاپ، ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە چوقۇم چوڭ يىغىن ئاچىمىز دېگەن

ۋەدىنى بېرىدۇ. "بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەۋرىم تاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئالدىمىزغا نارازىلىق نامايىشى ۋە مىتىنگ ئۆتكۈزۈشكە قارار ئالدۇق" دەيدۇ ھىتلېر. شۇ كۈنى چۈشتە، ھىتلېر تاج () سىرىك تىياتىر زالىدا ئەتە ئاخشام مىتىنگ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈشۈپ قويىدۇ. بۇ تىياتىر ئۆمەكنىڭ مودىرى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ كىشى ھىتلېرغا بەكلا ئاز كىرىش ھەققى ئېلىش، ھەتتا ھەقسىز كىرىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. ئاندىن ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئېلان مەزمۇنىنى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىدۇ. نۇرغۇنلىغان سادىق پارتىيە ئەزالىرى بۇنىڭدىن قاتتىق يىرگىنىپ كېتىدۇ. بۇ سىرىك تىياتىرخانىسىغا 6 مىڭ تاماشىبىن سىغاتتى. ۋاقىت بەكلا زىچ بولۇپ قالغاچقا، مىتىنگكە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم چاقىرىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى.

يىغىن ئۇقتۇرۇشى پەيشەنبە (قوياش، كىچازنا) كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاران تەييار قىلىنىپ كوچىلارغا چاپلىنىدۇ. ئۇ كۈنى قار-شىۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قاراپ ھىتلېرمۇ غەمگە پېتىپ، تەشۋىقات ۋارىقىنىڭ مەزمۇنىنى دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئارانلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئاندىن بۇ تېزىس بويىچە باستۇرۇپ كېلىشكە بىرسىنى يولغا سالىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ئۇلار كىرالىغان ئىككى يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، مەشئەل-پانۇسلارنى، كىرىست بەلگىلىك بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەر ئىچىدىن نامايىش قىلىپ ئۆتىدۇ. ھەر ماشىنىدا 10 نەچچە پارتىيە ئەزاسى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن

www.pidaiy.biz

شۇئار توۋلىغاچ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتاتتى. مىيونخېن كوچىلىرىدا كوممۇنىست بولمىغانلارنىڭ ئالا-چىپار رەڭلىك تەشۋىقات ماشىنىسىنىڭ كۆرۈلۈشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئەھۋال ئىدى. ئىشچىلار ئاھالە رايونىنىڭ بەزىلىرىدە ئۇلارنى مۇش كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ھاقاراتلەپ ۋارقىراشلارمۇ كۆرۈلدۇ.

ئاخشىمى سائەت 7 ئەتراپىدا، ھىتلېرغا تاج () سىرىك تىياتىرخانىسىدىن كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر تېلېفون كېلىدۇ: زالدا يىغىلغان ئادەم سانى بەكلا ئاز ئىدى. ئارىدىن ئون مىنوت ۋاقىت ئۆتكەندە ئەھۋال سەل ياخشىلىنىدۇ. سائەت سەككىزگە چارەك قالغاندا يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ سانى زالنىڭ ئۈچتە بىر قىسمىنى تولدۇرىدۇ. ئىشىك تەرەپتە ئۇزۇن بىر كورىدور قالدۇرۇلغان ئىدى. ھىتلېر زالغا كىرگىنىدە، خۇددى بۇندىن بىر يىل بۇرۇن خوفبراخاۋۇس (霍夫布劳斯) زالىغا كىرگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىدى. "زالدا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئادەم قىستىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ زال خۇددى چوڭ بىر سىنارىيەت بومبىسىغا ئوخشاش ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى." سىرىك تىياتىر زالى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى.

"يا ئىستىقبال — يا يوقۇلۇش!" — بۇ، ھىتلېرنىڭ بۈگۈنكى نۇتقىنىڭ تېمىسى ئىدى. ھىتلېر ئىنتايىن خوشال، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى مەيداندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. نۇتقىنى باشلاپ يېرىم سائەت ئۆتمەيلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. "ئىستىخىيىلىك

پارتىلىغان گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى" پات ـ پاتلا نۇتقىنى بۆلۈپ تۇراتتى. كەينىدىنلا پۈتۈن زال تىمتاس ھالغا كېلىپ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرەتتى. "بۇنچە كۆپ ئاما ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ تىنىق تارتىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. پەقەت ئارىلاپ پارتىلىغان گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. نۇتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىرىك تىياتىر زالىدىن گۈلدۈرمامىدەك ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. خەلق ئاممىسى قاتتىق ھاياجان ئىچىدە «گېرمانىيە تۇپراقلىرى» دېگەن مارشنى ئېيتىشىپ، جاراڭلىق ناخشا ساداسى ئىچىدە مىتىنگ ئاخىرلاشتى." خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىنى سەلدەك ئۆركەشلىتىۋەتكەن ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ جوشقۇنلۇق مۇھىت ئىچىدە خوشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويىدۇ. ئۇ، نۇتۇق سەھنىسىدە ئەتراپىنى كۆزىتىپ 20 مىنوتتەك تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ مەيداننى بوشىتىشىنى تاماشا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا زالدىن چىقىپ قار ئىچىدە مېڭىپ ئۆزىنىڭ ھېلىقى قاراڭغۇ، سوغوق ھۇجرىسىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ تاج () سىرىك تىياتىر زالىدا ئوينىغان رولى، ميۇنخېن گېزىتلىرىدە ھەجۋىلەشتۈرۈلۈپ مازاق قىلىندى. ئەلۋەتتە مەدىھىلەشمەيمۇ تۇرالمىدى. ھىتلېر، مەتبۇئاتلارنىڭ ھاقارەتلىرى بىلەن مەدىھىلەشلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدىنلا رازى ئىدى. ئۇ، كۆچلۈك قارشى تۇرۇشقا دۇچ كېلىپ زەربىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىغا قاراپ ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ چوڭقۇر

هاياجىنىنى قوزغىيالىغانلىقىنى هېس قىلىدۇ. گەرچە جىدەل ماجىرالار ئۇنىڭ تەرىپىدىكىلەردىن كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھىتلېرچىلار يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مىللەتچىلىك كۈچلىرىنىڭ ئەكە بالىسىغا ئايلانغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مىللەتچىلەر مىيونخېنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ھالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ساقچى باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ، يەنى سىياسى باشقارما مۇدىرىنىڭ يوشۇرۇن قوللىشىغىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. ئادەتتە، كىشىلەر ساقچى دائىرىلىرىگە ئەرز قىلىپ، ساقچىلار بالدۇر قول سېلىپ ھەرىكەتكە ئاتلانمىغاچقا، بۇ پارتىيە مۇقىملىقنى بۇزۇپ كەلمەكتە، ساقچىلار ناتىسىستلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى دېيىشەتتى. ئەمما بۇ ئىككى ئەمەلدار بۇنداق نارازىلىقلارنى باستۇرۇشقا تىرىشىدۇ. “بىز، بۇ ھەرىكەتنى، يەنى مىللەتچى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى باستۇرماسلىقىمىز كېرەك دەپ قارايمىز.” ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ھىتلېر سوتلانغىنىدا، بۇ ئىككى ئەمەلدار چىقىپ شاھىتلىق قىلىپ، “بىز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغان ئىدۇق. بىز ئۇلارنى توسمىدۇق؛ بىز بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلدۇق. چۈنكى بىز بۇ پارتىيىدە گېرمانىيىنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ئۈندۈرمىلىرىنى كۆرگەن ئىدۇق. بىز باشتىن تارتىپلا بۇ ھەرىكەت ماركسىزم تەرىپىدىن قاتتىق بۇلغىۋېتىلگەن ئىشچىلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغانلىقىنى، ئۇ ئىشچىلارنى مىللەتچىلىك سېپىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتۇق. مانا بۇلار، مىللەتچى سوتسىيالىزم

ھەرىكىتىدىكىلەرنى، ھىتلېر ئەپەندىنى قوغداپ كەلگەنلىكىمىزنىڭ تۆپكى سەۋەبى ئىدى.” (بۇنىڭدەك ئوگچى كۈچلەرنى قوغدىغانلار بۇلارلا ئەمەس. ھىتلېرنى چەكلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەربىيلەر، شۇنىڭدەك سودىيلەر، ساقچى ئەمەلدارلىرى، دۆلەت كادىرلىرى بىلەن يەرلىك مەمۇرى كادىرلارمۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مىللەتچىلەرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. 1919 ـ يىلى يانۋار (ئوچاق) دىن تا 1922 ـ يىلى ئىيۇن (باشاق) غىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيە بويىچە يۈز بەرگەن 376 قېتىملىق سىياسىي سۇيىقەست دېلوسى ئىچىدە 22 قېتىمىنى سولچىلار پەيدا قىلغان بولسا، 354 قېتىمقىسىنى ئوگچىلار پەيدا قىلغان. ئەمما سولچىلار ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 15 يىللىقتىن قاماق جازاسىغا كېسىۋېتىلگەن بولسا، ئوگچىلار جەمئىي ئارانلا 14 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىغان. بۇ جەرياندا 10 نەپەر سولچىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولسا، ئوگچىلاردىن بىرسىمۇ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانمىغان).

باۋارىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىپ تۇردى. ھىتلېر بىلەن باشقا پارتىيە رەھبەرلىرى ئوگچى مىنىستىر گۇستاۋ رىتتېر ۋون كاھر (古斯塔夫•里特•冯•卡尔 Gustav Ritter von Kahr) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ تۇرغان. بۇ مىنىستىر، باۋارىيىنىڭ غەلىتە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىۋېلىشىنى پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ توساپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، باۋارىيىنى بىر

مۇنچە ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى (ئالايلۇق، باۋارىيىنىڭ ئۆز ئالدىغا پوچتا ئورگىنى بولىشىغا ئوخشاش). شۇڭدەك يەنە ئاقماق شىماللىقلاردىن كەلگەن ھەر قانداق بىر يولىيورۇقنى قوبۇل قىلمايتتى. بۇ مەسىلىدە، ھىتلېر بىلەن كاھر ئورتاق قاراشتا ئىگە ئىدى. گەرچە كاھر نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە بۇ "تەرسا ئاۋىستىرىيىلىك" بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋىمار دائىرىلىرى بىلەن بولغان كۈرىشىدە نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلارنىڭ بۇ رەھبىرىدىن تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

خەلق ئاممىسىمۇ كاھرنىڭ دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىشىدىن ھىتلېرنىڭ بۈگۈنكى سىياسى كۈچلەردىن بىرسىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇلغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇنداق ئەھۋال، ھىتلېرنىمۇ خوشال قىلاتتى. چۈنكى، ھىتلېر بىلەن ياشانغان كاھر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار رەسمى قىزىششقا باشلىغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، خەلق ئاممىسىمۇ ھىتلېرغا ئالاھىدە قىزىقىپ كېلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، ھىتلېر رەسمى داڭدار ئادەم بولۇپ تونۇلماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋاللار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئادولف پارتىيىنىڭ ئەسلىدىكى غايىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپلا قالماستىن، يەنە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئويىغىمۇ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سىياسى دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ بىرلىندىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ (ئۇ، بۇ يەردىكى

www.pidaiy.biz

مۇتەئەسسىپلەر، مىللەتچىلەر ۋە ئوڭچىل رادىكاللار بىلەن باغلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق)، ئوسبۇرگ (奥斯堡) دىكى بىر بۆلۈم سوتسىيالىستلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. بۇنىڭ ھېچ قانداق زىيىنى بولمىسىمۇ، ھىتلېر بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر ھىيلە دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال مىيونخېنغا قايتىپ ئۇلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. 11-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، ھىتلېر پارتىيىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر ئۆزىنىڭ پارتىيىدىن چېكىنىش سەۋەبىنى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم شەكلىدە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا، ئەگەر پارتىيىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلمايدىكەنمەن، شۇنىڭدەك مۇستەبىتلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدىكەنمەن، بۇ پارتىيىگە قايتىپ كەلمەيمەن دەپ بايانات بېرىدۇ: "مېنىڭ بۇنداق تەلەپتە بولۇشۇم ھەرگىزمۇ ھوقۇق تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىمدىن ئەمەس. — دەيدۇ ھىتلېر، — بۈگۈنكى ۋەزىيەت مېنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلماقتىكى، ئەگەر پارتىيىمىزدە پولاتتەك كۈچلۈك رەھبەرلىك بولمايدىكەن، ... بۇ پارتىيە ئۇزۇنغا قالماي تۈزلەڭلىك خاراكتېرىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ: يەنى غەربتىكى قايسى بىر جەمئىيەت بولۇشىدىن ئەمەس بەلكى مىللەتچى سوتسىيالىزم خاراكتېرلىق نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ." مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن ئېلىپ

www.pdaily.biz

كەلگەن كۆزقارىشىنىڭ ــ كوماندىرىغا شەرتسىز بوي سۇنۇش دېگەن رەھبەرلىك پىرىنسىپىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ئىدى.

ھىتلېر پارتىيە كومىتېتىدىن 18 كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە (ئەسلى '8 كۈن ئىچىدە' بولىشى كېرەك ــ ئۇ.ت) تەدبىر ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما درېكسلېر بۇنداق بىر تەلەپكە قەتئىي نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدە ئىمزاسىز كىتابچىدىن بىرسى تارقىلىپ يۈرمەكتە بولۇپ، بۇ كىتابچە ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قاتماللاشتۇرىۋېتىدۇ. بۇ كىتابچىغا «ئادولف ھىتلېر ــ خائىنمۇ؟» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن پەرەزلەر بىر ـ بىرسىگە ئارلاشتۇرۇپ يېزىلغان ئۇيدۇرما بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلگەن ئىدى. بۇ كىتابچىدىكى گەپلەر، مەسىلەن ھىتلېر ئۆزىنى ميونخېن پادىشاسى دەپ تونۇتماقتا؛ ئاياللار ئۈچۈن بەكلا نۇرغۇن پۇل زايا قىلماقتا؛ ئۇ يەھۇدىيلار سېتىۋېلىپ ئىشلىتىۋاتقان جاسۇس، ... دېگەندەك بەكلا كۈلكىلىك گەپلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق گەپلەرگە بەلكىم ئۇ كىتابچىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

سەككىز كۈنلۈك مۆھلەت توشقان بولسىمۇ، درېكسلېر بىلەن پارتىكوم يەنىلا بىرەر ھەرىكەت قىلىشتىن باش تارتىپ تۇرىۋالىدۇ. كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا ھىتلېرنىڭ بۇ پوپوزىسى كارغا كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مەخپىي يىغىندا ئېكارتنىڭ درېكسلېرغا قىلغان كېلىشىپ قېلىش

ھەققىدىكى يالۋۇرۇشلىرى كارغا كېلىدۇ. شۇندىن كېيىن درېكسلېرمۇ ھىتلېرنى قاتماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا بىر گۇرۇھ تەشكىل قىلالايمىزغۇ، دەپ ئويلايدىغان كومىتېت ئەزالىرىنى ماقۇلغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار، ھىتلېرغا پارتىيىگە يالغۇز ھۆكۈمران بولۇش ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاجايىپ چىرايلىق مەدھىيەلەر بىلەن ھىتلېرنى پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەكلىپ قىلىشىپ، "سىزنى پەۋقۇلئاددە بىلىملىك، پارتىيىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ شەرەپلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇنىڭدەك ئاجايىپ جاسارەتلىك ناتىق بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى بىردەك تەكلىپ قىلىمىز" دېگەندەك مەدھىيەلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

ھىتلېرنىڭ پارتىيە رەئىسلىكىنى رەسمى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن 29-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارى ئېلىنىدۇ. قۇرۇلتايغا ھېرمان ھېس ئىسىملىك باۋارىيىلىك بىرسى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ھېس دېگىنى گەرچە ھىتلېردىن چوڭ بولسىمۇ، فيۇرېر (führer) پارتىيە داھىيسى — ئۇ.ت) نىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالىدۇ. ھېس، ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا بەك ئامراقلىقى بىلەن تونۇلغان بىرسى بولۇپ، ھىتلېر ئۇنى "قەتئىي يۈگەنلىنىپ تۇرۇشى شەرت بولغان قاۋان ئىت" دەپ ئاتايدۇ. قۇرۇلتايدا، ھېس سۆزگە چىقىپ ھىتلېرنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا تەغدىم

www.pidaiy.biz

قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەيىنىدىن ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ، بۇ پارتىيىنىڭ بىرەر چايخانا تەشكىلاتىغا ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. "بىز باشقا ھەر قانداق بىر تەشكىلات بىلەن بىرلىشىشنى خالىمايمىز. — دەيدۇ ھىتلېر، — ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىزگە كېلىپ قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرالايمىز. ئەگەر كىمكى بۇ پرىنسىپنى قوبۇل قىلالمايدىكەن، ئۇنداقلارغا يول ئوچۇق: پارتىيىدىن چىقىپ كەتسۇن. — ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئوسبۇرگ (奥斯堡) گۇرۇھىدىكىلەرگە، شۇنىڭدەك شەھەر سىرتىدىكىلەرگە قارىتىپ ئېيتماقتا ئىدى، — بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىز مىيونخېندىن باشلانغان، شۇڭا مىيونخېندا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ." ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا دېرىكسىلېر بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كېلىپ، پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاۋازغا قويۇلۇش نەتىجىسىدە، بىرگە قارشى 543 ئاۋاز بىلەن ھىتلېرنىڭ رەئىسلىكى تەستىقلىنىدۇ.

ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ "قۇراللىق بوخېمىيىلىكلىرى" نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى — ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقىنى قولغا ئالغىنىدىن كېيىن، پۈتكۈل پارتىيىنىڭ تولۇق ماقۇللىشى نەتىجىسىدە، كونا ئۇسلۇپلار ئاساسىدا يېڭى تۈزۈم يولغا قويۇش ئىمكانى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ

بارلىق ئەنئەنىلىرى پۈتۈنلەي سۇپۇرۇپ تاشلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ، پارتىيە ئىچىدە ئۇنداق پارلامىنت پاسونىدىكى مۇنازىرىلەر بىلەن دېموكراتىك تۈزۈملەرگە قەتئىي يول قويۇلماس بولىدۇ. بۇنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە فيۇرېرنىڭ تۇتقان يولىغا شەرتسىز بوي سۇنىشى شەرت بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، هىتلېر هوقۇقى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن شەكىل بويىچە ياشانغان پارتىيە قۇرغۇچىسىنى پەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇ، رەئىسلىك تەختىگە چىققىنىدىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە بىرەرمۇ بويرۇق، بىرەرمۇ ئىنتىزام قائىدىسى ئېلان قىلمايدۇ. ئەكسىنچە، شۇ يىلى يازدا مىيونخېندا پارتىيە ئىچىدىكى ئۆز تەرەپتارلىرىنى كۈچەيتىش هەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، تۈيغۇزماستىن بۇرۇن مىتىنگلەردە تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولغان رەهمىسىزلىكتە داڭ چىقارغان بىر گۇرۇپ كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنى كېڭەيتىپ تەشكىلى ئىنتىزاملىق، ئۇچىسىغا مەخسۇس ئۇنفورما كىيىدىغان شتات سىرتىدا قۇراللىق قىسىم تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. شتات سىرتىدا قۇرۇلىدىغان بۇ ئەترەتلەر ئاۋغۇست (چايان) نىڭ باشلىرىدا قۇرۇلۇپ، "تەنهەركەتچىلەر دىۋىزىيونى" دېگەن نامنى ئالىدۇ. پارتىيىنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىدىن قارىغاندا، بۇ دىۋىزىيونىنىڭ قۇرۇلۇش مەقسىدى "ياش پارتىيە ئەزالىرىنى كۈچلۈك بىر تەشكىلات قوينىغا ئېلىپ، ئۇلاردىن هۇجۇمچىلار سۈپىتىدە پايدىلىنىش، بۇ ئەترەت پارتىيىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇش" دەپ يېزىلغان. ئىككى ئايدىن كېيىن، بۇ ئەترەت

www.pidaw.biz

مەقسىدىنى بىر قەدەر ئېنىق ئىپادىلەيدىغان يېڭى بىر ئىسىم ــ "ھۈججۈمچىلار ئەترىتى"، يەنى س.ئاچىلار (ئىس-ئاچىلار) ئەترىتى دېگەن نامنى ئالىدۇ. ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ھۈججۈمچىلار ئەترىتى ھەرگىزمۇ تەرتىپ ساقلاشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇش بىلەنلا قالمايتتى. بۇ ئەترەت ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئۇچىسىغا مەخسۇس ئۇنىفورما كىيىپ كوچىلاردا پاتروللۇق قىلىپ، پاترولارنى ياخشى كۆرىدىغان شەھەر خەلقى ئالدىدا ئۆزىنى نامايىش قىلىپ كۆرسىتىۋېلىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. ئەمما ئىس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان روم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئەترەتنى رەسمى قۇراللىق قىسىم دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسى ئارمىيىسى دەپ تونىماقتا ئىدى. ھۈججۈمچىلار ئەترىتىنىڭ يادرولۇق كۈچىنى "ئەركىن پولك" قىسىملىرىدىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مارشىنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپ بۇ ئەترەتنىڭ مارشىغا ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى:

بېشىمىزدا كىرىست بەلگىلىك مىس قالپاق،
بېلىكىمىزدە قارا-ئاق-قىزىل يەڭلىك،
ھىتلېر ئىس-ئاچىلىرى بىز،
بۇ نامىمىز ھەممىدىن جاراڭلىق!

پارتىيىنىڭ ئۆزىگە تەۋە يېڭى بىر قوشۇنى قۇرۇلۇپ، بۇ قۇراللىق كۈچنى ھىتلېر تولۇق تېزگىنلەپ تۇرغاچقا، ئۇ يەنە پارتىيىنى "تېخىمۇ ئىنقىلابىي" بولغان يەپ-يېڭى يولغا يېتەكلەپ مېڭىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە

ئاي ئىچىدە، ھىتلېر بۇ ئەترەتنى بىر مۇنچە ئاشكارە ئۆكتەملىك ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. بۇ تۈر قۇتراتقۇلۇقلار مۇنداق قارىماققا قىلچە مەقسەتسىز ئوتتۇرىغا چىققاندەك تۈس ئالاتتى: كوچىدا قايسى بىر يەھۇدىي تاياق يەيتتى، قانۇنسىزلىق بىلەن بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كوچىنى بېشىغا كىيىشەتتى، تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىشاتتى. يەنە بەزى ئۇششاق جېدەللەرنىمۇ پەيدا قىلىشاتتى. ... ئەمما بۇ تۈردىكى ئۇششاق-چۈششەك تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلەر يۈز بەرگىنىدىن كېيىن، 1921-يىلى 14-سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى چوڭ بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ۋەقە “باۋارىيە پولكى” نىڭ روۋېنبۇرگ (罗文布劳) پىۋىخانىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىتىڭدا يۈز بېرىدۇ. “باۋارىيە پولكى” ئەسلىدە فېدېراتسىيىچىلەرنىڭ بىر تەشكىلاتى بولۇپ، ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجتىمائى پىرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىشقان، يەنى بىر مەركەزلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇراتتى. بۇ تەشكىلنىڭ رەھبىرى، ھىتلېر تەرىپىدىن “ئەڭ خەۋپلىك ئۆكتىچى” دەپ قارىغان ئىنجېنېر پالېست (巴勒斯特) سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىغىنىدا، ھىتلېر داغدام قەدەملەر بىلەن يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا نۇرغۇنلىغان پۇخراچە كىيىنگەن ئىس-ئاچىلار يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قاتارىدا زالغا چاندۇرماي كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ھەممىسى بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىشىپ ھىتلېرغا كۈچ بولۇپ بېرىشكە باشلايدۇ. يىغىن

www.pidaiy.biz

قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىغا كىرگۈزىۋېتىلگەن يۈزلىگەن پارتىيە تەرەپبازلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھىتلېرنى رىغبەتلەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ. ھېرمان ھېس بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ "باۋارىيىنىڭ بۈگۈنكىدەك قالاق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا بىردىن-بىر سەۋەبچى بولغانلار دەل يەھۇدىيلاردۇر!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قالغان مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىمۇ تەڭ ۋارقىرىشىپ، بالېستقا "نۇتۇق سۆزلەش ئورنىنى ھىتلېرغا ئۆتكۈزىپ بەر!" دەپ توۋلىشىدۇ. ئوتتۇرلۇقتا جىدەل چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئويلىغان بىرسى دەرھال چىراقنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ. ئەمما قاراڭغۇدا ھەممە تەرەپتىن پات-پاراقچىلىق كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ قالايماقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. چىراق قايتا يېقىلغان ۋاقتىدا، ئېس-ئاچىلار سەھنىگە ئېتىلىپ چىقىپ بالېست (巴勒斯特) نى ئوتتۇرىغا ئېلىپ راسا ئەدەپلىگەندىن كېيىن ئۇنى يىغىن زالىغا چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئىدى.

ساقچى دائىرىلىرى بۇ قېتىمقى قالايماقانچىلىق چىقارغانلارنى تەكشۈرۈشكە كەلگىنىدە، ھىتلېر مەسئۇلىيەتنى بويىنىغا ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە "ھېچ ئىش يوق، بىز ئۆز مەقسىدىمىزگە يەتتۇق. پالېست (巴勒斯特) نىڭ سۆزلىشىنى توساپ قالالىدۇق" دەپ بىر خىيالىدا يوق ئۆز گېپىنى قىلىپ چىڭ تۇرىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ھىتلېر بىلەن ھېس ئىككىسى سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرىۋالىدۇ. سوتتا ئۇلارغا جەمئىيەت ئامانلىقىنى

قالايماقانلاشتۇرغان دېگەن جىنايەت ئارتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىككىسىگە چىقىرىلغان ھۆكۈمدە زورلۇق كۈچىدىن پايدىلانغان، دېگەن جىنايەتمۇ ئارتىلىدۇ. 4-نويابىر (ئوغلاق) دا، ھىتلېر مىيونخېنىنىڭ خوفبراخاۋۇس (霍夫布劳斯) پىۋىخانىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا زوراۋانلىق ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ. ئاخشىمى سائەت 8 گە چارەك قالغاندا ھىتلېر زالغا كىرىدۇ. بۇ چاغدا پىۋىخانا زالىدا 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئاياللارنى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئىمكان بار ماجىرا پەيدا بولىدىغان ئىشىك تەرەپتىن يىراقتا بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئەمما بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ماگدالىنا سۋىيا (马格达莲娜•施威耶) خانىمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان بولۇپ، قىزىللاردىن قىلچە قورقمايتتى. بۇ ئايال ھىتلېر تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ھىتلېرغا بەكلا سادىق بىر ئايال ئىدى. "مەن راستىنلا بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدىم. ئەمما قىلچىمۇ قورقمىدىم. جىدەل چىقىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرىنىپ تۇراتتى. زالدىكىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى قىزىللار ئىدى." ئەسلىدە يىغىنغا كەلگەن ھىتلېرغا قارشى بۇ كىشىلەر مورفى (马非) زاۋۇتىدىن، ئىسالىيە (伊萨利亚) نازۇك ئەسۋاپلار زاۋۇتىدىن ۋە باشقا بەزى زاۋۇتلاردىن كەلگەن ئىشچىلار ئىدى. بۇ ئىشچىلار سان جەھەتتە ھىتلېر تەرەپتارلىرىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناتسىستلار پارتىيىسى باۋارىيە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يوشۇرۇنچە بولسىمۇ ھىمايە قىلىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالغان

ئىدى. يەنى، باش مىنىستىر ۋون كاھر ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ مۇتىدىل يۇمشاقباش بىرسى چىققان ئىدى.

ھىتلېر زالغا كىرىپ ئەتىراپىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن دەرھال بارلىق ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەسلىدە ھىتلېر زالغا كىرەر-كىرمەيلا سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئاللىمۇقاچان كوپ قىسىم ئورۇنلارنى ئىگەللەپ بولغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. ئۇ، ئېس-ئاچىلىرى (50 نەپەر ئەتىراپىدا) غا "مانا سىلەرنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ساداقەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى، ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئاتمىغىچە ھېچقايسىنى سىرتقا چىقارماڭلار" دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىيىسى، ھۇجۇم قىلىش — ئەڭ ياخشى مۇداپىيە دېگەن قاراش ئىدى. شۇڭا، بىرەر زوراۋانلىق ھەرىكىتى كۆرۈلىشى ھامان دەرھال زەربە بېرىلىشى كېرەك دەپ قارىلاتتى. "ھەممە بىردەك خايىل! خايىل! خايىل! دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۈچ قېتىم بىر-بىرسىدىن كۈچلۈك ياشىسۇن دەپ شۇئار توۋلاشتى." ھىتلېرنىڭ رومانتىك خاراكتېرلىق بۇ خىل بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ زېھنىدىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى. خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش ئۇلاردىن قىلچە گۇمان قىلمىغىنىدەك، ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سادىق ئىدى. "ئاكوپلاردىن چىقىپ كەلگەن، پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە جەڭچىلەرگە تايىنىش ئارقىلىقلا ۋەتەنىنىڭ شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن" دەپ قارايتتى.

ھىتلېر ئەنـدىلا سـەھنىگە قـاراپ قەدەم تاشلىشـى بىـلەن، ئىشچىلار قاتتىق تىۋۇلىشىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھېرمان ھېس ئالدىـدا تۇرغـان سـەھنە ئۈستىلى ئۈسـتىگە چىقىپ يىغىن باشلىنىدۇ، كۆپچىلىك تىنچ، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ سەھنىدىن چۈشىشى بىلەن ھىتلېر سەھنىدە نۇتقىنى باشلايدۇ. دەسـلىۋىدە يىغىـن زالىـدىن "ۋەەەت!" دېـگەن مـازاق قىلىـش ئـاۋازلىرى كېلىشـكە باشـلايدۇ. ئەممـا سـەل تـۇرۇپ مەخسـۇس ھىتلېرنى شاگخو قىلىـش ئۈچـۈن ئۇيۇشـتۇرۇلغان بـۇ كىشـىلەرمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشـقا كىرىشـىپ قالىـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ، ھىتلېرمـۇ يېـرىم سـائەتتەك قىلـچە دەخلىسىز نۇتۇق سۆزلەيدۇ. شـۇنداقتىمۇ ئۇنـىڭ رىقـابەتچىلىرى پەيـت كۈتـۈپ پــۋا قــۇتىلىرىنى قــۇرال قىلىــش ئۈچــۈن ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇشۇپ تەييار تۇرىشاتتى. تۇيۇقسىز بىرســى ســەكرەپ چىقىــپ ھىتلېرنىــڭ نــۇتقىنى بۆلىۋېتىــدۇ. ھىتلېرمـۇ دەرھـال ئـۇ كىشـىگە رەددىـيە بېرىـدۇ. زال ئىچىـدە غەزەپلىـك ۋارقىـراپ جارقىراشـلار كۆتۈرىلىـدۇ. ئارىـدىن بىرسـى ئورۇندۇقىغا چىقىپ "ئەركىنلىك!" دەپ ۋارقىرايـدۇ. شـۇ ۋاقىتتـا پىۋا شىشىسىدىن بىرسى ھىتلېرنىڭ بېشىغا ئېتىلىدۇ. كەينىدىنلا يەنە بەش-ئالتىسى ئېتىلىدۇ. بىرسى ئالدى قاتاردىكى ئاياللارغا "دەرھـال جوزا ئاسـتىغا يوشـۇرنۇڭلار!" دەپ ۋارقىرايـدۇ. سۋىيا خانىم (施威耶) دەرھال بېشىنى ئىگىدۇ. "ھەر تۈرلۈك ئـاۋازلار، پىـۋا بوتولكىلىرىنىـڭ پاچاقلىنىـپ سۇنۇشـلىرى، بىـر-بىرىنـى

ئۇرىۋاتقان تاياق ئاۋازلىرى، ئورۇندۇق-ئۇستەللەرنىڭ ئۆرۈلۈپ سۇنغان ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلاپ ھېچ نېمىنى پەرق قىلغىلى بولماس ھالغا كېلىدۇ. زالدا ئېس-ئاچىلار راسا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى" دەيدۇ بۇ ئايال.

نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتەرگەن بۇ ئايال ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ: شۇنچە كۆپ پىۋا بوتولكىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشىگە پەرۋا قىلماي ھىتلېر جايىدىن قىمىرمۇ قىلماي بۇرۇنقى يېرىدە تۇراتتى. سان جەھەتتە بەكلا ئاز ئېس-ئاچىلار ئۆزىنى كۆرستىشىپ قىزىللارنىڭ راسا ئەدىۋىنى بەرمەكتە ئىدى. يېرىم سائەتكە قالماي دۈشمەنلەر بىنادىن تازىلاپ چىقىرىلىدۇ. قارىماققا زال ئىچى يېڭىلا سىنارىيەت ئۇقىدا تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەندەك ئورۇندۇق-ئۇستەللەر ئۆرۈلگەن، پۇتۇن ئەتىراپ پىۋا پوتولكىسى بىلەن تولغان ئىدى.

قالايماقانچىلىق ئارىسىدا قايتىدىن ھېرمان ھېسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ: "يىغىنىمىز ئوچۇق، ناتىق سۆزىنى داۋام قىلسۇن!"

ھىتلېر نۇتقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئېس-ئاچىلارنىڭ بەزىلىرى يارىلىرىنى تېڭىۋاتقان، يەنە بەزىلىرى نۇسۇلكىلىق سىرتقا توشۇلماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ، ئالقىش سادالىرى كۆتۈرىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن بىر ساقچى "يىغىنىدىن تارقىلىڭلار،

www.pidaly.biz

تــارقىلىڭلار!” دەپ قــاتتىق ۋارقىراشــقا باشــلايدۇ. ئەمەلىيەتــتە بولسا يىغىن بۇرۇنلا تۈگىگەن ئىدى.

## (5)

بــۇ قېتىمقــى يىغىنخانــا جىددىلىــدىن ھىتلېــر شــۇنى ئېنىــق كۆردىكى، قىلچە تەمتىرىمەي زورلۇق كۈچىگە تايىنىــپ ھۇجۇمغــا ئۆتەلىگىنىدىلا ئاندىن غەلىبە قىلىش مۇمكىن ئىدى. شۇ كــۈنى ئاخشــامقى غــالىبىيەت، ھىتلېــر بىــلەن نــېمىس مىللەتچــى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ داڭقىنى پۈتۈن جاھانغا پــۇر كەتكۈزىدۇ. شۇنداقتىمۇ پارتىيە ئەزا سانىنىڭ ئارتىــپ بېرىشــىغا ئەگىشىپ، سەمىمى، ئاق كۆڭۈل شــەھەر ئاھالىسى بــۇ تــۈردىكى قــالاق ۋەقەلەرنــى تــوختىتىش تەلــۋىنى ئوتتۇرىغــا قويۇشــتىنمۇ چېكىنمەيــدۇ. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە بــاۋارىيە يېڭــى ھۆكۈمىتىمــۇ ھىتلېرغــا قارىتــا جىــددى تەدبىــر قوللىنىــپ چەكلىــمە قويــۇش يولىنى ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە بولــۇپ، بۇنىــڭ ئۈچــۈن ھىتلېرنىــڭ ھەقىقەتەنمۇ قۇتۇراتقۇلۇق قىلغانلىقىغــا دائىــر ئېنىــق پــاكىتلارنى قولغــا كەلتــۈرگەن بولىشــى كېــرەك ئىــدى. يېڭــى ھۆكــۈمەت، ھىتلېرغا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يېنىغا تاپانچا ئېلىــپ يۈرۈشــكە بولىــدۇ دەيــدىغان يــانقۇرال رۇخســەت قەغــىزى بېرىــپ ئادىــل مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ھىتلېرنىــڭ زورلــۇق كۈچىــدىن پايدىلىنىشــتىن ئىبــارەت بــۇ قېتىمقى ھەرىكىتــى، پۈتــۈن مەملىكەتتىكــى مىللەتچىــلەر بىــلەن

خەلق ئاممىسىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش جاسارىتىنىمۇ بەرگەن ئىدى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش چىقىم مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ تۆلىتىش تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ. فرانسىيە بىلەن بېلگىيە ئارمىيىسى دۇئىسبۇرگ (杜塞尔多夫) بىلەن دۇسېلدورف (杜伊斯堡) نى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرۇپ، گېرمانىيىنى ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن ئېكسپورت مىقدارىنىڭ يۈزدە يىگىرمە بەش قىسمى بىلەن قوشۇپ يىلىغا 2 مىلىيارد مارك تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا يەنە، ئەگەر بۇ تەلەپلىرىمىزگە ماقۇل بولمايدىكەن، رۇر رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالىمىز، دەپ تەھدىت قىلىدۇ.

موتىدىل ھەم كونسېرۋاتىپ ئىچكى كابىنېت بۇنىڭغا ھەرگىز ماقۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت تېزگىنىدىكى “مەركىزى پارتىيە” ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بۇ تەلىۋىگە باش ئېگىپ ماقۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق تەسلىمچىلىك ھەرىكىتى ھىتلېرغا ئوخشاش مىللەتچىلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا بۇ تۈر مىللەتچى كۈچلەر مەركىزى پارتىيە رەھبىرى، ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىغا قول قويغان “جىنايەتچى” ماكسىياس ئېرسبېرگ (马西阿斯•埃尔茨伯格) نى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشتەك بىر مۇنچە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغايدۇ. قانۇن ۋە

www.pidaiy.biz

تەرتىپنى قوغداش تەلىۋىدە بولغان نېمىسلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ سۈيىقەستلەرنى پەيدا قىلغان قاتىللارنى قەھرىمان ھېسابلاپ تەبرىكلىشىدۇ.

1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بىرلەشكەن مىللەتلەر، پولشانىڭ يوقىرى سىلىسىيىنى (西里西亚) قايتۇرىۋالىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ (گېرمانىيىنىڭ بەشتە تۆت قىسىم كانلىرى بىلەن ئېغىر سانائىتى بۇ يەردە ئىدى). بۇ ھەرىكەتمۇ مىللىتچىلەرنى غەزەپلەندۈرگەن يېڭى سەۋەپلەردىن بىرى بولۇپ بېرىدۇ. قىش يېقىنلىشىشى بىلەن مارك پاخاللىشىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە بۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن نېمىسلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. 1922 ـ يىلى پاسخا بايرىمى كۈنىدە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋالتېر رادېناۋ تۇيۇقسىزلا شەرققە يۈزلىنىپ، رابالو (拉巴罗Rapallo) دا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم تۈزىدۇ. بۇمۇ زوراۋانلىق ھەركەت مۇھىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بولشېۋىكلارغا قارشى ھىتلېر ئېقىمىدىكىلەر، بۇنداق ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. گېرمانىيە سىياسى مۇستەقىللىقىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىدىن غەرب ئىتتىپاقداشلىرى پەقەتلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى يەنىلا كۆرمەسكە سالىدۇ.

گېرمانىيە، روسىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل كېلىپ، بىر ـ بىرسىدىن ئۇرۇش چىقىمى

تۆلىتىش تەلىۋىدىن ۋاز كېچىش بىلەن بىرگە يەنە سودا مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىشىدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە بىر تەرەپ بىلەن مۇزاكىرە قىلماي تۇرۇپ قايسى بىر تەرەپ ئۆز ئالدىغا دوستىنىڭ ئىقتىسادى كىلىشىمگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەت بىلەن ھەر قانداق بىر ئىقتىسادى كىلىشىم ئىمزالىيالمايدۇ، دەپمۇ كېلىشىدۇ. روسىيە زامانىۋى تېخنىكىلارغا ئېھتىياجى بار ئىدى؛ گېرمانىيە بولسا، ۋېرسايىل شەرتنامىسىنىڭ ھەربى كۈچلىرىنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەش دەيدىغان ماددىلىرىغا ئەمەل قىلماسلىق جاسارىتىگە كېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق خەلقئارا چەكلەش كومىتىتىنى گۇمانغا قالدۇرماسلىقنىمۇ ئويلايتتى. لېنىن، خېلى بۇرۇنلا گېرمانىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا بولۇپ، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ رەھبىرى گېنېرال خانس ۋون سېكت (Hans von Seeckt 汉斯•冯•塞克特) مۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشقا ئالدىرىماقتا ئىدى. شۇڭا، ئىككى دۆلەت ھەربى دائىرىلىرى بېرىش-كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنى زىچلاشتۇرماقتا ئىدى. كىچىككىنە گېرمانىيە ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىگە تەلىم-تەربىيە بېرىشكە كىرىشىپ، بۇ جەرياندا ئالاھىدە يېڭى قۇراللاردىن پايدىلىنىش بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەنمەكتە ئىدى.

بۇ تۈردىكى ھەمكارلىقنىڭ دائىرىسى قانچىلىك، تەسىرى قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن رادېناۋ (Walther Rathenau 拉德诺) نى تەنقىت قىلغۇچىلار پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. گەرچە

ئۇنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىسى گېرمانىيىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش جەھەتتە كۆچلۈك تۈرتكە بولۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى گېرمانىيە كۆچلۈك بىر ئارمىيىگە ئىگە بولىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان نېمىسلار تەرىپىدىن سوۋېتلىكلەر بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى سەۋەبىدىن قىزىل پاچاق دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق قاراش ئۇنى قارىلاش ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، رادېناۋ ۋېرسايىل شەرتنامىسىدا ۋەدە قىلىنغان كىشنى چۆچۆتكىدەك ئېغىر ئىقتىسادى تۆلەم ۋەدىسىگە رىئايە قىلىشقا غەيرەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن خېلى بۇرۇنلا غەرىپلىكلەرگە باش ئەگكەن قۇللۇق ئۆلگىسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ بىر باي يەھۇدىي بولغاچقا، ناتسىستلار تەرىپىدىن يەھۇدىيلارنىڭ دۇنياغا غوجايىن بولۇشى ئۈچۈن يۈشۈرۈنچە پىلان تۈزۈپ كەلمەكتە دەپ قارىلانماقتا ئىدى. 4-ئىيۇن (باشاق) كۈنى، ئىقتىدارلىق ۋەتەنپەرۋەر بولغان بۇ ئادەم، ئىككى نەپەر “ئەركىن پولك” نىڭ سابىق ئەزاسى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شۇ كۈنى، باۋارىيىدە بۇ قورقۇنۇچلۇق ھەرىكەتنى پەيدا قىلغانلار قولغا ئېلىنىپ قاماققا ئېلىنىدۇ. ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە “بۇندىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن، ئېرۇسالىمدىكى بىر ئۇچۇم زوراۋانمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك جاللات ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى” دېيىش بىلەن تەڭ، ئۇنى “توپىلاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتكەن” دېگەن جىنايەت بىلەن ستادېلخېلم (斯达德廉 Stadelhelm) تۈرمىسىگە قامايدۇ. گوندىپاي ئۇنى ئىچىدە يۈز

www.pidaiy.biz

يۇيۇش يېرى بار بىر كامىرغا يېتىلەپ كىرىدۇ. ئاندىن “دوستانە قىياپەت” بىلەن بۇ ھۇجۇرىدا نۇرغۇنلىغان داڭلىق كىشىلەرنىڭ ياتقانلىقى، مەسىلەن باۋارىيىنىڭ داڭلىق دراماتورگى لۇدۋىگ توماس (Ludwig Thomas 路德维希•托马)، ئىنقىلابچى كۇرت ئېيسنېر (Kurt Eisner 库尔特•埃斯纳) لار بۇ خانىدا ياتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. رادىيوۋنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىدىن ھىتلېر ئۇنچە بەك خوشال بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق يالغۇز بېشىغا قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭچە بولغاندا ئۇنچە بەك قىممەتتى يوق ئىشلار ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ بۇ سۇيىقەست ھەرىكىتى ئۇنىڭغا بىر سىياسىي ساۋاق بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇمۇ پىكاۋىنىڭ كەينىگە كۈچلۈك چىراقلاردىن بېكىتىپ، پېيىغا چۈشكەنلەرنى كۈچلۈك چىراق نۇرى بىلەن كۆزىنى ئاچالماس قىلىۋېتىپ سۇيىقەست قىلىشىغا ئىمكان بەرمەيدىغان قىلىۋالىدۇ.

شۇ قېتىمقى سۇيىقەستتىن كېيىن، ۋىمار ھۆكۈمىتى ئالدىراپ-تېنەپ «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ قانۇن، بەكلا رەھىمسىز بىر قانۇن بولۇپ، ئاساسلىقى رادىكال ئوڭچىل تېررورچىلىقنى چەكلەش مەقسەت قىلىنماقتا ئىدى. شۇڭا، بۇ قانۇن باۋارىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك مىللەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھەقتىكى جىدەللەر ئايرىغىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلگىنىدە، ھىتلېر، ستادېلخېلم تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ھىتلېر، ئەسەبىي سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلىپ قالغان مەزگىل ئىچىدە

ئۆزىنىڭ قاينام-تاشقىنلىق كۆزقاراشلىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ، تەخمىنەن 5 ھەپتىلىك تۈرمە ھاياتى جەريانىدا كىتاب ئوقۇش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق ئىدى. بۇ جەريانىدا ھىتلېر ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن يىرگىنىشىنى نىسبەتەن سىستېمىلىق، مەقسىدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق بولغان نەزەرىيە ھالىغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ، تۈرمىدىن چىقار-چىقماي ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» غا رەددىيە بېرىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققان كۈنىسى، «ئەركىن دۆلەتمۇ ياكى قۇللۇقمۇ؟» دېگەن تېمىدا شۇ چاققىچە سۆزلەپ باقمىغان ئىنتايىن ئۆتكۈر نۇتۇقتىن بىرنى سۆزلەيدۇ. مۇنداق قارىماققا، ئۇنىڭ بۇ نۇتقى مەخسۇس يېڭى قانۇنغا قارىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياغا يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھىلىمىكىرىگە رەددىيە بېرىشنى ئاساس قىلغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ قانداقلارچە بۇنچە چوڭ ھوقۇقلارغا ئېرىشىۋالغانلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىرى ھېچ قاچان بۇنچە تولۇق، تەسىرىمۇ بۇنچە كۈچلۈك بولۇپ باققان ئەمەس. ھىتلېر يەھۇدىي زوراۋانلىقى ئۈستىدە ھېچقاچان "بۇنچە مەنتىقىلىق، بۇنچە پاكىتلىق" سۆزلەپ باققان ئەمەس ئىدى.

ھىتلېر، ئاۋازىنى پۈتۈن بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىغان بۈرگېربراۋكېللېر (Bürgerbraukeller 布尔格布劳)

www.pidaw.biz

پىۋىخانىسىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا، مىللەتچىلىك ۋە ئاممىۋى كۈچلەرنىڭ غايىسى بىلەن ئىنتېرناتسيونالىزمچى يەھۇدىيلار غايىسى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان شىددەتلىك كۈرەشنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا قىتئەسى بويىچە كۈچلۈك قانات يايغانلىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ. سوتسىيال دېموكراتىيە بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن كىشىمۇ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى؛ ئاكتسىيە بازىرى بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ يەنە شۇ يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھىتلېر سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە، ھەتتا سەھنىلەردە ئويۇن قويۇپ يۈرىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ سىكىلەك چېچىنى كەينىگە تاشلاش قىلىقىنىمۇ دوراپ بېرىپ مىتىنگدىكىلەرنى قاتتىق كۈلدۈرىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن خوشال بولغان يىغىن ئەھلى قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش كۆتۈرىشىدۇ. ھىتلېر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەھۇدىيلار بۇزغۇنچى، بۇلاڭچى، قان شورىغۇچى! دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بولشېۋىك يەھۇدىيلار بۈگۈنكى كۈندە ھەل قىلغۇچ جەڭگە ئاتلانماقتا، ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك غايىسى بار، دەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەقسىدى “دۆلەتلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ھەمدە خەلقنى ئىدىيىۋى قۇرالدىن مەھرۇم قىلىش!” دەيدۇ. (1922 ـ يىلىدىكى ھىتلېر، يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە زەھەرلىكلىكى بىلەن گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ ھەقتە، شۇ يىللاردا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن جوسېف خېل (约瑟夫•赫尔Josef Hell) بىلەن

www.pidaiy.biz

ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە ئېنىق گەۋدىلەنگەن ئىدى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە خېلى، ھىتلېردىن ئەگەر يەھۇدىيلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە تولۇق ھوقۇقلۇق بولغىنىڭىزدا ئۇلارنى قانداق قىلار ئىدىڭىز؟ دەپ سوئال قويغىنىمدا، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىدۇ. كۆزىنى دەرھال مەندىن ئېلىپ قاچتى. ئاسمانغا قارىغىنىچە ئاۋازىنى تەدرىجى يوقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كىرىشىپ تىتىرەپ كەتكەن ئىدى. قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە گويا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىتىڭ مەيدانىدىكى خەلق ئاممىسى ئىدىم. 'ئەگەر مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا پۈتۈن ھوقۇقنى قولغا ئالالىغىدەك بولسام، مېنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم، مېنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىم، يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش ئىشى بولاتتى. مەن ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزگىدەك بولسام، ھەممە يەرگە دارلارنى تىكتۈرەتتىم. مەسىلەن ميۇنخېنىنىڭ مارىيان (马里安) مەيدانىدا، قاتناشقا توسالغۇ بولمىغىدەكلا ئىمكانىيەت بولىدىكەن، بۇنداق دارلارنى كۆپلەپ تىكلىگەن، بۇ دارلارغا يەھۇدىيلارنى بىر-بىرلەپ ئېسىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ جەسىدىنى تا سېسىپ پۇرىمىغىچە داردىن چۈشەرتمىگەن بولاتتىم. شۇ شەكىلدە دارغا ئېسىلغانلارنى داۋاملىق يېڭىلاپ، تاكى ميۇنخېندا ئەڭ ئاخىرقى بىر يەھۇدىيمۇ دارغا ئېسىلىپ بولمىغىچە بۇ ئىشنى توختاتمىغان بولار ئىدىم. باشقا شەھەرلىرىمىزدىمۇ بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە بىرمۇ يەھۇدىي قالمىغانغىچە شۇنداق ئېسىش داۋام

قىلغان بولار ئىدى! ــ دەيدۇ.) بۇنىڭ ئۇچۇن يەھۇدىيلارنىڭ ئاشكارە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جاسارەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقى ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.

ھىتلېر، نۇتقىدا يەھۇدىيلار ھەققىدە يوقۇرقىدەك شىكايەتلەر بىلەن بىرەر سائەتتەك توختالغاندىن كېيىنلا ئاندىن رەسمى تېمىسىغا ئۆتىدۇ: "بىزگە مەلۇمكى، بۈگۈن بېرلىندىن كېلىۋاتقان ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» دېگىنى پەقەتلا تەنقىتنى باستۇرۇش، كىشىلەرنى سۆزلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس." شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئاغزىنى ھەرگىزمۇ ئېتىۋېتەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئۇ، يەنە خەلقنى بىۋاستە زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. "شۇڭا، مەن بۇ نۇتقىمنى تاماملىشىمدىن بۇرۇن ئاراڭلاردىكى ياشلارنىڭ بىر ئىشقا ئاتلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇنداق ئىش بەكلا زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا. بۇرۇنقى پارتىيە، ياشلىرىمىزنى سۆز قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكىلا يېتەكلەپ كەلگەن بولسا، ئەندى مەن ياشلارنى جىسمانى كۈچىنى چېنىقتۇرۇشقا يېتەكلىمەكچىمەن. مەن سىلەرگە شۇنداق چاقىرىق قىلىمەنكى، خەلقنىڭ تەغدىرىنى تۈزەش يولىنى تاپالماي يۈرگەن ياشلار، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى ئىشقا سالىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ يولنى چوقۇم تاپالايدۇ. ئەگەر پەلسەپەلىك جەھەتتىكىلا تەتقىقاتلار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ، پۈتۈن ۋاقتىنى كىتابقىلا بېرىۋەتكىنىدە

ياكى ئىسسىق ئۇچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلايدىكەن، بۇنداق بىر ياش، نېمىس بولۇش ھەققىگە ئىگە ئەمەس! سىلەرگە شۇنى چاقىرىق قىلىمەنكى، ھەممىڭلار ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە بېرىپ قوشۇلۇڭلار!»

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى ۋەزىپە ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بەلكىم ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. ھەتتا ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن. «بىز بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلىدىغانلار خەلق ئاممىسىمۇ ھېچ قانداق بىر ئورۇنغا ئېرىشەلمەسلىكى، بولۇپمۇ ھەر قانداق بىر ماددىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. ھەتتا تۈرمىلەردە ئۆمۈر بويى چىرىپ يېتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە داھى بولماقچى بولىدىغان بىرسىدە چوقۇم ئېنىق بىر غايە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولماي، پەقەت بىرسىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈنلا يېتەكچى بولۇشنى ئويلىغان بولىدىكەن، ئۇنداق بىر داھى ھېچ قانداق بىر ئىشقا ئەسقاتمايدىغان بىرسى ھېسابلىنىدۇ.» ئۇنىڭ غايە ئۈچۈن جان پىدا قىلىش دەيدىغان بۇ چاقىرىقى يىغىن زالىدىكىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە جەريانىدا، ھىتلېر يېڭى قانۇنغا ئىزچىل تۈردە رەددىيە بېرىپ كېلىدۇ. 16-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى، ھىتلېر كىنىكس (科尼希) مەيدانىدىكى ئاممىۋى يىغىنىنىڭ رەسمى چولپانىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ قېتىمقى

www.pidaw.biz

يىغىلىش ئەسلىدە "مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ" تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر مىتىنگ بولۇپ، مىيونخېندىكى ھەر قايسى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىپ قاتنىششى بىلەن شەكىللەنگەن ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى قانۇنىغا ئورتاق نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئىدى. ھىتلېر قاتارىدىكى كىشىلەر يىغىن مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن، يىغىن مەيدانى بىر قەدەر تېنچ ۋەزىيەتتە كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، يىراقتىن ھاياجانلىق ناغرا ـ سۇنايلىق ئىككى ئوركىستېر ئۈمىگى مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. كەينىدىنلا ئارقىسى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقىغان كىشىلەر رەتلىك قەدەملەر بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئالتە گۇرۇپپىلۇق ئەترەتلەر بويىچە 15 تال "مىللەتچى سوتسىيالىزم" بايرىقى ئاستىدا كەلمەكتە ئىدى. نەچچە مىنوتقا قالماي مەيدان ھاياجانغا تولغان 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ.

ھىتلېر يىغىن سەھنىسى ئالدىدا پەيدا بولغىنىدا، مەيداندىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش سادالىرى ئۇنچە بەك كۈچلۈكمۇ ئەمەس ئىدى. ئادولف، نۇتۇق سەھنىسىدە بىر مىنۇت ئۈن ـ تىنسىز تۇرىۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن نۇتقىنى باشلايدۇ. دەسلىۋىدە ئۇ نۇتقىنى بەكلا سىلىق باشلىغان بولۇپ، قىلچىمۇ ھاياجانلانماي سۆزلەيدۇ. يالقۇنلۇق مىللەتچى بىرسى بولغان كۇرت رادىك (库尔特•卢德克) (ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرنى شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم كۆرىشى ئىدى) كېيىنچە شۇ كۈنكى مەنزىرىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاۋازى

www.pidaiy.biz

ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە تەسىر پەيدا قىلىۋېتەتتى.» ئەندى ئۇ ئىنتايىن ۋەھشى باشقىلا بىر قىياپەتكە كىرگەن بولۇپ، كىچىك ئىككى قولىنى شىلتىغىنىچە ئۆتكۈر كۆك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بىر تەرەپتىن كىشلەرگە تەھدىت قىلغاندەك، يەنە بىر تەرەپتىن يالۋۇرغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، رادېك (卢德克) مۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھىتلېرغا مەھلىيا بولۇپ، خۇددى سېزىمىنى يوقاتقان، گىپنوزلانغاندەك ھالغا كېلىپ قالىدۇ. ئاخىرىدا، ھىتلېر دېگەن بۇ ئەسەبىي ئادەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىزلا تەڭداشسىز بىر ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان، يەنە بىر لودىۋىك (路德) بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. «ئۇنىڭ نېمىس ئەرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىر كۈچى، ئۇلارنى دەرھال قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ ئاتلىنىڭلار دەۋاتقاندەك، خۇددى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ تونۇلغان ئىنجىل ئايەتلىرىدەك قاتتىق تەسىر پەيدا قىلاتتى.» شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر بۇ مەيداندا كەم كۆستىسىز يەنە بىر سادىق ئەگەشكۈچىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، رادېك (卢德克) ھىتلېرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن چېركاس كرونا (济尔卡斯•克罗纳) دا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى. نۇتۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رادېك ھىتلېرگە تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېرنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇ، ئاكوپلاردا كىيىدىغان يىرتىلىپ

www.pdaily.biz

كىرلىشىپ كەتكەن بىر پەلتونى مۆرىسىگە ئىلىۋالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، رادىك (卢德克) نىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم، مىجەزى كەسكىن، غەيرەتلىك بىرسى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەتىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەغدىرىنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرماي پۈتۈنلەي ھىتلېرغا تاپشۇرىۋېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى 4 سائەتتەك پاراڭلىشىدۇ. ئاندىن، بىر-بىرسى بىلەن دەبدەبىلىك ھالدا قول ئېلىشىدۇ. "مەن ئۇنىڭغا روھىمنىمۇ بېرىۋەتكەن ئىدىم" دەيدۇ رادىك.

## (6)

«جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بىلەن بىرگە ۋېيمار-باۋارىيە ئوتتۇرىسىدا كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقان ھاڭ، يەنە بىر قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىش ئۈچۈن پۇرسەت ياراتماقتا ئىدى. بۇ قېتىملىق سىياسى ئۆزگىرىشنى نامىمۇ چىقمىغان مىيونخېنلىق بىر سەھىيە مەمورى كادىرى بولغان ئوتتو پاتىنىگ (奥托•彼庭格) ئىسىملىك بىر دوختۇر قوزغىتىدۇ. بۇ كىشى، نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىست ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن باشقا مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ باۋارىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئۇنىڭ ئورنىغا سابىق مىنىستىر ۋون كاھىرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى پىلانلايدۇ.

www.pdaily.biz

شۇڭا، كۇرت رادېك (库尔特•卢德克)، يەنى ھىتلېر يېڭىدىن ئۆزىگە قوبۇل قىلغان بۇ مورتىنى بېرلىن تەۋەسىگە بېرىپ ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتى بار يۇشۇرۇن سۇيىقەستچىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى يوليورۇقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يوللايدۇ. رادېك (卢德克) شىمالى گېرمانىيىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، "گېرمانىيىنىڭ پاۋل لىۋىرى (保罗•里维尔) قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ"، مىللەتچىلەرنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىۋېتىدۇ — كېيىن مەلۇم بولىشىچە، باۋارىيىدە ھېچ قانداق بىر ھادىسە يۈز بەرمىگەن. ئۇ، پويىز ئارقىلىق ميونخېنغا قايتىپ كېلىپ، — 1922-يىلى سىنتەبىر (ياچاق) نىڭ ئاخىرلىرى — دەرھال ماشىنىلىق پوتىنگېر (彼庭格) نىڭ شتابىغا كېلىشى بىلەن بۇ دوختۇرغا دۇچ كېلىدۇ. "بۇ قانداق بىر سىياسى ئۆزگىرىش؟" دەيدۇ رادېك (卢德克) رەنجىگەن ھالدا. ئەمما "كۆزئەينەك تاقاپ، مەغرۇرانە تۇرغان" پوتىنگېر (彼庭格)، رادېك (卢德克) قا قاراپمۇ قويماي، مېرسېدېس ماركىلىق پىكاۋىغا ئولتارغىنىچە ئالپىس تاغلىرىدا دەم ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قوزغىلاڭ خىيالى يوققا چىقىدۇ. پەقەت سوتسىيالىست ئىشچىلار پارتىيىسىلا تەييارلىقنى قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ داھىيسى يوشۇرۇنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. رادېك (卢德克)، ۋەيرانە بىر بىنانىڭ بالكون قەۋىتىدە ھىتلېرنى تاپىدۇ. بىر مۇھاپىزەتچىسى گراف بىلەن يۈگان بىر بۆرى ئىتىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. رادېك (卢德克) قا "مەن تەييارلىقمنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم.

مېنىڭ ئادەملىرىمۇ تەييار! — دەيدۇ ھىتلېر غەزەپلەنگەن ھالدا، — بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆز ئالدىمغا يالغۇز ھەرىكەت قىلىمەن" دەپ، ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭماي ئۆزى يالغۇز قالسىمۇ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، — بۇنىدىن كېيىن پوتىنگېر (彼庭格) دېگەندەك نەرسىلەرگە، ۋەتەن جەمئىيىتى دېگەندەكلەرگە يالۋۇرۇپ يۈرمەيمەن. مەن پەقەت بىرلا پارتىيىگە، ئۆزىمىزنىڭ پارتىيىسىگە تايىنىپلا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. ھەي شۇ كاتتا ئەپەندىلەر، شۇ كاتتا بايۋەتچىلەر بىلەن شۇ گېنېراللار — ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن. بۇ ئىشنى مەن ئۆزەم قىلىمەن، ئۆز ئالدىمغا يالغۇز قىلىمەن!"

شۇ يىلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا، ھىتلېر ئارۇي مول بلاك (阿瑟•摩勒•布拉克) (بۇ كىشى «ئۈچىنچى ئىمپېرىيە» دېگەن بىر كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى) قا مۇنداق دەپ ئېتراپ قىلغان ئىدى: "سىزنىڭدە بار نەرسىلەر مېنىڭدە بىرسىمۇ يوق. سەن گېرمانىيىنىڭ قايتا يۈكسىلىشى ئۈچۈن روھى ئۇزۇق تەييارلاپ كەلمەكتىسەن. ئەمما مەن پەقەت قۇرۇق بىر داپچى، بىر ئادەم توپلىغۇچى بىرىمەن. شۇنداق بولغاچقا ئىككىمىز بىرلىشىپ ھەركەت قىلساق قانداق دەيسەن؟" دەيدۇ. مول (摩勒) نىڭ ئىشىنىدىغىنى بىر خىل مىللەتچىلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيە دۆلىتى بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ. كېيىن ئۇ بىر كەسپدىشىغا "ھىتلېر دېگەن بۇ مەخلۇق ھەرگىزمۇ مېنى قولغا چۈشىرەلمەيدۇ. مەن

ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا مەجبۇر بولسامۇ ئۇنى ئىشخانامدا كۆرۈشنى خالىمايمەن” دەيدۇ.

بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز دەپ پوتىنگېر (彼庭格) تەرىپىدىن ئىزاغا قالدۇرۇلغان ھىتلېر، بۇ ئىشلاردا قەتئىي ئىرادىلىك بولۇش كېرەك ئىكەن دېگەن ساۋاققا ئېرىشىدۇ، بۇ ئىشتا پەقەت ئۆزەملا داھىلىق قىلىپ ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك دەپ قەتئىي ئىرادە باغلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئويغا كەلگەنلىكىدىن رادىك (卢德克) بەكلا خوشال ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال پارتىيىمىز مۇسسولىنىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش كېرەك دەيدىغان تەكلىپنى بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مۇسسولىن ئىتالىيىنىڭ داھىيسى بولۇش يولىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ فاشىزم ھەرىكىتىمۇ ئەسلىدە بىر مىللەتچىلىك ھەرىكەت، شۇنىڭدەك سوتسىيالىست ھەرىكەت بولۇپ، بولشېۋىكچىلىققا قارشى بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ قارا كۆڭلەكلىكلەر پارتىيىسى يېقىندا لاۋىنا (拉维纳) بىلەن ئىتالىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىمۇ قولغا ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. رادىك (卢德克)، ئاتىكاچىلىق قىلىپ ھىتلېرغا ۋاكالىتەن ئىتالىيىگە بېرىپ مۇسسولىنىنىڭ پايدىلىق بىر ئىتتىپاقداش بولۇشقا شەرتى توشۇپ-توشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مىلاندا، گەرچە مۇسسولىن ھىتلېر دەيدىغان بىرسىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا رادىك (卢德克) نى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ۋېرسايىل شەرتنامىسى بىلەن خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە

www.pidaw.biz

مەسىلىلىرىدە ھىتلېر بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلارغا قارشى تەدبىر مەسىلىسىدە ئېنىق بىر نېمە دېمەي تۇرىۋالىدۇ. رادىك (卢德克) قا ئەڭ بەك تەسىر قىلغان يېرى، مۇسسولىنىدىن، ئەگەر ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەلىۋىگە باش ئەگمەي تۇرىۋالسا ھۆكۈمەتكە قارشى قۇرال ئىشلىتىپ-ئىشلەتمەسلىكىنى سورىغىنىدا، مۇسسولىنىنىڭ جاۋابى بەكلا كەسكىن ئىدى: "بىز بىر دۆلەت قۇرماقچىمىز. — ئۇنىڭ گېپى بەكلا قوپال ئىدى. خۇددى ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغاندەك ئىدى، — مانا بۇ بىزنىڭ غايىمىز."

رادىك (卢德克)، ھىتلېرغا ئىتالىيە زىيارىتىدىن قىزغىنلىق بىلەن مەلۇمات بېرىپ، مۇسسولىنى ئېھتىمال بىر قانچە ئاي ئىچىدە ئىتالىيىنى قولغا ئېلىشى مۇمكىنىدەك قىلىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە، فاشىزم بىلەن ناتسىزم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ ئەقىدىلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قىزغىن مىللەتچى ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىلا ماركسىزم بىلەن سوتسىيالىزمغا قارشى ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىلا يەپ-يېڭى تۈزۈم تىكلەش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ئىككىلا داھى بىر-بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىسىلا خەلق ئارىسىدىن كەلگەنلىكىنى، ئىككىسىلا جەڭ مەيدانىدا پىششىپ يېتىلگەن جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنى ئەڭ بەك قىزىقتۇرغىنى، مۇسسولىنىنىڭمۇ قۇراللىق كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالماقچى ئىكەنلىكى ئىدى.

www.pidaly.biz

كېيىن رادىك ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: “ھىتلېر قارا كۆڭلەكلەرنىڭ بولشېۋىكلەشكەن شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇ يەرلەرنى ئىگەللىمەكچى ئىكەنلىكىنى، يەرلىك قىسىملار بىلەن بىتەرەپ مۇناسىۋەت تىكلەيدىغانلىقىنى، بەزى يەرلەردە خاتىرجەم ھالدا قارا كۆڭلەكلىكلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئورۇنلاشتۇرۇپ يەرلىشىش پىلانىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭمۇ شۇنداق ئويدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.” ئۇ، قورقماي پىلان تۈزۈش ئارقىلىق تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ!

مۇسسولىن غالىبىيىتىنىڭ تۈرتكىسىگە ھەمدە باۋارىيە تەۋەسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى بارغانسىرى كۈچلۈك ھىمايە قىلىشقا ئەگىشىپ، ھىتلېرمۇ شۇ يىلى كۈزدە قۇراللىق كۈچىنى نامايەن قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ، يوقىرى باۋارىيىدىكى كوباۋ (科堡) دېگەن كىچىك بىر شەھەرنى قوزغىلاڭ باشلاش نوقتىسى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. بۇ شەھەر مىيونخېنىنىڭ شىمالدا 160 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر يەر ئىدى. شۇ كۈنىسى، شۇ يەرلىك بىر قانچە ئاممىۋىي جەمئىيەتلەر پائالىيەت تەشكىللەپ “گېرمانىيە كۈنى” نى تەبرىكلىمەكچى بولىۋاتقان ئىدى. بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق مېھمىنى كوباۋ (科堡) كىنەزى بىلەن كىنەز مەلىكىسى ئىدى. بۇ ئىككى ئادەم ئاشكارە مىللەتچى ئادەملەر بولۇپ، كىنەز خانىشى يەنە كېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن چار پادىشانىڭ بىر يېقىن تۇغقىنى ئىدى.

www.pdaiy.biz

ئۇلار ھىتلېرنى بىر قانچە ھەمراسى بىلەن بىرگە كېلىپ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئاۋال ھىتلېر بۇ مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنىشىنى كەڭ مەنىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. 1922-يىلى 14-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىنىڭ (شەنبە كۈنى ــ ئاتارۇت، ئازناراس كۈنى) چۈشتىن بۇرۇن، 600 نەپەر ئېس-ئاچلار ئەترەت ئەزاسى بىلەن بىرلىكتە (بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن قىسمى يول كىراسىنى ئۆزلىرى تۆلەيدۇ) مەخسۇس پويىز بىلەن مىيونخېندىن يولغا چىقىدۇ. ئېس-ئاچلارنىڭ ھەر بىرسى ئىككى كۈنلۈك يەيدىغىنىنى يېنىغا ئېلىپ خۇددى بايرام قىلغىلى ماڭغاندەك 42 كىشىلىك ئوركىستىر مۇزىكىسىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ ماڭغىنىچە پويىزغا چىقىدۇ.

بۇ كىشىلەر بىر تەرەپتىن قىزغىن كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن ساياھەتكە چىققاندەك خوشاللىق سەپەر قىلىشىدۇ. ھەتتا ھىتلېر ئولتۇرغان ۋاگونىدىمۇ بايرام مەنزىرىسى بار ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىرگە كامىردا جەمئىي 7 كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى، ئوڭ-سول قول ياردەمچىلىرى ئىدى: يەنى بۇ كىشىلەر بىر سابىق ئون بېشى (مېكس ئامىن)، بىر چېلىشچى (گراف)، بىر دەللال ھەم قاۋاقخانا قوغدىغۇچىسى (كرىستىيىن ۋېبىر 克里斯汀•韦伯)، بىر سابىق كوممۇنىست ھەم بىروشۇر يازغۇچىسى (ھېس)، بىر بىناكارلىق ئىنجىنېرى (روسېنبېرگ)، بىر يازغۇچى (ئېكارت) ۋە بىر كونا لۈكچەك (رادىك 卢德克) قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە رادىك (卢德克) نى بەكىرەك قىزىقتۇرغان ئىككى كىشى بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى ئۇچۇق ۋە خوشخۇي ئېكارت بولۇپ، "بۇ كىشى ئالامەت قابىلىيەتلىك ھەم بىلىملىك بىرسى ئىكەن، كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا زادىلا ئېغىز ئاچالماي قالىدىكەن" دەيدۇ. يەنە بىرسى روسىنبېرگ دېگەن مۇز چىراي بىرسى ئىدى. بۇ ئادەم شۇنداق ھۆمىيىپ تىكىلىپ تۇرۇۋغلۇقمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ كىم يوقتەك بۇتتەك قاراپ تۇراتتى.

پويىز تېخىمۇ كۆپىرەك ئادەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن نيۇرېمبېرگدا يېرىم سائەتتەك تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوركىستىر قايتىدىن جانلىنىپ كېتىدۇ. پويىزدىكىلەرمۇ ۋارقىراشقىنىچە پەنجىرىدىن كىرىست بايراقلىرىنى چىقىرىپ لەپىلدىتىشكە باشلايدۇ. تاماشا كۆرگۈچىلەر بۇ كەلگەنلەرنىڭ قايسى سىرىك ئۆمىكى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كېلىپ پويىزنى ئورىۋېلىشقان ئىدى. يان يولدا توختىغان يەنە بىر پويىز ۋاگونىدىكى يەھۇدىيلار، كىرىست بەلگىلىك بايراقلارغا قاراپ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىتلېرنىڭ شەخسىي شوپۇرلىقىنى قىلىدىغان جولىئوس شرېك (尤利埃斯•施列克Julius Schreck) "دەرھال يەھۇدىيلار ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلارنى بىر مۇنچە ئەدەپلەپ" قىزىق ئويۇن چىقىرىپ بېرىدۇ.

پويىز كۇباۋ () ئىستانسىسىغا كىرگىنىدە ئىس-ئاچىلارنىڭ سانى 800 گە يەتكەن ئىدى. ھىتلېر قاپىقىنى تۈرگىنىچە پويىزدىن چۈشىدۇ. ھىتلېر، بۇ يەردىكى سوتسىيالىزمچىلار

بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ سانى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ شەھەرنى جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ يەردە خۇددى مۇسسولىنىغا ئوخشاش ئۇلارنى گازارمىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. تېخى يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدىلا باۋارىيىگە قوشۇلغان بۇ شەھەر خەلقى بۇ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراپ-جاقىراشقىنىچە كاناي-سۇنايلىرىنى چېلىشىپ قىزىل بايراقلارنى لەپەڭشىتىپ ھىتلېرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ سەھنىگە چىقىپ كېلىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشىدۇ. ئوركېستېر مارشقا چېلىشقا باشلىشى بىلەن، ئېس-ئاچىلار مارشقا دەسسىگىنىچە شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئەڭ ئالدىدا ماڭغان 8 نەپەر قىسقا خۇرۇم ئىشتانلىق باۋارىيە پالۋانلىرى قولىدا ئۇمۇت-تۆمۈر توخماق، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلار قىزىل ۋە قارا بايراقلارنى لەپەڭشىتىپ سەپ بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ھىتلېر بولسا 7 نەپەر ھەمرايى بىلەن بايراقلىقلارنىڭ كەينىدىن پىيادە كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ كەينىدە بايىقى 800 كىشىلىك ئېس-ئاچىلار قوشۇنى قوللىرىدا شلانكا ياكى قىڭغىراق، رېتىملىك قەدەملەر بىلەن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن ياماق چۈشكەن كۆلرەڭ ھەربى فورما، يەنە بەزىلىرى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئورتاق بەلگىسى سول بىلىكىدىكى كرېست بەلگىلىك يەڭلىكى ئىدى. ھىتلېرنىڭ قىياپىتىمۇ باشقىلاردىن كۆپ پەرق قىلمايتتى. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھىتلېر

ھەربى پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىغان، بېشىدا قاسقان شەپكە، پۇتىغا تەتۈر قونجىلىق غەلىتە بىر ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى.

يول بويىدىكى بىر توپ ئىشچى ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىپ "قاتىللار! بۇلاڭچىلار! دېڭىز قاراقچىلىرى! جىنايەتچىلەر!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئەمما ناتسىستلار قوشۇنى ئۇلارغا پەرۋايى پەلەك، تەكشى قەدەملەر بىلەن ئۆز يولىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. يەرلىك ساقچىلار بۇ نامايىش قوشۇنىنى شەھەر مەركىزىدىكى خاۋفىراخاۋۇس (霍夫布劳斯) پىۋىخانىسىغا باشلاپ كىرگۈزۈپ ئىشكىنى سىرتىدىن قۇلۇپلىماقچى بولغاندا، ھىتلېر ئادەملىرىنى ئاتىش مەيدانىدا چۈشكۈن قىلىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېس-ئاچىلار قايتىدىن داقا-دۇمباقلار بىلەن دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىشىپ تۇرغان شەھەر خەلقىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا تۇخۇمەك تاشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا يامغۇردەك يېغىشقا باشلايدۇ؛ ھىتلېر قامچىسىنى بىرلا ئوينىتىۋىدى ئېس-ئاچىلار دەرھال شلانكا توخماقلار بىلەن تاش ئاتقان كىشىلەر توپىغا ئېتىلىپ بېرىپ باش-كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەر توپى ئۈركۈپ چېكىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن قوشۇن ئالغا ئىلگىرلىشىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى چېكىندۈرگەن ئەسكەرلەردەك مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئەڭ مەغرۇر ھېساپلىغىنى بۇ سىناقتىن

ئۆتكەنلىكىدىن خوشال بولۇپ كەتكەن رادىك (卢德克) ئىدى. ئۇ، تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقىدىن مەغرۇر ئىدى. "كىيىملىرىنىڭ سۈپىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، كىشىلەر قەھرىمانلارچە جەڭگە ئاتلانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر چوقۇم مېنىڭ كېيىمىمنى تىككەن تىككۈچىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىدى بولغاي ھەقىچان."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى يەكشەنبە (يالچىق، پازار) كۈنىسى، سولچىل ئۇنسۇرلار ئاممۇۋي نامايىش قىلىپ، "ناتسىستلارنى قوغلاپ چىقىرايلى!" دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ. بۇ نارازىلىق نامايىشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئون مىڭ كىشىگە يېتەتتى. ئۇلار مەيدانغا يىغىلىدۇ. ئەمما ئۆكتىچىلەر قوشۇنى سان جەھەتتىن بەكلا ئۈستۈن بولۇپ ھىتلېرنىڭ پىلانىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، "بىر ھۇجۇم بىلەنلا قىزىللار تېررورچىلىقىنى مەڭگۈلۈك بېسىقتۇرىۋېتىش" غەيرىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ۋاقىتقىچە كۆپىيىپ بىر يېرىم مىڭ كىشىگە يەتكەن ئېس-ئاچىلار قوشۇنىنى يان يوللار بىلەن مەيدانىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ كوباۋ شەھەر قەلئەسىگە قاراپ ئىلگىرلىتىدۇ. چۈش ۋاقتىدا، ھىتلېر ھۇجۇم ئەترەتلىرىنى تۇيۇقسىز مەيدانغا باشلاپ بارغىنىدا، مەيداندا ئازانلا نەچچە يۈزدەك ئۆكتىچىنىڭ بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئالدىنقى كۈنى، شەھەر خەلقى پىيادىلار يولىدا تۇرۇپ ئۇن-تىنسىز قارشىلىق كۆرسىتىش قاراشلىرى بىلەن ئېس-ئاچىلارنىڭ پارات قىلىپ ئۆتىشىنى كۈزىتىپ تۇرۇۋشقان ئىدى.

بۈگۈن بولسا، خەلق دېرىزىلىرىگە يۈزلىگەن ئىمپېرىيە بايرىقىنى ئېسىشقان ئىدى. يول بويىدا قاتار كەتكەن دوستانا كۆرۈنۈشتىكى خەلق، غەلىتە بەلگىلەرنى تاقاشقان مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالىدۇ. بۇ كەلگەنلەر قىزىللارنىڭ كوباۋ شەھىرىنىڭ ھەر قايسى كوچىلىرىدىكى ھاكىممۇتلەقلىقىگە خاتىمە بەرگۈزگەن كىشىلەر بولغاچقا، بۈگۈن ئۇلار قەھرىمانلار قاتارىدا كۈتىۋېلىنماقتا ئىدى. “مانا بۇ بۇرجۇئازلارنىڭ تىپىك ئۆلگىسى. — دەيدۇ ھىتلېر يېنىدا كېتىۋاتقانلارغا، — خەۋپ يېقىنلاشقاندا قورقۇپ قاچىدىغان، ئىش تۈگىگەندە پو ئېتىشىدىغان خاراكتېر، بۇرجۇئازىيىنىڭ تىپىك مىجەزى!”

كوباۋ (科堡) ۋەقەسى ھىتلېرغا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر مىيونخېندىكىلەرنىمۇ خۇددى شۇ شەكىلدە تارمار كەلتۈرەلىشى مۇمكىن دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، مۇسسولىن يەنە بىر ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ: 28-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنىسى، مۇسسولىنىنىڭ قارا كۆڭلەكلىكلىرى رىمغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ (مۇسسولىن ئۆزى پويىزلىق) رىمنى قولغا ئېلىۋالىدۇ.

ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندە، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك، ھېس ھىتلېرنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، خوفبراخاۋس () تىكى زىياپەت زالىدا “گېرمانىيىنىڭ مۇسسولىنى — بىزنىڭ ھىتلېر!” دەپ ئېلان قىلىدۇ.



www.pidaiy.biz

بەشینچی باب

# هەم ئەسەبي هەم میهربان ئادەم

1922~1923

www.pdaiy.biz

## (1)

ھىتلېر، 1922 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئۆز ئەتىراپىغا ھەر قايسى سىنىپلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنى يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئوخشاش مەدەنىيەت سەۋىيەدىكى كىشىلەر ئىدى. گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بەلگىلىك پەرقلەر كۆرۈلسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاساسەن ھىتلېرغا ئوخشاش مىللەتچىلىكنى ھىمايە قىلىدىغان، ماركسىزمغا ئۆچ ئىدى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىككى نەپەر لىيوتچىكمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ھېرمان گېيورىڭ ئىدى. بۇ كىشى بۇرۇن بىرىنچى دەرىجىلىك كۆرەش ئايروپىلان لىيوتچىكى، داڭلىق "رېيچتېرخوفېن (里希特霍芬) ئۇچقۇچىلار پولكى" نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوماندىرلىرىدىن بىرى ئىدى. يەنە بىرسى رۇدولف ھېس بولۇپ، بۇ كىشى ئۇرۇشنىڭ باشلىرىدا ھىتلېر تۇرغان پولكنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ھاۋا يولى لىيوتچىكى بولغان. گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ھاللىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى بولسىمۇ، ئۇلار ھىتلېرنى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىردىن ـ بىر ئادەم دەپ تونۇيتتى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى، مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتە بىر ـ بىرسىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

www.pdaily.biz

گيورىڭ خوش پېيىل، ياسىنىپ يۈرۈشنى، باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇچۇق مىجەزلىك، كىشىلەر بىلەن ئاسان چىقىشىدىغان، ھەمدە ھەر دائىم دوستلىرى بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايدىغان خاراكتېرلارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى رايونلۇق سوتچى بولغان، كېيىن بىسمارك تەرىپىدىن ئىمپېرىيىنىڭ غەربى جەنوبى ئافرىقا ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن؛ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، 8 پەرزەنت كۆرگەن ئىدى. گيورىڭ كەينىدىن ئىككىنچىسى ئىدى. گيورىڭ ئەسلى بىر ئىلمى خادىم بولىشىغا قارىماي بۇ ئىشىغا بەك قىزىقمايدىغان، پۈتۈن قەلبى بىلەن ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ دىنى سۈنئەت قىلدۇرغان پوپىنىڭ ياردىمى بىلەن “پروسىيە خانلىق ياشلار قوشۇنى” غا قېتىلىپ، جەڭلەردە نام چىقارغان، 27 قېتىم ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئەڭ يۇقىرى ھەربى مېدال — “مىللى باھادىرلىق مېدالى” غا ئېرىشكەن بىرسى ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۋىتسىيە ئاۋاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۇچقۇچىسى بولىدۇ. گيورىڭ ئېرى بار كالىن ۋون كىنىز (卡琳•冯•坎佐) بىلەن توي قىلىشقا كېلىشىدۇ. كالىننىڭ ئاتىسى شۋىتسىيە ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاپىسى ئېرلاندىيىلىك بىر ھاراق زاۋۇتى كاپىتالىستى ئىدى. كالىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرىشى ھامان گيورىڭ بىلەن توي قىلىدۇ.

www.pidaiy.biz

گيورىك، ئەسلىدە شىۋىتسىيىدە ماكانلىشىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ گېرمانىيىگە قايتىپ كېتىش ئارزۇسى بىلەنلا يۈرىدۇ. ئۇ، "ۋېرسايىل نۇمۇسىنى تازىلاش، مەغلۇبىيەت نۇمۇسىنى تازىلاش، پروسسىيە قەلبىنى بۆسۈپ ئۆتكەن دانىزىك كورىدورىنى قايتۇرىۋېلىش" نىلا ئويلايتتى. ئۇ، مىيونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تارىخ پەنلىرى بىلەن سىياسەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئەمىلىي سىياسەتكە بەكرەك قىزىقاتتى. شۇڭا ئۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا چېنىقىپ چىققان ئوفىتسېرلار ئىچىدىن ئۆز ئىنقىلابى پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇپ ئۇلاردىن بىر قىسمىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. "ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، ئۇلار ھە دېگەندىلا تەشكىلىمىزگە ئېلىنىدىغان ئوفىتسېرلار ئۈچۈن ياتقىدەك بىرەر جاي تېپىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشىپ قالىدۇ. 'ھۇ دۆت كالىۋالار! — دېدىم مەن يىغىندىكىلەرگە، — سىلەرچە، شۇنچە چېنىققان بىر ئوفىتسېر ياتقىدەك بىرەر كارىۋاتلىق يەر تاپالماسمۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بۇ ئوفىتسېرلار چىرايلىق بىرەر قىزنىڭ ياتىقىنى بولسىمۇ قولغا كىرگۈزەلەيدۇ! ھۇ ...، ئالدىمىزدا قىلىدىغانغا شۇنچە كۆپ ئىش تۇرۇغلۇق يىغىندا ئوتتۇرغا قويغان نەرسەڭلار شۇمىدى سىلەرنىڭ؟' — قايسى بىرسى ئىزا تارتماي بىر نېمە دېۋىدى ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى قويدۇم. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن قاتتىق بىر كۈلۈۋېلىشتى. يىغىنمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى." شۇنداق قىلىپ، ئۇ

www.pinday.biz

ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىش ئارزۇسىغىمۇ خاتىمە بەرگەن ئىدى. 1922-يىلى كۈزدىكى بىر قېتىملىق مىتىڭگىتە، گېيورىكنىڭ ئەگەشكىدەك ھەقىقى رەھبەردىن بىرنى تېپىۋالىدۇ. بۇ مىتىڭنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيىدىن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىشىغا نارازىلىق كۆرسىتىش مەقسىتىدە كىنىش (科尼希) مەيدانىدا تەشكىللەنگەن بىر قېتىملىق ئاممىۋي يىغىن بولۇپ، مىتىڭگىتە ھەر قايسى پارتىيە-گۇرۇھ ۋەكىللىرى كەينى-كەينىدىن سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

ئارقىدىن، خەلق ئاممىسى نۇتۇق سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىپ "ھىتلېر، ھىتلېر!" دېيىشىپ قاتتىق ۋارقىراشقا باشلايدۇ. قىزىق، ئەسلىدە ھىتلېرمۇ دەل گېيورىنىڭ بىلەن كالىن ئىككىسىنىڭ يېنىدىلا بىر يەردە تۇرغان ئىكەن (ئۇ ئىككىسى يىل بېشىدا توي قىلىۋالغان ئىدى). دەل شۇ پەيتتە، گېيورىك، ھىتلېرنىڭ "مەن بۇ قولغا كۆندۈرۈلگەن بۇرجۇئازىيە كۈچۈكلىرىگە نۇتۇق سۆزلەشنى ھەرگىز خالىمايمەن" دېگىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ ئۈچىسىدا ھەربىي پەلتو، بېلىدە كەمەر بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىكى نېمىدۇ-بىر نەرسە گېيورىگنى ئۆزىگە تارتقاندەك قىلىدى. شۇڭا، گېيورىك بېرىپ نيۇمان () ئۆز كۈچىگە تايىنىش رېستورانىدا ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق پارتىيە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

"مەنمۇ ئۆزەمنى بىلىپ زالنىڭ كەينى بىر يەردە ئولتاردىم. ئىسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا يىغىندا روسېنبۇرگ بار ئىدى.

ھىتلېر نېمە ئۈچۈن مىتىنگدە سۆزگە چىقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەۋاتاتتى: ئۇلاردەك ئۇنداق سىلىق-سىپايە سۆزلىسەڭ، فرانسۇزلارنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغىمۇ دەخلى قىلالمايسەن. شۇڭا سەن تەھدىت سېلىۋاتقان كۈچكە نەيزە سانچىلغاندەك كۈچلۈك سۆز قىلالىشىڭ كېرەك، دەپ چۈشەندۈردى. مانا بۇ گەپلەر مېنىڭ ئارزۇيىمدىكى گەپلەر ئىدى. ھىتلېر قۇرغان پارتىيە، گېرمانىيىنى روناق تاپتۇرالايدىغان، ئۇنى كۈچەيتەلەيدىغان، ۋېرسايل شەرتنامىسىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىغان بىر پارتىيە ئىدى. توغرا، — دېدىم ئىچىمدە، — مانا مۇشۇنداق بىر پارتىيىلا ماڭا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر پارتىيە بولالايدۇ! يوقالسۇن ۋېرسايل شەرتنامىسى! ئاناڭنى، مانا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى پارتىيە ئىكەن!"

شۇنىڭ بىلەن گيورىڭ پارتىيە مەركىزىگە كىرىپ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماس جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ تاپشۇرىدۇ. بۇنداق بىر ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ شۇنچە ۋەيرانە بىر ئىشخانىدا پەيدا بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر ۋەقە ھېسابلىناتتى. گيورىڭ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، "دېگەندەك، بىرسى ماڭا، ھىتلېر دەرھال سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپ خەۋەر يەتكۈزدى." سالاپەتلىك كۆرۈنۈشلۈك گيورىڭنى ھىتلېر بىر كۆرۈپلا قايىل بولۇشى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم، چاقناپ تۇرغان سۇزۇك كۆزلۈك، ئېگىز بويلۇق، ئاق قىزىل تەنلىك ياۋروپالىق بىرسى ئىدى. "ھىتلېر



www.pidaily.biz

ماڭا، مەن ئېس-ئاچىلار ئەترىتىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرگىنىمنىڭ ئۈستىگە سەن كىرىپ كەلدىڭ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەلەي ئىشى، دېدى» دەيدۇ گيورىڭ. ئۇلار ئۇنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى بىرەر ئايدىن كېيىن ئېلان قىلماقچى بولغىنىدا، گيورىڭ ئالدىرىغىنىچە دەرھال ئىشقا كىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ، بۇ ئەترەتنى رەسمى بىر ھەربى قوشۇن شەكلىدە تەربىيلەشكە كىرىشىدۇ. «سىلەر بىر ئارمىيە! — دېدىم مەن ئۇلارغا، — سىلەر ئۆزەڭلارنى رەسمى بىر ئارمىيە دەپ تونۇڭلار!»

بىر قاراشتا گيورىڭ ھەقىقەتەنمۇ تولۇق بىر نېمىس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئالغاندا ئۇ تېخى بىر ئىرقچى ھېسابلانمايتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى يەھۇدىي ئىدى. گيورىڭنىڭ نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىگە كىرگەنلىكى بۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىگە ئەمەس بەلكى ئىنقىلابى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا قىزىققىنى ئاساس قىلاتتى. باشقا پارتىيەلەرمۇ ئىنقىلابى ھەرىكەت قىلىدىغان پارتىيەلەر بولغاچقا، ئۇ خالىغان بىر پارتىيىگە كىرىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ، بىرەر ھەرىكەت بولىشىغىلا قىزىقىدىغان بىرسى بولغاچقا، ھەرىكەت قىلىشقا قىزىقىدىغان بىرەر تەشكىلات بولسىلا ئۇنى جەلىپ قىلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ھىتلېرغا بەكلا لازىم ئىدى. گيورىڭ، ئوفتسېر رۇڭ (容克) ۋە باشقا جەمئىيەتتىكى ھەر

ساھە كىشىلىرى بىلەن ئىنتايىن  قويۇق مۇناسىۋىتى بار بىرسى بولۇپلا قالماي، يەنە نامايىش ۋاقىتلىرىدا، يىغىنلاردا مۇھىم جەمئىيەت ئادەملىرىنى سەپكە قوشۇش ئىمكانىيىتىمۇ بار بىرسى ئىدى. زۆرۈر تېپىلغاندا بەزى رەھبەرلەر بىۋاستە تەنقىتلىنىپ تۇرۇلسىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى.

ئەمما رۇدولف ھېس گيورىڭدىن تولۇپتىن پەرق قىلىدىغان بىرسى ئىدى. ھېس مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە پورتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى توپ مال ساتقۇچى ۋە ئېكسپورت قىلغۇچى چوڭ بايلاردىن ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئوغلى بولغان ھېس ئىلمىي خادىم بولۇش يولىنى تاللىۋالىدۇ. ئۇ دەسلىۋىدە بادگېتسبۇرگ (巴德戈德斯伯格) ياتاقلىق مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن شۋېتسىيىدە سودا سانائەت ئالىي مەكتىۋىگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇرۇش ئۇنى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن سودا ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشىنى پەقەتلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇمۇ خۇددى گيورىڭغا ئوخشاش ميونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرىپ تارىخ، ئىقتىسات ۋە سىياسى جوغراپىيە بىلىملىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇمۇ "نويابىر (ئوغلاق) جىنايەتچىلىرى" تەرىپىدىن سېتىۋېتىلدۇق دەپ قارايدىغانلاردىن بىرى بولغىنى بىلەن، بۇ جەھەتتە ئۆز ئەقىدىسىدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگە قاتناشماي، تورى جەمئىيىتى (图里会) گە قاتنىشىدۇ. ئۇ نامايىشلارغا قاتنىشاتتى، كوچىلاردا مىتىنگلەردە نۇتۇق سۆزلەيتتى (بەكلا

تارتىنچاق بولىشىغا قارىماي يەنىلا كېلىشتۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ قوياتتى). "ئەركىن پولىك" نىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باۋارىيە سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىگىمۇ قاتناشقان ئىدى.

رۇدولفمۇ گېورىگغا ئوخشاش داھى ئاختۇرۇپ يۈرگەنلەردىن بىرسى ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ يازغان «قانداق بىر داھىي گېرمانىينى بۇرۇنقىدەك پارلاق كۈنلەرگە يېتەكلىيەلەيدۇ؟» تېمىلىق دېسسىرتاتسىيىسى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. ھېس ئۇ ماقالىسىدا، بۇنداق بىرسى چوقۇم كۈچلۈك مۇستەبىت بىرسى بولىشى، شۇئاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولىشى، كوچىلاردا نامايىش تەشكىللىيەلەيدىغان، خەلق ئاممىسىنى كۈشكۈرتەلەيدىغان بولىشى كېرەك؛ بۇنداق بىرسى چوقۇم خەلق ئارىسىدىن كەلگەن بىرسى بولىشى، ئەمما خەلق ئاممىسى بىلەن قىلچىمۇ ئورتاق نوقتىسى يوق بىرسى بولىشى كېرەك؛ بۇنداق بىرسى خۇددى باشقا ئۇلۇغ كىشىلەرگە ئوخشاش "ساغلام خاراكتېرلىك" بىرسى بولىشى، "قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ تۈگۈلۈۋالىدىغان بىرسى بولماسلىقى؛ بارلىق ھەق-ناھەق ئىشلارنى تۆمۈر مۇشتۇمغا تايىنىپ قانلىق ھەل قىلىش تەرەپتارى بىرسى بولىشى كېرەك"؛ بۇنداق مەقسەتتىكى بىرسى، "ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىمۇ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان" بولىشى، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماي قانۇن ئىجرا قىلالايدىغان، "ئېھتىياتچان بولۇش بىلەن بىرگە يەنە سەزگۈرلۈك بىلەن" خەلق ۋە دۆلەتكە جانلىق مۇئامىلىدە

بولۇشنى بىلىدىغان، زوررۇر تېپىلغاندا "ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئۆتۈكى بىلەن ئۇلارنى چەيلەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان" بولىشى كېرەك، دەپ تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى.

ھېس، ھىتلېردا بۇ غايىۋى داھىلىق ئالامەتلەرنى كۆرگەندەك بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، يېقىن دوستى سۈپىتىدە ئۇنىڭ يېنىدا بىر يىلدىن بېرى تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھېس يەنە بىر ئادەمگىمۇ خۇددى شۇنداق ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ كىشى گېنېرال كارل خاۋشوفېر (Karl Haushofer 卡尔•豪斯霍弗) ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، ئايالى يەھۇدىي ئىدى. بۇ گېنېرال ھەربى مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن توكيو ئەلچىخانىسىدا 3 يىلدەك تۇرغان بولۇپ، ياپونچىنى سۇدەك بىلەتتى. 1911 ـ يىلى ياپونىيىدىن گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ گېنېرال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسىيا ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ كەلگەن؛ ئۇ، بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى يىمىرىلىشى ئۇ دۆلەت تېزگىنلەپ تۇرغان زېمىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە باغلىق دەپ قارايدىغان بىرسى ئىدى. دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ بىر ئىسپاتى ھېسابلىناتتى. گېرمانىيىنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقى، تىنىق تارتالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئاخىرى بېرىپ ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت نۇمۇسقا مەھكۇم بولىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى، دەل بۇ دۆلەتنىڭ ھاياتلىق ماكانىنىڭ تارلىقىدىن بولغان دەپ قارايتتى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، بۇ گېنېرال ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

سىياسىي جوغراپىيە پروفېسسورى بولۇپ دەرس بېرىدۇ. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرىغا، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر ئامىلى ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغانلا بولۇپ قالماي (خەلق ئىگىلىكىدە مۇستەقىل بولۇش بىلەنلا قالماي)، يەنە يېتەرلىك ھاياتلىق ماكانىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ھېس، پروفېسسور خاۋشوفېر بىلەن ھىتلېر ئىككىسىنىڭ دىگەنلىرىگە تولۇق قايىل ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرسىگە چىك يۇغۇرلىپ كېتىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇلار ئىككىسىنىڭ زىچ ھەمكارلىشالىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا بىر توساق بار ئىدى: پروفېسسورنىڭ ئايالى بىر يەھۇدىي سودىگىرنىڭ قىزى ئىدى. ھېس گەرچە ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىگە بوي سۇنىدىغان بىرسى بولسىمۇ، قەلبىدە ئادىمىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتچان بىرسى بولغاچقا ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن پروفېسسورغا چىن قەلبىدىن ئەقىدە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئايالىغىمۇ باشقىچە قاراشتا بولۇشنى خالىمايتتى.

ئۇ كۆنلەردە ھېس تازا روناق تېپىۋاتقان، ئالاھىدە مەغرۇر بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنداق باش-باشتاق رەھىمسىزلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە كوچىلاردا قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان ھەمدە مۇكاپاتلانغان ئىلمىي ماقالىسىنىمۇ قان پۇراپ تۇرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن يېزىپ چىققان بىرسى بولسىمۇ، ئۇ بەربىر ئۇنداق رەھىمسىز

www.pidaiy.biz

جاللات مىجەز بىرسى ئەمەس ئىدى. ھېس كىتاب بىلەن مۇزىكىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغان، بۇ جەھەتتە قاتتىق مۇنازىرىلىشىپمۇ كېتىدىغان بىرسى بولغىنى بىلەن، قەھۋىخانا-چايخانىلاردىكى تايىنى يوق مۇنازىرىلەردىمۇ ئۇنى ئۇچرىتىشقا بولاتتى. ھەتتا ئۇمۇ ھىتلېر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئەنە شۇنداق پىۋىخانا ئۇرۇش جىدەللىرى ئارىسىدا ئاڭلاپ بىلگەن ئىدى. ئۇ ئات يۈزلۈك، قۇيۇق قارا قاشلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، ئىنچىكە لېۋىنى ھەر دائىم چىڭ يۇمۇپ يۈرىدىغان، "يېقىن دوستلىرىنىڭمۇ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەييار" جىددى تۈستە بىرسى ئىدى. ھېس، مىيىقىدا كۈلگەن ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ھەققىي چىرايىنى كۆرسىتەتتى — شۇنداق چاغلاردىلا ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە سەزگۈر، رەسمى غايىلىك ياش بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئىرس ھېس () (ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئىسمى ئىرىس پۈلور () ئىدى) شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ كېلىپ، "بەكلا ئاز كۈلىدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان بىرسى ئىدىم. ئۇرۇش مەغلۇب بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ يەنىلا نومۇس قىلماي ئۇسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدىغانلارنى كۆرسەم پەقەتلا چىدىمايتتىم." ئۇنى پىششىق تونۇيدىغان كىشىلەردىن باشقا، ھەر قانداق بىرسى ئۈچۈن ھېس ھەققەتەنمۇ سىرلىق بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ، غايە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. پايدا مەنپەت قوغلىشىش دېگەننى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ھىتلېرغا

پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەھەننەمگە كىرىشكىمۇ تەييار ئىدى.

ھىتلېرنىڭ يەنە بىر قاراملارچە ئەگەشكۈچىسى جۇلىئۇس ستىرېيچېر دېگەن بىرسى ئىدى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ھېس بىلەن گېيورىڭ ئىككىسى فيۇرېرگە (فيۇرېر، Führer پارتىيە داھىيسى، ھىتلېر كۆزدە تۇتۇلماقتا — ئۇ.ت) قارىغاندا بەكلا ئاجىز ئىدى. ئەمما ستىرېيچېر زەھەرخەندىلەرچە تىلدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ھىتلېردىن بەكلا ئېشىپ كېتەتتى. بۇ كىشى بەكلا جېدەلخور، تاقىرباش، قاپان باش، سالپاڭ قۇلاق بىرسى بولۇپ، كىشىگە بەكلا قوپال كۆرۈنەتتى. ئۇ، مەيلى دەستۇرخان ئۈستىدە ياكى ياتىقىدا بولسۇن، بەكلا ئىشتەيلىك، قارنىغا ئامراق بىرسى ئىدى. ئۇ بەزىدە بەكلا تۈز كۆڭۈل، يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنسە، يەنە بەزىدە بەكلا ۋەھشى، بەكلا تەرسا بىرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ ئادەم قىلچە قىينالمايلا كۆڭلى يېرىملىقتىن بىراقلا رەھىمسىز بىر مەخلۇققا ئايلىنالايتتى. ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش جامائەت ئارىسىدا كۆرۈلىش ۋاقىتلىرىدا ھەر دائىم قولىدا قامچىلىق ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ قامچا تۇتۇپ يۈرۈشى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. ھىتلېر قامچىسىنى خۇددى يىتىلەپ يۈرگەن ئىتىنىڭ تاسمىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ يۈرگەندەك قامچا سېپىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزىۋېلىپ يۈرەتتى. ئەمما ستىرېيچېر قامچىسىنى ئۇياق-بۇياققا شىلتىپ ھەيۋە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ستىرېيچېر ياش ۋاقىتلىرىدا "يەھۇدىيلارغا

www.pdaly.biz

قارشى كىتاب ۋە بروشۇرلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان سومكىسىنى مۆرىسىگە ئېسىۋېلىپ تەرەپمۇ-تەرەپ چېپىپ يۈرەتتى." ئۇنىڭ پۈتۈن نۇتۇقلىرى ھەسەتخورلۇق پۇرىقىغا تولغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسى دۈشمەنلىرىگە ئەڭ پاسكىنا تىللار بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ ئادەم يەھۇدىيلار، ئارىيانلارغا قارشى سۈيىقەست پىلانلاپ يۈرىدۇ دەيدىغان گەپلەرگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بىرسى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلى چەكسىز تىل-ئاھانەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان بولاتتى.

ئۇمۇ كېلىپ نىمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. 1922-يىلى، بۇ پارتىيىنىڭ نيۇرېنبېرگ ياچېيكىسى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، ستىرېيچېر، يەھۇدىيلارغا مەخسۇس قارشى تۇرىدىغان «ھۇجۇمچىلار» دېگەن بىر گېزىت چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. بۇ گېزىت ۋيېنىنادا نەشرى قىلىنغان، ئۆز ۋاقتىدا ياش ھىتلېرغا قاتتىق تەسىرىنى يۇقتۇرغان «شەرق يۇلتۇزى» دېگەن ژۇرنالغا قارىغاندا ھاقارەت قىلىش بىلەن زەھەرخەندىلىك جەھەتلەردە كۆرىنەرلىك ئالغا كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ گېزىت ھىتلېرنىڭ نۇرغۇنلىغان مورتلىرىنىڭ تىللاپ ئاچچىغىنى چىقىرىۋالىدىغان بىر ۋاستىغا ئايلىنىدۇ. گەرچە ھىتلېر سېرىق ئەدەبىياتلارغا قاتتىق ئۆچ بىرسى بولغانلىقى سەۋەبلىك ستىرېيچېرنىڭ بەكلا يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئانچە توغرا تاپمىسىمۇ، بۇ غەلىتە مورتىنىڭ پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەرگە قارشى ئەشەددىيلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەلىشىگە يەنىلا قايىل ئىدى. شۇنىڭدەك،

www.pidaw.biz

ھىتلېر يەنە سترېيچېرنىڭ تولۇپ تاشقان زېھنى كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەبىلەرچە ساداقىتىگە قاراپ ئۇنىڭدىن يەنىلا مەمنۇن ئىدى.

ھىتلېر بۇ ئادەم ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "دىترىچ ئېيتكار ماڭا نۇرغۇن قېتىم سترېيچېرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىرسى بولغىنى بىلەن، نۇرغۇن تەرەپلەردىن بەكلا غەلىتە بىرسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتقان ئىدى. ئۇ يەنە ماڭا، ئەگەر بىز سترېيچېردەك بۇنداق كىشىلەرنى قوللاپ بەرمىگىنىمىزدە، نېمىس مىللەتچى سوتسيالىزم ھەرىكىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس دەيتتى." ھەقىقەتەنمۇ سترېيچېر «ھۇجۇمچىلار» گېزىتىدە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپمۇ چىقىراتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھىتلېر، كۈتۈلمىگەن جاۋاپلارنى بېرەتتى: "بەزىلەر، سترېيچېر يەھۇدىيلارنى بەكلا مۇبالىغە قىلىۋەتتى دېيىشىدىكەن. ئەسلىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەھۇدىيلار تېخىمۇ نومۇسسىز، تېخىمۇ ۋەھشى نەرسىلەر بولۇپ، سترېيچېرنىڭ بەرگەن باھالىرى ئۇلاردىن مىڭ ھەسسە رەھىمسىز بولىشى كېرەك."

ھىتلېرنىڭ مورتلىرى ساپلا شۇنداق ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇنىڭ قوزغىغان ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەبىقىلىرىگە زىچ باغلىق بولغاچقا، ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان ئىدى. يەنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا زىيالىيلار، كوچا نوچىلىرى، ھەر تۈرلۈك غەلىتە

www.pidaw.biz

كىشىلەر، غايىلىق ئادەملەر، سەرگەندارلار، ياللانما ئەسكەر كوماندىرلىرى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ۋە ئىنتىزامغا بويسۇنمايدىغانلار، ئەمگەكچىلەر ۋە ئاق سۆڭەكلەر قاتارىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا تېپىلاتتى. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەدەپ-قائىدىلىك بولسا، يەنە بەزىلىرى رەھىمسىز زوراۋان كىشىلەر ئىدى؛ بەزىلىرى مۇقىم ئورنى يوق سەرگەندار، قۇۋلۇق-شۇملۇقنى كەسىپ قىلىشقان كىشىلەر بولسا، يەنە بەزىلىرى ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىسى يازغۇچى، رەسسام، مەدىكار، دۇكاندار، چىش دوختۇرى، ستۇدېنت، ئەسكەر ياكى پوپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرى ھەممە يەرگە تارقالغان بولۇپ، ھەممە ساھەدىكى كىشىلەرنى سىغدۇرالايتتى. يەنى خۇددى ئېيتكارغا ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارلىرىنى سىغدۇرالىسا، يەنە رومغا ئوخشاش بەچچىغەرلەرنىمۇ سىغدۇرالايتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇچۇن ھىتلېر دېمەك، ھەممە دېمەك بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە يەھۇدىيلارغا، ماركسىزمغا قارشى كىشىلەر بىلەن گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈش ئۇچۇن كۈرەش قىلالايدىغان بارلىق كىشىلەرنى پارتىيىسى ئەتراپىغا توپلاشقا ھەر دائىم تەييار تۇراتتى.

"مېنىڭ ئەڭ خوشال كۈنلىرىم دەل شۇ كۈنلەر ئىدى. — دەيدۇ ھىتلېر ئاردىن 19 يىل ئۆتكەن بىر قىش كېچىسى، ئۇ ھاياجان ئىچىدە شۇ كۈنلەرنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن خوشال بولغان ھالدا شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى ھىمايە قىلغان كىشىلەر

ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى، ــ مەن بۇگۇن، شۇ ۋاقىتلاردىكى بەزى كىشىلەرنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالسام بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ئۇلار مېنى ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلغان ئىدى. ئۇ كۈنلەر ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلىق كۈنلەر ئىدى. كىچىك بىر يايمىچىمۇ كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى: ‘مەن ھىتلېر ئەپەندىگە بىر قانچە تال تۇخۇم بولسىمۇ سوغات قىلىۋالاي’ دېيىشىپ كېتەتتى. ... مەن بۇ تۈردىكى سەممى سادىق كىشىلەرنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم.”

ئۇنىڭ مورتلىرى ئاربىسىدىكىلەر ھەرقانچە قۇۋلۇق-شۇملۇق قىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىداقلاردىن ھەرگىزمۇ زېرىكمەيتتى. بەلكىم ۋېيىننادىكى بېشىدىن ئۆتكەن شۇ پاجىئەلىك كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى ئۇچۇنلا پارتىيە مەركىزى ئورنى ئۇچۇن كارنىرىۇس (卡尔尼留斯) كوچىسىنى تاللىۋالغان دېيىش مۇمكىن. پارتىيە مەركىزى قىلىپ تاللىۋالغان بۇ يەر خېلىلا ئازادە بىر يەر بولۇپ، ئۇ يەردە نامىراتلىق دەردىدە ياتقىدەك بىرەر يەرنىڭ غېمىدا قالغان كىشىلەرگە زىمىستان سوغۇق قىشنى چىقىرىۋېلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. “قىش كېلىشى بىلەن تەڭ، ــ دەيدۇ فىلىش پور (菲力气•波勒) ئەسلەپ كېلىپ، ــ كۈتىۋېلىش زالى ئىشسىز پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىنى ھىمايە قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىسسىنىش ماكانىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ كىشىلەر ئۇ يەردە ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ قەرت ئويناپ، ۋاقىتنى بەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىشەتتى. بۇ ۋاراڭچۇرۇڭلۇق ئىچىدە ئۆزەڭنىڭ

ئـاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمـاي قالىسـەن. بەك ھەددىـدىن ئېشـىپ كەتكىنىـدە بـۇ يەرگە مەسـئۇل قىلىنغـان كرىسـتىين ۋېبـىر (克里斯汀•韦伯) ئۇلارنى قامچىلاپ قوغلاشقىمۇ مەجبۇر بولـۇپ قالاتتى."

**(2)**

1922-يىلى كۈز ئايلىرىدا، ئادولف ھىتلېرنىڭ پائالىيەتلىرى ئىنتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىـدە تۇرۇشـلۇق بـاش ئەلچىسـىنىڭ مەسـلىھەتىگە ئاساسەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى "توختىماي كۈچلىنىپ بېرىۋاتقان، ئۆزلىرىنى مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلار ھەرىكىتى دەپ ئاتىۋالغان كۈچلەرنىڭ قانچىلىك تەسىر كـۈچى بـارلىقىنى مـۆلچەرلەپ كېلىش" ۋەزىپىسى بىلەن بېرلىنىدا تۇرۇشـلۇق مۇئـاۋىن ھەربىي ئەمەلـدار كاپىتـان ترۇمـان سـمىت (杜鲁门•史密斯 Truman Smit) نى ميونخېنغا ئەۋەرتىدۇ. بۇ كىشى يـالى ئۇنىۋېرسـتېتى بىلەن ۋېست پويىت ھەربىي مەكتىۋى (ئامېرىكا غەربىي ھەربىي ئۇنىۋېرسـتېتى) نـى پۈتتـۈرگەن ئالاھىـدە مەلۇمـاتلىق بىرسـى ئىـدى. شـۇنىڭدەك، ئـۇنى بىرىـپ ھىتلېـر بىـلەن بىۋاسـتە ئۇچرىشـىپ، "ئۇنىـڭ مىـجەز-خـاراكتېرى، ئالاھىـدىلىكى، قابىلىيىتى ۋە ئاجىزلىق تەرەپلىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىش" نى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك سـمىت يەنە نـېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى،

www.pidaiy.biz

ئىستىقبالىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ھۆددىگە ئالغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، سىمىت، بىرەر ئامالىنى قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ تېپىپ كېلىشى لازىم ئىدى: "باۋارىيە تەۋەسىنىڭ گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ميونخېندا يەنە بىر قېتىملىق كومپارتىيە قوزغىلىڭى پارتلاش خەۋپى بارمۇ-يوق؟ ھىتلېرنىڭ سوتسىيالىزمچى ئىشچىلار پارتىيىسى باۋارىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىش ئىمكانى بارمۇ-يوق؟ باۋارىيىدە تۇرۇشلۇق دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى 7-دىۋىزىيىسى گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە سادىق بىر ئارمىيىمۇ ياكى بېرلىن بىلەن باۋارىيىگە ئايرىم-ئايرىم ساداقەت كۆرسىتىش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ئەگەر ئوڭچىلار ياكى سولچىلار توپىلاڭ چىقارسا ياكى قوزغىلاڭ كۆتەرسە بۇ دىۋىزىيە كۈچىگە تايىنىپ بېسقتۇرۇش ئېھتىمالى بارمۇ-يوق؟"

سىمىت، 15-نويابىر (ئۇغلاق) چۈشتىن بۇرۇن ميونخېنغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ مارىياناباد (玛利安巴德) مېھمانخانىسىغا جايلاشقاندىن كېيىن، دەرھال لىدېر (雷德勒) كوچىسىغا جايلاشقان ئا ق ش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ باش كونسۇل روبېرت مۇرفى بىلەن كۆرۈشىدۇ. 28 ياشلىق مۇرفى (بۇ كىشى كېيىن بېلگىيە باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ) سىمىتقا باۋارىيىنىڭ يېڭى باش مىنىستىرى "ئۇنچە بەك كۈچلۈك بىرسى ئەمەس، ... ئۇ پەقەتلا سابىق باش مىنىستىر كاھىرنىڭ "قولىدىكى بىر ئويۇنچۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەيدۇ. بۇ كونسۇل يەنە مۇنداق دەيدۇ: سوتسىيالىزمچى ئىشچى پارتىيىسى

www.pdaily.biz

تېزلىكتە كۈچىيىپ بارماقتا، بۇ پارتىيىنىڭ داھىيسى بولغان كىشى گەرچە "قارام تەۋەككۇلچى بىرسى" بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ كىشى بەربىر "ۋەزىيەتنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ چىققان نارازى بولغۇچىلاردىن بىرسى دېيىشكە بولىدىغان" بىرسى. ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم باۋارىيەلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ھېسابلانسىمۇ، "گېرمانىيە مىللى ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلالىغىدەك قابىلىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىغا بىر نېمە دېمەك ھازىرچە بەكلا ئەتىگەن.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، سىمىت يەنە قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانلىرى بىلەن، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن، شاھزادە لوپكېشىت (卢普科希特) (بۇ ئادەم راستىنلا قابىلىيىتى يوق بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزى سىياسى كۈچى بولىشى ئېھتىمال) بىلەن، يەنە بىر لىبىرالىس گېزىت تەھرىرى ماكس ئېرۋىن ۋون شۇبنېر ريچتېر (梅克斯•埃文.冯•舒本纳•里希特 Scheubner_Richter Max_Erwin von بۇ ئادەم نېمىس ئىرقىدىن بولۇپ، بالتىق دۆلەتلىرىدىن قېچىپ كەلگەن بىر مۇساپىر ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ كىنەزلىك سالاھىتىدىن پايدىلىنىپ يۇرگەن بىرسى ئىكەن) قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ چىقىدۇ. شۇبنېر ريچتېر دېگەن بۇ ئادەم روسىيىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرسى بولۇپ، ھىتلېرغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ كىشى سىمىتقا مۇنداق دەپ كاپالەت بېرىدۇ: پارتىيىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى مەيدانى "پۈتۈنلەي تەشۋىقات مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا

www.pidaw.biz

قويۇلغان بىر ئىش دەپ بىلىسىگىز بولىدۇ.» شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم سىمتنى پارتىيىسىنىڭ يېڭى مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ پارات مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى مېھمانخانىدىكى ياتىقىدا ئولتۇرۇپ «ھەقىقەتەنمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. — دەپ يازىدۇ سىمت كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان 1200 نەپەر قاۋۇل يىگىت كونا ئىمپېرىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، بىلەكلىرىگە كرېست بەلگىلىك يەڭلىكلەرنى تاقاپ، پارات قەدەملىرى بىلەن پاراتنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ھىتلېرنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. پارات قوبۇل قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ھىتلېر بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ... ئاندىن 'يەھۇدىيلارغا ئۆلۈم!' دەپ شۇئار توۋلايدۇ. كىشىلەر توپى پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقىنىچە تەنتەنە قىلىشتى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.»

ئەتىسى شەنبە (ئازناراس) كۈنى، سىمت لۇدېندورفنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ گېنېرال، بۇرۇن ئۇنىڭ «ئاۋال رۇسىيىدە بولشېۋىكچىلىكنى تارمار كەلتۈرەلىگىنىمىزدىلا ئاندىن گېرمانىيىدىكىلەرنى يوقۇتۇشقا بولىدۇ» دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر «چوقۇم ماركسىزم بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچلۈك ھۆكۈمەتنى قوللىشى شەرت، ... بۇنداق بىر ھۆكۈمەت مەڭگۈ «ھازىر مەۋجۇت بولىۋاتقان قالايماقان يىغىنلار شارائىتى ئاستىدا پەيدا بولالمايدۇ. ... بۇنداق ھۆكۈمەت

پەقەت ۋەتەنــپەرۋەر كىشــىلەر تەرىپىــدىنلا تەشــكىللىنىدىغان بولىشى كېرەك. ... فاشىزم ھەرىكىتى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىــڭ ئۆيغۇنۇشــقا باشــلىغانلىقىنى ئىپــادىلىمەكتە. ... مۇســـولىن گېرمانىيىنىـــڭ مىللـــى ئىشــلىرىغا ھەقىقەتەنمـــۇ ھېسداشلىق قىلىپ كەلمەكتە” دەپ قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دۈشەنبە (باش) كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، سىمت، شۇبنېر رىچتېرنىڭ يېرىدە ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. سۆھبەت زالى “شۇنچىلىك ئاددى ئىدىكى، بۇنچە قۇرۇق بىر يەرنىڭ يىغىن زالى بولىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيتتى؛ بۇ يەر خـــۇددى نيۇيـــوركتىكى ئەبجەغـــى چىقىـــپ كەتـــكەن ئىجـــارە ئۆيلىرىنىــڭ ئارقــا مېھمانخانــا ئۆيلىرىــدىن قىلــچە پەرقــى يــوق ئىدى.” بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، سىمت كۈنىدىلىك خاتىرىسىگە مۇنــداق دەپ يازىــدۇ: “ھــاكىمىيەت ســىرتىدا قالغــان مەشــھۇر پارتىيە داھىيسى. مەن بۇنداق غالجىرانە، شۇنىڭدەك يەنە بۇنچە رەھىمدىل بىرسىنىڭ نۇتقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇنداق بىر ئادەمنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى كۈچى چوقۇم تەڭداشسىز بولىشى كېرەك. ... ھىتلېر ئۆزىنىــڭ بۇ ھەرىكىتىنــى ‘جىسمانى ۋە ئەقلــى ئەمگەكچىلــرى ئىتتىپاقلىشىپ ماركسىزمغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى’ دەپ تەرىپلىمەكتە. ئۇ يەنە ‘ئەگەر بولشۋېكچىلارنى باستۇرۇش شەرت بولىدىكەن، نۆۋەتتە كاپىتال ھەققىدىكى تەنقىدىي قارىلاشلارنى قەتئىي توختۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە يىغىنىنىڭ چەكلەش كۈچى چوقۇم

رول ئوينىيالىشى لازىم. بۇ جەھەتتە پەقەتلا كۆچلۈك مۇستەبىتچىلىكلا گېرمانىيىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ.' دەيدۇ. سىمىت خاتىرىسىگە يەنە "بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ماركسىزىم بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشى لازىم. بۇنداق بىر جەڭنى ئا ق ش ياكى ئەنگلىيە تۇپراقلىرىدا قانات يايدۇرغانغا قارىغاندا گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا قانات يايدۇرۇش تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. بۇنداق بولغىنىدا، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر بىز (ئامېرىكا) گېرمانىيىنىڭ مىللەتچىلىرىنى قوللىمايدىكەنمىز، بولشېۋىكچىلار چوقۇم گېرمانىيىنى بوي سۇندۇرىۋېلىشى مۇقەررەر. ئۇ چاغدا، ئۇرۇش چىقمىنى تۆلەش دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ چاغدا روسىيە بىلەن گېرمانىيە بولشېۋىكلىرى ئۆزگە خاس ئارزۇلىرىغا ئاساسەن چوقۇم غەرب ئەللىرىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن."

ھىتلېر يەنە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. كېيىن، بۇ مەسىلىنى سىمىتنىڭ ئۆزى كەسكىن بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ سوئال قويىدۇ. ھىتلېر بۇ مەسىلە ھەققىدە بەرگەن جاۋابىدا "ئۇلارنىڭ گراژدانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى" نىلا تىلغا ئېلىش ئارقىلىق سىمىتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن بولىدۇ. سىمىت بۇ قاراڭغۇ ئۆيدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، گېرمانىيە سىياسى سەھنىسىدە ھىتلېر ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل بولىدىغانلىقىغا

ئىشەنگەن ئىدى. ھىتلېر 22-نويابىر (ئوغلاق) كۈنى نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولىدۇ. بۇ يىغىن ئۈچۈن سىمىت بىر پارچە يىغىنغا كىرىش بېلىتى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە بېرلىنغا چاقىرتىلغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يىغىنغا قاتنىشىش بېلىتىنى ئېرنىست خانفىستانگىلغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئادەم ئېگىز بويلۇق، ئۇرۇق ئىنچىكە ئىگەكلىك، غەلىتە مىجەزلىك بىرسى بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىرسى ئىدى. خانفىستانگىل، ھىتلېر دېگەن بۇ مەخلۇققا بەكلا سىرلىق قارايتتى. ئەجىبا ئۇ بۇ نەتىجىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەرمۇ؟ “مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، ئۇنىڭ رولى بەكلا چوڭ. — دەيدۇ سىمىت، — سەن ئۇنى مەيلى ياخشى كۆر ياكى كۆرمە، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى خالاپ، نېمىنى خالىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىدى” دەيدۇ سىمىت.

سىمىتنىڭ خانفىستانگىلنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىشىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى، بۇ ئادەمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە ئاساسلىناتتى. خانفىستانگىلنىڭ ئاپىسى يېڭى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ داڭلىق ئائىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان، يەنى لودۋىك (虐德维克 Ludwig) لار جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى؛ خانفىستانگىلنىڭ بوۋىلىرىدىن ئىككىسى جەنۇب-شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىنىڭ گېنېراللىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى يەنە كېلىپ لىنكىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. خانفشتانگېرلار جەمەتىدە ئىككى نەپەر كىشى ساكسېي (萨克塞) دا، يەنى كوباۋ (科堡)

دا گـــودې (哥达) كىنەزلىكىـــدە مەخپـــى مەســـلىھەتچىلىك ۋەزىپىســدە بولغـان بولـۇپ، ئـۇ يەنە كېلىـپ گـۈزەل سـەنئەت ئەسەرلىرى مەھلىياسى ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇھىم خېرىدارلاردىن بىرسى ئىدى. بۇ جەمەتـتىكىلەر مىيونخېنـدا ئۆزلىرىنىـڭ گـۈزەل سـەنئەت نەشـرىياتىنى ئاچقـان، شـۇنىڭدەك نەپىـس گـۈزەل سـەنئەت ئەسـەرلىرى بىـلەن داڭـق چىقارغـان كىشـىلەر ئىـدى. خانفىسـتانگىلمۇ گـۈزەل سـەنئەت ۋە مۇزىكـا مـۇھىتى ئىچىـدە ئۆسـۈپ يېتىلگەن بىرسى بولـۇپ، ئۇنىـڭ ئائىلىسـى ھېـر رىخمـان (黑利•雷赫曼)، ۋىلھـــېلم بـــۇش (威廉•布希)، رىچـــارد ســـــتراۋۇس (理查•施特劳斯)، فىلىكـــــس ئېۋنگىنـــــا (菲力克斯•文加纳)، ۋىلھـېلم باكخـاۋس (威廉•巴克豪斯)، فىلىتـــزوف نانســـى (弗里特佐夫•南森) ۋە مـــارك تـــۇۋىن (马克•吐温) قاتـــارلىق كىشـــىلەرنىڭ ئۇچرىشـــش ســـورۇنى ھېسابلىناتتى. ئۇمۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا پىيانىست ھېسابلىناتتى. باۋارىيىدىكى داڭلىق سالونلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ پىيانو پەدىلىرى ئالدىدا كۆتۈرۈلـۈپ تۇرغـان 6.4 غېـرىچ گەۋدىسىنى پات-پاتلا كۆرۈپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا "ۋىجىـك بـالا" دەپ تەتـۈر لەقەم قويۇۋېلىشقان ئىدى.

يەنە شـۇ 22-نويـابىر (ئـوغلاق) كۈنىســـى، خانفىســـتانگىل تراموۋايغـا ئولتـۇرۇپ كىنـدى (金德) رېسـتۇرانتىغا كېلىـدۇ. بـۇ رېستۇرانت L ھەرىپى شەكلىدىكى چوڭ بىر رېسـتۇرانت بولـۇپ، رېسـتۇرانت ئىچـى ئـادەملەر بىـلەن مىغىلـداپ تـۇراتتى. يىغىـن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا ئاز ساندا پىنسىيىگە چىققـان ئوفىتسـېر

ۋە ئۇششاق ئەمەلدارلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر بار بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار بىلەن ئىشچىلار ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باۋارىيىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەن ئىدى. خانفىستانگىل مۇخپىرلار تەۋەسىدىن بىرەر تونۇشۇم بارمىدۇ دەپ شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ بىرەر تونۇش تاپالمايدۇ. ئاندىن ئۇ ھىتلېرنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنى تاپالمايدۇ. بۇ چاغدا مۇخبىرلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا ئۈچ كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۈچەيلەننىڭ پاكار بويلۇقى مېكس ئامان؛ كۆزئەينەك تاقىغىنى ئانتون درېكسلېر بولۇپ، ئۈچىنچىسى ھىتلېر ئىدى. ھىتلېر تۆز تاپانلىق بەكلا قوپال ھەم ئېغىر ئۇزۇن قونچلۇق ئاياق كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىغا كراخماللانغان ئاق ياقىلىق قارا كۆڭلەك كەيگەن ئىدى. خانفىستانگىل ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ خىيالىغا بۇ قىياپەت قايسى بىر پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان يۈگۈر-يېتىمچىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدىغانلىقى كېلىدۇ. ئەمما درېكسل ھىتلېرنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ بولۇپ مۇخپىرلارنىڭ يېنىغا ماڭغىنىدا "شۆبھىسىزكى، ئۇ بىر پۇخراچە كېيىنگەن ئەسكەر" دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ چاغدا قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش كۆتۈرۈلىدۇ. ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، قولىنى كەينىچە قوشتۇرۇپ، خۇددى بىر پوستا تۇرىۋاتقان ئەسكەردەك تىك تۇرىدۇ. ئۇ، خاتىرجەملىك بىلەن ئاۋازىنى تەڭشەپ سۆزگە كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى

بىر قۇر ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن گېپىنى ئۇستىلىق بىلەن ھۆكۈمەتكە قارىتىدۇ. ئەمما ئۇ مازاق قىلىدىغان ياكى تەنقىتلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇ ۋەقەلىكلەرنى ئەدەپ-قائىدىلىك يوقىرى سەۋىيىلىك نېمىسچە بىلەن ئىنتايىن تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئارىلاپ ۋېيىننا شىۋىسىگىمۇ ئېغىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن نەچچە قەدەم نېرىسىدا ئولتۇرغان خانىفىستانگىل ھىتلېرنىڭ سەمىمىلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بەكلا قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. "ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راستچىللىق روھى چاقناپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چارىسىزلىقى بىلەن سۆزسىز يالۋۇرۇشىنىمۇ كۆرىۋېلىشقا بولاتتى." ئۇ نۇتقىنى سۆزلەپ ئون مىنۇت بولغىنىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرۇشىنى ئەركىن قويىۋېتىپ، خۇددى تولۇق چېنىققان بىر ئارتىسقا ئوخشاش قوللىرىنى ئويناتقىنىچە ۋېيىننا قەھۋەخانىلىرىدىكىدەك قىلىقلارنى چىقىرىپ كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. خانىفىستانگىل يېنىدىكى بىر ئايالنىڭ ھىتلېرغا تىكىلگىنىچە ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن ئارىدىن بىر ئايال: "پۈتۈنلەي توغرا، بەك ياخشى سۆزلىدى!" دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە خۇددى بۇ ئاياللارغا رەخمەت ئېيتىۋاتقاندەك ھىتلېرنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىزلا كۈچىيىپ جاراڭلاشقا باشلايدۇ. ئۇ يەنە قولىنى رەسمى ئويناتقىنىچە دۆلەتنىڭ قىيىن كۈنلەردە قالغان

پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىيىش يولىنى تۇتقان كىشىلەرنى قاتتىق تەنقىتلەشكە باشلايدۇ.

ھىتلېر پىشانىسىغا ئېقىپ چۈشكەن تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، ساقاللىق بىرسى سۇنغان پىۋىنى ئالىدۇ. مىيونخېنىدا پىۋىخۇمارلارنىڭ قارىشىدا بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق بىر ئەھۋال ھېسابلىناتتى. ئۇ نۇتقىغا قايتقاندىن كېيىن، قوللىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ھەر دائىم تۆۋەندىكى ئامما ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ ئۇنى تىللاپ ۋارقىراپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ بىردەم جىم تۇرۇپ خۇددى توپ تۇتىدىغاندەك ئوڭ قولىنى سەل- پەل كۆتۈرۈپ قوياتتى ياكى ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىغانغا زەربە بەرگەندەك قىياپەتنى كۆرسىتەتتى. "ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى قىلىچۋازلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش بولۇپ، قارشى تەرەپكە قىلىچ ئۇرغاندەك ياكى ئۇرغان قىلىچنى قايتۇرغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. يەنە بەزىدە پولات سىمدا ماڭىدىغان سىرىكچىدەك ئۆزىنى تەڭپۇڭلۇقتا تۇتۇشقا تىرىشاتتى. يەنە بەزىدە ئۇنى ئۇستا بىر ئىسكىرىپكىچىغىمۇ ئوخشاتقىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسكىرىپكا ئۇستىگە قويغان كامالچىسى مەڭگۈ تارتىپ تۈگۈتكىلى بولمايدىغاندەك نازۇك ئاۋاز چىقىرىپ، تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان ماھارەت بىلەن ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىۋاتقان مۇزىكا نوتىلىرىدەك پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. ... ئەمما دۈشمىنىگە قارشى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقتىدا، يەنى

يەھۇدىيلار بىلەن قىزىللارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكىنىدە ئۇنىڭدىكى بۇ خىل نازۇك ھەرىكەتلەر پۈتۈنلەي غايىپ بولاتتى. ... بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز، ئەگەر سەن نېمىس بولۇشنى خالىمايدىكەنسەن، سېنىڭ كاللاڭنى مىجىپ تاشلايمىز. چۈنكى بۇ بىر كۈرەش. كۈرەش قىلماي ھېچقانداق بىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. بۇنداق بىر كۈرەشتە بىز ئىدىيىۋى كۈرەشنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر زۆرۈر بولغىنىدا مۇشتۇمدىن پايدىلىنىشتىنمۇ چېكىنمەيمىز."

خانفستانگىل ھىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدى. ئۆزىگە كەلگىنىدىن كېيىن، ئەتىراپقا قاراشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكىلەرنىڭ قاراشلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشكە قاراپ بەكلا ھەيران بولىدۇ: "تېخى بىر سائەت ئاۋاللا ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ بىر-بىرسىنى ئىتتىرىشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر، بايىقى ۋارقىراپ تىللاپ يۈرگەنلەر بىردەمدىلا ئۈن-تۈنسىز ھاياجان ئىچىدە ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ھەتتا ئالدىدىكى پىۋا ئىستاكانىغا قول ئۇزارتىشنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا بىرىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. خۇددى ئۇلار ھىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى پىۋا بىلەن قوشۇپ ئىچىۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى." "يېنىمدا ئولتۇرغان ياش بىر قىزمۇ ھىتلېردىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ قىز خۇددى بىر سۆيگۈنىنىڭ مۇھەببەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنۇتقان ئىدى. ھىتلېرنىڭ تەسىرلەپ

www.pdaly.biz

بېرىۋاتقان كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ گېرمانىيە تەسۋىرى ئىچىدە غايىپ بولغاندەكلا قىلاتتى.» نۇتۇق يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئۇ نۇتقى بىلەن پۈتۈنلەشكەن بىر سىماغا ئايلانغان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە نۇتقىنى تۈگىتىدۇ. خەلق ئاممىسى ئورۇندۇق-ئۈستەللەرنى مۇشلىشىپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. ھىتلېرمۇ چارچاپ ھالىدىن كېتىپلا قالغان ئىدى. خانفىستانگىلنىڭ كۆزىدە «ئۇلۇغ بىر سەنئەتچى پۈتۈن كۈچىنى سەرىپ قىلىپ ئورۇندىغان ئوركىستىردىن كېيىن ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىدەك» بىر مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى، باش كۆزى چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ كراخماللاپ قاتۇرىۋالغان ئاق ياقىلىرىمۇ ھۆل بولۇپ يۇمشاپ كەتكەن ئىدى («بىر قېتىملىق مۇھىم نۇتقىمنى تۈگەتكىنىمدىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىم تەر ئىچىدە قېلىپ، ئېغىرلىقىممۇ 3-5 پونت ئازىيىپ كېتەتتى.» دەيدۇ ھىتلېر ئۆزىمۇ).

خانفىستانگىل ھاياجان ئىچىدە سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇ يەردە كۈلۈمسىرىگىنىچە قىلىچە مەغرۇرلانماستىن كىشىلەرنىڭ تەبرىكلىرىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى. «كاپىتان ترۇمان سىمىت سىزگە چىن قەلبىدىن تەبرىكلىرىنى بىلدۈرۈشۈمنى ئېيتتى» دەيدۇ خانفىستانگىل. سىمىت دېگەن بۇ ئىسىم ھىتلېرنى قىزىقتۇرغان ئىدى. ھىتلېر دەرھال ئۇنىڭدىن نۇتقى ھەققىدە پىكرىنى سورايدۇ. «شۇنداق، مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. - دېدى خانفىستانگىل

www.pdaiy.biz

هىتلېرنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان بىرەر سۆز قىلىپ سالماسلىقى ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھالدا، — سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە مەن شەخسەن يۈزدە توقسەن بەش قوشۇلىمەن. ھە، قالغان بەش پىرسەنتى، ئۇ توغرىلىق بىز كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز." ئۇنىڭ قوشۇلمايدىغىنى، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى مەيدانى ئىدى.

"شۇنداق، قالغان ئۇ ئەرزىمەس بەش پىرسەنت ئۈچۈن ئىككىمىز جېدەللىشىپ يۈرمىسەك كېرەك؟" — دېدى ھىتلېر مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ يەنە بىر تەرەپتىن كىرلىشىپ پۈرلىشىپ كەتكەن بىر قول ياغلىق بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى ئېرتاتتى. ئۇ كىچىك پېيىل ۋە دوستانە كۆرۈنەتتى. ئۇ گېپىنى قىرىپ بىر نەچچە قېتىم يۇتىلىۋالغاندىن كېيىن قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قولى ھەم قاتتىق ھەم قوپال ئىدى. قول سىققاندا خۇددى ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش قولنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشەتتى.

شۇ ئاخشىمى، خانفىستانگىل پەقەتلا ئۇخلىيالمايدۇ. "شۇ كۈن ئاخشىمىقى ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىراتى پەقەتلا خىيالىمدىن چىقمايتتى. بارلىق مۇتەئەسسىپ سىياسىيونلار بىلەن ناتىقلار ئادەتتىكى ئاممىنىڭ قەلبىنى قولغا ئالالمايتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئىدى. ئەمما ئۆزلىگىدىن يېتىشىپ چىققان ھىتلېر كوممۇنىزمدىن باشقا مۇھىم نوقتىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن خەلققە تاپشۇرالايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى دەل بىزنىڭ ئېھتىياجلىق

بولىۋاتقان نەرسىمىز ئىدى.» خانفىستانگىل ھىتلېرغا ياردەمچى بولۇش ئىرادىسىغا كېلىدۇ.

بېرلىنىدا كاپىتان سىمىت باشلىقىغا مىيونخېن سەپىرى توغرىسىدىكى بىر پارچە دوكلاد تاپشۇرىدۇ. 5-دېكابىر (ئاراي) كۈنىسى، ئەلچىخانا كونسۇلى روبىنس (罗宾斯) مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا بىر پارچە شەخسى دوكلاتىنى سۇنىدۇ. بۇ دوكلادتا، «باۋارىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساس خاراكتېرى ھەققىدە چىقارغان خۇلاسەم مۇنۇلاردىن ئىبارەت: قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى چوقۇم ئىبىر پارچىلىنىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇرۇش يىللىرى گېرمانىيە سېپىدا جەڭگە قاتناشقان ئاۋىستىرىيىلىك ياش ئون بېشى، بۈگۈنكى كۈندە بىر مەيدان فاشىزم ھەرىكىتىگە، يەنى 'كارىشناۋاي كۆگلەكلىكلەر پارتىيىسى' گە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھىتلېر، بۈگۈن مۇسسولىنى ماڭغان يولدا ئىبىر قەدەملەر بىلەن، ئالاھىدە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. بۇ يەرگە ئۇۋەرتىلگەن مەخسۇس خىزمەتچىمىزدىن بىرسىنىڭ بەرگەن دوكلاتىدىن قارىغاندا، ئادولف ھىتلېر ئالاھىدە قابىلىيەتلىك بىر ناتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقى سەۋىيىسى ئۇنچە بەك يوقىرى بولمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ بىر داھىلىققا لايىق بىر ئادەم ئىكەن. خۇددى مۇسسولىنىنىڭ بۇرۇن قىلغىنىدەك، بۇ ئادەممۇ سانائەتچىلەرنىڭ زور دەرىجىدە ماددى ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بەكلا ئىبىر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلىمەكتە ئىكەن. بۇ ئادەم ئۇ يەرگە بارغان بىزنىڭ بىر ھەربى

مەسلىھەتچى ياردەمچىسى بولغان ترومىن سىمىتقا ‘بىز كىلەر ئايدىن باشلاپ، بەلكىم بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك بىر ھەرىكەت قوزغايمىز’ دەپ ئېيتقان. شۇڭا ھىتلېر بۇ ئىش ئۈچۈن پۇل ۋە قۇرال يىغىش ئىشىغا كىرىشكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرى بەكلا ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتماقتا ئىكەن.”

ئەينى ۋاقىتتا باشقا مۇھىم ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئا ق ش ھۆكۈمەت كابىنىتىدا، بۇ دوكلات بىرەر تەسىر پەيدا قىلالمىغان بولۇپ، بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدۇ. ئەمما، گېرمانىيىدىكى نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن ئېس-ئاچىلارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى بەكلا كۈچلۈك دىققەت قوزغىماقتا ئىدى. دېكابىر (ئاراي) ئوتتۇرلىرىدا، باۋارىيە شىتاتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى كىشىنى ئەنسىرەتكىدەك بىر دوكلاد سۇنىدۇ. بۇ دوكلاتتا، ھىتلېر يىتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ھەرىكەت، “شۆبھىسىزكى، ھۆكۈمەتكە تەھدىت بولۇپ كەلمەكتە. ھەتتا بۈگۈنكى ھۆكۈمەت شەكلىگىلا تەھدىت بولۇپ قالماستىن بەلكى بارلىق ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىگىمۇ تەھدىت بولۇپ قالماقتا. چۈنكى ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ، سوتسىيال دېموكراتچىلارنىڭ ۋە شۇنىڭدەك بانكىرلارنىڭ جىنايىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسىدىكى ھەرىكەتلىرى ئەمەلگە ئاشقىدەك بولىدىكەن، كەڭ كۆلەملىك قان تۆكۈلۈش ۋە قالايماقانچىلىق يۈز بېرىشى مۇقەررەر” دەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى.

يەنە شۇ ۋاقىتلاردا، ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى باش مىنىستىر ۋەزىرى ۋىلھېلم گۇنو (威廉•古诺) مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جىددى دوكلادتىن بىرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى، بۇ دوكلاد بولغارىيىنىڭ ميونخېندا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى بولۇپ، بۇ دوكلاد بولغارىيە كونسۇلى بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشكارە سۆھبەتنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئىدى. بۇ سۆھبەت جەريانىدا ھىتلېر، گېرمانىيە پارلامېنت ھۆكۈمىتى ئۇزۇنغا قالماي گۇمران بولىدۇ. چۈنكى، پارلامېت يېتەكچىلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى. ئوڭچى ياكى سولچىلارنىڭ دىكتاتورلىقىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە شىمالى گېرمانىيە چوڭ شەھەرلىرى ئاساسەن ئالغاندا سولچىلارنىڭ تېزگىنى ئاستىدا تۇرغاندەك قىلسىمۇ، نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىگە ھەپتىسىگە مىڭلارچە كىشى ئەزا بولۇپ تىزىملاتماقتا بولۇپ، پارتىيىمىز باۋارىيىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ميونخېندىكى مەخپى ساقچىلار ئارىسىدا يۈزدە يەتمىش بەش پىرسەنت ئادەم ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان بولۇپ، بۇ شەھەردىكى ئادەتتىكى ساقچىلار ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى بەكلا يوقىرى ھېسابلىنىدىكەن. ھىتلېرنىڭ پەرىزىچە، بولشېۋىكلار شىمالى گېرمانىيىدە تېزگىننى قولىغا ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن باۋارىيىدە چوقۇم بىر ئەكسىل ئىنقىلابى ھەرىكەت تەشكىل قىلىنىشى زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا.

شۇڭا، ئۇلار پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە بىر مۇستەبىتكە، يەنى "زوراۋ تېپىلغىنىدا قان ۋە جەسەتلەر قاپلاپ كەتكەن دالادا ئالغا ئىلگىرلەشكە ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان" بىر ئادەمگە مۇھتاج بولۇپ تۇرماقتا ئىكەن.

كەلگۈسى ۋەزىيەت ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پەرەز، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۈركىتىدىغان بىر پەرەز ئىدى. بولۇپمۇ ھىتلېرنىڭ بۇ پەرىزى بويىچە قارىغىنىمىزدا، ھىتلېر بولشېۋىكچىلىكنى تارمار كەلتۈرۈپ، فرانسىيىنىڭ لور رايونىنى ئىشغال قىلىش پىلانىغا قارشى تۇرۇشى، باۋارىيىلىك مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋەتەنپەرۋەر مىللەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشلىشىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇلار "قىزىللار ھۆكمرانلىقى" دەۋرىدىكى قورقۇنۇچلۇق كۈنلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان كىشىلەر بولغاچقا، رەھىمسىزلەرچە ھەرىكەت قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، "سولچىل دوگماتىزم" نى تەرغىپ قىلىدىغان ھەرقانداق قاراشلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

## (3)

1923 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى "ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىتىش كومىتېتى" دىكى تالاش ـ تارتىش نەتىجىسىدە ئەنگلىيە ۋەكىللىرى بۇ كومىتېتتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ ھادىسە، فرانسىيىگە ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىتىش مەسىلىسىنى قۇراللىق كۈچكە تايىنىپ ھەل قىلىش

پۇرستىنى يارىتىپ بېرىدۇ. 11 ـ يانۋار (ئوچاق) دا، فرانسىيە قوشۇنلىرى بىلەن بېلگىيە قوشۇنلىرى گېرمانىيە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ لور رايونىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇ ھەرىكەت پۇتكۇل گېرمانىيە مىللەتچىلىرىنىڭ روھىنى ئۇيغۇتۇپلا قالماي، ماركىنىڭ پاخاللىشىشىنىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ. ئىككى ھەپتىگە قالماي ماركىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا نىسبىتى 1: 6750 دىن 1: 50000 گە چۈشۈپ قالىدۇ (1918 ـ يىلى "ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمى ئىمزالانغان كۈنى" دىكى نىسبىتى 1: 7.45 ئىدى). ۋېيمار ھۆكۈمىتى بىر قېتىملىق بېرلىن سەپىرى ئۈچۈن "كاپالەت كومۇتىتى" نىڭ پويىز بىلىتى ئۈچۈنلا "20 ماركلىق پۇل قاچىلىنغان بىر مۇنچە يەشىكنى 7 نەپەر ئىشخانا خادىمىغا كۆتەرتىپ پويىز ئىستانسىسىغا ئاپارغان." ئەندىچۇ؟ بۇ بىلەت پۇلنى كۆتەرگۈزۈش ئۈچۈن 49 كىشىلىك ھامال لازىم.

لور رايونى ئىشغال قىلىنىشى بىلەن، مال باھاسى ئارتىپ، ئىشسىزلىق كۆپىيىپ، مىللەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائى ئاساسىنى كۈچەيتىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ھىتلېر ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان ئەگەشكۈچى تولاپ بېرىدۇ. ھىتلېر "سوتسىيالىزمچىلار كۆپ سانلىقى" دېگەندەك باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي، ئۆز ئالدىغا نارازىلىق مىتىنگى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، 27 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنى، يەنى نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم

ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلۇش كۈنى خاتىرلىنىشى ئۈچۈنلا 7 ئورۇندا ئاممىۋى مىتىنگ ئۇيۇشتۇردۇ.

گەرچە باۋارىيە ساقچى باشلىقى ئالدىن-ئالا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بۇ تۈردىكى مىتىنگلەرگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھىتلېر "ئەگەر ساقچى دائىرىلىرى ئوق چىقارماقچى بولسا، مەرھەمەت، ئوق چىقارسۇن!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇ بەربىر مىتىنگنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھىتلېر بۇنداق تەھدىتلەردىن قورقۇپ قالمايتتى. مىتىنگ كۈنى كەلگىنىدە، ھىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇ مىتىنگ مەيداندىن يەنە بىر مىتىنگ مەيدانىغا چېپىپلا يۈردى. "مەيلى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن ياكى ئىنقىلاب مەزگىللىرىدە بولسۇن، مەن ھېچ قاچان ھۆكۈمەتكە بۇنچە غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسىغا دۈچ كېلىپ باقمىغان ئىدىم" دەيدۇ ھىتلېر. ئىلگىرى، لوۋېنبراخاۋس پىۋىخانىسىدا مىتىنگكە قاتنىشىپ باققان تارىخشۇناس كارل ئالېكساندېر ۋون مۇللېر ( Karl Alexander von Müller 卡尔•亚历山大•冯，米勒) شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كورىدورغا كىرىپ كەلگىنىدە پۈتكۈل يىغىن مەيدانىدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ "خايل، ياشىسۇن!" دەپ توۋلىشىپ كەتتى. ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتكىنىدە، مەن ئۇنىڭغا بەكلا يېقىن بىر يەردە تۇراتتىم. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ياتىقىدا

www.pidaw.biz

كۆرۈشكىنىمدىكى ھالىتىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. ئۇنىڭ ساغرىپ كەتكەن چىرايىدا قەلبىنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ خۇددى يوقۇتۇشقا تېگىشلىك بىرەر دۈشمەن ئاختۇرىۋاتقاندەك ئەتراپىنى كۆزىتىپ ماڭاتتى. ئەجىبا، ئۇنىڭدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە كۈچنى مۇشۇ خەلق بەرگەنمىدۇ؟ مەن دەرھال ‘سۇنغان غۇرۇرى بىلەن ھەددىدىن ئاشقان، ھېستېرىيىلەرچە رومانتىكلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان ئادەم’ دەپ خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم."

ئەتىسى، ئۇلار يەنە بىر قېتىم ساقچىلارنىڭ چەكلەش بويرىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، 6 مىڭ كىشىلىك ئېس-ئاچىلار قوشۇنى بىلەن بايراق كۆتۈرۈشكىنىچە ماسفېرد (马斯弗尔德) قا يېتىپ كېلىدۇ. ئېس-ئاچىلار قارلىق مەيداندا غالىلداپ تىترىشەتتى. بەزىلىرى بېشىغا كۆك رەڭلىك چاڭقى تېيىلىش شەپكىسىنى كېيىۋالغان، ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭلىك كاژانكا كىيىشكەن، پۇتىغا كۆجەي باغلىغان بولۇپ، قالغانلار كاستيۇملۇق ئىدى. ئۇلار كۆتۈرىۋالغان بايراقلارمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، كرېست بەلگىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ بىر-بىرسىگە ئوخشىمايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىم-كېچەكلىرى ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ، "دىققەت!" دەپ كوماندا بېرىلىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتەك تىك تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ دىققەتتە تۇرۇش قىياپىتىنى گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ پارات قوشۇنلىرىغىلا ئوخشىتىشقا بولاتتى. گەرچە ساقچىلار قالايماقانلىق تېرىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغان بولسىمۇ،

مەيداندا ھېچ قانداق تەرتىپسىزلىك ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى كۈن جەريانىدا مىتىنگ مەيدانلىرى كىشىنى بەك جەلىپ قىلغىدەك كۆرۈنمىسىمۇ، يەنى ھېچقانداق بىر ئۇرۇش-جېدەل چىقمىغان، ئاشكارە توپىلاڭمۇ كۆتۈرۈلمىگەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ نارازىلىق مىتىنگلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئىدى. ھىتلېرنىڭ ساقچى دائىرىلىرىنى كۆزگە ئىلماي تۇرىۋالغانلىقى، نۇرغۇنلىغان بىتەرەپ مەيداندا تۇرىۋاتقان پارتىيە-تەشكىلات يېتەكچىلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا مايىللاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك مىيونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ستۇدېنتلىرى تېخىمۇ ھاياجانلىق يولغا قاراپ يېتەكلەنمەكتە ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلگەن ئىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن قاتتىق تىركىشىش جەريانىدا ئاخىرى غالىپ كەلگەن تەرەپ يەنىلا ھىتلېر بولۇپ چىقىدۇ.

"ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز بىرسى ئىدى. — دەيدۇ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ھىتلېرنىڭ مىتىنگگە قاتناشقان ئامېرىكىلىق مۇخبىر لۇدىۋېيېر دانىي (卢德威尔•丹尼) بەرگەن بىر خەۋىرىدە، — ئۇنىڭ نۇتقى ئاددى ئەمما كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مۇشتۇمىنى ھېلى تۈگۈپ ھېلى ئېچىپ تىنىماي قول شىلتىيتتى. ئۇ مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ بەكلا نورمالسىز بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى؛ ئۇنىڭ غەلىتە بىر جۈپ كۆزى، بىنورمال شىلتىپ تۇرىدىغان ئىككى قولى، غەلىتە بىر شەكىلدە باش

www.pidaiy.biz

چايقاشـــلىرى ھەقىقەتەنمـۇ غەلىــتە ئىــدى.» ئۇنىــڭ شەخسىــ
تۇرمۇشـى ھەقىقەتەنمـۇ نورمـال ئەمەس ئىـدى. ئـۇ يەنـىلا شـۇ
بۇرۇنقى دېـر () كوچىسـىدىكى قـاراڭغۇ بىنـادا تـۇراتتى. ئۇنىـڭ
تۇرغان ئۆيى سەل چوڭ كېلىپ قالغاندەك قىلىسمۇ، بۇرۇنقىـدەك
ئۇنداق سوغۇق ئەمەس، ئەمما ئۆي سايمانلىرى يەنە شۇ بۇرۇنقى
ئۆيىدىكىــدەك بەكـلا ئـاز ئىـدى. بـۇ ئۆيىنىــڭ كەڭلىكـى 10
غېرىچتەكلا بولـۇپ، كـارىۋات بېشـىدا بـۇ ئۆيىنىـڭ كىچىـك بىـر
دېرىزىسـىمۇ بـار ئىـدى. يەردە ئەرزان باھـالىق كونـا كىلىيونكـا
سېلىنغان؛ كارىۋىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئاددى بىر كىتاب ئىشكاۋى بـار
ئىدى. تاملار ھەر تۈرلۈك رەسىملەر، گېزىـت رەسـىملىرى بىـلەن
قاپلانغان كىتـاب ئىشكاۋىنىڭ ئۈستى قەۋەتلىرىـدە ھەر تۈرلـۈك
كىتـابلار دۆۋىلەنـگەن بولـۇپ، دۇنيـا ئۇرۇشـى تەسـۋىرلەنگەن
كىتابلار، گېرمانىيە تارىخى توغرىلىق كىتـابلار، شـۇنىڭدەك يەنە
رەسىملىك ئانسىكلوپېدىيىدىن بىرىمـۇ كـۆزگە چېلىقـاتتى. ئۇنـدىن
باشقا يەنە بىر پـارچە كراۋىشيۇس (克劳塞维茨) نىـڭ يازغـان
كىتاۋى، ئىمپېراتور فرىدېرىخ تەرجىمھالى، بىر پارچە خوستون
ستېۋىن چىمبىـرلىن (本豪斯顿•司徒•张伯伦) يازغـان «ۋاگنېـر
تەرجىمھـالى»، بىـر پـارچە سـۋېن خېـدىن (斯文•赫丁) نىـڭ
«ئەسلىمىلەر» كىتابى، بىر قانچە پارچە قەھرىمـانلار رىـۋايىتى،
بىـر پـارچە جـوك ۋون خـاردىنبىرگ (约克•冯•华尔登堡) نىـڭ
«دۇنيـا تــارىخى»، بىــر پــارچە «يەر شــەكلى خەرىتىســى»
دېگەندەكلەر بار ئىدى. خانفىستانگىلنىڭ دېيىشىچە ئىشكاپنىڭ
ئاستىنقى قەۋەتلىـرى رومـان بىـلەن تولغـان بولـۇپ، رومـانلار

ئىچىدە ئېدۋارد يوشىس (埃杜阿德•伏希斯 ئۇ بىر يەھۇدىي) يازغان يېرىم سېرىق ھىكايىلار كىتابىمۇ بار ئىدى. يەنە بىر پارچە «شەھۋانە سەنئەت تارىخى» دېگەن كىتابمۇ بار ئىدى.

ھىتلېر ئۇلتۇرغان ئۆينىڭ غوجايىنى رېچىت (赖彻特) خانىمنىڭ دېيىشىچە، ھىتلېرنىڭ ئۆيى ھەددىدىن ئارتۇق جىمجىت ئىكەنمىش. "بەزى ۋاقىتلاردا، نەچچە ھەپتىلەپ قاپىقىنى تۈرۈپ ماڭا گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە مەن بۇ دۇنيادا يوقتەك چىرايىما قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ... گەرچە ئۇ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ياكى ئالدىن تۆلەپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ بەرىبىر كەمكۈستىسىز بىر پوسىمىيىلىك ئىدى." شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇ بەرىبىر ياخشى بىرسى بولغاچقا، ئۆي غوجايىنى ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئەيىپلىرىنى توغرا چۈشىنىپ كەچۈرىۋېتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ رويالدىن بىرسى قويۇلغان كورىدوردىن پايدىلىنىشىغىمۇ يول قويغان. ھىتلېرنىڭ تۇرمۇشى بەكلا ئاددى بولۇپ، ئادەتتە 'ۋولف' (بۆرى) ئىسىملىك يۇغان بىر بۆرى ئىتى ئۇنىڭ كەينىدە ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە "كىچىك تۈلكەم" بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغىنىدىن بۇيان، ئىتنىڭ سادىقلىقىغا ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئىتلارنى بۇنچە ياخشى كۆرىشى ھەققىدە نىمۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال ئىدى. "بەزى ئىتلار بەكلا دۆت كېلىدۇ. ئەمما ئەقىللىقلىرىمۇ كىشىنى قىزغاندۇرىدۇ" دەيدۇ. بۇنداق قاراڭغۇلۇق بىر ئۆيدە تۇرىۋاتقان ئادولف، ئايسىنىڭ تارتقان ئازاپلىرىنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈرىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئادولف «ئويلان!» دېگەن بىر شېئىر يېزىپ چىققان ئىدى. بۇ شېئىر ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىغا خاس پۇراقلار كېلىپ تۇرغان بىر شېئىر بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا مەنىلىك بىر شېئىر ھېسابلىناتتى:

ئاپا ياشىنىپ قالدى، دېمەك،
مەنمۇ كىچىك ئەمەسمەن دېگەن گەپ.
كىچىكىڭدە ئويناپ ـ ئەكىلەپ يۈردۈڭ،
ئەندى ئېغىر مەسئۇلىيەت ئاستىداسەن.
ئاپاڭنىڭ سەممى سادىق كۆزلىرى،
كۈنسايىن خۇنۇكلىشىپ بارىدۇ.
پۇت ـ قوللىرى تېلىپ،
ئۆزىنى ئارانلا كۆتۈرمەكتە —
قوللىرىڭنى ئۇزات ئاپاڭغا، باشلىرىنى سىلاپ قوي،
كۆڭلىنى خوش قىل.
قايغۇلۇق كۈنلىرىڭ يېقىنلاشتى،
ئاخىرقى قەدەملىرىگە ھەمرا بول.
سورىغىنىغا جاۋاب بەر،
يەنە سورىسا يەنە جاۋاب بەر!
يەنە جاۋاب بەر
ھەرگىز جاۋابسىز قويما.
ھەرگىز تىرىكمە،
مۇلايىم بول، سىلىق بول!
ئاڭلىيالمىسا، ئۇقالمىسا،
قايتىلاپ چۈشەندۈر، زىرىكمە.
يامان كۈنلەر بوسوغۇڭدا،

ئۇنىڭ يوقىدا، ئاۋازىغىمۇ زار بولىسەن!

ھىتلېر، ياش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرگە ئارىلاشماي يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن بۇنداق يالغۇزلۇققا ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بۇ قاراشىغۇ ئۆيى ئۇنىڭ يالغۇز قالىدىغان تۇرمىدەك بىر يەر بولسىمۇ، مىيونخېندىكى ئەرزان ئاشخانىلاردا، سالونلاردا، قەھۋەخانىلاردا ۋە قاۋاقلاردا پۈتۈنلەي باشقىچە ياشايتتى. ئادولف، ۋىساد (威查德) رېستورانتى (خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانا)، كالدۇن (卡尔顿) چايخانىسى (بۇلىيانا كوچىسىدىكى يوقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ يىغىلىدىغان بىر جاي) ۋە خوك (赫克) رېستورانتى (گاللى كوچىسىدا) قاتارلىق جايلارنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ پات-پات دېگىدەك خوك (赫克) رېستورانتىغا كىرىۋېلىپ تېنچ بىر بۇلۇڭنى تېپىپ سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھىتلېر ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئەنە شۇنداق يەرلەردە كۆزىتىپ يۈرەتتى.

ئۇ، ھەر دۈشەنبە (باش) كۈنى نيۇۋاېر (纽迈埃尔) رېستورانتىدا يېقىن كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. بۇ (彼得) رېستورانت كونا پاسوندىكى بىر قەھۋەخانا بولۇپ، پورد مەيدانىدىكى بىر كوچا دوخمۇشىغا جايلاشقان، ۋىكتورالىيان (维克图阿利安) بازىرىنىڭ يېنىدا بىر يەر ئىدى. بۇ رېستورانت ئۇزۇن بىر كارىدور شەكلىدىكى ئاشخانا بولۇپ، تاملىرى تاختايلىق، ئورۇندۇقلىرى پولغا مىخلىۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ يەردە دائىملىق خېرىدارلار ئۇچۇن ساقلاپ قويۇلىدىغان ئورۇندا ئادولف ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئويلىرىنى مورتلىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى (ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىن تەشكىل تاپاتتى)، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. يەنە شۇ يەردە ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەرزان پۇللۇق كەچلىك تاماقلارنى بويرۇتقاچ (بەزىلىرىنى ئۇلار يېنىدا بىرگە ئالغاچ كەلگەن بولاتتى)، سۆزلىشىپ، چاخچاقلاشقاچ ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى.

قالغان ئاخشاملىرى، ئادولف، فرانز جوسېف كوچىسىدا تۇرىدىغان دىتىرىخ ئەيكارتنىڭ ئۆيىدە ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. "ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەقىقەتەنمۇ مېھرىبان كىشىلەر ئىدى. قاراڭلار، ئۇ كىچىك قىزى ئاننا (安娜) نى ئەكىلىتىشلىرىگە!" بۇ قىزنىڭ ئەسلى ئىسمى ئانار (安纳尔) بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆي غوجايىنى ئىدى. ئېكارت ئايالى بىلەن ئايرىم ئۆيدە تۇرىدىغان بولغىنىدىن كېيىن، ئانار (安纳尔) بىلەن بىرگە ياشىماقتا ئىدى. ياردەمچىسى بولغان خانفىستانگىل بەلكىم بۇ كۈنلەردە ھىتلېر بىلەن ئەڭ كۆپ بىرگە ئۆتىدىغان ئادەم ھېسابلانسا كېرەك. ئۇمۇ پات-پاتلا ھىتلېرنى ۋىلخېلم باۋرد خال (پرېزدېنت ۋىلسوننىڭ پرىنستون 威廉•巴雅德•哈勒) ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقىغان ساۋاغدىشى بولۇپ، ھېرست گېزىتخانىسىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئەڭ مۇھىم مۇخبىرى) ۋە ۋىلخېلم ۋونك (威廉•冯克) (ئۇنىڭ سالونى نۇرغۇنلىغان مىللەتچى باي سودىگەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى) دېگەندەك مۇھىم كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياتتى.

ئادولف، دائىم دېگىدەك خانفىستانگىل بىلەن بىرگە ئېلىسپ برۇكمان (埃尔莎•布鲁克曼) خانىمنىڭ كەچلىك زىياپەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇراتتى.

بۇ ئايال ۋېنگرىيىدىكى ئاق سۆڭەك بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، بىر نەشرىياتچى بىلەن توي قىلغان ئىدى. بۇ ئايال ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سىياسىي ساھەلەردىكى جەلپ قىلىش كۈچىدىن بەكلا تەسىرلىنەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ھىتلېرنى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇرىۋېتەتتى.

خانفىستانگىل ئۇنى بېيشتېين (贝希斯坦) نىڭ تۇرىۋاتقان يېرىگە باشلاپ بارغىنىدا (مىيونخېنىدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇراتتى) ھىتلېر ياردەمچىسگە: كىيىۋالغان شۇ كۆك چاپىنىمغا قاراپ بەكلا نومۇس قىلىپ كەتتىم، بېيشتېين (贝希斯坦) ئەپەندى كەچلىك كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ يۈرىشىدىكەن، كەچلىك زىياپەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ساپلا شامپان ئىچىشىدىكەن. "سەن تېخى ئۇنىڭ مونچىسىنى كۆرمىدىڭ، مونچا سۈيىنىڭ ئىسسىقلىقىمۇ ئاپتوماتىك تەڭشىلىدۇ."

خانفىستانگىل، دىئېر (荻埃尔) كوچىسىدىكى ھىتلېرنىڭ كىچىك ھۇجرىسىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى، ھىتلېر ئۇنى كارىدورغا چىقىپ (ئۇ يەردە بىر رويال قويۇلغان ئىدى) بىرەر نەرسە چېلىپ

راھەتلىنىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خانفىستانگىل بۇ كونىراپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان رويال شۇنچە كۆپ پەدە قاچۇرۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، يەنىلا بىر ئامالىلارنى قىلىپ باخنىڭ پارچىلىرىدىن بىرنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. ھىتلېر مۇزىكا ئاڭلىغاچ تىنماي باش لىڭشىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا يەردە ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. خانفىستانگىل پەدە يۆتكەپ «شائىرلار كېچىلىكى» نىڭ باش مۇزىكىنى چېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن چالغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كونىراپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن رويالنىڭ پەدىلىرى تۆكۈلۈپ يۇرمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەدىلەرنى باسقاچ "خۇددى لىست (李斯特) كە ئوخشاش كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ ئالاھىدە رومانتىك قىياپەتتە" چېلىشقا كىرىشىدۇ. ھىتلېر مۇزىكىدىن رەسمىي ھاياجانلىنىشقا باشلاپ، تار كارىدوردا ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. ھەتتا قوللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ خۇددى بىر ئوركىستېر ئۆمۈكىگە رىژىسسورلۇق قىلىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. "بۇ مۇزىكا ئۇنىڭ روھىنى ئۇيغۇتىۋەتكەن بولۇپ، مەن چېلىپ پۈتتۈرگىنىمدە ئۇ رەسمىي ھاياجان ئىچىدە قالغان بولۇپ، بايىقىنقى غەم-ئەندىشىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى."

خانفىستانگىل، ھىتلېرنىڭ «شائىرلار كېچىلىكى» نى سۇدەك يادقا بىلىدىغانلىقىنى، "غەلىتە بىر ئىسقىرىق ئاۋازى بىلەن مۇزىكىنىڭ ھەربىر پەدىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى" دىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. ھىتلېر يەنە

شيۇمان (舒曼)، شوپېن (肖邦) ۋە رىچارد ستراۋس (有理查•施特劳斯) نىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بېتوۋېن بىلەن ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئادولف، ئۇنىڭ ئورۇندىغان بىر مۇنچە داڭلىق سىمپونىيە پارچىلىرىنى ئاڭلاپ پەقەتلا زېرىكمەيتتى.

خانفىستانگىلنىڭ پەزىلىتى ھىتلېرنى قىزىقتۇرغاچقا ئەتىراپىدىكى باشقا يېقىنلىرىغا ئۇنى ماختاپ تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. "ئۇ، يېنىدىكى كىشىلەرنى ھەم ئىتتىگىلىك ئۆيىگە قاماپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ياكى كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. - دەپ يازىدۇ خانفىستانگىل ئەسلىمىسىدە، — ئەمما ئۇ يالغۇز مېنى يېنىغا ئېلىپ ئۆيمۇ-ئۆي ئايلىنىپ يۈرۈپ مېنى مۇزىكا ئوقۇتقۇچۇم، ماڭا رويال چېلىشنى ئۆگۈتىۋاتىدۇ دەيتتى." بىر قېتىم، فوتوگرافچى ھېينىرىچ خوفمان (汉利希•霍夫曼 Heinrich Hoffmann) نىڭ ئۆيىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى پۇتبولچىلار مارشىنى چېلىپ بېرىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، رىغبەتلەندۈرگۈچىلەر ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇزىكانتلار ئەترىتى ئاممىنى ھاياجانلاندۇرالايدىكەن. ھەتتا تاماشىبىنلارنى نېرۋىسى ئاجىزلاشقان كېسەل كىشىلەردەك ۋارقىرتىپ جارقىرايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋېتىشىدىكەن. شۇنداق دەپ كېلىپ ھىتلېرمۇ دەرھال ھاياجان ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇ خانفىستانگىلنى رويال بىلەن قايتا ئورۇنداپ بېرىشنى تەلەپ

قىلىپ، گېرمانىيە مارشىنى ئامېرىكا مۇزىكىلىرىغا ئوخشاش ھاياجانلىق پەدىلىلەر بويىچە قايتا ئۆزگەرتىپ چىقىش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. "شۇنداق. — دەيدۇ ھىتلېر بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى دۇمباقچىلار ئەترىتىنىڭ رېژىسسورلىرىدەك قوللىرىنى ئويناتقىنىچە، — بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىزمۇ مۇزىكا ئارقىلىق خەلقنى ھاياجانلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك!"

شۇنداق قىلىپ، خانفىستانگىل بۇ خىل ئاھاڭلارغا ئاساسەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ئۈچۈن بىر قانچە خىل مارش نوتىسى ئىشلەپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆزگەرتىش قىلغىنى خارۋارد مارشىدىكى "ئۇر، ئۇر، ئۇر" دېگەن سۆزلىرىنى "خايىل، خايىل!" دېگەنگە ئۆزگەرتكەنلىكى ئىدى.

خانفىستانگىلنىڭ ئۆيى شوۋبىن (施霍宾) دا ئىدى. يەنى 1914-يىلى ھىتلېر ئوقۇماقچى بولغان شۇ چوڭ تىپتىكى مەكتەپ بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر بىنادا تۇراتتى. ھىتلېر ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. بەلكىم ھىتلېرنى بەكرەك قىزىقتۇرىدىغىنى ئۇنىڭ ئايالى ھېلېنە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئايال ئامېرىكىلىق نېمىسلاردىن بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، چاچ، كۆز ۋە تەنلىرىنىڭ رەڭگى جىگەر رەڭدە كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلالايدىغان بىر ئايال ئىدى. ھىتلېر ئۆيىگە كېلىشىدە ئۇچىسىدا ئۆزىگە ئىنتايىن ياراشقان كۆك سارجا كاستوم-بۇرۇلكىسى بار ئىدى. "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قاملاشقان سالاپەتلىك، ھەتتا سەل-پەل ياسالما كۆرۈنۈشىمۇ يوق ئەمەس

ئىدى. — دەپ يازىدۇ خانفىستانگىل ئەسلىمىسىدە، — گەپ قىلغىنىدا خۇددى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەردەك بەكلا تارتىنچاق قىياپەتتە ئىدى. ئەسلىدە گېرمانىيىدە ئۇ دەۋرلەردە يوقىرى بىلىملىك، ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى نىسبەتەن يوقىرى بولغان ئەربابلار ياكى ئىلمى جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىش شەكلى ئومۇملاشقان بىر دەۋرلەر ئىدى." روشەنكى، ھېلېنىيىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، سالاپەتلىك كۆرۈنىشى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكى باشتىن تارتىپلا ھىتلېرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ ئايالنى بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇناتتى دېيىشمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. شۇنىڭدىن 10 يىل ۋاقىت كېيىن ھېلېنە ئېلان قىلىنمىغان ئەسلىمىسىدە 1923 ـ يىلى باھاردا مىيونخېن كوچىلىرىدا ھىتلېر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ۋاقتىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ: "ئۇ چاغدا ھىتلېر بەكلا ئورۇق، تارتىنچاق بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىق كۆزلىرىدىن كۆڭلى بىر يەردە ئەمەسلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ بەكلا ۋەيرانە بولۇپ، ئەرزان باھالىق ئاق كۆڭلەك كىيىپ بوينىغا قارا رەڭلىك گالۇستۇك تاقىغان، ئۇچىسىدىكى پەلتوسىمۇ بەكلا ياراشمىغان قېنىق كۆك رەڭلىك خۇرۇم پالشوپكىسى ئۇستىگە كىيگىچىلىكى قالمىغان كونا كۆلرەڭ قوڭۇر ھەربى پەلتو بار ئىدى. پۇتىغا ئەرزان باھالىق قارا ئاياق كىيىۋالغان، بېشىدىمۇ سۇس كۆلرەڭ كونا شەپكە بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى" دەپ يازىدۇ.

ھېلېنە شۇ كۈنى رەتسىز كىيىملىك بۇ ھىتلېر دېگەن كىشىنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. "شۇ كۈندىن باشلاپ، ھىتلېر ئائىلىمىزنىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلىنىپ ئائىلىمىزنىڭ راھەت مۇھىتىدىن تەڭ ھۇزۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئۆيىدە ئوغلۇم بىلەن ئويناپتتى، گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قايتا تىرىلىشى ھەققىدىكى پىلانلىرى، ئۈمىدلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېتەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئۆيدە بولۇشنى خالايتتى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا باشقىلاردەك ئۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ سوئاللار بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ يۈرمەيتتۇق. شۇنىڭدەك بىرەرسىگە ئۇنى كەلگۈسىدىكى قۇتقازغۇچىمىز دەپ تونۇشتۇرۇپ قۇرۇق ماختاپمۇ يۈرمەيتتۇق. ئۇ ئۆيىمىزدە كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايتتى. مەسىلەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش ياكى خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن خاتىرجەم شوغۇللىنالايتتى. بىز ئۇنى ئۆز بىلىپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق مېھمان مۇئامىلىسى قىلمايتتۇق."

ھېلېنە، ھىتلېرنى يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىر ئادەم دەپلا بىلەتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ھىتلېر ئۇنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى ئېگونغا بولغان ئامراقلىقى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. "ئېنىقكى، بۇ ئادەم بالىلارنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئادەمنى ئىنتايىن ئۈستا بىر ئەرتىس دېيىشلا مۇمكىن." بىر كۈنىسى، ئوغلى ئىشىككىچە يۈگرەپ بېرىپ ھىتلېرنى قارشى ئالماقچى بولغىنىدا بىر ئورۇندۇققا

www.pidaiy.biz

ئۇسىۋېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. "بۇ چاغدا ھىتلېر بالىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ 'سەن مېنىڭ ئاپپاق ئوغلۇم ئېگون (Egon) نى نېمشكە يارىلايسەن' دېگىنىچە ئورۇنىدۇقنى تۇتىۋېلىپ ۋارقىراپ ئۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن بالا خوشال بولۇپ يىغىدىن توختاپ بۇ ئويۇننى تاماشا قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھىتلېر ئۆيگە كېلىشى بىلەن، چوقۇم بۇ ئويۇننى بىر قېتىم تەكرارلىماي قويمايتتى. ئېگونمۇ بولۇشۇپ 'ئادولف تاغا، بۇ ئورۇنىدۇقنىڭ سۆڭگۈچىگە ئۇرۇپ بەرسىڭىز' دەپ يالۋۇرىدىغان بولىدۇ."

كۈز كەلگەندە، ھىتلېر بىلەن خانفىستانگىل ئائىلىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي ئۆزلىشىپ تېخىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقا مورتلىرىنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ (مەسىلەن ئۇنى بەكلا ئەتىۋارلىشىدىغان گيورىڭلار ئائىلىسىدىكىلەرنى) بىرەتتى ياكى بولمىسا يەردە ئۆملەپ ئېگون بىلەن بىرگە ئويناپ كېتەتتى. ھىتلېر ئادەتتە بىر تەرەپتىن شاكىلات ئارىلاشتۇرۇلغان قەھۋە ئىچكەچ پاراڭغا چۈشسە سائەتلەپ گېپى تۈگىمەيتتى. بەزىدە ئۇ "جونسبۇرگ () ھارىقى" نىمۇ ئىچىپ قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭغا لىق بىر قوشۇق قۇم شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچەتتى. ئۇلار ئادەتتە بىرلىكتە سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپمۇ كېلەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىرگە كىنوغا بىرىپ «فرىدېرىخكاس لىكس» (弗里德里卡斯•烈克斯) دېگەن كىنونىڭ بىرىنچى قىسمىنى كۆرۈپ كېلىشكەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ كىنو فىلىمدىكى ئەڭ

ياخشى كۆرىدىغان سەھنىسى ياشانغان كىنەزنىڭ تەھدىت قىلىپ تۇرۇپ شاھزادىنى كاللاڭنى ئالىمەن دەيدىغان يېرى ئىدى. كىنودىن چىقىپ قايتىش يولىدا: "بۇ نېمە دېگەن مەرتلىك، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ ياشانغان پادىشا ئۆز ئوغلىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتىنمۇ يانمىغىنىنى قاراڭ!" دەپ كىنونى باھالاپ كېتەتتى.

"گېرمانىيىنىڭ قانۇنىنىمۇ ئەنە شۇنداق تۈزۈپ يولغا قويۇش كېرەك. يەنى يا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇەت، يا كاللىسىنى ئال!"

خانفىستانگىل ئەر- خوتۇن، ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئىنتايىن رەھىمدىل بىرسىدىن بىراقلا ئىنتايىن ۋەھشى بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا قاراپ ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ھەققىدىكى سۆز- چۆچەكلەرمۇ بەكلا كۆپ ئىدى. مەسىلەن ئالايلى، ھىتلېر ئاياللار بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايدۇ؟ دەيدىغان سۇئاللار بەكلا كۆپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ھىتلېر ئۇلارغا "مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسى، پۈتكۈل خەلق، نەق بىر ئايال كىشىگىلا ئوخشايدۇ" دېگەن ئىدى. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلارنى ئايال كىشىگىلا ئوخشىتاتتى. "ئەگەر كىمدە- كىم ئاممىنىڭ ئايال مىجەزلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىكەن، ئۇنداق بىرسى ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ناتىق بولالمايدۇ. سەن ئۆزەڭدىن سوراپ باق، ئاياللار ئەرلەردىن زادى نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى كەسكىنلىك، ئىرادىلىك، كۈچ- ھوقۇق،

www.pdaly.kz

ھەركەت قىلىش ... ئەگەر سەن ئۇلار بىلەن مۇۋاپىق تۈردە سۆزلىشەلەيدىغانلا بولىدىكەنسەن، ئايال خەق مەغرۇر ھالدا ئۆزىنى ساڭا قۇربان قىلالايدۇ، چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئايالخەق ھېچقاچان مېنىڭ بەرگەن پىداكارلىقىم چېكىگە يەتتى دەپ قارىمايدۇ" دەيتتى. يەنە بىر قېتىمدا ئۇ، مەن ئۆمۈر بويى توي قىلمايمەن دەپ ئوچۇق ئېيتىدۇ. "ۋەتەن مېنىڭ بىردىن-بىر سۆيگۈنۈم، بىردىن بىر ئوبىكتىۋىم" دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى ھەممە ئاغزىدىن چۈشەرمەيدىغان "دۆلەت ئاتا" (گېرمانىيىنى كۆزدە تۇتماقتا) ئىدى. خانقىزلىرىدىن ئۇنىڭدىن چاخچاق قىلىپ "سەن نېمشكە بىرەر ئاشنا تېپىۋالمايسەن؟" دەپ سورىشىدى، "سىياسەتنىڭ ئۆزى بىر ئايال دېمەكتۇر. - دەيدۇ ھىتلېر جاۋابەن، — ئەگەرسەن ئۇنى خوشاللىق بىلەن ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن، ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى غاجىلاپ تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ" دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ بەزى يېقىنلىرى ئۇ شوپۇرىنىڭ قىزى ئۈۋن خوك (詹妮•霍希) نى ئاشنا قىلىپ يۈرىدۇ دەپ گۇمانلىناتتى. ئۇ قىز ھىتلېرغا بەكلا سادىقمىش؛ ھەتتا ئۇ قىز ھىتلېرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوغدىغۇچىسى بولۇپ قوغداش ئۈچۈن قولتۇقىغا بىر تاپانچا يوشۇرۇپ يۈرگىدەكمىش. ھېلىنە خانقىزلىرى خانىم بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى. "ماڭغىنە، ئادولف بۇ جەھەتتە ئۇنچە بەك ھەددىدىن ئاشىدىغان شاللاق بىرسى ئەمەس!" دەيتتى.

هىتلېرنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرسى بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايتتى. هىتلېرنىڭ يەنە بىر شوپۇرى، ئېمىل ماۋرىس (Emil Maurice 埃米尔•莫里斯) مۇ "بىز بىرلىكتە قىز قوغلاپ يۈرگەن ئىدۇق" دەيدۇ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ. ئۇلار ئىككىسى پات-پاتلا بىرلىكتە سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا ياكى رەسىم كۆرگەزمىخانىلىرىغا بېرىپ يالىڭاچ مودېللەرنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەزىدە هىتلېر ئىسمىنى "ۋولف ئەپەندى" دەپ ئاتاپ مورىس ماۋرىس بىلەن بىرگە ئاخشاملىرى كوچا-كويلاردا ئايلىنىپ قىز ئاختۇرۇپ يۈرەتتىكەن. شۇنىڭدەك ماۋرىس قىزلارنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇستا بىرسى بولۇپ، هىتلېرگە قىز تونۇشتۇرۇپ يۈرەتتىكەن. ماۋرىسنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، قولغا چۈشۈرەلىگەنلىرىنى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ كۈتىۋالاتتىكەن. ھەتتا يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالمىغان ۋاقىتلىرىدىمۇ پات-پاتلا گۈل سوۋغا قىلىپ تۇراتتىكەن. ئۇ يەنە "بىز پات-پات بالېت تىياتىرىدىكى قىزلارنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتۇق" دەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە خانفىستانگىل ناتسىستلار پارتىيىسىگە خىزمەت قىلىشىنى پۈتۈن كۈنلۈك ئىشى هالىتىگە ئايلاندۇرغان ئىدى.

هىتلېر مەسلىھەتچى بولغان روسىنبېرگنىڭ بۇرۇتۇڭنى سەل چوڭايتىۋالساڭ بوپتىكەن، هازىر بۇنداق كىچىك بۇرۇتلار بەك مودا ئەمەس دەپ ئېيتقان مەسلىھەتىگە قارىتا، ئۇنى مەڭسىتمىگەن هالدا (ئۇنىڭ يالغانچىلىق پەلسەپەسى سەۋەبىدىن ئۇنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى): بۇنداق بۇرۇت هازىر مودا

بولمىغانــدەك قىلغىنىــى بىــلەن، بۇنــداق بــۇرۇت قــويغىنىم سەۋەپلىك كەلگۈسىدە چوقۇم مودا بولۇپ كېتىدۇ. دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئاسانلىقچە مەسلىھەتكە قۇلاق سالماسلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ خانفىستانگىل يەنىلا ئۇنىڭغا قورقماي مەسلىھەت بېرىپ يۈرەتتى. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالمىسىمۇ ئەمما يەنىلا ئۇنىڭدىن قەرزگە پۇل ئېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ھىتلېر ئۇنىڭدىن ئۆسۈمسىز يوق مىڭ دوللار قەرز ئالىدۇ. شۇ كۈنلەردە خانفىستانگىل ئاتا-ئانىسىنىڭ نيۇيوركتا ئاچقان سەنئەت رەسىملەر دۇكىنىدىن ئۆزىگە تەۋە پايدا ئۈلۈشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. بۇ پۇلنى پاخاللاشقان ماركقا ئالماشتۇرغىنىدا ئۇنىڭ بەكلا كۆپ پۇلى بار بولغان ھېساپلىناتتى. ھىتلېر ئۇنىڭدىن ئالغان بۇ قەرز پۇلغا ئىككى يۈرۈش ئامېرىكىدا ياسالغان شىپىگىراف ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنى ھەپتىلىكتىن كۈنلۈك گېزىتقا ئۆزگەرتىدۇ.

خانفىستانگىل ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرغا مەرتلىك قىلىپ ياردەمدە بولۇپ يۈرگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ ئۇ بەكلا يامان كۆرىدىغان دۈشمىنىنى داڭلىق بىرسىگە ئايلىنىدىغان ئورۇنغا تەيىنلەيدۇ. يەنى ھىتلېر، ھەپتىلەپ ئىشقا كەلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ «كۈزەتكۈچىلەر» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئەيكارتنىڭ قولىدىن ئېلىپ روسىنبېرگكە تاپشۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپە، روسىنبېرگنى شەرق مەسىلىلىرى بويىچە پارتىيىنىڭ مۇتەخەسسىسى ھالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي،

ئۇنى شۇبنېر رىچتېرقا ئوخشاش روسىيىدىن قېچىپ چىققانلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. رىچتېر دېگەن بۇ كىشى بەكلا سىرلىق بىرسى بولۇپ، گېرمانىيىدىكى كاپىتالىستلار بىلەن يوقىرى تەبىقە جەمئىيىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە، لۇدېندورف ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلىق رولىنى ئويناشتىن باشقا ھىتلېرنىڭ بارغانسىرى ئەتىۋارلىق مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرسىگە ئايلانماقتا ئىدى.

بارلىق روسىيە مۇساپىرلىرى بولشېۋىكلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كاللىسى چار پادىشانىڭ يەھۇدىيلارنىڭ يوقۇتۇش ھىلىمىكىرلىرى بىلەن تولغان ئىدى. يەنى يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى تېرروورلۇق ۋە زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىش دەپ قارايتتى. بۇ تۈردىكى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ قارىشىدا يەھۇدىيلارغا قارشى ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادى تەدبىرلەرنىڭ ھېچقايسى كارغا كەلمەيدىغان چارىلار ھېسابلىناتتى. يەھۇدىيلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرىپ تاشلاش ئارقىلىقلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن دېيىشەتتى.

## (4)

1923-يىلى ئەتىيازدا، ھىتلېرنىڭ ئىشلىرى بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىۋاتقىنى پۇل ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھەر تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈپ پارتىيىسى ئۈچۈن پۇل

يىغىشقا كىرىشىدۇ. ئاپرېلنىڭ (ئۇمۇتنىڭ) باشلىرىدا، ھىتلېر بىلەن خانفىستانگىل ئىككىسى ھىتلېرنىڭ مېرسېدېس ماركىلىق بايىۋەتچىلەر پىكاۋىغا ئولتۇرۇپ، ماۋرىس بىلەن بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولدا كوممۇنىستلارنىڭ تېزگىنلىشىدە تۇرىۋاتقان ساكسون (萨克森) دىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار لېيپزىگ (Leipzig 莱比锡) نىڭ شىمالىغا كەلگەندە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن توسىۋېلىدۇ. سۇرلۇك قىياپەتتىكى خانفىستانگىل شىۋىتسارىيە پاسپورتىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ، ئامېرىكا شىۋىسىدىكى نېمىسچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ چەتئەللىك قەغەزچىلىك سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، گېرمانىيىگە كېلىشتىكى مەقسىدىنىڭ لېيپزىگ يارمەنكىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى، ماشىنىدىكىلەرنىڭ بىرسى ئۇنىڭ شوپۇرى، يەنە بىرسى بولسا ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھىلىسى ئىشقا يارايدۇ. ئۇلار قىزىل مۇھاپىزەتچىلەردىن قۇتۇلۇپ يولغا چىقىشقاندا ھىتلېر "ئۇلار مېنى بىلىپ قالسا كاللامنى ئېلىشتىن يانمايتتى" دېگەندەك قىلىسمۇ، ئۆزىنى خىزمەتچى دەپ تونۇشتۇرغىنىدىن ئۇزۇنغىچە كۆڭۈلسىز بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

بېرلىندا ئۇلار قاتىراپ يۈرۈپ پۇل يىغىش بىلەنلا قالماي، يەنە يەكشەنبە (پازار) كۈنىسى ھەربى مۇزېي بىلەن دۆلەتلىك سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنى زىيارەت قىلىپ چىقىدۇ. ئۇلار سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنى زىيارەت قىلغاندا، ھىتلېر، لىمتولاند (雷姆卜兰特) نىڭ «ئالتۇن دۇبۇلغىلىق ئادەم» دېگەن

رەسمى ئالدىدا تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ، رەسىمدىكى ھەربىلەردەك كۆرۈنۈشتىكى قەھرىمانىنىڭ كۆرۈنىشگە بەكلا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ ھەمرايىغا قاراپ، بۇ رەسىمدىكى قەھرىمان تەسۋىرىنى كۆرستىپ بۇ ئۇلۇغ رەسسام "گەرچە ئامىستىردامنىڭ يەھۇدىيلار رايونىدا نۇرغۇنلىغان رەسىملەرنى سىزغان بىرسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا ئارىيان ئىرقى بىلەن نىمىس مىللىتىدىن كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلغان!" دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار لۇنا پاركىدا ئايالللار بوكسۇر مۇسابىقىسىنى كۆرىدۇ. مۇسابىقە جەريانىدا ھىتلېر بەكلا سوغۇق قاراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي يەنە بىر قانچە مەيدان كۆرەيلى دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. مۇسابىقىنى كۆرۈپ بولۇپ، ھىتلېر يېنىدىكىلەرگە "بوكسۇرچىلىقنى ھەر قانچە دىېسىمۇ گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان قېلىچۋازلىق مۇسابىقىسىدىن مىڭ ياخشى ئويۇن" دەيدۇ.

ئەتىسى ئۇلار بېرلىنىدىن ئايرىلىدۇ. يولدا ساكسونىيە (薩克森) دىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر يول زىرىكىشلىكىنى چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن يول بويىچە ۋاگنېر ئوپېرالىرىدىن پارچىلارغا ئىسقىرتىپ ماڭىدۇ. ھەتتا قوللىرىنى ئوينىتىپ ئۇسۇللىرىنىمۇ كۆرستىپ ھەمرالىرىنىمۇ زېرىكتۈرمەيدۇ. ھەتتا ئۇ بىيىت بىلەن ئاخىرلاشقان بەكلا ئۇزۇن بىر ئېيتىشىنىمۇ يادقا دېكلىماتسىيە قىلىپ بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. خانفىستانگىل كېيىن ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ھىتلېر خوشال ۋاقىتلىرىدا ئۆزى قايتا

ئۆزگەرتىپ چىققان شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپ ھەممىمىزنى كۆلدۈرۈپ تېلىقتۇرىۋەتتەتتى."

ئۇلار رىچارد ۋاگنېرنىڭ يۇرتى بولغان لىيىت (莱特) تا ئازىراق تۇرۇپ ئۆتىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار بايرام تىياتىرخانىسىغا كىرىپ ئىچىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. دەرۋازىۋەن ماقۇل بولۇپ ئۇلارنى كىرگۈزگەن ئىدى. سەھنە مەنزىرىسى «ئۇچار گوللاندىيىلىك» ئۈچۈن لايىھىلەنگەن پېتى تۇراتتى. 1914 ـ يىلى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ تىياتىر ئىزچىل تۇردە بۇ تىياتىرخانىدا ئوينالغان ئىدى. بۇ سەھنە كۆرۈنۈشىنى كۆرگەندىن كېيىن، خانفىستانگىل پۈرستىنى تېپىپ "بۇ ئويۇننىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەھنە كۆرۈنۈشىنى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى فېردىنان خېينىۇر (费尔迪南•海涅) لايىلەپ تىكەن" دەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. بولۇپمۇ ۋاگنېرنىڭ كۈتۈپخانىسى ئۇنى بەكلا ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. كۈتۈپخانىنىڭ تېمىدا ۋاگنېرنىڭ سەنئەتچىلەر بىلەن خىزمەتچىلەر دىققىتى ئۈچۈن يازغان بېغىشلىمىسىمۇ ئېسىقلىق تۇراتتى.

شۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىسى، چۈشلۈك تاماققا توختىغان ۋاقتىدا ھىتلېر، ئۇلار لىبخكېنت شەھەر سىرتىدا كۆرگەن "ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ناپالىيونغا قارشى كۈرىشى" نى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن مۇنارە ھەققىدە گەپ قوزغايدۇ. ھىتلېر، بۇ ھەقتە توختىلىپ دېگەن مۇلاھىزىلىرى خانفىستانگىلنى ئويغا سېلىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا

هىتلېر "كېيىنكى قېتىملىق ئۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىش، بىز چوقۇم رۇسىيىنىڭ غەربىدىكى ئاشلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى چوقۇم قولىمىزغا ئېلىشىمىز شەرت" دەيدۇ. بۇ گەپلەر، روسىنبېرگ بىلەن قالغان روسسىيىلىك دوستلارنىڭ هىتلېرغا يەنە ئۆز گېپىنى سىڭدۈرۈشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. خانفىستانگىل بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، روسسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ئەسلى بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز زور كۆلەملىك سانائەت ئاساسىغا ئېرىشىۋالغان ئامېرىكىغا قارىتىلىشى كېرەك. "ئەگەر سەن ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويساڭ، ئۇ چاغدا كەلگۈسىنىڭ ئۇرۇشىنى قوزغاتماي تۇرۇپلا ئۇتتۇرۇپ قويغان بولىسەن" دەيدۇ. هىتلېر بۇ گەپلەرگە بىر نىمە دېمەي ئۆتكىزىۋېتىدۇ. روشەنكى، ئادولف بۇنداق قاراشنى تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلىگەن ئەمەس ئىدى.

هىتلېر ميونخېنغا يېتىپ كىلىشى هامانلا فرانسۇزلارنىڭ رۇر رايونىغا هۇجۇم قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش نارازىلىق هەرىكىتىنى قوزغىۋېتىدۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا ئايلاندۇرۇپ كېلىپ بەكرەك قىزىقىدىغان خەلقنى قوزغىلىپ يەهۇدىيلارغا قارشى هەرىكەتكە ئاتلىنىشىنى كۈشكۈرتىشكە قارىتىدۇ.

مەسىلەن ئالايلۇق، 13-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى، هىتلېر ئۇلارنى بىۋاستە تەنقىتلەپ، رۇرنىڭ ئىشغال قىلىنىۋېلىشىغا، ئۇرۇشتا مەغلۇب قىلىنىشقا هەمدە مال باهالىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەپچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ هۇجۇمغا ئۆتۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئاتالمىش دۇنيا

www.pdfqiy.biz

تېنچلىقپەرۋەرلىكى” دېگىنى ئەسلىدە يەھۇدىيلار كەشىپ قىلغان نەرسە؛ پرولېتارىيات داھىلىرى يەھۇدىي (“مانا بۇ يەردىنمۇ يەھۇدىي چىقىپ كەلدى!”)؛ ئورتاق ئىقتىسادى يىغىن دېگىنى يەھۇدىيلارنىڭ بىر قورالى (“مانا يەنە يەنە بىر يەھۇدىي!”)؛ ئەسلىدە يەھۇدىيلار ھىلىمكىرگە تايىنىپ دۇنيانى قولغا كىرگۈزمەكچى! شۇڭا ئۇلار، “قېدىمقى ۋەدىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن روسىيە بىلەن گېرمانىيە چوقۇم ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى باش ئەگدۈرۈش لازىم! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر يالغانچى تەشۋىقات ئورگىنىنى خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى غايىلىك بىر دۆلەتكە، يەنى گېرمانىيىگە قارشى ئاتلىنالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ، دەپ جار سېلىشماقتا! ياكى سىلەر فرانسىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتا غالىپ كېلىشىنى خالايتتىڭلارمۇ؟” ھىتلېر نۇتقىنى تۈگەتكىنىدە ھاياجان ئىچىدە دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئىككى مىليون نېمىسلار ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مىليونلارچە يېتىم ـ تۇللار، مېيىپ قالغانلار ئۈچۈن ھەققانىيەت كەلتۈرەيلى، بۇ مىليونلىغان خەلق ئۈچۈن چوقۇم يېڭى گېرمانىيە قۇرۇپ چىقايلى! دەپ شۇئار توۋلايدۇ.

ھىتلېر يەھۇدىيلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقى، ئۇلاردىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن رىياللىقتىن ھالقىپ سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشتا گەرچە مەنتىقىلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىپ مەقسەتلىرىنى ئىپادىلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەنتىقىنىڭ بارلىق چەكلىرىدىن ئاللىمۇقاچان

ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ تەسۋىرلىمەكتە ئىدى: ئەسلىدە فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۇرۇشتا ھەقىقىي مەغلۇپ بولغانلار، گېرمانىيە يەھۇدىيلار تېزگىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى سەۋەبىدىن ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلىدىغىنى چوقۇم گېرمانىيە بولىدۇ، دەپ قارىماقتا ئىدى. بۇ جەرياندا ھىتلېر بۇ دېيىشلىرى بىلەن ئۆزىنى ئالدىماقچى بولغان ئىدى، ئەمما شۇ قاتاردا تەرەپتارلىرىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئالدىيالىغان ئىدى. ھىتلېر ئۈستىلىق بىلەن ئىپتىدائىي ھېسسىياتقا قارىتىپ چاقىرىق قىلغان بولسا، خەلق ئاممىسى مىتىنگدىن ئايرىلغىنىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىدە قالغىنى بىرەر ئاقار يۇلتۇزدەك بەكلا ئاز نەرسىلەر ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقلىدە قالغىنى پەقەتلا ھىتلېرنىڭ كرىست ئارمىيىسى سېپىگە قاتنىشىش ئارقىلىق گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇش؛ فرانسىيە چوقۇم رۇرنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشى كېرەكلىكى، ئەڭ مۇھىمى يەھۇدىيلار چوقۇم تىگىشلىك يېرىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنىلا ئېسىدە قالدۇرالىغان ئىدى.

ئۆتكەن بىر يىل مابەينىدە ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ قول ھەرىكەتلىرىمۇ نۇتقىغا ئوخشاش كۈرمەك خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغان ئىدى. بولۇپمۇ خانفىستانگىرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقىنى، ھىتلېر بۇ يېقىنلاردا بىلىكىنى ئۇشتۇمتۇت يوقىرى كۆتۈرىدىغان ئىشنى چىقىرىۋېلىشى ئىدى. "ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئوركېستىر رېژىسورىدا بولۇشقا تېگىشلىك

خاراكتېر بار ئىدى. ئادەتتە ئۆلۈغ بىر رېژىسسور قولىنى تۆۋەنگە سىلكىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاھاڭ تەڭكەش قىلىپلا قالماي، قولىنى يوقۇرىغا كۆتۈرۈپ چوكىسىنى سىلكىش ئارقىلىقمۇ مۇزىكىنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن." ھىتلېر نۇتۇق سۆزلىگەندە ئەنە شۇنداق مۇزىكا بىلىملىرى ئاساسىدىكى ھېسسىياتلارنى ئۇرغۇتۇش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، نۇتقىنى كىشىنى ئۇرغۇتىدىغان رېتىم ھالغا كەلتۈرىۋالغان. يەنى ئۇ، نۇتقىنىڭ دەسلەپكى ئۈچتە ئىككى قىسمىدا مارش رېتىمىدا سۆزلىگەن بولسا، قالغان ئۈچتە بىر قىسمىدا رېتىمىنى تۇيۇقسىز تېزلىتىپ جوشقۇنلۇق ھالنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ ئاۋاز تونلىرىنىمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تەڭشەپ ئىشلىتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ خىيالىدا قايسى بىر رىقابەتچىسىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراش ئارقىلىق تەتۈر ئىسپاتلاش ئارقىلىقمۇ پەرىزىدىكى بۇ دۈشمىنىنى بىت-چىت قىلىۋېتىش ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ئىنتايىن مۇۋەپپىقىيەتلىك نۇتۇق تەسىرىنى پەيدا قىلالايتتى. ئاندىن قايتا ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە تەپەككۇر قىلىپ نۇتقىنى داۋام قىلدۇراتتى.

گەرچە ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ئاخىرلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئاساسلىق مەقسىدى ئورتاق ھاياجان پەيدا قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاسانلا ماسلىشىپ كەتكىلى بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بىر مەزمون بىلەن يەنە بىر مەزمون

ئوتتۇرسىدىكى باغلىنىشقا ھېسسىيات، يەنى غەزەپ، نەپرەت، ۋەھىمە، مۇھەببەت ياكى ئۆچمەنلىكنى قىستۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنى قىلچە زىرىكتۈرمەي بىر تېمىدىن يەنە بىر تېمىغا بەكلا ئاسان ئۆتەلەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ نۇتقى بەكلا ئەگرى-توقايلىقلار بىلەن تولغان مۇرەككەپ بىر نۇتۇق بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنتايىن ماھارەتلىك بىر سەنئەتچىنىڭ تاماشىبىنلارنى قايسى بىر ئويۇن سەھنىسى ئىچىدىكى مۇرەككەپ پەردىلەرنى چۈشىنەلىشىگە يېتەكلىيەلىگىنىگە ئوخشاش مەيداندىكى خەلقنىمۇ ئۆزى خالىغان تەرەپلەرگە قاراپ يېتەكلىيەلەيتتى.

ھىتلېردا، مىتىڭ مەيداندىكىلەرنى نۇتقىنىڭ مەزمۇنى ئىچىگە تارتىپ كىرەلەيدىغان بەكلا كام ئۇچرايدىغان بىر قابىلىيەتمۇ بار ئىدى. “مەن خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدە، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلارغا قارىتا، ياكى قانداقلا بىر سەۋەپ تۈپەيلىدىن بولمىسۇن پارتىيىمىزدىن يىراقلىشىپ قالغان كىشىلەرگە خىتاپ قىلغان ۋاقتىمدا، گويا ۋەتىنىمىزنىڭ تەغدىرى دەل شۇ كىشىلەرنىڭ قارار قىلىشىغا زىچ باغلىق بولۇپ قالغاندەك سۆزلەيتتىم. — دەيدۇ خانفىستانگىلغا، — ئۇنداق كىشىلەرنى قالغانلار ئالدىدا ئۈلگىلىك رول ئويناپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئىما قىلاتتىم. شۈبھىسىزكى، بۇنداق سۆزلىرىم ئۇلارنىڭ مەنمەنچىلىكىنى، جاسارىتىنى ئۇرغىتىۋېتەتتى. مەن بۇ مەقسەتكە ئېرىشەلىگەنلا بولىدىكەنمەن، قالغان مەسىلىلەر بەكلا ئاسان ھەل بولۇپ

كېتەتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، بارلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز ئۇستىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىدىغان بىر تۇيغۇ بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم تەرەپلەردە ئېغىر مۇگىدەش ئېچىگە پېتىپ قالغان ئىكەن، دېمەك مەلۇم بىر يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پىداكارلىق كۆرسىتىش ياكى مەلۇم بىر تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى ئاخىرقى خەۋپلىك نوقتىسىغا كېلىپ توختاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نوقتىغا كېلىپ قالغانلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەۋەككۈل قىلىپ دوغا چىقىشقا تەييار ھالغا كەلگەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم، دەل شۇ ھەۋەسلىرىنى سىياسى يولغا باشلاشتىنلا ئىبارەت. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، ھەر قانداق بىر سىياسى ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرىنى (مەيلى ئۇلار ئايال بولسۇن ياكى ئەر بولسۇن)، ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياكى باشقىلار ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك كۈنلەرنى مەقسەت قىلىش ئاساسىغا ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. ... خەلقنىڭ ئىجتىمائى ئورنى قانچىكى تۆۋەن بولىدىكەن، ئۇلاردا ئۆز ئورنىدىن ئۇستۈن تۇرىدىغان بىرەر يوقىرى غايىگە ئىنتىلىشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى قايىل قىلالايدىغانلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارنى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرى خەۋپ ئاستىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيدىغانلا بولىدىكەنمەن، چوقۇم ئۇلار قەتئىي تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ھەرىكەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا

ئايلىنالايدۇ. شۇڭا بۇنداق بىر ھەرىكەت بارلىق تەبىقە كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشى كېرەك."

ھىتلېرنىڭ دەبدەبىلىك، ئۆتكۈر ۋە چېكىدىن ئاشقان ھەربى ۋەزىيەت ھەققىدىكى نۇتۇقلىرىغا قارىتا خەلق ئاممىسى ھەر دائىم تەييار ھالغا كەلتۈرۈلگەن ھېسابلىناتتى. ئادەتتە قەلبىنى ئىزىدىغان مۇزىكىلار ياكى كىشىنى ھاياجانلانغا سالىدىغان ھەممىلا ياردە لەپىلدەپ يۈرگەن بايراقلاردىن باشقا يەنە، يېڭى بىر رەڭ، يەنى ھىتلېر رىم پاسونى بويىچە ئۆز قولى بىلەن لايىھىلەپ چىققان بايراقلار بىلەن مۇراسىم تۇغلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. بەلكىم بۇلارنى مۇسسولىنىنىڭ قېدىمقى رىم كايسەرلىرى (凯撒 Kaiser) ئاساسىدا كۆتۈرۈپ چىققان نەرسىلىرىدىن كۆچۈرىۋالغان دېيىشكىمۇ بولار. ئەمما ھىتلېر بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىس ئەنئەنىلىرىدىن ئېلىنغان دەپ ئېيتىدۇ. "مەن 'ھاشارەتلەر قۇرۇلتىيى' نىڭ يىغىن مەنزىرىسى تەسۋىرلىرىنى ئوقىغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئەنە شۇ تۇردىكى نېمىس پارات تۇغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ لودىۋىگ (路德 Ludwig) كە سالام بېرەركەندۇق. بۇ نەرسىلەر خەلقنىڭ لودۋىگ بىلەن زىتلىششىش ئەمەس بەلكى تېنچ بىرگە ئۆتۈشنىڭ سىمۋۇلى قىلىنغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىكەندۇق. ... بەلكىم 1931ـ يىلى بولسا كېرەك، بۇلېيم (不来梅) دىكى لاس (拉施) پىۋىخانىسىدا مەن تۇنجى قېتىم بۇ تۇردىكى قولىنى ئالدىغا ئۇزارتىپ كۆتىرىپ سالام بىرىشنى ئۇچراتقان ئىدىم." بۇنداق قول ئىشارىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى نەدىن بولىشىدىن قەتئىي

نەزەر، شاد-خورام تېنچ يىغىلىشلاردا بۇنداق قول كۆتۈرۈپ "خايىل! — ياشىسۇن!" دېگەن ئاۋازلار ئىچىدە بىلىكىنى ئۇزارتىپ سالام قىلىشى خەلق ئاممىسىغا بىز ھەقىقى نېمىس ئاۋازىنى ئاڭلىماقتىمىز دېگەن ئىشەنچنى تۇرغۇزماقتا ئىدى.

ھىتلېر ئاشكارە ھالدا فرانسىيە بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى بايانات ئېلان قىلغان كۈنىسى، ئۇ يەنە بىر قېتىم باۋارىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئاشكارە زىتلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ، باۋارىيە باش مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە بىرگە بارغان كىشى سابىق ئوفىتسېرلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئادەم "كۈرەشچان تەشكىلات خىزمەت گۇرۇپپىسى" دېگەن شەخسى قۇراللىق قوشۇننىڭ قۇماندانى ئىدى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى دېگىنى ئەسلىدە ئوڭچىل ئاكتىپلار گۇروھىنىڭ ئارلاشمىسىدىن باشقا بىر نېمە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككىسى باش مىنىستېرغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەتتىن «جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى» نى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ۋېيمار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ تەلەپنى رەت قىلغىدەك بولىدىكەن، ئۇ ھالدا باۋارىيە ئاشكارە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىناتتى.

شۇ كۈنى ئايغا 19، يەكشەنبە (پازار) كۈنى ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭغا شەنبە (ئازناراس) كۈنى جاۋاب بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ تەلەپ جاۋابسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوڭچىل ئاكتىپلار ھەربى ئىشلار گۇروھى يەكشەنبە (پازار) كۈنى "ھەربى مانېۋىر" ئۆتكۈزىدۇ. شۇ كۈنى ئاپرېل (ئۇمۇت) دىكى پاسخا بايرىمى ئىدى. ھىتلېر ئۈستى ئوچۇق بىر ماشىنا كۇزۇپىدا ئۆرە تۇرىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىتى — ئىس-ئاچىلار بىلەن پۇخرا تەرەپپازلار قاتار تىزىلىپ ئالدىدىن ئۆتىشۋاتقىنىدا، ھىتلېر قولىنى ئالدىغا ئۇزارتىپ خەلققە سالام بېرىدۇ. گېورىڭىنىڭ شەخسى پىكاۋى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاراپ تۇرغان ھېلېنە خانفىستانگىل، ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن غالىپلىق ئىپادىسى چاقناپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. پارات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر "پۇراپ تۇرغان بىر باغلام ئەتىر گۈل" نى تۇتقىنىچە خانفىستانگىللار ئۆيىگە كېلىپ، ھېلېنە خانىمغا تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇبارەك بولسۇن دەپ قولىدىكى گۈلنى سوغات قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ خوشال-خوراملىق ئىچىدە بىرەر سائەت چاي ئىچىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھىتلېر تىنماي قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، يەنى نۆۋەت ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەشكە كەلگەندە پەقەتلا ئىچىلالماي جىمىپ كېتىدۇ. ئۇ خانفىشتانگىرغا ئۈستىدە كىرىست بەلگىسى بولغان تۇغۇلغان كۈنى تورتلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىداق بەلگە چۈشۈرۈلگەن باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرنى ھەرگىز يىمەيلى دەپ قاتتىق جېكىلەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ تار ئۆي ئىچى كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن تورتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. "ئىسىڭدىن چىقمىسۇنكى، —

دەيدۇ ھىتلېر، ــ بۇ بىنا يەھۇدىيلارغا تەۋە بىر بىنا، ئۇلار رەقىبىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن تاملىرىنى زەھەر بىلەن مىلاپ بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ قىلىپ ئادەتلەنگەن بىر ئىش."

دۈشەنبە (باش) كۈنى، باش مىنىستىردىن ئاخىرى ھىتلېرغا جاۋاب كېلىدۇ: ئۇ ئۆزى «جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى» غا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ قانۇن باۋارىيىنىڭ رەسمى قانۇنى ھالىغا كېلىپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىن باشقىچە بولالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھىتلېر بىرىنچى ماي (ئارسلان) كۈنىسى ئاممۋىي نامايىش چاقىرقى چىقىرىپ نامايىش ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ بىر پارتىلاش خاراكتېرلىق بىر خەۋەر ئىدى. چۈنكى "1-ماي" (ئارسلان) كۈنى ئەمگەكچىلەر بىلەن ماركسىزمچىلارنىڭلا ئۇلۇغ بايرام كۈنى بولۇپ قالماي، مىيونخېنىنى سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قولىدىن ئازات قىلىنىشىنىڭمۇ يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. 30-ئاپرېل (ئۇمۇت) ئاخشىمى، ئوڭچىل ئاكتىپلار كۈچلىرى مىيونخېنىنىڭ ئاساسلىق پويىز ئىستانسىسى شىمالىدىكى نەچچە چاقىرىم يەردىكى ئوبېرۋىسېنفېلد (Oberwiesenfeld 奥贝威森弗尔) نېمىس ئارمىيىسى مەشىق مەيدانى تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. تاڭ ئاتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ يەرگە مىڭغا يېقىن ئادەم يىغىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار سولچىل كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپقا مەخسۇس پوست قويۇۋېتىدۇ. ۋاقىت سائەتلەپ

www.pdaly.biz

ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما بىرەر ھەرىكەت شەپىسى كۆرۈلمەيتتى. "سائەت ئالتە بولغانىدا، — دەيدۇ ھىتلېر كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — توپ-توپ قىزىللار كېلىپ بىز بىلەن تىركىشىشكە تەييارلاندى. مەنمۇ ئۇلارنى كۈشكۈرتىشكە بىر مۇنچە ئادەم ئەۋەرتكەن بولسامۇ، ئۇلار يەنىلا مىت قىلماي تۇرغان يېرىدە جىم تۇرۇشاتتى."

سائەت 9 لاردا شەھەر سىرتىدىن ھەرقايسى ئەترەتلەردىن كەلگەنلەر قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئادىمى 1300 كىشىگە يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇرال تۇتقان ئادەملىرى ئىللىق كۈن نۇرى ئاستىدا قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى ساقلاپ تىت-تىت بولماقتا ئىدى. رەسمى ۋەھشىلەشكەن ھىتلېر، قولىدا بىر مىس قالپاق، "قىزىللار نېمىشقا تېخىچە ھۇجۇم قىلىشمايدۇ؟" دەپ سورايدۇ. چۈش بولاي دەپ قالغاندا تۇيۇقسىزلا بىر بۆلۈم ئەسكەرلەر بىلەن كۆك فورمىلىق ساقچىلار كېلىپ قۇراللىق نامايىش قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەتراپىنى قاتمۇ-قات قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇلار بىلەن كەلگەنلەرئارىسىدا غەزەپكە تولغان كاپىتان روممۇ بار ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا ئۆزىنىڭ يېڭىلا بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە گېنېرالىنىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىنى، ھىتلېر دەرھال قۇرال تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئاقىۋىتىگە پۈتۈنلەي ھىتلېر مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ھىتلېر بۇ گەپلەردىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، گرىگور، ستراسسېر قاتارلىق كىشىلەرنى ھۆكۈمەت كۈچلىرىگە

قارشى تاقابىل تۇرايلى، ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتەيلى دەپ چىڭ تۇرىۋېلىشلىرىنى بېسىقتۇرۇشقىمۇ تىرىشىدۇ. قۇرال تاپشۇرۇش بۇيرىقى ئۇلارغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئەمما ھىتلېر ھۇجۇم قىلغىدەك بولغىنىدا، ئۇنىڭ كۈچلىرى چوقۇم مەغلۇپ قىلىناتتى. ئۇنداق بولغىنىدا بۇنداق بىر مەنىسىز قان تۆكۈلۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ سىياسى ساھەدىكى داھىلىق ئورنىنىڭ ئاخىرلىششى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قۇربان بولىشى ئېنىق ئىدى. ئوبېرۋىسېنفېلدتىكى چېكىنىشتە ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. شۇرىبىن () دا، ھىتلېرنىڭ قوشۇنى كوممۇنىستلارنىڭ ئاۋانگارت كۈچلىرى بىلەن توقۇنۇشۇشتا، ئۇلارنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىش بىلەنلا قالماي، قىزىللارنىڭ بايراقلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتلار ھىتلېرنىڭ قالتىس يايراپ كەتكەن ۋاقىتلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ نەق مەيداندا قىسقا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، بۇ يالقۇن بولشېۋىكلارنىڭ دۇنياۋى يۇقۇملۇق كېسىلىنىڭ بىر ئېپادىسى. بۇ يالقۇن، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھوقۇقنى تارتىپ ئېلىشىنىڭ كىچىككىنە سىگنالىدىن ئىبارەتتۇر دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئىنتايىن كۈچلۈك كۈشكۈرتكۈچى نۇتقى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ غەيرەت-جاسارىتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق ئېغىر خاتالىقنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرغان بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خوشاللىقى بەك ئۇزۇنغا قالماي بېسىقىپلا كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى، ھىتلېرنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئۈزۈل كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

www.pidaiy.biz

بۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەت، ئۇنى بىر مۇنچە يېقىن سادىق ئەگەشكۈچىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇردى. "مەن ھىتلېردىن پۈتۈنلەي ئايرىلدىم! - دەيدۇ سابىق "ئەركىن پولك" كوماندىرى بولغان بىرسى، — 1-ماي (ئارسلان) كۈنىسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن بۇ ئادەم مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ!"

ئوۋېرسىنفورد () ۋەقەسىدە مەغلۇب بولغانلار يالغۇز ھىتلېرلا ئەمەس ئىدى. باۋارىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ۋەقە ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەت، تېخىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىق ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھېتلېرنى جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان سالغان دەپ قارىلايدۇ. ھىتلېر سوتقا تارتىلىدۇ. ھىتلېر قىلچە تەمتىرىمەي سۇئاللارغا بىرمۇ-بىر جاۋاپ بېرىدۇ. قارىلىغۇچى تەرەپ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. ھىتلېر بۇ قېتىملىق سوتلىنىشتا قىلچە باش ئەگمەي قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپ، ئاپەتتىن سىياسىي مەنپەئەت چىقىرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭ مىزانى ھالىغا كېلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر بۇ ۋەقەنى ھىتلېرنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ باھالىشىدۇ. روبېرت مۇرفى دەل شۇنداق قارايدىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ يازغان دوكلاتىدا، ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ يۈزلىنىشى يوقۇلۇشقا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە دەيدۇ. ئۇ يەنە، خەلق "ھىتلېرنىڭ كۈشكۈرتۈش ھەرىكەتلىرىدىن زېرىكتى، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق بىر نەتىجە يارىتالمىغاچقا خەلق ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى

ئۈزدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىجابى يېڭىلىقنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئۇنىڭ يەھۇدىيلىققا قارشى ھەرىكىتى ئۆزىگە بەكلا كۆپ دۈشمەن پەيدا قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياش تەرەپپازلىرىنىڭ جىدەل تېرىشتىن باشقىنى بىلمەسلىكى جەمئىيەت تەرتىۋىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى بەكلا بىزار قىلىۋەتكەن ئىدى” دەپ يازىدۇ.

## (5)

مۇرفى ئوتتۇرىغا قويغان ئەھۋاللار باۋارىيە يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيتتى. بۇ تۈردىكى ئەمەلدارلار ”1-ماي” (ئارسلان) دىن كېيىنكى سىياسى ھەرىكەتلەردىكى تىجىشنى ھىتلېردىن ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ خاتا چۈشەنگەن ئىدى. بۇ تۈردىكى سىياسى جەھەتتىكى پائالىيەتلەرنىڭ جىمىقىپ قېلىشى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. ئەمما بۇ جەرياندا بىرلا قېتىم ۋاقتلىق بىر قالايماقانچىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ توپىلاڭ گېرمانىيىلىك بىر مىللەتچى بولغان ئالبېرت لېئون شلاگېتېر (Albert Leon Schlageter 阿尔伯特•里奥•施拉格特) دېگەن بىرسىنىڭ دۇسبۇرگ (杜斯堡) ئەتىراپىدا فرانسىيىنىڭ رۇر رايونىنى بېسىۋېلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆمۈر يول پارتلاتقانلىقىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ۋەقە ئىدى. ئۇ

كىشى بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتلىنىپ، 26-ماي (ئارسلان) كۈنىسى ئېتىپ تاشلانغان ئىدى.

خانفىستانگىل، كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار كىلەر ھەپتە كىنىكس (科尼希) مەيدانىغا يىغىلىپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، تاغدا دەم ئېلىش قىلىۋاتقان ھىتلېرنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىپ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىششى لازىملىقىنى ئويلايدۇ. ئۇ دەرھال پويىزغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە چېگرىسىغا جايلاشقان ئىنتايىن مەنزىرىلىك ساناتورىيە يېرى بولغان بېرچتېسگادېن ("ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم") قا بېرىپ ھىتلېرنى تاپىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر ئىسمىنى 'ۋولف' ئەپەندى دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىپ "ئېنلىز داچىسى" (英里茨) دا تۇرىۋاتقان ئىدى. بۇ داچا ئوبېرسالزبېرگ (Obersalzberg 奥贝萨尔斯伯格) دېگەن تار بىر تاغ چوققىسىغا سېلىنغان ئىدى. دەسلىۋىدە ھىتلېر نامايىشقا ھەر تۈرلۈك كىشىلەر قاتنىشىدىغانلىقىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇ نامايىشچىلارغا نۇتۇق سۆزلەشكە بەك قىزىقمايدۇ. ئەمما خانفىستانگىلنىڭ چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسى دەرھال نۇتۇق تېزىسىدىن بىرنى يېزىپ چىقىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، خانفىستانگىل بىلەن بىرگە ئورنىدىن ئايرىلغان ئېكارت غەزنۋىنى باسالماي، ھىتلېر دائىم قامچىسىنى ئوينىتىپ ھەممىلا يەردە يالغان قورقۇتۇپ يۈرىدۇ؛ داچىنىڭ

مۇدىرىنىڭ ئايالى ئالدىدىمۇ ئۆزىنى كۆرستىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. "ھىتلېرنىڭ بۇ تۈر قىلىقلىرى جېنىمغا تەگدى. — دەيدۇ، — مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئادەم راستىنلا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ" دەيدۇ. ئۇ يەنە، ھىتلېر ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر تىللار بىلەن بېرلىننى قارىلاش ئارقىلىق، بۇ ئايال ئالدىدا ئۆزىنى كۆرستىشكە ئۇرۇنماقتا: "... ئۇنىڭ بۇزۇپ-چېچىپ يۈرۈشلىرى، شەھۋانىلىق قىلىشلىرى، تەگسىزلىك قىلىشلىرى، ھەشەمەتلىك قىلىش ۋە يەھۇدىي بايلىقىدىن پايدىلىنىشلىرى مېنىڭ بەكلا جېنىمغا تەگمەكتە. بۇلۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. مەن ھازىر ئۆزەمنى خۇددى تەگرىنىڭ مازارلىقىدا تۇرىۋاتقاندەك، پۇل ئالماشتۇرۇشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ ئەيساسى يېنىدا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن" ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قايناپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھىتلېر شۇ سەۋەپتىن قامچىسىنى ئوينىتىپ يۈرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ قۇتلۇق ۋەزىپىسى بولغان ئەيسانىڭ پايتەختتىكە چۈشكىنىدەك پارىخور چىرىگەن كىشىلەرنى قوغلاپ چىقىرىشتەك ئۆزىگە قۇتلۇق ۋەزىپە يۈكلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدەك ھېس قىلماقتا دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ.

ھىتلېر، ئەتىسى خانفىستانگىل بىلەن بىرگە پويىز ئىستانسىغا بارىدۇ. ھىتلېر ئوبېرسالزبېرگقا كەلگىنىدە "يېقىندا پارتىيە ئورگان گېزىتىمىزنىڭ تەھرىرلىكىدىن قالدۇرۇلغان ئېكارت رەسمى ئۈمىتسىز بىرسىگە، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. - دەيدۇ، — شوپپېنخاۋئېر ئۇنى قاتتىق

گۇمـــانخور تومـــاس (托马斯 Thomase)    قـــلا ئايلانـــدۇرۇپ قويۇپتـــۇ. ئەگەر ســـەن ئۇنـــىڭ ئىنـــق ئـــۇققىلى بولمايـــدىغان بىلجىرلاشـلىرىنى ئاڭلىساڭ، مىنـى نەلەرگە باشـلاپ ماڭمـاقچى بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىسەن. قالتىس يول كۆرسەتكۈچىدە- ئـۇ! كىشـلەرنىڭ ئارزۇسـى بىـلەن غەيرىتىنـى ئازايتىـپ يـوقلا قىلىۋىتىـدۇ! غەيرىتىـدىن ئايرىلغـان خەلـق پۈتـۈنلەي ۋەيـران بولىدۇ! هايات دىگەنلىك، كۈرەش قىلىش دىگەنلىكتۇر."

ئانـــدىن ئـــۇ "غەلـــتە بىـــر رىـــتىم بىـــلەن «لـــوھىنگرىن» ئويۇنىدىكى ئاققۇ ئاهاڭىغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

تىنچلىقچى ئـانتون درىكسلىرمۇ هىتلىرنىـڭ ئوبىرسالزبىرگدا نۇتۇق سۆزلىشىنى خالىمايتتى. هىتلىرنىڭ بارغانسىرى كۈچييـپ كىتىۋاتقـان ئىنقىلابـى قىزغىنلىقـى ئۇلارنىمـۇ نـىمە قىلارىنـى بىلەلـمەس قىلىـپ تەمتىـرىتىپلا قويماقتـا ئىـدى. هىتلىرنـى ئىشـچىلار سـىنىپى ئارىســدا ھەقىقـى سوتسـيالىزمچىلارنىڭ مۇسـتەھكەم ئاساسـىنى قـۇرۇش ئورنىغـا كاپىتالىسـتلار بىـلەن، بايىۋەتچىلەر بىلەن ھەمدە بانكىرلار بىلەن بەكلا ئىچ قويـۇن- تاش قويۇن بولۇپ كىتىشكە قارشى چىققانلارمۇ ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەشـمەكتە ئىـدى. هىتلىرمـۇ پـارتىيە ئىچىـدە يەنە بىـر قىتىملىق خائىنلىق يۈز بىرىشى مۇمكىنلىكىنى، يەنى دەسلىۋىدە هىتلىـر ھەققـدە بەكـلا يـوقىرى ئۈمىـدلەرنى كـۈتكەن، ئـۇنى گىرمانىيىنىڭ يىڭىدىن دۇنياغا كەلگەن داهىيسى دەپ هۆرمەت قىلىپ كەلگەن كىشلەرنىڭ نارازىلىقى بىلەن ئۈمىدسىزلىكىدىن

پەيدا بولغان قايتا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆڭلىدە ھېس قىلماقتا ئىدى.

شۇ يىلى سىنتەبىر (ياچاق) باشلىرىدا، ھىتلېر ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىش شەكلى بىلەن پەسىيپ كېتىۋاتقان ئابرويىنى قايتا تىكلەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ ئىش 1~2-سىنتەبىر (ياچاق) دە نيۇرېمبېرگتا "سېدان ئۇرۇشى" (Sedan 塞丹) خاتىرە كۈنى بولغان "گېرمانىيە كۈنى" نى خاتىرلەش يىغىنىدا بولغان ئىش ئىدى. ئۇ كۈنى، يۈز مىڭدىن ئارتۇق مىللەتچى بۇ قېدىمى شەھەرگە ئېقىن قىلىپ كوچىلاردا نامايىش قىلىپ يۈرۈش قىلماقتا ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ساقچى دائىرىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى پائالىيەت پەيدا قىلغان قىزغىنلىق 1914-يىلىدىن بۇيان پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى" دېيىلگەن. كوچىلارنىڭ ھەممىسىدىلا ناتسىستلار بىلەن باۋارىيە بايراقلىرى بىلەن تولغان، پۈتۈن خەلق "خايىل! — ياشىسۇن!" دەپ توۋلىشىپ يۈرگەن، لۇدېندورف بىلەن نامايىشقا قاتناشقان قىسىملارنى قارشى ئېلىشىپ ئۇلارغا گۈل-چېچەك ئېتىشىۋاتقان بەكلا قىزغىن مەنزىرە بارلىققا كەلگەن ئىدى. "ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان، پاجىئەلىك مۇھىت ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغان، يىمىرىلگەن بۇ خەلق، ئازغىنە بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى كۆرەنگەنىدەك، قۇللىۇقتىن، نامراتلىقتىن ئازاد بولۇشىنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ ئۈمىدىنى ھېس قىلىشىپ ھاياجانلانماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئەنە شۇنداق

ھېسسىياتلارنىڭ چەكلىمىسىز ئەركىن بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئەرلەر، ئاياللار ئۇنى سىلىپ يىغلاشماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى بىسۇۋالالمايلا قالغان ئىدى."

نامايىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ تەرەپتارلىرى ئىدى. ھىتلېر يىغىن ئېچىلىشى بىلەن، سەھنىلەردىن بىرسىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ھىتلېر بۇ قېتىم كىلون () دىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى: ئۇچىسىغا كەيگەن كىيىملىرى ئالاھىدە رەتلىك، چېچىنىمۇ كېلىشتۈرۈپ ياساتقان، پۇتىغا كەيگىنىمۇ ئۇزۇن قونجىلىق ئاياق ئەمەس ئىدى. "بىر قانچە ھەپتىگە قالمايلا ھۇشۇقىمىز قوپىدىغان بولىدى. ـ دەيدۇ ھىتلېر ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن، ـــ بۇگۈن بارلىققا كەلگەن بۇ مەنزىرە دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىدىنمۇ ئۇلۇق بىر مەنزىرە بولىدۇ. بۇ ھەرىكىتىمىز گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا پۈتۈن دۇنيا ئۇچۇن تىكلەنگەن بىر خاتىرە مۇنارىسى بولۇپ قالىدۇ."

ئەتىسى، "گېرمانىيە جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" قۇرۇلىدۇ. مۇنداق قارىماققا بۇ بىر مىللەتچىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر كەشپىياتى ئىدى: ئۇنىڭ كاتىپى شۇبنېر رىچتېر بولۇپ، ھەربى ئىشلار كاتىۋېشى بولغان كىشى ھىتلېرنىڭ يەنە بىر ياردەمچىسى ئىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر ئورگىنىغا روم مەسئۇل بولىدۇ؛ بۇ ئىتتىپاقنىڭ بىر باياناتىنى (فېدېر يېزىپ بەرگەن) خۇددى ھىتلېر ئېيتىپ بەرگەندەكلا قىلاتتى. بۇ

بایاناتتا پارلامېنت تۈزۈمگە، خەلقئارالىق كاپىتالغا، سىنىپى كۈرەشكە، تېنچلىقچىلىققا، ماركسىزمغا ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىمىز دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

نيۇرېمبېرگتا "گېرمانىيە كۈنى" نىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بىلەن "گېرمانىيە جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" نىڭ قۇرۇلغانلىقى، ھىتلېرنىڭ ئاشكارە ھالدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىنى يولغا قويىدىغان سىياسي سەھنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق نامايەن قىلماقتا ئىدى. بۇ تەرىپى ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتمەيلا ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ: ھىتلېر بۇ يېڭى تەشكىلىنىڭ رەسمى سىياسى داھىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ "ھەرىكەت پروگراممىسى" دا باۋارىيە ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىش چاقىرىقى چىقىرىلغان ئىدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، ھىتلېر يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب قوزغاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانمىش. ئەمەلىيەتتە، ھىتلېر راستىنلا مەخسەتلىك تۈردە قىزىللارنىڭ قايتا ھوقۇق تارتىپ ئېلىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. "بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، خۇددى بۇرۇنقى ھەرىكىتىمىزگە ئوخشاش ئىمپېرىيىنىڭ يىمىرىلىشىگە تەييارلىق قىلىشتۇر. شۇنداق بولغىنىدا، كونا دەرەخ غۇلاپ چۈشكىنىدە، يېڭى نوتىلار ياشىرىشقا باشلىيالايدىغان بولىدۇ."

باۋارىيە باش مىنىستىرى ئوۋېن ۋون نىل (欧仁•冯•尼林) مۇ ھىتلېرنىڭ بەزى چاقىرىقلىرىغا ماقۇل بولغاندەك قىلىسىمۇ، ھىتلېرنىڭ ئىسيانچى خەلقنى كۈشكۈرتۈش تاكتىكىسىغا پەقەتلا

چىداپ تۇرالمايتتى. 26-سىنتەبىر (ياچاق) كۈنىسى، نىل (尼林) كابىنىتىدىكىلەرگە ۋەزىيەت بەكلا جىددى بولغاچقا، دەرھال شىتات ھەيئىتىدىن بىرسىنى بەلگىلىشىمىز كېرەك؛ بۇ ئەزا كۆرۈنۈشتە ئىچكى كابىنىتنىڭ باشقۇرۇشىدا ھەرىكەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە "ھوقۇقنى تولۇق ئىشقا سالالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولىشى كېرەك" دەيدۇ. ئۇ يەنە، سابىق باش مىنىستىر كاھىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشىمىز كېرەك دەيدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قانچە مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بىرسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كونسىرۋاتىپ كىنەزلەر گۇروھىدىكىلەر بىلەن كاتولىك چېركاۋلىرىنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ سازاۋەر بىرسى ئىكەنلىكىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

كاھىر، قانۇن-تەرتىپ ئورنىتىش يۈزىسىدىن بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ يولغا قويغان بىرىنچى ھەرىكىتى ئەتىسى ئېچىلماقچى بولغان 14 ناتسىستلار مىتىڭگىنى چەكلەش بۇيرىقىنى چىقىرىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئادولف ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەت بىر تەھدىت قىلىش ھەرىكىتى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر پۇرسەت ھېسابلىناتتى (ئۇ تېخى يېڭىلا شىۋىتسارىيىدىن يېنىپ كەلگەن ئىدى). ئەگەر ئۇ گەپ ئاڭلاپ بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنغىدەك بولسا، بۇ ئىش پۈتۈنلەي يوقۇلۇش بولاتتى. ئەگەر ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىدەك بولسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇھىم سىياسىيوندىن بىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر ۋاقىتتا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئۇلار پارتىيىمىز تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچەيگەن بىر پارتىيە ھېسابلانمايدۇ، شۇڭا ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىشاتتى. ئەمما ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلار ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. "ئەگەر ھازىرغىچە بىرەر ئىش قىلماي ياتىۋەرگىنىمىزدە جەڭچىلەر بىزدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. — دەيدۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ مىيونخېن قىسمىنىڭ پولك كوماندىرى، — ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاق بولىشىنى ساقلايمەن دەيدىكەنمىز، — دەيدۇ شۇبنېر رىچتېر، — چوقۇم بىر ئىش قىلغاچ تۇرىشىمىز كېرەك. بولمىسا تەرەپتارلىرىمىز سولچىل ئاكتىپ كۈچلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن."

رىغبەتلەندۈرۈش بېرىدىغان بۇ تۈردىكى گەپلەر ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ تۈردىكى ھاياجانلىق ھەرىكەتلەر ئۇنى ئىنقىلاب قىلىش يولىغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ مىيونخېن ۋە ھەر تەرەپتىن ھەرىكەتكە قاتنىشىدىغان دوستلىرىنى ئاختۇرۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ھەر تۈرلۈك تەسىرى بار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. مەسلەن، ئۇ ھەربى باشلىقلار بىلەن، سىياسى ئەربابلار بىلەن، سانائەت ساھەسىدىكى كىشىلەر ۋە ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىششقا باشلايدۇ. ئۇ يەنە پارتىيىسىدىكى ئوتتۇرىدا قالغانلار بىلەن تەۋرىنىپ يۈرگەنلەر بىلەن ۋەدە بېرىش،

قورقۇتۇش، چىرايلىق گەپ قىلىش قاتارلىق چاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بۇ ئىشقا جەلىپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ھىتلېر بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز چوقۇم بۇ تۆردىكى كىشىلەر بىلەن كېلىشەلىگىنىمىزدىلا ئاندىن ئۇلارنى ئۆز تەرىپىمىزدە تۇتۇپ تۇرالىشىمىز مۇمكىن."

"ئۇ بىرەر ئىشقا قارار قىلدىمۇ-بولدى، ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. — دەيدۇ ھېلېنە خانفىستانگىل خانىم ئەسلىمىسىدە، — كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلاشقا باشلىشى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىراقلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغا يېقىنلىرىنىڭ دېگىنىگە پەرۋا قىلمايدىغان بىر روھنى كۆرىمەن. خۇددى ئۇنىڭ كاللىسى ئىتىلىپ قالغاندەك، ئۆزىنىڭ پىكرىدىن باشقا ھېچ كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى." شۇ يىلى كۈزدە ئۇنىڭ كۆزىدىكى يىراقلارغا تەلمۈرىدىغان باشقىلارنىڭ دېگىنىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان تۇرقى مەلۇم نەرسىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە مىيونخېن بىلەن بىر سىنىشىپ كۆرۈشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ نىشانى بېرلىن ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىگە ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىچكى سىرى ھېسابلىناتتى. ئوگچىل ھەربى تەرەپ باشلىقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ئۇ پۈتۈن باۋارىيىلىكلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. "بۈگۈن بىزدە ناپالىيوننىڭ دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ بولدى." دەيدۇ بۇ قېتىمقى

يىغىنغا قاتناشقانلاردىن بىرسى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، ــ ئۇ يىغىندا، گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇش چاقىرقى قەلبىمدە جاراڭلىماقتا، بۇ ۋەزىپە چوقۇم بىر كۈنى ماڭا تاپشۇرىلىدۇ، دەيتتى. ئاندىن ئۇ ناپالىيون بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ ناپولىيوننىڭ ئېربا (埃尔巴) ئارىلىدىن پارىژغا قايتىپ كېلىشىنى ئۆزىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ سۆزلىگەن ئىدى.»

## ئالتىنچى باب

# پىۋىخانا ئىسيانى

1923

# (1)

1923 ـ يىلى سىنتەبىر (ياچاق) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، هىتلېر كۆڭلىنى بەكلا پاراكەندە قىلىدىغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ خەتنى "پارتىيىڭلارنىڭ پىشقەدەم ئەزاسىدىن بىرسى، پارتىيىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان بىر پارتىيىلىك" يازغان. بۇ خەتنى يازغان كىشى، داڭلىق يۇلتۇز پالچىسى ئېرسپورت ئېپتىن (埃尔斯伯特•埃伯汀) خانىم تۈزگەن داڭلىق پالچىلىق كالىندارىدا، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئالدىن كۆرۈش يېزىلغانلىقىنى ئېيتقان. "1889 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى تۇغۇلغان مەلۇم بىر سىياسى ھەرىكەتچى، — دەپ يېزىلغان بۇ كىتابتا، — ھەرىكىتىنى ئېھتىيات بىلەن قانات يايدۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك قەتئىي تېزگىنلەش مۇمكىن بولماي قالىدىغان بىر ئېغىر بوھران پەيدا قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ شۇڭا بۇ كىشى ئەستايىدىللىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. كەلگۈسى يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشتا بۇ كىشى داھىلىق رول ئالىدۇ؛ شۇنىڭدەك بۇ كىشى يەنە ئاخىرى نېمىس مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ." دەپ يېزىلغان.

گەرچە پالچى ئايال ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئېيتقان ئادەمنىڭ هىتلېر ئىكەنلىكى ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، ئۇ ئايال ئۇ كۈنىنىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

www.pidaily.biz

يەنى، ئەگەر يېقىنقى كۈنلەردە ھەرىكەتتە بەك ئالدىراخسانلىق قىلىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. يەنە بىر پالچى بولغان ۋىلھېلم ئورف (威廉•乌尔夫 Wilhelm Wulff، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پالچى ھىتلېرنىڭ مەخپىي ساقچىسى ئىچىدە پالچى مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ) مۇ ھىتلېرنىڭ شۇ يىلى كەچ كۈزلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان تەغدىرى ھەققىدە تولۇقلىما پال باققان بولۇپ، ئۇنىڭ پالى قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇمۇ ئوخشاشلا قورقۇنۇچلۇق پال چىقارغان بولۇپ، 1923-يىلى 8~9-نويابىر (ئوغلاق) كۈنلىرى، ئەگەر زوراۋانلىق ھەرىكەت قوللانغىدەك بولغىنىدا ئۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى يوقۇلۇش خاراكتېرلىك ئاپەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تېپىپ چىققان.

پالچىلاردىن كەلگەن بۇ تۆردىكى ئالدىن خەۋەرلەر، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قانچە گېرمانىيە پسىخوئالىزچى دوختۇرلىرى بىلەن پسىخولوگلارمۇ "پسىخىكىلىق پالچىلىق" مەسىلىسىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. تېخى يېقىندىلا، دوكتور ئو. ئا. ھ. شىمىت (施密茨)، بۇ كىشى شۋېتسارىيە روھى كېسەللىكلەر دوختۇرى كارل گوستاپ جيۇڭنىڭ سادىق مورتلىرىدىن بىرسى، پالچىلىق، بەلكىم ئادەم مىجەزى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئېھتىياج بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھىتلېر، ھېلىقى پالچى

www.pidaiy.biz

ئېپپودىنىنىڭ پالىغا بەرگەن باھاسىدا: "پالچى ئايال بىلەن، يۇلتۇز پاللىرى بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم؟" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ھىتلېر بۇنداق پاللارغا مەيلى ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، ئەمما ئۆزىنىڭ تەغدىرى چوقۇم ئۇنى غەلىبىگە يېتەكلەپ بارالايدىغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئىشىنەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، خۇددى ھېلىنە خانفىستانگىلنىڭ دىققىتىنى تارتقىنىدەك، كەسكىن گەپلەردىن باشقا ھېچ قانداق گەپكە قۇلاق سالمايتتى. ھىتلېر، ئېپپورتىن (埃伯汀) نىڭ يۇلتۇز پالچىلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىسىمۇ شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغان ئىدى. ھىتلېر، ۋاگنېرنىڭ يۇرتىدىكى ۋاقتىدا، بېلېيت (白莱特) نىڭ ۋانفورد (万弗里德) داچىسىدىكى ۋاقتىدا، شۇ يەردىكى مەرھۇم ۋاگنېرنىڭ 86 ياشلىق تۇل ئايالى كېشما (科西玛) نى يوقلاپ كىرگەن ئىدى. ۋاگنېرنىڭ ئوغلى پېنگۋېي (品格菲) نىڭ ئېنگىلىز ئايالى ۋېنفلېد ۋاگنېر (威尼弗雷德•瓦格纳) ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىدىكىلەرگە تولۇق قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرنىڭ يوخلاپ كېلىشىنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئۇنىڭ 6 ياشلىق قىزى فرېدرېين (弗莱德莱茵)، باۋارىيە پاسونىدا قىسقا ئىشتان، قېلىن يۇڭ پايپاق، قىزىل-كۆك نەقىشلىق كۆڭلەك، كۆك رەڭلىك ئاجايىپ چاپان كىيىۋالغان ھىتلېرنى كۆرۈپ بەكلا كۈلكىلىك ھېس قىلىدۇ. "ئۇنىڭ ئىككى مەڭىز ئۇستىخىنى ئىگىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان، چىرايى تاتارغان، كۆزىنىڭ كۆكلىكىمۇ بەكلا غەلىتە، مۇنداق قارىغاندا خۇددى

يېرىم ئاچ-يېرىم توق بىرسىگىلا ئوخشايتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر نەرسە، ھاياجانلىق بىر نۇر چاقناپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.»

ھىتلېر بەكلا سۇنئىي قىلىقلارنى چىقىرىشقا باشلايدۇ. مۇزىكا ئۆيى بىلەن كۇتۇپخانا ئۆيىدە خىجىل بولۇپ ئۆزىنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندەك بىر شەكىلدە تەمتىرەپ ئالدى كەينىگە مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇ تەمتىرىگەنلىكىدىن خۇددى بىر چېركاۋغا كىرىپ قالغاندە بەكلا ئېھتىيات قىلىپ مېڭىپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ گۈللۈكتە ۋاگنېرلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە ئويلىغان كەلگۈسى پىلانلىرىنى سۆزلىگەن ۋاقتىدا «رېتىملىق، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئاۋازىمۇ بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ.» كېيىن، بىز ھەممىمىز ھۇزۇر بىلەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان قۇشقاچلاردەك ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان ئىدۇق. ئەمما بىز ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن ھېچ نېمىنى ئۇقالمىدۇق.» ھىتلېر كەتكەندىن كېيىن، ۋاگنېر خانىمى «سىلەر بۇ ئادەمنىڭ چوقۇم بىر كۈنى گېرمانىيىنىڭ قۇتقازغۇچىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدىڭلارمۇ؟» دېگىنىدە، پىنگۇيى (品格菲) ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ بىر ئالدامچى، تۇيۇقسىز بېيىپ كەتكەن بىر بايۋەتچى ھېسابلىناتتى.

ھىتلېر كوچىنىڭ نېرقى تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاجىزلاپ غالتەكلىك ھارۋىغا چۈشۈپ قالغان ياشانغان ھوستون ستويان چىمبىرلىن (豪斯顿•司徒•张伯伦) نى يوقلايدۇ. چىمبىرلىن، ئەنگلىيە

دېڭىز ئارمىيىسى گېنېرال پولكوۋنىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، گېرمان مىللىتى ئەڭ ئېسىل مىللەت ئىكەن دەپ قاراپ گېرمايىنىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان بىرسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق ئەمما بەكلا تىرىككەك بىرسى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى بىردەك دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەدىپلىرىدىن بىرسى دەپ قارىشاتتى. ئۇ بىر ۋاگنېر ھەۋەسكارى ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋاگنېرنىڭ قىزى ئېۋا بىلەن توي قىلغان ئىدى. بۇ ئەنگلىيىلىك ئىرقچى ئالدىن كۆرەر ئادەم ھىتلېردىن شۇنداق قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىكى، شۇ ئاخشىمى "بەكلا خاتىرجەم، بەكلا مېزلىك ئۇخلىيالىغان" لىقىنى، يەنى 1914-يىلى ئاۋغۇست (چايان) تا قاتتىق زەربە يىگىنىدىن بۇيانقى ئەڭ ھۇزۇرلۇق بىر ئۇيقىغا غەرق بولالىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ھىتلېرغا يازغان بىر خېتىدا، "بۇ ئۇشتۇمتۇم ۋەقە مېنىڭ روھى ھالىتىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. گېرمانىيە، تازا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىۋاتقان كۈنلىرىدە ھىتلېر بارلىققا كەلدى. بۇ، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن جانلىنىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى" دەپ يازىدۇ.

چىمبىرلىنىنىڭ بۇ گەپلىرى ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ بەرگەن. يەنى، ئۇ ئۆزىنى تەغدىرنى قولىغا ئالغان بىرسى دەپ قارىدۇ. تەخمىنەن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندە، ھىتلېر بىلەن روسېنبېرگ ۋە خانفىستانگىل ئەر-ئايال تۆتەيلەن باۋارىيىنىڭ تاغلىرى ئىچىدە ماشىنىلىق كېتىۋاتقىنىدا، يولنى قويۇق تۇمان قاپلاپ

كەتكەچكە، ئۇلار ئولتۇرغان قىزىل رەڭلىك مېرسېدېس پىكاۋى بىر ئازگال ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. مىيونخېنغا قايتىشىدا يول بويى ھېچ كىم ئۈن چىقارماي جىمىپ كېتىشىدۇ. ھىتلېر، كېيىن ھېلېنىيىگە "بۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىدە قىلچە ھوُلۇقماي ئولتۇرغانلىقىڭنى سەزدىم. راس، بىزگە ھېچ نەرسە بولمايدۇ، مېنى يارىلاندۇرالمىغان ۋەقە بۇ بىر قېتىملىقلا ئەمەس. مەن ھەر قېتىمدا خەۋپتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۆز پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرلىمەكتىمەن" دەيدۇ.

## (2)

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى نىقاۋى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ۋەزىيەت، يەنە بىر تەرەپتىن ھىتلېرغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بېرلىنغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپمۇ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۆكتەبىر (ئوغۇز) باشلىرىدا، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى بىر ماركىنىڭ قىممىتى بۈگۈن 601430 ماركقا تەڭلىشىپ قالغان ئىدى. بىر تۇخۇمنىڭ باھاسى 1913 ـ يىلقىنىڭ 30 مىليون ھەسسىسگە تەڭلىشىپ قالدۇ. نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردە ھەمدە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تەۋە "جىددى ھالەت پۇلى" نى بېسىشىپ قەرزىنى تۆلەشكە كىرىشىدۇ. ئىمپېرىيە بانكىسى بۇنداق "جىددى ھالەت پۇلى" نى قەتئىي قوبۇل قىلالمايتتى ياكى ئۆزىنىڭ تارقاتقان پۇلى بىلەن ئايرىۋاشلاش ئۆلچىمىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ھۆكۈمەت

دائىرىلىرىنىڭ ئۆز پۇلىنى ئۆزى بېسىپ تارقىتىشىمۇ بىر شاڭخوغا ئايلانغـان ئىـدى: ئـۆتكەن يىلـى دېكـابىر (ئـاراي) دا بېسـىپ تارقاتقان مىڭ مـاركلىق قەغەز پۇلىغـا بۆگـۈن بىـر مىليـارد مـارك دېگەن قىزىل تامغا بېسىلغان ئىدى. باۋارىيە بانكىسى بىر قانچە ھەپـتە ئىلگـىرى تارقاتقـان 500 مىليونلـۇق قەغەز پۇلغىمـۇ 20 مىليارد مارك دېگەن تامغـا بېسـىپ ئۆزگەرتىـدۇ. بـۇ 20 مىليـارد مـارك پۇلغـا ئەسـلىدە 800 دولـلار پـۇل تېگىشـكىلى بولسـىمۇ، ئاسترونومىيىلىك رەقەمدىكى كۆرۈنىشى بەك چىرايلىـق بولمىغـان بۇنـداق بىـر ۋاراق پـۇلنى كۆتـۈرۈپ پـۇل تىگىشـىدىغان يەرگە كەلگىچە، پۇل پاخاللىق دەرىجىسى بويىچە تىگىشىدىغانغا ماقۇل دەيـدىغان بىرەرسـىنى تاپالىغىنىـدىمۇ ئۇنىـڭ قىممىتـى بىـر دوللارغىمـۇ يەتمەيـدىغان نەچـچە سـىنىت دوللارغـا چۈشـۈپ قالاتتى. كىشلەر ھەقىقەتەنمۇ ئېلىشىپلا كەتكەن بولـۇپ، پـۇلى بارلاردىن ھېچ كىم يېنىدا پۇلىنى بىرەر سائەت ساقلاپ تۇتالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەگەر بىرەرسى بانكىغا بارىـدىغان بىر ترامۋايغا ئۈلگىرەلمىدىمۇ ـ بولـدى، ئـۇ كىشـىنىڭ بىـر ئـايلىق مائاش پۇلى ئەسلىدىكىسىنىڭ تۆتتە بىـرىگە، ھەتتـا ئۇنىڭـدىنمۇ ئاز پۇلغا ئايلىنىپ قالاتتى. بادىن (巴登) دا، بىر ياش يېزىغۇچى، ئـامېرىكىلىق مـۇخبىر ئېرناسـت ھېمىڭـ (埃纳斯特•海明威) كە: "مەن رەسـمى بىـر مېھمانخانـا سېتىۋالغىدەك پـۇل يىغقـان ئىـدىم، مانـا ئەنـدى، ئـۇ پۇلۇمغـا ئـارانلا تـۆت شىشـە شامپانىسـكى ئالالايـدىغان بولـدۇم. ... گېرمانىيىدىكى بۇ پـۇل پاخاللىقىنىـڭ پەيـدا قىلىنىشـى ئەسـلىدە

www.pdaiy.biz

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى ئالداشنىلا مەقسەت قىلىپ پەيدا قىلىنماقتا. — دەيدۇ ھېلىقى كۆتكۈچى، — ئەمما بۇنىڭدىن ماڭا نېمە پايدا؟"

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ يۈكى نەق پۇل تۆلەشكە كۈچى يەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە، يەنى ئىشچىلار بىلەن قېرىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. ئىشچىلار ئاچارچىلىق گىرۋىكىدە قىينالماقتا، ياشانغانلار بىر كېچىدىلا قەلەندەر ھالغا چۈشۈپ قالماقتا ئىدى. پېنسىيە پۇلغا تايىنىپ كۈن ئالىدىغان پۇخرالار ياكى پاي چېكى ئۆسۈمى بىلەن ستراخوۋانىيە ئۆسۈمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىدى. ئالتۇن بىلەن قىممىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ كېلىنگەن مارك بىلەن ئاكتسىيە سېتىۋېلىش ئىشلىرىدىمۇ بۈگۈن نەق پۇلغا سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغاچقا، تۆلىنىدىغان قەغەز پۇل تىنماي قىممىتىنى يوقۇتۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار، ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنە شۇنداق ۋەقە بېشىغا كەلگەن جەنۇپلۇق ئائىلىلەرلا بۇنداق پۇل پاخاللىقىنىڭ قانداق بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلەتتى.

بۇ ئىشلاردىن ئەڭ بەك خوشال بولغان كىشىلەر بۇرۇن ئېغىر قەرز ئاستىدا بۇغۇلۇپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەندى قەرزلىرىنى قىلچە قىممىتى يوق بۇ پاخال پۇللارنى تۆلەش بىلەن شۇنچە ئېغىر قەرز رەقەملىرىدىن بەكلا ئاسانلا قۇتۇلۇپ قالماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتىن ئەڭ كۆپ پايدىغا ئېرىشىۋاتقانلار

يەنىلا ئاكتسىيە بازارلىرىدىكى چوڭ غوجايىنلار، هايانكەش ئېلىپ ساتارلار، ھەمدە پۇرسەتنى تېزگىننگە ئالالايدىغان چەتئەللىكلەر بولۇپ، ئۇلار كۆلكىلىك ئەرزان باھالاردا زىبۇ-زىننەت ۋە مۇقىم مۈلۈكلەر سېتىۋېلىشاتتى. ئۇلار بىر قانچە يۈز دوللار خەجلەپلا چوڭ تېپتىكى زاۋۇتلار بىلەن چوڭ-چوڭ بىنا-مېھمان سارايلارنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىۋالاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆنچە-مارجان دېگەندەك ئائىلە مىراسلىرىنىڭ پۇلغىمۇ ئارانلا بىرەر ھەپتىلىك يەيدىغان نەرسە كېلەتتى. بەزى ئىشلارغا ئادەمنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى: بىر ئايال يولدا بىر سېۋەت پۇلنى ئۈنتۈپ قېلىپ كېتىپ قالغان. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئايال پۇلنى ئىستەپ بايىقى يەرگە كەلسە بىرسى ئۇنىڭ سېۋەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇپ، ئەمما پۇلنى يول ياقىسىدىكى پاسكىنا ئېرىققا تۆكىۋەتكەن؛ ھەپتىلىك مائاشى 2 مىليارد بولغان بىر ئىشچى ئارانلا ئائىلىسى بىر كۈن يېگىدەك قۇم چامغۇر سېتىپ ئالالىغان. ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن قانۇن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن نېمىسلاردا ئېتىزلىقلاردىن قۇمچامغۇر ئوغۇرلايدىغان ھادىسىلەر پات-پاتلا پەيدا بولۇپ تۇراتتى (ئۇ كۈنلەردە ئەڭ بازىرى ئىتتىك كىنو فىلىملىرىنى ھەرگىزمۇ نېمىسلار ئۆزلىرى لېنتىغا ئالغان فىلىملەر ھېسابلانمايتتى. ئۇ كۈنلەردە د. ۋ. گىرىفىس (格里菲斯) تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنغان فىلىملەر ئەڭ بەك بازارلىق كىنو فىلىمى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ لېنتىغا ئالغان بىر كىنو فىلىمىنىڭ

ئىسمى «ھايات ـ نېمە دېگەن گۈزەل» دېگەن فىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا نېيىل خامېردۇن (尼尔•汉密尔顿) بىلەن كارۇل دېمىست (卡洛尔•德姆斯特) ئىككىسىنىڭ رول ئېلىشىدىكى كەلگۈسىدە كىچىك بىر پارچە قۇمچامغۇر ئېتىزىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان نېمىس ئەر ـ خوتۇن تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنو فىلىمنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق سەھنىسىدە، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن يېرىم كېچىدە ئوغۇرلۇقچە بېرىپ قۇمچامغۇرلۇقىغا بېرىپ قۇمچامغۇرلىرىنى يىغىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى ھارۇۋىغا قوشۇپ ھارۇۋا سۆرەپ ئورمانلىق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا بىر توپ قاراقچى چىقىپ قۇمچامغۇرلۇرىنى پاك ـ پاكىزە بۇلاپ كېتىشكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ كۈنلەردىكى ئەڭ ياخشى نېمىس كىنو فىلىمى «تىم ـ تاس كوچا» دېگەن كىنو ئىدى. بۇ كىنو فىلىمدا ئاساسلىق رول ئالغان گرېت گابوۋ (格丽泰•嘉宝)، ۋېيىننالىق بىر كاپىتالىستنىڭ قىزى رولىنى ئوينايدۇ. ۋەقەلىكتە ئاكتسىيە بازىرىنى تېزگىنىگە كىرگۈزىۋالغان كىشى جاھاننى مالىماتاڭ قىلىۋېتىپ بۇ ئائىلىنى پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان قەلەندەر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاچقا، بۇ كاپىتالىست ئائىلىسى ئاچارچىلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنونىڭ يەنە بىر سەھنىسىدە كىشىلەر گۆش دۇكىنى ئالدىدا گۆش ئېلىش ئۈچۈن كېچىچە ئۆچۈرەت تۇتۇپ چىققانلىق ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنو فىلىمى قاتتىق غەزەپلەنگەن

www.pidaw.biz

ئاممىنىڭ كىشىلەرنى قاخشىتىپ يۈرۈپ بىيىپ كەتكەن قاسساپقا هۇجۇم قىلغانلىق سەھنىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ).

شۇ يىلى يانۋار (ئوچاق) دىن باشلاپ ھىتلېر پارتىيىسىگە 35 مىڭ نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىدۇ. ئۆكتەبىر (ئوغۇز) نىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ھىتلېر، ئەندى خەلقىمىز بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغاشقا تەييار ھالغا كېلىپ بولدى، دەپ ھېسابلايدۇ. "مېنىڭ غەزەپلىك ئارزۇيۇم، ھەمدە نېمىس خەلقىنىڭ قىزغىنلىقى مېنى ئەنە شۇنىڭغا مەجبۇرلىماقتا. — دەيدۇ ھىتلېر نيۇرېمبېرگ مىتىڭىدە، — ئەندى مەن ھەرىكەت باشلىماقتىن باشقا چارەم قالمىدى." ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەپ ھېچقاچان بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدى. "ھەيران قالىسەن، بۇ ئادەم نۇتقىنى باشلىغىنىدا مەيداندىكىلەر ھەقىقەتەنمۇ تىم-تاس بولۇپ ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا باشلايتتى. — دەپ يازىدۇ، ھىتلېرنىڭ ئەسەبىي مورتىغا ئايلانغان بىر قىز شۇ يىلى ئۆكتەبىر (ئوغۇز) ئېيىدا ئائىلىسىگە يازغان خېتىدە، — پۈتۈن مىتىڭ مەيدانىغا يىغىلغان خەلق نۇتۇقنى ئاڭلىيالماي قالماي دەپ ھەتتا نەپەسمۇ ئالماي ئۇنىڭ نۇتقىنى تىڭشىماقتا ئىدى. مېنىڭچە، ھىتلېر قېرى-ياش، ئەر-ئايال بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىش ئۈچۈن ئۈلارغا ئەپسۇن ئوقىسا كېرەك؟" يەنە بىر ئۇنىڭ نۇتقىدىن مەس بولۇپ كەتكەن بىرسى ھىتلېرنىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىغىدەك ئۇنىڭغا يېقىنلىشالىغان. "بىز ئۈچۈن بۇ ئادەم قۇيۇنتازدەك كېزىپ يۈرىدىغان بىر جاپاكەش راھىپ. ئەمما ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە يېنىپ تۇرغان ئوت يالقۇنىنى

قانداق قىلغاندا يالقۇنجىتىشنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان بىرسى. ئۇ نۇتقىدا مۇنازىرە ئۇسۇلىدىن پايدىلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق مۇنازىرە شەكلى كىشىلەرنى قىساس ئوتى ئىچىدە يالقۇنجىتىش جەھەتتە كارغا كەلمەيدۇ قالىدۇ. ئۇ ئەسەبىلەرچە قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىناتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا قۇلاق پەردىلىرىنى تىترىتىپ پاك قىلىۋەتكىدەك قايتا ـ قايتا تەكرارلاشلار، شۇنىڭدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرەلىگىدەك ئاھاڭ بويىچە رېتىملىك سۆزلەر بىلەن نۇتۇق سۆزلەيتتى. ھىتلېر بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش يولىنى تولۇق ئىگىلىگەن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبى كىشىلەر قەلبىنى كۈچلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالالايتتى، شۇنىڭدەك ئېيتىدائى، ياۋايىلارچە ھاياجان يارىتىش تەسىرىنىمۇ پەيدا قىلالايتتى."

باۋارىيىدە، بۇ تۈردىكى كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىنى ئالىدىغان نۇتۇقلار پەيدا قىلغان كۈچلۈك بېسىم، قولىدا شۇنچە كۆپ مۇستەبىتلەرچە ھوقۇق بولۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، ۋون كاھرنى ئۆز ۋەزىپىسىنى پەقەتلا ئىجرا قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا ئىدى. يوقۇرىدىن ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ توپىلاڭ قىلىشلىرىنى باستۇر دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، باۋارىيىدىكى نۇرغۇنلىغان يېتەكچىلەر ھىتلېرغا سىلىق مۇئامىلە قىل دەپ بېسىم ئىشلىتىپ تۇراتتى. باۋارىيىلىكلەرنىڭ تېنچلىق دېگىنى ئەسلىدە مىللەتچىلىك ۋە كونسېرۋاتىپلارنىڭ تېنچلىقى بولۇپ، ھىتلېرنىڭ بۇنچە قوپال ھەرىكەتلىرىنى، ئۇنىڭ بۇنچە ئېغىر

نۇتۇقلىرىنى نۇرغۇن كىشىلەر تەنقىت قىلىپ كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئۇلارمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش قۇدرەتلىك بىر گېرمانىيە چۈشىنى قىلىشىدىغان، بۇنى تېزىراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئىدى. "بىر قىسىم كىشىلەر ھۆرمەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تۈيغۇلار كىشىلەرنى ئۆزلىكىدىنلا ناتسىستچىلىق يولىغا باشلاپ كېتىپ قالاتتى. — دەيدۇ باۋارىيە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ لىبېرالىست بىر ئەزاسى، — ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، بۇ كىشىلەرمۇ ئەسلىدە راستىنلا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان سەمىمى كىشىلەردىن ئىدى." شۇ سەۋەپتىن، باۋارىيە ساقچى دائىرىلىرى شۇنچە قورساق كۆپكى قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ بۇنچە زوراۋانلىق قىلىشلىرىغا بەك قول ئۇزارتىپ كېتىشمىگەن ئىدى. باۋارىيىنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانى گېنېرال ئوتتو ۋون لوسسوۋ ( Otto von 奥托•冯•洛索夫 Lossow) بېرلىندىن ھىتلېرنى چەكلەش، ئۇنىڭ گېزىتىنى پېچەتلەش بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ قارشى چىقىدۇ. لوسسوۋنىڭ داۋاملىق تۈردە بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنماي كەلگىنى ئۈچۈن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئەمما بۇ ئىش چوڭىيىپ باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىمۇ غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا، باۋارىيە ھۆكۈمىتى بۇ سابىق گېنېرالنى باۋارىيە شىتاتى دۆلەت مۇداپىيە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

www.pdaily.biz

ئەتىسى، باۋارىيىدە تۇرۇشلۇق بارلىق قوشۇنلار بىرلىكتە بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر ھېساپتا پۈتۈن ئارمىيە ئىسيان كۆتەرگەندەك بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. قىسىملار باۋارىيە ھۆكۈمىتىگە قەسەم بېرىپ، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ: "باۋارىيە بىلەن ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قايتىدىن تەڭشەلگەن كۈنىسىلا ئاندىن يوقىرى دەرىجىلىك ئوپېسىرغا بويسۇنۇش پرىنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن" دەپ قەسەم قىلىشىدۇ. بۇ بىر قانۇنلۇق، رەسمى بىر ھەرىكەت بولۇپ، زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلانماي قوزغىغان، ئەمما يەنىلا كەم-كۈستىسىز بىر ئىسيان ھېسابلىناتتى. "بۇنىڭلىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇش چىقمايدۇ. - دەيدۇ باۋارىيە ئىچكى كابېنت ئەزالىرىدىن بىرسى روبېرت مۇرفى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر سۆھبىتىدە، — بۇ دۆلەتنىڭ رولى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا سولغا قېيىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق قېيىپ كېتىشتىن ساقلاش ئىشى بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ يەنىلا باۋارىيىلىكلەرنىڭ بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالماقتا."

ھەيئەت ئەزاسى ۋون كاھىرمۇ ماقالە ئېلان قىلىپ فېدېراتىپ ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ، «مىيونخېن گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بۇ ماقالىسىدا باۋارىيىنىڭ بويرۇققا بويسۇنماسلىقىنى ئاقلاپ كېلىپ، باش مىنىستىر گۇستاۋ ستېرسمان (古斯塔夫•斯特莱斯曼) نىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش چاقىرىقىنى چىقىرىدۇ. ستېرسمان (斯特莱斯曼) بولسا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا، ئەركىنلىك بىلەن

www.pdaily.biz

سىياسىي ھوقۇقىنى چىن قەلبىدىن ئېتىقات قىلىدىغان بىرسى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىمۇ بىر مىللەتچى ئىدى. ئۇ قاتتىق تەنقىتلەپ كېلىپ، پروٗسىيىدە 32 مىڭ نەپەر ماركسىزمچى ھەر خىل مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىگەللەپ ئېلىشقان، "شۇنداق بولغاچقا، مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسەت يۆرگۈزۈش ئىشلىرى پۈتۈنلەي ماركسىزملىق ئۇسۇلدا كېتىۋاتماقتا، يەنى ماركسىزمچىلار شەيئىلەرنىڭ تەبىئى تەرەققىيات قانۇنىغا زىت ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ مەقسىدى قوزغىتىش، كۈشكۈرتۈش ۋە كوچا جېدىلى پەيدا قىلىشتىنلا ئىبارەت. ھازىر تاشقى سىياسەتلەر خەلقئارالىشىش يولىغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە، ئەمما دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلار ھەممىلا يەردە ۋەھىمە تارقىتىپ گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن كۈچلىنىشىگە يول قويماي كەلمەكتە." ئۇنىڭ بۇ تۈر قاراشلىرى بىلەن بۇ گەپلىرى خۇددى ھىتلېرنىڭكىنىڭ ئەينى ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گەرچە ۋېيمار ھۆكۈمىتى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان بولىشىغا قارىماي يەنىلا ئۆز قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ يۈرگەن گېنېرال ۋون لوسسوٗف، بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا "ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا بولىشى ئۈچۈن، يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن ھارۋۇنى يەنە شۇ بۇرۇنقى كالا سۆرەش؛ باۋارىيە بىلەن ئىمپېرىيە بىر-بىرىدىن ئايرىلىش؛ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ، مەملىكەت بويىچە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشنى ئېلان قىلىشلاردىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ" دەيدىغان ئۈچ تۈرلۈك

www.pdfdaily.biz

پەرىزنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ. ھىتلېر بۇ ئۈچ تۈرلۈك پەرەزنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنى، يەنى بېرلىننى ئىگەللەش يولىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىپ چىقىدۇ. باۋارىيىنى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئېھتىمالى ھىتلېرنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر يول ھېسابلىناتتى. چۈنكى باۋارىيە مۇستەقىل بولىۋېلىشى ھامان، شاھزادە رۇبلېپىشت (卢伯莱希特) پادىشاللىقىدىكى مۇنارخىيە ھاكىمىيىتى تىكلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايتتى (ھىتلېرغا تەۋە ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، كاپىتان روم، شاھزادە روبلېپىشت (卢伯莱希特) بىلەن ئىككى قېتىم ھەمكارلىششقا ئۇرۇنغان ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشتا، ئۇ روبلېپىشت (卢伯莱希特) نىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھىتلېر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىق ئورنىتىشىنى يالۋۇرۇپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، شاھزادە “بەك دوستانە بولمىغان” قىياپەتتە قوبۇل قىلمىغان ئىدى. يەنە بىر قېتىمدا، روم شاھزادىگە ھىتلېر، لۇدېندورف ۋە شاھزادە ئۈچى بىرلىشىپ باۋارىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارقىلىق بۇ شتاتنى بازا قىلغان ھالدا ھەر قايسى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شىمالى گېرمانىيىگە قۇراللىق بېسىپ كىرىپ ئىگەللەش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. “ شاھزادە رومغا نېمە دەپ جۆيلۈپ يۈرسەن؟” دېگەن ئىدى دەيدۇ شاھزادىنىڭ سىياسى ئىشلار مەسلىھەتچىسى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ). ئەگەر، باۋارىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلمىسا، دېپوتات ۋون كارل بىلەن گېنېرال

ۋون لوسسوف ئىككىسىنى بىزنىڭ سېپىمىزدا تۇرۇپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىشقا ماقۇل قىلالامسەن؟ دەپ سورايدۇ. روسېنبېرگ بىلەن شۇبنېر رىچتېر بۇنىڭغا جاۋابىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە، 4-نويابىر (ئوغلاق) “گېرمانىيە كۈنى” نى خاتىرلەش كۈنىدە شاھزادە بىلەن كارل ئىككىسى قاچۇرۇپ كېلىنىدۇ. ئاندىن يۈزلەرچە ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر فرېدېرخلون (弗尔德赫仑) زالى ئەتراپىدىكى يوللارنى قامال قىلىۋالىدۇ. بارلىق مۇھىم كىشىلەر زالغا يىغىۋېلىنىدۇ. ئاندىن ھىتلېر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۆۋەندە تۇرغان بۇ ئەسىرلىرىگە “قىزىللار ھاكىمىيىتىگە چەك قويۇش ئۈچۈن، باۋارىيىنىڭ ئىمپېرىيىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا چەك قويۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزىۋالدىم، دەپ جىرايلىقچە ئېلان قىلىدۇ. روسېنبېرگنىڭ دېيىشىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ، “بەكلا سىلىق ۋە بەكلا قىسقا ۋاقىت” ئىچىدە تاماملىنىدىغان بولىدىكەن. شۇڭا كارل بىلەن شاھزادە روبلېيشت (卢伯莱希特) ئىككىسى ھەمكارلاشماقتىن باشقا چارىسى قالمايدىغان بولىدىكەن.

خانفىستانگىل بۇ پىلاننى “خام خىيال” دەپ قارايدۇ. ئۇ، شاھزادىغا قارىتا يولغا قويۇلىدىغان ھەر قانداق بىر ھۇجۇم، چوقۇم قۇرۇغلۇق ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قىساس ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ تالىشىپ تۇرىۋالىدۇ. خانفىستانگىل، بۇنداق بىر ئۇرۇنۇشنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىزلىق بىلەن تولۇلگەن بىر پىلان ئىكەنلىكىنى كۆرستىش بىلەن بىرگە، روسېنبېرگنىڭ شەخسىيىتىگىمۇ بىرمۇنچە ھاقارەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋام

www.pdaily.biz

قىلىپ، ئەگەر ھىتلېر بۇ تۈردىكى بالتىقلىقلارنىڭ ھىلىمىكىرلىرى كەينىدىن كېتىۋەرگىنىدە بۇ پارتىيە چوقۇم بىر كۈنى يوقۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر ئادەم بۇلاش پىلانىنىڭ رەت قىلىنىشىغا قوشۇلماسلىققا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، روسېنبېرگ دېگەن ئىشلارغا دەرھال بىر نېمە دېمەي تۇرىۋالىدۇ (ھىتلېر ئادەتتە ئادەملىرىگە بىر خىل گەپ قىلمايتتى. خۇددى ئۇنىڭ خانفشتانگېلرغا ئېيتقىنىغا ئوخشاش، ئادەم قاچۇرۇش ئىشىدىن ھەر دائىم ۋاز كېچەلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، روسېنبېرگ () بەرىبىر قوزغىلاڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. بۇ ئىش تا "گېرمانىيە كۈنى" گە يېتىپ كەلگىنىدىلا، روسېنبېرگ ئۇ يوللاردا بەكلا كۆپ ھەربى پاتروللار ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا "بۇ سىياسى ئۆزگىرىش پىلانىدىن ۋاز كەچسەك بولغىدەك" دەيدۇ. ھېلېنە خانفستانگىل، ھىتلېرنىڭ مۇنداق بىر ئادىتىنى ئۇزۇندىن بېرى كۈزىتىپ كەلمەكتە ئىدى: ئادەتتە ئەتراپىدىكى مەسلىھەتچىلىرىگە ھېچ نېمىنى ئۇقتۇرماي ئۇلارنى ئاقماق قىلىپ يۈرەتتى. "ئۇ مەلۇم بىر پىلانىنى، قايسى بىر قېتىملىق زىيارەت قىلىشىنى ياكى يېڭىدىن تونۇشقان كىشىلەرگە بەرگەن بىرەر ئىشىنى ھەرگىزمۇ ھەممىگە تەڭ سۆزلەپ يۈرمەيتتى. ھەر خىل پارتىيە ئەزالىرى تۈيۈقسىزلا پۈتۈن ئىشلاردىن خەۋىرى يوقلىقىنى سېزىپ قالدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆپىيۈنچە ۋاقىتلاردا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ پارتىيىنى بىر قول بىلەن باشقۇرۇپ تۇتۇش تاكتىكىسىنىڭ بىر

قىسمى ھېسابلىناتتى"). "بىزنىڭ ئۆيلىشىدىغان ئەڭ ئالدىنقى مەسىلىمىز بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش ئىشى بولىشى كېرەك. — خانىفستانگىل ھىتلېرغا شۇنداق دېگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ، — بىز ئەڭ جىددى ئىشىمىزنى ھەل قىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن، روسېنبېرگ () ئۈچۈن باشقا بىر ۋەزىپە تاپشۇرمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ."

## (3)

بۇ كۈنلەردە، باش مىنىستىر ۋون نېلىن (冯•尼林) غا قاراشلىق باۋارىيە ھۆكۈمىتى كاھر، لوسسوۋ ۋە پولكوۋنىك خانس رىتتېر ۋون سېيسېر (汉斯•里特•冯•赛塞尔 Hans Ritter von Seisser) قاتارلىق ئۈچ نەپەر "ۋون" ئۈنۋانلىق سىياسى كاتىۋاشنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلاردىن سېيسېر دېگىنى باۋارىيە ساقچى باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قابىل ھەم ياش مەسلىھەتچىلەر توپلانغان ئىدى. بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھەممىسىلا ياش كىشىلەر بولۇپ، سېيسېر بۇ مەسلىھەتچىلىرىدىن "ھوقۇقۇمغا كۆز تىكىپ يۈرەرمۇ" دەپ ھەرگىزمۇ ئەنسىرىمەيتتى. قېدىمقى رىم باشقۇرغۇچىلىرى نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاش، ھەقىقەتەنمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا ئوخشايتتى.

گەرچە بۇ ئۈچ نەپەر ئادەم ھەر تۈردىكى كۈچلۈك كونسېرۋاتىپ كىشىلەر بىلەن ئوڭچىل رادىكال كىشىلەرگە

www.pidaiy.biz

ۋەكىللىك قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار، ھىتلېرنىڭ ئىنقىلاب ستىراتىگىيىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئەمەس، شۇڭا ئۇنى مۇۋاپىق دەرىجىدە يىتەكلەش ياكى قانۇن بويىچە چەكلەپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارىشاتتى. 30-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنى، ئۈچ كاتىۋاش ئارىسىدا كۆزقاراش ئوخشىماسلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇ كۈنى، ھىتلېر چېركېس كرونا (济尔卡斯•克罗纳) دا ھاياجان ئىچىگە تولغان مىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىغا مۇنداق دەپ ئاشكارە ئېلان قىلىدۇ: بىز بېرلىنغا يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك! "مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، — دەپ تووۋلايدۇ ھىتلېر، — بېرلىن سارىيى ئۈستىدە قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ رەڭلىك كرىست بايرىقىمىز لەپىلدىگەن كۈنىسلا گېرمانىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولىدۇ! بىز بۈگۈن بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت پىشىپ يېتىلدى دەپ قارايمىز. بىز خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىلەرگە ئوخشاش نېمىس خەلقىگە بولغان بۇ مەسئولىيەتتىن قەتئىي قاچماسلىقىمىز كېرەك. بىز بىر نىيەتتە، بىر خىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك!"

ھىتلېر، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاشلار ئارىسىغا زىددىيەت سالماقچى بولۇپ پولكوۋنىك ۋون سېيسېر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1-نويابىر (ئوغلاق) كۈنى، ھىتلېر بۇ پولكوۋنىك بىلەن بىر مال دوختۇرىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشىدۇ. بۇ مال دوختۇر، "ئوپلان (奥伯兰) ئىتتىپاقى" (جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك — ئۇ.ت) دەپ ئاتالغان، ھەربى قىياپەتتە يۈرىدىغان مىللەتچىلەر تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى

www.pidaiy.biz

ئىدى. ئۇ يەردە ھىتلېر، سىپىسېرنى كارل باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئۈيۈنچىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەننىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا بىر ھەپتە بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش، لوسسوۋ ئىككىسى لۇدېندورف بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلساڭلار دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما سىپىسېر دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن ھەر قانداق بىرسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىمايدىغانلىقىنى، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكى يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن ھېچ قايسى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، گەرچە گېنېراللارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك لۇدېندورفقا قارشى بولغىنى بىلەن، پولكوۋنىك دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولغان ئوفىتسېرلار لۇدېندورفقا مۇئامىلە قىلغىنىدا باشلىقلىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرىشى ناتايىن؛ ئۇلار چوقۇم گېنېرال لۇدېندورف تەرىپىدە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ؛ "بۈگۈن ھەرىكەت قىلىشىنىڭ تازا پەيتى، — دەيدۇ ھىتلېر، — خەلقىمىز بەكلا ئېغىر ئىقتىسادى بېسىم ئاستىدا قالماقتا. ئەگەر بىز دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلانمىغىنىمىزدا، خەلقنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك."

گەرچە سىپىسېر بىلەن كاھر ئىككىسى ناتسىستلارنى بىر دۆۋە "ئەخلەت" تىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇ جەھەتتە پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. 6-نويابىر (ئوغلاق) كۈنى، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاش ھەر قايسى مىللەتچىلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشىدۇ.

بۇ باش قوشۇشتا كاھىر، نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپىمىز، يېڭىدىن مەملىكەتلىك بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش بولىشى كېرەك، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋىيمار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قوشۇلىسىمۇ، ھەممە بىرلىكتە ھەمكارلىق ئاساسىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى، ھەرگىزمۇ بەزى تەشكىلاتلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ھەممە ئۆز خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك دەپ بىرلىككە كېلىدۇ. كاھىر بۇ يەردە ئىسمىنى ئاتاپ كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە دېيىلگەن بەزى تەشكىلاتلار دېگىنىدە ھىتلېرنى كۆزدە تۇتقانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ئىدى. كاھىر يەنە، ئادەتتىكى يوللاردىن پايدىلىنىپ سترېيسمان (斯特莱斯曼) نى تەختتىن چۈشۈرۈشكە بولۇش-بولماسلىقنى ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، "بۇنىڭ ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بىر چارە قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق كېتىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلگىنىدە، كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى بەكلا مۇھىم" دەيدۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن لوسسوۋ سۆز ئالىدۇ. ئۇ، كارلنىڭ تۇتقان يولىنى، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر قوزغىلاڭنى قۇراللىق باستۇرۇش كېرەك دېگىنىنى قەتئىي قوللايمەن دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ. "ئەگەر مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلىسەك، مەن ئوڭچى بىر ھۆكۈمەت تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. — دەيدۇ بۇ گېنېرال. يەنى، ئەگەر بۇ ھەرىكەتنىڭ

مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇش ئېھتىمالى يۈزدە 51 لا بولىدىكەن، بۇ ھەركەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ــ شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى پاراكەندىچىلىكنى قوزغىلاڭغا ئايلاندۇرۇش شەكلى بىلەنلا قوزغايدىغان بولىدىكەنمىز، بۇ ھەرىكىتىمىز بىرەر ھەپتىگە قالمايلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنداق ئىش بولسا مېنى بۇ ئىشتا يوق ھېساپلاۋېرىڭلار" دەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇ پولكوۋنىك ۋون سېيسېردىن "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" بىلەن نوقتىلىق ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، يەنى بۇ جەھەتتە بىرەر ئىش قىلىپ تۇرۇش كېرەك دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، ھىتلېر، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن شۇبنېر رىچتېرنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن باش قوشىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە كېلەر يەكشەنبە (پازار)، يەنى 11ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز دەپ كېلىشىدۇ. بۇ كۈننى ھەرىكەت باشلىنىش كۈنى قىلىپ تاللىۋېلىشىدا مۇنداق تارىخى ۋە رىيال ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى: ئۇ كۈنى، گېرمانىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنىڭ 5 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇ كۈن يەكشەنبە (پازار) كۈنى بولغاچقا، بارلىق مەمۇرى ئىشخانىلار دەم ئېلىشتا بولۇپ، قۇراللىق ساقچى ـ پاتروللارمۇ بەكلا ئاز بولاتتى. شەھەر ئىچىدىكى قاتناشمۇ يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى سەۋەبلىك بىر قەدەر راھەت بولىدىغانلىقى

www.pidaiy.biz

ئۇچۇن، ئىس-ئاچلار توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىيەلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، بۇ سۈيىقەستچىلەر يەنە بىر قېتىم باش قوشۇش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قېتىمقى باش قوشۇش يىغىنىغا "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" نىڭ ياشانغان يىتەكچىسىمۇ قاتنىشىدۇ. شۇ قېتىمقى باش قوشۇش يىغىنىغا لۇدېندورفمۇ قاتناشقان بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ يىغىلىشقا قاتناشقانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يىغىلىشقا ھىتلېر، گېورىڭ ۋە شۇبنېر رىچتېر قاتارلىقلار چوقۇم قاتنىشىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى پۈتتۈرىدۇ: ئۇلار باۋارىيىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم شەھەرلىرىنىڭ پويىز ئىستانسىلىرىنى، پوچتا ئىدارىلىرىنى، تېلېگراف ئىدارىلىرىنى، رادىئو ئىستانسىلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك جامائەت ئورۇنلىرى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىنى ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنى ئىگەللەش؛ كوممۇنىست ۋە سوتسىيالىست رەھبەرلەرنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كاتىۋاشلىرىنى ھەمدە ماگىزىن مەسئۇللىرىنى قولغا ئېلىش قاتارلىق قارارلارنى ئېلىشىدۇ. ميونخېندا بولسا، ھىتلېر ئۆستۈنلۈكتە بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2 مىڭ 600 قۇراللىق ساقچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان 4 مىڭ نەپەر قۇراللىق قوزغىلاڭچى كۈچى بار ئىدى.

شۇ ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشمەيلا ھىتلېر ئىككىنچى قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يىغىنغا يەنە بۇرۇنقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى پونار (波纳) بىلەن ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى ۋىلھېلم فلىك (威廉•弗里克) مۇ قاتنىشىدۇ. فلىك (弗里克) ھازىرمۇ ساقچى ئىدارىسىدا ۋەزىپىسى بار بولۇپ، ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى يوشۇرۇنچە قوغداپ يۈرەتتى. بۇ سۈيىقەستچىلەر يېڭى بىر ۋەزىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىشىدۇ. بۇ تۈر يېڭى ۋەزىيەت، ئۇلارنىڭ بۇرۇن تۈزگەن پىلانلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەسلىدە، كومىنتېرن ئەزاسى كاھر، تۇيۇقسىزلا ئەتىسى كەچتە بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا "ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىش" ھەققىدە ئاممىۋى يىغىن چاقىرىش ئۇختۇرۇشى تارقاتقان ئىدى. بۇ مىتىنگنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەقسىدى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشتەك قىلغىنى بىلەن، بىر ئېھتىمالدا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئادەملىرى بىلەن، ھەربى قوماندانلار ۋە شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئېھتىمالىنى تۇساشنى ئاساسى مەقسەت قىلماقچى ئىدى. بۇ مىتىنگكە ھىتلېرنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقى، چوقۇم بىر ھىيلە بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. بەلكىم، بۇ ئۈچ سىياسى كاتىۋاش باۋارىيىنى بېرلىندىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىپ، ۋىتېرسباخ (维特尔斯巴赫) خانىدانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ پىلانلاۋاتقان بولۇشىمۇ ئېھتىمال ئىدى.

ھىتلېر، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بىر پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن دەپ قاتتىق تۇرۇپ مۇنازىرە قىلىدۇ. ئۇ،

www.pidaiy.biz

مىتتىنگ كۆنسى ئۈچ سىياسى كاتىۋاش، مىنىستىر ۋون نىل ()، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ قالغان مۇھىم ئەزالىرى بىرلا سەھنە ئۈستىدە يىغىلىدۇ. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن بۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىراقلا يىغىپ بىر ئۆيگە قامىۋېلىپ بىزنىڭ دېگىنىمىزگە، يەنى بىرلىكتە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنمايمىز؟ ياكى بولمىسا، ئۇلار باش تولغاپ تۇرىۋالغىدەك قىلسا ئۇلارنى بىراقلا قاماپ قويالايمىزغۇ؟ ئېنىقكى، ھىتلېر ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرمەكتە ئىدى. ھىتلېر شۇنى ئېنىق ھېس قىلاتتىكى، ئەگەر بۇ ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاشنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىگىنىدە، ئۇنىڭ قوزغىماقچى بولىۋاتقان قوزغىلىڭى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىتلېر باۋارىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش خىيالىدا ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدى، شىددەتلىك بىر ھەرىكەت قوزغاش ئارقىلىق باۋارىيە خەلقىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، شۇ ئارقىلىق بېرلىن دائىرىلىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغان كۈچىنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا ئويلايتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆزلەيدىغان ئۇنچە تولۇق بىرەر ھەرىكەت پروگراممىسىمۇ يوق بولۇپ، بىر قېتىم تەلەي سىناش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشنىلا ئويلايتتى.

ئەمما ھىتلېرنىڭ قالغان شېرىكلىرى بۇنداق تەۋەككۈل قىلىش پىلانىغا پەقەتلا قوشۇلمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يىغىن مۇنازىرىسى بىر قانچە سائەت داۋام قىلىدۇ. ھىتلېر دېگىنىدە

www.pidaiy.biz

قەتئىي چەك تۇردۇ. شۇنداق قىلىپ، 8-نويابىر (ئوغلاق) تاڭغا يېقىن سائەت ئۈچ بولغاندا، كۆپچىلىك مىڭ تەستە ھىتلېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇ: ئەڭ كىچىككەندىمۇ بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى سەھەرنىڭ سوغۇقىدا غايىپ بولىشى ھامان شىرىنا (施勃纳) خىزمەتچىسىگە مۇھىم نەشرىيات ئەپكارلىرىغا يېزىلغان بىر مۇنچە خەتنى تاپشۇرۇپ، ئىشخانىلار ئىشقا چۈششى ھامان ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇشنى جىكىلەيدۇ.

ئەتىسى، ھاۋا سۆڭەكتىن ئۆتكەندەك سوغۇق بولۇپ، بىر ياندىن شىۋىرغان بار ئىدى. ئۇ يىلى، باۋارىيە شۇنداق زىمىستان سوغۇق بولۇپ كەتكەنكى، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلار قار شىۋىرغان ئىچىدە قالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم كۈن بولغان بۇ كۈنلەردە باش ئاغرىقىغا قوشۇلۇپ چىش ئاغرىقىمۇ مىڭىسىگە چىققان ئىدى. ھەمرالىرى ئۇنى دەرھال دوختۇرغا كۆرۈن دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، “ياق، بۇنىڭغا ۋاقتىم يوق، پۈتۈن ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئىنقىلاب بورىنى ئالدىمىزدا” دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. خانفىستانگىل ئۇنىڭدىن “ئەگەر ئاغرىقىڭ ئېغىرلىشىپ كەتسە ئىشلىرىمىزنى قانداق قىلىمىز؟” دەپ سورايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا: “ئەگەر راستىنلا ئاغرىقىم كۈچىيىپ كەتكەندەك قىلسا ياكى ئۆلۈپ كەتسەم، يۇلتۇزۇپ

www.pjdaily.biz

ئۆچكەن، كۇنۇممۇ ئاخىرلاشقان دېگەن گەپ. ئۇ كۇنلەردە ۋەزىيەمنىڭمۇ ئاخىرى كەلگەن بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

چۈشكە يېقىنلاشقىنىدا، ھەرىكەت تەييارلىقىغا ئۆتۈلگىلار دەپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ بەزىلىرىگە تېلېفوندا، بەزىلىرىگە يېزىق شەكلىدە بۇيرۇق چۈشىرىلىدۇ. يەنە بەزىلىرىگە ئادەم ئەۋەرتىپ بۇيرۇق يەتكۈزۈلىدۇ. بۇيرۇقتا ھەرىكەت تەييارلىقى باشلانسۇن دېگەندىن باشقا ھېچقانداق بىر تەپسىلات ياكى ئىزاھات بېرىلمىگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىتلېرنىڭ نۇرغۇنلىغان يېقىن كىشىلىرىمۇ پىلاندا ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز، بۇرۇنقى پىلان بويىچە تەييارلىنىپ يۈرۈشەتتى. چۈش بولغاندا، روسېنبېرگ) ئۇچىسىغا قېنىق بىنەپشە رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، بوينىغا قىزىل گالۇستۇك تاقىۋالغان ئىدى)، يېڭىدىن بوياپ ھاكلانغان چاققان ئىشخانىسىدا خانفىستانگىل بىلەن شۇ كۇنكى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنى مۇزاكىرە قىلىشماقتا ئىدى. بۇ گېزىت بىرىنچى بېتىنىڭ پادىۋال ئۈستىگە پروسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ روسىيە تەرەپتە تۇرۇپ ناپالىيونغا قارشى تۇرگىن (托洛根) قەلئەسى ئۇدۇلىدا تۇرغان گېنېرالنىڭ رەسىمى بېسىلغان ئىدى. رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە "جىددى ئەھۋال مەزگىلىدە يەنە بىر يوۋك (约克) گېنېرالنى تاپالارمەنمۇ؟" دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ ئىككى ئادەم، يەنى خانفشتانگېر بىلەن روسېنبېرگ بىر-بىرسىنى دېگەندەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، يەنىلا بىرلىكتە ئولتۇرۇپ بۇ رەسىم پەيدا قىلىشى ئېھتىمال بولغان تەسىر

ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلار بىرسىنىڭ ئاياق تاۋۇشى بىلەن ئۇنى پۈتكىدەك ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ: "گېورىگ نەدە يۈرىدۇ؟" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئىشىكنى قاتتىق ئىتتىرىپ ھىتلېر كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ھەربىي پەلتو، بېشىغا كەمەر بىلەن چىڭ باغلىغان، قولىدا قامچا بار ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى روھىي غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيگە ئېتىلغاندەك كىرىپ كەلگەن ئىدى.

"بۇ ئىشنى قەتئىي سىر تۇتۇپ ھېچ كىمگە دېمەسلىك ئۈچۈن قەسەم قىلىڭلار. دەيدۇ ھىتلېر ئالدىرىغىنىچە، ــ ۋاقىت كەلدى. بۇ ئاخشام ھەرىكەت باشلايمىز!" ئۇ يەنە بۇ ئىككىسىگە ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. "يان قۇراللىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، سائەت 7 دە پىۋىخانا سىرتىدا كۆرۈشەيلى" دەيدۇ. بۇ گەپتىن كېيىن خانفستانگىل ئالدىراش ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا ئوغلى ئېگوننى ئېلىپ تېخى يېڭىلا يېزىدا سالغان داچىسىغا بېرىۋېلىشىنى جېكىلەيدۇ. ئاندىن نىكبۇكا (尼卡博卡) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇخبىرلارغا ھەر قانچە جىددى ئىشىڭلار بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ بۇ ئاخشامقى مىتىڭگنى قاچۇرماڭلار دەپ خەۋەرلەندۈرىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ھىتلېر ھاياجىنى خېلى بېسىققان، خوك (赫克) قەھۋىخانىسىدا ئولتۇرۇپ كونا دوستى، فوتو رەسىمچى ھېينرىچ خوفمان بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھىتلېر، بۇگۈن خۇددى باشقا كۈنلەردىكىدەك ئادەتتىكىچىلا بىر كۈن بولىدىغاندەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز، ئورنىدىن تۇرۇپ، سېرىق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ھېسنى يوخلاپ كەلمەيلىمۇ دەيدۇ. ھېسنىڭ ئۆيىدە خوفماننى تالادا كۈتۈپ تۇر دەپ چىقىرىۋېتىپ. ھېسغا، "بۈگۈن ئاخشام مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغايمىز، شۇڭا ياردىمىڭگە مۇھتاجمەن" دەپ پىلاننى ئاشكارىلايدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى سائەت نەق 9 بولغاندا، ھېس قولىدا بىر بايراق، لوۋېنبىراۋ (罗文布劳) پىۋىخانىسىنىڭ سەھنىسىگە ئېتىلغىنىچە چىقىپ، بىز ناتسيونال نىمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى بۈگۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب قوزغايمىز، دەپ ئېلان قىلىدىغانلىغا كېلىشىدۇ. شۇ ئاخشىمى ئۇ زالدا مىللەتچىلەر مىتىنگى ئېچىلماقچى ئىدى.

ھىتلېر ئۆيىدىن چىقىپ خوفمانغا، ئېيىس بۈگۈن خېلىلا تۈزۈلۈپ قاپتۇ، دەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى شىلىن (施林) كوچىسىدا قىلچە مەقسەتسىز بىر مەزگىل ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن گېورېڭ كېلىپ قوشۇلىدۇ. ھىتلېر ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ بىر ھازا سۆزلىشىدۇ. ئاندىن خوفماننىڭ يېنىغا كېلىپ چىشىم بەكلا ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەرھال ئۆيگە قايتمىسام بولمىغىدەك دەيدۇ. بۇ چاغدا خوفمان ھېچ نىمىنى ئۇقالماي گاڭگىرىغىنىچە بۇ ئاخشام سىلەر زادى نېمە ئىش قىلماقچىسىلەر، دەپ ھىتلېردىن سورايدۇ. ھىتلېر رەسمى تۈردە "مەن بەك ئالدىراشمەن. بۈگۈن بەكلا ئالدىراش بىر ئىش چىقىپ قالدى" دەپ ئۇنىڭدىن

www.pjdaily.biz

ئايرىلىپ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزى بىناسىغا قايتىپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر ــ ئېس-ئاچىلار ئىش كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ مەيدىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ بەلدىن باغلىنىدىغان كۆلرەڭ كاۋانكا، كرېست بەلگىلىك يەڭلىك، كۆلرەڭ چاڭقىيچىلار شەپكىسى ھەمدە يان قۇرال ئاسىدىغان تاسمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ھۇجۇمچىلار ئەترىتى، يەنى ئېس-ئاچىلار فورمىلىرىنى كىيىشىدۇ. ئۇلار يىغىلىش نوقتىسىغا بېرىش ئۈچۈن تەييار ھالغا كېلىدۇ. ئىككىنچى روتىدىن كارل كېنسلېر (卡尔•凯斯勒) يولىيورۇق بويىچە ئاسبۇرگ (阿兹伯格) پىۋىخانىسىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغان؛ موزدوز يوسىف رىچتېر (约瑟夫•里希特) بولسا خوفبىراۋ (霍夫布劳) غا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. "ئوۋبران (奥贝兰) ئىتتىپاقى" (جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى بولىشى كېرەك ــ ئۇ.ت) نىڭ ئەزالىرىمۇ تەييار ئىدى. ئۇلار كرېست بەلگىلىك يەڭلىك ئورنىغا نىپىز قار ماسكىسى تاقىغان بولۇپ، ھەممىسىلا مىس قالپاقلىق ئىدى. ئەڭ مۇھىم بولغان قىسىم، يەنى فيۇرېرنىڭ يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بولسا توبىراۋ (托布劳) دا يىغىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كوماندىرى ئاغزىدىن موخوركىسىنى چۈشۈرمەي چىشلەپ يۈرىدىغان بىرسى بولۇپ، قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئەسكەرلىرىنى ئۇچۇغداشقا كىرىشىدۇ: "قايسىڭ چىن قەلبىڭدىن ساداقەت كۆرسەتمەيدىكەنسەن، دەرھال يوقۇلۇش! ــ دەيدۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ــ بۇ ئاخشام بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا ھەر

www.bilday.biz

قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، سىلەرنىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپەڭلار ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش! بىز بۈگۈن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز!"

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، پىكاپتىن بىرسى شۇبنېر رىچتېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ماشىنىدىن لودىندورۇف چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇبنېر رىچتېر بىلەن بىر قانچە مىنۇت سۆزلىشىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، رىچتېرمۇ خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە ماشىنىلىق ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىدۇ. "خانسىر (汉斯尔)، —دەيدۇ شىرىنا رېشىد شوپۇرىغا، — ئەگەر بۈگۈن ئىشلار كۈتكىنىمىزدەك بولماي قالسا، ئەتە ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تۈرمىدە كۆرىمىز،" ئۇلار پارتىيە باش شىتابىدا ھىتلېر بىلەن پارتىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنى ئۇچۇرتىدۇ. بىر ھازا تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر ئىككى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولغا چىققان ۋاقىت كەچ سائەت 8 ئەتىراپى ئىدى. ئۇ پىۋىخانا ئىسار دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا بىر يەردە بولۇپ، ميونخېن شەھەر مەركىزىدىن يېرىم چاقىرىمدەك يىراقلىقتا ئىدى. بۇ بىنا رەتسىز سېلىنغان بىر بىنا بولۇپ، ئىككى يېنىدا بىرەردىن كىچىك باغچىسى بار بىر يەر ئىدى. بىنا ئىچىدە بىر مۇنچە رېستۇرانت ۋە قاۋاقخانا بار ئىدى. ئاساسلىق زالنىڭ چوڭلۇقى شەھەر ئىچىدىكى "چىكاس" (济卡斯)، "كرونا" (克罗纳) دىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ھېسابلىناتتى. زال ئىچىدە نۇرغۇنلىغان

مەزمۇت يۇمۇلاق شەكىللىك ياغاچ ئۇستەللەر تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، 3 مىڭ كىشى سىغىدىغان بىر زال ئىدى. ئەمەلدارلار بىرەر چاتاق يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى پەرەز قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىنى قالايماقانچىلىق چىقارتقۇزماسلىق ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىن 125 نەپەر ساقچى كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىغا بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خېلى كۆپ ساندا ئوفىتسېرلارنى ئارلاشتۇرۇپ ئولتارغۇزىۋەتكەن ئىدى. ئەگەر بىرەر جىددىي ۋەقە يۈز بەرگىدەكلا قىلىدىكەن، چارەك چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھەربى گازارمىدا كۆك فورمىلىق شىتاتلىق ساقچىلارنىمۇ تەل قىلىپ قويغان ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ماشىنىلىرى ئىسار دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇ ياققا قاراپ يولغا چىققان ۋاقىتلاردا يىغىن زالىنىڭ ئىشىكى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇھىم كىشىلەردىن باشقا ھېچ كىمنى ئىچىگە ئالمايتتى. بارلىق ئورۇنلار ئىگەللىنىپ بولۇنغاچقا، خانىفىستانگىل باشلاپ كەلگەن بىر مۇنچە چەتئەللىك مۇخبىرلارنى زالغا كىرگۈزەلمەي قالدۇ. سائەت 8 دىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە، ھىتلېرنىڭ قىزىل رەڭلىك مېرسېدېس ماركىلىق پىكاۋى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان شۇبنېر رىچتېرنىڭ پىكاۋى پىۋىخانىنىڭ تۈۋىگىلا كېلىپ قالدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بۇنىڭدىن ھىتلېر بەكلا ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ماشىنا ئەترىتى بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن بۇسۇپ ئۆتۈپ كېتەلىشى

مۇمكىنمــۇ؟ ئىككــى پىكــاپ دەرۋازىغــا قــاراپ ئاســتا ـ ئاســتا سىرىلىشكە باشلايدۇ. بۇ ئىشىك بىر مۇنچە ساقچى تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتقان ئىدى. ھىتلېر، كەينىدىن يېتىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ساقچىلارغا بۇ يەرنى بوشىتىشلار دەيدۇ. ئاندىن يېنىدىكى ئادەملىرى بىلەن بىرگە پىۋىخانا زالىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىدۇ. ئىشىككە ھېسنى پوسقا قويۇپ قويىدۇ. ئىچىدە گەپ تالىشىپ قالغاچقا، ھىتلېر ئىچىگە كىرىشى ھامان ئىشىكلەر ئېتىۋېتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخبىرنى يىتىلەپ كەلگەن خانفىستانگىلمۇ ئىشىكتىن كىرەلمەي سىرتتا قالىدۇ. ئۇ، "ئەگەر سىلەر چەتئەللىك مۇخبىرلارنى كىرگۈزمەيدىغان بولىدىكەنسىلەر، چوقۇم بىر چاتاق چىقىدۇ" دەپ ساقچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارغا يول ئاچتۇرغان ئادەم، ئاغزىغا گېرمانىيىدە ئاز تېپىلىدىغان ئامېرىكا تاماكىسىنى قىستۇرىۋالغان ئامېرىكىلىق مۇخبىرنىڭ ئۆزى بولىدۇ. زال ئىچىدە مېھمانلار ئولتۇرىدىغان يەردىكى بىر تۈۋرۈك يېنىدا تۇرغان ھىتلېر، سەھنە ئەتراپىدىكى مغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆزىتىشكە كىرىشكەن ئىدى. سەھنىدە، كاھر نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ زىرىكىشلىك بىر خىللا ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى. كاھر، ماركسىزمنى تەنقىتلەپ كېلىپ، گېرمانىيىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن كىشىلەرگە چاقىرىق قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى پىشقەدەم بىر ئوقۇتقۇچىغىلا ئوخشاپ كېتەتتى. گويا ئۇ نۇتۇق ئەمەس دەرس سۆزلەۋاتقاندەكلا سۆزلىمەكتە ئىدى.

زالدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىنىچ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا، ئارىلاپ پىۋا بىلەن زىرىكىشىنى باستۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى.

خانفىستانگىل، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ھىتلېرمۇ خەققە ئوخشاش پىۋا ئىچكەچ ئولتۇرغان بولسىمىغۇ كاشكى، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ كۈتكۈچى بوتكىسىدىن دەرھال 3 مىليارد ماركقا 3 شىشە پىۋە سېتىۋالىدۇ. ھىتلېر قوڭغۇر كىيىملىك ئادەملىرىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەچ پوتولكىسىدىن يۇتۇملام قوياتتى. ئېس-ئاچىلار بىلەن لىق تولغان قارا ماشىنىمۇ پىۋىخانا سىرتىدا ھەرىكەتكە تەييار كۈتۈپ تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلار سائەت سەككىز يېرىم بولىشى ھامان ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرىشاتتى. مىس قالپاقلىق قوغدىغۇچىلار ئەتىرىتىدىكىلەرمۇ ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ، ئەسلىدە ھەرىكەت باشلاش سىگنالى ئىدى. ئاپتوموبىللار تولۇق بوشاپ، قۇراللىق ناتسىستلار بۇ بىنانى قاتمۇ-قات قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. سان جەھەتتە بەكلا ئاز ساقچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۈن چىقارماي جىمىپ قېلىشىدۇ. ئۇلار سىياسى كۈرەش ئۈچۈن قىلچە تەييارلىقى بولمىغاچقا، جىم تۇرۇپ بېرىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

گىيورىڭ يىتەكچىلىكىدىكى قوغدىغۇچىلار ئەتىرىتىدىكىلەر قاتىرىغا ئېتىلىدىغان تاپانچىلىرىنى تۇتقىنىچە بىناغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. ھىتلېرنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۇلرىچ گراف قوغدىغۇچىلار ئەتىرىتىدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ كىيىم ساقلاش بۆلۈمىدە

www.pidaw.biz

تۇرغـان ئـىدى. شـۇڭا ئۇمـۇ دەرھـال ھىتلېرغـا يېقىنلىششـقا باشـلايدۇ. ھىتلېـر ئۇچىسـىدىكى ھەربـى پەلتوسـىنى سـېلىپ تاشـلاپ بـاۋارىيىلىكلەر پاسـونىدىكى ئـۇزۇن قويرۇقلـۇق قـارا پەرىجىسى بىلەنلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گـراف دەرھـال ھىتلېرنىـڭ قۇلىقىغـا بىـر نـېمىلەر دەپ پىچىرلايـدۇ. يېنىـدا تۇرغانلارنىـڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خۇددى خېرىـدارنىڭ ئاشخانا غوجايىنىـدىن ياخشىراق بىر ئورۇن تەلەپ قىلغىنىدەك بىـر مەنزىـرە ئـىدى بۇ. 20 دەك سـاقچى يـولنى توسـۇۋالىدۇ. قوغـدىغۇچىلار ئەترىتىنىـڭ كوماندىرى "يـولنى بوشـات! نېرىغـا ئۆتـۈش!" دەپ ۋارقىرايـدۇ. سـاقچىلارمۇ راھىشـلىق بىـلەن كەيـنىگە بـۇرۇلغىنىچە، خـۇددى ئامېرىكـا سـاقچى كەسىپداشـلىرىنىڭ ھەرىكـىتىگە ئوخشـىتىپ رەتلىك قەدەملەر بىلەن ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىدۇ.

ھىتلېر قولىدىكى پىۋا قۇتىسىنى بىر چەتكە قويۇپ، يېنىـدىن برانـــدىن (勃朗宁) تاپانچىســـىنى چىقىرىـــدۇ. ھۇجـــۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ "خايل ھىتلېر! ــ ياشىسۇن ھىتلېـر!" دەپ توۋلاشلىرى ئىچىدە، بۇرۇن قاسساپلىق قىلغـان گـراف، شـۇبنېر رىچتېر (ئۇنىڭ يىراقنى كۆرمەس كۆزلىرى ئىس-تۈتەككە تولغان زالـدا بىـر تەرەپـكە قېيىـپلا قالغـان ئـىدى)، ئۇنىـڭ سـادىق خىزمەتچىسـى بىـــلەن خـــارۋارد ئۇنىۋېرســـىتىنى پۈتتـــۈرگەن سـتۇدېنت خانفىســـتانگىل، بـــۇرۇنقى ســـاقچى ئىدارىســـىدا ئىشـپىيونلۇق قىلىـپ بەرگەن، ھـازىر سـودا شـىركىتى مـۇدىرى بولغـــان مـــېكس ئامـــان ۋە شـــۇنىڭدەك سىياســـى جـــوغراپىيە پاكولتېتىنىڭ ستۇدېنتى، كۈچلۈك خىيالپەرەس رۇدولـف ھـېس

قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ زالغا كىرىپ كېلىدۇ. ھەر تۈرلۈك كېيىنگەن بۇ نوچىلار قولدىكى قۇراللىرىنى شىلتىغىنىچە كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ نۇتۇق سەھنىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يول ئاچىدۇ. بۇ چاغدا، قوڭۇر كۆڭلەكلىك پارتىيىلىكلەر چىقىش ئىشىكلىرىنى قامال قىلىۋېلىشىدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى پىلىموتلارنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قارىتىپ تىكلەپ تەق قىلىشىدۇ. بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە بىر مۇنچە ئۈستەللەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، قايسى بىر كابىنىت ئەزاسى ئۆزىنى ئۈستەل ئاستىغا ئېتىپ يوشۇرىنىۋالغان ئىدى. بەزى كابىنىت ئەزالىرى قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ چىقىش ئىشىكى تەرەپكە ئېقىن قىلىشىدۇ. ئەمما ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەردىنمۇ قايتىشىدۇ. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر تاياق يەيدۇ ياكى يەرگە بېسىۋېلىنىپ باش كۆزىگە ئۇرۇپ تېپىپ ياتقۇزىۋېتىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ يولىنى بىر قىسىم كىشىلەر توسىۋالىدۇ. بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە، ھىتلېر بىر ئۈستەلگە چىقىۋېلىپ تاپانچىسىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرايدۇ: "تىنچ! تىنچلىنىڭلار!" شۇنىڭغا قارىماي قالايماقانچىلىق داۋام قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ شىپقا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقىرىدۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىشىلەر قورقىنىدىن ئۈنىنىمۇ چىقارماي جىمىپ قالىدۇ. ھىتلېر: "مىللىي سوتسىيالىزم ئىنقىلابى پارتىلىدى! زال پۈتۈنلەي قورشاۋ ئاستىدا! زالدىن ھېچ كىمنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت يوق!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ھىتلېرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

بەزىلەر ئۇنى رەسمى ئېلىشىپتۇ دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياق، ئۇ ئېغىر مەس، دېيىشەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇ مەنزىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارغا، قولىغا تاپانچا ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان بۇ ئىنقىلابچىنىڭ ئۇچىسىدىكى سەھەرلىك كېيىم ئۇنىڭغا پەقەتلا ياراشمىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇنچە كۈلكىلىك تۇيۇلغىنى بىلەن، ھىتلېر بەكلا جىددى تۇستە ئىدى. ئۇ، ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاشقا مېنىڭ بىلەن يانىدىكى بۆلۈمگە كېلىڭلار، قورقماڭلار، سىلەرگە بىر ئىش بولمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۈچ كاتىۋاش قىمىرمۇ قىلماي تۇرغان يېرىدا جىم تۇرىشىدۇ. ھىتلېر بىر ئۇستەلنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇلارغا يېقىنلىشىۋىدى، كاھىر كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىدۇ. سېيىسېرنىڭ كانىۋىيى بىلەن يەنە بىر مايور ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇلار يان قۇرالىنى چىقىرىدىغاندەك قولىنى يانچۇقىغا سالىدۇ. ھىتلېر تاپانچىسىنى دەرھال ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تىرەپ تۇرۇپ: "يان قۇرالىڭنى تاپشۇر!" دەپ ۋارقىرايدۇ.

ھىتلېر بۇ ئۈچ نەپەر سىياسى كاتىۋاش بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئالدىدا، بۇ ئىش 10 مىنۇتلۇقلا بىر ئىش، خاتىرجەم بولۇڭلار، دەيدۇ. بۇ چاغدا، ئۈچ سىياسى كاتىۋاش بىلەن يەنە ئىككى نەپەر كانىۋاي ھىتلېر بىلەن يانىدىكى ئۆيگە كىرىدۇ. "چاندۇرماي دېگىنىگە ھە دەپ تۇرۇڭلار" دەيدۇ لوسسوۋ يېنىدىكىلەرگە پىچىرلىغاچ. ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ ھىتلېر تېخىمۇ جىددىلىشىشكە باشلايدۇ: مېنىڭ بۇنداق قوپال

مۇئامىلە قىلغىنىمنى كەچۈرگەيسىلەر. — دەيدۇ ھىتلېر، — شۇنداق قىلماي باشقا ئامالىم يوق ئىدى.» سېيسېر ئۇنىڭغا قوزغىلاڭ كۆتەرمەيمىز دەپ ۋەدە قىلمىغانمىدىڭ، نانكۆر دەپ ھاقارەت قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭدىن كېچىرىم سورىغاچ «بۇ قىلغىنىم گېرمانىيىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن» دەيدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا: سابىق ساقچى باشلىقى پورنا (波纳) باۋارىيە باش مىنىستىرى بولىدۇ؛ ئۈچى ئاكتىپ تەشكىلات 'جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى' نى ئاساس قىلغان يېڭى خەلق ئارمىيىسىگە لۇدېندورف قوماندانلىق قىلىدۇ ھەمدە قوشۇن باشلاپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ كاتىۋاش تېخىمۇ چوڭ ئورۇنغا ئېرىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بولىدۇ: كاھر باۋارىيىنىڭ ھاكىمى بولىدۇ؛ لوسسوۋ ئىمپېرىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيە مىنىستىرى بولىدۇ؛ سېيسېر بولسا ئىمپېرىيە ئامانلىق ساقلاش مىنىستىرى بولىدۇ، دەيدۇ.

بۇ ئۈچ كاتىۋاش ھىتلېرنىڭ دېگىنىگە ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ (كېيىن ئۇ شاھىتلىق قىلغان ۋاقتىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر چاخچاق ئىدى دەپ تۇرىۋالىدۇ). «قورالىمدا بەش پاي ئوق بار. — دەيدۇ ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — تۆت پايى ۋەتەن ساتقۇچلار ئۈچۈن، قالغان بىر پايى، ئەگەر بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولسام، ئۆزەمنى ئېتىۋېلىش ئۈچۈن» دەيدۇ. ھىتلېر تاپانچىنى گرافقا ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئاپتوماتىك ماۋزوردىن بىرسى بار ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جانىنىڭ ھېچ بىر مەنىسى يوق، دەيدۇ كاھر

سوغوققانلىق بىلەن. "مېنىڭ خىيالىمغا بۇ ئىشتا لۇدېندورفنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى كەلمىدى" دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپكە قۇلىقىنى يۇپۇرىۋالىدۇ. ھىتلېر ئالدىراشلىق بىلەن بىر قانچە يۇتۇم پىۋا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، كاھرغا قاراپ قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاندىن سالماق قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. زالدىكىلەر بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ تېزگىنلەش مۇمكىن ئەمەستەكلا كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرلۇقتا بىرسى قاتتىق ۋارقىرايدۇ: "خالايىق، بۇ بىر ئويۇن ئىدى!"

يەنە بىر ئادەممۇ: بۇ بىر مېكسىكا پاسونى ئىنقىلاب بولدى! دەپ ۋارقىرايدۇ. زال ئىچىدە قۇلاقنى يارغۇدەك ئىسقىرىق ۋە كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلىدۇ. گىيورىڭ خۇددى خوجايىنىغا ئوخشاش شىپقا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىشىدىلا ئاندىن زالدىكىلەر تىنجىيدۇ. ئۇ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزنىڭ نىشانى ھەرگىزمۇ كاھرغا، ئىمپېرىيە دۆلەت ئارمىيىسىگە ياكى ساقچىغا قارىتىلغان ئەمەس، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ كىلىشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، قىزىقچىلىق قىلىپ "پىۋاڭلار تۈگىمىگەندۇ، يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟" دەپ ۋارقىرايدۇ.

زالدىكى بۇ قالايماقانچىلىق ھىتلېرنى ئۈمىدسىزلەندۈرەلمەيدۇ. گەرچە زالدىكىلەر قالايماقان توۋلىشىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ تىللاشسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنى ئىتتىرىپ يول بوشىتىپ سەھنىگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. زالدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى تېخى بېسىقمىغان ئىدى. ھىتلېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ: "ئەگەر يەنە تىنجىماي ۋارقىرايدىغان بولساڭلار،

www.pidaily.biz

ئۈستى قەۋەتتىكى پىلىموتچىلارغا ئوق چىقىرىش بۇيرۇقى بېرىمەن!" شۇنداق قىلىپ زالدىكىلەر ئۇنى شاڭخو قىلىشتىن دەرھال ۋاز كېچىدۇ. "شۇنىڭدىن كېيىن، — دەيدۇ، كونسېرۋاتىپ تارىخچى پروفېسسور ۋون مۇللېر كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، — ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى بۈگۈنگىچە ھەر قانداق بىر ئارتىسمۇ قىزغانماي تۇرالمىغىدەك بىر نۇتۇق ئىدى. ئۇ نۇتقىنى ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا باشلايدۇ. نۇتقىدا قىلچىمۇ نەپرەت يوق ئىدى." ھىتلېرنىڭ نۇتقى خۇددى غەلىبە يېقىنلاشقاندەك بىر ۋەزىيەتتىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ زالدىكىلەرگە، مەن كاھىرغا تولۇق ئىشىنىمەن، ئۇ باۋارىيە ھاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرىدىغان پادىشا بولىدۇ دەپ ئامىغا كاپالەت بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئارمىيە لودېندورفنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقى؛ لوسسوۋ قورۇغلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە قويۇلىدىغانلىقى؛ سېيسېر ساقچى باشلىقلىقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋەدە بېرىدۇ. "گېرمانىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسى، جىنايى ئورۇن بابىل (巴别) غا، يەنى بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ، گېرمانىيە خەلقىنى قۇتقۇزۇش بولىدۇ!" (بابىل، «ئىنجىل. دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» دا تىلغا ئېلىنغان بىر شەھەر ئىسمى)

خانىفىستانگىل ئەسلىمىسىدە، ھىتلېر نۇتقىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى باشلىشى بىلەن تەڭ، بۇ غەلىتە كىيىنىۋالغان ئادەم، خۇددى باۋارىيە يېزىلىرىدىكى رەسىمخانىلاردا ئۇچرىتىشقا

www.pidaiy.biz

بولىدىغان ئۇستى بېشى چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتكەن ئەينەك دېرىزە ئىچىدىكى "شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق نىكاھ يىگتى" ھەيكىلىگە ئوخشاپ قالغان ھىتلېر، دەرھال خاسىيەتلىك بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. "بۇ ئەھۋال، ستىرادىۋال (斯特拉迪瓦利) ئىسكروپكىسى قېلىپىدا جىم تۇرغاندا بىر قانچە تاختاي پارچىسىدىن يېپىشتۇرۇپ ياسالغان، ئۇستىگە ئۇچەيدىن ياسالغان بىر قانچە تال تارا تارتىلغان ئادەتتىكى بىر نەرسىدەك تۇرغىنى بىلەن، ئەگەر بۇ نەرسە ئۇستا سازەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مۇڭلۇك مۇزىكىلار ياڭراپ كېتىدىغاندەكلا بىر ئەھۋال ئىدى." پروفېسسور ۋون مۇللېر پۇتۇن ئۆمۈرى بويىچە "بىر نەچچە مىنوت ئىچىدىلا، ھەتتە بىر قانچە سېكونت ئىچىدىلا خەلق ئاممىسىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ شۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى" پەقەتلا چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ كېيىن ئېيتىدۇكى، "نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىغىچە قارىشىنى تولۇق ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھىتلېرغا بولغان قارىشى تۈپتىن ئۆزگەرگەن ئىدى. ھىتلېر بىر قانچە جۈملە سۆز بىلەنلا ئۇلارنى تولۇق ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. بۇ كىشىلەر خۇددى ئالقىنىنى ئۆرىگەندەكلا تېز ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇ ئىشتا بىرەر ئەپسۇن باردەكلا بىلىنەتتى. ياكى بىرەر سېھىر بارمىدۇ؟ كەينىدىنلا ھەممە تەنتەنە ئىچىدە قەدەھ سوقۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ سادا ئىچىدە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئاۋازى چۆكۈپلا قالىدۇ."



www.pidaiy.biz

“كاھىر، لوسسوۋ ۋە سېيسېر ئۇچىسى يان ئۆيدە. — دەيدۇ ھىتلېر سەمىملىك بىلەن، — ئۇلار ھازىر قايسى يولنى تاللىساق بولار دەپ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇلاردىن، سىلەر ئۇچەيلەن خەلقنىڭ تەلىۋىنى قوللامسىلەر دەپ سورىسام بولامدۇ؟” دەپ زالدىكىلەردىن سورايدۇ. تۆۋەندە ھەممە بىردەك: “بولىدۇ، شۇنداق سورا!” دەپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

“ئەركىن بىر گېرمانىيە ئىچىدە، — دەيدۇ ھىتلېر قىزغىنلىق بىلەن، — ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان باۋارىيە چوقۇم سىغىپ كېتەلەيدۇ! مەن سىلەرگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئەگەر بىز بۇگۈن گېرمانىيە ئىنقىلابىنى قوزغىيالمىساق، ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئۆلگەن بولىمىز!” ھىتلېر خەلق ئاممىسىنى قولغا كىرگۈزىۋالغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال ياندىكى بۆلۈمگە كىرىپ ئۈچ نەپەر كاتىۋاشنى چاقىرىپ چىقىدۇ.

ئەسلىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئادەم، ھىتلېرنىڭ مېرسېدېس ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بېگبىراۋ () پىۋىخانىسىغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇ كىشى دەل گېنېرال لۇدېندورف ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ سادىق ئىزباسارى (ئۇ، يالقۇنلۇق قوزغىلاڭچىدىن بىرسى ئىدى) بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان بولۇپ، يېنىدا يەنە شىرىنا رىشىد () مۇ كەينى ئورۇندا بىرگە ئولتۇراتتى. گەرچە جاھاننى قۇيۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ماشىنا يەنىلا ھەيران قالارلىق تېزلىكتە شەھەر ئىچىدىن چىقىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ. گېنېرال لۇدېندورفنىڭ

www.pidaw.biz

پۋىخانا ئىشىكى ئالدىدا كۆرىنىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن خەلق "خايىل!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. لۇدېندورف ئىشىنىڭ بۇنچە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىدى. ھىتلېر دەرھال بايىقى بۆلۈمدىن چىقىپ لۇدېندورف بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرىشىدۇ. ئۇ ئىككىسى قىسقىچە بىر نېمىلەر دېيىشىپ سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، لۇدېندورف قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئۇچ نەپەر كاتىۋاشىنى قايىل قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئۇلار يان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

گەرچە ھىتلېرنىڭ ئۆز ئالدىغا قوزغىغان بۇ ھەرىكىتىدىن لۇدېندورف خاپا بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىككى نەپەر كەسپىدىشىگە ئۆزىنىڭ ئورنى بىلەن ئابروينى ئىشقا سالىدۇ. "بولدى قويۇڭلار ئەپەندىلەر. — دەيدۇ لۇدېندورف ئۇلارغا، — بىز بىلەن ھەمكارلىشىڭلار. قېنى بۇنىڭغا قول بېرىڭلار" دەپ قولىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال قول بەرگەن كىشى گېنېرال ئىدى. لوسسوۋمۇ قولىنى ئۇزارتىپ، "ماقۇل ئەمىسە" دەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن پولكوۋنىكمۇ لۇدېندورفقا قولىنى ئۇزارتىدۇ. مەمورى ئەمەلدار بولغان كاھر ئەڭ ئاخىرى قايىل بولغان بىرى ئىدى. ئەمما ئۇلار سەھنىگە كەلگىنىدە، بىرىنچى بولۇپ نۇتۇق سۆزلىگەن كىشى يەنە شۇ كاھر بولدى. ئۇ سەھنىدە چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تىك تۇراتتى. ئۇ يىغىندىكىلەرگە قاراپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان خان سۈپىتىدە باۋارىيە خاندانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى

www.pidaiy.biz

بىلدۈرىدۇ. مەيداننىڭ بىر ساقچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سۆزى ئەسەبىلەرچە ئالقىش سادالىرى بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇرغاندىن باشقا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرۈلمىگەن.

ھىتلېر ئاممىنىڭ بۇنچە قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال ئىدى. ھىتلېر ھاياجانغا تولغان ھالدا "بۇندىن 5 يىل بۇرۇن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بالىنىسىدا ياتقان بىر قارغۇ ۋاقتىمدا، ئۆز ئۆزەمگە نويابىر (ئوغلاق) جىنايەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۆگۈنكىدەك خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن گېرمانىيە خارابىسى ئۈستىدە قۇدرەتلىك، ئۆزىگە ئۆزى خوجا پاراۋان بىر گېرمانىيە قۇرمىغىچە ھەرگىز يولۇمدىن قايتمايمەن. دەپ قەسەم قىلغان ئىدىم. قارىغاندا، مەن بۇ قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىغا قەدەم قويغاندەك قىلىمەن" دەيدۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن لۇدېندورف ئەستايىدىللىق بىلەن قىسقا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. مەيداندىكى پروفېسسور مۆللېر بۇ يىغىندىكى تەسىراتى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، لۇدېندورف شۇنى ئېنىق ئۇققان ئىدىكى، "بۇ مەسىلە ئۆلۈم-كۆرۈم مەسىلىسى، ياكى ساق قالغانلاردىن ئۆلىدىغانلار كۆپ بولىدىغان بىر مەسىلە" دەپ قارىغان. ھىتلېر ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆز تېزگىنىگە ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن، كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ئاۋازلىرى ئىچىدە كىشىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول كۆرۈشۈپ يىغىن زالىدىن ئايرىلىدۇ. كىشىلەر بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، بەلكىم ئىچكەن پىۋىنىڭمۇ كۆچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى.

سەل ئاۋال كۆرۈلگەن مەسخىرە قىلىپ تىللاشلىرىنى پاك-پاكىزە ئۇنۇتقان ئىدى. زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، «گېرمانىيە تەڭداشسىز» مارشىنى ئېيتىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىشىدۇ؛ ھەتتا بەزىلەر ھاياجاندىن ناخشىغىمۇ ئېغىزى كەلمەي قالىدۇ. ئەمما شىتات ساقچىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ: "بۇ يەردە ساراڭلار دوختۇرىدىن بىرسى بەكلا كاملىق قىلىۋاتىدۇ!" دېگىنى ئاڭلىنىدۇ.

## (4)

ئىسار دەرياسىنىڭ قارشى ياقىسىدىكى لوۋېنبراۋ پىۋىخانىسىدىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. پىۋىخانىنىڭ ئاساسلىق زالىدا ئىككى ئوركىستىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇندىغان مۇزىكا ئاۋازىنىڭ ياڭرىشىدىن باشقا بۇ زالغا يەنە 2 مىڭ نەپەر "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئېس-ئاچلار قىستىلىپ ئولتۇرماقتا ئىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا يۈزى تاتۇق كاپىتان رومنىڭ قىزغىن ئەگەشكۈچىلىرى بولسىمۇ، روم يەنىلا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان مۇھىم بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ، "كىشىلەرنى قىساس ئېلىشقا، ۋەتەن ساتقۇچىلار بىلەن خەلقىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئېلىشقا چاقىرىق قىلماقتا ..."

كەينىدىنلا كېسەل كارىۋىتىدىن زورلاپ تۇرغۇزۇلغان ھېس سەھنىگە چىقىدۇ. پىلاندا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر بىلەن پۈتۈشكىنىدەك قولىدا بايراق كۆتۈرۈپ سەھنىگە ئېتىلىپ چىقمايدۇ، شۇنىڭدەك دەرھاللا ئىنقىلابنى ئېلان قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېر قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئاخشىمى سائەت 8 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، يەنى ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدىن قىسقىلا بىر تېلېفون كېلىدۇ: "ئىشلار يولىدا!" روم مەقسەتلىك ھالدا سەھنىگە چىقىپ ھېسنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، كارل ھاكىمىيىتى بىكار قىلىندى، ئادولف ھىتلېر مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب قوزغاشنى ئېلان قىلدى! دەپ ۋارقىرايدۇ. دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى شەپكىلىرىدىكى جۇمھۇرىيەت كاكارلىرىنى سۆكۈپ تاشلاپ، ئۈستەل ئۈستىگە سەكرەپ چىققىنىچە ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلايدۇ. ئېس ـ ئاچىلارمۇ بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشىپ قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدۇ. ئوركېستېر دۆلەت گېمىنىنى ئورۇندايدۇ. تەنتەنە ئاۋازلىرى بېسىققاندىن كېيىن روم ئاممىنى بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ ئاتلىنىشقا چاقىرىدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرسى بىلەن بەسلەشكىنىچە ئالدىغا ئۆتۈپ رەتكە تىزىلىپ لوۋېنبىراۋ (罗文布劳) پىۋىخانىسىدىن چىقىشقا باشلايدۇ. زال ئىچى خۇددى ئوت كەتكەندەك ئالدىراشلىققا تولغان ئىدى. ئەسكەرلەر ۋارقىرىشاتتى، خوشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ تەنتەنە قىلىشقىنىچە كوچىغا چىقىپ ئىسار

دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئېقىن قىلماقتا ئىدى. بۇ ئارىدا ئۆدۈلىدىن بىر موتوسىكىلىت كېلىپ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسىۋالدۇ. ئەسلىدە، بۇ موتوسىكىلىتلىق كىشى هىتلېرنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگە كىشى ئىدى. بۇيرۇقتا، رۇمنى قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ مىيونخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، شئىنفرېد (施恩弗尔德) كوچىسىغا جايلاشقان گېنېرال ۋون لوسسوۋنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئىگەللەش بۇرۇق قىلىنغان ئىدى. ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەرنى سان ئاننا (圣•安娜) مەيدانىغا بېرىپ، چېركاۋنىڭ گەمە قەۋىتىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان 3 مىڭ تال مىلتىقنى قولغا چۈشۈرۈشى، شۇنىڭدەك گىسىنبۇ (吉辛布) دا پوزىتسىيە تۇتىشى كېرەكلىكى بۇيرۇق قىلىنغان ئىدى. پەقەت "ئوۋبلان (奥贝兰) ئىتتىپاقى" (جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى — ئۇ.ت) دىكىلەرنىلا بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشى لازىملىقى ئېيتىلغان.

رومنىڭ قوشۇنى بىر مۇزىكا ئەترىتىنى ئالدىغا سېلىپ برۇئىنا (布里恩纳) كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا كىشىلەر يىغىلىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلايدۇ. قىزغىن بىر ياش مىللەتچى ئىمپىرىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋېلىپ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ماڭماقتا بولۇپ، ئۇ هىتلېرغا ئەمەس بەلكى روم بىلەن ستراسسېر ئىككىسىگە بولغان ساداقىتى سەۋەبىدىن ئالدىغا چىقىۋالغان بىرسى ئىدى. بۇ ياش هېينرىچ هىملېر (Heinrich Himmler 海因里希•希姆莱) دېگەن كىشى ئىدى. خوشاللىقىدىن يايراپ كەتكەن ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى

www.pidaiy.biz

ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى. ئەسكەرلەر گويا بويسۇندۇرغۇچىلاردەك قىياپەت بىلەن كەڭ كەتكەن لۇدۋىگ كوچىسىدا ئالغا ئىلگىرلەپ ھەربى رايون بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. روم قوشۇنغا بۇيرۇق قىلىپ يۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئاندىن ئۆزى، بۇرۇن ئۇزۇن يىللار خىزمەت قىلغان بۇ بىناغا قاراپ ماڭىدۇ. دەرۋازىدا پوستا تۇرغان ئەسكەرلەر رومغا كەينىڭگە قايتمىساڭ ئوق چىقىرىمىز دەپ تەھدىت قىلىپ باققان بولسىمۇ، روم بۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇدۇل بىناغا كىرىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى دۈۋورنى ئوفىتسېرلىرى ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. دىۋورنى ئوفىتسېر ئۆلسەممۇ ئاچمايمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالغان بولسىمۇ، رومنىڭ قاتتىق مەجبۇرلىشى بىلەن يەنىلا ئىشىكنى ئېچىشقا بۇيرۇق قىلىپ بۇ قوزغىلاڭچىنى ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. روم ھەممە ئەتراپقا پوس قويۇپ، پەنجىرىلەرگە پىلىموتلارنى تىكلىۋېتىدۇ. بىنا ئەتراپىنىمۇ تىكەنلىك چېگرا سىملىرى بىلەن توسىۋېتىدۇ. ھەممە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئاساسەن جايىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېلېفون كوندوكتور ئۆيىلا قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھەيران قالارلىقى، روم، بۇ بۆلۈمنى قوغداش ۋەزىپىسىگە دىۋورنى ئوفىتسېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئوفىتسېر ھېچ قاچان ئىنقىلاب تەرىپىدىكى بىرسى ئەمەس ئىدى.

پىۋىخانىدا بولسا، ھېس “خەلق دۈشمەنلىرى” نى گۆرۈگە ئېلىۋالىدۇ. ئۇ، زالدا بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ باش مىنىستىر نىلىن (尼林)، ساقچى باشلىقى مېنتېر (曼特尔)

www.pdaiy.biz

ھەمــدە شــاھزادە روبلېيشــت (卢伯莱希特) نــىــڭ سىياســى مەسلىھەتچىسى قاتـارلىقلارنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان ئەمەلـدار ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىدۇ. ئىسمى ئاتالغان كىشـىلەر خـۇددى ئىنتىزامنـى بۇزغـان ئوقۇغۇچـىدەك تارتىنىـپ ئورنـــىدىن تۇرـــدۇ. ئەمـــا ســـودىيە گېنتىنـــا (根特纳) كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھۇلۇققىنىچە زالـدىن قېچىـپ چىققـان بولسـىمۇ يەنـىلا تۇتـۇپ كېلىنىـدۇ. دەسـلىۋىدە ھـېس ئـۇلارنى بىنانىـڭ ئىككىنچى قەۋىتىـدىكى كىچىـك بىـر ئىشخانىغا سـولاپ قويغـان بولسىمۇ، كېيىن يوقۇرىدىن ھېسقا گۆرۆگە ئېلىنغـان كىشـىلەرنى مېيونخېنىنىـڭ جەنـوبى تەرىپىـدىكى تېگـنىش (特根西) كـۆلى يېقىنلىرىــدىكى بىــر ئــۆيگە سـولاپ قـاتتىق نـازارەت ئاسـتىغا ئېلىنىشى بۇيرۇق قىلىنىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئىشـەنچلىك ئادەملىرىنىـڭ ھەممىسىنىڭلا ئـايرىم ۋەزىپىلـىرى بـار ئىـدى: مـېكس ئامـان، يەنـى ھېلىقى پـاكىنەك كەلگەن، بەكلا سۈرلۈك كوچا نوچىسى بولغان كىشـى بىـر بۆلـۈم ئـادەملىرى بىـلەن بېرىـپ قايىسـى بىـر بانكـا بىناسـىنى ئىشـغال قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت مەركىزى بىناسى قىلىشـقا تەييـار قىلىـدۇ. شـۇبنېر رىچتېـر، ھـېس () ۋە خانفىسـتانگىل قاتـارلىقلار ئـۆز ئـــادەملىرىنى باشـــلاپ كـــوچىلاردا تەكشۈرۈشـــكە چىقىـــپ، ئىنقىلابنىڭ ئەمىلىلىشىش ئەھـۋالىنى كۆزىتىشـىدۇ. ئـۇلار شـەھەر ئىچىنىڭ بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىـدۇ. نۇرغـۇن كىشـىلەر خوشـال بولغـان بولسـا، يەنە نۇرغـۇنلىرى نـېمە ئىـش بولـۇپ كەتكەنلىكىنـى بىلەلـمەي گـاڭگىراپ يۈرۈشـەتتى. يەنە

بەزىلەر غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ جارقىرىشىپ يۈرەتتى. بۆرگېربراۋ پۈتخانىسىدىن تىنىماي بىر-بىرسىگە زىت بۇيرۇقلار كېلىپ تۇرىۋاتقاچقا، ھەركەتكە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى.

مىيونخېن ساقچى ئىدارىسى باش كومۇتىتىدىن بولغان فلىك (弗里克) دېگەن كىشى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ دەسلىۋىدە ئوڭۇشلۇق بولىشىغا سەۋەبچى بولغان ئاساسلىق ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇ، دىۋورنىلىق قىلىۋاتقان ساقچىنى قوزغىلاڭچى قىسملارغا قايتارما ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىلىق قايىل قىلىپ، ئۆزى تېلېفون يېنىدىن ئايرىلماي ساقلاپ، تىنىماي تېلېفون ئېچىپ ئەھۋال ئۇقۇشقا تىرىشقان، نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ كەتكەن ساقچىلارنى ئېغىر بېسىق بولىشى كېرەكلىكىنى، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى كۈزىتىپ ھەركەت قىلماي ساقلىشىنى چۈشەندۈردى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ساقچى ئىدارە باشلىقى پونا (波纳) ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ قۇراللىق ھەرىكەت پەيدا قىلمىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا ساقچى ئىدارىسىنى تارتىپ ئالدى. ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى، ماركسىزمچى بولمىغان ھەر قايسى ئاساسلىق گېزىت مۇخبىرلىرىنى يىغىپ كۈتىۋېلىش يىغىنى ئېچىش بولدى. ساقچى تەرەپ تېزگىنلەنگەنلىكى ئۈچۈن، روم يەنە ھەربى رايون قوماندانلىق شىتاۋىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى. بېگبراۋ پۈتخانىسىدا تۇرىۋاتقان ھىتلېر، ئىنتايىن خوشال

www.pidaw.biz

ئىدى. كېيىن، قۇرۇلۇش باتالىيون ئەسكەرلىرى تەرەپتىن كەلگەن دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە قوزغىلاڭچىلار قىسمىلىرى بىلەن قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى ئوتتۇرسىدىكى تالاش-تارتىشلا بېسىقمىغان. ھىتلېر دەرھال تۇرىۋاتقان قوماندانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ. بۇ قارار، ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر خاتا بىر قارار ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم تاكتىكا خاتالىقى سادىر قىلىدۇ: گېنېرال لۇدېندورففقا قوزغىلاڭغا قوماندانلىق قىلىش ئىشىنى تاپشۇرۇپ يولغا چىققان ئىدى. ھىتلېر بۇ يەردىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ، گېنېرال ۋون لوسسوۋ لۇدېندورففقا دەرھال ئىشخانامغا بېرىپ بۇيرۇق چۈشەرمىسەم بولمايدۇ دەپ تەلەپ قىلىدۇ. لۇدېندورفمۇ بۇ تەلەپنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ پىۋىخانىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كارل بىلەن سېيسېر ئىككىسىمۇ ماڭىدۇ. ھىتلېر ھەربىي گازارما دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشى ھامان ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي قوغلىنىدۇ. ئاردىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئامالسىز پىۋىخانىغا قايتىپ كېلىۋالىدۇ. پىۋىخانىغا كېلىپلا ئۈچ كاتىۋاشنى بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشكە يول قويۇلغانلىقىنى ئۇقىدۇ. بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالغان ھىتلېر، نېمىشكە ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشكە يول قويىدۇڭ، لوسسوۋ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز، دەپ لۇدېندورففقا بىر مۇنچە خاپا بولىدۇ. لۇدېندورف بۇ سابىق ئون

www.pdaiy.biz

بىشىغا تەئەججۈپ بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دەيدۇ: "بىر نېمىس ئوفىتسېرى ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ."

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دا، مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ھىتلېر قايتىدىن ھاياجان ئىچىگە چۆمىدۇ. بۇ كەلگەن قوشۇن پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىنىڭ ياردەمچى ئەسكەرلىرى بولۇپ، تاللانغان ھەربى ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقاندى. ئەسلىدى ئەركىن پولكىنىڭ كونا ئەسكىرى لېتنانت گېرخارد روسباخ (格尔德•罗斯巴赫 Gerhard Rossbach) بۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلاڭغا قېتىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈلگەن ئىدى (بەكلا ئاز كىشى ئۇنىڭغا قوشۇلمىغان ئىدى). بۇ ياش ئوفىتسېرلار ئۆز قۇماندانلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، روسباخنىڭ (بۇ ئادەممۇ خۇددى رومغا ئوخشاش بەچچىۋاز ھەمدە بىر جىدەلخور) يېتەكچىلىك قىلىشىنى قوبۇل قىلىشقان ئىدى. ئۇلار بىلەكلىرىدە كرېست بەلگىلىك يەڭلىك، قوللىرىدا ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بايرىقى، ئىنتايىن خوشال ھالدا رەسمى قەدەملەر بىلەن مېڭىپ پىۋىخانىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار پىۋىخانىغا كېلىپ دىققەتتە تۇرۇپ ھەربى مۇلازىمەتلەر گېنېرالى لۇدېندورف بىلەن ئۇن بېشى ھىتلېرنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. كەينىدىن، تەييارلىق ئوفىتسېرلىرى كومۇتېت ئەزاسى كارلنىڭ ئىشخانا بىناسىنى ئىگەللەش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. قوزغىلاڭچى قىسمىنىڭ يېتەكچىلىرى بولسا ماشىنىلىق ھەربى رايون قوماندانلىق شتابىغا، يەنى ۋون لوسسوۋنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يولغا

چىقىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە بۇ ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. يۇمشاق كىرىسلوۋ ئىچىگە ئەپلىشىپ ئولتۇرىۋالغان لۇدېندورف، دەرھال تېلېفون ئېچىپ لوسسوۋ ياكى سېيسېر ئىككىسىدىن بىرىنى تېپىپ كېلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەچچە قېتىملاپ تېلېفون قىلىنغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ھېچ قايسى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شۇبىنېر رىچتېر، بۇ ئىشلار باشقا بىر تۈس ئېلىۋاتامدۇ قانداق؟ دەيدۇ. لوسسوۋ، مەن ئىشخانامغا بېرىم بۇيرۇق چۈشۈرىشىم كېرەك دېمىگەنمىدى؟ ئۇ ھازىر نەدە؟ كارل بىلەن سېيسېر ئىككىسىچۇ؟ لۇدېندورف بۇ گەپلەرگە يەنە بىر قېتىم نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ ئۈچ نەپەر كاتتىۋاش ئەپەندىلەر پۈتۈن خەلق ئالدىدا قەسەم بەرگەن، باشقا خىيالدا بولۇشلىرى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ.

بۇ چاغدا، باۋارىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى مايور مېكس شىۋاردىنار (梅克斯•施万德纳) ھەربىي قەدەم بىلەن مېڭىپ بىناغا كىرىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە، ئۇمۇ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى كوچا خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان بولۇپ، دىژورنى ئوفىتسېرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. نۆۋەتچى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا "بۇ ئىشلار بەكلا پاسكىنا، بەكلا گۇمانلىق ئىشلاردەك قىلىدۇ" دەيدۇ. "مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىمدا، — دەيدۇ شىۋاردىنار (施万德纳) كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، — كونا ھەربىي فورما كەيگەن، مەيدىسىگە پۈتۈن مېداللىرىنى ئاسقان روم ئىشخانىغا قۇيۇندەك كىرىپ ھاسىرىغىنىچە: لوسسوۋ نەگە

كەتتى؟ دەپ سورايدۇ. مەن ئۇنىڭغا: بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تۈنۈگۈن لوسسوۋ بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىش پىرىنسىپلىرىغا خىلاپ بىر ھەرىكەت، دەپ دەرھال جاۋاب بەردىم. روم سەممىلىك بىلىنىپ تۇرغان بىر ئاۋازدا غەم قىلما، پۈتۈن ئىشلار جايىدا كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ. ۋون لوسسوۋ، كارل ۋە ۋون سېيسېرلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلغان، ھەمدە ھەربى رايونغا بېرىپ ھىتلېر بىلەن بىر يەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان، دەيدۇ. مەنمۇ، ئۇنداقتا بۇ باشقا بىر گەپ ئىكەن" دېدىم.

روم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نۆۋەتچى ئوفىتسېر شۋېردىنارد (施万德纳) نى يېنىغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا: "قوزغىلاڭ دېگىنى قۇرۇق گەپكە ئايلاندى. — دەپ پىچىرلايدۇ، — لوسسوۋ بىلەن كاھىر باۋارىيە ئارمىيىسى كوماندىرلىرى بىلەن بىرلىكتە 19-پىيادىلەر پولكىغا كەتتى، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىشى ناتايىن." بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، تا ھازىرغىچە تېزگىنلەنمەي كەلگەن تېلېفون جىرىڭلاپ، كوندوكتوردىن لوسسوۋنىڭ يېڭى قوماندانلىق شتابى (19-پولك مەركىزى شتاب بىناسىدىن) دىن ئاچقان تېلېفونى كېلىدۇ. تېلېفوندا، لوسسوۋ ئۆزى يېقىندىلا قوللايمەن دەپ كاپالەت بەرگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قايتارما ھۇجۇم قىلىش بويرۇقىنى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاۋغۇستبۇرگ (奥格斯堡)، ئېنگىرستارت (英格尔斯达特)، رىگىنسبۇرگ (雷根斯堡)، لانشىست (兰舒特) ۋە ئەتراپىدىكى سادىق قىسىملارنىڭ ھەر

قايسى باتالىيونلىرىنى دەرھال پويىزلىق مىيونخېنغا قاراپ يولغا چىقىشى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. شىۋاردىنارد (施万德特) تېلېفون ئارقىلىق شۇ ھامان ترانسپورتقا مەسئۇل ئوفىتسېرنى تېپىپ، لوسسوۋنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ، ھەمدە قالغان قىسىملارغىمۇ ئۆزى بىۋاستە تېلېفوندا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ بۆلۈمدە قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئىشلىرى تەشكىللىنىۋاتقان بولسا، ياندىكى بۆلۈمدە سۇيىقەست ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. يېرىم كېچە بولغاندىلا سۇيىقەستچىلەر تېلېفون مەركىزىدىكى سىم يوللىرىنى پەقەتلا قوزغىلاڭچىلار ئىشخانىسىغا باغلىۋېلىش كېرەكلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا لوسسوۋنىڭ باستۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرى ئاللىمۇقاچان تەرەپ-تەرەپكە تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ بولۇنغان ئىدى.

ھەربى قىسملاركوچىلاردا ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكۈلۈپ تۇرغان، بارابانچىلىرىمۇ مۇزىكىلىرىنى چېلىپ داغ-دۇغا قىلىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، كۆپ سانلىق مىيونخېنلىقلار بۇ شەھەردە يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاب پارتلايدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. فيۇرېرنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى بولغان ھېينىرىچ خوفمان، فرېدىراۋ (弗莱德旁) دىكى پۇتخانىدا پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقەنىڭ رەسمى يۈز بېرىشكە باشلىغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرى يوق ئىدى. يېرىم كېچىگە كەلگىنىدىلا ئاندىن ئىنقىلاب بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ چاغدا، ھاياجان ئىچىدىكى توپ-توپ ياشلار ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدىكى مېھمان

www.pidaiy.biz

كۆتۈشلەردە ئولتۇرۇش تۈزىشىپ يەپ-ئىچىپ يايرىماقتا، غالىبىيىتىنى تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى.

ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا، كونسۇل ۋەكىلى روبېرت مۇرفى (罗伯特•墨菲 Robert Murphy) تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئىۋەرتمەكچى بولغان تېلېگراممىسىنىڭ ئارگىنالىنى تەييارلىماقتا ئىدى:

... هىتلېرنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن، بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش بولۇپ، سائەت 12 دە ھۇجۇمغا ئۆتمەكچىكەن. ھىتلېر، تاڭ يورۇغىچە يا يېڭى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان بولىدۇ ياكى ئۆلگەن بولىمىز دېدى. ... (مۇرفى تېخى مەخپى شىفىر بىلەن تېلېگراممىسىنى ئېۋەرتمەي تۇرۇپلا، ھىتلېر بىلەن ئۆزى بىۋاستە كۆرۈشۈش تەلىۋىدە بولىدۇ. "بىر قانچە سائەتلىك تالاش-تارتىشتىن كېيىن، ئاخىرى سەھەر سائەت 3 بولغاندا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشەلىدىم. ئۇ ماڭا ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا تېلېگرامماڭنى ئېۋەرتسەڭ بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ چاغدا، مەنمۇ ئۇنىڭغا نارازىلىقىمنى بىلدۈرگەن بولسامۇ، بۇ بىر رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا دەپ قويۇلغان گەپ ئىدى. چۈنكى مەن بۇ تېلېگراممامنى يوللاش ئۈچۈن شتۇتگارت (斯图加特) قا مەخسۇس ئادەم ئىۋەرتىپ بولغان ئىدىم."

ئۇ يەردىكى سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشقا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن ھايداپ كېلىنىپ گۆرۈگە تۇتۇلىۋاتقان

كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كىچە ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ۋەھىمىلىك بىر كېچە ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمى يەھۇدىي ئىسمىغا ئوخشاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن (ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى تېلېفون نومۇر دەپتىرىدىن تېپىشقان ئىدى)، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ كارىشناۋاي كۆڭلەكلىكلەرنىڭ زىيارەت قىلىنىشىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. بىر ھەربىي قىسىم «مىيونخېن ۋاقتى» گېزىتخانىسىغا (سوتسىيالىستلارغا مەنسۇپ بىر گېزىت) بېسىپ كىرىپ قارا-قويۇق باسما ماشىنىلىرىنى چېقىپ تاشلىشىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ غەزەپلەنگەن ھالدا بۇنداق ھەرىكەتلەرنى دەرھال توختىتىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ: بۇ باسما ماشىنىلىرى بىزنىڭ ئىشىمىزغا كېرەكلىك!

ھەربىي رايون ئىچىدە، روشەنكى، ئۈچ كاتىۋاش ئۆز خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈشەتتى (ئۇلار ئۈچىسىلا تېخى يېقىندىلا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن قەسەمنى تولۇق ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى)، ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ تېزگىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇبنېر رىچتېر خىزمەتچىسى ئىگنات (埃格纳) نى يېنىغا ئېلىپ سېيسېرنى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولسىمۇ ئۇنى زادىلا تاپالماي قايتىپ كېلىدۇ. قايتىپ كەلگىنىدە، ھىتلېرنىڭ "بەكلا ئۈمىدسىز" ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

ئىگنات (埃格纳) قا روسېنبېرگنى ئېلىپ مەلۇم بىر باسمىخانىغا بېرىپ، ئاساسلىق ئادەملىرى بىرلىكتە قول قويۇپ

تەييارلىغان يېڭى ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشىنى بېسىپ چىقىشىنى ئېيتىدۇ. روسېنبېرگ بۇ ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەردە ئەتىسى چىقىدىغان گېزىتكە بېرىلىدىغان باش ماقالىنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. «گېرمانىيە خەلقىگە مۇراجەت» دېگەن بۇ باش ماقالىدا، روسېنبېرگ خەلققە ئېبېرت ۋە باشقا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنى "مەيلى ئۆلۈكى ياكى تىرىكى بولسۇن" ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى "مەملىكەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش" نى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىگنارت ھەربىي رايون قوماندانلىق شىتابىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، خوجايىنى ئۇنى دەرھال ئۆيگە بېرىپ شامپانسكى ۋە يېگىدەك بىر نەرسىلەر ئېلىپ كېلىشكە يولغا سالىدۇ. ئۆيگە بېرىپ ئايالى شۇبنېر رېچتېر خانىمغا "ھەممە ئىشلار يولىدا كېتىۋاتىدۇ، ئەنسىرىمىسۇن" دەپ ئېيتىپ قويۇشنىمۇ تاپىلايدۇ. ئەمما ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ يامانلىشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. روم ئاخىرى ياندىكى بۆلۈمدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ-دە، كىرىپ دېژۇرنىلىق قىلىۋاتقان ئوفىتسېرنى قولغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە بىنادىكى بارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقىرىدۇ. ئەمما ھىلىمكىرچى مايور شۋاردىنار (施万德纳) مىيونخېنغا ئەسكەر يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغىنىدىن كېيىن ئادەتتىكى بىر كادىر قاتارىدا ئاگاھلاندۇرشلا ئالىدۇ. ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلۇش ئالدىدا غىپلا قىلىپ بىنادىن چىقىپ تىكىۋېتىدۇ.

دېپوتات ۋون كارلنىڭ ئىشخانىسىدا، قوزغىلاڭچىلار قىسمىنىڭ ھەرىكەت ئىشلىرى دېگىنىدەك ئوڭۇشلۇق ماڭمايۋاتاتتى. ئۇ پىۋىخانىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىدىن كېيىن، ئىشخانا بىناسىغا كېلىپ ئۇ يەردە قوزغىلاڭنى يىمىرىپ تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئىشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدى. ئېنىقكى، ئۇ بۇ تۆردىكى ھەرىكەتلەرنى چەكلەشكە قەتئىي ئۇرۇنمايدۇ (چۈنكى ئۇ تېخى يېڭىلا غەزەپلەنگەن شاھزادە رۇپرېچت (Rupprecht 卢伯莱希特) نىڭ "ھەر قانداق بەدەل تەلەپ قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ قېتىمقى ھەرىكەت باستۇرۇپ تاشلانسۇن، زۆرۈر تېپىلغاندا قۇراللىق باستۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى). ھەتتا ئۇ روسباچ بىلەن نەچچە مىڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىنىڭ تەييارلىق ئوفىتسېر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توختىماي تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇشلىرىغا قارىماي بىنانىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغىمۇ ياردەم قىلىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە ئىنقىلابى قوشۇن لۇدېندورفنىڭ "ھەرقانچە چىقىم كەتسىمۇ بىنانى ئىگەللەش كېرەك" دېگەن بۇيرۇقىنى جايىغا كەلتۈرۈپ زور غەلىبە قىلالىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ساقچىلار بىر-بىرسىگە خىرىس قىلىشىپ ئاۋال قارشى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتسۇن دەپ قاراپ تۇرىشاتتى. ئەمما ھەر ئىككىلا تەرەپ قان تۆكۈلۈشنى خالىمايتتى. ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ساقچىلارغا ئوق چىقىرىشنى خالىمايتتى. خۇددى شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ساقچىلارمۇ ھىتلېرغا ئىشىنىدىغانلاردىن

www.pdfdaily.biz

ئىدى. ئۇلار تىنىماي سۆھبەت قىلىشىدۇ. كېيىن، ھەرىكەت قولىنىش تەرەپتارى بولغان روسباچ بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي ئەسكەر ئوقۇغۇچىلارغا ۋارقىرايدۇ: "قانداق گەپ بۇ؟ سىلەر يەنىلا سۆھبەت قىلىپ ئولتاردىڭلارمۇ؟ سىلەر لۇدېندورفنىڭ بەرگەن بۇيرۇقنى بىلمەمتىڭلار؟ يەنە نېمىشكە ھەرىكەت قىلماي تۇرىشسىلەر؟ قىسىملارغا ئوق چىقىرىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىلسۇن!"

ئاخىرى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پوزىتسىيە ئېلىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى يېرىم ياي شەكلىدە سەپ تۈزىشىدۇ. ئاندىن پىلىموتچىلار ئەترىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئالغا قاراپ سىلجىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ساقچى تەرەپ، ئۈچ نەپەر ئىسيانچى ئەسكەر بىناغا كىرسۇن، مۇزاكىرە قىلىشايلى دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۈچ نەپەر ۋەكىلىمىز 10 مىنۇت ئىچىدە بىنادىن قايتىپ چىقمايدىكەن، ھۇجۇمغا ئۆتىمىز دەپ شەرت قويىدۇ. ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا "بارلىق روتىلار كەينىگە چېكىنىڭلار!" دەپ تۇيۇقسىز بىر بۇيرۇق كېلىپ قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر دەرھال كەينىگە چېكىنىپ قورشاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇيرۇقلارنىڭ تۇتامسىزلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدە غەلىبە قىلىش مۇمكىن بولغان بىر جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ھىتلېرنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئەسلىدە ئۆز تەرىپىگە

www.pidaw.biz

ئۆتــۈپ بولغــان ســاقچىلارغا قارىتــپ ئــوق ئېتىشــنى بەك خالىمىغانلىقىدىن بولغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار قىسمىنىڭ شۇنچە قىلغـان ھەرىكىتــى، كـاھرنى بىــر قـانچە سائەتلىك قورشاۋدا تۇتۇش رولىنىلا ئوينىغان بولدى. شۇڭا، ئوقۇغـۇچى ئەسكەرلەر چېكىنىپ كېتىشى ھامان كارلمۇ بىنادىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بېرىـپ 19 ـ پــولكتىكى لوســوۋ ۋە سېيســېرلار بىـــلەن بىرلىشـــش پۈرسىتىگە ئېرىشۋالىدۇ.

ھەربــى رايــون قومانــدانلىق شــتاۋىدىكىلەر ئەركــىنلىككە ئېرىشكىنىدىن كېيىن، گېنېرال ۋون لوسسوۋ سەھەر سائەت 3 كە بەش مىنوت قالغاندا "گېرمانىيىدىكى بارلىق سىمسىز رادىئو ئىستانسىلىرى" غا تۆۋەنـدىكىچە ئۇقتۇرۇشــنى ئېـلان قىلىشـى بىـلەن، ئەسـلىدىكى ئـازىراق بولسـىمۇ ئۈمىدلەنـدۈرۈپ كەلـگەن ئـۈچ كـاتىۋاش قوزغىلاڭغـا ئاشـكارە قارشـى چىقمايـدۇ دەيـدىغان ئۈمىدلەرمۇ يوققا چىقىدۇ.

تېلېگراما ئۇقتۇرۇشى:

شتات دېپوتاتى ۋون كـاھر، پولكوۋنـىك ۋون سېيسېر ۋە گېنېـرال ۋون لوسسوۋ ھىتلېر قوزغىغان قوزغىلاڭنى تارمـار كەلتـۈردى. قـۇرال تەگلەنــگەن شـارائىت ئاسـتىدا ئـېلان قىلىنغـان ئـۈلارنى قـولاش ۋەدىمىز شۇنىڭ بىـلەن بىكـار قىلىنـدى. يوقـۇرىـدا ئىسمى ئاتالغـان كىشىلەر ھەققىدىكى خاتا قاراشلارغا ئېتىۋار قىلىنمىسۇن.

— ۋون لوسسوۋ

19 ـ پىيادىلار پولكى شتابىدا، كاھر ئۆزىنى كرىسلوغا تاشلاپ راھەت ئولتـۇرۇپ پۈتـۈن شـەھەر ئىچـى تاملىرىغـا چاپلىنىـدىغان

www.pdaily.biz

ئېلاننى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئاخىرى ھەممە ئادەم قايىل بولغىدەك بىر ئېلان يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئالدامچىلىق، گېرمانىيىنىڭ ئۇيغۇنۇشىنى كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بىر زوراۋانلىققا ئايلاندۇردى. "ئەگەر قارىملارچە خائىنلىق ئۆز مەقسىدىگە يېتىۋالسا، باۋارىيىنى گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرگەنلىك بولىدۇ." شۇڭا ئۇ ناتسىستلار پارتىيىسىنى ۋە باشقا ئوڭچىل تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇللىرىنى "قىلچە رەھىم قىلماي تېگىشلىك جازاغا تارتىش كېرەك" دەيدۇ. دىپوتات كارل ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كېچە بەكلا ئېچىنىشلىق ئۆزۈن بىر كېچە بولغان ئىدى.

ئەتىگەن سائەت 5 كېچە بۇ ئۈچ كاتىۋاش قوزغىلاڭنى باستۇرۇش خەۋەرلىرىنى توغرىلاپ، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاۋىغا يەتكۈزىدۇ. خەۋەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان پىيادىلار مەكتىۋى كوماندىرى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا ھىتلېرغا: ئۈچ كاتىۋاش ۋەدىسىدە تۇرمىدى، چۈنكى ئۇلار بۇ ۋەدىسى قۇرال تەڭلەنگىنى ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەدە ئىدى. گېنېرال ۋون لوسسوۋ قوزغىلاڭنى قۇرتاللىق باستۇرماقچى. ئەگەر ھىتلېر ئۇلارنىڭ شۇنچە ئاسان ۋەدە بەرگەنلىكىگە ھەيران قالغان بولسا، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن دەيدۇ. ھىتلېر ھەمرالىرىغا ئۆزۈن بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئەگەر لازىم بولسا ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، غايىمىز بىلەن بىرگە قۇربان بولۇشقا تەييارمەن دەيدۇ. ھىتلېر

لۇدېندورفنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، شۇبنېر رىچتېرقا خىزمەتچىگىنى ئېلىپ (خىزمەتچى شامپانىسكى بىلەن يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى) ئۇلار تەيىنلىگەن يېڭى باش مىنىستىر پونار (波纳) نى تېپىپ، ئۇنى "ئوبلان" (奥贝兰) قىسىمدىن بىرنى ئېلىپ باش ساقچى ئىدارىسىنى تارتىپ ئېلىشقا بۇيرۇق قىل دەيدۇ. پونار (波纳) ئىنتايىن خوشال ھالدا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ ھەمدە بەكلا ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ يېقىنلىرى بىلەنلا باش ساقچى ئىدارىسىغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار ئاساسلىق ئىش بىجىرگۈچى مايورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئۇلار ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇلار قولغا ئېلىنىدۇ (بۇ بىر تۇيۇقسىز بېشىغا كالتەك يېگەندەكلا بىر ئىش ئىدى). پونار (波纳) نىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى بولغان فلىك (弗里克) ئاللىقاچان قولغا ئېلىنغان ئىدى.

بۇ چاغدا، ھىتلېر، لۇدېندورف بىلەن قالغان ياردەمچىلىرى پىۋىخانىغا قايتىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ھەربى رايون قوماندانلىق بىناسىنى ساقلاشقا يالغۇز روم بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىلا قالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ جەرياندا خېلىلا ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن يانمىغان ئىدى. "ئەگەر مەۋەپپەقىيەت قازىنالىساق بەك ياخشى ئىش بولىدۇ. — دەيدۇ ئۇ ئىچىنى تىنىشىغان ھالدا، — بولمىسا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز دارغا ئاسقان بولىمىز." ئۇ چاغدا، تېخى تاڭ يورىمىغان ئىدى. ھىتلېر ئۆز

پوزىتسىيىسىنى تاشلاپ چىققان قوزغىلاڭچىلارنى پىۋىخانىغا بىرىپ يىغىلىش بۇيرۇقىنى بىرىدۇ. ھەربىي قىسىملار تۆت ئەتراپتىن بۇرگىربراۋ پىۋىخانىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقىتىدا، ھاۋا سوغۇق، قار يىغىشقا باشلىغان ئىدى. ئەسكەرلەر ۋەزىيەت ياماننلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمۇ، نېمە ۋەقە يۈز بىرىۋاتقانلىقىدىن ئېنىق خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھېچ بولمىغاندا بىر ئەتىرەت ئېس-ئاچىلار ئىكارت يازغان «ستوگلىت» (斯通里德) ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ: "ئويغۇنايلى نېمىسلار! بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلايلى نېمىسلار!"

## (5)

تاڭ يورۇيدۇ. ئەمما ھەممە ئەتراپ تۇمانلىق، ۋە بەكلا سوغۇق ئىدى. سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇقتا قار ئارىلاپ يىغىپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چىرايى تۇتۇق ئىدى؛ بۇرگىربراۋ پىۋىخانا زالى تاماكا ئىسىغا تولغان ئىس-تۈتەكلىك ئىدى. ئەسكەرلەر يۈزىنىمۇ يۇمىغان، ساقاللىرىنىمۇ قىرمىغان ھالدا قەھۋە، ئىرىمچىك-پەيىنىر ۋە بولكىلار بىلەن ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. تۈنۈگۈنكى ھاياجاندىن، خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈچ كاتىۋاش ئىنقىلابىنى ئاشكارە قارىلىدى، قۇرۇغلۇق ئارمىيىمۇ قوزغىلاڭغا قېتىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، دەپ ئۇختۇردى. يەنە بىرسى سەھنىگە، يەنى كىشىنىڭ زېھنىدە قالغان بۇ كومىدىيىلىك ۋەقە

ئوينالغان سەھنىگە چىقىپ، بۇرجۇئازىيە بىلەن گېنېراللارنى ۋەتەن خائىنى دەپ تەنقىتلىدى. ئۇ ئاخىرىدا "بېرلىنغا يۈرۈش قىلايلى!" دەپ شۇئار توۋلايدۇ. زال ئىچىدە ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن ئالقىشلىغان ئاۋازلار كەلدى. ھىتلېرنىڭ ئادۋوكاتى خانس فرانك، "بۇ پىكىر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا رومانتىك، قىلچىمۇ سىياسىلىكى بولمىغان بىر تەكلىپ بولدى" دەپ ئويلايدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەممىسى مەخپىي بىر بۆلۈمگە كىرىۋالغان ئىدى. لۇدېندورفنىڭ "يۈزىدە قىلچىمۇ ھېسسىيات يوق، خۇددى بىر تىك قىيادەك تىكلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنەتتى." ئۇ بىر تەرەپتىن ئۈزۈم شارابىنى تېتىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناشتا قىلغاچ بىخارامان ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كونا بىر ئاتىش كاژانكا كىيىۋالغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ لوسسوۋ يېڭى ھۆكۈمەتنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ قارىلىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى سۈرلۈك قىياپەتمۇ يوقۇلۇشقا باشلايدۇ. "بۇندىن كېيىن مەن گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن!" دەپ ۋارقىرىغىنىدىن كېيىن، ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، قارىغاندا بۇ قېتىمقى شۇنچە مۇۋەپپىقىيەتلىك باشلانغان سىياسى ئۆزگىرىش سوغوق كۈندە پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغاندەك قىلاتتى. ھىتلېرنىڭ كېيىنكى پىلانىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇمۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ

“جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى” غا بۇيرۇق قىلىپ بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ ساقچى ئىدارىسىنى تارتىپ ئېلىش، ئاندىن ئۇ يەردە قولغا ئېلىنغان پونار (波纳) نى قۇتقۇزۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى يەنىلا ئۈمىد كېسىلمگەندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئېس-ئاچلار ئەترىتىدىن بىر قوشۇننى يەھۇدىيلار ئاچقان «پاكاس » (帕卡斯)باسما زاۋۇتىغا ئەۋەرتىپ، تېخى يېڭىلا بېسىلغان قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن يېڭى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ كېلىشكە ئەۋەرتىدۇ (گېرمانىيىدە، ھەر بىر ئىنقىلابچى مائاش ئالاتتى). بۇ پۇل جەمئى 146.05 تىرلىيون مارك بولۇپ، نېمىسلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ مۇسادىرە قىلىنغان پۇللار ئۈچۈن پاكاس (帕卡斯) ئاكا-ئۇكىلار قۇرۇق بىر تىلخەتكىلا ئېرىشىدۇ.

بۇ چاغدا، تېخىمۇ كۆپ قوزغىلاڭچى قىسىم قارا ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ باشقا جايلاردىن مىيونخېنغا يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسلا سوغۇقتىن تۇڭلاپ، ئۇزۇن يوللۇق يۈرۈش جەريانىدا قاتتىق ھارغىنلىق ئىچىدە ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. لانسىت (兰舒特) تىن كەلگەنلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇلار مىيونخېنغا قاراپ يولغا چىقىپ يېرىم يولغا كەلگىنىدە بىر قىسىم ساقچىلارغا دۈچ كەلگەن بولۇپ، ئۆزئارا “خايىل!” دەپ ۋارقىرىشىپ سالاملىشىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان كىشى زەھەرلىك چېكىملىك زابويى گرىگور ستراسسېر دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ

www.pidaiy.biz

ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ تىپ-تىنىچ، ئەمما ھەممە ئالدىراش كېتىۋاتقان كوچىلاردا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ئۇ چاغدا كىمدۇ بىرسى: بۇ يەردىكىلەر ئادەتتىكىدەك ئىشنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، بۇ يەردە ئىنقىلاب بولغانغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، چوقۇم بىر ئىش بار، دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئۇنىڭ گېپىگە قارىتا "قېنى بىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ" دەپ جاۋاب بېرىدۇ ستراسسېر. ئۇلار پىۋىخانىغا يېتىپ بارغىنىدا، كاپىتان گيورىڭ ئالدىغا چىقىپ ستراسسېرغا: "بۇ ھارامتاماقلار، گېپىدە تۇرمىدى، فيۇرېرىمىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشمىدى، خاتىرجەم بول، خەلق يەنىلا ھىتلېر تەرەپتە. بىز ئىشنى پۈتۈنلەي باشتىن باشلىمىساق بولمىدى" دەيدۇ. بۇ ئارىدا تاقىرباش پاكىنەك سىمىز بىرسى پىۋىخانا زالىغا ئالدىرىغىنىچە كىرىپ، ھىتلېرغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ كىشى جۇلىئۇس ستىرېيچېر (尤利乌斯•施特莱彻 Julius Streicher) دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ قولىدىكى قامچىسىنى شىلتىغىنىچە ئىنتايىن بىزەپ تىللار بىلەن تىللاپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇ كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈرۈشكە، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. قولىدا قۇرالى بولمىغانلارغا قۇرال تارقىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىگىشلىك ئورۇنلىرىغا يوللىنىدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىشقا ئىۋەرتىلگەن "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" غا تەۋە

قىسىملار، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي ھەربىي رايون قوماندانلىق بىناسىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىنا ئالدىدا ئۇلار بىلەن بىر قانچە مىنوت مۇنازىرە قىلىشىپ ئايرىلغان. ھىتلېر پونا (波纳) نى قۇتقۇزۇش ئىشىنى ئۆزىنىڭ سادىق قوغداش ئەترىتىدىكىلەرگە تاپشۇرىدۇ. قاتتىق پىشىپ يېتىلگەن بەستلىك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ قىسىم ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا باش ساقچىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خۇددى بىناغا قارىتىپ كۈچلۈك ھۇجۇم باشلايدىغاندەك قىياپەتتە دەرھال پىلىموتلىرىنى بىناغا قارىتىپ تىكلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تويىلاڭچىلار يەنىلا قان تۆكۈلۈشنى خالىمايتتى. ئۇلارمۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي پىيۇنخانىغا قايتىپ كېلىدۇ. بىر قانچە مىنوت ئۆتكەندە، ئۇلار بۇرۇنقىدىن ئاسانراق ئورۇنداشقا بولىدىغان بىر ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ: شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۆستىگە كىرىست بەلگىلىك بايراق تىكىلىشىنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغان ماركسىزمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت كېڭەش ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ.

ئۇلار ئوتتۇرلۇقتىن بىر يول ئېچىپ، كونا پارلامېنت بىناسىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇرغان كىشى، يەنى غاڭزا چىشلەپ يۈرىدىغان كىشى يىغىن زالىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئېچىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا قورال، ۋارقىراپ تۇرۇپ بارلىق سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن كوممۇنىستلار قولغا ئېلىنىدۇ دەيدۇ. تاشقىرسىدا، يەنى مارىيانا (马里安)

مەيدانىدا، سىلەرنى شاڭخو قىلىپ تىل ـ ھاقارەتلەر بىلەن كۆتىۋالماقچى بولۇپ ساقلاپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان خەل ئاممىسى بار، ئەسلىدە سىلەر بىز ئەسكەرلەرنىڭ قوغداپ تۇرغىنى ئۈچۈنلا بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇر ـ توخماق قىلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانسىلەر، بىز بولمىساق سىلەرنىڭ تاياق يېيىشىڭلار تۇرغانلا گەپ. سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەنلا بىخەتەر ماشىنىغا چىقىپ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقالايسىلەر” دەيدۇ.

بۇ ماشىنىلار پىۋىخانا يولىغا قاراپ قوزغالغان ۋاقىتىدا، بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلايدۇ. نۇتۇق ئاڭلاشقا كەلگەنلەر بارغانسىرى كۆپىيىپ يوللارنى توسىۋالغاچقا، سىندېرلىن (森德林) غا قاراپ ماڭىدىغان 6 ـ يول تراللىبوسى ئورنىدىنمۇ قوزغىلالمايدۇ. ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى كىشى ستربېچېر ئىدى. بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ستربېچېر، پارلامېنت بىناسى ئۈستىدىكى ئايلانما چوڭ سائەت رەقەملىرىدىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا مەيداندا كىرىست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، پارتىيە بايرىقىمۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇراتتى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەر ئىككى تەرەپلا يەتكىچە قالايماقانلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭدەك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشقان ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى بەزى يەرلەردە شەھەر ساقچىلىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار چاپلىغان شوئارلارنى سۆكۈپ، توپىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا كىرىشكەن؛

شەھەر ئىچىدە توپىلاڭچى قوشۇنلار بولسا ساقچىلارنى قولغا ئېلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قارىلايدىغان، ناتسىستلار پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىش ئۇقتۇرۇشلىرىنى سۆكۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ قوشۇنلىرى قايناق بازار يېرى بولغان ئىسار دەرياسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆۋرۈكلەرنى، شەھەر مەركىزى ۋە تېنچلىق پېۋىخانىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدىغان لودىۋىك چوڭ كۆۋرۈكىنىمۇ قوشۇپ ئىگەللەشكەن ئىدى. مۇزىي چوڭ كۆۋرۈكى ئەتىراپىدا شەھەر خەلقى ياش توپىلاڭچىلارنى سوراققا تارتىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئارىدىن بىر ئىشچى چىقىپ ئۇلارغا "سىلەر شەھەر ئىچىدە شۇنچە خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئوينىشىڭلارغا ئاتا-ئاناڭلار ماقۇل دەمدۇ؟" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇن كىشىلىك بىر ئەترەت ئامالسىز پېۋىخانىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئىسا دەرياسىنىڭ يەنە بىر كۆۋرۈك بېشىدا لانشىت (兰舒特) تىن كەلگەنلەر ئارىسىدا پىتنە-پاسات يېيىلىشقا باشلاپ، "ۋەزىيەت بەكلا يامان، چوقۇم بىرلىرى بىزنى سېتىۋەتكەن!" دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قورقۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئەتىگەن سائەت ئوندا، ماش رەڭلىك فورما كەيگەن ئەسكەرلەر قارا ماشىنىلىق يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر شىتاتلىق دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، بۇ يەرگە كىلەر-كەلمەي ئىككى ماكسىم پىلىموتنى توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ تىكلىشىدۇ. باشلىقلىرى ئوق چىقىرىشقا بولمايدۇ دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن،

www.pdfdaily.biz

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىكىلەرمۇ ئوق چىقارمايدۇ. شتات ئارمىيىسىمۇ يوقۇرىدىن شۇنداق بۇيرۇق ئالغان، يەنى پوزىتسىيەڭلارنى ئىگەللەپ تەييار تۇرۇڭلار دېگەن بۇيرۇق بىلەن كەلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇ يەردە بىر-بىرسگە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ.

پىۋىخانىدا بولسا، توپىلاڭچى قوشۇن كاتىۋاشلىرى ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلار توختىماي داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇرۇن لۇدېندورفنىڭ قول ئاستىدا ئەسكەر بولغان پودپولكوۋنىك ھېرمان كرىبېل ( Hermann 赫尔曼•克里贝尔 Kriebel)، قىسىملارنى گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە چېگرا بويىدىكى روسىنخېيم (罗森海姆) غا چېكىندۇرۇپ بارساق، ئۇ يەردە يەرلىك ئوڭچىل رادىكاللارنى يېنىمىزغا تارتالىشىمىز مۇمكىن، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. گىيورىڭ، ئۇ يەر ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغاچقا بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. گىيورىڭ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھىتلېرنى كۈچلۈك قوللاپ كەلگەن، شۇڭا ئۇ يەردە ئەسكەر ئېلىپ قىسىملارنى كام قىسمىنى تولۇقلىيالىشىمىز، ئاندىن قايتا تەرتىپكە سالالىشىمىز مۇمكىن، دەپ قەتئىي كاپالەت بېرىدۇ. "بۇ ھەرىكەتنى قانداقتۇ بىر قاراڭغۇ يېزا كوچا-جىلغىلىرىدا ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ" دەپ مەسخىرە بىلەن بۇ تەكلىپكە رەددىيە بېرىدۇ لۇدېندورف. بۇ ئىشقا ھىتلېر قارار بېرىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر قىمارۋازلاردەك تەۋەككۈلچى بىرسى بولۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان پارتىزانلىق ئۇرۇش ئاقىۋىتى ئۇنى

بەك قىزىقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى بىراقلا غەلىبە قىلىش ياكى بىراقلا گۇمران بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاش ئىدى. شۇڭا، كرىبېلنىڭ لايىسىنى رەت قىلىدۇ.

كوچىلاردىكى ۋەزىيەت بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۇلار تېخىچىلا تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇنازىرىسى چۈشكىچە داۋام قىلىدۇ. ھەربىي رايون قۇماندانلىقىدىكى كاپىتان روممۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ساقچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان دۈشمەن ئارمىيىسى ئالدىدا، "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" ئىچىدىكى ياشتا نىسبەتەن چوڭراق بولغانلىرى ئوق چىقىرىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەيتتى. ئەمما رومنىڭ قول ئاستىدىكى 150 نەپەر جەڭچى جەڭ قىلىشقا بەكلا ھەۋەسكار ئىدى.

ھۆكۈمەت قىسىملىرى روم قىسىملىرىغا ھۇجۇم باشلىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، پىۋىخانىدىكى مۇنازىرىلەرمۇ شۇ ھامان توختايدۇ. روشەنكى، ئەگەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى دەرھال زەربە بەرمەيدىكەن، شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولماقتىن باشقىچە چىقىش يولى قالمايتتى. لۇدېندورفنىڭ ئېيتىشىچە، قوشۇنلىرىنى مىيونخېن شەھەرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدۇرۇپ، رومنى قۇتۇلدۇرۇش پىكرىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئۆزى ئويلىغان بىر چارە ئىكەنمىش. "شەھەر ئىچىگە قاراپ پىيادە ئاتلىنايلى!" دېگەن. ئەگەر بۇنداق بىر چارە ھەقىقەتەنمۇ لۇدېندورفنىڭ پىكرى بولغىنىدا،

www.pidaw.biz

بۇ پىكىر ئەسلىدە ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن بىر پىكىر ھېسابلىناتتى. يەنى، بۇنداق بىر ھەرىكەتنىڭ تەشۋىقات كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، بۇنداق بىر ھەرىكەت كۈچ كۆرسىتىش نامايىشىغا ئايلىنىپ شەھەر خەلقىمۇ ئىلھاملىنىپ قوزغۇلاڭچىلارنى قوللاش تەرىپىدە بولۇشى ئېنىق ئىدى. كېيىن ھىتلېر بۇ ئىش توغرىلىق شاھىتلىق قىلغان ۋاقتىدا، “بىزنىڭ شەھەرگە يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى مەقسەت، خەلقنى ئۆزىمىزگە قارىتىش ئىدى. شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن بولاتتى. ئاندىن كارل، لوسسوۋ ۋە سېيسېر قاتارلىقلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا قانداق پازىتسىيىدە بولىشىنىمۇ بىلەلىگەن بولاتتۇق. ھەر قانچە دېگەن بىلەن بۇ ئەپەندىلەر خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى پىلىموتلار بىلەن قىرغىن قىلغىدەك ئاقماق كىشىلەر ئەمەستۇ؟” دەيدۇ. قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەھەرگە يۈرۈش قىلىش قارارى ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

لۇدېندورف، قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئەسكەرلىرى نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئىلگىرلىشىگە ھەرگىز توسالغۇلۇق قىلمايدۇ دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. يېقىنقى بىر ۋاقىتلاردا بىر دوستىغا: “باۋارىيە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى قاچانكى ماڭا قارشى چىقىدىكەن شۇ كۈنى ۋەيران بولۇپ گۇمران بولىدۇ” دەپ كاپالەت بەرگەن ئىكەن. ھىتلېرمۇ، مەيلى دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى ياكى شىتاتلىق ساقچىلار بولمىسۇن، ئۇلاردىن ھېچ قايسىسى لۇدېندورفتەك بۇنداق بىر كۈرەش قەھرىمانىغا ئوق

www.pdfdaily.biz

چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، نامايىشتا لۇدېندورفنى ئەڭ ئالدىدا خەلقنى يېتەكلەپ ماڭىدىغانغا قويىماقچى بولىشىدۇ. شۇڭا، ھىتلېر دەرھال قارار قىلىپ (شۇ قېتىم مەن ئۆمرۈم بويىچە ئەڭ ئۈمىدسىز، ئەڭ جەسۇر بىر قارار ئالغان ئىدىم، دەيدۇ ھىتلېر) ھەر قايسى مۇھىم نوقتىلاردا تۇرىۋاتقان قوشۇنلىرىغا ئالدىراش بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پىۋىخانا سىرتىدىمۇ پولكوۋنىك كرىبېل نامايىشقا قاتنىشىدىغان خەلق ئاممىسىنى بىر يەرگە يىغىشقا كىرىشىدۇ. سائەت ئون بىر يېرىم ئەتراپىدا، يەنى ھىتلېر پىۋىخانىدىن چىقىپ يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئېكارت ئىشخانىغا ئالدىراشلىق بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بۇرۇن بىر قېرىنداشتەك يېقىن ئۆتكەن ئىدى. مانا ئەندى، ھىتلېرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ئۇنىڭغا مەجبۇرى تۈردە سالام قىلدى. يىغىن زالىنىڭ سىرتىدا خاتالاشقان بۇ يازغۇچى لۇدېندورفقا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ سوغۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. يەنى گېنېرال ئۇنىڭغا قاراپ قىلچە ئەھمىيەتسىزلا باش لىڭشىتىپ قويىدۇ، خالاس.

نامايىشچىلار قوشۇنى تېز سۈرئەت بىلەن تەشكىللىنىدۇ. شۇ كۈنى پىۋىخانىغا كېلىپ ئەنگە ئالدۇرغان مۇزىكانتلار يا ناشتا قىلالمايدۇ يا ئىش ھەققىنى ئالالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئورۇش مەزگىلىدە ھىتلېر تۇرغان پولكنىڭ مارشى بولغان «بادىنلىقلار ھەيۋىسى» دېگەن مۇزىكىغا ئورۇندىغاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ كېتىپ قېلىشقان ئىدى. شۇڭا، نامايىشچىلار

قوشۇنغا يول باشلاپ ماڭىدىغانغا ئوركىستىر ئۆمىكى بولماي قالىدۇ. ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغانغا تاللانغان قاۋۇل ئەسكەرلەر بىلەن 8 نەپەر ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار كرېست شەكلى بار قارا-ئاق-قىزىل رەڭلىك بايراقلارنى كۆتۈرۈشىدۇ. بايراقچىلارنىڭ كەينىدىن نامايىش قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىرى ماڭىدۇ. يەنى ھىتلېر ئوتتۇرىدا، شۇبنېر رىچتېر بايراقلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، لۇدېندورف بولسا سول تەرىپىدە ماڭىدۇ. يېنىدا مىيونخېن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك كرىبېل كانئۋاي گراف بىلەن كاپىتان ھېرمان گيورىڭ ماڭىدۇ. گيورىڭ بېشىغا ئاق رەڭلىك كرېست شەكىل چۈشۈرگەن مىس قالپاق، ئۈچىسىغا قاملاشقان قارا خۇرۇم كاژانكا كېيىۋالغان، كۆكرىكىگە "شەرەپ مېدالى" نى كۆرۈنەرلىك قىلىپ قادىغان بولۇپ، بىر قاراشتا ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك ئەمما ئالاھىدە رومانتىك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ دېگەندەك خوشال ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولغا ئالغان دېپوتاتلارنى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرايلى دېگەن تەكلىۋى رەت قىلىنغان ئىدى. فيۇرېر ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلىۋېتىدۇ: "بىزگە قەھرىمان قۇربانلار كېرەك ئەمەس"!

ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆتتىن تىزىلغان 3 قاتار تارماق ئەترەتتىكىلەر بىر قاتار بولۇپ ماڭىدۇ. سول تەرەپتە ھىتلېرنىڭ يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بېشىدا مىس قالپاق، قولىدا كارىبىن (卡宾) قۇرال، ئۈچىسىغا قول بومبىسى ئېسىشقان ھالدا ماڭىدۇ. ئوڭ تەرەپتە "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" ماڭىدۇ.

ئوتتۇرىدا جەڭلەردە چېنىققان مىيونخېنلىق ھۇجۇمچىلار قىسمى ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەنلەر ھەر خىل ھەر ياغزا كېيىنگەن كىشىلەر توپى بولۇپ، بەزىلەر ھەربى فورما كەيگەن بولسا، بەزىلىرى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كېيىلگەن كونىراپ تىتىلىپ كەتكەن ھەربى كىيىملەرنى كېيىشكەن، يەنە بەزىلىرى ئىش كىيىمى ياكى سودىگەرلەرچە ياسانغان ئىدى. پىيادە ئەسكەر مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەيۋىلىك جەڭچىلەر قىياپىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ، دۇكاندارلارنىڭ، ئوتتۇرا ياشلىق تىجارەتچىلەرنىڭ ياكى قورقۇنۇچلۇق لۈكچەكلەر قاتارىدا ئارىلىشىپ ماڭىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنىدىكى بىردىن بىر ئورتاق بەلگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا سول قولىدا كىرىست بەلگىلىك يەڭلىك بولىشى ئىدى. كوپ قىسىم كىشىلەر مىلتىق كۆتۈرۈشۈۋالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىرى شىتىكلىرىنىمۇ قاداپ مېڭىشقان ئىدى. باشقا كىشىلەر، بولۇپمۇ ھۇجۇمچىلار ئەتىرىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا دېگىدەك يان قۇراللىق ئىدى.

بۇرۇنغا ئېلىۋالىدىغان كۆزئەينەك تاقىغان شىبىنا رىشىد () روسېنبېرگنىڭ قولىغا نوقۇپ تۇرۇپ: "قارىغاندا ئەھۋالىمىز ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ھىتلېردىن ئەنسىرەپ پەرىزىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامايىش قىلىشى بولۇپ قالىدۇ. فيۇرېرنىڭ چىرايىمۇ كەسكىن ئەمما تاتارغان ھالدا كۆرۈنەتتى. قەھرىتان سوغۇقتا، ھىتلېر قالپىقىنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ھەممىگە تونۇش بولغان ھەربى پەلتوسىنى كىيىۋالغان ئىدى. لۇدېندورف



www.pdfdaily.biz

بولسا ئوۋچىلار كاۋانكىسى كىيىپ، سىرتىغا بىر پەلتو كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىنتايىن تەمكىن، ئۆزىنى تۇتىۋالغان بولۇپ، خىزمەتچىسىگە يارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيگە قايتىپ كەت دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

چۈش ۋاقتىدا، ھەر تۈرلۈك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان نامايىشچىلار قوشۇنى رەسمىي يولغا چىقىدۇ. 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىككى مىڭ كىشىلىك نامايىشچىلار قوشۇنى لۇدىۋىك چوڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگىنىدە كىچىك بىر ساقچى ئەترىتىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ تاللانغان جەڭچىلىرى ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ ئالدىغا چىققان ۋاقىتتا، ساقچىلارنىڭ كوماندىرى ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى يۈرۈش قىلىشتىن توختاڭلار، بولمىسا ئوق چىقىرىلىدۇ دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئاندىن كېيىنگە ئۆرۈلۈپ ساقچىلىرىغا زاتورنى ئوقلاپ قۇراللىرىنى بەتلەپ تۇتۇڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ ساقچى بۇيرۇق بېرىۋاتقىنىدا نېرىسىدىن ھەربىي كاناي ئاۋازى كېلىدۇ. تاللانغان ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەر شتىكلىرىنى تەڭلەپ ساقچىلارنىڭ ئەترىپىنى قورشاشقا كىرىشىدۇ. ساقچىلارغا ۋارقىرايدۇ: "ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوق چىقارماڭلار!" ساقچىلار ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ساقچى توسىقىدىن بىر پايمۇ ئوق چىقارماي ساق ـ سالامەت ئۆتىۋالىدۇ. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يولنى ئۇدۇل داۋام قىلىدۇ. زۋېبرۈكىن (兹威布鲁肯) كوچىسى بويى كىشىلەر بىلەن لىق تولغان؛ نۇرغۇنلىرى ئالقىشلىماقتا ھەمدە قوللىرىدىكى كىرىست بەلگىلىك بايراقلىرىنى پولاڭشىتىپ

نامايىشچىلارنى قارشى ئېلىشاتتى. تاماشىبىنلارمۇ نامايىشچىلار ئارىسىغا قېتىلىشقا باشلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى نامايىشچىلارغا مەدەت بولۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇپ ئالالمىغان هالدا مارش ئېيتىشقا باشلايدۇ. ئوركېستىر بولمىسىمۇ، نامايىشچىلار ئۆزلىكىدىنلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «هۇجۇم مارشى» نى ئېيتىپ كېتىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى ئىساتور (伊萨托尔) غا يېتىپ كەلگەندە، يازغۇچى ئېكارت سول تەرەپ دەرۋازا تۈۋىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇراتتى. ئۇ، نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان كەسكىن كۆرۈنۈشتىكى هىتلېرنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ: "ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە قاراپ كېتىۋاتاتتى. گويا ماڭا: سەن نەدە قالدىڭ؟ دەپ سوراۋاتقاندەكلا قىلاتتى" دەيدۇ ئېكارت.

بۇ سوغۇق كۈندە، كىشىلەر ئاغزى-بۇرنىدىن قۇيۇق هور چىقىرىشىپ توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. چارەك سائەتتىن كېيىن، نامايىشچىلار مارىيان (马利安) مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. مەيداندا تېخى يېڭىلا مىتىنگ بولۇپ ئۆتكەچكە، هەممە ئەتراپتا نۇرغۇنلىغان كرېست بەلگىلىك بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. شەهەرلىك هۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىدىكى ناتسىستلار بايرىقىمۇ تېخىچىلا هەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى توۋلىشاتتى. بۇ چاغدا، نامايىشچىلار قوشۇنىدا قالايماقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. بەزىلەر دەرهال پىۋىخانىغا قايتىپ كېتەيلى

دېيىشىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەپ، بىرىپ رومنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىمىز كېرەك دەپ تۇرىۋېلىشىدۇ. بۇ چاغدا پولكوۋنىك كرىبېل، لۇدېندورفنىڭ نامايىشچىلارنى باشلاپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ۋېيىن (威因) كوچىسىغا كىرىپ، ئوۋدكۇنس (奥德昂斯) مەيدانى تەرەپكە قاراپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. پولكوۋنىك ھەيران قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز-ئۆزىگە "لۇدېندورف ئۇ يولغا قاراپ ماڭغان بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك" دەيدۇ. ئەسلىدە گېنېرال لۇدېندورف شۇنداق بىر ھىلە ئىشلەتكەن ئىدى. "ھاياتىمىزنىڭ بەزى پەيتلىرىدە كىشىلەر تۇغما تۇيغۇسىغا تايىنىپ ھەركەت قىلىپ قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىنى پەقەتلا ئويلىمايدۇ. ... بىز پەقەتلا روم بار يەرگە قاراپ مېڭىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنىلا ئويلايتتۇق".

ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭلىك پەلتوسىنى ئارتىۋالغان بەستلىك لۇدېندورف، شۇ ئاندىكى ھاياجىنى بىلەن ئوڭغا قاراپ بۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار قوشۇنىنى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان يەرگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر قانچە مىنوتتا قالماي نامايىشچىلار قوشۇنى مىيونخېندىكى ئەڭ قاتتىق قوغدىلىدىغان يەرلەردىن بىرى بولغان پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. نامايىشچىلار بۇ يەرگە كېلگەندە بىر ئەتىرەت ساقچىلار تەرىپىدىن توسىۋېلىنىدۇ. ئەمما نامايىشچىلار قوشۇنى كۈتىرەڭگۈ روھلۇق بىلەن "گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن" ناخشىسىنى توۋلاپ قورقماستىن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ.

www.pidaiy.biz

ۋىنىفرېد ۋاگنېر (威尼弗里德•瓦格纳 Winifred Wagner) خانىم دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ كۆزىتىپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىزلا ئەڭ قاتتىق چوقۇنىدىغان ھىتلېرنىڭ لۇدېندورف بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ قوماندانلىق شتابى تار يولدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئالدى تەرەپتە ئودكىنىس (奥德昂斯) مەيدانىدا ئۇششاق گۇرۇپپىلار بويىچە تارقالغان ماش رەڭ كىيىملىك ئەسكەرلەرنىڭ يۈگرىشكىنىچە پوزىتسىيىگە ئۆتۈپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى توساشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ تار كوچىدا 8 كىشى مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئارانلا ماڭغىلى بولاتتى. ھىتلېر يېنىدىكى شۇبنېر رىچتېر بىلەن قول تۇتۇشقىنىچە ئاپەت ئۈستىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. لۇدېندورف بولسا ئۆزى يالغۇز داغدام قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان بولۇپ، ماڭا ھېچ كىم ئوق چىقىرالمايدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ئالدى تەرەپتە لېتىنانت فرېيخېر ۋون گودىن (麦柯尔•弗莱赫尔•冯•戈丁 Freiherr von Godin) كوماندىرلىقىدىكى فېدرال ساقچىلار ئۇنىڭ يولىنى توسىۋالىدۇ. گودىن ئالدىدا كېلىۋاتقان ئەتىرەتكە قاراپ ۋارقىرايدۇ: "ئىككىنچى روتا، يۈگرىپ مارش!"

فېدرال ساقچى ئاستا يۈگرەش بىلەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئەمما قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەنىلا تارقالماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇلار يۈگرىشتىن توختاپ شتىكلىرىنى چىقىرىپ مىلتىق تەڭلەيدۇ ياكى تاپانچىلىرىنى چىقىرىدۇ. گودىن مىلتىقى بىلەن ئىككى شتىكنى قايرىپ تاشلاپ،

www.pldaiy.biz

“كۆتەرگەن مىلتىقى بىلەن كەينىدىكى ئىككى ئادەمنى يىقىتتىدۇ.” تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى كېلىدۇ. گودىن ئوقنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئوق بىر ئەسكەرنى يىقىتتىدۇ. “روتامدىكى ئەسكەرلەر چۈچۈپ تۇرۇپلا قالدى. قىمىرمۇ قىلمايتتى. كەينىدىنلا مەن بۇيرۇق قىلغىچە قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىم ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئوقلار قارشى تەرەپكە يامغۇردەك ئېتىلىشقا باشلىدى.”

قوزغىلاڭچى قىسىملارمۇ دەرھال قارشىلىق كۆرسەتتىدۇ. كەينىدىنلا نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن يول بويىدىكى تاماشا كۆرگۈچىلەر ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلاپ، ئوتتۇرلۇق پۈتۈنلەي قالايماقانلىشىپ كېتىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا يىقىلغانلار ئارىسىدا شىرىنا رىشىد () مۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆپكىسىگە ئوق يېگەن ئىدى. يەنە بىر يىقىلغان كىشى بولسا گراف بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوق تېگىشتىن بۇرۇن سەكرەپ ئېتىلغىنىچە بىرىپ ھىتلېرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان 5~6 پاي ئوقنى كۆكسى بىلەن توسىۋالىدۇ. ھەتتا گراف يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ تۇرۇغلۇقمۇ ھىتلېرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىپ يەرگە ياتقۇزىۋالىدۇ. نەتىجىدە ھىتلېرنىڭ سول قولى جايىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە شىرىنا رىشىد () مۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىتلېرنى تارتىپ پىيادىلار يولىغا سۆرەپ چىقىرىدۇ. لۇدېندورفنىڭ سادىق خىزمەتچىسى (ئۇنىڭغا ئۆيگە قايتىپ كەت دەپ بۇيرۇق قىلىنغان بولسىمۇ كەتمىگەن

www.pidaily.biz

ئىدى) ئاسفالىت يولدا قان ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ دوستى ئىگنات (埃格纳)، يەنى جان تالىشىپ ياتقان شىرىنا رىشىد () نىڭ خىزمەتچىسى دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ئۆملەشكە باشلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئالللىمۇ قاچان جېنى چىقىپ بولغان ئىدى. بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم گېنېرال لۇدېندورف ئىدى. گېنېرال بىر قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئوق چىقىرىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ (كۆپ سانلىق دوكلاتلاردا لۇدېندورفنى ئۆلمەس قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەشكەن بولۇپ، ئۇ باشتىن ئاخىرغىچە تىك تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلىگەن، ئەمما ھىتلېر بولسا ئەزەلدىن قورقۇنچاق بىرسى ئىدى، دەپ يېزىشىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ھىتلېر يەرگە يېتىۋالغان دېيىشەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەسلىدە ھىتلېرمۇ ئوق چىقار- چىقماي ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئوقتىن ساقلىنالىشى پۈتۈنلەي نورمال ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇنداق قىلىش ماھارىتىگە ئىگە جەڭلەردە چېنىققان بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇ ياتمىدى. پەقەت ئۇنى باشقىلار تارتىپ يەرگە ياتقۇزغان. ئۇنىڭ قولىنىڭ چىقىپ كېتىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. روبېرت مۇرفى شاھىتلىق قىلىپ “لۇدېندورف بىلەن ھىتلېر ئىككىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقان ئىدى؛ ئىككىسىلا مۇشەققەتلىك جەڭ مەيدانىدا پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبىلىك ئەسكەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكەن. ئوق چىققاندا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن يەرگە ياتقان” دەيدۇ.

www.pidaily.biz

يەنە بىر نەق مەيداندىكى بىرسى، كىچىلىك كۈزەتچى بىرسىمۇ لۇدېندورفنىڭ ئوق چىققاندا ئۆزىنى يەرگە ئاتقانلىقىنى، يەردىكى بىر ئۆلۈكمۇ ياكى بىر ياردارمۇ بىرسىنى ئۆزىگە دالدا قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنە بىر كىچىلىك كۈزەتچىمۇ ئوق ئاۋازى كېلىشى بىلەن تەڭ يولدا ئۆرە تۇرغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، دەيدۇ.(.

ھىتلېر يېقىلىپ چۈشۈپ سول بىلىكىمگە ئوق تەككەن بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. سەپداشلىرى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى قوغداشقا كىرىشىدۇ. نەق مەيداندا 18 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، بۇلاردىن 14 نەپىرى ھىتلېرنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى، قالغان 4 نەپىرى ساقچى ئىدى. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ 18 ئادەمنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك مىللىي سوتسىيالىزمنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. نەق مەيداندا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەقەت ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان كىشىلەرلا ئېنىق كۆرەلىگەن بولۇپ، كەينىدە قىستىلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئالدى تەرەپتە پەقەتلا ۋاڭىلدىغان ئاۋازلارنىلا ئاڭلىيالايدۇ. كەينىدىنلا قۇلاقتىن قۇلاققا گەپ تارقىلىشقا باشلاپ، ھىتلېر بىلەن لۇدېندورف ئىككىسىگىلا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ دېگەن پىتنىلەر ئىقىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەينىگە چېكىنىشكە باشلايدۇ.

لۇدېندورف داغدام قەدەملەر بىلەن توساقلاردىن بېسىپ ئۆتۈپ بىرىپ بىر لېتىناتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ لېتىنات گېنېرالنى

قولغا ئېلىپ، قوماندانلىق شتاۋىغا يالاپ كىرىدۇ. بىناغا كىرىشى بىلەن تەڭ، سەل ئاۋاللا رومانلاردىكى قەھرىمانلاردەك كۆرۈنگەن لۇدېنىدورف بىراقلا ئەكە چوڭ قىلىنغان بىر ئەكەناياناق بالىغىلا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بىر پولكوۋنىك ئۇنىڭغا، ئائىلىسىدىكىلەرگە گېنېرالنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئەۋەرتەيلىمۇ دەپ سورىۋىدى، گېنېرال قوپاللىق بىلەن بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى 'جانابلىرى' دەپ چاقىرىشنى چەكلەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا 'لۇدېنىدورف ئەپەندى' دەپ خىتاپ قىلىشقا باشلايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا ئەدەپسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ساقچى ئەمەلدارى يەنىلا پاگونلۇق كىيىم بىلەن تۇراتتى. ئەمما بۇ ساقچى شۇندىن كېيىن مەڭگۈگە بۇ فورمىسنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ھىتلېر يارىلانغان سول بىلىكىنى كۆتەرگىنىچە ئاغرىقتىن قاتتىق ئازاپلانماقتا ئىدى. ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئاستا-ئاستا مەيداندىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى-روھى تاتارغان، چاچلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ يۈزىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يول بويى مېيونخېن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ سەھىيە قىسمىدىن ئىگىز بويلۇق ياش يىگىت بولغان دوختۇر ۋالتېر شۇلتىز (瓦尔特•舒尔兹 Walter Schultze) ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ. پىيادىلار يولدا ئۇلار بىر كىچىك بالىنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ بالا يارىلىنىپ قانسىراپ تۇرغان ئىدى. ھىتلېر ئۇنى كۆتۈرىۋالماقچى بولىۋىدى، شۇلتىز دەرھال ئايالىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسىنى

چاقىرتىپ كېلىپ (ئۇ بىر بوتانىك ستۇدېنتى بولۇپ، ئىسمى شوست 舒斯特 ئىدى) بالىنى كۆتۈرۈشۈپلىشنى تاپىلايدۇ. مېكس يوسېف (梅克斯•约瑟) مەيدانىغا كېلىپ ئۇلار ھىتلېرنىڭ كونا ‹سېرف› (塞尔夫) ماركىلىق ماشىنىسىنى تېپىۋالىدۇ. ماشىنا داۋالاش ئاسۋاپلىرى ۋە دورا-دەرمەكلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. يېشى چوڭ جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى بولغان لىنلېنكىر (林兰克尔) بىلەن شوپۇر بىرلىكتە ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر بىلەن دوختۇر كەينىدە ئولتۇرىدۇ. شوست (舒斯特) بايىقى ياردار بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يان باسماقتا ئۆرە تۇرىدۇ. ھىتلېر ماشىنى بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا ھەيدەشنى بۇيرۇيدۇ. ھىتلېر ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى كۆرگەچ كەتمەكچى ئىدى. مارئىان (马利安) مەيدانىدا ئۇلار نۇرغۇنلىغان پىلىموتلارنىڭ ئوق چىقىرىۋاتقان بىر يەرگە دۈچ كېلىپ قېلىپ، ئامال يوق نۇرغۇن قېتىم يولىنى ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ. لۇدۋىگ چوڭ كۆۋرۈكىمۇ توسۇۋېلىنغان بولغاچقا ئىلاجىسىز كەينىگە يانىدۇ. بۇ چاغدا ياردار بالا ھوشىغا كېلىدۇ. شوست (舒斯特) دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ بالىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزى كېتىپ قالىدۇ. پىكاپ سىندېرلىنگتور (森德林格托尔) مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار يەنە جەنوپلۇقلار قەۋرىستانلىقىدىن كەلگەن ئوق ئېتىشىغا دۈچ كېلىدۇ. ئۇلار پىۋىخانىغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئىمكانى بولمىغاچقا ئامالسىز جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، سالزبۇرگ تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ.



www.pdfdaily.biz

گيورىگنىڭ مەيدىسىگە تاقىغان "شەرەپ مېدال" لىرى ئۇنى بالادىن قۇتقۇزۇشقا يارىماي قالىدۇ. ئۇنىڭ پاقالچىقىغا ئوق تەككەن بولۇپ، پىيادىلار يولدا تولغىنىپ ياتاتتى. كىشىلەر ئۇنى قوماندانلىق يولى 25ـ نومۇرلۇق قوراغا كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن بىرسى ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ يىپىنى تارتىپ سىلكىيدۇ. ئۇلار ئۆي خوجايىنى روبېرت بالىن (巴林) دېگەن كىشىگە يارىدار قوبۇل قىلىپ قىلالمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. "ئەلۋەتتە قوبۇل قىلالايمەن، بىز ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ ساقلاپ بېرەلەيمىز، شۇغىنىسى، دىققەت قىلىڭلار، بۇ يەردە بىر يەھۇدىي ئائىلىسىمۇ بار" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ گيورىك ئۈستى قەۋەتكە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ يارىسى تېڭىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى كېلىپ ئۇنى باشقا بىر بىخەتەر يەرگە يۆتكەپ كەتكىچە بۇ يەردە يۇشۇرۇن تۇرۇشقا ماقۇل بولىشىدۇ. يەھۇدىي ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ تۈرمىگە سولىنىشىدىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

## (6)

مارىئان مەيدانىدا، جەڭگە ئاتلىنىدىغانىدەك باشلانغان ھەرىكەت گويا قانداقتۇ بىر قورقۇنۇچلۇق تەبىئى ئاپەت پەيدا بولغاندەك كىشىلەر ئەسەبىلەرچە ھەر تەرەپكە تارقىلىش بىلەن نەتىجىلەندى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار قىزلار ئوتتۇرا ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كىرىپ يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

كارىۋاتلارنىڭ ئاستىغا مۆكىدۇ، يەنە بەزىلىرى ھاجەتخانىلارغىمۇ كىرىپ مۆۋشكە باشلايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر ئاشخانىغا كىرىپ ھەر ئەتىراپنى قىزىپ قۇرال سىقىدىغان يەر ئاختۇرۇپ، قۇراللىرىنى ئۇچاقلارنىڭ ئاستىغا، ئۇن خالتىلىرىنىڭ ئىچىگە ياكى قەھۋە ئىدىشلىرىغا سۇقۇشقا كىرىشىدۇ. ساقچىلارمۇ ھەر تەرەپتىن توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ قولغا ئېلىشقا كىرىشىدۇ؛ يۈزلەرچە ئادەم يوللاردا تەكشۈرۈلىدۇ. قەھۋىخانىنى ساقلاپ تۇرىۋاتقان قوماندانلىق شتابىدىكىلەر بۇ بالا-قازادىن قورقۇپ پىتىراپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر پايمۇ ئوق ئاتقىدەك بولماي ساقچىلارغا ئەل بولۇپ، قۇراللىرىنى يىغىپ دۆۋىلەپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. ھەربى رايون قوماندانلىق شتاۋىدىكى كاپىتان روم، قارشىلىق كۆرسەتكەننىڭ قىلچە پايدىسى يوقلىقىنى كۆرۈپ قۇرال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. گەرچە قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، پىۋىخانىدا غالىبىيىتىنى تەنتەنە قىلىپ يۈرگەن ساقچىلار شەھەر خەلقىنىڭ ھاقارىتىگە قالىدۇ. خەلق ئۇلارغا قاراپ "يوقۇلۇڭلار! يەھۇدىي قوغدىغۇچىلىرى! ۋەتەن ساتقۇچىلار! ۋەھشى چىل بۆرىلەر! خايىل ھىتلېر! يوقالسۇن كارل!" دەپ شۇئار توۋلىشاتتى.

باش قوماندانلىق مەھكىمىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىش بىلەن، لانست (兰舒特) دىكى ھۇجۇمچىلار ئەتىرتى تېخىچە ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى قولدىن بەرمەي ساقلاپ تۇرىۋاتقان ئىدى. بۇ يەردىمۇ پىتنە-پاسات گەپلەر يامراشقا باشلايدۇ: لۇدېندورف ئۆلۈپتۇدەك، ھىتلېر ئېغىر

ياردارلىنىپتۇدەك! دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. گىرىگور ستراسسېر قالغان قىسىملارنى يىغىپ، "پاجىئەلىك بىلەن كارنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىدۇ. بىر ئورمانلىقتا ئۇلار مىيونخېنلىق ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قۇراللىرىنى دەرەخلەرگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ستراسسېر، بۇ قۇراللار كېيىن يەنە لازىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى بۇ ھەرىكىتىنى توختۇتۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لانست (兰舒特) ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر ئىتتىپاق بولۇشۇپ تېمىسى ئۆزگەرتىلگەن «كىرست بايرىقى بىلەن مىس قالپاق» دېگەن مارشنى توۋلىشىپ ھاياجان ئىچىدە خوفبانوۋ (霍班诺夫) غا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇلار "بىز سېتىۋېتىلسەكمۇ بەربىر ۋەتەنگە سادىقمىز" دەپ ناخشا ئېيتىپ ماڭىدۇ.

تاشيولدا يەنە بىر قىسىم ھۇجۇمچىلار كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ تۇتۇپ كەلگەن مىيونخېن شەھەرلىك دېپوتاتلارنى، ئۇلار قاراماشىنىدا ئولتۇراتتى، يالاپ ماڭغان ئىدى. روسىنخېيىن (罗森海因) غا ماڭىدىغان تاشيول بويىدىكى ئورمانلىققا كەلگەندە بۇ ماشىنىلار توختايدۇ. ئەترەت باشلىقى ئەسىرلەرنى باشلاپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىدۇ. ئەسىرلەر قورققىنىدىن يۈزلىرى ئاپئاق تاترىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار "ئەندى بىزنىڭ ئاخىرقى مىنوتلىرىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ" دەپ ئويلىماقتا ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۈستى بېشىنى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش بىلەنلا

كۇپـــايىلەنگەن ئىـــدى. شـــۇنداق قىلىـــپ، ھۇجـــۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر شەھەر پۇخراسى شەكلىدە مېيونخېنغا قايتىپ كېتەلەيدىغان بولىدۇ. گۆرۆگە ئېلىنغان باش مىنىستىر ۋون نىلىن (冯•尼林) بىلەن قالغان مۇھىم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىدۇ. ھېس ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تېگىنىش (特根西) تىكى بىر داچىغا ئاپىرىدۇ. ئەمما ئۇلار مېيونخېنغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋال ئىگەللىگەندە، گۆرۆدىكىلەرگە قاراۋاتقان ياش جەڭچى قايىل قىلىنىپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ماشىنىلىق ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېس گۆرۆدىكىلەردىنلا ئايرىلىپ قالغان بولماي، ئاپتوموبىلدىنمۇ مەھرۇم قالغان ئىدى.

ئۇلار قۇراللىرىنى يۇشۇرۇپ بولۇپ، شىرىنا رېشىد () نىڭ خىزمەتچىسى ئۆتنە ئېلىپ كەلگەن پۇخراچە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ يۇشۇرۇنۇقچە قىرغىنچىلىق بولغان جايغا قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خوجايىنىنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇشۇشقا كىرىشىدۇ. قوماندانلىق بىناسىدا ئۇنى توسۇۋېلىشىدۇ؛ ئېگنار (埃格纳) بىر ساقچى ئەمەلدارىغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىدۇ. “نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەلەپ قىلىشىم نەتىجىسىدىلا ئاندىن ئۇلار مېنى كىرىشكە رۇخسەت قىلىشتى. كىرىش ئىشىكى يېنىدا بىر مۇنچە ئۆلۈكلەر تىزىلغان ئىكەن. مەن بۇنى كۆرۈپ قېيىپلا كەتكەن ئىدىم. مەن بۇ جەسەتلەر ئارىسىدىن خوجايىنىمنى ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.” ئېگنار () خوجايىنىنىڭ دوستى بولغان لۇدېندورفنىڭ

www.pjday.biz

خىزمەتچىسىنىڭ جەسىدى يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. "كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولدى. پۈتۈنلەي ئۆمىدسىز هالدا ئىدىم. مەن شۇنىڭ بىلەن ۋېيدىنمىر (维登梅尔) كوچىسىدىكى ئۆيگە قايتىپ كەتتىم." شىرىنا رىشىد () خانىم يولدىشىنىڭ نەدىلىكىنى سورايدۇ. ئېگنار () هۇلۇققىنىچە يالغان ئېيتىپ باققان بولسىمۇ خانىمنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. "مەن خانىمنىڭ: نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق، ئەمما مەن يەنە نېمە ئۈچۈن ئوفىتسېر تەرىپىدىن ئالدىنىپ يۈرىمەن؟ دېگىنى ئېسىمدە."

خانفىستانگىل بارلىق هەرىكەت پۈرسەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆيدە قالغان ئىدى. سىگىلىسى تېلېفون قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مىيونخېن مەركىزىگە يېتىپ كەلدى، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. كوچىدا ياخشى بىلىدىغان بەستىلىك بىر هۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئادىمىنى يولۇقتۇرىدۇ. ئۇ كىشى خانفىستانگىلغا: هىتلېر، لۇدېندورف ۋە گېيورىگلارنىڭ هەممىسى قۇربان بولدى، ئەندى ناتسىستلار پارتىيىسى تۈگەشتى دېسەكمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆيگە بېرىپ قېچىش تەييارلىقىنى قىلماقچى بولىۋىدى، بىر بېرزىنتلىق كىچىك ماشىنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختايدۇ. ئاپتوموبىل ئىچىدە ئامان، هېس، ئېكارت ۋە خوفمان قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە رەسىم تارتىش ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە هەممە بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشىپ، خانفىستانگىلنىڭ يالغۇز ئاۋستىرىيىگە كېتىۋېلىشىغا بىردەك كېلىشىدۇ .

www.bjdaiy.biz

ھىتلېر، ئۇففىڭ (乌夫因 Uffing) سەھراسىدىكى داچىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغان بولسىمۇ، يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەر ئۇنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىغان ئىدى. مىيونخېندىن ئون چاقىرىمدەك يىراقلىقتىكى بۇ يەردە، ھىتلېر ئۇززۇن سوزۇلغان جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، تۇيۇقسىز "سول بىلىكىمگە ئوق تەگكەندەك قىلىدۇ" دەيدۇ. "قىزىتماڭ بارمۇ؟" دەپ سورايدۇ شۇلتىز دوختۇر. "قىزىتمامغۇ يوق، ئەمما بىلىكىمدە ئوق قالغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا بەلكىم ئىچىدە بىر يەرلىرىم ئوقتا سۇنغان بولىشىمۇ مۇمكىن." ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدە ماشىنىنى توختىتىدۇ. دوختۇر، ھىتلېرنىڭ كاژانكىسىنى، ئىككى قات پوپايكىسىنى، گالۇستۇكىنى ھەمدە كۆڭلىكىنى مىڭ تەستە سالدۇرىدۇ. شۇلتىز ئۇنىڭ سول بىلىكىنىڭ بەكلا ئېغىر چىقىق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەمما ياردەمچىسىمۇ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا ئىچىدە چىققان قولىنى جايىغا سېلىش ئىمكانىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنىڭ ياردار قولىنى بىر قول ياغلىقى بىلەن تېڭىپ ھەركەت قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ئاۋىستىرىيىگە قېچىپ كېتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇلار مورنوۋ (慕尔瑙) غا يېتىپ كېلەي دېگەندە، ھىتلېر، خانفستانگىلنىڭ ئۇففىڭدىكى داچىسى ئېسىگە كېلىدۇ. ئۇ يەر نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان بىر يەردە ئىدى. ئۇ شوپۇرىغا "سېرف" (塞尔夫) ماركىلىق پىكاۋىنى بىر يەرگە پۇختىلاپ

يۇشۇرۇپ قويىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇ دوختۇر، جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ئۈچىسى بىرلىكتە ئۇففىگىغا قاراپ يايىاق يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ئەتراپىدا خانفىستانگىلىنىڭ داچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ داچا تاش بىلەن ياسالغان چاققانغىنە بىر بىنا بولۇپ، بۇ كەنتتىكى چېركاۋغا يېقىنلا بىر يەردە ئىدى. ھېلېنە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ ئۈچ نەپەر مېھمىنىنى ئۈستىنكى قەۋەتتىكى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە باشلاپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر لۇدېندورف بىلەن ئۇنىڭغا سادىق گرافنىڭ قۇربان بولىشىغا قاتتىق ئۆكۈنىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىلىپ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ بارغانسىرى ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ: لۇدېندورف ئىشەنچلىك بىرى بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلالىدى؛ گراف مۇ سەممى سادىق بىرسى بولغىنى ئۈچۈنلا ئەنە شۇنداق مۇكەممەل بىر كانىۋايدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئاندىن ئۇ ئۈچ كاتىۋاشىنىڭ خائىنلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، "تىرىكلا بولىدىكەنمەن، ئۆز غايەم يولىدا تەۋرەنمەي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ".

ھېلېنە ھىتلېرغا، چوقۇم سىلەرنىڭ پىيىگلارغا چۈشكەن بولىشى مۇمكىن، قولغا ئېلىنىشقا قارشىلىق كۆرسىتىشىگلار ئۈچۈن ياخشىلاپ بىر ئۇخلىۋېلىشىگلار كېرەك دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. دوختۇر شۇلتىز بىلەن جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ھىتلېرنى يۆلەشتۈرۈپ ئۈستى قەۋەتتىكى بىر ياتاق ئۆيىگە

ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەن بىلىكىنى جايىغا سېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. مۆرىسى بەكلا قاتتىق ئىششىپ كەتكەچكە، بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۇلار قايتا سېلىشقا كىرىشكىنىدە ھىتلېرنىڭ چىرايى ئاغرىقتىن پۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئۇلار بىلىكىنى ئورنىغا سېلىۋالىدۇ. ئاندىن جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ئۇنىڭ مۆرىسىنى بىلىكى بىلەن قوشۇپ داكىدا ياخشىلاپ تېڭىپ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ. ھېلېنە ئىشىك يوچۇقىدىن ھىتلېرنىڭ ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

چەتئەل گېزىتلىرى مىيونخېن قوزغىلىڭى توغرىسىدا بەس- بەس بىلەن بۇرمىلانغان خەۋەرلەرنى يوللاش بىلەن مەشغۇل ئىدى: نيۇيورك شەھىرىدە بۇ ۋەقەنى قۇراللىق قوزغىلاڭ دەپ ئاتىشىپ، ھىتلېر بۇ قوزغىلاڭدا ئاساسلىق رول ئوينىدى، دەپ خەۋەر يازىدۇ. رىمدا (كۇرت رادىك (库尔特•卢德克) يەنە بىر قېتىم ھىتلېرغا ۋاكالىتەن مۇسسولىنى بىلەن مۇزاكىرە قىلغان)، چۈش ۋاقتىدا ھەر قايسى گېزىتلار "شاھزادە روبلېيشت (卢伯莱希特)ئىنقىلابى پارتىيىگە ئەزا بولۇپتۇ، دەپ يازىدۇ.

10-نويابىر (ئوغلاق) چۈشتىن بۇرۇن، قوزغىلاڭچىلار يا قولغا ئېلىنىدى يا بولمىسا قېچىپ يۇشۇرۇندى. گەرچە تىگىنىش (特根西)تا قالغان ھېس ئاپتوموبىلسىز قالغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئوبىكتىۋى ئىلسې پرۆل ( 伊尔塞•普罗尔 Ilse Pröhl) غا تېلېفون قىلىش پۇرسىتىنى تېپىپ گۆرۆدىكىلەردىن

ئايرىلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىرەر ماشىنا تېپىپ خاۋشوفېرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىنمۇ دەپ سورايدۇ. ئىلسى ۋېلسىپىتلىق مىيونخېندىن يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەر مىيونخېندىن 30 چاقىرىم يىراقتىكى بىر يەر بولغاچقا، ھېس بىلەن بىرگە شەھەرگە قايتىپ كېلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلاردىن بىرسى ۋېلسىپىتلىق بىر مەزگىل مېڭىپ ۋېلسىپىتنى يول بويىغا تاشلاپ قويۇپ ئالغا كىتىۋېرەتتى. يەنە بىرسى ۋېلسىپىت بار يەرگىچە مېڭىپ كېلىپ ۋېلسىپىتلىق ئالدىدا ماڭغاندىن ئۆتۈپ بىر يەرگە ۋېلسىپىتنى كەينىدىكىسىگە تاشلاپ كىتىۋېرەتتى (بۇ، ھېسنىڭ پىلانى ئىدى). ئەنە شۇنداق نۆۋەتلىشىپ ۋېلسىپىت مىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى باۋارىيىنىڭ مەركىزى بولغان مىيونخېنغا كېلىۋېلىپ، پروفېسسور خاۋشوفېرنىڭ ئۆيىگە يېتىشىدۇ. گەرچە بۇ پروفېسسور ئۇلارنىڭ قوزغىغان بۇ قېتىمقى قوزغىلىڭىنى "ئاخماقانە بىر ھەرىكەت" دەپ قارىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ قاچقۇننى ئۆيىدە ساقلاشقا ماقۇل بولىدۇ. پروفېسسور، گەرچە ھېس دېگەن بۇ ئادەمنىڭ بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلىرى بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى، يەنى ئۇنىڭ ئەقىللىق بولغانلىقى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ قەلبى ۋە مىجەزى ئۇنىڭغا ياقاتتى. شۇڭا پروفېسسور ھېسنى بەربىر ياخشى كۆرەتتى. ھېسنىڭ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولغان ئىدى؛ ئەگەر گۆرۆدىكىلەرنى يوقۇتۇپ قويمىغان بولسا بەلكىم بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى دەپ ئويلايتتى.

www.pdaily.biz

شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچىمۇ بولىدۇ. ئەمما پروفېسسور خاۋشوفېر مىسال كەلتۈرۈپ چىڭ تۇرۇپ سۆزلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆلىۋېلىش خىيالىنى ئاخىرى كاللىسىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا، بېرىپ تەسلىم بول دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ھېس ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، پروفېسسور خاۋشوفېرنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ، بىر يېقىن دوستى بىلەن بىرلىكتە شەھەر سىرتىدا بىر يەرگە بېرىپ مۆكۈنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالغان سۆيگۈنى ئىلسېغا قاراش ئۈچۈن ئادەتتىكىچە ۋېلىسىپىتلىق شەھەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

## (7)

ئۇففىڭدا، ھىتلېرنىڭ غەم ئەندىشىلىك ئۇيقۇسىز كېچىلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى. خانفىستانگىلمۇ تېخىچىلا ئۆيىگە قايتمىغان ئىدى. ھىتلېر ئاغرىق ئازاۋىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئەنگلىيە پاسونىدىكى ساياھەت زىلچىسىنى ئۈستىگە چىڭ يۆگەپ ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھىتلېر، ھېلىنە خانفىستانگىلنى يېنىغا چاقىرتىپ، جىددى قۇتقۇزۇش خادىمىنى مىيونخېنغا بېرىپ بېشىستان (贝希斯坦) نى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئىۋەرتكەنلىكىنى، ماشىنىسىنى تېپىپ ئەكىلەلىسە ئاۋىستىرىيىگە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرنىڭ مۆرىسىنى تولۇق ساقايتىش ئۈچۈن كەسىپدېشى بولغان داڭلىق دوختۇر شاربرۇخ

(沙尔勃鲁赫) نىڭ ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ياردەمچىسىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن دوختۇر شۇلتىزمۇ شەھەرگە قايتىپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بەكلا ئاستا بىلىنمەكتە ئىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە ھەتتا ئايال خىزمەتچىلەرمۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن تاماققىمۇ ئولتۇرالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەندىلا 3 ياشقا كىرگەن كىچىك ئېگونلا ئادەتتىكىدەك ئويناپ-كۈلۈپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ يەردىكىلەر بۇ بالىنى تالاغىمۇ چىقارماي ئۆي ئىچىگە سولاپ قويۇشىدۇ. بولمىسا بۇ كىچىك نارسىدە تالاغا چىقىپ خالايىققا، ئادولف تاغام بىزنىڭ ئۆيدە، دەپ ۋارقىراپ يۈرىشى مۇمكىن ئىدى. چۈشكە ئاز قالغىنىدا، دوختۇر شۇلتىز داڭلىق كەسپدېشىنىڭ ياردەمچىسىنى باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ ھىتلېرنىڭ بىلەك-مۈرىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەھۋالنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تېڭىقنىلا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ھىتلېر، شۇلتىزغا تەلىمات بېرىپ، ئۆزى يوق ۋاقىتلاردا تەشكىلات ئىشلىرىغا دىرېكسلېر مەسئۇل بولۇپ تۇرىشىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئىشتىن ھېس ۋە لۇدېندورف قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويۇشىنى، ئەگەر ئۇلار ساق قالالىغان بولسا، شۇلتىزغا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرىدۇ.

بۇ ئىككى دوختۇر قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ھىتلېر ئۆي خوجايىنى خانىمغا، يولدىشىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەسەللى بېرىدۇ. ئاندىن

www.pidaily.biz

ئۇ، سەپداشلىرىنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەلگەنلىكىنى ئويلاپ پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى راستىنلا ئۇخلىدى دېيىلسىمۇ، ئەتىسى تاڭ سەھەر يېقىندىكى چېركاۋدىن ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك روھىنى ئۆك-تەتۈر قىلىۋېتىشكە يەتكەن ئىدى. ئۇ كۈنى چىسلاغا 11 بولۇپ، ھەپتىگە يەكشەنبە (پازار) ئىدى. ھىتلېر چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىلا ئاندىن ئوتتۇرلۇقتا كۆرۈندۇ. قولى بوينىغا تاختاي تېڭىپ ئېسىپ قويۇلغان بولغاچقا، كىيىملىرىنىمۇ كىيەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ خانىستانگىلىنىڭ قېنىق كۆك رەڭلىك گۈللۈك مونچا يېپىنچىسىغىلا ئورىنىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇمدەك ساغرىپ كەتكەن چىرايىدىن سەل-پەل كۈلكە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرسىتىپ، مەن ھازىر رەسمى بىر يالغان رىم دېپوتاتىغىلا ئوخشاپ قالدىم دەپ چاخچاق قىلىدۇ. ئۇ يەنە ھېلېنىيىگە، بىر ۋاقىتلاردا دادامىمۇ مېنى ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر كىيىمنى كىيىۋالغىنىمنى كۆرۈپ شاڭخو قىلىپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى، دەيدۇ.

چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر تېخىچىلا خاتىرجەم بولالماي مېھمانخانا ئۆيىدە ئۇياقتىن بۇياققا تىنماي ماڭاتتى. بېشىستان (贝希斯坦) ماشىنىسىنى تېپىپ كېلەلەرمۇ، دەپ بەكلا پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ. نېمىشكە شۇ چاققىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ نەچچە سائەتكە قالماي، ھەتتا شۇ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ساقچىلار ئىزىمنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇففىڭنى تېپىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. ئاخشىمى گۇگۇم ۋاقتىدا، ئۇ

هېلېنىيېدىن پەنجىرىلەرنىڭ تاقاقلىرىنى چۈشۈرۈپ پەردىنى ئېتىۋېتىشىنى ئۆتۈندى. ئاندىن، ئۇ ئۆي ئىچىدە تىنىماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. سائەت بەشتىن ئۆتكەندە، تېلېفون جىرىڭلايدۇ. هېلېنىينىڭ قېينى ئاپىسى تېلېفون قىلغانىكەن. ئۇمۇ يېقىندىكى بىر داچىدا تۇراتتى. خانفىستانگىلىنىڭ ئاپىسى تېلېفوندا ئۆيىنى ساقچىلار ئاختۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋاتقىنىدا، بىر ساقچى ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئۇدۇللا هېلېنە بىلەن گەپلىشىدۇ: مەن هازىر ئادەملىرىمنى ئېلىپ يېنىڭىزغا بارىمەن، دەيدۇ.

هېلېنە تىروپكىنى قويۇپ پەلەمپەيلەرنى ئالدىرىماي باسقىنىچە ئۈستى قەۋەتكە چىقىدۇ. هېتلېرنىڭ ئۈستىدە يەنىلا بايىقى كېلەڭسىز مۇنچە يېپىنچىسى بار ئىدى. ئۇ كارىدوردا تۇرۇپ تېلېفوندىن كەلگەن خەۋەرنى كۈتمەكتە ئىدى. هېلېنە پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا، ساقچىلار هازىرلا بۇ يەرگە كېلىدىغان بولدى، دەيدۇ. "بىر دەمدىلا هېتلېر هۇلۇقۇش ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ تىترەپ چىققان ئاۋازدا: مانا، دېمىدىممۇ، ئەندى هەممە ئىش تۈگەشتى، داۋاملىق بۇنداق مۆكۈنۈشنىڭ پايدىسى يوق! دېگىنىچە تارتمىدىن تاپانچىسىنى ئالدۇ".

"نېمە قىلماقچىسىز؟" هېلېنە بىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا ئېسىلىدۇ. هېتلېرمۇ تاپانچىسىنى چىڭ تۇتىۋالماي قولىنى بوشىتىدۇ. هېلېنە تاپانچىنى ئېلىۋېلىپ "بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسىڭىزلا ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىڭىزنى يوقۇتۇپ قويىدىكەنسىز. — دەيدۇ ئۇنىڭدىن رەنجىپ، —

www.pidaily.biz

قالغان ئادەملىرىڭىزنى ئويلاڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە ئىشەنچ قىلماقتا. ئەندىلىكتە ئۇلارنى يالغۇز قويسىڭىز، ئۇلار سىزگە بولغان بارلىق ئىشەنچلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ.
- دەيدۇ ھېلېنە تەمكىن ھالدا، - سىز قانداقمۇ شۇنچە ئىشىنىپ كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ كىشىنى ئۈمىتسىزلىك ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزىڭىزنى ئېتىۋالماقچى بولىسىز؟” ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئايالنىڭ قولىغا بېشىنى قويىدۇ. ھېلېنە چاندۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپ قورالنى يۇشۇرۇشقا يەر ئاختۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇن ساندۇقى كېلىدۇ-دە، تاپانچىنى ئۇن ئىچىگە كۆمۈپ قويىدۇ. ئاندىن دەرھال ھىتلېرنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقىدۇ. ھىتلېر ھېلىغىچە بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ھېلېنە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەگەر سىز قاماقتا ئىلىنسىڭىز، پارتىيە نېمە ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشى كېرەك دەپ ئويلايسىز؟ مېنىڭچە سىز بۇلارنى يېزىپ چىقىپ يېقىن سەپداشلىرىڭىزغا تاپشۇرۇپ كېتىشىڭىز كېرەككۇ دەيمەن؟ سىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ۋاراق قەغەز ئۈستىگە ئىمزايىڭىزنى قويۇڭ يېتەرلىك. قالغان گەپلەرنى مەن سىز ئۈچۈن بىر-بىرلەپ يېزىپ چىقاي. پۈتكەندىن كېيىن مەن ئۇلارنى ئادۋوكاتىڭىزغا تاپشۇراي، سىزنىڭچە قانداق؟ دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى ئەسلەتكىنى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن يوليورۇقنى ئېيتىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئامانى سودا تىجارەت

www.pidaw.biz

كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچى مالىيەسىنى چىڭ تۇتىشىنى تاپىلايدۇ؛ روسېنبېرگنى "پارتىيە گېزىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ" تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنى بۇرۇن دوختۇر شۇلتىز ئارقىلىق يوللىغان يوليورۇقنىڭ دەل ئەكسىچە بىر يوليورۇق ئىدى. ئۇ چاغدا "بۇ ھەرىكەتكە سەن رەھبەرلىك قىلىسەن" دېمىگەن ئىدى. خانفىستانگىلنى چەتئەللىدىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتى بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىشىنى تاپىلايدۇ. ھېس بىلەن باشقا رەھبەرلەرنى سىياسى پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تاپىلايدۇ. ھىتلېر بۇ يوليورۇقلارغا قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىنە بۇ ھۆججەتلەرنى ئۇن ساندۇقى ئىچىگە سۇقۇپ قويىدۇ.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن سىرتتىن ماشىنا ئاۋازى كېلىدۇ. ئارقىدىنلا ئۈزۈك-ئۈزۈك ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ ساقچى ئىتىنىڭ قاۋىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىدۇ. يەنە ئازىراق ۋاقىت ئۆتۈپ ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى كېلىشكە باشلايدۇ. ئىشىك ئېچىلغاندا ياش بىر ساقچى لېيتېناتى بىلەن يەنە ئىككى ساقچى ئەمەلدارى كىرىپ كېلىدۇ. لېيتېنات ئەدەپ بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن كەچۈرۈپ سوراپ تۇرۇپ ئۆيىڭىزنى ئاختۇرۇش مۇمكىنمۇ، دەپ سورايدۇ. ھېلىنە ساقچى ئەمەلدارىنى باشلاپ ئۈستى قەۋەتكە چىقىپ مېھمانخانا ئىشىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ئۈستىگە ئۇخلاش كىيىمى بىلەن مونچا يېپىنچىلىق مىدىرىمۇ قىلماي تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت

www.pidaw.biz

ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، ساقچى ئەمەلدارلىرىنى چۆچىتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچ قايسى ھىتلېرنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمايدۇ. ھېلىنە ئۇلارنى ئۆيگە كىرىڭلار دېگىنىدىن كېيىنلا ساقچىلار ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھىتلېر پۈتۈنلەي سالماق ھالىتىگە كېلىش بىلەنلا قالماي، "يەنە قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ھۆكۈمەت بىلەن ئەمەلدارلارنى قاغاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلمەي سۆز يېغىپ، چىرايىمۇ ئىنتايىن سۈرلۈك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى." تېخى باياملا قەددىنى روسلىيالماي تۇرغان ھىتلېر، ئەندىلىكتە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا گېپىنى توختىتىپ، لېتىناتقا: ۋاقىتنى زايا قىلماي ۋەزىپەڭلارنى جايىغا كەلتۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ لېتىنات بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىقىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ كۈنىسى ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ پەلتوسىمۇ يوق. ئۇ خانىستانگىلىنىڭ پەلتوسىنى كىيىپ ئاندىن يولغا چىقىش دېگەن مەسلىھەتكە كۆنمەي، بايىقى كۆك رەڭلىك مونچا يېپىنچىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھەربى پەلتوسىنى ئارتىپلا كىيىۋالغان ئىدى. لېتىنات ئۇنىڭغا ھەربى پەلتوسىغا قارا كىرىست مېدالىنى تاقىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە پەلەمپەيدىن ئاستى قەۋەتكە چۈشىۋاتقىنىدا، ئېگون ئەكىلەپ يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. "سىلەر دۈشمەنمىدىڭلار، ئادولف تاغامنى تۇتۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟" دەپ ۋارقىرايدۇ.

ھىتلېر بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بالىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھېلېنە ۋە ئۆي خىزمەتچىسى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن ئىتتىك چىقىپ كېتىدۇ. ھېلېنە دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە ساقچى ماشىنىسىنىڭ رايون مەركىزى بولغان ۋېرخېين (威尔海因) تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھىتلېرغا ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋالىدۇ: ھىتلېرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

ھىتلېرنى ئاخشىمى سائەت ئونغا چارەك قالغاندا ۋېرخېين (威尔海因)غا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى رايونلۇق ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ رەسمى سوراق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىراش ميونخېننىڭ غەربىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان لاندسبېرگ تۈرمىسگە ئاپىرىپ قاماش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان، قاتتىق بورانلىق بىر ۋاقىت ئىدى. قاتتىق شىۋىرغاندا ھەتتا ئاپتوموبىلمۇ لەپەششىگىنىچە كېتىۋاتاتتى. يول بويى ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھىتلېرنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى تۇتۇلغان غەم ئىچىدە ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ لۇدېندورفنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىغاندىن باشقا (ئۇ ۋاقىتلاردا لۇدېندورف قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەن بىر سىرتتا كۈزىتىپ تۇرغانلا بىرسى ئىدىم، دەپ كاپالەت بېرىدۇ)، يول بويى ئۈن چىقارماي ئولتۇرىدۇ.

لاندسبېرگ تۈرمىسىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كېلىپ ھىتلېرنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئېھتىيات

تەدبىرلىرى ئىپلىنىدىغان بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنى ھەممە تەرىپى سىم تور ۋە تۆمۈر رىشاتكىلار بىلەن ئورالغان تۇرمىگە ئېلىپ كىرىش ۋاقتىدا پوستا تۇرىدىغان ئەسكەرلەرمۇ تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۇنى قەلئە رايونىدىكى 7-نومۇرلۇق كامىرغا سولايدۇ. بۇ كامىر ئىچىدە مېھمان كۈتۈش بۆلۈمى بولغان بىردىن-بىر كامىر بولۇپ، بۇ "مېھمان كۈتۈپلىش بۆلۈمى" گە پەقەت بىرلا پوست قويۇشقا بولغىدەك تار بىر يەر ئىدى. بۇ كامىرنىڭ ئالدىنقى خېرىدارى ئېسنېر (埃斯纳) غا سۇيىقەست قىلغان قاتىل ئاكرو ۋالى (阿克罗•瓦利) ئىدى. ئۇنى تېخى يېقىندىلا باشقا بىر كامىرغا يۆتكەپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ھىتلېرغا قارايدىغان گۇندىپاي فرانز ھېمرىچ (Franz Hemmrich)، دائىم ھىتلېرغا پەلتوسىنى سېلىشىغا ياردەم قىلاتتى. "ئۇ يىمەي-ئىچمەي كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئىشىكنى زىنجىرلەپ بولغۇنۇمدىن كېيىن مېنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشتى." ھىتلېر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىدا شىمالى گېرمانىيىدىكى يالغۇز كىشىلىك تار كارىۋاتتا ھەر تۈرلۈك خىيالى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەمرالىقىدا كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن كۈنلەرگىچە ياتقان ئىدى. ئەمما جەنۇبىي گېرمانىيىدىكى بۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭغا تۆت تامدىن باشقا ھەمرا يوق ئىدى. شىمالى گېرمانىيىدىن باشلاپ جەنۇبىي گېرمانىيىگە كەلگىچە ئۇ گېرمانىيىنى پۈتۈن بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ھەرىكەتنى قايتا باشتىن باشلاش نوقتىسىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

يېقىندىلا «ئۇچىنچى ئىمپىرىيە» دېگەن كىتاۋىنى ئېلان قىلغان يازغۇچى مولىر فان دىن برۇك (莫勒•万•登•布鲁克) قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئالغىنىدىن كېيىن "ھىتلېرنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا توغرا كەلسە يەتكىچە گەپ تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما كىشىلەر ئۇنداق قارىمايتتى. خەلق ئۇنى گېرمانىيە ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن كۈرەش قىلغان ئادەم دەپ قارىشىدۇ. ... ھىتلېرنى ۋەيران قىلىۋەتكىنى، ئۇنىڭدا بار بولغان پرولېتارىياتقا خاس ئەسلى قىياپەت ئىدى. ئۇ قانداق قىلغاندا مىللەتچى سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئەقلى ئاساس تىكلەپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن ئىدى. ئۇنى ئەسەبىيلىكىنىڭ سىمۋولى دېسەك قىلچە ئاشۇرىۋەتكەن ھېسابلانمايمىز" دەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە كىشىلەر ھىتلېر ھەققىدە گەپ قىلىشقانلىرىدا ئۆتكەن زامان پېيلى بىلەن سۆزلىشىدىغانغا ئۆزگەرگەن ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە ھىتلېرنى گېرمانىيىنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسى كۈچى دەپ قارىماس ھالغا كەلگەن ئىدى. ئەندى كىشىلەر ئۇنى پۈتۈن ئۇشىقىنى ئېتىپ بولغان، پۈتۈنلەي ئۇتتۇرىۋەتكەن بىر قىمارۋاز ھېساپلىشاتتى. "ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى رەسمى ئاچا يول ئاغزىغا كېلىپ قالدى. - دەپ يازىدۇ مولېر(莫勒) ، يەر شارىدا، بىزنىڭ ھېچ بىر ئىشىمىز ئوقۇشلۇق بولماي كەلدى. تۈنۈگۈنمۇ ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئىدى، بۈگۈنمۇ ئوقۇشلۇق بولالمىدى. بىز ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، بىز بۇ بىر ئەۋلات جەريانىدا ھېچ بىر ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس. ... بىزنىڭ ھەر بىر پىلانىمىز باشلانغان كۈنىدىن تارتىپلا ئۆلۈك

تۇغۇلۇپ كەلمەكتە. ... پۈتۈن قىلغانلىرىمىز باشتىنلا گويا خاتا قىلىنغاندەك ئىدى. بىز بۇ خاتانى تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتۇق، ئەمما تۈزىتىمەن دەپ ھەممىنى ۋەيران قىلىپ كەلدۇق. ... دېمەك، بىزنىڭ بۇ ئىمپېرىيىمىزدە قانداقتۇ بىر گۇناھ تەغدىرى بىرگە بولۇپ يۈرسە كېرەك".

شۇنداقتىمۇ، مىيونخېنىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر بۇيرۇق بارلىق ناتسىستلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى: "مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تاماملاندى. بۇ باسقۇچتا پىلان بويىچە گېرمانىيە ھاۋاسى تازىلاندى. بىز قەدىرلىك فيۇرېرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ قارشى تۇرغان، مىيونخېنىدا سەپداشلىرىمىزدىن بەرپا قىلىنغان پولات قورغان، ۋەتەن سۆيەر تەشكىلاتىمىز بولغان 'جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى'، يولىمىز ھەر قانچە مۇشەققەتلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىر بولۇپ ئۇيۇشقان ھالغا كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى باشلىدۇق".

ھىتلېر ياش ۋاقىتلىرىدا ئىككى قېتىملىق ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ۋيېننا گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتۇتى ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلمىغانلىقى ئىدى. يەنە بىرسى بولسا ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئىدى. كېيىن، ئۇ يەنە ئىككى قېتىملىق ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ: بىرىنچىسى زەھەرلىك گاز بومبىسى زەربىسى بىلەن قارغۇ بولۇپ يېتىپ قالغىنىدا گېرمانىيىنىڭ تەسلىم بولىشى ئىدى. يەنە بىرسى

www.pidaw.biz

بولسا قوماندانلىق بىناسى ئالدىدا دۆچ كەلگەن بۇ ئاپەت ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى زەربىگە ئۇچرىغىنىدىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە ئىرادىلىك بىرسىلا بۇنداق ئېغىر زەربە يېگىنىدىن كېيىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن تەجرىبە ساۋاق يەكۈنلەپ، تەۋرەنمەس غايىسى يولىدا قايتىدىن ئالغا ئىلگىرلىيەلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ بىر قانچە ئاي جەريانىدا، دۇمباقچى بولۇپ رول ئېلىپ كېلىۋاتقان هىتلېر، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش ياساپ، فيۇرېر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان هىتلېرغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# تاۋلىنىپ يېتىلىش

## يەتتىنچى باب

# لاندسبېرگ تۈرمىسىدە

www.pdaily.biz

1923~1924

# (1)

ھىتلېر قولغا ئېلىنغان كۈنىسى سەھەردە، ھېلېنىيە خانفىستانگىل ئامېرىكىلىق مۇخبىر شۇبوت نىكبۇك (休伯特•尼克博克) بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشىدۇ. نىكبۇك (尼克博克)، ھېلېنىيىدىن ئايالى دورۇنى تامپسۇن (多洛绥•汤普逊) بىلەن بىرلىكتە ئۇففىگىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمىز مۇمكىنمۇ، دەپ سورايدۇ. ھېلېنىيە نائىلاج ئۇنىڭ زىيارەت تەلىۋىگە ماقۇل دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلېنىيە قېينى ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. قېينى ئاپىسىنىڭ دادىسى ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى بىر گېنېرال ئىدى .

قېيناپىسى ھەر تۈرلۈك ھاياجانلىق ئىشلارغا ئەزەلدىن قىزىقىدىغان بىر ئايال ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ۋەقەدە بارلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ تېپىلماس بىر پۇرسەت بىلگەچكە، بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ... شۇنداق قىلىپ، بۇ ئانا ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ مۇخبىردىن ھەر تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى؛ ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى. “مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرىۋالغىنىم ئۈچۈن، دورۇنى تامپسۇن (汤普逊) مېنى

‘ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان تىپىك نېمىس ئائىلە ئايالى بولسا كېرەك’ دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ.” ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىغىنىنى ئۇزۇنغا قالماي ئېلان قىلغان بىر قېتىملىق ماقالىسىدىن ھېس قىلغان ئىدى (ھېلېنىيە خانفىستانگىلنىڭ سالاپەتلىك كۆرۈنىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەيىنى ئاپىسى بىلەن كىچىك قىزىنىڭ تىنماي ۋىتىلداپ چىقىشى بۇ تارىخشۇناستا خاتا تەسىرات پەيدا قىلىپ قويغان ئىدى). ئۇلار ماقالىسىدا، ھىتلېر ئۇففىڭدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا خانفىستانگىلنىڭ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى قاراپتۇ دەپ يازغان .

ئۇلار بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، خانفىستانگىلنىڭ داچىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. نىكبۇك (尼克博克) ئۆي ئىچىنى رەسىمگە تارتىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ھېلېنىيە ھىتلېرنىڭ تاپانچىسى بىلەن ھۆججەتلىرىنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ چامادانىغا سېلىۋالىدۇ. ئاندىن نىكبۇك (尼克博克) بىلەن بىرگە ميونخېنغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ھىتلېرنىڭ ئادۋوكاتى بىلەن كۆرۈشىدۇ. “بۇلار ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھۆججەتلىرى. – دەيدۇ ھېلېنىيە ئادۋوكاتقا، — سىز بۇلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەيسىز. ئاندىن نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىغا قاراپ بىر نېمە قىلارمىز”.

لاندسبېرگ دېگەن بۇ كىچىك يەرنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى 500 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جاي لېيچ دەريا ۋادىسى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تەرىپى قۇيۇق ئورمانلىق ۋە تىك قىيالىق تاغلار

www.pidaily.biz

بىلەن قورشالغان يەر ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بېرى بۇ جاي ئىزچىل تۈردە سىخۋابىيىلىكلەر (斯华比亚人) نىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدايدىغان قورغانلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان قېدىمى شەھەر قورغانلىرى بىلەن تاغ ئۈستى قەلئەلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر مىيونخېندىن بۇ تۈرمىگە بارماقچى بولغانلار چوقۇم لېيچ دەرياسىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتىشى شەرت ئىدى. لېيچ دەرياسى، ئەسلىدە كىچىك بىر ئۆستەڭدىنلا ئىبارەت ئىدى. لاندسبېرگ تۈرمىسى ئەنە شۇ دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قىيالىق تاغ ئۈستىگە سېلىنغان بىر قەلئە ئىدى. بۇ تۈرمە نۇرغۇنلىغان كۈلرەڭ قۇرۇلۇشلاردىن تەشكىل تاپقان بىر تۈرمە بولۇپ، تۆت ئەتراپى قېلىن ھەم ئېگىز تاش قورغانلار بىلەن ئورالغان. بۇ جاي ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بىر يەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرنى قاماش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر قىسمى سىياسى جىنايەتچىلەرنى قاماشقا ئىشلىتىلەتتى.

سىياسى جىنايەتچىلەر رايونىدا، 7-نومۇرلۇق كامېردىكى جىنايەتچى، يەنى ھىتلېر تاماق يېگىلى ئۇنىماي ئاچلىق ئېلان قىلىپ يېتىۋالىدۇ. كامېر ئىچىدە ھىتلېر تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق يېتىۋېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆيىنىڭ تارلىقى ياكى راھەت بولماسلىقىدىن ئەمەس ئىدى. ھىتلېر، مانىېرخېيم (Mannerheim) دىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ياتقان بۆلۈمى بۇ كامېرنىڭ يېرىمىچىلىكمۇ كەلمەيتتى. شۇنىڭدەك ئىسار (Isar) كوچىسىدىكى ئۆيىمۇ بۇ كامېردىن

قاراڭغۇ بىر ئۆي ئىدى. كامىر ئىچىدىكى ئاق سىرلىق سىم كارىۋات سەل تارىراق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ يۇمشاق بولىشى كىشىنى يەنىلا كۆپ راھەت ھېس قىلدۇراتتى؛ ئىككى قاتلىق تۆمۈر رىشاتكىلىق پەنجىرىنى ئالىدىغان بولساقمۇ ئۆيگە يېتەرلىك كۈن نۇرى بېرىپلا قالماي، پەنجىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار مەنزىرىسىمۇ ميونخېنىدىكى ئۆيىدىن مىڭ ياخشى ئىدى.

ھىتلېرنىڭ سول بىلىكى چىدىغۇسىز ئاغرىپ، ئۇنى ئۇخلاتماي بەكلا قىينايتتى. تۈرمە دوختۇرى برىنستېينېر (Brinsteiner)ئۇنىڭ سول مۈرىسى چىقىپ كەتكەن، تاغاق سۆڭىكى سۇنغان بولۇپ، يارىلىنىپ نېرۋا تومۇرلىرىغا تەسىر قىلىپ ئاغرىتماقتا” دەپ دىيئاگنوز قويىدۇ. ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالاش توختىمىغان بولسىمۇ، برىنستېينېرنىڭ قارىشى بويىچە، ھىتلېر “ئۆمۈر بويى سول بىلىكى تارتىشىپ ئاغرىشتىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن” ئىكەن.

گەرچە ئۇنىڭ قىينىلىشىغا ئۇنىڭدىكى ئاغرىقلا سەۋەپچى ئەمەس، ھەتتا بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىشىمۇ ئۇنىڭ قىينىلىشىغا سەۋەپ بولغان ئەمەس ئىدى. ئۇنى قىيناۋاتقان نەرسە باشقا ئىدى، ئۇنىڭ خائىنلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكى، يەنى ئۈچ كاتىۋاش تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىشى، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى تەرىپىدىن، ھەتتا تەلىيىنىڭ ئۆگدىن كەلمەسلىكى ئۇنى ئەسلى قىيناپ كېلىۋاتقان ئىشلار ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە قوماندانلىق

بىناسى ئالدىدىكى تارمار قىلىنىشىنىڭ گېزىتلاردا "چاكىنا پۇتخانا ئىنقىلابچىسى"، "باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قىياپىتىدە ئۇرۇش ئويۇنى ئوينىشى" دەپ مازاق قىلىنىشى ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلگەن ئىدى. چەتئەل مۇخبىرلىرى ئۇنى "لۇدېندورفنىڭ غەلۋىچى ئون بېشى"، خاندانلىق سىياسى ئۆزگىرىشىنىڭ قورچىقى دەپ تەسۋىرلىنىشىمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن ئىدى. «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ باش بېتىدە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋىرىنى بېرىدۇ: "ميونخېن قوزغىلىڭى ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ مىللەتچى سوتسىيالىزمىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى" دەپ يازىدۇ. ئاچىقىقا، غۇرۇگۇللىككە بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولغىنى بىلەن، مازاق قىلىنىشلار ئەزەلدىن تارتىپ ھىتلېرنىڭ جېنىغا تېگىدىغان ئىشلار ئىدى.

ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەرنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. ئۇ، ئورۇقلاپ كەتكەنلا بولماي، ساغرىپ ھالىدىن كېتىپ قالغان بولۇپ، كۆرگەنلەر ئۇنى تونىيالمىغىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. "مەن ئۇنىڭ تۆمۈر پەنجىرە ئالدىدا خۇددى قېتىپ قالغاندەك قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ كېتىشىنى كۆرۈپ بەكلا قورققان ئىدىم" دەيدۇ ئانتون درېكسلېر ئەسلەپ كېلىپ. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، ھىتلېر بىر قوشۇقمۇ بىر نەرسە يېمىگەن ئىدى. تۈرمە دوختۇرى درېكسلېرغا ئەسكەرتىپ، ئەگەر مۇشۇ بويىچە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى داۋام قىلىۋەرگىنىدە پات يېقىندا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ.

www.pidaiyi.biz

شۇڭا سابىق باش سېكرېتار بۇرۇن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىپ ئالماقچى بولغان بۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە، قايتىدىن 7 ـ نومۇرلۇق كامىرغا كىرىپ "شارائىت ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىلەنلا ئۆمىدىڭنى ئۈزۈپ ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە ھەققىڭ يوق؛ پۈتۈن پارتىيە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن يەنىلا ساڭا قاراشلىق، دەپ شۇنچە گەپ قىلغان بولسامۇ، بۇ گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىتسىز بىر ئەھۋالدا ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا، ئەگەر سېنىڭ بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرلەشكە ئۈنىمساڭ، ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز بىر كۈنى ئۆلۈپ تۈگىشىمىز، دېدىم." شۇ قېتىم درېكسلېر ئۇنىڭغا نەق بىر سائەت 45 مىنۇت سۆزلەيدۇ. ئاخىرى ئۇ، "مەن چوقۇم ئۇنى قايىل قىلالىدىم" دەپ ئويلايدۇ.

بەلكىم، ھىتلېر ئەنە شۇنداق يالۋۇرۇشلار نەتىجىسىدىلا بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتىپ كېلەلىگەن بولىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر قانچە كىشى، مەن ھىتلېرنى بۇ ئاچ يېتىۋېلىشتىن قۇتقۇزۇپ قالالىدىم دېيىشمەكتە ئىدى. بۇنداق دېگۈچىلەردىن بىرسى چېخسلوۋاكىيە "مىللىي سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى" نىڭ قۇرغۇچىسى بولغان خانس نېلىس (汉斯•尼尔希) ئىدى. ئۇ ھىتلېرنى يوخلاپ بارغىنىدا، ھىتلېر ئۇرۇغلاپ قورۇق ئۇستىخان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. روھى ھالىتى ناچارلىشىپ كەتكەن ھىتلېر ئۇنى كۆرۈپ سالام بېرىدۇ. نېلىس (尼尔希) مۇ، شۇنچە

كۆپ ھىمايىچى توپلىغان بۇنچە چوڭ بىر بىر ئىشنى تاشلاپ يېتىۋېلىشىنى تەنقىت قىلىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا، ئەگەر سەن بولمىساڭ بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، پارتىيىمۇ پارچىلىنىپ تۇزۇپ كېتىشى مۇمكىن، دەيدۇ. دەسلىۋىدە ھىتلېر تىنماي باش چايقاپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ، كېيىن، نېلىس (尼尔希) تىن "بۇندىن كېيىن مېنىڭدەك پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىرسىنىڭ كەينىدىن كىم ماڭىدۇ؟" دەپ ئۇدۇللا سورايدۇ. نېلىس (尼尔希)ئۇنىڭغا، ئەسلىدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى دېيىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا سەن ئۆزەڭ ئىشەنچەڭنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك؛ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇلۇغ داھىلار مەغلۇبىيەتلەردىن ساۋاق ئېلىپ غەلىبە قىلىپ كەلگەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نېلىس(尼尔希) ، ھىتلېر بۇ دېگەنلىرىمگە قايىل بولغان ئىدى؛ شۇندىن كېيىن تۈرمە دوختۇرىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەخسە تاماق يېگەن؛ تاماق ئۇنىڭغا شۇنداق تېتىپ كەتكەن ئىدىكى، بەكلا مەززە قىلىپ يەيدۇ، "شۇندىن كېيىن ئۇ، ئەندى مەن نېلىس (尼尔希) نىڭ دېگەنلىرىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن" دېدى، دەپ ئېيتىدۇ.

بۇ گەپلەرگە قاراپ ھىتلېرنى قۇتقازغان كىشى نېلىس (尼尔希)بولىشى، ياكى درېكسلېر بولىشى (لۇدېكنىڭ دېيىشىچە)، ياكى بېچستېين (Bechstein) خانىم بولىشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ھېلېنې خانفىستانگىلنى ھىتلېرنىڭ ئۆگىشلىپ

قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئالغان بىرسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يەنى ھېلېنىيە ھىتلېرغا خەت يېزىپ، مەن ئۇففىگىدا ھەرگىزمۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدە ئۆزىنى ئاچ قالدۇرۇپ ئۆلتۈرالىسۇن دەپ ئۆزەڭنى ئېتتۈۋېلىشىڭغا توسقۇن بولغان ئەمەسمەن؛ سىېنىڭ بۇنداق ئۇرۇنۇشۇڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭ ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ”بۇ خەت ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان، — دەيدۇ ئاۋىستىرىيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن خانفىستانگىل، — ھىتلېر ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى، تۇرقى ۋە پىكىرلىرىدىن تارتىپ ھەممە يېرىگە تولۇق چوقۇناتتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇففىگىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى، چوقۇم ئۇنىڭغا بولغان يوشۇرۇن ئېڭىدىكى بىر تۈرلۈك بېقىندىلىق ئارزۇسىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. ھېلېنىيمۇ ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى باستۇرۇلغان قەلبىنىڭ ئارزۇلىرىغا زىچ ماسلىشىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇنىڭ تەشكىللىگەن قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇۋېتىلىشىدىن كېيىن، ئۇففىگىدىكى ئۇ داچىمىزدا قانۇن كۈچىدىن قېچىپ يوشۇرۇنۇش ھوزۇرىنىڭ تەمىنى تېتىغان بولىشىمۇ مۇمكىن.“ ھېلېنىيە يازغان بۇ سۆزلەر شۈبھىسىزكى، ھىتلېردا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان بولىشى ئېنىق. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېر ئۈچۈن نۇرغۇن ياردەملەردە بولۇپ كەلگەن بېخستېيىن خانىمنىڭ تۈرمىگە كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشىنىڭ رولىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەكلا ئاددى ئويلايدىغان

دىرېكسلېرنىڭ ئاددى تىللار بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرى ھىتلېرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نىپلىس (尼尔希) مۇ ئۇنى قايىل قىلالىغان بولۇشى كېرەك. ھىتلېرنىڭ ھەپتىلەپ ئاچ ئولتۇرۇۋالغانلىقى ئەمەلىيەت بولسىمۇ، ھىتلېرنى تاماق يېيىشكە ماقۇل كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ھېچ نېمە يېمەي ئاچ ئولتۇرۇۋېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆلۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغانلىق دېيىش توغرا ئەمەس .

شۇنداق قىلىپ ھىتلېر تاماق يېيىشكە ماقۇل بولدۇ-يۇ، سوتلىنىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالدۇ. دەسلەپتە ئۇ سوتلىنىشقا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، سوراق قىلغۇچى ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ مىتمۇ قىلماي جىم بولىۋالدۇ. ئامالسىز قالغان باش پىركراتور، يارىدەمچىسى خانس ئېخارد (Hans Ehard) نى لاندسبېرگ تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ "ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر نېمىلەر ئۇندۇرۇشكە تىرىشقىن" دەپ بۇيرۇق قىلدۇ. ئەمما ئۇمۇ بۇرۇنقى سوراقچىلارغا ئوخشاش دەسلەپتە ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن ھېچ نېمە چىقىرالمايدۇ. كېيىن، ئۇ ھىتلېر بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ "خۇددى بىرگە بالىنىستا ياتقان كېسەللەردەك دوستانە قىياپەتتە سەبىرچانلىق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشىدۇ." شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر چىرايىنى تۈرگىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي "خۇددى يۇۋاش بىر قويغا ئوخشاش ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ ئولتۇرىۋالدۇ." بىر ۋاقىتتا، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۇستەل ئۈستىگە دۈۋىلەنگەن ھۆججەت خالتىلىرىنى كۆرسىتىپ غەزەپ

بىلەن "هۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەۋە بۇ تۈردىكى گېزىتلارنىڭ هېچ قايسى مېنىڭ كەلگۈسىدە قانات يايدۇرماقچى بولغان سىياسى پائالىيەتلىرىمگە توسالغۇ بولالمايدۇ!" دەپ گۈكىرەيدۇ.

"شۇنداق بولسۇن. ـ دەيدۇ ئېخارد بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ، ــ قارىغاندا هىتلېر ئەپەندى، سوراق خاتىرىلىگۈچىسىنى يامان كۆرىدىغان بولسىڭىز كېرەك؟" دېگىنىچە تۈرمە دائىرىلىرى تېپىپ كەلگەن سوراق خاتىرىلىگۈچىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۈستەلدىكى ئارخىپ خالتىلىرىنىمۇ يىغىشتۇرۇپ چىقارتقۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كامىردا ئۇلار ئىككىسىلا قالىدۇ. بۇ چاغدا ئېخارد ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەن بۇ يەرگە ۋەزىپەمنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەن بىرىمەن، هىتلېر ئەپەندىنىڭ بۇ هەقتە بىر نېمە دېيىش نىيىتى يوقمىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئېخاردىنىڭ بۇ تۈر هۆكۈمەت تەرەپ ئادىمى قىياپىتىدىن ۋاز كېچىپ مۇئامىلە قىلىشى هىتلېرنى ئۆز هالىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىچىگە يىغىلىپ قالغان پۈتۈن قۇرساق كۆپۈكلىرىنى سۆزلەپ بوشىتىشقا باشلايدۇ. ئۇ، قوزغىلاڭ پىلانىنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىنى، قانداق ئىجرا قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە قايسى نەتىجىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا قالماي، يەنە نېمە ئۈچۈن بۇنچە كەسكىن هەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇ سۆز قىلىۋاتقاندا چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كېتەتتى، ئاۋازىمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى. ئېخارد

www.pidaw.biz

ئۇنىڭ مەيداندا نۇرغۇن كىشىلەرگە قاراپ سۆز قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ. بۇ ياردەمچى سوراقچى بەزىدە سوئال سوراپمۇ قوياتتى. ئەگەر سورالغان سوئال ئۇنى بىئارام قىلغىدەك بولسا جىم تۇرىۋېلىپ جاۋاپ بەرمەي ئۆتكۈزىۋېتەتتى. ئەمما كەينىدىنلا يەنە باشقا بىر قۇرساق كۆپۈكىنى تۆكۈشكە باشلايدۇ. ئېخارد مىيونخېنغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن باشلىقىغا ھەمدە گېيورگ نېتخارد (格奥尔格•尼特哈特) (بۇ كىشى كېيىن ھىتلېرنى سوتلاشقا مەسئۇل باش سودىيە بولىدۇ) قا بۇ ھەقتە يازما دوكلات بېرىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى بولغان كىشى بۇ دوكلاتنى بەكلا تەسىرلىك بىر دوكلات دەپ قارىغان بولسا، سوتچى بولىدىغان كىشى بولسا “ھىتلېر تېخى دەيدىغىنىنى دەپ بولالماپتۇ، بەلكىم ئۇ ئاساسلىق دېمەكچى بولغىنىنى سوتقا تارتىلغاندا دېيىش ئۈچۈن ساقلاۋاتسا كېرەك” دەيدۇ. ئەمما ئېخارد ئۇنداق دەپ قارىمايتتى. ئۇ، 7-نومۇرلۇق كامىردىكى بۇ جىنايەتچىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېيىشكە بەك ئىشەنمەيتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلتۈرۈپ سوتچىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئادەم بەكلا كۆپ گەپ قىلىدىغان بىرسى ئىكەن. مېنىڭچە بۇنداق بىرسىنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئاسان ئەمەس.

ئادولف ھىتلېرنىڭ قايتا تىرىلگەنلىك خەۋىرى ئۇنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئۆگەي ھەدىسى ئانگېلا تەرىپىدىن ئىنىسى قامىلىپ بىر ئايدىن كېيىن تەستىقلانغان بولىدۇ. ئانگېلا، “دېكابىر (ئاراي) باشلىرىدا، ھاۋا تۇتۇق، تۇمان بىلەن قاپلانغان بىر

ئاخشىمى” تۇرمىگە ئىنىسىنى يوقلاشقا بارىدۇ. ئۇ ئەسلىدە، ئىنىم ھەقچان ئۇمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى. “مەن ئۆمۈرۈم بويىچە ئۇ مىنۇتلارنى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمەن. - دەيدۇ ئانگېلا يەنە بىر ئىنىسى كىچىك ئالويسقا يازغان خېتىدە، — مەن ئادولف بىلەن يېرىم سائەتتەك سۆزلەشتىم، ئۇنىڭ روھى ھالىتى يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك بەكلا يوقىرى ئىدى، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئىكەن. گەرچە بىلىكى داۋاملىق ئاغرىپ ئۇنى قىيناپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، غەم قىلما، ساقايىپ قالدى دەپ ئولتۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ساداقەت كۆرسىتىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن سەل ئاۋال، بىر ئىسىلزادە ئۇنى زىيارەت قىلىپ چىققان، شۇنىڭدەك يەنە ب شەھەرىدىكى ۋانفلېت () داچىسىدىن ئۇنىڭغا بىر بولاق روژدېستىۋا ئارچا بايرىملىق سوغاتمۇ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭدا ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بوغدا تېغىدەك تەۋرەنمەس نەتىجە دېيىش كېرەك. ئۇنىڭ غايىسى بىلەن بۇ غايىسىگە يېتىشى پەقەت ۋاقىتقىلا قاراشلىق بىر مەسىلە. تەگرى بۇ كۈنلەرنىڭ بالدۇرىراق كېلىشىگە ياردەم قىلغاي” دېگەنلەر يېزىلغان؛ بۇ سوغات ۋاگنېرلار ئائىلىسىدىن كەلگەن ئىكەن. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ۋېنفىلد ۋاگنېر (威尼弗雷德•瓦格纳) يەنە بىر سوغات ئەۋەرتكەن بولۇپ، ئىچىدە بىر شېئىرمۇ بار ئىدى. ۋاگنېر خانىم ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى قىلچىمۇ يوقاتماي

ساقلايدۇ. "ماڭا ئىشىنىڭلار. - دېگەنلىكى يېزىلغان بىر دوكلادتا، ۋاگنېر خانىم بىر توپ كىشىگە "ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر كەلگۈسىنىڭ ئۇلۇغ بىر ئادىمى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ قاتتىق دەرەخ شاخلىرىنى قېلىچ قىلىپ ئوينىتىدۇ"!

ھىتلېرنىڭ ئىرقچى دوستلىرى ئاخىرىدا چوقۇم غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ دەپ ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇنلىرىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار قايتا ئۆزگەرتىشتىن كېيىن قۇرغان تەشكىلاتلىرىغا بەك دىققەت تارتمايدىغان بىر ئىسىم قويۇشقان بولۇپ، "فولكلور كلۇب"، "خەلق بوزيەر ئاچقۇچىلىرى"، "گېرمانىيە سادىق ئاياللار ئىتتىپاقى"، گېرمانىيە پىيادە ملتىقچىلار ئىتتىپاقى" دېگەندەك ئادەتتىكىچىلا ئىسىملارنى قويىۋالغان ئىدى. بۇرۇنقى "جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" مۇ رومنىڭ يېتەكچىلىكىدە "فرونت جەمئىيىتى" دېگەنگە ئۆزگەرتىلىپ قايتا ھەرىكەتكە كىرىشكەن (روم باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە ستاتخېيىم (斯达德尔海姆)تۈرمىسىگە قامالغان ئىدى). بۇنداق ئۆزگەرتىشتىكى مەقسەت، ئەنە شۇنداق بىر ئىسىم دالدىسىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىۋاتقان ھىتلېر بىلەن لۇدېندورف رەھبەرلىك گۇرۇھىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىرقچىلىق ھەرىكەت تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت قىلالىشى ئۈچۈن كۆنلۈك بولۇپ بېرىش ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇنداق چارىگە قوشۇلمايدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئون بېشى ھىتلېرنىڭ رەھبەرلىكى ئۈستىدا

كۆرگەن روم، ھىتلېرنىڭ بۇنداق نارازىلىقلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

گەرچە ھىتلېرنىڭ سىياسىي پارتىيىسى قانۇن بويىچە تارقىتىۋېتىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، بەرىبىر يوشۇرۇنچە ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە بولۇپ، پائالىيەت مەركىزى ئاساسەن ميونخېندا ئىدى. ناتسىستلارنى ئىزچىل پائالىيەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن روسېنبېرگ ميونخېندا بىر كومۇتېت تەشكىللەپ چىقىدۇ. ئەمما بۇ كومۇتېتنىڭ پائالىيەتلىرى شەخسىي زىددىيەتلەر ۋە ئىدىيىۋى پەرقلەر سەۋەبىدىن تۇسالغۇغا ئۇچراپ بەكلا ئاستا كېتىۋاتاتتى. روسېنبېرگ ئۆزىنى ھىتلېرنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنىڭ ئورۇنباسارى دەپ ھېسابلاپ، سالىسبۇرگقا قوغلانغان بىر قىسىم كىشىلەرنى، يەنى ھېس، ستربېچېر، ئامان ۋە خانفىستانگىل قاتارلىق كىشىلەرنى ئالدامچىلار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيتتى ھەمدە ئۇلارنى ئەتىۋارلاپمۇ كەتمەيتتى. ئىشنىڭ بۇ تەرىپى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تاللانغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى. ئۇ، ھەرگىزمۇ پارتىيىنىڭ ئۇ خىلدىكى ئادەملىرىنى مەڭگۈگە تېزگىنلەپ تۇتۇشنى ئويلىمايتتى. شۇنىڭدەك تۈزۈك ئەگەشكۈچىلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرلۇقتا باشقا بىر نامزاتمۇ يوق ئىدى. گيورىنىڭ تېخىچىلا ئاۋستىرىيىدە بىر تەرەپتىن پانالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يارىسىنى داۋالاپ يۈرمەكتە؛ شۇبنېر رىچتېر ۋاپات بولغان؛ لاندسبېرگ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگە ئېكارت ( Eckart,

Dietrich)، بېرختېسگادېن (Berchtesgaden) دا ئاغرىپ ئۆلۈم تۆشەكتە ياتقان ئىدى؛ درېكسلېر (Drexler, Anton) بولسا ھىتلېرنىڭ پارتىيىسىگە بەرگەن يولىيورۇقلىرىنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئەمما ھىتلېر تولۇق خاتىرجەم بولىدىغىنى، روسېنبېرگ ئۆزىگە بەكلا سادىق بىرسى ئىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، روسېنبېرگ قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ ئوغرىلىقچە ئاۋىستىرىيىگە كىرىدۇ. ئۇ يەردە سالزبۇرگقا بېرىۋالغان كىشىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىدۇ. “مەن يولداشلار بىلەن بىرمۇ-بىر سۆزلىشىپ، ئۇلارغا قايتىدىن جاسارەت بېرىش، ھەر تۈردىكى يالغان-ياۋداق گەپلەرنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم.” بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بۇ قاچقۇنلارنى گەپكە كۆندۈردۈم دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن، قايتىدىن چاڭقىلىق چېگرادىن ئۆتۈپ ميۇنخېنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ تەرەپتە قالغانلار بۇ ئادەم پەقەتلا قابىلىيىتى يوق بىر ئادەم، دېيىشىپ، ئۆز گېپىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرىۋېلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈشكە، يەنى ساختا پۇل ياساپ ياكى قورال ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ مالىيىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش، پىلىموتلۇق چېگرادىن ئۆتۈپ لاندسبېرگ تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىش، لۇدېكنى ئامېرىكىغا ئېۋەرتىپ ھىتلېر ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ كېلىش دېگەندەك پىلانلارنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزگەن بۇ پىلانلىرىدىن بىرسىمۇ ئەمىلىلەشمەيدۇ. “مەن ھەر قېتىم، ھىتلېر كىلەچەكتە ھاكىمىيەت ئۈستىگە

چىقىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ، دېيىشىم ھامان كىشىلەرنىڭ قاتتىق مازاق قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ئىدىم،" دەيدۇ لۇدېك دوكلاتىدا.

مېيونخېندا بولسا، خەلق ئامىمىسى ھىتلېرنى بەكلا چوڭ كۆرەتتى. شۇ يىلى روژدېستۋا بايرىمىدا (ئارچا ھېيتىدا)، ھەرىكەتكە قاتناشقان بىر قىسىم شىخوبىن (施霍宾) لىق رەسسامىلار بۇرۇدى (布鲁特) قەھۋەخانىسىدا قونچاق كىنو فىلىمى «ئادولف ھىتلېر تۈرمىدە» نى قويۇپ ئارچا بايرىمىنى تەبرىكلىشىدۇ. بۇ كىنودا ئېكران ئېچىلىشى بىلەن تەڭ بىر تۈرمە كامىرى كۆرۈنىدۇ. كامىرنىڭ كىچىك پەنجىرىسىنىڭ سىرتىدا قار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن، ئۈستەل ئالدىدا ھىتلېر ئولتۇرغان بولۇپ، بېشىنى قامالاپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. كىنودا ئەرلەر خورى «تىپ-تىنچ كېچىلەر، سېھىرلىك كېچىلەر» تەگكەش قىلىنغان ئىدى. ئارقىدىنلا بىر پەرىشتە ھەر خىل ھەر ياڭزا چاقناپ تۇرغان بايرام ئارچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويىدۇ. ئولتۇرغان ئادەم ئاستا-ئاستا بۇرۇلۇپ چىرايىنى كۆرسىتىدۇ. "تاماشىبىنلارنىڭ نۇرغۇنى ئۇ كۆرۈنۈشتىكى ئادەمنى ھىتلېرنىڭ نەق ئۆزى دەپ ھېساپلىشىدۇ. — دەيدۇ ھېينرىك خوفمان (Heinrich Hoffmann) بۇ تەسۋىرنى ئۇ لايىھىلىگەن ئىدى) ئەسلەپ كېلىپ، — پۈتكۈل زالدىكىلەر مىچىلداپ يىغلاپ كېتىدۇ." چىراق ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، پىرتوكسىيىنى قويۇۋاتقان كىشى نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ۋە

ئاياللارنىڭ كۆزلىرى ياشتىن نەملىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھۇلۇقتىندىن دەرھال قول ياغلىقىنى ئۇلارغا ئۇزارتىدۇ .

ـ 1924يىلى يېڭى يىل كۈنىسى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىغا مەسئۇل ئىمپېرىيە كۈزەتكۈچىسى خوكارما شاشىد (赫加尔马•沙希特) ئەنگلىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى مىنداچ نورمان (蒙大久•诺尔曼) بىلەن لوندوندا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، گېرمانىيىنىڭ مالىيە مەسىلىسىنى دەرھال ھەل قىلىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. پەۋقۇلئاددە دەۋر پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان شاشىد (沙希特)، مۇزاكىرە باشلىنىشى ھامانلا گېرمانىيىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى قارشى تەرەپكە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ سۆزىدە، "رۇر كرىزىسى ھەل قىلىنغىدەكلا بولسا، گېرمانىيىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئۆگىشىلىپ قايتىدىن تەرەققى قىلالىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن، گېرمانىيە چوقۇم چەتئەل كرىدىت ياردىمىگە مۇھتاج، شۇنىڭدەك ئىمپېرىيە بانكىسىدىن باشقا ئىككىنچى بىر مەبلەغ سېلىش بانكىسى قۇرۇلىشى، يەنى پۇتۇنلەي ئالتۇن ئاساسىدا بىر بانكا قۇرۇلىشى كېرەك. بۇ ئالتۇن ئاساسىدا قۇرۇلىدىغان بانكىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان چەتئەل پۇل مەبلىغىنىڭ يېرىمىنى گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. قالغان يېرىمىنى مەن ئەنگلىيە بانكىسىدىن قەرز ئېلىشنى ئويلىدىم"، دەيدۇ.

شاشىد (沙希特) يازغان «پىشقەدەم ئۇستا» ناملىق ئەسلىمىسىدە، نورمان (诺尔曼) بۇ ئىشقا قىزىقمىغانلىقىنى

يازىدۇ. كېيىن ساشىد (沙希特) يېڭى بانكىنىڭ ئالتۇن مەبلىغى 200 مىليون مارك بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بانكا چېكى تارقىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى "مەن فوند ستېرلىڭ قىممىتى بويىچە چەك تارقىتىمەن" دەيدۇ. نورمان (诺尔曼) بۇ ئاجايىپ چارىنى ئويلاۋاتقىنىدا، ساشىد (沙希特) سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بانكىر ئەپەندىم، بۇنداق تەدبىر بۈيۈك بېرىتانىيەنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىمپېرىيىسى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادى ھەمكارلىقى جەھەتتە قانچىلىك ئىستىقباللىق بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ئەگەر بىز ياۋروپادا تېنچلىق تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، بىز چوقۇم بۇ يىغىنىنىڭ قارارلىرى بىلەن بۇ قۇرۇلتاينىڭ خىتاپنامىسىدىن ئىبارەت بۇ چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادى جەھەتتە بىر-بىرسى بىلەن تېخىمۇ زىچ باغلانغان بولىشى كېرەك".

48سائەت ئىچىدە، نورمان (诺尔曼) بەش پىرسەنتلىك ئىنتايىن تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن بۇ قەرز پۇلنى تەستىقلاپلا قالماي، لوندوندىكى بىر مۇنچە بانكىرلارنىمۇ بۇ ئىشقا ماقۇل قىلىۋالىدۇ. "ئالتۇن ئاساسىدىكى بانكا باجنى ئۆز ئۈستىگىلا ئالىدىغان بولىدىكەن، قەرز قىممىتىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان بۇ چەكنى قوبۇل قىلىمىز" دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشىدۇ بانكىرلار. ئۇ يۈگان قەلىمىنى بىر قانچە قېتىم جىجىلاش ئارقىلىقلا ئۆزىنى "پىشقادەم ئۇستا" دەپ ئاتىۋالغان ساشىد (沙希特)، ھىتلېرنىڭ ئەڭ

كۆچلۈك سياسىي قۇرال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان "ئىختىسادىي ئاپەت" دېگەن بۇ قۇرالنى قولىدىن تارتىپ ئېلىۋالغان ئىدى.

## (2)

تۇرمە دوختۇرى، ھىتلېرنىي جىسمانىي جەھەتتە سوتقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. 8-يانۋار (ئوچاق) كۈنىسى دوختۇر برىنستېينېر (Brinsteiner) نىڭ تۇرمە باشلىقىغا بەرگەن پەۋقۇلئاددە دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ بىماردا روھىي بۇزۇلۇش ياكى روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرى يوق دەپ كۆرسىتىلىدۇ. نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتە ئوقۇپ پىراكتىكا كۆرگەن بۇ دوختۇر، "ھىتلېر ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا ئۆزىنى تېزگىنلەپ كېتەلەيدۇ، گەرچە قوزغىلاڭنىڭ غايىسى يېتەرلىك بولماي قالدى دەپ چېك تۇرىۋالغان بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى كېسلى سەۋەبىدىن بىرەر دەخلىگە ئۇچرىمىغان"، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

ئىككى يىل بۇرۇن، ھىتلېر ستادرخېيم (斯达德尔海姆) تۇرمىسىدە قىسقا مۇددەتلىك قامالغان ۋاقتىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، لاندىسبېرگدىكى ئېغىر تۇرمە ھاياتى جەريانىدىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەنىدىكى ئىشلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققان

www.pidaiy.biz

ئىدى. ئۇ تىپ-تېنچ كىچىك كامىر ئىچىدە ئويلىنىش ئارقىلىق، بۇرۇنقى خاتالاشقان تەرەپلىرىنى ئاخىرقى ھېساپتا تونۇپ يېتەلىگەن ئىدى. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇ قوزغىغان قوزغىلاڭنى مۇسسولىنىنى دوراپ چاقماق تېزلىكىدە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشنى كۆزلەپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلانغۇچ قەدىمى قىلىشنى ئويلىغان ئىدى. "بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن تەجرىبە ساۋاققا ئېرىشتىم. مىللىي يۈكسىلىش مەقسەت قىلىنغان بىر ھەرىكەتتە ھەر دۆلەت ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئۇسۇلغا تايىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم".

ئۇ، مېنى قۇتۇلدۇرغىنى، بۇ قېتىملىق ئېغىر مەغلۇبىيەتلىك تەغدىرىم، دەپ ئىشىنەتتى. "بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى، مىللىي سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەلەي ئىدى" دەيدۇ ئۇ كېيىنكى يازغان ئەسىرىدە. ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: لۇدېندورف بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىمىز ئەسلىدە "قەتئىي مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش ئىدى"؛ پارتىيىمىز تولۇق تەييارلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە بويىچە تېزلىكتە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشتا "ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز مۇقەررەر ئىدى"؛ قوماندانلىق بىناسى ئالدىدا 14 نەپەر يولدىشىمىزنىڭ "قان تۆكۈپ قۇربان بولغانلىقى"، "مىللىي سوتسىيالىزمنى ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە تەشۋىق قىلىشىمىز" كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدىغان تېپىك بىر مىسال ئىدى.

www.pidaly.biz

ئۇ ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە جەريانىدا ئۇنىڭ قىلغىنى، رىياللىقنى تونۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، ئۇقۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق كىتابلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن، نىتچىي، چېمبىرلىن، رانك (兰克)، ترىيسك (特莱斯克) ۋە ماركس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇ بىسماركنىڭ ئەسلىمىلىرى بىلەن باشقا نۇرغۇنلىغان دۇنيا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمە كىتابلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ چىقىدۇ. "لاندسبېرگ، دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئالى مەكتەپ بىلىمىنى ئالغان يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى، — دەيدۇ فرانكقا. — شۇنىڭدەك، تۈرمە دېگەن بۇ يەر، ئالى مەكتەپ پروفېسسورلىرى ئۆزىنى كۆرستىپ ئادەمنى بىلىملىك قىلىمەن دەيدىغان يەرمۇ ئەمەس. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئادەمدىكى غەيرەت شىجائەت ھامىنى بىلىمنى يېڭىپ چىقالايدۇ. ئەگەر تەگرى ئىرادىسىغا تايىنىپ دۇنيانى ياراتماي پەقەتلا دۇنيانى تونۇش بىلەنلا كۇپايە قىلغان بولسا ئىدى، تۈ بۈگۈنگىچە بۇرۇختۇمچىلىق ئىچىدە قىلچىمۇ ئىلگىرلىيەلمەي ئۆز ئىزىدا تۇرۇپ قالغان بولاتتۇق".

ھىتلېر تۈرمىگە يېڭى سولانغان ۋاقتىدا، ھەممە ئوڭۇشسىزلىقلار ئۆزىنىڭ تەتۈر پىشانىلىقىدىن بولغان دەپ قارىغان ئىدى. مانا ئەندى، بىر قۇر نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈشلەر ئارقىلىق شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەنە شۇ تەغدىرى ئۇنى قۇتقازغان ئىكەن. ھىتلېر خانفستانگلدىن (ئۇ

www.pidaiy.biz

ئاۋستىرىيەدىن باۋارىيىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى) شۇ يىلى يانۋار (ئوچاق) ئېيى ئىچىدە لېنىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھەمدە گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى قايتىدىن تىكلەشكە ئاتلانغان ئىدى. لېنىننىڭ ئۆلۈمى ھىتلېرنى بەكلا خوش قىلىۋېتىدۇ. ئۇ خانىفستانگىلغا "مانا ئەندى تارىخ قايتا ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدىغان بوپتۇ"، دەيدۇ. 1762-يىلى، چار پادىشاھ پېتىر (ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن تەگلىششىنى ھەۋەس قىلاتتى) مۇ روسىيە چار مەلىكىسى ئېلىزابېتىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ خوشاللىقىدىن جاھانغا پاتماي قالغان ئىكەندۇق. ھىتلېر يەنە "مانا ئەندى ھەممە جاھاننى قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭگى قاپلايدىغان ۋاقتى كەپتۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندى بويۇن ئىگىدىغان، كوممۇنىزمنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى يىمىرىلىدىغان بوپتۇ"، دەيدۇ.

ھىتلېر، ئون ھەپتىگە قالمايلا پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى يوقاتقان چوڭقۇر ھاڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەندى، مەن چوقۇم گېرمانىيىگە داھى بولىمەن، دەپ ئۆزىگە قەتئىي ئىشەنچ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھەتتا ئۇ (بۇرۇن ئۇ فرانكقا بۇ ھەقتە مەخسۇس سۆزلەپ بەرگەن ئىدى) نۇرغۇنلىغان ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قالتىس پىلانىدىن بىرنى تېپىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ: پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدە قاتناش تورلىرىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن دۆلەتنى بىر-بىرسىگە تېخىمۇ

زىچ باغلانغان ھالغا كەلتۈرۈش؛ كۆپلەپ كىچىك تىپتىكى ئەرزان پىكاپ ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى بەرپا قىلىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش. 12-فېۋرال (ئۆي) دا، ئۇنى ھەمراللىرى بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان تۈرمىدىن چىقىرىپ مىيونخېندىكى تۇتۇپ تۇرۇش پونكىتىغا يالاپ بارغان ۋاقتىدا، مەيلى روھى جەھەتتە بولسۇن ياكى جىسمانى جەھەتتە بولسۇن سوتقا چىقىشىنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى قىلىپ قويىدۇ. سوتقا چىقىرىش كۈنى 4 كۈن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ كۈنى ھىتلېرنىڭ تەغدىرى بەلگىلىنىدىغان كۈن بولۇپ قالاتتى.

ئۇ چاغدا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ ئالدىن پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېپتىن (埃伯汀) خانىممۇ دەل شۇ پەيتلەردە مىيونخېندا تۇرۇپ يۇلتۇز پالى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرغا قايتىدىن پال سالىدۇ: ھىتلېرنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەرگىزمۇ ئۇنى يېقىتالمايدۇ. ئەكسىنچە، ئۇ بىر سۇمۇرۇغ قۇشىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ؛ "يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقە ھىتلېرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىچكى كۈچ يارىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، تاشقى كۈچ مەنبەسىگىمۇ ئېرىشتۈرەلەيدۇ؛ بۇ كۈچ، دۇنيا تارىخىنىڭ سائەت پورژۇنىنى چىگىتىدىغان تۈرتكىلىك كۈچ بولۇپ قالىدۇ".

26-فېۋرال (ئۆي) چۈشتىن بۇرۇن، گەرچە دۇنيانىڭ كۆزى مىيونخېندا دىيەلمىسەكمۇ، ھېچ بولمىغاندا پۈتكۈل گېرمانىيىنىڭ كۆزى مىيونخېنغا تىكىلگەن ئىدى. بۇنداق

www.pidaiy.biz

بولىشى، ھىتلېر، لۇدېندورف ۋە باشقا 8 نەپەر ئەيىپلەنگۈچىگە ۋەتەنگە خائىنلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىشىنىڭ سىياسى ئەھمىيىتى ئۇلارنىڭ شەخسى تەغدىر دائىرىسىدىن ئاللىمۇ قاچان ھالقىپ كەتكەن ئىدى. گېرمانىيىدە يېڭىدىن دۇنياغا كېلىۋاتقان دېموكراتىيە، گېرمانىيە بويىچە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇرۇش قەھرىمانى بولغان داڭلىق بىرسىنى ئاۋىستىرىيىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر تەلۋە بىلەن بىر قاتاردا سوتلىماقتا ئىدى.

كارىن گيورىڭ (Carin Göring) خانىم، ئىنسبرۇك (Innsbruck)دا تۇرىۋاتقان ئاپىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "... بۇ مىنوتلاردا مىيونخېندا سوت كېتىۋاتماقتا ... ئاھ تەڭرىم، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان قىلغايسەن، ئۇنىڭغا ھېچ قانداق بىر دەرد كەلتۈرمىگەيسەن." بۇ چاغدا، كارىننىڭ قىزىقىۋاتقان بۇ ئادىمى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كېيىپ، مەيدىسىگە قارا كرېست مېدالىنى ئاسقىنىچە قىزىل خىشتىن سېلىنغان كونا بىنا ئىچىدە، يەنى تاشلاندۇق پىيادە ھەربى مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا سالاپەتلىك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ھىتلېر، روھلۇق ۋە كۈچلۈك غەيرەت بىلەن بۇ كۈرەشكە تەييار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر، گيوتىڭنىڭ "تۆمۈر ئۇمۇتىغا ياكى پولات بازغىنى" غا ئايلىنىشقا تەييار تۇراتتى.

سوتتا تۇنجى بولۇپ لۇدېندورفنىڭ ئەيىپنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولىشىغا قارىماي، سوت باشلىنىشىدىن تارتىپلا ھىتلېر ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. قارىلانغۇچىلار قاتارىدا بىرىنچى بولۇپ چاقىرىلغان كىشىمۇ يەنە

شۇ ھىتلېر ئىدى. ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشىشتىن تارتىپلا بازغاندەك ئوتتۇرىغا چىقىش نىيىتىدە ئىدى. بىر ھېسابتا، ھىتلېرنى سوتقا قارىلانغۇچى ئەمەس بەلكى قارىلىغۇچى سۈپىتىدە چىقتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ھىتلېر، خۇددى تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئېخاردقا سۆزلىگىنىدەك جاراڭلىق ئوتتۇرا ئاۋازدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قوزغاشقا مەجبۇرلانغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، نامايىش ھەققىدە، قانلىق زەربە ھەققىدە توختىلىدۇ؛ ئۇ سۆزىدە ئۇففىگىغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك تۈرمىگە قامىلىش جەريانىنى ۋە لاندسبېرگ تۈرمىسىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ تەپسىلى بايان قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ، مېنىڭ بىردىن بىر ئارمىنىم، قىرغىن قىلىنغان سەبداشلىرىم قاتارىدا قۇربان بولۇش ئىدى، دەيدۇ.

ھىتلېر، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ پۈتكۈل مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ("ئۇ ئەپەندى پەقەت مېنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقانلا بىر ئادەم"). ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ، مېنىڭ ئۆشىنەمدىكى ۋەزىپە — گېرمانىيىنى يېتەكلەپ بۇرۇنقى ئابرويىغا قايتا ئېرىشتۈرۈش، گېرمانىيىنىڭ دۇنيادىكى تېگىشلىك ئورنىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا ئىدى؛ ئۇنداقتا، مەن قانداقلارچە جىنايەتچى بولۇپ قالغىدەكمەن؟ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەممە ھۆرمەت قىلىشقا، قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر ئېتىقاتنى ئىپادىلىمەكتە بولۇپ، بۇ گەپلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى سوت باشقۇرغۇچىسى بولغان پاكىنەك سودىيە بىلەن پىركراتورنىڭ

www.pdaiy.biz

چىرايىدىنمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسىدىن ھېچ بىرى ھىتلېرنىڭ قارىلىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىغا نارازىلىق بىلدۈرمىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى ھىتلېرنىڭ تىنىماي نۇتۇق سۆزلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ياردەمچى پرېكىراتور ئېخارد، سودىيە بىلەن پرېكىراتورنىڭ ھىتلېرنى سۆزلەشتىن توسيالىشىدىن بەك ئۈمىتلەنمەيتتى: سودىيە گېئورگ نېيتخارت (Georg Neithardt尼哈特) قىزغىن مىللەتچى بىرسى بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى "پۇخرالار ھەرىكىتى" دەپ قارايدىغان، لۇدېندورفنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىشقا تەييار بىرسى ئىدى؛ شۇنداق بولغاچقا، بۇ سەۋەپتىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پرېكىراتور، بۇ قېتىملىق سوتنى ئېھتىيات بىلەن باشقۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

ئەگەر سوتقا قاتنىشىۋاتقان بۇ ئەمەلدارلارنى ھىتلېرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئوسۋارد شىبىنگىرى (奥斯瓦尔德•史本格勒) نى بۇنداق تەسىرگە قىلچە يولۇقمىغان بىرسى دېيىشكە بولاتتى. شۇ كۈنكى بىر قېتىملىق سوت ئۈستىدىكى سوزىدە ئۇ ناتسىستلارنى بايراق كۆتۈرۈش، شۇئار توۋلاش ۋە نامايىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار دەپ مازاق قىلىدۇ. "شۆبىھسىزكى، بۇ نەرسىلەر ھېسسىياتلىرىنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينىيالىغىنى بىلەن، سىياسەت ئۇنداق ھېسسىياتقا باغلىق بىر ھەرىكەت ئەمەس. ـ دەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىملىق سوتنى ـ يېتەرلىك بولمىغان ھىتلېر دېلوسى" دەپ

www.pidaily.biz

ئاتايدۇ. بۇ قېتىملىق سوت ئۇنىڭ "هىتلېر ھەقىقەتەنمۇ يۇشۇرۇن كايزەر (دۆلەت باشلىقى)" دېگەن قارىشىنى تەستىقلاپ بەرمەكتە ئىدى.

ئەتىسى، ۋاقىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قالغان قارىلانغۇچىلارنى سوتلاش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما 28-فېۋرال (ئۇي) كۈنىسى، هىتلېر يەنە بىر قېتىم سوتتىكىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. سوت تەنەپپۇسقا چىققاندىكى بىر قېتىملىق سوراقتا، هىتلېر بېرلىن بىلەن میيونخېن قىزىللار هاكىمىيىتىنىڭ قايسى تۈردە چىرىتىلىشىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىشقا كىرىشىدۇ. "میيونخېندا، بۇ ھەقتە تىپىك مىساللارنى كۆرەلەيسەن. ئەگەر ئۇيغانغان ساغلام ئاممۋى ئاساس بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ھەرگىزمۇ قىزىللار دەۋرىدىن قۇتۇلۇپ ئازات بولالمىغان بولار ئىدۇق." ئۇنىڭ بۇ گېپى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى ھېسابدا ئىدى .

سوتنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، هىتلېر ئىزچىل تۈردە ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش تاكتىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ سودىيەلەرنى ئويىنىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە لۇدېندورف بۇ ئويۇننىڭ ئادەتتىكى پېرسوناژلىرىدىن بىرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ گېنېرالنىڭ باشقا قارىلانغۇچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. "هىتلېر مېنى هاڭغا قىستاشقا ئۇرۇنماقتا. - دەيدۇ ئۇ غەزەپ بىلەن سوتتىن كېيىن خانس

فرانكقا، ــ ھىتلېر ماڭا يالغان ئېيتقان ئىدى. بۇ ئاخماقانە قوزغىلاڭ پارتىلاشتىن بۇرۇن ئۇ ماڭا پۈتۈن قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكىلەر يۈزدە يۈز سېنىڭ تەرىپىڭدە تۇرىدۇ دېگەن ئىدى. ... ئۇ بىر تەۋەككۈلچى ناتىقتىن باشقا بىر نېمە ئەمەس!" ئۇنىڭ بۇنچىۋالا غەزەپلىنىپ كېتىشى بەلكىم بۇ تەۋەككۈلچى ناتىق، بۇ رەزىل ئۇن بېشى پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك گېنېرال ھېس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنى ھىتلېر بارلىق مەسئۇلىيەتنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگىلا ئېلىۋالغىنىدا، لۇدېندورف ئىزچىل تۈردە مەسئۇلىيەتتىن قاچقان بىرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى بەكلا قوپال بولۇپ، بۇ سوتقا ئۆزىلا ھۆكمىرانلىق قىلىدىغاندەك، بۇ يەر خۇددى بىر ھەربى سوتتەك تىنماي ئادۋوكاتلار بىلەن سوتچىنى ھاقارەت قىلىپ چىقىدۇ. "ئۇ مەشىق مەيدانىدىكى ۋارقىرىشىغا ئوخشاش سوت مەھكىمىسىنى ھاقارەت قىلاتتى. ـ دەيدۇ ئەنگىلىيىلىك مۇخبىر گ. خود پۇدنس (霍德•普顿斯) ئەسلەپ كېلىپ، ــ ئۇنىڭ ھەر بىر گېپى بەكلا قوپال ئىدى. ئۇ بۇنداق پاسكىنا سۆزلەر بىلەن ۋارقىراپ ھاقارەت قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان پاكىنەك باش سودىيە تىترەپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆچكە ساقاللىرىمۇ تەڭ تىترەپ كېتىۋاتقاچقا، ئامالسىز ساقىلىنى قاماللاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى".

مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەر تۆگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالغان بۇ سوتچىغا تېخىمۇ كۆپ قارشى سۇئاللارنى قويۇشقا باشلايدۇ. بەزى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ئۇلارنىڭ راستىنلا سوت مەھكىمىسى قۇرغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىغان ئىدى. 4-مارت (قوزا) كۈنى، باۋارىيە مىنىستىرلار يىغىنىدا ھەممە بىردەك نېيتخارتنى تەنقىتلەشكە كىرىشىدۇ. شتات مىنىستىرى شىۋىيېۋ(施威耶) ، قارىلانغۇچى قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن شتاتلىق ساقچىغا ئاشكارە داغ تەككۈزىشى، شتاتلىق ساقچىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش تۇسىگە ئۆزگەردى، دەيدۇ. يەنە بىر مىنىستىر بۇ سوتنى ئاخىرغىچە باشقۇرۇپ كېتەلىشى ئۈچۈن نېيتخارتنىڭ قابىلىيىتى بارمۇ-يوق دەپ گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ چاغدا، ئۈچىنچى بىر مىنىستىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلاردا، بولۇپمۇ بېرلىندا، كىشىلەر بۇ قېتىملىق سوتلاش ئۇسۇلىدىن ئەنسىرىمەكتە دەيدۇ. تۆتىنچى بىر مىنىستىر: ئۇ باش سودىيىنىڭ ھىتلېرغا ئۇدا 4 سائەت تىنماي نۇتۇق سۆزلىشىگە يول قويغانلىقىغا قارىتا تەنقىدىنى بەرگەن بولسىمۇ، نېيتخارت ئۇنىڭغا "ھىتلېرنى سۆزلەشتىن قانداق توختىتالايتتىم؟" دەپلا جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

ھەر كۈنى سوت تارقالغىنىدا، ھىتلېر يەنە شۇ بىنادىكى كامىرغا قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. ئۇ يەردە، ئۇنى بىر-بىرى بىلەن ئەزەلى دۈشمەن روسېنبېرگ بىلەن خانفىستانگىل ئىككىسى يوخلاپ كېلىدۇ. روزېنبېرگ ئۇنىڭغا بىر كۆڭۈلسىز خەۋەر

كەلتۈرىدۇ: يەرئاستىغا كۆچۈرۈلگەن پارتىيىنىڭ كۈچلۈك بىر گۇرۇھى بىرلەشكەن خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ بۇ يىل باھاردا ئۆتكۈزىلىدىغان ئومۇم خەلق سايلىمىغا قاتنىشىمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق بىر ئىش پارتىيىنىڭ پائالىيىتىنى گېرمانىيىنىڭ شىمالى قىسىملىرىغىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىنى بېرىدىغان ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، گرىگور ستراسسېر ئۇ، لاندىشۇت (Landshut) تىن كەلگەن بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى) غا ئوخشاش كىشىلەرنى بەكلا قىزىقتۇرماقتا ئىدى. ستراسسېر، پارتىيە مەملىكەتلىك سىياسى پائالىيەتلەرگە ئارىلىششى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا روسېنبېرگنى قايىل قىلىۋالغان. ھىتلېر بۇ ئىشقا كۈلۈپلا قويىدۇ. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىنغان بۇ دەۋردە پارچىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالىغا بەكلا يېقىن بولغاچقا، باشقا تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىمەن دېيىش تېخىمۇ خەتەرلىك بىر ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر بىرلىشىپ سايلامغا قېتىلغاندا، ھىتلېر تۈرمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكىمۇ توغرا كېلەتتى. تۈلكىدەك قۇۋ ھىتلېر، ئەگەر بۇ ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بەرگىنىدە قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانى بولماي پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ تۇرۇپ، تۈرمىدىن چىققاندا ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلىشىش خىيالىدا

ئىدى. شۇڭا، ھىتلېر بۇ ئىشقا قارىتا پىكىرلىرى مازاق قىلىش شەكلىدە بولىدۇ: ئەگەر پارتىيىمىز خەلق ئارىسى ئۇششاق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ سايلامغا قاتنىشىمەن دەپ يۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا پارتىيىمىز بەكلا كەمتەرلىشىپ كېتىپتۇ-دە! "ئەگەر بىز ناتسىستلار پارتىيىسى نامىدا بۇ ئىشقا تەييارلىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىز سايلامغا ئۆلگۈرەلمەيمىز.

— دەپ ئېيتتىم ھىتلېرغا، دەيدۇ روسېنبېرگ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — ئۇنداقتا بىز قايتا قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشكەنگىچە كۈتۈپ يېتىپ، شۇ چاغدا پارتىيىمىزنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىشقا مەجبۇر بولىمىز." روسېنبېرگ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغىنىدا، مەن ئۇنى مەجبۇرى بولسىمۇ بۇ ئىشقا قايىل قىلالىدىم دەپ ئويلاپ، پارتىيىنىڭ بىر قېتىملىق خەتەرلىك پارچىلىنىشى ئۈچۈن يول تەييارلاشقا كىرىشىدۇ.

خانفىستانگىلىنىڭ زىيارىتى بەكلا دوستانە شەكىلدە ئۆتىدۇ: ئۇ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئېگوننىمۇ يېنىدا بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۆرۈنقى پىيادىلار ھەربىي مەكتىۋىنىڭ بىناسىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا، خوشاللىقىدىن ئالدىراپ كەتكەن ئوغلىغا "ئاستىراق ماڭ ئوغلۇم!" دەپ بالىسىنى جىكىلەپ ماڭىدۇ. ئۇ تۈرمىگە بېرىپ ئادولف تاغىسىنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئادەم گېرمانىيىنىڭ داھىسىغا ئايلىنىپ، بۇ شاكىچىكنى بۇنداق ئەنسىزچىلىكلەردىن خالاس قىلىشىنىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇ خىيالىدا، ئادولف تاغام ھەقىچان داق سىمونت يەردىلا ياتسا

كىرەك، ئۇنىڭغا چاشقانلاردىن باشقا ھەمرا بولغىدەك ھېچ كىمى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئېگون تۈرمە ئىچىنى كۆرۈپ ئويلىغانلىرىنىڭ بىرسىمۇ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدۇ: ئادولق تاغىسىنىڭ ياتقان كامىرى باغچىسى بار بىر قورانىڭ ئارقا ھويلىسىدەك بەكلا نورمال بىر يەر ئىدى. چوڭلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن پەيتتە ئۇ بىر ئۇسەلنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. دادىسى بىلەن بۇ تاغىسى بەكلا قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئېگون بۇ ئىشلارنى كېيىن ھىتلېرنىڭ ئاۋازى بەكلا جاراڭلاپ چىقىشىنى، ھەتتا ئەكس سادالار ياڭرىتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كىچىك ئۇستەلمۇ تەۋرەپ تۇرغانلىقىنى ئاران ئەسلىيەلەيدۇ. ھىتلېر بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئىگىز كۆلرەڭ كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئۇستىدىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر قۇتا تاتلىق تۇرۇم ئېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلغانلىقىمۇ ئېسىگە كېلىدۇ.

گەرچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ياكى باشقا تەرەپلەرنىڭ ھەر قانچە نارازىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ سوت مەھكىمىسى ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەيدىغان مۇنبىرى بولۇشتىن توختاپ قالمايدۇ. سوت ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇنقى 11-مارت (قوزا) بىلەن 14-مارت (قوزا) ئىككى كۈن ئىچىدە ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىۋالغان ئىدى. ئەنگلىيىگە قارىغاندا بۇ يەردىكى تۈزۈم پەقەتلا ئوخشىمايتتى. قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق ئەھۋاللاردا قارىلانغۇچىنىڭ ئۆزىدىن

ئــۇزۇن ئۇتــۇق سۆزلىۋېلىشــىغا يــول قويــۇلاتتى، شــۇنىڭدەك شاھىتلارنىمۇ چاقىرىپ سوئال سورىيالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر ئۈچ كاتىۋاشقا جىنايەتچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. گېنېرال ۋون لوسسوۋ چاقىرتىلغاندا، ھىتلېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ۋارقىرىغىنىچە سوئال سوراشقا كىرىشكەنىدى. ئىگىز بويلۇق، تاقىرباش گېنېرالمۇ بوش تۇرمايدۇ. ئۇمۇ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى رەت قىلىپ، ئىنچىكە ئۇزۇن بىگىز قولىنى تاپانچا تەڭلىگەندەك بۇ سابىق ئون بېشى ھىتلېرغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ ئامالسىز ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ. سەل تۇرغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ماقۇل كەلگەن بۇ ئۈچ ئەپەندىنى قارىلاشقا كىرىشىدۇ.

گېنېرال ۋون لوسسوۋ ئۇنى قەتئىي كۆزگە ئىلمىغان ھالدا ۋارقىراپ تۇرۇپ، سەن دېگەن سىياسىي دۇمباقچىلاردىن قىلچە پەرقىڭ يوق بىرسسەن! دەيدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېرمۇ ئۇنى ۋارقىراپ تۇرۇپ ھاقارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئاۋازى شۇنداق قاتتىق چىقىپ كەتتىكى، سوتچىمۇ ئامالسىز ئۇنى ئاۋازىڭنى پەسەيت دەپ ئاگاھلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئاۋازىنى پەسەيتىدۇ. ئەمما لوسسوۋ ئۇنىڭغا: سەن دېگەن بىر تەرەپتىن ھېسسىياتىڭ بىلەن ئىش قىلساڭ، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان بىرسى سەن، دېيىشى بىلەن، ھىتلېرمۇ قايتا ئۆزىنى تۇتىۋالالمايلا قالىدۇ. بۇ قېتىم، پاپىلار چۆچىكىدىكى قۇتىدىن چىققان

ئۇششاقلاردەك چىچاڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. "سىنىڭ چىرايلىق گېپىڭ نەگە كەتكەن؟ مېنى قانداقلارچە ھېسسىياتىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، رەھىمسىز ھىتلېر دېيەلەيسەن؟"

لوسسوۋ ھىتلېرغا تىكىلىپ قارىغىنىچە سوغۇققانلىق بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: "ياق ئۇنداق ئەمەس، نىيىتى بۇزۇق ھىتلېر دېيىشىم كېرەك." شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن تىللاشلار باشلىنىپ كېتىدۇ. لوسسوۋ ئامالسىز باش سودىيىگە قارايدۇ. بۇ چاغدا سوتچىمۇ ھىتلېرغا بىر نېمە دېمەكچى بولغان، بۇ گېنېرال سوتچىغا تازىم قىلىپ سوت مەيدانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىلا سودىيە نېيتخارت دۇدۇقلىغىنىچە، ھىتلېرنىڭ بۇ قىلغىنى كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلغانلىق، بۇنىڭغا يول قويالمايمىز، دەيدۇ. "توغرا دەيسىز، مەنمۇ بۇ تەنقىدىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن" دەيدۇ ھىتلېرمۇ مازاق قىلغاندەك ئاۋازدا.

"شۇ قېتىمقى غەلىتە سوتنى ئېسىمگە ئالسام ئالىلا يىرگىنىپ ئازابلىنىپ كېتىمەن." دەيدۇ گېرمانىيىلىك بىر مۇخبىر كېيىنكى ئەسلىمىسىدە. ئۇ يەردە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار مېنى ئىختىيارسىزلا مىيونخېندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق سىياسىي تەنتەنىنى ئەسلەتتى. تىنماي ئەيىپلەنگۈچىگە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىشىگە يول قويغان سوت، ھىتلېرنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىگىنىدىن كېيىن بىر كەسىپ ئەھلى بولمىغان سوتچىنىڭ "ھىتلېر دېگەن بۇ كىشى قالتىس بىر ئادەم ئىكەن" دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ

سوتچى بىرسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ (بۇ كىشى دەل ھىتلېر ئىدى) ئىمپېرىيىنىڭ ئاڭ يۇقۇرى سودىيىسىنى مازاق قىلىشىغا يول قويغان بىر باش سوتچى ئىدى (مەسىلەن "جاناپ، فرىدرىخ ئېبېرت ئەپەندىم ..." دېگەندەك گەپلىرىگە يول قويغان). بىر ئەمەلدار ئوتتۇرىغا چىقىپ سەپدىشى بىلەن ئېنگلىزچە سۆزلىشىۋاتقان بىر ئامېرىكىلىق مۇخپىرغا: "مېنىڭ ئالدىمدا نېمىسچە سۆزلە!" دەپ ۋاقىرىدى. بىر ئەيىپلەنگۈچى ئۆزىنى قايسى بىر گېزىتنىڭ كارىكاتۇرىچىسىنىڭ ماتېرىيالى قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى دېگەندە، ئۇ سوتنىڭ سودىيىسى ئۇ مۇخبىرنى سوتقا كىرىشكە يول قويمىدى. "يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار مىليونلىغان رەسىملەر توپلىمىدىكى چوڭ سىياسى تەنتەنە قىلىش بايرىمىدىلا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەسمىدى؟"

بۇ تەنتەنە مۇھتى تا سوت ئاخىرلاشقىچە داۋام قىلدۇ. ھىتلېرنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ئۆزىنى ئاقلاشلىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نۇتقىدىمۇ ئەڭ يوقىرى پەللىگە كۆتۈرلدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نۇتقىنىڭ بىر قىسمى ئەيىپلەشلەر بىلەن، يەنە بىر قىسمى ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن، يەنە بىر قىسمى بولسا تىل-ھاقارەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ نۇتقى باشتىن ئاخىرغىچە كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇردى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىمىنى كۆرسەتكەن ئىدى. گېرمانىيە قانۇنلىرىغا ئاساسەن، ئەيىپلەنگۈچى ئەڭ ئاخىرىدا سوزگە چىقىش ھەققى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولغاچقا، ھىتلېر

www.pdaily.biz

باشــقىلارنىڭ ئــۇنى مىللەتچىلىــك ھەرىكىتىــدىكى سىياســى دۇمباقچى، ئۇ پەقەتلا قارا نىيەتچى بىرسى دېيىشىنىمۇ تـۆپتىن ئىنكــار قىلىــپ ســۆزلەيدۇ. ئــۇنى مىنىســتىر بولمــاقچى دەپ قارىلاشـنىمۇ بەكـلا كۆلكىلىـك ۋە بىمەنىلىـك دەيـدۇ. "باشـتىن تــارتىپلا مېنىــڭ نىشـانىم بىـرەر مىنىسـتىر بولۇشـتىن مىڭــلارچە مەرتــۋە ئۈســتۈن تۇرىــدۇ. مېنىــڭ غــايەم ماركسىــزمنى بىتچىــت قىلىپ تاشلاش. مېنىڭ بۇ ئۇلـۇغ ۋەزىپىنـى ئورۇندىشـىم ئالدىـدا مىنىستىر دېگەن بۇ تاج، ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيـدىغان بىـمەنە ۋە كۆلكىلىـك بىـر نەرسـە ھېسابلىنىدۇ." ھىتلېـر سـەل تۇرىۋېلىـپ ئۆزىنىــڭ قەلبىــدىكى ئەسـلى ئارزۇســىنى ئوتتۇرىغـا چىقىرىــدۇ: "تۇغۇلىشــىدىنلا مۇســتەبىت بولغــان بىرســىنى ھەرگىزمــۇ بىــرەر ئىشقا زورلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بىرسى قىلمـاقچى بولغـان ئىشنى ئۆزى خالاپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئۇنداق بىرسى باشـقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى زورلاپ ئالغـا ئىلگىرلەيــدۇ. بۇنىڭــدا ئــۆزىنى كىچىــك پېيىــل قىلىــپ كۆرسىتىشـنىڭ ھـاجىتى يـوق. ... ئـۆزىنى خەلـقـە ھۆكمىرانلىـق قىلىشـقا ئۈنـدەلگەن بىرسـى كىچىـك پېيىـل بولىۋېلىشـقا ھەققـى يوق. ئەگەر سىلەر ماڭا مۇھتاج بولساڭلار ياكى مېنى بىرەر ئىشقا ئۈنــدىمەكچى بولســاڭلار مەن ســىلەر بىــلەن ھەمكارلىشالىشــىم مــۇمكىن. ئۇنــداق بولمايــدىكەن، مېنىڭمــۇ ئــۆزەمگە تېگىشـلىك ئۆستۈمگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتلىرىم بار"!

ھىتلېــر ســوتقا يەنە مۇنــداق دەيــدۇ: نويــابىر (ئــوغلاق) قــوزغىلىڭى مەغلـۇب قىلىنغـان بولسـىمۇ، كىشـىلەر چوقـۇم مېنـى

گېرمانىيىنىڭ كىلەچىكى ئۈچۈن داھىلىق ئورنىنى سوغات قىلىدۇ. چۈنكى ئارمىيە بىلەن قوزغىلاڭنى ھىمايە قىلىدىغان غايىلىك خەلق چوقۇم بىر كۈنى بىر-بىرسىنى چۆشىنىپ يارىشالايدۇ. "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن كوچىلاردا كرىست بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇلارغا ئوق چىقارغان كىشىلەر بىلەن بىر گەۋدە ھالىغا كېلىدىغان دەۋر چوقۇم كېلىدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئاققان قان بىزنى مەڭگۈلۈك ئايرىۋېتەلمەيدۇ. مەن شاھىت بولغان نەق مەيداندا شەھەرلىك ساقچىلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقارغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا شۇنى خوشاللىق بىلەن كۆردۈمكى، ئاۋال ئوق چىقارغانلار ھېچ بولمىغاندا دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىدىكىلەر ئەمەس ئىدى؛ ھەربىيلەر يەنىلا شۇ بۇرۇنقى مەيداندا تۇرغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى بولغىمىغان. ھەربىيلەر، مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر بولسۇن، بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغان كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ".

"ھىتلېر ئەپەندىم، — دەيدۇ سوتچى نېيتخارت ھىتلېرنىڭ دېگىنىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، — سىز شەھەرلىك ساقچىلار بۇلغىنىپ كەتكەن دېدىڭىز. مەن سىزنىڭ بۇنداق دېيىشىڭىزگە يول قويالمايمەن".

ھىتلېر بۇ سوتچىنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي ئۆزىنىڭ نۇتقىنى سۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ پۈتتۈرىدۇ: "بىز بەرپا قىلغان ئارمىيە كۈنسايىن كۈچىيىپ بارماقتا، تېزلىك بىلەن

كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ بارماقتا. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدىمۇ، مەن يەنىلا مەغرۇرلانغان هالدا شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، چوقۇم بىر كۈنىسى، بىزنىڭ ئىپتىدائىي يىڭى ئەسكەرلىرىمىز روتىدىن باتالىيونغا، باتالىيوندىن پولكقا، پولكتىن دىۋىزىيىگە تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى كاكارلىرىنى پاتقاقلار ئىچىدىن تىپىپ قايتا چىكىسىگە تاقايدۇ، بۇرۇنقى بايراقلىرىنى ئالدىمىزدا قايتا لەپىلدىتىدۇ؛ شۇ ۋاقىتتا بىز قايتا "هۆكۈم چىقىرىدىغان سوت" قا، يەنى تەگرىنىڭ سوتىغا چىقىپ يارىشىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ئەنە شۇ چاغدا، بىز قايتىدىن سوتقا چىقىمىز، ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا بىزگە هۆكۈم چىقىرالايدىغان سوت ئاۋازى، بىزنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىمىز ئارىسىدىن، بىزنىڭ قەۋرىلىرىمىز ئارىسىدىن جاراڭلاپ ياڭرايدۇ. چۈنكى، ئەپەندىلەر، بىزگە هۆكۈم قىلىدىغانلار هەرگىز سىلەر بولالمايسىلەر؛ بىزنى پەقەت مەڭگۈلۈك تارىخ سوتىلا هۆكۈم قىلىشقا هەقلىق".

تىل بىلەن بولغان بۇ جەڭدە هىتلېر غالىپ كەلگەن ئىدى. سوت مەهكىمىسى تەنەپپۇسقا چىقىپ قانداق هۆكۈم چىقىرىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقاندا، نۇرغۇنلىغان كۈزەتكۈچىلەر هىتلېر چوقۇم گۇناهسىز دەپ هۆكۈم قىلىنىدۇ دېيىشكەن ئىدى. سودىيە نېيتخارت، پۈتۈن پاكىتلارغا قارىماي لۇدېندورفنى قويىۋېتىشتا چىڭ تۇرىدۇ. پۈتكۈل سوت جەريانىدا ئوغۇرلۇقچە هىتلېرغا قاراپ ئولتۇرغان سوتچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قالغان ئۈچ نەپەر كەسىپ ئەهلى بولمىغان سوتچىلار، ئاساسلىق

ئەيپلەنگۇچىنى بوشىتىشقا بىردەك ماقۇل بولىشىدۇ. "مېنىڭ ئۆزەمنى ئاقلاش سۆزۈمگە ئاساسەن، ــ شۇ قېتىملىق سوت ھۆكۈمىنى باھالايدۇ ھىتلېر سوت تۈگەپ خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتتىن كېيىن، ــ ئۇلار كارل، لوسسوۋ ۋە سېيسېرلارنىڭمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش گۇناھكار ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. كىشىلەر نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، ئەگەر بوشىتىشقا ھۆكۈم قىلىنغىنىدا، بۇ دېلو لېيپزىگ (Leipzig) سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتقان. ئىشىنىڭ بۇ تەرىپىنى ھۆكۈم چىقىرىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئويلانماي بولمايتتى. ئۇلار، مېنىلا گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىشسا بۇ ئىش بىر قەدەر بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىمۇ ئاسراپ قالالايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ قارار بېرىشىدۇ. يەنى ھۆكۈمدىن كېيىن يېرىم يىل ئۆتكەندە مېنى كېچىرىم قىلىۋەتسىلا ئىش پۈتىدۇ، دەپ قاراشقان ئىدى".

ئاپرېلنىڭ (ئۇمۇتنىڭ) بىرىنچى كۈنى، ياردەمچى سودىيە ئېخارد ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسى زالىغا كىرگىنىدە زال ئىچىنىڭ ئاياللار ھەۋەس قىلىدىغان بۇ سىمۋۇللۇق ئەركەك ئۈچۈن گۈل تەغدىم قىلماقچى بولغان ئاياللار بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ دەرھال بۇيرۇق بېرىپ ئوتتۇردىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ چىقىرىپ تاشلاتقۇزىدۇ. يەنە بىر قىسىم ھىتلېرنى ھىمايە قىلىدىغان ئاياللار ھەتتا "بىزگە ھىتلېر يۇيۇنغان ۋاننىدا يۇيۇنۇۋېلىشىمىزغا

رۇخسەت بېرىڭ" دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋېلىشىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن كېيىن، ئەيىپلەنگۈچىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ رەسىمگە تارتىدۇ. لۇدېندورف پۈتۈنلەي ھەربىي كىيىم كىيگەن، بېشىدا مىس قالپاق، چىرايى غەزەپ بىلەن تۈرۈلگەن ئىدى. ھىتلېر بولسا ئۇچىسىغا ھەربىي پەلتوسىنى كەيگەن، كەمەرسىز، يېپەك قالپىقىنى قولىغا ئالغان ھالدا لۇدېندورفنىڭ سول تەرىپىدە تۇراتتى. ھىتلېرنىڭ ھەربىي پەلتۇسى پاك-پاكىزە يۇيۇپ دەزماللانغان بولۇپ، بىر قارىماققا خۇددى يېڭى پەلتودەكلا كۆرۈنەتتى. چاچ-بۇرۇتىمۇ قىرقىپ تەكشىلەنگەن، چېچى بىر ياندىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئىدى. كۆرىنىشى بەكلا خاتىرجەم، ئۆزىگە ئىشەنچى تولۇق، سالامەتلىكىمۇ ياخشى، خۇددى ئىشى يۈرۈشۈپ كەتكەن بىر سودىگەرگىلا ئوخشايتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم قۇرساقلىق بولۇپ كۆرۈنگەن بولۇپ، ئېغىرلىقى 170 پوندقا يەتكەن ئىدى.

ئەيىپلەنگۈچىلەر سوتقا يالاپ كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بىنا سىرتىدا نۇرغۇنلىغان ئادەم توپلانغان ئىدى. ھۆكۈمىنىنى ئېلان قىلىش ئىشى بىرەر سائەتتەك داۋام قىلىدۇ. ھىتلېرغا (پورنا (波纳)، كرېيبېل (Hermann Kriebel) ۋە ۋېبېر (韦伯) لار بىلەن بىرلىكتە) 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، لاندسبېرگ تۈرمىسىگە قامىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، سوت زالى سۈكۈت ئىچىدە قالىدۇ. جازا مۇددىتى تۇتۇپ تۇرۇلغان 6 ئاينى چىقىرىپ تاشلاپ يېرىم يىل قىسقارتىلىدۇ. پەرەز قىلىنغاندەك، لۇدېندورف قويۇپ بېرىلىدۇ. لۇدېندورف ئۆزىنىڭ يوقىرى مەرتىۋىلىك

ئورنىغا قىلىنغان بۇ ئېتىۋارلىنىشقا نىسبەتەن مەغرۇرلىقىنى نامايەن قىلىپ، قوزغىلاڭغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: “بۇ قېتىملىق قويۇپ بېرىلىشىم، ماڭا نىسبەتەن بىر ھاقارەتتۇر، بۇ قويۇپ بېرىلىشىمگە ھەرگىزمۇ مېنىڭ ھەربىي فورمام بىلەن مەيدەمدىكى مېداللىرىم سەۋەپ بولغان دەپ قارىمايمەن.” ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشى باش سودىيە نېيتخارتنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈش بىلەن تەڭ، يەنە ئۇنى تەڭسىزلىك ئورۇنغىمۇ چۈشۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىلىشكە مەسئۇل بولغان كىشى ئىدى.

گەرچى ھىتلېر گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا سوتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. سوت، ھىتلېرنى قارشى ئېلىنمايدىغان بىر چەتئەللىك دەپ ئاۋىستىرىيىگە يالاپ ئاپىرىۋېتىشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: “ھىتلېر، نېمىسلەشكەن بىر ئاۋىستىرىيىلىك. سوتىمىز شۇنداق قارايدۇكى، ھىتلېرغا ئوخشىغان ئىدىيىسى، ھېسسىياتىدىن تارتىپ نېمىسلىشىپ بولغان بىرسىگە، ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىدە پىدائىي بولۇپ 4 يىل ئەسكەر بولغان، دۈشمەن ئالدىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ يۈكسەك شان شەرەپكە ئېرىشكەن بىرسىگە، ئۇرۇشتا يارىلىنىپ، سالامەتلىكى بۇزۇلغان شەرەپلىك بىر ھەربىيگە، ... ‘جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى’ نى ئۇيغۇن ئەمەس.” سوت مەھكىمىسى ھىتلېرغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولغان ئۈچ نەپەر دۈشمىنىگە مەنسىتمەسلىك

www.pidaly.biz

بىلەن قارايدۇ. بۇ ھەقتە سوت مەھكىمىسى، ئەگەر كارل، لوسسوۋ ۋە سېيسېر ئۆچىسى "ھىتلېرغا بىز سىلەر قوزغىغان قوزغۇلاڭغا قاتنىششىمىز قەتئىي مۇمكىن ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتقان، ياكى 8-نويابىر (ئوغلاق) ئاخشىمى، ئەيىپكار قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ ئەمەلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تەلىپىدە بولغىنىدا ئەگەر مەلۇم دەرىجىدە ھەمكارلاشقان بولسا ئىدى، بۇنداق بىر پاجىئەلىك ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا بولاتتى".

ھىتلېرغا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئەڭ ئالدى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. قالغانلارغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىنغاندا، نامايىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى دەرھال يالاپ چىقىپ سىرتتا توختىتىلغان پىكاپقا ئولتۇرغۇزىشىدۇ. گۈگۈم ۋاقتىدا، ھىتلېر 7-نومۇرلۇق تۈرمە كامىرىغا يالاپ ئاپىرىپ قاماپ قويۇلىدۇ. ئۇ سوتتىكى ۋاقتلاردا كامىر ئىچى قايتىدىن ياساپ بىزەلگەن بولۇپ، كىشىنى تېخىمۇ بەك جەلىپ قىلارلىق ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇنقى غەيرىتى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. گۇندىپاي فرانز ھېمرىخ، "ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەتەر غەم ئىچىدە كۆرۈنەتتى" دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق روھسىز ھالىتى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇ چامادانىدىن يېڭى بىر خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىپ، باش بېتىنىڭ ئۈستىنكى ئوڭ بۇرجىكىگە مۇنداق سۆزلەرنى يازىدۇ: "دۇنيا يوقۇلۇشقا باشلاپ، پۈتۈن يەرشارى يىمىرىلىپ كەتسىمۇ

www.pidaiy.biz

ھەققانىيەت ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچىم قەتئىي سۇنمايدۇ". بۇ ۋەدىسىنىڭ ئاستىغا يەنە مۇنۇ سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ:

مانا بۈگۈن ئىچى تار، شەخسى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان سوت ئىشلىرى ئاخىرى تۈگىدى. بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ كۈرىشىم باشلىنىدۇ.

1924-يىلى 1-ئاپرېل (ئۇمۇت) ــ لاندسبېرگ تۈرمىسى

پەقەت قوزغىلاڭچىلارنىلا تاقەتسىزلەندۈرۈپ كەلگەن سوت ئىشلىرى ئاخىرلاشقان ئىدى. ھىتلىر گەرچە بىر مەيدان تەشۋىقات جېڭىدىن غالىپ چىققان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇ بەربىر تۈرمىگە قامىلىدۇ. ھىتلېرغا مەلۇمكى، ئەندى ئۇ، بۇ تۈرمىدە 4 يېرىم يىل قامىلىپ يېتىشى كېرەك ئىدى. گېرمانىيىدىكى بەكلا كۆپ كىشىلەر ھەمدە غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىتلېرنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ۋە قۇراللىق توپىلاڭ چىقىرىش جىنايىتى بىلەن جازالاندۇرۇلغانلىقى، ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىدى. لوندوندا چىقىدىغان «تايمس» گېزىتى بۇ ئىش ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كېلىپ، "قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ قېتىمقى سوت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىمپېرىيە ئاساسى قانۇنىغا قارشى سۇيىقەست ھەرىكەتلىرى باۋارىيىدە ئۇنچە بەك ئېغىر جىنايەت ھېسابلانمايدىكەن".

**(3)**

تۆرمىنىڭ ئۆستىنكى قەۋىتىدە ھىتلېرنىڭ ئىككى نەپەر يولدىشى قاماقتا ئىدى. يەنى كاپىتان كرىيبېل 8-نومۇرلۇق كامىرغا قامالغان بولۇپ، "ئوبلان ئىتتىپاقى (奥贝兰) "نىڭ رەھبىرى، مالدوختۇر ۋېبېر (韦伯) بولسا 9-نومۇرلۇق كامىردا ئىدى. ھىتلېر كامىرنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىنى بەكلا يامان كۆرسىمۇ، كامىر ھاياتىغا كۆنمەي بولمايتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دا، كېچىلىك كۈزەتتە تۇرغان گۇندىپاي ئىشتىن چۈشۈپ ماڭغىچە كامىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا رۇخسەت بېرەتتى. ھىتلېر كىيىملىرىنى كىيىپ، يۈز-كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن كۈتۈپ ئولتۇراتتى ("ئۇ چىش ۋە ئېغىزلىرىنى ئاسراشقا بەكلا دىققەت قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئۇرۇشتا زەھەرلىك گازدىن زەھەرلىنىش ۋاقتىدىن باشلاپ ئادەت قىلىۋېلىشىدىن كەلگەن ئىدى.") . بىر سائەتتىن كېيىن، ئىشەنچ قازانغان جىنايەتچىلەرگە ئاممىۋى بۆلۈمدە سىياسىي جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ناشتىلىق بېرىلەتتى. ناشتىلىق تاماقتا قەھۋە بىلەن بولكا ياكى ئۇماچ بېرىلەتتى. سائەت 8 بولغاندا ھويلا بىلەن گۈللۈكنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇ يەردە چېلىشچىلىق، بوكسورلۇق قىلىشىغا ياكى قوش تورنىك بىلەن ياغاچ ئاتتىن سەكرەپ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا يول قويۇلاتتى. ھىتلېرنىڭ مۆرىسى يارىلانغان بولغاچقا، ئۇ يەردە رېپىرلىق قىلىش بىلەنلا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، جىنايەتچىلەر گۈللۈكنىڭ ئۇزۇن تار يولىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشاتتى. گۈللۈكنىڭ يان تەرىپى

تۈرمە بىناسى، يەنە بىر تەرىپى 20 غېرىچ ئېگىزلىكتىكى تۈرمە تېمى بىلەن قورشالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ يەردە شېغىللىق يولدا مېڭىپ ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەر دائىم شوپۇرى ئېمىل ماۋرىس (Emil Maurice) بىلەن بىرلىكتە بۇ شېغىللىق يولدا ئايلىناتتى. ئۇ مېڭىپ يۈرۈپ خاتىرىسىگە يېڭى يازغان سىياسى نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەكرارلايتتى. "بەزى ۋاقىتلاردا، — دەيدۇ فرانز ھېمرىخ ئەسلىمىسىدە، — بۇرۇن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولغان جىنايەتچىلەر بىلەن بىرگە ئايلانغاچ پارتىيە مارشىنى ئېيتىشاتتى. دەسلەپدە بىز ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىگەن ئىدۇق. يەنى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى شېئىر ئوقۇشتىن توسمىغان ئىدۇق. كېيىن بىر كۈنلىرىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئوقۇيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئەتراپنىڭ تېنچلىقىنى بۇزۇشقا باشلايدۇ. بىزمۇ شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يىغىلىپ ناخشا ئېيتىشىنى توسايدىغان بولدۇق".

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بولغاندا، مەھبۇسلار كامىرلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، پوچتىدىن كەلگەن خەت-پوسولكىلىرى تارقىتىلاتتى. مىللەتچىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلىرى بىلەن ھىتلېرغا چوقۇنغۇچىلار ھەر دائىم يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەرتىشەتتى. ھىتلېر ئەپيۇن ئۇرۇقى قوشۇپ تەييارلانغان نېپىز قاتلىما كېلىشىنىڭ تاماسىدىلا يۈرەتتى. بۇ خىل قاتلىما ئاۋىستىرىيىگە خاس بىر تۈرلۈك ئالاھىدە يېمەكلىك ئىدى. بۇ خىل قاتلىمىنى ناتسىستلار پارتىيىسىدىن بولغان بىر تۈركۈم

ئايـاللار ھەر ھەپـتە ئىۋەرتـىپ تـۇراتتى. ئەمما دوختـۇر ۋىبېـر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: داھىمىز ئۆزىگە كەلـگەن كـاۋاپ، قېيـزا ۋە ئىسلانغان سان گۆشلىرىنى ھەمراللىرىغا ئۈلۈشتۈرۈپ بېرەتتـى. بولۇپمۇ بىرىنچى قەۋەتتە تۇرىدىغانلار بۇنداق سوۋغىلاردىن ھەر دائىم نىسىپ بولۇپ تـۇراتتى. "ئۇنىـڭ بىـلەن بىـرگە ئۈسـتىنكى قەۋەتتە تۇرىدىغانلار ئاۋانگـارت ئۇنسۇرلاردىن ئىـدى. شـۇنداق، تۈرمىـدىمۇ بۇنـداق دەرىجىـگە ئـايرىش تـۈزۈمى يولغا قويۇلغـان ئىدى. كىشىلەر قانۇن ئالدىدا ھوقۇقتا تەڭ بـاراۋەر بولالمـايتتى. بۇنىڭدىن مەھبۇسلارمۇ ئۆز نىسىۋىسىنى ئالغان ئىدى ".

چۈشكە ئاز قالغاندا، سىياسى جىنـايەتچىلەر ئـاممىۋى بۆلۈمـدە چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرىشـىدۇ. ئـادەتتە ئۇلارنىـڭ تـامىقى تامـاق قۇتىلىرىـدا بېرىلىـدۇ. قـۇتىلار ئۈسـتەلگە تىزىلغانـدىن كېـيىن، باشقىلار ئولتۇرماي ئورۇنداق كەينىگە ئۆتـۈپ كۈتـۈپ تۇرىشـىدۇ. ھىتلېـر تاماقخانىغـا كىرىشـى بىــلەن تەڭ، ئوتتـۇردىن بىرسـى "دىققەت!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ھىتلېر ئۈستەل ئالدىغا كەلگىنىـدىن كېـيىن "باشـقىلار نـۆۋەت بىـلەن ئۇنىـڭ ئالـدىغا كېلىـپ سـالام بېرىشىدۇ." ئـۇلار ئـادەتتە سىياسـى پـاراڭ قىلىشىـپ كەتمەيـدۇ. ھىتلېر كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا كىشىلەر بىـلەن تىيـاتىر، سـەنئەت ۋە ئاپتوموبىــل ھەققىــدە پاراڭلاشـقاچ تامـاق يېيىشــىدۇ. چۈشــلۈك تامـاقتىن كېـيىن، ئـۇلار ئۈسـتەل يىغىشـتۇرۇلۇش ۋاقتىـدا تاماكـا چەككەش 15 مىنوتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرىـدۇ. ئانـدىن ھىتلېـر دەستۇرخاندىن تۇرۇپ كامىرىغا كىرىپ كېتىـدۇ (ئـۇ ئەڭ ئۈسـتى قەۋەتـتە تـۇراتتى) يـاكى كىتـاب كـۆرۈش، خەت ئوقـۇش يـاكى

كۆندىلىك خاتىرە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە چاي ياكى قەھۋە ئىچىش ۋاقتى بولۇپ، يەنە شۇ ئاممۋى ئۆيدە ئىچىشىدۇ. سائەت 5 كە چارەك قالغاندا گۈللۈك ئىشكى قايتا ئېچىلىدۇ. ھېتلېر بەزىدە يالغۇز، بەزىدە ماۋرىس بىلەن بىرلىكتە بىرەر سائەتتەك باغچىدا ئايلىنىدۇ. سائەت 6 دا، مەھبۇسلار ئۆز كامېرلىرىدا كەچلىك تاماق يېيىشىدۇ. تاماقتا بېلىق، قېيزا ياكى خام كۆك بېرىلىدۇ. خالىغانلار يېرىم لىتىر پىۋا ياكى ئازىراق ئۈزۈم شارابى سېتىۋېلىپ ئىچىشىدۇ. ئاندىن يەنە بىرەر سائەتتەك بەدەن چېنىقتۇرۇش ياكى ھاۋالىنىپ ھەركەت قىلىشقاندىن كېيىن، مەھبۇسلار بىر-بىرلەپ كېلىپ ئامىمۋى ئۆيگە يىغىلىپ خوشلىشىپ ھەر قايسى ئۆز كامېرلىرىغا تارقىلىشىدۇ. ئاخشىمى سائەت 10 دا چىراق ئۆچۈرىلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا، ھېتلېر كۈندىلىك مەشغۇلات سىتكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن كامېرىغا قايتىپ ئۆگۈنۈش قىلىدۇ ياكى مېھمان كۈتىدۇ. ئۇزۇنغا قالمايلا ھېتلېرغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېتىقات قىلىدىغان ھالغا كەلگەن ھېمىرىكىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىدىن قارىغاندا، ھېتلېر سەپداشلىرىغا ئالاھىدە كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ ھەربى سەپتىن كەلگەن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىلەرگە خاس ئىنتىزامچانلىقا ئىگە ئىكەن. تۈرمىدە جىنايەتچىلەر ئارىسىدا بىرەر قېتىممۇ ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ جېدەللىشىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىگەن.

“ھىتلېر ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرالايتتى. ئۇنىڭ بارلىقى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ۋە بىزگە قاراش ئىشلىرىغا بەكلا كۆپ ياردىمى تەگكەن ئىدى”.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھىتلېر “بەكلا خوشال” يۈرەتتى. ئەمما بىرەر يامان خەۋەر كېلىپ قالغىدەك بولسا، جىمىپ گەپ قىلماي جىددىيلىشىپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇنى پارتىيە ئىچىدە يۈز بېرىدىغان تۈگىمەس تالاش-تارتىشلار بەكرەك ئەنسىرەتتى. چۈنكى ناتسىستلار پارتىيىسى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىش خەۋپى كۈندىن-كۈنگە ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ تۈر بۆلۈنۈشكە سەۋەپ بولغان ئاساسلىق ئامىل ئۇنىڭ ئەتىراپىكىلەرگە بەرگەن يوليورۇقلىرىنىڭ بەكلا مۇجمەل بولىشى ئىدى. روسېنبېرگ بۇ كۈنلەردە ستراسسېر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئاممىۋى گۇروھلارنىڭ باۋارىيە شىتاتلىق سايلىمغا قاتنىشىشىنى قوللاپ قۇۋەتلىمەكتە ئىدى. تېخىمۇ قىزىقى، لۇدېندورفنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇ ئىككىسى “مىللى سوتسىيالىزم ئەركىنلىك ھەرىكىتى” دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ تەشكىل نامىدا سايلامغا 32 نەپەر دېپوتات نامزاتىنىمۇ چىقىرىشقان ئىدى.

باۋارىيە ئومۇمى سايلىمى ئاپرېل (ئۇمۇت) ئېيىدا دەسلەپكى سايلىمنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ سايلامدا ئارىلاشما ئاممىۋى تەشكىلاتلار كۈتۈلمىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 191 مىڭ 900 ئاۋازغا ئېرىشىپ “باۋارىيە خەلق پارتىيىسى” دىن قالسىلا ئىككىنچى بولىدۇ. بۇ غالىبىيەت، گىيورىڭ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى بەكلا

خــوش قىلىۋېتىــدۇ. گېورىگنىــڭ ئايــالى كــالىن ئاۋىســترىيىدە تۇرىۋاتقــان ئاتىســىغا يازغــان خېتىــدە، “... بــۇ نەتىــجە بىــزگە ئوخشىغان چەت دۆلەتلەردە ياشايدىغانلار ئۈچۈن بىر كەچۈرۈم ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنمەيلا قالدىم، بەكلا خوشالمەن. بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. پەرىزىمىزچە، شىمالى گېرمانىيىــدە، ھىتلېــر بىــلەن ئۇنىــڭ پارتىيىسى تېخىمــۇ كــۆپ ئاۋازغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. قارىغاندا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھىتلېــر چوقۇم تەختكە چىقىدىغانــدەك قىلىــدۇ. قەدىــردان ئاتــا، مېنىــڭ ئۇنىڭغــا نەقەدەر ئىشــىنىدىغانلىقىمنى پەرەز قىلالامايســەن. بــۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل بىرسى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىــر تالانــت ئىگىسى، ماڭــا ئىشــەن ئاتــا، بــۇ ئــادەم تەگرىنىــڭ كىشــلەرگە بېغىشلىغان بەكلا كام كۆرۈلىدىغان بىر تالانت ئىگىسى”!

ئارىــدىن بىــرەر ئــاي ۋاقىــت ئۆتــۈپ، مەملىكەتلىــك ئومــۇمى سايلام مۆلچەرلەنگەن ئۇتۇق بىلەن ئۆتىــدۇ. يېڭىــدىن قۇرۇلغــان “مىللــى سوتسىيالىزم ئەركىنلىــك ھەرىكىتــى” ئىككــى مىليونــدەك ئاۋازغا ئېرىشىدۇ. 34 نەپەر نــامزاتتىن ستراسسېر، روم، فېــدېر (Gottfried Feder)، فرىــك (Wilhelm Frick) ۋە لۇدېنــدورف قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 32 نەپىــرى سايلىنىدۇ. كۈلكىلىك بولغىنى، بۇرۇن بۇنداق بىــر قاراشــقا قارشــى چىققــان ھىتلېر بــۇ قېتىمقــى سايلام نەتىجىســىنىڭ قولغــا كەلتۈرۈلىشــىدە ئاساســلىق ئامىــل بولغــانلىقى ئىــدى. ئۇنىــڭ سوتىتىكى نــۇتقى “مىللــى سوتســيالىزم” قارىشــىنى نۇرغۇنلىغــان سايلىغۇچىلارغا تونۇتقان ئىدى. ھىتلېر شــۇ قېتىمقــى سوتتا كۈچلۈك ئىــرادە ۋە

www.pdaily.biz

ئالاھىدە ئۆنۈملۈك بىلەن بايان قىلغان كۆزقارىشىنى بۇ ئاۋاز بەرگۈچىلەرگە چوڭقۇر يەرلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىملىق ئۇتتۇققا تۆھپە قوشقان تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر قالدۇرالىغان يەنە بىر ئامىل، مەملىكەت بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىرقچىلىق ئەقىدىلىرىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى ئىدى. شۈغىنىسى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى كۆچلۈك ئىسلاھات تۈپەيلىدىن توساپ قېلىنغان، ئائىلە ۋە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ھاللىق سىنىپلار بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئىشسىزلار بۇ قېتىمقى سايلامغا ئۇنچە بەك قىزىقىپ كەتمىگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسىدىن ھىتلېرنىڭ ئۇنچە بەك رازى بولۇپ كەتمەسلىكى چۈشىنىشلىك ئىدى. لۇدېندورف بۇ قېتىمقى سايلامدا ئۇتتۇغلۇق بولۇپ چىقىشىنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئورنىنمۇ چىڭىتىۋېلىش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر، بىر تەرەپتىن قىزغىن ئالقىشلانغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزى قۇرۇپ چىققان قانۇنسىز پارتىيىسىنى يۇتىۋېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئاساسسىزمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ھەر قايسى ئاممۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا بىر تۈرلۈك بىروشۇر تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ كىتابچە مىللى سوتسىيالىزم ھەرىكەت

www.pidaily.biz

پارتىيىسىنى خەلق ھەرىكىتىنى "ئېچىپ بەرگەن ئاۋانگارت" دەپ ئېتراپ قىلغىنى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئېغىر تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ، "ئۇلار ھېچ قاچان قۇتقازغۇچىلار ئەمەس" دەپ تەشۋىق قىلماقتا ئىدى. بۇلار، ھىتلېرنىڭ سىياسى ھوقۇقىغا بىر تەھدىت ھېسابلىناتتى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈن بۇ جەريانلار بەكلا ئاچچىق تەسىرات پەيدا قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلارغىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى. ھىتلېر، ئۆز ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ھەققى بارلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق مەيداننى ئىپادىلىمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلەر يەنە بىر قېتىم ئۆز سېپىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن پىچەتلىۋېتىلگەن «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ ئىشخانىسىدا، درېكسلېر بىلەن فېدېر ئىككىسى، ھىتلېرغا قارشى ھەرىكەت باشلىۋەتكەن ئىدى. "ئۇ ئىككىسى، ھىتلېر دېگەن بىر مۇستەبىت ھەم بىر روھى كېسەل ئارتىست دەپ ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ، ئەگەر پارتىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلسە، ھىتلېرنى قاتتىق تېزگىنلەپ تۇتۇش چارىسىنى ئىشقا سالماي بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى" دەيدۇ خانفىستانگىل ئەسلىمىسىدە. بىر كۈنىسى، درېكسلېر ميونخېنىدىكى كىچىك بىر باغچىدا خانس فرانك بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ تۈرمىگە قامالغان باشلىقى ھەققىدە توختىماي دەرد تۆكۈپ كەتكەن. "ئۇ ھىلىمىكىر ئىشلىتىپ ماڭا زىيانكەشلىك

قىلدى. ئۇ ھېچ بىر ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان ئەمەس. ئۇ دائىم مېنى چەتكە قېقىپلا كەلدى. ئەندىچۇ، مانا بۇگۈن ئۇ ئاخماقانە قۇزغىلاڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ پارتىيىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى!" ئەگەر ھىتلېر تۈرمىدىن چىققىدەكلا بولىدىكەن، كۈلرەڭ كۆڭلەكلىكلەر قايتىدىن كۈچلارنى ئىگەللەيدىغانلىقى ئېنىق. "گېرمانىيىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئۆتىدۇ. ھىتلېر بىزنى سېتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارشى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرىشىمنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ ئىدى".

شۇ يىلى ماي (ئارسلان) ئېيىدا كۇرت لۈدېك (Kurt Lüdecke)چەتئەلدىن قايتىپ كېلىپ ناتسىستلار يەر ئاستى پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالى بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. "پۈتۈن گۇروھلار بىر-بىرسى بىلەن ۋە ئۆز ئىچىدە تىنىماي جېدەل قىلىشىپلا يۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى بۇ تۈر دۈشمەنلىشىشلەر ئۆز ئىچىدىلا رەسۋاچىلىقلارنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولۇپ بەرمەي، ھەتتە بۇنداق ئىچكى جېدەللىرىنى كوچىلاردىمۇ سۆرىشىپ يۈرۈپ، ئەتراپتىكى تاماشا كۆرگۈچىلەر ئالدىدا نۇمۇسىمۇ قىلىشمايتتى. ئۆزلىرىگە زىيان كەلتۈرىشى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى." دەيدۇ. ئۇ، خانفستانگىل، ئامىن ۋە ئېسسېر (Hermann Esser) لاردىن پارتىيىنى بۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئاساسلىق سەۋەپكارنىڭ روسېنبېرگ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەمما روسېنبېرگ پۈتۈنلەي باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلار ماڭا ھىتلېرغا

ۋاكالىتەن ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرەلمەي ھۇجۇم قىلىپ يۈرمەكتە. ھىتلېرمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ئوچۇق بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارنى توساشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار مېنى تازىلىۋەتەلىسە، پارتىيە ئىچىدە ئۇلار ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشكە تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولىدۇ" دەيدۇ.

لۇدېك، لاندسبېرگ تۈرمىسىگە بېرىپ ھىتلېر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ قانداق قىلغاندا بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىن ساقلىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە يوليورۇق سورايدۇ. لۇدېكنىڭ دېيىشىگە ئاساسلانغاندا، ھىتلېر مۇنداق دەپ قارايتتى: پارتىيىمىز چوقۇم يېڭى بىر ھەرىكەت يولى تەييارلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشى كېرەك؛ پارتىيىمىزنىڭ كىلەچىكى قۇراللىق قوزغىلاڭغا ئەمەس بەلكى سايلام ساندۇقىدىن چىقىدىغان ئاۋاز سانىغا باغلىق. "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەرگەن بولغاچقا، بۇ يول بىزنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت يولىمىز ھېسابلىنىدۇ." ھىتلېر پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلار سەۋەبىدىن قىلچىمۇ ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلمايتتى. "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە قارىتا تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى ھەقىقەتەنمۇ يۇقۇملۇق خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ قەھەتتە مېنىڭدە بار بولغان گۇمانلارنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇنداقتىمۇ پارتىيىنىڭ ئىچىدىكى ئايرىمچىلىق كۈنسايىن كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە

www.pidaw.biz

ستراسسېر بىلەن لۇدېندورف ئىككىسى "مىللىي سوتسىيالىزم ئەركىنلىك پارتىيىسى" نىڭ ئۇلىنى هازىرلاپ، بىرلىككە كەلگەن خەلق پارتىيىسى ھالىغا كەلتۈرۈلىشى كېرەكلىكىنى، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى بۇ پارتىيىنىڭ تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىشى لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەكلىپ پارتىيە ئىچىدىكى كۆرەشنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېرنى بۇ جەھەتتە كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. 7-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، «خەلق ئەلچىسى» گېزىتىدا "مەن قاماق جەريانىدا ھېچ قانداق بىر سىياسى تەشكىلاتقا قاتناشماسلىق ئۈچۈن بۇندىن كېيىن مىللىي سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشىدىن ئايرىلىمەن. تۈرمىدە ئەسەر يازىمەن دەپ بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، تەرەپتارلىرىمنىڭمۇ مېنى يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىمەن." دەپ باياناتت ئېلان قىلىدۇ.

ھەر قايسى گۇرۇھ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر، ھىتلېر كىتاب يازىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ پارتىيە ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر-بىرسىنى تازىلاشقا كىرىشىدىغان سىياسى كۆرەشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشتى. بۇ تۈر پەرەزلەر پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ھىتلېر «يەھۇدىيلار شەجەرىسى» دېگەن كىتاب يېزىش ئۈستىدە خېلى بۇرۇنلا ئويلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر نەرسە يېزىش خىيالىغا كېلىدۇ. بۇ خىيال ئۇنى ئىزچىل ئويغا سېلىپ، بۇ ئىش ئۇنى

سىياسى پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ ئويلىغانلىرىنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ، كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئويلىغانلىرىنى ئۇدۇللۇق يېزىپ يۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋرىسقا پىكىرلىرىنى سۆزلەپ يازغۇزۇش ئىشىغىمۇ كىرىشكەن ئىدى. ئاندىن، تۈرمىدىكى تېنچ مۇھىت ئىچىدە تۈرمە باشلىقىدىن ئارىيەتكە ئالغان خەت ماشىنكىسى ئارقىلىق ئارگىناللىرىنى ئىككى بارماق بىلەن بېسىپ يۈرۈپ كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ.

گۇندىپاي ھېملىچ ئەسلىمىسىدە "ئۇ بىر-بىرلەپ يېزىپ پۈتتۈرگەنلىرىنى ئاخشامقى يىغىلىشتا كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرەتتى" دەيدۇ. بۇ كىتاب كىشىلەر سۆزلەپ يۈرگەندەك ئۇنچىۋالا ياخشى مۇھىت ئىچىدە يېزىلغان ئەمەس ئىدى. ئالايلۇق، قاتتىق يامغۇر ياغقاندا دېرىزىنى يامغۇر ئۇرۇپ كامىرغا سۇ كىرىشكە باشلايتتى. بىر كۈنى ئۇ يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن يەرلەرنى سۈرتۈپ قۇرۇتىۋاتقاندا ئۆزىچە قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە، "ئەسكى-تۈسكىلەر قويۇلغان كۆلچەك ئىچىدە" گۇندىپايلاردىن بىرسى بېقىۋاتقان مۈشۈكنىڭمۇ "پاكار ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرىۋېلىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئورۇندۇقنى ھەدەپ يالاپ قۇرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۈستىنكى قەۋەتتە تۇرىدىغان رۇدولف ھېس دىگەن يېڭى كەلگەن بىرسى ھىتلېرغا ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ھېس، پروفېسسور خاۋشوفېرنىڭ دىگىنىگە كۆنۈپ

www.pidaily.biz

ساقچىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىر تۇرمىگە قامالغان ھېس، ھەر دائىم ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ مەسلىھەتلەر بېرىپ، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىشىپ بېرەتتى ۋە ھىتلېرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى خاتىرىلەپ بېرەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يازغانلىرىنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ چىقىرىپمۇ بېرەتتى. ۋاگنېر خانىممۇ ھىتلېرغا ماشىنكا قەغىزى، شاپىگراپ قەغىزى، قېرىنداش، سىيا ۋە دۇگەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ ياردەم بېرىپ كېلىدۇ.

دەسلىۋىدە، بۇ كىتاب ئادەتتىكى تارىخ كىتاب سۈپىتىدە يېزىلىشقا باشلانغان بولسىمۇ، بىرىنچى قىسمىغا دەسلىۋىدە «تۆت يېرىم يىللىق يالغانچىلىق، نادانلىق ۋە ئاجىزلىقلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانى» دېگەن ئۇزۇن بىر ئىسىم قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىتلېرنىڭ باللىق دەۋرى، ۋېيېننادا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، قىزىللار ئىنقىلابى، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ ميونخېنىدىكى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. شۇڭا، بۇ قىسىم، باللارنىڭ سىياسى تەربىيە كۆرۈش ھىكايە كىتابىغا ئايلانغان، شۇنىڭدەك يەنە بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىش پۇرسىتىنىمۇ يارىتىپ بەرگەن ئىدى. يەنى ھىتلېر دائىم سۆزلەپ پىشىپ كەتكەن ئۈچ خىل تېما ـ يەھۇدىيلار ھەققىدە، ماركسىزم ھەققىدە ۋە ئىرقچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي يۈزلۈك بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە پارلامېنت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ كارغا

كەلمەسلىكى ھەققىدە، سىبىلسىنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە،
سەنئەتنىڭ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە، لوردلار
ھاكىمىيەت تۈزۈمى ھەققىدە ۋە شۇنىڭدەك ئۇرۇشتا مەغلۇب
بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ بايان قىلىپ
چىقىدۇ .

سىياسىي نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقىش
ئىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆگۈنۈش جەريانى
ھېسابلىناتتى. "مەن تۈرمىدە يېتىش جەريانىمدا ئۆزەمنىڭ
پەلسەپەلىك قاراشلىرىم ئۈچۈن تەبىئى، تارىخى ئاساس تىكلەش
پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. ... ئەسلىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى
مېنى تۈرمىگە قاماپ بەكلا چوڭ بىر خاتاغا يول قويغان ئىدى:
ئەگەر ئۇلار مېنى تىنماي كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلەش بىلەنلا
بولۇپ كېتىپ، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغان
ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ياشىشىمغا يول قويغان بولسا ئىدى، ئەڭ
ئاقىلانە جازا بەرگەنلىك ھېسابلىناتتى".

ھىتلېر تۈرمە خىزمەتچىلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتىمۇ
ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان ئىدى. ئۇ، تۈرمىدىكى كۆپ ساندىكى
خىزمەتچى خادىملارنى مىللى سوتسىيالىزمچىلار تەرىپىگە تارتىپ
كەلگەن بولۇپ، ھەتتا تۈرمە باشلىقىمۇ ھىتلېرنىڭ كامىرىدىكى
چىراقنىڭ تۈن يېرىمىغىچە ئۆچۈرۈلمەسلىكىگە رۇخسەت بېرىدۇ.
گۇندىپايلىق ئىشلىرىمۇ تولا بەك چىڭ تۇتۇلماس ھالغا
كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، مەھبۇسلار ھەتتا ماشىنىكىدا بېسىلغان
مەخپى گېزىتىمۇ چىقىرىۋېلىشقان. بۇ گېزىت ھەم ئەركىن، ھەم

رەسمى تۈسكە كەلتۈرۈلگەن. گېزىتنىڭ باشماقالىسى ئادەتتە ھىتلېر تەرىپىدىن يېزىلاتتى. ھىتلېرمۇ بۇ گېزىت ئۈچۈن پات-پاتلا كارىكاتۇرا رەسىملىرىنى سىزىپ تۇراتتى. ئەسلىدە بۇ مەخپىي گېزىت پاش بولماسلىقى كېرەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بەزىلەر ئۆيىدىكىلەرگە يازغان خېتىدە بۇ گېزىت توغرىلىق ئېغىز ئاچقانلىقى سەۋەبىدىن بۇنداق بىر گېزىتنىڭ چىقىرىلىۋاتقانلىقى پاش بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھېملىچ تەھرىرات بۆلۈمى بولغان بىرىنچى نومۇرلۇق كامىرغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ھېچ نېمە تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ چىقىدۇ.

ھېملىچنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى بىرەرسىنىڭ ئىنقىلاب پىلانلاپ يۈرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كەچلىك يىغىلىشلارنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. ئەمما ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاشقا قويۇلغان كىشىلىرى ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا قىزىقىدىغان بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ياردەمچىلىرى بىلەن بىرگە ئىشىك تۈۋىگە يىغىلىۋېلىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىغا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىشقا كىرىشىدۇ. "بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايتتۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىزنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە دېگەنلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتۇق. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى".

www.pdfaly.biz

ھىتلېر ھەر دائىم "خايىل ــ ياشىسۇن!" دەپ يىغىننى تۈگىتەتتى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئىختىيارسىزلا قوزغىلاڭ كۈنىسى گىرىگور ستىراسېر گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆزگەرتىپ ئېيتقان مارشنى ئېيتىپ كېتەتتى:

مەيلى ئۇلار بىزنى سېتىۋەتسۇن،
ياكى بىزگە ھايۋان مۇئامىلىسى قىلسۇن،
بىز نېمە قىلىشىمىزنى ياخشى بىلىمىز،
ۋەتەنگە سادىقمىز، ھەرگىز چەتتە قالمايمىز.
قەلبىمىزدە ھىتلېر روھى،
مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ،
مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ،
ھىتلېر ھۇجۇمچىلار ئەترىتى،
چوقۇم قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ!

ھىتلېر پۈتۈن دىققىتىنى كىتاب يېزىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئادەملىرىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئون نەچچە كىشى ئۇنىڭغا كونىدىن قالغان بىر دېھقانلار تراگىدىيە ئويۇنى بولغان قازىكالان ئويۇنىنى ئويناپ كۆرسەتمەكچى بولىشىدۇ. ئۇلار قازاننىڭ قارىسى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى قارىغا بويىشىپ، كىرلىكلەرگە ئورىنىپ قولىدا لاخشىگىر ۋە سۈپۈرگىلەر، 7-نومۇرلۇق كامىرغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار قوللىرىدىكى قۇراللىرىنى شىلتىغىنىچە ھىتلېرغا قازىلىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار باۋارىيە قىزىقچىلىق ئويۇنى پاسونىدا مىيونخېندىكى سوت مەھكىمىسىنى قايتا ئويناپ

www.pidaiy.biz

كۆرسىتىشىدۇ. ھىملىچىنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ھىتلېر بۇ ئويۇنغا قاتنىشىپ سودىيەلىك قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان. يەنى گېرمانىيە بويىچە يۈز بېرىدىغان ئومۇمىي يۈزلۈك ئەركىن نامايىش ئويۇنىغا قاتنىششقا ماقۇل بولىدۇ. ئاندىن كۈلۈپ باش چايقىغىنىچە سورۇندىن ئايرىلىپ كامىرىغا كىرىپ ئىشنى داۋام قىلىدۇ.

ئانچە بەك ئىخلاسمەن بولمىغان زىيارەتچىلىرىدىن بىرى بولغان خانفىستانگىل ھىتلېرنىڭ سەمىرىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا تۈرمىدىكى جىسمانى ھەرىكەتلەرگە كۆپىرەك قاتنىشىپ بەرگىن دەپ مەسلىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بارلىق نەسىھەتلىرىنى باھانە كۆرسىتىپ بىرمۇ-بىر رەت قىلىدۇ: "بىر رەھبەر بولغان كىشى ئۇنداق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇرۇقلىيالمايدۇ. نۇتۇق سۆزلەش، ئەڭ ياخشى ئورۇغلاش ئۇسۇلى مېنىڭ ئۈچۈن."
خانفىستانگىل ئۇنىڭغا بىر قانچە پارچە كىتاب ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر بۇ كىتابلار ئارىسىدا يېڭى چىققان كارىكاتۇرا ژۇرنىلى «نادان» غا بەكلا قىزىقىپ قالىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بىر پارچە ھەجۋى رەسىم بېسىلغان بولۇپ، رەسىمدە ئۈچىسىغا پولات دۇبۇلغىلارنى كەيگەن ھىتلېر ئاق ئاتقا مىنىپ بېرلىنغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ ھەجۋى رەسىمدە ھىتلېر گويا ماركىز گراخاردقا ئوخشىتىلغان ئىدى (رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە پادىشاسى

يانو دەۋرىنىڭ يۇمىلاق جوزا چەۋەنىدازلىرى ساپ نىيەتلىكنىڭ سىموۋۇلى ھېساپلىناتتىكەن).

“قارىغىنە بۇ شاڭخوغا، ئۇلار مېنى خالىغىنىچە مازاق قىلىپ تۇرسۇن، ئەمما مەن چوقۇم بېرلىنغا يۈرۈش قىلىمەن!” دەيدۇ ھىتلېر.

ھىتلېر بىر مۇنچە ئايال زىيارەتچىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. شۇ قاتاردا 83 ياشلىق كارولا خوفمان خانىم ( 卡罗纳•霍夫曼 Carola Hoffmann) ئىسىملىك بىرسىمۇ بار ئىدى (بۇ ئايال، فامىلىسى ئوخشاپ قالغان فوتوگراپچى خوفمان بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق). ھىتلېر بۇ مومايىنى “قەدىرلىكىم، ساداقەتلىك چوڭ ئانام” دەپ ئاتايتتى. بۇ ئايال پاكا بويلۇق، ئەمما يارىشىملىق بىرسى ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىل جەريانىدا، پېنسىيىگە چىققان ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمەسى بولغان خوفمان خانىم، ھىتلېرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى خالىس يۇپ-دەزماللاپ، ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ كەلگەن بىر ئايال ئىدى. ھەر دائىم ھىتلېرنى تورت-پىچىنە، سېرىقماي-قايماقلار بىلەن بېقىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ كەمپۈت يىگىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئاق كۆڭۈل بىر ئانىغا ئوخشاش، ھىتلېرنى يۇقۇرى تەبىقە جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ يۈرۈش تۇرۇشى، تاتلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئۈچۈن قانداق تىرىشىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ تىنماي ۋىتىلداپ سۆزلەپ كېتەتتى. بىر قېتىمدا، كالىن گيورىڭ خانىم قەرز سورىغىلى كەلگىنىدە، ئۇنىڭغا فيۇرېرنىڭ رەسمى بىلەن بىرگە

“ھۇجۇمچىلار ئەترىتىمىز قۇماندانىنىڭ شەرەپلىك خانىمىغا تەغدىم” دېگەن ئاتكىرتكىنىلا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يولغا سالىدۇ.

ھېسنىڭ پۇتۇشكەن قىزى ئىلسې پىرۆل بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. ھەر يەكشەنبە (پازار)، ئىلسې مېيونخېندىن ۋېلىسىپىتلىق لاندىسبېرگكە كېلەتتى. بىر قېتىم، ئۇ تۈرمىگە ئوغۇرلۇقچە بىر رەسىم ئاپاراتى ئېلىپ كىرىدۇ. ئادەتتە ھىتلېر بىلەن ھېس ئىككىسى پەلەمپەي ئالدىدا ئۇنى كۈتىۋالاتتى. ئىلسې يېتىپ كېلىشى ھامان ھىتلېر ئالدىغا چىقىپ ۋېيىننا پاسونىدا ئىنتايىن نازاكەتلىك بىلەن قولىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئاندىن ئۇنى قولىدىن تۇتقىنىچە ئوپچە پائالىيەت ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ چۈشلۈك تاماق يېيىشەتتى. بىر قېتىم، پويىزلىق ئاپىسىنىمۇ بىرگە تۈرمىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ھېسنى ئۇنچە بەك ياخشى كۆرمەيتتى. بولۇپمۇ ھېس تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ يامان كۆرىدۇ. ئەمما ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ نازۇك بىر شەكىلدە سۆيۈپ قويىشى موماينىڭ پۈتۈن خىياللىرىنى ئوڭ-تەتۈر قىلىۋەتەتتى. “مېنىڭ ئاپام، سىياسەت بىلەن پەقەتلا قىزىقمايتتى. ئەمما مېيونخېنغا كېلىپلا پارتىيىگە ئەزا بولىۋالدى. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي شۇ قېتىمقى ھىتلېرنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويىشى سەۋەپچى بولغان دېيىش مۇمكىن”.

خاۋشوفېرمۇ ھېسنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇ، ھېسقا خارفۇد ماگىند (哈尔福特•马金德) ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە پارچە سىياسى كىتاب، سىياسى جوغراپىيىگە دائىر

كىتـاب ۋە ماقـالىلارنى ئەكىلىـپ بېرىـدۇ. ئـۇ بەزىـدە كېلىـپ
ھېتلېرنىـڭ يـوخلاپ چىقـاتتى. شـۇنداقتىمۇ ئۇنىـڭ يېنىغـا
ھەرگىزمـۇ يـالغۇز كىرمەيتتـى. "مەن ئۇنىـڭ يېنىغـا كىرگەنـدە
مەخسۇس بىرسى بىلەن بىـرلىكتە كىـرەتتىم. ـ دەيـدۇ كېيىنكـى
بىر ئەسلىمىسىدە، ــ مېنىڭـدە ئۇنىـڭ توغرىلىـق ھەردائىم بىـر
غەلىتە تۇيغۇ بار ئىدى. يەنى ھېتلېردا ئاز مەلۇماتلىق بىرسىنىڭ
يـوقىرى ئىلمـى مەلۇمـاتلىقلار ھەققىـدە ئىشەنمەسـلىك بىـلەن
قارايـدىغان بىـر مىـجەز بـارلىقىنى ھـېس قىلاتـتىم." بەلكـم
پروفىسسور خاۋسـوفېر بۇرۇن ھېسقا، سـەن سياسـى ئىشلارغا
ئارلاشـمىغىنىڭ تـۈزۈك، ئەسـلىدە سـەن ئـۆز ئىلمـى ساھەيىڭ
ئىچىـدە تىرىشـىپ ئالغـا ئىلگىرلىگىنىـڭ تـوغرا بـولاتتى، دەپ
ئېيتقىنىدىن شۇنداق گۇماندا بولۇپ يۈرگەن بولىشـىمۇ مۇمكىن.
ۋە بەلكىم ئۇنىڭ قوزغىلاڭ ھەققىـدە ئوچۇق ئىپادە بىلـدۈرۈپ،
بۇ ھەرىكـەتنىڭلار تـرادىگىيە خاراكتېرىـدىكى بىـر خاتـالىق ئىـدى
دەپ باھالىغـانلىقى سـەۋەبىدىنمۇ شـۇنداق ئېھتىيـات قىلىشـىنى
كەلتـۈرۈپ چىقارغـان بولىشـىمۇ مـۇمكىن. بـۇ پروفېسسـور،
ھېتلېرنىـڭ ئۆزىنىـڭ سياسـى تەرجىمھالىنى يېزىۋاتقانلىقىـدىن
خەۋىـرى بـار ئىـدى. شـۇنىڭدەك يەنە ئوقۇغۇچىسـى بىـلەن
ھايـاتلىق ماكـانى مەسىلىسـى بىـلەن جوغراپىيىلىـك سياسـى
مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ تـالاش ـ تـارتىش قىلغـانلىقىنى ئۇنۇتمىغـان
ئىدى. "ئەممـا مەن شـۇنداق ھـېس قىلىـمەن، توغرىسـى قەتئىـي
شـۇنداق دەپ ئىشـىنىمەنكى، ھېتلېـر بـۇ تـۈردىكى مەسـىلىلەر
ھەققىـدە ئـازىراقمۇ سـاۋادى يـوق بىرسـى ئىـدى، ھەتتـا ئـۇلار

www.pdfuy.biz

ھەققىدە توغرا چۈشەنچە ئالالىغىدەك قاراشقىمۇ ئىگە ئەمەسلىكى ئېنىق.” پروفېسسور، ئۇ ئىككىسىنىڭلا سىياسى جوغراپىيىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا لازار (拉扎尔) ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە بايان قىلىنغان ئاساسى نەزەرىيىلەر ھەققىدە ساۋات بەرگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يەنىلا شۈشىنەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھىتلېر، سىياسى جوغراپىيە نەزەرىيىلىرى ئارىسىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان گەپلەرنىلا يۇلۇپ ئېلىپ ئىشلىتەتتى.

گەرچە ھېس بۇ پروفېسسورغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىدىغان بولسىمۇ، ھىتلېرغا سادىق بىر كاتىپ بولۇش بىلەن ھاياتىنى مىللىي سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە بېغىشلاشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە فيۇرېرنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالالىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنىڭ پارتىيىگە زىيان كەلتۈرىدىغان مۇنازىرىلەرگە بەكلا ئۆچ ئىكەنلىكىنى، ئەمما كىتاب يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. 16-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، ھېس بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىكى دوستىغا يازغان خېتىدا، ھىتلېر ئەپەندى رىيال سىياسەت ھەققىدە توختىلىشنى خالىمايدۇ، دەپ يازغان. “ئۇ ھازىر ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئىشىدىن ۋاقتىنچە ئاشكارە تۈردە ئايرىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرىۋاتقان تاشقىرىدا بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم ھىتلېرنىڭ

www.pidaw.biz

تەلىماتلىرىغا زىت بولۇپ كۆرۈنىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ بۇ ھالىدا ئۇ سىرتتا يۈز بېرىۋاتقان پۈتمەس-تۈگىمەس تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇنچە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا ئارىلىشىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قايتىدىن ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن كۈنىسى، پۈتۈن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆز يولىغا سالالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى.

گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى سولچى ناتسىستلار ئاممىۋى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش دېيىشكە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇلار مىللەتچىلەرنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ “دۈشمىنى” دەپ تەنقىت قىلاتتى. مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىلار داھىيسى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكىنىمىزدە، “ھەقىقى ناتسىستلار پارتىيىسى ئەزاسى، بولۇپمۇ بىر ئىشچى” مەجبۇرى تۈردە ناتسىستلار پارتىيىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر ھالغا كېلىپ قالىدۇ، دەيدۇ. شىمالدىكى سولچىل ئۇنسۇرلار گەرچە ھېسىنىڭ قارىشىغا قوشۇلغىنىدىمۇ، گەرچە بۇنداق بىر بىرلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، دەپ قاراپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىمايتتى. ۋىمار يىغىنى ئېچىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بىرسى خەت يازغان، رۇشەنكى، بۇ خەت فيۇرېرگە قارىتىپ يېزىلغان. بۇ خەتتە ھىتلېر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىمالى گېرمانىيىگە كېلىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ھېرمان ھېس بىرگە كەلمىسۇن دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شىماللىقلار بۇنداق بىرسىنى پەقەتلا خالىمايتتى.

“بىز ھەرگىز 1923 ـ يىلى مىيونخېنىدا كۆرۈلگەنىدەك ھىتلېرنىڭ ئەتىراپىنى قورغان توساپ قورشىۋىلىشنى ھەرگىز خالىمايمىز. بۇ يەردە ياشايدىغانلار شىماللىقلارنىڭ قېنىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار سىياسەتتىكى قۇلچىلىققا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ نېمىلا دېسە باش ئېگىپ تۇرىدىغان يۇۋاش ـ يۇمشاقلاردىن ئەمەس. بىز ناتىقلاردىن ئەمەسمىز. شۇنىڭدەك ئۆز غېمىمىزنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلەردىنمۇ ئەمەسمىز. ... بىز پەقەت فيۇرېرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشنىلا تەلەپ قىلىمىز، ... بىز غايىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايمىز”.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆزقاراش پەرقى كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر سىياسى ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشقا غەيرەت قىلىدۇ. 29 ـ ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، ئۇ «خەلق ئەلچىسى» گېزىتىغا بىر پارچە بايانات بېرىپ، يۇخلاپ كېلىدىغانلار بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ. “مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىم ئاۋارە قىلىنىشنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر ئىش بولغاچقا”، خەت ئارقىلىق كۆرۈشۈشتىن باشقا مېھمان كۈتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن دەيدۇ. گەرچە ئۇ سىياسى ئىشلار بىلەن مېھمان كۈتۈشتىن زېرىكتىم دېسىمۇ، شۇ كۈنى بىر نېمىسنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ كىشى بوخېمىيە قېنىدىن بولغان پارتىيە ئەزاسى كۇگىل (库格勒) دېگەن بىرسى ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرغا مۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتىدۇ: “سىزنىڭ

www.pidaly.biz

يەھۇدىيلار ھەققىدىكى مەيدانىمىزدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدىمۇ ـ قانداق؟" بۇ مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ جان ئالغۇچى بىر مەسىلە ئىدى. "شۇنداق، ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى. ـ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا، ـ يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇسلۇپ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىش قىلدىم. مەن يېڭىلا ھېس قىلدىمكى، بۆگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا مەن يەھۇدىيلارغا بەكلا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن! مەن بۇ مەسىلىنى كىتاب يېزىش جەريانىدىلا ئاندىن ھېس قىلىپ يېتەلىدىم. ئەگەر بىز غەلىبە قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئەڭ رەھىمسىز بولىشىمىز، يەھۇدىيلارغا قارشى ئەڭ قاتتىق قول يول تۇتىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىش نېمىس خەلقى ئۈچۈنلا مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ قالماي، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھايات ـ ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. يەھۇدىيلار پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە زىيان سېلىپ كېلىۋاتقان بىر ھاشارەت ئاپېتىدۇر".

## (4)

پۈتكۈل بىر ياز، ھىتلېر "ئارامخۇدا ئۈۋىسىدا" راھەت ياشاپ كەلمەكتە بولۇپ، ئۇ يەردە يېپ ـ يېڭى بىر كۆرەش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كىتاب يېزىش ئىشىغا ئاتىغان بولۇپ، تۇرمىدىن بالدۇرراق چىقىرىۋېتىلىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. 18 ـ سىنتەبىر



www.pdaily.biz

(ياچاق) دە، تۈرمە باشلىقى لېيبولد (Otto Leybold 雷波尔德) باۋارىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە ھىتلېر ئۈچۈن بەكلا پايدىلىق بىر دوكلات سۇنىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈرمىدىن قويۇۋېتىلىش ئىشى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇ دوكلاتتا، ھىتلېر بىر قانچە ئايلىق جازا مۇددىتى جەريانىدا "تەرتىپ ئىنتىزامغا قاتتىق بوي سۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقى"، "ئىزچىل ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، كىچىك پېيىل، ئېھتىياتچان ئىكەنلىكى، كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ بۇ ئورۇننىڭ خادىملىرىغا ئالاھىدە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى" تەكىتلەنگەن ئىدى. دوكلاتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا لېيبولد پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك ئۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ياكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللانمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. "شۈبھىسىزكى، قاماقتا يېتىش جەريانىدا بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالاھىدە ئېغىر بېسىق، ئۆزىنى توختاتقان، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان ھالغا ئۆزگەرگەن. ئۇ ئەندى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ".

دەسلىۋىدە لېيبولدنىڭ بۇ تۈردىكى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى، ھىتلېرنىڭ باھارغا قالماي قويۇۋېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىشارەت قىلماقتا ئىدى. ئەمما باۋارىيە شىتاتلىق ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر 22- سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى ئىچكى ئىشلار

مىنىستىرلىكىگە مەخپىي دوكلاد يوللاپ، 1-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) دە ھىتلېرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دوكلادتا يەنە ئەگەر ھىتلېر "پەۋقۇلئاددە ئەھۋال" بويىچە قويۇپ بېرىلىشكە توغرا كەلسە، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن. چۈنكى ئۇ قابىلىيەتلىك بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ھامان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ سەۋەبىدىن قايتىدىن باشلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، دېيىلگەن. جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى بىرىنچى باشقارمىسىدىكىلەر بۇ تەكلىپكە ئىتتىۋار قىلىشماي، ھىتلېرنى قەسەم قىلدۇرۇپ تۈرمىدىن چىقىرىش قارارىنى ئالىدۇ. ئەمما ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بۇ جىنايەتچى يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش قائىدىلىرىگە خالىغانچە خىلاپلىق قىلغان دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنىدۇ. بۇ ئەرز ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، قەسەم قىلىپ قويۇپ بېرىلىش تەلىۋىمۇ بىرلىكتە رەت قىلىنىدۇ.

ھىتلېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك بۇ تۈر پاسسىپ مىجەزىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ قايتىدىن كىتاب يېزىش ئىشى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدۇ. "ئەتىگەندىن ئاخشىمىغىچە، تا يېرىم كېچىگىچە ئۇنىڭ كامىرىدىن ماشىنكىنىڭ ئاۋازى، ھېسقا ئېيتىپ ماشىنكىدا ئۇرغۇزىۋاتقان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى" دەيدۇ ھېملىچ ئەسلىمىسىدە. ئۇمۇ فيۇرېرغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىغا سەل قارىمىغان ئىدى. ميۇنخېن

قوزغىلىشىنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنىسى ھىتلېر "چوڭقۇر ھېسسىيات" بىلەن ئاممىۋى ئۆيدىكى سىياسى جىنايەتچىلەرگە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى" نى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرەتتى. "فيۇرېرنىڭ سەممى ساداقەتلىكى بىلەن ئالى پەزىلىتى ئۇلتۇرغانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىۋېتىدۇ".

نويابىر (ئوغلاق) ئېيى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، يېقىندا قەسەم قىلىپ تۈرمىدىن چىقىرىلىشى ھەققىدە بىرەر شەپە كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۈمىدسىزلەنمەي غەيرەت بىلەن ئۆز ئىشى بىلەن شوغۇللىنىپ كېتىۋېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ھىتلېرنىڭ ئەڭ داڭلىق مورتلىرىدىن بىرسى بولغان گيورىڭ ئىتالىيىنىڭ ۋېنىسىدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇرۇپ جىددى ئىشلار ئۈچۈن مۇسسولىنىدىن بىر مىقدار قەرز ئۈندۈرۈش ئۈچۈن پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. گەرچە گيورىڭنىڭ يارىسى تېخى تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەن، داۋاملىق دورا يەپ تۇرىشقا توغرا كەلگەن بولىشىغا قارىماي، فيۇرېرىگە سادىق بولۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قەرز ئىشىغا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئالاقە قىلىۋاتقان كىشى مۇسسولىنىنىڭ بىر ۋاكالەتچىسى، ليو ناگىرېللى (雷奥•纳格雷里) دېگەن كىشى ئىدى. گيورىڭ بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن خەت ئالاقە قىلىپ، فاشىستلاردىن قەرزگە ئىككى مىليون لىرا پۇل ئېلىش خىيالىنى قىلىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسسولىنىنى ھىتلېر تۈرمىدىن

چىقار ـ چىقماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپمۇ ئالىدۇ. بۇنىڭ رەخمىتى ئۈچۈن ناتسىستلار پارتىيىسى ئىتالىيىنىڭ تىرور (第洛尔) جەنۇبىدىكى زېمىن تەلىۋىنى ئاشكارە قوللاشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسى بەكلا كۆپ ھىمايىچىلىرىدىن مەھرۇم بولىشىنى، بولۇپمۇ باۋارىيىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

روشەنكى، فاشىست كاتىۋاش ئۆزىنىڭ "رىمغا يۈرۈش قىلىشى" دىن ئۈلگە ئالىمەن دەپ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىر سىياسى پارتىيىنىڭ بۇنچىۋالا قەرزنى قايتۇرالىشىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيتتى. گىيورىڭنىڭ ئۆتلۈنۈشلىرى بىر قېتىملىق چوقانغىلا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. "ئىلگىرى، فاشىستلارمۇ بىزگە ئوخشاش بەكلا ئاجىز، ھەر دائىم مازاق قىلىنىپلا يۈرگەن ئىدى. — دەيدۇ گىيورىڭ ئۆزىنى ئاقلىغان ھالدا، — كىشىلەر ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالى يوق دېگەن گەپلەرگە قەتئىي ئىشەنمەسلىكى كېرەك. ... كۆرىسىلەركى، بىر قانچە يىلغا قالماي بۇ پارتىيە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىدىغان بىر پارتىيىگە ئايلىنالايدۇ." (1924~1925 ـ يىللىرى ئارىسىدا گىيورىڭنىڭ ناگرېلى (纳格雷里) بىلەن يېزىشقان خەتلىرى تېخى يېقىندا تېپىلغان بولۇپ، ب. ئې. سۋىلگىن (斯维林根) تەرىپىدىن ئېنگىلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھۆججەتلەر گىيورىڭنىڭ بۆگۈنگىچە بىلىنمەي كېلىۋاتقان شۇ دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھاياتى ھەققىدە يېڭى

www.pidaly.biz

يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە ناتسىستلار بىلەن فاشىستلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى مۇناسىۋىتىگە دائىر يېڭى ماتېرىيال بولۇپ قالدى). گيورىڭ، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ جەنۇبى تىرور (第罗尔) نى ئىتالىيىنىڭ تەلەپ قىلىشىنى قوللىشىدەك بۇنداق خەلق رايىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋال چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلى ئىزاھات بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە، مۇسسولىن ئەنە شۇ ئارانلا ئىككى مىليون لىرا پولدىن پايدىلىنىپ نەقەدەر چوڭ پايدىغا ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنىمۇ كۆرستىپ ئۆتىدۇ. "بۇ ئىش سەۋەبىدىن سەن بىزدىكى گېزىتلاردا ھەدەپ مۇبالىغە قىلىپ داۋراڭ چىقىرالىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى مىليون لىرا ئەڭ كېچىككەندىمۇ 5 يىل ئىچىدە قايتۇرۇلىشى كېرەكلىكىمۇ تەلەپ قىلىنغان".

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گيورىڭ بۇ قەرز پۇلنى تېخىمۇ جىددى تەلەپ قىلىشقا باشلايدۇ. "ئەگەر بۇ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالىغىنىدا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قالاتتى. ... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت ھەقىقەتەنمۇ خەلقئارالىق خاراكتېرگە ئىگە بىر ھەرىكەت دېگەنلىكتۇر. بارلىق دۆلەتلەر يەھۇدىيلارغا قارشى قوزغىلىشى شەرت."

11-ئايمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما مۇسسولىن ھېلىغىچىلا بۇ ئىشقا ۋەدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ (ئېھتىمال ھەرگىزمۇ ئىككى

مىليون لىرا قەرز بەرمەيدۇ)، فيۇرېرمۇ تۆرمىدىن چىقالمايدۇ. دېكابىر ئوتتۇرلىرىدا، بىر قانچە يولداشلىرى تۆرمىدىن چىقىدۇ. "ھىتلېر قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئىشىدا كەينى-كەينىدىن ئۈمىدسىز ھالغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا زېھنىنى ئىشقا سېلىپ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ. - دەيدۇ ھىملىچ ئەسلىمىسىدە، ــ تۆرمىدە قالغان بۇ كىشى غەيرەت قىلىپ روژدېستىۋا ئارچا بايرىمىغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ." ئۇلار ئامموۋي بۆلۈمنى بىر باشتىن تۈزەشتۈرۈپ چىقىدۇ. ھەممىدە ئوتتۇرىغا بىر زىننەتلەنگەن ئارچىمۇ تىكىدۇ. ئەمما ئۇلار ئارچا بايرىمى ئۆچۈن ئەتىراپنى زىننەتلەشكە باشلاشتىن ئاۋال، شىتاتلىق پارلامېنتنىڭ ھىتلېرنى تۆرمىدىن چىقىش كاپالىتى بىلەن قويۇۋېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ. بەلكىم ھىتلېرنى سوتلاشقا قاتناشقان ئۈچ نەپەر كەسىپ ئەھلى بولمىغان سودىيىلىرىنىڭ ئاشكارە چاقىرىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، 19-دېكابىر كۈنى، باۋارىيە ئالى سوت مەھكىمىسى ھىتلېرنى قويۇۋېتىش توغرىلىق بۇيرۇق قىلىدۇ.

بۇ خەۋەرنى تۆرمە مەسئۇلى لېيبولد بىۋاستە ھىتلېرغا ئۇقتۇرىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، تۆرمىدە بىر يىلدىن ئارتۇق قامىلىپ ياتقان ھىتلېر، يولداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يېنىدا بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى (282 مارك) ئۇلارغا تاشلاپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە ھىملىچ بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ ئۇنىڭ قىلغان بارلىق

ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن رەخمەت ئېيتىپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن لېيبولد بىلەنمۇ كۆزلىگە ياش ئالغان ھالدا خەيرلىشىدۇ. "مەن لاندىسبېرگتىن ئايرىلىش ۋاقتىمدا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا يىغلاپ كەتكەن ئىدى! (تۈرمە باشلىقى بىلەن باشقا گۇندىپايلارنى دېمەكچى) — دەيدۇ ھىتلېر كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — ئەمما مەن يىغلىمىدىم. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىمىزغا تارتىپ بولغان ئىدۇق".

ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ئىدى. ھىتلېر ئۇنى ئالغىلى كەلگەن ئىككى كىشى بىلەن قىسقىچىلا سالاملىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى نەشرىياتچى ئادولف مۇللېر (Adolf Müller 阿道夫•米勒) بولۇپ، يەنە بىرسى فوتو رەسىمچىسى خوفمان ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۇنى ئېلىپ ماڭىدىغان بېرزىنت قاپلىق جىپقا چاققانلىق بىلەن چىقىپ ئولتۇردى. تۈرمە ئىچىدە رەسىم تارتىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، خوفمان ھىتلېرنىڭ تۈرمىدىكى رەسىمىنى تارتالمايدۇ. ئەمما سىرتقا چىققاندىن كېيىن ھىتلېر خوفمانغا ئۇنىڭ رەسىمىنى تارتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېر بۇ قېدىمى پۈراق چىقىپ تۇرغان قەلئە دەرۋازىسى ئالدىدا بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدۇ. يولدا ھوپمان ھىتلېردىن سورايدۇ: بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى قانداق باشلىماقچىسەن، ئىشنى نەدىن باشلاشنى ئويلاۋاتىسەن؟ ھىتلېر ئۇنىڭغا: "باشتىن باشلىماقچىمەن، ئىشنى يېڭىدىن باشلايمەن." دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاپتوموبىل ميونخېنغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ھىتلېرنىڭ كۆڭلى ئازادە، كەيپىمۇ چاغ ئىدى

("نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ئىش بۇ، مەن يەنە قايتىدىن
ئاپتوموبىلغا ئولتۇرالايدىغان بولدۇم!"). ھىتلېر، مۆللېرغا
ماشىنىنى تېخىمۇ تېز ھەيدىشىنى ئېيتىدۇ. "بولمايدۇ ئەپەندىم،
— دەيدۇ مۆللېر، — مەن يەنە 25 يىل ياشىشىم كېرەك!"

ئاپتوموبىل پاشىن (帕辛) غا يېتىپ كەلگەندە بىر مۇنچە
موتوتسىكلىتلىق ناتسىستلار ئالدىغا چىقىپ، ھىتلېرنىڭ
ماشىنىسىنى قوغداپ شەھەرگە كىرىدۇ. بىر مۇنچە سادىق پارتىيە
ئەزالىرى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ھىتلېرنى قارشى ئېلىشقا
كەلگەن ئىدى. پەلەمپەي ئالدىدا خوشاللىقىدىن ئويناقشىپ
كەتكەن ئىتىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدۇ.
ئۆيىنىڭ ئىچى گۈل-چېچەكلەر بىلەن توشقۇزۇلغان ئىدى.
قوشنىسى ئۇنىڭغا بىر دەستىخان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك
تاييارلىغان بولۇپ، ئۇستەلدە يەنە ئۈزۈم شارابىمۇ تىكلەكلىك
ئىدى. دېمەككى، ئۇ تۈرمىدە ئۇنچە بەك ياخشى كۈتۈلمىگەن
ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ لاندىسبېرگتا ئۆتكەن كۈنلىرىدىن بەك
پۇشايمانمۇ قىلمايتتى. ئەكسىنچە، تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ
ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان دېيىش مۇمكىن
ئىدى. "تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرى مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى
ئىستىخىيىلىك تۈردە تونۇپ كەلگەن ئىكەنمەن. جازا مۇددىتىم
جەريانىدا مەن بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشقا
باشلىدىم. يەنى، تۈرمىگە قامىلىش جەريانىدا مەن قورقماس
ئىرادىگە، كۆتۈرەڭگۈ روھى ھالەتكە ۋە ئۆز تەغدىرىمگە بولغان

ئىشەنچە ئېرىشكەن ئىدىم. بۇنىدىن كېيىن ھېچ قانىداق ئىش ئىرادەمنى تەۋرىتەلمەيدۇ".

ھىتلېر تۈرمىدىن ئازىرلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پايدىسىز ۋەزىيەت ئۇنى چېنىقتۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلار بىلەن سىياسىي غەرەزلەرنىڭ كۆرىنەرلىك زىيانلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۇنى نومۇسقا قويمىغان ياكى بۇنىڭدىن قىلچىمۇ بىئارام بولمىغان ئىدى. ئۇ مىيونخېنغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، يېپ-يېڭى بىر سىياسىي يول ئېچىش غەيرىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئەندى، بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ئىرادە باغلايدۇ. بۇرۇنلاردا، ئۇ بىر نامى بار ئەمما ئەمەلى كۈچى يوق بىر داھى ھېسابلىناتتى. يەنى باشقىلار قۇرۇپ چىققان پارتىيە ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن ئىدى. بۇندىن كېيىن، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق داھى بولۇشقا ئىرادە باغلاپ، ئۇزۇننى كۆزلىگەن غايە بويىچە ئىلگىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزى تۈزۈپ چىققان لايىھە بويىچە ھەرىكەت قىلماقچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىشى، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش بولىدۇ. دېكابىر (ئاراي) دىكى ئومۇمى سايلامدا، مىللىي سوتسىيالىزم گۇروھى يېرىمدىن ئارتۇق پارلامېنت ۋەكىلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئاۋاز سانىمۇ 1 مىليون 918 مىڭدىن 907 مىڭغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ناتسىستلار پارتىيىسى ھېلىغىچىلا قانۇنسىز ھالدا تۇرماقتا

بولۇپ، پەقەت يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشقىلا مەجبۇر ھالەتتە ئىدى. ئەمما ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپى، ئۇ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنى يالاپ چىگرادىن چىقىرىۋېتىش ھەققىدىكى ئەرزمۇ يېقىندىن بېرى ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن بىكار قىلدۇرۇلغان ئىدى: ئاۋستىرىيە ھىتلېرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىمۇ ئەدلىيە مىنىستىرى گۇرتىنا (古尔特纳) نىڭ قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇقەررەر ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئامىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قارىشىدا، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ھىتلېر ئىدېيولوگىيسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئاجايىپ بىر ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئىرقچىلىق ھەرىكىتى گەرچە دېكابىر (ئاراي) دىكى سايلامدا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا داغدۇغىلىق ھالدا تەرەققى قىلماقتا دەپ تونۇلاتتى. بۇ تۈردىكى تەرەققىياتنى پەيدا قىلغان ئامىل يەنە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ بولغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ئىدى. بۈرۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىدە مۆتىدىل تەرەپتىكىلەر بىلەن ئاكتىپ ۋەتەنپەرۋەرلەر تەرىپى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، شۇ قېتىمقى بالا تاشلىۋەتكەن قوزغىلاڭغا قىزىقىش تەرىپىدە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارمۇ رادىكالچىلار تەرىپىگە ئېغىپ كەتكەن ئىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ھالغا كەلگەن ئىدى. گەرچە

پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرسىدىكى ھالاك بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىپ بىر ـ بىرسىنى سۆكۈش ئىشلىرى كۆچىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنى زىددىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆزىگە سادىق بولۇش تەرىپىگە يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى. ھىتلېر رەسمى بىر داھى ھالىغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىمۇ خەلق ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى ھىتلېرنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويماقتىن باشقىچە بىرەر يولىمۇ يوق ئىدى. ئادولف ھىتلېردىن ئىبارەت ئەقىدە ئۆچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان بۇ ئومۇمخەلق ئۈلگىسى، خەلققە نىسبەتەن يەنە بىر تەرەپتىن بايرىقىنىڭ، ئەركىنلىكىنىڭ ۋە ئىرقى ساپلىقىنىڭ سىموۋۇلى ھالىغا كەلگەن ئىدى.

ئۇنىڭ تېپ ـ تېنىچ، يالغۇز كامىر ئىچىدە كالللىسىدا ئويلىغان نەرسىلىرى، تېخى كۆنۈپ بولالمىغان مىيونخېندىكى ئەركىن مۇھىتى بىلەنمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئەركىنلىككە چىققان بىرىنچى كۆنى ئاخشىمى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئەقلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. "مېنىڭدە مۇنداق بىر ئادەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم: ھەر قانداق ۋاقىتتا ئارىلاپ مۆرە قاقىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالىدىكەن. ھەر قانداق بىر ئىش قىلماقچى بولسام ئاۋال بىر مەزگىل ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىكەنمەن. بۇ مىجەزىم مېنى ئىزچىل تۈردە بىئارام قىلىپ كەلمەكتە!" شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر بەربىر

ئەقىللىق بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ، قىسقا بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ "ئەمەلىيەت بىلەن ماسلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى" بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بىر قانچە ھەپتە خىيال قىلماي يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن "بىر-بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىنى ياراشتۇرۇش" ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماقچى بولىدۇ.

ئۇ، قايتىدىن ئادەتتىكى بىر پۇخرانىڭ ئېغىر بېسىقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ بىرىنچى قەدەمدە ئارچا بايرىمى ئاخشىمى خانفىستانگىل ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىشنى باشلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئىسار دەرياسى قارشىسىدىكى بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۆي بۇرۇنقى ئۆيگە قارىغاندا خېلىلا كەڭتاشا بىر ئۆي ئىدى. بۇ رايون خېرزوشىر () باغچىسىغا يېقىن بىر يەر بولۇپ، مەنزىرىسى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى. بۇ يەر توماس مان قاتارىدىكى داڭلىق يازغۇچىلار ئولتۇراقلاشقان بىر رايون ئىدى. ھىتلېر پىيانو ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە، روھى جەھەتتىن جىددىيلىشىپ ئالاق-جالاق بولۇشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ خۇددى يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە: "خانفىستانگىل، ماڭا «لىبىستىرود (利贝斯托德) » نى چېلىپ بەرگىنە" دەيدۇ. خانفىستانگىل "لىسد () تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ تەييارلىغان «خوستېيىن بىلەن ئىسۇد» (崔斯坦和伊索德) تىن بىر ئاھاڭنى پۈتۈن زېھنى بىلەن چېلىپ بەرگىنىدىن كېيىنلا ھىتلېر ئاندىن جىددىيچىلىكتىن قۇتۇلۇپ جايىغا كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا

www.pdaly.kz

ھېلېنىيە يېڭى قوشۇلغان قىزى ھېلدا (赫尔达) نى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ھېتلېر بۇۋاقتا قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بىر ھازا بالىنى ئەكىلىدۇ. ئاندىن ھېلېنىيەدىن ئۇفىيىندا بولغان ۋەقە ئۈچۈن ئەپۇ سورايدۇ. "سىز تونۇشلۇرۇم ئىچىدىكى ئەڭ كونا قاراشلىق بىرسى ئىكەنسىز." ئۇ گەپ قىلغاچ بۇ رويالخانىغا كۆز ئاتىدۇ. ئۇ گېپىنىڭ يېرىمىنى قىلىپ بولۇپلا تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەتراپقا قاراپ كېتىدۇ. "كېچىرىڭ، — دەيدۇ ھېتلېر بۇ قىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، — بۇ مېجەز تۈرمىنىڭ يالدامىسى، ئۇ يەردە ھەرقانداق بىر يەردە ھەر دائىم دېگەندەك شۇ مەرەز گۇندىپايلار كەينىڭدىن سېنى كۆزىتىپ يۈرگىنى يۈرگەن. - ھەقىقەتەنمۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدە ھەر دائىم ئىشىك يوچۇقىدىن ئۇنى ماراپ كۆزىتىپ يۈرۈشەتتى. - بەك قورقۇنۇچلۇق، بۇنى بىر دېمەڭ! مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلار بىرەر باھانە تېپىپ مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىشنىڭلا خىيالىدا يۈرەتتى. مېنىڭ ئىككى ھەپتە ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىمدىن خەۋىرىڭلار بار. ئۇلار بۇنى مېنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ بىر ئىسپاتى قىلىپ كۆرسىتىشمەكچى بولۇشقان." (بەلكىم بۇمۇ ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشقا سەۋەپ بولغان ئىشلاردىن بىرسى بولىشى مۇمكىن(

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇلار ئارچا دەرىخى ئاستىغا يوشۇرۇلغان سوغاتلارنى چىقىرىپ تارقىتىدۇ. ئاندىن، ھېلېنىيە، ھېتلېر ۋە 4 ياشلىق ئېگون ئۈچىسى پىيانونىڭ ئەتراپىدا ئولۇشۇپ ئولتۇرىشىدۇ. خانفستانگىل «ستانۋېي (斯坦威) «

دىن كەينى-كەينىدىن بىر قانچە ئاھاڭ چالىدۇ. «ئارمىيە مارشى» دېگەن بىر مۇزىكا ھىتلېرنى بەكلا ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ خۇددى ھەربىلەردەك ئۆي ئىچىدە چۆگىلەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مەنزىرە قايتا نامايەن بولىدۇ. ئۇ يەنە ئېگونغا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەھۋاللارنى دوراپ بېرىدۇ: ئۇ، كاتيۇشا ئاۋازىنى، 75 سانتىمېتر ئېغىزلىق زەمبىرەك ئاۋازىنى ھەمدە پىلىموت ئاۋازىنى دوراپ بېرىدۇ. ئۇ بەزىدە قايسى بىرىنىڭ ئاۋازىنى يالغۇز دوراپ بەرسە، بەزىدە بىر قانچە خىل قۇرالنىڭ ئاۋازىنى بىللىكتە دورايتتى.

ئاندىن ئۇ سىياسەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ قايتىدىن يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇزۇن نۇتقىنى باشلىۋېتىدۇ. خانفىستانگىل ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى قاراشلىرى كونكىرىتنى ئىرقچىلىق پۇرىقىنى ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تايمس (华尔街)مەيدانى، ھەتتا پۈتكۈل ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ تىزگىنىگە ئۆتۈپ بولغانمىش. كەينىدىنلا ئۇنىڭ پىكىرلىرى، ئۇنىڭ گېپى تۇيۇقسىزلا لاندىسبېرگتىكى يېقىن سەبداشلىرى ھەققىدىكى گەپلەرگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. "ئاھ مېنىڭ شۇ رودىم (卢迪)، مېنىڭ شۇ ھانسىيىم(赫塞尔) ، ــ ھىتلېر ھاياجان ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېرىدۇ: ــ ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە شۇ تۈرمىدە قاملىپ ياتقانلىقىنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ كېتىدۇ"!

ھىتلېر ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ھېلېنىيە بىلەن پىيانو ئۆيىدە بىر ئاز يالغۇز قالىدۇ. ھېلېنىيە سوفادا ئولتۇرغىنىدا ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ دەيدۇ:

"ماڭا قارايدىغان بىرسى بولسىمىغۇ كاشكى"!

"ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ." ھېلېنىيە ئۇنىڭ نېمىشقا تويى قىلماسلىقىنى سورايدۇ. "مەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايمەن. چۈنكى مەن، ئۆزەمنى ۋەتەنگە ئاتىۋەتكەن بىرىمەن." بۇ ۋاقىتتا ھېلېنىيە ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۆڭلىدە ھىتلېرنى راستىنلا كىچىك بالىغا ئوخشىتىپ قالىدۇ. تەخمىنەن بۇنىدىن 17 يەتتە يىل بۇرۇنقى مۇشۇ كۈنلەردە ھىتلېر ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. "ئەگەر شۇ پەيتتە بىرەرسى كىرىپ قالغان بولسا ھەقىقەتەنمۇ سەتچىلىك بولاتتى. — دەيدۇ ھېلېنىيە كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — ئۇنى قاتتىق خىجىل قىلىۋەتكەن بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قارامىلىق قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولۇپ، مەنمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋەردىم".

## سەككىزىنچى باب

# ھىتلېرنىڭ مەخپىي كىتابى

1925~1928

## (1)

يېڭى يىل ھارپىسىدا، خوفمان ھىتلېرنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى يىلنى تەبرىكلەش مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما مەرىكە باشلانغاندىن كېيىن بىر قىز خوفماندىن فيۇرېرگە تېلېفون قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ بېقىشنى ئۆتۈنىدۇ. خوفماننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ ھىتلېر بۇ قېتىم تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ “ھازىرلا يولغا چىقىمەن، ئەمما يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرۇپ بېرەلمەيمەن” دەپ ئەسكەرتىپ

www.pidaily.biz

قويـــدۇ. مۇراســـىمدىكى بـــارلىق كىشـــىلەر ئۇنـــىڭ كېلىشـــىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئايـال مېهمـانلار ئـۇنى پەقەتـلا كـۆرۈپ باقمىغـانلىقى ئۈچـۈن ھەممىـــدىن بەك تەقەززار بولماقتا ئىدى. دېگەندەك، ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئۈمىـدىنى يەردە قويمـــاي ئولتۇرۇشـــقا كېلىـــدۇ. "ھىتلېـــر مۇراســـىملىق كاستيۇم-بۇرۇلكـا كىيىۋالغـان بولـۇپ، كىيىمـى ئۇچىسـىغا بەكـلا ياراشـقان ئىـدى. - دەيـدۇ خوفمـان، ـــ ھىتلېر ئـۇ ۋاقىـتلاردا چېچىنى پېشانىسىغا چۈشـۈرۈپ تارايـدىغان ئـادىتى يـوق ئىـدى. ئۇنىڭ چېچى بەك قويۇق بولمىسىمۇ، ئـۇنى تېخىمـۇ ھەيۋەتلىـك قىلىپ كۆرسىتىشكە ياردەمچى بولۇپ بېرەتتـى." ئايـال مېهمـانلار ئۇنىڭ ئويماقتەك بۇرۇتىغا بەكلا ھەۋەسلىنىدۇ.

كېلىشـــكەن بىـــر قىـــز يۈرەكلىـــك بىـــلەن ئالـــدىغا چىقىـــپ، ھىتلېرنى ئارچا دەرىخىنىڭ تۈۋىگە باشلاپ بېرىپ ئـۇنى سـۆيۈپ قويـــدۇ (ئەنگىلىيىلىكلەرنـــىڭ ئـــادىتى بـــويىچە ئارچـــا دەرىخـــى روژدىستىۋا بايرىمىدا زىننەتلىنىـدىغان دەرەخ تۈرلىرىـدىن بىـرى بولـۇپ، ئارچـا بـايرىمى كۈنىسـى بـۇ دەرەخ تۈۋىـدىن ئـۆتكەن قىزنـــى ھەرقانـــداق بىرســـى سۆيســـە بـــولاتتى). "ھىتلېرنـــىڭ چىرايـــدىكى ئالاقىزادىلىـــك بىـــلەن قورقۇنۇچلـــۇق كۆرۈنىشـــىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن! ئۇنى سۆيۈپ قويغـان ھېلىقـى شوخ قىزمـۇ بەكـلا يەڭگىللىـك قىلغـانلىقىنى، ئەتراپتىكىلەرنىمـۇ بىئـارام قىلغـانلىقىنى ئېيتىـپ ئـۈن چىقارمـاي جىمىـپ كېتىـدۇ. ھىتلېر ھۇلۇقۇپ كىچىك بالىدەك ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالـدۇ. ئۇ كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە ئاچچىقىنى ئارانلا بېسىـپ تـۇراتتى.

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئەسلىدىلا سوغۇق تۇسكە كىرىپ قالغان مەرىكە سالونى بىراقلا جىمجىتلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ." خوفمان بۇ ئىشنى كۆلكە بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىپ مۇراسىمنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشتى. "ھېلىمۇ ياخشى بۇ سۆيۈپ قويۇش ئىشنى چوڭ ياشلىق بىرسى قىلمىدى. ھىتلېر ئەپەندى، بۇ سەۋەپلىك سىز قىزلاردىن تەلىيىڭىز كەلسە ئەجەپ ئەمەس." بۇ گەپلەرمۇ ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، سورۇندىكىلەر بىلەن ئەدەپ بىلەن سوغۇق بىر شەكىلدە خوشلىشىپ مۇراسىمدىن ئايرىلىدۇ.

ھىتلېر، لاندسبېرگ (Landsberg) تۈرمىسىدىن چىققىنىدىن كېيىن يالغۇز دېگىدەك ياشاشقا باشلايدۇ. مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بولسۇن، جەمئىيەتكە كۆنمىكى ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز پائالىيىتىنى ئېسسېر (Hermann Esser) ۋە پۆھنېر (Ernst Pöhner) ئىككىسىنى ۋاستە قىلىپ كەينىدە تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسى بويىچە چەكلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭى پىلانىنى ئاشكارىلىماي، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىدىن تەلىمات ئېلىش ياكى كۆرگىلى كەلگەنلەردىن يىراق تۇرۇپ بىر مەزگىل جىم يۈرۈشنى توغرا تاپىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئادەتتىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى خاتا ھالدا سوۋۇتۇپ يۈرۈشتىنمۇ ساقلىنىپ، ئۇلارنى ھىتلېرنىڭ يېڭىچە نۇتقىنى ئاڭلايمىز دەپ تەقەززار قىلالىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ. ھىتلېر، بۈگۈنكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆرۈلگەن شىددەتلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتى

بىلەن تېخىمۇ تېز تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ تەپەككۇر قىلىشقا ھېچ قانداق توسالغۇ بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. فرانسىيىدە بولسا، بۇرۇن رۇرنى ئىشغال قىلىش تەلىۋىدە بولغان ھاكىمىيەت گۇرۇھى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يارىشىشقا مايىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ئىدى. ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەش مەسىلىسىدە، سەل ئاۋال ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيىنىڭ نىسبەتەن ئادىل قەرز تۆلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشقان ئىدى. ئىقتىسادى سەپلەردە ماركىنىڭ قىممىتى تۇراقلىق ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئۇنداق شىددەتلىك ئۆزگىرىش قالايمىقانچىلىقى قايتا يۈز بەرمەس بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. فرانسىيە بىلەن مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە ئىقتىسادى جەھەتتە تەرەققىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈردىكى ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، ھىتلېرنىڭ قولىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر سىياسى دەسمايىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

يەنە بىر جەھەتتە، جەمئىيەتمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولۇپ، ھىتلېرنىڭ پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە قايتىدىن سىياسى سەھنىگە چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلغان ئىدى. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى، نوپۇس تارقىلىش ئەھۋاللىرى، شۇنىڭدەك ئۆتكەن ئون يىللىق سانائەتلىشىش جەريانلىرى

www.bilday.biz

ھاللىق سىنىپتىكىلەرنىڭ پارچىلىنىپ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى. ئۇششاق ئىلىپ ـ ساتارلار، ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان تىجارەتچىلەر بىلەن پومىشچىكلارمۇ بۇ بورانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئەڭ ئېغىر زەربە يېگەنلەر يەنىلا شۇ ئوتتۇرا ھال سەۋىيىلىك سىنىپلار ئىدى. بۇ تۆردىكى كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپىغا قارىغاندا نىسبەتەن باياشات ياشاش ئىمكانلىرىغا ئىگە تەبىقە ھېسابلانسىمۇ، بۇ ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ تىجەپ قولغا كەلتۈرگەن مەبلىغىنى بىراقلا توزىتىۋېتىدۇ. نۇرغۇنلىرى بۇنداق بەختسىزلىك سەۋەبىدىن قىزىللارنىڭ ھەمدە يەھۇدىيلاردىن تامادا بولىدىغان ھالغا قاراپ ئۆزگۈرۈشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، بۇرۇنقى ھاللىق تەبىقىدىكىلەر دەرد ـ ئەلىمىنى غەزەپكە ئايلاندۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تۆردىكى كىشىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتقان يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ئەقىدىسىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان ئىدى.

بۇ يېڭى يىل، ھىتلېرغا نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەر بىلەن بىر قاتاردا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەڭ دىكى مەسىلە، بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا ھىتلېرنىڭ سىياسى تەغدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى جەھەتتە قانداق پايدىلىنىش ۋە قانداق تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتىگە باغلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ بىرىنچى قەدەمدە 1925 ـ يىلى 4 ـ يانۋار (ئوچاق) كۈنى

يېڭىدىن باۋارىيىگە باش مىنىستىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ھېنرىچ خېلد (Heinrich Held 海因里希•赫尔德) بىلەن زىتلىششىنى توختىتىشتىن ئىش باشلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بېرىپ خېلد بىلەن يېرىم سائەتتەك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ھۆكۈمەتكە سادىق بولىدىغانلىقى، بۇ يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ قىزىللارغا ئورتاق قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېر، بۇندىن كېيىنكى سىياسى كۈرەشلەردە قانۇنلۇق ھەرىكەت شەكىللىرى بويىچىلا پائالىيەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن بەكلا خۇشال بولغان خېلد، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەتراپىدىكىلەرگە: "ئەندى بىز بۇ ۋەھشى يىرتقۇچنى قولغا كۆندۈرەلىدۇق دەپ قارىساق بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ئۇنى باغلىغان زىنجىرنى سەل بوش قويۇۋېتەلىشىمىز مۇمكىن" دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ تەييارلىق قىلىش باسقۇچى ۋە سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاش باسقۇچى جەريانىدا، ئۇنىڭ بىلەن بەكلا ئاز كىشىلەر مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالفرېد روسېنبېرگ يوق ئىدى. ئەمما روسېنبېرگ بولسا، ھىتلېرنىڭ ھېس، ئامان، خوفمان ۋە خانفستانگىل قاتارىدىكى كىشىلەر بىلەن دائىم بىرلىكتە ماشىنىلىق سەھرالارنى ئايلىنىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ تاللانغان كىشىلەر ئارىسىدىن سىرتتا قالدۇرۇلغانلىقىغا بەكلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. "ھىتلېر ماڭا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، مېنى ياخشى كۆرمەيتتى"

www.pdaily.biz

دەيدۇ روسېنبېرگ كېيىن رەنجىگەن ھالدا. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش ئىدى. روسېنبېرگ ئۇنىڭ دوستى كۇرت لۈدېك ئارقىلىق ماقالە يازدۇرۇپ، بىر بولسا ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشلارنى دەرھال توختىتىشقىلار كېرەك، بولمىسا پارتىيە چوقۇم يوقىلىدۇ، دەپ بۇ ئىشلارنىڭ خەۋپىي ھەققىدە ئۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇ ھىتلېرغا بۇ ماقالىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئەۋەرتىپ بېرىپ، لۈدېك ئارقىلىق ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش تەلىۋىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار زېپتىش (在提埃希) كوچىسىدىكى كىچىك ئۆيدە كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر دەسلىۋىدە لۈدېندورفنى بىر مۇنچە قاغىغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە تىنماي سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەر تۈگىگەندىن كېيىنلا ئاندىن ماقالە ھەققىدە گەپ باشلايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، لۈدېك ئۇ ۋاقىتلاردا چەتئەلدە بولغاچقا، قوزغىلاڭنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك سوتنىڭ تەپسىلاتىدىنمۇ خەۋەر تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ. ئۇ، روسېنبېرگنىڭ ھېس ئارىسىغا زىيدىيەت سېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى شاكخو قىلىدۇ ("ئۇ بىر نېمىنىڭ تىرنىقىدىكى سىياسى تۈيغىلىرى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قاربلاپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ سۆگىدىكى سىياسى ھېسسىياتىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەن." ـــ؟ئۇ.ت) ئاندىن ئۇ لۈدېككە ئىنتايىن قاتتىق ئەسكەرتىش بېرىپ، ئۇنىڭغا، سەن

www.pdaly.biz

روسېنبېرگكە دەپ قوي، "ئۇ زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار ئۈستىدە ئويۇن ئويناشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەقىقەت يولىغا قايتىپ كەلسۇن" دەيدۇ.

كۆرۈنۈشتە، ھىتلېر لۇدېكنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىۋىنى رەت قىلغاندەك تۇيغۇ بەرگەن ئىدى. پارتىيىنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىش جەھەتتىكى ئىرادىسى، شۇنىڭدەك باش مىنىستىر خېلدغا بەرگەن ۋەدىسى تېز ئارىدىلا ئۆنۈمىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. 16-فېۋرال (ئۈي) كۈنى، باۋارىيە ھۆكۈمىتى جىددى ھالەت بۇيرۇقىنى بىكار قىلىپ، ناتسىستلار پارتىيىسىگە قويۇلغان چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى قايتىدىن گېزىت بوتكىلىرىدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ھىتلېر بۇ گېزىتتا «يېڭى باشلىنىش» تېمىلىق ئۇزۇن بىر پارچە باش ماقالە يازىدۇ. ئۇ باشماقالىدا بۇندىن كېيىن تەشكىللىك ۋە سىياسى تۈزۈملەر بويىچە ئىش قىلىمىز، شەخسى ياكى دىنى زىدىيەتلەرگە ھەرگىز ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاممىۋى تەرەپبازلىقلارغا تىنچلىق يولى بىلەن مۇئامىلە قىلىنىپ، مۇنازىرىلەر توختىتىلىدۇ، دەپ يازىدۇ. ھىتلېر ماقالىسىدا، بىز ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان يەھۇدىي ماركسىزمغا زەربە بېرىمىز، دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ، يېڭىچە ئادولف ھىتلېر ھەرىكىتى ئىدى. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۇ قانۇنلۇق ھەرىكەت قىلىشقا ئىرادە باغلايدۇ. بۇ جەھەتتە كېلىشىشلەرمۇ

www.pidaw.biz

بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئۆز ئۇسۇلى بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىدىغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمەن ھېسابلىنىدىغان يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەشنىمۇ يۇمشاتمىغان ئىدى.

ئەتىسى، يەنى 27-فېۋرال (ئۈي) دا، ھىتلېر ئوچۇق-ئاشكارە سىياسەت ساھەسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، بۈرگېربراۋكېللېر (Bürgerbraukeller 贝格勃劳凯勒) گە — ئۇ قوزغىلاڭ باشلاتقان يەرگە — بېرىپ ئۇ يەردە ئېچىلىۋاتقان پارتىيە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ يىغىندا، ئاخشىمى سائەت 8 دە نۇتقىنى باشلايمەن دەپ ئېيتىدۇ؛ ئەمما چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغاندا، ساقچىلار كېلىپ ئىشىكلەرنى ئېتىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، زال ئىچىدە 4 مىڭ كىشىلىك نۇتۇق ئاڭلىغۇچى لىپمۇ-لىق ئولتۇرۇشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە مىڭدەك كىشى زالغا كىرەلمەي سىرتتا قالغان ئىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللى سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىنغا قاتناشقان بولۇپ، پەقەت روم، ستراسسېر ۋە روسېنبېرگ قاتارلىق 3 كىشىلا كەلمەيدۇ. "مەن بۇنداق ئۇيۇنغا قاتنىشىشنى خالىمايمەن، — دېگەن ئىدى روسېنبېرگ لۈدېككە (卢德克Kurt Lüdecke)، — مەن ھىتلېرنىڭ قېرىنداشلار قۇچاغلىشىش، قول ئېلىشىپ بىر-بىرسىگە سالام بېرىش دەيدىغان ئۇنداق ئۇيۇنلىرىنى جىق كۆرگەنمەن." روسېنبېرگ

www.pidaw.biz

بەكلا غۇرۇرلۇق بىرسى بولۇپ، ئۆزىنى چەتكە قاققان ئۇنداق كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

يىغىنىدىكى مەردانە ۋە جەسۇر ھېسسىيات ئاساسەن ئالغاندا قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ھالەت بىلەن ئوخشاش دېگىدەك ئىدى. ھىتلېر زال ئوتتۇرسىدىكى يولنى كېسىپ ئۆتۈپ سەھنىگە چىققىنىدا، قىزغىن تەرەپپازلار دەرھال قولللىرىدىكى پىۋا پوتولكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھىتلېرنى قارشى ئېلىپ، ئۆزئارا قۇچاغلىشىپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ كۆزى پارتىيە رەھبەرلىرىدىن ئېشىپ يىراقتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنتەنە قىلىشلىرىغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن جوشقۇنلۇق بولسىمۇ، يەنىلا ھېچ بىر تەرەپنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپلەرنى قىلمايدۇ. ئۇ 1924 ـ يىلقى جەدەل ماجرالاردىن بىرەر مىسال كەلتۈرۈپ كىمنىڭ توغرا كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە قەستەن سۆزلىمەي ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئۇ، لۇدېندورفنى "ھەربىكەتنىڭ ئەڭ سادىق، قىلچە شەخسى مەنپەتنى كۆزلىمەيدىغان دوستىمىز" دەپ ماختاپ، ئۇنى يەنە "پىشقەدەم مىللى سوتسىيالىزمچىلار" ئاممىسىغا تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، كرىست بەلگىلىك بايراق ئاستىدا ئىتتىپاقلاشقان، باش دۈشمىنى ماركسىزم بىلەن يەھۇدىيلارنى تارمار قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى گېپى ھېسدەك ئىنقىلابچىلارغا چىقارغان چاقىرىق بولسا، كېيىنكىسى

ئانتون درېكسلېر بىلەن نىسبەتەن كونسېرۋاتىپ خەلق ئارىسىدىكى تەرەپپازلارغا مۇراجەت قىلىنغان چاقىرىق ئىدى.

گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ھاياجانلىق چاقىرىقلارنى چىقارغاندىن كېيىن ("60~70 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە ئۇلۇغ بىر مىللەتنى تارمار قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان قاراش، ساراڭلارچە بىر قاراش. ئەگەر بۇ خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىدا چوقۇم يىمىرىلىپ يوقۇلىدۇ")، ماۋزۇنى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان پارتىيىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرىغا بۇرايدۇ. ھىتلېر ئۇلاردىن ساداقەتلىك بىلەن ئۆزىنى قوللاپ بېرىشىنىمۇ، ياكى ئۇلار بىلەن يارىشىشىنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. ھىتلېر بۇ كىشىلەرگە، ئەگەر يەھۇدىيلارنى تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشنى خالىمايدىكەنسىلەر، پارتىيىدىن ئايرىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. "ئەگەر كىمدە-كىم مەندىن شەرت قويۇشنى تەلەپ قىلماقچى بولىدىكەن، مەن ئۇ كىشىلەرگە: 'دوستۇم، ئالدىرىماي تۇر، مەن سىلەرگە قانداق شەرت قويىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالىسىلەر'، دەپ جاۋاب بېرىمەن. مەن سىرتقا چىقىپ خەلق ئاممىسىنى قوزغىتىمەن دەپ يۈرمەيمەن. پارتىيىلىك يولداشلار، ماڭا باھا بەرمەكچى بولساڭلار، بىر يىل كۈزەتكەندىن كېيىن ماڭا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلىسەم مەسىلە يوق. ئەگەر ناۋادا ياخشى باشقۇرالمىسام پارتىيە ھوقۇقىنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

www.pidaw.biz

ئەمما شۇ ۋاقىتتىچە بۇ ھەرىكىتىمىزگە يالغۇز مەنىلا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. پۈتۈن ئىشلارغا يالغۇز مەنىلا مەسئۇل بولىشىم كېرەك. بۇ جەرياندا ھېچكىم ماڭا شەرت قويماسلىقى كېرەك. مەن شەرتسىز ھەرىكىتىمىز جەرياندا كۆرۈلىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي يالغۇز ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن”.

ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىلىكى ئاممىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. “ياشىسۇن-خايل!” دەپ توۋلاشلار زالنى بىر ئالىدۇ. ئاياللار ھاياجاندىن يىغلاشقا باشلايدۇ؛ كەينىدىكىلەر قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈشكە، يەنە بەزىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورۇندۇق-ئۈستەللەرگە چىقىۋېلىشقا باشلايدۇ. بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ كەتكەن دۈشمەنلىرىمۇ ئەندىلىكتە سەلدەك ئېتىلغىنىچە بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىرى كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ. ماكس ئامان (梅克斯•阿曼Max Amann) ئوتتۇرىغا چىقىپ “ئۆزئارا يەكلەشلەرگە قەتئىي خاتىمە بېرىلسۇن! ھەممە كىشى ھىتلېرنى ھىمايە قىلسۇن!” دەپ توۋلايدۇ. گېرمانىيە مىللەتچىلەر پارتىيىسىدىن رۇدولف بۇتمان (鲁道夫•布特曼Rudolf Buttmann) تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن “بىزنىڭ بارلىق گۇمانلىرىمىز فيۇرېرىمىزنىڭ بۇ نۇتقى بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىدى.” دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇتمان تىلغا ئالغان “فيۇرېر” دېگەن بۇ نام، شۇ كۈنلەرگىچە ئوچۇق ئاشكارە ئىشلىتىلمەي، ئۆزئارا دېيىشىپ كېلىنگەنلا بىر سۆز ئىدى. دېمەك، بۇتمان

www.pidaw.biz

ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز غالىپ ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسەتكەن ئىدى. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر ئاشكارە تۈردە فيۇرېر (پارتىيە داھىيسى، فۈھرېر — ئۇ.ت) دەپ قوبۇل قىلىندى. ھىتلېر ناتسىستلار پارتىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك پىرىنسىپىنىمۇ ئورنىتىپ چىقىدۇ: بىرلا كىشى ھاكىممۇتلەق بولۇش، ئۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمان قىلماسلىق!

چارچاپ ھالى قالمىغان ھىتلېر، شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋىنىفرېد ۋاگنېر بىلەن بىرگە ميۇنخېن (慕尼黑München, Munich) دىن ئايرىلىدۇ. ئۇ بىر قانچە دۇمباقچىسى بىلەن بىرگە ۋاگنېر خانىمنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىناسىكى ئۆيلەر بەكلا كۆپ بولغاچقا، بالىلىرى ھىتلېرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىق ۋەقەسىدىن خېلى يىللار كېيىن ئاندىن خەۋەر تاپقان ئىدى.

ھىتلېر قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى، گېرمانىيىدە ئىنتايىن چوڭ بىر سىياسى ۋەقە يۈز بېرىدۇ. فرىدېرىخ ئېبېرت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلامدا، 78 ياشلىق ياشانغان قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى پاۋۇل ۋون ھىندېنبۇرگ (冯•兴登堡Paul von Hindenburg) رېسپوبلىكا ئىككىنچى پرېزدېنتى بولۇپ سايلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئوگچى قەھرىمان جۇمھۇرىيەتكە قىلچىمۇ قىزغىنلىقى يوق بىرسى ئىدى. ئۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن باشقا،

جۇمھۇرىيەت كۈچنى كۈچەيتىش جەھەتتە قىلچىمۇ كۈچ چىقارمايدۇ. ھۆكۈمەت كابىنىتىدىكى كىرىزىس زادىلا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ تۈر بوھرانلارنى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار پەيدا قىلماقتا ئىدى. مەسىلەن، كونسېرۋاتىپلار خوخېنزوللېرن (Hohenzollern霍亨佐仑) لار جەمەتى ئۈچۈن يوقىرى مىقداردا تۆلەم تۆلەش تەكلىۋىنى سۇنغاندا سوتسىيالىزمچىلار تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ تەكلىپ بەربىر ماقۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان خان جەمەتى ئۈچۈن تۆلەم تۆلەش ھەققىدىكى يېڭى بىر قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم سوتسىيالىزمچىلار بۇ قانۇننى ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىپ ماقۇللاش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ قانۇنمۇ ماقۇللىنىدۇ. ھەتتا گېرمانىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ رەڭگى قانداق بولىشى كېرەكلىكى مەسىلىسىمۇ ئىچكى كابىنېت بوھرانىغا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. بۇ تۈر ئۇششاق ئىشلار، باش مىنىستىر خانس لۇتېر (Hans汉斯•路德 Luther) نى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلاش دەرىجىسىگىچە تەرەققى قىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى سىياسى ۋەزىيەت ھىتلېرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۈچەيتىپ بېرىشنىڭ يېڭى تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئەمما ھىتلېرنىڭ پۈتخانا سىياسى پائالىيەتلىرىگە قايتىپ كېلىشى بەكلا تۇيۇقسىز بولۇپ،

غالىبىيىتىمۇ بەكلا چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، باۋارىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ ئەھۋال ھىتلېرنىڭ سۆزلىرى باۋارىيە شىتاتى ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر تەھدىت ھالغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھىتلېر پارتىيىسىگە يېپ-يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەتنى بەكلا تېز، بەكلا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، باۋارىيە شىتاتلىق ساقچى ئىدارىسى ھىتلېرنىڭ بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا "ھاللىق سىنىپلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەمەس بەلكى جەسەتلەرنىڭ ئۈستىنى چىينەپ ماركسىزم بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى" ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئاممىنى كۈشكۈرتكەن دېگەننى باھانە قىلىپ، مارت (قوزا) ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئېچىلىدىغان 5 قېتىملىق مىتىنگتە نۇتۇق سۆزلىشىنى چەكلىۋېتىدۇ.

ھىتلېر بۇ چەكلىمىگە بىۋاستە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. "بىز بىلەن ئېلىشماقچى بولغانلار قېنى كېلىپ سىناپ كۆرسۇن. — دەيدۇ ھىتلېر ساقچى ئەمەلدارىغا، — كىمدە-كىم بىزگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋېتىمىز. مەن گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلماقتىمەن. بۇ جەرياندا تىنچلىق ئۇسۇلىنى ئىشقا سالالمىسام قورالىق كۈچتىن پايدىلانسام پايدىلىنىمەنكى، بۇ ئىشتا چوقۇم غەلىبە قىلىمەن. مەن بۇ گېپىمنى ئوتتۇرلۇقتا ھەر تۈرلۈك قۇرۇق گەپلەرنىڭ سىرتىتا تارقىلىپ يۈرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ساقچىلارغا ئالاھىدە تەكىتلەپ ئوچۇق ئېيتىپ قويماقچىمەن." بۇ

www.pidaiy.biz

گەپلەرنىڭ قەسەم بېرىپ تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. نەتىجىدە، پۈتكۈل باۋارىيىدە ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلىشى پۈتۈنلەي چەكلىنىدىغان بولىدۇ. ئاشكارە ناتسىستلار مىتىنگلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىگە رۇخسەت، ئەمما فيۇرېر نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولىدىغان ئىش بولسىلا چەكلىنىدۇ دېگەنلىك ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي بۇ چەكلەش بۇيرۇقى پۈتۈن گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى شىتاتلىرىغىچە يېيىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر سىياسى قورالى تارتىپ ئېلىنغان ئىدى. ئامال يوق، نۇتۇق سورۇنىنى چوڭ باي قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. خېينىز خاۋشوفېر (海因茨•豪斯霍弗Heinz Haushofer) نىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا — ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى ميۇنخېندىكى بىر سالونغا ئاپارغان ئىدى — ھىتلېر سۆز قىلغان ۋاقتىدا خۇددى خان تاج سىرىك سەھنىسىگە چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ئوخشمايدىغان يېرى، بۇ سالونلاردا ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئەمەس ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى. "نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق، ... ئۇ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ نۇتۇق سۆزلەيتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەيتتى. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، خۇددى پاتىپونغا ئوخشاش گېپى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ سۆزگە بىرلا كىرىشتىمۇ، بولدى، بىر ياكى بىر يېرىم سائەت تىنماي سۆزلەيتتى. ئۇ سۆزلەۋېرىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىلا گېپىنى توختىتاتتى. ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا ھېرىپ

www.pdaiy.biz

ھاسىراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ گېپى تولۇقى بىلەن خۇددى ئادەتتىكى كىشىلەردەك، بەكلا مۇلايىم بىرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. گويا بايا سۆزلىگەن ئادەم بۇ ئەمەستەك، پوتونلەي باشقا بىرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەكلا بىلىنەتتى. بۇ ئاردىكى پەرق شۇنچە تېز ئوتتۇرىغا چىقاتتىكى، ھېلىلا باشقا بىر تۇستە كۆرۈنگەن بۇ ئادەم شۇنچە تېز پوتونلەي باشقا بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى".

بۇ چەكلەش بۇيرۇقى ھىتلېرنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ پارتىيىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ، خۇددى بۇرگېربراۋكېللېردىكى ۋاقىتلىرىدەك ھېرىپ چارچىشىغا قارىماي كېيىنى-كەينىدىن يىغىن ئېچىپ، كىشىلەرگە تىنىماي چاقىرىق قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى قاتلام خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەرلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملىشىش، ئاياللارغا دوچ كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش، سانسىزلىغان كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى شەھەردىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن زىچ باغلانغان ھالغا كەلتۈرەتتى. نەتىجىدە ئۇ ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆز ئەتراپىغا ماگنىتتەك چىڭ تارتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ھېس بىلەن جۇلىئۇس ستىرېيچېرلەرمۇ ھىتلېرنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ،

باۋارىينى ئايلىنىپ، تەشكىلاتلارنى فيۇرېرنىڭ ئەتراپىغا توپلايدۇ.

مارت (قوزا) ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈنلەي تېزگىنلەپ بولىدۇ. ئەمما شىمالى گېرمانىيىدە ئۇ پارتىيىنىڭ تەغدىرىنى گرېگور (Gregor 格里戈尔) بىلەن ئوتتو ستراسسېرلەرنىڭ (奥托•斯特拉塞尔Otto Strasser) قولىغا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. گرېگور ھەقىقەتەنمۇ ماھىر تەشكىلاتچى، شۇنىڭدەك تالانتلىق ناتىق ئىدى. ئۇ بىر پارلامېنت ۋەكىلى بولغاچقا، پويىزلاردا ھەقسىز ساياھەت قىلىش ھەققىگە ئىگە ئىدى. بۇرگېربراۋكېللېر پىۋىخانىسىدا كىشىلەر قەلبىنى جۇشتۇرىدىغان بىر نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇ ھىتلېرغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغان ئىدى. ئەمما ئوتتو، ئىستىقباللىق ياش مۇخبىر بولغىنى بىلەن ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇ، ھىتلېر بىلەن "نىكا كۆنلىرى" نىڭ، يەنى ئۇنىڭ بىلەن بولغان بۇ يېقىنلىقىنىڭ قانچىلىك داۋام قىلالىشىنى بىلمەيتتى.

ھىتلېر تۈرمىگە قامالغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىشقا تىرىشاتتى. شۇنىڭدەك ئۇ، بۇ پۇرسەتتىنمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ھىتلېر ئىش ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يوقىرى، ئەمما تۆزۈك داگق چىقىرىپ كەتمىگەن ئىككى نەپەر پارتىيە خىزمەتچىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بوش

www.pidaw.biz

ۋاقىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ پارتىيە ئورگانلىرىنى ئىنتايىن پۇختا بىر شەكىلدە قۇرۇپ چىقتۇالىدۇ. بۇ ئىككى ياردەمچىسىدىن بىرسى فرىتز پاۋلى (菲力气•波勒Fritz Pauli) بولۇپ، يەنە بىرسى فرانز كساۋېر شۋارز (弗朗茨•埃克萨瓦•施霍茨Franz Xaver Schwarz) ئىدى. پاۋلىنىڭ چىرايى خۇددى مۇشۇكيۇپىلاقنىڭ نەق ئۆزىلا بولۇپ، ھىتلېرغا گەپ قىلغىنىدا ئاۋال چوقۇم تازىم قىلاتتى. گەرچە ئۇ پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە كاتىپى بولغان بىرسى بولسىمۇ، ئىشىنىڭ تەپسىلى بولماي قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. بۇرۇن ميونخېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە كاسسىر بولۇپ خىزمەت قىلغان شۋارز بولسا، بۆگۈنكى كۈندە پارتىيىنىڭ مالىيەسىنى قولىدا تۇتقان بۇغالتىر ئىدى. ئۇ ئىشقا كىرىشكىنىدە خۇددى ھېساپ ماشىنىسىدەك ئىشلەيتتى. بېخىل بىرسىدەك يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن ھېساپ-كىتاب قىلىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى كىشى فيۇرېرگە پۈتۈنلەي سادىق كىشىلەر بولۇپ، پارتىيىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئادەملىرىگە ئايلانغان ئىدى.

پاۋلى بىلەن شۋارز پارتىيىنىڭ ئىچكى تەشكىلىنى ئىنتايىن رەتلىك، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىتلېرمۇ پۈتۈن زېھنىنى پارتىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسى ستىراتىگىيىسىنى تەتقىق قىلىش، ماقالىلار يېزىش ھەمدە شىمالى گېرمانىيە تەرەپلەرگە سەپەر قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەخپىي يىغىنلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىش قاتارىدىكى

پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ يەنە بۇزۇلغان دوستلۇقلارنى ئوڭشاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەشكەن تەرەپلەرنى تېزگىننىگە ئېلىپ گېپىدىن چىقماس قىلىش، شۇنىڭدەك شەخسى ئىشلىرىنىمۇ ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايدىغان پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇ. ئۇ يەنە روسىيىبېرگنىڭ قايتىدىن نەشرى قىلىنىشىقا باشلىغان «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىدىكى مەسئۇل تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ قايتا ئەسلىگە كەلتۈردۇ. ھەمدە روسىيىبېرگكە خەت يېزىپ ئۇنىڭ جاسارىتىنى مەدىھلەيدۇ: "سەن ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ قىممەتلىك ھەمكارلاشقۇچىسەن" دەپ ماختايدۇ .

يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشتىن، ئۇنى ئاۋىستىرىيىگە قوغلاپ چىقىرىش مەسىلىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. يەنى ئۇ، لىنز (林嗣Linz) دائىرىلىرىگە ئۇدۇللا قىلىپ "مەن بۇندىن كېيىن گېرمانىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتمەكچىمەن، شۇڭا مېنى ئاۋىستىرىيە گراژدانلىقىدىن چىقىرىۋېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن" دەپ خەت يازغان ئىدى. ئارىدىن 3 كۈن ئۆتكەندە، يوقىرى ئاۋىستىرىيە ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىدىن ئۇنىڭغا ئىۋەرتىلگەن بىر پارچە كۆچمەنلىك ئۇختۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئۇختۇرۇشتا "ھىتلېرنىڭ ئاۋىستىرىيە دۆلىتىگە ساداقەت كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى ئەمەلدىن

www.pidaiy.biz

قالدۇرۇلـدى» دەپ ئېيتىلغـان ئـدى. شـۇنداق قىلىـپ، ھىتلېـر يەتـــتە يېـــرىم شـــىللىڭ پـــۇل خەجلەپـــلا چېگرىـــدىن قـــوغلاپ چىقىرىلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ تا شۇ كۈنلەرگىچە گېرمانىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بەربىر سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغاچقا، دۆلەت ئورگانلىرىدا بىرەر ۋەزىپىنىمۇ ئۈستىگە ئالالمـايتتى. ئەممـا ئـۇ، لازىم بولغىنىدا بـۇ مەسـىلىنىمۇ ئاسانلا ھەل قىلىـپ كېتەلىشـىگە ئىشىنەتتى.

ئۇنىـــڭ بېشـــىنى ئاغرىتـــىپ كېلىۋاتقـــان ئەڭ جىـــددى مەسىلىلەردىن بىرسى، بويرۇقىغا پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭلا غېمى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقان كاپىتان رومنىـڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىـرى ئىدى. روم باشـتىن تـارتىپلا ھۇجـۇمچىلار ئەترىتىنـى ھىتلېرنىـڭ سياسـى ۋاسـتىسـى قىلىـش ئورنىغـا، بـۇ قوشـۇننى ئۆزىنىـڭ شەخسى قوشۇنى ھالىغا كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈرمەكتە ئـىدى. فيـۇرېرى تۈرمـىدە ياتقـان ۋاقـىتلاردا، ئـۇ ھۇجـۇمچىلار ئەترىتىنىڭ قالدۇق كـۈچلىرىنى يىغىـپ باشـقىدىن «ئاۋانگـارتلار جەمئىيىتـى» دېـگەن بىـر تەشـكىلات تـۈزۈپ چىقىۋالغـان ئـىدى. روم، ئەگەر «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى» نى پارتىيىنىـڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرغىنىدا، قوزغىلاڭدىن بۇيانقى بارلىق تىرىشـچانلىقلىرىنىڭ پۈتـۈنلەي بىكـار بولـۇپ كېتىـدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، روم 16 ـ ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى ھىتلېرغـا بىر پارچە مـمورانـدوم سـۇنىدۇ. روم بـۇ مـمورانـدومـىدا 30 مىـڭ كىشـىلىك بـۇ «ئاۋانگـارتلار جەمئىيىتـى» نـى مەملىـكەت بـويىچە

www.pidaw.biz

سىياسى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى قىلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ تەشكىلات چوقۇم رومىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە يەنە تەلىۋى بىلەن بىرگە بۇرۇنقى دوستلۇقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھىتلېرغا ساداقەت قەسىمى بېرىلىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ.

ھىتلېر، ئۆزى تېزگىنىدە تۇتالمايدىغان بىر تەشكىلاتقا تايىنىمەن دېيىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر پالاكەتلىك بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، يېڭى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر قۇرال ھالىغا كەلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، "ئاۋانگارتلار جەمئىيتى" دىن دەرھال ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. روم بۇ تەلەپكە قارىتا ھىتلېرغا قاپ يۈرەكلىك بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، "ئاۋانگارتلار جەمئىيتى" ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ھەققىدە ئىستىپانامىسىنى سۇنىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېردىن ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەققىدە يازما ئېتراپنامە يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. روم سەل كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا 30-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنىسى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم خەت ئەۋەرتىدۇ. "بىزنىڭ بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك ۋە جاپالىق كۈنلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، — دەپ يازىدۇ ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىزنىڭ يولداشلارچە كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، ھەمدە مېنى شەخسى دوستلىقىڭىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن." بۇ قېتىممۇ ھىتلېرنىڭ

جاۋابىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، روم ئەتىسى رەسمىي ئىستىپا بېرىپ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھىتلېر جىم تۇرىۋېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ رومنى پارتىيىسىز بىر زات ھالىغا كېلىشى ئۈچۈن مەجبۇرلاپ، ئاخىرى "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىدىنمۇ چىقىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى خالىغىنىچە ئۆز نىشانى بويىچە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق يېڭى بىر ھۇجۇمچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

بۇ ئەھۋالدىن روم بەكلا ھەيران قالىدۇ، روھى بەكلا يېرىم بولىدۇ. لۈدېكىنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا روم ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق غۇدىراپ يۈرگەن. "گەرچە ئۇ ھەر دائىم بىزنىڭ پىكرىمىز بويىچە ئىش قىلىپ، بىزلەرگىمۇ ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىپ يۈرسىمۇ، بىر ئىش قىلغىنىدا خۇددى پۈتۈن ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۆزىلا پىلانلىغاندەك، ئۆزىلا كەشىپ قىلغان ئىشلاردەك قىياپەتتە يۈرەتتى. مەن بۇنداق باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان بىرسىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. بۇ كىشى دائىم ئىككىلىنىپلا يۈرىدىغان، كېسىپ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولمىغان، بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا ئىشنى يىغىشتۇرىۋالغىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىدىغان، ئەھۋال ئېغىرلاشقىنىدا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىلا ئاندىن تۈيۈقسىز قارار بېرىدىغان بىر مىجەزى بار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزگىنىدەك، نۇتۇقلىرىدىكىدەك ئۇنچىلىك ئېنىق، مەنتىقىلىق ئەمەس بولۇشى

www.pidaly.biz

ئىدى. ... ھىتلېر بىرەر ئىش قىلغىنىدا ئۆزى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كەلگىدەك بولسا، ئۇنىڭ پىكرى ھەر قانچە يوللۇق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بەرىبىر ۋارقىراپ جارقىراپ خاپا بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى قانچىلىك زېرىكتۈرىۋېتىدىغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىنى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئەتىراپىدىكى تەخسكەشلەرنىمۇ ئالداپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇغىنىسى، بۇ دۇنيادا نوقسانسىز ئادەم تېپىلمايدىغانلىقىمۇ راس. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىرسى. روشەنكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ." ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئون بېشىنى كەڭ قۇرساقلىق بىلەن ھۆرمەتلەپ سىزلەپ گەپ قىلىدىغان روم، ھىتلېرغا قاتتىق قائىل بولۇش بىلەن پەقەتلا كۆزگە ئىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل باھا بېرىش ئارىسىدا داۋالغۇپ يۈرگەن ئىدى.

## (2)

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېرنىڭ ئارزۇلىرىدىن ھېچ بولمىغاندا ئىككىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇلاردىن بىرسى، ئۇ بەكلا ئارزۇلاپ كەلگەن قىزىل رەڭلىك بىر يېڭى مېرسېدېس بېنچقا ئېرىشكەن بولۇپ، ھىتلېر بۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ جان جىگەر ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە باۋارىيىنىڭ يېزا ـ سەھرالىرىدا نۇرغۇن قېتىم

www.pdfuy.biz

كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. يەنە بىرسى بولسا، ھىتلېر تاغلىق كەنت بېرچتېسگادېن (贝希特斯加登 Berchtesgaden) دا قوشۇمچە شتاپتىن بىرنى قۇرۇۋالدۇ. ئۇ ھەر دائىم مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يەرلەردە مېڭىشنى سەگتىپ قايتىدىن روھى كۆچكە تولغان ھالغا كېلىپ قايتاتتى. ئاددى تۇرمۇش ئۇنى بەكلا قىزىقتۇراتتى. شۇڭا ئۇ پات-پاتلا قىسقا خۇرۇم ئىشتاننى كىيىم دالالارنى ئايلىنىپ چىقاتتى. "ئۇزۇن ئىشتانلىق يۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئازاپلىق بىر ئىش. شۇڭا ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا ھاۋا نۆلدىن تۆۋەن 10 دەرىجىلەردىكى سوغۇق كۈنلەردىمۇ دائىم دېگىدەك قىسقا خۇرۇم ئىشتىنىنى كىيىپ ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق قىسقا ئىشتان ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە ئاراملىق بېرەتتى".

دەسلىۋىدە، ھىتلېر "مورىس ياتاق" (莫里茨) ("مورىس ياتاق" ئوبېرسالزبېرگ 奥贝萨尔茨贝格 Obersalzberg تىكى بىر بىنا) نىڭ كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە تۇرىدۇ. بۇ ئۆي ئاساسلىق بىنانىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ تېپ-تىنچ مۇھىتتا يېزىۋاتقان ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق "ئاۋازغا ئالغۇچى" سى ئۇنىڭغا شەخسى كاتىپ بولۇپ بەرگەن ھېس ئىدى (ئايلىق مائاشى 300 مارك). شۇنىڭدەك يەنە ئۇ باشماقالە يېزىش ۋاقتىدا تولا بەك يەھۇدىي دۈشمىنى ھېسابلانمايدىغان بىر پوپ، ھەمدە سابىق مۇھەررىر بولغان بېمخارد ستېمپفىل (本哈特•斯坦普弗勒 Father Bemhard Stempfle) بىلەن خانىفىستانگىللاردىن ياردەم ئالاتتى.

www.pdaily.biz

خانفىستانگىل ھەر دائىم ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى "ئەڭ" دېگەن سۆزلەرنى ئېلىپ تاشلايتتى. ئۇ، كۈچىنىڭ بېرىچى ھىتلېرنى ھېس بىلەن روسېنبېرگ قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ "يەرلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش" قا تىرىشاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھىتلېرمۇ ھەر دائىم ئۇنىڭ ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىرىنى قايتا ئورنىغا يېزىۋېلىپ خانفىشتانگىلنىڭ داتلىنىپ يۈرۈشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى. "سەن دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقىشىڭ شەرت. — دەيتتى خانفىشتانگىل، — بولمىسا ئۆزەڭنىڭ دۇنيا قارىشىنى تىكلىيەلمەيسەن." ئۇ ھىتلېرنى نۇتۇق سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنمايۋاتقان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چەتكە چىقىپ بىر ئايلىنىپ كېلىشىڭ كېرەك ئىدى دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. "3~4 ئاي ۋاقت سەرىپ قىلساڭلا ئامېرىكا، ياپونىيە، ھىندىستان، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىلەرنى ئايلىنىپ چىقالىشىڭ مۇمكىن."

"ئەگەر مەن، دېگىنىڭدەك دۇنيا ساياھىتىگە چىقىپ كەتسەم بۇ ھەرىكىتىمىزدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟" دەيتتى ھىتلېر. ئۇ تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلىرىدا پارتىيە تەشكىلى ھەر تەرەپكە تىوزۇپ كەتكەن بولۇپ، مانا ئەندى بۇ بۆلۈنۈشلەرنى تۈگىتىپ پارتىينى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. خانفىستانگىل ئۇنىڭغا "سەن دۇنيا ساياھىتىدىن قايتىپ كەلگىنىڭدە كەلگۈسى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ يېڭى پىلانلار بىلەن قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن." دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىمۇ ھىتلېرنى تەۋرىتەلمەيدۇ. "ۋاھ،

www.pidaly.biz

نېمە دېگەن يېڭى گەپلەر بۇ دېگەنلىرىڭ! ـ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا جاۋابەن، ـــ ئىويلاپ باق، مەن ئىۇ يەردىكىلەردىن نېمىگە ئېرىشەلىشىم مۇمكىن؟ مەن نېمىشكە ئاۋارە بولۇپ باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدىكەنمەن؟ ياق، بولمايدۇ. يېشىم ئۇنداق ئىشلارغا يار بەرمىگىدەك دەرىجىگە يەتتى. دېگەنلىرىڭ مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىممۇ يوق!"

خانفىستانگېل ئۇنىڭغا ئېنگلىزچە ئۆگىنىشكە ياردەم قىلالايمەن، ئۆگىنىۋالساڭ كېيىن ئەنگلىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ گېزىتلىرىنى بىۋاستە ئوقۇيالايدىغان بولساڭ نېمە دېگەن ياخشى، چەتئەل ۋەزىيىتىدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالساڭ نېمە يامىنى، دەپ ئۇنى قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى رەت قىلىۋەتمىسىمۇ، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن زادىلا غەيرەت قىلالمايدۇ. ھېلىقىنىڭ گەپلىرىمۇ بارغانسېرى تەسىر قىلماس ھالغا كەلمەكتە ئىدى. ھېلىقى ھىتلېرغا ۋالىس ئۆگىنىۋالساڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى، دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى رەت قىلىۋېتىدۇ. "ۋالىس، بىر سىياسەتچىگە پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان بىر ئويۇن!" بۇ گېپىگە قارىتا ئۇنىڭ يولدىشى خانفىستانگېل جاۋاب بېرىپ، ۋاشىنگتون، ناپالىيون، چار پېتىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا تانسىغا ئامراق ئىدى، دېسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىمۇ رەت قىلىدۇ: "ئاخماقانىلىق، ۋاقىت زايا قىلغانلىق! يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ۋېيىنالىقلارنىڭ

ۋالىسلىرى بەكلا نازۇك بولۇپ، ئەرلەرگە پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن. بۇنداق تانسلار ئۇلارنىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىدە ئاز رول ئوينىمىدى، مەن ۋيېننانى يامان كۆرۈشۈمنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق خوتۇن كىشىدەك غىلجىڭ تانسلىرى".

ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ ھېلېنىيىنىڭ مەسىلىھەتىنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلقى ئارچا بايرىمىدا ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىغانلىقىدىن كەلمەكتە دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇندىن كېيىن ھىتلېر باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ كۆڭلىنى خوش قىلىش تەرىپىگە ئۆزگەرگەن ئىدى. بېرچتېسگادېندا ئۇ ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا رېيتېر (赖特Reiter) ئاچا-سىڭىللار ئاچقان بىر گۈل-چېچەك دۇكىنى بار ئىدى (بېرچتېسگادېندا تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، رەسمى بىر "نوچى خوراز" غىلا ئوخشايتتىكەن). ئۇ ئاچا-سىڭىللارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ئاننى (安妮Anni)، يەنە بىرسىنىڭ بولسا مىتزى (米茨Mitzi) ئىدى. ھىتلېر بىر قېتىم مىتزىنى تانسخانىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغاندا، سەن مېنىڭ 16 ياشلىق سىڭلىمدىن 20 ياش چوڭ تۇرساڭ قانداق بولىدۇ، دەپ ھەدىسى بولغان ئاننى، سىڭلىسى مىتزىنىڭ ھىتلېر بىلەن بىرگە تانسىغا بېرىشىغا ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر بۇ ئىشتىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، ھىتلېر بۇ ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنى بىرلىكتە پارتىيە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىدۇ. خېلى يىللار ئۆتكەندە، مىتزى، ھىتلېرنىڭ

بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۆزىنى مىتزىرىم دەپ ئاتاپ، كۆزلىرىنى ئاپسىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ئوخشاتقىنىدىن بولغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى سۆيۈپ قويماقچىمۇ بولغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى؛ بۇنىدىن كېيىن ئىككىمىز كۆرۈشمەيلى دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىسى كۆل بويىدا بىرلىكتە سەيلى قىلىپ يۈرگەنلىكى كۆرۈنىدۇ. دالىدىراق بىر يەرگە كەلگەندە، ھىتلېر مىتزىنىڭ بىلىكىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ سۆيۈۋالغان. مىتزى ئۇنىڭ "مەن سېنى مىجىپ سۆيگىنى چىقىرىۋەتمىسەم" دېگەنلىكىنى، شۇ چاغدا ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئوت بولۇپ يېنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ .

ئۇزۇنغا قالماي ئۇلار ئىككىسى ئاشنا بولۇپ يۈرىشىدۇ. مىتزى ئۇنىڭغا تويى قىلايلى دەپ تەلەپ قىلسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭغا مىيونخېندىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بېرگە تۇرۇشقىلا ماقۇل بولىدۇ.

ۋىنىفرېد ۋاگنېر ئائىلىسىدە، ھىتلېرنىڭ ئارزۇلايدىغان ئاياللار تىپى باشقا بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ھېچكىم ھىتلېردىن قۇسۇر چىقىرىشقا ئۇرۇنمايتتى. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ھىتلېر بىر قەھرىمان ئىدى. ھىتلېرمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن سۈيىقەست قىلىپ يوقۇتۇشىنىڭلا غېمىدا قالغان سىھىرلىك ئادەم رولىنى ئويناشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگىدەك يېرىم كېچىلەردە ئوغۇرلۇقچە ۋانفرىد (万弗里德 Wahnfried) داچىسىغا كىرىپ كېلەتتى. "گەرچە تۇن

www.pidaiy.biz

يېرىمىدىن ئاشقان بولسىمۇ ھېتلېر ھامىنى باللار ئۆيىگە كىرىپ بىزگە بېشىدىن ئۆتكەن قورقۇنۇچلۇق خېيىم-خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. — دەيدۇ فرېدېلىند ۋاگنېر (Friedelind Wagner 弗里德林•瓦格纳) ئەسلىمىسىدە، — بىز ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ قورققىنىمىزدىن قۇيقا چاچلىرىمىز تىك تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بىزگە تاپانچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى شەرت بولغان بۇ تاپانچا بەكلا كىچىك بىر تاپانچا بولۇپ، ئالقىنىغا سىقىپ يۇشۇرۇشقا بولغىدەك كىچىك ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ تاپانچە يەنىلا 20 پاي ئوق سىغدۇرالايتتى.” ئاندىن ئۇ باللارغا كۆز قاپىقىدىكى ئىككى تاتۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، “بۇ يارا ئىزى زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىدىن قالغان يالداما” دەيدۇ.

ۋانفرېددىكىلەر ئۇنى “ۋولف” دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھېتلېرنى ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا يات بىرسىنى كۆرسىلا قاۋاپ كېتىدىغان يېڭىدىن سېتىۋالغان بۆرى ئىتمۇ ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلاتتى. بولۇپمۇ كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى ھېتلېرگە ئامراق ئىدى. “ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر سېھىرلىك جەلىپ قىلىش كۈچى باردەكلا ئىدى. ... ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇلارنى ئەتراپىغا توپلىۋالالايتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىزلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر تۇرمۇش بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق، خۇددى ھېكايىلاردىكىدەك سىرلىق بىر ھايات ئىدى”.

18 ـ ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى ئۇنىڭ يازغان كىتاۋىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەيخېر (埃赫尔) نەشرىياتچىلىرى تەرىپىدىن ميۇنخېندا نەشرى قىلىنىدۇ. ئامانىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئەسلىدىكى بەكلا ئۇزۇن بولغان كىتاب ئىسمى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش «كۈرەش يولۇم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. كىتاب ھەقىقەتەنمۇ ياخشى سېتىلىدۇ. 1925 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرغىچە 100 مىڭ نۇسخا سېتىلىدۇ. ئەمما بۇ كىتاب نەشرى قىلىنىش كۈنلىرىدە ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىتابنىڭ يېزىلىشى بەكلا چۇۋالچاق، بەكلا ئاددى، رىياللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھادىسىلەر ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن، كىشى ئوقۇسا خۇددى سىياسى پۇرىقى كۈچلۈك بولغان كراسيۇس ئارتۇر (何拉西奥•阿尔吉尔) نىڭ رومانىغىلا ئوخشايدىكەن، ھەتتا كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى بولغان "ھېسابلىشىش" دېگىنىمۇ رومان ئىسمىغا ئوخشاپ قالغان، دېگەندەك نۇرغۇنلىغان تەنقىتلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ياش بىرسىنىڭ ئۆز سىياسى ئەقىدىسىنى بىرىنچى شەخس بايان شەكلى بويىچە تەپسىلى بايان قىلىپ چىققانلىقى (گەرچە ئۆزى ئۈچۈن بولسىمۇ)، كىتابخانىنىڭ گېرمانىيىدە ئومۇمى يۈزلۈك يامراۋاتقان خەلق ھەرىكىتى دولقۇنىنى كۈزىتەلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە زور ياردىمى بولىدۇ.

ھىتلېر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ سىياسى ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يەھۇدىيلارغا قارشى ھاقارەتلىرى بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ بىلىنمەي قالىدۇ. بۇ

كىتاب، بۇ تۈردىكى ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەش يوللىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ مەسىلىنى يەپ-يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەرگەن ئىدى. ئۇ قىلچە يوشۇرماستىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن سىياسىي ھاياتى يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئۇلاردىن يىرگىنىش ئاساسىغا شەكىللەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ پاسېۋالك (Pasewalk 帕斯瓦尔克) گوسپىتالىدا ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن بابنىڭ ئاخىرىدا يەھۇدىيلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "...يەھۇدىيلەر بىلەن ھەرگىزمۇ كېلىشىم تۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن دېمەي، بىر بولسا ھەممىگە ماقۇللا دېيىش يا بولمىسا ھەممىنى رەت قىلىشتىن بىرسىنى تاللىۋېلىشلا مۇمكىن. ... مەنمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم." ئەگەر ئۇ سىياسەت سەھنىسىگە چىقىپلا ئالدىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى رەھىمسىز ئۇسۇللار بىلەن يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولىدىكەن. ئۇ بۇنى تەڭرىنىڭ نامىدا ئىشقا ئاشۇرىدىكەن. "شۇڭا، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ يەھۇدىيلار پائالىيىتىنى تارمار كەلتۈرۈشۈم پۈتۈنلەي ياراتقۇچىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، قىلماقچى بولغىنىم تەڭرىنىڭ كۈتكەن ئىشى." گېرمانىيىدىكى ئىرقچىلىق ئارمىيە ئىچىدە كۈچىيىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، «كۈرەش يولۇم» نىڭ مۇناسىۋەتلىك باب-پاراگرافلىرى ئارمىيە ئىچىدىكىلەرنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ

www.pidaiy.biz

كىتابىنىڭ ئاپتورىمۇ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ سىموۋۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## (3)

ھىتلېر، گرېگور ستراسسېرنىڭ شىمالى گېرمانىيە تەۋەلىرىدە ناتسىستلار پارتىيىسىنى تەشكىللەشكە تولۇق ھوقۇق بېرىلىشىنىڭ بەكلا خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر ستراسسېر شىمالدا قانچىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت ئېلىپ بارالىسا شۇنچە خەتەرلىك سىياسى رەقىپتىن بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. گەرچە ستراسسېرمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى بىرسى بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنچە ئەكسىيەتچى بىرىمۇ ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ سىياسى كۆزقارىشى تا ئوسۋالد سپېنگلېر 214 بىلەن ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئالدىنقى سەپ سوتسىيالىزمغا ئۇزانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى پرولىتارىيات داھىيسى بولغان بىرسى چوقۇم ھەربىلىكتىن ئىبارەت ئوتتۇرا يولدا تۇرغان بولىشى كېرەك دەيدىغان پىرىنسىپقا ئاساسلىناتتى. ئۇ ئەسلىدە مىللى سوتسىيالىزمنىڭ سول قانىتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ تەرىپى، ئۇنى ئىنقىلابى كۈچلەرنى قايتا تەشكىللەش جەھەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قاۋۇل، مۇلايىم، ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكىمۇ ماھىر، شەخسلەرنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرسى

ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، شۇ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن جانلىنىش ۋەزىيىتى ھىتلېرنىڭ مۆلچەرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بەزى جايلاردا ياچىكا سانى بىر ھەسسە كۆپەيتىلگەن، ھەتتا يەنە بەزى يەرلەردە ئىككى ھەسسىدەك كۆپەيتىلگەن ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى ستراسسېرنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچىدىن كەلمەكتە، شۇنىڭدەك مىيونخېندىكى مۇستەبىت رەھبەرلەرنىڭ تېزگىنلىشىگە بوي سۇنماسلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى .

سىنتەبىر (ياچاق) ئېيىنىڭ باشلىرىدا، جەنۇبتىكىلەرگە قارشى كۈرەش ھاگىن (哈根) دا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە يىغىنىدا ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يىغىننى گرېگور ستراسسېر چاقىرغان بولۇپ، مەقسەد، جەنۇب بىلەن شىمالنى بىرلەشتۈرۈپ مىيونخېندىكى بىيروكرات ھاكىمىيەتكە قارشى قويۇش ئىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن فيۇرېرنى ئەكسىيەتچى باۋارىيە مەسلىھەتچىلەر قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ گېرمانىيىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش، گېرمانىيىنى مەڭگۈگە ئىنقىلابى خەلق دۆلىتى ھالىغا كەلتۈرۈشنى تاما قىلاتتى. يىغىندا ستراسسېر ئوتتۇرىغا قويغان پروگراما ماقۇللىنىدۇ. ۋەكىللەر تەشكىلى ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك ئىش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىشى ئۈچۈن بىرلىشەيلى دەپ ئاۋاز بىرىدۇ. ۋەكىللەر يەنە مىللى بولشېۋىكچىلىككە ئۇيغۇن ئىقتىسادى ئىسلاھاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان

پروگراممىا خاراكتېرىدىكى بىر قاتار ماقالىلار بىلەن ئوقۇش قوللانمىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشنىمۇ بىرلىكتە تەستىقلايدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ تەھرىرلىكىنى جوسېف گېوبېلس (Joseph Goebbels 约瑟夫•戈培尔) دېگەن 29 ياشلىق تالانتلىق بىر ياش ئۈستىگە ئالىدۇ. گېوبېلس، بەكلا تەرتىپسىز ئىش قىلىدىغان ھىملېر (Himmler 希姆莱) نىڭ ئورنىغا ستراسسېرنىڭ كاتىپى قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ كىشى 5 غېرىچتەكلا بويى بار پاكار بىرسى بولۇپ، ئېغىرلىقىمۇ 50 كىلوگرامغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىشى كىچىكىدە بالىلار پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا بەكلا ئورۇق، بىر پۇتىمۇ مايمەق ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئالاھىدە قابىلىيەتلىرى بار بىرسى بولۇپ، قەلىمى ئىنتايىن راۋان ئىدى؛ گەرچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەكلا ئاجىز، سالاپىتى يوق بولغىنى بىلەن، سەھنىگە چىقىۋالسا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق ئىدى: ئوتتۇرا ئاۋازلىق، ئىپادىلەش كۈچى ئۈستۈن قول ھەرىكىتى، كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق قارا كۆزلۈك بىرسى ئىدى.

گېوبېلس، رېيىن دەرياسى بويىدىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇششاق بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئائىلىسىدىن ياكى چىركاۋدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئىلمىي ساھەدىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن ئىدى. يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئورۇن ميونخېن ئۇنىۋېرسىتېتى

www.pdfdaily.biz

بولۇپ، بۇ مەكتەپ، ئۇرۇشتىن كېيىن غايىسىدىن ئايرىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. ئۇنىڭ بىر پۈتى مايماق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسكەرلىكتىن كېچىرىم قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ چوقۇنىدىغان قەھرىمانى بولسا گەۋدىلىك، قابىلىيەتلىك بىرسى بولغان رىچارد فلىسگېس (理查德•弗里斯格斯 Richard Flisges) ئىدى. بۇ كىشى بىر تىنچلىقپەرۋەر، شۇنىڭدەك ئانارخىست بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ گيوبېلسقا سىڭدۈرگەن غايىسى كېيىن گيوبېلسنىڭ هاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. فلىسگېس يەنە گيوبېلسقا دوستويېۋسكىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى. دوستويېۋسكىنىڭ بىلگىلى بولماسلىق دۇنيا قارىشى ياش گيوبېلسقا بەكلا كۈچلۈك ئىلھام بولغان ئىدى.

گيوبېلسنى كېيىن هېيدېربۇرگ (海德堡) قا يۆتكەيدۇ. 1921 ـ يىلى، پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ جايدىن ئايرىلىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا ئۇ «مىكايىل» دېگەن تەرجىمھال خاراكتېرلىق بىر رومان، بىر قانچە كومېدىيە ۋە نۇرغۇنلىغان لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن بانكىدا خىزمەتچى، كىلوك (科隆) پايچەك بازىرىدا نازارەتچى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ھەمدە ئىشتىن سىرت قىرائەتخانا باشقۇرغۇچىسى قاتارىدىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گيوبېلس بۇ نداق توختام سۈدەك تۇرمۇش ئېقىنى ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ماركسىزمنىڭ ئىنتېرناتسيونالىزمغا ئۆچ بولغانلىقى

سەۋەبىدىن فىلىسگېس بىلەن يولنى ئايرىغان ئىدى. كېيىن خەلق سوتسىيالىزمى يولىغا كىرگىنىدىن كېيىن، ھىتلېردىن (ئۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ۋە غايىمىزنىڭ سىموۋۇلى ئىكەن، دەپ) چوقۇنۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان يەنە بىر فىلىسگېس روھىنى تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە گرېگور ستراسسېر بىلەن قىزغىن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى يۈز ئۆرۈش ۋە ساداقەت مىجەزلىرىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋېتى ئۇنى ناتسىستلار پارتىيىسى يولىدا ئىلگىرلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ تۈر ئىككى ھالەت ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇش، ئۇنىڭدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنى تېخىمۇ مۇرەككەپ بىر ھالغا كەلتۈرىدۇ. گيوبېلس، نۇرغۇن جەھەتلەردە يەنىلا بىر ئىنقىلابچى ھېسابلىناتتى. ئۇ، كوممۇنىستلارنى مىللىي سوتسىيالىزم تەرىپىگە تارتىپ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇ، بىر خىل نەزەرىيە، بىر خىل كۆۋرۈك يارىتىپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى: "ئۇلارنى سول قاناتتىن ئوڭ قاناتقا تارتىپ كېلىپ، ئۆزىنى پىدا قىلىشقا تەييار خەلقى تەرەپكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك" دەيتتى. ئۇمۇ خۇددى گرېگور ستراسسېرغا ئوخشاش، پارتىيە مۇتلەق تۈردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىشى، بولۇپمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان بولىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ھىتلېر بىلەن گيوبېلسىنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى مانا شۇ مەسىلىدە روي بەرگەن ئىدى. گيوبېلس، كېيىنكى

قىتىم شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا ھىتلېرغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنى ئۇنىڭغا كومپارتىيە بىلەن ناتسىستلارنىڭ بىردىن-بىر پەرقى ــ كوممۇنىستلارنىڭ ئىنتېرناتسيونالىزمغا ئېتىقات قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ، دېگەننى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى ئىدى.

4-نويابىردا (ئوغلاقتا)، ھىتلېر بىلەن گېوبېلس ئىككىسى بلۇنرىك (不伦瑞克) تا ئۇچرىشىدۇ. ھىتلېر گېوبېلسكە قول ئۇزارتىپ كۆرۈشىدۇ. بۇ قول ئېلىشىشتىن گېوبېلس چەكسىز خوشاللىق ھېس قىلىدۇ. "مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشىشىمدىلا قەدىناس دوستلاردەك ھېس قىلغان ئىدىم، ــ دەپ يازىدۇ گېوبېلس كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ــ ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىدىن بەكلا خوشال بولغان ئىدى. مەن بۇنىڭدىن خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك خوشاللىق ھېس قىلدىم." ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى كۆرۈشىشى گېوبېلسنىڭ كېيىن ھىتلېرغا چوقۇنۇشىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى پلاۋېن (普劳恩Plauen) دا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ. بۇ قېتىم گېوبېلسنىڭ چوقۇنىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى.

"مەن بەكلا خوشالمەن. ھىتلېر خۇددى كونا دوستلاردەك سالام قىلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپ كەتتى. مەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆردۈم".

ئەمما گېوبېلس ئاربدىن 24 سائەت ئۆتمەيلا شىمالدا ئاشكارە هالدا پارتىيىنىڭ مەركىزى تەشكىلىگە خىيانەت قىلىدىغان بىر قېتىملىق يەرلىك مەسئۇل كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى بۇ يىغىنغا ئىشەرتىشتىكى مەقسەت، ستراسسېرغا ياردەملىشىپ پارتىيە پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق، فيۇرېرنى "ئەكسىيەتچى" مىيونخېن گۇروھىدىكىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى سولغا مايىللاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ پروگراممىدا يەرلەرنى يىغىۋېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزىۋېلىش، چوڭ پومىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى يېرى يوق دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش، ھەر قايسى شىركەتلەردە دۆلەت ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىناتتى. بۇ پروگرامما 1926-يىلى 24-يانۋار (ئوچاق) دىن 25-يانۋار (ئوچاق) كۈنلىرى ئاربىسدا خانوۋەر () دە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان مەسئۇل كادىرلار يىغىنىغا سۇنۇلىدۇ. ئۇ يىغىن بەكلا ھاياجان ئىچىدە ئۆتكەن بىر يىغىن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ھىتلېرنىڭ ۋاكالەتچىسى گوتفرىيېد فېدېر (戈特弗里德•弗德尔 Gottfried Fede) گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى سەۋەپچى بولغان ئىدى. گېوبېلسنىڭ قارىشى بويىچە، فېدېر "كاپىتال بىلەن ئۆسۈمنىڭ قۇلى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش قارىشىنىڭ يالغانچىسى، يەنە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم پروگراممىنى لايىھىلىگۈچىسى" ھېسابلىناتتى. ستراسسېرنىڭ ئاكىسىنىڭ ئېيتىشىچە، يالغۇز روبوتلېر (罗伯特莱伊) دىن باشقا بۇ خىلدىكى يەرلىك مەسئۇل كادىرلار يېڭى پروگراممىنىڭ ھەر بىر باب-

پاراگرافلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئاۋاز بىرىپ ماقۇللاپ چىقىدۇ. ھەممە نەرسىگە قارشى تۇرۇشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن فىيدىر ئەڭ ئاخىرىدا "مەيلى ھىتلېر بولسۇن ياكى مەن بولاي، بۇنداق بىر پروگراممىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز" دەيدۇ. يىغىندىكىلەر ئۇنىڭغا: "سەن بۇ يەردە پەقەتلا مىھمىنىمىز سۈپىتىدىكىلا بىر ئادەمسەن" دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي فىيدىر يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ ماركسىزمچىلارنىڭ خان ئوردىسىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش تەلىۋىگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ "يەھۇدىيلارنىڭ بىر ئالدامچىلىقى" دەپ سۆزلەشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، كىشىلەر ۋارقىراشقىنىچە ئۇنى سەھنىدىن قوغلاپ چۈشىرىدۇ. بۇ چاغدا گىيوبېلس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مىيونخېن رەھبەرلىك گۇروھىدىكىلەرگە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ، ئەگەر ھىتلېر بۇ گۇروھتىن ئالاقىسىنى ئۈزمەيدىكەن، ئۇنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، دەيدۇ. بۇنداق بىر ئۇلتىماتومنىڭ تېخى يېقىندىلا ھىتلېرنى "مەن ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆردۈم!" دېگەن بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى، ھەقىقەتەنمۇ بىر غەلىتە ئەھۋال ئىدى. بەلكىم گىيوبېلسىنىڭ بەكلا ياخشى كۆرگەن "بۇ نەرسىسى" نى، يەنى ھىتلېرنى مىيونخېندىكى بىر ئۈچۈم بىيوروكراتلار ۋەيران بولۇش يولىغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاتتىق ئىشەنگەنلىكىدىن بولىشىمۇ مۇمكىن.

ھەر نېمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، فېدېرنىڭ بۇ قېتىمقى بۆلۈنۈشكە باشلاپ كەتكەن يىغىن توغرىلىق يازغان دوكلاتىنى كۆرگەن ھىتلېر، ئاخىرىدا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بىر يەكشەنبىدە، يەنى 14 ـ غېنىۋار (ئۈي) كۈنى ھىتلېر پارتىيىنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بامبېرگ (Bamberg 班贝格) قا يىغىدۇ. بۇ قېتىملىق مەخپى يىغىننىڭ سەھنىسىدە ئولتۇرغان شىماللىقلار ۋەكىللىرى بەكلا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىدى. سان جەھەتتە جەنۇپلۇقلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ئەمما ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ سۆزلەشكە باشلىشى بىلەن، پۈتۈن يىغىننىڭ ئېقىمى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ يولىغا كىرىدۇ. ئۇ بامبېرگقا كېلىشتىن ئاۋاللا بۇ يىغىن ھەققىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. ھىتلېر، بۈگۈن پارتىيە دۈچ كېلىۋاتقان مەسىلە بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ھىتلېر نۇتقىنى باشلار ـ باشلىمايلا كەسكىن قىلىپ "مەن بۇ پارتىيىنىڭ فيۇرېرىمەن، بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ يادرو كۈچى مەندە. شۇنداق ئىكەن، ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە پارلامېنت تۈسىدىكى مۇنازىرىلەرگە ھەرگىز يول قويالمايمەن. بۇ يەردە قانداقتۇ دېموكراتىك يىغىن باسقۇچلىرى دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. پارتىيىمىز ئىچىدە تەرەپۋاز گۇروھلارغا ئايرىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ھەر بىر يەرلىك مەسئۇل كادىر، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پەقەت، ۋە پەقەتلا يالغۇز فيۇرېرگە ساداقىتىنى ئىپادىلىشى شەرت، دەپ تەكىتلەيدۇ.

يىغىــن جەريانىــدا ھىتلېــر ستراسســېر بىــلەن گېــوبېلس ئىككىسـى توغرىلىــق بىــر ئېغىزمــۇ يامــان گەپ قىلمايــدۇ. ئــۇ، باشــقىچە پىكىــردە بولغانلارغــا زەربە بېرىــدىغان ئۇنــداق خاتــا ئىشــنى قىلمايــدۇ. بەلكىــم، ئۇنىــڭ كــۆڭلى تۇيغــان بولىشــمۇ مۇمكىن، بۇ ئىككى كىشى ئۇنىڭغا سادىق كىشلەر بولۇپ، ئــۇلار پەقەتلا ھىتلېرنى سترېيچېر بىـلەن ئېسسـېر () ( 埃塞尔Esser, Hermann) ئېقىمىدىكىلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىشىنىلا ئويلايـدىغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ بامبېرگقا كېلىشتىكى مەقسىدى، ھەرگىزمــۇ شــىماللىق كــادىرلارنى نۇمۇســقا قالــدۇرۇش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشلا ئىــدى. ئــۇ سـولچىلارنىڭ ئــۆز گېپــى بىــلەن ســولچىلارغا ئوڭــۇشلۇق تــۇردە رەددىــيە بېرىــدۇ. ئانــدىن زىدتلىشــىپ تۇرىۋاتقــان ھەر ئىككــىلا تەرەپــكە ئورتــاق نوقتىغــا كېلىشــتىن ئىبــارەت يېڭــى قاراشــنى ئوتتۇرىغــا قويىــدۇ. ئــۇ، پــارتىيىنى سىياســى چەمــبەر ئىچىــدىن ھالقىــپ چىقىــپ، داھىغــا چوقۇنــدىغان ھالغــا كەلتۈرۈشــنى مەقسەت قىلىدۇ. ھىتلېر، پارتىيىمىزنىــڭ بــۇرۇنقى پروگرامىســى "بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىلەن ئىدىيولوگىيىمىزنىڭ ئاساسـى؛ ئــۇنى ئــۆزگەرتىش دېــمەك، بىزنىــڭ ئىــدىيىمىزگە ئېتىقــاد قىلغــان قۇربانلىرىمىزغا خائىنلىق قىلغانلىق بولىدۇ" دەپ كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللى سوتسىيالىزمنى بىر تۈرلۈك دىن دەپ ئالغاندا، ھىتلېر ئۇنىڭ ئەيساسى ھېسابلىنىدۇ دېگەنلىك بولاتتى. باشقۇماندانلىق شتاب ئالدىدا كرىست دارىغا مىخلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن، لاندسبېرگ تۈرمىسىدىن قويۇۋېتىلىپ قايتا

www.pdaily.biz

تىرىلىپ چىققان ھىتلېر، بەلكىم قايتىدىن جانلىنىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش نىشانىسى ئۈچۈن يېتەكچى بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولىشى مۇمكىن.

شىماللىق كادىرلار ھىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ بۇنچىۋالا ئۆتكۈر بولىشىنى پەقەتلا كۈتمىگەن بولغاچقا، ئۇلار نۇتۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قېلىشىدۇ. گېيوبېلس بامبېرگقا كېلىشتە ھىتلېرنى سولچىلار تەرىپىگە تارتىپ كېلەلەيمەن دەپ ئويلىغان بولسا، مانا ئەندىلىكتە ئۇلارنىڭ مەيدانىنىمۇ قوللىمايدىغان، بۇ ھەقتە تالاش-تارتىشمۇ قىلمايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، پارتىيىنىڭ داھىيسى مەسىلىسىدە ئۇنىڭ بىرلا خىل تاللاش ئىمكانى قالغان ئىدى: ھىتلېرنىڭ فيۇرېر بولىشىغا قارشى چىقىش ياكى ئۇنى قوللاش. ئەگەر ھىتلېرنى رەت قىلغىدەك بولسا، ئۇنداقتا پارتىيىنىڭ ئۆلىشى دېمەك بولاتتى. ستراسسېر بۇ ھەقتە يىغىنچاق ھەم تەمتىرىگەن ھالدىكى بىر جاۋابنى بېرىدۇ: مەن مەغلۇپ بولدۇم! گېيوبېلس بولسا، ئۇ بىر قانچە ئېغىز شۇئار توۋلاشتىن باشقا ھېچ نېمە دېمەيدۇ. ئەمما كۈندىلىك خاتىرىسىگە “كۆڭلۈم چىدىمىدى!” دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر، بامبېرگدىكى يارىلارنىڭ ساقايتىلىشى پەقەتلا ۋاقىتقا باغلىق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمما پارتىيىسىمۇ شۇندىن باشلاپ تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىتتىپاقلىقىمۇ ئارتىپ بارالايتتى. شۇڭا ئۇ، ئەندى پارتىيىسى ئۈچۈن ياردەم توپلاش يولىغا چۈشەلىشى مۇمكىن ئىدى. فېۋرال (ئۇي) نىڭ ئاخىرقى

www.pidaw.biz

كۈنىسى، ھىتلېر، ئاممىۋى مىتىنگ ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، خامبۇرگدىكى داڭلىق "ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسى" نىڭ "1919-يىل مىللەتچىلەر كلۇبى" دا نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىۋالىدۇ. ھىتلېر ئۇ نۇتقىنى ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى گېرمانىيە پۇخرالىرىغا قاراتقان ئىدى. دېمەككى، ئۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدىكى ۋاقىتلىرىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ ئەندى خانلىق سىرىك تىياتىرىدىكىدەك نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىنى تاشلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋالغان، رېتىملىق شەكىلدە سۆزلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، گېرمانىيە دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ماركسىزمدا؛ قىزىللار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ گېرمانىيىنىڭ سىياسى ئىشلىرىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىپ كەلمەكتە، دەيدۇ. ھىتلېر بىر سائەتكە قالمايلا زالدىكى بارلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاياجانلاندۇرۇش ياكى كۈشكۈرتۈش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانماستىن، مەنتىقىدىن پايدىلىنىدۇ؛ ئىرقچىلىقتىن پايدىلانماستىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن، ماددى بايلىقلاردىن ۋە گۈللىنىش ئۈستىدە سۆز قىلىشتىن پايدىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ماركسىزم ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىشى بىلەن، ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبى بىر دەمدىلا كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ: "كۈرەش جەريانىدا، چوقۇم بىر تەرەپ باش ئېگىدۇ. يەنى بۇ كۈرەشتە ئەگەر ماركسىزم ئەمەلدىن

www.pidaily.biz

قالمىغىنىدا بىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىمىز. ــ ئۇ نۇتقىدا ئاممىۋى ھەرىكەت قانات يايدۇرۇش چاقىرىقى قىلىپ، قىزىللارغا قارشى رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ــ خۇددى كىشىلەر زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغىنىدەك، بۇ تۇردىكى ھەرىكەتلەردىمۇ يەقەتلا خەلق ئاممىسىنىڭ مۇشتۇمىغىلا تايىنىشقا، ئەنە شۇ ئۇسۇلغا تايىنىشقىلا مەجبۇرمىز. يەنى كىمنىڭ كاللىسى ئەڭ قاتتىق، كىمنىڭ ئىرادىسى ئەڭ مۇستەھكەم، كىمنىڭ غايىسى ئەڭ ئۇلۇغ بولىدىكەن، غەلىبە شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ.” يۇقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ سۆزلەر ھەزىم قىلىش تەس بولغان بىر دۆۋە قاتتىق گۆشتەك بىلىنىسىمۇ، يەنىلا كۈچلۈك گۈلدۈرمامىا ئاۋازىدەك گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.

ئۇ نۇتقىدا، غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەنمىز، بۇ ھەرىكەتنى خۇددى ماركسىزمچىلارغا ئوخشاش كۈچلۈك قانات يايدۇرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. “ھەرگىز گۇمان قىلىشقا بولمايدۇكى: بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەگەر ماركسىزمچىلار غەلىبە قىلىپ قالغىدەك بولسا، بىز چوقۇم ۋەيران قىلىنىپ يوق قىلىنىمىز. ھېچ كىم بۇنىڭدىن باشقا بىر ئاقىۋەتنى تاما قىلىشمىسۇن. ئەگەر بىز غەلىبە قىلىپ قالساق، بىزمۇ قىلچە رەھىم قىلماستىن ماركسىزمنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلايمىز. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىز ئۆلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە گېزىتىنى يىرتىپ تاشلىمىغىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تەشكىلاتىنى تارمار

قىلىۋەتمىگىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تەربىيىلىنىش پونكىتىنى تاقىۋەتمىگىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر ماركسىزمچىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىمىزغا تارتمىغىچە ياكى ئۇنى يوق قىلىۋەتمىگىچە ھەرىكىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ھەرگىز يانمايمىز! بىز ئۈچۈن ئوتتۇرا يول دەيدىغان بىر يول يوق"!

بۇ نۇتۇق ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل بىر نۇتۇق ئىدى. بۇ نۇتۇق شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى كەسكىن ۋە قانۇنى كۈرەش جەريانىدا، ھىتلېر ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك تەبىقىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا رەسمى كىرىشكەن ئىدى. ئۇ يەنە، گەرچە بامبېرگ يىغىنىنى چاقىرغان بولسىمۇ، پارتىيىسىنى تېخىچە تولۇق تېزگىنلىيەلىدىم دەپ قارىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىككى نەپەر يىتەكچىسىگە — گرېگور ستراسسېر بىلەن گيوببېلسقا قارىتىشقا كىرىشىدۇ. مارت (قوزا) نىڭ باشلىرىدا، ستراسسېر رەسمى ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (گەرچە ئۆز پىكىرىدە قالغان بولسىمۇ): ئۇ، تارقىتىلغان يېڭى پروگراممىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىش توغرىلىق ئۆز تەرەپتارلىرىغا ئۇختۇرۇش قىلىدۇ.

ھىتلېر، ئاپرېل (ئۇمۇت) ئېيىدا گيوببېلسنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ميونخېنغا ئۇچىدۇ. گيوببېلس ئىككى كۈن فيۇرېرنىڭ قىممەتلىك مېھمىنى بولۇپ كۆتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ كېچىچە كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيدۇ. 3-كۈنى، ھىتلېر ئۇنى باشلاپ پارتىيە باش شتابىنى

زىيارەت قىلدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ 3 سائەت سۆزلىشىدۇ ("ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش بەكلا راھەت بىر ئىش ئىدى!"). سۆزلىشىش جەريانىدا بامبېرگ يىغىنىنىڭ ھەر بىر قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. گېيوبېلس ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ قەدەممۇ-قەدەم ھىتلېر تەرىپىگە يېقىنلىشىپ بارىدۇ. ئاخىرى بىراقلا قول كۆتۈرۈپ ھىتلېرغا ئەل بولىدۇ.

مەن سۇئال قوياتتىم، ئۇ ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بېرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئىجتىمائى مەسىلىلەردە قاراشلىرى بەكلا يېڭى بولۇپ، پۈتۈنلەي تەپەككۇر قىلىپ چىقارغان. ... ئۇ پۈتۈن جەھەتلەردە مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەيلى قايسىلا مەسىلىدە بولمىسۇن، قايسى جەھەتتىكى ئىشلاردا بولمىسۇن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مەردانە يىگىتلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئوت يۈرەك بولىشى ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ داھىيىم بولۇشقا لايىق ئىدى. مەن ئۆزەمدىن ئۇلۇغ بىر كىشىگە، بىر سىياسى تالانت ئىگىسىگە بويۇن ئەگدىم!

ئۇ ئىنتايىن خوشال ھالدا مېيونخېندىن ئايرىلىدۇ ("خەير-خوش مېيونخېن! مەن سېنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن!")، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى ۋاقتىنچە لۇر رايونىغا مەسئۇل ئەمەلدار قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ھىتلېر، ستراسسېر بىلەن گيوببېلسنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىۋالغىنىدىن كېيىن، قايتىدىن شىمالغا ئاتلىنىپ ئىقتىسادى ياردەم ئاختۇرۇشقا ۋە شىمالدىكى سولچىل پارتىيىلىكلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ. "1-ماي" (ئارسلان) بايرام كۈنىسى، سۋىرىن (施威灵)دا ھامبۇرگنىڭ 60 چاقىرىم شەرقىدىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە مەخپى تۈردە ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەرگە بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە، چوڭ زال ئارتوگاڭ(阿尔托纲) ، ھامبۇرگ، برېيم (不来梅)، لۇبېك (吕贝克) ۋە لۇنابۇرگ (吕纳堡) قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن لىق تولغان ئىدى. «ھامبۇرگ خەۋەرلىرى» گېزىتى شۇ كۈنكى ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ كېلىپ، "ھىتلېر يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇ يەردە قۇلاقنى يارغۇدەك ناغرا-سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى" دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن يېڭى ئۇسلۇبتا سەھنىدە قانداق تۇرۇش كېرەكلىكىنى مەشىق قىلغان ئىدى. مىلېين شىئانخاۋسىن (米勒恩•施安豪森) نىڭ دېيىشىگە ئاساسەن، بۇ تۇرۇش شەكلى ياۋروپادا ئەڭ داڭلىق كېيىننى پەرەز قىلغۇچى تاپقاق بولغان ئېرىك جان خانۇسسېن ( 埃利克•丁•哈努森 (Erik Jan Hanussen ئۆگۈتۈپ قويغان بىر ئۇسۇل ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر بىلەن بۇ تاپقاق بېرلىندا داڭلىق ئېسىلزادە ئائىلىسىدە ئۇچۇرىشىپ كۆرۈشكەن ئىكەن.

ئۇلار كۆرۈشكىنىدە خانۇسسىن دەرھال ئۇنىڭغا: "ئەگەر سىز راستىنلا سىياسىي ساھەگە كىرىشنى ئويلايدىغان بولسىڭىز، ھىتلېر ئەپەندىم، ئۇ ھالدا سىز نېمە ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش ئۇسۇلىنى ئۆگەنمەيسىز؟ — دەپ سورىغان. ئەسلىدە خانۇسسېن بەدەن تىلى مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، — سىز ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سۆزىڭىزنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرماپسىز" دېگەن. يەنە شۇ مىلىيىن شىئانخاۋسىن (米勒恩•施安豪森) نىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىككىسى شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا پات-پات كۆرۈشۈپ قىسقا مۇددەت بىرگە بولىشاتتىكەن. خانۇسسېن ھىتلېرغا نۇتۇق سۆزلەشتىكى كەسپىي سىرلارنى ئۆگىتىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەمرالىرىنى تاللاش يوللىرىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان. شۇنداقتىمۇ، تا 1932-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدىلا، ھىتلېرغا تۇنجى قېتىم پال سالغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جان ئۈزگەن.

## (4)

1926-يىلى ئەتىيازدا، ھىتلېر ھەرىكەتنىڭ مەركىزى مىيونخېندىكى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتى بولىشى، بۇ مەركەز پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى شەرت، دەيدىغان بىر پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ناتسىستلار پارتىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۆز

تېزگىنى ئاستىغا ئېلىنىۋالىدۇ. بۇ پىرىنسىپ 22-ماي (ئارسلان) كۈنى بۈرگېربراۋ پۈتۈن پارتىيىلىكلەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ئىدى. بۇ يەردە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان فيۇرېر ھىتلېرگە بۇنداق ھوقۇقنىڭ بېرىلگەنلىكى، ئۇنى ھەرقانداق بىر يەرلىك مەسئۇل كادىر ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلىرىنى تاللاش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغانلىق دېگەنلىك بولاتتى. بۇ يەنە كېلىپ بارلىق دېموكراتىك جەريانلارنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، فيۇرېر پىرىنسىپىغا قىلچە سۈرۈشتە قىلماي بويسۇنۇش دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. ھىتلېر، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇرۇنقى پارتىيە پروگراممىسىدىكى 25 ماددىنىڭ قەتئىي ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ئەندى ئۆز مەقسىدىگە يېتىپ خېلىلا خاتىرجەم ھالغا كېلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيولوگىيىسىنى يالغۇز ئۆزىلا بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ھالغا كېلىۋالىدۇ.

گېيوبېلس چىن قەلبىدىن ھىتلېر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە يەنىلا ستراسسېرغا ساداقىتىنى كۆرسىتىپ يۈرمەكتە ئىدى. ستراسسېر، ھازىرغىچە فيۇرېردىن گۇمانلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. 10-ئىيۇن (باشاق) كۈنى، گېيوبېلس كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە، ئەگەر ئۇ داۋاملىق تۈردە مۇتلەق مۇستەقىل ئورنىدا تۇرالىغىنىدا، دەپ يازىدۇ. ھىتلېرنىڭ ۋاكالەتچى بولغان گوبېلس پەقەتلا بېرلىنگە يۈرۈش قىلىشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئارىدىن ئاران ئىككى كۈن ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ ھەر قانداق بىر تەكلىپنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇ كۈنلەردە مەن

www.pdfuy.biz

قۇرۇق ئۇمىدلەر بىلەن يۇرەلمەيتتىم. بۈگۈن، ھەر قانداق بىر ئىش ئۇنىڭ قارارىنى ئۆلچەم قىلىنماقتا. ئۇنداقتا ئۇ مېنى راستىنلا ئىشلىتەرمۇ؟" ئۇلار ئىككىسى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكىنىدە گيوبېلس ئىنتايىن خوشال ھالدا قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش تۇيغۇسى ئىچىگە چۆمگەن ئىدى.

ھىتلېرنى بەرىبىر سۆيۈملۈك بىر يولداش دەپ ئېيتىش مۇمكىن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مەرت بىر يىگىت بولۇپ، كىشى ئۇنى ياخشى كۆرمەي تۇرالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا تەڭداشسىز ئىدىيىسىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئارتتۇرىۋەتتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۆتكۈر كاللىدا ھەر دائىم يېڭى نەرسىلەرنى ھېس قىلالىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ بىر ناتىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، سېھىرلىق قول ئىشارەت ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن، تىل ماھارىتى بىلەن گارمونىك ماسلاشتۇرىشى نەتىجىسىدە ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق بىر ناتىق بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ توغما قوزغاتقۇچى! ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلساڭ چوقۇم دۇنياغا خوجا بولالايسەن. پەقەت ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭلا ئۇ چىرىگەن جۇمھۇرىيەتنى تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىۋەتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئىنتايىن قاملاشتۇرۇپ ئېيتقان گېپىگە قارىڭ: "بىزنىڭ كۈرۈشىمىز ئۈچۈن تەگرى بىزنى تولۇق ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ گۈزەل سوۋغىسى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىمىزدۇر. بىز ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەنلىرىمىزگە پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشىمىز كېرەك ".

ئىيۇل (ئەرەن) ئېيىدا، ۋېيماردا پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. يىغىندا ھىتلېر بارلىق دۈشمەنلىشىپ يۈرگەن تەرەپلەرنى ئۆزئارا ياراشتۇرىۋەتتى. يىغىننى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، تۇرىنگىيا (Thuringia 图林根) دا ھىتلېرغا ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان ئاز ساندىكى شتاتلاردىن بىرى بولغانلىقى ئىدى. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى (4-ئىيۇل — ئەرەن) سۆزلىگەن بولۇپ، نۇتقى سىياسى پۈراقتىن كۆرە ھېسسىياتقا باي بىر نۇتۇق بولغان ئىدى. "چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش بىلەن بىرگە ھەقىقەتەنمۇ سېھىرلىك بىر نۇتۇق بولدى. — دەپ يازىدۇ گېوبېلس خاتىرىسىدە، — ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئىنجىلنىڭ سۆزلىرىدەك قىممەتلىك ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىنى ئۈركىتىدىغان تۇرمۇش قىيالىرىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ماڭا مۇشۇنداق بىر نوچى يىگىت بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرى دەيمەن!" ھىتلېر سەھنىدىن ئايرىلىۋاتقىنىدا ئالقىش سادالىرى قۇلاقنى ياراتتى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى مىنوتلارچە ياڭراپ تۇردى. ئاندىن ھىتلېر ئۈچىسىغا بەك يارىشىپ كەتمىگەن ھەربى كىيىمىنى كىيىپ، كوچەي تىڭشىلغان پۇتلىرى بىلەن بېرزىنىت كوزۇپلۇق پىكاپىنىڭ كەينىگە چىقىپ 3500 نەپەر ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ئەزالىرىنى — گېوبېلس ھاياجانلانغان ھالدا بۇ سانىنى 15 مىڭ نەپەر دەپ ئاشۇرۇپ يازىدۇ) كۆزدى

www.pidaily.biz

كۆچۈرىدۇ. ئېس-ئاچىلار ئۇڭ بىلىكىنى ئۇزارتىپ بىلەك سالىمى بېرىپ دېگەندەك رەتلىك بولمىغان قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ غەزىۋى تېخى بېسىلمىغان، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزا سانى تېخى 40 مىڭغا يەتمىگەن بولىشىغا قارىماي، بۇ قېتىمقى خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ شەكىلدە يېپىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا يېتەرلىك دەرىجىدە داغ-دۇغىلىق ئۆتتى دېيىشكە بولاتتى. بۇ كۈنلەردە ئادەم سانى ھىتلېرنى بەك ئەنسىرىتىپ كەتمەيتتى. گېرمانىيىدە، بۇ كۈنلەردە ناتسىستلار پارتىيىسى ئەڭ كىچىك سىياسىي پارتىيىلەردىن بىرى بولغىنى بىلەن، بۇ قوشۇن ھەقىقەتەنمۇ بىر پولات مۇشتۇم ھېسابلىناتتى، ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرگە تەۋە بىر پولات مۇشتۇم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھىتلېر بېرچتېسگادېنغا قايتىپ كېتىپ، ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن «كۈرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ: ئۇ ۋېيمارلدا كۆرسەتكەن ئەپسۇنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىكى ھەر قايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن تېزگىنىگە ئېلىشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتەلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ تۈردىكى تىرىشچانلىقلار جەريانىدا ئۇ بىرسىنى ئىشىغا تەكلىپ قىلماقچى بولىدۇ: بۇ كىشى جوسېف گېيوبېلس ئىدى. ھىتلېر تاغ ئارىسىدىكى ئۇۋىسىغا بېرىپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا

www.pidaily.biz

گيوبېلس كېلىپ ئۇنى يوقلىغان بولۇپ، بۇ جەريانىدىمۇ ھىتلېر ئۇنى تېخىمۇ بەك جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. "ئۇ بىر بالىغا ئوخشاش يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئىدى؛ شۇنىڭدەك مۈشۈككە ئوخشاش قۇۋ، ئەقىللىق، چەبدەس ئىدى؛ يەنە شۇنىڭدەك خۇددى بىر شىرغا ئوخشاش ھۆركىرەپ تۇرىدىغان، قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك ئىدى. سەپداش سۈپىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مەرت يىگىت ئىدى." 25-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، يەنى ئۇ بېرچتېسگادېندىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدە ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق بۇرۇلۇش ياساش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. "خەير-خوش مېنىڭ ئوبېرسالزبېرگىم! دەپ يازىدۇ گيوبېلس شۇ كۈنى ئاخشىمى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — بۇ كۈنلەر مېنىڭ يولۇمدىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلىغان كۈنلىرىم بولۇپ قالدى. چاقناپ تۇرغان بىر يۇلتۇز مېنى ئازاب دېڭىزى ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقاردى! مەن ئەندى مەڭگۈ ئۇنىڭغا تەۋە بىرىمەن. مېنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇجىمەللىكلەرمۇ تولۇق يېشىلىپ كەتتى. گېرمانىيە چوقۇم ياشايدۇ، ياشىسۇن — خايل ھىتلېر"!

ھىتلېر ئۇنى تەقەززار قىلىپ ئىككى ئاي ساقلاتتى. كېيىن بېرلىنغا ئۆۋەرتىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىنىدا، گيوبېلس قاتتىق ھاياجان ئىچىدە "ئاخىرى بېكىتىلدىم - ۋەزىپەم بېرلىن! ياشىسۇن!" دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە.

ئادولف ھىتلېر ئۈچۈن ئالغاندىمۇ بۇ ئىش بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇتۇق ھېسابلىناتتى. مۇنداق قارىماققا، ستراسسېرنى پارتىيىنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك تەشكىلىگە ئېلىپ كىرىپ ھىتلېر ئۇنىڭ

بىلەن قول ئېلىشىپ يارىشىدۇ. ئەمما ستراسسېرنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ كۈچى بەرىبىر فيۇرېر ئۈچۈن يۇشۇرۇن تەھدىت ھېسابلىناتتى. ستراسسېرنىڭ بېرلىندا شىتابى يوق؛ گيوبېلسنىڭ بېرلىنغا تەيىنلىنىشى، ئەمەلىيەتتە ھىتلېرنىڭ ستراسسېرنىڭ بۇرۇنقى سادىق كاتىۋىنى ئۇنىڭغا رىقابەتچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئىدى.

7-نويابىر (ئوغلاق) دا، گيوبېلس بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىپ، ھوقۇق يولىدا ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسىدۇ. مەيلى شەخسى تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى سىياسى جەھەتتە بولسۇن، گيوبېلس يېڭى بىر سايات يولىدا ئىلگىرلەشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئېرسىپي (埃尔塞) ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بولغان تويي قىلىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدۇ. بۇرۇن بۇ قىز بىلەن بولغان مۇھەببەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى بەكلا بوران-چاپقۇنلۇق ئۆتكەن ئىدى. مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ساماسىدا بارغانسىرى يوقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بۇ يېڭى يۇلتۇز، قانداقمۇ يېرىم يەھۇدىي قىنى ئارىلاشقان بىر قىز بىلەن جۈپلىشەلىشى، ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويالىشى مۇمكىن؟

شۇ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە پارتىيە ئەزا سانى ئاساسەن 50 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشقان ئىدى. رۇدولف ھېس (赫斯 Rudolf Hess) كاتىپ، فرانز كساۋېر شۋارز (弗朗茨•埃克萨瓦•施霍茨Franz Xaver Schwarz) مال-مۈلۈك باشقۇرغۇچىسى، پاۋلى (波勒 pawli) كاتىۋات باشلىقى بولۇپ

تەيىنلەنگەن پارتىيە ئىجرائىيە ئورگىنىدا، ئىش ئۆنۈمى ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ئىدى (بۇ ۋاقىتلاردىكى پارتىيە ئەزا سانى بەك ئېنىق ئەمەس بولۇپ، شۋارز پارتىيە ئەزا سانىنى مەخسۇس رەت نومۇرى بويىچە جەدۋەللەشتۈرگەن بولۇپ، پارتىيىدىن چېكىنگەن ياكى پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار سەۋەبىدىن كامايغان رەقەملەر بەكلا تۇتۇق ئىدى). شۇنىڭدەك يەنە يەرلىك مەسئۇل كادىرلار بىلەن رەھبىرى كادىرلارمۇ تىنىماي كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، بارلىق پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى تولۇق مەركەزگە يوللاپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنىدا دەسلىۋىدە ئۈچ 3 ئاپتوموبىل ۋە 25 نەپەر خىزمەتچى بار بولغان بولسا، ئەندىلىكتە بۇ ئورگان تېز سۈرئەتتە چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەندى بۇ ئورگان دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت ھالىغا كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئورگاندا تاشقى ئىشلار بىروسى، ئەمگەك-ئىشچىلار بىروسى، سانائەت بىروسى، يېزائىگىلىك بىروسى، ئىقتىسادى بىرو، ئىچكى ئىشلار بىروسى، ئەدلىيە بىروسى، پەن-تېخنىكا بىروسى ۋە ئاخبارات بىروسى قاتارىدىكى بۆلۈملەر ئېچىلغان ئىدى. پارتىيىنىڭ ياردەمچى تەشكىلاتلىرىمۇ قۇرۇلغان ياكى قۇرۇلۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىدى. يەنى ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسى، ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى ۋە شۇنىڭدەك دوختۇرلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ياردەمچى تەشكىلاتلار قۇرۇلغان ئىدى.

www.pidaiy.biz

پارتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچ كۈچى يەنىلا ھۆججەتچىلار ئەترىتى — ئېس-ئاچىلار ھېسابلىناتتى. ۋېيمار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە يەنە 8 تارماق ئەترەت كۆپەيتىلگەن بولۇپ، بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېس-ئاچىلار ئەترىتى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، فيۇرېرنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ئاستىدا يەرلىك ياكى رايونلۇق ھۆججەتچىلار ئەترەتلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا پائالىيەت قىلىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ھىتلېر ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق يېڭى سىياسىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەنە "تۇغما تەشكىلاتچى" ھەمدە قاتتىق ئىنتىزامچان دەپ تونۇلغان فرانز ۋون سولومون پېفېففېر ( 弗朗兹•普弗费尔•冯•苏罗门 Franz von Solomon Pfeffer) نى قانۇنلۇق دەپ تونۇلغان بۇ قۇرالسىز تەشكىلات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تاللىۋالىدۇ. "ھۆججەتچىلار ئەترىتىنى باشتىن تارتىپلا ھېچقانداق مەخپىيەتلىكى بولمىغان ئاشكارە بىر تەشكىلات خاراكتېرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يۇشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. — دەيدۇ ھىتلېر، پېفېففېرغا يازغان خېتىدە، — بۇ تەشكىلاتنى ئوچۇق-ئاشكارە ھەرىكەت قىلىپ يۈرەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئۇنى بىر مەخپى تەشكىلات ئىكەن دەيدىغان ھەر تۈرلۈك پىتنە-پاساتلاردىن ساقلىشىمىز كېرەك. ... شۇنداق بولغىنىدا، بۈگۈن بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىزنىڭ قايسى بىر ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىق ھەرىكەت دېيىشىنىڭ

www.pidaiy.biz

ئالدىنى ئالالىشىمىز مۇمكىن. بۇ بىر دۇنياۋى خاراكتېرىدىكى ئۇلۇغ بىر ھەرىكەت بولۇپ، ماركسىزم بىلەن ئۇنىڭ ئورگانلىرى ۋە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پىلان كۆرسىتىپ يۈرگەنلەرگە قارشى بىر مەيدان كۈرەشتىن ئىبارەت. بىز ھېچقاچان بىرەر-ئىككى يۈز نەپەر ساداقەتلىك بىلەن مەخپىي سۈيىقەست پىلانلىغۇچىغا ھاجىتىمىز يوق. بىزگە لازىم بولغىنى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بىزنىڭ دۇنياۋى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئوت يۈرەك جەڭچىلەردۇر. ... بىز چوقۇم ماركسىزمچىلارغا تونۇتۇپ قويىشىمىز كېرەككى، كەلگۈسى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلار خۇددى مىللىي سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم دۆلەتنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش مىللىي سوتسىيالىزمچىلار بولۇپ قالىدۇ." ئېس-ئاچىلارنىڭ رەسمىي فورمىسى كارىشناۋاي كۆڭلەك، كارىشناۋاي گالستۇك قىلىپ تاللىۋېلىندى. بۇ رەڭلىك كىيىمدىن پايدىلىنىش پۈتۈنلەي پەۋقۇلئاددە تۇغرا كېلىپ قالغان بىر ئىش ئىدى. يەنى بۇنداق فورما ئەسلىدە گېرمانىيىنىڭ شەرقى ئافرىقىدىكى قوشۇنلىرى ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن كىيىم ئىدى. ئۇلارغا ئىشلىتىش پۇرسىتى بولمىغاچقا ئىسكىلاتلاردا بۇنداق كىيىملەر بەكلا نۇرغۇن بېسىلىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنى بەكلا ئەرزان كۆپلەپ سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بار بولغىنى ئۈچۈنلا بۇ تۈر كىيىم تاللىۋېلىنغان.

www.pidaiy.biz

1926 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، «كۆرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى نەشرىدىن چىقىدۇ. بۇ تومنىڭ قوشۇمچە تېمىسى "مىللەتچى سوتسىيالىزىم ھەرىكىتى" بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىيونخېن قوزغىلىڭى دا 25 ماددىلىق پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان كۈندىن بۇيانقى تارىخ ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان ئىدى. ئۇ بىر ھېسابتا تەرجىمھالغا قارىغاندا تارىخقا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى. ماكياۋېللى Niccolo (马基维利 Machiavelli)دىن بۇيان (1469~1527 ـ يىللاردىكى ئىتالىيە سىياسىيونى ۋە يازغۇچىسى) سىياسەت ھەققىدە بۇنىڭدەك قوللىنىشچان بىر سىياسىي تارىخ كىتاب ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان دېيىش مۇمكىن. ھىتلېرنىڭ تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش كۆزقارىشى نوقتىسىدىن ئالغاندا، پەقەتلا كوچا جىدەلچىلىرى سەۋىيىسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا راستىنلا كۈشكۈرتۈش قىممىتىگە ئىگە بولالايتتى. ئۇنىڭ ئاممىۋى پسىخولوگىيە ئۈستىدىكى تەھلىللىرىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، بىر قانچە يىل بۇرۇن گېرمانىيىدە نەشرى قىلىنغان فرېئۇدنىڭ «كۆپچىلىك پسىخىكىسى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئانالىز» دېگەن كىتاۋىنى چوقۇم ئوقۇغان بولىشى كېرەك. "ئامما بەكلا ئاسان ئىشىنىپ قالىدۇ. ـ دەپ يازىدۇ فرېئۇد ئۇ كىتاۋىدا، ـــ شۇنىڭدەك يەنە، ئۇلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىمۇ بەكلا ئاسان. ئاممىدا تەنقىدىي كۈچ بەكلا ئاز بولغاچقا، ئۇلاردا قارارغا كېلەلمەسلىك دەيدىغان مەسىلىمۇ مەۋجۇد ئەمەس. ئاممىۋى سەزگۈلەرنى ئادەتتە بەكلا ئاددى، بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈش

www.pidaiy.biz

بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئامما بىرەر ئىشتىن گۇمانلىنىشىنىڭ نېمىلىكىنى، قارارغا كېلەلمەسلىكنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ.» (فرېئۇد — ئاۋىستىرىيىلىك داڭلىق پسىخولوگ، تا بۈگۈنگىچە مۇھىم پسىخولوگىيە ئېقىمى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئۇيغۇرلارغا ھېلىغىچە مەلۇم بولماي كېلىۋاتقان پسىخوئانالىز تەلىماتى دېگەن ئۆزگىچە پسىخولوگىيە ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىسى — ئۇ.ت) ۋىللىيام مىكدوۋگال (威廉•麦克杜戈尔 William McDougall221) بىلەن گۇستاۋ لې بون (古斯塔夫•勒•邦 Gustave Le Bon) ئىككىسىمۇ ئىلگىرى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان ئىدى. قىزىق يېرى، ھىتلېر ۋېيېننالىق بىر يەھۇدىي بولغان فرېئۇدتىن: ئەگەر ناتىق ئاممىنى تېزگىنىگە ئېلىشنى ئويلايدىكەن، چوقۇم «مۇبالىغىلەشتۈرۈشى، ئوخشاش بىر قاراشنى قايتا-قايتا تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك» دېگەن تەلىماتنى ئالغان ئىدى. فرېئۇدمۇ خەلق ئاممىسى جاھىل كېلىدۇ، ئەمما يەنىلا نوپۇزغا بوي سۇنىدۇ. ... ئۇلار، قەھرىمانلارنىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن ھەتتا زوراۋانلىق بىلەن قىلغان تەلەپلىرىگە ماقۇل دەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە بىرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى، ئېزىشىنى، خوجايىنىدىن قورقۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دەپ ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۆز ۋەتەندىشى بولغان بىر يەھۇدىيدىن قوبۇل قىلغان نەرسىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە تىپىك تەلىماتلار ھېسابلىناتتى. ھىتلېر،

www.pdaily.biz

ۋەتەندىشى فرېئۇدنىڭ نەزەرىيەلىرى بىلەن ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق بىر قۇرالنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋالغان ئىدى.

ھىتلېرنىڭ بۇ كىتابىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تاشقى سىياسەت قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋالغان ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتلاردا، ھىتلېر فرانسىيىنى گېرمانىيىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ تونۇيتتى. 1920-يىلى ئىيۇل (ئەرەن) دىكى بىر قېتىملىق نۇتقىدا ئۇ ھەتتا “يەھۇدىيلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغان ھامان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈشىمىز كېرەك” دەپمۇ ئېيتقان ئىدى. بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئارىدىن 6 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىككىنچى قىسمىنىڭ كەينىدىن 2-بابىدا، ھىتلېر فرانسىيىنى ئاساسلىق دۈشمەن دەپ قاراشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلىشقا پۈتۈنلەي قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ دېگەنلىك (تەكىتلەش بەلگىسىنى ئۆزى قويغان) “بۇ يەرشارىدا گېرمانىيە خەلقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقلىق بولغان تۇپراقلارغا ئىگە قىلىش كېرەك.” ئۇ بىر قانچە بەتتىن كېيىن پىكىرىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ: “بىز بۇندىن 600 يىل بۇرۇن ئورۇندىماي تاشلاپ قويغان ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، نېمىسلارنىڭ چەكسىز تۈردە جەنۇبقا قاراپ كۆچۈش، غەرىپكە

قاراپ ئىلگىرىلەش ئىشىنى توختىتىشىمىز كېرەك. بىز بۇنىدىن كېيىن نىشانىمىزنى يوقىرى تەرەپلەرگە بۇراپ، كۆزىمىزنى شەرقتىكى تۇپراقلارغا تىكىشىمىز كېرەك." ئۇنىڭ شەرقتىكى تۇپراقلار دېگىنى، ئاساسلىقى سوۋېت رۇسىيىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇنداق دەيدۇ: سوۋېت رۇسىيىسى "يەھۇدىيلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا" پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشقا باشلىدى، تەغدىر بۇ يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بۇلغىۋېتىلگەن تۇپراقلارنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيىنى تاللىۋالدى.

كېڭەيمىچىلىك قىلىش، تارىختىن بۇيان گېرمانىيىنىڭ خام خىيالى بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1906-يىلى، كلاۋۇس ۋاگنېر (克劳斯•瓦格纳 Klaus Wagner)مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ھەر بىر ئۇلۇغ مىللەت يېڭى زېمىنلارغا مۇھتاج. ئۇنداق بىر مىللەت چوقۇم باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۇپراقلىرىغا قاراپ كېڭىيىپ بېرىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم قىلىچنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چەتئەللىكلەرنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك." ھىتلېرنىڭ تۆھپىسى بولسا، بۇ ئىشنى يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەنلىكى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر مىللەتنىڭ چېگرالىرىنى ئەندى خان ئوردىسى بەلگىلىيەلمەس بولۇپ ئۆزگەردى. بۈگۈنكى ۋەزىيەت "رەھىمسىز يەھۇدىيلار ھەر قايسى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلماقتا. شۇڭا ئۇلارغا قېلىچ بىلەن قارشى تۇرۇلمىغىنىدا، بىرمۇ مىللەت يەھۇدىيلارنىڭ قارا قولىنى بوغۇزىدىن ئاجرىتىپ ئۇلاردىن قۇتۇلالمايدۇ." شۇنداق ئىكەن، نېمىسلار قىلىچ كۈچىگە

www.pidaily.biz

تايىنىش ئارقىلىقلا يەھۇدىيلار تەھدىتىنى يوق قىلالايدۇ، فرانسۇزلارنى، رۇسىيىنى ھەمدە ماركسىزمنى تارمار كەلتۈرۈپ گېرمانىيە بىلەن گېرمانلارنىڭ غايىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا يۈكسەلتەلەيدۇ. ھىتلېر، پاسىۋاللىق گوسىبتالىدا خيال كۆرگىنىدىن بېرى، پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، سىستېمىسى بولمىغان، ئاساسەن كۆڭلىنىڭ ھېس قىلىشىغىلا تايىنىپ دېگىدەك 7 يىل ئىزدەنگىنىدىن كېيىن ئاخىرى بۇنداق بىر خۇلاسىغا كېلەلىگەن ئىدى.

ھېس، بۇ كىتابنى ئېلىپ، ژۇرنىلىڭىزدا بۇ ھەقتە بىرەر ئوبزور ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتىڭىز بارمىدۇ، دەپ سوراش ئۈچۈن پروفېسسور خېينىز خاۋشوفېرنىڭ يېنىغا بارىدۇ. خاۋشوفېر بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ”پەقەتلا رازى بولمايدۇ“، بولۇپمۇ (ئۇنىڭ ئايالى بىر يەھۇدىي بولغاچقىمىكىن) ھىتلېرنىڭ ئىرقچىلىق توغرىلىق ئېيتقان ھاقارەت سۆزلىرىنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھاياتلىق ماكانى نەزەرىيىسى بىلەن ھىتلېرنىڭ شەرقنى ئىستىلا قىلىش قارىشى ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بارلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. كېيىن ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئۇ چاغدا ھىتلېر بۇ كىتاۋنى خۇددى ئوتتۇرىغا چىقىپلا يوقاپ كېتىدىغان باشقا بەزى كىتابلاردەك كىشلەرنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاش ئۈچۈنلا يازغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق“.

www.pdaily.biz

ھىتلېر، ئۆزى يازغان بۇ كىتابلىرىنى باشتىن تارتىپ قايتا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن فرانك (弗兰克 Frank) قا ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن راستىنلا يازغۇچى ئەمەس ئىكەنمەن. "يازغان ۋاقتىمدا مەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئېسىمگە ئالالمايدىكەنمەن." ئۇ يەنە «كۈرەش يولۇم» دېگەن بۇ كىتاۋىنىڭ ئۇنىڭ «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىگە بەرگەن مۇھىم ماقالىلىرىنىڭ توپلىمىدىنلا ئىبارەت دېيىش مۇمكىن، دەپ ئېتىراب قىلىدۇ. "شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر مەن 1924 - يىلى كەلگۈسىدە باش مىنىستىر بولالايدىغانلىقىمنى بىلەلىگەن بولسا ئىدىم، بۇنداق بىر كىتابنى ھەرگىزمۇ يازمايتتىم".

»كۈرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى نەشرى قىلىنىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر خوفبراۋخاۋس (霍夫布劳斯 Hofbrauhaus222)پىۋىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ناتسىستلار ئارچا بايرىمى مۇراسىمىنى يەھۇدىيلارغا قەبىھلەرچە ھۇجۇم قىلىش يىغىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. ھىتلېر بۇ مۇراسىمدا "خىرىستوس، دۇنيانىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى ئەڭ دەسلەپكى كۈرەشتە ئەڭ ئۇلۇغ بىر جەڭچى بولغان ئىدى" دەيدۇ (ھىتلېر، ئەيسانى ھەرگىزمۇ يەھۇدىي دەپ قارىماستىن، ئۇنى يەھۇدىي دىنىغا بوي سۇنمايدىغان بىرسى دەپ تونۇيتتى. شۇڭا ئەيسانى يەھۇدىي زەھىرى بولغىيالمىغان يېرىم يەھۇدىي دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ بۇنىڭغا ساپ ئەقىدىگە ئىگە بىرسى، پەقەت يەھۇدىي بوۋىسى بولغانلا بىرسى دېگەندەك ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان بىر باھانىنى كۆرسەتتى). ئەيسا ھەرگىزمۇ

www.pdfdaily.biz

تىنچلىق ئەلچىسى ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇش غايىسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئېلىپ بارغان تەرغىباتى پۈتۈنلەي كاپىتالىزم ھوقۇقىغا قارشى كۆرەش قىلىش ئىدى، ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى بولغان يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كرىستىكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، دەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا "خرىستوس پۈتتۈرەلمىگەن ئىشلارنى مەن، ئادولف ھىتلېر تاماملىغۇسى" دەپ گېپىنى تاماملايدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۆزى مىسىيا (弥赛亚)دەپ ئاتىۋالغان ھىتلېرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسى قۇرالى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. 1927-يىلى 5-مارت (قوزا) كۈنى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن باۋارىيىدە ئاشكارە نۇتۇق سۆزلەش چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. 4 كۈندىن كېيىن، خانلىق سىرىك تىياتىرىدا ھاياجانغا تولغان بىر مۇنچە مىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئاخشىمى سائەت 8 دىن 3 مىنوت ئۆتكەندە، تاشقىرىسىدا "خايل ھىتلېر!" دېگەن شۇئار ئاۋازلىرى ياڭرايدۇ.

شۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا ئوركېستېر ئۆمىگى ھاياجانلىق مارشلارغا چېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر ھەربى فورمىسى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. كەينىدىن بىر توپ ھەمرالىرىمۇ بىرگە كىرىپ كېلىدۇ. ھىتلېر، زالدىكىلەرنىڭ تەنتەنىلىك ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئېچىلغان تار يولدىن داغدام قەدەملەر بىلەن سەھنىگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ھىتلېر نۇتۇق سەھنىسىگە چىققىنىدا، زال ئىچى ئىمتاس بولۇپ كېتىدۇ. 200 نەپەر قوڭۇر كۆڭلەكلىك

www.pidaw.biz

پارتىيىلىك 2 نەپەر بارابانچى ۋە بىر بايراق كۆتەرگەن كىشىنىڭ باشلاپ مېڭىشى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. شۇ ھامان "خايل!" دېگەن سادالار گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، زالدىكى بارلىق كىشىلەر بىلىكىنى كۆتۈرۈپ فاشىست سالىمى بېرىدۇ. سەھنىدە، ھىتلېر جىددىي تۈس ئالغان ھالدا ئوڭ بىلىكىنى ئالدىغا ئۇزارتىدۇ. مۇزىكا ھەمرالىقىدا بايراقچىلار رىم قوشۇنلىرىغا ئوخشاش چاقناپ تۇرغان گۈل-چەمبىرەكلىك كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بۈركۈت بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىي ئەزالىرى سەھنە ئالدىدا ئولتۇرۇشىدۇ. سەھنىگە چىققانلار بولسا نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ كەينىدە تىك تۇرغىنىچە قېتىپلا قېلىشقان ئىدى.

دەسلىۋىدە، ھىتلېر نۇتقىنى قىلچە ھولۇقماستىن بەكلا ئاستا باشلايدۇ. كەينىدىنلا ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ساقچى دائىرىلىرىنىڭ دوكلاتىدا يېزىلىشىچە، ھىتلېر ھاياجانلىنىپ جىم تۇرالمايلا قالغان بولۇپ، تىنماي قول ئىشارىتى قىلاتتى. ئۇ "مىڭ كىشىلىك يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تەرىپىدىن مەس بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىنتايىن قىزىقارلىق تۈردە ئىككىلا قولىنى ئالدىغا ئۇزارتاتتى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پات-پاتلا، 'ياق-ياق' دېگەن سۆزلەر بىلەن ئارتىسلاردەك غەزەپلىنىشىنى كۈچەيتىپ تۇراتتى." بۇ بىر خاۋسېن (哈努森Haussen) چە نۇتۇق ئىدى. ئىككى يېرىم سائەتلىك نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ھىتلېر گېرمانىيىنىڭ دۈچ

www.pidaly.biz

كېلىۋاتقان بوھران ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە، بۇنچىۋالا قالايماقانلىشىپ كەتكەن بىر دۇنيادا پەقەت يەھۇدىيلارلا غالىب بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر نۇتۇق ھېسابلىناتتى. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى ئۇنىڭ نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئىدى. ئۇ، پەقەت مۇنداق بىر نوقتىغا قەتئىي ئىشىنەتتى: ئۇ، بۇ قېتىم قانۇنلۇق رەۋىشتە، ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە كىشىلەرنى جەلىپ قىلىش كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىقلا بۇنچىۋالا زور ئۇتۇققا ئېرىشىپ مەقسىدىگە يېتەلىگەن.

بۇنىڭغا ئوخشىغان مۇھىم نۇتۇقلىرىدا ھىتلېر ھەر دائىم 20 قۇتا مىنېرال سۈيى ئىچىشكە مەجبۇر قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىكى ھەر دائىم تەردىن ھۆل بولۇپ كېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ ياز ئايلىرىدا ئۇ نۇتۇق ئۇستىلىدە بىر پارچە مۇز قويدۇرۇپ ئالقانلىرىنى سوۋۇتۇشقا دىققەت قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم نۇتقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ياندىكى ئۆيلەردىن بىرسىگە كىرىپ مونچىغا چۈشۈپ چىقاتتى (بۇنداق بۆلۈملەرنى يىغىن ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار تەمىنلەپ تۇراتتى.)

## (5)

ھىتلېر بۇ قېتىمقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇتۇقلىرىدا خۇددى گرېگور ستراسسېر ئوتتۇرىغا قويغان سوتسيالىزم يولىغا ئەمەل قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ؛ كاپىتالىزم بىلەن چىرىك بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدا ھەتتا سولچىلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئەمما ئۇ، شەھەر ئىشچىلىرىنى مىللىي سوتسيالىزم پارتىيىسى تەرىپىگە تارتىش كۈرىشىنى بۇ ئىشقا تېخىمۇ لاياقەتلىك بولغان كىشىگە تاپشۇرىدۇ. جوسېف گېيوبېلس ئاللىمۇقاچان بېرلىنغا كەتكەن ئىدى. ئۇ مېڭىش ۋاقتىدا ئۆشنىسىگە كونا كىتاب سومكىسىدىن بىرنى ئارتىۋالغان بولۇپ (سومكىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى قۇر سىرتقى كىيىم، بىر قانچە كۆڭلەك، بىر نەچچە پارچە كىتاب ۋە بىر دەستە قوليازما بار ئىدى)، ئالغان بېلىتىمۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك پويىز بېلىتى ئىدى. بېرلىنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بېرلىن رايونىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بەكلا قالايماقان ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. گېيوبېلس كېيىن بىر ئەسلىمىسىدە "ئۇ كۈنلەردە بېرلىندىكى ئاتاقتا پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي نامى بار ئىشى يوق بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل ھەر ياڭزا كىشىلەر يىغىلىۋالغان بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي مىللىي سوتسيالىزم ئىدىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ نەچچە يۈز كىشىگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم" دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى گەرچە ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە يازغانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەمەلىيەتكە بەك ماس كەلمەيدىغان بولسىمۇ، بۇ دېگەنلىرىنى يەنىلا ئۇنچە بەك مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن دەپ قاراشقىمۇ



www.pdaily.biz

بولمايتتى. پايتەختتە، پارتىيە يىغىنلىرى دائىم دېگىدەك بىر-بىرسىنى بەسلىشىپ ھاقارەتلىشىش تۈسىگە كىرىپ، بىر-بىرسىنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ جېدەل قىلىشىشلارمۇ ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بىر قېتىمدا گرېگور ستراسسېر، خاگمان (哈格曼) ئىسىملىك بىرسى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قىزىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىرى كېلىپ بۇ جېدەل دوئىلغا چىقىش بىلەن ئاخىرلاشقانىكەن.

روشەنكى، گېوبېلسنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە بەكلا قىيىن بىر ۋەزىپە ئىدى. ئۇنىڭ مەسئۇل بولغان تەۋەدىكى مىڭغا يېقىن پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە "بىر-بىرسى بىلەن چىقىشالمايدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا"، كوچىلاردا سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈن كوممۇنىستلار بىلەن سوتسىيال دېموكرات پارتىيىلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى رايونلۇق پارتىيە بىيروسى پوتسدام (波茨坦) يولىدىكى بىر بىنا ئىچىدە "پاسكىنا گەمە قەۋتتى" گە جايلاشقان ئىدى. "ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان قالايماقان ھالەتتە ئىدى. مالىيە ھېساۋاتلىرى پۈتۈنلەي قالايماقان بولۇپ، بېرلىن رايونلۇق پارتىيە ئورگىنى ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچ نېمىسى يوق ئەھۋالدا ئىدى. ئەمما قەرز ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى." بۇ خىل ئەھۋال گېوبېلسنى ئۈمىتسىزلەندۈرمەيلا قالماي، بۇنىڭدىن ئۆزىگە كۈچ-قۇۋۋەت توپلىغان ئىدى. ئۇ، باش شتابنى نىسبەتەن ياخشىراق بىر يەرگە كۆچۈرۈپ، نورمال پائالىيەت باشلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك



www.pidaily.biz

يەنە بوغالتىر ـ كاسسىرلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۆزى بىۋاستە بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. 1927 ـ يىلى فېۋرال (ئۈي) غا كەلگىچە رايونلۇق پارتىيە بىيروسى قەرزلىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئون مىڭ ماركتەك مۇقىم دەسمايىغىمۇ ئېرىشىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بىر كونا ماشىنىسىمۇ بار بولىدۇ.

گېيوبېلس، بۇندىن كېيىن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىش ۋاقتى كەلدى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىدىن زىرىككەن خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ”بېرلىنلىقلار كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا خۇددى بېلىقنىڭ سۇغا مۇھتاج بولغىنىدەك قىزىقىدىغان ھالدا ئىدى. — دەپ يازىدۇ گېيوبېلس، — ئۇلار ئەنە شۇنداق خەۋەرلەرنى تاما قىلىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. بۇنى تونۇپ يەتمىگەندە ھەر قانداق بىر سىياسى تەشۋىقات قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالاتتى.“ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماقالە يازغىنىدا ياكى نۇتۇق سۆزلىگىنىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بېرلىنلىقلارنىڭ تەلىۋىنى كۆزدە تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە تىرىشىدۇ. ماقالىلار بىلەن نۇتۇق ئارگىنالىنى يازغاندا كەسكىن ۋە ئېنىق گەپلەر بىلەن ھاياجان پەيدا قىلالىغىدەك يېزىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بولسا كوچىلاردا قىزىللارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئېلىشىشقا كىرىشىدۇ. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى، ”كوچىلارنى بوي سۇندۇرالىغانلار چوقۇم

خەلق ئاممىسىنىمۇ تېزگىنلىيەلەيدۇ؛ خەلق ئاممىسىنى تېزگىنلىيەلىگەندە دۆلەتنىمۇ تېزگىنلەپ كېتىشكە بولىدۇ".

ئۆي ئىگىسى ئايالىنىڭ دېيىشىچە، گېوبېلس ھەر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەشتىن ئاۋال چوڭ ئەينەك ئالدىدا نەچچە سائەتلەپ سەھنىدە تۇرۇش قىياپىتىنى مەشىق قىلاتتىكەن. ئۇ سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ زور ئىلگىرلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇ سەھنىدە تۇرۇشىنىڭ ھەر تۈرلۈك قىياپەتلىرىنى پىششىق ئىگەللىۋالىدۇ. يىغىن باشلىنىشتىن ئاۋال ھەر دائىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قانداق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى سوراپ ئېنىق بىلىۋالاتتى. "مەن سەھنىدە قايسى ئۇسلۇپنى قوللىنىشىم كېرەك؟ مىللەتچى بىرسىمۇ، سوتسىيالىست بىرسىمۇ ياكى مەيۇس بىرسى بولىشىم كېرەكمۇ؟ تەبىئىكى، بۇ قىياپەتلەرنىڭ ھەممىسى مەندە بار ئىدى".

ئۇ ھەر دائىم جانلىق تىللاردا سۆزلەپ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى بىلەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ماھارەتلىك ناتىق ئىدى، ئۇ قىزىقچىلىقتىن دەرھال مەيۇس بىرسىگە، ئۇنىڭدىن يەنە تىل-ھاقارەتلەر ياغدۇرىدىغان بىرسىگە ئايلىنالايتتى. ئۇ ھەر دائىم مەخسۇس قىزىللارنى تىرىكتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ۋارقىراپ-جارقىراپ نارازىلىق بىلدۈرۈشىنى پەيدا قىلىۋېتىپ، كەيىندىنلا بۇ ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى. ئۇ بىر قېتىم، "شاۋقۇن پەيدا قىلىش، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك قۇراللىرىدىن بىرى"

www.pidaw.biz

دېگەن ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تەشۋىقات بىر تۈرلۈك سەنئەت ئىشى ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى ئۇ بۇ ھۈنەرنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، قولىدىكى مىلىنىڭ دۇنيادىكى بىردىن-بىر ياخشى مال ئىكەنلىكىنى ماختاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئامېرىكا پاسونىدا خېرىدار يىغىشتىن پايدىلىنىپ مىللىي سوتسىيالىزمنى بازارغا سالاتتى.

گيوبېلس، ئىشچىلار ئاھالە رايونى بولغان ۋىيدىن (维丁) رايونىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن پاسون بويىچە كۆزگە چېلىققىدەك چوڭ خەتلىك قىزىل پلاكاتلارنى تىكلەپ، "بۇرجۇئازىيە دۆلىتى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا" دېگەن تۈيغۇنى تەشۋىق قىلاتتى. گيوبېلس 1927-يىلى 11-غېنىۋار (ئۇي) كۇنى، ئۇرغۇنلىغان ئىشچىلارنى مىتىنگكە تەكلىپ قىلدۇ. بۇ قېتىمقى مىتىنگ، كوممۇنىستلار ھەر دائىم ئاممۇى يىغىن ئاچىدىغان فالوش (法鲁士) چوڭ زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ مىتىنگ، كوممۇنىستلارغا قارىتا بىر قېتىملىق ئاشكارە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھېسابلىناتتى. يىغىن رەئىسى يىغىننىمىز ئۇچۇق دەپ ئەندىلا ئېلان قىلىپ تۇرۇشىغا، ماركسىزمچى بىر ئىشچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، يىغىن تەرتىۋىدىكى بىر نوقتىغا ئىزاھات بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ۋارقىرايدۇ. رەئىس ئۇنىڭ سۇئالىغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم تەلىۋىنى تەكرارلىماقچى بولغىنىدا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر كېلىپ ئۇنى مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش-جىدەل باشلىنىپ كېتىدۇ. 83 نەپەر قىزىللار تەرەپدارى ئۇر-توقماق

www.pidaiy.biz

ئاستىدا قالىدۇ. بۇ جىدەلدە ئېس-ئاچىلاردىنمۇ 10 كىشى يارىلىنىدۇ. بۇ چاغدا گېيوبېلس دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ يارىدارلارنى سەھنىگە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ دات-پەريادىنى خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇنداق قىلساق خەلق ئاممىسىغا بەكلا ياخشى تەسىر كۆرسىتەلەيمىز دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئويۇنىدىن، گېيوبېلس ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا بىر تەشۋىقاتچى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. فالوش (法鲁士) زالىدىكى بۇ كۈرەش، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ نامىنى گېزىتلارنىڭ بىرىنچى بەت سەرلەۋھەسىگە چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇن ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ قوزغىغان ھەرىكىتى ھەققىدە بەكلا ئاز خەۋەردار بولۇپ يۈرگەن بېرلىنلىقلارنى "بېرلىن شەھىرىدە يەنە بۇنداقمۇ بىر سىياسىي كۈچ بار ئىكەن-دە" دېگەن مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى گېزىت تەشۋىقاتلىرى ئەسلىدە ئۇلارنى قارىلاشنى مەقسەد قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، كۆتۈلمىگەندە، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا 2600 نەپەر ئادەم كېلىپ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا ئىلتىماس سۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە 500 دەك ياش ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ.

مىتىنگكە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئارتىپ بارىدۇ. ھىتلېر كلور (克罗) رېستورانتىدا ئوتتۇرىغا چىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئاممىۋى يىغىلىشقا قاتناشقانلار سانى 5 مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى. شۇ قېتىمقى ئاممىۋى يىغىن ئەسلىدە ماركسىزمچىلارنىڭ بايرىمى بولغان "1-ماي" (ئارسلان)

www.pdaily.biz

بايرىمنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئېچىلغان بىر يىغىن ئىدى. فيۇرېر نۇتقىنى باشلىغان ۋاقتىدىكى قىياپىتى راستىنلا لېنىننىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كەتكەن ئىدى: "بىز سوتسىيالىزمچىلارمىز، بۈگۈنكى كاپىتالىزم ئىقتىسادى تۈزۈمىنىڭ دۈشمەنلىرىمىز. كاپىتالىستلار تەڭسىز مائاش، ھەقسىز بايلىق ۋە دەسمايىسىغا تايىنىپ تىنقلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بېيىپ كېتىشى ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قىلغان ئەمگىكىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن كەلگەن ئەمەس، ئۇلار ئادەمنىڭ قىممىتىنى نامۇۋاپىق ئۆلچەملەر بىلەن باھالاش ئاساسىدا نامرات پۇخرالارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ تىنقلىپ كەتمەكتە. بىز، ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق بىر تۈزۈمنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىرادىسىگە كەلگەن كىشىلەرمىز." كەينىدىنلا ئۇ ھاياتلىق ماكانى يارىتىش ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك توختىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بۇ قارىشىنى كۈچەپ سىڭدۈرۈشقا تىرىشىدۇ. ئۇ نۇتقىنى، گېرمانىيىدە 62 مىليون ئاھالە بار. ئەمما يەر مەيدانىمىز بولسا ئارانلا 450 مىڭ كىلومېتىر چاسا كېلىدۇ. بۇ خەلق بۇنچە تار بىر مۇھىتتا بەكلا قىستىلىپ كەتمەكتە! دەپ داۋام قىلىدۇ. "ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە باشقا دۆلەتلەر ئىگە بولىۋالغان يەر مەيدانلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىدەك بولىدىكەنمىز، بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك دەرىجىدە ئاز بىر يەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ... بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك چارىسى بار: بىر

بولسا "ئەڭ ئىسىل نەسىللىرىمىزنى قوغلاپ چىقىرىش" قا تايىنىپ نوپۇسىمىزنى ئازايتىش؛ ياكى بولمىسا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتىنمۇ قاچماي زېمىن بىلەن نوپۇس پەرقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش. بۇ ئىككىنچى ئۇسۇل، تەڭرىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تەبىئى ئۇسۇلدۇر".

گيوبېلس، ئەسلىدە قىزىللار ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايماقانچىلىق تېرىيدىغانلىقىدىن بەكلا ئۈمىد كۈتكەن ئىدى. ئەمما يىغىن باشتىن ئاخىرى تىپ-تىنىچ ئۆتىدۇ. ھەتتا ئەڭ مۇھىم گېزىتلارمۇ بۇ قېتىمقى نۇتۇق ھەققىدە بىرەر باھادا بولماي جىمىپ كېتىدۇ. پارتىيىنى خەلق ئاممىسىنىڭ نەزىرىدە تۇتۇش مەقسىتىدە ئارىدىن 3 كۈن ئۆتمەي، گيوبېلس "ھەربىلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر جەمئىيىتى يىغىن زالى" دا يەنە بىر قېتىملىق مىتىنگ تەشكىللەيدۇ. بۇ يىغىلىش ئۈچۈن ئۇ كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىدا تەتۈر شوئاردىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ("جاپاكەش خەلقىم! بىزنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ياكوب گېردشىمىدمۇ؟ (雅各布•戈尔德施密特)" بۇ شوئارنى نەچچە مىڭ نۇسخا بەستۇرۇپ پۈتۈن بېرلىن شەھەرىگە چاپلىتىدۇ. گېردشىمىد (戈尔德施密特) دېگەن كىشى گېرمانىيىدىكى ئەڭ چوڭ بانكىرلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىشقان ئىدى. ئەسلىدە بۇ كىشى يىغىنغا قاتنىششقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، يىغىلىشقا ئاز قالغاندا، ئۇنىڭ شىركەت يىغىنىدىكىلەر قارار قوبۇل قىلىپ قاتناشمىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغا شەخسى كاتىپىنى يوللىسۇن دېگەن قارار ئېلىشىدۇ.

گېوببلس، مىتىنگتە ئىنتايىن نازاكەتلىك بىر شەكىلدە بانكىرنى قاتتىق مازاق قىلىپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاهقاھلىتىپ كۈلدۈرىۋېتىدۇ. "قارشى ئالىمىز! بىرلىنىلىق ئىشچىلار! — دەيدۇ ئۇ نۇتقىدا، — ياكوب گېردشىمىدنىڭ چىرايلىق قىز كاتىپى يىغىلىشىمىزغا قاتناشقىلى كەپتۇ! كاتىپ خانىم، مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈمنى خاتىرلەپ ئاۋارە بولماڭ. سىزنىڭ خوجايىنىڭىز ئەتىنىڭ گېزىتلىرىدىن نۇتقىمنى ئوقۇۋالالايدۇ." ئۇ قىلچە مەگىستىمگەن ھالدا "يەھۇدىي گېزىتلىرى" ۋە "مەتبۇئات ساھەسىدىكى يەھۇدىي كولۇپلىرى" ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىر جىدەل تېرىغۇچى چىقىپ ۋارقىرايدۇ: "سېنىڭمۇ ئۇلاردىن قېلىشقىدەك يېرىڭ يوق!" ۋارقىرىغان كىشى ياشانغان بىر پوپ بولۇپ، تىنماي گيوبېلسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تۇراتتى. ئاخىرى گيوبېلس بەرداشلىق بېرەلمەي، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشنى ئىشارەت قىلىدۇ. پوپ قاتتىق تاياق يەپ يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. گېزىت خەۋەرلىرىدە يارىلانغا كىشىنىڭ كاتولىك دىنىدىكى "ئاق چاشلىق كىشلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر پوپ ئىكەنلىكى يېزىلىدۇ (ئەسلىدە، ئۇ بىر زابوي ئىدى. ئۇنى سەھنىدىن ھەيدەپ چۈشۈرىۋەتكەن شۇ ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇمۇ كېيىنچە ئاكتىپ ناتسىستلاردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ). بۇ ئىش جامائەتنىڭ غەزىۋىنى قوزغىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساقچى ئىدارىسى بۇ ئىش سەۋەبىدىن

www.pdaiy.biz

بويرۇق چۈشۈرۈپ بېرلىندىكى ناتسىستلار پارتىيىسىنى قانۇنسىز پارتىيە دەپ ئېلان قىلىدۇ.

بۇ چەكلىمە گيوببېلسىنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقتىدا ئۇ يەنە "چەكلىگىنىڭلار بىلەن بىز يەنىلا ھاياتتا" دېگەندەك شۇئارلاردىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. پارتىيە تەشكىلى ھەرىكىتىنى يەر ئاستىغا كۆچۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئامالسىز قالغان گيوببېلس، "تىنىچ كۆل"، "چىرايلىق دوپ دەرىخى"، "1927-يىلقى پىيادىلار پولكى" دېگەندەك بالىلارچە ساددا پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەشكىلاتنى نىقاپلاشقا تىرىشىدۇ.

ساقچى دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ ناتسىستلارنى پروسسىيە تەۋەسىدە ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىشىنى چەكلايدىغان باشقا بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىدۇ.

گيوببېلس بۇنىڭلىق بىلەن ھوجۇقۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ ژورنال نەشرى قىلىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭغا «زەربە» دېگەن نامنى بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق بايرىمىنى خاتىرلەش كۈنىدە بۇ ژۇرنالنى نەشرىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما رىياللىق ئۇنىڭ خىياللىرى بىلەن پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ. ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدىن باشلاپلا ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ ژۇرنال چىقىرىشى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. "بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق

ئۆلكه ژۇرنىلى" دەپ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ. "پۈتۈنلەي جۆيلۈپتۇ بۇ ژۇرنال!" دېيىشىدۇ كىشىلەر. مۇشتىرى بولغان پارتىيىلىك سانىمۇ نەچچە يۈزدىن ئاشمىغان بولۇپ، گېزىت بوتكىلىرىدا ئارانلا بىر نەچچە نۇسخا سېتىلىش بىلەنلا توختاپ قالىدۇ. ئەمما گيوبېلس ئۆزىنىڭ ئاساسى ئوييىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كومپارتىيە گېزىتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن مەزمۇنىنى كۆچۈرۈۋېلىپ يۈرۈپ بۇ ژۇرنالنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ.

گيوبېلس بىلەن ستراسسېر ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا قاتتىق مۇنازىرە قوزغىۋېتىشى بېرلىن مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ. بۇ ئىشلار ئىيۇل (ئەرەن) ئاخىرلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ميونخېن يىللىق قۇرۇلتىيى ئۈچۈن رىيالىزىملىق مۇھىتقا ئىگە قىلىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ بېرىدۇ. پارتىيىنىڭ شەھەرلەردىكى تەرەققىياتى كىشىنى بەكلا ئۈمىتسىزلەندۈرەتتى. ھىتلېر يىغىنىدا بۇ تۈردىكى كىرىزىس ھەققىدە گەپ قىلماي ئەگىتىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئاساسلىق نىشانىنى ھېچ كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاقلاشقا ئۇرۇنمايدىغان بۈرگېربراۋدىكى يەھۇدىيلارنى قارىلاشقا قارىتىپ سۆزلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشىغا ھىتلېر گويا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم باشقا بىر ئىشى باردەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا

www.pdaly.biz

مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىغا ئىرقچىلىق ئىدىيىسى بىلەن گېرمانىيىنىڭ كېلەچىكى شەرقتىن تۇپراق ئىگەللەش دېگەن ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قايتا ـ قايتىلاپ تىرىشماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دارۋىنىزملىق تەبىئەت قانۇنىيىتى بولغان كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ تۈگىتىدۇ دەيدىغان پەرىزىنى تەكرار ـ تەكرار تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى.

نيۇرېنبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيىنىڭ 3 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇراسىمىدا ئۇ بۇ پىروگراممىسىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتەرگەن ئىدى. 8500 نەپەر فورمىلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 20 مىڭدەك پارتىيە ئەزاسى، بۇ قېدىمى شەھەرگە يۇپۇرلۇپ كېلىدۇ. باشقا ۋاقىتلارغا ئوخشاش يىغىن مەيدانى ئالاھىدە داغ ـ دۇغىلىق كۆرۈنۈشكە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەربىي مارش ئوركىستراسېر ھەمرالىقىدا، يىغىن قاتناشقۇچىلار بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ تەرتىپلىك قەدەملەر بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. 21 ـ ئاۋغۇست (چايان) يەكشەنبە (يالچىق، پازار) كۈنى، يەنى تەبىرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ھىتلېر ھاياتلىق ماكانى چۈشەنچىسىنى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن باغلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇتقى بەكلا مۇجمەل بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنداق باغلاشتۇرۇپ دېگەنلىرىنىڭ تېگىدە نېمە غەرەزنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھىتلېر، نېمىس

www.pidaw.biz

خەلقىنىڭ تېخىمۇ كەڭرى ھاياتلىق ماكانى تەلىۋىدە بولىۋاتقانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتتىدۇ؛ ئاندىن ئۇ ھوقۇق، پەقەت ھوقۇقلا يېڭى تۇپراقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ دەپ كۆرسەتتىدۇ. ئەمما ئۇ، گېرمانىيە ئۈچ تۈرلۈك قورقۇنۇچلۇق كۈچلەر تەرىپىدىن ھوقۇق ئاملى تارتىپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئېيتىدۇ. بۇ كۈچلەر ئىنتېرناتسىيونالىزم، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىق ئەقىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. كەيىندىنلا بۇ ئۈچ خىل ئاملنى ئىرقچىلىق قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ئىنتېرناتسىيونالىزم، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا يەھۇدىيلار ئىجاد قىلغان ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ھاياتلىق ماكانى نەزەرىيىسى بىلەن يەھۇدىيچىلىقنى بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ يېڭى قاراش جەھەتتىكى سىستېمىسىز ئىزدىنىشى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە ئازلا قالغان ئىدى.

ھىتلېر ھېلىغىچىلا زېيتىش (在提埃希) كوچىسىدىكى شۇ كىچىك ئۆيدە تۇراتتى. گەرچە، گېرمانىيىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك بەزى ئائىلىلەردە، ھىتلېر گويا قەھرىمانغا ئوخشاش قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتىۋېلىناتتا بولسىمۇ، تۇرمۇش ئۆلچىمىنى يەنىلا شۇ بۇرۇنقى قەلەندەرلەر تۇرمۇش سەۋىيىسى بويىچە ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. خۇلۇم-قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بار

بولغان بىر قانچە كۆڭلىكى بىلەن بىر قانچە پايپېقىنىمۇ باشقىلار بىلەن تەڭ ئىشلىتەرمىش. بۇ ئاددى ئۆيدە ھىتلېر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كەمبەغەل ياكى باي چوقۇنغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كەڭ قۇرساقلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى ھىتلېرغا ساداقەتلىك بولىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ كۈچلۈك قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشى، ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ مۇئامىلە قىلىشى ھەمدە ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىمۇ سىياسى ئۆتكۈرلۈكىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتقان. شۇ يىلى كۈزدە خامبۇرگدا بىر قېتىملىق سۆزلىگەن نۇتقىدا، يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئېرپوت كلىپوس (埃尔伯特•克列普斯)ھىتلېرنىڭ قەتئىي تۈردە تېزىسكە قاراپ سۆزلەيدىغانلىقىنى، ئۇ تېزىسلىرىدا مۇھىم سۆزلەرنى يېزىۋالىدىغانلىقىنى سەزگەن. ھەتتا ئادەتتە مۇنداقلا ئاغزىدىن چىقىرىپ قويغاندەك بىلىنگەن سۆزلەرنىمۇ ئالدىن يېزىپ تەييارلىۋالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ھىتلېر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك، بولۇپمۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ دەپ يۈرگىنىدەك نۇتقىنى تەييارلىق قىلماي ئۇدۇللۇق سۆزلەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇق تېزىسلىرى بەكلا رەتلىك يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئۇنۇم

قازىنىشىنى، بۇنداق ئۇنۇمنى قانداق قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان بىرسى ئىدى. كلېپوس(克列普斯) ، ھىتلېر ئوچۇق مەيدانلاردا ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى سىناق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، فيۇرېر قەلبىدە چوڭ پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. “ھىتلېر كونا سۆزلەردىن پايدىلىنىشتىن ساقلانغان، يېڭى سۆز ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىشلەتكەندىلا خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا بولىدىغانلىقىنى بەكلا ئېنىق بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەقىقەتەنمۇ رىغبەتلەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، پىكىرلىرىنى ئوخشىمىغان سىياسىي غايىلاردىكى كىشىلەرگىمۇ قوبۇل قىلدۇرالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ھامبۇرگدا تۇنجى قېتىم ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، قىسقىغىنە بىر سائەت ئىچىدىلا گۇمان بىلەن قارايدىغان ياكى ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالغان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىمۇ ئالقىشلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋەتەلىگەن ئىدى. بۇنداق ئالقىش سادالىرى بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغىنىدا ئالقىش سادالىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ. كېيىن، كالللىسى ئەڭ سەگەك ھېسابلىنىدىغان مىتىنىگ قاتناشقۇچىلىرىمۇ، گەرچە ھىتلېرغا ۋە ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىگە يەنىلا قارشى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، روشەنكى، ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق كىشىلەرگە مەرھەمەتلىك بىرسى بولۇپ چىقاتتى”.

ھىتلېرمۇ ئادەتتىكى نېمىسلارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى قانداق قىلىپ قاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى تىنماي ئۆگىنىپ

تۇراتتى. ئۇ بۇگۈن مىيونخېن قوزغىلىڭى دەۋرىدىكى كىشىلەرنى قورقىتىپ يۈرىدىغان ئىنقىلابچى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىدىكى ئەسەبىلەردىنمۇ ھېسابلانمايتتى. ئۇ ئەندى پۈتۈن زېھنى بىلەن ۋەتىنىنىڭ بەختىيارلىقى ئۈچۈن ئىزدىنىپ يۈرگەن بىر رەھىمدىل ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بىلەلمىگىنى، "ئۇنىڭ تىلىغا كەلتۈرگەن رەھىمدىل سۆزلىرى" بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئەسلىدە ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە كۆرۈلگەن ئەڭ ئاكتىپ پروگراممىا نىقاپلىرى ئىدى. بۇ پروگرامما ئەسلىدە كەلگۈسىدە ياۋروپا خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ئۇ ياكى بۇ شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر پروگرامما ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېر بېرلىنغا كېلىپ قىسقا مۇددەتلىك تۇرۇپ، ئۆزى بىۋاستە گيوبېلس بىلەن ستراسسېر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى ھەل قىلدۇ. ئوتتو ستراسسېرنىڭ دېيىشى بويىچە، ھىتلېر ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن تالاش-تارتىشلارنى توختىتىشلار دەپ تەلەپ قىلىدۇ. "ئۇنداقتا بۇنى سەن ئۆزەڭ بېرىپ گيوبېلسقا ئېيتقىن، ئەسلىدە ھەممىلا ئىشتا ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ يۈرگەن كىشى دەل ئۇنىڭ ئۆزى" دەيدۇ ئۇ قىلچە تەپ تارتماستىن. ئوتتونىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ھىتلېرغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. فيۇرېر، گرېگورغا ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزى مەخسۇس بۇ يەرگە

كەلگەن ئىدى. ئۇنى پارتىيىگە قايتۇرۇپ كېلىشتىن باشقا، فيۇرېر يەنە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۇقىرى ۋەزىپىنى ئۆستىگە ئېلىشنى ئېيتماقچى ئىدى. باۋارىيىدە تۇنجى قېتىم ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئۆزى، يەنى گرېگور، ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە سەھنىدە كۆرۈنگەن ئىدى؛ ئەڭ ئاخىرقى يىللىق يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان كىشىمۇ يەنە شۇ گرېگور ئىدى. ئىنىسى ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ ھوقۇقى نىسبەتەن خەتەرلىك بىر باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئاكىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىلى ئۇنىمىغان ئىدى. "قوي بۇنى، ــ دەيدۇ ئىنىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ــ ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ھەرگىز بىر داھى ھېسابلانمايدۇ. ئۇ پەقەت خەلق سەھنىسىدە قارشى ئېلىنىپ كېلىنگەن بىر ئادەم. ئۇنىڭغا يەنىلا تاقابىل تۇرالىشىمىز مۇمكىن." ھىتلېر شاش بىر ئاتقىلا ئوخشايدۇ. "ئۇنىڭ بىزنى يېقىتىپ تاشلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، ئۇنى تېزگىنلەپ يۈرىشىمىز، ئۇنى توغرا يولغا قاراپ يېتەكلەپ يۈرىشىمىز كېرەك".

ئەمما ئوتتو ئۇنداق قارىمايتتى. يەنى ئۇنىڭ قارىشىدا ھىتلېر ھەرگىزمۇ شاش بىر ئات ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ بىر يولۋاسنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. "ئەگەر ئۇ سېنى يېقىتىپلا ئالدىمۇ ـ بولدى، ئۇ سېنى مەڭگۈلۈككە ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ." ئىنىسىنىڭ بۇ گېپىگە گرېگور قارشى چىقىپ، ئۇ فيۇرېرلىكنى ياخشى بىجىرىپ كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ھىتلېر بەرىبىر "يۇمشاق كۆڭۈل بىر ئادەم، ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، ھەم ساداقەتلىك ھەم يۇۋاش. سەن

ئۇنىڭ مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇ ھەر دائىم: گرېگور، يەنە سېنىڭ توغرا چىقتى، ئەگەر سەن بولمىساڭ مەن نېمىگىمۇ ئوخشاپ قالارمەن دەيسەن؟ دەيدۇ. سېنىڭچە ئۇ ستراسسېرغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ”

## (6)

ـ 1927 يىلى يىل ئاخىرسىغا كەلگەندە، كۆرۈنۈشتە ھىتلېر كىشىلەر ئۈستىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغىنىدا ئايرىم ـ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا قالماي، كۆللېكتىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى. پارتىيىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىدە، روشەنكى، ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەقسەتنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلىش ئىدى. يەنى بەزى نەرسىلەرنى ئۇ ئېنىق كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسا، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بۇنى كۆرەلمىگەنلىكىنى سېزەلەيمىز. مەسىلەن، كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغاپ پارتىيىنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىشتىن ئاۋال، ئۇ چوقۇم بەزى خەلق ئاممىسىنىڭ دەرھال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ ئاساستا قايتىدىن ئىشچىلار بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھىمايىسىنى قوزغايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم بولغان يەنە بىر ئىش، ئۇ يەنە مەلۇم بىر ئېنىق دۇنيا قاراشنى يېتەكچى قىلىشقىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇنى

www.pdfdaily.biz

شۇندىن بىر يىل كېيىن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؛ ئەمما ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلار ئاساسەن ئاردىن ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇنداق ھادىسىلەر نىيويۇرك شەھىرىدىكى ۋولت سترىت (华尔) كوچىسىدا يۈز بېرىدۇ.

يېڭى يىلمۇ كېلىپ قالىدۇ، بېرلىندىكى پارتىيىنى چەكلەشمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. كەينىدىنلا گېوبېلسنىڭ سىياسىي قابىلىيىتى نامايەن بولۇپ، پات يېقىندا باشلىنىدىغان پارلامېنت چوڭ سايلىمىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ زور غالىبىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنى ئىشچىلار بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مىللىي سوتسىيالىزمچىلار بىلەن سوتسىيالىزمچىلاردىن ئارىدىكى تالاش-تارتىشلارغا خاتىمە بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ چاقىرىق قىلىدۇ. “مىللەتچى سوتسىيالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئىككىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ئۇقۇملاردىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار بىر-بىرىگە قارشى تۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىدىكەن، ئۇلار چوقۇم يوقۇلۇپ كېتىدۇ؛ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغىنىدىلا ئىنقىلاب قىلالايدۇ، ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدۇ”.

20-ماي (ئارسلان) كۈنىدىكى مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلام، گېوبېلس ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر غالىبىيەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇ پارلامېنتقا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئەمما فيۇرېر ئۈچۈن بولسا بىر مەغلۇبىيەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى پارتىيە ئارانلا 11 نەپەر

ۋەكىللىك ئورنىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا ناتسىستلار 100 مىڭ ئاۋاز بىلەن ئىككى دېپوتات ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ زىيانغا ھەرگىزمۇ ھىتلېر سەۋەبچى بولغان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك ياخشى تەشكىللەنمىگەنلىكتىنمۇ كۆرۈشكە بولمايتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىقتىسادى ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، ھەل قىلغۇچ بىر ۋەقە كۆرۈلمەسلىكىدىن بولغان ئىدى. بۇندىن كېيىن "ۋېرساي شەرتنامىسى" بىلەن "نويابىر (ئوغلاق) جىنايەتچىلىرى" نى تىلغا ئېلىشقا تايىنىپلا سايلىغۇچى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىياسى ئەربابلار ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردىلا بەزى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى پەرق قىلالىشى مۇمكىن. سايلام كۈنى ئاخشىمى مىيونخېن پارتىيە مەركىزىگە يىغىلىپ سىياسى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلىقىنى تەبرىكلىمەكچى بولغان ناتسىست غوللۇق ئۇنسۇرلىرى مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرۈپ پۈتۈنلەي روھى چۈشۈپ كېتىدۇ. سايلام خۇلاسە رەقەملىرىنى ئالاقچى ۋېلىسپىتلىق كېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئىدى.

ھىتلېر يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئۇ بۇ رەقەملەرنى كۆرۈپ روھى چۈشۈپ كەتكەنلەرگە ئېتىۋار قىلماي، ھىمايىچىلىرىغا كۈچلۈك مەنتىقىلىق، ھەتتا پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بىر نۇتۇق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىۋېتىدۇ. پىشقەدەم سىياسىيونلار ئەسلىدە داھىلىرىدىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ روھى ھالىتىگە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىك بىلەن

تولغان بىر نۇتۇق ئاڭلايمىز، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ھىتلېر قالغان ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسى بولغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇكەممەل نەتىجىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ھىتلېر بۇ ئىككى پارتىيە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىنى ھەرگىزمۇ كىچىك بىر نەتىجە دەپ قارىمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇنى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپمۇ ھېسابلىمايدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھىتلېر بۇ ئىككى “دۈشمىنى” گېرمانىيە مۆتىدىل ئوتتۇر يول پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلغانلىق دەپ مەدىھىلەپ، غەلىتىرەك بىلىنىسىمۇ يەنىلا بەكلا خۇرسەن بولغاندەك قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھىتلېر سەپداشلىرىنىڭ ئەكسىچە، سىياسى ئىستىقباللىنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئومۇمى سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولغان بېرچتېسگادېنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئاخىرى ئوبېرسالزبېرگ (奥伯萨尔茨贝格 Obersalzberg) تا مېنىڭ ئۆيۈم دەيدىغان بىر ماكانغا — “ۋاچېنفېلد ئۆيى” (Wachenfeld Haus 瓦申费尔德) دېگەن تۇرار جايغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ ئۆي ئاددى بىر سەرا ئۆيى بولۇپ، يوقىرى باۋارىيە تاغلىق رايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ پاسونىدىكى بىر ئۆي ئىدى: ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپى تاختاي كارىدورلۇق بولۇپ، ئۆگزىسى بوران ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ ياپىلاق تاشلار بىلەن تاختاي ئۆگزە باستۇرۇلغان ئىدى. ئۇ، بۇ ئۆيىنى دەسلەپتە

www.pidaiy.biz

كۆرگىنىدە "ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەپتۇن بولغان ئىدى. تەلىيىگە ئۇنىڭ خوجايىنى (مەلۇم بىر سانائەتچىنىڭ مىراسخورى) بىر پارتىيىلىك ناتسىست بولۇپ، ئايلىق ئۆي ئىجارىسى ئارانلا 100 مارك ئىدى. "مەن دەرھال ۋىيېننادىكى ھەدەمگە تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭدىن كېلىپ بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم." ئانگېلا ئىككى قىزى پرۆھۇل (Pröhl 费莱德尔) بىلەن ئانگېلا مارىيە (安吉拉•玛丽亚)نى ئېلىپ دەرھال يېتىپ كەلدى. ئانگېلا مارىيە، يەنە بىر ئىسمى گېلى بەكلا شوخ، سۇس قوڭۇر چاچلىق بىر قىز بولۇپ، 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىدى. "ئۇ قىز ئۇنچىۋالا چىرايلىق بىر قىز ھېسابلانمايتتى. ـ دەيدۇ سەل بۇرۇن ھېس بىلەن توي قىلغان ئىلىسې پولور ئەسلىمىسىدە، ـــ ئەمما ئۇ قىزدا راستىنلا ۋىيېننا قىزلىرىدا بولىدىغان داڭلىق جەلىپ قىلىش كۈچى بار بىر قىز ئىدى." كىشىلەرنىڭ كۆرۈنىشىدىن قۇسۇر تاپىمەن دەپلا يۈرىدىغان بىر قانچە كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە خانفىستانگىلمۇ بار ئىدى) بۇ قىز توغرىلىق "قىلچە ئەقلى بولمىغان، ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپلا يۈرىدىغان كىچىك بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭدا نە بىر ئەقىل بار، نە بىرخاراكتېر. ئۇنىڭدا بار بولغىنى پەقەتلا ئاددى دىدەكلەردەك قوپال كۆرۈنۈشلۈك ياشلىق باھىرىلا بار ئىدى" دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما ھېلېنىيە خانفىستانگىل غا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر گېلىگە ئامراق ئىدى. ھېلېنىيەنىڭ قارىشىچە، ئۇ قىز "بەكلا جىددى، بەكلا ئەستايىدىل ياخشى قىز" بولۇپ،

ھەرگىزمۇ ھېسسىياتچان، نازۇك يۈرەكلىك بىرسى ئەمەس ئىدى. فوتوگرافچى خوفمان، "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ساددا ۋە گۈزەل قىياپىتى، بىغەم مىجەزى ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالەتتى" دەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ قىزى بولغان ھېنرىتتا (亨利埃特 Henrietta)بولسا، ئۇنى "قوپال، راس بىلەن يالغاننى ئايرىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان، گەپ تالىشىشقا ئامراق بىرسى" دەپ قارايتتى. شۇنداق دەپ تۇرۇقلۇق يەنە "كىشىنى ھەۋەسلەندۈرگىدەك ئۇماق" بولغان گېلى فيۇرېرنىڭ بىردىن-بىر ئامرىقى ئىكەنلىكىگىمۇ قەتئىي ئىشىنەتتى. "ئەگەر گېلى سۇ ئۈزمەكچى بولىدىكەن، ھىتلېر بۇنى ھەرقانداق يىغىندىنمۇ مۇھىم ئىش ھېسابلايتتى. بىز بىرلىكتە يىمەكلىكلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان سىۋەتنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا كېتەتتۇق." ئەمما گېلىمۇ ھىتلېرنى سۇغا چۆمۈلۈشكە ماقۇل قىلالمايتتى. "ھەر قانداق بىر سىياسىيون سۇ ئۈزۈش كۆلىدە قىپ يالىڭاچ رەسىمگە تارتىلىشنى خالىمايدۇ" دەيتتى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 19 ياش پەرقى بار بولۇپ، فيۇرېرنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى مىچ لىت (米茨•莱特) بىلەن تەڭ دېگىدەك ياشتا ئىدى. مىچنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن يىلى يازدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى بەكلا غەلىتە بولۇپ، كىر ئېسىش ئاغامچىسىنىڭ بىر ئۇچىنى ئىشىككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى بويىنىغا باغلاپ بوغۇلۇپ ئۆلمەكچى بولغان. ئۇ

ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىن قېينى ئاكىسى (ھەدىسىنىڭ يولدىشى) كىرىپ ئۇنى قۇتقۇزىۋالغان ئىكەن.

گېلى بىلەن ئىنتايىن ئېھتىياتلىق بىلەن ئۆينىغان جىگدە چېچىكى ئويىۇنى جەريانىدا (ھېچقاچان جىنسى مۇناسىۋەت دەرىجىسىگىچە كەلمىگەن بولىشى مۇمكىن) قىزغانغان تەرەپ گېلى ئەمەس بەلكى ھىتلېر ئىدى. بىر كۈنىسى ھېس خانىم ئەسلەپ كېلىپ، گېلى كېيىنكى قېتىملىق "كىيىم مودىسى" تەلۋىلىك قىلىش مۇراسىمىدا كىيمەكچى بولغان كىيىمىنىڭ پاسونىنى ھىتلېرغا سىزىپ كۆرسىتىدۇ. "بۇنداق بىر كىيىمنى كەيگىنىڭدىن كۆرە قىپ ـ يالىڭاچ بولۇپ مۇراسىمغا كىرگىنىڭ ياخشىراق" دەيدۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىيىم شەكلىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ كىيىم پاسونىنى كۆرگەن قىز، ھىتلېردىنمۇ بەكرەك ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال رەسىمنى ئېلىپ سىرتقا قاراپ يۈگرەپ ئىشىكتىن چىقىپ ئىشىكنى جالاققىدە ئېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر قاتتىق مەيۈسلىنىدۇ. يېرىم سائەتتە ۋاقىت ئۆتىشى بىلەن قىزنى ئىستەپ ئۇمۇ سىرتقا چىقىدۇ.

يېڭى كىتابىنىڭ نەشرىدىن چىقىشى بۇ تۈر مۇھەببەتلىك ھاياتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلىغان بولىدۇ. بۇ كىتاب ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسى چۈشەنچىلىرى بىلەن كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىدى. مۇنداق قارىماققا، بۇ

كىتابتا ئېنىق بىرەر سىستېما كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇنىڭ سەزگۈلىرى بەكلا تەرتىپلىك دېيىشكە بولاتتى؛ ئۆتكەن 4 يىل مابەينىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى بىلەن سۆھبەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇنداق بىر ئىدىيىگە كېلىش ئۈچۈن ئۆز قەلبىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا هارماي-تالماي بىر يول ئېچىپ چىققان.

ماكس ئامانغا يازغانلىرىدىكى باشتىكى بىر قانچە قۇر سۆزلەردىن قارىغاندا ("سىياسەت دېگەن شەكىللىنىش جەريانىنىڭ بىر تارىخىدۇر" دېگىنىدىن قارىغاندا)، روشەنكى، ئۇ چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك يولىغا كىرگەن دېيىش مۇمكىن. هىتلېر بۇ كىتاۋىدا چىقارغان مۇهىم بىر خۇلاسە شۇكى، دارۋىنىدىن ئالغان چۈشەنچىلەر بەلكىم تۇغرا چۈشەنچىلەر بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ قاراشلار ئۇنى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن هاياتلىق ماكانى قاراشلىرىنى بىر-بىرسىگە زىچ باغلاشتۇرغانلىقىنى كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. "هاياتلىق ماكانىنىڭ چەكلىمىسى كىشىلەرنى هاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇرلاپ كەلمەكتە؛ شۇڭغا قارىماي هاياتلىق ماكانى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۆمۈرلۈك كۈرەش جەريانى يەنە كېلىپ تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى هېسابلىنىدۇ." نەتىجە شۇكى، هەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ تىنجىمايدىغان بىر كۈرەش روي بېرىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ غالىبىيىتى پەقەتلا كەسكىن، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزىنى ئىرقى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن ۋە قېنىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان مىللەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر ئۆلچەم تۆۋەنلىتىلىدىغانلا بولىدىكەن، ئېسىل

قان بىلەن ناچار قان ئارلاشتۇرۇلىدىغانلا بولىدىكەن، يوقۇلۇشمۇ بوسۇغىدا دېگەنلىكتۇر. "ئۇ چاغدا، يەھۇدىيلار ھەر تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. بۇ ئىنتېرناتسيونالچى زەھەر تارقاتقۇچىلار ۋە چىرىتكۈچىلەر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ تۈردىكى مىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ چىرىتىپ تۈگىتىدۇ." مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ تۇنجى قېتىم ئەقىدىلىرى ھەققىدە بەرگەن تەپسىلى ئىزاھاتى، شۇنىڭدەك تۇنجى قېتىم ئىرقىنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە قانىنىڭ قىممىتىنى يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن يۇغۇرۇپ ئىپادىلىشى ئىدى.

ھىتلېر، «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا پەقەت يەھۇدىيلارنى دۇنيا خەلقىنىڭ دۈشمىنى دەپلا ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭدەك شەرققە يۈرۈش قىلىپ ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىشنىڭ غايىسىنى كۈچلۈك تۈردە بايان قىلىپ چىققان، خالاس. ئەندى ئۇ، يېڭى كىتابىدا ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىزچىل بىر يېڭى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (گەرچە بۇرمىلانغان تىنچلىق قىزغىنلىقى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ) تەييارلىق قىلغان. شۇنداقتىمۇ بۇ قاراشلىرىنى يېڭى كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىلا بايان قىلىپ پۈتتۈرەلىگەن. "مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ يەردە يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەمەس" دەيدۇ ئۇ سىناق نەزىرى بىلەن. يەھۇدىيلار "دا بىر تۈرلۈك تۇغما ئالاھىدىلىك بار بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان

www.pdfaly.biz

باشقا مىللەتلەرنى بىر ـ بىرسىدىن ئايرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.» ئۇلار ھەرگىزمۇ «بەلگىلىك چېگرالىرى بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايرىم دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر مىللەت ئەمەس. يەھۇدىيلار ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىپ ئەمەس بەلكى تەييارتاپ بولۇپ ياشايدىغان بىر خەلق، دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىنمۇ شىددەتلىك تىللاردا نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇ تۆۋەندىكى يىغىنچاق بىر پىكىرگە كەلگەن. «ھەر قانداق بىر مىللەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش تۇغما قىزغىنلىق بولىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ قىزغىنلىقتىن ھەرىكەت كۈچى ئالىدۇ. بۇنداق قىزغىنلىق شۇ مىللەتنىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پوتېنسىيال ئېنېرگىيىسى ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس».

قىرىق يېرى، ھىتلېر بۇ تۆردىكى ئۇرۇش پۇرىقى بولمىغان سۆزلەردىن ئىزچىل تۆردە پايدىلىنىدۇ. ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلارمۇ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆلۈم ـ كۆرۈم كۈرىشى جەريانىدا باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەنە شۇ ئىچكى ئىستەكنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئۇلاردىن تۈپكى پەرقى، يەھۇدىيلارنىڭ مەقسەتلىرى باشقا، دەپ قارايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە ھىتلېر گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ. «يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى بارلىق مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇشقا تايىنىپ دۇنيانى مىللەتسىزلەشتۈرۈش، ئالى دەرىجىلىك مىللەتلەرنىڭ ئىرق سەۋىيىسىنى تۆۋەنلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر مىللەتنىڭ زىيالىلار قاتلىمىنى يوقۇتۇپ

تاشلاش، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورنىنى سۈپەتسىز كىشىلەر ئورۇقى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ زاغۇن مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىدىگە يېتىشنى كۆزلەيدۇ.” بۇ تۆردىكى ئوخشىمىغان نىشانلار بويىچە (نىسبەتەن سوغۇققان تىل بىلەن ئىپادىلىگەن) يەھۇدىيلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەھدىت ھالىغا كەلمەكتە، دەپ قارايدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى دۇنيانى بوي سۇندۇرۇش بولغانىكەن، ئۇ ھالدا ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرىشىنى ھەرگىزمۇ نۇقۇل گېرمانىيە ئۈچۈنلا قانات يايدۇرىلىدىغان كۈرەش دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇ كۈرەش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەنپەتىنى كۆزلىگەن بىر كۈرەش دېيىش كېرەك دەيدىغان بىر ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ.

1928-يىلى يازدا، ھىتلېر ئاخىرى شۇنى تونۇپ يېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئەڭ زوررۇر بولۇپ تۇرىۋاتقان چۈشەنچىسى، يەنى يەھۇدىيلاردىن كېلىدىغان خەۋپ بىلەن گېرمانىيىنىڭ نىسبەتەن كەڭرى ھاياتلىق ماكانى ئېھتىياجى، ئەسلىدە بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈلىشى زوررۇر بولغان ئىدى. ئەگەر ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىكەن، ئىمپېرىيە يىمىرىلىپ يوقۇلىدۇ؛ ئەگەر يەھۇدىي تەھدىتى يوق قىلىنمايدىكەن، ھاياتلىق ماكانى ئۈچۈن كۈرەشتىن، مەدەنىيەتتىنمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا مىللەتمۇ چىرىپ يوقىلىدىكەن.

بەلكىم ھىتلېرنىڭ ئاخىرقى چېكى مانا بۇ نوقتىنى ئۆلچەم قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىشى ئېھتىمال. بۇ يەنە كېلىپ ھىتلېرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ جەۋھەر قىسمى ھېسابلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر شەرقتە يېڭى ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش، دەيدىغان قوش ۋەزىپىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇرۇن بىر-بىرسىدىن ئايرىم، شۇنىڭدەك تەڭ باراۋەر ئېلىپ بېرىشمۇ پىلانلانمىغان بۇ ئىككى تۈرلۈك يول، ئەندىلىكتە پۈتۈنلەشتۈرۈلۈپ بىرلا يول ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىش خۇددى ھىتلېرنىڭ بۇ بىر قانچە ئاي مابەينىدە ئوبېرسالزبېرگتىكى داچىسىدا كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى چوققىغا ئوخشايتتى: بۇ ئىككى تاغ چوققىسىغا بىرلا ۋاقىتتا چىقىشنى خىيال قىلغان بولسا، ئەندىلىكتە ئۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، بۇ ئىككى چوققىغا بارىدىغان يول ئەسلىدە بىرلا يول ئىدى! ئەندى ئۇ بۇنداق بىر پارلاق يولنى كۆرەلىگەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى دەۋلەردىكى يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇستازلىرىدىن مارتىن لۇتېر ( Martin 马丁•路德 Luther) قاتارلىقلار بولسا يەھۇدىيلارنى يوقۇتايلى دەپ ئېغىزىدىلا دەپ قويىشاتتى. بۈگۈنكى كۈندە قولىدا كەلگۈسى يول خەرىتىسى بولغان ھىتلېر، ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. يەنى خامېنىدىنمۇ ئۆلۈغ بىر قىرغىنچىغا ئايلىنىش خىيالىدا ئىدى!

ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ نەشرى قىلىشنى چەكلىۋەتكەن بۇ يېڭى كىتابى، كېيىنچە "ھىتلېرنىڭ مەخپى ئەسىرى" دەپ ئاتىلىپ،

ھىتلېرنىڭ ئۆلۈمىدىن 32 يىل كېيىن تۇنجى قېتىم نەشرى قىلىنىدۇ. بەلكىم، بۇ كىتاۋنى بەكلا سىرلىق كۆرۈپ، چوقۇنغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارىسا كېرەك. مۇرەككەب چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈن بۇ كىتاب يەنە بەكلا ئاشكارە يېزىلغان دەپ قارىسا كېرەك؛ ياكى بولمىسا بۇ كىتابنىڭ قۇرلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان كەڭ كۆلەمدە يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى يۈرگۈزۈش پىلانىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىسا كېرەك. بۇ كىتابنىڭ قۇرلىرى ئارىسىدىن يەنە پەس ئىرق ئىنسانلىرىنى يوقۇتۇش ئېھتىمالىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنىمۇ ئۇچرۇتۇش مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ پۈتۈن بەتلىرى مەقسەتنى ئاشكارىلايدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان، دەپ قارايدىغانلار، "يەھۇدىيلار خەلقئارالىق زەھەر تارقىتىشنىڭ ۋە ئىرقلارنى چىرىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستىلىرى" دەپ قارىشىدىكى سەۋەب بەلكىم، "جىنايى تىنچلىقپەرۋەرلىك زەھەرلىك سۇيۇقلۇق قىغى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا جاسارەت كۆرسىتىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلىمەكچى" دېگەننى تەرغىپ قىلىدىغان كىشىلەر بولىشى مۇمكىن. ئۇ يەنە روسىيەمۇ "ۋىرۇس" يېتىشتۈرمەكتە دەپ قارىغان. ئۇ، گېرمانىيىدىكى قىستا-قىستاڭ ئىشچىلار رايونى (ھاياتلىق ماكانىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىمىش) "دۆلەت بەدىنىدىكى بىر يىرىڭلىق ئۆسمە"، "قان بۇلغىنىشى بىلەن ئىرق سۈپىتىنىڭ ناچارلاشتۇرۇشىنىڭ، ئىرق سۈپىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈشىنىڭ ئۇۋىسى. شۇنداق بولغاچقا بۇ تۈر يىرىڭلىق ئۆسمىلەرنىڭ

www.pidaily.biz

مەركىزىدە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىرق قۇرتلىرى كۆپىيىپ يېتىلمەكتە، ئۇلار ئاخىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا” دەپ قارىغان.

كىتابتا يەھۇدىيلارنىڭ زەھەر تارقىتىپ چىرىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىق ۋەھىمىسى، ئىككى يەردە شەخسىيىتىگە زەربە بېرىش شەكلىدە كۆرۈلمەكتە. ئۇ، 1918-يىلى ئىمزالانغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغان رەزىل ئېرزبېرگېر (埃尔兹伯格 Matthias Erzberger) نى خاتا ھالدا “يەھۇدىي خوجايىن بىلەن قىز دىدەكتىن تۇغۇلغان ھارامزەدە” دەپ قارىغان. بەلكىم ئۇ، ئېرزبېرگېرنىڭ ئاتىسىنى دېمەكچى بولسا كېرەك. “ئەگەر بىرسىدە راك ئۆسمىسى پەيدا بولغان، ھەمدە ئۆلىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ بولغان بولسا، ئۇنى ئاپاراتسىيە قىلغاننىڭمۇ پايدىسى يوق. چۈنكى بۇنداق ئاپاراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى بەكلا تۆۋەن.” دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ يېزىشىدا، چوقۇم كۆڭلىدە ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن.

ھىتلېر، بەلكىم ئاتىسىنىڭ قىسمەن يەھۇدىي قېنى ئارىلىشىپ قالغان بىرسى بولۇش ئېھتىمالىدىن قورقىشىدىن (بۇمۇ بەلكىم ئۇنىڭ بالا تېپىشتىن قېچىشىغا سەۋەپ بولغان ئامىللاردىن بىرى بولىشىمۇ مۇمكىن)، ئاپىسىنىڭ ئېچىنىشلىق بىر شەكىلدە راك كېسىلىدىن ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ ئازابلاپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ نەپرىتىنى ۋە ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك

www.pdfdaily.biz

يەنە ئاپسىنى داۋالىغان يەھۇدىي دوختۇرغا بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىمۇ، يەنى ئۇنىڭ ماقۇللىقى ئاستىدا ئۇ دوختۇر يودىدتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قالدۇرۇپ داۋالىغانلىقىمۇ، "ھىتلېرنىڭ مەخپىي ئەسىرى" گە سىڭدۇرۇلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىۋاستە بىرىپ بىر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىغا كۆرۈنگەن. بۇمۇ كىتاۋنى سىر تۇتۇشىغا بىر سەۋەپ بولۇپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھىتلېر، مىيونخېندىكى بىر پارتىيىلىكنى، يەنى ئالفېرد شۋېنىنگېر (阿尔弗莱德•施文宁格 Alfred Schwenninger) دوختۇرنى تېپىپ كېلىپ، كاللىسىدىكى "راك كېسىلى قورقۇنچىسى" نى چىقىرىپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلغان. بىز بۈگۈن بۇ ۋەقەنى ئىسپاتلايدىغان داۋالاش خاتىرىسىنى تاپالمىدۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ھىتلېردىكى جىنايەت ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدىغان روھىي ھالىتىنى يوقۇتۇپ، كېيىنكى ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داۋالاش ئېلىپ بېرىشىنىڭ قىممەتلىك پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئۇ دوختۇر بەرىبىر ھىتلېردىكى راك كېسىلىدىن قورقۇش ھېسسىياتىنىمۇ يوق قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، راك كېسىلىدىن قورقۇش ھېسسىياتى بىلەن يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش دەيدىغان بۇ ئىدىيە، ھىتلېرغا ئۆمۈرنىڭ ئاخىرغىچە ھەمرا بولىدۇ.

توققۇزىنچى باب

# تۇققىنىنىڭ ئۆلۈمى

1928~1931

## (1)

ھىتلېرنىڭ يېڭى كۆزقاراشلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى دەسلەپتە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بېرلىندا، جوسېف گيوببېلس يېقىن كۈنلەردىكى سايلام رىقابىتىدە يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى پارتىيىنى قايتا گۇللەندۈرۈش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلدۇ. 1928 ـ يىلى يازدا، «ھۇجۇم» دا كەينى كەينىدىن ئۈچ پارچە ماقالە يېزىپ سولچىلارنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن ئىشچىلارغا ياخشىچاق بولماقچى بولىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا كومپارتىيە تىلىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇنداق دەيدۇ: كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئىشچىلارنى "تىرىك ئادەم دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ياراتقۇچى كۈچ بولۇشتىن مەھرۇم، ئىجادىي قابىلىيىتىنى يوقاتقان بىر خەلق

هالىغا كەلتۈرۈلگەن. يەنى ئۇلار بىر ماشىنىغا، جەدۋەلدىكى رەت نومۇرلىرىغا، ھېسسىيات ياكى غايە دېگەننى بىلمەيدىغان زاۋۇد ماشىنىلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇلغان.” ئىشچىلارنى پەقەت مىللىي سوتسىيالىزملا ئابرويغا، ئىناۋەتكە ئىگە قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇ تۈر نۇتۇقلىرىغە تايىنىپ گېوبېلس ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ستراسسېرنىڭ شىمالدىكى ئىشچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان مۇھىم ئادەملىك رولىنىڭ ئورنىغا ئۆتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، روشەنكى، فيۇرېر ئۈچۈنمۇ سىياسىي رىقابەتچىدىن بىرىنى يوقۇتۇپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېرمۇ گېوبېلسىنىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقان سوتسىيالىزم يولىنى ماقۇللاپ، «ھۇجۇم» ژورنىلىنى يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ باش مۇھەررىرنى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بىيروسىنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ھىتلېر، سىياسەت جەھەتتە كىشىلەرنى بەكلا ئاسان كەچۈرىۋېتىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرسى ئىدى. ئەگەر بۇرۇنقى رىقابەتچىلىرى تۆۋە قىلىپ ئۆزگەرگىدەكلا بولىدىكەن، فيۇرېر ئۇلارنى ھەتتا مۇكاپاتلاشقىمۇ تەييار ئىدى. مەسئولىيەتنى كاپىتال ئورنىدا پايدىلىنىش، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. ھىتلېر، گرېگور ستراسسېرنىڭ مىللىي سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش پىلانىنى تارمار كەلتۈرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى پارتىيىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ.

www.pidaiy.biz

ستراسسېرمۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تېزگىنلەش هوقۇقىنى ئوڭۇشلۇق تۇردە بىر يەرگە توپلاپ، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ هوقۇقلۇق ئادەملىرىدىن بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ يەنە گېيوبېلس بىلەن بىرگە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، يىل ئاخىرىغا كەلگىچە پارتىيە ئەزا سانىنى كۆپەيتىپ يۈز مىڭ كىشىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

هىتلېر، شىمالدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ تۇردىكى نەتىجىلەرنى تېخىمۇ مۇستەهكەملەش ئۈچۈن 1928 ـ يىلى 16 ـ نويابىر (ئوغلاق) دا بېرلىنغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ستادىيومدا مىللەت ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى هەققىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. قىزىللارنىڭ مىتىنگ مەيدانىنى قالايماقان قىلىش ئېهتىمالىنى كۆزدە تۇتقان هىتلېر، ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوغدىغۇچى ئەترىتى، يەنى پارتىيە گۇۋاردىيىسى تاللانغان ياشلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ ياشلارنىڭ يېشى 18 بىلەن 20 ياش ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسىلا فيۇرېرنى جان تىكىپ قوغدايدىغان يىگىتلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پارتىيە گۇۋاردىيە قوشۇنى، يەنى قىسقارتىپ ئېس ـ ئېسچىلار ( S S ) دەپ ئاتىشىدۇ. ستادىيومغا ئون مىڭدەك ئادەم يىغىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى هىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىنى نەق مەيدا ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەر ئىدى. يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىكروفون جاهازلىرىدا كاشىلا كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن دەسلەپتە هىتلېرنىڭ سۆزلىرى دېگەندەك تەسىر قوزغىيالمايدۇ. ئالايلۇق، زالنىڭ كەينى

تەرىپىدە تۇرغان ئەنگلىيىلىك مۇخبىر سېفتون دېلمېر (塞夫顿•德尔默Sefton Delmer) ھىتلېرنىڭ نېمە دەپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ئاڭلىيالمايدۇ. بۇ مۇخبىر، ھىتلېرنىڭ نېمىسلارغا ئاپلىسىن يىمەسلىكى توغرىلىق تەۋسىيە قىلىۋاتقانلىقىنىلا ئاڭقىرالايدۇ. ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە "بۇ ئادەم نەق تەلۋىنىڭ ئۆزى" دېگەن سۆزنى يېزىپ بولۇپلا زالدىن ئايرىلىدۇ. كاناي ئاۋازىنىڭ غىچىلدىشى قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك بولغاچقا، ھىتلېر ئامال يوق مىكروفوننى ئېتىپ قويۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىدۇ. بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ۋارقىراشلىرىنى تىنجىتىپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى پۈتۈنلەي تېزگىننى ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. "ئەگەر كىمدە-كىم نېمىس خەلقى ئالدىدا مۇشتۇمىنى ئوينىتىشقا ئۇرۇنىدىكەن، بىز ئۇ كىشىنى مەجبۇرى تۈردە ئۆز قېرىنداشلىرىمىز سېپىغا قوشىۋالىمىز" دەيدۇ ھىتلېر. شۇنىڭغا ئۇلاپلا مىللىي چۈشكۈنلىشىش دېگەن بۇ رەزىللىك ھەققىدە توختىلىدۇ. "ئۇلۇغ بىر دۆلەت مىللىتىنىڭ سۈپىتى چۈشۈش دولقۇنى رەسمىي باشلاندى. ئۇنىڭ قېنىلا ئەمەس، ھەتتا مەدەنىيىتى بىلەن ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ زەنگلىشىشى تېزلىكتە كۈچىيىپ بارماقتا. دۇنيا سۈپەتسىز ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. كىشىلىك قىممەتلەر تۆۋەنلەشكە باشلىدى؛ ئادەتتىكى قاراشلار كۆرۈنەرلىك شەكىلدە ئۇلۇغ داھىلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە

www.bilday.biz

باشلىدى. كىمنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولسا ئۇنى تەڭرى دەپ تونۇيدىغان خاھىش يامراپ كەتتى".

ھىتلېر بوغۇزىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىر سائەتتىن بېرى ئۇ كۆچەپ ۋاقىراپ سۆزلىگەچكە، ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. "تۇرغان يېرىدە يېقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى." شۇڭا ئۇ دەرھال نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. "بىز سان ئۈستۈنلۈكى دېگەننى قوبۇل قىلمايمىز، بىز ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمايمىز؛ بىز، سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمەتنى قولغا ئېلىشىنىلا تەرغىب قىلىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىمىز. سايلامغا قاتنىشىپ ئاۋاز بېرىش بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ھېچ قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. بۇنداقلاردىن ئارىمىزدىلا يۈزمىڭلارچە ئادەم بار. ئەمما داھىدىن ئىبارەت بىرلا كىشىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يۈز مىڭ كىشىمۇ شۇنى بىلىدۇكى، دېموكراتىيە دېگەن نەرسە ئەسلىدە پۈتۈنلەي ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس." بۇ دېگەنلىرى كىشىلەرنى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالىدۇ. "ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا، — دەيدۇ گېۋبېلس بۇ قېتىمقى نۇتقىنى باھالاپ كېلىپ، — ئۇنىڭ سۆزلىرى ماگنىتنىڭ تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتقىنىدەك رول ئويناپ، بارلىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ كەتتى. كىشىلەر بىر بولسا ئۇنىڭ دوستىغا ئايلاندى ياكى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە. ... ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى،

ئۇ مىللى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە، ۋە شۇ ئارقىلىق گېرمانىيىگە بولغان قىزغىن ساداقەتكە ئىشىنەتتى".

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدە ستۇدېنتلار بىلەن ئۆتكەزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا، ئامېرىكىلىق مۇخبىر لۇيىس روسىنا (路易斯•罗兹纳) مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەھۋالنى ھېس قىلىدۇ. "مېنىڭ ھىتلېرغا قارىتا تۇنجى قېتىملىق تەسىراتىم، ئۇنىڭ ئىنتايىن پاراسەتلىك بىر ناتىق ئىكەنلىكى ئىدى. سىنىئالغۇ ئاپاراتى ئۇنىڭغا توغرىلانغىنىدا، خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپارات يوقتەك ئۇنىڭ كەينىدىن سوگدۇشۇپلا يۈرگەن رۇدولف ھېس بىلەن ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىشىپ ئولتارغان قىياپىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلدىم. ئاپاراتنىڭ تارتىشىغا ماسلىشىپ خۇددى بېرىلىپ نۇتۇق تېزىسى يېزىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىپ قەلىمىنى ئوينىتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق رول ئوينىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇستىلىق ئىدى. — دەيدۇ ھىتلېرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان روسىنا (罗兹纳)، ھىتلېرنىڭ ياش ئېتىقاتچىلىرىمۇ خۇددى ھۇشىسىزلانغاندەك ئۇنىڭ گېپىنى بىرىلىپ تىڭشايتتى. — يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا كۆڭلۈمگە مۇنداق پىكىرلەر كەلدى: بۇ ئادەمنىڭ نۇتۇقلىرى ئۇنچىۋالامۇ مۇكەممەل ھېسابلىنىپ كەتمەيدىكەن. ئۇ ھە دىسىلا تىنماي كۆپتۈرۈپ چوڭ گەپ قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ گەپلىرى مەردانە ۋە جوشقۇن، شۇنىڭدەك مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەيدىكەن.

ھەيرانمەن، ئۇ، بۇ ياش زىيالىلارنى قانداقلارچىسىغا ئۆزگە شۇنچە بەك قارىتىۋالىدى؟ مېنىڭچە بولغاندا، بۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن چوقۇم بىرلىرى ئۇنىڭ مەنتىقە جەھەتتىكى ئېغىر كامچىلىقلىرىنى سېزەلىگەن بولىشى كېرەك".

ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىدىن مەس بولۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان بۇ ياش زىيالىلار ئارىسىدا ئالبېرت سپېر ( 埃尔伯特•斯卑尔 Albert Speer) دەيدىغان بىرسىمۇ بار ئىدى. بۇ ياش سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىششىنى بەكمۇ خالاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرۇشى بىلەن ئىلاجىسىز قاتنىشىپ قالغان ئىدى. سپېر، ھىتلېرنى بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ھەربىچە كىيىنىپ بىلىكىگە كرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقاپ كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. "ئەمما ئۇ ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، رەسمى بىر مۇتىۋەر قىياپىتىدە ياسىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق دېگەنلىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدىكى، بۇ ئادەم كىشىگە كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان، شۇنىڭدەك كەمتەر ۋە يېقىملىق بىرسى ئىكەن." سپېر ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ خۇددى بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس سۆزلىگىنىدەك دېگەندەك راۋان ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇنچىۋالامۇ جەسسۇر ئەمەسلىكىنى پەرق قىلىدۇ. "مېنىڭچە، ئۇنىڭدا بەزى جەلىپ قىلارلىق نوقتىلارمۇ يوق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېيىشكە

www.pidaw.biz

بولمايدىكەن. مەسىلەن ئۇنىڭ ئۆكتىچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىكى ھىتلېر بىر ھىستېرىيە خاراكتېرىدىكى كۆشكۆرتكۈچى بىرسى، نۇتۇق سۆزلىسە ۋارقىراپ-جارقىراپ، قول پۇتلىرىمۇ جىم تۇرماي ھەركەتلىنىپ سۆزلەپ كېتىدىغان ئەسەبىي ھەربىي ئادەم، نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلاردىن ياڭرىغان ئالقىش سادالىرىدىن ئۇنىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىدىغان بىرسى، دېگەنلىرى بىر ھېسابتا راستتەكمۇ قىلىدۇ." ھىتلېرنىڭ قورقۇنچاقلىق مىجەزى يوقالغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇتقى كىشىلەرنى جەلىپ قىلىپ قايىل قىلىشچانلىقىمۇ ئارتىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىدۇ. سېپىرمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ۋۇجۇدى ھاياجاندىن قىزىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلاپ، ھىتلېرنىڭ نۇتقى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. "شۇندىن كېيىن، مېنىڭدىكى بارلىق گۇمان ۋە قاراشلار پاك-پاكىزە تازىلىنىپ كەتتى" دەيدۇ سپىر.

# (2)

ئەگەر پارتىيىنىڭ ئىش ئۆنۈمى يوقىرى كۆتۈرۈلمىگىنىدە، ھىتلېرنىڭ ئۇسلۇبلىرىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلىشى ناتايىن ئىدى. سىرتتىن قارىماققا، 1929-يىلى نيۇرېنبېرگ پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن باشلاپ پارتىيە قايتىدىن ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قۇرۇلتاي، يەنە كېلىپ فيۇرېر ۋە ئۇنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنىڭ ھېسسى جەھەتتىكى بىر ئىسپاتى

دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىجرائىيە يىغىنلىرىدا پارتىيە تەشكىللىرىنى يەنىلا تېزگىنلەش زۆرۈرلىكىنىمۇ كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە ھىتلېر ستۇدېنتلار بىلەن بۇرجۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئادەملىرىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا قوبۇل قىلىش ئۇسۇللىرىغا تايىنىپ، گېرمانىيە ئوتتۇرا بۇرجۇئازىيىسىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك شەكىلدە رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. گېببېلس بىلەن ستراسسېر تەرغىپ قىلىۋاتقان ئىشچىلار سىنىپىنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيەتلىرىگىمۇ يول قويۇش بىلەن بىرگە، ھىتلېر ئاساسىي زېھنىنى پىشقەدەم ئەسكەرلەر بىلەن كاپىتالىست- سودىگەرلەر ئۈستىگە يىغىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ تەختكە چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق. يەنى ئۇ ئاشكارە تۈردە رادىكال مىللەتچى كونا ھەربىيلەر بىلەن، يەنى مىس قالپاقلىقلار پولكى بىلەن ئوڭچىل گېرمانىيە مىللەتچى خەلق پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، گېرمانىيە كىنوچىلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىق ساھەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بولغان ئالفرېد خۇگېنبېرگ (Alfred Hugenberg 阿尔弗雷德•胡根贝格) بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ سېخىلىق بىلەن ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشكە دائىر يېڭى لايىھىسىنى (يەنى “ياشلار پىلانى” نى) قوبۇل قىلىشقا قارشى چىقىدۇ. مۇنداق قارىماققا ھىتلېرنىڭ ماڭغان بۇ ئۇرۇقى سولچىلارنىڭ بارلىق يېڭى

ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش يولىغا باشلاپ كېتىدىغانىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپلا قالماي، پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان "ياشلار پىلانى" نى ماقۇللاش ھەققىدىكى ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش كۈنلىرىدە ئۇتۇق قازىنىشنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمىنىڭ توغرا بىر ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى.

بۇ جەرياندا، ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى سانائەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئورناتقان بۇ ھەمكارلىق "نىكاسى" دىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادى مەنپەئەتلەردىنمۇ بەھرىمەن بولۇشقا باشلايدۇ. ھىتلېر بولىۋىنا (布里恩纳) كوچىسىدىن ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانى، يەنى "بارلوۋ ساراي ( Barlow 巴洛宫 (Palace" نى سېتىۋېلىپ، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك باش شتابى قىلىدۇ؛ سىنتەبىر (ياچاق) باشلىرىدا، ئۇ جاپاكەش راھىپلاردەك ياشايدىغان ئۆيىدىن ئىسار (Isar 伊撒) دەريا بويىدىكى مىيونخېننىڭ ئەڭ مودا مەھەللىسىگە كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيىدە جەمئى 9 ئېغىز خانا بار بولۇپ، پۈتۈن ئىككىنچى قەۋەتنى ئىگەللەيتتى. بۇ ئۆي پرۇسىرىگىنتېن (普令茨雷根坦 )مەيدانى 16 ـ نومۇرلۇق ئادرىستا ئىدى. ئۇ يەنە تېيىش (堤埃希) كوچىسىدىكى ئۆي خوجايىنى لېيشىت (赖舍特)خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى داشىس (达希斯) خانىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەدىسى ئانگېلا بولسا بىرچىتىسگادىندىكى ئۆيگە قاراپ قالغان ئىدى (ئەندى ئۇ، بۇ ئۆي-جاينىڭ مۇلۈكدارىغا ئايلانغان ئىدى)، ئەمما ئۇ، قىزى گېلىنى "ئادولف" تاغىسىنىڭ يېڭى ئۆيىدە تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ (بۇ قىزىمۇ 21 ياشلىق بىر قىزغا ئايلانغان بولۇپ، مىيونخېندا مىدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇيتتى). ھىتلېرنىڭ گېلىغا بولغان مېھرى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، مۇناسىۋىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا تاغىلىق رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇچۇق-ئاشكارە ئىشپەش تارتىپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلاتتى. بەزىدە ئۇ ئىككىسى ئاشكارە ھالدا تىياتىرخانىلاردا ياكى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خوك (赫克)رېستۇرانتىدا كۆزگە چېلىقىپمۇ قالاتتى. ھىتلېر بۇ رېستۇرانت، ئاخشاملىرى دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ تۇرىدىغان بىر يەر ئىدى.

خانفىستانگىلنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر گېلىغا شۇنچە بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، "ھەر دائىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوگدىشىپلا يۈرەتتى، كۆزلىرىدىن ئاشىق ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى رەسمى ئاشىق بولۇپ قالغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى." خانفشتانگىلمۇ ھىتلېرنى كۈشكۈرتۈپ قىز بىلەن بىرگە سودا سارايلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە ئۈندەپ تۇراتتى. ھىتلېر خوفمانغا ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەپ دەرد تۆككەن: "مەن گېلىنىڭ بىردەم قالپاقلارنى، بىردەم ئاياقلارنى كىيىپ سىناق قىلىشىدىن، قاتلام-قاتلام

رەختلەرنى تاللىشىدىن زېرىكتىم. ئۇ يەنە ئايال پىركازچىكلار بىلەن يېرىم سائەتتەك رەسمى مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كېلىپ، كۆڭلۈمگە ياقمىدى دەپ، دۇكاندىن قۇرۇق قول قايتىپ چىقىدۇ.» ھىتلېر ھەر قېتىم سودا قىلغىلى چىققىنىدا چوقۇم مۇشۇنداق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا «ھەر قېتىم يۇۋاش قوزىدەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى.» شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ھىتلېر يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن چىڭ تۇتىدىغان تاغا ھېسابلىناتتى. ئۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا شوخ، جىم تۇرمايدىغان قىزنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەتلىرىنى رېستوران بىلەن مېھمانخانا، پىۋىخانا ئارىسىدىلا چەكلەپ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ تىياتىر كۆرۈشىگىمۇ يول قوياتتى. بۇ قىزنىڭ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرۇشى نەتىجىسىدە بەزىدە ئۇنىڭ تۆۋەن قىلىش مۇراسىم كۈنى ئۇسسۇل ئويىنىشىغىمۇ ماقۇل بولاتتى. ئەمما بۇنىڭمۇ قاتتىق شەرتى بار ئىدى: ئۇ چوقۇم مېكس ئامان بىلەن خوفمان ئىككىسىنىڭ ھەمرالىقىدا بېرىشى، چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، يەنى كەچ سائەت 11 دىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشى شەرت ئىدى. خوفمان ئۇنى جىكىلەپ، بۇ چەكلىمىلەر قىزنى بەكلا خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ئەمما فيۇرېر جاۋابەن، مېنىڭ بۇ جىيەن قىزىمنى چىڭ تۇتۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەيتتى. «مەن گېلىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋېلىشىممۇ مۇمكىن.» دەيدۇ-يۇ، يەنە ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماسلىققا ئىرادە باغلىدىم دەپمۇ يۈرەتتى. ئۇ يەنە گېلىنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ئۇنى چىڭ

تۇتۇپ باشقۇرۇشۇم چەكلىگەنلىك بولۇپ بىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ قىلغىنىم ئەڭ ئاقىلانە ئىش. "مەن ئۇنى خەتەرلىك كىشىلەرنىڭ، ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىشىم كېرەك".

جىنسىي مۇناسىۋەتلەردە ھىنتلېر ھەرگىزمۇ ئۇنچە ئاسان قولغا چۈرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بىرسىمۇ ھېسابلانمايتتى. بۇنى ھېنرىك خوفماننىڭ 17 ياشلىق قىزىنى سۆيۈپ قوياي دېگىنىدە رەت قىلىنىشىدىنلا كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. بىر كۈنى، ھىتلېر ئۆيدە يالغۇز ھىنرىتىت (亨利埃特) نىڭلا بارلىقىنى سېزىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن "سېنى سۆيۈپ قويغىم بار" دەيدۇ. ئادەتتە ئۇ بۇ قىزغا سىزلەپ گەپ قىلاتتى. ئەمما ئۇ كۈنى ئۇنى سەنلەپلا سۆزلەپ كېتىدۇ ("مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. — دەيدۇ قىز، — ئۇ ھەر دائىم ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. مەن دادامدىن بىرەر نەرسە سورىماقچى بولسام، مەسىلەن چوپىلاتوپ ئېلىش ئۈچۈن ياكى مۇز تېيىلىشقا بېرىش ئۈچۈن پۇل سورىماقچى بولغىنىمدا ھىتلېر ھەر دائىم مېنىڭ تەرىپىمدە تۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ... ئەمما ئۇنى سۆيۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەس). شۇڭا ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۇنى رەت قىلىدۇ. ھىتلېر بىر ئاز جىمىپ قالغاندىن كېيىن، قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئالقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

تېخىمۇ قىزىق يېرى، ئۇنىڭ 17 ياشلىق يەنە بىر قىز بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرىشى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئېۋا براۋن

(爱娃•勃劳恩) بولۇپ، خوفماننىڭ رەسىمخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇتقۇچى، ئاپىسى بولسا بىر چېركاۋ خادىمى ئىدى. ئۇ قىزمۇ خۇددى گېلىغا ئوخشاش مودا بىر قىز بولۇپ، ئىنتايىن شوخ، يېقىملىق، تەنتەربىيىچىدەكلا ھەرىكەتچان بىر قىز بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر مۇزىكىلىرىدىن ئوپېرالارنى، ئامېرىكا كومېدىيە مۇزىكىلىرىدىن (凯撒) بىلەن (韦迭金特) ئوپېرالىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ گېلىدىن پەرق قىلىدىغان يېرى، سەل سىمىز، چىرايلىق چاچلىرىنىڭ بولىشى ئىدى. "بۇ قىز سىنىپىمىزدىكى قالايىماقانچىلىق چىقىرىپلا يۈرىدىغان بىر قىز بولۇپ، راستىنى دېسەم، سىنىپتا ئۇنىڭدىن ھەممە باللار قورقاتتى. — دەيدۇ ۋون ھېيدنابېر (冯•海德纳贝) خانىم (ئۇ بىر ئوقۇتقۇچى) ئەسلىمىسىدە، — ئەمما ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق قىز بولۇپ، دەرسنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى تېزلا ئىگەللىۋالاتتى، شۇنىڭدەك مۇستەقىل پىكىر قىلىشقىمۇ ماھىر ئىدى".

ئۇ ئىككىسى ئۆكتەبىر (ئوغۇز) نىڭ باشلىرى بىر جۇما (سەۋەت، ئازنا) كۈنى چۈشتىن كېيىن تونۇشقان. گۈگۈم ۋاقتىدا ئېۋا ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ئاللىمۇ قاچان ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي، رەسىمخانىدا رەسىملەرنى رەتلەش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتاتتى. ئېۋا شۇتىغا چىقىۋېلىپ ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالبۇملارنى ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. "دەل شۇ پەيتتە خوجايىن كىرىپ كەلدى، — دەيدۇ ئېۋا سىڭلىسىغا، — ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئەر كىشىمۇ بىرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ

كىشىنىڭ بۇرنى بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇچىسىغا ئوچۇق رەڭلىك ئېنگىلىز پاسونى پەلتو كىيىۋالغان، قولىدا يوغان بىر قالپاق بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇدۇلىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشتى.
— يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ پاچىقىغا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، — ئۇ كۈنى مەن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەكلىرىنى قىسقارتىۋالغان كۈنۈم ئىدى. ئەتەك قىرلىرىنى بەك تەكشى كېسەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ سەل خىجىللىق ھېس قىلماقتا ئىدىم".

ئېۋا شۇتىدىن پەسكە چۈشكەن ۋاقتىدا خوفمان ئۇنى يېڭى مېھمانغا تونۇشتۇردى: "ۋولف ئەپەندى، بۇ قىز بىزنىڭ ئوبدان قىزىمىز ئېۋا خانىم بولىدۇ." ئاردىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار ئۈچىسى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچكەچ قېيزىغا ئېغىز تىگىشىدۇ. "قۇرسىقىم بەكلا ئېچىپ كېتىپتىكەن، شۇڭا قېيزىنى راسا ئىشتاھ بىلەن يېيىشكە كىرىشتىم. ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پىۋىگىمۇ ئازىراق ئېغىز تەككۈزدۈم. بايىقى يېشى چوڭىراق ئادەم مېنى ماختاپ كەتتى. بىز مۇزىكا ھەققىدە گەپ قىلىشتۇق. ئاندىن ستارتىس (斯达茨) تىياتىرخانىسىدا سەھنىگە چىققان يېڭى بىر تىياتىر ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئادەم خۇددى كۆزلىرى بىلەن مېنى يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك كۆزۈمگە تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى. كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، مەن ئالدىراشلىق بىلەن قايتماقچى بولدۇم. ئۇمۇ مېنى مېرسېدېس ماشىنىسى بىلەن ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي دېۋىدى، رەخمەت

ئېيتتىپ رەت قىلدىم. ئويلاپ باق، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان بولسا ئاتام نېمىلەرنى دەپ كېتەر ئىدى دەيسەن!" ئەمما ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغىنىدا خوفمان ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ "سەن ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرق قىلالمىدىڭمۇ؟ ئۇ ھىتلېر! ئادولف ھىتلېر دېگەن كىشى!" "ھە مۇنداق دەڭ!" دەيدۇ ئېۋامۇ جاۋابەن.

شۇندىن كېيىن ھىتلېر پات-پاتلا گۈل ياكى تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن رەسىمخانىغا كېلىپ "رەسىمخانىدىكى سۆيۈملۈك ئېۋا قىزى ھېساپلانغان ماڭا سوغات قىلىپ تۇرىدىغان بولدى." ئۇنىڭ بىلەن بەكلا كام سىرتقا چىقاتتى. كېيىن ئۇ كارتون () قەھۋىخانىسىغا بىرىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكىمۇ بارماس بولىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك شۇنۋابىن () غا كىنو كۆرۈشكىمۇ بارماس بولىۋالىدۇ. ئەمما يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ھىتلېر خوفماننىڭ رەسىمخانىسىغا كامدىن-كام بارىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم ئېۋانىڭ بىر قانچە كەسپدىشىغا پو ئېتىپ ھىتلېرغا ئاشنا بولغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىشى سەۋەب بولغان بولىشى مۇمكىن. خوفمانمۇ بۇ قىزنىڭ ھېچ قاچان ھىتلېرنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ باققان ئەمەسلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئېۋانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئۇچۇغدايدۇ. ئېۋا يىغلاپ تۇرۇپ باشقىلارغا يالغان سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى بويىنىغا ئالىدۇ. خوفمان ئۇنىڭغا تەھدىت قىلغان ھالدا، ئەگەر

يەنە مۇشۇنداق قالايماقان سۆزلەپ يۈرگىنىگىنى ئاڭلاپلا قالسام سېنى ئېشتىن بوشىتىمەن، دەپ قورقىتىدۇ.

## (3)

1929-يىلى يىل ئاخىرىسىدا گەرچە ئاۋاز بېلىتىنى ساناشتىن بۇرۇن باش مىنىستىر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، "ياشلار پىلانى" نىڭ ئومۇمى خەلق ماقۇللاش ئاۋاز نەتىجىسىدە، باش مىنىستىر ستراسمان (斯特勒斯曼) بىلەن مۆتىدىل پىلان غەلىبە قىلىدۇ. بۇ تەدبىرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھىتلىر بىلەن خوگېنبېرگنىڭ مىللەتچى خەلق پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاجىز ئىتتىپاق 21 مىليون ئاۋازغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما ئۇلار ئارانلا 6 مىليون ئاۋازغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەغلۇبىيەت خۇگېنبېرگ () ئۈچۈن ئەجەللىك مەغلۇبىيەت ھېسابلانسىمۇ، ھىتلىر بۇ مەغلوبىيەتنى ئۇستىلىق بىلەن بىر تۈرلۈك غالىبىيەتكە ئايلاندۇرىۋالىدۇ. ھىتلىر قايسى بىر ئىشتا مەغلۇبىيەتكە دۈچ كەلگەن ھەر قانداق بىر كىشىنى ھېچ قاچان قوللىمايتتى. شۇڭا ئۇ، خۇددى خۇگېنبېرگ () بىلەن بۇ تۈر ئىتتىپاقلىقنى قۇرغىنىنى چۈشەنگىلى بولمىغىنىدەك جىدەل چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقتىن ئايرىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ يۇشۇرۇن تۈردە كۈچ توپلاشقا كىرىشىپ (ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش جەريانىدا يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتلىرى ئۇنىڭ بۇنداق كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولغان ئىدى)، يېقىندا ئېلىپ

بىرلىدىغان مەملىكەتلىك سايلامغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا ئەتراپلىق ناتسىست كۈزەتكۈچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى ماركىز دابونىن (达伯农勋爵) ئەسلىمىسىنىڭ بىر ئىزاھاتىدا فيۇرېر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "1924 ـ يىلىدىن بېرى ھىتلېر كىشىلەر نەزىرىدە ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى." بېرلىن سىياسى مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئارنولد ئورفس (阿诺尔德•乌尔弗斯) بىلەن تارىخشۇناس ئارنولد توينبى (阿诺尔德•托恩比) ئىككىسى بۇ قاراشقا تولۇق قوشۇلاتتى.

ئەمما ھىتلېرنىڭ ئويلايدىغىنى غالىپ چىقىش بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئەگەر ئىشچىلارنى قايتىدىن ئۆز ھەرىكىتى ئەتراپىغا جەلپ قىلالىسىلا غەلىبە قىلىشتىن گۇمان قالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېر يېڭىچە كۈچلۈك تەشۋىقات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. 1930 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، قانۇن پاكۇلتېتىنىڭ بىر ستۇدېنتى بېرلىندا ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىتلېرغىمۇ پۇرسەت تۇغۇلغان ئىدى. بۇ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىسمى خوست ۋېسېر (霍斯特•韦塞尔) بولۇپ، ئەندىلا 21 ياشقا كىرگەن، ئاتىسى بىر پوپ ھەمدە قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ۋېسېر (韦塞尔) ئۆزىنىڭ بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىپ، سادىق قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئەزاسىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ستۇدېنت، قىزىللار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق كوچا جېدىلىدە

ئۆلگەن ئىدى. ئۇ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن بىر پارچە شېئىر يېزىپ «غەزەپ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، كېيىن يەنە بۇ شېئىرىغا ئاھاڭ تۈزۈپ چىققان ئىدى. خانفىشتانگىل مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ نوتا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋېيىننا قاۋاقلىرىدا چېلىنىدىغان مۇزىكىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى." ناخشىنىڭ تېكستى تەخمىنەن تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان،
لەۋلىرىمىز تېگىپ تۇرغان،
قەلبىمىز باغلانغان.

ۋىسېر (韦塞尔) بۇ نوتىسىنى "نازاكەتلىك مارش" ھالىغا كەلتۈرۈشتىن باشقا ئويى يوق ئىدى. بۇ شېئىر «بايرىقىمىز لەپىلدەيدۇ!» قاتارىدىكى قۇربان بولغان يولداشلىرىنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان، يەنى "قىزىل فرونت بىلەن ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قۇربان قىلىنغان" لارغا ئاتاپ يېزىلغان شېئىرلاردىن بىرى ئىدى. ۋىسېر (韦塞尔) كونا پاھىشە ئەينا (埃娜) غا قاتتىق ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان ئىدى. ئۆي خوجايىنى خانىم بۇ ئىككىسىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كوممۇنىستلارغا يالۋۇرىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئۇچۇم قىزىللار بۇ ئاشىق-مەشۇقلار تۇرغان ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېتەكچىسى نولغىنى، ئەينانىڭ يېقىن بىر دوستى ئىدى. ئۇ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ "بىز نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى بىلەمسەن!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ۋىسېرنى

www.pidaiy.biz

ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. كوممۇنىستلار بۇ رەھىمسىز ۋەقەدىن مەنپەتدار بولۇش ئۈچۈن ۋىسېرغا پاھىشە تونۇشتۇرىدىغان دەللال دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئەمما گيوبېلس بولسا ۋىسېرنى بىراقلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەيساسى دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇمۇ بىر يالغانچىلىق ئىدى. "بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن مېھرىبان ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلارغا ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئارىسىغا كېلىپ ياشاۋاتقان بىرسى ئىدى. — دەپ يازىدۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز رومانچى بولغان گيوبېلس، — ئۇ يەردە، پرولېتارلار ئاھالە رايونىدا، ئىجارىگە ئالغان كىچىك بىر بالكون قەۋىتىدە، بۇ ياش يىگىت ياشلىق باھىرىغا تولغان، ئاددىي تۇرمۇش يولىنى باشلىغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەيساسى ئىدى! نامراتلىقنىڭ كىشىلەر دىققىتىنى قوزغىماقچى بولغان بىر ئادەم ئىدى"!

سەكراتتا ياتقان ۋىسېر قايسى بىر دوختۇرخانىدا ياتقىنىدا، گيوبېلس بۇ تۈردىكى شەخسىي جىدەلنى سىياسىي سۈيىقەست دەپ ئۆزگەرتىپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ستادىيومدا ئۆتكۈزۈلگەن مىتىنگ ئاخىرلاشقىنىدا، ئۇ مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىنى ۋىسېرنىڭ يازغان شېئىرىنى ئېيتقۇزىدۇ: "رەڭلىك بايرىقىمىز لەپىلدەيدۇ، جەڭ ناغرا-سۇنايلىرى ياڭرايدۇ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر مارش تۇۋلايدۇ، ناخشىلار بىلەن گېرمانىيە ئىنقىلابىنى مەدھىلەيدۇ، بايراقلىرىنىڭ لەپىلدەشلىرىنى مەدھىلەيدۇ!" 23-فېۋرال (ئۇي)

دا، ۋىسېر ئاخىرى جان ئۈزىدۇ. “ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە. — دەپ يازىدۇ گېيوبېلس، — ئۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.” گېيوبېلس بۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋىسېر (韦塞尔) ئۈچۈن داغ-دۇغىلىق، ھەشەمەتلىك جانازا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مۇراسىمدا ھىتلېرنى بىر نۇتۇق سۆزلەتكۈزۈشنى پىلانلايدۇ. ئەمما بۇنىڭدەك چېكىدىن ئاشۇرۇپ تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىگە فيۇرېر بەك قىزىقمايتتى. گېورېڭمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش ئويلايتتى. ئۇ پارلامېنتتا دېپوتات بولۇپ سايلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىۋىتسىيىدىن زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنى داۋالىتىپ بولۇپ دەرھال گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، بېرلىن ۋەزىيىتى بەكلا جىددى، فيۇرېرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز قىيىنلىشىپ كەتتى، دەپ چىڭ تۇرۇپ تالىشىدۇ. خانفىشتانگىلنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، “ئەگەر دىققەت قىلىنمىسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن. ھەر نېمە دېگەن بىلەن پارلامېنتتىكى ئادەم سانىمىز ئارانلا 12 كىشى بولۇپ، بەكلا ئاجىز ئەھۋالدىمىز. بۇنچىلىك ئاز كۈچكە تايىنىپ بىرەر مەنپەتكە ئېرىشەلىشىمىز ئاسان ئەمەس. ئەگەر ھىتلېر بېرلىنغا كەلگىدەك بولىدىكەن، ئۇ ھالدا كومپارتىيە پادىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھىتلېر بۇقا قورقىتىدىغان بىر پارچە قىزىل لاتىلا بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىز ئۆستىمىزگە ئالالمايمىز.” دەپ قارايدىكەن .

ھىتلېر قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جانازا مۇراسىمى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۇقۇرقىدەك پەرەز قىلىشتا گېورىڭ خاتالاشمىغان ئىدى. لوزۇنكا ئېسىۋاتقانلار قىزىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ؛ جانازا قوشۇنى قىزىللار بىلەن ئۇرۇشىدىغان قوشۇن ھالىغا كەلگەن ئىدى. گېوبېلس قەۋرىنىڭ ئالدىدا غەرەزلىك بىلەن "خوست ۋىسېر"! (霍斯特•韦塞尔)دەپ چاقىرغىنىدا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر "بار!" دەپ جاۋاب بەرگەن ۋاقتىدا، تام ئارقىسىدىن ئېتىلغان تاشلار قەۋرە ئۈستىگە يېغىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىشتىن تەشۋىقات ماھىرى گېوبېلس ھەممىدىن بەك خوشال بولۇپ كېتىدۇ. "ئۆلۈك ساندۇقى يەرلىكىگە قويۇلىۋاتقىنىدا، — دەپ يازىدۇ گېوبېلس، — قىزىل لۈكچەكلەر قەۋرىستانلىق دەرۋازىسى سىرتىدا تۇرىۋېلىپ ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ ... ۋاپات بولغان يېقىنىمىز، يەنىلا بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرماقتا، ھارغىن قولىنى چىقىرىپ قاراڭغۇ بىر يەرلەردىن بىزگە ۋاقىرىماقتا: قەۋرەمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئالغا! گېرمانىيە دەل بۇ يولنىڭ ئۇچىدا"!

كىشىلەر بۇ گەپلەردىن ئادەتتىكى قىزىللار بىلەن ناتسىستلار ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى مەڭگۈ پەرەز قىلالمايتتى. ئۇلار گەرچە بىر-بىرسى بىلەن رەھىمسىزلەرچە سوقۇش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداقتۇ بىر ھېچ كىمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تۈرلۈك ھېسداشلىق تۇيغۇسىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىش

مۇمكىن. پىۋىخانىلاردا ياكى قاۋاقلاردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش-
جېدەللەر ساقچىلار تەرىپىدىن تۇسالغىنىدا، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ
ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغۇچىلىقى
يوق بىر ۋەقە ھېسابلىناتتى. ئىككىلا تەرەپ ئوخشاش بىر
ئىشنىڭ قىزغىنلىقى ئاستىدا ئىدى؛ ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەگەر
غايىمىز توغرىلا بولىدىكەن تۇتقان يولىمىزمۇ توغرا دەپ
ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا بىر-بىرىگە ئوخشاپ
كېتىدىغان سوتسىيالىزم غايىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر
ئىككىسىلا پارلامېنت تۈزۈمىگە ئۆچلۈك قىلاتتى. ئالدىنقى يىلقى
"بىرىنچى ماي" (ئارسلان) بايرىمىدا، ئۇلار ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ
بېرلىن كوچىلىرىدا بىرلىكتە نامايىش قىلىشقان، ھەر ئىككىلا
تەرەپ نامايىشچىلار قوشۇننى باستۇرۇشقا ئورتاق نارازىلىق
بىلدۈرگەن، شۇنىڭدەك "بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، بىزگە ئىش
كېرەك، بىزگە نان كېرەك!" دەپ بىرلىكتە شۇئار توۋلاشقان
ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇ يەھۇدىي
ساقچى باشلىقى بىنخارد ۋېس) (本哈德•维斯) گيوبېلس ئۇنى
"ئىسدور (伊西多尔) "دەپ ئاتىغان) قا ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ
ھەر ئىككىسىلا ساقچىلار "ئىسدور (伊西多尔) "نىڭ قوشۇنى،
بارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قارىشاتتى.

گيوبېلس، خوست ۋىسېر (霍斯特•韦塞尔) ۋەقەسىدىن
يېتەرلىك دەرىجىدە مەنپەئەت ئېلىۋالغىنىدىن كېيىنكى ئىككى
ئاي ئىچىدە، ھىتلېر بىلەن ئوتتو ستراسسېر ئوتتۇرسىدىكى
تالاش-تارتىش ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ستراسسېرنىڭ

www.pidaw.biz

ئىنىسى مىيونخېنغا بېرىپ پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالغىنىدىن بېرى، ئوتتومۇ گرېگور قۇرغان 3 گېزىتنىڭ ئەڭ مۇھىم باشماقالە يازغۇچىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار گەرچە مىللى سوتسىيالىزم پلاكاتىنى ئېسىۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوتتونىڭ داھىغا چوقۇنۇش قارىشىنى يوقۇتۇش مۇنازىرىسىنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇ قاراشلار يەنە كېلىپ ھىتلېرنىڭ قاراشلىرى بىلەن ھەر دائىم توقۇنۇش كېلىپ تۇرماقتا ئىدى. ئاپرېل (ئۇمۇت) ئېيىدا، ئوتتو ستراسسېر پۈتۈن كۈچى بىلەن ساكسونىيە مېتالچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرسىدىكى كۆزقاراش ئوخشىماسلىقى تەرەققى قىلىپ پەللىگە يەتكەن ئىدى. سانائەتچىلەر، مەسلەن بىرلەشمە پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىن فرىس دىسىن (弗里茨•狄森) ئېقىمدىكىلەر ئەگەر داۋاملىق ياردەم پۇلىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن ھىتلېردىن ستراسسېرنى قوغلاپ چىقىرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ.

دەسلىۋىدە، ھىتلېر تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ بىرەر پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزى بىۋاستە بېرلىنغا بېرىپ، ئۆز سالاھىتىنىڭ تەسىرىنى ئىشقا سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ ئىككىسى "سەنشۇشى مېھمانخانىسى" () دا ئىككى قېتىم كۆرۈشىدۇ. 7 سائەت ئىچىدە ھىتلېر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تەھدىت قىلىش، ئۆزىگە تارتىش، ئالداش قاتارىدىكى تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ كۆرگەن بولسىمۇ،

ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈش نەتىجىسىدە كۆزقاراشلىرىدىكى ئايرىمچىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىشقا يارىمايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋېلىپ بىر - بىرسىگە زادىلا يول قويۇشمايدۇ. ھىتلېر، ئوتتونى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بىيروسىنىڭ باشلىقى بولۇش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ستراسسېرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇ ئىككىسى بىرەر كېلىشىمگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ستراسسېر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر پارتىيىدىن دەرھال ئايرىلىپ چىقىپمۇ كەتمەيدۇ. "يەنىلا بەزى ئۈمىدلەر بار بولغاچقا، ھىتلېر مۇھاكىمىلەردىن تەسىرلىنىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس" دەپ قارىشاتتى. ھەتتا ھىتلېر "روسېنبېرگ يولى" دىن ۋاز كېچىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئۈمىدلەنمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە بۇ تۈردىكى بۆلۈنۈشنى ئاشكارە بىر ۋەقە ھالىغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشى پارتىيىنىڭ يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ساكسونىيە ئومۇمىي سايلىمىدىن غالىبىيەت بىلەن چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوتتو ستراسسېرغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، ئەندى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سوتسىيالىزمچىلىرى داۋاملىق ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە قالالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ھىتلېر بۇرۇن ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئۇ مۇسسولىنىنىڭ فاشىسىزم پىرىنسىپلىرىدىن پايدىلانماقچى ۋە كاپىتالىستلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلماقچى ئىدى. بۇ سۆھبەتتە يەنە ھىتلېر بۇ يېڭى

www.pidaily.biz

ئىدىيىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇجەسسەم ھالغا كەلتۈرۈشۈپتىپ "بۇ جەھەتتە تۈگىمەس ئىزاھاتلارنى بەرگىلى بولىدىغان بىر ئۇقۇم" غا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن سالاھىيىتىنى ئىشقا سېلىشتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنى تولۇق تېزگىنىگە ئېلىۋېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولغان ئىدى. ھىتلېر شۇنىمۇ ئىچىدە ھېس قىلماقتا ئىدىكى، ئەگەر مىللىي سوتسىيالىزم كونكرېتنى بىر پروگراممىا ھالىغا كەلگىدەك بولسا، ئۆزىنىڭ فيۇرېرلىق پىرىنسىپلىرىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ياش ستراسسېرنىڭ تەپ تارتماستىن ئاشكارە تۈردە ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالىشى، ھىتلېرنى راستىنلا كۆزگە ئىلمىغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئاپتوموبىلى بىلەن مېيونخېنغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، بۇ ھەقتە بىرەر باھادا بولمايلا قالماستىن ئۇنىڭغا ئاشكارە ھۇجۇم قىلىدىغان ھەرىكەتتىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئوتتوغا تەھدىتمۇ سالمايدۇ. گەرچە "بارلىق ئىشلار پۈتۈنلەي ماڭا قاراشلىق بولىشى كېرەك" دەپ قارىسىمۇ يەنىلا ئۇنداق ھەرىكەتلەردە بولمايدۇ. پەقەت گېبېلستا (خۇددى گرېگور ستراسسېرنىڭ قىلغىنىدەك) بېرلىندا ھېچقانداق بىر تالاش-تارتىش يۈز بەرمىدى، ئوتتو ئىككىمىز بىر پىكىرلىك بولىشىمىز ئۆزگەرمىدى" دەپلا خەۋەر بېرىپ قويىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ قىلغىنى، يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئاشكارە جازالاش ئەمەس، بەلكى ئوتتونى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى بىر-بىرلەپ پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ

گيوبېلسقا بىر پارچە يوشۇرۇن مەنبەلىك يولىيورۇق ئەۋەرتىپ، ئوتتو ستراسسېر بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى پارتىيىدىن تازىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. "پارتىيىگە پەقەت مەنىلا رەھبەرلىك قىلالايمەن. ـــ دەپ يازىدۇ ھىتلېر، "مەن مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسىنى تېگى ئاجىز بىلەرمەنلەر بىلەن سالونلاردىكى بولشېۋىكلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىر كلۇپ ھالىغا ئايلاندۇرۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن. پارتىيىمىز مەڭگۈگە ئىنتىزامچان بىر تەشكىلات بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىمىز ھەرگىزمۇ ئاخماقانە ساپ نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شوغۇللىنىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر تەشكىلات ئەمەس. شۇنىڭدەك ئەركىن سايراش يولغا قويۇلغان سىياسى جەمئىيەت شەكلىگىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. پارتىيىمىز، نېمىس خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر پارتىيە. ئەنە شۇ كۈنگە كەلگىنىدە، گېرمانىيىدە سىنىپلار ئوتتۇرسىدىكى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. يېڭى نېمىسلار ئۆز تەغدىرىنى قولىغا ئالغان بولىدۇ!" ھىتلېر، شۇ سەۋەپتىن گيوبېلسقا "بېرلىندىكى ئۇنداق ئۇنسۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماي پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىڭلار" دەپ يولىيورۇق بېرىدۇ. گيوبېلسمۇ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا ھىتلېرنىڭ تەلىماتىنى جايىغا كەلتۈرىدۇ. كېيىن، ستراسسېر بارلىق سوتسىيالىزمچىلارنى ئومۇمى يۈزلۈك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىش چاقىرىقىنى چىقىرىدۇ. ئەمما بۇ چاقىرىققا ئارانلا 24 نەپەر كىشى ئاۋاز قوشىدۇ. ھەتتا ئوتتونىڭ ئۆز ئىنىسىمۇ

سوتسىيالىستلارنىڭ ئۇپچە چېكىنىشىگە قارشى چىقىدۇ. گرىگور بىلەن يەنە ئىككى نەپەر سولچىل پارتىيە ئەزاسى بىرلىشىپ، "بىز ھىتلېرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا قەتئىي بوي سۇنىمىز" دەپ ئورتاق بايانات ئېلان قىلىدۇ. گرىگور يېقىنلىرىغا، مېنىڭ ئۇكام مەڭگۇ بىر قاچقۇن ئەسكەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇكامنىڭ پارتىيىدىن ئايرىلغانلىقى، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشكەنلىكى پۈتۈنلەي ئاخماقانىلىق، تەلۋىلىك قىلغانلىقى ئىدى" دەپ ئېيتقان.

ئوتتو ستراسسېرنىڭ ھىتلېردىن ئاشكارە ئايرىلىش ۋەقەسى، مەتبۇئات ساھەسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، پارتىيە ئىچىدە ھېچقانداق بىر سادا پەيدا قىلالمايدۇ. جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۆلۈنۈش كۈرىشى جەريانىدا ھىتلېر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياراشتۇرغۇچى رولىنى ئويناپ، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئىشتىنمۇ ئۇتۇغلۇق بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ئىنتايىن كەڭ قۇرساق پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇ گرىگور ستراسسېرنى پارتىيە ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەۋقەلەرگە كۆتۈرۈپ چىققان، ھەتتا ئوتتو شاھىتلار ئالدىدا ھىتلېرنى ئوسال قىلماقچى بولغىنىدىمۇ ئوتتۇردىكى زىدىيەتنى ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەرگە بۇ ئىشتا گويا ئوتتو ئۆزى پارتىيىدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلغاندەك بىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىش كۈرىشىگە خاتىمە

بېرىلىدۇ. ھىتلېرمۇ پۈتۈن زېھنىنى سىنتەبىر (ياچاق) دە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلامغا قارىتىلايدىغان بولىدۇ.

## (4)

ـ 1930 يىلى، ھىتلېر ھەممە تەبىقىگە، يەنى دېھقانلارغا، ئىشچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا، ۋەتەنپەرۋەرلەرگە، ئىرقچىلارغا ۋە شۇنىڭدەك ئوتتۇرا بۇرجۇئا شەھەر ئاھالىلىرىغا ئومۇمى يۈزلۈك بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشلىرىنىڭ ئورتاق نۇقتىسى دۇنياۋى ئىقتىسادى بوھران ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇ قېتىمقى كرىزىسنى 1929ـ يىلقى ۋول ستىرىت كوچىسىدىكى تالاش-تارتىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ (ۋول ستىرىت - نيۇيورك تىكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە پايچېك بازىرى جايلاشقان كوچا. ئادەتتە ۋول ستىرىت كوچىسى دېگەندە بۇ كوچىغا جايلاشقان ئەنە شۇ پايچېك بازىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئۇ.ت)، بۇ كرىزىس گېرمانىيىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قايتىدىن ئەسلىگە كېلىش دولقۇنىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يوققا چىقىرىۋەتكەن ئىدى. شۇ يىلى ياز ئاخىرلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئىشسىزلار سانى 3 مىليون كىشىگە يەتكەن بولۇپ، شانسۆيلە (گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى — ئۇ.ت) برۈنىڭنىڭ راسخوتنى قىسقارتىش ئىقتىسادى سىياسىتى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ بەتەر قىلىۋېتىدۇ.

هىتلېر كۆڭلىدە، مانا ئەندى سىياسى جەھەتتە گېرمانىيىنى تېزگىنگە ئېلىش پەيتى كەلدى دەپ ئويلايدۇ. ئۇ، "گېرمانىيە ئىشچىلىرى، ئويغۇنايلى! بويۇنۇڭلاردىكى زىنجىرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان پەيت كەلدى!" دەپ ئەينى كوممۇنىستلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئىشچىلارغا چاقىرىق قىلىدۇ. گيوبېلسنىڭ «ھۇجۇم» گېزىتى ئەنە شۇنداق تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ھىتلېر دېھقانلار مەنپەتىنى قوغداش ئۈچۈن (خەلقئارالىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھسى چۈشۈپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسى تۇزۇپ كېتىۋاتقان ئىدى) ئىچكى باج بىلەن ئىمپورت بېجىنى تەڭشەش ۋەدىسىنى بېرىدۇ. يان تاياق بولىدىغانلىغا ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى يوق ئوتتۇرا-تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە يېڭى ئۈمىدلەر ۋەدە قىلسا، نامراتلىقنى نومۇس بىلىدىغان ئوتتۇرا ھال تەبىقىدىكىلەرگە ئابروينى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋەدە قىلاتتى. ئالى مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى غايىلىك ياشلارغا بولسا، ھىتلېرنىڭ ۋەدە قىلغىنى غايىۋى يېڭى بىر دۇنيا ئىدى.

گەرچە بۇنداق غايىلىك ياشلارنىڭ سانى ئۇنچە بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلار ھىتلېرنىڭ كەلگۈسىدىكى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ساداقەتلىك كادىرلىرى ھېسابلىناتتى. ھىتلېر، ماتېرىيالىزم بىلەن شەخسى پەنپەتنى كۆزلەيدىغان لېبرالىزمغا قارشى تۇرۇشنى، تەڭ باراۋەرلىك ئاستىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشنى ۋە سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق گېرمانىيىنى مەڭگۈ گۈللەپ ياشنىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سەلەپ

www.pdaily.biz

ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆچەپ تەرغىپ قىلغان ۋاقتىدا، بۇ ياشلار ھىتلېرنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك ھالغا كېلىدۇ. بۇ ياشلار، ھىتلېر ھەقىقى سوتسيالىستىك بىر ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. ئۇلار چوڭ شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ دۈشمىنى بولغان كومپارتىيە بىلەن ئوخشاش شۇئارنى توۋلىشىدۇ: "بىزگە ئەركىنلىك كېرەك! ئىش كېرەك! نان كېرەك!" يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان بۇ ئەۋلادلار "شۇنى ھېس قىلماقتىكى، ئىشلار يولىدا كېتىۋاتىدۇ، ئىلگىرلىمەي جىم تۇرىۋېلىشتەك خەتەرلىك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىدى." بىر ئەگەشكۈچى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر سەن بۇ ۋەزىيەتنى ھەقىقى تۈردە بىلمەكچى بولىدىكەنسەن، چوقۇم ئىچىدە ياشىشىڭ كېرەك." بۈگۈن دەل شۇنداق بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. بۇ ۋەزىيەت مۇتلەق كۆپ ساندىكى غايىلىك ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بولۇپ، ھىتلېر بولسا بۇ چاقىرىقلارنىڭ كۈچىنى چۈشىنەلەيدىغان بىردىن-بىر سىياسىيون ئىدى.

نۇرغۇنلىغان زىيالىلار، جەمئىيەتنىڭ داڭلىق كىشىلىرى، ھەتتا ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ ۋەزىيەت تەرىپىدىن جەلىپ قىلىنماقتا ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە، گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ گۈدەك بالىسى ئوۋگۇستىيىن ۋېلھېلم (奥古斯特•威廉)ياكى ئوۋېل قەدىرلىك سەپدىشى ھىتلېرغا بىر پارچە خەت يېزىپ، "چىن قەلبىمدىن رازىمەن. — دەيدۇ

ھىتلېرغا، بۇ ياش تېخى يېقىندىلا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى، ــ مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان بۇ دەۋىردە، مەن ئىختىيارسىزلا سىزنى ئېسىمگە ئالدىم. مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن سادىق ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.” شاھزادە كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن بەكلا قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى خانزادە فىلىچ ۋون ھېرسىن (菲力气•冯•赫森)نىمۇ تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. بۇ خانزادە گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ جىيەنى بولۇپ، ۋېكتورىيە (维多利亚) خانىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇمۇ كېيىن ئۆزگىرىپ ھىتلېرنى قوللاش تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ـ 1930يىلى، ھىتلېرمۇ نېمىسلارغا يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى ئۇلارغا ئىنتىپاقلىق ھېسسىياتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر قىلچە سىنىپى چەكلىمە كۆرسەتمەستىن ھەممە كىشىنىڭ بۇ ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىشىنى خالايتتى. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا تەلىۋى بار ئىدى: ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھىتلېرغا ئەگىشىشى، يەھۇدىيلار بىلەن قىزىللارغا قارشى كۈرەشلەردە، ھاياتلىق ماكانى ۋە گېرمانىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدىغان كۈرەشلەردە ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. “بىزنىڭ ھېس قىلالىغىنىمىز مىڭىمىزدە ئويلىنىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان نەرسىلەردۇر. ــ دەيدۇ كونا بىر پارتىيە ئەزاسى ئەسلىمىسىدە، ــ ھىتلېر، سەن بىزنىڭ ئادىمىمىزسەن. سېنىڭ سۆزلىرىڭ بۇرۇن جەڭ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىگە

ئوخشـايدۇ، سـەن يۇمشـاق ئورۇنـدۇقلاردا ئولتـۇرۇپ كـۆنگەن بىرسـى ئەمەس، بەلكـى خـۇددى بىـزگە ئوخشـاش ھـېچكىم تونىمايدىغان، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى تەڭ ياشىغان بىر جەڭچىسەن." ئەنە شـۇنىڭغا ئوخشاش ئىلاھـى چاقىرىقلارلا ھەر خىـل-ھەر رەڭـدىكى ئـاۋاز بەرگۈچىلەرنىـڭ ھېسسـىياتلىرىنى قوزغىيالىغـان ئىـدى. ئـاممىۋى تەشـكىلاتلار بىـلەن ئىشچىلاردىن باشقا ھىتلېر ھېچكىمگە يەھۇدىيلارغـا قارشـى تـۇرۇش، بولۇپمۇ يەھـۇدىيلارنى "تـازىلىۋېتىش" مەسىلىسـىدە ھەرگىـز چىـڭ تۇرىۋالمايـدۇ. مەدەنىـيەت سەۋىيىسـى نىسـبەتەن يۇقـۇرىراق بولغانلار بىلەن غايىلىك كىشىلەرگە قارىتا بۇ مەسـىلە شـۇنداقلا دىـيىلگەن بىـر سـۆز يـاكى قىلـچە ئەھمىيەتسـىزلا ئېيتىلغـان گەپلەردەك بىلىنەتتى.

شۇ يىلى يازدا، ھىتلېر ھەممىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويىدىغان پىلانىنـى يولغـا قويـۇش ئۈچـۈن جاپـا-مۇشـەققەتكە چىـداپ مەلىكەت بويىچە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ساياھىتىنىڭ ئاخىرقى 6-ھەپتىسىگىچە بولغـان ئارىلىقتـا جەمئـى 20 قېـتىم مـۇھىم نۇتـۇق سۆزلەيدۇ. ھىتلېر، تۇغما سىياسىيون ھېسابلىناتتى. ئۇ، خەلـق ئاممىسى بىلەن بىرگە بولۇش ۋاقىتلىرىدا كىشـىلەر بىـلەن بىـر-بىرلەپ قول ئېلىشـىپ كۆرۈشـۈش، بۇۋاقلارنىـڭ يـۈزىگە سـۆيۈپ قويۇش، ئاياللارغا بـاش ئىگىـپ تـازىم كەلتۈرتـۈش قاتـارلىقلاردا پۈتـۈنلەي تەبىئـى ھەرىـكەت قىلىـش بىلەنـلا قالماسـتىن، يەنە ئۇلاردىن تەسىرلىنىپ ئۆزىگە كـۈچ-قۇۋۋەتمۇ توپلىيـالايتتى. ئـۇ يوقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىـلەن بىـرگە تاماق يـيىش ئورنىغـا،

www.pidaiy.biz

كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ئىشچىلار سىنىپى ياكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدىكى تەرەپبازلىرى ئارىسىغا چۆكۈپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە تەڭ كۆز بىلەن قاراشتەك مۇئامىلىسى تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلىۋالىدۇ.

ھىتلېر ھەر تۈردىكى كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم خەت يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، ئۇ لاندىسبېرگدىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى: ئۇ چوقۇم ئاممىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردا ئۆزىنى باشقىلارنى ئەيىپلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويمايتتى. ھىتلېر مىليونېرلار، قىزىللار، ماركسىزمچىلارنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىدىغان، ئوتتۇراھال سىنىپلارنىڭ جوغلانمىلىرىنى پاك-پاكىزە قۇرۇتىۋېتىدىغان ئۇنداق “تۈزۈم” لەرنىمۇ قايتا-قايتىلاپ تەنقىتلەيدۇ. ئۇ، سىنىپلار بىلەن سىنىپلارنى زىددىيەتلەشتۈرۈش يولىنى تۇتقان بىرسى بولماستىن، ئەكسىنچە بارلىق تەبىقىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرىدىغان يولنى تۇتقان بىرسى ئىدى.

گېرمانىيە، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ھەتتا پۈتۈن دۇنيا، بۇنداق بىر چاقىرىققا ھېچقاچان بۇنچىلىك ئەگىشىپ باققان ئەمەس.

www.pidaw.biz

گېيوبېلس چوڭ زاللاردا، ئون مىڭ كىشى سىغقىدەك چېدىرلاردا ۋە ياكى مەيدانلاردا 6 مىڭ كىشىلىك يىغىنلارنى تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭدەك مەشئەللىكلەر نامايىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولمىسۇن، ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىققىدەك قىزىل رەڭلىك شۇئار پىلاكاتلىرىنى چاپلاتقۇزىدۇ. ناتسىستلار چىقارغان گېزىتلاردا ھەر دائىم مەلۇم بىر ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كىتابچىلارنى قوشۇپ چىقىرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ھەر بېسىشتا نەچچە مىليون نۇسخا بېسىپ پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىۋېتىدۇ؛ ئەگەر بۇلارنى سېتىپ بولالمىسا ھەقسىز تارقىتىدۇ.

گېيوبېلس، ئومۇمىي خەلق سايلام كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىشچىلارغا قارىتىپ چىقىرىلغان چۈشەندۈرۈشنامىسىدا سايلامنى قانداق تېزگىنلەيدىغانلىق توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىشچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار كۈلكىلىك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا كارغا يارايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش ھېسابلىناتتى. “چاخچاق قىلغاندەك ئىشلەڭلار، ئەمما ئەستايىدىل ئىشلەڭلار! خۇددى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ سىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىدەك سىلەرمۇ ئۇ قەدىرلىك كەسىپداشلىرىڭلارغا ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تاقابىل تۇرۇڭلار! ئۇلارنى ھاياجانغا سېلىڭلار، ئۇلارنى تىرىكتۈرۈڭلار، ئاندىن ئۇلارنى بۇرنىدىن يېتىلەپ يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار!” شۇ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاۋاز بېرىش نوقتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەتلەر پەيدا بولۇپ كېتىدۇ. سايلامغا

www.pdfaly.biz

قاتناشقانلارنىڭ سانى 35 مىليون كىشىگە يېتىپ، 1928 ـ يىلىغا قارىغاندا 4 مىليون كىشى ئارتقان ئىدى. ھىتلېر چۈشتىن كېيىن مىيونخېندىكى سايلام مەركىزىگە كېلىدۇ. ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققان كىشى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ نەشرىياتچىسى ئادولف مىل (阿道夫•米勒) ئىدى. مىل (米勒) ھاياجانلانغان ھالدا ھىتلېرغا مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇتۇپ چىقتۇق! چوقۇم 66 ۋەكىلگە ئېرىشەلەيمىز!" 1928 ـ يىلىدىن بۇيان، ئۇلار ئارانلا 12 ۋەكىللىك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، كۆپەيگەن ۋەكىل سانى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق كۆپ ئىدى. ئەمما ھىتلېر، ئەگەر گېرمانىيە خەلقى توغرا ئويلىيالىغان بولسا، بۇ سان چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىشى كېرەك، دەيدۇ. "مېنىڭ ئىچىمدىن چوقۇم 100 ۋەكىللىك ئورنىغا ئېرىشەلەيمىز دەيدىغان سادا كېلىپ تۇرماقتا!" دەيدۇ. دېگەندەك، ئۇلار 107 نەپەر دېپوتاتلىق ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىدى. "ئۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم كاملىق قىلىدۇ! بىزنىڭ دېپوتات سانىمىز 12 نەپەردىن 107 نەپەرگە كۆپەيگەن ئىدى"!

مىللى سوتسىيالىزىم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى ئەزالىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىش، ئۇلارنىڭ ئۆكتىچىلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك تۈردە چۈچۈپ كەتكەنلىكى ئىدى. بىرەر خاتا بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ، مەسئۇل كىشىلەر سايلام بىلەتلىرىنى قايتا ـ قايتىلاپ ساناپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. سېلىشتۇرۇشتىن ھېچ قانداق بىر خاتالىق كۆرۈلمىگەندىن كېيىنلا ئاندىن سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشىدۇ: ناتسىستلار 6 مىليون 371 مىڭ

www.pdfdaily.biz

ئاۋازغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئومۇمى ئاۋازنىڭ 18 پىرسەنتتىن ئارتۇقنى تەشكىل قىلماقتا ئىدى. ئىككى يىلغا قالماي، ھىتلېرنىڭ پارتىيىسى 810 مىڭ ئاۋازدىن بىراقلا 6 مىليوندىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ ئىمپېرىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ پارتىيىسى ھالىغا كېلەلىگەن ئىدى. ھىتلېرنى سىياسى سەھنىدە ئۆلدى، دەپ ئېلان قىلىشقىنىدىن كېيىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى خاتا ھالدا كۈرەش نىشانىسىنى قىزىللارغا قارشى تۇرۇش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرىۋالغان ئىدى.

كومپارتىيىمۇ 1 مىليون 326 مىڭ ئاۋازغا ئېرىشىشتەك زور ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەمما سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەر بولسا بۇ قېتىمقى سايلامدا 60 مىڭ ئاۋازدىن مەھرۇم بولدۇ. بۇ ئەھۋال شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېرنىڭ غەلىبىسىنى، ئوتتۇراھال سىنىپلار پارتىيىلىرىنىڭ خاتالىشىشلىرى بەدىلىگە قولغا كەلگەن دېيىشكە بولاتتى. ناتسىستلارنىڭ ئېرىشكەن ئارتۇق ئاۋازلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا-تۆۋەن دەرىجىلىك سىنىپلاردىن، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى كاتولىكلار تەۋەسىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كاتولىكلاردىن قولغا كەلتۈرگەن ئاۋازلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پىۋىخانا قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن، ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا يۈز ئۆرىگەنلەر ئارىسىدىن، ئويغانغانلار ئارىسىدىن ۋە ئۈمىتسىزلەر ئارىسىدىن ئاۋاز توپلاشقا مەجبۇر ئىدى. مانا ئەندى، ھىتلېردىن ياخشى كۈن كۆرۈشىمىز ئۈچۈن يېتەكچى دەپ ئۈمىد قىلغان كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا

كەلتۈرگەن ئىدى. سايلامغا قاتناشقانلارنى ھىتلېر تەرەپكە جەلپ قىلغان سەۋەب ھىتلېرنىڭ ئېلاستىكىلىق جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئىنتايىن جانلىق نۇتۇقلىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئاۋاز ساندۇقلىرىغا باشلاپ كېلەلىگەنلەر ئۆزئۆملۈك خىزمەت قىلغان پارتىيىنىڭ ئاساسى قاتلاملىرىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ياچېكا رەھبەرلىرى بىلەن ياچېكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قىلغان ھارماي-تالماي خىزمەت قىلىشى ئىدى.

ئۆتكەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، خانفىستانگىلنىڭ ئاچچىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى ھىتلېرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغان بولسا، سايلامدا قولغا كەلتۈرگەن ھەيران قالارلىق نەتىجىلەر خانفىستانگىلنى قايتىدىن ئەتىۋارلىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئىدى. ھېس، تېلېفوندا، "ھىتلېر سېنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى" دەپ خەۋەر قىلىدۇ. ھىتلېر، يېرىم سائەتكە قالماي خانفىستانگىلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭدىن پارتىيىنىڭ چەتئەللىك مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش بىيروسىنىڭ مۇدىرلىكىنى ئۈستۈگە ئېلىشنى خالامسەن، دەپ سورايدۇ. "ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى بەكلا پارلاق. بىر قانچە ئايغا قالمايلا، كۆپ بولسا بىر-ئىككى يىل ئىچىدىلا مەملىكەت بويىچە ھوقۇققا ئېرىشەلەيمىز، بۇنىڭغا ئەندى ھېچ كىم توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ. سېنىڭ مۇناسىۋەت دائىرەڭ بەكلا كەڭ. شۇڭا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بەكلا كۆپ تۆھپە قوشالىشىڭ مۇمكىن".

خانفىستانگىر ھىتلېرنىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي، ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە لىبخكېنت (莱比锡) قا بارىدۇ. ئۇ يەردە 3 نەپەر ياش ئوفىتسېر ئارمىيە ئىچىدە ناتسىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دەپ سوتقا تارتىلىۋاتقان ئىدى. 25-سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى، ھىتلېر ئۆزى بىۋاستە سوتتا شاھىتلىق قىلىپ، سوتتا ھەممە كىشىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان ئىنتايىن ئاقىلانە، بەكلا ئىككى قىرلىق سۆز قىلىدۇ. ئۇ، تىنچ ئۇسۇلغا تايىنىپ، يەنى سايلامغا قاتنىشىش ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئارمىيىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى، نومۇس قىلىنارلىق ۋېرسايىل شەرتنامىسىنى بىكار قىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن "قانۇنسىز تەدبىرلەرگە مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇر قالغىدەك بولسىمۇ" قىلچە چېكىنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ نۇتقىنى تۈگىتىپ بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلارغا قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھاكىمىيەتنى قولغا ئالار-ئالماي دەرھال مىللىي سوتسىيالىزم سوتىنى قۇرۇپ چىقىمەن. "ئەنە شۇ چاغدا، 1918-يىلىنىڭ نويابىر (ئوغلاق) ئىنقىلابىدىن قىساسىمىزنى ئالىمىز، ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى جادىغا تۇتىمىز!" دەيدۇ. ئۇ، يەنە بىر قېتىم سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن شەھەر خەلقى بىلەن ئىنقىلابچىلار تەڭلا دېگىدەك قايىل بولىدۇ. شەھەر خەلقىگە تىنچلىقنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئىنقىلابچىلارغا قانلىق

www.pdaily.biz

قىساس ۋەدىسىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ئۆنۈمى گېرمانىيە چېگرالىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. ھىتلېر ئەندى گېرمانىيىدىكى ئىككىنچى چوڭ پارتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋېرسال شەرتنامىسى ھەققىدىكى كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىدىكى سۆزلىرى ئادەتتىكى بىر سىياسىيونىنىڭ سۆزلىرىدەك ئەھمىيەتسىز سۆزلەر قاتارىدا قارىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خانفىستانگىلمۇ چەتئەللىك مۇخپىرلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان ئىدى. مۇخپىرلار ئۇنىڭدىن بەس-بەس بىلەن گېرمانىيىدىكى يېڭى ئەھۋاللار ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىدە بولۇۋاتقان ئىدى. ھىتلېرمۇ ئالدىراش-تىنەش لوندوندا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك خەۋەرلەر» گېزىتى ئۈچۈن بىر پارچە ماقالە تەييارلايدۇ. "بۇ قېتىمقى سايلام، گېرمانىيە خەلقىنىڭ قىزىتمىسىنى ئۆلچىگەندەكلا بىر سايلام بولدى. — دەيدۇ ھىتلېر ماقالىسىدا، — پۈتۈن دۇنيا شۇنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ قالدۇكى، گېرمانىيىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىمەكتە ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. مەۋجۇت ۋەزىيەت بىلەن چىداش مۇمكىن بولمىغان ئېغىر يۈككە قارشى چىقىش ئۈچۈن بۇ قىزىتما چوقۇم داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەيدۇ." ھىتلېر ۋېرسال شەرتنامىسى بىلەن "ياشلار پىلانى" نىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىلا تەلەپ قىلىپ قالماي، يەنە "بەدىنىمىزدىن بىر پارچە گۆشىمىز شىلىۋېلىنغاندەك بىر ۋەقە بولغىنى ئۈچۈن پولشا كورىدورىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى" مۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ

گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش قوزغىغۇچى جىنايى جاۋابكار ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، پرېزدېنت ۋېلسۇننىڭ ئۆزى ئىمپېرىيىگە بەرگەن داغدۇغىلىق قەسىمگە خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىپلەيدۇ. "ئەگەر گېرمانىيە خەلقى خۇددى بۈگۈنكىدەك جاپا تارتىشنى خالايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار ئەتىمۇ ئوخشاشلا بۇ جاپانى تارتىپ كېتىۋېرىدۇ. — ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنداقتا بىز 'بەس يېتەر' دەپ تۇۋلاپ تۇرۇپ جاپا تارتىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز 'بوپتىلا' دەپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ جاپانى ئۈستىمىزگە يۈكلەپ قويۇشى بىلەن جاپاغا قالماسلىقىمىز كېرەك"

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھىتلېر ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ لوندوندا چىقىدىغان «تايمس» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا "بىز مۇتلەق تۈردە قانۇن بويىچە پائالىيەت قىلىمىز" — دەيدۇ. — شۇنداق بولغاچقا، ئەگەر بىز سىلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان بولساق، يەنى سىلەر بىزنىڭ ئورنىمىزغا چۈشۈپ قالغىدەك بولساڭلار، ئۇ ھالدا بىزنى ئەيىپلىمەسلىكىڭلار كېرەك. مەن ئەنگلىيىنىڭ ھەرگىزمۇ گېرمانىيىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر ئەنگلىيە گېرمانىيىدەك ئەھۋال ئاستىدا قالغىنىدا، ئەگەر ئەڭ مۇشەققەتلىك ئەھۋال ئاستىدا قېلىپ ئارقىسىدىن ئوق يېگىدەك بولغىنىدا، ئۇ ھالدا ئەنگلىيە قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتەلىگىدەك بولسا ئۇلار قانداق قىلار بولغىيدى؟ ئەنگلىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى دۆلەت پىلانى بىلەن

خەلــق تۇرمۇشــىغا بۇزغۇنچىلىــق قىلىــش نىيىتىــدە بولغــان كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟”

ئىككــى ھەپتىــدىن كېيىن، يەنــى 13ـ ئــۆكتەبىر (ئوغــۇز) كۈنىســى، 107 نەپەر كارىشــناۋاي كۆڭۈلەكلىــك ناتىســىت دېپۇتاتلىرى قاتــار تىزىلىــپ پارلامېنــت زالىغا كىرىــپ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. يوخلىما ۋاقتىدا، ئۇلارنىــڭ ھەر بىــرى “بــار! خايىــل ھىتلېــر!” دەپ قــاتتىق ئــاۋازدا جــاۋاب بېرىشىدۇ. سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ۋەكىلى بولغان تونى ساندى(托尼•山德) بۇنداق ۋارقىراپ جاۋاپ بېرىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ: “مانا بۇلار ئارىيان مىللىتىنىڭ ھەقىقى جەۋھەرلىرى! بــۇ بىــر تۈركــۈم غەلــۋىچىلەر ۋارقىــراپ جــارقىراپلا يۈرىــدىغان ئۈنفورمــا كــيگەن مەلئــۇنلار! مەن ئۇلارنىــڭ چىرايىغــا ئىنچىكىلىــك بىــلەن ســەپ سالدىم. مەن ئۇلارنىــڭ چىرايىــدىن كــۆرگەن نەرســىدىن قــاتتىق چۆچۈپ كەتتىم: بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كــۆپ قىسمى كــۆزۈمگە جىنــايەتچى، چۈشــكۈنلۈك ئىچىــگە پېتىــپ قالغــان كىشــىلەرنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدەك مەلئۇنلار بىــلەن بىــر قاتاردا ئولتۇرۇش نېمە دېگەن ئېغىر چۈشكۈنلۈك”!

گرېگــور ستراســېرنىڭ پارلامېنتتــا ســۆزلىگەن ســۆزلىرى بىــر قەدەر ئېغىر بېسقلىق بىلەن سۆزلەنگەن سۆزلەر ئىدى: “بىزنىڭ قەدىمىمىــز مۇشــۇ يەرگــىچە، يەنــى پــارلامېنتقىچە ئىــدى. دېموكراتىيە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىزمۇ شۇ كونا تــۈزۈم بــويىچە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. ... بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزغا ئۇيغۇنلا كېلىدىكەن، بىزمۇ ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلىمىز.” ئەمما

www.pidaly.biz

پايتەخت كوچىلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلار كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ قاراڭغۇ سايىلىرىنى نامايەن قىلماقتا ئىدى. يۈزلىگەن ھۆجۇمچىلار ئەترەت ئەزالىرى يەھۇدىيلارنىڭ دۇكان، قەھۋەخانا ۋە تۈرلۈكماللار ماگازىنلىرىنىڭ دېرىزىلىرىنى تاش يامغۇرىغا تۇتقان ئىدى.

## (5)

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەينىدىنلا سىنتەبىر (ياچاق) ئومۇمى سايلامغا ئۇلۇشۇپلا كەلگەن خەلقئارالىق تەشۋىقاتلار بىر تەرەپتىن ياخشى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى بولمىغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ داڭقى چىقىشقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ نەۋرە بالىسى، ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋىلھېلم پاترىك ھىتلېر (威廉•帕特里克•希特勒) ئۇشتۇمتۇت ئۇنى يوخلاپ كېلىدۇ. 1909-يىلى، بېرلىندا ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئۇگەي ئاكىسى ئالويىسچىك، بۇلىگ ئېلىزابېت داۋلىن (布里吉•伊丽莎白•道林) دېگەن ئېرلاندىيىلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان ئىدى. ئالويىسچىك تىنماي ئىش يۆتكەپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشى بەكلا جىددىيلىك ئىچىدە ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتىدۇ. ئالويىسچىك ئاۋال ليوپول (利物普) دا بىر كىچىك ئاشخانا ئېچىپ باقىدۇ. كېيىن بۇ ئاشخانىنى سېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىجارىگە بېرىلىدىغان بىر ئۇيچە ياتاق سېتىۋېلىپ مېھمانخانا خوجايىنى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

www.pidaiy.biz

بۇ ئىشتىمۇ ۋەيران بولغاندىن كېيىن، بىرتىتۋا ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بۇلىگ (布里吉) بۇنداق قىيىن تۇرمۇشقا كۆنەلمەي نەچچە قېتىم ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. ۋىلھېلم پاترىك تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئالويسچىك ئاتىسىنىڭ تۇتقان قاتتىققول يولىنى تۇتۇپ، بالا دېگەننى كىچىكىدىن تارتىپلا چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش كېرەك دەپ قاراپ، ئايالى يوق ۋاقىتلاردا بوۋىقنى نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇپ قىيىنغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ۋىلھېلم پاترىك 3 ياشلىق بولغان ۋاقىتلىرىدا بۇ ئائىلە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بۇلىگ (布里吉) نىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ئالويسچىك ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز گېرمانىيىگە كېتىۋالغانمىش؛ ئەمما ئالويىس يېقىنلىرىغا باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئايالىم بىر ئېنجېنېرنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى، بالامنىمۇ ئېلىپ كەتتى، دەپ سۆزلەپ يۈرگەن.

بۇلىگ بىلەن ئوغلى ئىككىسى گېزىتلاردا ھىتلېرنىڭ ئومۇمى سايلامدا غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ، "بۇ ئىش پۇل يۇلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرستى دەپ قاراپ، ھېرست گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قوبۇل قىلىدۇ." ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئالويسچىكمۇ ئائىلىسى ئۈچۈن زادىلا پۇل ئەۋەتىپ باقمىغاندە! شۇنداق قىلىپ، ئۇلار لوندوندا ھېرست گېزىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كېلىشىمنامە ئۈچۈن سۆزلىشىدۇ. ئۆكتەبىر (ئوغۇز) باشلىرىدا، ۋىلھېلم پاترىكنىڭ رەسمى

ئامېرىكىدىكى گېزىتلاردا كەينى-كەينىدىن بېسىلدى. بۇ رەسىمگە بېرىلگە چۈشەندۈرۈشتە، "لوندوندا ئىشلەپ يۈرگەن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچى ۋىلھېلم پاترىك ھىتلېر (威廉•帕特里克•希特勒)گېرمانىيىدىكى يېڭى سىياسى كاتتىۋاش ئادولف ھىتلېرنىڭ جىيەنى بولىدىكەن. بۇ كىشى ليوپولدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ئاتىسىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە بەك كۆپ نەرسە بىلمەيدىكەن" دەپ يازىدۇ. راس دېمىسمۇ ئۇ ھىتلېر ھەققىدە تولۇق بىر نېمە بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئاتىسىغا خەت يېزىپ، بۇ يېڭى سىياسى داھىنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. "دادامدىن جاۋاب خەت ئالدىم. — دەيدۇ خېلى يىللاردىن كېيىن ستراتىگىيىلىك ئاخبارات باشقارمىسىدىن كەلگەن زىيارەتچىگە، — ئاتام خېتىدە، ئادولف ئائىلە يىغىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ساڭا بۇ خەت بىلەن بىرگە ماشىنا بىلىتىنى قوشۇپ ئەۋەرتتىم. دەرھال كەل، دەپتۇ" دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئاپىسى بىلەن بىرگە مىيونخېنغا بارغىنىدا، ھىتلېرنىڭ "غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىدەك" ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئانگېلا لاپور بىلەن ئالويىسچىكلارمۇ قاتناشقان ئائىلە يىغىنىدا، ھىتلېر "مېنىڭ ئىناۋىتىم كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. شۇڭا سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئابرويىمدىن پايدىلىنىش خىيالىنى قىلىشقا ھەققىڭلار يوق. — دەيدۇ. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئالويىسچىكنىڭ بروگى (布里吉)بىلەن ئاجرىشىپ بولالمىغانلىقى، شۇنىڭدەك

www.pidaiy.biz

قايتىدىن يارىشۋالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە سىرلىرىنى ھېرىستىنىڭ گېزىتىغا ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇققا ئېرىشىش پۇرسىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ.
— مەن ئەزەلدىن ئۆزەمنىڭ شەخسىي ئىشلىرىمنى مەتبۇئاتقا ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن قاتتىق دىققەت قىلىپ كەلگەنمەن! — (ۋىلھېلم پاترىكنىڭ ئارىدىن 9 يىل ئۆتكەندە «پارىژ كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدا دېگەنلىرىگە قارىغاندا) — مېنىڭ ھايات سىرلىرىمنى بۇ تۈردىكى كىشىلەر بىلمەسلىكى كېرەك. ئۇلار مېنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىمنى، قانداق بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكىمنى ھەرگىز بىلمەسلىكى كېرەك. ...
شۇ سەۋەپتىن مەنمۇ يازغان كىتابىمدا بۇ ئىشلار ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغان ئىدىم. ئەمما بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئۇلار مېنىڭ جىيەنىمنى تۇيۇقسىزلا تونۇپ قالغان. ئۇلار مانا ئەندى جاسۇسلىرىنى يوللاپ مېنىڭ يىلتىزىمنى قېزىپ چىقىرىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن. - ئۇ «پارىژ كەچلىك گېزىتى» دە بېسىلغان ماقالىنى تىلغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ: ئاتىسى ئالويىسچىك (ئالويىسمۇ بۇ گەپلەرگە بىر نېمە دېمەي جىم ئولتۇرىۋالىدۇ) ئاتىمىز ئالويىس ھىتلېرنىڭ (威廉•帕特里克) بېقىۋالغان ئوغلى بولغاچقا، ۋىلھېلم پاترىك دېگەن بۇ ئادەم مېنىڭ بىرەر تۇققىنىممۇ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە (ستىراتېگىيىلىك ئاخبارات

باشقارمىسسىن كېلىپ زىيارەت قىلغان ئادەمنىڭ گېپىگە ئاساسلانغاندا) دەرھال لوندونغا قايتىپ كېتىشى، ھەمدە ھېرستتىنىڭ گېزىتىگە خەۋەر قىلىپ، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى باشقا بىر ئادولف ھىتلېر ئىكەنلىكىنى، بۇ كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچ قانداق بىر تۇققانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىشقا كېلىشىدۇ. بۇنداق ھەل قىلىش چارىسىدىن ھىتلېر "ئىنتايىن مەمنۇن" بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئانا ـ بالا ئىككىسىنى "ئىمكان بار تېزلىكتە ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى، بۇندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزىشى" كېرەكلىكىنى جېكىلىگەندىن كېيىن، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ مىيونخېندىكى چىقىملىرى بىلەن ئۆيىگە قايتىش يول كىراسى ئۈچۈن ئالويسچىكقا 2 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇل تۇتقۇزىدۇ. ئالويسچىك ئۇلارغا مىيونخېندا خەجلەيدىغان پۇللىرى بىلەن قاتناش بېلىتىنى ئېلىپ تۇتقۇزىدۇ. ئاشقان پۇلنى يولدا يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۆز پىتى ئۇلارغا كەينىدىن ئەۋەرتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ۋېلخىلم پاترىك(威廉•帕特里克) ، قالغان پۇلدىن بىر تىيىننىمۇ تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق، دەپ قەسەم قىلىدۇ (قىزىق يېرى، شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نيۇيوركتىكى ھېرست مەتبۇئاتى بولغان «ئامېرىكىلىق» تا ئالويسچىك ھىتلېر نامىدا) ئادولف ھىتلېر ھەققىدە بىر پارچە ماقالە بېسىلىدۇ. بۇ ماقالىدا، ئالويسچىك ئىنىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇماق، مەرت بىر بالا ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك خىيالپەرەس بىرسى ئىكەنلىكىنى،

ئۇنىڭ خىيالى بىلەن رىياللىق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرقى بارلىقى ھەققىدە توختالغان. ماقالىدا، ئادولف، ئاپىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، سىڭلىسىنى ۋىيېنناغا ئالدۇرىۋالغان؛ ئۇ يەردە، ئاكا-سىڭىل ئىككىسى رەھىمسىز يوقسۇزلۇق بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانمىش؛ ئالويىسچىك داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئادولف، پاۋلا بىلەن بىرگە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ھەتتا كوچا سۈپۈرىش دېگەندەك ئېغىر ۋە پاسكىنا ئىشلارغىمۇ ياق دېمىگەن؛ كېيىن ئادولف مىيونخېنغا كېتىپ، ئۇ يەردە ئۆي ئاقارتىش، بىزەكچىلىك قاتارلىق ئىشلار بىلەن شوغۇللانغانمىش(.

ۋىلھېلم پاترىك (威廉•帕特里克) بىلەن ئاپىسى ئىككىسى ئەنگلىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي، ھىتلېر ئادۋوكاتىنى پرۇسلىگىندېن (普令茨雷根坦) مەيدانىدىكى ئۆيىگە چاقىرىدۇ. ھىتلېر، ئالدىدا تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ خەت 'ئىنتايىن قەبىھ' پۇل ئۇندۇرىۋېلىش دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە خەت. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىر تۇققىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ ئىش ئۇنىڭ بوۋىلىرىغا بېرىپ چېتىلىدىغان بىر ئىش" دەيدۇ. خانس فرانك (汉斯•弗兰克) نىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، ھىتلېرنىڭ ئۆچ تۇققىنىم دەپ ئىشارەت قىلىۋاتقىنى ۋىلھېلم پاترىك ھىتلېر (威廉•帕特里克•希特勒)ئىدى. بۇ ئادەم نىڭ قىلغان بىر ئىماسىغا ئاساسەن گېزىت ساھەسىدىكىلەر ھىتلېرنىڭ

بوۋىلىرىدىن بىرسىگە بەكلا قىزىقىپ قالغان. يەنى ھىتلېرنىڭ قېنىدا مەلۇم مىقداردا يەھۇدىي قېنى بار دېگەن گەپلەرگە بەكلا قىزىقىپ قالغان. شۇڭا، فيۇرېر بۇ ئىشنى يوشۇرنۇقچە تەكشۈرۈپ چىقىشنى فرانكقا تاپشۇرىدۇ.

فراكنىڭ "قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان بارلىق مەنبەلەر" دىن توپلىغان دوكلادى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان گەپلەردىن ھېسابلانمايتتى: ھىتلېرنىڭ دادىسى قارىغاندا "لىنز شەھىرى ئەتىراپىدىكى لىنكىدىن (里昂丁) دىكى شىكىرگرۇبېر (施克尔格鲁勃)فامىلىلىك بىر ئۆي خىزمەتچىسى قىزدىن تۇغۇلغان نىكاسىز بالىدەك قىلاتتى. يەنى بۇ ئايال، يەنى ھىتلېرنىڭ ئاتا تەرەپ مومىسى بولغۇچى ئايال گراس (格拉茨) كەنتىدىكى بىر ئائىلىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ئۆي خىزمەتچىسى ئايال، "فرانكىنبېرگ دېگەن بىر يەھۇدىيغا ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا بىر بالا تۇغقانىكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللار ئاخىرلىرىدا فرانكىنبېرگ ئۆزىنىڭ 19 ياشلىق ئوغلىغا ۋاكالىتەن شىكىرگروبېر (施克尔格鲁勃) فامىلىلىك ئايالغا تۇققان بالىسىنى تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپ 14 ياشقا كىرگىچە بولغان ۋاقىتلار ھېسابى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا 'ئاتىلىق ياردەم پۇلى' تۆلىگەنمىش." شۇنىڭدەك بۇ فرانكىنبېرگ دېگەن كىشى بىلەن ئۇ ئۆي خىزمەتچىسى ئايال (ھىتلېرنىڭ چوڭ مومىسى) ئۇزۇنغىچە خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ ئۆتكەنىكەن. "يېزىشقان خەتلىرىدە تەخمىنەن مۇنداق گەپلەر يېزىلغانمىش: شىكىلگرۇبېر (施克尔格鲁勃) نىڭ بۇ بالىغا

www.pidaw.biz

ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ۋاقتى، يېرى قاتارلىقلار دەل توغرا كېلىدىغانلىقى بۇ ئىشقا سەۋەپچى بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن، فرانكىنبېرگ (弗兰肯伯格) مۇ بۇ ياردەم پۇلىنى بەرمەي ئىلاجى يوق ئىكەنمىش".

فرانكىنىڭ بۇ دوكلاتىدا، ھىتلېرنىڭ ئاتىسىدا يېرىم يەھۇدىي قېنى بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، دەيدىغان كۆڭۈلسىز خۇلاسە چىقىرىلغان.

فيۇرېر، فرانكىنىڭ چىقارغان خۇلاسىسىغا رەھىمسىزلارچە قارشى چىقىدۇ. ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ بوۋىسى نامراتلىق دەردىدە چارىسىز قالغاچقا، فرانكىلبېرگ (弗兰肯伯格) نى يالغاندىن ئاتىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بار دېگەننى باھانە قىلىپ، ياردەم ھېساۋىدا ئۇنىڭدىن ئوغۇشلۇق تۈردە بىر مىقدار پۇل ئۈندۈرىۋالغان، دەپ ھېكايە توقۇپ چىقىرىدۇ. ھىتلېر قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. فرانكىنىڭ توپلىغان ئىسپاتلىرى چوقۇم ھىتلېرنى ئېغىر ئالاقىزادە قىلىۋەتكەنلىكى ئېنىق. بولمىسا ئۇ قانداقمۇ بۇنداق بىر يالغاننى توقۇپ چىقىرىشى مۇمكىن؟ ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىنىگە 40 يىل بولغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ يەھۇدىيدىن راستىنلا پۇل ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىنىڭ ساپ ئەمەسلىك ئېھتىمالى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. ئادولف ھىتلېردا قىسمەن يەھۇدىي

قىنى بولۇش ئېھتىمالى بەكلا ئاز ئىدى. گراس (格拉茨) ئۇنىۋېرسىتېتىدىن نىكولاي پولىرادوۋىچ (尼古拉•普里拉多维奇)نىڭ تەتقىقاتى فرانكىنىڭ پاكىتىدىن بىر مۇنچە گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك نوقتىلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاۋۇستىرىيىنىڭ گراس (格拉茨) دېگەن يېرىنىڭ يەھۇدىيلار تىزىملىك ژۇرنىلىدا فرانكىلبېرگ (弗兰肯伯格) دەيدىغان ياكى فرانكىلىد (弗兰肯雷德) دەيدىغان بىرەرسىنىڭ تىزىمى تېپىلمىغان. بۇ تىزىملىك دەپتەرلىرى 1856 ـ يىلى، يەنى ھىتلېرنىڭ ئاتىسى تۇغۇلۇپ 19 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يەھۇدىيلارنى تىزىملاش باشلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى، يەھۇدىيلار 1496 ـ يىلى ستېرىلماك (斯苔尔马克)تىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، 1856 ـ يىلىسىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. پولىرادوۋىچ (普里拉多维奇) نىڭ دېيىشى بويىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا گراس (格拉茨) تا "بىرمۇ يەھۇدىي يوق" ئىكەندۇق. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆزى قېنىدا يەھۇدىي قېنى بارلىقىدىن قورققانلىقى ئىدى. تېخىمۇ ئىشەنچ قىلىش ئۈچۈن، ھىتلېر بۇ ئىشنى كامىدا قايتا ئىككى قېتىم تەكشۈرتۈپ كۆرگەن. 1917 ـ يىلىدىن تارتىپ ھىتلېرنى تونۇيدىغان ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى شۇرخ (舒赫) نىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، "ئۇ ئۆمۈر بويى ئاچچىق ئىچىدە "مېنىڭ قېنىمدا يەھۇدىي قېنى بارمۇ ـ يوق" دەپ گۇمانلىنىپلا يۈرگەن. ئۇ دائىم بىز بىلەن بۇ جەھەتتە پاراڭلىشىپ كېتەتتى." ھىتلېر باشقىلاردىن ئارىيان

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنى چىقىرىشلار دەپ تەلەپ قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزى بۇنداق بىر ئىسپاتنى چىقىرالمىغان ئىدى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋىلھېلم پاتىرىكقا "ئۇلار مېنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىمنى، قانداق بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكىمنى قەتئىي ئۇقۇپ قالماسلىقى كېرەك" دېگىنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ شەخسىي ئىشلىرى ھەر قانچە بېشىنى قايدۇرۇپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېرنىڭ 1931 ـ يىلقى ئىستىقبالى يەنىلا ياخشى ئىدى. ئۇ بىر كېچىدىلا ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابنىڭ ئاپتورىغا ئايلىنىپ قالدۇ. ئۇنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابى نەشرى قىلىنغىنىدىن بۇيان يىلىغا ئارانلا 6 مىڭ نۇسخىدىن سېتىلىپ تۇرغان بولسا، بۇنىدىن بىر يىل بۇرۇن، كىتابنىڭ سېتىلىش مىقدارى بىراقلا 54086 پارچىغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاۋى ئۇنى ئايىغى ئۈزۈلمەس بايلىق مەنبەسىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، پارتىيىنىڭ يېڭى مەركىزى بولغان "قوڭۇر بىنا" مۇ يېڭى يىل بايرام كۈنىسى ئېچىلىدۇ. ھىتلېر قاتناشقان يىغىلىشلارنىڭ كىرىملىرى، ئىئانىلار ۋە پارتىيە بەدەل پۇلى قاتارىدىكى ھەر تۈرلۈك يەرلەردىن كەلگەن مەبلەغلەردىن توپلانغان پۇلغا سېتىۋېلىپ بىزەپ چىقىلغان بۇ بىنا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسى ۋە ۋەزىپىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ھىتلېرنىڭ، ھېسنىڭ، گيوبېلسنىڭ، ستراسسېرنىڭ ۋە پارتىيە گۇۋاردىيىسى (ئېس ـ ئىسچىلار) نىڭ ئىشخانىلىرى ئىككىنچى قەۋەتكە

www.pidaw.biz

ئورۇنلاشقان ئىدى. فيۇرېرنىڭ ئىشخانىسى ئىنتايىن كەڭتاشا بولۇپ، قىزغۇچ كارىشناۋاي رەڭدە بويالغان بەكلا چىرايلىق بىر ئىشخانا ئىدى. دېرىزىسى تا شىپقىچە تاقالغان بولۇپ، كېنىش (科尼希)مەيدانى تۆۋەندە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشخانىدا مۇسسولىنىنىڭ چوڭايتىلغان يېرىم ھەيكىلى تىكلەنگەن، تاملاردا بەكلا كۆپ رەسىم ئېسىلغان بولۇپ، بۇ رەسىملەردىن بىر پارچىسى ئىمپىراتور پېتلېر (腓特烈) نىڭ رەسىمى، يەنە بىرسى فيۇرېر تۇرغان پولكىنىڭ تۇنجى قېتىم فلاندىس (弗兰德) قا ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى تەسۋىرلەنگەن بىر رەسىم ئىدى. "ھىتلېر ئىشخانىسىدا كۆپ ئولتۇرمايتتى. — دەيدۇ فراك ئەسلىمىسىدە، ئۇنىڭ ئىشلەش سىستېمىسى بەكلا قالايماقان ئىدى. ئۇ خۇددى قۇيۇنتازدەك تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلسە، ئورنىغا ئولتۇرار-ئولتۇرمايلا يەنە شامالدەك چىقىپ كېتەتتى. ئەگەر ئىشخانىسىغا قامىلىپ قالغىدەك بولسا، ئىشلىرىنى ئالدىراش-تىنەش تۈگۈتۈپ بولۇپلا باشقىلار بىلەن بىرەر سائەت مۇنازىرە قىلىشىپ كېتەتتى".

ھىتلېر تۆۋەن قەۋەتتىكى كىچىك تاماقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەردە مەخسۇس "فيۇرېر" گە ئاتالغان بىر ئۈستەل بار بولۇپ، ياندىكى تامدا بىر پارچە دىتىرىخ ئېيكارت (狄特里希•埃卡特) نىڭ رەسىمى ئېسىغلىق ئىدى. ھىتلېر كېيىنچە بۇ يەردىنمۇ زېرىكىدۇ. "قوڭۇر بىنا" دىكى ئىشخانا ھاياتى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە پەقەتلا توغرا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ مىجەزى جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىش ئىدى،

www.pidaily.biz

يەنى ئۆزى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك پارتىيىسى ئۈچۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىنى توپلاش، ياكى بولمىسا سىياسى جەھەتتە ياكى ئىقتىسادى جەھەتتە ئۇنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئىسىل سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتى. 1931-يىلى ھىتلېر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلىلەر ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى پارتىيە قوشۇنىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ئىدى. پارتىيىنىڭ كېڭىيىشى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى ھەر بىر بۆلۈمنى بەكلا كېلەڭسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھەر قايسى تارماقلار بىر-بىرسى بىلەن سۈركىلىش قىلىپ، بىر-بىرسىدىن قىزغىنىشنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى.

ھەممىدىن بەك ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، نۇرغۇنلىغان پارتىيە گۇۋاردىيە قوشۇنىنىڭ ئەزالىرى ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنغا بويى سۇنغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىش دەيدىغان تەلىماتىغا ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ھەر دائىم زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار نېمە ئۈچۈن مىيونخېندىكى مەمۇرى ئەمەلدارلىرىنىڭ دېگىنىگە قۇلاق سېلىش كېرەكلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسلا غايىلىك كىشىلەر بولۇپ، نۇرغۇنلىرى خۇددى رىقابەتچىلىرىدىن بولغان كوممۇنىستلارغا ئوخشاش كۆڭلىدە سوتسىيالىزمنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئىنقىلابى روھقا ئىگە

www.pidaiy.biz

ئاكتىپ كىشىلەر ئىدى. بۇ تەرىپى، دەل ھىتلېرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان يېرى ئىدى. ئىشنىڭ بېشىدىلا ھىتلېر ئېيس-ئاچىلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەيدۇ. ئۇلار ئېيس-ئاچىلار ئەترىتىنى پارتىيىنىڭ بىر قۇراللىق كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشسا، ھىتلېر ئۆز پىكىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ قوشۇننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاممىۋى يىغىلىشلارنى قوغداش، شۇنىڭدەك سىياسى ساداقەت تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش دەپ قارايتتى. ھىتلېر بىلەن ئەڭ ئالدىدا كىلىشەلمىگەن كىشى كاپىتان روم ئىدى. ئۇ ھىتلېر بىلەن پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىغا سۈرگۈنگە بېرىۋالغان ئىدى. كېيىن پوفىف سالومىن (普腓弗•萨洛门) مۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى كۈچەيتىش تەلىۋىدە بولۇپ ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ بۇ ئىشلاردىن قول ئۈزىدۇ.

رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلۈشى نەتىجىسىدە، تۆۋەندىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ بىر مۇنچە ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باھانە بولۇپ بېرىدۇ. بۇنىدىن سەل ئاۋال، بېرلىندىكى قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەر، ئاچارچىلىق چېكىۋاتىمىز، ئىشىمىز ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر، ساقچىلار بىلەن قىزىللارغا قارشى ئۇرۇشۇشلاردا دائىم يارىلىنىپ ياكى تۈرمىگە قامىلىپ تۇرىۋاتىمىز، بىز يالغۇز پارتىيە مىتىنگلىرىدىلا كۈزەتچىلىك قىلىشتىن زىرىكتۇق دېگەنلەرنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان 7

www.pdaily.biz

تۈرلۈك تەلىۋى ئاجىرتىلغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ بېرىش دېگەندەك مۇۋاپىق تەلىۋى گېيوبېلس تەرىپىدىن رەت قىلىۋېتىلگەنلىكتىن كېيىن، بۇ قوشۇندىكىلەر ئاچچىقىنى بېسۋالالماي ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ساقلاۋاتقان يەرلىك پارتىيە بىيروسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ۋەقەدە ھىتلېر ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاشقىنىدىن كېيىنلا توپىلاڭ تىنجىيدۇ. ئۇ قۇراللىق ھۇجۇمچىلارنىڭ ھەمرالىقىدا ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنىڭ يىغىلغان ھەر قايسى يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، كۆپچىلىكنى كېلىشىشكە چاقىرىق قىلىدۇ. ھىتلېر خۇددى بىر كېسەلمەن بوۋاي ۋە بىر كەڭ قۇرساق ئاتىدەك سۆزلەپ يالۋۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەدە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەيىپلەپ ئۇلارنى تىنجىتىدۇ. ئۇ سۆزلىرىدە قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ 7 تۈرلۈك تەلىۋى ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلماي، بۇ ئىشلارنى شەخسى مەسىلىلەر قاتارىدا ھەل قىلىپ، كۆپچىلىكنى ئۆزىگە سادىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئاندىن ئۇ، ئۆزىنى ئېس-ئېسچىلارنىڭ باش قوماندانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇنداق دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن، ئېس-ئېسچىلار خوشاللىقىدىن بىردەك تەنتەنە قىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان توپىلاڭنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ. بۇ ئىشتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ئىشى بولغان سايلام ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئېس-ئېسچىلارغا رەھبەرلىك قىلىمەن دەپ ئېيتقان ۋەدىسى ئەسلىدە قەغەز يۈزىدىكىلا قۇرۇق ۋەدە ئىدى. ئەسلىدە

هىتلېرنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن ھەپىلەشكىدەك ۋاقتىمۇ يوق، بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا پەقەتلا قىزىقمايتتى. 1931-يىلىنىڭ كىرىشىگىچە، ئېس-ئېسچىلار يەنىلا تۈزۈك بىر يېتەكچىسى يوق ئەھۋالدا ئىدى. 4-يانۋار (ئوچاق) كۈنى، پارتىيە تەشكىلى كاپىتان رومنى ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنىڭ قۇماندانلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ (روم، بولىۋىيىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرگە ياردەملىشىپ پاراگۋاي بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىدى. پارتىيە تەشكىلى ئۇنى تېخى يېقىندىلا بولىۋىيەدىن چاقىرتىپ كەلگەن ئىدى). ھىتلېر، رومنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك ئېس-ئېسچىلار تەشكىلاتى ئىچىدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان ئەركىن ھوقۇق بېرىلگەندىن كېيىنلا گېرمانىيىگە قايتىشقا ماقۇل بولغان ئىدى. ھىتلېر ۋاقتىنچە ئېس-ئاچىلارنى ئىنتىزامغا بوي سۇنغان ئاساستا نامايىش قىلىشلا ۋەزىپىسى بولغان بىر قوشۇن ھالىغا كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولغىنىدىن كېيىن، بۇ قابىلىيەتلىك تەشكىلاتچى ۋە رەھبەر، ئۆز خاھىشى بويىچە ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئىش ئۆنۈمىنىڭ ئارتتۇرۇلىشى بىلەنلا ئۇزۇندىن بېرى يىغىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بېرلىندىكى قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۆزپىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. تەشكىل ئىچىدىكى تەڭسىزلىككە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان ۋولتېر سىدىنىس

www.pidaw.biz

(瓦尔特•斯登尼斯)نى چىدىغۇچىلىقىنى قويمىغان ئىدى. ئۇ، تەشكىلىنىڭ "مەمۇرى مۇناسىۋەتلەر" بويىچە ئەمەس بەلكى "سەۋىيىسى" ئاساسىدا تەشكىللىنىشىنى قايتا تەلەپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئاشكارە تۈردە "نەچچە ئايدا بىر قېتىم پىلانىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى-يېڭى بويرۇقلارنى چىقىرىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى قاتتىق توسالغۇغا ئۇچراپ كەلمەكتە" دەپ ھىتلېرغا ئاچچىقلىنىدۇ. سىدىنىس (斯登尼斯)نىڭ قول ئاستىدىكىلەر بۇنداق ئۆزگىرىشلەردىن بىر نەرسە ئۇقالماي قايمۇقۇپ ئەنسىرىشىپلا يۈرىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار رەھبىرىنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەستىن فيۇرېرنىڭ تەرىپىنى ئېلىشاتتى.

1931-يىلى 20-فېۋرال (ئۇي) كۈنى، ھىتلېر بويرۇق چۈشۈرۈپ، بۇندىن كېيىن ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار كوچىلاردا قىزىللار بىلەن يەھۇدىيلارنى دۇمبالاش ھەرىكىتىنى توختۇتۇشلار دېگىنىدىن كېيىن، بۇ مەسىلە رەسمى ئاشكارە تىلغا ئېلىنىدىغان ھالغا كېلىدۇ. "مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى، ئاچچىقلانغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. — دەيدۇ ھىتلېر قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرگە، — ئەمما سىلەر ھەرگىز يېنىڭلارغا قۇرال ئېلىپ كوچىغا چىقماسلىقىڭلار كېرەك." جەڭچىلەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ۋارقىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھىتلېرغا قارشى ھېچ قانداق بىر ھەرىكەتتە بولمايدۇ. تا كېيىنكى ئايدا ھىتلېر ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلىرىغا بوي

سۇنىمىز، بۇنىدىن كېيىنكى مىتىنگ-نامايىشلارنىڭ ھەممىسى ساقچى ئىدارىسى تەستىقلىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئۆتكۈزۈلۈشكە بولىدۇ دېگەن قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ ئېلان قىلىنغىنىدا، سىدىنىس (斯登尼斯) ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولغان بۇنىداق ھەرىكەتكە قارشى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى 31-مارت (قوزا) يېرىم كېچىدە ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى رەھبەرلىرى مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە "بىز بۇ ئىشتا ھىتلېرغا قارشى تۇرۇپ، ستىنىس (斯登尼斯) نى قوللايمىز" دەپ قارار قىلىشىدۇ.

ھىتلېر، قان تۆكۈلۈش ۋەقەلىرى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش، ئىچكى قاتماللىقنى تۈگىتىپ مەسىلە ھەل قىلىشنى كۆزلەپ ستىنىس (斯登尼斯) نى مىيونخېنغا كېلىپ "قوڭغۇر بىنا" دا بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئىشىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ئۇ مىيونخېنغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر بۇ قوشۇنىنى توپىلاڭ چىقارغۇچىلار دەپ بېكىتىدۇ. ئارىدىن بىر سوتكا ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئاشكارە تىركىشىش ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، بۇ ئىش بىر قېتىملىق زەئىپ توپىلاڭ شەكلىنى ئېلىش بىلەن تىنجىگەن بولىدۇ. ئەسلىدە ستىنىس (斯登尼斯) نىڭ تەلەپ قىلغىنى بۇلغانمىغان پاكىز مىللەتچى سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق بىر پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ قايسى بىر كىشى ئۈچۈن ئىشلەش ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. "كىمدە-كىم ماڭا ئەگەشمەكچى بولىدىكەن،



www.pidaily.biz

ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بىر يولغا كىرىپ قالغان بولىدۇ. ـــ دەيدۇ ستىنىس (斯登尼斯) قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ۋىدالىشىش ۋاقتىدا، ـــ ئەمما سىلەرنى مىللەتچى سوتسىيالىزم غايىسى ئۈچۈن ھىتلېرغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى بىز مىللەتچى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ توزۇپ كېتىشىنى خالىمايمىز".

ـ 4ئاپرېلدا (ئۇمۇتتا) «ھۇجۇم» بىلەن «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتلىرى بىرلا ۋاقىتتا ھىتلېرنىڭ ماقالىسىنى باسىدۇ. ھىتلېر بۇ ماقالىسىدا ستىنىس (斯登尼斯) نىڭ "قوزغىلاڭ" كۆتىرىشىنى قاتتىق تەنقىتلەيدۇ. ئۇ ماقالىسىدا،سوتسىيالىزم ئەزەلدىن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسى غايىسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان "سالون بولشېۋىكچىلىكى بىلەن سالون سوتسىيالىزمچى ئەبلەخلىرى" نى تەنقىتلەيدۇ. ئۇ يەنە ستىنىس (斯登尼斯) دەل شۇنداق ئەبلەخلەردىن بىرى، بۇ ئادەم پۈتۈن ئاماللار بىلەن "كېيىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان كومپارتىيىگىلا خاس تىنماي كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلىشلاردا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قاتار چۈشەنچىلەرنى ئېس-ئېس تەشكىلاتىغا سۆرەپ كىرىشكە ئۇرۇنماقتا." دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ ماقالىلار بېرلىندىكى پارتىيە ئەقىدىلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ. ھىتلېر يەنە بىر قېتىم بېرلىنغا بېرىپ كېلىشتۈرگۈچى ۋە ئارىغا

كىرگـۈچى ئىنقىلابچىلىـق رولىنـى ئوينايـدۇ. بـۇ قېـتىم، ئـۇ خانفىستانگىلنى بىرگە ئېلىپ بارىـدۇ. خانفىسـتانگىل بـۇ ھەقـتە مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ: "ھىتلېر چارىسـىزلىكتىن شـەھەر ئەتراپىـدا ئۇيـاق ـ بۇياققـا چېپىـپ كۆزىـدىن يـاش ئېقىتقىـنىچە ئۇلارغـا يـالۋۇراتتى. ھىتلېـر، مەن پەقەت سـىلەرگە تـايىنىش ئـارقىلىقلا مەنپەئەتىڭلارغـا كاپالەتلىـك قىلالىشـىم مۇمكىن" دەپ يالۋۇرىدۇ. نۇرغۇن قېتىملىق كېلىشتۈرۈشلەر ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ تەرتىپنـى ئەسـلىگە كەلتۈرەلەيـدۇ. ئەتىسـى، ئـۇ سـتىننىس (斯登尼斯)بىـلەن بىـرلىكتە بىـر سـودا سـاراي ۋە سـاياھەت مېھمانخانىسـىغا چۈشـىدۇ. سـتىننىس (斯登尼斯) نىـڭ خانفىستانگىلغا قالـدۇرغان تەسـىراتى، ئـۇ توپىلاڭغـا رەھبەرلىـك قىلغـۇچى ئەمەس، بەلكـى بىـر زىيانكەشـلىككە ئـۇچرىغىچى قىياپىتىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. "مەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ تـوغرا نىيەتلىك بىرسى ئىكەن دەپ قارىدىم. ئۇ، كلوڭ (科隆) دىكـى ئىكسپوپ شورت (舒尔特) نىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ مېنى دېرىزە تـۈۋىگە تارتىـپ بىرىـپ دەردىنـى ئېيتتـى. بىزنىـڭ ئـاۋازىمىز سـىرتتىن كەلـگەن قاتنـاش ئـاۋازلىرى ئىچىـدە يىراققـا تۇيۇلمـاي قالغـان ئىـدى. ئـۇ ماڭـا: 'ھىتلېـر بـۇ قېتىمقـى توپىلاڭغـا كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشى ئىكەنلىكىـدىن خەۋىـرى يوقمىـدۇ؟' دەيـدۇ. ئـۇ، ھىتلېرنىـڭ يېنىدىكى ئادەم دەپ گيوبېلسنى دېمەكچى ئىدى. يەنى ھىتلېر ئۇرۇش ـ جىدەل قىلماسلىق ھەققىـدە بـۇيرۇق قىلغـان بولسـىمۇ، گيوبېلس ئىزچىل تۈردە ئۇنى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا

ئۇندەپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتۈن گۇنانى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويغانلىقنى ئېيتىدۇ".

ھەر دائىمقىدەك، ھىتلېرنىڭ (ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلغان ھالدا) ئوتتۇرىغا چىقىشى قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ قېتىمقى بۇ ئىتتىپاقلىق ئاسانلىقچە يىمرىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ستىننىس (斯登尼斯) ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچۇم قوللىغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھېچقانداق بىر داۋالغۇش پەيدا قىلمايدۇ. گېوبېلىسمۇ ئۈستىگە سۇ يۇقتۇرماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ. ئەمما ستىننىس (斯登尼斯) تىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر، بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا گېوبېلىسنىڭ سۈيىقەستچىلىك قىلىش رولى ئوينىغان بولىشى كېرەك دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. "مەسلەن ئالايلى، ئەگەر ئانا بولغۇچى بىرسىنىڭ نۇرغۇن بالىسى بار بولۇپ، ئۇ بالىلىرىدىن بىرسى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان دەيلى، بۇ يەردە ئەگەر ئانا بولغۇچى ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلسا چوقۇم ئۇ بالىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى يېنىدىن ئاجراتماي بىرلىكتە يېتىلەپ يۈرگەن بولاتتى".

تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بالىلىرىنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىشتە قۇراللىق كۈچتىن پايدىلانغانلىقىنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ستىننىس (斯登尼斯) نىڭ بېرلىندىكى ئېس-ئېسچىلارغا مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىنى ئېس-ئاچىلار ئادىمىدىن بىرسىگە ئېلىپ بېرىدۇ. فيۇرېر تۈزۈمى

www.pidaw.biz

بويىچە قوغدىلىۋاتقانلارنىڭ ھوقۇقى يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشتىن ئېس-ئاچىلار قاتتىق خوشال ئىدى. "بىز ھېچكىمنى خوشال قىلالماي ھەممىلا يەردە زەربىگە ئۇچراپ يۈرىدىغان كىشىلەرمىز. — دەيدۇ ئېس-ئاچىلار كاتىۋىشى ھېنرىك ھىملېر (海因里希•希姆莱) بىر قانچە ھەپتە كېيىن چاقىرىلغان بىر قېتىملىق ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرى يىغىنىدا، — بىز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر بۇلۇڭدا قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنى بىز باشقىلارنىڭ رەخمەت ئېيتىپ ماختىشىنى ئۈمىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭغا قارىماي، بىزنىڭ فيۇرېرىمىز ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەكە باللىرىمىز، بىز ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر تەشكىلات ھېسابلىنىمىز. چۈنكى بىز ھېچ قاچان فيۇرېرىمىزنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويمىدۇق".

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئوتتۇرلۇقتا كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى ئوينىغان ھىتلېرمۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ياكى ئىككىلىنىپ يۈرگەن ئېس-ئېسچىلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قايتا ئۈستىگە ئېلىشىنى قارشى ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. شۇنداقتىمۇ بەكلا مۇستەقىل روھقا ئىگە بولغانلىرىنى بۇ قاتارغا كىرگۈزۈشنى خالىمايتتى. ھىتلېر ئۇنداقلارنى قەتئىي تازىلىۋېتىش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سادىق ئەگەشكۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى كەڭ-قۇرساق مۇئامىلىسىنىڭ

www.pdaily.biz

كۆرستىدىغان تەسىرى ھەر دائىم ئۆزگەرمىگەن ئىدى. گەرچە نۇرغۇنلىغان قوگۇر كۆگلەكلىكلەر ھىتلېرغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش دەيدىغان تەلىۋىدىن ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەيسالارچە باياناتى ئالدىدا، بۇ تۈردىكى قاراشلارمۇ توزۇپ يوقالغان ئىدى. ھىتلېر، "مانا مەن بىر ئېس-ئا ئەتىرىتىمەن، مانا مەن بىر ئېس-ئېس ئەترىتىمەن. سىلەر بولساڭلار ئەنە شۇ ئېس-ئا بىلەن ئېس-ئېس ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسىسىلەر. بۇ ئىككى قوشۇندا، مەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرۇڭلاردا تۇرىمەن" دەيدۇ.

ئېس-ئېسچىلار ئەترىتىدە ئەندىلا تەرتىپ ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ رەھبىرى بولغان كاپىتان روم بەچچىۋازلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىۋاتىدۇ دېگەن سۆز-چۆچەكلەر سەۋەبىدىن قاتتىق ھاقارەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا، ھىتلېر بۇنىڭغا ئوخشاش ئەرز-شىكايەتلەرنى بىراقلا رەت قىلىۋەتكەن ئىدى. "پارتىيە گۇۋاردىيە قوشۇنى (يەنى ئېس-ئېس تەشكىلاتى ياكى قوگۇر كۆگلەكلىكلەر ئەترىتى — ئۇ.ت)، مەخسۇس بەلگىلەنگەن سىياسى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان بىر قوشۇن. بۇ قوشۇن ھەرگىزمۇ ساپ قىزلاردىن تەشكىل تاپقان ئەخلاقلىق بىر ئورگان بولماستىن، قاراملارچە ئۇرۇشىدىغان يىگىتلەردىن تەشكىل تاپقان بىرلەشكەن بىر گەۋدە." دەيدۇ. ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ، قايسى بىرىلىرىنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە شەخسى ئىش؛ ئەگەر ئۇ كىشى مىللى

سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە پۈتلىكاشاڭلىق قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىرسىنىڭ شەخسى ئىشلىرىغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ سەتچىلىك خەۋەرلىرى پارتىيە ئىچىدە بىر ۋەقە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزئارا پىچىرلىشىپ يۈرەتتى. ستىنىس (斯登尼斯) قوزغىلىڭى ۋاقتىدا تازىلىۋېتىلگەن ئوفىتسېرلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورنىغا ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا رومنىڭ بەچچىۋاز ھەمرالىرى ئالماشتۇرۇلدى دەپ يۈرۈشەتتى. بۇ تۈردىكى ئەيىپلەشلەرگە قارىتا روم، خۇددى ئېيس-ئاچىلار ئەترىتى زوراۋانلىق قىلىش خاتالىقى سادىر قىلغىنىدا ئەيىپلەنگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، پەرۋامۇ قىلماي يۈرىۋېرىدۇ. "قەدىرلىك دېلمېر ئەپەندى، راس، مەن بۇرۇن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ھەقىقەتەنمۇ قوپالغان ئىدىم، ئاسانلا خاپا بولۇپ كېتەتتىم. ئەمما بۇندىن كېيىن كۆرۈپ قالىسىز، مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر بۇندىن كېيىن قائىدە-تۈزۈملەرگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، تەرتىپلىك بىر قوشۇنغا ئايلىنىدۇ! مېنىڭ ۋەزىپەم، كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئاسان يولۇقىدىغان مىليونلىغان ئىشسىز ئىشچىلارنى ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشتىن ساقلاش، ئۇلارنى تەرتىپلىك پۇخرالاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق گېرمانىيىنى قوغداش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بولشېۋىك دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت." بۇ گەپلەرنى روم، ئاپرېل (ئۇمۇت) ئاخىرىدا لوندوندا چىقىدىغان «تېز خەۋەرلەر»

گېزىتتىنىڭ مۇخپىرى دېلمېرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەيدۇ. بۇ مۇخپىر ئۇنى ئەسكەرتىپ كېلىپ، "ئويغۇنۇڭلار نېمىسلار!"، "يەھۇدىيلار يوقالسۇن!" دېگەندەك ۋارقىراپ چالۋاقاشلارنى تەرتىپ ئىنتىزامغا بويسۇنغانلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

"ھە، ئۇ شۇئارلار، سىز بۇ شۇئارلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا چۈشىنىۋالسىڭىز بولمايدۇ. بولمىسا سىز بۇ شۇئارلارنىڭ مەنىسىنىڭ يېرىمىنىلا چۈشىنەلىگەن بولۇپ قالىسىز. — دەيدۇ روم. ئاندىن ئۇ مۇخپىرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان باشقا گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ، — مەن ھازىر ئۇنداق داۋراڭ قىلىپ غەلۋە تېرىيدىغان، تەرتىپ ئىنتىزامغا بوي سۇنمايدىغان كىشىلەرنى پارتىيە گۋاردىيىسى تەركىۋىدىن تازىلاش ئىشىنى باشلىۋەتتىم. بۇنداق بىر قوشۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى تازىلاشلارنىڭ چوقۇم پايدىسى بولىدۇ دەپ قارايمەن." ئۇ ئۆزىنىڭ بېرلىنغا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. روم چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، پايتەختتە بۇرۇن بىر توپىلاڭ يۈز بەرگەن، بۇ توپىلاڭغا كاپىتان ستېنىس (斯登尼斯)رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. بۇ ئادەم رەسمىي سارالىڭ بىرسى، ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي ئۆزى بىلەن ھىتلېرنىڭ سالاھىتىگە قارشى چىقماقچى بولغان ئىدى، دەيدۇ. روم يەنە دېرمغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: توپىلاڭچىلار بېسىقتۇرۇۋېتىلدى. ھازىر ھەممە ئىش ئۆز رېتىگە چۈشتى.

ئاردىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتۈپ، روم، دېلمېرنى "قوڭۇر بىنا" غا بېرىپ فيۇرېرنى بىر زىيارەت قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. دېلمېر بېرىپ ھىتلېرنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتىدا، ھىتلېر ئۇنىڭغا: ئۆزىنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەلىۋىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ: بۇ تەلەپلەردىن بىرسى گېرمانىيىدىن ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشنى بىكار قىلدۇرغۇزۇش بولۇپ، يەنە بىر تەلىۋى "شەرقتە ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان بولۇش". ئۇ گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى چېگراسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى قولدىن چىقىپ كەتكەن مۇستەملىكىلىرىنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بەك قىزىقمايدىغانلىقىنى، ئۇ پەقەت نەچچە مىليونلۇق ئارتۇق گېرمانىيە نوپۇسىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىگە تارقىلىپ يەرلەشتۈرۈشنىلا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېلمېر ھىتلېردىن، سىز قانداقلارچە پولشا تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلمىغان ئاساستا سوۋېت تۇپراقلىرىغا كىرەلەيسىز؟ دەپ سورايدۇ. ھىتلېر بۇ سۇئالغا قىسقىلا قىلىپ: "بۇنىڭمۇ بىر ئامالى تېپىلىپ قالار." دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، پادىشا ئوۋگۇست ۋىلھېلم كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ھاياجان ئىچىدە، 1931-يىلىنىڭ دەسلەپكى 4 ئېيىدا 2400 نەپەر قوڭۇر كۆڭلەكلىك جەڭچىمىز ماركسىزمچىلار بىلەن ئۇرۇشتا يارىلانغان ياكى قۇربان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.
"فيۇرېرىم، — دەيدۇ خانزادە، — بۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش!"
"توغرا دەيسىز، — دەيدۇ ھىتلېر دەرھال جاۋاب بېرىپ، — بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش." مۇخبىر، ھىتلېرنىڭ

www.pidaiy.biz

هەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىر زوراۋان ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ سوھبەت ھەققىدە ماقالە يېزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ ماقالىسى 3-ماي (ئارسلان) كۆنىسى گېزىتتا بېسىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا، "گېرمانىيە ياۋروپا فاشىسىزم لاگىرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلماقتا" دېگەن پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## (6)

1931-يىلى ياز ئايلىرىدا، ھىتلېر پارتىيىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆچەيتىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇش بىلەن بىرگە، كۆرەشنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى ستىننىس (斯登尼斯) توپىلىڭىدا ئاشكارىلىنىپ چىققان ئاجىز نوقتىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا پارتىيە گۇۋاردىيىسىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقىشقا قارىتىدۇ. بۇ كۆنلەردە يەنە، بىر شەخسى ئىشىمۇ ئۇنى قاتتىق ئەنسىرتىپ كەلمەكتە ئىدى. ھىتلېر، شوپۇرى ھەمدە سەپدىشى بولغان مورىس (莫里斯) نىڭ ئۇنىڭ جىيەنى گېلى بىلەن يوشۇرۇنچە توي قىلىشقا كىلىشىپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ قىز ئىزچىل تۆردە ئۇنىڭ پروسلىگېندېن () مەيدانىدىكى ئۆيىدە تۇرىۋاتقان بولۇپ، قىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئۇنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا ۋە ھەرىكەتلىرىمۇ چەكلىنىپ تۇرغان ئىدى. قىزىق يېرى، بۇ ئىشنى فيۇرېرنىڭ ئۆزى مورىسقا مەسلىھەت قىلغانلىقى ئىدى. "سىلەر توي قىلغاندىن كېيىن مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى

www.rjdaiy.biz

كېلىپ ئۆيلۈگىلاردا سىلەر بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يەيمەن” دەپ بۇ يىگىتنى رىغبەتلەندۈرۈپمۇ تۇراتتى. “مەن ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ گېلى بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. — دېگەن ئىدى مورىس بىرسىگە، — مەن بۇ قىزنى باشقىلارغا ئوخشاش بەكلا ياخشى كۆرەتتىم. گېلىمۇ خوشاللىق بىلەن تەلىۋىمنى قوبۇل قىلدى.” يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بويان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلار ئۇ ئىككىسىنىڭ راستىنلا بىر-بىرسىنى ياخشى كۆرىدۇ دېيىشتى. مورىس بىر كۈنى گيوبېلسقا بۇ قاملاشمىغان مۇھەببەتلىشىش ئىشىدىن پۇشمان قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىدۇ. ئاخىرى مورىس غەيرەتكە كېلىپ بۇ ئىشنى ھىتلېرغا ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا  مورىسنى ماڭا ساداقىتىڭ يوق ئىكەن دەپ ئەيىپلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ۋەزىپىسنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

فيۇرېرغا يېقىنلىشالايدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر قىزنىڭ غېمىنى قىلىدىغان تاغىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقان بىرسى ئىدى. “ئۇنىڭ بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈشى ئاتىلىق مېھرىنى بېرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. — دەيدۇ ئۆي باشقۇرغۇچىسى ئاننى ۋېنت (安妮•文特) ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ. — ھىتلېر بۇ قىزنىڭ بەختلىك بولىشىنىلا ئويلايتتى. گېلى دېگەن بۇ قىز ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپلا يۈرىدىغان بىر قىز. ھەممە كىشىنى قولغا چۈشەرسەم دەپ ئويلايتتى. ھەتتا ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداقلاردىن بىرى دېيىش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر ئۇنى

ئاسراشتىن نېرى ئۆتكەن ئەمەس." مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گېلىنى ھىتلېرنىڭ قولىدىكى بىر ئەسىر دېيىش مۇمكىن ئىدى. ھىتلېر بۇ قىزغا ئەركىنلىكتىن باشقا نېمىنىلا تەلەپ قىلسا بېرەتتى. ھەتتا مۇزىكا دەرسى ئاڭلاشقا ماڭغىنىدىمۇ چوقۇم ئىشەنچىلىك بىرسى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بىرگە بېرىشى شەرت ئىدى. گېلى بىر قېتىم قايسى بىر تۇققىنىغا ئاچچىغلاپ دەرد تۆكۈپ: "ئۇنىڭ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ تەس. ھىتلېر نەگىلا بارسا ئۇنى بىللە ھەمرا بولۇپ بەر دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. بۇنىڭدىن گېلى بەكلا ئىچى سىقىلاتتى. بولۇپمۇ گىرېگور بىلەن ستراسسېر ئىككىسى ئۇنىڭ ھىتلېر بىلەن ئاشكارە ھەمرا بولىشىنى پەقەتلا توغرى تاپمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ئىشلار گېلىنىڭ باشقا يىگىتلەر بىلەن يېقىنلىشىشىغىمۇ توسالغۇ بولاتتى".

بىر كۈنى ئاخشىمى، خانفستانگىل ئەر-خوتۇن لىشدىنىس (雷西登茨)تىياتىرخانىسىدا ھىتلېر بىلەن گېلى ئىككىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، تۆتەيلەن بىرلىكتە شۋارتسۋارد (施瓦茨瓦尔德)رېستورانتىدا كېچىلىك تاماق يېيىشىدۇ. خانفستانگىل، گېلىنىڭ "بەكلا زىرىكىپ كەتكەنلىكىنى، تىنىماي ئەتىراپىدىكى ئۆستەللەردىكى كىشىلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى" سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ قىزنىڭ ھىتلېر بىلەن بىرگە يۈرىشىنىڭ مەجبۇرىيەت ئاساسىدىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. خانفستانگىل خانىمۇ، گېلى دىگەن بۇ قىزنىڭ بەكلا ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس

قىلغان. "بۇ قىز تۇرمۇشىدا ئۆزى خالىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي يۈرگەندەك" تۇيغۇ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ۋېنت (文特)خانىم گېلىننىڭ ھىتلېرنىڭ ئارقىغا كىرىۋالغانلىقىنى دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. "بۇ قىز تەبىئىكى ھىتلېر خانىمى بولۇش خىيالىدىلا ئىدى. ھىتلېر بۇنىڭغا ئەلىۋەتتە لايىق كېلەتتى. ... شۇغىنىسى بۇ قىز ھەممىلا كىشىگە بەكلا يەڭگىلتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، قىزلارغا خاس پەزىلەتكە ئىگە بىرسى ئەمەس ئىدى".

شۇنىسى ئېنىقكى، گېلى ھەقىقەتەنمۇ ھەممىنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇرىدىغان داڭلىق بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ھەر قېتىم خوك (赫克) قەھۋەخانىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئۈستىلى ھەۋەس قىلىدىغانلار تەرىپىدىن ئورىۋېلىناتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئاياللار بولاتتى. بۇ ئاياللار كېلىپ ھىتلېرنىڭ قولىنى سۆيۈشۈپ ئۇنىڭدىن خاتىرە قالدۇرغىدەك بىرەر نەرسە ئۈندۈرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. يەنە شۇنىڭدەك ئېنىقكى، فيۇرېرنىڭ گېلىنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى ئەتىراپىدىن كەتمەي يۈرىدىغان يىگىتلەردىن كۆپ ئۈستۈن دېيىشكە بولاتتى. "ھىتلېر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. — دەپ كېيىن ئېيتىدۇ مورىس(莫里斯) ، —ئەمما بۇ سۆيگۈ بەكلا غەلىتە بىر ياخشى كۆرۈش، ئاشكارە ئىپادىلەشتىن قورقىدىغان بىر تۈرلۈك سۆيگۈ ئىدى. ئۇنىڭ غورۇرى بەكلا كۈچلۈك بولغاچقا، ئاياللارغا ھەۋەس قىلىشتەك ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى".

www.pjdaily.biz

يەنە بەزىلەر، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم رەڭدار مۇناسىۋەتلەر بولىشى مۇمكىن دەپ قارىشاتتى. ئوتتو ستراسسېر يەنە ئاڭلىۋالغان سۆز-چۆچەكلەر ئاساسىدا بىر پارچە ماقالىمۇ يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇنداق گەپلەرگە ھىتلېرنىڭ ئەڭ يامان گەپلىرىنى ئاڭلاشنىلا خالايدىغان كىشىلەرلا ئىشىنىشى مۇمكىن. ئەسلىدە ھىتلېر راستىنلا بۇ جىيەن قىزىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت بولۇش ئېھتىمالى يوق بولىشى مۇمكىن. ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم بەكلا كونسېرۋاتىپ بىرسى بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئايالنى ئاشكارە قوغلىشىپ يۈرمەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭدەك ئۇمۇ بۇ جەھەتتە ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىپلا يۈرىدىغان بىرسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئالتۇن ساندۇقتا پەرىزات ساقلايدىغان بىرسى ئەمەس. ھىتلېر ئاشىنىسىنى ئۆيىدە ساقلىغىنىدا، بولۇپمۇ ئۇگەي ھەدىسىنىڭ قىزىنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆيىدە ساقلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

سىنتەبىر (ياچاق) كىرىشى بىلەن، گېلى يەنە بىر يىگىت تېپىۋالىدۇ. بۇ يىگىت ئاۋستىرىيىلىك بىر رەسسام ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغانلاردىن ئىدى. كرىستار شېرلوك ) (克里斯达•施洛德)ھىتلېرنىڭ كاتىپى) نىڭ دېيىشىچە، ئۇ يىگىت شۇ ھامان قىزغا توي قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. بىر

قېتىمدا گېلى، بىر ئاۋسترىيىلىك رەسسام بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى، بۇ ئىشتىن بەكلا قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك بەختسىز رومانتىك كەچۈرمىشىدىن خوفمان خانىمغا سۆز ئېچىپ بولۇپلا، دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ: "شۇنداق، بۇ شۇنچىلىكلا بىر ئىش! بىز ئايال خەق بۇنداق ئىشلاردا ھەقىقەتەنمۇ چارىسىز قالىدىكەنمىز. قويۇڭ بۇ گەپلەرنى، باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى!" دەپ گېپىنى ئۈزىۋەتكەن. ئەمما بۇ ئىشتىن ھىتلېر خەۋەر تاپا-تاپمايلا دەرھال ئۇنى مەجبورلاپ، ئۇ رەسسام بىلەن بولغان بارلىق بېرىش-كېلىشىڭنى دەرھال توختىتىسەن، دەپ زورلايدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق گەپ قىلالىشىدا چوقۇم ھەدىسى ئانگېلانىڭ ماقۇللىغى بولىشى كېرەك.

سىنتەبىر (ياچاق) نىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، گېلى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ مۇزىكا دەرسىگە بارالمايدىغانلىقىنى، ۋېيىنناغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇختۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن دەرھال بېرچتېسگادېنغا ئاپىسىنى كۆرگىلى بارىدۇ. ئۇ ئەندىلا كېلىشىگە تاغىسى "ئادولف" تىن تېلېفون كېلىپ، ئۇنى دەرھال مىيونخېنغا قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامال يوق قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇ مىيونخېنغا يېتىپ كەلگىنىدە ھىتلېرنىڭ مىيونخېندىن ئايرىلىپ يەرلىك مەسئۇل كادىرلار بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ "مېنى بىكاردىن-بىكارغا قۇرۇق يول

www.pidaiy.biz

ماڭغۇزدۇڭ" دەپ تاغىسىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ۋېيىنناغا بارالمايسەن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ گېلى تاغىسىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. 17 ـ سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى، ئىككىسى بىرگە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەپ (ئىتالىيە لەغمىنى) ئولتۇرۇپمۇ تالاش ـ تارتىشى بېسىقمايدۇ. ئاشخانىدىكى ۋېنت (文特) خانىم ئۇلار ئىككىسىنىڭ بارغانسېرى قاتتىق ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. ھەمدە ئۇ قىز تامىقىنى تاشلاپ تاماق يېيىش ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىققىنىدا چىرايىنىڭ غەزەپتىن قىپ ـ قىزىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

گېلى ياتىغىدىن چىقماي يېتىۋالىدۇ. كېيىن، تاغىسىنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيىدىن چىقىپ ئۇنىڭ كەينىدىن زالغا چىقىدۇ. تۆۋەندە ھىتلېر بىلەن بىرگە يولغا چىقماقچى بولۇپ خوفمان كۈتۈپ تۇراتتى. گېلى سول قولىغا بىر نېمە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا نېمە بارلىقىنى سېيشىت () خانىم ئېنىق پەرق قىلالمايدۇ. "خەيرى ـ خوش ئادولف تاغا! ــ دەيدۇ گېلى ۋارقىراپ، ــ خەير ـ خوش خوفمان ئەپەندىم"!

ھىتلېر دەرۋازا تۆۋىدە قەدىمىنى توختىتىپ كەينىگە بىر دەم قاراپ كېتىدۇ. ئاندىن قايتىپ بىناغا كىرىپ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇ گېلىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. ئەمما گېلى قىمىرمۇ قىلماي غەزەپتىن بوتتەك قېتىپ ئولتۇرىۋالىدۇ. كېيىن گېلى ئۆي

www.pidaw.biz

خىزمەتچىسىگە: "راستىنى دېسەم، مېنىڭ بۇ تاغام بىلەن قىلچىمۇ ئورتاق نوقتىمىز يوق ئىكەن" دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ شوپۇرى جۇلىئوس شىلېك مېرسېدېس بېنچ ماركىلىق پىكاپىنى ھەيدەپ پولىنسىلگېن (普令斯雷根) كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىدا، ماشىنىدا ئولتۇرغان ھىتلېر بېشىنى چۆكۈرۈپ گەپمۇ قىلماي جىم ئولتۇرىۋالىدۇ. تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ خوفمانغا قاراپ: "نېمە ئۈچۈندۇ، بەكلا بىئارامىلىق ھېس قىلىۋاتىمەن" دەيدۇ. خوفمانمۇ فيۇرېرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، بەلكىم ئالپىس تاغلىرىغا خاس جەنۇپ شامىلىدىن بولسا كېرەك، دەيدۇ. ھىتلېردىن ئۈن چىقمايدۇ. مېرسېدېس بېنچ نيۇرنبېرگكە قاراپ يولىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئۆيىدە لېيشىت (莱舍特) خانىم ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ بىر نەرسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، "گېلى مېنىڭچە گىرىم ئۈستىلىدىكى ئەتىر قۇتىسىنى دىققەتسىزلىكتىن يەرگە چۈشۈرىۋەتتى ھەقىچان، شۇنىڭ چېقىلغان ئاۋازى بۇ" دەيدۇ ئاپىسىغا. بىر ئېھتىمالدا گېلى ھىتلېرنىڭ پەلتو يانچۇقىنى ئاختۇرىۋاتقىنىدا بىر نېمىگە تېگىپ كەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ تاغىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت تېپىۋالىدۇ. خەت زەڭگەر قەغەزگە يېزىلغان بىر خەت ئىدى. بۇ ئەسلىدە ئېۋا براۋن (爱娃•勃劳恩) نىڭ ھىتلېرغا يازغان خېتى ئىدى. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەكلا يوشۇرۇن بولغاچقا، بۇ ئىشتىن گېلى

پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئاننى ۋىنت () خانىم بۇ خەتنى يىرتىپ تۆت پارچە قىلىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان. ھەممە ئىشقا چىپىلىپ سوراپ تۇرىۋالىدىغان ۋىنت () خانىم ئۇ خەت پارچىلىرىنى تېپىپ چاپلاپ قايتا بىرلەشتۈرىدۇ. خەت تەخمىنەن مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

> سۆيۈملۈك ھىتلېر ئەپەندىم،
> مېنى تىياتىر كۆرۈشكە ئاپارغىنىڭىز ئۈچۈن قايتا بىر قېتىم رەخمەت ئېيتىمەن. ئۇ ئاخشىمى ھەقىقەتەنمۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ئاخشام بولغانىدى. سىزگە بولغان ھېسسىياتىم سەۋەبىدىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدىمەن. شۇڭا سىزنى قايتا كۆرۈشكە تەقەززارمەن.
> — سىزنىڭ ئېۋايىڭىز

گېلى (Angela Maria Raubal, Geli 吉莉) ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ مېنى ھېچ كىم ئاۋارە قىلمىسۇن دەيدۇ. گەرچە ئۇ قاتتىق خاپا ھالدا بولسىمۇ، ۋىنت (文特) خانىم ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئەنسىرىمەيدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ۋىنت (文特) خانىم بۇرۇنقى كۈنلەردىكىدەك ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. لېشىت (莱舍特) خانىم بولسا قىزى بىلەن بىرگە ئۇخلايدۇ. خېلى كەچ بولۇپ قالغان بىر ۋاقىتلاردا، ئۇلار بۇغۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، بەك دىققەت قىلىپ كەتمەي يېتىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ "ئەكە" قىزنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپ قالغان ئىدى.

www.pidaily.biz

ئەمما ئەتىسى ئەتىگەندە لىشىت (莱舍特) خانىم گىلىنىڭ ئىشكى يەنىلا ئىچىدىن تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال مېكس ئامان بىلەن فرانز شۋاتز (弗朗兹•施瓦茨)قا تېلېفون قىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر قۇلۇپچىنى تېپىپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتۇرىدۇ. گىلى يەردە سافانىڭ يېنىدا ياتقان بولۇپ، يېنىدا 6.34 مىللى مېترلىق بىر تاپانچە تۇراتتى. ئۇق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتكەن ئىكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، نيۇرېنبېرگتا ھىتلېر بىلەن خوفمان يېڭىلا گېرمان مېھمانخانىسىدىن چىقىپ ھامبۇرگقا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. مېرسېدېس بېنچ ماركىلىق پىكاپ ئەندىلا شەھەردىن چىققىنىدا ھىتلېر كەينىدىن بىر كىچىك ماشىنا ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىرەر ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شوپۇرى شرېكقا سۈرئەتنى ئاشۇرۇشنى جىكىلەيدۇ. ئاندىن ئۇ كەينىدىكى پىكاپنىڭ بىر تاكسى ئىكەنلىكىنى، شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ گېرمان مېھمانخانىسىنىڭ بىر كۈتكۈچىسى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. ئۇ كۈتكۈچى ھېلىغىچىلا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ماشىنىنى توختۇتۇڭلار دېگەن بەلگىنى بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ماشىنىنى توختاتقىنىدا، كۈتكۈچى كېلىپ ھىتلېرغا ھېس ئەپەندى مىيونخېندىن تېلېفون قىلىپ سىزنى ئىستەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، بىزمۇ تېلېفوننى قويىۋەتمەي سىزنى چاقىرغىلى كەلدۇق دەيدۇ. ھىتلېر دەرھال مېھمانخانىغا قايتىدۇ. قالپىقى بىلەن قامچىسىنى بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىغىنىچە بېرىپ

تېلېفـون تۇرۇپكىسـىنى قولىغـا ئالـدۇ. تېلېفـون بوتكىسـىنىڭ ئىشـىكى ئوچـۇق قالغـانلىقى ئۈچـۈن، ھىتلېرنىـڭ دېـگەن گەپلىرىنى خوفمانىمۇ ئاڭلاپ تۇرىـدۇ: "ھە، مەن ھىتلېـر، نـېمە بولدى؟ — دەيدۇ. سەل تۇرىۋېتىپ، — ئاھ، تەڭرىم! دەھشەت گەپقـۇ بـۇ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىـدۇ. ئانـدىن ترۇپكىغـا ئـاغزىنى يېقىنلاشـتۇرۇپ ۋارقىرايـدۇ، — ھـېس، دېگىـنە، دېگەنلىرىـڭ راس گەپمـۇ يـاكى ... ئـۇ ھـازىر تىرىكمـۇ؟" دەپ سـورايدۇ. روشەنكى، بىر بولسا تېلېفون يولىدا بىرەر كاشال بولدى، ياكى بولمىسا ھـېس تروپكىنـى قويـۇۋەتتى ھەقىچان، ئـاۋاز ئۈزۈلـۈپ قالغان ئىدى.

"ھىتلېرنىـڭ قـاتتىق پاراكەنـدە بولىشـى باشـقىلارغىمۇ تەسـىر قىلغان ئىدى. — دەيدۇ خوفمان ئەسلىمىسىدە، — شـوپۇرىمىز بولىشـىغا مـاي بېرىـپ كىچىـك ماشـىنىنى مېيونخېنغـا قـاراپ ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ ھەيدەيـدۇ. كەيىنىـى كـۆرۈش ئەينىكـدىن ھىتلېرنىـڭ چىرايىنـى كـۆرۈپ ئولتـۇراتتىم. ئـۇ لېـۋىنى چىـڭ چىشـلەپ، ئالـدىغا قـاراپ تىكىلىـپ ئولتـۇراتتى. ئەممـا ئۇنىـڭ كۆزىگە ھېچ نېمە كۆرۈنمەيدىغانلىقى ئېنىـق." ئۇلار ھىتلېرنىـڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە گېلىنىـڭ جەسـىدى ئېلىـپ كېتىلگەن ئىـدى. شـەنبە (ئازنـاراس) كـۈنى بولغاچقـا، بـۇ ۋەقەنـى ھـېچ قانداق بىر گېزىـت ئېلان قىلمىغـان ئىـدى. بـۇ ئىـش دۈشـەنبە (بـاش، سـاقان) كـۈنىگە كەلگەنـدىلا ئانـدىن گېـزىتلاردا خەۋەر بولۇپ بېسىلىدۇ. بەزىلەر دارىتمىلاپ كېلىپ، ھىتلېر بـۇ جىـيەن قىزىنـى تاشـلىۋەتكەن بولغاچقـا قىـز چىـدىماي ئۆلىۋالغـان

www.pidaly.biz

دېيىشكەندى. يەنە بەزىلەر، ئەدىلىيە مىنىستىرى پاكىتلارنى يوقۇتۇۋەتكەن دەپ يېزىشقان ئىدى. سوتسىيالىزمچىلارنىڭ گېزىتى بولغان «مىيونخېن پوچتىسى» گېزىتى ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە يېزىپ، گېلى بىلەن ھىتلېر ئىككىسىنى ھەر دائىم ئۇرۇشۇپ تۇراتتى دەپ تەپسىلى توختالغان. ئۇلار يەنە بىر قېتىم بۇ قىزنىڭ بۇرنىنى ھىتلېر ئۇرۇپ سۇندۇرىۋەتكەنىكەن، قىزنىڭ بەدىنىدە ھىتلېرنىڭ خارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يارا ئىزلىرىمۇ بار ئىكەن دەپ يېزىشىدۇ. گېلىنى ھىتلېر ئۆلتەرگەن بولىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى گېلى ئۆلگەن ۋاقىتلاردا ھىتلېر نيۇرېنبېرگدا ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇنى سەتچىلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھىتلېر ھەمراللىرىغا بۇيرۇق قىلىپ ئۆلتۈرگۈزگەن بولىشىنىمۇ قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شۇنداق بولغان دەپ پەرەز قىلىنغىنىدىمۇ ئۇنى فيۇرېر ئۆز ئۆيىدە ئەمەس سىرتتا بىر يەرلەردە ئۇجۇقتۇرغۇزۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ھىتلېرنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى، گېلىنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈنلەي پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە بولىشى كېرەك، يەنى قانداقتۇ بىرەر ئاۋازدىن ئۈركۈپ كېتىپ، قورققىنىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولىشى مۇمكىن دېيىشەتتى. يەنە بىر قاراشتا، بۇ قىز تاپانچىنى ئوينىپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كېتىشىدىن ئۆلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئوتتۇردىكى دەلىللەردىن قارىغاندا، ئەڭ مەنتىقىلىق خۇلاسە ــ بۇ قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان دېيىشكىلا بولاتتى. ئۆلۈۋېلىشىنىڭ

www.bilday.biz

سەۋەبىگە كەلسەك، بىر تۇرلۇك ئۇمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قېلىپ ياكى كۇندەشلىك قىلىپ، ۋەياكى باشقا نامەلۇم بىرەر سەۋەپ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۇرىۋالغان بولىشى كېرەك دېيىشكىلا بولاتتى. ۋىلھېلم پاترىك ھىتلېرنىڭ ئاپىسى خانفىستانگىلغا، "ئائىلە جەمەتىمىزدىكىلەرگە بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبى بەش قولدەك ئايان: لىنزدىكى بىر يەھۇدىي، يەنى بىر رەسىم ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ھاملىدار قىلىپ قويغاچقا ئۆزىنى ئۆلتۇرىۋالغان" دەپ ئېيتقان.

1931ـ يىلى، بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشتە، فيۇرېرنىڭ يەنە بىر نەۋرە ئىنىسى بولغان خانس ھىتلېر بۇ گەپلەرنى قەتئىي تۇردە رەت قىلىدۇ.

ھىتلېر قاتتىق ئۇمىتسىز، قاتتىق سەتچىلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ فرانكقا "بۇ قېتىمقى تۆھمەت چاپلاش ھەرىكىتىگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۇچۇن بۇندىن كېيىن قەتئىي گېزىت كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ، بۇندىن كېيىن سىياسى پائالىيەتلەردىن قەتئىي تۇردە قول ئۇزۇپ، جامائەت ئارىسىغا يەقەتىلا چىقماسلىق ئۇچۇن سىياسى سەپتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشنىمۇ ئويلىغانلىقىنى" ئېيتقان. بۇنچە ئېغىر ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە خوفمان بىلەن بىرلىكتە سەھرالارغا قېچىپ كەتكەن. يەنى ئۆزىنىڭ نەشرىياتچىسى بولغان ئادولف مىل (阿道夫•米勒)نىڭ تىگىنىش (特格恩西) تىكى داچىسىغا بېرىۋالىدۇ. داچىغا يېتىپ بارغاندا ئۇنىڭ شوپۇرى خوفماننىڭ قۇلىقىغا، ئۆزىنى ئۆلتۇرىۋالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ ناگىنىنى تىقىپ

قويــدۇم” دەپ پىچىرلايــدۇ. ئــۇ داچىغــا كــىرەر كــىرمەي قــولنى ئارقىغــا قىلغىــنىچە ئــۆي ئىچىــدە توختىمــاي ئالــدى-كەيــنىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. خوفمــان ئۇنىڭــدىن نــېمە يىگىســى بــارلىقىنى سورىغىنىدا، ھىتلېــر ھــېچ نــېمە يىگىســى يــوقلىقىنى بىلــدۈرۈپ بېشىنى چايقايدۇ. ئۇ سائەتلەپ شۇنداق ئالدى-كەينىگە مېڭىــپ تا يېرىم كــېچىگىچە توختىمايــدۇ. تــاڭ يورۇشــقا ئــاز قالغــان بىــر ۋاقىتتا خوفمان كىلىپ ئۇ تۇرىۋاتقان ئۆيىنىــڭ ئىشــىكىنى ســىلىق چېكىدۇ. ئىچىدىن بىرەر تىــۋىش كەلمەيــدۇ. شــۇڭا ئــۇ ئىشــىكنى ئۆزى ئىچىپلا ئىچىگە كىرىدۇ. قارىسا ھىتلېر ھــېلىغىچە قــولىنى كەيــنىگە قىلىــپ دېرىــزىدىن يىراقلارغــا تىكىلگــىنىچە مېڭىشــتىن توختىمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

خوفمان ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ ئىتالىيانلار لەغمىنىنــى قانــداق ئېتىش كېرەكلىكىنى سورايدۇ. ھىتلېــر بۇنــداق لەغمەننــى بەكــلا ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېر يەنىلا تاماق يىيىشكە ئۇنىمايــدۇ. ئۇ ھېچ قانداق بىر نەرسە يىمەي ئىچمەي يەنە ئىككى كۈن ئــۆي ئىچىدە ماڭىدۇ. ئاردا بىر قېتىم تېلېفــون تۇرۇپكىســنى ئېلىــپ بىرسىدىن كەلــگەن تېلېفونغــا جاۋاب بېرىــدۇ. تېلېفــون قىلغــان كىشى فرانــك بولــۇپ، ئــۇ تېلېفونــدا، تەدبىــر قوللىنىــپ، يەنــى قانۇنــدىن پايــدىلىنىپ گېزىــت ساھەســىدىكىلەرنىڭ ئۇنــداق پەسكەشــــلەرچە قـــارا چـــاپلاش ھەرىكـــىتىگە چەكلـــىمە قويــدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىــدۇ. ئــۇ ھــارغىن ئــاۋازىنى ئــارانلا چىقىرىــپ: “رەخــمەت ســاڭا. مەن چوقــۇم قايتىــدىن ئەســلىمگە

كېلىشكە تىرىشىمەن. مەن سېنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن” دەيدۇ.

خەۋەر ئاخىرى مىل (米勒) نىڭ داچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ: گېلىنىڭ مېيىتى ۋىيېننادا يەرلىككە قويۇلغان؛ جانازا مۇراسىمىغا روم، مىل، ھىملېر ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنى مىللەتچى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ۋىيېننا مەسئۇلى دەپ تونۇشتۇرغان ياش، ئالفرېد فراۋنفولد (阿尔弗雷德•弗劳恩弗乐德) دېگەندەك كىشىلەر قاتناشقان ئىدى. ھىتلېر سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ، قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە قارىماي ئۇ يەرگە بارماقچى بولىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، شوپۇرى شىركنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ مېرسېدېس بېنچتا ئاۋستىرىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. خوفمان ئۆزى يالغۇز كەينى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار گەپمۇ قىلىشماي ئاۋسترىيە چېگراسىغا قاراپ ماشىنىلىق يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۇھاپىزەتچىلىرى ئولتۇرغان بىر چوڭ ماشىنىمۇ بىرگە كېلىدۇ. ئۇلار يېتىپ بارغان ۋاقىتتا تاڭمۇ يورۇپ قالىدۇ.

ئۇلار ۋىيېننا شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلگىنىدە، مېرسېدېس ماتەم يېرى ئۈچۈن بەكلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، فراۋنفولد (弗劳恩弗尔德) ئۇلار ئۈچۈن باشقا بىر كىچىك ماشىنا تەييارلاپ قويغان ئىدى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە مەركىزى قەۋرىستانلىققا يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر قەۋرە ئۈستىگە گۈل قويىدۇ. قەۋرە تېشىغا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

www.pidaw.biz

سۈيۈملۈك قىزىمىز گېلى
بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىغا ماڭدى
ئۇ بىزنىڭ نۇرىمىز
1908 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن (باشاق) دا تۇغۇلۇپ،
1931 ـ يىلى 18 ـ سىنتەبىر (ياچاق) دە ۋاپات بولغان
راۋباللار ئائىلىسى

هىتلېر فراۋىنفورد () نىڭ داچىسىغا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇزۇندىن بويانقى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۇ، تىياتىرخانا ئالدىدىن ئۆتكىلى بولارمۇ، دەپ سورايدۇ. فراۋۇنفورد () جاۋابەن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. "هە، مەيلى ئايلىنىڭ ئەمسە" دەيدۇ. هىتلېر ئۇنىڭغا "ئىچىگە كىرەلمىسەكمۇ هېچقىسى يوق، يېنىدىن ئۆتسەكمۇ بولىۋېرىدۇ." دەيدۇ. هىتلېر فراۋۇنفورد () نىڭ ئۆيىدە تويغىچە ناشتا (نائىۇشتا) قىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن گەپ باشلايدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى پاجىئە ئۈستىدە گەپ قىلمايدۇ. بەلكى گېرمانىيىنىڭ سياسى ئىستىقبالى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ جەرياندىكى پىلانلىرى هەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى كەسكىن، ئىشەنچكە تولغان ئىدى. ئۇ يەنە فراۋۇنفورد () قا، ئەگ كېچىككەندە 1933 ـ يىلى، پولەكلەر دانزىكنى ئىشغال قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم گېرمانىيىدە هاكىمىيەت ئۈستىگە چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يولغا چىقىپ ئۆزىنىڭ پىكاۋىغا ئولتۇرىشى بىلەن تەڭ، ئۇ يەنە باشقىلاتىن ئالدىغا قاراپ تىكىلگىنىچە جىم ئولتۇرىدۇ. بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ ئۇ ئاۋازلىق ئويلىنىۋاتقاندەك گەپ قىلىدۇ: "شۇنداق، ئەندى بۇ كۈرەشنى باشلىۋېتىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم بۇ كۈرەشتە ئۇتۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ياق، بىز چوقۇم يېڭەلەيمىز"!

ئاردىن بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر مەسئۇل كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاپتوموبىللىق شىمالغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. يولدا ھەمرالىرى بىلەن بىرلىكتە كىچىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپ بىر كېچە قونىدۇ. ئەتىسى ناشتىدا ھىتلېر ئىسلانغان توگگۇز پۇتى يېيىشنى رەت قىلىدۇ. "ئادەم خۇددى ئۆلۈك گۆشى يىگەندەك ھېس قىلىپ قالىدىكەن!" دەيدۇ گيۆرىڭغا. شۇندىن ئېتىۋارەن، ھىتلېر پەقەتلا گۆش يېمەس بولىۋالىدۇ. (ھىتلېر بۇنداق گەپنى بۇرۇنمۇ دېگەن، بۇندىن كېيىن گۆش يىمەيمەن دېگەن ئىدى. ھېس خانىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ قېتىم ئۇ ۋەدىسىدە تۇرالىغان بولۇپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىرىمچىك-پەيىنىردىن باشقا ئاغزىغا پەقەتلا گۆش ئالمايدۇ. "بۇ ئىش بەكلا تۇيۇقسىز بولدى! بۇرۇن ئۇ گۆشخۇمار بىرى ئىدى، بۇنى چۈشىنىش ياكى بۇ قىلغىنىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس(".

ھامبۇرگقا بارغاندا ئۇ بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. مىتىڭگە قاتناشقۇچىلار بەكلا كۆپ شۇنىڭدەك بەكلا قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى خۇددى بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولدى. ئۇ بۇرۇنقى ئىككى قېتىمقىسىدەك، يەنى بىرىنچى قېتىمدا پاسىۋالىكتا، يەنە بىر قېتىمدا لاندىسبېرگتىكىدەك قايتىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خىيالىغا كىرىپ ئازاپلانغان ئىدى. بەلكىم بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىلىشى بولسا كېرەك؟ چۈنكى ئۇ، ھەر قېتىمقىسىدا چوڭقۇر ھاڭدىن قايتىپ چىقىپ قايتىدىن روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالغا كېلىپ، يېپ-يېڭى يۈزلىنىشكە قاراپ ئىلگىرلەيتتى. دېمەك ئۇ، بۇ قېتىم ئۈچىنچى قېتىم قايتا تىرىلگەن ھېسابلىناتتى.

ئىككىنچى كىتاب

# تەختكە چىقىش جەريانى

تۆتىنچى بۆلۈم

# قوگۇر كۆگلەكلىكلەر ئىنقىلابى

ئونىنچى باب

## “ئوگۇمۇ ـ چۈشۈم؟”

1931~1933.1.30

### (1)

هىتلېر، گېلىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك كۆڭلى يېرىملىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، شىمالدا چاقىرىلغان پارتىيە رەھبىرى كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ بەكلا مۇھىم يىغىنى بولۇپ، يىغىنغا پارتىيىنىڭ يەرلىك

www.pidaiy.biz

مەسئۇللىرى بىلەن ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىلا قاتناشتۇرۇلغان ئىدى. يىغىن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن بىر يىغىن بولدۇ. بۇ يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، پارتىيەنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. "پارتىيىمىز، بۈگۈن بىردەك ئىتتىپاق ھالىغا كەلدى. — دەيدۇ ھىتلېر يىغىندىن كېيىن، — يەرلىك پارتىيە مەسئۇللىرى بىلەن سىياسى رەھبەرلەر ئەركىن ھالدا ئەڭ توغرا قارارلارنى ئېلىشتى." ... يىغىن نەتىجىلىرىدىن بىرسى، پارتىيە "بارلىق ھوقۇقلارنى، چىرىگەن ئۇنسۇرلارنى ۋە كارغا كەلمەسلەرنى" تازىلاپ چىقاردى؛ پارتىيە ئورگانلىرى يىغىنچاقلاندى؛ پارتىيە قۇرۇلمىسى مۇستەھكەملەندى، ھىتلېرنىڭ شەخسى ھوقۇقىنى كۈچەيتىلدى.

پارتىيە ئىچى رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، ھىتلېر تېخىمۇ ئەركىن ھالغا كېلىپ مەملىكەت بويىچە سىياسى پائالىيەتلەرگە تولۇق ئاتلىنىش ئىمكانىغا ئېرىشەلەيدۇ. 1931-يىلى 14-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنى، پرېزدېنت ھىندېنبۇرگنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان گېنېرال كۇرت ۋون شلېيچېر (General Kurt von Schleicher 施莱彻尔) نىڭ ۋاستىسى بىلەن، ھىتلېر بۇ مارشال "بوۋاي" بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر، ھىندېنبۇرگنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپلا قالىدۇ. ھىندېنبۇرگ بويى ئالتە يېرىم چارەك، ئاۋازى توم ۋە جاراڭلىق، بەستلىك كۆرۈنۈشتە بىر ئادەم ئىدى. ھىتلېرنىڭ گېپى بەكلا ئۇزاپ كەتكەچكە، بۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە گېنېرالى بەكلا زېرىكىپ ئۆزىنى

ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، كۆرۈشۈشتىن كېيىن ھىندېنبۇرگ شلېيچېرغا غەزەپ بىلەن مۇنداق دېگەنمىش: ھىتلېر دېگەن بۇ كىشى بەكلا غەلىتى بىر مەخلۇق ئىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ باش مىنىستىر بولالمايدۇ، بەك بولۇپ كەتسە ئۇنى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ پوچتا-تېلېگراف مىنىستىرىگىلا تەيىنلەشكە بولار، دېگەن. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش كىشىنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر كۆرۈشۈش بولغان بولسىمۇ، شلېيچېر يەنىلا ھىتلېردىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمى سايلامدا فيۇرېرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ مىللى سوتسىيالىزم پروگرامىسىمۇ ئۇنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغان ئىدى. "ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سۆز قابىلىيىتى ئۈستۈن بىرى ئىكەن. — بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ھىتلېرگە بەرگەن باھاسى ئىدى. — ئۇنىڭ پىلانىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى كۆكلەردە كۆرسە كېرەك. ئۇنى رىيال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ يۈرىشىڭ كېرەك." شلېيچېر — بۇ ئىسىم نېمىسچە "سۈيىقەستچى" دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۈر قىزىقىشى ئۇنى چوڭقۇر پاتقاققا پاتۇرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئىچىدە بۇ كونا ئۈن بېشىنى خالىغانچە يېتەكلەپ كىتەلەيدىغانلىقىغا قاتتىق

ئىشىنەتتى.

هىتلېرمۇ ئادەتتە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تۆۋەن مۆلچەرلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. هۆكۈمەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، نۇرغۇنلىغان نېمىسلارنى سەگىتىپ قويغان ئىدى. ئەمما هىتلېر شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەريانىدا بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئاممۋى ئاساس تىكلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ يەنە چەتئەللىكلەرنىڭ هىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىۋاستە ئامېرىكا خەلقىگە خىتاپ قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. هىتلېر، 11-دېكابىر (ئاراي) (جۈما يەنى ئازنا) ئاخشىمى كولومبىيە رادىئو شىركىتىگە چىقىپ ئامېرىكا خەلقىگە پارتىيىسىنىڭ "تۇتقان يولى، ئەهمىيىتى ۋە غايىسى" ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ رادىئودا سۆزلەش ۋاقتىغا ئاز قالغاندا گېرمانىيە هۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق رادىئو نۇتقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ هىتلېرنىڭ رادىئو نۇتقىنىڭ ئېنگىلىزچە تەرجىمىسى ھېرستىنىڭ ھەر قايسى گېزىتلىرىغا بېسىلىپ بولىدۇ. كىشىلەر هىتلېرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى رادىكال سىياسەت تۇتقان قىسمىغا بەكرەك قىزىققان ئىدى. بۇ نۇتۇق تېزىسىدە هىتلېر ئامېرىكا خەلقىدىن ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىش تۈيغۇلىرى ئاساسىدا "دۇنياۋى ۋاباغا قارشى تۇرۇش" ئىشىدا، يەنى بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ

بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن ئىدى.

1932 ـ يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنى، ھىتلېر مىيونخېنىدا بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ مىتىنىگ قاتناشقۇچى خەلق ئاممىسىغا، بۈنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر دۇنيا بەرپا قىلىش كۈرىشى جەريانىدا تەگىرى چوقۇم ئۇنىڭ تەرىپىدە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «ئىنجىل» دا، سوغوق مۇئامىلە قىلىدىغانلار تۆكۈرۈپ تاشلىنىدۇ دېيىلمىگەنمىدى؟ شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر قانداقتۇ بىر غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ — ھىندېنبۇرگنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھىتلېرنى دەرھال بېرلىنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى، ھىتلېردىن مارشال ھىندېنبۇرگنىڭ پرىزدېنتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ياردەمدە بولىشىنى تەلەپ قىلىش ئىدى. ئەمما بۇ تەلەپ ھىتلېرنىڭ ئارزۇسىغا تۈپتىن زىت بىر تەلەپ ئىدى. چۈنكى، بۇنداق بولغىنىدا ھىتلېرنىڭمۇ مەلۇم مىقتاردىكى ئاۋاز بىلەن باش مىنىستىر بۈنىڭنىڭ يۈرگۈزمەكچى بولىۋاتقان ھەر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق بىر تەلەپنى رەت قىلىپ ھىندېنبۇرگ بىلەن ئاشكارە رىقابەتلىشىش دېمەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ خەتەرلىك بىر دوغا چىقىش ھېسابلىناتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ پۈتكۈل سىياسى ئىستىقبالىنى دوغا تىكىپ مىنىستىرلىك سايلىمىغا قاتنىشىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. "بوۋاي" نىڭ ئەھۋالى بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ كونسېرۋاتىپلىقى نۇرغۇنلىغان ئوگچىلارنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى كاپالەتكە ئىگە

قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ئاشكارە ھىمايە قىلىپ، ھىتلېردەك رادىكال ئەقىدىدىكىلەرگە قارشى تۇرغىنىدا مۆتىدىل تەرەپتىكىلەر بىلەن دېموكراتچى تەرەپتىكىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلىش پۇرسىتى تۇغۇلىشى مۇمكىن ئىدى.

گېوببېلس، كېيىنچە بۇ كۈنلەردىكى ۋەزىيەت ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "... ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئويۇن رەسمى باشلاندى." ئۇ ھىتلېرنى غەيرەتلەندۈرۈپ بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىگە كۈشكۈرتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر خىيالى قانداق قىلىپ سايلام ھەرىكىتى ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ توپلىۋېلىشتىلا قالغان ئىدى. ھىتلېر، گېرمانىيىنىڭ پولات-تۆمۈر مەركىزى بولغان دوسېلدورۇف (迪塞尔多夫) تىكى باغچا مېھمانخانىسىدا بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىۋالىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردە بەلگۈلەنگەن "تەسىرى كۈچلۈك بولغان سودىگەرلەر ئارىسىدا سىستېمىلىق خىزمەت ئىشلەش" قارارىغا ئاساسەن، فلىز دېسىن (弗里茨•蒂森) نىڭ تەكلىۋى بويىچە، 17-يانۋار (ئوچاق) كۈنى سانائەتچىلەر كلۇبى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە كىشىلەرگە بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش قارارىغا كېلىدۇ.

ھىتلېر، دوسېلدورف (迪塞尔多夫) نۇتقىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىملىق يوشۇرۇن مۇزاكىرىلىشتا ئۆزىنىڭ سىياسى پروگراممىسىغا ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ. ئۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش دېگەندەك تەشەببۇسلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا

قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى بىر پىلاننى — بىر قاتار ئىجتىمائى قۇرۇلۇشى پىلانىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئارمىيىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش تەكلىۋىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شۇنىڭدەك چوڭ سودا سانائەتچى كاتىۋاشلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەكلىۋىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بىر سائەتكە قالماي، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقانلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر نۇتقى ئارقىلىق بۇ تۈردىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىدىغان سودىگەرلەرگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە تېگىپ ئۆتكەن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ شەخسى مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرغا چىقىدىغان قورقۇنۇشلۇق بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. “ئەگەر بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمايدىكەن، خۇددى خرىستىئانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە كۆرۈلگىنىدەك، بولشېۋىكچىلىك دۇنيانىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ... يەنى ئەگەر بۇ ھەرىكەت داۋاملىق تەرەققى قىلىپ بارغىنىدا، ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندە، كىشىلەر پەقەتلا 1917 ـ يىللارنىڭ ئىنقىلابچىسى قاتارىدا يالغۇز لېنىننىلا تونۇيدىغان ھالغا كېلىپ، بۇتقا چوقۇنغاندەك لېنىنغىلا چوقۇنۇش ۋەزىيىتى ئوتتۇرغا چىققان بولىدۇ.” ئۇ يەنە ئىقتىسادى بوھران مىليونلىغان ئىشسىزلار بىلەن ھەممىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان نىمس خەلقىنى يول

www.pidaiy.biz

تاپالماي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كوممۇنىزمچىلاردىن بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئاختۇرۇشقا مەجبۇر ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ؛ بۇ مەسىلە گېرمانىيىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۈچ كېلىۋاتقان ئەڭ جىددى مەسىلىلىرىدىن بىرى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىشى ھەرگىزمۇ ئىقتىسادى قانۇنلارغا تايىنىش بولماستىن ھۆكۈمەتكە تايىنىش ئىشىدۇر؛ ناتسىستلار پارتىيىسى، ۋە پەقەت ناتسىستلار پارتىيىسىلا بۇنداق قىزىللار ئېقىنىنى توساشقا تەييار ۋە بۇنى توساشنى خالايدۇ. ئەگەر مىللى سوتسىيالىزم بولمايدىكەن، گېرمانىيىدە ئوتتۇرا تەبىقە دەيدىغان بىر سىنىپ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ؛ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بارلىقىلا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى، روناق تېپىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ، دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ نۇتقى ھېچ قاچان بۈگۈنكى نۇتقىدەك بۇنچە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس. ئۇ نۇتقىدا ھېسسىيات بىلەن مەنتىقىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ پايدىلىنىدۇ. ئۇ، ھېلى بولشېۋىكچىلىكنىڭ قورقۇنۇشلۇق تەسۋىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا بىخەتەرلىك ئېلىپ كەلگەن تۈزۈمنىڭ ئاغدۇرۇلىشىدىن كېيىنكى قورقۇنۇشلۇق ۋەزىيەت بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتقان بولسا، يەنە ئۇلارنىڭ لىبېرالىستلىقىغا مۇراجەت قىلىپ سۆزلەيتتى. يەنى، ئەگەر ئۆز سانائېتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئاساسىدا تەرەققى قىلىشنى خالايدىكەن، ئۇلارغا چوقۇم بىر مۇستەبىت لازىم ئىكەنلىكىنى، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇدىغان بىر مۇستەبىتنىڭ بولىشى زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا گېرمانىيە قايتىدىن باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر

www.pidaiy.biz

قاتاردىن ئورۇن ئالالايدىغان بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى 50 يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن بايلىقلارنىڭ تۇزۇپ يوقاپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ بارا ـ بارماي ئۇنىڭغا، يەنى خەلق ئاممىسىنى قۇتقۇزۇش ۋەدىسىنى بېرىۋاتقان بۇ ئادەمگە ئىشەنچ قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلايدىغان بولىدۇ.

## (2)

فېۋرال (ئۈي) نىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ھىندېنبۇرگ يەنە بىر قېتىملىق پرېزدېنتلىققا سايلىنىش سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. روشەنكى، سايلام مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولىدىكەن، چوقۇم بىر نامزات كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ناتسىستلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق بىر نامزات پەقەت ھىتلېرلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى بۇنداق بىر پۇرسەتتىن بەرەر نەتىجە چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا بۇ ئىشقا غەيرەت قىلالماي كەلمەكتە ئىدى. ”شۇنداق ئەمەسمۇ، مەن چوقۇم تەختكە چىقالايمەن، باشقىلار مېنىڭ ئالدىمدا بىر ـ بىرلەپ مەغلوپ بولىدىغانلىقىنى ھېلىتىنلا ھېس قىلماقتىمەن. — دەيدۇ بىر كۈنى فرانكقا، — مەن ئۆزەمنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش

www.pidaly.biz

مىنىستىر بولىدىغان بىر ئادەممەن، چوقۇم بولالايمەن دەپ ھېسابلايمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆزەمنى ھېچ قاچان پىرىزدىنت بولالايمەن دەپ كۆزئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن، مەن زادىلا پىرىزدىنت بولالايدىغان بىرسى ئەمەسمەن.» ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ يۈرگەنلىكى ئېنىق. ئۇ بۇ ئىشتا توپ-توغرا ئىككى ھەپتە تەۋرىنىپ بىر پىكىرگە كىلەلمەي يۈردى. ئاخىرىدا گېيوبېلس ئۇنى بۇ ئىشقا قايىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەرھال سايلام مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش لاياقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ئۇ ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچكى سىياسەت بىيرو باشلىقى زېبۇلۇنرۇك (在不伦瑞克) نىڭ سالاچىلىقى بىلەن گېرمانىيە پۇخرالىقىغا ئۆتۈش بىلەن بىرگە بۇ شىتاتنىڭ پارلامېنت ۋەكىللىكىنىمۇ قولغا كەلتۈردى. ئەتىسى، يەنى 27-فىۋرالدا (ئۇيدا)، ھىتلېر 15 كۈندىن كېيىن پىرىزدىنت نامزاتى بولۇپ سايلامغا قاتنىشىدىغانلىقىنى رەسمى ئېلان قىلدى.

ئىقتىسادىي بوھران بىلەن سىياسىي دۈشمەنلىكلەر گېرمانىيىنى رەسمىلا ئۇرۇش خارابىسىغا ئايلاندۇرىۋەتكىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. «بېرلىن ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرماقتا. — دەپ يازىدۇ كرىستوف ئىسشۋۇد (克里斯多弗•伊舍伍德)، — ئۆزئارا رەھىمسىزلەرچە ئۆچمەنلىك، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى؛ بۇنداق دۈشمەنلىشىشلەر كوچا-دوخمۇشلىرىدا، چوڭ-كىچىك مېھمانخانىلاردا، كىنوخانىلاردا، تانسخانىلاردا، سۇ ئۈزۈش كۆللىرىدە، ... ھەممىلا يەردە يۈز

بىرىپ تۇراتتى؛ يېرىم كېچىلەردە، ناشتىدىن كېيىن، چۈشلۈك تاماق ۋاقىتلىرىدا جىدەل قىلىشاتتى. پىچاققا قارشى پىچاق بىلەن، توخماقلارغا قارشى سۆڭەك بوتۇلكىلار بىلەن، مىق قادالغان توخماققا قارشى ئورۇندۇق پۇتلىرى بىلەن بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى؛ ئېتىشقان ئوقلار ئېلان-سەنئەت تاختايلىرىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتكەن، ئوقلار ھاجەتخانا قاچىلىرىنى ئۆگزىسىدىن يېنىپ ھەر تەرەپكە چاچراپ تۇرغان، ... رەسمى بىر جەڭ مەيدانى ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ قالغان ئىدى."

ئۆچمەنلىكلەر خۇددى ۋابادەك يۇقۇملۇق مەملىكەت بويىچە تارقالماقتا ئىدى. ئىقتىسادى كرىزىستىن زىيان تارتقانلار ئۆزىدىن تەلەيلىك بولغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. دۇكان تاقاشقا مەجبۇرلانغان ئۇششاق دۇكاندارلار چوڭ-چوڭ تۇرلۇك ماللار ماگىزىن خوجايىنلىرىنى ھاقارەتلىشەتتى؛ مىليونلىغان ئىشسىزلار ئىش تاپالىغانلار بىلەن "خوجايىنلار" غا ئۆچمەنلىك قىلىشاتتى؛ ئون مىڭلىغان ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلار ئىستىقباللىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتلىرىنى ھەر تۈردىكى ئادەم ئېلىش ئورۇنلىرىنى قاغاش ئارقىلىق باستۇرۇشاتتى. ئىقتىسادى بوھران يۇقۇن ساھەدىكى بارلىق تەبىقىلەرگە دېگىدەك زەربە بەرمەكتە ئىدى. دېھقانلار ئۈستىدىكى باج-سېلىقلار كۆتۈرەلمىگىدەك ئېغىر يۈك ھالىغا كېلىپ ئۇلارنى ئەزمەكتە، يەنە كېلىپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى شۇنداق تۆۋەن ئىدىكى، چىقىمنى قاپلىيالمايتتى. شۇڭا دېھقانلار شەھەرلىكلەرگە ئۆچمەنلىك كۆزى

بىلەن قارىشاتتى؛ شۇنىڭدەك يەنە سانى كۆنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتقان ئىشسىز "ئاق ياقىلىقلار" مۇ دېھقانلارغا ھەسەتخورلۇق قىلاتتى ــ ھەر نېمە دېگەن بىلەن دېھقانلارنىڭ يىغقىدەك ھوسۇلى بار-دە! نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەردە ئىشسىز ئىشچىلار شەھەر ئەتراپىدا ئوچۇقچىلىقتا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. كوچا-دوخمۇشلاردا تىلەمچىلەر دەستىدىن ئۆتكىلى بولمايتتى؛ ئومۇمى سايلام ھارپىسىغىچە، ئىشسىزلار جەدۋىلىنى توشقۇزغانلار سانى 6 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە نەچچە مىليونلۇق كۆنلۈكچىلەر قوشۇنى ياكى ئىشسىزلىق جەدۋىلى توشقۇزۇشنى خالىمايدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ئىقتىسادى جەھەتتە ئېغىر زەربە يەپ ۋەيران بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلۇشتا ئادولف ھىتلېرنىڭ سايلىنىشىنى بىردىن-بىر ئۈمىد دەپ قاراشماقتا ئىدى. ھىتلېر ئەزەلدىن ۋېيمار ھۆكۈمىتى بىلەن ھەرگىز ياراشماسلىق يولىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك قىلچە تەۋرەنمەي ئاشكارە تۈردە ۋېرسال شەرتنامىسىغا ھەمدە قىزىللار تەھدىتىگە قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم سانائەت كاپىتالىستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك قۇيۇق ئىكەن دېگەندەك ئۆسۈك سۆزلەر ھەر قانچە يامراپ يۈرسىمۇ، كىشىلەر بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلىشماي ئۈمۈدىنى ھىتلېرنىڭ ئۈستىگە قويۇشقان ئىدى. ھىتلېرنىڭ شۇئارى بەكلا ئاددى ئىدى: "ئەركىنلىك ئۈچۈن، نان ئۈچۈن!" پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قېتىملىق قالايماقانچىلىق ئىچىدە قەتئى چىڭ تۇرۇپ گېرمانىيە

ئۆچۈن ئەڭ مۇۋاپىق چىقىش يولىنى ئوتتۇرغا قويىمەن دەپ قەتئىي ۋەدە بېرىدۇ. ھىندېنبۇرگ تەرەپتارلىرى بولسا ھەممە يەرگە ئېلان چاپلاپ سايلامدا ئاۋاز بېرىدىغان خەلقتىن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلارنى تۆزىتەلەيدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىنى چىقىرىدۇ: "ئۇ بۇرۇن سىلەرگە ئىشەندى، ئەندى سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار." گيوبېلس بولسا بۇنداق شۇئارلارغا "ھىندېنبۇرگنى ھۆرمەت قىلىش، ھىتلېرنى سايلاش" دېگەن شۇئار بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

فيۇرېر ئاساسى دىققىتىنى پۆتۈنلەي خانىۋەيران بولغان ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن غايىلىك ياشلار ئۆستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ جاپادىن قورقماي ھەممە يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ئىككى تۈر كىشىلەردىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر تۈرلۈك ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. گيوبېلسنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكىچە باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان تەشۋىقات ھەرىكىتى ھەقىقەتەنمۇ ئىجادى خاراكتېرلىكى بىر ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناتسىستلار شۇئارى چاپلانمىغان تام قالمايدۇ؛ خەلق ئاممىسىغا ئايروپىلاندىن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىدۇ؛ ئۆيىدە پاتىپون بولغان كىشىلەرگە 50 مىڭ پارچە تەشۋىقات ناخشا تەخسىسى ئىۋەرتىدۇ؛ ئاخشاملىرى ئاممىۋى مەيدانلاردا ھىتلېر بىلەن گوبېلسنىڭ نۇتقى لېنتىغا ئېلىنغان "ئاۋازلىق كىنو فىلىم" لىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ھەرىكەت پىلانىنىڭ

مۇھىم نوقتىسى يەنىلا كىشىنى ھارغۇزۇپ ھالىدىن
كەتكۈزىدىغان نۇتۇق سۆزلەش كۈنلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى
بولىدۇ. مارت (قوزا) ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ھىتلېر
بىلەن گېوبېلس ئىككىسى ئاساسەن دېگىدەك ھەر كۈنى مۇھىم
نۇتۇق سۆزلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق نۇتۇق
سۆزلەش قېتىم سانى كۈنىگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمغىمۇ
يېتىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا يەنە، ھىندېنبۇرگنىڭ قورغىنى پات-
پاراقچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. ئۇلار ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۆز ئىچىدە
بۆلۈنۈپ گۇرۇھ بولۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەرمۇ ئۆزئارا
پرىزدېنتنىڭ ئوغلى ئوسكار (奥斯卡) مەخپىي تۈردە كاتولىك
مورتلىقنى قوبۇل قىلىپتۇ، ئۇ يەنە سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىشقا
باشلايدۇ؛ ھىندېنبۇرگ تەرەپتە ئىچكى بۆلۈنۈش كۈچەيمەكتە
ئىدى. تېخىمۇ بىمەنە بولغىنى، بەزىلەر ھۇجۇم قىلىپ،
ھىندېنبۇرگنىڭ ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان ئىككى قىزىنى
سوتسىيالىزمچىلار ستۇدېنتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ئىكەن
دەپ گەپ تارقىتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىندېنبۇرگ
تەرەپتىكىلەرنىڭ ۋاقتى بۇنداق يالغان-ياۋداق گەپلەرنى
ئېنىقلاش ۋە رەددىيە بېرىش ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قېلىپ،
ھىتلېرنىڭ سىياسەتلىرىگە قارىتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋاقىتلىرى
بەكلا كامىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق يالغان گەپلەرنى
رەت قىلغانسىرى بۇنداق يالغانلار تېخىمۇ راستتەك تۇيۇلۇشقا

باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىندېنبۇرگ تەرەپتارلىرى بىر-بىرسى بىلەن تىنىماي مۇنازىرىلىشىپ يۈرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. ھىندېنبۇرگنىڭ ئۆزىمۇ سايلامدا ئاۋاز توپلاش ئۈچۈن تۆزۈك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەتمەيدۇ. ئۇ سايلامغا ئۈچ كۈن قالغان ۋاقىتتىلا جامائەت ئالدىدا بىر قېتىملا كۆرۈنۈپ قويىدۇ. يەنە كېلىپ شۇ بىر قېتىملىق سۆزلىگەن نۇتقىدا، نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان سىياسى كۆز قاراشتىكى نېمىسلارنىڭ داۋاملىق ۋەزىپىدە تۇرۇپ بېرىشىنى، ھوقۇقنىڭ سولچىلارنىڭ ياكى ئوڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ بەرسەڭ دېگەن تەلىۋى بويىچىلا بۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتىگە قاتناشماقتىمەن، دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ كېتىدۇ.

سايلام بولغان 13-مارت (قوزا) كۈنىسى ئاخشىمى، سايلام ساندۇقىدىن چىققان رەقەملەر ھىندېنبۇرگنىڭ ھىتلېردىن ئۈستۈن ئاۋازغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. گوبېلسقا ئوخشاش پارتىيە ئەسكەرلىرى سايلامدىن بەكلا ئۈمىدۋار ئىدى: بۇ قېتىم ھىتلېر چوقۇم پرېزدېنت تەختىگە ئولتۇرىدۇ، دېيىشمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇلارغا تاشلانغان سايلام بىلەت سانىنىڭ پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىشىگە ئەگىشىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. تۈن يېرىمى سائەت بىر بولغاندا ئاۋاز سانى ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ھىندېنبۇرگ 7 مىليون ئاۋاز بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن بولۇپ، زۆرۈر بولغان ئاۋاز سانىغا ئارانلا 350 مىڭ ئاۋاز كام قالغان ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى

رەھبەر ئوتتۇرسىدا يەنە بىر قېتىم سايلا ئۆتكۈزۈلىشى لازىم بولسىمۇ، گوبېلس “ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش خىيالىمىز ھازىرچە يوققا چىقتى” دەپ قارايدۇ.

ئەمما ھىتلېر ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ يېقىن سىرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خوك () قەھۋەخانىسىدا چىداپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئالدىراش قەھۋەخانىدىن چىقىپ “قوڭۇر بىنا” غا كېلىپ ئېغىزچە بىر بايانات ئېلان قىلىپ، كىچىكتۇرمەستىن مىللىي سوتسىيالىزم گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنى دەرھال ئاخىرقى سايلام ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. “تۇنجى باسقۇچلۇق سايلام ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق سايلام مۇسابىقىسى باشلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۆزەم بىۋاستە مەيدانغا چۈشۈپ بۇ قېتىمقى سايلام مۇسابىقىسىغا يېتەكچىلىك قىلىمەن!” ھىتلېرنىڭ كۆڭلى يېرىملىق ھالىتى پۈتۈنلەي تارقالغان بولۇپ، گوبېلس بىلەن بىرلىكتە بىر ھەپتىلىك بوش ۋاقتتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ يەرلىك مەسئۇل خادىملىرىغا، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە پارتىيە گېزىتىنىڭ تەھرىرلىرى قاتارلىق كىشلەردىن تەشكىل تاپقان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا نۇرغۇن قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق كىشلەر، كېيىنكى قېتىملىق سايلامدا ھىتلېر چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچە كېلىدۇ.”

ئەمما كېيىنكى باسقۇچلۇق سايلام تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ. بۇ خەۋپكە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ گېزىتى «مىيونخېن پوچتىسى» دا روم بىلەن بىر پسىخولوگىيە

www.pdaly.biz

مۇتەخەسسىسى ئوتتۇرسىدا يېزىشقان خەتلەرنىڭ تۈيۈقسىزلا ئېلان قىلىنىشى سەۋەپ بولىدۇ. بۇ خەتلەردە، ئۇ ئىككىسىنىڭلا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ھەۋىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇناسىۋىتىگە، ھەمدە يۇلتۇز پالچىلىققا قىزىقىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. تەپسىلى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى قولغا كەلگەندىن كېيىن، خانىس فرانىك شەخسىگە ھاقارەت سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بۇ گېزىت ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىدۇ. بۇ چاغدا، روممۇ ئامالسىز بۇ گەپلەرنى ئېتراپ قىلىدۇ ــ ئۇ شەرمەندىلەرچە، ئايلاندۇرۇپ يۇپۇرتۇپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ "قوش جىنىسلىق" ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئادۋوكاتى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتى قۇرىدىغانلارنى ھېس-تۇيغۇسىز ئادەملەر دەپ قارايتتى. "ئەندى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ــ دەيدۇ فرانىك ئەسلىمىسىدە، ــ رومنىڭ كۆرۈنۈشى دەل ئەكسىنچە قەھرىمانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھەربى ئادەم تىپىغا ئىگە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى يارا-تاتۇقلار بىلەن قاپلانغان، كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانىلارچە ماڭىدىغان بىرسى. تاشقى كۆرىنىشىدە روم ھەقىقەتەنمۇ كام-كۈستىسىز بىر ئەركەك جىنىسى ئىدى."

ھىتلېرمۇ ئۇزۇندىن بېرى رومنىڭ ئوخشاش جىنس مۇناسىۋىتىگە پەرۋا قىلماي يۈرگەن ئىدى. ئۇ يىللاردا، ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىدە بولىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس مەرتلىك

دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئۇ قولىدىكى رەسمى پاكىتلارنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى غەزەپتىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك سەكرەپ كېتىش بولىدۇ. ئۇ مىڭ تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، “بۇ ئىشلار پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتتى، نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق ئىشلار بۇ! ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ئەمەس پەسكەش بىر نېمە ئىكەن! ئۇ بىر ھايۋان! ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتەر، ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى ھايۋانمۇ قىلمايدۇ!” ئۇ ئادۋوكاتىدىن رومنىڭ ياش يىگىتلەر بىلەن ئۆسمۈر باللارنى “دەپسەندە” قىلىپ-قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ. ئادۋوكات، بۇ ھەقتە بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە پاكىت ئۇچرىتالمىدۇق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىتلېر سەل جايىغا كېلىدۇ. “ئەگەر شۇنداق بىرەر ۋەقە بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدىكەن، ئۇنىڭغا قەتئىي رەھىم قىلماسلىق كېرەك. ياش يىگىتلەر ئارىسىدا ... رومنىڭ قىلىپ يۈرگەن بۇ ئىشلىرى، ... ئۇ باللارنى زىيەنكەشلىككە ئۇچرىغانلار دېيەلمەيمىزمۇ؟” فرانك بۇنداق بىر دەلىلىمىز يوق، دەپ كاپالەت بېرىدۇ. “ئۇنداقتا، بىز ئەمدى رومنى ساقلاپ قېلىش-قالماسلىق مەسىلىسىنى ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆسمۈرلەرگىمۇ چېقىلغان بولسا، ئۇنداقتا، تەڭرى جازاسىنى بەرگەي! ئۇنداق بىر ۋەقە بارلىقى ئىسپاتلانغان ھامان ئۇنى سېپىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك!”

روم ھەققىدىكى بۇ سەتچىلىك ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئەمما ئاخىرقى سايلام مۇسابىقە پائالىيىتى

باشلىنىشى بىلەن، ھىتلېر بۇ سەتچىلىكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك قايتىدىن زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۈمىدۋار بىرسىگە ئايلىنىدۇ. سايلامغا ئارانلا بىر ھەپتە ۋاقىت قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئايروپىلان بىلەن مىتىنىگ مەيدانلىرىغا ئۇچۇپ كۈنىگە 3~4 قېتىمدىن نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىدۇ.

ھىتلېر بۇ قېتىمقى مىتىنگ سەپەرلىرىدە ئەنگىلىيىلىك مۇخبىر سېفتون دېلمېر بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يېنىدا بىرگە ئېلىپ يۈرىدۇ. گەرچە ھاۋارايى شارائىتلىرى بەكلا ناچار، كۈندىلىك پروگراممىلىرىمۇ بەكلا كۆپ بولىشىغا قارىماي، يەنىلا پىلانلانغان مىتىنگلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق غەيرىتى بۇ ئەنگىلىيىلىك مۇخبىرغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ھىتلېر ھەر بىر شەھەرگە بارغىنىدا ئەتراپى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان ئاياللار تەرىپىدىن زىچ قورشاپ ئېلىناتتى. كوبۇلېنس (科布仑茨) شەھىرىگە بارغاندا پويىز ۋاگۇنىنىڭ كارىدورىدا ئىككى قىز ھىتلېرنىڭ ئالدىنى توسىۋالىدۇ. دېلمېر ئۇ ئىككى قىزنىڭ ھىتلېر تۇرىدىغان بۆلۈمدە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يىغلاپ چىقىرىشىۋاتقانلىقىنى، ھىتلېر ئۇلارنى چىقارماي بىر چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. دېلمېر ئۇ كومپارتمانغا كىرگەن ۋاقتىدا ھىتلېرنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىزلارنىڭ ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ دېلمېرنى كۆرمىگەندەك، بېرىپ دېرىزە پەردىسىنى بىر يانغا قايرىپ پويىز كۈتۈش سۇپىسىدىكى كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتىدۇ. "ئۇنىڭ ئۈيقىسىز كۆزلىرى

خۇددى يايغا ئوخشاش ئەتراپنى پىلجىكتىردەك كۆزەتكەش كىشلەرنىڭ كۆزىدىلا يېنىدىكى ئىككى قىزنىڭ ھاياجانلىنىشىغا قاراپ ھېسسىياتلىناتتى، شۇنىڭدەك بۇ ھېسسىياتىنى يەنە كىشلەر ئۇستىگە ياياتتى.”

بۇنداق كەسكىن سايلام رىقابىتى جەريانىدا ھىتلېر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كامدىن-كام كىشلەرگە بىلدۈرەتتى. ھامبۇرگنىڭ يەرلىك مەسئۇللىرىدىن ئېرپورت كلىبۇس (埃尔伯特•克列勃斯) بۇنىڭدەك باشقا بىر مەنزىرىنىمۇ كۆرگەن ئىدى.

ئۇ فيۇرېرنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى سۆزلىگەن نۇتقى بېسىلغان گېزىتنى قولىدا تۇتقىنىچە فيۇرېر چۈشكەن “ئاتلانتىك مېھمانخانىسى” دىكى ياتىقىغا كىرىدۇ. ھىتلېر ھاياجان بىلەن “مېنىڭ ئۇمچىم، ئۇمچىم كەلدى!” دېگىنىچە كلىبۇسنى قارشى ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ گەپنى ئاۋال ھىتلېر باشلاپ بەرگەن بولغاچقا، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ خۇددى شاتۇتقا ئوخشاش بۇ گەپنى دوراشقا باشلايدۇ. كلىبۇس (克列勃斯) فيۇرېرنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ناشتىلىق ئۇماچمۇ كەلتۈرۈلگەن ئىدى (ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدىكى كىشىلەردە ئادەتتە ناشتىلىق تامىقى بىلەن چۈشلۈك تاماق ئالدىدا بىرخىل يېسى پۇرچاق يامىسىدا ئېتىلگەن پۇرچاق شورپىسى، يەنى ئۇماچ ئىچىش ئادىتى بار ـــ ئۇ.ت). ھىتلېر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇمچىنى ئىچىشكە كىرىشىدۇ. كۆرۈنۈشىدىن ھىتلېر بەكلا چارچاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەم ئىچىدە كۆرۈنەتتى. ھىتلېر ئۇمچىنى ئىچكەچ بېشىنى

كۆتۈرۈپ كلىبۇس (克列勃斯) قا قاراپ ئۇنىڭ گۆشسىز تاماققا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ھەۋەس بىلەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ، "ئەنسىزلىك مىجەزىدىن كەلگەن قورقۇش كېسەللىك ئالامەتلىرى" نى ئىپادىلەيدۇ.

ھىتلېر، كلىبۇس (克列勃斯) نىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ باشقىلاردەك نورمال بىرسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم بۇنداق ئاشكارىلىماقتا ئىدى [ئەسلىدە نېمىس تىلىدا ‘كلۇبۇس’ (克列勃斯) دېگەن بۇ سۆز ‘راك كېسلى” دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە]. ھىتلېر ئۇنىڭغا سەممىلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر مۇنچە تۇرمۇش ئادەتلىرىمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇداقتىمۇ مەندە جىددى تەرلەش، ھەر دائىم قاتتىق ھاياجانلىنىش، ھارغىنلىقتىن پۇت-قولۇم تىترەش، شۇنىڭدەك يەنە پات-پاتلا ئاشقازىنىم ئاغرىش دېگەندەكلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر، ئاشقازىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىشى چوقۇم راك كېسلىنىڭ بىر ئالامىتى بولۇشى ئېھتىمالىنى، شۇڭا، زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى تېزلىكتە پۈتتۈرمىسە، ئۇلارنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ۋاقتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "مېنىڭ ئىشلارنى كەينىگە سۈرىگىدەك كۆپ ۋاقتىم يوق. — ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇمچىنى ئىچكەچ گېپىنى داۋام قىلىدۇ، — ئەگەر مېنىڭ يېتەرلىك ۋاقتىم بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇنچە ئالدىراپ نامزات بولىمەن دېيىشىمنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. ‘بوۋىمىز’ (ھىندېنبۇرگنى دېمەكچى) نىڭ ۋاقتىمۇ

www.pdfaly.biz

ئازىيىپ بارماقتا. ئەمما مەن ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلالمايمەن، بىر يىلىنىمۇ ئىسراپ قىلىشقا ھەققىم يوق. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز تەختكە چىقىشىم كېرەك، قالغان شۇ ئازغىنە ئۆمرۈمدە بولسىمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەكلا كۆپ مەسىلىلەرنى پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا مەن چوقۇم تېزلىكتە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشۈم شەرت! قولغا كەلتۈرمىسەم قەتئىي بولمايدۇ!” ھىتلېر تۇيۇقسىزلا بۇ ھەتىكى گېپىنى توختىتىدۇ. كلىبۇس (克列勃斯) بۇ ھەقتىكى پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق مۇلاھىزە قىلىدۇ: “كىشىلەر، ھىتلېر قايتىدىن روھلىنىپ ئۆز ئەسلىگە كەلدى، دېيىشىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ چىراي شەكلىدىكى ئىپادىلىرىدىن ھەمدە سۆز قىلغانلىرىدىكى ئاۋازىدىنلا ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىكى روھسىزلىق ئالامەتلەر پۈتۈنلەي تۈگەپ، نورمال بىرسى ھالىتىدىكى ھىتلېردىن قايتا فيۇرېر ھالىدىكى ھىتلېرغا ئۆزگەرگەن ئىدى.”

ھىتلېر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا روھىي ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭىلىقچى كۆرۈنۈش بېرىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھىندېنبۇرگ كۈچلىرىمۇ ئۈنسىز-ساداسىز سايلام رىقابىتىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم ھىندېنبۇرگ بىرەر قېتىممۇ نۇتۇق سۆزلەشكە چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى كىشىلەر ئارىسىدا پات يېقىندا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن دەيدىغان گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. كىشىلەر يەنە ئۆز ئىچىدە پىچىرلىشىپ ئەگەر ھىندېنبۇرگ قايتىدىن سايلانغىدەك بولسا پېنسىيە پۇلىمىز بىلەن مائاشىمىزنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قېلىشى،

www.pdaily.biz

ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشى مۇمكىن، دەپ غۇدۇراشقا باشلايدۇ. سايلام ھارپىسىدا، قارىغاندا ھىتلېرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ھەتتا ھىتلېرنى شاڭخو قىلىپ مازاق قىلىپ يۈرگەن شىبىنگېلىر (史本格勒) مۇ مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. چۈنكى "ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم بىر ئاخماق، شۇنداقتىمۇ مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنى يەنىلا قوللاشقا تېگىشلىك بىر پارتىيە" دەپ قارايتتى. 10-ئاپرېل (ئۇمۇت) يەكشەنبە (پازار) كۈنى، ھىتلېر ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنى 2 مىليونغا كۆپەيتىپ، سايلامدا جەمئىي 13 مىليون 418 مىڭ 51 ئاۋازغا ئېرىشىدۇ. گەرچە ياشانغان مارشال ئاۋاز سانىنى ئارانلا 700 مىڭ بىلەت كۆپەيتەلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا 53 % لىك ئاۋازغا ئېرىشىپ مۇقىم ئۇستۇنلۇكنى ساقلاپ قالالايدۇ. كومپارتىيىنىڭ ئالغان ئاۋازى بۇرۇنقىدىن ئازىيىپ كېتىدۇ. سايلامغا قاتناشقان خەلقنىڭ تۆتتە بىرىدىن ئارتۇقراق قىسمى بىر بولسا گېيوبېلسنىڭ گېپىگە كىرىپ ھىتلېرغا ئاۋاز بەرگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى ھىندېنبۇرگقا ئاۋاز بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېر پىرېزدېنت مەھكىمىسىگە كىرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

لوندوندا، «كۈندىلىك خەۋەرلەر تېلېگراممىسى» گېزىتى ھىتلېر دېگەن بۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، دېگەن پەرىزنى باسىدۇ. مىيونخېندا بولسا، داھىغا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان شىبىنگېلىر (史本格勒)

www.pidaily.biz

بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى دېرىزىسىگە كىرىست بەلگىلىك بايراق ئاسىدۇ. ھەمىدە "كىمىدە-كىم خەلقنى ئازاپقا قويماقچى بولىدىكەن، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسۇن" دەپ سۆزلەيدۇ.

## (3)

ئومۇمى سايلام ئاخىرلىشىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، برۈنىڭ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە "ئىپس-ئىپس بىلەن ئىپس-ئاچىلار قانۇنسىز تەشكىلات" دېگەن بۇيرۇقنى ئىلان قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇنداق ئىلان قىلىشتىكى مەقسەت، سىياسى جەھەتتە تېخى يۇمران ھالەتتە تۇرىۋاتقان باش مىنىستىرنى ۋەيران قىلىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى ھېچ قانداق بىر نەتىجە بەرمەيلا قالماي، ئەكسىنچە ئوگچىلارنىڭ شىددەتلىك نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال، كۆڭلىدە سىياسى يامان غەرەز پۈككەن گېنېرال ۋون شلېيچېرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بىر پۇرسەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھىتلېر بەربىر ئادەتتىكى بىر ئون بېشى ۋە ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىرسى ھېسابلىناتتى: بۇ ئادەم ھەر نېمە دېگەن بىلەن چوڭلارنىڭ قولىدىن يېتەكلەپ مېڭىشىغا تېگىشلىك بىر بالا، دەيدۇ.

شۇ يىلى ماي (ئارسلان) ئېيىدا، شلېيچېر فيۇرېر بىلەن يوشۇرۇنچە ئۇچرىشىپ، ئەگەر ھىتلېر يېڭى ئوگچىلار

www.pidaw.biz

ھۆكـــۈمىتىگە قارشـــى چىقمايـــدىغانلا بولـــدىكەن، پـــارتىيە گۇۋاردىيىسى (ئېس-ئېس) بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتـى (ئـېس-ئـا) نـى چەكـلەش بـۇيرۇقىنى ئەمەلـدىن قالدۇرىـدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار سودىلىشىپ شۇنداق كېلىشىدۇ. ماي (ئارسلان) ئېيىنىـڭ كېيىنكـى يېرىمىـدا، شـلېيچېر بـاي ھەم مەدەنـىيەت سەۋىيىسى يۇقۇرى سالاپەتلىك چەۋەندازلاردىن فرانز ۋون پـاپېن (弗兰茨•冯•巴本 Franz von Papen) دېـگەن بىرسىنى ئـۆز ھۆكـۈمىتىگە سـىموۋۇل قىلىـپ بـاش مىنىستىر قىلىـپ تاللايـدۇ. پـاپېن دېـگەن بـۇ ئـادەم بـۇرۇن بـاش قۇمانـدانلىق ۋەزىپىسـىنى ئۆستىگە ئالغـان، ھەمـدە پروسـىيە شـتاتلىق دېپوتـات بىرسـى ئىدى. پاپېن دەسلىۋىدىلا ئۇنىڭغا غەلىتە بىـر تەسـىرات بېرىـدۇ: "مەن ئۆزەمنىـڭ بـۇ ئىشـقا لايـىق بولـۇپ-بولمايدىغانلىقىمـدىن بەكلا گۇمانلىنىمەن." شۇنداقتىمۇ، بىر قانچە مىنوتلۇق خىـزمەت ئىشلىنىشتىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر نـامزات ھالىغا كېلىدۇ. پاپېن نېمە ئىشلار بولـۇپ كېتىۋاتقـانلىقىنى پەرق قىلىـپ بولغىچىلا ئۆزىنى ھىندېنبۇرگنىڭ ئالدا كۆرىدۇ.

"ئـاھ مېنىـڭ قەدىرلىـك پـاپېنىم، دەيـدۇ قۇرۇقلـۇق ئـارمىيە مارشالى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىـلەن، ــ سـىز چوقـۇم مېنىـڭ مـۇكەممەل يـاردەمچىم بولـۇپ بـۇ قـيىن ئۆتكەلـدىن ئوڭۇشـلۇق ئۆتىۋېلىشـىمغا يـاردەم قىلغايسـىز." مارشـال، پاپېنىنـىڭ بـۇرۇن ئـاتلىق ئەسـكەرلەر ئوفىتسـېرى بولغـان، ئىقتىسـادى جەھەتـتە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بولمىغـان، ئـات مەيدانلىرىـدا ئـات چـاپتۇرۇپ كەلـگەن بىـر داڭلىـق كـاۋاللېر، دېپلومـاتىيە

ساھەسىدىمۇ بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بىرسى دەپلا تونۇيتتى. شۇنداقتىمۇ ھىندېنبۇرگ، بۇ ئادەمنىڭ ھەربىلەرگە خاس پەزىلىتى بىلەن ئەپەندىلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ بەكلا قايىل بولىدۇ. پاپېن يەنە بىر قېتىم، مەن بۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزات ھېسابلانمايمەن، دەپ تەكرارلايدۇ. بۇ قېتىمقىسىدا، ھىندېنبۇرگ بىر قانچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇنى قايىل قىلىدۇ: "سەن دېگەن بىر ھەربىي ئادەمسەن. جەڭ مەيدانلىرىدا ئەسكەرلىك بۇرچىڭنى ئادا قىلغان بىرسى سەن. ۋەتەن چاقىرىق قىلسا، پرۇسسىيىلىك بىرسىنىڭ بېرىدىغان جاۋابى: قەتئىي بويسۇنىمەن! دېيىشتىن باشقىچە بولماسلىقى كېرەك."

ھىتلېر مېكلېنبېرگتا ھەپتىلىك دەم ئېلىشىنى ئۆتكۈزىۋاتقان كۈنلەردە، گېيوبېلس تېلېفون بېرىپ، ھىندېنبۇرگ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سېنى قوبۇل قىلماقچى بوپتۇ، دەپ خەۋەر بېرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئالغان فيۇرېر ئالدىراش پايتەختكە قاراپ ئاتلىنىدۇ. بېرلىنغا بارغىنىدا پرېزىدېنت ئۇنىڭغا، پاپېننىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ (شلېيچېر بىلەن بۇ ھەقتە ئاللىمۇقاچان كېلىشىپ بولغاچقا، بۇ خەۋەر ھىتلېرغا يېڭىلىق ھېسابلانمايتتى). مارشال ئۇنىڭدىن پاپېننى قوللاپ-قوللىماسلىقىنى سورايدۇ. "قوللايمەن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھىتلېر. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى قىسقىچە كۆرۈشۈشمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

شۆبھىسىزكى، شلېيچېر بۇ قارارنىڭ پۈتۈنلەي گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغۋار مەنپەتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇ،

بىرۇنىڭ بەكلا يۇمشاقباش بىرسى بولغاچقا، ھىتلېرنى تېزگىنلەپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ قارايتتى. باشقا ھەربىلەرگە ئوخشاشلا شلېيچېرمۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە بۇنىڭدەك بىر تەلۋىگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك مىللەتچى ئارمىيە قۇرۇپ چىقالايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، شلېيچېر بىرىنچى قەدەملىك نىشانىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھېساپتا ئىدى. ئەمما، خۇددى ھەر دائىم ماچىياۋېللى (Mchiavelli) دىن ئاشۇرىۋېتىش خىيالىدا يۈرگەن كىشىلەرگە ئوخشاش (ماچىياۋېللى — 1469~1527 ـ يىللاردىكى ئىتالىيە سىياسەتچىسى، ھىلىمىكىرچى)، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى بەكلا ئەقىللىك ھېسابلايتتى. ئەمما بۇ قىلغىنى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ يىگى ھۆكۈمەتنى قوللايمەن دەپ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ۋاقىتلىق بىر ۋەدە ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالىدۇ. ئۇ، ئەگەر ھىتلېر پاپېن بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلغىدەكلا بولىدىكەن، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش، مىللى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز مۇمكىن، بولمىسا، ئۇنىڭ قوللايمەن دېگەن گېپىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك، دەيدۇ. پاپېن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۇنىڭ تەرىپىنى تۇتمايدۇ. ئەكسىنچە، ھىتلېر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قايتىدىن كوچىلاردا قىزىللار بىلەن ئۇرۇشۇش ھەرىكىتىگە يول قويۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر قايتىدىن پۈتكۈل گېرمانىيىگە

يېيىلىشقا باشلايدۇ. پەقەت 7-ئايدىلا (ئەرەن ئېيىدىلا) تاياقتا ئۆلگەن ئادەم سانى 86 كىشىگە يېتىپ، بۇلاردىن 30 نەپىرى قىزىللار، 38 نەپىرى ناتسىستلار ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپلا ئۇرۇشۇشنى خالايتتى. تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە ئۇششاق-چۈششەك ئۇرۇش-جېدەللەر كۈچىيىپ رەسمى بىر ئۇرۇش ھالىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. 10-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، يەنى يەكشەنبە (پازار) كۈنى، يەنە 18 نەپەر ساقچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ئارىدىن 7 كۈن ئۆتۈپ، بىر توپ ناتسىستلار ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدا نامايىش قىلىپ ئالتونا (Altona) ئىشچىلار ئاھالە رايونىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بىنالارنىڭ ئۈستى ۋە پەنجىرىلەردىن قاتىرىسىغا ئوق ئېتىلىپ نامايىشچىلار قوشۇننى تارقىتىۋېتىدۇ. نامايىشچىلارمۇ ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا 19 نەپەر ئادەم ئۆلۈپ، 285 نەپەر ئادەم يارادار بولغان.

شۇنىڭدىن 3 كۈن كېيىن، پاپېن پرېزدېنتنىڭ جىددى ھالەت ھوقۇقىدىن — ۋېيمار ئاساس قانۇنىنىڭ 48-ماددا بەلگىلىمىسى بويىچە جىددى ھالەت ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماددا بۇرۇنمۇ كۆپ قېتىم ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 1923-يىلقى ئىقتىسادى بوھران دەۋرىدە ئېبېرت (Friedrich Ebert 埃伯特) مۇ بۇ قانۇن كۈچىدىن پايدىلىنىپ 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى بىكار قىلغان؛ برۈنىڭ (Heinrich Brüning 勃鲁宁 ) مۇ نەچچە قېتىم بۇ ماددىدىن پايدىلىنىپ گېزىتلارنى پېچەتلىگەن ئىدى. شۇڭا پاپېنمۇ پروسىيە ھۆكۈمىتى قىزىللارغا تاقابىل تۇرۇشقا

كـۈچى يەتمــدى دېگەننــى باھــانە قىلىــپ ئــۆزىنى پروســىيە ئىمپېــرىيە گوبېرنــاتورى دەپ ئــېلان قىلــدۇ. بــۇ دېــمەك، بــۇ شـــــتاتنىڭ پـــــارلامېنتى، ھۆكـۈمىتىنىـــــڭ ئەمەلــــــدىن قالدۇرۇلغانلىقىــدىن دېــرەك بېرەتتــى، شــۇنىڭدەك ھەر قايىســى شــتاتلاردىمۇ ئاساســقانۇندا بەلگىلەنــگەن پەۋقۇلئــاددە ئەھــۋال ئاســتىدا ھوقــۇقنى ئىشــقا ســېلىش دېــگەن بەلگىلىمىــدە چېــك تۇرالىغىنىدىلا پۈت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئىدى.

## (4)

پارلامېنت سايلىمى كـۈنى ئۈچـۈن 31 ـ ئىيـۇل (ئەرەن) كـۈنى بېكىتىلــدۇ. بــۇ يەنە بىــر قېتىملىــق ئۇچقانــدەك ئايلىنىــپ تەشــۋىقات ھەرىكىتــى ئېلىــپ بېرىشــتىن دېــرەك بېرەتتــى. دېگەندەك بۇ ھىتلېرنى ئىككىنچى قېتىم "گېرمانىيە ئاسمىنىنى ئايلىنىــپ چىقىشــى" غــا مەجبۇرلايــدۇ. شــۇڭا ھىتلېر يەنە بىــر قېتىم بىر ئايروپىلان كىرالاپ يەنە شۇ بۇرۇنقى لىيوتچىك بىلەن ئۇچۇشقا باشلايدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، خانس باۋۇر (Hans Baur汉斯•包尔) بـــارلىق ھـــاۋا كېلىماتلىرىـــدا ئۇچالايــدىغان قابىلىيەتلىــك بىــر ئۇچقــۇچى ئىــدى. يەنــى ئــۇلار نەچچە قېتىم قار ـ شىۋىرغانلىق، قاتتىق يامغۇر ياققان ۋە پۈتـۈن جاھاننى تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا ئايروپلاننى قوندۇرۇشقا مەجبۇر بولغــان ئىــدى. شــۇندىن باشــلاپ ھىتلېر باشــقا بىرســى ھەيدەيدىغان ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇشقا ئۇنىمايــدىغان بولــدۇ.

ئۇنىڭ يەنە ئىككىنچى بىر شوپۇرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ شوپۇر مەخسۇس ھىتلېرنىڭ ماشىنىسىنىلا ھەيدەيدەيتتى. بۇ شوپۇر 21 ياشلىق ئېرىچ كېمپكا (Erich Kempka埃利希•坎姆卡) دېگەن ياش بىر يىگىت ئىدى. كېمپكا گېرمانىيىنىڭ غەربىي ئۇچىدا ھىتلېر ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ قونىشىنى ساقلىسا، يەنە بىر شوپۇرى جولىئۇس شرېك شەرقىدە ساقلاپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلام رىقابىتىدە بۇ ئىككى شوپۇر جەمئىي 50 مىڭ كېلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرگەن بولۇپ، بۇ يولنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى شېغىللىق يول ئىدى. ھىتلېر كېمپكانى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرەتتى. باۋۇرغىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر ھەپتىلىك جاپالىق كۆرەشتىن كېيىن ھىتلېر ھەمرالىرى بىلەن بىرگە ۋېيمارغا كېلىپ ئازىراق دەم ئېلىۋالىدۇ. ھىتلېر بۇ ئارىدا باۋۇرنى يېنىغا ئېلىپ باغچىدا سەيلى قىلغاچ پاراڭلىشىدۇ. بۇ باغچا ئۇنىڭ چۈشكەن دىبىرۋېرتېر (贝尔维德尔) مېھمان كۈتۈش سارىيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە ئىدى. ئۇ باغچىدا قالغان ھەمرالىرىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن باۋۇرنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرەشچى ئايروپىلان ليوتچىكى بولغان جەريانىدىكى ئىشلارنى ھېكايە قىلغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن توپ-توغرا بىر سائەت پاراڭلىشىدۇ. شۇندىن كېيىن، يەرلىك مەسئۇللاردىن ساۋكېل ( Sauckel 绍克尔) غا قالغان كىشىلەرنى بىرلىكتە شەھەرگە باشلاپ بېرىشىنى، شۇنىڭدەك چۈشتىن كېيىن قەھۋە ئىچىش ۋاقتىدا 15 نەپەر قىز چاقىرىپ كېلىپ مېھمانلارغا ھەمرا قىلىشىنى بۇيرۇيدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ دىبىرۋېرتېر () رېستۇرانىدا تاماق يەۋاتقانلىق خەۋىرى تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، چىرايلىق كىيىنگەن ئاياللار بىر-بىرلەپ كېلىپ رېستۇرانىدىن ماراپ ھىتلېرگە قارىشىپ كېتىدۇ. ھىتلېر ھاياجانلانغىنىدىن يېنىدا ئولتۇرغان باۋۇرنى نوقۇيدۇ: "قارىغىنە باۋۇر، ئۇ تەرەپتە تۇرغان كىچىك قىزغا قارا، ئۇ قىز راستىنلا پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىكەن!" باۋۇر فيۇرېرگە ئىچى ئاغرىپ كېتىدۇ. "ئامال قانچە، بىزنىڭ فيۇرېرىمىز قىزلارنى يىراقتىن كۆزىتىشكىلا مەجبۇر، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا يېقىنلىشالمايدۇ" دەيدۇ. "توغرا دەيسەن باۋۇر" دەپ ھىتلېرمۇ خۇرسىنىپ قويىدۇ.

شەھەردىن چاقىرتىلغان 15 نەپەر قىزمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ قىزلار ئۆز ھەمرالىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ھىتلېرغا تىكىلىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر بۇ ھالەتتىن بەكلا خىجىل بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەممەيلەن بىرلىكتە "سەنئەتكارلار قەھۋىخانىسى" غا بارايلى دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. كىشلەر قاتار بولۇپ ماشىنىلارغا چىقىدۇ. فيۇرېردىن باشقىلار ھېچ بولمىغاندا بىرسى بىردىن قىزنى قۇچىقىغا ئېلىشقان ئىدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ قەھۋىخانىدىكى قىز-ئاياللارمۇ كىلىپ ھىتلېرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدۇ. بىر مەزگىللىك پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن ھىتلېر، خانىشتانگىلغا پىيانو چېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما ئۇ بىر-ئىككى نوتىنى ئاڭلاپلا ئەتىكى نۇتۇق ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ دەپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

www.pidaiy.biz

سايلام رىقابىتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ھەپتىسىدە، ھىتلېر 50 كە يېقىن شەھەردە نۇتۇق سۆزلەيدۇ، ئۇ بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. بىر قېتىمىدا ئۇ سترالارسىن () دا ئون مىڭدەك يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى يامغۇردا نەق 6 سائەت ساقلىتىپ قويىدۇ. باۋۇر قاراڭغۇلۇقتا قونۇشقا يەر تاللايمەن دەپ بەكلا كۆپ ئاۋارە بولۇپ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتكەن ئىدى. مىتىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئۇنىڭ نۇتقىغا شۇنچە مەس بولۇپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبى، ئىقتىسادى پالەچلىك پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كەتكەنلىكى ئىدى.

11 ياشلىق ئېگون خانفستانگىل ميۇنخېن شەھەر سىرتىدىكى بىر كاتتا چېدىردا ھىتلېرنىڭ خەلق ئاممىسىغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلىغان ئىدى. "ئۇ ئاممىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى پات-پاتلا قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ تۇراتتى" دەيدۇ. نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا نامراتلارمۇ، بايۋەتچىلەرمۇ بار ئىدى؛ ھەتتا پروفېسسورلار بىلەن ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. نۇتۇقنىڭ دەسلىۋىدە كۆپچىلىك قارشى تەرەپ ئادەملەرنىڭمۇ بۇ مىتىڭگە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىشسىمۇ، ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن ھالغا كېلىشىپ ئەسەبىلەرچە ئالقىش ياڭرىتىپ تەنتەنىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئېگون ئۇ يەردە بىر جۈپ بەك ماسلىشىپ كەتمىگەن ئەر-خوتۇننىڭ، ئۇلارنىڭ بىرسى پروفېسسور، يەنە بىرسى ئايال خىزمەتچىسى ئىدى، چېدىردىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

www.pidaiy.biz

كۆرىدۇ. "ھەممە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقىنىدا، ئۇلار ئىككىسىمۇ ھاياجان ئىچىدە ئۆزئارا قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىدۇ. ئادولف ھىتلېر ئەنە شۇنداق سىھىرلىك كۈچكە ئىگە بىرسى ئىدى." كېيىن ئېگونىنى دادىسى يېتىلەپ "قوگۇر بىنا" غا ئېلىپ كېلىدۇ. "ئەندى شوخلۇق قىلما ئوغلۇم. — دەيدۇ دادىسى ئوغلىغا، — بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى تاماشا قىلغىن." ئالاقىچى ماشىنىكىدا ئۇرۇپ چىقىرىلغان بىر تىزىق ئارگىنالنى گيوببېلسقا تاپشۇرىدۇ. 'بۇ ھىتلېر سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ خاتىرىسى، يېڭىراقتا ماشىنىكىدا ئۇرۇپ چىقىرىلدى.' فيۇرېر كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ئىش ئۆستىلىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ. گيوببېلس ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئېلان قىلىشقا تەييار قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئارگىنالنى تەھرىرلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ھىتلېر بىر تەرەپتىن قېرىنداش بىلەن خاتىرە يازسا، بىر تەرەپتىن ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇڭشۇپ 'بۇ يېرى ياخشى بوپتۇ، ... مانا بۇ گەپلەر ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلىنىپتۇ، ... بۇنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك ...' دەيتتى. تېخى بىر سائەت ئاۋاللا ئۆمۈرىدىكى ئەڭ ھېسسىياتلىق نۇتقىدىن بىرنى سۆزلەپ كەلگەن ئىدى. ئۇ نۇتۇقىدا چاقىرىق قىلاتتى، يالۋۇراتتى، ئاچچىغلىناتتى، ... مانا ئەندى، ئۇ بايىقى قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتۇپ مەن ئۇچراتقان ھەر قانداق بىرسىگە ئوخشاش بەكلا تىنچ، بەكلا مېھرىبان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى."

سايلام پائالىيىتى جەريانىدا ھىتلېر يەھۇدىيلارغا قارشى بىرەر

ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ يەھۇدىيلارغا ئۆچ ئىدى. بۇ تەرىپى ھەممىگە مەلۇم بىر ئەھۋال. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشقا سەل قارىلىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر بۇ مەسىلىنى مەنتىقلىق بىر سەۋىيە بىلەن چەكلەپ تۇتۇشنى بىلەتتى. كۆپ ساندىكى نېمىسلار، ئادۋوكاتلىق قىلىدىغان يەھۇدىيلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە يەھۇدىيلارنىڭ تۈرلۈك ماللار سودا سارايلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىنى تېزگىنلىۋالغانلىقىغا قارشى ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، يەھۇدىيلار گويا سەل تاشقىنىدەك شەرقتىن ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ يەھۇدىيلار گېرمانىيىگە شەرق يەھۇدىيلىرىنىڭ كىيىم پاسونى بىلەن ئادەتلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىشكان ئىدى. كۆپلىگەن گېرمانىيىلىك يەھۇدىيلار بۇ ھالەتتىن يىرگىنىپ دەرت تۆكۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى نەپىرى، يەنى داڭلىق ئىككى يەھۇدىي بانكىرى يېڭىدىن ۋەزىيپىگە تەيىنلەنگەن ئەمگەك مىنىستىرىدىن شەرق يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى قوبۇل قىلىشنى توختۇتۇش تەلىۋىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار، بۇ يەھۇدىيلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن چوقۇم يوشۇرۇن يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى ئۇلغايتىۋېتىدۇ دەپ قارىشاتتى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئاۋال گېرمانىيىلىك، ئاندىن يەھۇدىي دەپ تونۇشاتتى. ئۇلار گېرمانىيە ئىگىلىكى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلانغان بولغاچقا، مەۋجۇت ئىجتىمائى يەكلىنىشكە چىداشلىق بېرىشكە يەنىلا تەييار ئىدى. چۈنكى، شۇنچە كەڭ قۇرساق دەپ قارىلىۋاتقان ئەنگلىيە بىلەن

ئامېرىكىدىمۇ يەھۇدىيلار ئەك ئىسىل كلۇب ۋە مېھمانخانىلاردىمۇ چەتكە قېقىلىپ قوبۇل قىلىنمايدىغان يەردە گېرمانىيىدىكىلەر نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي سوتسىيالىزمغا بەرداشلىق بېرەلىگىدەك ۋاتقانلار يەھۇدىيلارلا ئەمەستە! يېقىندا، بىر توپ پەلەستىنلىك رادىكاللار، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيچىلىققا قارشى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ناتسىستلار ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر ھەرىكەت، چۈنكى بۇ ھەرىكەت گېرمانىيىنى ئوت بالا ئاپەتلەردىن قۇتقۇزالايدۇ، دەپ ئېلانمۇ قىلىشقان ئىدى.

31 ـ ئىيۇل (ئەرەن) دا (گەرچە ۋېيېنىدا بىر گېزىت "ياشىسۇن شىكىلگرۇبېر!" دېگەن تېمىدا بىر خەۋەر بېسىپ ھىتلېرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاشكارىلىۋەتكەن بولسىمۇ)، (1932 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاۋستىرىيە باش مىنىستىرى تورفىس ۋېيېننا يەكشەنبىلىك ۋە دۈشەنبىلىك گېزىت تەھرىرلىرىنى كۆشكۈرتۈپ ھىتلېرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ بىر نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرۈپ، يوقۇرقىدەك تېما بىلەن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، بۇ خەۋەر ئارقىلىق گېرمانىيىدىكى سايلامغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈمىدىدە بولغان) ناتسىستلارنىڭ ئالغان ئاۋازى 13 مىليون 702 مىڭ 779 غا يېتىپ، ئۇلارغا رەقىپ بولغىدەك كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان ئىككى رىقابەتچىسى، يەنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئېرىشكەن ئاۋاز يىغىندىسىدىنمۇ

500 مىڭ ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشكەن ئىدى. ناتسىستلار پارتىيىسى ئومۇمى يۈتۈن سايلىغۇچىلارنىڭ 37.3 % قىسىم ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك غالىبىيىتىدىن روھلانغان ھىتلېر، پارتىيىسىگە ئۆزىنىڭ باش مىنىستىرلىك سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش تەكلىۋىنى قويىدۇ.

گىيورىڭ بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىدۇ. ستراسسېر بولسا، ھىتلېرنىڭ تەكلىۋى بويىچە ھەرىكەت قىلىنغاندا ئۇنىڭ باشقا ئوڭچىل پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزىمەن دەيدىغان سىياسىتى يۈتۈنلەي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆزلەپ، ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىنى قوللىمايدۇ. ئەمما ھىتلېر ھوقۇق ئۈچۈن بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھەرگىز قايىل قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇلار دەرھال بېرلىنغا ئادەم يوللاپ ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر بولۇش سايلىمىغا نامزات بولۇپ قاتنىشىش تەلىۋىنى شىلېيچېرغا يەتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ گېنېرال ھىندېنبۇرگ بۇنداق بىر شەرەپنى سابىق ئون بېشى بىرسىگە بېرىشنى خالىمايدۇ دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن بۇ گەپكە ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. بۇ گېنېرال ھىتلېرنى بۇنداق "خام خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرمەي بۇ پىلانىدىن قايتۇرۇش ئۈمىدى" بىلەن ھىتلېرنى سۆزلىشىش ئۈچۈن مېكلېنبېرگ (梅克伦堡 Mecklenberg) قا تەكلىپ قىلىدۇ. 5-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى، بۇ ئىككى ئادەم پايتەخت ئەتراپىدىكى فورستېنبېرگ (弗尔斯登贝格) ھەربى گازارمىسىدا ئۇچرىشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشتە ھىتلېر باش مىنىستىر بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا

www.pidaw.biz

قالماي، يەنە قانۇن چىقارتىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق دەيدىغان بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ ماھىيەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمران بولىمەن دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇتۇقلۇق ئۆتىدۇ. ھەتتا ھىتلېرمۇ ھىندېنبۇرگنىڭ پىكرىدىن يېنىپ ئۆزىنى قوللاش مۇمكىنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. بۇ خۇشاللىنارلىق كۈننىڭ قالغان قىسمىدا ھىتلېر تامغا بىر پارچە پىلاكات مىخلاپ بۇ قېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە كۆرۈشۈش ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ.

ھىتلېر ئەنە شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ ھېسسىياتى بىلەن سالىزبۇرگ (萨尔茨堡Salzburg) قا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما گېيوبېلس، بىز ئۇنچە ئاسان ھوقۇققا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىغاچقا بۇنداق گەپلەرگە ھىتلېر قىزىققاندەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. گېيوبېلس پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىز تەرەپتارى بولۇپ، ئۇنداق سىلىق يوللار بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشنى ئويلىمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۈر قىزغىنلىقى ناتسىستلار گۇرۇھىدىكىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. "پۈتۈن پارتىيە ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەييار ھالغا كەلدى. — دەپ يازىدۇ 8-ئاۋغۇست (چايان) تىنكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — بۇنىڭ ئۈچۈن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى باشقا ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بۇ ئىش ئۈچۈن ئاتلىنىش كېرەك." 10-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى، ھىندېنبۇرگ يېزىدىكى داچىسىدىن ئايرىلىپ بېرلىنگە قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىدا،

پايتەخت ئاساسەن يېرىم قورشاۋغا ئېلىنغان ھالدا ئىدى. بۇ كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پاپېن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر بولۇشى مەسىلىسىدە ھىندېنبۇرگ ھەققىدە گەپ تارقىتىشقا كىرىشىدۇ. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان بۇ ئاۋۇستىرىيىلىك، شلېيچېرغا بەرگەن ھەر خىل ۋەدىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ دەيدىغان پىتنە پاسات تارقىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھىتلېردىمۇ ھۆكۈمەتنى باشقۇرالىغىدەك بىرەر تەجرىبە يوق، ھەتتا ئۆزىنىڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى مىڭىسى قىزىپ كەتكەن ئۇنسۇرلارنىمۇ تىزگىنلىيەلمەي يۈرمەكتە؛ پىرىزدېنت ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى يېغىنغا تەكلىپ قىلىشنىمۇ رەت قىلىپتۇ دەپ گەپ تارقىتىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 13-ئاۋغۇست (چايان) كۈنىسى، ھىتلېر بېرلىن باش شتابى قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان كايزېرخوف (凯撒霍夫 Kaiserhof) مېھمانسارىيىغا چۈشىدۇ. مېھمان كۈتۈش سالونىدىكى تېلېفون كۈن بويى تىنماي جىرىڭلاپ تېلېفون كېلىپ بۇ يەرنى خۇددى بىر جەڭ مەيدانى قۇماندانلىق شتابىدەك ھالغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. مېھمان كۈتۈشنىڭ ئايلانما ئىشىكى كىرگەن-چىققانلارنىڭ كۆپلىكىدىن تىنماي چۆگىلەپ تۇرىدۇ. مېھمانساراي كۈتۈۋېلىش زالىمۇ قايىنىغان قازاندەك مىغىلداپ كېتىدۇ. ئاساسلىق بىنادا فيۇرېرنىڭ كونۋىيى بىلەن ياردەمچىسى ئۈچۈن تەييارلانغان جىددى ھالەت ئىشخانىسىدا، خەت ماشىنكىلىرى تىنماي تاراخشىپ ئىشلەپ

www.pidaiy.biz

تۇراتتى. يەرلىك ۋە چەتئەل گېزىت ۋاكالەتچىلىرى ھىتلېرنىڭ بىرىنچى ئاخبارات باياناتچىسى بولغان ئوتتو دىتىرىچ (奥托•狄特里希Otto R. Dietrich) ۋە خانفىستانگىلنىڭ ئەتراپىنى قورشاپلا ئالغان بولۇپ، قىزىق خەۋەر ھالىغا كەلگەن ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سۆھبەت ئېلان قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋېلىشقان ئىدى.

چۈش ۋاقتىدا ھىتلېر شلېيچېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ گېنېرال ئۇنىڭغا ھىندېنبۇرگ سېنى ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشىڭنىلا تەستىقلىشى مۇمكىن دەپ ئېيتىدۇ. ھىتلېر قاتتىق ئاچچىغلىنىپ شلېيچېرنى، گېپىڭدە تۇرمىدىڭ، دەپ كايىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ئورنىدىن سەكرىگىنىچە تۇرۇپ غۇيۇلداپ چىقىپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ھىتلېر پاپېننىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ھۆكۈمەت كونا تۈزۈمگە يول قويىدى دەپ كايىپ كېتىدۇ. پاپېن، ھىتلېرنىڭ بۇ خىل ھە دېسىلا كىشىگە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئەيىپلەپ كېتىشىگە قاراپ ھەيران قالىدۇ. "پىرىزىدېنتىمىز سېنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەش نىيىتى يوق. — دەيدۇ پاپېن، — بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ سېنى تېخى تولۇق تونۇپ كېتەلىدىم دەپ قارىمايدۇ." ھىتلېر ھەرگىزمۇ پارچە نانغا ماقۇل دەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ماركسىزمچىلار پارتىيىسىنى يوقۇتۇشقا تىرىشماقچىمەن. ئەمما مەن تولۇق ھوقۇققا ئېرىشىپ ئۆز ئۇسۇلۇم بويىچە ھەرىكەت قىلالمىسام، بۇ مەقسىدىمنى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايمەن، دەيدۇ. ئۇ گېپىنى

www.pidaw.biz

داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر قان تۆكۈلۈشتىن ھەرگىزمۇ ساقلىنالمايدۇ. بۇ تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان ساۋىقى. مۇسسولىن رىمغا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا ئىتالىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا باش مىنىستىر ئورۇنباسارلىقنى تەكلىپ قىلغانمىدى؟

ھىتلېر غەزەپلەنگەن ھالدا باش مىنىستىر بىناسىدىن چىقىپ ئۇدۇل گىيوبېلس تۇرغان يەرگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە، قاتتىق غەزەپلىنىپ غۇدۇرىغىنىچە ئۆمىدسىز بىر شەكىلدە ھىندېنبۇرگنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتىدۇ. ئاخىرى، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردە پاپېننىڭ ئىچكى ئىشلار كاتىۋىدىن تېلېفون كېلىدۇ. ھىتلېر پەقەت بىرلا ئىشنى سورايدۇ: ھىندېنبۇرگ مېنى باش مىنىستىر قىلامدىكەن-قىلمامدىكەن؟ كاتىپ ئۇنىڭغا ھىندېنبۇرگنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بارئوخشايدۇ دېگەن ھەپىنلا قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىش پىرىزدېنت مەھكىمىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا بەكلا ئاددى ئەمما رەسمى ئۆتىدۇ. ھىندېنبۇرگ ھىتلېردەك بۇنداق بىرسىنى شۇنچە مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىمەسلىك ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پاپېن بىلەن ھەمكارلىشىشىپ ئىشلىشىگە قارشى ئەمەس ئىدى. "شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىپىنى قاندۇرماقچى" بولىدۇ. ھىندېنبۇرگ ئېھتىيات بىلەن مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى قوللايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېرمۇ خۇددى شۇنداق ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانىم يوق، مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇش

www.pdaily.biz

سۈپىتىم بىلەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مەن يېڭى كابىنېت تەشكىل قىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىكىنى شەخسەن ئۆزەم ئۈستۈمگە ئېلىشىم شەرت، دەيدۇ.

"بۇ مۇمكىن ئەمەس! — دەيدۇ ھىندېنبۇرگ، — مەيلى تەڭرى ئالدىدا ياكى ۋىجدانىم ۋە ۋەتەن ئالدىدا بولسۇن ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلىرىنى بىر پارتىيىگە تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ مەسئۇلىيەتىنى ھەرگىزمۇ ئۈستۈمگە ئالالمايمەن." ھىتلېر باشقا ئامال يوقلىقىنى ئېيتىپ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "ئۇنداقتا سەن ئۆكتىچى سەپتە تۇرماقچىمۇ؟" "باشقا ئامال يوق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ فيۇرېر.

ھىندېنبۇرگ ئۆكۈنگەن ھالدا، ناتسىستلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا يېقىنقى كۈنلەردە سۈركۈلۈش يۈز بەرگەنلىكىدىن بەكلا كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يوقۇرقىدەك قارارغا كېلىشىمدە بۇ ۋەقە مېنى تېخىمۇ بەك ئويلاندۇرۇپ قويغانلىقىمۇ سەۋەم بولغان. يەنى دېمەكچىمەنكى، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنى تىزگىنلەش ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سېنى يەنىلا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىۋىدە كۆرۈشنى خالىدىم، دەيدۇ. ئاندىن يەنە ھىتلېرغا بىر ئاز ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. يەنى مارشال بىر سابىق ئون بېشىغا سۈر كۆرسىتىۋالىدۇ. "مەن سېنى شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەنكى، بىر ئۆكتىچى بولۇشنىڭ ئۈچۈن چوقۇم مەرت بولۇشىڭ كېرەك، ئۇنۇتمىغىنكى، سەن

ۋەتەن ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈگە ئالغان بىرسى سەن. سەن ۋەتەنپەرۋەر بىرى سەن. بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانىم يوق. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر خۇددى ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بۇرۇن قىلغىنىدەك قايتىدىن تېرروررلۇق بىلەن ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدىكەن، ئۇ ھالدا مەنمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇرمەن."

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خېلىلا قاتتىق گەپلەر بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇ قاتتىق تىگىپ كېتىشىنى بىر ئاز بولسىمۇ يۇمشىتىش مەقسىتىدە قوشۇپ قويىدۇ: "بىز ئىككىمىزلا ھەربىي ئادەملەرمىز. شۇنىڭدەك قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزمۇ ئورتاق ئومۇمي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان بىر ئىش. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز چوقۇم ئورتاق نوقتىغا ئىگە دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغاچقا، مەنمۇ ساڭا ھەرىبىلەرچە قول ئۇزارتماقچىمەن." پىشقەدەم مارشالنىڭ بۇ دېگەنلىرى ھىتلېرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ، كىتابخانىدىن چىقىپلا ئاچچىقىنى پاپىندىن ئالىدۇ. بۇكۈنكىدەك نۇمۇسقا قېلىشىمغا پۈتۈنلەي سەن سەۋەپچى بولدۇڭ، بۇنىڭ ئاقىۋېتى بەلكىم پىرىزدېنتىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا مەن بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا ھەرگىز مەسئۇل ئەمەسمەن.

ھىتلېر گېيوبېلس تۇرغان يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خانفىستانگىل ھىتلېرنىڭ "چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇزۇنغىچە سەپراسى قايتمىغان" لىقىنى ئېيتىدۇ. قىزىق يېرى، بىر ئازدىن كېيىن

www.pidaw.biz

ھىتلېر تۇيۇقسىزلا قايتا روھلىنىپ، ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىقنى قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ قانداق، دەپ بۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى دەڭسەشكە باشلايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، پاپېن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭمۇ يامىنى يوق. بۇنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇمۇ بىر ھەربى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا دۆت بىر نېمە. — ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن دەيدۇ، — بەلكىم پاپېن راستىنلا ماڭا بىر يولداش بولالىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ باش مىنىستىرلىكتە ئايالى بىلەن قولتۇقلاشقىنىچە قالغان ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلاپ، ھوقۇقنى ھەقىقى تۇردە ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلا بولىدىكەن، مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولۇشىمنىڭ كارى چاغلىق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟"

كوچىلاردا گېزىتچى باللار ۋارقىرىغىنىچە گېزىت تېمىسىنى خەۋەر قىلىپ گېزىت سېتىشقا كىرىشىدۇ: «قورقۇنۇشلۇق تەنقىت، ھىتلېر ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېدى، ھىتلېر ئىمپېرىيە پىرىزدىنتىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىدى» گېزىتلاردا ھىتلېرنىڭ بارلىق ھوقۇقنى تەلەپ قىلغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇ گەپلەر كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئاخباراتقا ئاساسەن يېزىلغان خەۋەر ئىدى. بۇ ئاخباراتنىڭ شۇنچە تېز ئېلان قىلىنىشى چوقۇم ئالدىن تەييارلىقى بار بىر ئىش بولىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ۋەقە ھىتلېرنى قاتتىق پەرىشان قىلىۋېتىدۇ. ئۇ كاللىسىدىكى ھىندېنبۇرگ سىماسىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ

www.pidaiy.biz

تاشلايدۇ. ھىتلېر، ھەربىلەر بىلەن سىياسەتچىلەر ئۇنى "ئالدىتۋەتتى" دەپ ھېسابلايدۇ. قايسى بىر ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىسى بۇ گەپلەرگە قوشۇلىدۇ. "مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىدىكىلەر ھاكىمىيەت بوسۇغۇسىدا. — دەپ يازىدۇ رۇدولف ئولدېن (鲁道夫•奥尔登Rudolf Olden)[271]، — ئۇلار سىياسىي كېلىشىش سۆھبىتىگە قاتناشقان بولسىمۇ كۆزگە ئىلىنمىدى، ھەمدە تەڭ باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى، يەنە بىر قېتىم بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلدى، قارىغاندا ئۇلار يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولىدىغان بولدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ غەزەپلىنىشىنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ، ئۇلار ھەقلىق ئىدى. گەرچە نۇرغۇنلىغان ئىشىكلەر ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئېچىق، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، 'سالاھىيەتلىك كىشىلەر' تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى. بۇ 'ھۆرمەتلىك جاناپلار'، ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى خالىماي ئۇلارنى ئاخماق قىلىشقىلا ئۇرۇنماقتا."

پاپېننىڭ ئاخباراتىدىن شلېيچېرمۇ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ يەنىلا ئەڭ ياخشى چارە ناتسىستلارنى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇش دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئۇ دەرھال فيۇرېرگە گەپ ئەۋەرتىپ، كېلىشىمگە كېلىش پۇرسىتى تېخى تۈگىمىدى، دەيدۇ. ئۇ ھىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۆزىگە بەكلا ئىشەنگەن بۇ گېنېرال رەت قىلىنغانلىقىدىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، بىر دوستى بۇ گېنېرالنىڭ چىرايى

www.pdaiy.biz

تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، بەكلا چىچىلىپ كەتكەنلىكىنى، گېپىنىڭمۇ قولاشماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ دىگىنىنى ئاخىرى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ: ھىتلېرنىڭ بۇ قىلغىنى ياخشى بولدى. ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئادولف ھىتلېرغا تۇتقۇزغىلى بولمايتتى، دەپ قارايدۇ.

پۈتكۈل شەھەردىكى ئېس-ئاچلار خىلىدىن بىرى چىشىنى چىشلەپ ئارانلا تۇراتتى. شۇنىڭغا قارىماي پارتىيە ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشغا يول قويماي كەلمەكتە ئىدى. مانا ئەندى ئۇلارنىڭ چىداشلىق بەرگۈچىلىكى قالماي، دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنايلى دەپ غەلۋە قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر دەرھال ھۇشىنى يىغىۋېلىپ ئېغىر بېسىق ھالغا كېلىدۇ. ئۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرلىرىنى گيوبېلسنىڭ تۇرغان يېرىگە چاقىرىپ، ھازىر ھوقۇق تارتىۋالىدىغان پەيت ئەمەس، بۇنداق بىر ئەھۋالدا قوزغىلاڭ قىلىدىكەنمىز، ئاقىۋىتى چوقۇم ئېغىر ۋەيران بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، دەپ ئۇلارنى قايىل قىلغانلىقى مەلۇم. كوماندىرلار گەرچە ھىتلېرنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ سەۋەپتىن ھىتلېرنىڭ ئابرويىغىمۇ بەلگىلىك داغ چۈشكەن ئىدى. بارلىق قىسىملار ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

شۇكۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھىتلېر جەنۇپقا قاراپ يولغا چىقىپ سالىزبۇرگقا قايتىپ كېتىدۇ. شرىك قاراڭغۇلۇقتا ئەگرى-توقاي يوللاردا يول تېپىپ ئىلگىرلەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىنمۇ چىقارماي بىشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرىۋالىدۇ. كېيىن،

www.pdaw.biz

خانفستانگىل ئۇنىڭ ئۆزىچە بىر نېمىلەر دەپ غۇدۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالدۇ: "قېنى قاراپ باقايلى، بەلكىم بۇنداق بولغىنى تېخىمۇ ياخشىدۇر." "ئۇنىڭ مۈگىدەش ئىچىدە تەغدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرىشى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى." فيۇرېر ھەر نېمە دېگەن بىلەن قول ئاستىدىكى كىشىلىرىگە قارىغاندا ئەقىللىق ۋە ئۆزىنى بېسىۋالايدىغان بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ پات-پاتلا "بىز ئۆزىمىز باشلىغان ئىشنى پەقەت ئۆزىمىزلا پۈتتۈرەلىشىمىز مۇمكىن، ... مەن بىرەر قورغان ئىچىدە قورشاۋغا ئېلىنىشقا رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەسىر بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ... بۇندىن كېيىن بىزمۇ ئىش دېگەننى مانا مۇنداق قىلىش كېرەك، دېيەلەيدىغان بولىمىز" دېگەندەك گەپلەر بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، باشقىلار بۈگۈننىلا كۆزدە تۇتقان بولسا، ھىتلېر يىراقنى كۆزلىيەلەيدىغان بىرسى بولۇشىدىن كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ھىندېنبۇرگنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشقا تايىنىپ بىر قېتىملىق دو تىككەن بولسىمۇ، يېڭىلىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ، تەغدىرنىڭ ئۇنى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.

**(5)**

ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ھىتلېر بۇ مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتا ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ. ھەتتا بۇ قېتىم ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ھالغا كېلىدۇ. ئەمما بۇ كرىزىس پەيتىدە بېرچتېسگادېندا ھىتلېرنى كۆرگەن ھەر قانداق بىرسى ئۇنىڭغا بۇنداق قارىمايتتى. بۇلاردىن بىرسى جۋاشىم ۋون رىببېنتروپ (Joachim von Ribbentrop 约希姆•冯•里宾特洛甫) دېگەن كىشى ئىدى. رىببېنتروپ، پاپېننىڭ بىر دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىدى، ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر ۋە پرېزدېنت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوڭشاش ئىدى. ئەمما ئۇ بېشتېسگادېنغا كېلىپ ئاردىن بىرەر سائەتمۇ ۋاقىت ئۆتمەي ھىتلېر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. “ئۇ چاغدا ھەقىقەتەنمۇ مۇزاكىرە قىلىش ياكى كېلىشىم قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان بىر ۋاقىت ئىدى. — دەيدۇ رىببېنتروپ كېيىنچە شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، — ئۇنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. نەق مەيداندا بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ تۇراتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان مۇستەقىل پىكىرلىك بىرسى ئىدى. ھەرگىزمۇ سۇلھى-سالا قىلمايتتى.” بۇ يەرگە ياراشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن رىببېنتروپ، بۇ يەردىن ئايرىلغان ۋاقتىدا پەقەت ھىتلېرلا گېرمانىيىنى كوممۇنىزم ئەقىدىسىن قۇتۇلدۇرالىغىدەك دەپ قەتئىي ئىشەنچكە كېلىپ قايتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇمۇ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ.

شۇندىن بىر قانچە كۈن كېيىن، يەنى 17-ئاۋغۇست

(چايان) كۇنسى، بىر نەچچە ئامېرىكىلىق مۇخبىر ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. ئەسلىدە لويىس لوچنېر (路易斯•洛茨纳 Louis Lochner)، ھ. ۋ. كالتېنبورن (赫•V•卡尔顿波恩 H. V. Kaltenborn) ۋە كارل ۋون ۋىگاند (Karl von Wiegand 卡尔•冯•维甘德) ئۈچىسى بىرلىكتە فيۇرېرنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلاشقان ئىدى. ئەمما ھېرست (赫斯特 Hearst press) مەتبۇئاتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولغان ۋىگاند ئۆزى ئايرىم زىيارەت قىلىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرىۋالىدۇ. 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋىگاند قاتتىق خاپا ھالدا چۈشكەن مېھمان سارىيىغا، يەنى ۋاسسىنفېرد بىناسىنىڭ يېقىنىدىكى مېھمان سارايغا قايتىپ كېلىدۇ. "بۇ ئەبلەخ ھەرگىزمۇ ئادەم ئەمەسكەن. — دەيدۇ قالغان ئىككى ھەمرايىغا، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمدە ئاۋالقىسىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ ئۆزگىرىۋالغانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېچ قانداق گەپ ئالالمىدىم. سەن ئۇنىڭغا بىر سوئال قويىدۇڭمۇ-بولدى، ئۇ تىنماي چالۋاقاپ توختىماي سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى زىيارىتىم ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق بولدى" دەپ قايناپ كېتىدۇ.

كالتېنبورن بىلەن لوچنېر ئىككىسى كورىدوردىن ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ھىتلېر ئىشىكتىن كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. كالتېنبورن دەرھال كىشىنى بەكلا بىزار قىلىدىغان سوئالدىن بىرنى سورايدۇ: "يەھۇدىيلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. سىزدىن سورايدىغىنىم، سىز گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن باشقا دۆلەتلەردىكى

يەھۇدىيلارنى پەرىقلەندۈرۈپ قارامسىز؟» دەپ سوئال قويىدۇ.

ھىتلېرنىڭ چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى گويا كالتېنبورنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىدى. «بىز گېرمانىيىنىڭ مىلانىزمىغا () ئىشىنىمىز. ــ دەيدۇ ھىتلېر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ــ سىلەر كەلگۈسى كۆچمەنلەرنى چەتكە قاقساڭلار بولىدىكەن، يەنى كۆچمەن قوبۇل قىلمايمىز دېيەلەيدىكەنسىلەر. كۆچمەن سانىنى تەڭشەپ تۇتۇشقا ھەققىڭلار بار ئىكەن. سىلەر كۆچمەنلەرگە شەرت قويۇپ شۇ شەرتنى ھازىرلىشى شەرت دەپ چەك تۇرالايدىكەنسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. بىز باشقا دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ غەمىنى قىلغىدەك ھالىمىز يوق. بىز پەقەت باشقا ئەللەردىكى گېرمانىيىگە قارشى تۇرىدىغان ئۇنسۇرلارغىلا قىزىقىمىز. ... «بىز دۆلىتىمىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل بويىچىلا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەشنى ئويلايمىز.»

لوچنېر گەپنىڭ تېمىسىنى نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىگە بۇرايدۇ: ھىتلېر ئەپەندىم، سىز راستىنلا ھىندېنبۇرگدىن موسسولىن ھاكىمىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھاكىمىيەت كۈچىگە ئىگە مىللىي سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى قۇرۇش تەلىۋىدە بولغانمىدىڭىز؟ ھىتلېر بۇنداق بىر تەلەپ ئۈستىدە ھەرگىز سودىلىشىش بولمىغانلىقىنى، ئەمما كەيىندىنلا قەتئىي قىلىپ «تولۇق ھوقۇقلۇق ھوقۇق» تەلىۋىدە بولۇنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى گويا ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ بولغان بىرسىدەك تونىدا سۆزلەيتتى. ئۇ يەنە گېرمانىيىگە

ھۆكـۈمران بولـۇش شـەكلى ھەقـقـدە توختالـدى. ئـۇ، ھوقـۇق كـۈچىنى قولـدا تۇتـىـدىغان بـىـر ھـاكىمىيەت قۇرـدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. پارلامېنت تۈزۈمى ھەرگىزمۇ ياۋروپا قۇرۇقلىقىنىڭ مەھسـۇلى ئەمەسـلىكىنى، بۇنـداق بـىـر تـۈزۈم ياۋروپانىـڭ ئەنئەنىسـىگىمۇ ئۇيغـۇن كەلمەيـدىغانلىقىنى تىلغـا ئالـدۇ. "تەبىئىكى، بىز ياۋايىلار ھاكىمىيىتى تىكلىنىشىگىمۇ قارشىمىز." ھۆكـۈمەت چوقـۇم خەلـق ئاممىسـىنىڭ قوللىشـىغا ئېرىشەلىشـى كېـرەك. ئـۇلى يـوق قـۇپ-قـۇرۇق ھـاكىمىيەت قۇرۇشـىنىڭمۇ ئىمكـانىيىتى يـوقتە! بـىـر دۆلەتنىـڭ كـۈچ-قـۇدرىتى خەلقـتىن كەلمىگەنـلا بولـىدىكەن، ئۇنـداق بـىـر دۆلەت چەتـتىن كـىرگەن بـىـرەر كىرىزىسـقا دۇچ كەلگەنـدە مەغلـۇبىيەتتىن ھەرگىزمـۇ قۇتۇلالمايدۇ.

يېگـى پارلامېنتنىـڭ ئـېچىلىش مۇراسـىم كۈنىسـى مىللـى سوستسـيالىزم پارتىيىسـىنىڭ ۋەكىللـىرى بەكـلا رەتلىـك ۋە ئەدەپلىـك ئـىدى. ئـۆكتىچىلەر سـۆزگە چىققىنىـدا ئـۇلار جىـم ئولتـۇرۇپ ئـاڭلايتتى. پارلامېـنت مەسئۇلىنى سـايلاش ۋاقتىـدىمۇ ئۇلار مۇخالىپ تەرەپتارلىرى بىلەن زىـچ ھەمكارلىشـىپ ھەرىـكەت قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆلگىلىك ئىش-ھەرىكەتلىـرى ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتنى بېرىدۇ. مەركىزى پارتىيىنىـڭ قـوللاپ بېرىشـى نەتىجىسـىدە، گېيورىـڭ پارلامېـنت باشلىقى بولـۇپ سـايلىنىدۇ. پارلامېنت زالىدا كىشىلەر تىنچ ۋە ئاكتىپ پائالىيەتلەر بىلەن بـىـر قـانچە كـۈننى ئۆتكۈزىـدۇ. گېرمانىيىنىـڭ سىياسـى ۋەزىيىتـى ئاخىرقى ھېساپتا خېلىلا مۇقىم ھالغا كەلگەن ئىدى. بۇ جەھەتتە

ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېر ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئەمما ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا ھىتلېر تۇيۇقسىز يولىنى ئۆزگەرتىدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ قېنى قايتىدىن قىزىشقا باشلىغان ئىدى. كومپارتىيىلىكلەر پاپېن كابىنېتىنى ماقۇللاش تەكلىۋىنى سۇنىدۇ. ھىتلېر ناتسىستلار ۋەكىللىرىنىڭ بۇ ئىشقا قارشى چىقماسلىقىنى بۇيرۇيدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن بەس-بەستە ۋارقىراپ-جارقىرىششلار بىلەن ئۆتىدۇ. پاپېن، دەرھال يىغىن زالىدىن ئايرىلىپ ھىندېنبۇرگدىن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ھۆججىتىگە قول قويدۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ زالغا قايتىپ كىرگىنىدە، پارلامېنت رەئىسى گېورىڭ ئۇنى كۆرمىگەنگە سالىدۇ. بۇنىڭدىن پاپېن قاتتىق خاپا بولۇپ، قولىدىكى ھۆججەتنى رەئىسنىڭ ئالدىغا چۆرۈپ تاشلايدۇ. گېورىڭ بۇنىمۇ كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ، ھۆكۈمەتنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىش باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاۋاز نەتىجىسىدە پاپېن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقى ئوتتۇرغا چىقىدۇ: ئۇنىڭ قۇرغان ھۆكۈمىتى 512 ئاۋازغا قارشى ئارانلا 42 ماقۇللاش ئاۋازىغا ئېرىشەلەيدۇ.

كۈتۈلمىگەن سىياسى ئۆزگىرىشتىن غەلىبە قىلغان ھىتلېر خوشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن قايتا ئومۇمى سايلامغا تەييارلىنىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ھىتلېر بۇ سەھنىدە يەنە بىر قېتىم ئىككى يۈزلىمىلىك ئويۇن ئوينىغان ئىدى. بۇ قېتىمقى سېھىرۋازلىق ئويۇنىنى نەق مەيداندا كۈزىتىپ تۇرغانلاردىن

بىرسى، ئۇنىڭ دۆشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ئاۋسترو-ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھزادىسى ئىدى. بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئوچۇق مەيدان مىتىنگىدە، ئوتتو ۋون ھابسبۇرگ ئىزچىل تۈردە ھىتلېرگە ھاقارەت ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقان كومپارتىيىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە كىشىلەر توپىنىڭ بىر چېتىدا قاراپ تۇراتتى. ھىتلېر سەھنىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ نۇتقىنى سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرىۋاتقىنىدا ئۆزىنى ھاقارەتلەپ يۈرگەن بايىقى كىشىلەرگە كۆزى چۈشىدۇ-دە، "گېپىنىڭ بېشىدىلا تىغ ئۇچىنى ئۇلارغا قارىتىدۇ. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ بىر تۈر جەلپ قىلارلىق تالانت كۆچى يوشۇرۇنغان ئىدى." ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كومپارتىيىلىكلەرگە قوشۇلۇپ ھىتلېرنى ھىمايە قىلىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياش ھابسبۇرگ بەكلا ھەيران قالىدۇ.

گەرچە ھىتلېردا ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق بىر تالانت كۈچى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ سايلام رىقابەت پائالىيەتلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى دېگەندەك كۈچلۈك بولمايۋاتاتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، پارتىيىنىڭ مالىيە ۋە ئادەم كۈچى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي كېلىۋاتقان بولۇپ، رەسمى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. گويا ئاخىرى چىقماس سايلاملارمۇ نېمىسلارنىڭ قىزغىنلىقىغا قاتتىق زەربە بولۇپ تەگكەن ئىدى. گيوبېلسنىڭمۇ بۇرۇنقى سايلام كۈنلىرىدىكىدەك ئۇنداق قىزغىنلىقنى قايتا پەيدا قىلالىغىدەك كۈچى قالمىغان بولۇپ، چوڭ-كىچىك مىتىنگىلارغا

قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ كۈنسايىن ئازىيىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. شپېنگېل (史本格勒) نىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ ئاخىرى چىقماس سايلام پائالىيەتلىرى ئۇنى مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتكىدەك قىينىماقتا ئىدى. بۇرۇن ھىتلېرغا ئاز-تولا ئىشىنىپ ئۇنى قوللاپ كەلگەن بولسا، مانا ئەندى ئۇمۇ مازاق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە مۇنداق دەپ يازدۇ: گېرمانىيىدە ھەقىقى كايزېر (ھۆكۈمەت باشلىقى، يەنى باش مىنىستىرنى دېمەكچى ــ ئۇ.ت) يوق ئىكەن. ئەمما ئىسمى جىسمىغا لايىق فيۇرېر “قورقماي ۋارقىراپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس بەلكى بىر قەھرىمان بولۇشى شەرت.”

ھىتلېر سايلام ھەرىكىتىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىملىق بەختسىزلىك ۋەقەسى كېلىدۇ. 1-نويابىر (ئوغلاق) دا، نەچچە ئايدىن بېرى ئىزچىل تۈردە ھىتلېرغا ئاشنا بولۇپ يۈرگەن ئېۋا براۋۇنمۇ خۇددى گېلى باۋۇرغا ئوخشاش تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ. ئېۋا ئۇنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېر بولسا سايلام ئالدىراشچىلىقىدا ئۇنىڭغا بەكلا ئاز ھەمرا بولالايتتى. بۇرۇن ئېۋاغا ئارىلاپ قىسقا خەتلەرنى ئەۋەرتىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىياسى ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن يازىدىغان قىسقا خەتلىرىمۇ بەكلا ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ بۇ يېقىندا ئېۋاغا ئۆچلۈك قىلىپ كېلىۋاتقان بىر كۈندەش قىز، فيۇرېرنىڭ سايلام پائالىيىتى كۈنلىرىدە چىرايلىق قىزلار بىلەن بىرگە چۈشكەن

رەسىملىرىنى ئۇنىڭغا ئەۋەرتىپ بېرىدۇ.

بىر دىنى بايرام كۈنىسى (1-نويابىر) يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، ئېۋا براۋۇن ھىتلېرغا بىر پارچە تېز خەت يېزىپ ئەۋەتىۋېتىپ بويىنىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقىرىپ ئارتېرىيە قان تومۇرىنى ئۈزىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆمىلىگىنىچە تېلېفونىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھالسىرىغان ھالدا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى چىرات (气拉特) دوختۇرغا تېلېفون قىلىدۇ: مەن قەلبىمگە قارىتىپ ئوق ئېتىۋالدىم!

ھىتلېر سايلام ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قولىدا بىر دەستە گۈل تۇتقىنىچە ئېۋانى داۋالاۋاتقان شەخسى دوختۇرىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. "سىڭلىڭىز ئىۋا براۋۇن خانىم قىزنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋېلىشىدىكى مەقسىدى سىڭلىڭىز بىمارنىڭ بولۇش ۋاستىسى ئارقىلىق مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈنلا بولغان، شۇنداقمۇ؟" دەپ سورايدۇ دوختۇر پلات (普拉特) تىن. دوختۇر ئۇنىڭغا، مېنىڭچە بولغاندا بۇ قىز رەسمىلا ئۆلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن. بۇ قىز ماڭا ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىكەن، شۇڭا بۇ ھاياتنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، دەپ ئويلاپ بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېر، دوختۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىرگە كەلگەن خوفمانغا قاراپ: "ئاڭلىدىڭمۇ، بۇ قىز مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغان. ئەمما مەن ئۇنى خاپا قىلمىغان تۇرسام، نېمىشقا ئۆلىۋالماقچى بولىدۇ؟ — ئۇ خاتىرجەم بولالماي ئالدى كەينىگە ماڭغىنىچە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ

كېتىدۇ، — دېمەك، مەن بۇ قىزغا كۆڭۈل بۆلىشىم كېرەك ئىكەن.” ئەمما خوفمان بۇ گەپكە قوشۇلماي، بۇ ئىش باھانىسىدە سېنى ھېچكىم ئاۋارە قىلالمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا “ئۇيلاپ باق، بۇنىڭغا ھېچ كىمنى ئىشەندۈرەلمەيسەن” دەيدۇ. ھىتلېر كىشىلىك تۇرمۇشتىن خېلىلا ساۋادى بار بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ قايتا ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنماسلىقىغا يەنە كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟

ئەسلىدىنلا سايلام پائالىيەتلىرى چىققىلى بولماس بىر داشقايناققا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر يەنە بىر ئاۋارىچىلىققا دۈچ كېلىدۇ. گېيوبېلس بىۋاستە قىزىللار بىلەن بىرلىكتە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تەستىقلانمىغان بېرلىن ترانسپورت ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك چوڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، بېرلىندىكى ئىش ھەققىنى سائەتىگە بىر سېنت ئەتراپىدا كۆپەيتىپ بېرىش تەلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ئەسلىدىكى غايىلىرى ئىچىدە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشاشلىقلار بار بولغاچقا، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى بۇندىن بۇرۇنمۇ بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن كېيىن ھاۋالار تۇتۇلۇپ سوغوق بولۇپ كەتكەچكە، مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن كومپارتىيىلىكلەر سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئوچۇقچۇلۇقتا بىرلىكتە يېتىپ قوپۇپ بىرلىكتە تاماق يېيىشىدۇ. ئۇلار مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ، ئىش

www.pdfaly.biz

تاشلاشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا قارشى تاش ئېتىشىپ، ترامۋاي رېلىسلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، بىر مۇنچە يەرلەرگە توساق قۇرۇپ چىقىشىدۇ.

ھىتلېر ئۆزىنىڭ كالۋا مورتىنىڭ بۇنداق بىر ھەرىكەت باشلاتقانلىقىنى ئاشكارە ئەيىپلەشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئەمما بۇ ئىش سەۋەبىدىن شۇنچە كۆپ ئوتتۇرا تەبىقە سايلىغۇچىلىرىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ يېرىلىپ كەتكىدەك ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى دەرھال يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. "ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىزگە بولشېۋىكچىلار دەپ بوھتان قىلىپ ھۇجۇم قىلماقتا. ئەسلىدە بىزنىڭمۇ تاقەت قىلغۇچىلىقىمىز قالمىغان ئىدى. — دەپ يازىدۇ گېيوبېلس كۈندىلىك خاتىرىسىدە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، — ئەگەر بىز بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا پەرۋاسىز قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئىشچىلار سىپى ئىچىدىكى ئورنىمىز زەئىپلىشىپ كېتىشى مۇمكىن." گېيوبېلسنىڭ بۇن دۆتلۈكى، بۇرجۇئازىيە سىنىپىنىڭ تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەكشەنبە (پازار) كۈنكى سايلامدا، يەنى 6-نويابىر (ئوغلاق) دا، ھىتلېر 2 مىليوندىن ئارتۇق ئاۋازدىن مەھرۇم بولىدۇ. نەتىجىدە پارلامېنت ئىچىدىمۇ بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن 34 دېپوتات ئورنىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەندى مەركىزى پارتىيە بىلەنلا ھەمكارلىشىپ كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئىش ھىتلېرنىڭ داغدۇغىلىق ھەرىكىتىنىڭ كەينىگە

چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى بولۇپ، ئاۋاز ساندۇقىغا تايىنىپ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش ستىراتېگىيسىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، ھىتلېر بۇ كۈنلەردە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش بىلەن پارتىيىسىدىكىلەرگە تەھدىت سالغانمىش. ھىتلېر، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ھىتلېر بۇنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنداقتىمۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ھىتلېر قايتىدىن ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ قايتىدىن سېفتون دېلمېر بىلەن كۆرۈشۈشنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا ئۇ ئاساسەن ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. بۇ زىيارەت ۋېيماردىكى “پىل مېھمان سارىيى” نىڭ ئارقا بۆلۈملىرىدىن بىرسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ھىتلېر تۇيۇقسىزلا گېپىنى سىياسى مەسىلىلەردىن ئوتتۇردا تارقىلىپ يۈرگەن بىر سۆز-چۆچەككە، يەنى ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە بىر مۇنارخىيىلىك تۈزۈم تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرگە بۇرايدۇ. بۇ گەپتىن بۇ ئەنگلىيىلىك بەكلا ھەيران قالىدۇ. دېلمېر، مەن بۇ گەپنى بىرىنچى قېتىم سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن، دەيدۇ. “ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدە بىر تەرتىپ تىكلىنىپ مۇقىملىق ئۈچۈن تەدبىرلەر ئېلىنىشىغىلا قىزىقىدۇ دەپ قارايمەن.”

“تـوغرا، دېگىنىڭىـز بەكـلا تـوغرا گەپ. ــ دەيـدۇ ھىتلېـر، ئەگەر بىرسى چىقىپ خوخېنزۇللېرن خاندانلىق ئائىلىسىنى قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولىدىكەن، گېرمانىيە قايتىـدىن ئـوت ـ يالقۇنى ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن. مەن پات يېقىنـدا ھـاكىمىيەت ئۈسـتىگە چىقىمەن. مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارنىـڭ ئۈسـتۈمگە مىنىـپ چاپتۇرۇپ يۈرىدىغان ئـات بولـۇپ بېرىشـىنى خالىمـايمەن” دەيـدۇ ھىتلېـر. ھىتلېرنىڭ بۇ ئاچچىق گېپى، بەلكىم يېقىنـدا دۈچ كەلـگەن بىـر قېتىملىق ئىزاغا قالغانلىقىدىن، يەنى پوتىسدامدا (波茨坦)، بىر شاھزادە بولغان سېشلېي (塞西里埃) بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن نومـۇس قىلىـپ دېـيىلگەن بولىشـى مـۇمكىن ئىـدى. كۆرۈشـۈش ئاخىرلىشىپ ھىتلېر يولغـا چىقمـاقچى بولـۇپ تۇرغىنىـدا، ئۇنىـڭ ھەمراللىرىــدىن بىرســى شــاھزادىنىڭ ۋارقىــرىغىنىچە “دەرھــال دېرىزىنـى ئېچىـۋەت، بـۇ يەرنىـڭ ھاۋاسـى بۇلغىنىـپ كەتتـى!” دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغـان بولـۇپ، فيـۇرېر بـۇ ھەيكەلنىـڭ ئـۇنى داۋاملىق نۇمۇسقا قويۇشىنى تېزگىنلىيەلمەي كەلمەكتە ئىدى.

## (6)

پاپېنىنـىڭ پـارلامېنتتىكى دېپوتـات سـانى باشـقىلارنىڭكىدىن بەكلا ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ مەغلۇبىيىتىمـۇ ئۇنىڭغـا تەسەللى بولالمايـدۇ. ئـۇ ئۆزىنىـڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى بىـر چەتـكە قويـۇپ ھىتلېرغـا خەت يېزىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: يېقىنقـى سـايلام نەتىجىسـى پۈتـۈن گېرمـانىيە بـويىچە بىـر ئىتتىپـاق بولـۇشـىمىز

www.pdaily.biz

ئۇچۇن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. “بىز ئەندى سايلام رىقابىتى مەيدانلىرىدا ئوتتۇرغا چىققان ئاچچىقلارنى ئۇنۇتۇپ، ئىككىمىز بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ئويىمىز بولغان دۆلەت مەنپەتى ئۇچۇن كۈچ چىقىرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويايلى.” ئاۋغۇست (چايان) تىكى كۆرۈشۈشنىڭ ئەسلىملىرى بەكلا ئاچچىق ئىدى. شۇڭا ھىتلېرنىڭ جاۋاب خېتى ئۇنى ئەيىپلەش بىلەن تولغان ئىدى. ھىتلېر، فيۇرېر بىلەن مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىنى ئارقىلىق كىشىلەرگە خاتا چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پاپېننىڭ كۆرۈشۈش تەكلىۋىنى رەت قىلدۇ. سىنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنىمدىن كېيىن، سەن، ئاشكارە تۈردە مېنى ھوقۇق تەلەپ قىلدى دەپ ئېلان قىلدىڭ. ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنىلا تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىم؟ ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا 13-ئاۋغۇست (چايان) ئويۇننى قايتا ئويناش خىيالىدا ئەمەسمەن دەپسەن. سەن، ھىندېنبۇرگ بىلەن بىرلىكتە قەتئى تۈردە مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك دېمىگەنمىدىڭ؟ “ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سەندىن ئۈستۈمگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭنى تەلەپ قىلغىنىمدا بۇ تەكلىۋىمنى ئاڭلاشنى خالىمىغان ئىدىڭ. ئەمما مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىدىم. ئەكسىنچە، سەن بىر باش مىنىستىر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، ئىككى يۈزلىملىك بىلەن ئالدامچىلىق قىلدىڭ. مېنىڭ ئارزۇيىمغىمۇ قارىماي، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنىمۇ ئاڭلىماي، مېنى شۇنچە ئوڭاي ئىمپېرىيە

www.pidaiy.biz

پرىزدېنتى بىلەن ئايرىم سۆزلىششكە ماقۇل كەلتۈرىۋالغان ئىدىڭ. ... ئەندى مەن بۇنداق ئۇيۇننىڭ قايتا ئوينىلىشىغا ئىمكان بەرمەيمەن.»

پاپېن بۇ تۈر ئەيىپلەشكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، 17ـ نويابىر (ئوغلاق) كۈنى چۈشتىن كېيىن ھىندېنبۇرگقا دوكلات قىلىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىدىغان ھەر قانداق بىر بىرلىشىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دەيدۇ. پرىزدېنت ئۇنىڭ سۇنغان ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەتىسى شۇگېنبۇرگ (休根堡) تىن ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىنىش ھەققىدىكى پىكرىنى بىلىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇگېنبۇرگ (休根堡) بولسا ئەندى ھىتلېرغا ئىشەنمەس ھالغا كېلىپ بولغان ئىدى. «مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىياسىي ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەرگىزمۇ تۇتقۇزۇشقا بولمايدۇ. نېمىلا بولسا بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.» مارشال يەنە مەسلىھەتچىسى مېيسنېر (梅斯纳Otto Meissner) دىن بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سورايدۇ. ئاندىن مەسلىھەتچىسىدىن ھىتلېرنىڭ مىيونخېندا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا سىرچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكى راسمۇ دەپ سورايدۇ. ئەمما مەسلىھەتچىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چاچلىرى ئاپپاق ئاقىرەپ كەتكەن شۇگېنبۇرگ (休根堡) قا قارايدۇ. «قەدىرلىك ياش دوستۇم، سەن بىر ھېسابتا مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەلىدىڭ. ــ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، بۇ رېۋايەتنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىشى ئۈچۈن كۈچ

چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز ھەرگىزمۇ بىر سىرچىنى بىسمارك ئولتۇرغان بۇ تەختتە ئولتۇرىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېرنىڭ چىك تۇرىۋېلىشى بىلەن ھىندېنبۇرگ ئىككىسى ئايرىم كۆرۈشىدۇ. سۆزلىشىش باشتىن تارتىپلا بەكلا ناچار باشلىنىدۇ. ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى ئەيىپلەپ، ناتسىست ياشلىرىنىڭ شەرقى پروسسىيىدىكى قىلمىشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. "يېقىن كۈنلەردىلا ئۇلار دانىنبۇرگ () تا 'ئۇيغۇنايلى، دەرھال ئۇيغۇنايلى!' دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىپ يۈردى. ئۇلار مېنى مۈگدەپ قالغان دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ!" ھىتلېر ئۇنىڭغا قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ ھېچ قانداق يامان غەرىزى يوقلىقىنى، ئۇلار مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ "گېرمانىيە، تېز ئۇيغىنايلى" دېگەن بۇرۇنقى شۇئارىنىلا توۋلىشىپ يۈرگەن ئىدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە مېيسنېر كىرىپ كېلىدۇ. سۆھبەت بىر-بىرسىگە زەھەر سانچىغاندەك گەپلەر بىلەن داۋاملىشىدۇ. ھىتلېر پارتىيىسىز بىر كابىنېتتا ۋەزىپە ئۆتەش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ باش مىنىستىر بولىغىنىدىلا بۇنداق بىر ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "ۋەتەن مەنپەتى سەۋەبىدىن پارتىيىمىز بۇ ئىشتا بۇنىڭدىن باشقىچە بولىشىغا ھەرگىز يول قويالمايدۇ. ــ دەيدۇ ھىتلېر، ــ يەنى پارتىيىمىز مېنى چوقۇم باش مىنىستىر

بولغانلىقىمنى كۆرىشى كېرەك." ناتسىستلار بىلەن كومپارتىيە بىرلىشىپ بېرلىندا ترانسپورت ئىشچىلىرى ئىش تاشلاش ھەرىكىتى قوزغىغانلىقىغا نېمە دەيسەن؟ سورايدۇ ھىندېنبۇرگ. "مەن بۇرۇن قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىمگە قارىتا ئاز-تولا سەۋر قىلىپ كەلگەنلىكىم راس. — دەيدۇ ھىتلېر جاۋابەن، — ئەمما ئىش تاشلاش بەرىبىر پارتىلايتتى. ئەگەر مەن ئۇلار تەرىپىدە تۇرمىغان بولسام، ئۇچاغدا مەنمۇ ئىشچىلارنىڭ ھىمايە قىلىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئادەملىرىمنىڭ ئۇلارغا قېتىلغانلىقىنى گېرمانىيە مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن بىر ھەرىكەت دەپ قارايمەن" دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ.

ھىندېنبۇرگ بۇ "سىرچى" غا زادىلا ئىشەنمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. "مەن ساڭا يەنىلا ئۆز تەلىۋىمنى تەكرارلايمەن: ماڭا ياردەمچى بولغىن. — بۇ دېگىنى ھىتلېرنى ئۆزىگە سادىق بولۇشنى ئاشكارە تەلەپ قىلغىنى ئىدى، — مەن سېنىڭ ۋە بۇ پارتىيىنىڭ غايىلىرىدىن ھەقىقەتەنمۇ قايىلمەن، مەن سېنىڭ ۋە پارتىيەڭنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن" دەيدۇ. شۇنداق دەپ تۇرۇغلۇق يەنىلا ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. تەبىئىكى، ئەگەر ئۇ كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشەلىگىنىدە مىللى سوتسيالىزم پارتىيىسى ھۆكۈمەتنى خالىغىنىچە قۇرالىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ.

ھىتلېر ئىككى تىزىغا قويغان ئالقىنىنى چىڭ تۇتۇپ

www.pidaiy.biz

ۋارقىرايدۇ: "مارشال ئەپەندىم! باشقا پارتىيىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈمنى تەلەپ قىلغان ئىكەنسىز، ئۇ ھالدا ئاۋال ماڭا ھوقۇق بېرىشىڭىز كېرەك. مارشال ئەپەندىم، بۇنىڭ مەنتىقىغا سىغمايدىغان ھېچ قانداق يېرى يوق!" ئۇ ئاچچىقىنى زادىلا يوشۇرالماي قالىدۇ.

ھىندېنبۇرگ مازاق قىلغىنىچە كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ ھېچ بىر ئاۋاز چىقمايدۇ. ئەھۋال بەكلا جىددى تۈسكە كىرگەن ئىدى. "مارشال ئەپەندىم. — ھىتلېر ئاخىرى ئېغىز ئاچىدۇ، — سىز مېنى مۇستەبىت ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلسىڭىز مەندە ھېچ قاچان ئۇنداق بىر نىيەت يوق. ئەگەر سىز مېنىڭدىن پارلامېنتتا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىپ كەل دەپ تەلەپ قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇ چاغدا مەن پارلامىنتقا بىر قانۇن لايىھىسى سۇنۇپ مېنى پەۋقۇلئاددە ۋە جىددى ئىشلارنى ھەل قىلىشىم ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەڭلار دەپ تەلەپ قىلاي." ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پارلامېنتتىن بۇنداق بىر بۇيرۇق چىقارتقۇزۇشقا كۈچى يېتەتتى. شۇنداق بولغاندا، مەسىلىمۇ ھەل بولغان ھېسابلىناتتى.

بۇنداق بىر ئىشنى ھىندېنبۇرگ ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ ھىتلېردىن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرلىك مەسئۇلىيىتى بىلەن تەلەپ قىلىپ، بۇ ئىشنى ئىككىسى ئارىسىدا ھەل قىلىپ پۈتتۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. ھىندېنبۇرگ ئۇرۇش ۋاقتىدا

www.pidaly.biz

ئـۇلارنى بىـــرلىكتە تۇتــۇپ كېلىۋاتقــان “كونــا سەپداشــلىق تۇيغـۇلىرى” نــى ئىشــقا سېلىپ ھىتلېرنــى تەسىرلەندۈرۈشــكە تىرىشىپ كۆرىدۇ. “بۇ ئىشتا ھەر ئىككىمىزلا بىر ـ بىرىمىزگە ئازىراقتىن يول قويۇشساق، ئىككىمىز يەنىلا ئورتاق ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلالايمىز دەپ ئىشىنىمەن.” ھىتلېر پىرىزدېنتنىڭ يېنىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ خۇددى بۇرۇنقىدەك قىلچىمۇ يول قويماي تۇرىۋالغان ئىدى. ئەمما ھىندېنبۇرگ بولسا مەن بۇ سابىق ئون بېشىنى تەسىرلەندۈرەلىدىم دەپ ئويلاپ، مېيسنېرغا مۇنداق دەيدۇ: قارىغاندا بۇ ھىتلېر دېگەن ئادەم ئىش قائىدىلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.”

ھىتلېرنــى بـــاش مىنىســـتىرلىققا تەيىـــنلەش تەلەپلىـــرى ھىنــدېنبۇرگقا توختىمـاي كېلىشكە باشلايدۇ. شـۇندىن ئىككـى كــۈن كېــيىن، ھىتلېــر بىــلەن يەنە بىــر قېــتىم كۆرۈشــۈش زۆرۈرلىكىنــى ھــېس قىلىــدۇ. بـۇ قېتىمقـى كۆرۈشۈشــتە، ھىتلېــر ئەسـتايىدىللىق بىـلەن تەييارلانغـان بىـر پـارچە بايانـات بىـلەن كېلىــدۇ. بــۇ باياناتتــا، پارلامېنــت تــۈزۈمى ئۆگۈشســىز بولــۇپ چىقتــى؛ بـۇ تـۈزۈم خەلقنىــڭ ئىرادىسـىگە ۋەكىللىــك قىلالمـاس ھالغـــا كەلـــدى؛ پەقەت مىللـــى سوتســـىيالىزم پارتىيىســـىلا كوممــۇنىزمنى چەكلىيەلەيــدۇ، شــۇڭا ھىنــدېنبۇرگ ھىتلېرنـــى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىسۇن دەپ تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

ھىنـــدېنبۇرگ يەنە بىـــر قېـــتىم ھىتلېـــردىن تەلەپ قىلىـــپ، پارلامېنتتـا كـۆپ سـانلىقنى قولغـا كەلتـۈرۈش يـولىنى ئـاختۇرۇپ

www.pidaiy.biz

كۆرۈشـــنى، شـــۇ چاغـــدىلا ئـــۇنى بـــاش مىنىســـتىرلىككە تەيىنلىيەلەيـــدىغانلىقىنى تەۋســـىيە قىلىـــدۇ. ھىتلېـــر بـــۇ مەسلىھەتىگە ئۇنچە بەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشـۈش ئـارانلا 10 مىنـۇت داۋاملاشـقان بولـۇپ، سۆزلىشـىش پىرىزدېنتنىـڭ ئەڭ مـۇھىمى دوسـتلۇق دەپ تەكىتلىشـى بىـلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن جەريانىدا ھىتلېر بىـلەن ھىيىسـىپر ئـۇزۇن يېزىلغـان خەت ئـارقىلىق پىكىـر ئالماشـتۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئىزچىل تـۈردە باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشنى چىـڭ تـۇرۇپ تەلەپ قىلىـدۇ، ھەتتـا پاپېنغـا ئوخشـاش تولـۇق ھوقۇقلـۇق بـاش مىنىسـتىرلىقنى تەلەپ قىلىـپ تۇرىۋالغاچقـا، بەربىر ئورتاق بىر كېلىشىمگە كېلىش تىرىشچانلىقى نەتىجىسىز بولـۇپ چىقىـدۇ. بۇنـداق قاتمـاللىق ۋەزىـيەت تەسىر دائىرىسـى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم سودا سانائەتچىلەر كاتىۋاشـلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەقتە ھىندېنبۇرگقا بىۋاسـتە بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. بۇ تـۈردىكى كاتىۋاشـلار ئەزەلـدىن مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىگە ماددى جەھەتـتە يـاردەم قىلىـپ كېلىۋاتقـان كىشـىلەر ئىـدى. ئـۇلار، ئەگەر مىللـى سوتسـىيالىزم پارتىيىسـى تەخـتكە چىققىـدەك بولسـا، ئـۇلار ھۆكۈمەتنىـڭ ئىقتىسـادى سىياسـەتلىرىگە يـول كۆرسـىتىش پۇرسـىتىنى قولغـا كەلتۈرەلىشـى مـۇمكىن بولىـدىغانلىقىغا ئىشـىنەتتى. مەسـىلەن، ھىتلېـر بىـر ۋاقىـتلاردا ئـى. گ. فـاربىن (依•格•法尔本) غـا كاپـالەت بېرىـپ مۇنـداق دېـگەن ئىـدى: ئۇنىـڭ قۇرىـدىغان

ھۆكۈمىتى چوقۇم سىنتېتىك كىرىسىن ئىشلەپچىقىرىشنى قوللايدىغان بولاتتى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىزچىل تۈردە "دوست جەمئىيەت" دەپ تونۇپ كەلگەن كايسېرخوف دېگەن ئىنتىپاقتا قىلغان بىر قېتىملىق مەخپىي نۇتقىدا، ھىتلېر بارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن قالغان پارتىيىلەرنى تارقىتىۋېتىشكە ماقۇل كەلگەن ئىدى.

نويابىر (ئوغلاق) نىڭ ئاخىرىدا، 39 نەپەر داڭلىق سودا سانائەتچى (خىجالمار شاچىت Hjalmar Schacht 赫加尔马•萨希特، سابىق باش مىنىستىر گۇنو 古诺، ۋە شۇنىڭدەك كرۇپ Krupp 克虏伯، سىپېمنس 西门子، بوشBosch 波希، تايسېن 狄森 Thyssen، خېرمان 霍尔曼 ۋە خوگلى 霍格勒 غا ئوخشاش سانائەت كاتتىۋاشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) كاتتىۋاشلار بىرلىشىپ ئىمزا يىغىپ پرېزىدېنتقا خەت يېزىپ، ھىتلېرنى گېرمانىيە باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ تۈردىكى رىياللىقتا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشلەر ھىتلېرغا بولۇشۇپ ناتسىستلار ئۈچۈن دوغا چىققان ئىدى. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ سوتسىيالىزم دېگىنى بىر ئالدامچىلىق، ئەگەر ئۇ تەختكە چىقسىلا ئالىدىكەن، دەرھال كاپىتالىزمنىڭ قۇرالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىشاتتى (بۇ ۋاقىتتا، ھىتلېر گېرمانىيە كارخانىچىلىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق بىرسىمۇ ھېسابلانمايتتى. "ھەر تۈرلۈك قوللاشلاردىن كېيىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، گېرمانىيە كارخانىچىلىرىنىڭ مالىيە ياردىمىنىڭ

www.pidaw.biz

مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ناتسىستلارغا قارشى ئىشلىتىلگەن" دەپ يازىدۇ خ. ئا. تۇرنېر H. A. Turner 赫•埃•图恩纳. ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق كىرىمى يەنىلا پارتىيە بەدەل پۇلىدىن كەلمەكتە ئىدى).

پارلامېنت تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرى گېرمانىيىنى سىياسى جەھەتتە ئىلگىرلىيەلمەي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. ھىندېنبۇرگ، قاتماللىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا پارلامېنت ئىچىدە ھەمكارلىق ئاساسىدا يېڭى كابىنېت تەشكىل قىلىش ئىمكانى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. "مەن سېنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەر دائىم تەييارمەن" دەيدۇ ھىندېنبۇرگ ئاچچىق بىلەن مەركىزى پارتىيە رەئىسى پاپېنغا. پاپېنمۇ ئۆزىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھىندېنبۇرگنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈر ئىپادىسى ھىندېنبۇرگنى خوش قىلىۋېتىدۇ. پاپېن ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ تېگىشلىك ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىگەن بولسام، ئۆزەمنى ھەرگىزمۇ گېرمانىيىنىڭ ئالدىغا قويىۋېلىپ تىركىشىپ تۇرىۋالمايمەن. شۇ سەۋەپتىن ئۆزەمدىن يەنىلا مەغرۇرلىنىمەن." ھەر تەرەپتىن كەلگەن تەلەپلەر ئۇنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ كېلىۋاتقاچقا، 1-دېكابىر (ئاراي) كۈنى پاپېن بىلەن يېڭىدىن دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن شلېيچېرنى ئىشخانىسىغا چاقىرىدۇ. ئۇ ئىككىسى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا يېتىپ كېلىپ، مېيسنېر ۋە ئوسكار ۋون

www.pidaly.biz

هىنــدېنبۇرگ (奥斯卡•冯•兴登堡Oskar von Hindenburg) ئىككىسى بىلەن بىر قاتاردا پىرىزدېنت ئۈستىلى ئەتراپىدا يېرىم دائىرى بولۇپ ئولتۇرىدۇ. پاپېن سۆز ئېلىپ، ھىتلېر كابىنېت باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگىنىدىلا ئاندىن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. شۇڭا مەن، كابىنىتىمنىڭ ۋاقىتلىق ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەيدۇ. پاپېن، ئۆزىنىڭ پارلامېنتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پارلامېنتنى بىر مەزگىل تاقىۋېتىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ جەريان پىرىزدېنتنىڭ ئاساسى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان بىر جەريان بولىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما ۋەزىيەت بەكلا جىددى بولغاچقا، بۇنداق تەدبىر قوللىنىشتا يېتەرلىك سەۋەبمۇ بولاتتى. ئەگەر ساقچى تەرەپ تەرتىپنى ساقلىيالمىغىدەك قىلىدىكەن، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئوتتۇرغا چىقىپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلىشى مۇمكىن ئىدى.

“مىلتىق نەيزىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ بەكلا كۆپ مەسىلىنى ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن. — دەيدۇ شلېيچېر ئۇدۇللا قىلىپ، — ئەمما سېنىڭ قىلالمايدىغان بىر ئىشىڭمۇ بار، ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالالمايسەن.” بۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى، پاپېننىڭ بۇ پىلانىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بىر پىلانى بارلىقىنى ئېيتىدۇ: مەن پاپېننىڭ ئورنىغا باش مىنىستىر بولسام بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ، دەيدۇ. يەنى شۇنداق قىلغاندا ناتسىستلا ئۆز ئىچىدە ئىككى تەرەپ

بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇ چاغدا ئۇمۇ پارلامېنت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئاۋازنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گرېگور ستراسسېر بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ بىر-ئىككى سادىق كىشىلىرىنى يېڭى كابىنىتتا ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئارقىلىق ناتسىستلار دېپوتاتلىرىنىڭ 60 نەپىرىنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن قالغان بۇرجۇئازىيە پارتىيىلىرىمۇ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىر قانچە ھەپتىدىن بېرى پاپېن، شلېيچېرنىڭ "بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنداق سەممى، ئوچۇق كۆڭۈل مۇئامىلىدە بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى"، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت "كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سوغۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى" ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، بۇرۇن ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۈچۈن ياردەم قىلغان بۇ گېنېرالنىڭ يەنە كېلىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىشىنى تەلەپ قىلىشىدىن ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپلا قالىدۇ. پاپېننىڭ يولغا قويۇپ كەلگەن سىياسەتلىرىنى شلېيچېر ئىزچىل تۈردە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن، ھەتتا بەزى سىياسەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرغا قويغان پىلانلار ئىدى. پاپېن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئاقلاپ، بۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرىنىڭ پىلانلىرى پرېزىدېنتنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشتىن ۋاز كەچتۈرۈشنى مەقسەد قىلىپ تۈزۈلگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پىلان ئىكەنلىكىنى

www.pidaily.biz

چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

بۇ سۆزلىشىش ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە ئىزچىل داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ھىندېنبۇرگ چارچاپ ھالى قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي مۇنازىرە ئاخىرلاشقىچە تىك ئولتۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پاپېنغا مۇنداق دەيدۇ: "باش مىنىستىر ئەپەندى، مەن سىزنى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دەرھال مۇزاكىرە باشلىتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. مەن قۇرۇلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەتكە سىزنىڭ پىلانىڭىز بويىچە ئىش قىلىشنى بۇيرۇيمەن."

بۇ گەپتىن شلېيچېر ھېچ نېمە ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ پاپېن بىلەن بىرگە پرېزدېنت ئىشخانىسىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، پاپېن ئۇنىڭغا دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى يەنە بىر قانچە ئاي ئۈستىگە ئېلىپ تۇرساڭ، بۇ جەرياندا مەنمۇ ئاساس قانۇننى تۈزىتىپ، پارلامېنت مۇقىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى پۈتتۈرىۋالاي. شۇ چاغدا مەنمۇ ئىستېپايىمنى بەرسەم، سەنمۇ ھۆكۈمەتنى قولۇڭغا ئالساڭ قانداق؟ شۇنداق بولغاندا، سەنمۇ ئىشنى باشلىغان كۈنۈڭدىن تارتىپلا خاتىرجەم شەكىلدە ۋەزىپەڭنى ئادا قىلالايدىغان بولىسەن. سېنىڭچە قانداق؟" دەپ تەكلىپ قىلىدۇ.

پاپېننىڭ بۇ گەپلىرىنى شلېيچېر سوغۇققانلىق بىلەن بىر بىرلەپ رەت قىلىدۇ. ئاندىن خۇددى لۇتېرنىڭ "ئېۋۋورمس يىغىنى" دىن ئايرىلغىنىغا ئوخشاش [1521-يىلى چاقىرىلغان

“ئېۋورمس يىغىنى” (Dieto eworms) دا مارتىن لۇتېر كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى] “ھەي پوپ، سەن خەتەرلىك يول تاللىۋالغان بىر پوپسەن” دەيدۇ.

ئەتىسى چاقىرىلغان ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا بۇ مەسىلە بەكلا كۆڭۈلسىز ھەمدە ئاشكارە بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پاپېن تۈنۈگۈن كەچتىكى پرىزدېنت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇزاكىرە ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، شلېيچېرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ پىكرىنى سورايدۇ. شلېيچېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەگەر پاپېن رەھبەرلىكىدە بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغىدەك بولسا مۇتلەق تۈردە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قالايماقانچىلىق پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ كەتكىدەك بولسا، ساقچىلار بىلەن قۇرۇغلۇق ئارمىيسمۇ قانۇن تۈزۈم بىلەن تەرتىپ ئىنتىزامنى ساقلىيالماي قالىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە، بىز بۇ ئىشلارنى تەپسىلى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، باش قۇماندانلىق شتابتىكىلەر ساقچىلار بىلەن پەۋقۇلئاددە ماھارەتلىك قىسملارغا ئوخشاش يەرلىك قىسملار ناتسىستلار سىڭىپ كىرىشى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بولغاچقا، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ھىتلېر قوزغايدىغان قوزغۇلاڭنى باستۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشى مۇمكىن، دەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ھېچ بىر مىنىستىر قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ بۇ تۈردىكى پەرىزىگە قارىتا قارشى پىكىر بىلدۈرەلمەيدۇ. شۇڭا پاپېن دەرھال پرىزدېنت ئىشخانىسىغا چېپىپ بارىدۇ. ئالدىنقى

كۆنلىرىدىكى كۆندىلىك ئىشلاردىن چارچاپ ھالى قالمىغان ھىندېنبۇرگ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پاپېننىڭ قۇرساق كۆپۈكى قىلىپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ. "قەدىرلىك پاپېن. — دەيدۇ ھىندېنبۇرگ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن پاپېنغا بولغان بۇرۇنقى ئىشەنچىنىڭ قالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. — ئەگەر مەن دەرھال پىكىرىمنى ئۆزگەرتسەم مېنى چوقۇم بەكلا پەسكەش بىرسى ئىكەن دەپ قارىشىڭ مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ يېشىم بەكلا چوڭىيىپ كەتتى. ئۆلۈم بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان ئادەممەن. شۇڭا بۇنداق بىر ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مەسئولىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالالىغىدەك كۈچ-قۇۋۋەت مەندە يوق. ئامال يوق، شۇ شىلېيچېر دېگەن ئەپەندىنىڭ تەگىرى نامىدا تەلەي سىناپ بېقىشىنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ." دەيدۇ.

ھىندېنبۇرگ ھاسىسىغا تايانغىنىچە مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ تەمتىرەپ ماڭغىنىچە پاپېننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىدۇ. بۇنىڭدىن پاپېن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ، بوۋاينىڭ ئىككى كۆزىدىن مۇنچاقتەك ياش تامچىسىنىڭ تۆكۈلۈپ ئىككى مەڭىزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مارشال بىرسىدىن خەيرلىشى خاتىرىسى سۈپىتىدە پاپېنغا بىر پارچە رەسىم ئەۋەرتىدۇ. رەسىم ئۈستىدە: "مېنىڭ بىر سەبدىشىم بار بولدى!" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ سۆز ئەسلىدە داڭلىق بىر ھەربى مارشتىن ئېلىنغان بىر مىسرا ئىدى.

شىلېيچېر پرېزدېنتنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. پرېزدېنت ئۇنىڭغا

www.pidaw.biz

يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما شلېيچېر: "مەن دېگەن سىزنىڭ ئېغىلىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرى جەڭگە سالىدىغان بىر ئايغىرمەن. شۇڭا مېنى ھازىرچە زايا قىلماي ساقلىشىڭىز كېرەك" دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ھىندېنبۇرگ ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساڭ ئىستىپا بېرىمەن دەپ قورقۇتقاندىن كېيىنلا شلېيچېر بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ راستىنلا شۇنداق دېگەن ئىدى. بەلكىم دېگىنىدەك ئامالسىزلىقتىن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغاندۇ. ھىندىنبۇرگ شۇندىلا راھەت بىر نەپەس ئېلىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ بىر باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم نەقىل كەلتۈرگىنى لاتىنچە بىر جۈملە ئىدى: "بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىغان بىزدەكلەر سىزنى تەبرىكلەيمىز!"

شۇنداق قىلىپ، 1932-يىلى 2-دېكابىر (ئاراي) كۈنى، كۇرت ۋون شلېيچېر 1890-يىلى بىسمارك ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىدىن باشقا، بۆگۈنگىچە بىرىنچى قېتىم بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن گېنېرال بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى گرېگور ستراسسېرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ (ئۇ ئىككىسى قايسى بىر چىش دوختۇرىنىڭ ئۆيىدە تونۇشۇپ قالغان ئىدى) ئورۇنباسار باش مىنىستىر ۋە قوشۇمچە پروسىيە شتاتىنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ ستراسسېرنى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قىزىقتۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھىتلېرغا سادىق بىرسى بولغاچقا، بۇ ھەقتە

باشلىقىم بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي دەيدۇ. ئەمما ئۇ، فيۇرېرنىڭ ئەتراپى قاتتىق قورشاۋ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، بۇ قورشاۋغا ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئاخماق ساداقەتمەنلەر بىلەن تەخسىكەش كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇنداق كىشىلەر فيۇرېرنى تېزگىنىدە تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشتىنمۇ ئاز-تولا خەۋەر تېپىپ قالغانلىقىنى باش مىنىستىرغا تىنمايدۇ. تېخى يېقىندىلا ستراسسېر خاپا بولۇپ فرانكقا دەرت ئېيتىپ بەرگەن ئىدى: "ھىندېنبۇرگ دېگەن بۇ ئادەم ئىنتايىن ھۆرمەتلىك بىر بوۋاي. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىدىن مىنى ھۆكۈمەت ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەپ بېرىشىمنى ئېيتقان. ئەمما بۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولار؟ لوھېنگرىننىڭ، يەنى ھىتلېرنىڭ ئەتراپىنى بىر ئۇچۇم غەلىتى كۆرۈنۈشلۈك مەلئۇنلار ئوراپ ئالغان. فرانك، بۇ ئىش بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ: گيورىڭ دېگىنى رەھىمسىز ۋە شەخسىيەتچى بىر مەخلۇق، ئەگەر ئۇ بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىدەك بولسا، ئۇنىڭ گېرمانىيە ھەققىدە باش قاتۇرىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. گيوبېلس دېگىنى رەسمى بىر ئالۋاستى، ئىككى يۈزلىمچى بىرسى. روم دېگىنى رەسمىلا بىر توڭگۇز. مانا بۇلار فيۇرېرنىڭ پىشقەدەم مۇھاپىزەتچىلىرى. ئاھ، نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق ئىشلار بۇ!"

شلېيچېر-ستراسسېر ئىككىسىنىڭ مەخپى ئۇچرىشىشى پاپېن ئىشخانىسىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى بىر مۇخپىرغا ئاشكارلىۋېتىدۇ. ئۇ مۇخپىر يەنە بۇ

خەۋەرنى خانفىستانگىلغا يەتكۈزىدۇ، خانفىستانگىل بولسا بۇ گەپلەرنى ھىتلېرغا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پاپېن، توغرىسى پاپېننىڭ سابىق خىزمەتچىلىرى شلېيچېر مەسىلىسىدە گەپ تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئەمما بۇ ئىشلاردىن ئەڭ ئاۋال زىيان تارتقۇچى كىشى ستراسسېر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرغا بولغان ساداقىتىنى بۇزماي شلېيچېر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئىدى. بۇ ئىشتا ئۇ پارتىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ مۇھىم تەدبىر، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش بەدىلىگە بولسىمۇ دەرھال ھوقۇق ئۈستىگە چىقىش دەيدىغان تۇنۇشتا ئىدى.

ھىتلېر بولسا بۇرۇنلا ستراسسېردىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق بىر گۇماندا قېلىشىغا گېوبېلس سەۋەبچى بولغان ئىدى. چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھىتلېر تەبىئىي ھالدا بۇ ئىشنى خائىنلىق قىلىش دەپ قارىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ نىسبەتەن مۆتىدىل مەسىلىھەتچىلىرى بولسا شلېيچېرنىڭ يېڭى تەكلىۋىنى ئويلىشىپ كۆرۈش تەرەپتارى ئىدى. يەنى فيۇرېرنىڭ ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىقنى ئۈستىگە ئېلىش تەرىپىدە ئىدى. 15ـ دىكابىر (ئەسلى 5ـ دېكابىر (ئاراي) بولىشى كېرەك — ئۇ.ت) كۈنى، پارتىيە كايسېرخوفتا بىر قېتىملىق رەھبەرلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىدۇ. بوران ـ چاپقۇنلۇق ئۆتكەن بۇ يىغىندا، ستراسسېر فيۇرېرنى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىڭ دەپ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرىدۇ. ئەمما گېوبېلس بىلەن گېورىڭ ئىككىسى بۇنداق بىر سودىلىشىشقا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ

www.pdaly.biz

ئىككىسىنىڭ پىكىرىگە قوشۇلىدۇ. ستراسسېر ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر يېڭى ھۆكۈمەت مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگىنىدە شلېيچېرنىڭ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ئېھتىمالى كۆچلۈك. ئەمما ستراسسېرنىڭ "خائىنلىق قىلىشى" دىن قاتتىق رەنجىگەن ھىتلېر، بۇ مەسىلىنىڭ داۋاملىق تالاش-تارتىش قىلىنىشىنى خالىمايدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ستراسسېر كايسېرخوفتا ھىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە، ھىتلېر ستراسسېرنىڭ خائىنلىق ھەرىكىتىنى ئاشكارە ئەيىپلەيدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ستراسسېر جاۋابەن مۇنداق دېگەن: "ھىتلېر ئەپەندىم، ئەگەر يۈز ئۆرۈشنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، مەن ھەر قانداق بىر گەپ توشۇغۇچىلاردىن ئاشۇرىۋەتكىنىم يوق. مېنىڭ پىلانىم پارتىيىنىڭ تېخىمۇ بەتەر خاراپ بولىشىغا يول قويۇش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان." ئۇ قاتتىق ئاچچىغلانغانلىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، يىغىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ تۇرىۋاتقان ئېكسېرسىيو (埃克塞尔西奥) مېھمان كۆتۈشكە قايتىپ كېتىدۇ. ستراسسېر ياتىقىغا كىرىپمۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئەتىسى، يەنى 8-دېكابىر (ئاراي) دا، ھىتلېرغا بىر پارچە خەت يېزىپ، فيۇرېرىم ماڭا بولغان ئىشەنچىنى يوقۇتۇپتۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىمدىن ئىستىپا بېرىشتىن باشقا چارەم

www.pidaw.biz

قالمىدى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ خېتىدە، مەن ھېچقاچان ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ يۈز ئۆرۈش تەشەببۇسىدا بولۇپ باققان ئەمەسمەن. ئەكسىنچە، پارتىيىنىڭ بارلىق كادىرلىرىنى ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندۇشىنى تەلەپ قىلدىم، دەپ يازىدۇ. ستراسسېر بۇ خېتىنى ئۆزى بىۋاستە ھىتلېرگە تاپشۇرۇشتىن ئىككىلىنىپ پوچتىدىن ئەۋەرتىۋېتىدۇ. ئاندىن ياتىقىدا ھىتلېردىن تېلېفون كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

گيوبېلسنىڭ تەسۋىرى بويىچە ئالغاندا، بۇ خەت كايسېرخوف ئۈستىگە بومبا چۈشكەندەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ بىر مەزگىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ستراسسېرغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. ئېنىقكى، ستراسسېر كېلىشىم تۈزۈش يولىنى ئەتمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پارلامېنتتىكى بىر كىشىلىك ئورنىنى بوشىتىپ بېرىش ياكى پارتىيە ئەزالىقىدىن ۋاز كېچىشكە پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. كايسېرخوفتىن بىرەر خەۋەر كەلمىگەچكە، ستراسسېر نەرسە- كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە يېقىنلىرى بىلەن بىر ئاز پىۋا ئىچكەندىن كېيىن كېچىلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ ميونخېنغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھىتلېر گيوبېلسنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. "بىز بۇ ئىشتىن خوشال بولۇشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق. — دەپ يازىدۇ گيوبېلس كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — ھەممىمىزنىڭلا كۆڭلى

يېرىم ئىدى. بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۇزۇپ كېتىپ، پارتىيىمىز پارچىلىنىپ چېچىلىشقا باشلىغانلىقى بۇكۆكۈلىسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدى.» تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ سائەت ئىككى بولغاندا، روبېرت لېي (罗伯特•雷伊) تېلېفون قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك تەۋرىنىش ۋە خاتىرجەمسىزلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى، دەپ خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ فيۇرېرنى غەيرەت قىلىپ دەرھال كايسېرخوفقا قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئەمما ئەتىگەنلىك گېزىتلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، پارتىيە ئىچىدە خۇددى قازان قاينىغاندەك پات-پاراقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. يەنى، گېزىتلاردا ستراسسېرنىڭ ئىستېپا بەرگەنلىكى ھەققىدە كۆرۈنەرلىك سەرلەۋھەلەر بېسىلغان ئىدى! ھىتلېر، بۇ خەۋەرنى چوقۇم ستراسسېرنىڭ ئۆزى "يەھۇدىي گېزىتلىرى" غا ئاشكارىلىغان دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن كېكەچلەپ، گرېگور "غەلىبە قىلىشقا بەش مىنۇت قالغاندا بىزنى كەينىمىزدىن پىچاقلىدى" دەپ قايناپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالىدۇ.

"بۇداق بىر رەزىللىكنىڭ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنىنى قارىمامدىغان. — دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ گيوبېلس، — بۇ بىر خائىنلىق! خائىنلىق، خائىنلىق قىلىش! ... فيۇرېرىمىز نەچچە سائەتلەپ مېھمان كۈتۈشتىكى ياتاقتا تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ يۈرمەكتە! ... بىر قېتىم، ئۇ مېڭىشتىن توختاپ، 'ئەگەر

www.pidaiy.biz

پـارتىيە پارچىلىنىـپ كەتكىـدەك بولىـدىكەن، مەن 3 مىنـۇت ئىچىـدە ئـۆزەمنى ئىپتىۋېلىـپ بـۇ ئىشـقا خـاتىمە بېـرىمەن!’ دەپ قايناپ كېتىدۇ.”

كېيىن، ئوتتـۇردا بىرسـى، ئىـش بـۇ يەرگە كەلـگەن ئىـكەن، بىزنىـڭ قىلىـدىغان ئەڭ ئـاقىلانە ئىشـىمىز ستراسسـېرنى تېپىـپ كېلىـپ بـۇ جىـدەلنى ئاخىرلاشـتۇرۇش بولىشـى كېـرەك دەپ مەسلىھەت قىلىـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ، ھىتلېـر شـوپۇرى شـرېكقا “ھەر قانــداق بەدەل تــۆلەپ بولســىمۇ” دەرھــال ستراسســېرنى تېپىـپ كەل دەپ بـۇيرۇق قىلىـدۇ. ئەممـا بـۇ چاغـدا ستراسسـېر مىيونخېندىكى ئۆيىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ تۇرماي دەرھـال نەرسـە-كېرەكلىرىنـى يىغىشـتۇرۇپ دەم ئـېلىش ئۈچـۈن ئىتالىيىگە قاراپ يولغا چىقماقچى بولىـدۇ. دەل شـۇ ئەسـنادا بىـر دوستى ئۇنى كۆرگىلى كېلىدۇ. ئۇ دوستىغا قەتئى قىلىپ مۇنداق دەيـدۇ: “مەن دېـگەن پـارتىيىمىز تەرىپىـدىن ئۇسـتۇمدىن ئۆلـۈم پەرمانى چىقىرىلغان بىر ئادەممەن.” شۇڭا ئۇ بۇ يېقىن دوسـتىغا بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيـۈمگە كېلىـپ يـۈرمىگىن، “ھەر قانـداق بىـر ۋەقە يـۈز بېرىشـىدىن قەتئـى نەزەر، مۇنـۇ گېپىمنـى قەتئـى ئۇنۇتما: بۈگۈندىن ئېتىبارەن، گېرمانىيە بىـر ئاۋىستىرىيىلىكنىڭ قولىغـا چۈشـۈپ كېتىـدۇ. بـۇ ئاۋىسـتىرىيىلىك ئـادەم، قېپقىزىـل تۇغمـا يالغـانچى، ئـۇ ئارمىيىـدە ئوفىتسـېر بولـۇپ قـان كـۆرگەن بەكلا رەھىمسىز، غەلىتە مىجەزلىـك بىـر مەخلـۇق. شـۇنداق دەپ كېسىـپ ئېيتىمەنكـى، ئىشـىنىڭ ئەڭ يامـان تەرىپـى، ئـۇ ئـادەم قېلىپىغـا پۈركىنىۋالغـان بىـر ئالۋاسـتى.” ئىچكـى قىسـىمدىكى

www.pidaiy.biz

كىشىلەر ئارىسىدا ستراسسېرغا ئوخشاش بۇنداق تىللار بىلەن ھېتلېرنى قارىلايدىغان كىشىدىن پەقەتلا ئىككى كىشى بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ستراسسېر فيۇرېرنى يەنىلا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇندىن سەل ئاۋال، ئۇ روسېنبېرگكە مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ھاياتىم ھېتلېرغا بېغىشلانغان، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن؛ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئادىمى قاتارىدا گۆرگە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن."

شۇ كۈنىسى، پارتىيىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرى بىلەن يەرلىكتىكى كادىرلىرى پارلامېنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، ستراسسېرنى تەنقىت قىلىشىدۇ. ھېتلېر يەنىلا ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ياش ئېقىتىپ تۇرۇپ، ستراسسېرنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىكىدىن چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گيوبېلسىنىڭ دېيىشىگە ئاساسەن، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى "ئۆزلىكىدىن فيۇرېرنى تەبرىكلىشىپ، بىر-بىرلەپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ئۇلۇغ غايىسىدىن يانماي ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ستراسسېر پۈتۈنلەي يېتىم ھالغا چۈشۈرۈلۈپ، بىر موردىدىن پەرقى يوق بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەسلىدە ستراسسېرنىڭ بۇ تۈر ھاياجان ئىچىدە قىلغان ھەرىكىتىنى ھەرگىز خائىنلىق قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى فيۇرېرنى گيوبېلسقا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىدى. ئۇ ھېچ

www.pdaily.biz

قانداق بىر تەرەپكە ۋەكىللىك قىلمايتتى. شۇنىڭدەك مۇھىم ئورۇندىكى پارتىيىلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە ئۇنۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنى دەپ پارتىيە ئىچىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ھىتلېر: ستراسسېر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۈچ ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئۈچۈن ئايرىلدى. بۇ ئىش تەشكىلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بىر ئىش، دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، پارتىيە ئەزالىرى فيۇرېرنىڭ ستراسسېرغا ئىشەنمەس ھالغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، كۆپچىلىكمۇ ستراسسېرغا بولغان ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىشىدۇ.

ئىشلا بۇ شەكىلدە بىر تەرەپ بولۇشىغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا بۇ شاھزادىسىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىدىن بەكلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ستراسسېرنى ئەقلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. دېكابىر (ئاراي) نىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر ئۇزۇن بىر دوكلات خاتىرىسىنى ئېلان قىلىپ، ستراسسېرنىڭ ھوقۇقلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئۇختۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر پارتىيە ئىچىدە بىرەرسىنىڭ بۇنچە چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدىغان بولىدۇ. ستراسسېرنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋەزىپىلىرى ھېسىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. چۈنكى ھېس "ئاساسى ئىدىيىسى بىلەن مەقسىتىنى (ھىتلېرنىڭ ئىدىيىسىنى دېمەكچى) ئەڭ پىششىق بىلىدىغان بىرسى ھېسابلىناتتى."

www.pidaily.biz

گەرچە فيۇرېر پارتىيىنىڭ تېزگىنىنى قايتىدىن قولىغا ئالغان بولسىمۇ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغان، روھى ھالىتىمۇ بەكلا تۆۋەن ھالدا تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىياسى ئىستىقبالغا بولغان ئۈمىدلىرى سوۋۇشقا باشلىغان ئىدى. "ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بىلەن پارتىيە كادىرلىرىنى ئىنىق بىر يۆلۈنۈشتە تۇتۇش بەكلا مۇشكۈل بىر ئىش ئىدى" دەپ يازىدۇ گيوبېلس 15-دېكابىر (ئاراي) دىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە. 24-دېكابىر (ئاراي) كۈنكى كۈندىلىك خاتىرىسىدا بولسا ئۇ يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: "يالغۇز ئولتۇرۇپ بولغان ئىشلارنى ئويلاپ غەم قىلىشقا باشلىدىم. جاپا مۇشەققەتلىك ئۆتكەن كۈنلەر، قاپقاراڭغۇ كېلەچەك. ئۈمىتسىزلىك، قورقۇنۇشلۇق يىتىملىك مېنى قىينىماقتا. بارلىق ئۈمىدلەر، بارلىق پۇرسەتلەر پۈتۈنلەي توزۇپ كەتتى."

ھىتلېرمۇ خۇددى شۇنىڭدەك كۆڭلى يېرىم ئەھۋال ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇنىڭ مەيۈسلىك روھى ھالىتى، شۆبھىسىزكى، يەنە شۇ ئارچا بايرىمى ۋاقتى كەلگەن كۈنلەردىكى بۇرۇختۇرمىلىقتىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ (كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ زادىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالالماي قالغاچقا، ئارچا بايرىمى ئۈچۈن ئۆي بىزەشكىمۇ قولى بارمىغان ئىدى. ھىتلېر، ئاپام دەل مۇشۇنداق ئارچا بايرىمى چىراقلىرى بىلەن بىزەلگەن دەرەخ تۈۋىدە ئۆلۈپ كەتكەن دەپ چۈشەندۈرگەن). "بارلىق ئۈمىدلىرىم يوق بولدى. — دەيدۇ ۋاگنېر خانىمغا يازغان

www.pidaiy.biz

خېتىدە. ئۇ خېتىدە خانىمنىڭ ئارچا بايرىمى ئۈچۈن ئېۋەرتكەن سوغىتىغا رەخمەت ئېيتىپ كېلىپ، ــ غايىلىرىمدىن ھېچقايسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدىم. ... ئەندى مەندە ھېچقانداق بىر ئۈمىد قالمىدى، دۈشمەنلىرىم بەكلا كۈچلۈك كېلىپ كەتتى. ... ئەگەر مەن بارلىق نەرسىلىرىمدىن مەھرۇم بولغىدەك بولسام مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سىز ياخشى بىلىسىز. مەن ئەزەلدىن شۇنداق قىلىشقا غەيرەت قىلىشنى ئويلاپ كەلگەنمەن. مەغلۇبىيەت، بۇنىڭغا مەن ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئۇنداق بىر ئەھۋالدا بىر پاي ئوق بىلەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن دېگەن ۋەدەمنى ئىجرا قىلىشتىن يانمايمەن.»

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ھىتلېر ئۆزىنى ئۆزى ئالدىدى، مانا ئەندى ئۆزىنىڭ سىياسى ئۆلۈمىنى تەنتەنە قىلىپ تەبرىكلىمەكتە دەپ قارىشاتتى. «ھىتلېر تۈگەشتى. يەنى ئۇ بىر كۈشكۈرتكۈچى سۈپىتىدە ياكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلگىرلەش غەيرىتىگە ئىگە ئازسانلىقلار داھىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىرسى سۈپىتىدە تۈگەشتى. ــ دەپ يازىدۇ ۋىلھېلم بولىت (威廉•布里特) پرىزدېنتلىققا سايلانغان فرانكلىن روزۋېلتقا ئېۋەرتكەن 11 بەتلىك دوكلاتىدا، ــ ھىتلېرنىڭ تەسىرى تېزلىكتە ئاجىزلىششقا باشلىدى. ھۆكۈمەتمۇ ئەندى ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن بەك ئەنسىرەپ يۈرمەس بولدى.»

مولىن شۋانخانسىن (穆伦•施安豪森) نىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھىتلېر يەنە بىر قېتىم خانۇسېن

دىن پال بېقىپ بېرىشىنى (哈努森 Erik Jan Hanussen) تەلەپ قىلغان. بۇ مەشھۇر يۇلتۇز پالچىسى ئۇنىڭغا بىر قېتىم پال سېلىپ بەكلا توغرا تاپالىغان ئىدى. ئۇ پال سېلىپ كېلىپ، گەرچە ھىتلېرنىڭ يۇلتۇزى يېقىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا پايدىلىق ھالەتكە كېلىدىغانىدەك قىلسىمۇ، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۇچ كېلەرمىش. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، خانۇسېن ھىتلېرغا پەقەت بىرلا نەرسە ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن دېگەن؛ ئۇ نەرسە يىلتىزى ئادەم شەكلىدىكى مانتارگۈل (曼陀罗花) بولۇپ، بۇ گۈل ھىتلېر تۇغۇلغان كىچىك شەھەردىكى بىر قاسساپنىڭ بېغىدا ئۆسىدىكەن؛ ئۇ گۈلنى ئاي تولغان يۇرۇقتىلا تاپقىلى بولىدىكەنمىش؛ خانۇسېن غەيرەت كۆرسىتىپ بۇ ئاجايىپ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇ 1933-يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنىسى يوقۇرى سالسبۇرگنىڭ ۋاشىنفېرد (瓦申弗尔德) زالىغا قايتىپ كېلىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكەنمىش. تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئۇ ئەكەلگەن مانتارگۈلى (曼陀罗花) نى بىر قانچە مىسرا قوشاق قوشۇپ] ھىتلېرغا سۇنغان. بۇ قوشاقتا، ھىتلېرنىڭ 30-يانۋار كۈنىدىن باشلاپ تەختكە چىقىپ ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقى ئالدىن كۆرسىتىلگەنمىش.

بۇ قوشاق تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

"غايە يولى تولۇق ئېچىلمىدى،
مۇۋاپىق ياردەمچىلەر يىغىلىپ بولمىدى،

بۇ يول ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ دۆلەتتە،
بانكا ئارقىلىق، ھەممە يۇرۇشۇپ كېتىدۇ!
ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى،
جاناب مەقسىدىگە يېتىدۇ —
جانابنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولىدۇ،
بۇ يولدا سۇمرۇغنىڭ يولىدىن ئەمەس،
چۈمۆلە يولىغا تايىنىدۇ!
سوغۇق شامالدا يوپۇرماقلار شىلدىرلايدۇ،
تۆكۈلگەن غازاڭلار ئۇچۇشىدۇ،
دەل-دەرەخلەر غۇلاپ،
شاخلىرى قاراسلاپ سۇنىدۇ!"

ھىتلېر بۇ ئالدىن پەرەزگە ئىشەنگىسەك بولسا ئىدى، بۇ خەۋەر گېزىتتا بېسىلىپ قاتتىق مازاق قىلىناتتى؛ شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىر ئىشقا بىرىنچى بولۇپ قىزىققان داڭلىق ياۋروپالىق يالغۇز ھىتلېرلا ھېسابلانمايتتى. يۇلتۇز پالچىسى لۇئىس گېرىك (路易斯•戈力克) رىم پاپىسى 5-لئو (里奥) غا سەن چوقۇم پاپىلىق تەختىگە چىقالايسەن دەپ ئېيتقانىكەن. نوستېردام (诺斯特拉达木斯) مۇ 1-ھېنرىگ (亨利) نىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى توپ-توغرا تېپىپ چىققان ئىكەن. بەزى گەپلەرگە قارىغاندا، پېيېر ل. كرىك (普埃尔•勒•克勒克) مۇ ناپالىيونغا چوقۇم پادىشا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. نېمىلا بولسا بولسۇن، خانۇسېننىڭ بۇ ئالدىن پەرەز قىلىپ توقىغان قوشىقىنىڭ 3- ۋە 4-سۆزلىرى چوقۇم ھىتلېرنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ تېخى يېڭىلا ئۈچ كۈن ئىچىدە سابىق باش مىنىستىر ۋون پاپېن بىلەن مەخپىي

كۆرۈشۈش تەكلىۋىنى تاپشۇرىۋالغان بولۇپ، كۆرۈشۈش ئورنى ئۇچۇن بانكىر ماركىز كۇرت ۋون شرودېر (库特•冯•施洛德) نىڭ ئۆيى بېكىتىلگەن ئىدى. بۇ شرودېر (施洛德) دېگەن ئادەم بولسا، ھىندېنبۇرگتىن ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان 39 نەپەر كىشىدىن بىرسى ئىدى. بۇ ئالدىن پەرەز شۇنچىلىك ئېنىق ئوتتۇرغا چىققانلىقىنىڭ مەنتىقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى ئۇچۇن، خانۇسېنىنى، خۇددى ئۇنىڭ بۇرۇنقى كەسپداشلىرىغا ئوخشاش، ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئالدامچى، دېيىشلا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىن ئېيتىشى چوقۇم بەكلا ئىشەنچىلىك مەنبەدىن بۇ خەۋەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئاساستا پال باققان دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭغا دىققەت قىلايلى، بۇ يەردە "بانكا ئارقىلىق" دېگىنى "Durchdie Bank" سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇ ھەم بىر ئىدىيوم، يەنى "ئومۇمىيۈزلۈك" دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز "بارلىق ئىشلار تەلتۆكۈس ئۆزگىرىدۇ" دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بەلكىم، قاقۋاش خانۇسېن بىر قانچە خىل ئېھتىماللىقنى چىقىرىش مەقسىتىدە بۇ خىل مۇجمەل دىيومنى مەخسۇس ئىشلەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر مىيونخېندا "شىئىر كەچلىكى" گە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھېس ئەر-خوتۇن بىلەن ئېۋا براۋن بىرگە ھەمرا بولغان ئىدى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇلار خانفىستانگىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قەھۋە ئىچىشىدۇ. "ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇلايىم يېقىملىق. — دەپ يازىدۇ خانفىستانگىل، — بىرگە ئۇنىڭ 20-

www.pidaiy.biz

يىللاردا تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتلىرىمىزدىكى مەنزىرىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئاخشىمى ئوركىستىر درىژورلىقىنى خانس كناپاتسىش () ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ھىتلېر ئۇنداق توننى ۋە ئۇ تۈردىكى چۈشەندۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن تىنماي تالىشىپ سۆلەپ كەتتى. ئۇنىڭ باھاسى ھەقىقەتەنمۇ يامان ئەمەس بىر باھا دېيىشكە بولاتتى. نۇرغۇن قىسىملىرىنى غىڭشىپ دوراپ بېرەلەيتتى ياكى ئىسقىرتىپ بېرەلەيتتى. تەبىكى سۆزلىرىنىمۇ سۇدەك يادلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەندۈرەلەيتتى." فيۇرېر كىشىنى جەلىپ قىلارلىق بىر قىياپەتتە بۇرۇنقى كۆنلەرنى ئەسلەيدۇ. كېيىن، تىياتىرخانىدىن ئايرىلىشتىن ئاۋال سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىگە ئىمزا قويۇپ، ئاستىغا ئېنىق قىلىپ ئاي-كۈننى قوشۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خانفىستانگېلغا قاراپ ھاياجاننى ئاران تۇتىۋالغان ھالدا: "بۇ يىل بىزنىڭ يىلىمىز بولىدۇ. بۇنى مەن ساڭا خەت ئارقىلىق تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئېنىق ئېيتىپ بېرىمەن!"

## (7)

ھىتلېر پىلان بويىچە 4-يانىۋاردا كىلوك (科隆) دىكى ماركىز ۋون شىرودېر (冯•施洛德男爵) نىڭ ئۆيىدە پاپېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. پىلان بويىچە بۇ كۆرۈشۈش مەخپىي بىر ئۇچرىشىش بولۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەر كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق پىلانلاشقان بولسىمۇ، كۆرۈشۈش خەۋىرى تارقىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، بېرلىندىكى بىر گېزىت مۇخپىرى (بۇ مۇخپىر ھىتلېرنىڭ بىر مۇھاپىزەتچىسىنى پۇلغا سېتىۋالغان)، ھىتلېر

بىلەن پاپېن ئايرىم-ئايرىم هالدا شرودېر (施洛德) نىڭ قوراسىغا كىرىۋاتقىنىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ رەسىمىنى تارتىۋالغان. بۇ قېتىمقى سۆهبەت ئىككى سائەت داۋام قىلدۇ. دەسلىۋىدە، پاپېن، هىتلېر-پاپېن هۆكۈمىتى قۇرۇپ چىقىپ شلېيچېر هۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، پاپېن بىلەن هىتلېر ئىككىسى پۈتۈنلەي تەڭ هوقۇقلۇق بولۇش دېگەن تەكلىۋىنى بېردۇ. هىتلېرنى هەيران قالدۇرغان بۇ تەكلىپ ئۈچۈن، هىتلېر ئۇزۇن بىر چۈشەندۈرۈش بېرىپ جاۋاب بېردۇ: ئەگەر مەن باش مىنىستىر بولدىغان بولسام، بىر هېساپتا مەن هۆكۈمەتنىڭ هەقىقى باشلىقى بولغان بولىمەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ پاپېننىڭ بەزى ئادەملىرىنى مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىلىكلەرنى، كومپارتىيەلىكلەرنى ۋە يەهۇدىيلارنى رەهبەرلىك ۋەزىپىسىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە قوشۇلۇشىڭلار كېرەك، دەپ شەرت قويدۇ. شرودېر (施洛德) نىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىككىسى "پىرىنسىپ جەهەتتە بىر كېلىشىمگە كېلەلىگەن"؛ ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئىككىسى ئەدەپ بىلەن ئۆزئارا قول ئېلىشىپ خوشلاشقان.

شلېيچېر ئۇ ئىككىسىنىڭ قول ئېلىشىپ تۇرغان رەسىمىنى كۆرۈپ، قاتتىق رەنجىگەن هالدا پىرىزدېنت مەهكىمىسىگە كىرىپ پاپېننى خائىنلىق قىلدى دەپ پىرىزدېنتقا شىكايەت قىلدۇ. شۇڭا ئۇ پىرىزدېنتتىن پاپېننى بۇندىن كېيىن ئۆزى يوق يەردە قوبۇل قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدۇ. ئەمما بۇ بوۋاي

پاپېندىن ئىبارەت بۇ جاسارەتلىك چەۋەنـدازغا بەكـلا ئـامراقلىق قىلاتتى. شۇڭا پاپېننىڭ ئۆزىنى ئالدايـدىغانلىقىغا ئىشـەنمەيتتى. ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە، پاپېننى ھىتلېر بىـلەن داۋاملىـق غەيـرى رەسمى تۇردە كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى، ھەمدە ئۇنىڭ كاتىۋىدىن بـۇ سـۆھبەت ئەھـۋالىنى ۋون شـلېيچېردىن يوشـۇرۇن تۇتۇشـنى تاپىلىغان ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، ھىندېنبۇرگ شـلېيچېرنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ تۆۋەنلەشتۈردى. شـلېيچېر شـەرقى گېرمانىيـدە ۋەيـران بولغـان جـۇڭكېرلار (پومېشچىكلار Junkers 容克) نىـڭ زېمىنىنى مۇسادىرە قىلىش پىلانىنى تۈزـدى؛ ئەمما ھىنـدېنبۇرگ بـۇ پىلانغـا قارشـى چىقـىپ، جۇڭكېرلارنىـڭ تەرىپىنـى ئالـدى. دېگەنـدەك، ئـۇ ھىنـدېنبۇرگ تەرىپىـدىن قـول ئاسـتىدىكى بىـر ئەسـكەر قاتارىـدا مۇئـامىلە قىلىنىشـا ئۇچرايـدى، ئەممـا ئۇمـۇ پاجىئەلىك بىر سىياسىي خاتـالىق سـادىر قىلغـان ئىـدى. يەنـى مارشـال بىـلەن بولغـان مۇناسـۋەتلەردە ھەددىـدىن ئېشـىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ توپىلاڭ چىقارغان جۇڭكېرلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماي، ئۇلارغـا قارشـى ئاشـكارە ھەرىكەتـكە ئۆتتـى. نەتىجـدە، ھىنـدېنبۇرگنىڭ مېھمانخانىسـى دەرت تۆكۈپ كەلگەن جـۇڭكېرلار جەمەتىنىـڭ ئـادەملىرى بىـلەن لىق توشۇپ، ئۇنىڭـدىن شـلېيچېر ھۆكـۈمىتىنى تارقىتىۋېتىشـنى قەتئـى تەلەپ قىلىـپ تۇرىۋېلىشـدى. ئىشـلار بۇنىڭلىـق بىلەنـلا تۈگىمەيـدى. شـلېيچېر ھەربىلەرنـى ئـۆزىگە دۈشـمەن قىلىۋېلىـپ ئۇلارنىڭ ئـۆچمەنلىكىنى قوزغىۋالـدى. گېنېـرال شـلېيچېر شـۇنى

ئۇنۇتماسلىقى كېرەك ئىدىكى، ئورتاق غايە ئۈچۈن جۇڭكېرلار بىلەن ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقى بىر-بىرسى بىلەن زىچ باغلىنىپ كېلىۋاتقانلىق تارىخىنىڭ ئۆزىلا 200 يىللىقتىن ئارتۇق بىر تارىخ ئىدى!

شلېيچېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئاخماقانە ھەرىكىتىدىن مەنپەئەت كۆرگەن كىشى ئادولف ھىتلېر بولۇپ چىقىدۇ. ھىتلېر كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان نارازىلىق ھېسسىياتلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ليوپولد (利珀) رايونىدا سايلامدا ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ، بۇ قېتىمقى كىچىككىنە بىر ھەرىكەتنى مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلام قاتارىدا كۆرۈپ، پارتىيىنىڭ پۈتۈن كۈچلىرىنى بۇ ئىشقا سالىدۇ. شۇ ئارقىلىق نىسبەتەن زور بىر ئۇتۇققا ئېرىشىشنى كۆزلەپ، ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ ھىندېنبۇرگ ۋە پاپېن ئىككىسىنى كېلىشىم تۈزۈشكە قىستىماقچى بولىدۇ. نويابىر (ئوغلاق) دىكى مەغلۇبىيىتىدىن قۇتۇلۇپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا قايتىدىن ئابروي قازىنىشنى كۆزلەپ ليوپولد (利珀) نىڭ بارلىق شەھەر ۋە بازارلىرىدا نۇتۇق سۆزلەش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىپ تۇرىدۇ. 15-يانىۋاردا، 39.6 پىرسەنتلىك خەلق ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنى 17 پىرسەنت كۆپەيتىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېرنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. سايلام كۈنىسى ھىتلېر ۋېيمارغا كېلىپ "خۇشاللانغانلىقىدىن خۇددى كىچىك بالىدەكلا يايراپ كېتىدۇ."

www.pidaw.biz

ئۇ، بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەت "مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر غالىبىيەت" دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئەتىسى ستراسسېر (ئۇ ئىتالىيىدىكى دەم ئېلىشنى توختىتىپ ميونخېنغا قايتىپ كەلگەن ئىدى) بىلەن بولغان زىددىيىتىنىمۇ ئاشكارە ئېلان قىلىۋېتىدۇ. ئۇ، 3 سائەت داۋام قىلغان يەرلىك مەسئۇل كادىرلىرىغا سۆزلىگەن نۇتقىدا، ستراسسېرنى خائىنلىق قىلدى دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ستراسسېر بىلەن مۇناسەتلىرىنى تولۇق ئۈزۈش بىلەنلا قالماي "پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق مەغلۇبىيەت قارىشىدىكى ئۇنسۇرلارنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى" ئىكەنلىكىنىمۇ خەلق ئاممىسىغا بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنى كىشىلەر ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلايدۇ. پارتىيە ئىچىدە بىر قىسىم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ستراسسېرغا ئەگىشىپ فيۇرېرغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، فيۇرېرنىڭ بۇنداق بىر جىدەل ئىچىگە كىرىش نىيىتى يوق ئىدى. ستراسسېرمۇ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پارلامېنتىكى دېپوتاتلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ماشىنىسى بىلەن ميونخېنغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاخىرىدا ستراسسېر سىياسى سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىپ ھىتلېرنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ھىتلېر يول قويۇش مەقسىتىدە 18-يانۋار ئاخشىمى يەنە بىر قېتىم پاپېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار بېرلىن شەھەر سىرتىدىكى داڭلىق دالېيم (达莱姆) دېگەن يەردىكى جوشىم ۋون رىببېنتروپنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشىدۇ. ئۇلار مۇتلەق مەخپىي بولسۇن ئۈچۈن پاپېن، رىببېنتروپنىڭ

ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كېلىدۇ. ھىتلېرنىڭ ماشىنىسى ئۇدۇللا ماشىنا ساقلاش يېرىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، روم ۋە ھىملېر بىلەن بىرلىكتە باغ تەرەپتىن بىناغا كىرىپ كېتىدۇ.

"ھىتلېر باش مىنىستىر بولۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىۋالىدۇ. — دەپ يازىدۇ رىببېنتروپ خانىم شۇ قېتىمقى يىغىن خاتىرىسىگە، — پاپېن بۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىندېنبۇرگقا بولغان ئارتۇق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈش توغرىلىق ھېچ نېمە دېمەيدۇ. جوشىم ئۇنىڭغا ھىندېنبۇرگنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ." مۇزاكىرە ھېچقانداق بىر نەتىجىگە كېلىنمەيلا تاماملىنىدۇ. ھىتلېرنىڭ جاھىللىقى پاپېننى بەكلا ئۆڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى ئۇنداق ھېسابلىمايتتى. رىببېنتروپ خانىم يولدىشى بىلەن ئوخشاش ھىتلېردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، "ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم ھەقىقى مەرت ئادەم ئىكەن، قالتىس نوچى بىر ئادەم ئىكەن" دەيدۇ.

## (8)

شلېيچېر ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتا كۈندىن-كۈنگە قىينالماقتا ئىدى. 20-يانىۋار كۈنىگە كەلگەندە ئۇ مەيلى ئوڭچى ياكى سولچى بولسۇن، بارلىق پارتىيىلەرگە دېگىدەك دۈشمەن كۆزى بىلەن قارايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ھالىتى پاپېن ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەت ئىدى. شلېيچېرنىڭ ئىستىپا قىلىشقا زورلىغىنىدىن بۇيان، بۇ

سابىق باش مىنىستىر پات-پات ئۇنىڭ قوشنىسى بولغان ھىندېنبۇرگ ئاتا-بالا ئىككىسىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ مەيۈس ئائىلىسىگە بىر ئاز بولسىمۇ خوشاللىق قېتىپ تۇراتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭ قارىغا پۈركەلگەن پرىزدېنت باغچىسىغا كىرىپ كېلىشىدە باشقا بىر مەقسىدى بار ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ پرىزدېنتنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان خەۋەر بېرەلمەيدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭغا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالىدىن تەپسىلى دوكلات بېرىدۇ. پاپېن يەنە مۇتەئەسسىپ پارتىيىلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پاپېن پرىزدېنتقا يالۋۇرۇش شەكلىدە بىر تەكلىپ بېرىدۇ: بىز نېمە ئۈچۈن ھىتلېرگە باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى بەرمەيدىكەنمىز؟ ئۇ سىزنىڭ دېگەن يولىڭىزدىن چىقمىسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟

ئەسلىدە بۇ ئىشتا ئەڭ چوڭ توسالغۇ پرىزدېنتتا ئەمەس ئۇنىڭ ئوغلىدىن كەلمەكتە ئىدى. يەنى ئوغلى ھىتلېرنى ئوچۇق ئاشكارە كۆزگە ئىلماي كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ئوسكارنىڭ بۇ تۈردىكى ھېسسىياتى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش مىجەزىدىن كېلىۋاتقان بىر مىجەز بولۇپ، ئىدىيولوگىيىلىك پەرقتىن كېلىپ چىققان مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوسكار ھىتلېر بىلەن سۆھبەتلىشىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، 22-يانۋار يەكشەنبە (پازار) كۈنى ئاخشىمى رىببېنتروپنىڭ ھەشەمەتلىك قوراسىدا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشىدۇ.

ئۇلار، ئوسكار بىلەن بىرگە پرىزدىنتنىڭ دۆلەت ئىشلىرى

كاتىبى مېيسىنېرنىمۇ بىرگە بېرىشى ئۈچۈن كېلىشىدۇ. ۋون شلېيچېردىن مەخپى تۇتۇش مەقسىتىدە، ئۇ ئاخشىمى ئۇلار ئاۋال شىروس شىتاتلىق تىياتىرخانىسىدا تىياتىر كۆرىشكە بارىدىغان بولىدۇ. ئۇ ئاخشىمى بۇ تىياتىرخانىدا ۋاگنېرنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدىن «تەغدىر» (艳遇) دېگەن سەھنە ئەسىرى ئوينىلاتتى. بۇ كىشىلەر تىياتىرخانىغا يېتىپ كەلگىنىدە، “پېت دەرەخ سايىسى” (菩提树下) كوچىسىدىن سۇڭگەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇراتتى. پەردە ئېچىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار بىر قانچە سائەت ئاۋال ناتسىستلارنىڭ كومپارتىيە مەركىزى شىتابى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن نامايىش ھەققىدە پاراڭلىشىدۇ. شلېيچېر 20 مىڭ كىشىلىك قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ نامايىش ئۆيۈشتۇرۇشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىپ، قىزىللارنىڭ قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت بەرمىگەن ئىدى. كېيىن ئۇ ساقچى ئەترەتلىرىنى چىقىرىپ، بىروۋنىك ۋە پىلىموتلارنى ئىشقا سېلىپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ.

پەردە ئارىسى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئوسكار بىلەن ئايالى ئىككىسى بەكلا كۆپ تونۇشلىرىغا سالام بېرىپ، ئۆزىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا مەن بۇ يەردە دەيدىغان تۈيغۇ قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما پەردە چۈشۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئۈچۈن تەييارلىق باشلانغان ۋاقىتتا ئوسكار بىلەن مېيسىنېر ئىككىسى يان ئىشىكتىن غىپلا قىلىپ چىقىپ تىياتىرخانىدىن ئايرىلىدۇ. ئەمما ئايالى بۇرۇنقى ئورنىدىن ئايرىلماي ئولتۇرىدۇ.

ئۇلار سىرتقا چىقىپ تاكسىدىن بىرنى كىرالاپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما تاكسى يولغا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن بارىدىغان يېرىنى تاكسىچىغا ئېيتىدۇ. پىشىگە چۈشۈۋالغان بىرەرسىنىڭ يوقلىقىدىن خاتىرجەم بولغىنىدىن كېيىنلا شىلېيچېرنىڭ ئادەملىرىنى ئېزىقتۇرىۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم يولنى داۋام قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن رىبېنتروپنىڭ ئۆيىگە خېلى يىراق بىر يەردە تاكسىدىن چۈشۈپ قېلىپ قالغان يولنى قار كېچىپ پىيادە ماڭىدۇ. خېلى ئايلىنىشتىن كېيىن ئاران رىبېنتروپنىڭ ئۆيىنى تېپىپ بارىدۇ.

پاپېن، ھىتلېر، گيورىڭ ۋە فرانك قاتارلىقلار مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى. كىشىلەر بەكلا جىددى قىياپەتتە ئىدى. ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن سالاملىشىۋالغاندىن كېيىن، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئوسكارغا ئىككىمىز ئايرىم بىر كۆرۈشسەك قانداق دەپ تەكلىپ قىلىپ، ياندىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. مېيسنېر ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئوسكار بىلەن ھىتلېر ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن رىبېنتروپ ئىشىكنى ئېتىپ قويىدۇ. كېيىن كىچىك ھىندېنبۇرگنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر باشتىن تارتىپلا گەپنى قولدىن بەرمىگەن بولۇپ، ئاساسلىق گەپ تېمىسى ھىتلېر ئۆزىنىڭلا گېرمانىيىنى قىزىللار قولىدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقى، پەقەت ئۆزىلا كۈچلۈك باش مىنىستىرلىق رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ قوللىشى بولماي تۇرۇپ، قالغان ھېچقانداق بىر پارتىيە

هۆكۈمەتنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ ئىككىسى مېھمانخانا ئۆيىگە قايتىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭلا چىرايى جىددى تۈس ئالغان ئىدى. ئاندىن ھەممە بىرلىكتە تاماق ئۈستىلىگە توپلىشىدۇ. قولىغا پەلەي كىيىۋالغان خىزمەتچى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۈمۈش چىنا ئۇزارتىدۇ. قاچىلاردا تۇزلانغان گۆشلۈك پۇرچاق شورپىسى قۇيۇلغان ئىدى. ھىتلېر مېنرال سۈيى ئىچىدۇ. قالغان مېھمانلار بولسا شامپانىسكى ئىچىشىدۇ. ئەڭ كېيىن كەلگەن كىچىك ھىندېنبۇرگ بىلەن مېيسنېر ئىككىسى يەنە ئەڭ بالدۇر ئۆيدىن ئايرىلىدۇ. تۈن يېرىمىدا تالادا قار-شىۋىرغان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. تاكسى يولىغا چۈشكەندىن كېيىن، مېيسنېر ھەمراينىڭ بەكلا جىمىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. "ئوسكار، 'ئامال يوق، ھىتلېرغا ھۆكۈمەت قۇرغۇزۇشتىن باشقا چارە قالمىدى' دېگەنلا گەپنى قىلىدۇ. پەرىزىمچە، ھىتلېر بۇ ياشنى مۇۋەپپىقەت بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالغاندەك قىلىدۇ." ئەسلىدە ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ ئاددى بولىشى مۇمكىن ئىدى. بىر ئېھتىمالدا ھىتلېر ھەممە بىلىپ كەتكەن بىر مەخپىيەتلىكتىن پايدىلىنىپ يوقۇرى تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدا رەزىل قىلىۋېتىش بىلەن تەھدىت قىلغان بولىشى مۇمكىن ئىدى: بۇندىن 6 يىل بۇرۇن، جۇڭكېرلارنىڭ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىر مىقدار "شەرق تەرەپكە ياردەم قىلىش مەبلىغى" ئايرىغان ئىدى. بۇ قانۇنغا

ئاساسلىنىپ پرىزدېنت ۋون ھىندېنبۇرگ خېلى كۆپ مىقتاردا پارا ئۆندۈرىۋېلىش بىلەنلا قالماي (خەۋەرلەردىن قارىغاندا بۇ پۇل 620 مىڭ مارك)، يەنە بۇ مەبلەغنى ئوسكارنىڭ نامىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ئېغىر باجدىن قۇتۇلۇپ قالغان. ھەتتا ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلىنىمۇ تۆلىمىگەن. بۇلار ئۇنى پاش قىلىش باھانىسى بولۇپ بېرەتتى. گەرچە بۇ ئىشتا گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغىنىدىمۇ بەرىبىر ھىندېنبۇرگنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشكە يېتىپ ئاشاتتى.

پاپېن، ھىتلېرنىڭ ئوسكارغا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىر قاراپلا سەزگەن ئىدى. ئوسكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پاپېن فيۇرېرگە ساداقەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر بولۇشىنى قوللاش ۋەدىسىنى بېرىپلا قالماي، ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر مەن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلىپ بېردى. يوشۇرۇن سۆزلىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر ھەمرالىرى بىلەن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ماشىنىسىنى قويغان گەرەجگە كىردى. ئەمما ئۇ شلېيچېرنىڭ ئادەملىرىنىڭ پېيىغا چۈشىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەتىسى سەھەردە، شلېيچېر، مېيسنېرغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى مازاق قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئاخشامقى ئادەم بېشىغا بىر چىنىدىن تارقىتىلغان كەچلىك تاماق كۆڭلۈڭگە ياقتىمۇ؟ گېنېرال شلېيچېر، ھېلىمىكىر پىلانلاشقا ئۇستا بىرسى بولۇپ، ئەندى دەرھال ھەرىكەت قىلمىسا كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھىندېنبۇرگقا

www.pdfdaily.biz

ناتسىستلارنى تېزگىنلەش ئۈچۈن "ھەربىي دىكتاتۇرلۇق" نى ئىشقا كىرىشتۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشى ئۈچۈن ھىندېنبۇرگنى ماقۇل قىلىشقا كۆچەپ ئۇرۇنىدۇ. ئەمما شلېيچېرنىڭ تۈگىمەس پىلانلىرىدىن ئاللىمۇ قاچان زېرىككەن ھىندېنبۇرگ، بۇنداق پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشقا ئۇنىمايدۇ.

شلېيچېرنىڭ ھەربىي دىكتاتۇرلۇق يۈرگۈزمەكچى بولىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن مەركەزىي پارتىيە ئىككىسى شلېيچېر ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئېلان قىلىشىپ، بۇنداق ھەرىكەت قىلىشنىڭ قىلچە رولى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھەرىكەت قىلىش ئېغىر خاتالىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاشكارە بايانات بېرىشىدۇ. بۇ خەۋەردىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شۇگېنبېرگ (休根堡) بىلەن مىللەتچى پارتىيە شلېيچېردىن دەرھال يۈز ئۆرۈشىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ تۈيۇقسىزلا بۇ تۈردە ئۆزگىرىش قىلغانلىقى ھىتلېرغا پايدا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ 27-يانىۋار كۈنى بېرلىنغا قايتىدۇ. ئەمما پايتەخت ۋەزىيىتىنىڭ بەكلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۇنى شۇ ھامات ئۈمىتسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇ، رىببېنتروپقا بېرلىندىن دەرھال ئايرىلىمەن دەپ ئېيتىدۇ. "جوشىم ئۇنىڭغا شۇگېنبېرگ بىلەن بىرلىشىپ مىللەتچى بىرلىكسەپ قۇرۇش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. — دەپ

www.pidaily.biz

يازىدۇ رىبېنتروپنىڭ ئايالى، ــ ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن مارشالغا دەيدىغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم. ئەندى يەنە قوشۇمچە قىلغىدەك گېپىم قالمىدى، دەيدۇ. جوشىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاچ، ئەڭ ئاخىرقى تەدبىرنىمۇ ئىشقا سېلىشنىڭ كېرەك، ۋەزىيەت تېخى ئۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلەنگىدەك ئەھۋالدا ئەمەس" دەيدۇ. ھىتلېر شۇ كۈنكى پاپېن بىلەن كۆرۈشۈشكە تەستە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما كۆرۈشۈشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتكەن بىر ۋاقىتتا، ئەركىن سۆزلىشىش ئىمكانىيى يوقلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرۈشۈشتىن يالتىيىۋالىدۇ. ئۇ نىمە دەيدىكىن دەپ، مەن چوقۇم بىرلىنىدىن ئايرىلىشىم كېرەك، شۇنداقتىمۇ رىبېنتروپ ماڭا ۋاكالىتەن پاپېن بىلەن كۆرۈشۈشكە قارشى ئەمەسمەن، دەپ ئۇختۇرىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، رىبېنتروپ، بىردىن بىر ھەل قىلىش چارىسى ــ ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەش، دېگىنىگە پاپېننى مىڭ تەستە قايىل قىلىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن پاپېن بۇ تەلەپنى ھىندېنبۇرگقا يەتكۈزىدۇ. ئەمما مارشال بۇنىڭغا ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيدۇ. بىر قانچە ئايدىن بېرى، ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەڭ دەيدىغان تەلەپلەر رەسمى بىر ئېقىن بولۇپ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. يېقىنىدىن بېرى ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئەنە شۇنداق خۇلاسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. گەرچە بۇ مارشال "چېخ ئونبېشى" غا قارىتا ــ ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى دائىم شۇنداق دەپ ئاتايتتى ــ يەنىلا ئۇنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنمەي كەلمەكتە ئىدى. قارىغاندا، بۇ ياشانغان كىشى ئاخىرى ھىتلېرغا

www.pidaw.biz

ماقۇل بولمىسا بولمايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

بۇ چاغدا، شلېيچېر ھۆكۈمەت كابىنېتىنى يىغىپ يىغىن ئېچىشقا كىرىشىدۇ: ئۇ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە، ھىندېنبۇرگتىن بۇيرۇق چىقىرىپ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش تەلىۋىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرغا قويۇپ بېقىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىدەك قىلسا، ھۆكۈمەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇ پرېزىدېنت ھىندېنبۇرگنىڭ قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىدۇ. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش ئارانلا 10 مىنوت داۋام قىلىدۇ. ھىندىن بۇرگتىن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلالارسىزمۇ دەپ سورىۋىدى، پرېزىدېنت ئۇنىڭغا "ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن!" دەپ كېسىپلا جاۋاب بېرىدۇ. شلېيچېر، ئۇنداقتا بىردىن-بىر چارە ھىتلېرنىڭ ھۆكۈمەت كابىنتى تەشكىللىشىگە ماقۇل بولۇشلا يولى قالدى، دەيدۇ. ھىندېنبۇرگ، شلېيچېر ھۆكۈمىتى كۆپ سانلىقنىڭ ماقۇللىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. بەلكىم ئۇ سابىق ئون بېشى گېرمانىيىنى مۇقىملىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ كۆپ سانلىق قوللىغۇچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش چارىسىنى قىلالىشى مۇمكىن، دەپ، شلېيچېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە بۇ مەسىلە ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشتىن زېرىكتىم دەيدۇ.

ھىندېنبۇرگ پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەن قىياپەتتە: "قارار قىلماقچى بولغان بۇ ئىشنىڭ توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى مەنمۇ

بىلەلمىــدىم. ـــ دەيــدۇ بــاش مىنىســتىرغا، ـــ قەدىرلىــك شىلېيچېر، بۇ قارارىمنىڭ توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا شۇ ھامان بىلەلىشىم مۇمكىن. مەن دېگەن بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان بىرسىمەن. ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا قىلغان ئىشلىرىمدىن پۇشايمان قىلىش-قىلماسلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.”

“مېنىڭچە بولغاندا، جانابلىرى، ـــ دەيدۇ شلېيچېر ئېچىتقان بىر تىلدا، ـــ بۇ قېتىمقى خائىنلارچە قوزغىلاڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئۇ ئالەمگە قاراپ سەپەر قىلىش-قىلالماسلىقىڭىزغىمۇ بىر نېمە دېيىش تەس بولىدىغاندەك قىلىدۇ.”

گۆگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن، پاپېن بىلەن ئوسكار، مېيسنېرلار بىرلىكتە پرېزدېنت كابىنېتىغا كىلىدۇ.

ھىندېنبۇرگ پاپېننى باش مىنىستېرلىققا تەيىنلەش تەكلىۋىنى قايتا ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ نەپەر مەسلىھەتچى بىرلىكتە، بىردىن-بىر چارە ھىتلېر، دەپ تەكىتلىشىدۇ. “ئۇنداقتا، ھەر قانچە ئۆچلۈك قىلسامۇ ھىتلېر دېگەن بۇ نەرسىنى تەيىنلىمەكتىن باشقا چارە يوق دەڭلا؟” دەيدۇ بوۋاي گۇڭگۇلدىغىنىچە. شۇنداقتىمۇ، قۇرۇلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەت كابىنېتىدا چوقۇم گېنېرال ۋارنا ۋون برومبېرگ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى شەرت دەپ چىڭ تۇرىدۇ. ھىندېنبۇرق، بۇ ئادەمنى “يېقىملىق مۇئامىلە قىلىدىغان، سىياسەت بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەربىلىككە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان ئادەم” دەپ قارايتتى. شۇنىڭدەك يەنە

مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىقنى پاپېن ئۈستىگە ئالىدىغان بولىشى كېرەك دەپ تەكىتلەيدۇ. ئەندىكى ئىش، بۇ نامزاتلارنى ھىتلېرغا قانداق قىلىپ قوبۇل قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئىدى.

ئەتىسى، يەنى يەكشەنبە (پازار) چۈشتىن بۇرۇن، پاپېن ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر پۈتۈنلەي ماقۇل كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ــ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ تەلىۋىنىمۇ ئوتتۇرغا قويۇشنى ئۇنۇتمايدۇ: يېڭىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش، تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى كايسېرلەرنىڭ ھوقۇقىدىنمۇ ئارتۇق باش مىنىستىرلىق ھوقۇقى بېرىلىش شەرتىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. چۈشتىن كېيىن، پاپېن ھىندېنبۇرگقا دوكلاد قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بۇنداق بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا ماقۇل كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ھىتلېرنىڭ قايتىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش تەلىۋى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى مۇۋاپىق بىر تەلەپ دەپ قارايمەن، دەيدۇ. ئاندىن ھىتلېرنىڭ ۋەدىسىنى تەكىتلەپ كېلىپ، بۇ قېتىمقى سايلام ئەڭ ئاخىرقى سايلام بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئالغان گېيورىڭ خوشاللىقىدىن يايراپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال گېيوبېلسنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ (ھىتلېر ئۇ يەردە قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى). بۇ خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ ھىتلېرگە ئۇقتۇرىدۇ. گېيوبېلسىنىڭ شۇ كۈنكى خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئۇلار ئۈچىسى خوشاللىقىدىن نىمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۈزۈنغىچە تۇرۇپ كېتىشكەن. ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىنلىق

بىلەن قۇچاغلاشقىنىچە ئۆزئارا بىر-بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئۇلار ئۈچىسى بىر-بىرسىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي تۇتۇشۇپ تۇرغىنىدا، ماگدا گيوبېلس ( Magda Goebbels 玛格达•戈培尔) خانىم يېڭىلا دوخاپكىدىن چىققان بىر لېگەن مېۋىلىك باققالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تەنتەنىلىك مەنزىرىنى تېخىمۇ يوقىرى پەللىگە كۆتۈرىۋېتىدۇ. تۇيۇقسىزلا بىرسى شىلپىچپىردىن خەۋەر كەلتۈرۈپ، ئەگەر ھىندېنبۇرگ فيۇرېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىمەكچى بولىدىكەن، ھەربىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرىشى مۇمكىن دەيدۇ. تەنتەنە قىلىش مۇراسىمى دەرھال يىغىشتۇرىلىدۇ. ھىتلېر بىلەن گيورىڭ نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالىدۇ. ئەمما پوتسدام (波茨坦) بىلەن بېرلىن ھەربى گازارمىسىدىكى ئىشەنچىلىك ئادەملىرىنى تېپىپ ھەربى قىسىملارنىڭ جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ-ئۆتمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش ھېچ كىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى. ئەكسىنچە، ھىتلېر دەرھال بېرلىندىكى ھۇجۇمچىلار ئەترىتى قۇماندانىغا تېلېفون قىلىپ شۇ يەردىكى بارلىق ئېس-ئاچىلارنى جىددى ھالەتكە ئۆتكۈزۈش بويرۇقىنى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىملەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك؟ سورايدۇ ھىتلېر. بۇنىڭغا يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ، پاپېن، ئوسكار ۋون ھىندېنبۇرگ ۋە مېيسنېرلارنى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك، دەيدۇ. گيوبېلس بىلەن گيورىڭ ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن ۋەزىپە ئادا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھىتلېر ناتىسىت بولغان بىر ساقچى مايورىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا "6

باتالييون ساقچى قىسىمىنى ۋېيمار كوچىسىنى ئىشغال قىلىشقا تەييار ھالغا كەلتۈرۈش" نى تاپىلايدۇ. ئاخىرىدا، جەنۇۋەدىن پويىزلىق قايتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغان گېنېرال بلومبېرگكە بېرلىن پويىز ئىستانسىسىدىن چۈشىشى ھامان دەرھال پىرىزدېنت مەھكىمىسىگە بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش قەسىمى قىلىشنى ئېيتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ھەر قانداق بىر قۇراللىق قوشۇنلار توپىلىڭنى باستۇرۇشقا تەييار ھالغا كەلگىلى بولاتتى.

ھەربى سىياسى ئۆزگىرىش قىلىش ھەققىدىكى گەپلەر دەرھال ھۆكۈمەت ئىچىگە تارقىلىپ، پايتەخت پۈتۈن بىر كېچە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 30- يانۋار دۈشەنبە (باش) كۈنى، پاراكەندىچىلىك ئىچىدە، پاپېننىڭ سارىيىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق مۇنازىرە قوزغىلىپ كېتىدۇ. مىللەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سېكرتارى بولغان شۇگېنبېرگ (休根堡) ھىتلېرنىڭ يېڭىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش تەلىۋىگە قەتئى قارشى چىقىدۇ. قارىغاندا، بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمۈرى ئۇزۇنغا بارالمايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇگېنبېرگ (休根堡) ئۇزۇنغىچە چىڭ تۇرۇپ تالىشىپ تۇرىۋالىدۇ. پاپېن ئۈمىدسىز بىر ھالدا ۋارقىرايدۇ: "ئەگەر سائەت 11 غىچە يېڭى ھۆكۈمەت يەنىلا قۇرۇلۇپ بولالمايدىكەن، ھەربىلەر قوزغىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا شلېيچېر ھەربى مۇستەبىتلىكنى تىكلىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ!" شۇگېنبېرگ (休根堡) "بۇ خەۋەرنى نەدىن ئالدىڭ؟" دەپ سورىۋىدى،

www.pidaw.biz

پاپېن تىت-تىت بولغان هالدا ۋارقىراپ ئېيتىدۇ: "كىچىك هىندېنبۇرگ شۇنداق دېدى!"

دەل شۇ ۋاقىتتا، پاپېننىڭ سارىيى سىرتىدىن "خايىل!" دېگەن ئاۋاز كېلىپ، كەينىدىنلا هىتلېر بىلەن گيورىڭ كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا سائەت 10 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەن ئىدى. پاپېن، ھەممەيلەن بىرلىكتە پرېزدېنت سارىيىغا ماڭايلى، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن پرېزدىن سارىيى گۈللۈكىدىن ئۆتۈپ مېيسنېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردە، ئۇلارنىڭ مىنىستىر نامزاتىغا يولۇقىدۇ. ھەممەيلەن پرېزدېنت كابىنىتىغا كىرىشنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ پاپېن ئومۇمى سايلام مەسىلىسىنى يەنە تىلغا ئالىدۇ.

"ئومۇمى سايلامچۇ؟" شۇگېنبېرگ (休根堡) بۇ مەسىلىنى هەل بولغان مەسىلە دېۋىرەيلى، دەيدۇ. هىتلېر ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، فيۇرېرنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئۇنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ. هىتلېر بۇ ياشانغان كىشىنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە، ئۇنى ئۆزىگىزنى بېسىۋېلىڭ، دەپ سۆزلىگەچ، سايلام نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، هۆكۈمەت ئەزالىرى قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئەمما يەنىلا "ياق، بولمايدۇ" دېگەن جاۋابقا ئېرىشىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، مېيسنېر كىرىپ كېلىپ، "ئەپەندىلەر، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 5 مىنۇت ئۆتتى. — دەيدۇ، — پرېزدېنتىمىز ۋاقىتقا بەكلا دىققەت قىلىدۇ." پاپېن، ئىشلار

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئالدىدا بۇ بىرلەشمىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولىدۇ. "جانابى كابىنېت ۋەزىرى ئەپەندىم. — دەيدۇ ئۆتۈنۈش بىلەن، — سىز مىڭ بىر بالالاردا كىلىشىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ۋەتەن بىرلىكىنى دوغا تىكىشنى ئويلىمايدىغانسىز ھەر ھالدا؟ سىز بىر نېمىسنىڭ تەنتەنىلىك بىلەن بەرگەن ۋەدىسىدىن گۇمان قىلمايدىغانسىز ھەر ھالدا!"

شۇگېنبېرگ (休根堡) يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، بۇنىڭغا چىدىماي سائەتكە قارىغىنىچە ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقان مېيسنېرنى كۆرۈپلا ئاندىن جىمىيدۇ. "پرېزدېنت ئۆزىنى بەك ساقلىتىۋەتمەڭلار دەيدۇ. — ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ دەيدۇ، — ھازىر سائەت 11 دىن چارەك ئۆتتى. بۇۋاي ئىشخانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن!"

ھىتلېر يەنە بىر قېتىم شۇگېنبېرگ (休根堡) نىڭ قولىنى سىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ مەركىزى پارتىيىسى ۋە باۋارىيە خەلق پارتىيىسى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ پارلامېنت كۆپ سانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئەڭ كەڭرى ئاساسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇگېنبېرگ (休根堡) ئۇنىڭغا، ئۇنداقتا بۇ ئىشنىڭ قانداق بولىشىنى ھىندېنبۇرگ قارار قىلسۇن، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىگە بەلكىم مېيسنېرنىڭ پات-پاتلا قولىدىكى سائەتنى كۆرسەتكەنلىكى سەۋەپ بولدى ھەقچان. ھىتلېرمۇ دەرھال بۇ گەپكە ماقۇل بولىدۇ. شۇ چاغدا گيورىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دەيدۇ: "ئەمسە

www.pidaw.biz

ھەممىمىز تەييارلىنايلى!” شۇنداق قىلىپ ئۇلار قاتارلىشىپ پرېزدېنت كابىنتىغا كىرىدۇ.

ھىندېنبۇرگ ھىتلېرغا ئۆچلىكىدىن ئۇنىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەنلىك قارارىنى ئېلان قىلىشنى مېيسنېرگە تاپشۇرىدۇ. باش مىنىستىرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇنداق مۇئامىلە تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ھىندېنبۇرگ، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت كابىنتىنى تەبرىكلەش سۆزىنىمۇ سۆزلىمەيدۇ. ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسى ۋەزىپىلىرىنىمۇ بايان قىلماي ئىشنى تۈگىتىدۇ. قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرىۋېلىش مۇراسىمى خۇددى مەجبۇرى نىكاھ قىلىنغاندەك بەكلا ئاددى ئۆتىدۇ. ئەمما ھىتلېر تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇنداق بىر پەيتتە ئۆن-تۆنسىز چىقىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە بىر نۇتۇق سۆزلىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەممە ھەيران قالىدۇ. ئۇ، ۋېيمار ئاساسى قانۇنىنى قوغدايمەن دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندىن كېيىن، پارلامېنتتا كۆپسانلىق ئاۋازنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىپ، پرېزدېنتنىڭ جىددى بۇيرۇققا قول قويىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىقتىسادى كرىزىس مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىپ، ياجىئەلىك تالاش-تارتىشلار نەتىجىسىدە پارچىمۇ-پارچە بۆلىنىپ كەتكەن گېرمانىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ سەل تۇرىۋېلىپ ھىندېنبۇرگنىڭ بۇنىڭغا بىرەر ئىپادە بىلدۈرۈشىنى كۈتۈپ باقىدۇ. ئەمما بۇ مارشال خۇددى ئەندى قىسىملار تارقالسا بولىدۇ

دېگەندەك قىياپەتتە، "بۈندىن كېيىنكى ئىشىڭلار ئەپەندىلەر، تەڭرى بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرلەش!"

خانۇسسېپنىنىڭ ئالدىن ئېيتقان پەرىزى، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنىنى پەرەز دېيىشكە بولغىنىدا، ئەمەلگە ئاشقان دېيىشكە بولاتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق ئوقۇمىغان، گۈزەل سەنئەتلەر ئىنىستىتۇتىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، ۋيېننا كوچىلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۇ ئادەم، 1933-يىلى 30-يانۋار كۈنىدە، گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولىۋالدۇ. ھىتلېر كۆڭلى چېچىلغان ھالدا پرىزدېنت كابىنىتىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا خوفماننى كۆردۇ. ئەسلىدە ئۇ خوفماننى قەسەم بېرىش مۇراسىمىنىڭ رەسىمىنى تارتقۇزۇش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭ چوققىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ: "ئاھ تەڭرىم، قارىمامسەن، مەن سېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغىنىمنى. ئەندى بەكلا كېچىكىپ قالدىڭ خوفمان!" ئۇ دەرھال كايسېرخوفقا قايتىپ كېتىشى لازىم بولىۋاتقاچقا، ئاخباراتچىلارغىمۇ بىر نېمە دېيىشكە ۋاقتى بولمايدۇ. ئۇ ماشىنىسىدا تىك تۇرغىنىچە ئۇنى تەبرىكلەشكە كەلگەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇرتلىرى تولا تۇۋلىشىپ ئاۋازلىرىمۇ پۈتۈپ كەتكەن ئىدى.

"بىز ئۇتۇپ چىقتۇق!" ئۇ مېھمان كۈتۈشتە ئۇنى ساقلاپ تۇرغان سىرداشلىرىغا تەنتەنە بىلەن ۋارقىرايدۇ. كىشىلەر غۇژژىتە كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشىدۇ. ئۇ ئەر-ئايال خىزمەتچىلىرى بىلەن، چوڭ كاپىتالىست ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى بىلەن قىزغىن

www.pidaw.biz

قول ئېلىشىپ چىقىدۇ.

خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان باھالاردا بولىدۇ. مۆتىدىل تەرەپتىكى كىشىلەر قورققىنىدىن پۇت-قولىدا جان قالمايدۇ. ئادەتتىكى نېمىسلار بولسا بۇلتۇرقى پارلامېنت قالايماقانچىلىقىغا قارىغاندا ھە نېمە دېگەن بىلەن بۇ قېتىمقىسى نىسبەتەن ياخشىراق دېيىشەتتى. غايىلىق ياشلار، ئىشتىن ئايرىلىپ قالغان كاسىپلار، ئېغىر غەم ئىچىدە قالغان ۋەتەنپەرۋەرلەر، شۇنىڭدەك مىللەتچىلەر بولسا بۇ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ئۇلارنىڭ خىياللىرى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا ئىدى. مىيونخېندا بولسا، ئېگون خانفىستانگىل ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ سىنىپىغا كىرىپ بۇ خەۋەرنى ۋارقىرىغىنىچە ئېلان قىلىدۇ. "كۇرت! — ئۇ بىر دوستىغا قاراپ ۋارقىرايدۇ، — بىز غەلىبە قىلدۇق! بىز ھوقۇقنى قولغا كەلتۈردۇق!" ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا كۇرتنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ. كۇرتمۇ شۇنداقلا بىر كۈلۈپ قويۇپ، "سېنىڭ ئۈچۈن خوشالمەن دوستۇم، مەنمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن بىرى بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلار ئىدىم" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئادولف ھىتلېرنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىغا ھەيران قالغانلار يەنىلا شۇ بېرلىنىدىكى قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر تەرەپتارلىرى ئىدى. بىر قانچە يىل مەبەينىدە ئۇلار بەكلا نامرات تۇرمۇش كۆچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە پايتەخت كوچىلىرىدا ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي دائىم دېگۈدەك فيۇرېرنىڭ

www.pidaw.biz

ئاززۇسىغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. مانا ئەندى، ئۇلارنىڭ غايىلىرىمۇ بىراقلا ئەمەلگە ئاشقان ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ مۇتلەق كۆپ كىشىلەر بۇ ئاخشام مەشئەل كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىدىغانلىقىنى گېزىت خەۋەرلىرىدىنلا خەۋەر تاپىدۇ.

ھەر بىر بەستلىك ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار رەسمى ئۇنفورمىلىرىنى كىيىشىپ كوچىغا چىقىدۇ. خېلى كۆپ كىشىلەر بۈگۈن يەنە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان بولدى دەپ قاراشقان بولسىمۇ، ئۇلار ساقچىلارنىڭمۇ خوشال، چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەيدىسىگە كىرىست بەلگىلىك ئىزنەكلەرنى تاقاپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەتىرىتىدىكىلەر مەشئەل كۆتۈرۈشۈپ گۈگۈم ۋاقتىدىن باشلاپلا تىيوگادىن (提埃加登) دىن يولغا چىقىپ، قەدەملىرىنى ئوركىسترانىڭ ھەربى مارشقا تەڭكەش قىلىپ ئىنتايىن رەتلىك شەكىلدە قاتارلىشىپ براندىنبۇرگ (布兰登堡) دەرۋازىسىدىن ئۆتىدۇ. مىڭلىغان دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە، ئۇلار «ئىسار ئورمىنى» مارشى بىلەن باشقا مارشلارنى ئېيتقىنىچە رەتلىك شەكىلدە ۋىلھېلم چوڭ يولىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ھىندېنبۇرگقا سالام كەلتۈرۈشىدۇ. ھىندېنبۇرگ پىرىزدېنت مەھكىمىسىنىڭ دېرىزىدە نامايىشچىلارنى كۈزەتمەكتە ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن، نامايىشچىلار ھىتلېر تۇرغان پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا

www.pdaily.biz

سالام بېرىشىدۇ. ھىتلېر باش مىنىستىر مەھكىمە بىناسىنىڭ بىر دېرىزىسىدە تۇرغىنىچە قاتتىق ھاياجان ئىچىدە مەشئەلچىلەرنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

ۋىلھېلم كوچىسىنىڭ ئىككى ياققىسىدىكى دەرەخلەر دەرەخقە يامىشىۋالغان باللار بىلەن تولغان ئىدى. ئۇششاق باللارمۇ خۇددى ئۆزىنى تاللىرىدەك تۆمۈر رىشاتكىلارغا يامىشىپ چىقىۋېلىشقان ئىدى. بۇ قەھرىتان سوغۇق كېچىدە، مەشئەل يالقۇنى پۈتۈن كېچە قاراڭغۇلۇقنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانغا سالاتتى. بارابان ئاۋازلىرىمۇ قولاقنى يارغىدەك ياڭرايتتى. قىزغىن مەنزىرە بارغانسېرى يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستا ئارتىس بولغان گىيوبېلس تەرىپىدىن ئالدىن رېپىتىس قىلىپ ئوينالغان ئويۇنلار ئىدى. ھەتتا ھىتلېرمۇ ھەيران بولۇپ يېنىدىكىلەردىن سورايدۇ: "قىسقىغىنە بىر قانچە سائەت ئىچىدە ئۇ ئون مىڭلارچە مەشئەلنى نەدىنمۇ تاپقاندۇ؟" ئۇ پاكار بويلۇق دوكتور يەنە رادىئو ئىستانسىسىنىمۇ تېزگىنلىۋالغان ئىدى. ئۇ نەق مەيدان ئاڭلىتىشى ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ مەشئەل نامايىش مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرماقتا ئىدى.

پاپېن ھىتلېرنىڭ كەينىدە تۇرغىنىچە بۇ مەشئەل نامايىشىنى كۆزىتىدۇ. ئۇ، بۇ نامايىشچىلارنىڭ ھىندېنبۇرگ تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بېرىشىدە، ھىتلېر بار پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە بولسا ئۆزىنى

www.pidaily.biz

تۇتىۋالالمىغــان ھالــدا تەنــتەنە قىلىــپ كېتىشــكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. "ئوتتۇردىكى پەرق ھەقىقەتەنمۇ بەكلا روشەن ئىدى، بۇ خۇددى ئۆلۈۋاتقان ھۆكمىرانلىقتىن يەپ-يېڭى ئىنقىلابىي كۈچكە قاراپ ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان بىر مەنزىرىنىي ئەسلىتەتتى. ... بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئاجايىپ بىر تەسىرات ئىدى. بۇ يەردە مەڭگۈ توختىمايــدىغان غــالىبىيەت ئــالقىش ســادالىرى ياڭرىماقتــا، 'تەبرىكلەيمىز! تەبرىكلەر! غالىبىيەتنى تەبرىكلەيمىز!' دېگەن ســـــادالار مېنـــــى ئاگاھلانـــــدۇرۇپ قۇلىقىمنىـــــڭ تۈۋىـــــدىلا جاراڭلاۋاتقانــدەك قىلاتتــى." ھىتلېــر بۇرۇلــۇپ پــاپېن بىــلەن پاراڭلاشــقىنىدا، ئــاۋازى بوغۇلــۇپ قېلىۋاتــاتتى. "ۋون پــاپېن ئەپەندىم، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ۋەزىپە نېمە دېگەن قىيىن بىر ۋەزىــپە-ھە! مەقسەتكە يەتمىــگەچە ھەرگىــز بىــر-بىرىمىــزدىن ئايرىلمايلى."

كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان شۇ كېچىسى، ئادۋوكات خانس فرانكمۇ ھىتلېرنىڭ كەينىدە تۇراتتى. "تەڭرىگە مەلۇمكى، شۇ كۈنى مېنىڭ قەلبىم ھەقىقەتەنمۇ ساپ ئىدى. — دەيدۇ فرانك كېيىن دارغا ئېسىلىشتىن سەل ئاۋال، — ئەگەر شۇ كۈنى بىرەرسى قوپۇپ بىزگە كەلگۈسىدە قايسى تۈردىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئېيتىپ بەرسە ئىدى، شۇ پەيتتە ئۇنداق گەپلەرگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولار ئىدى. ئۇنداق گەپلەرگە ئەڭ بالىدى بىلەن ئىشەنمەيدىغانلاردىن بىرى دەل مەن ئىدىم. شۇ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ پارلاق، ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك بىر كۈن ئىدى." دېرىنىڭ پەس تەرىپىدە غەلىبىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر

www.pidaiy.biz

خوشال بولغىنىدىن هاياجانلىنىپ يېشىنىمۇ تۇتۇۋالمىغان ئىدى. "ھەممە كىشى ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى: ھەممە كىشى كەلگۈسىمىز پارلاق دەپ ئويلايتتى. ــ دەيدۇ ئىلگىرى سىدنىس (斯登尼斯) بىلەن بىرلىكتە توپلاڭغا قاتناشقان قوڭۇر كۆڭلەكلىك بىرسى ئۆز ئەسلىمىسىدە، ــ "شۇ پەيتتە، تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىمكانىيىتى يوق. ئەمما ئۇلار چوقۇم ياخشى بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. ئۇلار باشقىلاتتىن ئۈمىدۋار ھالغا كەلگەن ئىدى. مېنىڭچە بولغاندا، گېرمانىيە خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش بىرگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ بەخش ئېتەلەيدىغان باشقا بىرسىنى ئوتتۇرغا چىقىرالمايتتى."

"ئۇ ئاخشىمىقى غەلىتە تۈيغۇلىرىمىدىن بەزىلىرى تا بۈگۈنگىچە ماڭا ھەمرا بولۇپ كەلمەكتە. ــ دەپ يازىدۇ شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە نامايىشقا قاتناشقان مېلىنا ماشمان (梅丽达•玛希曼)، ــ شۇ كۈنىدىكى ئاجايىپ ئاياق تاۋۇشلىرى، قارا ـ قىزىل رەڭلەردىكى بايراقلاردىن شەكىللەنگەن ھەشەمەتلىك مەنزىرىلەر، كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدىن ئەكس ئېتىۋاتقان مەشئەل جىلۋىسى، شۇ ۋاقىتتا نېمە دېگەن ھاياجانلىق، نېمە دېگەن سەمىمى كۆرۈنۈشلەر ئىدى ـ ھە! ئەمما بۈگۈن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ئۇ كۆرۈنۈشلەر ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ناخشا سادالىرى ئىكەنىدۇق. ..." مۇتلەق كۆپ ساندىكى چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر بۇ ئەھۋالنى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، دەپ قاراشقان ئىدى. "ئوت دەرياسى فرانسىيە

باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئېقىن بولۇپ ئۆتىۋاتقىنىدا، ــ دەپ يازىدۇ فرانسىيە باش ئەلچىسى فرانسىۋا بېنىس (弗朗斯瓦•本塞)، ــ مەن ئىنتايىن ئېغىر غەم ۋە قورقۇنۇشلۇق سەزگۈلەر ئىچىدە بۇ ئوت يالقۇنىنى كۆزەتكەن ئىدىم.”

شۇ كېچىسى، ھېس، گېيورىڭ، گېيوبېلس، روم ۋە فرانك قاتارلىقلار ھىتلېر بىلەن بىرگە كېچىك بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ كېچىلىك تاماققا ئولتۇرۇشقان ئىدى. ھىتلېر توختىماي سۆزلەيتتى. “بۈگۈن بىر قىسىم چەتئەللىك كىشىلەر مېنى ‘خرىستوسقا قارشى’ تۇردى دېيىشمەكتە. ئەسلىدە، مېنىڭ بىردىن-بىر قارشى تۇرىدىغان ئادىمىم لېنىن. ــ دەيدۇ فرانكىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھىندېنبۇرگنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ كېلىشنى ئويلايدىكەن. ــ بۈگۈن مەن ئۇنىڭغا، بۈگۈن مەن باش مىنىستىر بولسامۇ سىز مېنىڭ قەلبىمدە خۇددى بۇرۇنقىدەكلا بىر قەھرىمان ھېسابلىنىسىز. مەن سىزنىڭ ئەسكىرىڭىز بولغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا سىزگە سادىق بولىمەن، دېدىم. بوۋاي بۇ گېپىمدىن بەكلا خوشال بولۇپ كەتتى، دەيدۇ. ئۇ تىنىماي سۆزلەيتتى. ئۇ گەپنى بىراقلا كوممۇنىزم تەرەپكە بۇرىدى. “بۈگۈن، ‘قىزىل بېرلىن’ دېگەنگە خاتىمە بېرىلگەن كۈن. كىشىلەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە باشقا چىقىش يولى تاپالمىغىنىدىلا ئاندىن ‘قىزىل’ لىشىش يولىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۆزلىرىنى ئادەتتە بىز خەلقنىڭ ھىمايىچىلىرىمىز، دېيىشىۋالغان كىشىلەر يەنە كېلىپ خەلققە

www.pdaily.biz

ئەڭ بەك ئەدەپسىز مۇئامىلىدە بولىدىغانلاردۇر. خەلقنىڭ
ھېسسىياتى خېلى كۆپ جەھەتلەردە ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىغا
ئوخشاپ كېتىدۇ. — كۆپچىلىك سىرتقا چىقىپ گۈللۈكتە
كېتىۋاتقىنىدىمۇ ھىتلېرنىڭ ئاغزى بېسىقمىغان ئىدى. — بۇ
باش مىنىستىر مەھكىمىسى، — دەيدۇ ھىتلېر، — خۇددى بىر
پۇرو تاماكا قۇتىسىغىلا ئوخشاپ قالغان. مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن
قەتئىي ماس كەلمەيدىكەن. بىز بۇ يەرنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ
چىقىشىمىز كېرەك.»

شۇ ئاخشىمى، ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ كەتكەن
گيوبېلس مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر
چۈشكە ئوخشايتتى. ... خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا بىر كۈن.
... يېڭى ئىمپېرىيە دۇنياغا كەلدى. 14 يىللىق تىرىشچانلىق
ئاخىرى ئۆز مېۋىسىنى بەردى. گېرمانىيە ئىنقىلابى رەسمىي
باشلاندى!» شۇ كۈنى ئاخشىمى، بۇ نوقتىنى گېرمان خەلقى
ئارىسىدا بەكلا ئاز كىشىلەر ھېس قىلالىغان ئىدى. بەلكىم
ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ھىنرىك
خىننو () بىر ئەسىردەك ۋاقىت بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان ئالدىن
پەرەز خاراكتېرلىك مۇنۇ گەپلەرنى بەلكىم ھېچكىممۇ ئېسىگە
كەلتۈرەلمىگەن بولسا كېرەك؟ «گېرمانىيىدە ياڭرايدىغان
گۈلدۈرماما ساداسى ھەقىقىي گېرمانلارنىڭ ساداسى بولۇپ
قالىدۇ. بۇ سادانىڭ ياڭرىشى ئۈچۈن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.
ئەمما ئۇ سادا چوقۇم پارتىلاپ چىقىدۇ؛ بۇ گۈلدۈرماما ئاۋازى
ياڭرىغان ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ كۈچى مىسلىسىز بولۇپ، خۇددى

تارىختا پەقەتلا ئاڭلىنىپ باقمىغان بىر ئاۋازغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق بىر پەيىت چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ... شۇ چاغدا ئوينىلىدىغان بىر مەيدان فرانسىيە ئويۇنىنى كىچىك بىر مىسىرالىق ئويۇن ئورنىغىلا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ... بۇنىڭدىن گۇمان قىلىش ھاجەتسىز؛ بۇنداق بىر پەيىت چوقۇم كېلىدۇ.”

www.pidaiy.biz

## ئون بىرىنچى باب

# ئۇلىنى چىڭىتىش

1934.6~1933.2

“مەيلى بىر مىللەت ياكى بىر ئايال بولىشىدىن قەتئىي نەزەر،
ئۇلارنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشى ھەرگىز كەچۈرۈلمەيدۇ.
چۈنكى، ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كېلىدىغان ئاپەتتە ئۇلار يەر
بىلەن يەكسان قىلىنىپ، باشقىلار تەرىپىدىن تولۇق ئىگەللەپ
ئېلىنىدۇ.”

ــ كارل ماركس

## (1)

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، گېيوبېلس خانىم ھىتلېرنى تەبرىكلەپ گۈل سوغا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھىتلېر مېھمان كۈتۈش ياتىقىدا پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تەنتەنىلىك بىلەن گۈلنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. “بۇ ماڭا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق گۈل سوۋغىسى. سىز مېنى تەبرىكلىگەن تۇنجى ئايال كىشى ھېسابلىنىسىز.” ئۇ ھاياجاندىن كېكەچلەپلا قالىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئۆز دېيىشى بويىچە، ئاغزىنى گەپ كەلمەي كېكەچلەپلا قالغانمىش. سەل تۇرىۋالغاندىن

www.pidaiy.biz

كېيىن، ئۇ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك قىلىپ "مانا ئەندى كىشىلەر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇئاۋىنلىق ئورنىنى رەت قىلغانلىقىمنى چۈشەنگەن بولىشى كېرەك. ئۆزۈڭدىن بۇيان، ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرىمۇ مېنى چۈشىنەلمەي كەلگەن ئىدى." ئۇ خېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن دەرھال ئىشىككە قاراپ ماڭىدۇ. گىيوبېلس خانىم ئۇنىڭ "شۇنداق، مەن بىر ئاز يالغۇز قېلىشنى خالاۋاتىمەن" دېگىنىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ.

ئۇ، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھادىسىلارنى مۇقەررەر بىر تەغدىر، بۇرۇندىن بەلگىلىنىپ بولغان يولدا تاشلانغان بىر قەدەم، دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ھوقۇقنى تۇتقازغان كىشىلەر بولسا ھىتلېر ئۆلارنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس دەپ قارىشاتتى. ئالايلۇق، پاپېن ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇنداق دەپ پو ئاتىدۇ: "بۇ ئادەم، بىز كىرالىۋالغان ئادەمدىن باشقابىرسى ئەمەس." ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزىنى ماختاپ يۈرىدىغان دوستلىرىغا، ـــ سىلەر مەندىن يەنە نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ ھىندېنبۇرگ ماڭا قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئىككى ئايغا قالماي بىز ھىتلېرنى بىر بۇلۇڭغا قىستاپ قويالايمىز. شۇ چاغدا ئۇ ھەر قانچە تېپىرلىسىمۇ كارغا كەلمەيدۇ!" دەپ كۆرەڭلەيدۇ.

پاپېن ۋەكىللىك قىلىۋاتقان پومېشچىكلار بولسا بىز بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى سېتىۋالدۇق دېيىشمەكتە ئىدى. ئەمما ھىتلېر ھەرگىزمۇ ئۆلارنىڭ قولىدا ئويۇنچاق بولۇشقا ماقۇل دەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال تۇتۇش



www.pdaily.biz

قىلىپ مۇستەبىتلىك ئۇچۇن ئۇل ھازىرلاش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئاۋال مەركىزى پارتىيىسى ئوتتۇرغا قويغان بىر قاتار مەسىلە ۋە تەلەپلەرنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. ھىتلېر، بىزنىڭ بۇ پارتىيە بىلەن كېلىشىمگە كېلىش پائالىيىتىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، شۇڭا يېڭىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش بەكلا مۇھىم بولماقتا، دەيدۇ. كەينىدىنلا پاپېننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھىندېنبۇرگقا پارلامېنتنى تارقاتقۇزىۋېتىدۇ.

دەسلەپتە يولغان قويۇلغان ئۇ ئىشلارنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇرجۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدار گېزىتلىرىنىڭ باش ماقالىلىرى بۇنداق ئىنقىلابى ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا پەرەز قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھىتلېرنىڭ ھۆكۈمەت كابېنتىدا بەك بولۇپ كەتسە ئىككى نەپەر ناتسىست كۆپەيتىۋېلىشىدىن باشقا ھېچ قانچە بىر ئۆزگىرىش قىلالىغىنى يوق، دەپ يازىدۇ. ئارىدىن 48 سائەت ئۆتمەيلا يەنە باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يېزىشىدۇ: "روشەنكى، ھۆكۈمەت شۇگېنبېرگنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلماقتا." بۇنىڭدىن سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرنىڭمۇ بىرەر غەيرىلىك ھېس قىلمىغانلىقىنى كۆرستەتتى. كىشىلەر ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم پارلامېنتتا ئۇچتە ئىككىدىن ئارتۇق كۆپ سانلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋېيمار ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەپ ئىشىنەتتى.

«نيويورك ۋاقتى» گېزىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان

www.pidaiy.biz

قاراشتا ئىدى: "ھۆكۈمەت كابىنىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ھىتلېر ئۈچۈن قىلچىمۇ بوش ئورۇن قويمىدى، ئەندى ئۇ مۇستەبىت بولۇش ئۈچۈن پۇرسەت كەلدى دەپ خوشاللىنالمايدۇ" دەپ يازىدۇ. ئەنگلىيە باش ئەلچىسىمۇ يوللىغان دوكلاتىدا "ئومۇملىق جەھەتتىن ئالغاندا، مەتبۇئات ساھەسى ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق سوغۇققانلىق پوزىتسىيىدە بولماقتا، ئەمما جامائەتچىلىك بۇ خەۋەرگە قارىتا بەك قىزغىن ئىنكاس قايتۇرالمىدى" دەپ يازىدۇ.

بۇ تۈر كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ھىتلېرنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ، دەپ كاپالەت بېرىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، ھىتلېر 1-فېۋرالدا سايلىغۇچىلىرىغا رادىئو نۇتقى سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا بىر مۇنچە كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئەمما بەكلا مۇتەئەسسىپ سۆزلىرىنىڭ تېگىدە ئىنقىلابى مەقسەتلىرىنى يوشۇرۇپ بولسىمۇ ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇ رادىئو نۇتقىدا ئېنىق قىلىپ: مېنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدىم، بۇرۇنقى ئىسىل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا يەھۇدىيلارنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانى ھەققىدە پەقەتلا گەپ قىلمىغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئادەتتىكى پۇخرالارغا زىيان كەلتۈرگىدەك ياكى ئۇلارنى ئۈركىتىپ قورقۇتقىدەك بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ئىدى.

ھىتلېر رادىئو نۇتقىنى سۆزلەۋاتقان مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ

www.pdaily.biz

بېرلىندا تۇرۇشلۇق ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى مەلۇم بىر ئادەم بىلەن بىرگە كەچلىك زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇ كىشى، بۇرۇن ھىتلېرنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەمدە بولغان ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ كاتتىۋېشى ھىجالمار شاچىت ( 赫加尔玛•沙希特 Hjalmar Schacht) دېگەن بىرسى بولۇپ، بۇ ئادەم خالىغان بىر ئادەمنى پادىشاھ تەختىگە ئولتارغۇزالىغىدەك كۈچكە ئىگە بىرسى ئىدى.

شاچىت بۇ ئامېرىكىلىققا سىرىنى ئاشكارىلاپ، مەن ھىتلېر سۇلالىسىنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادى مەسلىھەتچىسىمەن؛ ناتىسىتلار "ئۆزلىرىنىڭ ئۇ مەشھۇر دەبدەبىلىك ئىسلاھاتىنى ھەرگىزمۇ يولغا قويالمايدۇ. شۇڭا، "بارلىق چوڭ سودىگەرلەر بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھېچ قانداق بىر ئىشقا كىرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بۇ ھۆكۈمەتكە ئىچىنماقتا" دەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر سۆز بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ سۆز ھىتلېرنىڭ سانائەتچىلەر بىلەن ئارمىيىنىڭ قوللىشى بولماي تۇرۇپ باش مىنىستىر بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر كارل دۆنىتز (Karl Dönitz 卡尔•多尼茨) (دېڭىز ئارمىيىسى ئىچىدە يوقۇرى كۆتۈرلۈپ كېلىۋاتقان ئىستىقباللىق بىر ياش) نىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلسىمۇ، ئۇلار ھىتلېر بىلەن قىزىللار ئوتتۇرسىدىن بىرىنى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرستەتتى.

www.pidaw.biz

ئارمىيە تەرەپنىڭ ھىتلېرنى قوللىشىدىكى سەۋەپ، خۇددى سانائەتچىلەرگە ئوخشاش ئۆز مەنپەتىنى كۆزلەشىنىلا مەقسەت قىلغانلىقى ئىدى. بۇ تەرىپىنى ھىتلېرمۇ ئېنىق بىلەتتى. ھىتلېر گېنېراللارنى ئۇنچە بەك ۋاي دەپ كەتمەيتتى. ھىتلېر خېلى كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا مۇنداق دەپ ئېتراپ قىلىدۇ: "مەن باش مىنىستىر بولۇشتىن ئاۋال باش قۇماندانلىق شتاۋىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا قاۋان ئىتقا ئوخشايدىغان ھەممە ئادەمگە خىرىس قىلىپ يۈرىدىغان كىشىلەر، شۇڭا ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ يېتىلەپ يۈرۈش كېرەك، دەپ قارايتتىم." شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، بۈگۈنگە كەلگىچە ئۇنىڭ گېنېراللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادىلا ياخشى بولمايدۇ. ميونخېندىكى ۋاقىتىدا لوسسوۋ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان ئىدى؛ شلېيچېر بولسا ئۇنىڭ باش مىنىستىر بولىشىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان. ئەندىلىكتە بولسا، ئۇ ھوقۇقنى قولغا ئالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئامالالار بىلەن ئارمىيە تەرەپ بىلەن يارىشىشقا، ئۇلارنى گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرشقا نىيەت باغلايدۇ.

ھىتلېر باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى، بىرىنچى قەدەملىك پىلانىنى ئىشقا كىرىشتىرىدۇ: ئۇ گېنېرال ۋون خېلمېت ستالھېلم (Helmet Stahlhelm 冯•哈麦•施坦因) نىڭ ئۆيىدىكى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ (ئەسلىدە بۇ گېنېرالمۇ بۇرۇن ناتسىستلارنى ئاشكارە تۈردە كۆزگە ئىلماي كەلگەن بىرسى ئىدى). بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەت يېگىدىن دۆلەت

www.pidaiy.biz

مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋېرنېر ۋون بلومبېرگ (Werner fon Blomberg 冯•勃洛姆堡) تەرىپىدىن فىيۇرېرنى ھەربىلەر ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر زىياپەت ئىدى. زىياپەت ئاخىرىدا ھىتلېر ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلدى. ھىتلېر دەسلىۋىدە بۇ كىشىلەر ئارىسىدا سەل ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇپ گېپىنى يۇمشىتىپ قىلدى. ئۇ ئاۋال دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلدى. ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى ھەرگىزمۇ ئېكسپورتنى كۈچەيتىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى پۈتۈن دۇنيا ئومۇمي يۈزلۈك ئىشلەپ چىقىرىش ئېشىپ كەتكەن، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى خېرىدارلىرى ئۆز بازارلىرىنى تەرەققى قىلدۇرىۋالغان بولغاچقا، ئىشسىزلىك بىلەن ئىقتىسادى چېكىنىش تاكى گېرمانىيە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كۈنگىچە ئېزچىل داۋاملىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرغا قويدى.

زالدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكلا قايىل بولدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ئولتۇرغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، تېنچلىقپەرۋەرلىك، ماركسىزم ۋە شۇنىڭدەك “خۇددى راك كېسىلىدەك يامراپ كېتىۋاتقان دېموكراتىيە” چوقۇم تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىشى كېرەك؛ گېرمانىيە گۈللىنىشكە مۇھتاج، بۇ جەرياندا قايتىدىن قۇراللىنىش بىرىنچى ئورۇندا

www.pidaiy.biz

تۇرىدىغان ۋەزىپە بولىشى كېرەك؛ ۋەتىنىمىز قايتىدىن روناق تاپماقچى بولىدىكەن، "چوقۇم شەرقتىكى تۇپراقلارنى بويسۇندۇرۇشى، شۇنىڭدەك ئۇ يەرلەرنى قىلچە رەھىم قىلماي نېمىسلاشتۇرۇشى شەرت." كەلگۈسى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ لايىھىسىدىن كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھىتلېر مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ: سىلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىدىن ھەرگىز غەم قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توپىلاڭلارنى ھەربى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇش نىيىتىم يوق؛ بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ھەربى قىسىملار "ئۆزىنىڭ ئاساسلىق غايىسى بولغان تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا ۋەتەننى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ مەشقنى كۈچەيتىسلا بولىدۇ" دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئېس-ئاچىلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ۋەتىنىمىزدە پەقەت ئارمىيىنىڭلا قورال تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەيدىغان پرىنسىپ قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دەپ كاپالەت بېرىدۇ.

دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى ئېرىچ رايدېر (Erich Raeder 埃里希•雷德尔) ھىتلېردىن بەكلا مەمنۇن بولىدۇ. ئۇ، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىدەك ئويلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما فرىدرىچ فروم (Friedrich Fromm 弗雷德里希•弗洛姆) بىلەن ۋېرنېر ۋون فرىتش (von Werner 瓦尔纳•冯•弗立契 Fritsch) قاتارىدىكى گېنېراللار بوي سۇندۇرۇش دېگەن بۇ سۆزدىن ئۈركۈپ كەتكەن بولسا، مارشال ۋىلھېلم رىتتېر ۋون لېب (Whlhelm Ritter von Leeb 里特•冯•李勃) ھىتلېر

www.pidaiy.biz

بىزنى سېتىۋالماقچى، دەپ قارايدۇ. “كېيىن ئۇ مازاق قىلغان ھالدا “ئەگەر مال ئىگىسى ئۆز مېلىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنسە ئىدى، مېلىنى ماختاپ ۋارقىراپ يۈرمىگەن بولاتتى” دەيدۇ.

گەرچە ھەربىلەرنىڭ باھالىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۆزىگە ئەگىشىدىغان يېڭى كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. يەنى بۇ يېڭى ھۆكۈمەت ھەربىي دىكتاتۇرلۇق تىكلەپ، خانلىق تۈزۈمنى قايتا تىكلەپ چىقىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى يولغا قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ئىسلاھات قىلىشىنى ماقۇللاشسا؛ نۇرغۇنلىغان قورقۇنچاق كىشىلەر مارشال ۋون ھىندېنبۇرگقا بولغان ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

ھىتلېر بۇرۇن كۆزگە ئىلمىغان، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن جىددىي ھالەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ “گېرمانىيە خەلقىنى قوغداش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ” دېگەننى باھانە قىلىپ، “سىياسىي يىغىلىشلار بىلەن تەشۋىقات ئەپكارلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەش” دەيدىغان بىر بۇيرۇقنى ماقۇللاتقۇزىۋالىدۇ. مەيلى پاپېن ياكى باشقا كابىنېت ئەزالىرى ھىتلېرنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا پەقەتلا نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى بىردەك پىكىر بىرلىكى ئالدىدا ھىندېنبۇرگمۇ ئامالسىز كۆنۈپ بۇ بۇيرۇقنى تەستىقلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە بىر جىددىي ھالەت قانۇنىنىمۇ ماقۇللىتىۋالىدۇ، يەنى پروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقىنىڭ ئورنىغا ئۆز نامزاتىغا ئالماشتۇرىۋالىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭغا نارازىلىق

بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى بەكلا قايىل قىلىق بىر جاۋاب ئىدى. يەنى يېڭىدىن پروسىيە باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن پاپېن، يېڭىدىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگە گىيورىڭنى باشقۇرۇپ كېتەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن دەپ ئىشەندۈردى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا، شۇ ئارقىلىق ھىتلېر مۇستەبىتلىك يولىغا قاراپ ماڭغان يولىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنىمۇ پۈتتۈرىۋالغان ئىدى.

گېرمانىيىدە يېڭىدىن يوقۇرى بىر تەبىقە كىشىلەر ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. ھامبۇرگ رايونىنىڭ باشلىقى ئەنە شۇنداق يېڭى تەبىقىنىڭ بىر مەھسۇلى ھېسابلىناتتى. يەنى ئۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدىن بىر كېچىدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان مىڭلارچە يېڭى يوقۇرى تەبىقە كىشىلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار، ئادۋوكاتلار ۋە سودىگەرلەرمۇ دۆلەت رەھبىرى بولالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ سىياسى جەھەتتە شۇنچىۋالا تېز يۈكسىلىپ يوقۇرى ئەمەلدارلار قاتلىمىغا كىرىپ كېلىشى بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا كونا ناتسىست جەڭچىلىرى، ھىتلېر بىلەن پارتىيىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ تۈر نامرات كىشىلەر ساداقىتىنىڭ ھوسۇلىنى ئالغان ئىدى.

ئەسلىدە، ھىتلېرگە ئوخشاش بىرسىنىڭ ئۆزىنى پارتىيە

داھىسى دەپ تونۇپ، ئاخىرى پۈتۈن تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ باش مىنىستىرلىك ئورنىغا ئېرىشەلىگەنلىكىمۇ بۇرۇن گېرمانىيىدە زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال دېيىش مۇمكىن. ناتسىستلار پارتىيىسىگە كەلسەك، ئۇلاردىكى ئەھۋال باشقا ئىدى. يەنى، ئۇلار ماگنېتتەك جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، شۇنىڭدەك ھوقۇققا ۋە ئورۇنغا ئېرىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىغا تايىنىپ بۇ مەقسەتكە قاراپ پۈختا قەدەملەر بىلەن ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تۇغرا، بۇ تۈردىكى يېڭىچە ئاق سۆڭەكلەر شۇ يەرنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن مىللىي سوتسىيالىزم ئىنقىلابى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەت مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئۆزگىچە تەغدىرى، لىبراللارنىڭ ۋە سولچىلارنىڭ قالايماقانچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىدىن بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قانات يايدۇرالىغان ئىدى.

ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى كېلەڭسىز شەكىلدە يېزا-شەھەرلەر ۋە شتاتلاردىكى ئورگانلارنى تەشكىللەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇلارنىڭ فيۇرېرى مەغلۇب قىلىنغان رىقابەتچىلىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ ئادەم ئادەتتىكى پۇخرالار ئالدىدا بەكلا كىچىك پېيىل، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ۋەيرانە قىياپىتىنى ئىپادىلەيتتى. دەسلىۋىدە، ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى ئىپادىلىرىنى بىر تۈرلۈك ئاجىزلىق دەپ قاراشقان ئىدى. ئەمما، ئۇزۇنغا قالماي، بۇ ئادەم ئۆزىنى مەڭسىتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ

www.pidaiy.biz

ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. "ھۆكۈمەت كابىنېت يىغىنىدا كىشىلەر
ئۇنىڭ بۇ تۈر خاراكتېرىگە قايىل بولماي تۇرالمايتتى. — دەيدۇ
رودىز (罗德兹) تەتقىقاتچى ئالىمى بولغان مالىيە مىنىستىرى
گېرتسوگ لۇتز شۋېلىن ۋون كروشگېت
(卢茨•施威灵•冯•克洛西格特公爵) ئەسلەپ كېلىپ، — بۇ
ئادەم خۇددى يالقۇنلۇق ھاياجان ئىچىدە بارلىق
مۇھاكىمىچىلارنى تىزگىنىدە تۇتالايتتى: ئۇنىڭ زېھنى بەكلا
كۈچلۈك بولۇپ، مۇھاكىمە جەريانىدا سورالغان ئەڭ بۇرۇنقى
مەسىلىلەرگىمۇ تۈپ-توغرا جاۋاپلارنى بېرەلەيتتى؛ ئۇ، مۇھاكىمە
يىغىنلىرىدا بەكلا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىپ
ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ زېھنى بەكلا ئوچۇق بولۇپ، ئەڭ مۇرەككەپ
مەسىلىلەرنىمۇ ئاددى بىر فورمىلا ھالىغا، يەنى بەزىدە بەكلا
ئاددى فورمۇلا ھالىغا كەلتۈرەلەيتتى؛ ئۇنىڭدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا
سوزۇلۇپ كەتكەن مۇھاكىمىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ
خۇلاسىلاشتەك قابىلىيەت بار ئىدى؛ شۇنىڭدەك بىر قىسىم
ھەممىگە مەلۇم بولغان، ئۇزۇن مەزگىل مۇھاكىمە قىلىنغان ئەمما
ھېچ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن مەسىلىلەرنىمۇ يېڭىچە بىر
نوقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىشتەك ئەقلى قابىلىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى."

شۋېلىن ۋون كروشگېت (施威灵•冯•克洛西格特) بىلەن
باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇنچە كۈچلۈك ئىقتىدارلىق بىر
ئادەم بىلەن زادىلا ئۇچرىشىپ باقمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسىلا ئۇنىڭغا تولۇق قايىل بولىشاتتى. بۇنىڭدىن ھەيران
قالغىدەك بىر يېرى يوق. ئەينى ۋاقىتتىكى «كۆزەتكۈچىلەر

www.pdaily.biz

رەسىملىك ژۇرنىلى» دا بىر پارچە كارىكاتۇر بېسىلغان بولۇپ، بۇ ھەجۋى رەسىم ئۇنىڭ ئەمەلدارلار تەبىقىسى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئەندى ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق رەتسىز كىيىنگەن، پۈرلىشىپ كەتكەن ھەربىي پەلتۇ كىيىپ يۈرىدىغان، قولىغا بىر قامچا ئېلىپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئەندى ئۇ، كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، تولۇق ئىشەنچلىك، ئۇچىسىغىمۇ ئەڭ ئىسىل رەختتىلەردىن يارىشىملىق تىكىلگەن لىغىرلاپ تۇرىدىغان پەلتو كەيگەن بىرسى، يەنى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر سىموۋۇل ھالىغا كەلگەن ئىدى.

## (2)

گەرچە ئۇ غالىپ چىققان، 6 ھەپتىدىن بېرى ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابىنىڭ تەغدىرى تېخىچىلا ئېنىق ئەمەس ئىدى. پروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە تارقىتىۋېتىلگەنلىكى باشقا شىتاتلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغايدۇ. فىۋرالنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، گېيورىڭ پروسىيە ساقچىلىرى ئارىسىدا ھەددىدىن ئارتۇق تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولمىغان كىشلەرنىنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە ساقچى ئەترەتلىرىگە "ھەر قانداق چىقىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئېس-ئېس ئەترىتى، ئېس-ئاچىلار ۋە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيسىگە دۈشمەنلىك ھېسسىياتىدا بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ

ئـورنىنى ئـېلىشقا. چـۈنكى بـۇ تەشـكىللەر ئىچىـدە دۆلەتـكە پايـدىلىق نۇرغۇنلىغـان كىشـلەر بـار. ... شـۇڭا، سـاقچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھەر تۈرلۈك مىللى سوتسىيالىزم تەشۋىقاتىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن تەييار ھالغا كېلىشى كېرەك" دېـگەن بـۇيرۇقنى چۈشىرىدۇ. كەيىنـدىنلا ئـۇ يەنە بىـر ئۇختـۇرۇش چىقىرىـدۇ. بـۇ ئۇختۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى "دۆلەتكە دۈشمەنلىك كۆزىـدە قارايــدىغان ھەر تــۈردىكى تەشـكىلاتلار" غــا قارىتــا ســاقچىلار كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشـى، شـۇنىڭدەك بۇنىـڭ ئۈچـۈن ھەر دائىـم قـۇرال ئىشلىتىشـكە بولىـدىغانلىقى؛ ئەگەر "ۋەزىيەتـنى ئىجرا قىلىشقا سەل قارالغان" تەغدىردە، جازاغا تارتىلىدىغانلىقى تىلغــا ئېلىنغــان ئىــدى. بــۇ دېگەنلىــك، كوممۇنىســتلارغا، ماركسىزمچىلارغا ۋە ئۇلارنىـڭ ھېسداشـچىلىرىغا ئاشـكارە ئـۇرۇش ئېلان قىلغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

خۇددى پرۇسىيىدە بولغىنىـدەك كىچىكىـرەك بولغـان باشـقا 7 شتاتتىمۇ بۇ ئىش يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، نىسبەتەن چـوڭراق بولغان شتاتلار، يەنى مىللـى سوتسـيالىزمنىڭ تۇغۇلغـان يېـرى بولغــان بــاۋارىيىنىمۇ ئــۆز ئىچىــگە ئالغــان شــتاتلار ھىتلېــر ھۆكـۈمىتىگە بـاش ئېگىشـنى رەت قىلىـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن بىـر ۋاقىتتا كوممۇنىستلار يەنە خەلق ئاممىسىنى ناتسىستلارغا قارشـى چىقىشـقا چاقىرىــدۇ. 21ـ فــېۋرال كــۈنى، «قىزىــل ئەســكەرلەر ئىتتىپـاقى» يەنە "يـاش پرولېتارىيـات" لارنــى ئــېس ـ ئېسـچىلار بـىلەن ئـېس ـ ئـاچىلارنى قۇرالسـىزلاندۇرۇش ئۈچـۈن ھەرىكەتـكە ئاتلىنىشقا دەپ كۈشكۈرتۈشكە كىرىشىدۇ: "كەلگۈسـىنىڭ قىزىـل



www.pidaiy.biz

ئارمىيىسىدە، ھەر بىر يولداش كوماندىر ھېسابلىنىدۇ! بۇ بىزنىڭ سوۋېتلېر ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بەرگەن قەسىمىمىز. مەيلى پىلىموت بولسۇن، مەيلى تاپانچا ياكى تۆرمىلەر بىزنىڭجەڭگىۋارلىقىمىزنى سۇندۇرالمايدۇ. بىز ئەتىنىڭ خوجايىنلىرىمىز!" بىر قانچە كۈندىن كېيىن، كومپارتىيىنىڭ كانىيى بولغان «قىزىل دېڭىزچىلار» زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە ئاشكارە تۈردە چاقىرىق قىلىدۇ: "ئىشچى قېرىنداشلار، ئىستىھكاملارنى ئىگەللەڭلار! غەلىبىگە قاراپ ئالغا! قورالىڭلارنى ئوقلاڭلار! گراناتلىرىڭلارنىڭ پىلىكىنى تارتىڭلار!"

بۇ تۈردىكى ئىنقىلابىي شۇئارلار گەرچە پەقەت شۇئاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، گيورىڭ بۇنىڭغا بەكلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، يەنى رەسمىي ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. گيورىڭ 24-فېۋرالدا بېرلىندىكى "كارل لىتوكنىكس بىناسى" (卡尔•李卜克内西) غا ھۇجۇم قىلىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باياناتىدا ساقچىلارنىڭ كومپارتىيە قوزغىلاڭ پىلانىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرۈلدى. 26-فېۋرال ئاخشىمى، خانۇسسېن ئالدىن مۆلچەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب چوقۇم بىر ئۇرۇش ئوت-يالقۇنىنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇ، پايتەختتىكى تەسىر دائىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەربابلار قاتناشقان بىر قېتىملىق داغدۇغىلىق يىغىندا، مەن پىروخ تۇتۇنلىرىنى كۆرمەكتىمەن، ... بۇ ئوت-يالقۇندىن چىقىدىغىنى پەقەت ئالۋاستىلا بولىشى مۇمكىن، ... ئۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا

بېرلىنىدىكى بىر بىنا ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدۇ دەپ ئېلان قىلىندۇ. يىغىنىدىكىلەر ئالدىنقى كۈنى راستىنلا 3 قېتىملىق ھۆكۈمەت بىناسىغا ئوت قويماقچى بولغانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان كىشىلەر، بۇ سۆزلەردىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

ئوت قويغۇچى كىشى 24 ياشلىق بىر گوللانىدىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مالىنۇس ۋار دېر لېببې ( Marinus var der Lebbe 马里努斯•范•德•卢勃) ئىدى. ئۇ كىشى پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىكەن. بۇ ئادەم بەستلىك، ئەمما ھەرىكەتلىرى كالاڭپاي بىرسى بولۇپ، كاپىتالىزمغا نارازىلىقىنى بىنالارغا ئوت قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچە بولغان ئىدى. 4 يىل ئاۋال، كومپارتىيىدىن يىرگىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ، "خەلقئارا كومپارتىيىسى" گە قاتنىشىدۇ. بۇ بىر ۋەيرانە گۇرۇپ بولۇپ، موسكۋانىڭ يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىگە قارشى كىچىك بىر تەشكىلات ئىدى. ئۇ تېخى بىر ھەپتە ئاۋال بېرلىنغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، دەسلىۋىدە بېرلىندا چوقۇم چوڭ بىر ۋەقە پارتىلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسى بىلەن كومپارتىيە ئۇيۇشتۇرغان نامايىشقا قاتناشقاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئىنقىلابى پەقەتلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىرەر ۋەقە پەيدا بولغىنىدىلا ئاندىن پارتىلىشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ لاۋىلداپ يېنىۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا گېرمانىيە خەلقى

قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىدۇ.

3 قېتىملىق ئوت قويۇش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۈمىدىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا ئۇ، دۈشەنبە (باش) كۈنى چۈش ۋاقتىدا، يەنى 27-فېۋرال كۈنىسى، 4 بولاق ئوت قويۇش دورىسىنى ئېلىپ مىلى (米勒) كوچىسىدىكى بىر ماگىزىنغا كىرىدۇ. ئاندىن ئۇ يەردىن پىيادە پارلامېنت سارىيىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى بەكلا ۋەيرانە بولۇپ، كىيگەن ئىشتىنى بەكلا قىسقا، بېشىغا ئىگىز قالپاق كەيگەن ھەقىقەتەنمۇ بىچارە بىر قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم بەكلا چىرايلىق بىزەلگەن، گۈمبەزسى ئەينەك بىلەن قاپلانغان پارلامېنت سارىيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆزىتىشكە كىرىشىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئىشىكى بەكلا ئاز ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ يەردىن كىرىشنى پىلانلايدۇ. ئۇ كۈنى ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ، سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بەدىنىنى ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا كىرىپ يېرىم سائەتتەك ئىسھىنىدۇ. ئاندىن سىرتقا چىقىپ بىر مەزگىل ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئاخشىمى سائەت 9 لاردا پارلامېنت بىناسىغا قايتىپ كېلىدۇ. غەرپ ئىشىكىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىر ئاز كۈتۈپ باققاندىن كېيىن، تامغا يامىشىپ يۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىغا چىقىۋالىدۇ.

ئاخشىمى سائەت 9 يېرىم بولغاندا، ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتىدا

ئوقۇيـدىغان بىـر سـتۇدېنت ئـۆيىگە قـايتىش يولـدا پارلامېنـت بىناسىنىڭ يېنىـدىن ئۆتـۈپ كېتىۋېتىـپ بىنـا ئىچىـدە چېقىلغـان ئەيـنەك ئـاۋازىنى ئاڭلايـدۇ ھەمـدە بىـر كـۆلەڭگىنى كۆرگەنـدەك قىلىدۇ. بۇ سايە قولىغا بىر مەشئەل ئېلىۋالغان ئىـدى. شـۇڭا بـۇ سـتۇدېنت دەرھـال سـاقچىغا مەلـۇم قىلىـش ئۈچـۈن يـۈگرەپ كېتىۋاتقىنىـدا، سـارايىنىڭ غەربـى شـىمال بۇرجىكىـدە بىـر ئـون بېشـى سـاقچىنى ئۇچرىتىـپ ئەھـۋالنى مەلـۇم قىلىـدۇ. بـۇ ئـون بېشـىمۇ چېقىلغـان دېرىـزە ئەيـنەك پـارچىلىرى بىـلەن دېرىـزە ئىچىدە ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ نـېمە قىلارىنـى بىلەلـمەي نەچچە مىنـوت ھاڭۋېقىـپ تـۇرۇپ كېتىـپ ئانـدىن بىرىـپ ئـوت ئۆچـۈرۈش ئەتـرىتىگە خەۋەر قىلىـش ئۈچـۈن چېپىـپ كىتىـدۇ. ئارىـدىن 10 مىنـوتتەك ۋاقىـت ئۆتكەنـدە، دەسـلەپكى پاژارنىـك ئەترىتى يېتىپ كېلىـدۇ. بـۇ چاغـدا، يىغىـن زالـى ئـوت يـالقۇنى ئىچىدە قالغان ئىدى.

خانفىستانگىل بېرلىندىكى ئۆيىدە تۇرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرغـان يېرى دەك پارلامېنت بىناسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىدى. ئەسلىدە ئـۇ كېسـەل بولـۇپ ئـورۇن تۇتـۇپ يېتىـپ قالغـان ئىـدى. بىناغـا قارايـــدىغان بىرســـى ۋارقىـــرىغىنىچە ئۇنىـــڭ ئۇيقىســـىدىن ئويغاندۇرىـــدۇ. شـــۇڭا ئـــۇ تـــۇرۇپ دېرىزىســـىدىن پارلامېنـــت بىناسىدىكى ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ دەرھـال گيوبېلسىنىڭ ئـۆيىگە تېلېفون قىلىدۇ. بۇ چاغدا گيوبېلسىنىڭ ئۆيىـدە زىيـاپەت قاينـاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا گيوبېلس بۇ گەپنى ئـاڭلاپ خانفىسـتانگىل ماڭـا چاخچـاق قىلىۋاتىسـا كېـرەك دەپ چۈشـۈنۈپ قالىـدۇ.

“ئىشەنمىسەڭ ئۆزەڭ كىلىپ كۆر!” دەپ رەنجىگىنىچە تۇرۇپكىنى ئېتىۋېتىدۇ. سەل ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلايدۇ. گىيوبېلس تىلېفون قىلغان ئىدى. “يېڭىراقتا مەن سىنىڭ دېگەنلىرىڭنى فيۇرېرىمىزگە ئېيتتىم. زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟ دەپ سوراپ كەتتى. بۇنداق چاخچاق قىلما.” ئۇ ئىشەنمەي بۇ گەپتىن خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خانفىستانگىلنىڭ جىنىغا تېگىدۇ: “پارلامېنت بىناسى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرمۇ يېتىپ كەلدى” دەپ قايتا ترۇپكىنى ئىتىپ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنىڭ غېمىغا چۈشتى.

هىتلېرمۇ تىئېيگاردىن تەرەپ كۆك يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، “بۇ ئىشنى چوقۇم كوممۇنىستلار قىلغان!” دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئاندىن گىيوبېلس بىلەن بىرگە ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەن نەق مەيدانغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلار نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىچە ئىس-تۈتەك بېسقمىغان بىنا ئىچىدە گىيورىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گىيورىڭ قوڭۇر شەپكىسىنى پىشانىسىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ كىيىۋالغان بولۇپئۇچىسىدا سوكنى پەلتوسى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى بەكلا ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئوت كەتكەن يەرگە كەلەەنلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن بەرگەن بۇيرۇقى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ئىدى: “گىلەملەرنى قۇتقۇزۇڭلار!” دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىدى. ئۇ هىتلېرغا بۇ ئىش چوقۇم كوممۇنىستلارنىڭ قىلغان ئىشى دەيدۇ. “ئوت كېتىشتىن 20

مىنۇت ئاۋال بىر قىسىم كوممۇنىستلار ۋەكىللىرى پارلامېنت بىناسىدا قالغان ئىكەن. مەن ئوت قويغۇچىدىن بىرسىنى قولغا ئالدىم" دەيدۇ. "كىمكەن ئۇ؟" ئالدىراپ سورايدۇ گىيوبېلس. گىيورىنىڭ مەغرۇر ھالدا: "بىز تېخى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، ئەمما خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر نېمىلەرنى يۇلۇپ ئالالايمىز، دوكتور ئەپەندىم" دەيدۇ.

"باشقا جامائەت بىنالىرىدا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟" دەپ سورايدۇ ھىتلېر.

"مەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بولدۇم. بارلىق ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بولدۇم. ھەر بىر بىناغا ئالاھىدە پوستلارنى ئورۇنلاشتۇرىۋەتتىم. ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز."

ئۇلار سۇ كېچىپ كۆيگەن كۆللەرنى دەسسەپ كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن يەرلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاچچىق ئىس پۇرۇقى قاپلاپ كەتكەن بىر زالغا كىرىدۇ. بىر ساقچى قۇرالىنى تۇتقىنىچە ئاسما چىراقلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشىشى مۇمكىن دەپ ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. باش مىنىستىر ھىتلېر بۇ ئوت ئاپىتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇخبىر سېفتون دېلمېرنى تاپىدۇ. "تەڭرى ساقلىسۇن، بۇ ۋەقەنى كومپارتىيە قىلغان بىر رەزىللىك بولۇپ چىققاي. — دەيدۇ بۇ مۇخبىرغا. بۇ مۇخبىر ھىتلېرنىڭ بۇ گېپىنى بىر خىل

www.pdaiy.biz

ئالدىن سىگنال دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېرنىڭ بۇ ئىشنى كىم قىلغانلىقىدىن تېخى تولۇق مەلۇماتى يوقلۇقىنى، پەقەت شۇنداق بولۇپ چىقىشىنىلا ئۈمىد قىلغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىدۇ، — دېلمېر ئەپەندىم، سىز كۆرىۋاتقان بۇ مەنزىرە گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ بىر تارىخى بۇرۇلۇش نوقتىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. دېمەكچىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى بۇ بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. - ئۇ يەردە بىر سۇ خورتۇمىنى دەسسىۋالغان بولسىمۇ دەلدەڭشىمەي مەزمۇت دەسسەپ گېپىنى داۋام قىلىدۇ، — ئەگەر كوممۇنىستلار ياۋروپانى تېزگىنىگە كىرگۈزىۋالغىدەك بولىدىكەن، 6 ئايغا قالماي، ياق مەن نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن، ئىككى ئايغا قالمايلا پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇغلۇقى مانا بۇ بىنا خارابىسىدەك كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.”

ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق يەنە بىر قەۋەتكە چىققىنىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا پايپىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھېلون (赫仑) كلۇبىدا ھىندېنبۇرگقا زىيابەت بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھامان دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۈچىسىغا كۈلرەڭ يىرىك سوكنى پەلتو، بېشىغا قارا رەڭلىك ھانبۇرگ قالپىقى كەيگەن بولۇپ، پاجىئەلىك مەنزىرىگە قاراپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالىدۇ. “بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن بىر ئىشارىتى ئەمەسمۇ ئورۇنباسار باش مىنىستىر ئەپەندىم! - دەيدۇ ھىتلېر يوقۇرى ئاۋازدا، — ئەگەر بۇ ئوت قويۇش ۋەقەسىنى كومپارتىيە پەيدا قىلغانلا بولىدىكەن، ئىشىنىمەنكى

ئۇلاردىن باشقىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ھالدا بىز چوقۇم ئۇ زىيانلىق ھاشارەتلەرنى تۈمۈر مۇشتۇمىمىز بىلەن ئېزىپ تاشلايمىز!" پاپېن، گېيورىڭنىڭ گېلەملەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدۇ. ھىتلېر بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ قانداق تەدبىر قوللىنىش مەسىلىسىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى گېيورىڭنىڭ ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. پاپېنمۇ ئەدەپ بىلەن كەسكىن رەت قىلىپ دەيدۇ: "مەن بۇ ئىش توغرىلىق ئاۋال ھىندېنبۇرگقا مەلۇمات بېرىشىم كېرەك."

بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزگە جەلىپ قىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھىتلېر پارلامېنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بارغاندىن كېيىن مەرمەر رىشاتكىغا مىنگىنىچە تۆۋەندىكى بۇ ئاپەتكە نەزەر سېلىپ، ئوت-يالقۇنغا پۈتۈن زېھنى بىلەن قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا، ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە مۇھىم كادىرلىرى (بېرلىن شەھەر باشلىقى، شاھزادە ئوۋېي 奥威، ساقچى باشلىقى ۋە ئەنگلىيە باش ئەلچىسى قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان كىشى كىرىپ كېلىدۇ. پروسىيە ھۆكۈمىتى ساقچى مۇدىرى رودولف دېرىس (鲁道夫•狄尔斯) فيۇرېر بىلەن گېيورىڭ ئىككىسىگە دوكلات بېرىپ، ئوت قويغۇچىنىڭ بىر گوللاندىيىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ۋار دېر لېببې ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پارلامېنت سارىيى ئىچىدىن تۇتىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئادەم يېرىم يالىڭاچلانغان بولۇپ،

بىر سوراقچى ئۇنىڭدىن "نېمىشكە ئوت قويدۇڭ؟" دەپ سورىغىنىدا، بۇ ئاكتىپ ياش "نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن" دەپ جاۋاب بەرگەن.

گېورىك، بىر تەرەپتىن شۇئار توۋلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇيرۇق قىلىدۇ. "بۇ بىر كوممۇنىستلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ باشلىنىشى. شۇڭا بىر مىنوتمۇ ۋاقىتنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. ..." ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىدۇ: "ئۇلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويىشىمىز كېرەك! كىمكى بىزگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۇنى يوقۇتىشىمىز كېرەك! ـ ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يۈزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، ـــ گېرمانىيە خەلقى ئۇزۇندىن بېرى بەكلا يۇمشاقلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېتىپ تاشلاش كېرەك. ۋەكىل خاراكتېرلىك كومپارتىيىلىكلەرنى بۇ كېچە يىغىپ دارغا ئېسىش كېرەك. كومپارتىيىنىڭ دوستلىرىنى پۈتۈنلەي قاماۋېتىش كېرەك. بۇ تەدبىرلەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگىمۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ قېنىنى شورايدىغان ھاشارەتلەرگىمۇ توغرا كېلىدۇ!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ.

دېرىس (狄尔斯) فيۇرېرگە مۇنداق دەيدۇ: ئوت قويغۇچى ئۆزىنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ئىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىۋالماقتا. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئىقراسى ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنچىلىكتەك قىلىدۇ. يەنى ئۇ ئوت

www.pidaily.biz

قويۇش ۋەقەسىنى يالغۇز پەيدا قىلغان بىر ساراڭ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

“بۇ سۈيىقەستچى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ھىلىگەر بىر نېمە ئىكەن. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پىلانلانغان بىر ۋەقە.” دەيدۇ ھىتلېر سوغوققانلىق بىلەن. كەيندىنلا يولسىزلىق قىلىپ تىللاشقا باشلايدۇ: “بىردىن-بىر ئېھتىماللىق شۇكى، ئۇلار بىزنى قىلچىمۇ نەزىرىگە ئالمىغان. شۇنىڭدەك گېرمانىيە خەلقىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغان. ئۇلار چاشقان تۆشىكىگە كىرىپ يوشۇرۇنىۋالغان بولۇپ، بەلىق ئاممىسىنىڭ تەنتەنە قىلىشلىرىغا قۇلىقىنى يۇپىرىۋېلىشقان. مانا ئەندى ئۇلار چاشقان تۆشىكىدىن چىقماقچى بولغان!” دېرس (狄尔斯) ئۇنىڭغا، كوممۇنىستلارنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى پىلانلاۋاتىدۇ دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بەكلا كۈلكىلىك گەپ. نۇرغۇنلىغان كومپارتىيە خائىنلىرى ماڭا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دېگىنى قۇرۇق قەغەز يۈزىدىكىلا گەپ دەپ ئېيتقان ئىدى، دەيدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىگە زادىلا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇ قايتىدىن گۆكۈرگىنىچە بىر تەرەپتىن “بۇ چوشقىنىڭ كۈچۈكلىرى” دەپ تىللاپ ۋارقىرىغىنىچە، ماڭا ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىش كېرەك ئەمەس، كومپارتىيە “گېرمانىيىنىڭ قوغدىغۇچىسىغا ئوت قويۇۋېتىشتەك رەزىل ئىككى يۈزلىمىلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاممىنى كۈشكۈرتۈش تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللانغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى!” دەپ قايناپ كېتىدۇ.

بوران-چاپقۇندەك ئۆتكەن بۇ يىغىن كېچە سائەت 11 غىچە

www.pidaily.biz

داۋام قىلىدۇ. كەيىندىنلا پروسسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر يىغىن ئېچىپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ شۇ يەردىكى شۆبە ئىشخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسىنى قايسى تۈردە ئېلان قىلىشنى كۆرمەكچى بولىدۇ. "ئۇلار مېنى نەق يېرىم سائەت ساقلىتىپ ئاندىن كىرىشىمگە يول بەردى. ئۇ يەردە بىر قانچە تەھرىر ئولتۇراتتى. قايسى بىر ياردەمچى تەھرىر ئاخىرى چىقىپ كەلدى. ئۇ بەكلا چارچىغاندەك قىلاتتى." ھىتلېر دەرھال گيوبېلسنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى سان ئۈچۈن ماقالە تەييارلاش ئۈچۈن ئىككىسى تاڭ سۈزۈلگىچە باش قاتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇلار قىزىللارنىڭ "ئاممىنىڭ قورقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈرگەن" پەيتىدىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەنلىكىنى ئەيىپلەش ئۈچۈن ماقالە تەييارلىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گيورىڭمۇ پروسسىيە ئورگان گېزىتىگە خەۋەر يازغان كىشىگە ۋارقىراپ-جارقىرىماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارانلا 20 قۇرلۇق بىر خەۋەر يېزىلغان بولۇپ، خەۋەردە پەقەت بىرلا ئوت قويغۇچىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. گيورىڭ خەۋەر ئارگىنالىغا مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ۋارقىراپ كېتىدۇ: "پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ! بۇ يازغىنىڭ ساقچىلارنىڭ دوكلاتىغا ئوخشاپ قاپتۇ، بۇ يازغىنىڭ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى بىر خەۋەر

ھېسابلانمايدۇ!” دېگىنىچە كۆك رەڭلىك قېرىنداشتىن بىرنى ئېلىپ 100 قاداق كۆيدۈرگۈچى ماددا دېگەننى 1000 قاداق دەپ ئۆزگەرتىدۇ. يازغۇچى بۇنىڭغا بىر ئادەم قانداقسىگە بۇنچە ئېغىر يۈكنى كۆتىرەلەيدۇ، دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. گېئورىك ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلغان ھالدا: “مۇمكىن بولمايدىغان ھېچ قانداق ئىش يوق. بىز نېمشكە بىرلا ئادەم بار ئىدى دەيدىكەنمىز؟ ئون ئادەم بار ئىدى، ھەتتا 20 ئادەم بار ئىدى دېسەكچۇ؟ سەل يۇز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ قانداق؟ بۇ دېگەن كومپارتىيىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سىگنالى!” گېئورىك بۇ ئۇختۇرۇشنى قايتىدىن يېزىپ، ۋار دېر لېببېنىڭ شىرىكلىرى پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن بولغان ئىككى نەپەر كوممۇنىست دەپ كۆرسىتىدۇ. ماقالىنى تەييارلىغان كىشى بۇ بىر رەسمى ھۆججەت بولمىغىنى بىلەن بىر پارچە سىياسى ھۆججەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قول قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ: “سىزلا ئىمزالىسىڭىز مەن ئۇنى خەۋەرلەر بۆلۈمىگە تاپشۇرسام ئۇلار بېسىشقا ماقۇل بولىدۇ.” گېئورىك نائىلاج G. (“گېئورىك” نىڭ باش ھەرپى) شەكلىدە ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بارلىق ساقچى دائىرىلىرىغا تەۋە رادىئو ئىستانسىلىرى پارلامېنت ئىچىدىكى كومپارتىيە دېپوتاتلىرىنى، شۇنىڭدەك شتاتلىق ۋە شەھەرلىك پارلامېنتلاردىكى كومپارتىيە دېپوتاتلىرىنى قولغا ئېلىش، كومپارتىيە كادىرلىرىنىمۇ تۇتۇش، بارلىق قىزىللار گېزىتلىرىنى پۈتۈنلەي پېچەتلەش ھەققىدە جار سېلىشقا كىرىشىدۇ.

www.pidaiy.biz

شۇ كۈنى ئاخشىمىقى ۋەقەنىڭ تەسىرىدىن يۈرەكلەنگەن ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئەڭ كېيىن تارقاتقان چەكلەش بۇيرۇقىنى يەتتە قات ئاسمانغا چۆرۈۋېتىدۇ. ئەتىسى چۈشكە يېقىن، ھىتلېر ئاشكارە تۈردە ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش كۈرىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ھۆكۈمەت كابىنىت يىغىنى باشلىنىشتىن ئاۋال ھەر قايسى ۋازارەت مىنىستىرلىرى دەرىجىسى بويىچە قاتار تىزىلىپ بىر-بىرلەپ باش مىنىستىر ھىتلېرغا سالام بېرىشىدۇ (بۇ ئەسلىدە كابىنىت يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن بىجىرىلىدىغان بىر ئەنئەنە ئىدى). ئاندىن ئۇ ئۆز بېشىغا ئۆكتەملەرچە يىغىن باشقۇرىدۇ. ئۇ، نۆۋەتتىكى بوھران بىزنى "قىلچە رەھىم قىلماي"، "قانۇنغىمۇ قارىماي" كومپارتىيىدىن "ھېساب ئېلىشىمىز" نى تەقەززار قىلماقتا دەپ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، دۆلەتنىڭ قىزىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچۇرىماسلىقىدىن ساقلاشنى مەقسەد قىلغان پەۋقۇلئاددە بىر قانۇن قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇنداق بىر قانۇن قارىماققا مۇداپىيىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدىغان بىر قانۇن بولۇپ كۆرۈنىشى كېرەكلىكىنى، ھەمدە بەك كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىر قانۇن بولىشى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ. يەنى، بۇ قانۇن بەكلا سىلىق بىر شەكىلدە، يەنى "بۇ بىر ئالاھىدە تەدبىر بولۇپ، گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئارخىپ-ھۆججەتلىرىنى قوغداشنىلا مەقسەت قىلىدۇ" دېگەندەك سىلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما فرانك بۇ قانۇننىڭ دەسلەپكى لايىھە نۇسخىسىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن

www.pidaiy.biz

كېيىن، كىشىلەر شۇنى ھېس قىلىشتىكى، بۇ قانۇن ئەسلىدە دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ خەلقىگە بەرگەن كۆپ ساندىكى ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئېلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى. يەنى ئالدى بىلەن بۇ قانۇن ۋېيمار ئاساسى قانۇنى بەلگىلىگەن پۇخرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى، يەنى سۆز قىلىش ئەركىنلىكىنى، نەشرىيات ھوقۇقىنى، ئائىلىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى، خەت-ئالاقە ۋە تېلېفوندا سۆزلىشىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى، يىغىلىش، جەمئىيەت ئۇيۇشتۇرۇش ئەركىنلىكىنى ۋە شۇنىڭدەك شەخسى مۈلۈكلەرنىڭ دەخلىسىزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىرىدا بۇ قانۇن يەنە ئىمپېرىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى تەرتىپ-ئىنتىزامنى ساقلىيالمايۋاتقان شىتاتلىق ھۆكۈمەتلەرنىمۇ ۋاقىتلىق تېزگىنىگە ئالالايدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلىگەن ئىدى. يىغىندا بىرمۇ مىنىستىر ئوتتۇرغا چىقىپ پۇخرالارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىنىشىغا قارشى تۇرمايدۇ؛ يالقۇز پاپېنلا ئەگەر ھەر قايسى شىتاتلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالغىنىمىزدا قاتتىق ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالغان بولۇپ قالمايمىزمۇ، بولۇپمۇ باۋارىيە شىتاتىدا شۇنداق بولماسمۇ، دەپ پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. پاپېننىڭ بۇ ئوخشىمىغان پىكرىمۇ بىردەملىكلا تىڭىرقاشنى پەيدا قىلىپ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان قەغەز يۈزىدالا قالىدىغان ئاز-تولا ئۆزگەرتىش بېرىلىپلا ئۆتكۈزىۋېتىلىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر پاپېن بىلەن بىرلىكتە ھىندېنبۇرگنى

كـــۆرگىلى كىرىـــدۇ. ئـــۇ يەردە فيـــۇرېر بـــۇ قـــانۇن ئۈســـتىدە چۈشەندۈرۈش بېرىپ كېلىــپ، قىــزىللار ئىنقىلابىنــى باســتۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق بىر قانۇن بەكـلا زۆرۈر دەپ تەكىتلەيـدۇ. پـاپېن بىــلەن مېســنېر ئىپــادە بىلدۈرمەيــدۇ. شــۇڭا پىرىزدېنتمــۇ بىــر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بۇ ھۆججەتنى ئىمزالاپ بېرىدۇ.

شـــۇنداق قىلىـــپ، «دۆلەتنىـــڭ پەۋقۇلئـــاددە قـــانۇنى» كونسـىرۋاتىپلارنىڭ ئـارزۇ قىلىــپ كېلىۋاتقـان ھەربـى ئىشـلار تەدبىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن بولدى. ھەربـى دىكتـاتورلۇق ھۆكۈمەت كابېنىتىنىڭ قولىغا ئۆتـۈپ كەتكىنىـدىمۇ ئۇلارغـا پەقەت باش قوماندانلىق ھوقۇقىلا بېرىلەتتى. مۇنداق قارىماققا بۇنـداق ھوقۇقنىڭمۇ قورققىدەك يېرى يوق كـۆرۈنەتتى. چۈنكى كابېنىتتـا مـــۇتلەق ئۈســـتۈنلۈكتە تۇرغـــان تەرەپ ھەرگىزمـــۇ مىللـــى سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسى ئەمەس ئىـدى. قـانۇن ماقۇللانغـان بولسىمۇ، ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا ھەمـدە ھېسسـىياتلار ئۇرغـۇپ تۇرغاچقـــا، ھـــېچكىم پـــۇخرالار ھوقۇقىنىـــڭ ئەمەلـــدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ بولالمىدى. يەنـى بۇرۇنقىـدەك باش مىنىستىرغا ئوخشاش پۇخرالار ھوقۇقىنىـڭ ئازايتىلىشىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغانلىقىنى ھېچ كىم بىلەلمەيدۇ. بۇ ئىشلار بەلكىم ھىتلېرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىكلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بىر سۇيىقەستلىك پىلانى ياكى بولمىسا تارىخنىـڭ ســىھىرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشــى دېــيىش كېــرەكمىكىن؟ شۇنىســى ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى ھىتلېرنى چېكىـدىن ئاشـقان ھىسـتېرىيىلىك ھالغـا كەلتۈرىۋېتىـدۇ. ئۇنىـڭ ئۆزىمـۇ

ھەقىقەتەن كوممۇنىستىك ئىنقىلابتىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېرنىڭ غەلىتە خاراكتېرى، شۇنىڭدەك گېيورىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەرگىز ئەقىل ئىشلىتىپ ھىلىمكىر پىلانلىيالىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. ھىتلېرنىڭ پازىتسىيىسى ھەرگىز ئۆكۈپ كېتىشنىڭ ئىپادىسى ئەمەس بەلكى ۋەزىپىسىگە بولغان ھەۋەسىدىن كەلگەن دېيىش كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىل مابەينىدە قىزىللار بىلەن يەھۇدىيلار ھەققىدە دەپ يۈرگەنلىرىنىڭ بىر ئىسپاتى ھېسابلىناتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يولغا قويۇلغان سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان توپىلاڭنى باستۇرۇشنىڭ جىددىي تەدبىرلىرىلا ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھىتلېرنىڭ بارلىق ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزىۋېلىش يولىدىكى بىر يۈكسىلىش بولۇپ نامايەن بولدى. شۇندىن باشلاپ، ماشىنا-ماشىنا ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بىلەن پارتىيە گۇۋاردىيىلىرى (يەنى ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار — ئۇ.ت) بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەن ھالدا قەسەم بېرىشىپ ساقچىلارنىڭ ياردەمچى كۈچى ھالىغا كېلىشىپ، پەۋقۇلئاددە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا ساقچىلارغا يېقىندىن ياردەمچى بولۇشىدۇ. ئۇلار تۇيۇقسىز ئوتتۇرغا چىقىپ بۇرۇن ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ كېلىۋاتقان كومپارتىيە ئۆيلىرى بىلەن پوچتخانىلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، تۇتقان ماشىنا-ماشىنا ئادەملەرنى تۈرمىلەرگە ياكى گەمە قەۋەت

سوراقخانىلارغا ئاپىرىپ قامىۋىتىشەتتى. رەسمى ساقچىلارنىڭ قولغا ئالغان كوممۇنىستلىرى بىلەن سوتسىيال سېموكراتچىلىرىنىڭ ئۆزىلا 3000 كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئايروپورت، پاراخوت پورتلىرى قاتارلىق يەرلەر قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، پويىزلارمۇ چېگرا بويلىرىدا قاتتىق تەكشۈرۈلىدىغان بولىدۇ.

گيورىڭ بۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىۋالىدۇ. ئەتىسى، ئۇ پروسسيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈپىتى بىلەن رادىئو نۇتقى سۆزلەپ كومپارتىيىنىڭ "ئېغىر جىنايى قىلمىشلىرى" نى كۆرسىتىپ ھاقارەتلەيدۇ. ئۇ تەنقىتلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار ئۇنفورمىسىنى كىيىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى ھەركەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىش پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە. ... پارلامېنت بىناسىنىڭ كۆيدۈرىۋېتىلگەنلىكى، كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىشىنىڭ بىر سىگنالى ئىدى. بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشتىكى مەقسەت، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپلەرگە بۇرىۋېتىپ، خەلقنى ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتىن باشقا ئەمەس. ... ئەمما مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن پاراكەندە بولىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ... بىز كوممۇنىستلارغا شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمىزكى، بىزنىڭ ئىرادىمىز ھەرگىز سۇنمايدۇ. بىز سىلەردەكلەرنىڭ

www.pidaw.biz

ھىلىمىكىرلىرىنى پۈتۈنلەي يىمىرىپ تاشلاش كۈچەيمەكتە!

ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە گېرمانىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر قايىل بولغىنى بىلەن، چەتئەللىك ئەربابلار ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى ئالدامچىلىقلىرىغا ئۇنچە ئاسان ئىشىنىپ كەتمەيتتى: "كومپارتىيە بىلەن بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىنى بىر-بىرسىگە باغلاشقا ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي ئاخماقلىق. - دەپ يازىدۇ لوندوندا چىقىدىغان «ئاخبارات تىزىسلىرى» گېزىتى، — دىپلوماتىيە ساھەسى بىلەن ئاخبارات ساھەسىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قارىماقتا. كىشىلەر، پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسىنى ناتسىستلارنىڭ ئۆزلىرى مەخسۇس پەيدا قىلغان بىر ۋەقە، شۇ ئارقىلىق ئۇلار كومپارتىيىنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىشماقچى، دەپ قارىماقتا."

ئەتىسى، يەنى 2-مارت (قوزا) كۈنى، سېفتون دېلمېر ھىتلېرنى زىيارەت قىلىپ بۇنىڭ جاۋابىنى سورايدۇ. ھىتلېر چەتئەللىك مۇخبىرلارنى ۋارقىراپ-جارقىراپ تىللىغىنىچە، ئەسلىدە سىلەر ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان كومپارتىيىنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارشى چىققانلىقىمىز ئۈچۈن بىزدىن قالايماقان سوئال سوراپ يۈرمەي بىزگە رەخمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك ئىدى، دەيدۇ. دېلمېر سۆز قىستۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق قورقۇشنى پەيدا قىلىۋەتتى، كىشىلەر ھىتلېر ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدە قانلىق باستۇرۇشنى يولغا قويماقتا دېيىشمەكتە، دەيدۇ. "ماڭا سان بارتولمى كېچىسىنىڭ ھاجىتى يوق. — دەيدۇ ھىتلېر

ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، ــ ھازىر ئۇلار ئۇچۇن سوت ئېچىلدى، دۆلەت دۈشمەنلىرى سوتتا سوتلىنىدۇ. سوت مەھكىمىسى بارلىق سۇيىقەستلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرالايدۇ.» (بارتولمى ــ ئەيسانىڭ 12 ھاۋارىلىرىدىن بىرى. 1572-يىلى 24-ئاۋغۇست (چايان) كۈنى ئاخشىمى، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى كاتولىكلار كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىنغان. شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق «بارتولمى چوڭ قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتالغان) دېلمېر ھىتلېردىن، مېنىڭچە بولغاندا، سىز قانۇنلۇق ئۇسۇل بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتىسىز. ... سىزنىڭچە پۇخرالار ھوقۇقى مەڭگۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

«ياق، كومپارتىيە تەھدىتى پۈتۈنلەي يوق قىلىنغاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ. ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھىتلېر، ــ مېنىڭ قانۇنلىرىم بەكلا يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ. مەن بولشېۋىكلارنىڭ جەھەننىمىگە تېز ۋە كۈچلۈك تاقابىل تۇرالماي كەلمەكتىمەن. مەنمۇ نورمال ۋەزىيەتنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى بەكلا خالايتتىم. ئەپسۇسكى، بىز ئاۋال كوممۇنىزمنى قېزىپ يوق قىلىۋېتىشقا مەجبۇرمىز.»

پۈتكۈل ياۋروپادا، كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر پارلامېنت سارىيىغا ئوت قويۇش دېلوسىنىڭ ناتىسستلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە بارغانسىرى ئىشىنىشكە باشلايدۇ. ئاشكارىلانغان بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، گېورىڭنىڭ بىناسى بىلەن پارلامېنت دارىيى ئوتتۇرسىدا بىر يەر ئاستى

تونېلى بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن كىشىلەر قاتتىق ھەيران قالدۇ. بۇ ھەيرانلىق كىشىلەرنى بۇنداق بىر تونېلنىڭ بارلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، چەتئەللەردە بۇ ھەقتە بەكلا كۈچلۈك ئىنكاسلار ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئەمما بۇنداق بىر داۋراڭنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ھىتلېرنىڭ ۋار دېر لىببىي بىلەن كومپارتىيە گۇمانلىق ئۇنسۇرلىرى ئۈستىدىكى سوت ئىشلىرىنى تېزلەشتۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە ساقچى دائىرىلىرى ئوبىكتىپ دوكلات سۇنۇپ "بۇ دېلو شۆبھىسىزكى لىببىي يالغۇز ئىشلىگەن بىر جىنايەت دېلوسى" دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ قىلچە رولى بولمايدۇ. ئەسلىدىلا ھىتلېرنىڭ بۇ دېلونى تېز بىر تەرەپ قىلىش پىلانى بىر ئاخماقانە پىلان ئىدى. دەرۋەقە، ھىتلېر ھەر قانچە ئالدىرىغان بولسىمۇ، بۇ دېلونىڭ سوتلىنىشى نەچچە ئايغىچە ئايغى چىقمايدۇ. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلىشى ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلىرىگە بىر باھانە بولۇپ بېرىدۇ.

## (3)

شۇنىڭغا قارىماي پارلامېنت بىناسىنىڭ كۆيدۈرۈلىشى دېلوسى يەنىلا قىسقا مەزگىللىك بولسىمۇ ھىتلېرغا پايدىلىق ئىدى. چۈنكى سايلام كۈنلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئوت ئاپىتى كۆپ سانلىق نېمىسلارنىڭ ئىنقىلابتىن ئۈركىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. تۈركۈم-تۈركۈملەپ قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر كومپارتىيىلىكلەرنىڭ سايلام رىقابىتى تەشۋىقات پىلاكاتلىرىنى

www.pidaiy.biz

سۆكۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ پىلاكاتلىرىنى قاداپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك ھېچ كىم يوق دېيىشكە بولاتتى. ھىتلېرمۇ كومپارتىيىنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىشتەك سىياسى خاتالىقنىمۇ سادىر قىلمىغان ئىدى. ئۇ پەقەتلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋازىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى سايلامدىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرغان ئىدى.ناتسىستلار پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە تېررورلۇق خەۋەرلىرىنى تارقىتىپ، قىزىللار كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ مەملىكىتىمىزنى قان دەرياسى ئىچىگە پاتۇرىۋەتمەكچى، شۇڭا سايلىغۇچى پۇخرالار مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىگە ھوقۇق بېرىشى لازىم دەپ خەلىققە چەقىرىق قىلىدۇ. گېورىڭ تېخىمۇ ئوچۇق ھالدا “يۇرتداشلار، قانۇنى جەھەتتىكى ھەر قانداق ئويلىنىش مېنىڭ يولغا قويىۋاتقان تەدبىرلىرىمنى تەۋرىتەلمەيدۇ” دەيدۇ. 3-مارت (قوزا) كۈنىسى، يەنى سايلامغا ئىككى كۈن قالغاندا، گېورىڭ فرانكفورتتا خەل ئاممىسىغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: “ھەر قانداق بىر مەمورى ئورگان مېنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرگەن تەدبىرلىرىمنى توختىتالمايدۇ. چۈنكى مەن قانۇندىن ئەنسىرەپ يۈرمەيمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم ۋەيران قىلىش، يوق قىلىش. بۇ بىر قالايماقانچىلىققا قارشى كۈرەش، مەن ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ بىر مەيدان كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتىنمۇ باش تارتمايمەن. بۇرجۇئازىيە دۆلىتى ئەنە شۇنداق تەدبىر قوللىنىپ كەلمەكتە. تەبىكى مەنمۇ دۆلەت

www.pidaiy.biz

ھوقۇقى بىلەن ساقچى كۈچلىرىدىن ئەڭ يوقۇرى چەك دائىرىسىدە پايدىلىنىشىم مۇمكىن. قەدىرلىك كوممۇنىست ئەپەندىلەر، شۇڭا سىلەر خاتا خۇلاسىغا كېلىپ قالماڭلار. بۇ بىر مەيدان كۈرەشتە مەن قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنى جان تىكىپ كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىمەن. مېنىڭ قولۇمنىڭ كانىيىڭلارغا چىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆرىسىلەر!”

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قىلچە يوشۇرماي مەقسىدىنى ئوتتۇرغا قويىشى ئىدى: قانۇن سىرتىدا رەھىمسىزلەرچە زورلۇق كۈچىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى، شۇنىڭدەك بۇ ئىقرارى پارلامېنت بىناسىغا ئوت كەتكەندىن كېيىنكى زەرەتلەنگەن مۇھىتتىلا ئوتتۇرغا چىقىرالايدىغان بىر ئىقرارنامە ئىدى. ناتسىستلارنىڭ بەختىگە پاپېن ـ ھىندېنبۇرگ ئېقىمىدىكىلەر، شۇنىڭدەك سانائەتچىلەر، بۇ تۆردىكى كىشىنى چۆچۈتكىدەك سۆزلەرگە قۇلىقىنى يۇپۇرۇۋېلىش بىلەنلا قالماي، ھىتلېرنىڭ سايلام ھەرىكىتىنى بەزىدە ئۈن ـ تۈنسىز بولسىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بەرمەكتە ئىدى. پروسىيە مالىيە نازىرى ئاۋىستىرىيىدىن كەلگەن بىر زىيارەتچىگە “ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر” سۋېلىك ۋون كروسگىت (施维林•冯•克罗西格特) قا ئوخشاش ئادەملىرىمىز ھۆكۈمەت تەركىبىدە قالالايدىغانلا ئىش بولىدىكەن، ناتسىستلارنىڭ غالىبىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى مەڭگۈ بولمايدۇ، دېيىشەتتى. گېيورىڭ، گېوبېلس قاتارىدىكى ئۇيۇنچىلارنىڭ شىددەتلىك باياناتلىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشىنىشكە

www.pidaiy.biz

بولىدىغان گەپلەر ئەمەس، چۈنكى "ئەمەلىيەتتە ئىشقا مەسئۇل بولىۋاتقانلار بەرىبىر كونسېرۋاتىپ كىشىلەر بولۇپ، ھىتلېر ئورۇن بوشىتىپ بىر چەتكە چىقىپ بەرمەي ئىلاجى يوق" دەپ قارىشاتتى.

سانائەتچىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ باشقۇرۇپ كەتكىدەك كۈچكە ئىگىمىز دەپ ئىشەنچ قىلىشاتتى. تېخى يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا، 25 نەپەر سانائەتچى ئوتتۇرغا چىقىپ بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان ئىدى. كرۇپ ۋون بولىن (克虏伯•冯•波仑) سانائەتچىلەرگە ۋاكالىتەن ھىتلېرنى ئىزچىل قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، گىيورىڭ ئوتتۇرغا چىقىپ ئىئانە يىغىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ: "ئەگەر جاناپلار ئىشىنىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ قېتىمقى سايلامدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، بەلكىم يۈز يىل ئىچىدە قايتا سايلام بولمايدۇ، شۇنداق بولغىنىدا بىزمۇ تەلەپ قىلىنغان قۇربان بېرىشلەرنى تېخىمۇ ئاسان ئۈستىمىزگە ئالالايدىغان بولىمىز" دەيدۇ. بانكىر ساشىت (沙希特) دېموكراتىك تۈزۈمگە بۇنداق تەھدىت سېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر تۈرلۈك كاپالەت دەپ ھېسابلاپ: ئەپەندىلەر، قېنى ئەمىسە، ھەممەيلەن ھەميانلىرىڭلارنى ئوتتۇرغا چىقىرىڭلار!" دەيدۇ. سانائەتچىلەر بۇ گەپتىن كېيىن بىر-بىرسىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلدىششقا باشلايدۇ. قېرى كرۇپ (克虏伯) پۈتكۈل رۇرلۇقلارغا ۋاكالىتەن بىر مىليون مارك (تەخمىنەن 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) ئىئانە قىلىدۇ، ئى. گ. فابىن (法本) نىڭ ۋاكالەتچىسى 400 مىڭ مارك ئىئانە

بېرىدۇ. قالغانلارمۇ بېرىدىغىنىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، جەمئىي 3 مىليون مارك پۇل يىغىلىدۇ.

بۇنچە ياردەم پۇلى قولغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسى بىلەن يەنە ئىككى پارتىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۈچلۈك تەشۋىقات ھەرىكىتىنى قوزغىۋېتىدۇ. مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق نۇتۇقلىرى ئومۇمەن ھالدا رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىدۇ. ئۆيدە رادىئوسى بولمىغان سايلىغۇچىلارغا كوچا دوقمۇشلىرىدا ۋە مەيدانلاردا كاناي ئورنىتىپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىلىرى بىلەن تەھدىتلىرى پۈتۈنلەي بۇ رادىئو كانايلىرى ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق گەپلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پات-پات ھىندېنبۇرگنىڭ ئىسمىنى نۇتقىدا زىكىر قىلىپ تۇراتتى. بىر قانچە ئاۋال، دەل شۇ ئادەملەر بۇ قېرى بوۋاينى كالۋا دېيىشكەن بولسا، مانا ئەندى ئۇنى چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بىر قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ.

پارتىيە ئەزالىرى ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ھوقۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسىغا ئېرىشكەن بۇ ھەرىكەتكە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىدۇ. ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار ئەندىبۇرۇنقىدەك ئۇنداق ساقچىلار باستۇرىۋېتەرمۇ دەيدىغان غەم-ئەندىشىسى يوق ئىدى. دەل ئەكسىچە، ساقچىلار بۇ ئېس-

www.pidaw.biz

ئاچىلار بىلەن ئىش-ئىشچىلارنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى كۈچ دەپ قارىشىپ، بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نامى ئاستىدا چىكىدىن ئاشۇرىۋېتىشلىرىگىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ قۇلىقىنى يۇپۇرۇپ يۈرىۋېرىدۇ.

ھىتلېر نۇتۇقلىرىدا ئۆكتىچىلەرنى قولغا چىققىدەك بىرەر پروگراممىسىمۇ يوق، دەپ تەنقىت قىلسىمۇ، ئۆزى بىرەر لايىھىنى ئوتتۇرغا قويالمايتتى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەتلا 4 يىللىق ھاكىمىيەت ئۈستىدە قېلىشلا بولۇپ، بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنى شۇ جەرياندا كۆرىسىلەر دەيتتى. سايلام ھارپىسىدا، گىيوبېلس سايلام كۈنىنى "مىللى ئويغۇنۇش كۈنى" دەپ ئاتاپ، يېرىم كۈنلۈك بايرام كۈنىگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. كۆرۈنۈشتە ھەممىلا ئادەم ھىتلېرنى قوللايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ھىتلېرنى ياشلارنىڭ غايىسى، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلەرگە ئوخشاش بۇ بايراقنى ئىگىز كۆتۈرۈپ يول باشلىيالايدۇ دېيىشەتتى. موسكۋانىڭ ئىنقىلابچىلارنى قوللىشىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ پەقەت ئىككىلا يولى بار ئىدى: گېرمانىيە بىر بولسا قىزىللىشىش يولىدا مېڭىشى كېرەك، يا بولمىسا قوڭۇرلىشىش يولىدا مېڭىشى كېرەك. ئەمما قوڭۇرلىشى كىشىلەرنى تېخىمۇ بەكىرەك جەلىپ قىلىۋالغاندەك قىلاتتى. بۇرۇنلاردا باشقىلارنى تەنقىتلەپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر، مەسىلەن كېيىن فىدراتسىپ گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پرېزدېنتى بولۇپ تەيىنلىنىدىغان تيودور خاۋس (西奥多尔•豪斯)، ھىتلېرنىڭ كۆرىنەرلىك يۇمشاپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويالىغىدەك ھالغا

كەلگەن ئىدى. "ئۇنىڭ شىددەتلىك سۆزلىرى خېلىلا ئازىيىپ قالدى. ئۇ ئەندى يەھۇدىيلارغا ئوت پۈشكۈرتمەس بولدى. 4 سائەتلىك نۇتقى ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ يەھۇدىي سۆزىنى ئىشلەتمىدى" دەيدۇ. ھەتتا ھىتلېرمۇ بەزى يەھۇدىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە ئىدى؛ «يەھۇدىيلار مەملىكەتلىك ئىتتىپاقى» فيۈرېرنىڭ شەرقتىكى يەھۇدىي سودىگەرلىرىنىڭ گېرمانىيىگە كىرىشىنى چەكلىشىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىشىدۇ.

گەرچە كۆرۈنۈشتىكى سۆزلەر يېتەرلىك سۆزلەنگەن، سايلام رىقابىتى جەريانىدىمۇ زور مىقداردا پۇل ۋە زېھىن سەرپ قىلىنغان بولىشىغا قارىماي، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ئېرىشكەن ئاۋازى ئارانلا 43.9% گىلا يېتىپ، ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچى ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئۇلارغا پارلامېنتتا ئارانلا قىسمەن ئۈستۈنلۈك ساقلاش ئىمكانىيىتىنىلا بېرەلىگەن ئىدى. گەرچە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىنى بەك چوڭ ئۇتۇق دېيىشكە بولمىسىمۇ، شۇنچىلىك ئاۋازمۇ ھىتلېرنىڭ خەلقتىن ھوقۇق تەلەپ قىلىشىغا يېتەتتى. بۇ ئورۇن ئۇنىڭ تېزگىنىنى ئاستىدىكى ھەر قايسى شتاتلاردا ھوقۇقنى قولىدا تۇتىشىغا يەتكەن ئىدى. بېرلىننىڭ قوللىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، باۋارىيىدىكى ناتسىستلار تېخىمۇ كۈچلۈك ئوتتۇرغا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار مىيونخېندىكى ئېس-ئاچلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. 9-مارت (قوزا) كۈنى چۈشتە، ئۇچىسىغا ئېس-ئاچلار ئۈنفورمىسى كەيگەن كاپىتان رومنىڭ ھەمرالىقىدا يەرلىك

مەسئۇل كادىرلىرىدىن ئادولف ۋاگنېر شىتاتلىق باش مىنىستىر خېرد (赫尔德) نىڭ ئىشخانىسىغا كېلىدۇ. ئۇلار خېرد (赫尔德) تىن گېنېرال لىت ۋون ئېپ (里特•冯•埃普) نى شىتاتلىق باش گوبېرناتور قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ گېنېرال 1919 ـ يىلى سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەملەشكەن بىرسى ئىدى.

خېرد (赫尔德) بېرلىنغا تېلېگرامما يوللاپ بۇ تەلەپكە نارازىلىقىنى بىلدۈردۇ. ئەمما ئالغان جاۋابى گېنېرل ئېپ (埃普) نىڭ باش گوبېرناتورلۇققا تەيىنلىنىپ بولغانلىق جاۋابى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن ھىندېنبۇرگقا نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىندېنبۇرگنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن بۇ بوۋاينىڭ ھەقىقەتەنمۇ قولىدىن ھېچ قانداق بىر ئىش كەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن: ھىندېنبۇرگ بەرگەن جاۋابىدا، بۇندىن كېيىن خېرد (赫尔德) ھەر قانداق بىر تەلەپتە بولماقچى بولسا، ئۇ تەلىۋىنى بىۋاستە ھىتلېرغا بىلدۈرىشى كېرەكلىكىنى تەلەب قىلغان. شۇنداق قىلىپ، باۋارىيىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا قانۇنى بىر شەكىلدە رەسمى ناتسىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولدى.

قالغان شىتاتلارمۇ خۇددى شۇنداق باسقۇچلار ئارقىلىق، يەنى تۆۋەندىن تەھدىت سېلىش، بېرلىن تېلگرامما ئەۋەرتىپ مۇداخىلە قىلىش دېگەندەك ۋاستىلار بىلەن بىرمۇ ـ بىر ناتسىستلار قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

باۋارىيىــدە ھوقــۇقنى تارتــپ ئالغــان كۈنىســى، ھىتلىــر مىيونخىنغا ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئۇ مىيونخېندا داغ ـ دۇغىلىـق قارشـى ئېلىنىــدۇ. ئــۇ ئىنتــايىن مەغــرۇر ھالــدا: "گېرمانىيىــدە، مېنىــڭ كۆڭلۈمگە ئەڭ بەك ياقىدىغان شەھەر مىيونخېن. بىر ياش، بىـر ئەسكەر، بىر سىياسەتچى بولۇش دەۋرلىرىمنىڭ ھەممىسى مانا بۇ شەھەردە ئىشقا ئاشقان. بۇ شەھەر 1923 ـ يىلـى قۇربـان بولغـان يولداشــلىرىمىزنىڭ قېنىــى بىــلەن قۇتلۇقلانغــان بىــر شــەھەر" دەيــدۇ. ئــۇ يەنە يەرلىــك كادىرلارغــا يولىــورۇق بېرىــپ، ئەگەر پارتىيىسىز زاتلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش ھېسابىغا بولسىمۇ چوقۇم مۇقىم ھاكىمىيەت تىكلىۋېلىشىمىز شەرت، دەيدۇ. "ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئىنتايىن ئېغىـر بىـر ۋەزىـپە. ـــ دەيــدۇ ھىتلىــر، ـــ ئەممــا ئىمپىــرىيە ھــاكىمىيىتى بۇنــدىن كېــيىن باۋارىيىنىـــڭ ئـــۆزىگە خـــاس ھەرىكەتلىرىنىـــڭ يـــاكى بۆلگـــۈنچى ئۇنســـۇرلارنىڭ قالايماقـــان چىقىرىـــپ كاشـــىلا تۇغدۇرۇشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماسلىقى كېـرەك. بـۇ مەسـىلە دۆلەت سىياستىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچـۈن ئىنتـايىن مـۇھىم بولغـان بىــر مەســىلە. بىــز چوقــۇم بىســمارك ئاخىرلاشــتۇرالماي قالغــان ۋەزىپىلەرنى تاماملىشىمىز شەرت: ئىمپىرىيىنىــڭ مەنپەتــى ئۈچــۈن پايدىلىقلا ئىشلار بولىدىكەن، شتاتلارمۇ ھەقىقى مەنىسى بىــلەن شتاتلىق رولىغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ."

كېــيىن بىرســى ھىتلىــردىن، 1924 ـ يىلــى ئــۇنى ســوتلىغان ۋاقىتتــا بىــردىن ـ بىــر كۈچلــۈك پىركراتــورنى قانــداق قىلىشــىمىز كېرەك، دەپ سورىغىنىدا، ھىتلىر ئۇ كىشىگە، "ئـۇ ۋاقىتتـا، ئـۇ

پروكراتور گەرچە ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق بىرسى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئالغىنى يەنىلا ئىنتايىن رىيال ھەمدە ئىنتايىن سەممى بىر قارار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادەمنى يەنىلا ئەدلىيە ساھەسىدە ئىشلىتىشىمىزگە بولىدۇ.”

نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كىشىلەر، خاتا ھالدا ھىتلېر پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالدى دەپ ئىشىنىپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە، ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم ھەر قانچە مۇكەممەل بىر سىياسەتچى ھېسابلانسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاكىمىيەتنى قادەممۇ-قەدەم قولغا كەلتۈرگەن، شۇنىڭدەك بىر-بىرلەپ خەلقنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ ھوقۇققا ئېرىشىپ كەلگەن بىرسى ئىدى. “سالاھىيەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورايدۇ ھىتلېر فرانكتىن، ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — سالاھىيەت ئەسلىدە يوقۇرىغا ئاتلاشنىڭ بىر پەلەمپىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى سالاھىيەت دېگەنلىك، بىر پەلەمپەيدىن يەنە بىر پەلەمپەيگە ئاتلاشنىڭ ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان بىر ئورۇندىنلا ئىبارەت” دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى دەرىجىلىك زاتلارغا يول قويۇش ئۇنىڭ بىر ئۇدۇمى ھالىغا كەلگەن ئىدى. ھىتلېر، خوخېنزوللېرن ئائىلىسى بىلەن ھىندېنبۇرگقا ھۆرمەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە پوتىستام (波茨坦) رايونىدىكى ھەممە ئەتىۋارلىشىدىغان چىركاۋ زالنى 21-مارت (قوزا) كۈنىسى يېڭى پارلامېنتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىم يېرى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق تاللىشى، بىرىنچى پتلېر ۋىلھېلم (腓特烈•威廉) نى

www.pdaily.biz

قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئىمپىراتور پىتلېر (腓特烈) نىڭ قەۋرىسى بولغان بۇ قېدىمى شەھەر، يەنە كېلىپ پروسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېرى ھېسابلىناتتى.

21-مارت (قوزا) كۈنى، پۈتۈن شەھەر كىرىست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن، ھەمدە كونا ئىمپېرىيىنىڭ قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ رەڭلىك بايرىقى بىلەن ھەشەمەتلىك تۈردە بېزىۋېتىلىدۇ. گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان ساليوت توپ ئاۋازى ئاستىدا قۇرۇغلۇق ئارمىيە، ئېس-ئاچىلار ۋە ئېس-ئېسچىلار ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ ئەتىيازنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ موتوتسىكلىت ئەترىتى ھەيۋەت بىلەن چېركاۋ قوڭغۇراق سادالىرى ئاستىدا ئۇ چېركاۋغا قاراپ پارات قىلىدۇ.

پرۇسسىيىنىڭ قوڭۇر رەڭلىك مارشال ئۈنفورمىسىنى كەيگەن ھىندېنبۇرگنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىشى ئوتتۇردا كۆرىنىشى ھامان، پۈتكۈل مەيداندىكىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىشىدۇ. ھىندېنبۇرگ بىر قولىدا ھاسسا، يەنە بىر قولىدا مارشاللىق توخمىقى، ھەيۋەتلىك بىر شەكىلدە تەمكىن قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. ئۇ ئىمپاراتور تەختىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە بۇرۇلۇپ تەختكە قارىغىنىچە مارشاللىق توخمىقىنى كۆتۈرۈپ كايسېرنىڭ بوش تۇرغان تەختكە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئىمپىراتورنىڭ تۇغقىنى بولسا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. بۇ مارشالنىڭ گەۋدىسى كەينىدە تۇرغان ۋىجىك قالغان ھىتلېرنى توساپلا ئالغان ئىدى. چىتلېرمۇ مۇراسىم كاستومى بىلەن ئەنسىز بىر ئەھۋالدا كۆرۈنەتتى. فرانسىيە باش ئەلچىسى فرانسۇۋا بېنس

www.pidaw.biz

(弗朗斯瓦•本塞) نىڭ قارىشىچە ھىتلېر "خۇددى قورقۇنچاق بىر ناتۇنۇش ئادەمدەك، بەستلىك بىر ھىمايىچىسىنىڭ كەينىدە ناتۇنۇش كىشىلەرگە ئۆزىنى تونۇتىۋاتقان بىرسىدەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى" دەيدۇ.

ئۇ ئىككىسى ئۇدۇل ئولتۇرۇشىدۇ. ھىندېنبۇرگ يېنىدىن كۆزئەينىكىنى چىقىرىپ قولىدىكى تىزىسنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە بەكلا مۇرەككەپ ھەمدە بەكلا ئېغىر بىر ۋەزىپە. شۇنداق بولغاچقا قايتىدىن پروسسيەنىڭ كونا ئىنتىزامىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارا قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى چاقىرىق قىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ نۇتقى، ئۆيلىرىدە رادىئو ئالدىدا ئولتۇرۇپ نۇتۇق ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىلغان دېگەندىن كۆرە، تۆۋەندە قىستىلىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە قىلىنغان خىتاپ دېيىش توغرا ئىدى. ئۇ، ئۇرۇشنى كايسېر بىلەن گېرمانىيە ئۈستىگە مەجبۇرى تېڭىشقان ئىدى؛ شۇڭا ئۇنىڭ مىراس ئالغان يۈكى ئىقتىسادى چېكىنىش بىلەن ئىشسىزلىك بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كەلگۈسى پىلانى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندېنبۇرگقا بۇرۇلۇپ ئۇنى يەنىلا ئەسكەر ۋاقتىدىكىدەك ئۇنىڭ بىر كوماندىرىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ. ئۇ ھىندېنبۇرگنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۇنى ئارمىيىنىڭ قوماندانى، خەلقنىڭ داھىسى دەپ مەدىھىلەيدۇ. "سىزنىڭ بىزنى گېرمانىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىزغا رۇخسەت قىلغانلىقىڭىز، بىز ئۈچۈن چەكسىز

www.pidaw.biz

بەخت ھېسابلىنىدۇ.»

ھىتلېر ھىندېنبۇرگنىڭ ئورۇنىدىقى ئالدىغا بېرىپ ئىگىلگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ. بۇنىڭدىن ھىندېنبۇرگ بەكلا تەسىرلىنىپ ئاستا ماڭغىنىچە ئىمپراتور پېتىر (腓特烈) بىلەن بىرىنچى پېتىر ۋىلھېلم (腓特烈•威廉一世) نىڭ قەۋرىسى ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن كىشى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ كانىۋىيى ئىدى. كانىۋاي ئىككىلا قەۋرە تېشىغا گۈل چەمبىرەك قويىدۇ. بۇ چاغدا ھۆرمەت ساليوتلىرى ئېتىلىشقا باشلايدۇ.

گېوبېلس ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ خاتىرلەش مۇراسىمى مۆلچەرلەنگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. مەيداندىكى بارلىق كىشىلەر، يەنى ھەربىلەر، پومىشچىكلار، ئانارخىستلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ھىتلېر ھىندېنبۇرگقا چەكسىز چوقۇنىدىكەن، ئۇ چوقۇم پرۇسسىيىنىڭ غايىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، رىيال كۈزەتكۈچى كىشىلەرگە مەن ھېچكىمنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەمەسمەن، دەپ ئېيتىدۇ. مەيدان ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى مەيدان بېرلىن كىلور (克罗尔) تىياتىرخانىسىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار ھەرقايسى زاللاردا ئايلىنىپ يۈرىشەتتى. سەھنىنىڭ كەينىگە چوڭ بىر پارچە كىرىست بەلگىلىك بايراق ئېسىلغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە گېرمانىيىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئەسلىدە كىم

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن 5 مىنوت ئۆتكەندە، پارلامېنت باشلىقى گېورىڭ پارلامېنت يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ قىسقىلا بىر تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، «ئويغان گېرمانىيە!» دېگەن شېئىرنى دېكلىماتسىيە قىلىشقا باشلايدۇ. كەينىدىنلا ھىتلېرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇچىسىغا پارتىيىسىنىڭ ئاددى قوڭۇر رەڭلىك كۆڭلىكىنى كىيىۋالغان ئىدى.

يىغىن زالى تىمتاس بولۇپ ئۇنى كۈتىدۇ. ئاندىن ھەممە بىرلىكتە ياشىسۇن غالىبىيەت! دەپ ۋارقىراشقىنىچە گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ. ھىتلېر ئۇزىتىلغان قۇيۇق بىلەكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ داغدام قەدەملەر بىلەن مېڭىپ سەھنىگە چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پارلامېنتتا ئوتتۇرغا چىقىشى ئىدى. ئۇ ئارگىنال بويىچە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇ ئارگىنال سۆز تاللاش نۇقتىسىدىن ئالغاندا بەكلا ئېھتىيات بىلەن يېزىلغان ھەمدە بەكلا سىلىق بىر نۇتۇق ھېساپلانسىمۇ، بۇ ئارگىنال ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل يېزىلغان بىر نۇتۇق تىزىسى ھېسابلىناتتى. ھىتلېر نۇتقىدا شەخسى مۈلۈكلەرگە ۋە زەخسىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى؛ دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا ھال سىنىپلارغا ياردەم قىلىشنى  كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغانلىقىنى؛ ئىشسىزلىققا خاتىمە بېرىدىغانلىقىنى؛ فرانسىيە، ئەنگلىيە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ يارىشىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى ھەققىدە

توختىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارلامېنتنىڭ «ئىمپېرىيە بىلەن خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش قانۇنى» نى ماقۇللىشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرغا قويىدۇ. ھوقۇق بېرىش دېگەن بۇ قانۇن ھىتلېرغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ چەكسىز ھوقۇق بېغىشلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ قانۇننى قۇلاققا بەكلا سىلىق ئاڭلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، "پەۋقۇلئاددە زورۇرىيەت ئاستىدا بۇنداق بىر تەدبىرنى ئىشقا سالماي بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلگىنىدىلا" ئاندىن بۇنداق پەۋقۇلئاددە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ھىتلېر، پارلامېنت، پىرېزدېنت، ھەرقايسى شىتاتلار ۋە دىنى جەمئىيەتلەرگە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بىر ھوقۇقىغا دەخلى تەئەررۇز كەلتۈرمەيدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگىنىدىن كېيىن، كەسكىن جۈملىلەر بىلەن نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ: بۇ تۈردىكى كاپالەتلىرىنى بىراقلا ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان كەسكىن سۆزلەر بىلەن نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر پارلامېنت بۇ تۈردىكى "دوستانە ھەمكارلىشىش پۇرسىتى" بېرىشنى رات قىلغىدەك بولسا، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆز پىرىنسىپلىرى بويىچە كۈرەش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: "دېپۇتات جاناپلار، كۈرەش قىلىش ياكى يارىشىش ئىشى ھەرقايسىڭىزلارنىڭ قانداق قارار بېرىشىڭىزلارغا باغلىق."

يىغىن تەنەپپۇسقا چىققىنىدا، بۇ تەدبىرگە قارشى چىقىدىغان دۈشمەنلىرى ھەرىكەتكە كېلىشكە باشلايدۇ. يىغىن

www.pidaiy.biz

قايتا باشلىنىشى بىلەن تەڭ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ داھىسى كورىدورلاردىكى قوڭغۇر كۆڭۈلەكلىكلەرنىڭ ("بىزگە ھوقۇق بېرىلىش قانۇنى كېرەك، يەنى بىزگە ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىش ھوقۇقى كېرەك!" دېگەن) رېتىملىق ۋارقىراشلىرى ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەپ، دادىللىق بىلەن بۇنداق بىر قانۇننىڭ چىقىرىلىشىغا نارازىلىقىنى بىلدۈردۇ. ھىتلېرمۇ پاپېننىڭ نەسىھەت بەرگىنىگە قارىماي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇنقى يىللاردا مىيونخېن پىۋىخانا قوزغىلىڭى ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى ئەسلەتكۈزەتتى. ئۇ مازاق قىلىش بىلەن تىل-ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. "مەن سىلەرنىڭ سايلام بىلىتىڭلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمەن. گېرمانىيە ئەركىن بولالايدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ ۋاستەڭلەردە ئەمەس. بىزنى بۇرژۇئازىيىگە ئوخشىتىۋالماڭلار. گېرمانىيىنىڭ يۇلتۇزى پارلاشقا باشلىدى، سىلەر يىمىرلىش يولىغا كىردىڭلار. سىلەرنىڭ ئۆلۈم سىگنالىڭلار ئاللىمۇ قاچان چېلىنىپ بولدى."

ھىتلېرنىڭ بۇ تۇردىكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرگىلا زەربە بولۇپ تەگمەستىن، يەنە مەركەز پارتىيىسىدىكىلەرنىمۇ ھولۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئارقىدىن ئاۋازغا قويۇش باشلىنىدۇ. گيورىڭ ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقتىدا (441 كىشى قوللاپ، 94 كىشى قارشى ئاۋاز بېرىپ،قوللاپ ئاۋاز بەرگەنلەر سانى لازىم بولغان ئۈچتە

ئىككىلىك يوقۇرى ئاۋازدىن ئېشىپ كېتىدۇ) مىللىي سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسىدىكىلەر خۇددى پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئاخىرقى سېكونتتا ئۇلار تەرەپ بولغان كوماندا ھەل قىلغۇچ بىر توپ كىرگۈزگىنىدەك بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەنتەنە قىلىپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئۇلار بىلەكلىرىنى كەڭ ئېچىپ «ئىسار ئورمىنى» مارشىنى ئېيتىپ كېتىدۇ:

"تۇغىمىز لەپىلدەيدۇ!
مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ،
ئېس-ئاچىلار ئالغا باسىدۇ،
تەكشى قەدەملەر بىلەن، خاتىرجەم ھالدا ..."

شۇنداق قىلىپ، ئاساسەن قىلچە قارشى ئاۋاز كۆرۈلمەي دېگىدەك دېموكراتىيە گېرمانىيە پارلامېنتىدا بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرلا قارشى ئاۋاز بەرگەن بولدى. قالغان پارتىيە-گۇرۇھلار ھىتلېر ھازىرچە قولدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان بۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئۇلار تۇتقازغان بۇ ھوقۇق، ھىتلېرغا بەكلا ئېھتىياجلىق بىر ھوقۇق ئىدى، شۇنىڭدەك ھىتلېرمۇ بۇ ھوقۇقتىن ئاساسەن تولۇق پايدىلىنىدۇ.

مەركەز پارتىيە داھىيسى ھىندېنبۇرگنىڭ ھىتلېرنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ خېتىدە "پېقىر سىلەرگە شۇنى بىلدۈرمەكچىكى، باش مىنىستىر ماگا رەسمى ئاساسى قانۇن ۋەزىپىسى بولمىغان بىر ئەھۋال

ئاستىدىمۇ مىنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ پەۋقۇلئاددە ھوقۇق قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تەدبىر قوللانمايدىغانلىقى ھەققىدە ماڭا ئىنىك ئىپادە بىلدۈرۈپ ئۆتتى” دەپ يازىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولغاچقا، ۋاقتىنچە ئۆزلىرىنى سېتىۋېتىلدۇق دەپ قارىغان مەركەز پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلارمۇ قايتىدىن غەيرەتكە كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىر-بىرسى بىلەن بەسلىشىپ دېگىدەك ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا كىرىشىدۇ. يەنە نۇرغۇنلىرى نىسبەتەن يۇشۇرغان ھالدا بولسىمۇ ئۇلارنى قوللاشقا باشلايدۇ. مەمورى كادىرلار بىلەن مەمورى ئەمەلدارلار (باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەمورى كادىرلىرى بىلەن مەمورى ئەمەلدارلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق) خۇددى كونسىرۋاتىپ بىر پارتىيە غالىپ چىققاندەك، ۋەزىپە ئورنىدىن قەتئىي ئايرىلماي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال پائالىيىتى ساقلاشقا تىرىشىدۇ.

ناتسىستلار پارتىيىسى پارلامېنتتا غالىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇن ھىتلېرنى مەخپىي تۈردە قوللاپ كەلگەن سانائەتچىلەر ئەندىلىكتە ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. پولات تۆمۈر تىرىستى كىرۇپ (克虏伯Alfried Krupp) كوچىلاردا مىللىي سوتسىيالىزمچى تونۇشلىرىغا ئاشكارە سالام قىلىپ يۈرىدىغان بولىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا ئىۋەرتكەن تەبرىك خېتىدە، مەن ۋە كەسپداشلىرىم شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، گېرمانىيە ئاخىرى ”مۇقىم ھاكىمىيەت قۇرۇش ئاساسىنى تىكلىيەلىدى” دەيدۇ.

كرۇپقا رەخمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى گېرمانىيە سانائەت ساھەسىنىڭ چار پادىشاسلىقىقا تاللاش ئارقىلىق چوڭ كارخانىلار بىلەن مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ نىكاھلىنىشىنى تەستىقلىغان بولىدۇ.

هىتلېرنىڭ ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ كاتىۋاشلىقىغا ھىجالمار شاچىتنى تاللىغانلىقىمۇ ھەرگىز بىر تەساددىپلىق ئەمەس ئىدى. ئىنتايىن قابىلىيەتلىك پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسى بولغان بۇ كىشى بۇرۇن ھىتلېرنىڭ سانائەتچىلەر ساھەسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىغا ياردەم قىلىپ كەلگەن بىرسى بولۇپ، ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىزمغا ئۆچ بىرسى ئىدى (ھىتلېرنىڭ مالىيە نازىرىمۇ بۇ ئادەمنى پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ بىر تالانتى دەپ تونۇيدىغانلىقى ئۈچۈن، شاچىت دېگەن بۇ نامزاتنى دەرھال تەستىقلايدۇ). "شۇنىڭ بىلەن بىرگە، — دەيدۇ سۋىلىن ۋون كروشىگد ئەسلىمىسىدە، — يەنە كېلىپ بۇ ئادەم مەن بىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يالغانچىدىن بىرسى. ئۇ بىرەر ھەقىقەتنى تاكى ئۆزىنىڭ توغرا دەپ قارىغان ھالىغا كەلگىچە سوزۇپ ئۇزارتىۋېتەلەيتتى."

هىتلېر ئۇنى نامزاتلىقىقا تاللاشتىن ئاۋال ئۇنىڭدىن، مېنىڭ ئومۇم مۇلۇك قۇرۇلۇش پىلانىم بىلەن گېرمانىيىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش پىلانىم ئۈچۈن بانكا قانچىلىك پۇل ئايرىپ ياردەم قىلالىشى مۇمكىن دەپ، دەپ سورىغان سۇئالىغا، شاچىت كونكرېت بىرەر رەقەم سۆزلەشكە ئۇنىمىغان بولسىمۇ، "كوچىدا

www.pidaw.biz

بىرمۇ ئىشسىز قالمىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل لازىم بولسا ئىمپېرىيە بانكىسى شۇنچىلىك پۇل بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ،” دەپ كېسىپ ئېيتقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ ۋەزىپىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى ھامان “مېفو” (梅福Mefo)[308] زايومىنى تارقىتىدۇ. بۇ ئىسىم 4 نەپەر ھەربىي ماشىنىلار سودىگەرلىرىنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەشكىللەنگەن “مېتاللورگىيلىق تەتقىقات ھەسسىدارلار شىركىتى” (Metall-Forschungsgesellschaft A.G) نىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى. بۇ زايوم دۆلەت كاپىتالىدىكى بىر زايوم بولۇپ، ئاساسلىقى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھۆددىگە بېرىلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان، قىسقا ۋاقىتلىق قەرز پۇلىدىن پەرقى يوق بىر زايوم ئىدى. بۇ زايوم 5 يىلغىچە كېچىكتۈرۈپ تۆلىنىشى مۇمكىن بولغان بىر زايوم ئىدى. شاختىنىڭ بۇ پىلانى، ھۆكۈمەتكە مۇددەتسىز كىرىدىت بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ھىتلېرنى گېرمانىيىنى كەڭ كۆلەمدە قۇراللاندۇرۇش ئىمكانىيىغا ئىگە قىلالايتتى.

تەبىئىكى، فيۇرېر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلار يالغۇز مەمۇرى ئەمەلدارلار بىلەن سانائەتچىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. نۇرغۇنلىغان زىيالىلار بىلەن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ گېرمانىيىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئارىسىدا پەيلوسوپ كىلىك (克里克) بىلەن پوملىر (保姆勒)، شائىر بۇرۇنك (勃隆克) بىلەن بىندىڭ، شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيىنىڭ داڭلىق دراماتورگى گېرخارت خاۋپتمان (Gerhart Hauptmann格尔哈特•豪普曼) دېگەن كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىناۋىتىدىن

www.pidaiy.biz

ۋاز كېچىشنى ئەسلا خالىمايدىغان بىرسى ئىدى. شۇ يىلى باش باھاردا، رۇدولف بىندىڭ (鲁道夫•宾丁Rudolf Binding) "بىز چوقۇم ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز شەرت. بىز ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالمىشىشىنى باھانە قىلىپ تەتقىقات يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشقا ھەققىمىز يوق. خاۋپىتمانىمۇ مېنىڭ بۇ پىكرىمنى قوللىغىدىن چەكسىز خۇشال بولدۇم. ئىنىستىتۇتتا سىياسى تەتقىقات ئەركىنلىكى ئەمەس بەلكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ساقلىنىشى كېرەك" دەپ يازىدۇ. ئەنە شۇنداق ھەمكارلىق روھى تۈپەيلىدىن خاۋپىتمان بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پەنجىرىسىگە كىرىست بەلگىلىك بايراقتىن بىرنى ئېسىۋالىدۇ. يەنە بىر قانچە ئاي ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ خارولد نىكولسون (哈罗德•尼科尔逊Harold Nicholson) غا، گېرمانىيىمۇ خۇددى ئىتالىيىگە ئوخشاش "ئۆزىنى ئازات قىلىش" يولىغا كىرىشى كېرەك دەپ ئىشەنچ بىلەن كېسىپ ئېيتىدۇ.

# (4)

ئىنقىلاب داۋاملاشماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىنقىلاب كۆرۈنۈشتە قان تۆكۈلمەيدىغان بىر ئىنقىلاب بولۇپ كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار بۇ قېتىمقى "قوڭۇر رەڭلىك ئىنقىلاب" نىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كىشىلەرنى بەك جەلپ قىلىپ كەتمەيدىغان "تەڭشەش" دېيىشنى چۈشىنەلمىگەن، ياكى چۈشىنىشنى خالىماي كەلگەن ئىدى. قارىماققا، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ھەقىقەتەنمۇ تولا بەك ئەنسىزلىك پەيدا قىلماي راۋان

www.pidaily.biz

ئىلگىرلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى گېرمانىيىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش، شۇنىڭدەك مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئورنىتىشقا شارائىت يارىتىش ھېسابلىناتتى. بۇنىڭغا بولغان قارشىلىقلارنىڭ ئۇنچە بەك كۈچلۈك كۆرۈلمەسلىكىدىكى ئاساسى سەۋەب، ھىتلېرنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقىدىن دېيىش مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆكتىچىلەر ھىتلېرنىڭ قۇرماقچى بولىۋاتقىنى ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. پىغتىن ھوقۇقلارنى بېرىش قانۇنىنى يولغا قويغان بىرىنچى كۈنىدە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ھەر قايسى جايلاردىكى ياچېيكىلىرىغا بىر يۈرۈش يوليورۇق يوللاپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دۆتلۈك قىلغانلىقىنى بۇ يوليورۇقىدا تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر بىلەن ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىلىشى ئۈستىدە بۇ يوليورۇقتا تەپسىلى چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن بولۇپ، پەقەت يولغا قويۇلىۋاتقان ناتسىستلار ئىنقىلابىغا قانداق قاراش مەسىلىسى ھەققىدە بەكلا ئاددى توختالغان. ناتسىستلار كېيىچە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن قۇرال ئاختۇرىۋاتقىنىدا، مىڭلىغان كومپارتىيىلىكلەر بىلەن كومپارتىيە گۇمانلىق ئادەملىرىنى تۈرمىلەرگە قاماشقا كىرىشكەن ۋاقىتتا، ئەسلىدە دېموكراتىيىنى قوغداشنىڭ قورغىنى ھېسابلىنىدىغان سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسى بولسا

پارتىيە ئەزالىرىغا خاتاھالدا ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا ئىدى!

"پۇتكۇل شەھەر ۋەھىمىلىك يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان، ھەممە كىشى گەپ سۆزلەردىمۇ بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ــ دەپ يازىدۇ شۇ يىلى ئەتىيازدا ئىسۋۇد بېرلىنغا يازغان خېتىدە، ــ مەن بۇ ئەھۋاللارنى خۇددى تارقىلىشچان زۇكام بولغاندەك سۇڭگەك-سۇڭگىكىمدىن تارتىپ ھېس قىلماقتىمەن. ... پۇتكۇل شەھەر خەلقى ئۇ ئاخشىمى قانۇنسىز ئادەم تۇتۇش بولدى، ئېيس-ئاچىلار گازارمىلاردا كىشىلەرنى لېنىننىڭ رەسىمىگە تۇكەر دەپ مەجبۇرلىماقتا، چىگىت يېغى ئىچىرىپ قىينىماقتا، سىيىپ كەتكەن كونا پايپاق يېيىشكە زورلىماقتا ۋە ئېسىپ ئۇرۇپ قىيناشماقتا، دەپ ئۆز ئارا كۇسۇلدىشىپ يۇرىشەتتى. ئۇلارنىڭ دەرت ئېيتىشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ غەزەپلىك چوقانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالماقتا، ھۆكۈمەت تۈمەنلىگەن كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرماقتا".

پايتەخت ئەتراپىدا، بولۇپمۇ كىچىك شەھەر-بازارلاردا كىشىلەر بىر قاتار ئاممىۋى يىغىلىشلار، نامايىشلار ۋە ھەشەمەتلىك مەنزىرىلەر ئارقىلىق كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ ھېچ نېمىنى پەرق قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلغان ئىدى. ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئۆز ئىختىيارى بىلەن "ھەمكارلىق ئورنىتىپ" مىللى سوتسىيالىزم پارتىيە تەشكىلىگە قوشۇلدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر پۇخرا ئاستا-ئاستا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن باغلىنىپ

قالـــدۇ. كىشـــىلەرگە تونـــۇش بولغـــان كوچـــا ئىســـىملىرىمۇ يېڭىلىنىــدۇ. مەسـىلەن خېرنـادىكى رادوس مەيـدانىنىڭ ئىسـمى ئـادولف ھىتلېـر مەيـدانى دەپ، بىبىـر يولىنىـڭ ئىسـمى ھېرمـان گېورىڭ يولى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ھەر ھەپتىـدە دېگىـدەك بىـرەر يېڭى تەشكىلات قۇرۇلماقتـا ئىـدى. ئـالايلۇق قايسـى بىـر ئـائىلار يېزا مەكتىۋى، ئانا ـ بالا پاراۋانلىق تەشكىلاتى، بـالىلار لاگېـرى، يېمەكلىـك بىـلەن تەمىنلەش پـاراۋانلىق تەشـكىلاتى دېگەنـدەك ناملاردا نۇرغۇن تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ.

ھىتلېرنىـــڭ ســـايلامغا قاتنىشـــىدىغان پـــۇخرالارنى ئـــۆزىنى سايلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولۇپ ئارىدىن بىـرەر ئـاي ۋاقىـت ئۆتكەنـدە، ئـۇ تېخىمـۇ ئاكتىـپ ھەمكـارلىق ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ۋاقىتىنچە بولسىمۇ مۇتلەق كۆپ سانىدىكى نېمىسلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئىسۋۇدىنىڭ قارىشى بـويىچە، بـۇ تـۈردىكى دوسـتانە خەلـق يـاش ئـېس ـ ئاچىلارغـا قىـزغىن مۇئامىلىــدە بولۇشــقا باشــلايدۇ. بــۇ ياشــلار "ئۆتتۈكلــۈك كوچىمۇ ـ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋېرسال شەرتنامىسىنى ئەمەلـدىن قالدۇرۇشقا بەل باغلاشقان، يـاز كېلىۋاتقاچقـا ئۇلارنىـڭ روھىمـۇ بەكــلا كۆتۈرەڭگــۈ ئىــدى. ھىتلېــر ئۇششــاق تىجــارەتچىلەرنى قوغدايــدايمىز دەپ كاپــالەت بەرگەنلىكــى، ئۇلارنىــڭ ياخشــى كـۆڭلىرى يـېقىن كـۆنلەردە كېلىـدىغانلىقى ھەققىـدە گېـزىتلاردا تىنىمـــاي تەشـــۋىق قىلىنىـــپ تۇرغـــانلىقى ئۈچـــۈن ئۇششـــاق تىجـــارەتچىلەر خـــۇددى باشـــلانغۇچ مەكـــتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغـــا ئوخشـــاش ئىچىـــدىن بىـــر يەرلىرىـــدىن خوشـــال ۋە ھاياجانغـــا

تولغـان، ئۇلارنىـڭ تىجـارەت رەقىبلىـرى بولغـان يەھـۇدىيلار، شـۇنىڭدەك ئازسـانلىق دەپ قارىلىـپ، ئـۇلار بىـلەن قىلـچە مۇناسـىۋىتى بولمىغـان ماركسـىزمچىلار دۆلەتنـى مەغلـۇبىيەتكە باشلاپ كەتكەنلەر، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلار دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا جېرىمانە جازاسى بېرىشەتتى.”

هـاكىمىيەت ئالماشـقاندىن كېـيىن، يەھـۇدىيلار بىـلەن ماركسـىزمچىلار سىسـتېمىلىق تـۈردە زىيانكەشـلىككە ئۇچراشـقا باشـلايدۇ. ئۆيـدە بـىرەر تـال نـان كېسـىش پىچىقـى چىقىـپ قالسـىمۇ، بۇنـداق نەرسـىلەرنى قـاتىللىق قـۇرالى دەپ ھۆكـۈم قىلىشـاتتى. يەنـى شـۇ ۋاقىـتلاردا ئـالبېرت ئەيىنىشـتېيىنىنىڭ بانكىـدىكى ئامـانەت پۇللىرىمۇ مۇسادىرە قىلىنغىنىغا ئوخشاش ۋەقەلەر پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى. گېرمانىيـدە، بۇ تـۈردىكى گەپ-سـۆزلەرنىڭ پۈتـۈنلەي چەتـئەللىكلەر توقـۇپ چىققـان ئۇيدۇرما تەشۋىقاتلار دەپ تەشۋىق قىلىنسا، ئامېرىكىـدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشـلىرى مىنىسـترى خېـرل (赫尔) ئامېرىكىـدىكى يەھۇدىيلارنىـڭ داھىيـسىغا گېرمانىيـدىكى يەھۇدىيلارنىـڭ زىيانكەشلىككا ئۇچراش ۋەقەلىرى ئەمەلىيەتتە ئاشۇرلاشتى، دەپ خاتىرجەم قىلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، چەتئەلـدىكى ئانارخىست ئەربابلارنىڭ چاقىرىقلىرىدىن ھىتلېر بەكلا غەزەپلىنەتتـى. شـۇڭا ئـۇ، ئەنگلىـيە بىـلەن ئامېرىكـا يەھـۇدىيلىرى يامـان غەرەزلىـك تەشۋىقاتلىرىنى توختاتمايدىكەن، گېرمانىيىدىكى يەھۇدىي سودا ساھەسـىدىكىلەر بەكـلا ئېغىـر كـۈنلەرگە قېلىشـى مـۇمكىن دەپ ئېلان قىلىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي قارشى تەشۋىقاتلار توختىمايدۇ. 1-ئاپرېل (ئۇمۇت) كۈنى، ھىتلېر “مېنىڭچە بولغاندا، مېنىڭ بۈگۈنكى ھەرىكىتىم تەگرىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق بىر ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ: يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش تەگرى يولىدا كۈرەش قىلغانلىق” دېگەن سۆزلەر بىلەن نارازىلىقلارغا قارشى چىقىدۇ. بۇ پەقەت دەسلەپكى بىر سىناقتىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇ ئارقىلىق ھىتلېر ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭ قانچىلىك ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويالايدىغانلىقىنى سىنىغان بولىشى مۇمكىن. چەكلىمە يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى كۈنىسى، ئىتالىيە باش ئەلچىسى سېروتى (塞鲁提) مۇسسولىن نامىدا ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان مۇئامىلىسىنى يۇمشىتىش تەۋسىيىسىنى بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېر، ئىتالىيىدە يەھۇدىيلارنىڭ سانى بەكلا ئاز بولغاچقا، پىرىزدېنتىڭلار يەھۇدىي مەسىلىسىنى بەك بىلىپ كەتمەيدىكەن، ئەمما مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە “ھەر قايسى نوقتىلاردىن نۇرغۇن يىل تەتقىق قىلىپ چىققانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەن ئەڭ ياخشى بىلىمەن. بۇنداق بىر تەتقىقات ئىشى بىلەن مەندىن باشقا ھېچ كىم بۇنچە چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقمىغان” دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ يەنە “قەتئىي ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ: مەن يەھۇدىيلارنى يەر شارىدىن بىراقلا تازىلىۋەتكەنلىكىم سەۋەبىدىن بەش-ئالتە ئەسىردىن كېيىن ھىتلېر دېگەن بۇ ئىسىم ھەر بىر دۆلەتنىڭ ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلەيدىغان بىر نامغا ئايلىنىدۇ” دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۆپلىگەن يەھۇدىيلار ئاچقان دۇكان ۋە

www.bidaiy.biz

ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكىدە چوقۇم بىر قانچە نەپەر قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەر ئايلىنىپ يۈرگەن بولىدۇ. گەرچە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى بەك كۆپ كۆرۈلمىگەندەك قىلسىمۇ، ياش ئېس-ئاچىلار خېرىدارلارنى كىرىۋاتقىنىڭلار يەھۇدىيلارنىڭ ئاچقان ماگىزىنى دەپ ئەدەپ بىلەن ئەسكەرتىش بېرىپ تۇراتتى. "يولىدىن ئۆتىۋاتقان كىشىلەر بۇنداق ئەھۋاللارنى بەكلا قىزىقارلىق ھېس قىلىشىپ بۇ ياشلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ تاماشا قىلىشاتتى ياكى بولمىسا بۇنداق ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك ئۆتۈپ كېتەتتى" دەيدۇ ئىسۋۇد قايسى بىر تۈرلۈك ماللار ماگازىنىنى كۆزىتىش جەريانىدا. بۇ ماگازىنغا نۇرغۇن كىشىلەر كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئىسۋۇدمۇ ماگازىنغا كىرىپ پۇرچاق ئۇنى قاسىرمىقىدىن بىر خالتا سېتىۋېلىپ ئالغان نەرسىسىنى تۇتقىنىچە دۇكاندىن چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىن بولغان بىر ياش كېلىپ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگىنىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايدۇ. گەرچە بۇنداق چەكلەش ھەرىكەتلىرى قايسى بىر تەشكىلاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ (بۇ تۈردىكى تەشكىلاتلار دېھقانلاردىن ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ چاقىرىق قىلىشقان ئىدى)، تۈرلۈك ماللار سودا سارايلىرىنى شۇنىڭدەك بانكىلارنى چەكلىيەلمەيتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، بۇنداق چەكلىمە قويۇش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىدۇ.

ھىندېنبۇرگمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىشنى

داۋاملاشتۇرۇشقا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ باش مىنىستىرغا ئېغىر سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان يەھۇدىي كونا ئەسكەرلىرىنىڭ پەس كۆرۈلۈشىنى ئەيىپلەيدۇ. "ئەگەر ئۇلار گېرمانىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە قان تۆكۈشكە ئەرزىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھەر قايسى سەپلەردە ۋەتەن ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشكىمۇ لاياقىتى بولۇشى كېرەك." ئەپسۇسكى، بۇ بوۋاي ھەرگىزمۇ ھىتلېرغا رەقىب بولالايدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھىتلېر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، قانۇن ساھەسى بىلەن سەھىيە ئىشلىرى ساھەسىنىڭ يۈزدە سەكسەن قىسمىنى ئىگەللىۋالغان يەھۇدىيلار، مانا ئەندى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. "قېدىمى پروسسىيە شتاتىنىڭ يەھۇدىيلاردىن بۇلغانماي ساقلىنىپ كېلەلىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى، جامائەت ئىشلىرى ئورۇنلىرىدا چەكلىك مىقداردا يەھۇدىيلارنىڭ ئىشقا ئېلىنىشىغا يول قويۇلغانلىقىدىن كەلمەكتە. كوماندىر ئەسكەرلەر ئىتتىپاقى ئاساسەن ئالغاندا ئۇلاردىن ساپ تۇتۇلۇپ كېلىنگەن." بۇنداق قاراشقا مارشال ھىندېنبۇرگ قايىل بولماي تۇرالمايتتى. بۇ نوقتىدا، شۇنىڭدەك ئۇرۇشقا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئويلىغان بىر قىسىم تۇتۇق ۋەدىلىرى، ئۇنىڭ 7-ئافرېل (ئۇمۇت) دا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يەھۇدىيلارنىڭ ھەر قايسى جامائەت خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇشىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ

كۆنى، هىتلېر دوختۇرلار ئىتتىپاقىغا، مەن سىلەرنىڭ بۆگۈنكى قىيىنچىلىق ئەھۋالىڭلارنى چۈشىنىمەن. بولۇپمۇ ياش دوختۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىمەن، دەپ ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى بىسلىق دۇنيا قارىشىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويغان بولىدۇ. "بىز دەل شۇ ياشلارنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ يات مىللەتلەرنى باستۇرۇش تەدبىرى ئېلىشقا، بۇ ياشلىرىمىزنىڭمۇ دوختۇرلۇق ساھەسىدە ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئېھتىمالى ئۈستىدە تىرىششقا مەجبۇر بولماقتىمىز. ... بۇ تۆردىكى مىللى ساپلاشتۇرۇش ئىشى، بەلكىم بىر قانچە ئەسىر سەرىپ قىلىش ئارقىلىق ئاندىن تاماملاشقا بولىدىغان بىر خىزمەت بولىشىمۇ مۇمكىن. مۇھىم بولغىنى، بىز كەلگۈسى سىياسى تەرەققىيات ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ تۇرالىشىمىزدۇر."

ئاردىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە، «گېرمانىيە مەكتەپلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق زىچلىقىغا قارشى قانۇن» غا ئاساسەن، ئالى مەكتەپلەردىكى يەھۇدىيلار سانىنى ئازايتىش ئىشى باشلىنىلىدۇ. ئىكسپوپ بېردىن (贝宁) بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ مۇھىم زاتلىرىدىن شتەيىنمان جاناپلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ھىتلېر بۇ جەھەتتە ئۆز پىكىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۇلار بىلەن چىڭ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ھىتلېر بۇ ئىككى نەپەر پوپقا شۇنى ئەسلىتىدۇ: دىنى جەمئىيەت بۇرۇنلاردا يەھۇدىيلارنىڭ تارقاق

ئولتۇراقلىشىشىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ يىغىلىپ بىرلىكتە ئولتۇراقلىشىشىغىلا رۇخسەت قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارنىڭ خىرىستىيانلار بىلەن بىر يەردە ئىشلىشىگىمۇ يول قويمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ قارىشىدا يەھۇدىيلار "دۆلەت بىلەن دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىينى قوغلاپ چىقىرىمەن، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئىلمىي ئورۇنلاردىن ھەمدە جامائەت خىزمىتى ئورۇنلىرىدىن قوغلاپ چىقارماقچىمەن" دەپ قارايدىكەن.

شۇڭا نۇرغۇنلىغان يەھسۇدىي گېرمانىيىدىن ئايرىلغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر يەھۇدىيلارغا قارشى پىلان ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە قارشى بىر ھەرىكەت ھېسابلانمايدىكەن. نۇرغۇن ئەسىر مابەينىدە ئۇلار ئېقىمغا ماسلىشىش چارىسىغا تايىنىپ ھاياتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئېچىدىن گيوتى بىلەن بېتخوۋېنلارنى چىقىرالىغان بىر مىللەت ئۇلارغا يەنە نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىتلېرنىڭ ھەقىقى مەقسىدى شەرق يەھۇدىيلىرىغا قارشى تۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسى گەرچە كۆرۈنۈشتە غەلىبە قازانغاندەك قىلسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئۆز ئىچىدە پەقەتلا ئىتتىپاق ئەمەس، تەشكىلى جەھەتتىنمۇ بەكلا تارقاق ئىدى. بۇ پارتىيە ھوقۇقنى قولغا ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كادىرلار قۇرۇلمىسى بەكلا زەئىپ ئىدى. مۇھىم ۋەزىپىدىكى "پىشقەدەم جەڭچىلەر" بەكلا كۆپ ئىدى. بۇ پارتىيە بەكلا تېز تەرەققى قىلىۋاتقان بولۇپ، پارتىيە ئەزا سانى بىر يېرىم مىليون كىشىگە

يەتكەن، شۇنىڭدەك يەنە بىر مىليون كىشى پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلماقتا. ئەمما پارتىيىنىڭ بۇنچىۋالا چوڭىيىپ كېتىشىگە ھىتلېر پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، 1-ماي (ئارسلان) كۈنى شخوس (施霍茨) قا بۇيرۇق قىلىپ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى چەكلەش يوليورۇقىنى بېرىدۇ.

بۇ ئىشمۇ ھىتلېرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، بىرىنچى ماي كۈنىنى "مىللىي ئەمگەكچىلەر بايرام كۈنى" دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ كۈننى ئىشچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بايرام كۈنى قىلىپ تەبرىكلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، تانبىرخوف ئايرىدرومىدا كەڭ كۆلەملىك بىر ئاممىۋى يىغىلىش تەشكىللەيدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى نەچچە ئونمىڭ ئىشچىغا يېتىپ، ئەمگەكچىلەر داھىلىرىمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار بۇ مىتىنگدە فيۇرېرنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىناۋىتى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلايدۇ. مەيداندا فيۇرېرگە قارىتىپ چوڭ پىرژېكتورلار يېقىلغاندىن باشقا باشقا يەرلەر پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇلغان بولۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھۇلۇققىنىدىن ئۈن-تىنسىز جىمىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇ ئادەتتىكىدەك سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلەرگە ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقىنىدا ئىشچىلار قىزغىن ئالقىش ياگرىتىپ، گويا ئۇلارنىڭ قولىغا دۇنيانى

تۇتقۇزۇپ قويغاندەك تەنتەنە قىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئىشچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرى تەرىپىدىن سېھىرلىنىشتىن ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا «ۋىسېر ئورمىنى» مارشىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى ئەندىلا بېسىقىشى بىلەن، كۆك يۈزىدە ھەر رەڭلىك ساليوتلار پارتىلاشقا باشلايدۇ. “بۇ ھەقىقەتەنمۇ مەردانە، كۆركەملىك بىر ئۇيۇن بولغان ئىدى. — دەپ يازىدۇ فرانسىيە باش ئەلچىسى ئەسلىمىسىدە، — مىتىڭ مەيدانىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا مەيلى گېرمانىيىلىكلەر بولسۇن ياكى چەتئەللىك مېھمانلار بولسۇن، ھەممە بىردەك بىر قېتىملىق يارىشىش دولقۇنى پۈتكۈل ئۈچىنچى ئىمپېرىيە تەۋەسىگە يېيىلىدىغان بولدى، دەپ ئىشەنگەن ئىدى.”

ئەتىسى، ساقچىلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى ئىگەللەشكە باشلايدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا يىڭى ھۆكۈمەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ۋەدىسىنى بەرگەن ئەمگەكچىلەر داھىلىرى بۈگۈن ئۆيلىرىدە قولغا ئېلىنغان ئىدى؛ ئىشچىلاەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئارخىپلىرى ۋە بانكا ئامانەت پۇللىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ گېزىتلىرىمۇ پىچەتلەپ تاشلىنىدۇ. ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ، تەشكىللىك ئاساستا ئەمگەكچىلەر ئۇيۇشمىلىرى پۈتكۈل گېرمانىيە تەۋەسىدە بىراقلا يوق قىلىندى. ئەمما ھىتلېر ئىشچىلارغا ۋەدە قىلىپ، يېڭىچە گېرمانىيە ئەمگەكچىلەر بىرلىك سېپىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقلىرى

www.pidaiy.biz

مۇھاپىزەت قىلىنىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ پاراۋان ئۆتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قوزغىلاڭمۇ پارتىلىمايدۇ، تەشكىللىك بىرەر نارازىلىق ھەرىكىتىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. تا ئاي ئاخىرغىچە، شۇنچە چوڭ ئەمگەكچىلەر قوشۇنى كىرىست بەلگىلىك بايراقلار كەينىدىن ئالغا ئىلگىرلەشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ سەپلىرى قىلچە قالايماقانلىشىپ كەتمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئۆزلىكىدىنلا قىزىللىقتىن قوڭۇرلۇققا ئۆزگىرەپ بولىدۇ. بۇنچە زور ئۇتۇق ئالدىدا ھىتلېر قىلچىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىنچە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ ئۆزگۈرۈپ، پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپلىرىنى نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەس قىلىپ قايمۇقتۇرۇپلا قويىدۇ. بۇ نوقتىنى ماي ئوتتۇرلىرىدا فرانكلىن دلانوۋ روزۋېلىت () دۇنيا تېنچلىقى چاقىرقىغا بېرىلگەن جاۋابىدا ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ھىتلېر جاۋابىدا، پرىزدېنت ئامېرىكىنى ياۋروپا مۇناسىۋىتى ئىچىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق تېنچلىقنىڭ كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلۈشىنى تەكلىپ قىلماقتا. بۇ تەكلىپنى گېرمانىيە قارشى ئېلىشى مۇمكىن دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېر تەختكە چىققان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى ئۇرۇشخۇمار تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچكەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. “گېرمانىيە ھۆكۈمىتى باشقا ئەللەرنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە تىنچلىق كېلىشىمگە كېلىشنى خالايدۇ. گېرمانىيىگە شۇنىسى ئېنىق مەلۇمكى، ياۋروپادىكى ھەر قانداق بىر قۇراللىق ھەرىكەت، مەيلى بۇنداق ھەرىكەت تولۇق غالىبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بىر ھەرىكەت بولىشىدىن

www.bilday.biz

قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغىنىغا سىلىشتۇرغاندا بىرىلىدىغان قۇرباغىن پەۋقۇلئاددە ئۇستۇن بولىدىغانلىقى ئېنىق.
— ھىتلېر بۇ يەردە پىرىزدېنتنىڭ مەردانىلارچە يېڭىچە سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۇسلۇبىغا قايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
— مەن بۇ جەھەتتە روزۋېلت ئەپەندىگە ھېسداشلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.” ئارىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ بىر مۇخپىرىغا “ئۇ پارلامېنت زالى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بىۋاستە ئۆز تۇتقان يولىدا ماڭالىغانلىق جاسارىتىگە قايىلمەن. — دەيدۇ. ئۇ كېيىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: — مەن ياۋروپادىكى پىرىزدېنت روزۋېلتنىڭ مەقسىدى بىلەن يولغا قويغان تەدبىرلىرىنى چۈشىنىشكە جاسارەت قىلالايدىغان بىردىن-بىر داھى ھېسابلىنىمەن.”

ھىتلېر ئۆز پارتىيىسىدىكى كىشىلەرنى تولۇق تېزگىنى ئاستىغا ئالالىغىنىدىلا ئاندىن بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىيالىشى مۇمكىن ئىدى. “مەن ئاڭلىغان ھىتلېر نۇتۇقلىرى ئىچىدە بۇ قېتىم ئاڭلىغانلىرىم ئەڭ ياخشى بىر بايان ھېسابلىنىدۇ. دەپ يازىدۇ لوسنا (罗茨纳) باللىرىغا يازغان خېتىدە، — مېنىڭ ھەر دائىم چۈشىنەلمەي كېلىۋاتقىنىم، بۇ ناتسىستلار قانداقلارچىسىغا ئۆز ئۆكتىچىلىرىنى بىراقلا تازىلىۋېتەلىگەنلىكى مەسىلىسى ئىدى. يەنى ستىرېسمان (施特莱斯曼) بىلەن بىرودىن (勃鲁宁) لارغا بۇنچىۋالا تەسەللى بەرگىدەك بىر نۇتۇقنى سۆزلىيەلىگەنلىكىگە ھەيرانمەن! ھەر نىمە دېگەن

www.pidaw.biz

بىلەن، بۇ ئىش دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشتىكى قىزىقارلىق بىر ئىش ھېسابلانسا كېرەك؟ يەنى تاشقى سىياسەتكە بېرىپ چېتىلىدىغانلىكى ئىش بولىدىكەن، بۇ ئادەملەر بىراقلا قوزىدەك يۇۋاشلىشىپ كېتىدىكەن. مەسىلەن مۇسسولىنى، ھىتلېر، ستالىن، پىلسودسكى (جوسېف پىلسۇدسكى، 1867-يىلى تۇغۇلۇپ 1935-يىلى ۋاپات بولغان پولشا گېنېرالى ۋە سىياسىيونى؛ 1918~1922-يىللار ئارىسىدا پولشا پرېزىدېنتى بولغان؛ پروفېسسور ئەھەت ئەنجاننىڭ «چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەشلەر» دېگەن يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇساپىرلارنىڭ مۇھاجىرەتتە سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، — بۇ كىتاب ئا. بوران تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بەزى ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېت تورلىرىغا قويۇلغان — كاپكازلارنى ئاساس قىلغان سوۋېت ئورتا ئاسىيا تۈركىلىرىنىڭ سوۋېتكە قارشى مۇھاجىرىدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىگە مەخسۇس ياردەملەردە بولغان بىرسى. — ئۇ.ت) قاتارىدىكىلەرمۇ شۇنداق مىجەزلىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلار دۆلىتى ئىچىدە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا بەكلا كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا چەت دۆلەتلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش جەريانىدا، ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىش ئېھتىمالى بولىدىغانلىكى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئىمكان بار بۇنداق ئاۋارىچىلىق ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىپ يۈرىدۇ. روشەنكى، ھىتلېر ھازىر ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى.

www.pidaiy.biz

بۇ قېتىمقى نۇتقى غەرب دۇنياسىغىلا بىر تەسەللى بولۇپ قالماي، ھىندېنبۇرگقا يېڭى باش مىنىستىرغا ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم دېگەن كاپالەتنىمۇ بەرگەن ئىدى. بۇ چاغدا، ھىتلېر بۇ بوۋايغا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈنۈۋالغان ئىدى. ھىتلېر، ھىندېنبۇرگقا قارىتا ئىنتايىن ئەدەپلىك، رائىش كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ قاراشلىرى بىلەن مەنتىقلىق كۈچى بۇ قېرى بوۋاينىڭ ھىتلېرغا ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنىمۇ سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. "مېنىڭ ئىلگىرلىشىمنىڭ تېزلىكى سەۋەبىدىن، — دەيدۇ ھىتلېر كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، — ئۈچ ھەپتىگە قالمايلا بۇ ئادەم خۇددى مېھرىبان ئاتىلاردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى."

ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشى يولىدا ھېچ قانداق توسالغۇ پەيدا قىلمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. ياز ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن، بىر قاتار يېڭى قانۇنلار ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. "ھەل بولىشى مۇمكىن بولمايدىغان قان-تەر مۇناسىۋىتىنى قوغداش" ھەققىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى چەكلەش قانۇنىغا ئاساسلىنىپ ئەڭ ئاۋال دېھقانچىلىق تەشكىلاتلىرىنى بوي سۇندۇرىۋالىدۇ. "ئىرىق ئاساسىدىكى" ئولتۇراقلىشىش سىياستى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش، ھىتلېرغا شەرقى رايونلارنى بوي سۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى

بەرگىنىدىن كېيىن، پەقەت نېمىسلارنىلا جايلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە بۇ جايلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئاساسىنى تىكلەپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەت مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ قولىدىكى ۋىلايەت ۋە شتات ھاكىمىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى دېھقانلار سىياسىي تەشكىلاتلار ۋاستىسىغا تايىنىپ (بۇنى نامۇۋاپىق بىر شەكىلدە «ئىمپېرىيە ئۇزۇقلۇق مەھسۇلات يەرلىرى» دەپ ئاتىۋېلىشقان)، بۇ يەرلەردىكى ئېتىزلىقلارنى قاتتىق تېزگىنىدە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتىدا، ھىتلېرنىڭ ئۆزى بولسا گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. 3-مارت (قوزا) كۈنى، «ئىمپېرىيە يەرلىك ماللار سودىسى ۋە قول سانائەت قانۇنى» نى ماقۇللىتىۋالغاندىن كېيىن، بىر ئايغا قالمايلا بۇ قانۇن "گېرمانىيە سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى" نىڭ رولىنى ئوينىشقا باشلايدۇ. تېخىمۇ قىزىق بولغىنى، 1-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى "گېرمانىيە سودا ساھەسى ئادولف ھىتلېر فوندى" نىڭ قۇرۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ فوند سانائەت ساھەسى بىلەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا مەنپەئەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بازار بىلەن مال باھاسى سىياسىتىنى تېزگىنلىۋېلىش بىلەن بىرگە تەشكىللىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىۋالغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيىنىڭ سانائېتى ھۆكۈمەت نېمىلا دېسە ماقۇل دەيدىغان بىر يولغا كىرگەن بولدى.

بۇ چاغدا، ھىتلېر يەنە بىر باسقۇچقا، يەنى ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان بىر باسقۇچقا، يەنى سىياسىي رىقابەتچىلىرىنى

www.pdfaiy.biz

يوقۇتۇش باسقۇچىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كومپارتىيە ئاللا بۇرۇن يوقۇتۇلغان ئەھۋالدا ئىدى؛ 22-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇنلىغان سوتسىيال دېموكرات پارتىيىنىڭ داھىلىرى قالغان چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلار بىلەن بىر قاتاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان لاگېرلارغا سولىنىۋېتىلدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە مىللەتچى پارتىيىمۇ ئۆزلىكىدىنلا تارقىلىپ كېتىدۇ. يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، يەنى ھىتلېر ھەر قايسى ئىمپىرىيە ۋالىلىرىغا "بۇندىن كېيىن بىز دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنىمۇ پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك" دەپ يوليورۇق بېرىۋاتقان كۈنلەردە، گېرمانىيە خەلق پارتىيىسىمۇ تارقىلىپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەرگە كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر ھۆكۈمەت كابىنېتىدا يەنە بەش نەپەر ناتسىست ئەزا كۆپەيتىۋالىدۇ. شۇڭا، ھىتلېر گېرمانىيىنى بىر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان تۈزۈك ئادەم قالمىغان ئىدى. پارلامېنتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئېلىپ، پارلامېنت تۈزۈمىنى بۇرمىلاپ كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ يېڭى تەكلىپ ئاساس قانۇننى ئىناۋەتكە ئالمايلا قالماي، ھەتتا تولۇق ھوقۇققا ئىگە قىلىش قانۇنىنىمۇ بىر تېيىن قىلىۋەتكەن ئىدى. "بىز ھۆكۈمەت كابىنېت يىغىنىدا بۇ مەسىلىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئاساسەن ئالغاندا بىرمۇ كىشى بۇنىڭغا قارشى چىقمىغان ئىدى"

www.pidaiy.biz

دەيدۇ پاپىن ئەسلىمىسىدە. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئاۋازغا قويۇشنى ئىلان قىلىدۇ. بۇ قانۇن بىردەك ئاۋاز بىلەن تەستىقلىنىدۇ. 14-ئىيۇن (باشاق) فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە كۈنىسى، بۇ تەكلىپ رەسمى قانۇنغا ئايلانغان بولدى.

گېرمانىيىمۇ خۇددى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بىرلا پارتىيە ھاكىمىيەت سورايدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ، پارتىيىنىمۇ پەقەت بىرلا ئادەم قولىدا تۇتىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ئادەم پۈتۈنلەي خام خىياللار دۇنياسىدا لەيلەپ يۈرگەن بىر ئادەم ئىدى.

## (5)

گېرمانىيىنىڭ ھەر بىر مەھەلە-يېزىسى قىزىل-قارا رەڭلىك كرېست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن كونا ئىمپېرىيىنىڭ قارا-ئاق-قىزىل بايراقلىرى لەپىلدىمەكتە ئىدى. ھىتلېر سېپتىۋېلىش، يىغىۋېلىش قاتارىدىكى تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىنقىلاپ قىلىش چۈشەنچىسى ئىنقىلاپنىڭ تەرتىپلىك، قانۇنلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا مۇھتاج بولىۋاتقان دۆلەت ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، فيۇرېرنىڭ ئېس-ئاچىلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئوڭ-سول قولى دەپ تونۇشقا باشلايدۇ؛ ھەر بىر مۇھىم ئورۇن دېگىدەك ناتسىستلار ياكى ئۇلار تېزگىنلەپ تۇرغان كىشىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئىدى. مەيلى سىنىپلاردا بولسۇن ياكى دوكلات زاللىرىدا بولسۇن،

قوڭغۇر رەڭلىك ئىنقىلاب ئومۇمىي يۈزلۈك مەدىيەلىنىدىغان ۋە تەبرىكلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، قالايماقانچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ھادىسە، دەيدۇ. "ئىنقىلاب ھەرگىزمۇ بۇ ھالىتىدە داۋاملاشمايدۇ." ئۇ دۆلەتنى بىر پارتىيىلىك دىكتاتۇرا تۈزۈمى بىلەن باشقۇرۇشنى ئېلان قىلىشتىن ئاۋال، ئۇ ھەر قايسى شتاتلارنىڭ گوبېرناتورلىرىغا "ئىنقىلاب پەيدا قىلغان ھاياجان دولقۇنىنى بىخەتەر ئۆزگەرتىش يولىغا يېتەكلەپ مېڭىشىمىز كېرەك" دەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى بىردىن بىر ئۆلچەم پارتىيىلىك بولۇش-بولماسلىقى ئەمەس بەلكى قابىلىيەتتۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھىتلېر ھەرگىزمۇ قان تۆكۈلىدىغان قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭدەك بارلىق ئاددى پۇخرالارنى ياكى سانائەتچىلەرنى چەتتە قالدۇرىدىغان بىر ئىسلاھاتنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۆز يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش پىرىنسىپىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. "ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىز چوقۇم تېزلىكتە بىراقلا بوي سۇندۇرۇۋېلىشىمىز شەرت. ئىقتىسادى ساھەدە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز چوقۇم باشقا تەرەققىيات پىرىنسىپلىرى بويىچە بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرلەشنى پەقەتلا تەدرىجى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ بەك ئالدىراخسانلىق قىلىپ بار بولغان شارائىتلارنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر شارائىتلار ۋەيران بولسا بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىمىزمۇ يوقالغان بولىدۇ."

ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ھىتلېرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ھىمايىچىسى بولغان ئېس-ئاچىلارغا بەكلا تەتۈر ئاڭلىنىدىغان گەپلەر ئىدى. ھەتتا ئۇلار بۇ گەپتىن قولىغا قورال ئېلىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكىمۇ ئىنتىلدۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بولىشى، ئۇلار ئۈزۈن يىللاردىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقانلىقى بولۇپ، چوقۇم كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەنىمەتلەرنى بۆلۈشىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئەمما ھىتلېر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قارارنى ئالىدۇ. ئۇ، بۇ ئىنقىلابنى يوقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۆز غورۇر كۈچىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھىتلېر ئىقتىسادى ئىنقىلاپ تاماملاندى دەپ ئېلان قىلىپ، پارتىيىلىك ئىقتىسادى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورنىغا چوڭ سودىگەرلەر ۋەكىللىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ھىتلېرنىڭ يولغا قويغان سوتسىيالىزمى ھېچ قانداق بىر سوتسىيالىزىمغا ئوخشىمايدىغان بىر تۈزۈم بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈم پۈتۈنلەي ھىتلېرنىڭ يوشۇرۇن مەقسىدى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەشكىللىك ئىگىلىك چۈشەنچىسى ھەقىقى سوتسىيالىزم بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ تۈزۈم تېخىمۇ ئۇلۇغ غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالىغىنىدىلا ئاندىن بىر سوتسىيالىزىمچى بولالايتتى.

ئۇنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكنى كۆزگە ئىلماسلىقى بوسىمىيە شەكلىدىكى بىر كەمسىتىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىنقىلابىي شەكىلدە بىر كەمسىتىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى

www.pidaily.biz

گېرمانىيىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆز تەقدىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا كاپىتالغا ئېرىشىپ قايتىدىن قۇراللىنىش ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا ئىدى. ئۇ لېنىنچى ئەمەس بەلكى بىر كايىسېرچى ئىدى. ئۇ سوتسىيالىزىمدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قوزغاشنىلا ئويلايتتى. شۇڭا، ئەگەر ئۇ كاپىتالىزم خەلق ئاممىسىنى قوزغىتالايدۇ دەپ قارىغان بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم كاپىتالىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولاتتى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇشقىلا بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايتتى.

مۇنداق قارىماققا، ئۇ گويا بىر ئىشچىلار جەمئىيىتىنى ياراتقاندەكلا قىلاتتى. ئىشچىلار بولسا ھىتلېرنى ھەم بىر ئەسكەر، ھەم بىر ئەمگەكچى دەپ تونۇشاتتى. شۇڭا ئۇلار ھىتلېرنى ئەنە شۇ شەكىلدە تەشۋىق قىلىشتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئىزاغا قالدۇرۇلغان، ئادەتتە يەنە ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىرۋىكىگە كېلىپ قېلىپ جاپا تارتىۋاتقان مىليونلىغان گېرمانىيىلىكلەر ھەم ئەسكەر، ھەم ئىشچى بولغان بۇنداق بىر قەھرىمان بىلەن ئۈچۈرىشىشى ھامانلا بىر-بىرسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتەلەيتتى. بارغانچە كۆپ كومپارتىيىلىكلەر گەرچە ئۆز داھىلىرى لاگېرلارغا قامىۋېتىلگەن بولسىمۇ يەنىلا مىللى سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىچىدە ئۆزىگە چۈشلۇق بىر ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن ئىدى. ھىتلېر ئوتتۇرغا قويغان سوتسىيالىزمنىڭ ماركسىزم سوتسىيالىزمىغا ئوخشىمايدىغان ئېنىقلىمىسىنى چۈشىنىشىمۇ ئۇنچە تەسكە

www.pidaiy.biz

توختىمايتتى: "گېرمانىيىنىڭ سوتسىيالىزمىغا نېمىسلار ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ ئىنتېرناتسيونالىزمنىڭ سوتسيالىزمى بولسا يەھۇدىيلارنىڭ بىر قۇرالىدىنلا ئىبارەت."

1933 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا مۇتلەق كۆپ قىسىم گېرمانىيىلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كىرگۈزۈپ بولىدۇ. بۇرجۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار، ھەربىلەر بىلەن سىياسى ساھەدىكىلەر، ئىرىقچىلار ۋە شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىنتايىن ئەقىللىق كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا باشلاپ، بۇ پارتىيىنىڭ كېلەڭسىز چوڭگۈيۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھوقۇقنى ئادەمنى چىرىتىشقا باشلاپ كېتىدىغانلىقى ئەزەلدىن كېلىۋاتقان بىر سىياسىي پىرىنسىپ؛ شۇنداقتىمۇ ھوقۇق يەنە ئادەمنى مۇقەددەس ھالغىمۇ كەلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. تېخى بىر يىل ئاۋاللا كوچىلاردا زومىلىق قىلىپ يۈرگەن ھىتلېرنى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەمىنلىگەن ھوقۇق كۈچى سەۋەبىدىن ئۇنى ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان بىرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بەزى نېمىسلار بايلىق ھەۋىسىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار غايە دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتى ئاساسەن ئالغاندا پۈتكۈل گېرمانىيىنى قاپلايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىقتىسادمۇ ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ؛ چوڭ شەھەر كوچىلىرىدىن تىلەمچىلەرنىمۇ تاپقىلى بولماس ھالغا كېلىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ زىيالى ۋە سەنئەتچى ھىتلېرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. ھەتتا ئوپېرا يازغۇچىسى بولغان گېرخارد خاۋپمان (格尔哈特•豪普曼) مۇ باشقىلاردىن ھەر قانچە پەرقلىق دېيىلگەندىمۇ يەنىلا ھىتلېرنىڭ ئالدىدا ئىگىلىپ تازىم قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرەيدۇ. شۇ يىلى ئىيۇن (باشاق) دا سپىنگرى (斯宾格勒) بىلەن ھىتلېر بىر يېرىم سائەت سۆھبەتلىشىپ فرانسىيىنىڭ سىياسىتى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشىدۇ. ئۇ ئىككىسى يېڭى دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاشلا نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا ھىتلېر بۇ يازغۇچىغا "مېنىڭچە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى مەلۇم بىر سىياسەت ئۈستىگە جەلىپ قېلىش بەكلا مۇھىم ئىكەن" دەيدۇ.سپىنگرىمۇ (斯宾格勒) ھىتلېرنىڭ بۇ پىكىرىگە قوشۇلىدۇ. گەرچە فيۇرېر ئادەتتىكىدەك گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ راست گەپ قىلىدىغان بىرسى ئىكەن، دەيدۇ ئۇ يازغۇچى ھىتلېر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن. رىچارد ستراۋس (理查•施特劳斯) ھىتلېر ياخشى كۆرىدىغان كومپوزىتورلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ گېرمانىيىنىڭ ئۆزگىرىش قىلىشىدىن پۈتۈنلەي رازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «روسىن كاۋاللېر» (罗生卡瓦利亚) بېرلىنىدا تۇنجى قېتىم ئوينالغىنىدا ھىتلېرمۇ كۆرگىلى بارغان بولۇپ، پەردە ئارىسى دەم ئېلىش ۋاقتىدا لوژدا ستراۋسنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ستراۋس (施特劳斯) چەكسىز خوشاللىققا چۆمىدۇ.

www.pdfuy.biz

دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ "بەگزادىلىرى" ھىتلېرنى مەدھىلەپ مۇكاپات ئېلىشقا تېخىمۇ تەلپۈنىدۇ. "ھىتلېر كىيمىنى قانداق ھەيدەش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدىكەن" دەيدۇ يېقىندا قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىنغان كاتولىكلار پارتىيىسىنىڭ داھىسى، پوپ لودۋىك كارس (路德维希•卡斯) كاردىنال بىلەن ئۇچراشقىنىدا، "ئۇ باش مىنىستىر بولۇشتىن ئاۋال مەن ئۇنىڭ بىلەن پات-پاتلا كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بۇ ئادەمنىڭ زېھنى ئوچۇق، يۈكسەك غايىدا چىڭ تۇرىدىغان، ھەمدە رىياللىققىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئادەم. ئۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ... مېنىڭچە بولغاندا، تەرتىپنى ساقلىيالايدىغانلا بولىدىكەن، كىملا باشقۇرسا مەيلى ئەمەسمۇ."

پاپا ئون بىرىنچى ئۇس (乌斯十一世) مۇ ئەنە شۇنداق پىرىنسىپنى ھىمايە قىلىدىغانلاردىن بىرسى ئىدى. بۇ نوقتىنى 20-ئىيۇن (باشاق) دا ھىتلېر بىلەن ۋاتىكان ئوتتۇرسىدا ئىمزالانغان دىنى كېلىشىم تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ كېلىشىمدە، دىنى جەمئىيەت پوپلار بىلەن دىنى زاتلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماسلىققا ماقۇل بولىدۇ. ھىتلېرمۇ پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدىكى گۇنا چىقىرىش مەكتەپلىرىگە تولۇق ئەركىنلىك بېرىدىغان بولىدۇ. بۇنداق بىر ھوقۇققا ئېرىشكەنلىك كاتولىك دىنىنىڭ بەكلا چوڭ ئۇتۇقى ھېسابلىناتتى. پاپا ھەزرەتلىرى ھىتلېرنىڭ ۋەكىلى فرانز ۋون پاپېنغا "چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن، شۇنىڭدەك گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كوممۇنىزمغا، رۇسىيىدىكى ھەر خىل-ھەر

www.pidaily.biz

رەڭدىكى خىيالپەرەستلىكىگە قارىتا قىلچە يول قويماي قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بىر رەھبىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ خوشالمەن" دەيدۇ.

ۋاتىكان، ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ھەمراغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، تەڭرىدىن بۇ ھەمرايىنى، يەنى ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنى ئامان قىلسۇن، دەپ دۇئا ئوقۇيدۇ. پاپا تېخىمۇ ئەمىلىيراق ھەرىكەت قىلىپ، گېرمانىيىدىكى بارلىق ئېكسپىلاتورنى مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسى ھۆكۈمىتىگە ساداقەت كۆرسىتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ يېڭى دۇئاسىنى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى: "مەن بۇ ئىلاھى ۋەزىپەمدە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پاراۋانلىق ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ئىمپېرىيىنى بوھرانغا قويىدىغان ھەرىكەتلەردىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ساقلىنىمەن."

گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدىكى بارلىق كىشىلەر يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنىڭ باھانىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىغا كىرىشكەن ئىدى. فيۇرېر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. كىشىلەر سېپتالغا ئېقىن قىلىپ فيۇرېرنىڭ يۇرتىنى سىغىنىپ كېلىشلىرى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى ئىدى. كىشىلەر يەنە ھىتلېرنىڭ باللىق دەۋرلىرىدە يازلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ تۇرىدىغان يېزا ئۆيىنى زىيارەت قىلىشنىمۇ بوش قويمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ سەھرا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئارتىلىپ چىقىپ رەسىمگە

تارتىشاتتى، گويا ئىچىدە قانداقتۇ بىر مۇقەددەس سۇ باردەك، قورادىكى تەڭنىدە قولىلىرىنى يۇيىشاتتى. ئۇلار يەنە تاش پارچىلىرى بىلەن سىيلىنغان ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تاش پارچىلىرىدىن پارچىلار سۆندۈرۈپ خاتىرە ئۈچۈن ساقلىۋېلىشاتتى. ئۇلار بۇ يەردىن خاتىرە ئۈچۈن دەپ ئالغىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئېلىپ مېڭىشاتتى. ئۇ قورانىڭ بوگۈنكى خوجايىنى ئېيتىزدىن قايتىپ قوراسىغا كىرگىنىدە زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى. "خۇددى بازارغا يىغىلغاندەكلا مىغ-مىغ ئادەم يىغىلىپ كېتەتتى. — دەيدۇ جون ستۇست (约翰•施图茨) شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، — زىيارەتچىلەر بىر تەرەپتىن كاللارنىڭ دۈمبىسىگە كىرىست بەلگىسىنى سىزىپ، بىر تەرەپتىن ھىتلېرنى مەدھىلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشىپ كەنت ئىچىدە ئايلىنىپ چىقىشاتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇ يەر تالان-تاراجدا قالغاندەك خارابە بىر يەرگە ئايلىنىپ قالدى.

1933-يىلى ئىيۇن (باشاق) نىڭ ئاخىرلىرىدا ھىتلېر ۋاقىت چىقىرىپ بېلېت (白莱特) نى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، رىچارد (理查) بىلەن كېشىما ۋاگنېر (科西玛•瓦格纳) ۋە ئۇنىڭ ئوۋلى پىنگفىي (品格菲) نىڭ قەۋرىسىگە تەزىيە چەمبىرىكى قويۇپ كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇ يەردىكى يىلدا بىر كېلىدىغان بايرامغىمۇ قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتى باش مىنىستىر بولغىنىدىن كېيىن ۋاگنېرنىڭ يۇرتىغا قىلغان تۇنجى زىيارىتى ئىدى. ئۇ ۋانفىلت () نىڭ كۈتۈپخانىسىنى ئايلىنىپ

www.pidaily.biz

ئۇنىڭغا بولغان ئوتلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. "سىز مېنى بۇندىن ئون يىل بۇرۇن دەل بۇ ئۆيدە قوبۇل قىلغان ئىدىڭىز. — دەيدۇ ھىتلېر ۋېنفىلت ۋاگنېرغا. ئاندىن ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ دەيدۇ: — ئەگەر شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشمىسا ئىدى، بۈگۈن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. ئۇ يىللىرى مېنىڭ يېشىمۇ بۇ ئىشقا تازا ماس كېلىدىغان ۋاقىتلار ئىدى. ئەندى مەن بۇ ئىش ئۈچۈن ياشتا بەكلا چوڭىيىپ قالدىم. بەكلا كۆپ ۋاقتىم زايا بولۇپ كەتتى. شۇڭا مەن بۇ زايا بولغان ۋاقىتلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم شەرت. — ئۇنىڭ مەيسلىنىشى قانداق تېز ئىپادىلەنگەن بولسا شۇنداق تېز غايىپ بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىدە يەنە 22 يىل ئولتۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. - شۇ چاغدىلا مەن بۇ ئىشتىن پىنسىيىگە چىقىشىم مۇمكىن. ئەمما بۈگۈن، ھۆكۈمەت كابىنتىنىڭ بىھۇدە بېشىمنى ئاغرىتىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماڭا تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق لازىم. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا تولۇق ھوقۇقىمىز بار دەپ قارايدۇ." ئۇ گۆشسىز چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغىنىدا، ئەگەر پۈتۈن ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈپ بولالىسام، سىناگوك (寺院) لارنى تارقىتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكلىرىنى مۇسادىرە قىلدۇرىمەن دەپ پىلانىنى ئاشكارىلايدۇ.

شۇ يىلى ياز پەسلىدە، ھىتلېر ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقۇرى سالسبۇرگ (萨尔茨堡) دىكى سەھرا داچىسىدا

ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ خانفىستانگىل ئائىلىسىنى ۋاسىنفۇرد (瓦申弗尔德) قا بېرىپ دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما فانفىستانگىلنىڭ ۋاقتى بولمىغاچقا ھېلېنې بىلەن ئېگۇن (ئۇ چاغدا ئېگۇنمۇ 12 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) ئىككىسىنى ئەۋەرتىدۇ. ئۇلار مىيونخېندىن ماشىنىلىق يولغا چىقىدۇ. يول بويى ھىتلېر يول بويى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ماڭىدۇ. ماشىنا روسېنخېيم (罗森海姆) ئەتراپىدىكى قىيالىق بىر تاغ يولىغا كەلگەندە ماشىنا تۇيۇقسىز جىددى تورمۇز قىلىپ توختاپ قالىدۇ. 7 نەپەر مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئاپتوماتلىرىنى كۆتەرگىنىچە دەرھال كاشىلا چىققان ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. شوپۇر كېمپكا (Erich Kempka 凯姆卡) ئالدىراش ماتورنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر ئۇنىڭغا پىلجىكتىر يېقىپ بېرىدۇ. “فيۇرېرىم، يەنە شۇ كونا چاتاق ئىكەن. — دەيدۇ شوپۇرى چۈشەندۈرۈپ، — قايسى بىر كوممۇنىست ئۇنسۇر بېنزىن باكىغا شېكەر پارچىسى سېلىۋېتىپتۇ.” ھىتلېر قوغدۇغۇچىلىرىغا مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپ، شوپۇرنىڭ بىر دېتالنى سۆكۈشكە قاراپ ھاياجان بىلەن بىر ياندا تۇرىدۇ. شوپۇر بىر تەرەپتىن پۈلەپ يەنە بىر تەرەپتىن ئېچىگە تارتىپ شوراپ يەرگە بېنزىن ئارىلاش شېكەر پارچىلىرىنى تۈكۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

باشقا مەغرۇر ئائىلىلەرگە ئوخشاش ھىتلېرمۇ ھېلېنې بىلەن ئېگۇڭ ئىككىسىنى بىرگە ئېلىپ ۋاشىنفېرد (瓦申弗尔德) نى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ جايلاشقان ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە

www.pidaiy.biz

بولـۇپ، سارىســبۇرگقا ئــۇدۇل قــاراپ تــۇراتتى. بــۇ ئۆيىنــىڭ بىزەكلىرى خۇددى باشقا ئۆيلەردىكىدەك بەكلا ئاددى ئىدى. "ئۆيــدە چاققــان بىــر يېزىــق ئۈســتىلى بىــلەن بىــر قــانچە ئادەتتىكىدەك كىتاب ئىشكاپلىرى قويۇلغان ئىدى. ــ دەيدۇ ئېگــۇڭ كېيىن ئەسلەپ كېلىــپ، ــ مەن ھىتلېــر قانــداق كىتــابلارنى ئوقــۇپ ۋاقــت ئۆتكۈزىــدىغانلىقىغا قىزىقىــپ تەكچىلەرگە قاراپ ھەيران قالغان ئىدىم." راست دېگەندەك كىتــاب تەكچىلىرىــدىكى كىتابلارنىــڭ كۆپۈنچىســى كــارل مىــي (卡尔•梅依) يازغــان قىزىقــارلىق غەرپ پــادىچىلار ھىكــايىلىرى ھەققىــدىكى كىتــابلار بولــۇپ، بــۇ تــۈر كىتــابلار بىــر بــاش مىنىســتىرنىڭ ئوقۇشــىغا ئەمەس بەلكــى 12 ياشــلىق ئېگــۇڭنىــڭ ئوقۇشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كىتابلار ئىدى.

خانفىستانگىل ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇ ئۆيگە مېھمان بولسىمۇ، يېقىنــدىكى مېھمانخــانىلاردا يــاكى ســاياھەتچىلەر تۇرىــدىغان ئۆيلەرگە چۈشكەن پارتىيە ئەزالىرىمۇ كېلىپ فيۇرېرنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. "گيورىڭ ھىتلېردىن ئايرىلماي دېگىدەك بىرەە يۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى دائىم دېگىدەك باغچىدىكى تار خىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا ئاگىنىچە مەخپىي سۆھبەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان يولى ئەنە شۇ تار يوللا ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىنانىڭ ئالدىدىكى كارىدوردا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقانلىرىدا ئېگــۇڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپمۇ قالاتتى. گەپنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغىنى گيورىڭ ئىدى: 'مەن يېڭىلا 20 نەپەر ئۆلۈم جازاسىغا قول قويۇپ بەردىم. ...'

دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدۇ. "ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ ئەنە شۇنداق بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلغان ئىدى. بۇ گەپلەرنى ئاپامۇ ئاڭلىغان ئىدى. مەن ئاپام بىلەن ئىككىمىز بۇ ەەپلەردىن بەكلا چۆچۈپ غەلىتىلىك ھېس قىلغان ئىدۇق: شۇنچە ھەشەمەتلىك دۆلەت ئىجرائېتىنىڭ كەينىدە بۇنداق قورقۇنۇشلۇق ئىشلارنىڭمۇ بارلىقى قانداق بولغىنى؟ دەپ ھەيران قالغان ئىدۇق."

ئۇلار تاماق ۋاقتىدا يىغىلىپ بىرگە تاماق يېيىشەتتى. ياماقخانا ئاستىنقى قەۋەتكە جايلاشقان بولۇپ، ئاددى ئەمما ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئېگۇڭ ئانگىلانىڭ ئەتكەن ئاۋستىريىە تاماقلىرىغا كۆنەلمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ پۇرچاق تامىقىغا بەكلا ئۆچ ئىدى. چۈنكى بۇ تاماقنى سۈت، ئۇن ۋە ئازىراق شېكەر قوشۇپ يېيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئېگۇڭ دەستىخاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. "ئۇلار مۇزىكىدىن، سىياسەتتىن، ھەتتا خىتاي سەنئىتىدىنمۇ پاراڭ قىلىپ كېتىشەتتى. ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، ھىتلىر بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ ئوچۇق يورۇق ھېسابلىناتتى. يەنى دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ ئۆزىنى ھەممىلا يەردە بىر داھى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىمايتتى. ئادەتتە ھىتلىر كىشىلەر بىلەن بەك پاراڭلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە پاراڭلىشىپ قالغاندا بىر بولسا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بېرەتتى، ياكى بولمىسا رەسمى نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنى كاتولىك دىنىنىڭ ھۆكمرانىغىلا

ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە، يەنى ئۇنىڭ بۇ يېزىدىكى داچىسىدا خۇددى ئادەتتىكى بىر ئۆي خوجايىنىغىلا ئوخشاش مۇئامىلىسى ئادەتتىكىچە، نورمال بىرسىدەكلا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ ئادەتتە ئاپتوموبىللار ھەققىدە، ماتورلار ھەققىدە، ھەر خىل تىپتىكى كىملەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تېخنىكىلىق تۈزۈلىشى ھەققىدە كۆپىرەك پاراڭ قىلاتتى.”

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ بۇ سەھرادىكى داچىسىدا تۇرىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقىلىپ كېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساياھەتچىلەر بۇ يەرگە قاراپ ئېقىن قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇ باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ پەقەتلا سىرتقا چىقماس بولىۋالىدۇ.

بىر كۈنى، بىر توپ ئادەم ئېگۇڭنى يېنىغا چاقىرىشىپ ھىتلېرنى سىرتقا چىقىرالارسەنمۇ دەپ سورىشىدۇ. 12 ياشلىق ئېگۇڭ يۈگۈرگىنىچە فيۇرېرنىڭ يېنىغا چىقىپ بەكلا نورمالسىز بىر تۈستە “ھىتلېر ئەپەندىم، بىر توپ سەممى ئادەملەر كورىدوردا سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى كۆرۈشكە بەكلا تەققەززار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ” دەيدۇ.

ھىتلېر قاھقاھلاپ كۈلگىنىچە، ئېگۇڭ بىلەن بىرگە سىرتقا چىقىپ كەلگەنلەر بىلەن سالاملىشىدۇ. “ھىتلېرنىڭ زىيارىتىگە كەلەن بۇ كىشىلەر ھىتلېرنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالىدۇ. ھىتلېر ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن

ئۇ كىشىلەر ماڭا ئالاھىدە مەمنۇن بولۇپ رەخمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارىدىن ھىستېرىيىلىك ئايالدىن بىرسى ھىتلېر دەسسىگەن شىبغىللاردىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ ئەينەك دورا قۇتىسىغا قاچىلاپ كۆكسىنىڭ ئاستىغا قىستۇرىۋالغانلىقىنىمۇ كۆردۇم" دەيدۇ. كېيىن ئىشىك تۈۋىگە يەنە بىر مۇنچە ئادەم كېلىپ ئېگۇڭغا بىر مۇنچە كارتوچكا، ئاتكىرتكا، رەسىم ۋە خەتلەرنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئېيگۇڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ دەرھال ھىتلېرنىڭ يېنىغا كىرىپ بىر تال قېرىنداش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. "ئاھ تەڭرىم! ئوغلۇم. — دەيدۇ ھىتلېر كۈلگىنىچە، — ئەندى سەن بۇ ئىشتا ماڭا يېپىشقىنىڭ يېپىشقان، شۇنداقمۇ ئوغلۇم؟"

ھىتلېر تاغدىن چۈشۈپ بېرلىنغا قايتقىنىدىن كېيىن، يەنە شۇ خىل مۇلايىم كۆرۈنۈشى بويىچە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا تەييار ئىدى. شۇ يىلى ئاۋغۇست (چايان) تا، ھىتلېر ئېگۇڭنىڭ دادىسىنىڭ ھىتلېرغا قارشى بىر كارىكاتۇرىلار توپلى نەشرى قىلىشىنى تەستىقلايدۇ. بۇ ھەجۋى رەسىملەر گېرمانىيىدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردىن يىغىلغان رەسىملەر ئىدى. بۇ رەسىم توپلىمىنىڭ ئىسمى «ئاق قەغەز ئۈستىدە قارا سىيا» بولۇپ، مۇقاۋىسىغا ھىتلېرنىڭ رەسىمى سىزىلغان، رەسىمدىكى ھىتلېر ئۆزىنى تەنقىت قىلىۋاتقانلارغا قاراپ قاھقاھلاپ كۈلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كارىكاتۇرلار خانفىستانگىل تەرىپىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپ چىقىلغان رەسىملەر بولۇپ، بەزىلىرى ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن رەسىملەر

بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنى قاتتىق مازاق قىلىپ سىزىلغان، يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە سىزىلغان ئەڭ ياخشى رەسىملەر ئىدى. خانفىستانگىل كىرىش سۆزىنىڭ باش قىسمىدا ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى قەھرىمان ئىمپىراتور پېتىر () نىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "بۇ كىتابچىنى پەسىرەك بىر يەرگە تىزىپ قويۇڭ." ئۇ كىرىش سۆزىدە بۇ گەپنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ بۇ كىتاب ھەقىقى ھىتلېر بىلەن ئۇيدۇرما ھىتلېرنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتىكى بىر سىناق، دەيدۇ.

بۇنداق بىر تەشۋىقات كىتابچىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى گيۇبېلسنى بەكلا قورقىتىۋېتىدۇ. خانفىستانگىل بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرالىشىمىز مۇمكىن دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ. دېگەندەك بۇ ئىش ھىتلېر ھەققىدىكى قاراشلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم ئۇنچىۋالا قورقۇنۇشلۇق بىرسى بولماستىن كۆكسى- قارنى كەڭرى بىرسى ئىكەن دەپ ھېسابلىشىدۇ. "فيۇرېر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر گېرمانىيىدە تېز سۈرئەت بىلەن يېيىلىشقا باشلىغان بۇ كۈنلەردە، — دەپ باھا يازىدۇ «ئەدەبىي ئۇچۇرلار» ژورنىلى، — ياۋروپادىكى بىر قىسىم بىتەرەپ گېزىت ۋە ژۇرناللار بولسا گېرمانىيىنىڭ بۇ مۇستەبىتى ھەققىدە ساپلا كۈلكىلىك نەرسىلەرنىلا ئېلان قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنى ھىلىگەر بىرسى دەپ قارىشىپ، ئۇنىڭ كەسكىن پىكىرلىك بولۇشىنى مازاق قىلىپ كۈلكە

www.pidaily.biz

قىلىۋېلىشتى." كۆرەش جەريانىدا ئاجىز تەرەپتە تۇرغانلار ئۈچۈن ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيىلىكلەر فيۇرېرنىڭ قەرز تۆلەش بىلەن چېگرا مەسىلىلىرىدە فرانسۇزلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ھىتلېر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. ئىسلزادە روتىيان () ئاقلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيە ئەزالىرى مەملىكەت ئىچىدىكى زوراۋانلىقلىرى، "ئاساسەن ئالغاندا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى مابەينىدە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىغا بولغان بىر تۈرلۈك ئىپادىسى دېيىش كېرەك." ئەنگلىيە ۋېرسال شەرتنامىسىغا قارىتا قارشى پىكىردە بولىشى گېرمانىيىدىن قالسىلا ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلىناتتى.

ھىتلېر ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل كۆرۈنۈش بىلەن ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى تۈزىتىپ بارماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قوش نەزىرىيە، ئۇنىڭ ئىرقچىلىق كۆزقارىشى بىلەن ھاياتلىق ماكان كۆزقارىشى ئىدى. ئۇ بەزىدە تۇيۇقسىز بۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئەمما ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا شەرقتە ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىش قارىشى بىلەن باغلىۋالاتتى. ھىتلېر ھەر دائىم ئەنگلىيىنى سۆكۈت ئىچىدىكى بىر ھەمرا قاتارىدا ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى كىرىست ئارمىيىسى سېپىگە قوشۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ئېنگلىزلارنى ئىشەندۈرەلىشى،يەنى ئىمپىرىيە خەلقارالىق سودا

www.pidaiy.biz

بىلەن يەر دۇنيا بويىچە دېڭىزلاردا زوراۋانلىق قىلىش غەرىزىدىن ۋاز كەچكەنلىكىگە ئېنەبلىزلارنى ئىشەندۈرەلىشى شەرت ئىدى. قىسقىسى، گېرمانىيە ياۋروپا قىتئەسىنى تېزگىنى ئاستىغا ئېلىپ كوممۇنىزمغا قارشى قەلئە شەكىللەندۈرىدىغان، دېڭىز ئوكيانلارنى بولسا ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاشلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شەرققە يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋال، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىش مەقسىتىدە ئىتالىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىتالىيە ناتسىستلار پىرىنسىپىغا ھېسداشلىق قىلاتتى. شۇنىڭدەك مۇسسولىنىنىڭ ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ــ ئۇ.ت) دا نىيىتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارمۇ خۇددى گېرمانىيىگە ئوخشاش فرانسىيىگە دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىدىن مىراس قىلىپ ئالغان دىپلوماتىيە خادىملىرى ھەر خىل سىنىپلارغا تەۋە كىشىلەردىن تەشكىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ئۇسلۇبىدىن بەكلا ئۈركۈپ يۈرىشەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ قىسىم دىپلوماتلار ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ئاساسلىق غايىلىرىگە قوشۇلاتتى. شۇنىڭدەك بۇنى ئۇلار ھىتلېردىن ھەمدە ئۇنىڭ سوتسىيالىزم پىلاكاتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسەدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز دەپ ئىزاھلىشاتتى. "ئادەتتىكى كىشىلەر شۇنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ــ دەيدۇ كەسپى دىپلومات خېبۇرت ۋون دېرىكس (赫伯特•冯•迪尔克森) ئەسلىمىسىدە، ــ

تۈزەلمەس ئىنقىلابى پارتىيىلىكلەر ۋاقتى كەلگىنىدە پۈتۈنلەي يوقۇتىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولسا، هوقۇق دېگەن بۇ مىزلىك شاراپنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغانلىقى ھەمدە ھوقۇقتىن كەلگەن راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇلارمۇ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلالايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئىدىيىسىدىمۇ تېخىمۇ مۇتەئەسسىپلىك تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقى بىر مۇقەررەرلىك." شۇڭلاشقا، ئىمكان قىلىپ دېركس (迪尔克森) قاتارىدىكى كەسپداشلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك "نورماللىشىش جەريانىدا بىز ئۇلارغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار." دەپ ئويلىشاتتى.

ھىتلېر دېپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتلەردىمۇ خۇددى سانائەتچىلەر بىلەن ھەربىي تەرەپتىكىلەرنى يېتەكلەپ ماڭغىنىدەك قوۇۋ بىرسى ئىدى. ئۇ، ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بىر يەھۇدىي بىلەن يەنە بىر يەھۇدىي بىلەن توي قىلغان بىرسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ئەمەلدارلارنى بۇرۇنقى ئورنىدا قېلىشىغا يول قويىدۇ. ئۇ يەنە ئەگەر گېرمانىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارلاشمايدىغانلا بولىدىكەن، ئىمپېرىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇ يەردىن يېتىشىپ چىققان كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قارشى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ رۇسىيىگە قارشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك سەممى ۋە ئىشەنچلىك

بولىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇ يەنە مەخپىي تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىدىن بۇرۇن تۈزۈشكەن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز كېلىشىمىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ تۆلىشىگىمۇ ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

1933 ـ يىلى كۈز ئايلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئېھتىياتچان خەلقارا ئۇيۇنلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئوينىماپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمئىيىتىدىن ھېكىنىپ چىقىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئەسلىدىنلا بۇ جەمىيەنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش جەھەتتە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان سىياستىنىڭ ئۆزىلا بەكلا قالايمان ئىدى. "بىز بۇ جەمئىيەتتىن چوقۇم چېكىنىپ چىقىشىمىز كېرەك. ـ دەيدۇ ھىتلېر پاپېنغا خىلى بەك ھاياجانلانغان ھالدا، ـــ بۇ جەھەتتىكى باشقا مەسىلىلەر پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەردۇر." ھىندېنبۇرگ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىش ئاقىلانىلىق ھېسابلىنامدۇ دەپ سورىغىنىدا، ھىتلېر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيىنىڭ تولۇق تەڭ باراۋەر ھوقۇقىغا ئىگە بولىشىنى ئويلايدىكەنمىز، بۇ جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقىشىمىز مۇتلەق زۆرۈر. ھىندېنبۇرگ بوۋاي ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ نائىلاج بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. چوڭ ئىككى پارچە يەرمەھسۇلاتىنىڭ سوۋغىتى بىلەن بىر قاتاردا ھىتلېر بىلەن گيورىڭنىڭ ئېغىزچە كاپالەت بېرىشى بىلەن، يەنى ئىمپېرىيىسى بىلەن پرۇسسىيە مەبلىغى ئارىسىدىن ھەر بىر پارچە يەر ئۈچۈن 400 مىڭ ماركتىن پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى

www.pidaw.biz

قۇرۇلۇشغا قىلىنغان ياردەملەر بوۋاينى تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، دەرھال ماقۇل بولىدۇ.

14 ـ ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنى، ھىتلېر رادىئو ئاڭلىتىشى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا گېرمانىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى، جەمئىيەتتىنمۇ چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. "بۇنداق تەگسىز ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان بىر تەشكىلاتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىلىپ بۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇش، 65 مىليونلۇق بىر خەلققە نىسبەتەن، ئابروينى قىزغىن سۆيىدىغان بىر دۆلەت ئۈچۈن، ئابروينى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ يول قويۇشقا بولمايدىغان بىر نومۇس ھېسابلىنىدۇ."

ئۇنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىگە بۇنداق ھۇجۇم قىلىشىنى ھەقسىزلىق دېيىشكىمۇ بولمايتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ مەغلۇپ قىلىنغان بىر دۆلەتنى كەمسىتىدىغان بىر تەشكىلاتتىن چېكىنىپ چىقىشى غەربىي دۇنياسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ۋېرسال شەرتنامىسىنى رەت قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. ئۇ قائىدىدىن سىرت فرانسۇزلارغا تىنچلىق ئارزۇسىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە گېرمانىيىنىڭ فرانسىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ بۇنداق چاقماق تېزلىكىدە تاكتىكا قوللىنىشى ماھىيەتتە ئۇنىڭ بىر قېتىملىق دوغا چىققانلىقى ئىدى. ھالبۇكى،

ئۇنىڭ تەلەپ قىلىشۋاتقىنى تىنچلىق بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئىشتا ئۇ مۇتلەق تۈردە ئۇتۇپ چىققىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر قىمار ھېسابلىناتتى. پەرەز قىلىنغىنىدەك، ئېنگلىزلار تەنقىت قىلىشقا قارىغاندا ھېسداشلىق قىلىشى ئۈستۈنلۈكتە بولىدۇ. خېدۋۇد (赫特伍德) نىڭ ئىسلزادىسى ئېلۇن (艾仑勋爵) ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسىدا "... بىز ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئۆتكەن 15 يىل مابەينىدە، بىز ۋە باشقا دۆلەتلەر ئاقىلانە ۋە ئادالەتلىك تەدبىرنى گېرمانىيىگە قانۇنى شەكىلدە تاپشۇرمىدۇق. بۇنداق تەدبىرگە ئېرىشىش، گېرمانىيىنى ئۆز تۇپراقلىرىدا ئۇرۇش قوزغاش ھوقۇقىنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا، گېرمانىيە ئىگە بولۇشقا پۈتۈنلەي ھەقلىق بىر تەدبىر ئىدى."

ھىتلېر، ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئاي ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش سايلىمىغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشى، ھىتلېرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تىپىك ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ قارارنى ئېلان قىلىپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، تەبرىكلەش خەتلىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تاغارلاپ كېلىشكە باشلايدۇ. "كاتولىك ھەرىكىتى" تەشكىلاتى يەنە تېلېگرامما يوللاپ، "بىردەك" فيۇرېرنىڭ قارارىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. "فيۇرېرنى بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان

www.pdaily.biz

نەرسە ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك بولغانلىقى ئەمەس. — دەيدۇ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلىرىدىن بىرسى بولغان مارتىن ھېدگېل (马丁•海德格) ئوقۇغۇچىلىرىغا، — شۇنىڭدەك ھەرگىزمۇ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنىڭمۇ نەتىجىسى ئەمەس، شۇنىڭدەك قارغۇلارچە ئېلىنغان بىر قارارمۇ ئەمەس، يەنە شۇنىڭدەك زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش ھەۋىسىدىن كەلگەن قارار تېخىمۇ ئەمەس. بۇ قارار ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ تەغدىرىنى شەرتسىز تۈردە قولغا ئېلىشنى كۆزلەپ ئېنىق مەسئولىيەت قارىشى ئارزۇسىنىڭلا بىر نەتىجىسى، خالاس.” (ھېدگېل (海德格) ئۇ ۋاقىتلاردا بىر ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە ئۆتۈپ ئۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ)

ھىتلېر ئىككى يۈزلىمە دېپلوماتىيە سىياسەت يۈرگۈزىشتىن ھېچ قاچان ۋاز كېچىپ باققان ئەمەس. 18-ئۆكتەبىر (ئوغۇز) كۈنى، «كۈندىلىك پوچتا» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى خۋارد پوتۇنس (华德•普顿斯) نى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ ئىنتايىن يۇمشاق ھەمدە مەنتىقىلىق ۋە كۆڭۈل ئايايدىغان تىلدا سۆزلەيدۇ. گەرچە نېمىسلار “گېرمانىيىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىششىغا بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ يول قويالمايدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىككىنچى قېتىملىق بىر دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىشىنىمۇ قەتئىي خالىمايدۇ” دەپ سۆزلەيدۇ.

ئاخبارات مۇخبىرلىرىغا سۆزلىگەن كاپالەت بېرىش سۆزلىرى دېپلوماتىيە ساھەسىدىكىلەرنى ئۇنچە بەك تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ.

گېرمانىيىنىڭ ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئەۋەرتكەن تېلېگراممىسىدا، مۇسسولىنى "بىزنىڭ ئاتقان بۇ قەدىمىمىزدىن بەكلا خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلماقتا، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ئىنتايىن سەزەۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلماقتا" دەپ يازىدۇ. مۇسسولىنى گېرمانىيىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشى ئۇنىڭ ئابرويىغا قاتتىق زەربە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك "نۆۋەتتىكى بۇ قاتمال ۋەزىيەتتىنمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، گېرمانىيە بۇ جەھەتتە كەلگۈسىدە قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس" دەيدۇ.

مۇسسولىنىنىڭ بۇ خىل غەزىۋىگە ھېتلېر ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا پۈتۈن زېھنى بىلەن يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش جەريانىدا كىشىنى قايىل قىلغىدەك ئۇنىڭغا بۇ ھوقۇقنى بېرىش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.ئۇ يەنىلا شۇ بۇرۇنقى سايلاملاردەك پارتىيىنىڭ ماددى ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى ئۇنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشنى قوللاشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. دىنى جەمىيەت يەنە بىر قېتىم قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باۋارىيىدىكى ھەر بىر باش راھىپ قىزىل يەكتەكلىك ئېكسىپوپ فارابىنى (红衣主教法拉伯) ماقۇللاپ ئاۋاز بېرىشكە ئۈندەيدىغان باياناتلارنى بېرىشىدۇ: "شۇنداق بولغاندا، دېموكراتىك دىنى

www.pidaily.biz

مورتلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقىگە، ۋەتىنىگە سادىق ئىكەنلىكىنى قايتا ئېلان قىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ فيۇرېرىنىڭ گېرمانىيە خەلقىنى ئۇرۇش ۋەھىمىسى بىلەن بولشېۋىكچىلىك ۋەھىمىسى ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىنى قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرگەن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىۋىنىڭ مۇستەھكەملەش، ئىشسىزلار ئۈچۈنمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىشتەك يىراقنى كۆرەر كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنىمۇ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىشۋالغان بولاتتى.” بۇ قارار خەلق ئاممىسىنىڭ مەغلوبىيەتلىك ئۇرۇش بىلەن كىشىلەر قەلبىنى مۇجۇپ كېلىشۋاتقان ۋېرسال شەرتنامىسىغا بولغان ئورتاق غەزىۋىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى. ھىتلېر ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىش كۈنىنى 12ـ دېكابىر (ئاراي) غا توغرىلايدۇ. ئەسلىدە بۇ كۈن، ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىغا قول قويۇش كۈنىنىڭ ئەتىسىكى خاتىرە كۈنىنى كۆرسىتەتتى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن ھىتلېر بۇ كۈننى ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش كۈنى قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى.

ئۇ، گويا بارلىق سىنىپلار بىر ئائىلە ھېسابلىنىدىغىنىدەك، ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرىگە چاقىرىق قىلىدۇ. “دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قايتىدىن قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتقان بۇ پەيتلەردە، ئىچكى جەھەتتە جىدەل قىلىپ تۇرىۋالساڭلار، بۇنىڭ ھېسابىنى ئۆتىيەلمەي قالىسىلەر.” ئۇ سېيمېنس (西门子) شىركىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىغا “ئەگەر

www.pdaily.biz

سىلەر گېرمانىيىنى قايتىدىن سەرگەردان ھالىتىدە كۆرۈشنى خالىمايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا گېرمانىيە چوقۇم ھوقۇقتا باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى شەرت. شۇڭا مېنىڭ سىلەرگە داھىلىق قىلىشىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر. مەن سىلەرگە گېرمانىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش قابىلىيىتىم بارلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىم. مەن ھەر قانداق بىر سىنىپ ياكى گۇرۇھقا تەۋە ئەمەسمەن. مەن پەقەت سىلەرگىلا مەنسۇپمەن.”

سايلامدىن بىر كۈن ئاۋال، ھىندېنبۇرگ ھىتلېر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىدۇ. چۈنكى بوۋاي ھىتلېردىن زور مىقتاردا مەنپەتكە ئېرىشكەن ئىدى. “ئەتە، ھەممىڭلار مىللىي غۇرۇر ھېسسىياتىڭلارنى ئۇتتۇرغا قويۇپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىر گەۋدە ھالىغا كېلىڭلار! ـ ئۇ رادىئو نۇتقىدا پۈتۈن مەملىكەر خەلقىغە ئەنە شۇنداق خىتاب قىلىدۇ، ــ تەڭ باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئۈچۈن، شەرەپلىك تېنچلىق ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن، باش مىنىستىر بىلەن بىرگە ئۆز پىكىرىڭلارنى ئوتتۇرغا قويۇڭلار. پۈتۈن دۇنياغا، تەگرىنىڭمۇ ياردىمى بىلەن بىز گېرمانىيە خەلقىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، بۇ ئىتتىپاقلىقنى مەڭگۈ ساقلايمىز، دەپ جاكارلاڭلار!”

بۇنداق بىر تەلەپ ۋەتەنپەرۋەرلەر ھەرگىزمۇ رەت قىلالايدىغان بىر تەلەپ ئەمەس ئىدى. ئەتىسى، ئاۋاز سانى ئېلىنغاندىن كېيىنكى نەتىجە شۇنى كۆرسەتتىكى، 95.1% كىشى فيۇرېرنىڭ تاشقى سىياسەت ئۇسلۇبىنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن ئىدى.

پــارلامېنتتىكى ئاۋازغــا قويۇلۇشــتىمۇ 92.2% ئــاۋاز بىــلەن پارلامېنتتا قالغان بىردىن-بىر پارتىيە بولغان مىللى سوتسيالىزم پارتىيىسىنى قـوللاپ ئاۋاز بېرىلگەن ئىدى. گەرچە بىـر قىسىم چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر بۇنـداق بىـر نەتىجىنـى مازاق قىلىـپ كۆلۈشكەن بولسىمۇ (داخاۋ 达豪 يىغىـۋېلىش لاگېرىـدىكى 2242 نەپەر ئادەمــدىن 2154 نەپىــرى فيــۇرېرنى قــوللاپ ئــاۋاز بەرگەنلىكىمـۇ قىزىــق!)، بـۇ رەقەمــلەر گېرمــانىيە خەلقىنىــڭ كۆڭلىدىكىنى ئۆلچەيـدىغان بىـر بارومېتر ھېسابلىناتتى. تاشقى مۇناسـۋەت سىياسـەتلىرىدە ئـادولف ھىتلېـر بـۇ تەۋەككۈلچىلىـك ئويۇنىــدا ئۇتـۇپ چىقىـش بىلەنـلا قالمـاي، ئۆزىنىـڭ مەملىـكەت خەلقى ئالدىدىكى ئورنىنىمۇ مۇستەھكەملىۋالغان ئىـدى. ئۇنىـڭ قولغــا كەلتــۈرگەن ھوقــۇقلىرى ھەممىــدىن ئۈســتۈن تــۇراتتى. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپـتە ئىچىـدە ئـۇ يەنە بىـر قـانۇن ماقۇللىتىــپ، پــارتىيە بىــلەن دۆلەتنــى بىــر پۈتــۈن ھالغــا كەلتۈرىۋالـدۇ. بـۇ قانۇنـدا "مىللــى سوتسـيالىزم پارتىيىسـى گېرمــانىيە دۆلەت ئىرادىسىــنىڭ ۋەكىلــى، ئــۇ دۆلەت بىــلەن ئايرىلمـاس بىـر پۈتۈنلـۈك ھالىغـا كەلـدى" دەپ بەلگىلەنـگەن ئىدى.

پۈتـۈن گېرمـانىيە خەلقىنـى يېڭـى ھۆكۈمەتنىـڭ ھـاكىمىيتى ئاسـتىغا ئېلىۋالغىنىـدىن كېيىن، ھىتلېرنىـڭ بىـر گەۋدە ھالىغـا كەلتــۈرۈش سىياســتى ئاساســەن ۋەزىپىســنى تاماملىغــان ھېسابلاندى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا تولۇق مۇستەبىت ھالىغا كەلــگەن ھېســابلانمايتتى. بۇنىــڭ ســەۋەبى، بۇنــداق

www.pidaiy.biz

مۇستەبىتلىككە ئارمىيە تەرەپ، ھەتتا كېسەل بولۇپ يېتىۋالغان ھىندېنبۇرگمۇ قارشى چىقىشى مۇمكىن ئىدى. نېمىلا بولسا بولسۇن، ھىتلېر گېرمانىيىنى مۇستەبىتلىك يولىغا باشلىۋالدى دېيىشكە بولاتتى. نېمىسلار ئۆزلىرىنى قامچىلاپ ھەيدەپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئىقتىسادى بوھراندىن قۇتقازغان ھەمدە ۋېرسال شەرتنامىسىدىن ئىبارەت ئېغىر نومۇسنى تازىلىغان بىر پېنگىفى (گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى بىر قەھرىمان) نى ھەرگىز خالىمايتتى.

تەبىئىكى، باستۇرۇش بولمىغان بولسا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. يىغىۋېلىش لاگىرى (بۇ سۆز ئەنگلىيىنىڭ پور ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياسىغان سۆزدىن كەلگەن بىر چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇ) پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىغا كېڭەيتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر بۇنداق لاگىرلارنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ بەك ھەيران بولماس ھالىغا كېلىپ بولغان ئىدى. بۇنداق لاگىرلار مەيلى ئىچكى جەھەتتە بولسۇن ياكى تاشقى جەھەتتە بولسۇن بەربىر جازالاپ قورقۇتۇش يېرى ھېسابلىناتتى. ماركسىزم بىلەن سوتسىيال دېموكراتىيە پارتىيىلىرىنىڭ گېزىت، باسمىخانا قاتارىدىكى مەتبۇئات يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالغاندىن كېيىن، گېزىتلاردا رەسمى تۈردە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. ئاقىۋەتتە مۇھەررىرلەر بىلەن نەشرىياتچىلار بىرلىكتە تېزگىن ئاستىغا ئېلىندى. ئىمپېرىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مۇستەقىل گېزىت چىقىرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزنالىرىمۇ قالمىغان ئىدى. مەتبۇئات

www.pidaw.biz

ئەركىنلىكى بىلەن بىر قاتاردا سۈپۈرۈپ تاشلانغانلار ئارىسىدا يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، رادىئو ئاڭلىتىش، تىياتىر، مۇزىكا، كىنو ۋە گۈزەل سەنئەتلەرمۇ بار ئىدى.

1933 ـ يىلىنىڭ دېكابىر (ئاراي) ئېيىغا كەلگىنىدە، گېرمانىيە زوراۋانلىق ھاكىمىيەتنىڭ بوسوغىسىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇنداق ئىشلار تېررورلۇق ئۈچۈن بولماستىن بەلكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىنتىپاقلىق ئارزۇسى ئۈچۈن ئىشلەنمەكتە ئىدى. كونا ئەقىدىلەرگە بوي سۇنۇشنى ھەرگىزمۇ سىنىپى كۈرەش مەسىلىسى دەپ قاراشقا بولمايتتى. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئالىملار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولغان، ئىشچىلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولغان ئەھۋاللار ئىدى. "بىز، بۇ ئارقىلىق مىللى روھ بىلەن ماسلىششنى، ھۆكۈمەت بىلەن ساداقەتلىك بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. — دەيدۇ گېرمانىيە ماتېماتىكا جەمىيىتىنىڭ رەئىسى كەسپداشلىرىغا، — شەرتسىز تۈردە، رازىمەنلىك بىلەن مىللى سوتسيالىزم ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ داھىسى باش مىنىستىر ئادولف ھىتلېر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. ھەر بىر نېمىس تەبىئىكى شۇنداق قىلىدىغانلىقى مۇقەررەر."

شۇڭلاشقا، گېرمانىيە جەمىيىتىدىكى ھەر بىر تەبىقە، ھەر قايسى سەپلەردە مۇستەبىتلىك بىلەن بىر گەۋدە ھالىغا كېلىش كام بولسا بولمايدىغان بىر ئەھۋال ھېسابلىناتتى. گەرچە باشقا ئەللەر بىلەن باشقا مىللەتلەر ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلىشىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، بۇ تۈردىكى ئەنگۈشتەر گېرمانلارغىلا خاس

بىر ئەھۋال بولۇپ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ باستۇرۇش خاراكتېرىمۇ تاۋتون () تىپىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىسى ئىقتىسادى، جوغراپىيىۋى مۇھىتلار بىلەن دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر پۈتۈن ھالغا كەلەەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مىللىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئۆشنىسىگە مىنىۋېلىپ ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان نېمىس خەلقى، تەرتىپ-ئىنتىزامنى سۆيۈش، سەمىمى سادىق روھ جەھەتلەردە بىر-بىرسىدىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك رەھىمسىزلىك ۋە ئابرويپەرەستلىك جەھەتلەردىمۇ بىر-بىرسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## (6)

ھىتلېرنىڭ كەينى-كەينىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇغلىرىنى تەنتەنە قىلىش جەريانىدا قۇلاقنى يارغىدەك باشقىچە ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنى پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ۋەقەسى دېلوسىنى سوتلاش ئىشلىرى يەنىلا داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ دېلو تاكى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن سوتلىنىدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتقىچە گېرمانىيە كومپارتىيىسى ئەزالىرى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش دېلوسىنى قارىلىغۇچى تەرەپ پەيدا قىلغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاۋال پارىژدا بىر پارچە ھىتلېرنىڭ تېرورچىلىقىنى پاش قىلىدىغان بىر كىتاب نەشرى قىلىدۇ. ئەمما بۇ كىتابنىڭ

مەزمونى پەرەزلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. "بىزدە بۇ جەھەتتە بىۋاستە ئىسپاتىمىز يوق، ئىسپاتچىنى تاپالماي قاراڭغۇلۇقتا گېرمانىيە بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىغلا ئىگىمىز. — دەيدۇ ئاس كېسلىر (阿瑟•科斯勒) كېيىن ئېتىراپ قىلىپ، — ئەسلىدە ھەقىقى ئەھۋالنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن پەقەتلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى."

ئەنە شۇنداق بىر مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ تۆردىكى چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن كوممۇنىستلار ئۆز ئالدىغا بىر سوت ئۇيۇشتۇرىدۇ. 1933 ـ يىلى 14 ـ سىنتەبىر (ياچاق) كۈنى لوندوندا سوت ئېچىلىپ، ئەنگىلىيىدىن د. ن. پولىت (D•N•普里特) بىلەن ئامېرىكىدىن ئاس كافىرد (阿瑟•加菲尔德) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خالقئارالىق سوت ھەيئىتى تەرىپىدىن سوتلىنىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا داڭلىق كىشىلەردىن جورج شاۋپونار (乔治•肖伯纳) دېگەن بىرسىمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئەسەرلىرىگە ھىتلېر بەكلا قىزىقاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «پەرىزات جىد» (贞德) دېگەن ئەسىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. شاۋپونار سوت ھەيئىتى ئارىسىغا قېتىلىشنى رەت قىلىپ، پەقەت ئوخشىمىغان پىكىرلىك بىرسى سۈپىتىدىلا ئوتتۇرغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: "ئەگەر جىنايەتچى توخماق كۆتۈرۈپ چىقىپ ھۆكۈمەتكە زەربە بېرمەكچى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تەغدىرى ئاللىمۇقاچان بەلگىلىنىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ" دەيدۇ. ئۆز ئالدىغا تەشكىللەنگەن بۇ سوت ھەيئىتى 6 كۈن سوتلىغاندىن كېيىن بۇرۇنلا بەلگىلىنىپ

بولغان ھۆكۈمنى ئېلان قىلدۇ: “پارلامېنت بىناسى مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دېگەن گەپلەردە بەكلا كۆپ مۇجمەللىكلەر ساقلانماقتا.”

ئەتىسى، گېرمانىيىنىڭ سوتى لېيىپزىگتا (莱比锡) ئېچىلدۇ. گېيورگىنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ قارىلىغۇچى بولۇپ 4 نەپەر قارىلانغۇچى كومپارتىيىلىكنى قارىلاپ ۋەتەنگە ئۆرتۈشنى چىقىرىۋېتىدۇ. گېيورگىنىڭ ۋارقىراپ-جارقىرىغىنىچە دىمىتروپ (季米特洛夫) نى ئەيىپلەشكە باشلايدۇ. (بۇ كىشى كېيىن بولغارىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولىدۇ): “سېنى لۈكچەك! سوت تۈگىگەندە سېنى چوقۇم ئەدەپلەپ قويىمىز!” گېيورگىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆزگە چىقىش ھەققى بار بولسىمۇ، غەلىبە كوممۇنىستلار تەرەپتە ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوت تەرىپىدىن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر جىنايەتچى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىۋالغان ۋ. د. لوب (范•德•卢勃) ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

سوت سىرتىدىكى كىشىلەر بۇ گوللاندىيىلىك پەقەت ناتىۋانلارنىڭ بىر قۇرالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئوت قويۇشتىكى مەقسىدى كوممۇنىست پارتىيىسىنى يوقۇتۇشنىڭ بىر باھانىسىلا قىلىنغان، دەپ قارىشىدۇ. بىلوچ بىلەن شىرا (希拉) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان تارىخچىلارمۇ شۇنداق دەپ قارىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پەرەزلىرى فىلىس توبىياس (弗里兹•托比阿斯) نىڭ كىتابى نەشرى قىلىنىشتىن

www.pidaw.biz

بۇرۇنقى پەرەزلەر ئىدى. توبىياس (托比阿斯) نىڭ كىتابى ئالاھىدە تەپسىلى يېزىلغان بولۇپ، خۇلاسە قىلىپ، كومپارتىيە بىلەن ناتسىستلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئوت قويغۇچىنىڭ يالغۇز لوب (卢勃) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاچېر (布拉切尔) قاتارىدىكى كۆپلىگەن تارىخچىلار توبىياس (托比阿斯) نىڭ كىتاۋىغا گۇمان بىلەن قارىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى خانس مومسىن (汉斯•莫姆森) نىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرىغا ئوخشاش ئىدى. مومسىن (莫姆森) نىڭ سالاھىيەتلىك ماقالىسى، شۇ دەۋردىكى تارىخ تەتقىقات يۇرتىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەتقىقات يۇرتى بولسا ناتسىستلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئوخشايلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان بىر ئورۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە لوب (卢勃) نىڭ تارىخى ۋە سوت خاتىرىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇنىڭ ئەقلى كۈچى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتىكەن. چۈنكى ئۇ يالغۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر سەرگەردان بولغاچقا ئوت قويۇش ۋەقەسىنىمۇ ئۆز ئالدىغا يالغۇز سادىر قىلغانلىقى ئېنىق.

لېيبكخېنت (莱比锡) سوتىنىڭ ھۆكۈمى گەرچە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدا سوت مەھكىمىسى يەنىلا ئۆزىگە خاس بەزى مۇستەقىل پىكىرلىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ساقلاپ قالالىغان ئىدى. گېيورىڭ بۇنىڭدىن

www.pidaily.biz

قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سوتچىنىڭ بۇ قىلغىنى بەكلا چوڭ سەتچىلىك ("سەن بۇنىڭ ئورنىغا سوتلىنىۋاتقانلارنى كومۇنىستلار ئەمەس بىز ناتسىستلار دېسەڭلا بولماتتى!") دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى بەزى نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ بېرەتتى: "قەدىرلىك گېيورىڭ، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بىر مەسىلە. بىز پات ئارىدا ئۇ ئەبلەخلەرنى چوقۇم بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيمىز. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ پىنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا، ئۇ يەرگە ئۆز ئادىمىمىزنى قويۇۋالالىشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ قېرى پىرىزدېنتىمىز ھاياتلا بولىدىكەن، بىز بۇ جەھەتتى تۈزۈك بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىڭ كېرەك."

خانفىستانگىل، باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە ئەنە شۇنداق گەپلەرنى پەۋقۇلئاددە ئاڭلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ ھىتلېرنىڭ غەرب دۇنياسى قوبۇل قىلالايدىغان بىر يولدا مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىپ قەيتا بىر قېتىم تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ باقىدۇ. ئۇ ئامېرىكا باش ئەلچىسىنىڭ قىزى، ئۇماق مارتا دود (玛尔塔•多德) قا تېلېفون قىلىپ: "ھىتلېرنىڭ ئامېرىكىلىق بىر ئايالى بولۇشى كېرەك. بۇنداق سۆيۈملۈك بىر قىز چوقۇم ياۋروپانىڭ پۈتكۈل تەغدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىشى مۇمكىن. مارتا (玛尔塔)، سىز ئەنە شۇنداق بىر ئايال بولالايسىز!" دەيدۇ (ئەمما فيۇرېرنىڭ نۇرغۇنلىغان سىرداشلىرىغا ئوخشاش خانفىستانگىلمۇ ھىتلېرنىڭ

ئاللىمۇقاچان ئېۋا براۋۇن دېگەن بىر ئاشنىسىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما ئۇنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى).

"ئىشكى ئالدىغا كەلگەن بۇنداق بىر پۇرسەت" تىن مارتا بەكلا "ھاياجان" لىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ فيۇرېر بىلەن كۆرۈشۈپ "ياۋروپا تارىخىنى ئۆزگەرتىش" كە ماقۇل بولىدۇ. كايزېر مېھمانخانىسىنىڭ چايخانىسىدا، ھىتلېر مارتانىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن بىرگە، پەرىشان بولغان ھالدا بىر نەچچە ئېغىز بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇپ قويىدۇ. مارتامۇ ئۆزىنىڭ ياۋروپانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادىمى بىلەن يۈزمۇ-يۈز قارىشىپ بىر دەستىخاندا ئولتۇرغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى. "ھىتلېر بەكلا كىچىك پېئىل، ئوتتۇرا تەبىقە كۆرۈنۈشلۈك، بەكلا جىمغۇر، ھەمدە بەكلا تارتىنچاق كۆرۈنەتتى. شۇنىڭغا قارىماي غەلىتە بىر شەكىلدە مۇلايىم، كىشىنى جەلىپ قىلارلىق، تەقەززار قىلىدىغان تۇيغۇمۇ بېرەتتى." دەيدۇ مارتا كەچلىك تاماقتا ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىراتى ھەققىدە توختىلىپ. بۇ گەپلەردىن مارتانىڭ ئاتىسى "قىزىمنىڭ بەكلا ئاسان ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان مىجەزى ماڭا بەكلا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا بۇنداق ئۇلۇغ بىرسىنىڭ سۆيۈپ قويغان قولۇڭنى ھەرگىز يۇماي ساقلىغىن" دەپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ.

باش ئەلچى دود ھىتلېر ھەققىدە ئۇنچە بەك چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىك

كەسپداشلىرى ھىتلېرغا بەكلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار فيۇرېرنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش تەلىپى ھەققىدە ئالاھىدە يول قويۇش تەرىپىدە بولۇپ، بۇ ھەقتە بىرەر كېلىشىم تۈزۈشكە بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. بۇ ئىش، 1934 ـ يىلى يىل بېشىدا ئەنگلىيە (掌玺大臣) ۋەزىرى ئېسلزادە ئانتون ئېيدىن (安东尼•艾登勋爵) بېرلىننى زىيارەت قىلغىنىدا ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئېيدىن (艾登) نىڭ ھىتلېر ھەققىدىكى تەسىراتى سەل باشقىچە بولۇپ، ئۇ، ھىتلېر ھەرگىزمۇ سىياسىي كۆشكۆرتكۈچىلا ئەمەس ئىكەن دەپ قارايتتى. "بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نىيمە دەۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىكەن. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ۋاقتىمۇ بەكلا ئۇزۇن بولۇپ، سۆھبەت ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، سۆھبەتنىڭ ئاساسى تېمىسىنى تولۇق تېزگىنىگە ئېلىۋالالايدىكەن" دەيدۇ. خەلقئاراغا كاپالەت بېرىش مەسىلىسىدە گېرمانىيىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەتلا ئۆزىنى مۇداپىيە قېلىش ئېھتىمالىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىكەن؛ ئەگەر بۇنداق بىر كېلىشىمنامە ئىمزالىنىدىغانلا بولىدىكەن، ھىتلېر دەرھال ئېس ـ ئاچىلار بىلەن ئېس ـ ئېسچىلارنىڭ قۇراللىنى يىغىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، دەيدۇ. ئەتىسى، يەنى 21 ـ فېۋرال كۆنى ھىتلېر بەكلا ئادەتتىن تاشقىرى بىر مۇناسىۋەتنى ئېپادىلەپ كۆرستىدۇ. يەنى ئۇ ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ چۈشلۈك تاماق يەيدۇ. بۇ ھەرىكىتى بىلەن ھىتلېر يارىشىۋېلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى

كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى فيۇرېرنىڭ چەتئەل باش ئەلچىخانىسىغا بېرىشى تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن بىر ئىش ئىدى. تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئەنگىلىيە تاماقلىرى بىلەن ئىچىملىكلىرىگە بەك قىزىقمايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر ھەققىدە سۆز ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، "چەكلىمىلەرنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ." ئېيدىن (艾登) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەربى سەپتىن چېكىنگەنلەر قايتا بىر ئۇرۇش پارتىلاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدىكەن. ھىتلېرمۇ بۇ گەپكە قوشۇلىدىكەن.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھىتلېر تەپسىلى پىكىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ، قوشنىلىرىنىڭ قولىدا بار ئايروپىلان سانىنىڭ پەقەتلا يۈزدە 30 قىسمىغا تەڭ ئايروپىلانغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن تەڭ يەنە، گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ سانى مەڭگۈگە فرانسىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ 60% نىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھىتلېرنىڭ خوشاللىق بىلەن ئۆزلىكىدىن ئېيس-ئاچلار بىلەن ئېيس-ئېسچىلار قوشۇنىنىڭ سانىنى ئازايتىشنى ئوتتۇرغا قويۇشى ئېيتىن (艾登) نى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ ئاساسى ساۋادى بىلەن سىياسى تۇغما قابىلىيىتى ئۇنى ھەرگىزمۇ دۆلەت ئىچىدە ئىككىنچى بىر ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەرگىز ماقۇللىمايتتى. ياق، ھەرگىز ماقۇللىمايتتى!"

بۇ بىر يول قۇيۇش پەسلى ئىدى. يەنى ھىتلېر يەنە بىر تۈرلۈك دوستانە قىياپىتىنى ئوتتۇرغا قويماقتا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ

www.pidaly.biz

14 ـ مارت (قوزا) كۈنى ئامېرىكىلىقلارغا بۇ قىياپىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرىدىن ۋون نيۇلېيت (冯•牛赖特) نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنى باش ئەلچى دود (多德) قا تۆۋەندىكىچە بىر مەلۇماتنى ئۇقتۇرىدۇ. باش ئەلچى دود (多德) “مانخاتتان” پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ نيۇيوركقا يولغا چىققان ئىدى:

ئىمپېرىيە پرېزىدېنتى دۇد (多德) ئەپەندىدىن روزۋېلتقا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ پرېزىدېنتنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باتۇرلارچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پرېزىدېنت ئىقتىسادى بوھراننى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كۈرەش قىلغان بولۇپ، پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى ئىنتايىن قىزغىن قىزىقىش ۋە قايىللىق بىلەن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. باش مىنىستىر پرېزىدېنتنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلاتتى. يەنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىنتىزامچانلىق قاتارىدىكى گۈزەل پەزىلەتلەر پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى بولىشى كېرەك دەپ قارايتتى. پرېزىدېنت ھەر بىر گىراژدان ئۈچۈن ئوتتۇرغا قويغان ئەخلاقى تەلەپلەر دەل گېرمانىيە پەلسەپەسىنىڭ روھى تىرىكى ھېسابلىناتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى “خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، شەخسى مەنپەئەتنى كەينىگە قويۇش” بۇ نوقتىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى.

يوللانغان بۇ ئۇچۇر ھېچ قاچان مەقسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئۇچۇر قۇلاققا قاتتىق ئاڭلىنىش بىلەن بىرگە ۋاقتىمۇ ئەمەس ئىدى. بىر ھەپتە ئاۋال، "ئامېرىكا يەھۇدىيلار جەمىيىتى" مادىسون (马迪逊) مەيدانى باغچىسىدا ئۆلگە قىلىنغان سوت ئۆتكۈزۈلۈپ، "مەدەنىي ھىتلېرىزم، ھىتلېر ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئىجرائىتىنىڭ ئىزلىرى" دېگەن تېمىلىق بىر سوت نۇسخىسى ئىدى. ئاتاغلىق ئادۋوكات سامۇئېل شىبۇل (萨姆埃尔•西布里) "مەدەنىي ئادۋوكاتلىق رولىنى ئوينايدۇ. شاھىتلار قاتارىدا شەھەر باشلىقى فيورىللو لاگۇدىيا (菲奥雷洛•拉瓜迪亚)، ئال سمىت (阿尔•史密斯 Al Smith) ۋە لىموند مورلى (雷蒙德•莫雷) قاتارلىقلار رول ئالدۇ. خەلق ئاممىسى ھەممە بىر ئېغىزدىن "مەدەنىيەت" چوقۇم غالىپ تەرەپ بولىدۇ دەپ توۋلاشتى.

## (7)

ھىتلېرنىڭ ئېس-ئېچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنى قىسقارتىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى فرانسىيىنى مەلۇم دەرىجىدە خاتىرجەم قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ھىتلېرنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش پىلانىنىڭ يالغۇز مۇداپىيىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي تۇرۇۋېلىشىدۇ. "ئەنگلىيىلىكلەر كېلىشىمگە كېلىش ئۈچۈن بەكلا ئالدىراپ كەتكەن ئىدى. — دەيدۇ باش ئەلچى فرانسۋا بېنس (弗朗斯瓦•本塞) ئەسلىمىسىدە، — ئۇلار كەينى-كەينىدىن نوتا يوللاپ، بىزنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن

www.pidaiy.biz

چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، قايسى تۈردە كاپالەت بېرىلسە بىزنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە قايتىدىن قۇراللىنىشىغا ماقۇل كېلىشىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى.» ئەمما ئېنگلىزلار ئۆز ئىچىدە بۇ ئىشقا بەكلا كۆڭۈل بۆلۈشمەكتە، بولۇپمۇ گېرمانىيىنىڭ تېزلىكتە ھاۋا ئارمىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا بەكلا قىزىقماقتا، شۇنداقتىمۇ يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ ئەھۋالىغا يەنىلا ئاشكارە تۈردە ھېسداشلىق بىلدۈرۈشمەكتە، نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېرنىڭ ئۇرۇش باشلىتىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتماقتا دېيىشلىرىنى مازاق قىلىشماقتا ئىدى.

باش ئەلچى فرانسۋا بىنس (弗朗斯瓦•本塞) گېرمانىيىگە يول قويۇش دەيدىغان پىكىرگە قوشۇلاتتى: «چەكلىك تۈردە، تېزگىنلەشكە بولىدىغان دەرىجىدە قايتىدىن قۇراللىنىشى چەكسىز تۈردە، چەكلىمە قىلغىلى بولمايدىغان ۋە بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان قايتىدىن قۇراللىنىش يولىغا كېتىپ قالغىنىدىن مىڭ ياخشى!» ئۇنىڭ قارىشىچە كېلىشىم تۈزۈلگىنىدە، بۇنداق كېلىشىمنامە ھەر قانچە ئاددى بىر كېلىشىمنامە بولغىنىدىمۇ يوقتىن ياخشى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ باشلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقۇللىقىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ. ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ئۆزى بىۋاستە پارىژغا بېرىپ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئەمما باش مىنىستىر دۇمېر (杜美尔) بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا، «بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق» دەپ ەەپنى كېسىۋەتكەن بولسىمۇ، قايتا-قايتا گەپنى يەنە بۇ مەسىلىگە بۇرىغىنىغا قارىماي باش مىنىستىر

بەربىر ئۇنىڭ گېپىنى بېلىدىن تېپىۋېتىدۇ. فرانسىيىنىڭ قارارى بويىچە بولغاندا، ئۇلار شەرقتە ناتسىستلارغا قارشى بىر گۇرۇھ تەشكىللەپ چىقىش ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ يامان نىيىتىنى چەكلەش ئىدى. پولشا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە چېخسلاۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ زىنجىرنىڭ بىرەر ھالقىسىنى تەشكىل قىلىشى، بۇ زەنجىر ئايلاندۇرۇپ كېلىپ “فرانسدىيىدىن ئىبارەت ئانا مېكىيان” ئۈچۈن تۇخۇم باستۇرۇپ بېرىدىغان بولىشى كېرەك ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە، سوۋېت ـ فرانسىيە ئوتتۇرسىدا كېلىشىم تۈزۈلىدۇ. ھىتلېر بولسا ئىمپېرىيىنى قورشاۋغا ئېلىنىشىنىڭ باشلىنىشىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇڭا، قۇرۇلىۋاتقان بۇ گۇرۇھقا تاقابىل كېلىشى ئۈچۈن ھىتلېر كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقداشلىققا مۇھتاج ئىدى. بۇنداق بىر ئىتتىپاقداش بولالايدىغان نامزاتلاردىن بىرسى ئىتالىيە ئىدى. ئەمما بۇ دۆلەتنىڭ رەھبىرى 1924 ـ يىلى ھىتلېرغا نەچچە مىليون لىرا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشنى رەت قىلغىنىدىن بويان بۇنداق بىر ئىتتىپاقداشلىققا بەك قىزىقماي كەلمەكتە ئىدى. باشقىلارغا يالۋۇرۇش، ھىتلېرنى ئەڭ بەك قىينايدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇلارغا غادىيىۋېلىش ئورنىغا يول قويۇشتىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ھىتلېر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تىرىشىپ كۆرىدۇ. ھىتلېر ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: “... پېقىر جانابىڭىزنىڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تىرىشچانلىقلىرىغا قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن

بىرگە، سەممى دوستلۇق روھى بويىچە جانابىڭىز بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئىككى دۆلەت ئاك-پىكىر جەھەتتە ئۆز ئارا زىچ باغلانغان بولغاچقا، ئورتاق مەنپەئەتلەر ئاساسىدا مۇۋاپىق تۈردە ھەمكارلىق ئورنىتىدىغانلا بولىدىكەن، بىز ئىككى دۆلەت ياۋروپانىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن قىياس قىلىنماس تۆھپىلەرنى قوشالايدىغانلىقى مۇقەررەر." ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ گېرمانىيە قۇراللىنىزلاندۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، باشقا دۆلەتلەردىنمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى چىقىمىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەيدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قاراشلىرىنى تەپسىلى مىسال قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ خېتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلىپ بۇ خەتنى گىيورىگنى ئىتالىيىگە ئەۋەرتىپ بىۋاستە مۇسسولىنىغا تاپشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ چەتئەل ئاخبارات كاتىۋى، شۇنىڭدەك غەيرى رەسمى ئىمپېرىيە چىگىلرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان خانفىستانگىلمۇ پات-پات مۇسسولىنىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا فيۇرېر بىلەن كۆرۈشۈش مەسلىھەتىنى بېرىپ كەلگەن ئىدى. "سىلەر ئىككىڭلارلا ۋاگنېر ھەۋەسكارى بولغىنىڭلار ئۈچۈن، بۇ ئالاھىدىلىكىڭلارمۇ سىلەرگە بىر ئورتاق نوقتا پەيدا قىلالىشى مۇمكىن. - دەپ ئېيتقانلىقىنى ئەسلەيدۇ خانفىستانگىل، — ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز ئۇنى ۋىنىستىكى ۋاگنېرنىڭ ۋاپات بولغان يېرى ۋېنترامىن (文德拉明) مەيدانىغا تەكلىپ قىلسىڭىز نەقەدەر ئەھمىيەتلىك بىر ئىش

بولار ئىدى! سىزنىڭ ئۈزۈن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىڭىزدىن ئۈمۈ مەنپەئەتلەنگەن، بەكلا جىددى ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىۋاتقان گېرمانىيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ياۋروپا مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش قابىلىيىتىڭىمۇ ئېرىشەلىگەن بولاتتى.” مۇسسولىنى بۇ پىلانغا قوشۇلۇپ ئۇنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر كۆرۈنۈشتە بىر مەزگىل رەخمەت ئېيتىپ تەكلىپنى رەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ كېيىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇچرىشىش باشتىن تارتىپلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىتالىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فىلىپىپ پوگانو (菲力波•波加诺) بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇسسولىنىنىڭ غەربىزى ياۋروپادا گېپى بولىۋاتقان بۇ سىياسەتچىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىدى. “ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم كالللىسى قېيىپ كەتكەن بىر ئاخماق بىرسى ئىدى. — دەيدۇ پوگانو (波加诺) بىلەن ئايرىم كۆرۈشكىنىدە، — ئۇ كالللىسىنى سىياسىي ۋە پەلسەپەلىك كارتۇچكىلار بىلەن لىق تولدۇرىۋالغان، نەزەرىيە بىلىمى جەھەتتە قىلچە سىستېمىسى يوق بىر مەخلۇق. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ سىياسەت ئۈستىگە چىققانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بىر سىياسى قىزىقچى بولۇپ ئوتتۇرغا چىققانلىقىنى، يەنى سايلام مۇسابىقىسى دەمدۇ، قانۇنلۇق ھوقۇق تارتىۋېلىش دەمدۇ ئەيتەۋىر سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن نېمشكە شۇنچە كېچىكىپ شوغۇللانغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. راستىنلىق

ئاخماقانىلىك-تە بۇ قىلىپ يۈرگەنلىرى! ئەگەر بىز رىمغا يۈرۈش قىلمىغان بولسا ئىدۇق، فاشىزم ئىتالىيىدە مەڭگۈ ئوتتۇرغا چىقمىغان بولاتتى. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئاكتىپ كۈچكە ئىگە كىشىلەرمىز. ئەمما ھىتلېر ئەپەندىنى بۇ جەھەتتە بىر قۇرۇق پو ئاتىدىغان بىرسىلا دېيەلىشىمىز مۇمكىن.” دەيدۇ مۇسسولىنى.

بۇنىڭدەك كەمسىتىلىش خەۋەرلىرى سىرتقا تارقىلىپ كېتىپ، ئىتالىيە تەشۋىقات ئەپكارلىرىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشى “قېنى بۇ غەلىتە مىجەزلىك ھىتلېر دېگەن مەخلۇقنى بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى” دەپ مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلىشىدۇ. 14-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، ھىتلېر رىدو (里多) ئايرودرومدا “روك” تىپلىق ئايروپىلاندىن چۈشۈۋاتقىنىدا، ئۇچىسىغا يۇڭ سارجىدىن كاستۇم بۇرۇلكا كەيگەن، ئۈستىگە كونا بىر ھەربىي پەلتۇنى يېپىنچاقلىۋالغان ھىتلېر كۆرۈنۈشىدە ئۈمىدسىزلىك بىلەن خېرىدا ئاختۇرۇپ يۈرگەن بىر ئېلىپ ساتارغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايروپورتقا كەلگەن مۇسسولىنى بولسا ئۇچىسىغا بىر قارا كۆڭلەك كەيگەن پۈتىدا ئۆتۈك، بېلىگە چاقناپ تۇرغان ئالتۇن بەلۋاغ باغلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە رەتلىك كېيىنگەن ئىتالىيە ئەسكەرلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. مۇسسولىنى قولىنى كۈچەپ ئۇزارتىپ كونا رىم پاسونىدا قارشى ئېلىش سالىمى بېرىدۇ. ئۇ قولىنى ئالدىغا ئۇزارتىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق كۈچەپ سىلكىگەن ئىدى. مۇخبىر ھ. ر. نىكبۇكا (尼克博卡) بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ “ئۇ تاس

www.pidaly.biz

قالىدۇ قاتتىق سىلكىپ بىلەك سالىمى قىلىمەن دەپ قولىنى چىقىرىۋالغىلى" دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر قورۇنغىنىچە ئوتتۇرغا چىقىپ گويا ناماقۇل بولغاندەك، ياكى ناتسىستچە قول كۆتۈرۈپ رەخمەت بىلدۈرگەندەك قولىنى يەڭگىل كۆتۈرۈپ بىلەك سالىمى بېرىدۇ. روشەنكى، مۇسسولىنىنىڭ بۇ تۈر ئويۇنلىرى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. كۈچلۈك كۈن نۇرى ئاستىدا ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، كېلەڭسىزلىك بىلەن پەشتاخ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كېتىدۇ. "مەن ئۇلاردىن 3 يارد (تەخمىنەن 3 مېتىر) يىراقتا تۇرغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىنى ئېنىق پەرق قىلالايتتىم. يەنى ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كۆزەتمەكتە ئىدىم. — دەپ يازىدۇ نىكبوكا (尼克博卡)، — بىر-بىرسىگە تەكەللۇپ قىمىسا بولمايدىغان كۆرۈنۈشىنىڭ كەينىدە مۇسسولىنىنىڭ كۆزلىرىدىن مازاق قىلىۋاتقان روھى قىياپەتنى، ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا زەردىسى قايناپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدىم." ساھىپخان ھىتلېرنى باشلاپ بىر قاتار ھەربىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقىنىدىمۇ، ھىتلېر بۇ تۈر قىيىن ئەھۋالدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقالمىغان بولۇپ، تەمترەپ خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇنجى قېتىم چوڭ بىر كەچلىك مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتقىنىدەك قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇ بېشىدىكى يېڭى شەپكىسىنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. ئۇ ئاۋال

شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىتالىيە دۆلەت بايرىقىغا سالام كەلتۈردى، ئاندىن ئۇ شەپكىسىنى قايتا كەيمەكچى بولىدۇ-يۇ، يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ قامالاپ تۇتۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ مۇسسولىنى بىلەن كېتىۋاتقىنىدىمۇ خۇددى كۆلىدىن چىققان قىزىق چامغۇرنى بىر قولىدىن يەنە بىر قولىغا ئېتىپ سوۋۇتىۋاتقاندەك قولىدىكى شەپكىسىنى تىنماي ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەيتتى. بۇ چاغدا مۇسسولىنىسۆزگە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىسچىسى بەكلا غەلىتى ئىدى.

ۋېنىسقا بارغاندىمۇ يەنە شۇنداق كۈلكىلىك ئىشلار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن ساياھەت قولۋىقىغا چىقىش ۋاقتىدا ھىتلېر تەمتىرىگىنىچە مۇسسولىنىنى ئاۋال سىز چىقىڭ، دەپ يول بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ساھىپخانلىق قىلىشقا ماھىر مۇسسولىنى بولسا دەرھال بىر يانغا ئۆتۈپ خۇددى توخونى كاتەككە ھەيدەۋاتقاندەك قىلىق قىلىپ قول ئىشارىتى بىلەن ھىتلېرنى ئاۋال سىز چىقىڭ دەپ ئۇنى قولۋاققا ئۈندەيدۇ. مېھمانخانىغا كىرگىنىدىمۇ ئۇ لىفىتتىن سەكرەپ دېگىدەك چىقىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئالدىدا يۈرۈپ كېتىدۇ. “مۇسسولىنىنىڭ قىياپىتى بەكلا ئالاھىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىپ تۇرغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ مەيدىسىنى كەرگىنىچە ئەتراپقا كۆز تىكەتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇ دېگەن ئىتالىيىنىڭ باش مىنىستىرى-دە!”

ھىتلېر ياتىقىغا كىرەر-كىرمەي يېنىدىكى مەسلىھەتچىلىرىگە ۋارقىراپ تىللاشقا باشلايدۇ: مۇسسولىنى شۇنچە ھەشەمەتلىك

كېيىنىۋالغانىكەن، نېمىشقا ماڭا پوخراچە كېيىنىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىڭلار! ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ساھىپخان بىلەن دەسلەپكى سۆھبىتىدىلا يەنە بىر مەيدان پالاكەتكە دۇچ كېلىدۇ. مۇسسولىنى سۆھبەت جەريانىدا پۈتۈنلەي ھاكىم ئورۇنغا ئۆتىۋالغان بولۇپ، ئۇ گەپنى ئاۋىستىرىيە مەسىلىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ نېمىسچىنى بۇزۇپ تازا ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە سۆزلەيتتى. شۇڭا ھىتلېر بەزىدە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي قالاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك مۇسسولىنىمۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئاۋىستىرىيە شىۋىسىدىكى نېمىسچىسىنى خاتا چۈشىنىۋالاتتى.

ئەتىسى، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنى ئىككىسى سان ماركو (圣马尔科) مەيدانىدا فاشىستلار قىسمىنىڭ پاراتىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پارات قىلىپ ئۆتىۋاتقان ئىككى قىسىم ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا رەئىس سەھنىسىنىڭ يېنىدىن بىز ئۆتىمىز دېسە بىز ئۆتىمىز دېيىشىپ تالاش-تارتىش يۈز بېرىدۇ. ئاخىرى بۇ ئىككى قىسىم كېلىشەلمەي بىر-بىرسىگە قىسىلىشىپ يۈرۈپ بىرلا ۋاقىتتا رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر مۇنچە يات-پاراقچىلىق پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئوركېستىر ئۆمىگىمۇ مۈشۈك مياۋۇلىغاندەك قاتتىق چىقراپ كاناي چېلىپ كېتىدۇ. پاراتتىن كېيىن ھىتلېر يېگى كانىۋىيى فىلىز ۋېيدرمانغا “بۇنداق قالايماقان بىر ھەربى قىسىمنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولار” دەپ سورايدۇ. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ھىتلېر تۇرغان قىسىمدىمۇ

كانىۋايلىق قىلغان ۋېيدرمان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئۇنىڭ پاراتتىن ئۆتىشى بىر-بىرىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز." "ئەمما بۇ گەپتىن ھىتلېر ھېچقانداق بىر مەنا چىقىرالمايدۇ. بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغىنىدا بىر ھەربىي پاراخوتنىڭ خادىسىغا دېڭىز پلوتىنىنىڭ بايرىقىنى ئاسماي ئۇنىڭ ئورنىغا دېڭىزچىلارنىڭ رەڭگارەڭ مايكا-تامباللىرىنىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ."

ئىككى مۇستەبىت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى، شۇنىڭدەك ئەڭ مۇھىم بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنى لىدو (里多) گولۇب چىملىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىر ئاخماقنىڭ ياكى بىرەر ئۇستا سىرىكچىنىڭلا قىلىدىغان ئىشى ئىدى. "مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىدىمكى، — دەيدۇ پىكانو (被加诺) ئەسلىمىسىدە، — ھىتلېر تىنماي سۆزلەيتتى. ھەتتا بەكلا ھاياجان ئىچىدە سۆزلەيتتى. مۇسسولىنى بىر ياندا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. چىرايىدىنمۇ قايىل بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى." ئىككى سائەتكىچە داۋام قىلغان بۇ سۆھبەت جەريانىدا پوكانو (波加诺 ) مۇسسولىنىنىڭ ئېغىز ئاچقانلىقىنى ئاساسەن تۇيمايدۇ. "ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن ھەتتا تۈكۈرۈكلەر چاچراپ تۇراتتى. شۇ ئاخشىمى، رەسمى كۈتىۋېلىش مۇراسىمى ئوتتۇرلىقىدا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي كۆل بويىدىكى مۇراسىم

مەيداندىن ئايرىلىپ، ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى تاپىلايدۇ.”

ھىتلېرنىڭ بەكلا كۆڭلى قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسسولىنىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ پۇتلانغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. فيۇرېر ئاۋستىرىيىنىڭ (كەلگۈسىدە ئىمپېرىيىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلىسىمۇ) تولۇق مۇستەقىللىقىغا ماقۇل دەيتتى، شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ مۇسسولىنىدىن ئېرىشكىنى ھەربى كۈچىنى ئازايتىش مەسىلىسى جەھەتتە ئېنىق قوللاش كاپالىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نيۇلېيت (牛赖特) ھەر قايسى چەتئەل ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەرگە بىر ئۇقتۇرۇش تارقاتقىنىدا. بۇ ئۇقتۇرۇغنى ھەر قايسى چەتئەللىك دىپلوماتلار كۈلكىلىك كەيپىياتتا ئوقىغان ئىدى:

“... ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى ۋېنىس زىيارىتى جەريانىدا ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋېلىندى. كۈتىۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ ھەقىقەتەنمۇ دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى، جامائەتچىلىكىمۇ بۇ زىيارەت چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ...”

“ھىتلېر بىلەن مۇسسولىن ئىككىسى بەكلا چىقىشىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەخسى دوستلۇق روھى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتىنمۇ ئېشىپ كەتتى.”

“سۆھبەتلەر ئىنتايىن باي مەزمۇنلۇق، شۇنىڭدەك بەكلا يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتتى. ئىككى تەرەپ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان بارلىق مەسىلىلەردە ئۇزۇن مۇددەتلىك كېلىشىمگە كېلىشتى. رەسمى كېلىشىم ھازىرچە پۈتمىگەن بولغاچقا، تېخى رەسمى بىر كېلىشىمنامىگە قول قويۇلمىدى. ...”

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىشلار كاتىبى ئېرنست ۋون ۋىزشاكىر (恩斯特•冯•威茨萨克) مەلۇم بىر شىۋىتسىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بىلەن ئۆتكۈزگەن شەخسى سۆھبىتىدە، “بۇ ئىككىسىنىڭ تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايمەن” دېگەن.

“پۈتۈن ئىنقىلابلار ئاخىرى بېرىپ ئۆز قىزىنىمۇ يۇتۇپ كېتىدۇ.”

ئون ئىككىنچى باب

# ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب:

## “ھەممە ئىنقىلاب ئاخىرى ئۆز قىزىنى يۇتۇپ كېتىدۇ”

# (1)

ھىتلېرنىڭ ئېس-ئاچىلار سانىنى ئازايتىشقا كاپالەتلىك بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقەتەنمۇ سەممىلىك بىلەن بېرىلگەن بىر ۋەدە ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېس-ئاچىلار نامايەندە قىلىپ كەلگەن مۇستەقىل بولۇشپىرلىپ پائالىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە ئاي مابەينىدە ئېس-ئاچىلار باش قوماندانى كاپىتان روم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى رەسمى ھەربىي قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىش تەلەپىنى قويۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تۈر تەلەپىگە تەبىئىي ئارمىيە تەرەپ قارشى تۇراتتى.

ھىتلېر، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىزچىل ساقلاپ قالالىشىدىكى ئەڭ ياخشى چارىنىڭ ھەربىي تەرەپ رەھبەرلىرىنى ھىمايە قىلىشتىن كېلىدىغانلىقى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىگىنىدە، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نىشانىسىغا ھەرگىزمۇ يېتەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ "ۋەتىنىمىزدە، دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىلا قورال تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ؛ ئېس-ئاچىلار پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي تەربىيىلىنىشىگىلا مەسئۇل بولۇشى كېرەك." دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ

سۆزلىرى 4 مىليون قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىۋېتىپ، ئۇلارنى پارتىيە ئىچىدە جەنوب ـ شىمال ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق كۈرەش جەريانىنى قايتا ئەسلىشىگە مەجبۇرلايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇلار يەنىلا ھىتلېردىن ئىبارەت بۇ روھى داھىسىغا ساداقەتلىك كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېر "قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابى" دىن يۈز ئۆرۈپ، ئوڭچىلار تەرەپكە قىيىپ كېتىۋاتماقتا دەپ قارىماقتا ئىدى.

ئۇلار ئۆزىنى پارتىيە ئىچىدىكى ئاكتىپ كۈچلەرنىڭ سىموۋۇلى دەپ قارىشىپ، ھوقۇق تۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇ بىر يىل مابەينىدە يولغا قويۇلىۋاتقان ئىسلاھاتلاردىن قىلچە رازى ئەمەس ئىدى. بىر قانچە ئاي مابەينىدە، روم ("ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغانلاردىلا غايە بولالايدۇ" دەپ قاراپ) ئىزچىل تۈردە "ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب" نى تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا بۇ جەھەتتە كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئىقتىمائى مەنپەئەت بىلەن ماددى پايدىغا ئېرىشەلەيمىز دەپ قارىماقتا ئىدى. "ئەگەر كىمدە ـ كىم ئېس ـ ئاچىلارنىڭ ۋەزىپىسى تاماملاندى دەپ ھېسابلايدىكەن، ــ دەيدۇ روم دانىبلوف (坦贝罗夫) ئايرودرومىدا 8000 كىشىلىك قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرگە سۆزلىگەن نۇتقىدا، ــ ئۇنداق بىرسى، بىز ھازىرمۇ مەيداندىمىز، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئى نەزەر بۇ مەيداندا ئىزچىل بولۇشىنى ئويلايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ قويسۇن."

گەرچە مۇتلەق كۆپ قىسىم پارتىيە ئەزالىرى كاپىتالىزمغا قارشى ھەمدە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى ھېسسىياتلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەڭ رادىكال، ئەڭ قىزغىن بولغانلار يەنىلا شۇ ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەر ئىدى. روم، ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭلا مىللىي سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىي قوغدىغۇچىلىرى ("بىز گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ چۈشكۈنلەشمەسلىكىنىڭ بىردىن-بىر كاپالەتچىلىرىمىز") ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەرغىپ قىلىدۇ.

گەرچە ھىتلېر بۇ تۈر رادىكاللارغا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدا گېرمانىيىنى ئىقتىسادى ئاپەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمىگىچە، شۇنىڭدەك قايتىدىن قۇراللىق كۈچىنى قۇرۇپ چىقمىغىچە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ ئىنقىلاپ قىلىمىز دېيىش ھەرگىز توغرا ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن سانائەت ساھەسى بىلەن ئارمىيىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىتلېر رومنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش مەقسىتىدە ئۇنى ھۆكۈمەت كابىنىتىدا مەنسەپسىز مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىمەكچى، شۇنىڭدەك ئۇنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھىتلېر 1934-يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنى رومنى خەت ئارقىلىق تەغدىرلەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تەغدىرلەش خېتى قالتىس كېلىشتۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، خېتىدە تەكەللۇپ قىلىپ پۈتۈنلەي ئىككىنچى شەخس يېقىنلىقىنى كۆرسىتىدىغان "سەن"

www.pidaily.biz

سۆزنى ئىشلەتكەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئەسلى مەقسىدى بىر تەرەپتىن ئۇنى ماختاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ يۆرۈپ ئۇنى ۋەتەننى قوغداش ئىشىنى دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇش كېرەك دەپ جىكىلەش ئىدى. ئەمما روم ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېر ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ يۈرىكى تېخىمۇ چوڭلاپ كېتىپ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىشى ئېس-ئاچىلارنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسى دەپ جاكارلاپ، دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىقىغا بىر پارچە نوتا يوللايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ ئىش توغرىلىق گېنېرال ۋون بلومبېرگمۇ ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 1934-يىلى فېۋرال (ئۇي) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ھىتلېر كەيپسىزلىك ئىچىدە ئېس-ئاچىلار بىلەن دۆلەت مۇداپىيە رەھبەرلىرىنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىنىڭ گىرانت تۈرۈكلۈك تەربىيىلەش زالىغا يىغىنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ"تەسىرلىك ۋە ئەنسىزلىك" نۇتقى ئارقىلىق ھەر ئىككىلا تەرەپنى يارىشىپ قېلىشقا ئۈندەپ كېلىپ، پارتىيىمىز ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ ئەمما 8 يىلدىن كېيىن ئىگىلىك قەيتىدىن كەينىگە چېكىنىپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئارتىپ كەتكەن نوپۇس ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانى يارىتىش ئارقىلىقلا بۇ چېكىنىشتىن ساقلاش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال غەربتە، ئاندىن شەرقتە قىسقا مۇددەتلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ مۇتلەق غەلىبە قىلىشتەك ھەربى ھەرىكەت

www.pdaiy.biz

قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئىشلاردا رومنىڭ ئوتتۇرغا قويغان خەلق ئەسكەرلىرى يولى "دۆلەت مۇداپىيىسى ئۈچۈن قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر يول"؛ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى خەلق ئارمىيىسى بەرپا قىلىپ، بۇ ئارمىيىنى قاتتىق مەشق قىلدۇرۇش، شۇنىڭدەك ئەڭ يېڭى تىپتىكى قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئېس-ئاچىلار ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى مۇتلەق تۈردە ئىچكى سىياسىي ئىشلار دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇتۇشى شەرت، دەيدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېر بلومبېرگ بىلەن روم ئىككىسىنى دەرھال كېلىشىم ئىمزالىشى ئۈچۈن مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە مۇنداق ئىككى يېرىم ئىش يۈكلەنگەن بولىدۇ: بىرىنچى ئىش، چېگرا بويى ساقچىلىق ئىشى؛ ئىككىنچى ئىش، 18 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ ھەربىي مەشىق ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ قالغان يېرىم ئىش بولسا 21 ياشتىن 26 ياشقىچە بولغان ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ياشلارنىڭ "ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بەدەن چېنىقتۇرۇشى"، يەنى تەشكىللىك شەكىلدە ھەربىي مەشىق قىلىشنىڭ مەخپىي بەلگىسى بولغان بۇ ئىشنىمۇ ھەربىي قىسىملاردا ئېس-ئاچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان بولىدۇ.

ئەمما روم ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر زەربە ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ روم يىغىنىدىن كېيىن ھەممەيلەننى ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ

www.pidaiy.biz

يارىشىش سۆھبىتى ئۆتكىزىدۇ (ئۇنىڭ تۇرىۋاتقان ئۆيى بۇرۇنقى بىر مىليونېرنىڭ بىناسى ئىددى). "ھىتلېر بۇ مېھمانىدارچىلىققا قاتناشمايدۇ. — دەيدۇ گېنېرال ۋون ۋىش () ئەسلىمىسىدە، — تاماقلىرى بەكلا ياخشى ئىدى. ئەمما سورۇن بەكلا سوغۇق ئۆتىدۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئارىدىكى دوستانىلىق قايتا ئەسلىگە كەلگەنىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. كىشىلەر ھىتلېرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقىنىڭ بەكلا چوڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالغان قارارى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنى تېزگىنلەش خاراكتېرىدىكى بىر قارار ئىدى."

ھەربىلە ئۇزاپ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ مەسلىكىدىن ئىچىدىكى ئاچچىق رەسمى پارتىلاپ چىقىدۇ: "ئۇ ئۇچىغا چىققان بەغەرەز ئون بېشىنىڭ دېگەنلىرى بىر تېيىن! — دەيدۇ ھەمرالىرىغا، — مەن ھەرگىزمۇ بۇنداق بىر كېلىشىمگە رىئايە قىلمايمەن. ھىتلېر دېگەن بىر ساتقۇن، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىمۇ دەم ئېلىشقا چىقىرىۋېتىش كېرەك ئىدى. ... ئەگەر ھىتلېر بارلا بولىدىكەن، مەقسىدىمىز ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭ قاتاردىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك." ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئارىسىدىن ھېچ بولمىغاندا بىرسى بولسىمۇ بۇ گەپلەردىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ كىشى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ بىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئىسمى ۋېكتور لوز (维克多•卢泽) دېگەن بىرسى ئىدى. بۇ ئەترەت باشلىقى رومىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇنداق دېيىش ھەقىقى ساتقۇنلۇق قىلغانلىق دەپ قاراپ، بولغان گەپلەرنىڭ ھېسقا مەلۇم قىلىدۇ. فيۇرېرنىڭ كانۆيىي

بولغان ھېس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر نېمە قىلىشقىمۇ پېتىنالماي تەمتىرەپلا قالىدۇ. شۇڭا ۋېكتور ئۆزى بىۋاستە يوقۇرى سالىسبۇرگقا بېرىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكى ئىچىدىكى بۇ تۈر ئېغىر نارازىلىقلارنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدۇ. فيۇرېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئېغىربېسىقلىق بىلەن قىلچە بىر نېمە دېمەيدۇ. "بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىنى كۈزىتىشىمىز كېرەك." ھىتلېر گويا ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ توپىلاڭ چىقىرىدىغانلىق ئېھتىمالى بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغاندەك ئارتۇق بىر نېمە دېمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رومنىڭ باھالىرىنى قەتئىلىك بىلەن رەت قىلىپ تاشلايدۇ: "كۈلرەڭ فورمىلىقلارنى (ھەربىلەرنى دېمەكچى) قەتئى تۈردە قوڭۇر رەڭلىك قىيان ئىچىگە پاتۇرىۋېتىشىمىز كېرەك. — دەيدۇ ھىتلېر، — يېڭى قىسىملارنىڭ رەڭگى قوڭۇر ئەمەس كۈلرەڭ."

روم بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. ئاپرېلدا، بېرلىندا مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىدۇ. يىغىنغا چەتئەللىك مۇخپىرلاردىن باشقا يەنە ھەر قايسى ئەل دېپلوماتىيە ئۈمەكلىرىنىڭ ئەزالىرىمۇ قاتناشتۇرۇلىدۇ. روم دۇپ-دۇمۇلاق، پاكار، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، گەپ-سۆزلىرىمۇ ھەيۋە قىلغاندەك قوپال، گويا ھەممە ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشقا مەجبۇر قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ چەتئەللىك مۇخپىرلارغا: "ھۇجۇمچىلار ئەترىتى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىرادە ۋە ئىدىيىسىنىڭ

نامايەندىسى. ــ دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى دېگەنلىرى خۇددى ھىتلېرنى ئاڭلىسۇن دەپ ئېيتىلغاندەك گەپلەر ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئېس-ئاچىلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بۇرجۇئازىيىنىڭ مۇتەئەسسىپلىرىدۇر، دەيدۇ. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، ــ پەقەت ھۇجۇمچىلار ئەترىتىلا مىللىي سوتسىيالىزم ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ!” دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ.

پارتىيە گۇۋاردىيىسى (پارتىيە قوغدىغۇچىلىرى، ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى، ياكى قىسقارتىلىپ ئېس-ئېس. ــ ئۇ.ت) ئىچىدىكى رومنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنى بىت-چىت قىلىۋېتىش ئۈچۈن سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغان ئىدى. بۇ ئىشنىڭ بېشىدا ئېس-ئېسچىلار كاتتىبېشى ئەمەس بەلكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بۆلۈم ئاتامانلىرىدىن رېيىنخارد ھېيدرىچ (莱因哈德•海德里希) بار ئىدى. مۇنداق قارىماققا بەكلا غەلىتە كۆرۈنگەندەك قىلىسمۇ، يەنى بىر قانچە ۋاقىتتىن بۇيان ھىملېر ئۇنىڭ ئېس-ئاچىلار بىلەن ئاشكارە زىتلىشىپ قالغىنىدا پارتىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ قارىغاچقا بۇ تۈر سۈيىقەستنى قوللاشنى خالىمايتتى. شۇڭغا قارىماي بۇنداق بىر سۈيىقەست ئىچىدە گيورىڭنىڭمۇ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن ئۇمۇ ئوتتۇرغا سەكرەپ چىقىپ بۇ جەھەتتە سىناق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. گيورىڭ فيۇرېرنىڭ يېقىن سىردىشى بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان پرۇسسىيە شىتاتلىق

مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسى بېرلگەن بىرسى ئىدى (مەخپىي ساقچى Geheimes Staatspolizeiamt, پوچتىخانىدىكىلەر بۇ تەشكىلات ئىسمىنى قىسقارتىپ گېستاپا دەپلا ئاتاپ تامغا ئويىۋالغان بولۇپ، ئېغىز تىلىدا قىسقارتىلىپ "گېستاپو" Gestapo دەپ ئاتىلىدۇ). ھىملېر بۇ ئاتامان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، گېستاپونىڭ كاتتىبېشى بولىۋالىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ ئېس-ئېپچىلارنىڭ بارلىق ئورگانلىرىغا يۇشۇرنۇقچە، ئېس-ئاچىلار بىلەن ئاشكارە كۈرەش قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ يېقىندا پارتىلايدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىۋېتىدۇ. ھېيدرىچ (海德里希) دوكلاتىدا رومنىڭ خائىنلىق قىلىش سۈيىقەستى پىلانلاۋاتقانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى قولغا چۈشەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈرەش رەسمى بەلگىلىنىپ بولغان ھېسابلاندى. ئەسلىدە، روم بۇنداق بىر توپىلاڭ قىلىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، "بىر "ئالتۇن قەپەز" تەييارلاپ فيۇرېرنى يامان غەرەزلىك مەسلىھەتچىلەر قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، ھىتلېرنى مەجبۇرلاپ ھۆجۇمچىلار ئەترىتىنى ئىمپىرىيە تەۋەسىدە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ قوزغىغىنى بىر قېتىملىق ئەسەبىلىك ئۇرۇشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ساتقۇنلۇق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەھدىت خاراكتېرىدىكى گەپ-سۆزلىرى ھەممىنى ئالاقىزادە قىلىۋېتىشىنىڭ مەنبەسى ئىدى. 4-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى ھىتلېر رومنى باش مىنىستىرلىككە چاقىرتىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە،

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى 5 سائەت داۋاملاشقان بولۇپ، "مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق تەلۋىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئۆزى خالاپ قارشى چىقىشىنى ئۆتۈنۈپ تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى توساشنى تەلەپ قىلدىم. ھەر قانداق بىر ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق بىر ئىش ئاقىۋەتتە چوقۇم پالاكەت بىلەنلا نەتىجىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ... شىتاپ باشلىقى ماڭا كاپالەت بېرىپ، دوكلاتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، بىر قىسىم يەرلىرىنىڭ بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆز ھوقۇق دائىرى ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەزىيەتنى قايتا ئوڭشايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئۇ يېنىمدىن ئايرىلغان ئىدى" دەيدۇ.

گەرچە نەق مەيداندا شاھىتتىن بىرسى بار، يەنى پاپىنىنىڭ ئادىيۇتانتى نەق مەيداندا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇ كىشى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ "ئۇ ئىككىسى ۋارقىرىشىپ سوقۇشۇپ كەتكەن ئىدى" دەيدۇ. ئەمما ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىدىن سوقۇشۇپ قالغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق بىر يىپ ئۇچى كۆرۈنمەيتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا روم ئۇ يەردىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىدا ھىتلېرنىڭ ئېس-ئاچىلارغا ھېسداشلىق قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن ھەربى تەرەپنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك پائالىيىتىنى قىسىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ روم بىلەن

www.pidaiy.biz

خوشال-خۇرام قول ئېلىشىپ ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى مەلۇم. بۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بۆلۈمىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا بەرگەن دوكلاتىدا فۇرېر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە ئېس-ئاچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالىغانلىقى يېزىلغان.

ھەر ئىككىلا تەرەپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك بىر ئاي دەم ئېلىش قىلىش ھەققىدىكى بۇرۇنقى بەلگىلىمىسى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىشىنى ماقۇل كېلىشكەن ئىدى. بۇ خەۋەر گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن 7-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ. ئەتىسى گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى “قوماندان رومنىڭ بۇيرۇقى” دەيدىغان كىشىنى قايمۇقتۇرغىدەك بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، “بىر قانچە ھەپتىدىن بۇيان رومنىڭ كىشىنى بەكلا ئازابلايدىغان نېرۋا سىستېمىسىدا بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ سالامەتلىكى بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا دوختۇرلارنىڭ تەكلىۋى بويىچە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بالنىستا يېتىپ داۋالاشقا مەجبۇر” ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ ئىككى خەۋەردىن ھەربى تەرەپ بەكلا خوش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى رومنىڭ ئەمىلىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ بىر سىگنالى دەپ ھېسابلىشىدۇ. ھېيدرىچ (海德里希) بۇ خەۋەردىن بەكلا ھەيران بولىدۇ. ئەسلىدە ئۇ 3 ھەپتە ۋاقىت بىرىلسىلا ئېس-ئاچىلارغا قارشى ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنداپ بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىككى خەۋەر ھىتلېرنى كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا

مەجبۇرلايدۇ. رومنىڭ ئىنى كىلىنى بىلەن باشقا كىشلەر رومنى ئەسكەرتىپ، سىرتتا گىيورىڭ-گىيوبېلس-ھىملېر ئۈچىسى بىرلىشىپ ئۇنى جايلىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشلارنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. — دەيدۇ ئەسلىمىسىدە ئىنى كېلىن، — ئەمما ئۇ يەنىلا پەرۋاسىزلىق قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھىتلېردىن قىلچە گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس."

## (2)

ۋېنىستا مۇسسولىنى بىلەن كۆرۈشۈشتە كۆزگە ئىلىنماي دۆلىتىگە قايتىپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەندە، پۈتۈنلەي باشقىچە بىرسىنىڭ نارازىلىقى ھىتلېرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالىدۇ. 17-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنىسى، كۆگۈللۈك بىر يەكشەنبە (پازار) كۈنى، پاپېن ماباۋ (马堡) ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ لىكسىيە سۆزلىمەكچى بولىدۇ. پاپېن ئالتە ئاي ئىلگىرى بۇرىمي (不来梅 ) كلۇبىدا بەس مۇنازىرە پەيدا قىلىدىغان بىر دوكلات سۆزلىگەنلىكى سەۋەبىدىن،كىشلەر مۇئاۋىن باش مىنىستىرنىڭ دوكلاتىغا ئاز-تولا قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ مۇئاۋىن باش مىنىستىر كىشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ يېڭى ھاكىمىيەت قانۇن پىرىنسىپلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك دىنى جەمىيەتلەرگە نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرنى قويغانلىقىنى، گېرمانىيە ۋەزىيىتى بارغانسىرى قالايماقانلىششقا

www.piqaly.biz

قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ دوكلاد زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، زالدا ستۇدېنتلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار لىق تولغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يەر-بۇ يەردە ئولتۇرغان چەسىنچە كېيىنگەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ بار ئىدى ئەلىۋەتتە. زال ئىچىدىكى كىشىلەر ئومۇمەن ئۈمىدۋارلىقتا تولغان ئىدى. پاپېر سۆزىنى باشتىلا ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن گېزىت ساھەسىنى تېزگىنلەپ تۇرىۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن باشلايدۇ. بولۇپمۇ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە گيوبېلسقا قارىتىدۇ.

بۇ گەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپلا قېلىشىدۇ. ئەمما بۇ گەپلەر تېخى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ نۇتقىدا ناتسىستلارغا قارغۇلارچە ئەگەشكەنلەر بىلەن قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرىدىغانلارنى بىر پارتىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن قوشۇپ بىر قۇر ئۇچۇغلاپ چىققاندىن كېيىن، ھىتلېرنى رومنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋېتىنى ئۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. "بىزنىڭ ماركسىزمغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشىمىزدىكى مەقسەد ماركسىزم پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ ... ئەگەر بىر دۆلەتتىكى خەلق تارىختا نام قالدۇرماقچى بولىدىكەن، تۆۋەندە يۈز بېرىۋاتقان تۈگىمەس توپلاڭلارغا يول قويماسلىقنىڭ جاپاسىنى تارتىشى كېرەك.

www.pidaiy.biz

شۇنداق قىلغانىدا بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندە ھەرىكەتلەرنى توختاتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا مۇستەھكەم جەمىيەت قۇرۇلمىسىنى مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ."

ئوتتۇرلۇقتا بىر قانچە ناتسىست پاتىيە ئەزاسى سەكرەپ چىقىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرماسىدەك كۆتۈرۈلگەن چاۋاك ئاۋازى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چۆكۈرىۋېتىلىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ دوكلاتنىڭ قىسمەن ئابزاسلىرىنى پەقەت «فرانكفورت» گېزىتىلا ئېلان قىلالايدۇ. گيوبېلس بۇ دوكلاتنى ئېلان قىلغان «فرانكفورت» گېزىتىنى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، رادىئودا قايتا ئاڭلىتىشنىمۇ چەكلەيدۇ (ئەسلىدە رادىئودا بۇ دوكلادنى قايتا ئاڭلىتىش بەرمەكچى بولغان ئىدى). ئەمما بۇ دوكلاتنىڭ تولۇق ئارگىنالى سىرتقا چىقىرىۋېتىلگەن بولۇپ، دەرھال چەتئەلدە ئېلان قىلىنىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك دولقۇن پەيدا قىلىۋېتىدۇ. مۇئاۋىن باش مىنىستىر ھامبۇرگنىڭ ئات مۇسابىقە مەيدانىدا ئوتتۇرغا چىققىنىدا كىشىلەر بىردەك تەنتەنە قىلىشىپ "ماباۋغا مۇبارەك بولسۇن!" دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ.

بۇنىڭغا ھىتلېر دەسلەپكى بىر قانچە كۈن گەپ قىلمىغان ئىدى. ئەمما جىمجىتلىقنى بۇزغۇچى يەنە پاپېننىڭ ئۆزى بولىدۇ. ئۇ تەھدىت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر گيوبېلس دوكلاتىمنى قايتا ئېلان قىلىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىكەن، ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىمەن! ھىتلېر مۇئاۋىن

باش مىنىستىرنى ئۆزەڭنى بېسىۋال دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر، گېيوبېلىس ھەقىقەتەن بەكلا خاتا قىلغان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ بۇيرۇققا بويى سۇنمايۋاتىدۇ دەپ ئۇنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلىغان قىياپەتتە ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنى قاتتىق سۆكۈپ كېتىدۇ. ھىتلېر پاپېنغا بۇ چەكلەش بۇيرۇقىنى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئۇ پاپېندىن ھازىرچە ئىستىپا خېتىنى سۇنماسلىقىنى، ئىككىسى بىرلىكتە نوئىدىك (诺伊德克 ) قا بېرىپ ھىندېنبۇرگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ مەسىلىنى ئويلاشساق دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

پاپېن كۈتۈشكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۆزىنىڭ دېگىنىچە ئىش قىلىۋېرىدۇ. ئەتىسى، يەنى 21-ئىيۇل (ئەرەن) كۈنى، ئۆزى يالغۇز ئالدىراپ-سالدىراپ نوئىدك (诺伊德克) قا بارغان بولسىمۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. ئېلان قىلغان بۇ سەپىرىنىڭ مەقسىدى ھىندېنبۇرگقا يېقىندا مۇسسولىنى بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالىدىن دوكلاد بېرىشنى مەقسەت قىلىش ئىدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئېھتىمال بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىدا پۈتلۈشۈپ يۈرمىسۇن دەپ پاپېننىڭمۇ قوبۇل قىلىنىشتا بىرگە بولۇشنى خالىمىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. ياكى بولمىسا ئۇنىڭ يالغۇز بېرىشى بەلكىم ھىندېنبۇرگنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۈزىتىش، ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولالىشىنى كۆرۈپ كېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ھەربىي تەرەپنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج ئىدى. قىزىق يېرى، ھىندېنبۇرگنىڭ داچىسى ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ دوقۇرۇشقان ئادىمى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى رومبۇرگ (勃洛姆堡) بولىدۇ. ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولىشىغا قارىماي بلومبۇرگ (勃洛姆堡) ئۈچىسىغا پۇخراچە كاستوم-بۇرۇلكا كىيىۋالغان ئىدى.

پرىزدېنتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئىشىدا فيۇرېرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق باھانىسمۇ بار ئىدى. ئۇ پاپېننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى پەيدا قىلغان قالايماقانچىلىقنىڭ زادى قايسى دەرىجىگىچە بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ھىندېنبۇرگ ئەمەس بەلكى بلومبۇرگ (勃洛姆堡) سۆزلەپ كېتىدۇ (ئۇ چىرايىنى تۈرگىنىچە غادايغىنىچە ئولتۇرىۋالغان ئىدى). ئۇ، بىز ئالدى بىلەن ئىچكى يارىشىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىشىمىز كېرەك دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئەگەر ھىتلېر نۆۋەتتىكى چىداش مۇمكىن بولمايدىغان بۇنداق جىددىيچىلىك ۋەزىيىتىنى دەرھال تۈزەلتمەيدىكەن، پرىزدېنت دەرھال ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئېلان قىلىشى، يەنە كېلىپ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئىشىنى ھەربىي تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ رومدىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ توغرىلىق بىرەر گەپ ئاڭلىمىغان، شۇنىڭدەك بۇ يەردە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلەتتى. قوبۇل قىلىنىش ئارانلا 4 مىنوت داۋام قىلىپ كۆرۈشۈش تاماملانغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. شۇڭا ھىتلېر

دەرھال بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇ قايتىش يولىدىكى تىپ-تىنىچ مۇھىتتا ئولتۇرۇپ خىيالى رومغا قېيىپ كەتتىمۇ قانداق، "بىر قانچە ئايدىن بېرى مەن بۇ ھەقتە قايتا-قايتا ئويلىنىپ كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن ئىدىم. — دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ پارلامېنتتا چۈشەندۈرۈش بەرگىنىدە، — چۈنكى مەن ئۇ چاغدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خىيال ئىچىدە ئىدىم: بىرىنچىسى، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ شۇنچە سەمىمىلىك ئاساسىغا تىكلەنگەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بۇنچە ئاخماقانە ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشىغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن مەن كۆڭلۈمدە ھەرىكىتىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مېنىڭ ھۆججۇمچىلار ئەترىتىم بىلەن ئەپلىشەلمەسلىكنى، شۇنىڭدەك بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنى نومۇسقا قالدۇرۇشنى خالىمايتتىم، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنداق ناچار بىر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن تۇقۇنۇشۇپ قالماسلىقنىمۇ ئويلىماقتا ئىدىم."

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر بۇ روم مەسىلىسىدە قەتئىي تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغانلىقنى ئويلايدۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، نەچچە ئاي بۇرۇنلا رومدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىلىق ئەسكەرتىش بېرىپ قويغان ۋېكتور لوز (维克多•卢泽) غا دەرھال باش مىنىستىرلىقتا كەل دەپ تېلېگىرامما يوللىۋېتىدۇ. "ھىتلېر مېنى قىرائەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. — دەپ يازىدۇ لوز (卢泽) كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇتقىنىچە مەندىن ئىشنى پۈتتۈرگەن كۈنگىچە مەخپىيەتلىكنى

چىنىڭ ساقلىشىم توغرىلىق قەسەم قىلدۇردى.” ھىتلېر خېلىلا ھاياجان ئىچىدە، روم ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇپ ھەربىلەرگە قارشى چىقىش نىيىتىگە كېلىپتۇ، شۇڭا چوقۇم ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىشىمىز كېرەك، دېگەن. “فيۇرېرىم ماڭا، مەن سىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز ئارىلىشىپ قالمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، شۇڭا سەن مىيونخېننىڭ ھەر قانداق بىر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلمايسەن. شۇڭا سەن پەقەت مېنىڭلا يوليورۇقۇم بويىچە ئىش قىلىدىغان بىرسى سەن، دەپ ئېيتتى.”

بۇ كۈنلەردە ھېيدرىچ (海德里希) بىلەن ھىملېر ئىككىسى پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ رومنى ئۆزلىكىدىن قاپقانغا چۈشۈشنى پىلانلاپ يۈرىشەتتى. شۇ كۈنىسى، ھىملېر پارتىيە گۇۋاردىيىچىلىرىنىڭ بىر كاتىۋىشى بولغان فىلىخېر ۋون ئېپوستېيىن (弗莱赫尔•冯•埃波斯坦) نى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا رومنىڭ ئىسيان قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئېپوستېيىن (埃波斯坦) بۇ ئىشتىن ھەر قايسى ھەربىي رايون قوماندانلىرىنى خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئۆزى بولسا ، ئەسكەرلەرنى بىرەر جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگىنىدە تەييار بولۇشى ئۈچۈن گازارمىلىرىدا قىسىملىرىنى “ئەستايىدىللىق بىلەن جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتىشى” نى بۇيرۇيدۇ. قىسىملارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بۇيرۇقى بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا يەتكۈزۈپ بولىنىدۇ: ھەربىي قىسىم شىتاپ مۇدىرى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا ھۇجۇمچىلار

ئەترىتىدىكىلەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى، ھەر قايسى تارماق قىسىملارنىڭ ئىس ـ ئىسچىلىرىغا كىرەكلىك قۇراللارنى تارقىتىلىشىنى خەۋەر قىلىشىۋېتىدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېرمۇ رومنىڭ مەخپىي تىوپىلاڭ قىلىشىغا پۇتىۋنلەي ئىشىنىپ قالىدۇ. ئۇ دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى مىنىستىرى ۋون برومبىۇرگ (冯•勃洛姆堡) قا بارلىق ھۇجۇمچىلار ئەترىتى قوماندانلىرىنى باتۋېسسېر (巴特维塞) گە يىغىشنى ئېيتىدۇ. بۇ يەر بىر ئارشاڭ يېرى بولۇپ، تېگېنسېي دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىدى. روم ئەنە شۇ يەردە داۋالىنىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئۇلار تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە قولغا ئېلىپ "ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىشنى" تاپىلايدۇ. قىسىملار بارلىق ھەرىكەت تەييارلىقىنى پۇتتۇرۇپ تەل بولۇپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاۋال دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى باش قوماندانى گېنېرال ۋارنا ۋون فىلىپپ (瓦尔纳•冯•弗立普) پۈتۈن قىسىملارنى دەم ئېلىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بارلىق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر گازارمىلارغا قايتىپ كېلىش دېگەندەك ئۇرۇش تەييارلىقى بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ.

يەنە شۇ پەيتلەردە، ھېس رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتلىك ئاگىلىتىش پروگراممىسىدىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ ئىسىل بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بۇ نۇتۇق، بىر تەرەپتىن رومغا ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا

يالۋۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى. "ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغۇچىلارغا لەنەتلەر بولسۇن! توپىلاڭ قىلىشقا تايىنىپ ئىنقىلابقا تۆھپە قوشىمىز دېگۈچىلەرگە لەنەتلەر بولسۇن!" ئۇ شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ تۈردىكى مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار "ئاخماقانە خىيال قىلىدىغان كىشىلەردۇر!" دەيدۇ. بۇ رادىئو نۇتقىنى ھىتلېرنىڭ نۇتقى دېيىشكىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇ نۇتۇقتا رومنى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ دېگەن خىيالدىن ۋاز كېچىپ، قايتىدىن سەپكە قايتىپ كېلىشكە ئۈندىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. ئەتىسى، ھېرمان گېورىڭ تېخىمۇ ئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان قىلىدۇ: كىمدە-كىم ھىتلېرغا بولغان ئىشەنچىنى يوقۇتىدىكەن، ئۇنداق بىرسى چوقۇم "كاللىسى بىلەن بەدەل تۆلەيدۇ!" باتۇرېسېردە تۇرىۋاتقان روم، گەرچە تاشقىرىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كېسىۋەتكەندەك قىلسىمۇ، بۇ تۈردىكى ئېھتىماللىقلاردىن ئاز-تولا خەۋەر تاپقان بولىشى كېرەك ئىدى. 28-ئاپرېل كۈنى، گېرمانىيە ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقى رومنى ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئەسلىدە بۇمۇ روم ئۈچۈن بىر بىشارەت ھېسابلىناتتى.

بېرلىندا بولسا، بىر مەيدان كوزۇر كۆرسىتىلىدىغانلىقى توغرىلىق ھەممە يەردە گەپ-سۆز تارقىلىشقا باشلايدۇ. شۇكۈنىسى، سېفتون دېلمېر پاپېننىڭ ئاخبارات مەسلىھەتچى ياردەمچىسىدىن ھىتلېرنىڭ ئالدىغىمۇ ماڭماي كەينىگىمۇ چېكىنمەي بىر ئىزدا تۇرىۋېلىشى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول

خەۋەرلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. "ھىندېنبۇرگنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددى كۈرەش قىلماقتىمىز" دەيدۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ھىتلېر بىر تەرەپ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر بىلەن باشقا مۇتەئەسسىپلەر يەنە بىر تەرەپ بولۇپ بۇ كۈرەشكە ئاتلاندى، دەيدۇ. ئۇ يەنە كېيىنكى ھۆكۈمەت كابىنتى يىغىنىدا چوقۇم كوزۇرلار ئوتتۇرغا قويۇلۇپ، پاپېن ھىتلېرنى "روم بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ شىرىكلىرى قىلىۋاتقان "تېررورلۇق تۈسىنى ئالغان ئانارخىزم" نى "باستۇرۇشقا زورلىماقچى، دەيدۇ. ئەگەردە فيۇرېر بۇنى رەت قىلغىدەك بولىدىكەن، پاپېن گۇرۇھى ئىستىپا بېرىدۇ، ھىندېنبۇرگمۇ ھىتلېرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ھاكىمىيەتنى ئارمىيىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. "ۋەزىيەت مەيلى قايسى تۈردە تەرەققى قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، مېنىڭ خوجايىنىم، ھىتلېرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتىۋالدىم دەپ قارىماقتا. ئەگەر ھىتلېر ماقۇل كەلگىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھوقۇقى يوق بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنى رەت قىلىدىكەن، ئارمىيە كېلىپ ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ. شىرىكلىرى بىلەن ئوت-بالا بولۇشۇپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىش بولغىنىدىمۇ بىز ھىتلېرنىڭ بۇنى رەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز!"

بۇ چاغدا، فيۇرېر ئېيسىن (埃森) دا تۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە يەرلىك بىر ئەمەلدارنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ لەززىتىنى چىقىرىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەمما باشقا بىر مېھماننى،

يەنى لوز (卢泽) نى بەكلا ئېغىر غەم بېسىۋالغان ئىدى. "مېنىڭچە، — دەيدۇ لوز كۈندىلىك خاتىرىسىدە، — فيۇرېرنىڭ بېرلىندا يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەنى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرەلمەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىيالايدىغان تۇرۇغلۇق خەۋەردار بولالمايدىغان، پەقەتلا تېلېفون ئالاقىسىدىنلا پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش ۋە قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈش بەزىلەرگە پايدا كەلتۈرۈپ بېرەتتى."

راس دېگەندەك، بۇ قېتىمقى سۈيىقەستنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تېلېفون ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ھىتلېر بىلەن گېيورېڭ يىگىت بىلەن كىلىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي مۇراسىم ناشتىسىغا قاتنىشىۋاتقىنىدا ھىملېر بېرلىندىن تېلېفون قىلىپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر قاتار دوكلاتلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ. گېيورېڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر ھۇجۇمچىلار ئەترىتى سۈيىقەستى بولغانلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا باش لىڭشىتىپ ماختاپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئالدىراش-تىنەش شۇ يەردە قۇرغان شتابىغا قايتىپ كېتىدۇ. "مېھمان ساراي ياتىقىدا، — دەيدۇ لوز (卢泽)، ئۇمۇ ئالدىراش چاقىرتىپ كېلىنگەن ئىدى، — تېلېفون تىنماي جىرىڭلاپ تۇراتتى. فيۇرېر چوڭقۇر خىيالغا پاتقان، ئەمما ئېنىقكى، ئۇ ئەندى ھەرىكەتكە ئاتلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى."

گيورېگنىڭ كاتىپى ھىملېرنىڭ قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېخىمۇ ئېنىق خەۋەرلەرنى ئېلىپ ئالدىراشلىق بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خەۋەر يىغىندىكىلەرنى دەرھال جانلاندۇرىۋېتىدۇ. بۇ دوكلات بىلەن بىر قاتاردا ھېيدىرىچ () نىڭ بىر ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىمىنىڭ دوكلاتىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. بۇ دوكلاتتا رومنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر تېخى ئەندىلا بىر دېپلوماتىيە ئەمەلدارىنى ھاقارەت قىلغانلىق ئەھۋالى يېزىلغان يېرى ئوقۇلغىنىدا ھىتلېر بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالىدۇ. "ئەندى مەن چىداشلىق بېرەلمەيمەن، مەن ئۇلارغا بىر ئۇلگە بولۇپ ئۆزەمنى كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك" دەپ قايناپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال گيورېڭغا بويرۇق قىلىپ، سەن دەرھال بېرلىنغا قايت، مەخپى بەلگىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىڭ ھامان (مەخپى بەلگە "بال قۇشى") ھەرىكەتكە ئاتلان، دەيدۇ. كەينىدىنلا باتۋېس (巴特维塞) تا تۇرىۋاتقان رومغا ئۆزى بىۋاستە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ چەتئەللىكلەرنى پاراكەندە قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئىشلارنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. ئۇ قىسمەن ئاچچىغلانغان توندا بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويالمايمەن دەيدۇ. ئاندىن رومغا بارلىق ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرىنى باتۋېس (巴特维塞) قا توپلىغىن، مەن ئۇلارغا بىر نۇتۇق سۆزلەيمەن، دەپ جىكىلەيدۇ. بۇ ۋاقىت ئىككى كۈندىن كېيىنكى بىر كۈنىنىڭ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 بولغان ۋاقتى ئىدى.

بۇ قېتىملىق تېلېفون كۆرۈشۈش رومنى پەقەتلا ئەنسىرەتمەيدۇ. ياكى مۇنداق ئېيتقاندا، روم يالغاندىن غەم قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ دەستىخانغا قايتىپ ئولتۇرغىنىدا "بەكلا مەغرۇر كۆرۈنگەن ئىدى". ئۇ مېھمانلارغا [ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گېنېرال ۋون ئېپ (冯•埃普) مۇ بار ئىدى]، ھىتلېر 30-ئىيۇن (باشاق) دا ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولدى، دەيدۇ. ئاندىن مەغرۇرلانغان قىياپەتتە، بۇ ئىش ئۇنىڭغا "گيوبېلسنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ" دەپ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئۇ، ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بىلەن ھەربىي قىسىملارغا ئىشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان گەپ-سۆزلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇ بىر بولسا خام خىياللار قايىنىمىغا پېتىپ قالغان ياكى بولمىسا بېشىدا چۆگىلەپ يۈرگەن بالا-قازالاردىن قىلچە خەۋىرى يوق دېيىشكە بولاتتى.

گيورېڭ بېرلىنغا قايتار-قايتماي، سۇيىقەست قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 29-ئىيۇن (باشاق) جۈمە (ئازنا، سەۋىت) كۈنى، پرۇسىيە ساقچى قىسىملىرى بىلەن فيۇرېرغا سادىق ئېس-ئېسچىلار قىسىملىرىغا جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشلىرىنى بۇيرۇق قىلىدۇ. مۇھىم بولغىنى، ئۇ، ھىتلېرنىڭ جىددى ھالەت ئېلان قىلىشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پرۇسىيە ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا يىغىۋېلىپ، سىلىسىيە (西里西亚) ھوقۇقىنى ئېس-ئاچىلار شەرقىي جەنۇبى رايونلۇق

www.pidaw.biz

قۇماندانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر يېتەكچىلىرىنى قولغا ئېلىپ، ھۇجۇمچىلار قۇماندانلىق شتابىدىكى بارلىق مۇھاپىزەتچىلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ۋە برۇسلاۋ (布雷斯洛) ساقچى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك تەييارلىق ھالىغا ئۆتۈش بۇيرۇقىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىغان يوقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار يەنىلا رومنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش غەرىزى بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر ھەربىي ئەمەلدار بېرلىنغا قاراپ ئۇچۇپ، باش قۇماندان ۋون فىلىپپ (冯•弗立普) قا بۇ قارىشىنى بىۋاستە بايان قىلىدۇ. بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن گۇمان قىلغان بۇ گېنېرال، شىلشىيە (西里西亚) ھەربىي رايون قۇماندانى گېنېرال ئېۋارد ۋون كرېيشت (埃瓦尔德•冯•克莱施特) دېگەن بىرسى ئىدى. ئۇ، كۆرۈشۈش جەريانىدا بار بولغان گېنېرال لودىۋىچ بېك (路德维希•贝克) نىڭ ئالدىدا فىلىپپ (弗立普) قا شىلشىيە (西里西亚) ئېس-ئاچىلىرى رەھبىرى (رومنىڭ يېقىن سەبدىشى) ئۇنىڭغا قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ ھەرىكەت تەييارلىقى ھەربىلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى جىددى تەييارلىققا كەچكەنلىكىگە كۆرسەتكەن بىر ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دېيدۇ. كرېيشت (克莱施特) بۇ ئوتتۇرلۇقتا ئېس-ئاچىلار بىلەن ئارمىيىنى بىر-بىرسىگە قارشى كۈشكۈرتۈپ بىر-بىرسىنى قىرىپ تۈگۈتىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان

www.pidaw.biz

ئۈچىنچى بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىدىكى بۇ ئۈچىنچى كىشى ھىملېر ئىدى. فىلىپپ (弗立普) بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيە ئىشخانا مۇدېرى گېنېرال ۋون لېيشىنو (冯•莱希瑙) نى چاقىرتىپ كېلىدۇ. بۇ لېيشىنو (莱希瑙) دېگىنىمۇ 1933 ـ يىلىدىن بۇرۇن سادىق ناتسىستتىن بىرى ئىدى. بۇ گېنېرال ئىنتايىن ئەدەپلىك، نەق بىر پرۇسىيە گېنېراللىرى تىپىدىكى بىرسى بولۇپ، ئۇ ھېچ قاچان يېنىدىن ئايرىمايدىغان يالغۇز كۆزلۈك كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان، مېڭىش ـ تۇرۇش ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدە قەتئىي تەمتىرىمەيدىغان بىرى ئىدى. ئۇ كرېيشىت (克莱施特) نىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: "بۇ ژېگىنى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن بولسىمۇ، ئەندى بەكلا كېچىكىپ قالدى" دەيدۇ.

بۇ چاغدا، ھەربى قىسىملار ۋاستىسى بىلەن يالغان دوكلاد، ئۆزگەرتىلگەن ھۆججەت قاتارىدىكى ئۇيدۇرما گەپ ـ سۆزلەر يېڭى پاكىت سۈپىتىدە سەلدەك تارقىلىپ، پەقەت گۇمانخور توماس (汤玛斯) لا ئىشىنىدىغان بۇ تۈردىكى يالغان ـ ياۋداق خەۋەرلەر (توماس ـ ئەيسانىڭ 12 ـ خاۋارىسى) يامىراشقا باشلايدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئارىسىدا، قوزغىلاڭ ئۇكۇشلۇق بولغاندىن كېيىن روم فىلىپپ (弗立普) تىن باشلاپ بارلىق يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلارنى ئۇجۇقتۇرماقچى ياكى ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە گەپلەرمۇ تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. بۇنداق ئۇيدۇرما ئۇجۇقتۇرۇش تىزىملىكى قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، يالغان گەپلەرمۇ راس گەپتەكلا بولۇپ كەتكەن ئىدى.شۇ كۈنكى

www.pdaily.biz

«خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بۇلۇمبورگ (勃洛姆堡) نىڭ بىر پارچە خېتىنى بېسىپ، بۇنداق خىيالى مەنزىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىۋېتىدۇ. بۇ خەتتە مىنىستىرنىڭ، ھەربىلەر باش مىنىستىرغا قەتئىي سادىق بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلغانلىقى يېزىلغان ئىدى.

ئەگەر روم بۇ ماقالىنى ئوقىغان بولسا، دېمەككى ئۇ بۇ ماقالىدا ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلالمىغان دېگەن گەپ. ئۇ باتىۋېس (巴特维塞) دا قۇتلۇق كۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان بولۇپ، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىپ بىر خىيالدا يوق كەلگەنلەرگە نازاكىتىنى بىلدۈرۈپ ئولتۇراتتى. ھەتتا شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى فيۇرېر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن بەكلا رازى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرۈپ يايراپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بىرگە بولغان كونا سەبدىشىدىن بىرى بولغان بىر گېنېرال ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر ھەربىي قىسىملار توپىلاڭ قىلغان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ئوق چىقارمىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدىمۇ، روم يەنىلا بىر خىيالدا يوق خاتىرجەم يۈرىۋېرىدۇ. رومنىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمقى ھەرىكەتلىرى ھەرگىزمۇ بىر توپىلاڭ قىلىدىغان بىرسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن "تالوك" (塔洛克) قەرت ئويۇنىنى ئويناپ بولۇپ (بۇ ئويۇن باۋارىيىدە ئوينىلىدىغان ئۈچ كىشىلىك بىر

قەرت ئويۇنى)، دوختۇرى ئۇنىڭغا نېرۋا خاراكتېرلىق ئاغرىق پەسەيتكۈچى ئوكۇل سالغىنىدىن كېيىن، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتماقچى بولىدۇ.

ئەمما ھىتلېرنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. باتگېسبېرگ (巴特戈德斯贝格) دىكى دېرسېن (德烈森) مېھمان كۈتۈشتە ھىتلېرنىڭ بۆلۈمى پۈتۈنلەي ئۇرۇشتىن ئاۋالقى ھەربى قوماندانلىق شتابىغىلا ئوخشاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى ئەڭ باشتىكى ھەربى قوماندانىدەك، ئەمما كەسكىن قارار ئالالماي تۇرغان بىر گېنېرالدەك جىددىيلىك ئىچىدە ئىدى. تۈن يېرىمىدىن بۇرۇن، ئۇ ئېس-ئېسچىلار قىسمىنىڭ قوماندانى جوسېپ (سېپ) دىتىچ (约瑟夫塞普•狄特里希) نى ئىككى روتا ئەسكەر ئېلىپ باتۋېس (巴特维塞) قا قاراپ يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. ئاردىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بىرسى بېرلىندىن، يەنە بىرسى مىيونخېندىن بولۇپ ئىككى تېلېفون كېلىپ قالغاچقا، پىلانىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ. باشتىكى تېلېفون ھىملېردىن كەلگەن بولۇپ (ھىملېر تېخى بايىلا رىبېنتروپقا "ئەندى رومنىڭ ئىشى تۈگىدى" دېگەن ئىدى)، بېرلىندىكى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەر چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە بىر ئىش تېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھىتلېر قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى "ھە ...، ھە ...،" دەپ ئاڭلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، تېلېفون

www.pidaily.biz

تروپكىسنى جايىغا قويار-قويماي ۋارقىراپ كېتىدۇ: "بۇ بىر ئېسىيان!" قارىغاندا، بېرلىندىكى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى كارل ئېرنست (卡尔•埃恩斯特) پىلان بويىچە باتىۋېس (巴特维塞) قا قاراپ ئاتلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە بېرلىندا قىلىپ توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ! (ئەسلىدە ئۇ بلېيمىن (不来梅) دېگەن يەردە شىرىن ئاي ساياھىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى).

بۇ چاغدا يەنە بىر تېلېفون كېلىپ فيۇرېرنىڭ كەينى-كەينىدىن ۋارقىراپ ئەيىپلەشتىن توختىتىپ قويىدۇ. تېلېفون باۋارىيە يەرلىك مەسئۇل كىشى ئادولف ۋاگنېردىن كەلگەن ئىدى. ئۇ تېلېفوندا، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر غەلۋە-جېدەل قىلىشقىنىچە كوچىغا چىقىپ كەتتى، ئۇلار يەنە "ئارمىيە بىزگە قارشى تۇرماقتا!" دەپ ۋارقىراشماقتا (ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم ھەربى قىسىملار سىھىرلىك بىر كىتاپچىدا "ئېس-ئاچىلار، كوچىغا چىقايلى! فيۇرېر بىزنى قوللىماس بوپتۇ!" دېگەن گەپلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن) دەپ خەۋەر بېرىدۇ.

ئەندى ھىتلېرنىڭ غەزىۋىنىڭ ئورنىنى ھودۇقۇش ئالغان ئىدى. مانا بۇ رومنىڭ توپىلاڭ چىقارغانلىقىنىڭ نەق پاكىتى، "مەن ئاخىرى ئۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. — دەيدۇ ھىتلېر كېيىنچە، — ئەگەر بىرلا ئادەم بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغىدەك بولسىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ كاتىۋېشىغا (رومنى دېمەكچى) قارشى تۇرۇلىشى شەرت، ئۇ بۇرۇن ماڭا ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن

بىرسى ئىدى، شۇنداقتىمۇ بەكلا مەنمەنچى مىجەزى بار ئىدى. شۇڭا مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشىم كېرەك ئىدى.”

ھىتلېر ئۇشتۇمتۇت قارارىنى ئۆزگەرتىدۇ: ياق، مەن باتېۋس (巴特维塞) قا ئۆزەم بېرىپ “بۇ بىر ئۇۋا خائىنلار” بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارارى يېنىدىكى سەبداشلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىۋېتىدۇ. ھىتلېر شەخسى ليوتچىكىغا دەرھال ئايروپلاننى تەييارلا دەپ بۇيرۇق قىلىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. روم قانداقلارچىسىغا بۇنداق بىر ئىشقا تۇتۇشۇپ قالىدۇ؟ ئۇ قانداقلارچىسىغا داھىسىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ھالغا كېلەلەيدۇ؟ ئۇ كاللىسىدا بۇلارنى ئويلاپ مىڭىسى قوچىلىپ كېتىدۇ.

## (3)

ھىتلېر ئىنگلىگىنىچە بېرىپ ئۈچ موتورلۇق “روگېك-52” ئايروپلانغا چىقىدۇ. بۇ ئايروپلان بۇرۇنقى ئايروپلانىنىڭ ماتورىدا كاشىلا كۆرۈلگەنلىكى سەۋەپلىك ۋاقتىلىق ئالماشتۇرۇلغان ئايروپلان ئىدى. ئايروپلانىنىڭ قوزغالغان ۋاقتى سەھەر 2 ئەتراپى ئىدى. ئۇ ئايروپلانغا چىقىپ سىرتتىكى تۇم قاراڭغۇلۇققا تىكىلگىنىچە ئورنىدا قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخبارات مۇدىرى ئوتتو كيۇدېرىچ (奥托•狄迪里希) “يۈز بەرگەن ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق” ئىدى. كېيىن بىر مۇھاپىزەتچى ھەممەيلەن قورالىڭلارنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ تەييار

www.pidaily.biz

تۇتۇڭلار، دېگىنىدىلا بىر ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ.

ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان لۇز (卢泽) كۆڭلىدە رومنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ:

ئاھ شەپەق، ئاھ شەپەق،
سەن بىزنىڭ ئەتىگەنلىك ئىشىمىزغا ئۈندەيسەن،
تۈنۈگۈن مەغرۇر ئات ئۈستىدە،
بۈگۈن كۆكرىكى ئوق بىلەن ئۆتمە-تۆشۈك.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يامغۇر تىنىماي يېغىپ تۇراتتى. تاڭ يورۇغاندا ئايروپىلان گۇڭگا يورۇقتا يوقۇرى ۋىيشىنفورد (维申弗尔德) ئايرودرومىنىڭ نەملىشىپ كەتكەن ئۇچۇش يولىغا قوندى. بۇ بىر ھەربىي ئايرودروم بولۇپ، بۇندىن 12 يىل ئاۋال ھىتلېر دەل بۇ يەردە ساقچى ۋە ھەربىيلەر بىلەن سۈركۈلۈش چىقىپ نومۇستا قالدۇرۇلغان ئىدى. قوماندان يولىيورۇق بېرىپ، فىيۇرېرنىڭ د-2600 نومۇرلۇق ئايروپىلانى قونۇشقا ئاز قالغىنىدا دەرھال ھوجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبىرىگە خەۋەر بېرىش كېرەكلىكىنى تاپىلىغانلىقى سەۋەبىدىن ئايرودروم باشلىقىنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئايروپىلان ئالماشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ ئايروپىلانى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي خەۋەر قىلىنمىغاچقا ئايرودرومغا كېلىپ قارشى ئېلىشقا بەكلا ئاز ئادەم كەلگەن ئىدى. يەنى پارتىيىنىڭ بەزى مۇھىم كىشىلىرى بىلەن بىر قانچە ئوفىتسېرلا كەلگەن ئىدى. "بۇ مېنىڭ ئەڭ رەنجىگەن، ئەڭ كۆڭلۈم قالغان بىر

www.pdaly.biz

كۆنۈم بولدى. ـــ دەيدۇ ھىتلېر كەلگەنلەرگە، ـــ مەن ئۆزەم بىۋاستە باتىۋىسېي (巴特维塞) گە بېرىپ ئەڭ ئېغىر جازالىنىشنى قوبۇل قىلماقچىمەن.»

ھىتلېر پىكاپلىق باۋارىيىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشىدۇ. باۋارىيە شىتات باشلىقى ۋە قوشۇمچە ئىچكى سىياسى ئىشلار مىنىستىرى ۋاگنېر ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. فيۇرېر بىناغا كىرگىنىدە شۇنداق تېز قەدەملەر بىلەن ماڭىدىكى، ئۈستىگە ئارتىۋالغان پەلتوسىنىڭ پەشلىرى كۆتۈرۈلۈپ لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۇدۇل ۋاگنېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىرگىنىدە يوقۇرى باۋارىيە ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كاتىپىشى شاپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاس بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلغىنىچە بېرىپ ۋارقىرايدۇ: “بۇنى سولىۋېتىڭلار! ـ ئۇنىڭ ئاغزىدىن قاتتىق ھاقارەت سۆزلەر يېغىشقا باشلايدۇ، ـ خائىنلار، ۋەتەن ساتقۇچلار، بولۇپمۇ سىلەر ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى! ـ ئۇيلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كىچىك كىتاپچىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن كوچىغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى. ـ سەن، سەن قولغا ئېلىنىدىڭ، سېنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك!”

سەھەر سائەت 6 دا فيۇرېر “يەنىلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك ھاياجان ئىچىدە،” بىنادىن چىقىدۇ. پىلان بويىچە قۇراللىق ياردەمچى بولۇپ كېلىدىغان قوشۇن ئۇلتۇرغان يەنە بىر

ئايروپىلان تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، فيۇرېر ئۇلارنى كۈتۈشكە تاقىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ ئالدىراش كېمپىكانىڭ پىكاۋىغا چىقىپ بۇرۇنقىدەك شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. شوپۇرغا ئۇدۇل باتىۋېس (巴特维塞) قاراپ ھەيدەشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن شلىك (施列克) نىڭ ماشىنىسىمۇ ئەگىشىپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار جەمئىي 8~9 دەك كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە فيۇرېرنىڭ ئايال كاتىۋى شرودېر (施洛德) خانىممۇ بار ئىدى. كەينىدە ئولتۇرغان گيوبېلس ئېبس-ئاچىلارنىڭ سۈيىقەستى ھەققىدە تىنماي سۆزلەيتتى. بۇ چاغدا ھىتلېر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇدۇل ئالدىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا قوياش ئۇپۇق سىزىقىنى قاپلىغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. قارىغاندا بۈگۈن "ھىتلېرغا لايىق ھاۋا بولىدىغاندەك ئىدى".

بىرەر سائەتكىمۇ قالماي، ئۇلار تېگىنىس (特根塞) قا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەر ئالپس تاغلىرىنىڭ جىلغىسىغا قىسىلىپ قالغان بىر يەر بولۇپ، سەھەرلىك تۇمان ئىچىدە ھەممە يەردىن سۈپسۈزۈك سۇلار تامچىلاپ تۇراتتى. "خانسېربۇرگ (汉塞尔包尔 ) سارىيىغا ھايدا. — دەيدۇ ھىتلېر شوپۇر كېمپكاغا، — ھازىر ئۇ يەردە رەسمى بىر پاسكىنا پىلان تۈزۈلمەكتە، شۇڭا بىز دەرھال خانسېربۇرگ (汉塞尔包尔) سارىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك." بۇ چاغدا ۋاقىت ئەتىگەن سائەت 7 گە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، چىركاۋ قوڭغۇراقلىرىمۇ چېلىنىشقا باشلاپ، مۆمىن ئەر-ئاياللارنى

سەھەرلىك مىسساغا چاقىرماقتا ئىدى. شوپۇر كېمپكا ئاپتوموبىلنى ئۈن چىقارماي بەكلا ئاستا ھەيدەپ مېھمان سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن توختىتىدۇ. ئەمما ئۇ بىنانىڭ بەزى دېرىزىلىرىنىڭ يېپىق ئىكەنلىكىنى كۆپ قىسمىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئىشىكتىمۇ پوس قويۇلمىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ھىتلېر ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرىنچى بولۇپ بىناغا كىرىدۇ. بىرىنچى قەۋەتتە ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كۈتىۋېلىش زالىمۇ بوش ئىدى. زالدا چۈشلۈك كۈتىۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييار قىلىنغان ئىدى. ئۆي خوجايىنى خانىم پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئايال ئالدىدا فيۇرېرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ ئايال ئالدىرىغىنىچە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قارشى ئالىمىز، سىز بىزگە شەرەپ كەلتۈردىڭىز، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭغا دەرھال رومنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىشنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېر بىلەن بىرگە كەلگەنلەر دەرھال ئىشىك-دېرىزىلەرنى ساقلاشقا كىرىشىدۇ. ئارىدىن بىر پۇخراچە كىيىنگەن بىرسى رومنىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چېكىدۇ. ھىتلېر قولىدا تاپانچا ئۆيگە كىرىدۇ. فيۇرېرنىڭ كەينىدە تۇرغان كېمپكا رومنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى مىڭ تەستە ئېچىپ ھۇلۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىرىغىنىچە ئەتراپقا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. روم كارىۋاتتا يالغۇز ياتقان ئىدى.

www.pdfiy.biz

“ئېرنىست، ــ دەيدۇ ھىتلېر، ــ سەن قولغا ئېلىندىڭ.” ھىتلېر ئۇنى سەنلەپلا سۆزلىگەن ئىدى. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى دېگىنىدە بايىقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى خاپىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. “ھىتلېر سەل جىددىيلەشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، بەك ھاياجانلانغاندەك ئەمەس ئىدى.” ئۇ قىسقىلا قىلىپ رومنى ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەپ، دەرھال ئۇچىسىغا بىر نەرسىلەر كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. روم بىر تەرەپتىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنى كۈتمەيلا ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا رومنىڭ بۇ دېگەنلىرى قۇرۇق تامغا سۆزلىگەندەكلا بىر ئىش بولغان ئىدى. ئۆيدە قالغىنى بايىقى چەسنىچە كېيىنگەن كىشىلا قالغان ئىدى.

فيۇرېر بېرىپ ئۇدۇلدىكى ئىشىكنى ئۇرىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن خېيىناس (海因纳斯) ئىسىملىك بىر ئەترەت باشلىقى ئۇيقا چىراي چىقىپ ئەترايقا ھاڭۋېقىپ قاراشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقان ياش بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇ بالا ئۇنىڭ شوپۇرى ئىدىسى. “بۇ مەنزىرە مېنى قاتتىق يىرگەندۈرىۋەتتى، ھەتتا قۇسۇۋېتىشكە تاسلا قالغان ئىدىم” دەپ يازىدۇ گىيوبېلس خاتىرىسىگە.

ھىتلېر، لوز (卢泽) نى قۇرال بارمۇ-يوق تەكشۈرۈپ چىق دەپ قويۇپ قويۇپ ئۆزى دەرھال ياندىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. “لوز (卢泽)، مەن ھېچ نېمە قىلمىدىم! ــ دەپ ۋارقىرايدۇ خېيىناس (海因纳斯)، ــ ماڭا ياردەم قىل!” لوز

www.pdaily.biz

(卢泽) جاۋابەن "مېنىڭ نېمە ئامالىم؟" دەپ خۇددى مەجبۇرلانغاندەك گېپىنى تەكرارلايدۇ. بەلكىم غەزەپلەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ياكى بەكلا چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ئەيتەۋىر، خەيىناس (海因纳斯) كىيىنىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ھىتلېر نېرقى ئىشىكتىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا "ئەگەر ئۇنىماي تۇرىۋالساڭ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىسەن، دېگىنىدىن كېيىنلا كىيىمىنى كېيىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ روم ۋە قالغان ھەمرالىرى بىلەن بىرگە كىر يۇيۇش بۆلۈمىگە قاماپ قويۇلىدۇ. ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا قامالغانلار ئارىسىدا يەنە ئون نەچچە نەپەر ئېس-ئاچىلار كۆزەتچىلىرىمۇ بار ئىدى (فيۇرېر ياتىقىغا بېسىپ كىرگىنىدە ئۇلار تاتلىق ئۇيقىدا ئىدى)، خېيىناس (海因纳斯) نىڭ شوپۇرى بىلەن بىرگە نەق مەيداندا تۇتۇلغان يەنە كىلىشكەن بىر قانچە ياش بالىلارمۇ بار ئىدى.

ھىتلېر كېيىنكى قەدەملىك ھەرىكەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاچ، كېمپكاغا يېقىندىكى بىر مېھمان سارايىغا بېرىپ رومنىڭ شوپۇرى ھەم نەۋرە ئىنىسى بولغان مېكس يۆگور (梅克斯•沃格尔) نى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. يۆگور ياتىقىدا بىر قىز بىلەن ياتقان ئىكەن. ئەسلىدە شۇ كۈنى سەھەردە بۇنداق ئىشنىڭ كۆرۈلىشى شۇ بىر قېتىملىقلا ئىش ئىدى. يۆگور كېمپكانىڭ يېقىن دوستى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن بەرىبىر ئىدى. شۇڭا ئۇ كەچۈرۈم سورىغىنىچە ئۇنىڭ قولىغا ئېلىنىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇلار ماشىنا ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا كېمپكادىن بەكلا غەلىتى بىر تەلەپتە بولىدۇ: "رومنىڭ ماشىنىسىنى بىر ھەيدەپ باقسام بولامدۇ؟"

www.pidaw.biz

كېمپكىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمايدۇ. شۇڭا كېمپكا ماشىنىنىڭ يېنىغا چىقىۋېلىپ يۈگورنى يولدە بىر قانچە قېتىم ئايلىنىۋېلىشىغا يول قويىدۇ.

كېمپكا ئەسىرنى يالاپ خانسېربۇرگ سارىيىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە 40 تەك ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى ئولتۇرغان بىر قارا ماشىنا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ كەلگەن قۇراللىق ئېس-ئاچىلار مىيونخېندىن كەلگەن رومنىڭ "قۇماندانلىق شتاپ مۇھاپىزەتچىلىرى" دېن ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇماندانى ھازىرغىچە كىرخانىدا قاماقلىق ئىدى. بۇ ئەھۋالدا بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا بەكلا مەيۈس ئىدى. ھىتلېرنىڭ كونىۋېيى بولغان ۋىلھېلم برۇكنىا (威廉•布鲁克纳)، ئۇلارغا ۋارقىرىغىنىچە دەرھال مىيونخېنغا قايتىپ كېتىشلىرىنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما كەلگەنلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرىشىدۇ. قارىغاندا بىر قېتىملىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

بۇ چاغدا ھىتلېر ئالدىغا ئۆتىدۇ: "برۇكنا (布鲁克纳) نىڭ دېگىنىنى ئاڭلىمدىڭلارمۇ؟ — ئۇ گېپىنى يۇمشىتىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى بىر بۇيرۇق ئىدى. ھىتلېر بۇ قوغدىغۇچىلارنى دەرھال مىيونخېنغا قايتىپ كېتىشنى بۇيرۇيدۇ. "يولدا سىلەر ئېس-ئېسچىلارغا دۇچ كېلىشىڭلار مۇمكىن. ئۇلار سىلەرنى قۇرالسىزلاندۇرسۇن." ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغىنى ھىتلېرنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئۇنىڭ

تۇتقان مۇئامىلىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ كەلگەن قارا ماشىنا كەينىگە قايتىدۇ.

مەھبۇدسلار ئىككى ئاپتوۋۇزغا چىقىرىلىدۇ. قۇراللىق كىشىلەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ئاپتوۋۇزلار يولغا چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ "مېرسېدېس" ماركىلىق پىكاۋى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. زىياپەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئېس-ئاچىلارنىڭ ھەممىسىنى ھىتلېر يولدا توسۇۋېلىپ ئۇلارنى بىرمۇ-بىر سوراق قىلىپ چىقىدۇ. گېيوبېلسىنىڭ ئالدىراش رەتلەپ چىققان تىزىملىكىدە ئىسمى بارلارنىڭ ھەممىسى قۇرالسىزلاندۇرۇلۇپ ماشىنا قاتارىغا كىرىپ ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇق قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ماشىنا قاتارى بارغانسىرى ئۇزىراشقا باشلايدۇ. بۇ ماشىنا ئەترىتى "قوڭۇر بىنا" غا يېتىپ كەلگىنىدە سائەتمۇ 9 بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ھەربى قىسملار بۇ بىنانىڭ ئەتراپىغا مۇداپىيىلىنىش توسىقى قۇرۇپ بولىدۇ. ھىتلېر ھەربى قىسىملارنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەخمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەسكەرلەردىن پايدىلىنىپ ھۆجۇمچىلار ئەترىتىگە قارشى چىقىش نىيىتى يوقلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ھىتلېر بىناغا كىرەر-كىرمەي گېيوبېلس تېلېفوندا مەخپى شىفىرنى گېورىڭغا يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىەلىپ تازىلاش ئىشى باشلىنىدۇ. "بۇ قېتىمقى توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىلىشىنى، شۇنىڭدەك ئائىلە تۇرمۇشىمىزدىكى قۇدۇققا

www.bilday.biz

زەھەر تاشلىغان قارا قوللارنى، شۇنىڭدەك سىرتتا زەھەر چاچقان قارا قوللارنى بىرنىمۇ قويماي تولۇق قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلىمەن.» ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ زەھەرلىك ئۆسمىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەتتى ھەقچان، دوختۇر بلوچمۇ ھىتلېرنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر قالايماقانلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى پاش قىلدۇ.

ئېس-ئاچىلار تۇتۇپ كەلگەن ئېس-ئېسچىلار يېتەكچىلىرى شتادېرخېيم (施塔德尔海姆) تۈرمىسىگە توشۇپ كېتىدۇ. تېخىچىلا «قوڭۇر بىنا» دا تۇتۇپ تۇرۇلغان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى، مەسىلەن روم قاتارلىق كىشلەر ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش تەلىۋىدە بولۇپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن قايتىدىن گېيوبېلس بىلەن كۆرۈشۈش تەلىۋىنى قويىدۇ. گېيوبېلس گېيورىڭ بىلەن تېلېفون سۆزلىشىپ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپى تۈگمەي ئەڭ ئاخىرقى جىنايەتچىمى بىروۋنىڭ ماشىنىسىغا يالاپ چىقىرىلىپ شتادېرخېيم (施塔德尔海姆) تۈرمىسىگە ئېلىپ مېڭىلدى. روم يالغۇز كىشىلىك بىر كامىرغا قامالغان بولۇپ، بۇ كامىر پېۋىخانا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قامالغان كامىرغا يېقىن بىر كامىر ئىدى.

«قوڭۇر بىنا» ئىچىدە، گېنېرال ۋون ئېپ (冯•埃普) رومنى ھەربى سوتنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر زادىلا خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەتىسى قاق سەھەردە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئاچچىقىنى

چىقىرىۋېلىشتىن باشقا بىر نېمە قىلالمايدۇ. ئۇ روم دېگەن پاكىتلىرى تولۇق، جىنايىتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمىغان، ئۆلۈم بىلەن جازالاندۇرۇلسىمۇ ئازلىق قىلىدىغان بىر ۋەتەن ساتقۇچ، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىشى گېنېرال ئېپ (埃普) نى بەكلا ھەيران قالغان بولسىمۇ بەربىر ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇ بىنادىن چىقىۋېتىپ يېنىدىكى كونىۋېيىغا "ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ!" دەپ كۇسۇرلايدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى سائەت ئون بىر يېرىم بولغاندا، ئازادە يىغىن زالىدا ئېچىلغان ھۇجۇمچىلار ئەترەت باشلىقلار يىغىنى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ھىتلېر تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ساراسىمە ئىچىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قارىتىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىمۇ ئېس-ئاچىلارغا بولغان غەزەپ-نەپرەتلىنىشتىنمۇ نېرى كېتەلمىگەن بولۇپ، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالىدۇ. بىر سائەتتەك سوزۇلغان ۋالاقلاش جەريانىدا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلار خاتىرجەم بولالماي ھەممىسى ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈرۈك چاچراتقىنىچە سۆزلەپ كېتىشىدىن قايسى بىر يىغىن قاتناشقۇچى بەكلاھاياجانلىنىپ كەتكەچكە "پات-پاتلا ئۆسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ". ھىتلېر، رومنى مېنى ئۆلتۈرىۋېتىپ، گېرمانىيىنى ئىككى قوللاپ دۈشمەنلەرگە سۇنماقچى، دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا، روم ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئېتىپ تاشلىنىشى كېرەك، دەيدۇ.

www.pdaily.biz

ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئىشى تېخى باشلانمىغان ئىدى. سەۋەبى، ھىتلېر ھازىرچە سېيىف دىترىچ (塞普•狄迪里希 مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى) نىڭ كېلىپ جازانى ئىجرا قىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي دىترىچمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن چىرايى تۇرۇلۇپ كەتكەن ھىتلېرغا كېچىككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلايدۇ: ماشىنىسىنىڭ چاقى كونا، يولمۇ ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولغاچقا ئىتتىك ھەيدىگىلى بولمىدى، دەپ سەۋەپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۇ كۈنى ھېچ قانداق بىر بۇيرۇق چۈشەرمەيدۇ. ئۇ دىيىتچقا بۇ ھەقتە مەسلىھەتچىلىرىم بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىشىمىز كېرەك، شۇڭا خاتىرجەم بولۇپ بۇيرۇقۇمنى كۈتكىن دەيدۇ. ئارىدىن ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇيرۇق چىقمايدۇ.

گەرچە بۇ يەردە ھىتلېر ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېرلىندىكى كەسپداشلىرى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ھىملېر - خېيدرىچ (海德里希) - گيورىڭ ئۈچىسگە لازىم بولىۋاتقىنى بىر مەخپى بەلگە ("ھەرە قۇشى") ئىدى. مەخپى بەلگە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇلار ھېلى ۋاقىتلاردىن بېرى پىلانلاپ كېلىۋاتقان سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ. پاپېن گيورىڭنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ يوخلىما قىلدۇرۇشقا بارغىنىدا، بۇ يەر "ھەممە تەرەپ ئاپتومات تۇتقان ئېس-ئېس پوستلىرى

تەرىپىدىن قورشاپ بولۇنغانلىقى” نى كۆرۈپ پەقەتلا خاتىرجەم
بولالماي قالىدۇ. ئۇ يەنە ھىتلېرنىڭ گېورىڭغا پايتەختتىكى
قوزغىلاڭچىلارنى تۇنجۇقتۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەنلىكىدىن
خەۋەر تېپىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بىر مۇئاۋىن باش
مىنىستىر بولۇش سۈپىتى بىلەن پاپېن، باش مىنىستىر يوق
ۋاقىتلاردا بۇ ھوقۇق ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى. شۇڭا
ئۇ بۇنىڭغا قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ
ھىندېنبۇرگنىڭ جىددى ھالەت ئېلان قىلىپ دۆلەت مۇداپىيە
ئارمىيىسىنى يۆتكەپ كېلىپ قانۇننى قوغداپ ۋەزىيەتنى
مۇقىملاشتۇرۇش تەلىۋىدە چىڭ تۇرىدۇ. گېورىڭ بۇنداق
قىلىشنى قەتئى قوبۇل قىلماي تۇرىۋالىدۇ. ئۇ ھىملېرنىڭ ئېس-
ئېسچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي
تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا پاپېن
چىڭ تۇرۇپ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپى
گېورىڭ تەرىپىدىن ئىزچىل بۆلۈۋېتىلىدۇ. گېورىڭ مۇئاۋىن باش
مىنىستىرنى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ غېمىنى
قىلىشنى ئېيتىدۇ. پاپېن ئۆيىگە تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا
بېرلىن كوچىلىرى ماشىنا گۈلدۈرلەشلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.
ھەممىلا يەردە يېڭى ھاكىمىيەت دۈشمەنلىرى قولغا ئېلىش
باشلىنىپ كېتىدۇ. قىسىملاردىن بىرسى كېلىپ پاپېنىنىڭ
ئىشخانىسىنى قورشاۋغا ئېلىپ پاپېنىنىڭ ئاخبارات مەسئۇلىنى
ئېتىپ تاشلاپ، قالغان خىزمەتچىلەرنى قولغا ئالىدۇ. ئەسلىدە
مۇئاۋىن باش مىنىستىرنىڭمۇ بېشىغا دەرت كېلىشى مۇمكىن

www.pdaily.biz

ئىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇمۇ ئۆيىدە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. پاپېن، ئۆيىنىڭ تېلېفون لىنىيىسىنىڭمۇ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى، مېھمانخانىسىدا بىر ساقچى ئەمەلدارى ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭغا سىرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈڭ دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئۇ كۈنى بىر شەنبە (ئارزۇ، ئاتارۇت) كۈنى بولۇپ، ھاۋا بەكلا ئىسسىق ئىدى. بېرلىنلىقلاردىن بەكلا ئاز كىشى پەۋقۇلئاددە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. تىيېرگاردىن (提埃加登) تىنچلىق دەرەخ سايىسىدا ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتقان كىشىلەر بولسا كۈنىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ ھاۋانىڭ تېخىمۇ ئىسسىپ بېرىشىغىلا بەكرەك قىزىقاتتى. مۇخپىر سېفتون دېلمېر بولسا بەكلا قايغۇ ئىچىدە قېلىپ چۈشتىن بۇرۇنقى زىيارەت پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئالدىراپ-تىنەپ ئىشخانىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يولدا تىنماي “مەن نېمشكە ‘ھىتلېرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ خەۋپى’ دېگەن خەۋەرنى يازمەن دەپ ئاۋارە بولايكى، بۇ بىشىمنى دوغا تىككەندىن باشقا نېمىگە يارايتتى” دەپ تىنماي غۇدۇڭشىيتتى. ئەگەر ھېچ قانداق بىر ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا قانداق بولىدۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ ماشىنىسى ساقچىلارنىڭ قامال قىلىۋالغان يېرىدە يولى توسالغىنىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق غەم-ئەندىشىلەر غايىپ بولىدۇ. “قارىغاندا چوقۇم بىر ئىشلار بولغان.” مىس قالپاق كېيىشكەن، قوللىرىدا ئاپتومات تۇتقان

www.pdaily.biz

ساقچىلار رومنىڭ ئېيتىگاردىن كوچىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ھەشەمەتلىك قوراسىنى قورشىۋالغان ئىدى.

شەھەر سىرتىدا گېنېرال ۋون شلېيچېرنىڭ ئاشپىزى ئىككى نەپەر گېستاپونى باشلاپ بۇ سابىق باش مىنىستىرنىڭ كىتابخانىسىغا كىرىدۇ. كىرگەن چاقىرىلمىغان مېھمانلاردىن بىرسى "شلېيچېر دېگەن سەنمۇ" دەپ سورىۋىدى، بۇ سابىق باش مىنىستىر "ھەئە، مەن شۇ ..." دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا كەلگەن بۇ ئىككى كىشى دەرھال ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بىر بۇلۇڭدا رادىئو ئاڭلاپ ئولتۇرغان شلېيچېر خانىم ئېتىلغىنىچە ئوق يىگەن يولدىشى تەرەپكە يۈگەرگەن بولسىمۇ يېتىپ كەلمەيلا ئۇمۇ ئوق يەپ يەرگە يىقىلىپ قالىدۇ. شلېيچېر نەق مەيداندا ئۆلگەن بولۇپ، ئايالى دوختۇرخانىدا جان ئۈزىدۇ.

مىيونخېنىدا بولسا، روم بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئاخىرى قانداق بىر ھۆكۈم چىقىرىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ھىتلېر تېخىچىلا ئېنىق بىرەر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. يىغىن زالىدا، تالاش-تارتىشلار كۈچىيىپ، سىرتتا تۇرغان سېپ دىيتىرىچ (塞普•狄迪里希) قىمۇ ئىككى قات ئىشىك سىرتىدىن بۇ مۇنازىرە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا يىغىن زالىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ھېسىنىڭ ياردەمچىسى مارتىن بورمان (马丁•鲍曼) ئېچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ دىترىچ (狄迪里希) نى باشلاپ ھىتلېرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. "گازارمىغا قايتقىن" دەيدۇ ھىتلېر. ھىتلېر ئۇنىڭغا

www.pidaily.biz

دىيترىچ (狄迪里希) ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك بىر بۇيرۇقنى بېرىدۇ: "بىر ئوفىتسېر بىلەن ئالتە نەپەر ئەسكەر تاللاپ ئېس-ئاچىلار رەھبىرىگە ۋەتەنگە خائىنلىق جىنايىتىدىن ئۆلۈم جازاسى بەرگىن."

دىترىچ (狄迪里希) بورماننىڭ بەرگەن تىزىملىكىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈردى. ستادىرخېيىم (施嗒德尔海姆) غا قامالغانلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ تىزىملىكتە بار ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇلار ئارىسىدىن 12 ئىسىمنى تاللاپ ئىشارەت قويغان بولۇپ، خېيىنناس (海因纳斯) بىلەن يوقۇرى باۋارىيە ئېس-ئاچىلار كاتتىبېشىنىڭ ئىسمىمۇ بۇ بەلگە سېلىنغانلار ئارىسىدا ئىدى. ئەمما بۇ ئون ئىككى ئىسىم ئارىسىدا ئېرنىست روم نىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا ھىتلېر تېخىچىلا رومغا ئۇلاردەك بىر جازا بېرىشكە جاسارەت قىلالمايۋاتقان ئىدى.

باۋارىيە ئەدلىيە مىنىستىرى خانس فرانك (汉斯•弗兰克) نۇرغۇنلىغان ئېس-ئاچىلار رەھبەرلىرىنىڭ ستادىرخېيىم (施塔德尔海姆) غا قاماپ قويۇلغانلىق ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ يەرگە ئۆزى بىۋاستە بېرىپ دېلونى ئۆتكۈزۈپ ئالماقچى بولدۇ. ئۇ يەرگە بارغىنىدىن كېيىن، ئېس-ئاچىلار جىنايەتچىلىرىنى شتاتلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ كۆزىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش بۇيرۇقىنى بېرىپ بولۇپ، رومنىڭ كامىرىغا كىرىدۇ.

www.pidaly.biz

“بۇ قانداق گەپ؟ — سورايدۇ روم، — بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟”

فرانك (弗兰克) بۇ ئىشلاردا بەك كۆپ نەرسە بىلمەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ئارتۇق ۋەدىمۇ بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئىشلارنىڭ قانۇنى يوللار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى. روم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يامان ئاقىۋەتكىچە تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. “مەن ئۆلۈش ياكى ياشاش دەيدىغان خىياللارنى كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم. شۇڭا سېنىڭدىن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ قويساڭ دەپ تەلەپ قىلىمەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئايال. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ماڭا قاراشلىق ئىدى.” فرانك (弗兰克) كامېرنىڭ ئىشىگە قاراپ ماڭغىنىدا روم ئۇنىڭ قولىنى سىققىنىچە “بارلىق ئىنقىلاپلاردا ئۆز قىزىنى يۇتۇپ كېتىدىغان بىر ئىش بار” دەيدۇ.

فرانك (弗兰克) يېڭىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلىۋىدى، سېپىپ دىترىچ (塞普•狄迪里希) بىر ھەمراسى بىلەن بىرگە كىرىپ بىر قىسىم ھۆججەتلەر ئەترىتى رەھبەرلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ يېنىدىن ھىتلېر بىۋاستە كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققان تىزىملىكنى چىقىرىپ كۆرسىتىدۇ. فرانك (弗兰克) تىزىملىككە قاراپ تۇرۇپلا قالىدۇ: ”ھەر قانداق بىر ئەھۋال ئاستىدا بۇ كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايتتى“ دەيدۇ. دىترىچ (狄迪里希) ئۇنىڭغا بۇ بۇيرۇقنى بىۋاستە ھىتلېردىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. فرانك

www.pdaw.biz

(弗兰克) بۇ ئىشلارنى قايتا سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش ئۈچۈن قوگۇر بىناغا تېلېفون قىلىشى ئۈچۈن مىڭ تەستە ئۇنى قايىل قىلدى. دىتىرىچ (狄迪里希) دەسلىۋىدە ھېس بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئاندىن تروپكىنى فرانك (弗兰克) قا ئۇزارتىدۇ: “ھىتلېرنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.”

تۇروپكىدىن ھىتلېرنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلىشى ئاڭلىنىدۇ. “سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ياكى سەن بۇ جىنايەتچىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەمسەن بولمىسى؟ مەن بۇ نەرسىلەرنى تۆپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلايمەن!”

فرانك نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ ئىشتا بىرەر يازما ھۆججەتمۇ بولمىسا، مېنىڭ كۆرگىنىم پەقەتلا 6 كىشىلىك بىر تىزىملىك، دەيدۇ. “تىزىملىكتىكى ئىشارەتلەرنى مەن قويدۇم. — دەيدۇ ھىتلېر سەل يۇمشىغاندەك قىلىپ، — بۇ ئەپەندىلەر ئىمپېرىيىگە قارشى چىققان جىنايەتچىلەر. مەن دېگەن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باش مىنىستىرى. ئىمپېرىيىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ تۈردىكى مەسىلىلەرگە سېنىڭ چات كىرىۋېلىش ھەققىڭ يوق.”

ستادىخېيىم (施塔德尔海姆) دا بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئالتە نەپەر زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى قوراغا يالاپ چىقىرىلىدۇ. ھەر بىرسىنى ئىككى نەپەر ساقچى يالاپ ماڭىدۇ. “فيۇرېرىمىز ۋە ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى سىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. - دەپ ۋارقىرىدى بىر پارتىيە گۇۋاردىيە باشلىقى، —

www.pdaly.biz

هازىر ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ." باۋارىيە ھۇجۇمچىلار باشلىقى ئاۋگۇستىپىن شىنەيدىخۇپ (奥古斯特•施奈德胡伯) تارتىپ چىقىرىلغاندا جاللات بولغۇچىنىڭ ئەسلىدە دىتىرىچ (狄迪里希) ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلغىنىچە ۋارقىرايدۇ: "سېپ (塞普)، ھەي دوستۇم، بۇ يەردە زادى نىمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ؟ بىز پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىدۇقۇ!" دىتىرىچ (狄迪里希) قاپىقىنى تۈرگىنىچە دىققەت تۇرىشىغا ئۆتىدۇ: "فيۇرېرىمىز سىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى! خايىل ھىتلېر!" دەپ ۋارقىرىدى.

ھۆكۈم يىگەن بىرىنچى كىشى ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ كىشى كۆزىنىڭ ئېتىلىشىنى رەت قىلىدۇ. ئوق ئاۋازى قورو ئىچىدە ئەكس سادالار ياڭرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىن ئىككى كىشىمۇ كۆزىنىڭ تېڭىلىشىغا ئۇنىمايدۇ. دىتىرىچ (狄迪里希) بىر قانچە كىشىنىڭ ئېتىلىشىغا يىتەكچىلىك قىلىدۇ. نۆۋەت شىنېيدىخپ (施奈德胡伯) قا كەلگىنىدە، ئۇ كەينىگە ئۆتۈپ مەيداندىن يىراقتا تۇرىۋالىدۇ: "مىنىڭ بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بەرگىچىلىكىم قالمىدى!"

ھىتلېر ئولتۇرغان پىكاپ ئايرىدرومغا قاراپ يولغا چىققىنىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. "مەن رومنى كەچۈرىم قىلىۋەتتىم. - دەيدۇ ھىتلېر ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان گېنېرال ۋون ئېپىپ (冯•埃普) قا ۋەدە بېرىپ، — ئۇنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ يۈزىنى قىلدىم." ھىتلېر "روك-52" ئايروپىلانىنىڭ ئالدى

تەرىپىدە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرىدۇ. پور (波尔) ئايروپىلاننى ھەيدەپ بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. يول بويىچە ھىتلېر بېشىنى چۆكۈرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ.

ئادەتتىكى بېرلىنلىقلارغا نىسبەتەن ئالغاندا كۆرۈنۈشتە دۆلەتنىڭ داۋالغۇچ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچ قانداق بىر ئىشارەت كۆرۈنمەيتتى. توغرا، شەھەر ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ ھەر تۈرلۈك گەپ-سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. شارودېنبۇرگ چاۋس (沙洛登伯格•绍塞) كوچىسىغا ساقچى ئىدارىسىنىڭ يول توساق ئورۇنلاشتۇرىۋېتىلگىنى ھەممىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ تۇرغان ھەربىي ماشىنىلار سەۋەبىدىنمۇ قاتناش راۋانلىقى توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە ئىدى. كىشىلەر يەنە ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇلۇپ ئادەم تۇتۇش ۋەقەلىرى بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈردىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر يەنىلا يوشۇرۇن كېتىۋاتاتتى. گېنېرال ۋون شلېيچېر بىلەن ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بەكلا ئاز كىشى بىلەتتى. خۇددى شۇنىڭدەك گرىگور ستراسسېرنىڭ چۈشلۈك تاماق دەستىرخانى ئۈستىدە قولغا ئېلىنغانلىقىنى ھەممە گېستاپو تۈرمىسىنىڭ 16-نومۇرلۇق كامىرىغا قامالغانلىقىدىنمۇ بەكلا ئاز كىشى خەۋەردار ئىدى. ئۇ يەردە قاراڭغۇلۇقتا كۆرۈنمەي يۈرگەن جاللاتلارنىڭ دېرىزە سىرتىدىن كامىرغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ستراسسېرنى خۇددى قەپەزدىكى چاشقاندەك ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىپ يارادار قىلىندۇ. يەنە بىر جاللات كامىرغا كىرىپ ئۇنىڭ

www.pidaw.biz

ئىشنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېيوبېلس بىلەن گېيورىڭنىڭ دۈشمەنلىرى يوقۇتۇلغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ئۆلگۈچىلەر ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە فيۇرېرىگە سادىق قالىدۇ.

بېرلىندا بولسا، بۇ قېتىمقى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ بېشىدا گېيورىڭ بار ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن گېيورىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدە چەتئەللىك مۇخپىرلارغا قىسقىچە ئەھۋال تونۇشتۇرغان بولىدۇ. "گېيورىڭ رەتلىك ئۈنفورما كىيىپ مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا كەلگەن ئىدى. ـــ دەپ يازىدۇ بىر گېستاپو ئەمەلدارى، ـــ ئۇ سەھنىگە ئادەتتىكى قەدەملەر بىلەن ئەمەس بەلكى يوغۇرگەندەك ئۇششاق قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ سۆزىنى باشلاشتىن ئاۋال تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇش مەقسىتىدە مىكرافون ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە مەخسۇس سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئاندىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورققاندەك سەل ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋالىدۇ." ئۇنىڭ گېپى شلېيچېر بىلەن روم ئۇستىگە كەلگىنىدە ستراسسېرنىڭ سۈيىقەست قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىشقا باشلىغىنىدا بىرسى ئۇنىڭدىن سابىق باش مىنىستىرنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. "ئۇ بەكلا ئاخماقلىق قىلدى. ھالىغا باقماي قارشىلىق كۆرسەتتى. ـ گېيورىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىدا قايسى بىر خاتىرىلىگۈچىنىڭ يازغىنىدەك چىرايىدىن بۆرىنىڭ كۈلۈمسىرىشى نامايەن بولىدۇ، ـــ ئۇ ئۆلدى" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شۇكۇنى كەچ ۋاقىتلاردا گېرمانىيە دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسى فيۇرېرنىڭ ۋېكتور لوز (维克多•卢泽) غا يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، بىر تەرەپتىن بۇ قېتىمقى تازىلاشنى ئاقلىماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن لوز (卢泽) نى رومنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن يوللانغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ تېلېگراممىدا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ يېڭى قۇماندانى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگە ئون نەچچە ماددىلىق "ۋەزىپىلىرى" نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بىرىنچى ماددىلىق ۋەزىپىدە "مەن ئېس-ئاچىلار قۇماندانىنىڭ قەتئىي بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىشىنى ھەمدە ئىنتىزامغا قەتئىي بوي سۇنۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. ھەر بىر ئېس-ئاچىدىنمۇ شۇنداق تەلەپتە بولىمەن. — دەيدۇ. ئۇ يەنە "ئالى دەرىجىلىك پىكاپلاردا ئولتۇرۇش ياكى ئۈستى ئوچۇق پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتەشنى مەقسەت قىلىدىغان ساياھەتلەردە بولۇش" تەك ھەرىكەتلەرنى، ھەشەمەتلىك مېھماندارچىلىق قىلىشلارنى، ھاراقكەشلىك قىلىشلارنى ھەمدە ئوچۇق يەرلەردە جېدەل چىقىرىشلارنى قاتتىق چەكلەيدىغانلىقىنى تىلغا كەلتۈرىدۇ. — مەن يەنە مۇنداق بىر نەرسىنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىمەن: ھەر بىر ئانا ئۆز بالىسىنى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە، پارتىيىگە ياكى 'ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى' غا قىلچە ئەنسىرىمەي تاپشۇرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بالىلىرىڭلار ئۇ يەرلەردە ھەرگىزمۇ ئەخلاقسىز بىرسى بولۇپ يېتىلىش پۇرستى بولمايدۇ. ... شۇڭا

ئىس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەگەر ئەخلاقسىزلىقلار بىلەن شۇغۇللانغىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنداق كىشىلەرنى چوقۇم ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىن ھەمدە پارتىيىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز. ... مەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرىدىن ئاخماقانە بىر گورىللا مايمۇنى ئەمەس بەلكى رەسمىي بىر ئادەم بولىشىنى تەلەپ قىلىمەن." بۇنداق بىر پەيتتە بۇ گەپلەرنى ئوتتۇرغا قويغانلىقى، نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك مازاق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئادەتتىكى نېمىسلار بولسا ئەدەپ بىلەن رازىلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، فيۇرېرى بىلەن بىردەك ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرگەنلىكىدىن زىرىككەنلىكىنى ئىپادىلىشىپ ئۇھ دەپ ئەركىن بىر تىنىۋېلىشىدۇ.

ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چاقىرىق قىلىپ، ھەر بىر ئىس-ئاچىلار ئەترىتى رەھبىرىدىن "دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە قەتئىي سادىق بولۇشىنى، ئۇلارغا يوۋاشلىق بىلەن باش ئىگىشىنى، ھەرگىز ئۇلارغا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىقىنى"، شۇ ئارقىلىق "ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېتەكچى، ھەقىقىي بىر دوست ۋە ھەقىقىي بىر يولداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەكلىكىنى" تەلەپ قىلىدۇ. ئاخىرىدا، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكى پىشقەدەملەرنى بىر قۇر ماختاپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى "بۇرۇن گېرمانىيىدىكى خەلق قەلبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلەر مۇتلەق تۈردە 1933-يىلىدىن بۇرۇن ياكلى شۇنىڭغا يېقىن بىر قانچە ئاي ئىچىدە ئىس-ئاچىلار قوشۇنىغا ئەزا بولغان ئەقىللىق

www.pidaiy.biz

كىشىلەر” دېگەندەك مەدھىلەردىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ شەخسى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تىلغا ئالدۇ: “مەن ھەر بىر پارتىيە گۇۋاردىيىسىنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن تەربىيىلىنىپ چىقىشىنى، يۈكسەك دەرىجىدە مەشىق قىلىپ چىققان مىللى سوتسىيالىزم جەڭچىسىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن” دەپ ئاخىرلاشتۇردۇ.

شۇ ئاخشىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى كىشىنى چۆچۈتكىدەك رەقەملەرگە يېتىدۇ. شلېيچېرنىڭ دوستى گېنېرال ۋون پودورف (冯•勃多夫) ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدۇ. بولېسلاۋ (勃列斯劳) نىڭ قوشۇمچە ساقچى باشلىقى بىرسىلىرى تەرىپىدىن تاپانچە بىلەن ئېتىپ تىتما-تىتما قىلىۋېتىلىدۇ؛ يەنە بىر ئېس-ئېس ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوفىتسېرى تاماكا چېكىش بۆلۈمىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدۇ. پاپېننىڭ يېقىنقى كۈنلەردە تالاش-تارتىش پەيدا قىلىۋەتكەن نۇتقىنى قەلەمگە ئالغان ئادىمى گېستاپو تۈرمىسىنىڭ گەمىسىدە ئۆلۈكى قالدۇ. بۇ تۈرمە ئالبېرت (阿尔布列希特) شاھزادە كوچىسىدا ئىدى. ئېس-ئېس نازارىتى ئاستىدا لېشتفورد (里希特弗尔德) گازارمىسىدىمۇ جىنايەتچىلەر ئۆلتۈرۈلدۇ. ئۇ يەردە قاتناش مىنىسترى، “كاتولىك ھەرىكىتى” تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، شۇنىڭدەك يېڭى توي قىلغان ئەمما شىرىن ئاي تەتىلىدىن چاقىرتىپ كېلىنگەن كارل ئېرنست (卡尔•恩斯特) قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۆلتۈرىلدۇ. ئېرنست (恩斯特) تىنىقى چىقىش ئالدىدا ئارانلا “خايىل ھىتلېر!” دەپ قالالايدۇ.

www.pidaly.biz

ئىس-ئاچىلار ئەتىرتى قالايماقانلىشىپلا كېتىدۇ. بەزى ئورگانلىرىدا جىددى ھالەت يولغا قويۇلۇپ يان قوۋرال تارقىتىلغان، يەنە بۇيرۇق بويىچە ۋەتەن ساتقۇچلارنى ئاختۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان، نەتىجىدە ئىس-ئىسلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈرۈلۈپ قولغا ئېلىشقا ئۇچرىغان ئىدى. قالغانلار بولسا كوچىلاردا ھىملېرنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ يارادار قىلىنغان، بەزىلىرى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلانغان ئىدى. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمى كوچىلارغا ئېلان قىلىنىپ چاپلىۋېتىلگەن ياكى قولغا ئېلىنىدىغانلىقى ياكى ئېتىپ تاشلىنىشى ھەققىدىكى ئۇختۇرۇشلار چاپلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئىس-ئىسچىلار ئىچىدىن بەزىلەرنىڭ يان بېسىپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۆزلىرىنى پارتىيىسى ئۈچۈن ھەممە نەرسەمنى قۇربان قىلىۋەتتىم دەپ يۈرگەن نەچچە ئون مىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كۈن دەھشەتلىك بىر كېچە بولۇپلا قالماي، بارلىق غايىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بىر كۈن بولۇپ قالىدۇ.

ئاخشىمى سائەت ئون بولغىنىدىلا ھىتلېر ئولتۇرغان ئايروپىلان تانبېرخوف (坦贝尔霍夫) ئايرودرومىغا كېلىپ قونىدۇ. ئايرودرومدا ئۇنى قارشى ئېلىشقا بەكلا ئاز كىشى چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گيورىڭ، ھىملېر، فىلىپپ، بىر قانچە گېستاپو ئەمەلدارلىرى ۋە بىر نەپەر ساقچىلا بار ئىدى. ئايروپىلاندىن بىرىنچى بولۇپ چۈشكىنى فيۇرېر ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا قور رەڭلىك بىر كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بويىنىغا

www.pdaily.biz

كېيىنەك تۈگۈن گالۇستۇك تاقىغان، سىرتىغا خۇرۇم كاژانكا، ئايىقىغا ھەربىي ئۆتۈك كەيگەن ئىدى. “ئۇ باش كىيىمسىز بولۇپ، چىرايى تاتارغان، ساقىلىنىمۇ چۈشەرمىگەن، ساغرىپ ئىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى” دەپ يازىدۇ بىر گېستاپو ئەمەلدارى ئەسلىمىسىدە. ھىتلېر ھەممەيلەن بىلەن بىر قۇر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، گيورىڭ بىلەن ھىملېرنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى تەپسىلى ئاڭلاپ چىقىدۇ. ھىملېر ئۇنىڭغا بىر تىزىملىك ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ بارمىقى تىزىملىكتە ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەپ مېڭىۋاتقان ۋاقىتىدا ھىملېر بىلەن گيورىڭ ئىككىسى بىر چەتتە تۇرۇپ پىچىرلىشىپ گەپكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئۈچىسى ماشىنىغا قاراپ ماڭغىنىدا (ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر مۇھاپىزەتچى يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ)، ھىتلېر ئۇلارغا روم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ ئاشكارىلايدۇ. ئۇ، بۇرۇن گېنېرال ۋون ئېپپ (冯•埃普) قا بۇنىڭ ئۈچۈن كاپالەت بەرگەن ئىدى. گيورىڭ بىلەن ھىملېر بۇنىڭ تەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولغان بىرسى كېچىرىم قىلىنغاندەك بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن بىر كۈنلۈك قىرغىنچىلىقنى بەزىلەر مازاق قىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. پىكاپ قوزغىلىپ يولغا چىقىۋاتقىنىدىمۇ بۇ ئۈچەيلەننىڭ تالاش-تارتىشى بېسىقمايدۇ.

## (4)

پرېزدېنت ۋون ھىندېنبۇرگ جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئىشىغا قىلچە پەرۋا قىلماي يۈرىۋەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدىكى تۇنجى ئىنكاسى مىسنىېرغا ۋارقىرىغىنىچە مۇنداق دېيىش بولىدۇ: "مەن ساڭا بۇرۇنلا دېمىگەنمىدىم، مەن بۇ باش مىنىستىرغا ئەخلاقسىز ھەمدە خەتەرلىك روم دېگەن بۇ نەرسىنى قامىۋەت دەپ نۇرغۇن قېتىم ئېيتقان ئىدىم. ئەپسۇسكى ئۇ بۇ دېگەنلىرىمگە پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. مانا قارا، بۇگۈن بۇ ئىش سەھەبىدىن شۇنچە كۆپ قان تۆكۈلۈش بولۇپ كەتتى!"

ئەتىسى، يەنى 1-ئىيۇن كۈنى، ھاۋا مۇتىدىل بىر كۈن بولىدۇ. بېرلىنلىقلار خۇددى ئادەتتىكى بىر يەكشەنبە كۈنىدەك بالاچاقىسىنى يېتىلىشىپ كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ 5-6 نەپەر ۋەتەن ساتقۇچنى ئېتىپ تاشلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى قىسقىچىلا ئېلان قىلىش بىلەن، ئېس-ئېسچىلاردىن ئىزچىل تۈردە پايدىلىنىش قاتارىدىكى خەۋەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. فيۇرېرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلەلەيدىغان كىشىلەر بولسا، فيۇرېر ئۆمۈرىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلىرىنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك كىرىزىسلىرىدىن بىرىنى باشتىن كۆچۈرىۋاتقانلىقىدىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بۇ بوھران ئەڭ يوقۇرى پەللىگە چىقىپ، ھىتلېر ئاماللىسىزلىقتىن رومنى ئېتىپ تاشلاش بۇيرۇقىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھىتلېرنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بۇيرۇقىدا خېلىلا يۇمشىتىپ

ئېيتىلغان سۆزلەر ئىپادىلەنگەن ئىدى. ئۇ بىرىگادا كوماندىرى سېيۇدور ئېيك () قا يولىيۇرۇق بېرىپ، رومغا ئۆزىنى ئېتىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشنى ئېيتىدۇ.

ئېيك (埃克) ھىتلېرنىڭ ئېغىزچە بۇيرۇقىنى ئېلىپ، قول ئاستىدىن ئىككى نەپەر ئادىمىنى بىرگە ئېلىپ ستادىرخېيم (施塔德尔海姆) غا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. دەسلىۋىدە، تۈرمە باشلىقى تۇنۇشتۇرۇشۇڭ يوق ئىكەن دەپ رومنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. ئېيك () ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىغىنىدىن كېيىنلا تۈرمە باشلىقى يول قويۇپ، بىر گۇندىپايغا بۇ 3 نەپەر ئىس-ئېسچىنى 474-نومۇرلۇق كامىرغا باشلا بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. روم كامېردا ئىسسىقتا چىپىلداپ تەرلەپ كۆڭلەكسىز روھى چۈشكەن ھالدا تۆمۈر كارىۋاتتا ئولتۇراتتى.

"سەن جېنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولدۇڭ. — دەيدۇ ئېيك ()، — فيۇرېر ساڭا يەنە بىر قېتىم توغرا قارار بېرىش پۇرسىتى بەردى" دېگىنىچە ئىچىگە بىرلا پاي ئوق سېلىنغان تاپانچىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كامىردىن چىقىپ كېتىدۇ. ئېيك () كورىدوردا 15 مىنۇتتەك ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال يان قۇرالىنى چىقىرىپ، ئىككى نەپەر ياردەمچىسى بىلەن بىرلىكتە كامىرغا بېسىپ كىرىدۇ. "قوماندان، تەييارلىنىڭ!" دەپ ۋارقىرايدۇ ئېيك (). ئەمما ئۇ ياردەمچىسىنىڭ قولى تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا "ھاياجانلانما، ئالدىرىماي قارىغا ئال" دەيدۇ. بۇ تار

www.pidaily.biz

كامىر ئىچىدىن قۇلاقنى يارغىدەك ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. روم يىقىلىپ چۈشىدۇ. "فيۇرېرىم! — ئۇ ئۈزۈك-ئۈزۈك ئۈن چىقىرىدۇ، — مېنىڭ فيۇرېرىم!"

"ئۇنى سەن بۇرۇنراق ئېسىڭگە ئالغان بولساڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىڭ. ئەپسۇسكى ئەندى بەكلا كېچىكتىڭ!" دەيدۇ ئېيك جېنى چىقىۋاتقان رومغا قاراپ. بۇ ۋاقىت، چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغان ۋاقىت ئىدى. ئەسلى قائىدە بويىچە ئەڭ ئاۋال ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئادەم ئەڭ ئاخىردا يوقۇتۇلىدۇ. رومنىڭ ئۆلىشى بىلەن تەڭ، بېرلىن رايونى، يەنى رىشتفېرد (里希特弗尔德) گازارمىسى بىلەن كولومبىيە بىناسى (بۇ يەر بۇرۇن بىر تۈرمە بولۇپ، كېيىن ئېس-ئېس جازاخانىسىغا ئايلاندۇرۇلغان) دىكى ئۆلتۈرۈلگەنەر تىزىمىدا بار ئەمما تېخىچە ئۆلتۈرۈلمىگەنلەرمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغان بولىدۇ.

ھوقۇق كۈچىگە ئىگە بولغانلارنىڭ دوستلىرى بىلەن چەتئەللىكلەر ھەر دائىم ماشىنىلىق ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ بەزىدە كۆرۈنۈپ بەزىدە غايىپ بولاتتى. پاپېن يەنىلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن قالمىغان ئىدى. يەكشەنبە كۈنى، باش ئەلچى دودا (多德) ئۇنىڭ ئىشىكىگە "ئۇزۇنغا قالماي سىزنى زىيارەت قىلغۇم بار" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر پارچە ئىسىم كارتۇشكىسى تاشلاپ قويىدۇ. دودا () نىڭ ھېس قىلىشىچە پاپېن راستچىل بولمىغان بىر توخو يۈرەك بىرسى ئىدى. شۇڭغا قارىماي ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىنمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىسىم كارتۇشكىسىنى تاشلاپ

www.pidaw.biz

قويۇشىدىكى مەقسىدى، "ناتىستلارنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان زوراۋانلىقلىرىغا نارازىلىقنى بىلدۈرۈش" ئىدى.

كىشىلەر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن يەنىلا بەك خەۋەردار بولۇپ كەتمىگەن ئىدى. شۇ كۈن ئاخشىمى گىيورىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇزۇن چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولسىمۇ بەرىبىر ئەسلى مەقسىدىنى ئاشكارىلاشتىن بەكلا يىراق ئىدى. "تازىلاش ھەرىكىتى قىلچە رەھىم قىلىنماي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ." بارلىق پۇخرالارغا كاپالەت بېرىپ مەملىكەت تەۋەسىمۇ تىنچلانغان، فيۇرېرمۇ ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆز تىزگىنىگە ئېلىۋالغىنىدىن كېيىنكى گىيورىڭنىڭ ئېلان قىلغىنى يوقۇرقىدەك سۆزلەر ئىدى. ئېس-ئاچىلار ئارىسىدىكى خۇدىنى بىلەلمەي قالغانلار تولۇق يوقۇتۇلىدۇ دېيىلدى. "خەلقىمىز شۇنى بىلىشى كېرەككى، بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىز پۈتۈنلەي خەلقىمىزنىڭ مەنپەتى ئۈچۈندۇر." ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغىنىمۇ خۇددى ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئېلان قىلغانلىرىمۇ ھەقىقەت بىلەن ئۇيدۇرمىلارنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا ئۇلار ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىشنى مەجبۇرلايدىغان پۇرسەتنىلا بېرەتتى: ئەنسىرىگىدەك ھېچ قانداق بىر ئىش يۈز بەرگىنى يوق. بىز پەقەت قايغۇلۇق ئەمما زۆرۈر بولغان بىر ئىشنىلا ئورۇندىغان بولدۇق. بۇ ئىشتا قوللانغان ئۇسۇلىمىز

www.pidaily.biz

يەنىلا ئۇچۇق ئاشكارە ۋە ئىنساپ بىلەن ئىش قىلدۇق. بۇنىڭ مەقسىدىمۇ ئوخشاشلا دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى.

ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنىپ كەينىدىنلا گېنېرال ۋون بىرومبېرگ (冯•勃洛姆堡) نىڭ دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، بىز فيۇرېرگە پۈتۈنلەي سادىق قالىمىز، دەيدۇ. "ئىچكى قىسىم سىياسى كۈرەش" لەردىن مۇستەقىل، ئۇنىڭغا بېقىنماي ھەرىكەت قىلماقتىمىز دېگەنلىرىگە ھېچكىم ماقۇل كەلمىسىمۇ، بۇ بۇيرۇقتا يەنىلا جانلىق بىر شەكىلدە ئارمىيە بىلەن ئادولف ھىتلېر گۆش بىلەن سۆڭەكتەك بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

گەرچى بلۇمبۇرگمۇ خەلق ئاممىسىغا كىرىزىس ئۆتۈپ كەتتى دەپ كاپالەت بەرگەن بولسىمۇ، بۇ تۆردىكى قىرغىنچىلىقلار تا 2-ئىيۇن سەھەرگىچە داۋام قىلىدۇ. كولومبىيە (哥伦比亚) بىناسىدا، بىر پراكتىكانت ئوفىتسېر ئەترەت باشلىقى كارل شلېيۇ (卡尔•施列耶) نى كامىردىن باشلاپ چىقىدۇ. بۇ پراكتىكانت ئوفىتسېر ئۇنىڭغا "فيتۇرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ." دەپ ئۇقتۇرىدۇ. شلېيۇ (施列耶) مۇ 3 نەپەر يولدىشىنىڭ يالاپ چىقىرىلىپ ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگەن بولۇپ، ھەر يېرىم سائەتتە بىر ئادەم ئېتىلىپ تۇرغان ئىدى. ئوفىتسېر "سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش سۇ تۇربىسىدا باش-كۆزۈڭنى يۇۋالساڭ يېڭىلىنىپ كىشىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرالىشىڭ مۇمكىن." دەيدۇ. شلېيۇ (施列耶) يالىنىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن بىر چاققان يۈك ماشىنىسىغا

چىقىرىلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان لىشىتفورد (里希特弗尔德) قا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە بىر مەرسېدېس پىكاپ يېتىپ كېلىپ، ئىچىدىن بىر مۇھاپىزەتچىلەر ئوفىتسېرى چىقىدۇ. بۇ ئوفىتسېر ئالدىرىغىنىچە ئالدىدىكى ماشىنىغا سىگنال بېرىدۇ. "توختاڭلار! ماشىنىنى توختىتىڭلار! دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئۇ ئوفىتسېر ۋارقىرىغىنىچە "بۇ ئىش توختىتىلسۇن! فيۇرېر ھىندېنبۇرگقا بۇندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىنى توختۇتۇشقا ۋەدە قىلدى" دەيدۇ.

بۇ چاغ، سەھەر سائەت 4 بولغان ۋاقىتلار ئىدى. سوتلانماستىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى تەخمىنەن 100 كىشىگە يەتكەن، بەلكىم 200 بولىشىمۇ مۇمكىن بولۇپ، ئېنىق سانىنى مەڭگۈ بىلگىلى بولمىدى.

دۈشەنبە كۈنى، ھاۋا بەكلا ئىسسىق ئىدى. بۇ كۈنى ئىمپىرىيە تەۋەسىدىكى ھەممىلا كىشى ئىچىدىن خوشال بولۇشۇپ رەھىمسىز ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ ئاخىرى باش ئەگدۈرۈلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. "روم بىلەن ئۇنىڭ تۈيۈقسىز بېسىپ كەتكەن ئوفىتسېرلىرىنى خالىمايتتى. — دەپ يازىدۇ مۇخپىر دېلمېر () ئەسلىمىسىدە، — بۇ نەرسىلەر كايسېر دەۋرىدىكى پرۇسىيە مۇھاپىزەتچىلەر ئوفىتسېرلىرىدىنمۇ بەكرەك مەنمەنچى، ئۇلاردىنمۇ بەك ئادەمنى كۆزگە ئىلمەيدىغان، ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئادەتتىكى پۇخرالارغا زومىلىق قىلىپ شىلىپ يەيدىغان كونا ئاشخانا-ساراي خوجايىنلىرى ۋە تاغقا چىقىۋالغان ئۇتۇنچىلاردىنمۇ بەكرەك رەھىمسىز ئىدى. ئۇلار يېپ-يېڭى،

www.pjdaily.biz

ئىسىل  موتوسىكلىتلارغا مىنىشىپ كوچىنى بېشىغا كىيىشەتتى. گېرمانىيىدىكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئۇلارنى موتۇسىكلىتلىرى بىلەن قوشۇپ يامان كۆرەتتى ۋە ئۇلاردىن قورقاتتى." بۇ تۇردىكى لۈكچەكلەرنى تازىلىۋەتكەن ھىتلېر ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر قەھرىمانغا ئايلانغان ئىدى.

ھىندېنبۇرگ يەنىلا چوڭقۇر غەم ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. گېنېرال ۋون شلېيچېر بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۇنى بەكلا ئەنسىرەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تەكشۈرتۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، ئۇلار قولغا ئېلىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ. بۇ گەپنى ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندېنبۇرگ ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاچچىقىنى چىقىرالماي، ئامالسىز ناتسىستلار تەييارلاپ چىققان ھىتلېرگە يوللىنىدىغان تەبرىكلەش تېلېگراممىسىغا قول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ تېلېگراممىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

"ماڭا سۇنۇلغان نۇرغۇنلىغان دوكلاتلاردىن خەۋەر تېپىشىمچە، سىزنىڭ كەسكىن ھەرىكەت قوللانغانلىقىڭىز ۋە سىزنىڭ قىلچە قورقماي ئۆزىڭىز بىۋاستە ئارىلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىڭىز نەتىجىسىدە بىر قېتىملىق ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش دېلوسى بىخ ھالىدىلا ئۇجۇقتۇرىۋېتىلگەن. سىز گېرمانىيىنى بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شەخسەن سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىزگە مىننەتتار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن."

قـولـلاپ قـۇۋۋەتلەپ بېرىـــدىغان بۇنـــداق بىـــر ھــۆججەتكە ئېرىشكەن ھىتلېر، گويا پۈتۈن مەملىكەتنىـڭ ھىمايىسـىنى قولغـا كەلتۈرگەندەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ.

## (5)

(داۋامى بار)

www.pidaiy.biz